

7

ئۇيغۇر تىبابىتى
كلاسسىك ئەسەرلىرى

شەرھى ئەسباب

(II)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىبابىتى
كلاسسىك ئەسەرلىرى

7- توم

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

夏日赫艾斯巴比(病因学医注)Ⅱ：维吾尔文/（元）毛拉乃菲斯·伊本·艾乌孜科热玛尼著；阿不都克力木江·吐尔逊托合提等译.—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2010.9
（维吾尔医药学古籍：7）
ISBN 978-7-5372-4604-0

Ⅰ.①夏… Ⅱ.①毛 …②阿… Ⅲ.①维吾尔族—民族医学—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①R291.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第182864号

作　　者：毛拉乃菲斯·伊本·艾乌孜科热玛尼
译　　者：阿不都克力木江·吐尔逊托合提、阿巴拜科日·加帕尔
　　　　　吾斯曼尼亚孜·艾合买提、阿卜杜杰力力·拜克尔
整　　理：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任编辑：玛依拉·色力木
　　　　　米合拉依·牙森
审　　定：新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所
责任校对：早热古丽·司地克
装帧设计：艾尼瓦·卡森木
制　　版：阿布杜艾尼·阿巴斯、阿娜尔古丽·斯马义、牙力洪江·司马已
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：北京外文印刷厂
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2010年9月第1版
印　　次：2010年9月第1次印刷
开　　本：889×1194毫米　1/16开本　57.5 印张　插页4
书　　号：ISBN 978-7-5372-4604-0
印　　数：1—3000
定　　价：380.00元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

«ئۇيغۇر تىبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرى» تەھرىر ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: **نۇر بەكرى** (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)

مۇدىرلار:

تىلۋالدى ئابدۇرېشىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)
يىن يۈلىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)
مۇھەممەت ياسىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)
شى يوڭچياڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)
مىجىت قادىر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار:

ما لۇڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)
جاڭ شىنتەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
پەرھات كېرەم (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
ۋاڭ شياۋيەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)
گۈلشەن تۇراخۇن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
خالمۇرات غوپۇر (شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى)
ئارىپ مۇھەممەتنىياز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى)
تۇرغۇن ئەمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى)

ئەزالار:

چېن گۇڭچىڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى نەشر بۇيۇملىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

ئادىل مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

ئېھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ئابدۇرەھىم قادىر ئاسىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

ئىسھاق ئەخمەتجان (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئىلمىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

ئىسراپىل ئەبەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى)

گۈلنىسا ياسىن (قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

ئەسقەر مەتروزى (خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

جاڭ خۇەنپىڭ (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى)

پەتتار مەخمۇت تۇرگۇن (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

روشەنگۈل سابىر (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)

شەۋكەت ئابدۇللا (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

يارمۇھەممەت ئىسرائىل (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىدارىسى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

باش مۇھەررىر: پەتتار مەخمۇت تۇرگۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

ئابدۇكېرىمجان تۇرسۇنتوختى، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، يالقۇن ئابدۇسالام، روزىباقى ئابدۇۋايىت، مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى، باقى ئالىم، باقى يۈسۈپ، ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت

مۇھەررىرلەر:

ماھىرە سېلىم، مېھرىئاي ياسىن، زۆھرە ئابدۇرېھىم، ئايگۈل مەخمۇت تۇرگۇن، شەمشىقەمەر ئابدۇراخمان، خاسىيەت ئىبراھىم، ئەركىن ئالىم، دىلشات ساۋۇت، ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى، ئابدۇجېلىل بەكرى، ئوسمانىنىياز ئەخمەت، ئابابەكرى جاپپار، سەئىدئۆمەر شاۋۇدۇن، قۇربانجان ئوسمان، ئابدۇقادىر خېلىل، مەمتىمىن خۇدابەردى، ئوبۇلقاسىم ھۈسەيىن، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، تۇردىئەخمەت مۇھەممەت، مەتقۇربان مەتسەيدى، ئابلاجان مەتسەيدى، ئادىل ئابدۇخالىق، ئەكبەر مۇھەممەتجان، يۈسۈپجان ياسىن، زۆھرەگۈل سىدىق، ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم، گۈلچېھرە ھەبىبۇللا

بېكىتكۈچىلەر:

ئېھسان ئىمىن، ئەركىن قاسىم، ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

《维吾尔医药学古籍》编委会

总 策 划：努尔·白克力（新疆维吾尔自治区党委副书记、新疆维吾尔自治区主席）
主　　任：铁力瓦尔地·阿布都热西提（新疆维吾尔自治区副主席）
殷宇霖（新疆维吾尔自治区卫生厅党组书记）
买买提·牙森（新疆维吾尔自治区卫生厅厅长）
石永强（新疆维吾尔自治区新闻出版局党组书记）
米吉提·卡德尔（新疆维吾尔自治区新闻出版局局长）
副 主 任：马　龙（新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长）
张新泰（新疆维吾尔自治区新闻出版局副局长）
帕尔哈提·克力木（新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长、新疆维吾尔自治区中医药管理局局长）
王小燕（新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长）
古力先·吐拉洪（新疆维吾尔自治区新闻出版局副局长）
哈木拉提·吾甫尔（新疆医科大学校长）
阿尔甫·买买提尼牙孜（新疆维吾尔自治区卫生厅副巡视员）
吐尔洪·艾买尔（新疆维吾尔医学高等专科学校校长）
委　　员：陈共青（新疆维吾尔自治区新闻出版局出版物出版管理处处长）
阿迪力·穆罕默德（新疆维吾尔自治区新闻出版局审读室主任）
伊河山·伊明（新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所副所长）
阿不都热依木·卡地尔(新疆维吾尔自治区维吾尔医文献整理办公室主任)
伊沙克·阿合买提江（新疆维吾尔自治区卫生厅科教处处长）
斯拉甫·艾白（新疆维吾尔自治区维吾尔医院院长、新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所所长）

古丽尼沙·亚森（喀什地区卫生局局长）
艾斯卡尔·买提肉孜（和田地区卫生局局长）
张焕鹏（新疆人民卫生出版社书记、副社长）
帕塔尔·买合木提·土尔根（新疆人民卫生出版社副社长）
茹仙古丽·沙比尔（和田地区维吾尔医医院院长）
肖盖提·阿不都拉（喀什地区维吾尔医医院院长）
艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯（新疆伊斯兰教经学院教研室副主任）
亚尔买买提·斯拉依力（新疆维吾尔自治区中医药管理局科教处副处长）

总　　编：帕塔尔·买合木提·土尔根

副 总 编：阿不都克力木江·吐尔逊托合提，艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯，亚力坤·阿不都沙拉木，肉孜巴克·阿不都瓦依提，买买提艾里·买合木提，巴克·阿力木，巴黑·玉素甫，阿布都卡地尔·阿布都瓦依提

编　　务：玛依拉·色力木,米合拉依·牙森,佐合拉·阿布都热依木，阿依古丽·买合木提·土尔根,谢米西卡麦尔·阿布都热合曼,哈斯亚提·依不拉音,艾尔肯·阿里木，地力夏提·沙吾提，艾级买力汗·艾比布拉,阿卜杜杰力力·拜克尔，吾斯曼尼亚孜·艾合买提,阿巴拜科日·加帕尔,赛依地吾买尔·沙哈比丁，库尔班江·吾斯曼，阿不都卡迪尔·何里力，买买提依明·胡达拜尔地，吾不里卡斯木·玉赛音，阿不都热西提·依布拉音,吐尔地艾合买提·木合买提,买提库尔班·买塞地，阿吾拉江·买塞地，阿迪力·阿布都哈力克,艾克白尔·买买提江,玉素甫江·亚森，早热古丽·司地克,阿不都热西提·阿不都克力木,古丽其克热·海比布

审定人员：伊河山·伊明，艾尔肯·卡斯木，艾级买力汗·艾比布拉

سۆز بېشى

ئۇيغۇر تېبابىتى — ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۈملىدىن شەرق ئىلىم - پەن خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەدىمكى يىپەك يولى لىنىيەسىدىكى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىجابىي قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ساقلىق ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنىڭ ئۆزىگە خاس سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى نەزەرىيە سىستېمىسى بىرقەدەر مۇكەممەللىكى، داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ موللىقى، شۇنداقلا داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن زامان تەلىپىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ، تارىخنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىغا جور بولۇپ، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى ۋە كەلگۈسىگە دادىل قەدەم تاشلىدى.

ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، دورىگەرلىك ۋە داۋالاشقا ئائىت مەخسۇس ئىلمىي مىراسلىرى بولغان ئۆچمەس پۈتۈكلىرى كۆپ. ئەينى دەۋرلەردىلا بۇ ئۆچمەس پۈتۈكلەر باشقا ئەللەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھازىرغىچە مۇھىم قوللانما سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ بىر قىسمى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتلار پەيدا قىلغان چەكلىمىلەر تۈپەيلى يوقىلىپ كەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى، قەدىمكىنى بۈگۈنگە خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پىرىنسىپىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېبابەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنى

توپلاش، رەتلەش، قوغداش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىرقاتار يولىيورۇقلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە كەڭ ئۇيغۇر تېبابەت مۇتەخەسسىسلىرى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر جاپالىق يول يۈرۈپ، بىرقانچە يىللىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش، تۈمەنلىگەن ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل يېزىقلاردا يېزىلىپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە مۇھىم قوللانما سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىنگەن كۆپلىگەن كىلاسسىك قول يازما، تاش باسما ئەسەرلەرنى توپلىدى ۋە شۇ ئاساستا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر تېبابەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزناسىنى ئىگىلەپ چىقىپ، ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە دورىگەرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي تەتقىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ھازىرلىدى.

«گوۋۇيۈەننىڭ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، جۇڭيىچە داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى ئاسراش مۇلازىمىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ جۇڭيى دورا سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ مىللىي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ۋە جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىكنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يەتتە كۆرسەتمىنىڭ مەدىتى، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەتراپلىق تەشكىللىشى بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنى زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلگەن تېبابەت پېشىۋالىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىن يىغقان ئۇيغۇر تېبابەت ۋەسىيقىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خالىس تەقدىم قىلغان تىببىي داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق مېھنىتى نەتىجىسىدە سەھىيە مىنىستىرلىقى ئاپتونوم رايونىمىزغا تاپشۇرغان «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» تەلەپكە لايىق تۈزۈلۈپ ھەم نەشر قىلىنىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان تۆھپىلەرنىڭ ئۈلگىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە يىغىپ توپلانغان، شۇنداقلا «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نى

تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان ھەم خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان قەدىمىي قول يازما ئەسەرلەر ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلارمۇ، شۇنداقلا سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە - يېگانە نۇسخىلارمۇ بار بولۇپ، بۇ قىممەتلىك مىراسلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەنئەنىۋى مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى دەسلەپكى قەدەمدە ھەجمى بىرقەدەر زور بولغان 11 پارچە ئەسەرنى رەتلەپ نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر 11 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلار تەرىپىدىن يېزىلغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەر بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلىرىمىز داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىجابىي پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەسەرلەردۇر.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا، ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت، ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 11 پارچە ئەسەرنى نەشرگە ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازما ياكى تاش باسما نۇسخىلىرى ئەرەب، پارس، چاغاتاي، ئوردۇ يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق، توغرا، چۈشىنىشلىك ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكستولوگىيەلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى. ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان ئۇيغۇر تېبابىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، ئالىم، مۇتەخەسسىس، ھەكىم - تېۋىپلارنىڭ چوڭقۇر قېزىشى، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن تېخىمۇ پارلاق پەللىلەرگە قەدەم ئالالايدۇ.

مۇھەممەت ياسىن
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى
2009 - يىل ئىيۇل

序

维吾尔医学是维吾尔文化的重要组成部分。它在长期的历史发展进程中代代相传，经过漫长而艰难积累不断实践和创新。通过西域这块东西方纽带所具有的地理优势，不但为东西方医学的发展做出了重大贡献，而且最终形成了自己独具特色的医疗体系。今天的维吾尔医学理论体系相对完善，医疗经验丰富，治疗效果良好，在奔腾不息的历史长河中，生生不息，与时俱进。

维吾尔医学历史悠久，有关药物和治疗方面确有不少独到之处。从古到今有大量的医学典籍流传下来，并译成了多国语言文字，这些作品被作为重要医疗指南而被珍藏。然而，令人遗憾的是，相当一部分珍贵的抄本，由于种种原因而遗失。新中国成立后，在党的民族政策光辉照耀下，少数民族的医疗事业得到了前所未有的发展。改革开放以来，在党中央、国务院有关搜集、整理、出版少数民族文化遗产的方针指引下，广大维吾尔医务工作者行程几万公里，搜集民间上千种维吾尔医学古籍资料，精心研读，走访数百名民间医生，经数年钻研，整理出了大量维吾尔医学典籍、抄本、石刻本，有力地促进了维吾尔医学的发展。并为深入、细致、科学地研究维吾尔医学奠定了坚实的基础。

《国务院关于扶持和促进中医医疗、医药事业的几点意见》中指出：发展中医医疗和预防保健服务；加快中医药科技进步与创新；加强中医药人才队伍建设；提升中药产业发展水平；加快民族医药和中西医结合发展；繁荣发展中医药文化；推动中医药走向世界。在各级医疗卫生管理部门的关心和精心组织下，多位专家学者通过不懈的努力和艰辛的劳动，整理出版了作为《中国医学百科全书》的《维吾尔医学分卷》，为当代维吾尔医学的发展做出了突出贡献。

各个历史时期所收集的有关维吾尔医学抄本以及民间所收藏的抄本当中有许多

不为学术界所认识，有一些残缺不全，还有一些正在流失，这些珍贵的资料亟待我们去抢救、去研究，在抢救传统文化遗产时机已经成熟的这个关键时刻，新疆维吾尔自治区卫生厅计划首先整理出版十部篇幅较大的作品，这些作品时间跨度为11世纪至19世纪，均为各个时期名医所著，其中一部分为维吾尔民间医生所著，另一部分则是对维吾尔医学产生过直接影响、维吾尔医生在医疗实践中长期所采用的其它珍贵资料。

新疆人民卫生出版社在搜集、整理、出版这些作品时，首先制定了具体的出版方案，然后组织有关专家进行挖掘、整理、论证。这些作品的抄本由波斯语、阿拉伯语、察合台语、乌尔都语写成，本着忠实原文、尊重原文的写作风格和语言风格，尽可能如实、正确地反映各个历史时期的语言特点，严格按照出版原则和校勘规定组织翻译与审校。我们相信，作为中国传统医学文化宝库重要组成部分的维吾尔医学，在党和政府的关心下，在专家学者的辛勤钻研下，在广大人民群众的大力支持下，一定能为祖国医学繁荣发展做出更大的贡献。

买买提·牙森
新疆维吾尔自治区卫生厅厅长
2009年7月

Foreword

Uyghur medicine is an important component part of Uyghur culture and of the scientific heritage of the East. Transmitted from generation to generation, it was renewed and tested; it influenced the hygienic and medical practices of kindred peoples in Central Asia and along the Silk Road,and at the same time, creatively adopted these other people's learning in creating its own unique system of hygiene, disease-prevention, and treatment. The theoretical system of modern Uyghur medical science, relatively perfected, rich in treatment experience, and highly effective in its treatment, has developed in accordance with the needs of the era, going along with the endless flow of history, bravely welcoming the new century and stepping into the future.

Uyghur medicine possesses a long history, as well as a rich legacy of specialized learning related to pharmacology and the treatment of illnesses. Already in ancient times, these deathless works were translated into the languages of other lands, and to the present day continue to be valued as important manuals. Unfortunately, a fair number of these works have been lost due to restraints imposed by a variety of different historical environments. After New China was founded, the shining light of the Party's nationality policy, and the impetus of the principles of making the past work for the present and of casting off the shell and preserving the kernel, the medical traditions of China's minorities have entered an era of rapid development, and seen great improvements. Since the reform era and the Open Door Policy began, the Central Committee and the State Council have issued a number of directives and policies regarding the collection, organization, preservation, and publication of ancient works relating to minority cultures; this has led many Uyghur medicine professionals to travel tens of thousands of kilometers, to search for years, to sift through tens of thousands of materials, to interview hundreds of téwips (practitioners of traditional Uyghur medicine), in order to collect numerous classic hand-written and manually printed works in all kinds of scripts, works which have been used for centuries as important reference works in Uyghur medicine, and thus these researchers have unearthed the historical traces of Uyghur medicine's development. A firm foundation has been laid for even deeper, even more thorough and scientific research into Uyghur medicine's treatment methods and pharmacology, and for developing and standardizing it further.

With the support of the seven guidelines put forth in "A Few Ideas from the State Council on Directing and Promoting the Development of Chinese Medicine and Pharmacology" -- developing traditional Chinese medical treatment and prevention, as well as health care service; increasing the speed of advancement and innovation in Chinese medical and pharmacological science; strengthening the ranks of China's traditional medicine and pharmacology experts; increasing the level of Chinese traditional medical industry; speeding up the development of unification of minority medical and pharmacological tradition and Chinese traditional medicine with Western medicine; making Chinese traditional medical and pharmacological culture flower and develop; and introducing Chinese medicine and pharmacology to the world-- and with the attention and thorough organization of medical administrative organs of all levels, the medical texts gathered from the people by those masters of their craft who have brought Uyghur medicine to the present day, the gems of their experience in health care which they so generously shared with us, and the hard work of numerous professionals, have made possible the composition and publication of Uyghur Traditional Medicine Encyclopedia, the volume of The Encyclopedia of Chinese Medicine which was entrusted to our Autonomous Region, comprising an exemplary contribution to the development of contemporary Uyghur medicine.

Among the numerous ancient hand-written works collected over the ages, as well as those used in the composition of the Uyghur Traditional Medicine Encyclopedia and those preserved among the people, there are wonderful versions, as well as versions on which the ink has almost faded, unknown to the academic world; these valuable inheritances await our rescue, our research, and our putting them to use in the present day. The environment is ripe for saving traditional works, and at this moment time at which rescuing these works is so critical, the Health Bureau has planned, as a first step in our preservative efforts, to prepare and publish a relatively large, 10-part work. These are respected works, written by famous téwips between the 11th and 19th centuries; while some of them were written by Uyghur téwips, others are works which directly influenced Uyghur téwips, and can therefore be considered valuable works which, from ancient times to the present day, have, in every era, been creatively used by our famous téwips of the past in their treatment efforts.

Xinjiang People's Health Press in preparing these works for publication, first worked out concrete academic principles for preparing them for publication, then organized relevant professionals, and on the basis of those principles, collected 10 works for publication. These works were written by hand, or manually printed, in Arabic, Persian, Chaghatay, and Urdu, and while preparing them for publication, the principles of staying true to the original (ensuring the historicity, age, and authenticity of the works); respecting the classical authors' writing styles and distinctive use of language; reflecting as completely, correctly, and understandably as possible the linguistic characteristics of each historical era; carefully implementing the principles of text research; and other academic principles were all followed. We believe that Uyghur traditional medicine, that important component part of China's traditional medicine cultural treasury, with the care of the Party and the government, the deep unearthings and continued serious research of scholars, professionals,and téwips, and the enthusiastic support of the broad public, even brighter peaks can be reached.

Muhemmet Yasin

Xinjiang Uyghur Autonomous Region Health Bureau Inspector General

July 2009

كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن ئېلىمىز ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تېبابەت مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئېلىمىز تېبابەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

كىلاسسىك ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنى بۈگۈنكى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئېلىمىز ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىدىكى مۇھىم يۆنىلىش. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل ھالدا كىلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇنىڭغا ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئىلىم - پەن ئەنئەنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قەدىمكى مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، جۈملىدىن ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەپ نەشر قىلىش خىزمىتىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مىراسلىرىمىز ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

نەشرىياتىمىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشىغا يېتەرلىك شارائىت يارىتىش ۋە يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نادىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىدە بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئۇيغۇر تېبابەت ساھەسىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەدىمكى تېببىي مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە قەدىمكى

ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا، ھەر دەرىجىلىك مۇزېيلاردا، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئالاقىدار بولغان ۋە ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قەلىمى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەردىن «زەخىرەئى خارەزىم شاھ(خارەزىم شاھ خەزىنىسى)»، «ئەغرازى تېببىييە (تېببىي مەقسەتلەر)» (كىتابنىڭ تولۇق ئىسمى «ئەلئەغرازۇت تېببىييە ۋەلمە باھسۇل ئەلائىييە»)، «تۆھپەتۇل ئاشىقىين(ئاشىقلارغا تۆھپە)»، «قارابادىن قادىرى(مۇرەككەپ دورىلار توپلىمى)»، «دەستۇرۇلئىلاج(داۋالاش دەستۇرى)»، «جەمئىي ئىلاج»، «شەرھى ئەسباب(كېسەللىك سەۋەبلىرى شەرھىسى)»، «ئەلقانۇن فىت - تىب (تېبابەت قانۇنى)»، «زۇبدەتۇل قاۋائىل ئىلاج (داۋالاش ئىلمىدىن خۇلاسە)»، «مەخزەنۇل مۇفرەدات (يەككە دورىلار خەزىنىسى)»، «تېببىي چوڭ»، «تاجۇل ئاقاقىير(دورىگەرلىك تاجى)»، «سۇراھ»، «تارىخىي تېببىييە(تېبابەت تارىخى)»، «مۇجەررىباتى ئارىف (ئارىف ھېكىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى)»، «تۆھپە خانىيە (خانغا تۆھپە)»، «رۇمۇزى ئەتتىبا (تېۋىپلار كۆرسەتمىسى)»، «مەخزەنۇل جاۋاھىر(تېببىي جەۋھەرلەر خەزىنىسى)»، «لۇغەتۇل ئەدۋىيە(دورا لۇغىتى)»، «تېببىي رۇبائىيات(تېببىي رۇبائىيلار)»، «تېببىي يۈسۈفىي»، «قارابادىن ئەزەم ۋە ئەكمەل (مۇرەككەپ دورىلار قامۇسى)»، «جامىئۇل ھېكمەت(داۋالاش دىۋانى)»، «مەخزەنۇل ھېكمەت»، «ئىكسىرى ئەزەم (خاسىيەتلىك داۋالاش قامۇسى)»، «مۇجەررەباتى نۇرۇللا(نۇرۇللاخۇننىڭ داۋالاش تەجرىبىلىرى)»، «ئاقساراي»، «ئىختىياراتىي بەدىئىي»، «مۆجەزۇل قانۇن(تېبابەت قانۇنىنىڭ قىسقارتىلمىسى)» «مىزانى تىب (تېبابەت مىزانى)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى توپلىدى. نەشرىياتىمىز يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مەخسۇس «ئۇيغۇر تېبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى» نى قۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە تېبابەت ئۇستازلىرى ۋە يېتىلىۋاتقان تېۋىپلار، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇزاقتىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان كلاسسىك ئەسەرلەردىن «ئىختىياراتىي بەدىئىي»، «مىزانى تىب»، «مەخزەنۇل مۇفرەدات»، «ئىلاجۇل مۇفرەدات»، «قارابادىن قادىرى»، «دەستۇرۇلئىلاج»، «جەمئىي ئىلاج»، «ئەغرازى تېببىييە»، «شەرھى ئەسباب»، «زەخىرەئى خارەزىم شاھ»، «تېبابەت قانۇنى» قاتارلىقلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا سوۋغا قىلدى. يەنە بىر قىسىم قەدىمىي ئەسەرلەرنى قېزىش، نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرى داۋاملىق ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش، قېزىش خىزمىتى جەھەتتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر - سىياسەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئەمەلىي شارائىت بىلەن

تەمىنلىشى ئاستىدا بىز بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن داۋاملاشتۇرىمىز.

كىلاسسىك ئەسەر ئەللامە نەجىببۇددىن سەمەرقەندى (مىلادىيە 1118 - يىلى سەمەرقەندتە تۇغۇلغان) قەلىمىدىكى «ئەسباب ۋە ئالامەت» (كېسەللىك سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى) ناملىق مەشھۇر رىسالىگە موللا نەفىس ئىبن ئەۋز كىرمانى تەرىپىدىن ھىجرىيە 827 - يىلى (مىلادىيە 1449 - يىلى) پارس تىلىدا يېزىلغان شەرھىدۇر. مەزكۇر شەرھى ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولغان ھالدا ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنى، كېسەللىك نامى، كېسەللىكلەرنى تونۇش، كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى، كېسەللىك تەشخىسى (دىياگنوزى)، سېلىشتۇرما تەشخىسى (باشقا كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرۈش)، داۋالاش، پەرھىز، داۋالاش قائىدىسى قاتارلىق تەركىبلەر بويىچە ئەتراپلىق، ئىلمىي ۋە ئىزدەنمە ئۇسۇلدا شەرھلەنگەن.

«ئەسباب ۋە ئالامەت»، «شەرھى ئەسباب» قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن كېسەللىك سەۋەبلىرى ئىلمى ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكتە ئومۇمىي مەزمۇن قاتارىدا سۆزلىنىشتىن ھالقىپ، ئايرىم تېببىي پەن بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك مەزمۇنىدا بۇ تۈر ئۆزگىچە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. «شەرھى ئەسباب» — شەرق تېبابەتچىلىك تارىخىدىكى ئۆزگىچە ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئۇنىڭدىن ئىزچىل پايدىلىنىپ كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق تارىخىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «شەرھى ئەسباب» ئوردۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى.

كىلاسسىك ئەسەرلەرنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، نەشر قىلىش ھەربىر كەسىپ ئەھلىنىڭ مەسئۇلىيىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جايلاردىكى شىپاخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما ئەسەرلەرنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلمىي بۇرچ ھېسابلاپ، خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپ قوللىشىنى، بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەردە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تۈزىتىپ، تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

«ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرى»نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدىكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپ قوللاپ كەلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك

ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىغا، خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ، بىزنى قەدىمىي ئەسەر ئورىگىناللىرى بىلەن تەمىنلىگەن ۋە نەشرگە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

نەشرىياتتىن
2009 - يىل ئىيۇل

前　言

维吾尔医药学以其独特的医学理论体系和医疗实践，在我国科学文化宝库中占有重要的位置。维吾尔人在漫长的历史发展过程中，创造出许多独具特色的治疗方法，为我国医疗事业的发展做出了重大的贡献。

挖掘古典文化遗产并使之为社会主义建设事业服务是我国科学文化研究工作的主导方向。党和政府始终高度重视古典文化遗产的挖掘、抢救和继承工作。解放后，特别是党的十一届三中全会以来，维吾尔医药学古籍的搜集、整理、出版工作取得了可喜的成果，大量优秀的古典文化遗产得以重放光彩。

新疆人民卫生出版社以搜集、整理、出版和抢救濒危医学古籍作品为工作重点，多年来，在各级医疗卫生管理部门的大力支持下，在维吾尔医学界各位专家学者的不懈努力下，在古代医学典籍的搜集、整理和出版工作中取得了一定的成绩。从收藏于自治区的各科研机构、古籍办、各级博物馆和流传于民间的有关维吾尔医学的古籍作品中整理出《再合热花拉孜米（花拉孜米医书）》、《艾格拉孜提比亚（医学之目的）》、《托排土里阿西克（强身医书）》、《卡拉巴丁卡地日（复方制剂集）》、《黛斯图尔依拉基（治疗指南）》、《贾米依拉基（医疗汇编）》、《夏日赫艾斯巴比（病因学医注）》、《艾力卡农非提比（医典）》，《祖比代土力卡瓦尼力依拉吉（治疗法则）》、《买赫孜努里木非尔达提（单味药宝库）》、《依拉基木非尔达提（单方治疗手册）》、《提比充（医学大全）》、《塔旧力阿卡克依尔（药剂精华）》、《苏拉赫（明净词汇）》、《塔日黑提比也（医学历史）》、《木加日巴提阿日非（阿日非验方）》、《托排哈尼也（皇家医书）》、《热木孜艾提巴（民医医嘱）》、《买合孜努里贾瓦依尔（精医宝库）》、《鲁海土里艾迪维也（单味药词典）》、《提比柔巴依（柔巴依保健书）》、《提比玉素甫（玉素甫医书）》、《卡拉巴丁艾再木（复方全集）》、《佳米奥里伊克买提（医技汇编）》、《买合孜努里伊克买提（医疗宝库）》，《伊克斯尔艾再木（圣医艾再木全书）》、《木加日巴提努如拉（努如拉医疗经验）》、《阿克萨拉依（白色宫殿）》、《依合提亚拉提拜地依（拜地依药书）》、《木吉孜勒卡农（医典缩小本）》、《米扎尼提比》（医学标准）等作品。

新疆人民卫生出版社以高度的责任感专门成立了维吾尔医药学古籍编译室，拟以现代维吾尔文出版广大维吾尔医疗工作人员和人民群众期盼已久的《依合提亚拉提拜地依》、《米扎尼提比》、《买赫孜努里木非尔达提》、《依拉基木非尔达提》、《卡拉巴丁卡地日》、《黛斯图尔依拉基》、《贾米依拉基》、《艾格拉孜提比亚》、《夏日赫艾斯巴比》、《再合热花拉孜米》、《艾力卡农非提比》等作品，并以此书为建国六十周年献礼。我们有理由相信，在党和政府有关医学古籍的挖掘、整理和出版政策的指引下，在有关部门和领导的大力支持下，我们一定能够顺利地完成这项光荣而艰巨的任务。

《夏日赫艾斯巴比》（病因学医注）是毛拉乃菲斯伊本艾乌孜科热玛尼于回历827年（公元1449年）为艾拉买耐吉布丁撒马尔罕（公元1118年出生于撒马尔罕）所著的《艾斯巴布外阿拉买提》（病因及其症状）一书所作的注解。该注解忠实原著，对原著的内容、疾病名称、疾病的概念、疾病症状、疾病诊断、疾病的辨识、治疗方法、禁忌等方面进行了科学全面而富有创造性的注解。该注解用波斯语所著。

《夏日赫艾斯巴比》和《艾斯巴布外阿拉买提》等著作问世之后，病因学成为一门单独的学科，并得到了一定的发展。《夏日赫艾斯巴比》作为东方医学史上一部专著，它一直被维吾尔医学广泛使用，但被译成维吾尔文当属首次。

保护、抢救和出版古典文化遗产是我们每一位医学工作者和有关专业人员义不容辞的责任，使大量的流失于民间的手稿尽快与广大读者见面是我们的使命。因此，我们诚挚地希望社会各界朋友的大力支持并帮助我们的工作，对本次出版的作品中的不足之处批评指正。

最后，我们衷心地感谢在《维吾尔医药学古籍》一书的出版过程中，给予我们大力支持的新疆维吾尔自治区卫生厅、新疆维吾尔自治区中医药管理局、新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所、新疆维吾尔医学高等专科学校，新疆维吾尔自治区维吾尔医文献整理办公室等单位，同时对那些支持帮助我们的工作并为我们提供资料的同志们一并表示最真诚的谢意。

出版者

二00九年七月

Introduction

With its unique system of scientific thought and healing methods, developed over its centuries-long history, Uyghur medicine has a unique place in the scientific and cultural treasury of our country. Uyghurs, over their long period of historical development, created numerous distinctive healing practices, making great contributions to the development of our country's medical science and of the world's.

Preserving our heritage of classical science and culture, and finding ways to make it applicable in today's world, is an important trend in our nation's research into science and culture. The Party and the government have, by continuously preserving classical cultural legacies and by inheriting them in productive ways, placed a high priority on the development of the Chinese nations' scientific traditions. Since Liberation, particularly since the 3rd session of the 11th Party Congress, inspiring achievements have been made in collecting and organizing ancient inheritances, including the collection, organization, and publication of the classic works of Uyghur medicine. Thus, this legacy of ours now once again has a chance to demonstrate its peerless life force.

Our publishing house, in order to create an environment sufficient to allow these works to display their worth even more in the modern era, and to collect, organize, publish, and save great ancient works which had stood on the brink of oblivion, has for the last few years, with the enthusiastic support of public health organs of all levels, and the hard work of Uyghur medicine scholars and professionals, entered the collection,editing, and preparation for publication of ancient medical inheritances into the agenda of important work, and made satisfying advances toward this goal. On the basis of works relating to Uyghur medicine and written by Uyghur téwips (practitioners of traditional Uyghur medicine), preserved across our Autonomous Region in research bureaus and ancient artifact offices, museums of every level, and in the hands of individuals,we have collected works including Zekhire'iy Kharezim Shah (Treasury of the King of Kharezm), Eghrazi Tébbiye (Collection of Medical Texts), Tuhpetul Ashiqiyn (A Contribution to the Lovers), Qarabadin Qadiri (Collection of Complicated Medicines), Desturul Ilaj (Manual of Healing),Jem'iy Ilaj, Sherhiy Esbab (Notes on the Etiology of Illnesses), Elqanun Fid Tip (The Laws of Medicine), Zubdetul Qawanil Ilaj (A summary of Treatment Science), Mekhzenul Mufridat (Treasury of Simple Medicines),Tébbiy Chong, Tajur Aqaqiyr (Crown of Pharmacology),Surah,Tarihiy Tébbiye (The History of Medicine), Mujerribati Arif (Prescriptions Tested by Doctor Arif), Tuhpe Khaniye (A Contribution to the King), Rembuzi Ettiba (Doctors' Advice), Mekhzenul Jawahir (Treasury of Medical Gems), Lughetul Edwiye (Dictionary of Drugs), Tébbiy Ruba'iyat (Medical Ruba'iys), Tébbiy Yüsüfi, Qarabadin E'zem(Encyclopedia of Complex Medicines), Jami'ul Hékmet (Healing Dictionary),Mekhzinul Hékmet, Iksir Ezem (Encyclopedia of Magical Healing), Mujerribati Nurullakh (Nurullakhun's Treatment Experience), Aqsaray,Ikhtiyaratiy Bedi'iy, Mujizul Qanun (The Abbreviated Laws of Medicine), Mizan Tib and more. Our publishing house, with a sense of great responsibility, created an "Office of Preparing the Classic Works of Uyghur Medicine for Publication," and as a first step, prepared for publication classic works the names of which master téwips, téwips in training, and the general public have long been hearing, but the contents of which they have lacked a chance to familiarize themselves with. These works, including

Ikhtiyaratiy Bedi'iy, Mizan Tib, Mekhzenul Mufridat, Ilajul Mufridat, Qarabadin Qadiri, Desturul Ilaj, Jami'ul Ilaj, Eghrazi Tébbiye, Sherhiy Esbab, Zekhire'iy Kharezim Shah, Tébabet Qanuni and more, have been prepared for publication in a Modern Uyghur edition, and presented in honor of the 60th anniversary of our country's founding. The process of uncovering and preparing another set of ancient works is continuing. We believe that, with the impetus of the Party and government's successful policies regarding the work of protecting and uncovering of ancient works, and the provision by the pertinent organs and leaders of the necessary environment, we will be able to continue this meaningful work with even higher quality and results.

The classic medical book in your hands, "Sherhiy Esbab" (Notes on the Etiology of Illnesses), was an annotation written by Mullanafis Ibn Ewzkirmany in Hejira 827 (1449 A.D.) about illustrious pamphlet "Esbab we Alamet"(The Causation and Symptom of Illnesses) by polymath Nejibbudin Semerqendi(was born in Semerqend in 1118). This annotation was written in Persian and annotated in comprehensive, scientific and exploring manner on the basis of faithfulness to the original work. It was abundant in contents, including the apellations of illness, the conception and symptoms of illness, diagnoses, comparative diagnoses, treatment, abstinence, treatment regulations.

Along with the emergence of "Esbab we Alamet"(The Etiology and Symptom of Illnesses) and "Sherhiy Esbab" (Notes on the Etiology of Illnesses), the etiology of illnesses went beyond the scope in which it was referred to general content in traditional medicine, and became a special medical subject. From then on, it obtained distinctive development opportunity on its own. Being a unique work in oriental medicinal history, it has been utilized by Uyghur medicine over the long history. Its translation into Uyghur is the first work in its history.

The preservation, rescuing, and publication of classic works is the responsibility of every professional. Thus, we sincerely hope that the various treatment centers and individuals who are in possession of hand-written works will see introducing these works to the broader public as a responsibility, and actively support our efforts, correct from a scientific standpoint the various errors we may have made in the present edition, provide us with ideas and advice, and otherwise assist in our future work.

We want to express our sincere gratitude to the Health Department of Xinjiang Uyghur Autonomous Region, then Uyghur Medicine and Pharmacology Research Department of Autonomous Region, the Ancient Works Office of Autonomous Region, and the Xinjiang Uyghur Medicine College for actively supporting our work during the process of preparing "Classic Works of Uyghur Medicine" for publication, and to those comrades who provided us with the originals of ancient works, as well as those who have assisted us in preparing these works for publication.

From the Publisher
July 2009

مۇندەرىجە

تال كېسەللىكلىرى

تالنىڭ تەشرىھى 1
تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى 2
تال ئىششىقى ۋە تال قېتىش 4
تال يىرىڭلاش 8
تال تولۇپ قېلىش 8
تال توسۇلۇش 14
تال كۆپۈشۈش 14
تالغا قۇم ۋە تاش چۈشۈش 16

ئاشقازان ئاستى بېزى (تال بوينى) كېسەللىكلىرى

ئاشقازان ئاستى بېزى تەشرىھى 17

بۆرەك كېسەللىكلىرى

بۆرەكنىڭ تەشرىھى 19
بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى 20
بۆرەك يىگىلەش 21
بۆرەك ئاجىزلىقى 22
يەلدىن بولغان بۆرەك ئاغرىقى 24
بۆرەك ئاغرىقى 25

بۆرەك ئىششىقى …… 25
بۆرەك توقۇلمىسى يۇمشاش …… 33
بۆرەك جاراھىتى …… 34
بۆرەك قوتۇرى …… 37
زىيابىتۇس (دىيابېت) …… 37
ئىسسىقتىن بولغان زىيابىتۇس (زىيابىتۇس سۇككەرى) …… 38
ئىسسىقتىن بولغان زىيابىتۇس (ماددىسىز) …… 47
بۆرەكتە قۇم ۋە تاش پەيدا بولۇش …… 50

دوۋساق كېسەللىكلىرى

دوۋساقنىڭ تەشرىھى …… 59
دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش …… 61
دوۋساق ئىششىقى …… 63
دوۋساق يارىسى …… 66
دۋوساق قوتۇرى …… 67
دوۋساقتا قان ئۇيۇپ قېلىش …… 67
دوۋساق ئاغرىقى …… 68
دوۋساق كۆپۈش …… 69
دوۋساق كۆيۈشۈش …… 70
سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە تەستە سىيىش …… 70
سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش …… 77
سۈيدۈك تۇتالماسلىق …… 79
سىيىپ يېتىش …… 81
قان سىيىش …… 83
سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش …… 86
سۆزنەك (ھۇرقە) …… 88

ئەرلەر كۆپىيىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى

كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ تەشرىھى …… 106

باھ ئاجىزلىقى …… 109
سۈرئىتى ئىنزال (مەنىي تېز يۈرۈپ كېتىش) …… 134
شەھۋەت كۆپىيىپ كېتىش (كەسرەتى شەھۋەت) …… 138
مەنىي ۋە مەزى ئېقىش (جەريانى مەنىي ۋە مەزى) …… 142
ئېھتىلام بولۇش …… 148
داۋاملىق قوزغىلىش (فەرىمۇس) …… 149
جىمادا چوڭ تەرەت مېڭىپ كېتىش (غەديۇت) …… 150
جىنسىي ئەزانىڭ تىترىشى (ئاقۇنا) …… 151
ئۇرۇقدان ئىششىقى …… 152
ئۇرۇقدان ۋە زەكەر ئاغرىقى …… 154
ئۇرۇقدان چوڭىيىش (ئەزىمۇل خۇسيەتەينى) …… 155
ئۇرۇقداننىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشى ۋە كىچىك بولۇشى (ئىرتىفائۇلخۇسيە ۋە سىغرۇلخەسيە) …… 156
ئۇرۇقدان خالتىسى تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشى ۋە ئۇرۇقدان خالتىسى قېتىش (داۋالى سەفەن ۋە سالابىتى سەفەن) …… 157
ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى (ئىستىرخا سەفەن) …… 158
زەكەر ۋە ئۇرۇقدان يارىسى (قۇرۇھۇززەكەر ۋەلخۇسيە) …… 158
زەكەر قىچىشىش (ھىككەتۇلقەزىب) …… 159
زەكەر ئىششىقى (ۋەرەمى قەزىب) …… 160
زەكەر يېرىلىش …… 160
زەكەر سۆگىلى ۋە ئۈجمىسىمان سۆگەل (مەسسى ۋە تۇت) …… 160
زەكەر كانىلى توسۇلۇش (سۇددەتۇل ئىھلىل) …… 160
زەكەرنىڭ مايماق بولۇپ قېلىشى (ئەئۇئاجۇز زەكەر) …… 161
ئۇرۇقدان خالتىسى چۇقۇچى (قىيلە، ئۇدرە، قىرو) …… 162
ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈش (قىلەمائىيە) …… 153

ئاياللار تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى

كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ تەشرىھى …… 166

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى

تۇغماسلىق (ئەقرە، بانج پەن، ئۇسرۇ ھەبەل، ھەملىكى دىشۋارى) …… 170
بويىدىن ئاجراش (ئىسقات) …… 182
ساختا ھامىلىدارلىق (رىجائ) …… 186
ھەيز كۆپ كېلىش …… 190
بالىياتقۇ يارىسى …… 194
بالىياتقۇ يېرىلىش …… 197
بالىياتقۇ قىچىشىش …… 199
بالىياتقۇ بوۋاسىرى …… 201
بالىياتقۇ ئاقمىسى …… 202
ئاق خۇن كېلىش …… 203
ھەيز تۇتۇلۇش …… 206
جىنسىي يولنىڭ توسۇلۇشى …… 212
بالىياتقۇ چىققى …… 213
بالىياتقۇ ئىششىقى …… 215
تۇخۇمدان ئىششىقى …… 222
بالىياتقۇ راكى (سەرتانور رەھمى) …… 224
بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش (سەرئى، ئىختىناقى رەھمى) …… 226
بالىياتقۇ مۇدۇر - چاقىسى …… 235
بالىياتقۇ كۆپۈش …… 237
قورساق پەردە كېسەللىكلىرى (ئەمرازى پەردە سەفاق) …… 239
چۇقۇق (پەتەق) …… 240
كىندىك چۇقۇقى (نۇتۇئى سۇررە) …… 244
قورساق ئۇرىغۇچى پەردە ئىششىقى (ۋەرەمى سەفاق) …… 245

سىرتقى ئەزالار كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئەئزائى بىرونى)

دوكلۇق (ھودبە) …… 250
پاچاق تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆپۈۋېلىشى (داۋالى) …… 252

پىل پۇت كېسىلى (دائۇل فىل) ………………………………………… 253
ئېغىزمان ئاغرىقى (ۋەجئۇل زەھرى) …………………………………… 255
بەل ئاغرىقى (ۋەجئۇل خاسرە) …………………………………………… 257
چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (ھەدار، ۋەجئۇل مۇپاسىل، رەسىيە، گۇتىيا) ………………… 257
يانپاش ئاغرىقى (ۋەجئۇل ۋەرەك) ………………………………………… 268
نۇقرەس (ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى) …………………………………… 271
ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى (ئىرقۇننىسا) ………………………………… 276

ئىششىقلار ۋە مۇدۇر - چاقىلار

ئىششىق (ۋەرەم) ……………………………………………………… 279
ئىششىقلارنى داۋالاش (مۇئالىجاتى ئەۋرام) ………………………………… 281
سوزۇلما ئىششىقلار (قاتتىق ئىششىقلار) ………………………………… 289
يۇمشاق ۋە بوشاشقان ئىششىقلار(ئەۋرامى تەھەببۇجىيە) …………………………… 292
قاندىن بولغان ئىششىق (فەلغەمۇنى) ………………………………………… 294
شەفاقۇلۇس ۋە گانگرېنا ……………………………………………………… 297
قىزىل يەل (ھۇمرە، سۇرۇخ بادە) …………………………………………… 301
قوقاق (نەملە، سائىيە) ……………………………………………………… 304
جەمرە (كۆيدۈرگە) ………………………………………………………… 308
نار پارسى ……………………………………………………………… 310
سۇلۇق قاپارتما (ئابلە) ……………………………………………………… 312
يەلتاشما (پىتتى، شىرا) ……………………………………………………… 314
تائۇن (چۇما) ……………………………………………………………… 316
ئاكىلە (گۆشخور چاقا) ……………………………………………………… 325
قولتۇق ۋە يىرىق بەزلىرى ئىششىقى (ئەۋرامى مۇغابىن) ……………………… 329
قاپلىق ئىششىق (خۇراجى مۇزمىن، خۇراجى بارىد) …………………………… 330
چىيقان (خۇراج، خۇراجى ھار) ……………………………………………… 332
دەممۇل (دۇنبەل) ………………………………………………………… 335
يۇمشاق ئىششىق (ۋەرەمى رەخۋ) ………………………………………… 337
يەلدىن بولغان ئىششىق (ۋەرەمى رىھى) …………………………………… 338

خالتىسىمان ئۆسمە (سەلئە ۋە ئەيبە) …… 339
خالتىلىق ئۆسمە (ئەيبات) …… 346
بەزلەر ۋە تۈگۈنچىلەر (غۇدەد ۋە ئۇقەد) …… 347
راك ۋە قاتتىق ئىششىق (سەرتان ۋە سىقرۇس) …… 350
قاتتىق ئىششىق (سىقرۇس، ۋەرەمى سەلىب، سەلابە، سۇلەھفا) …… 350
راك (سەرتان) …… 351
خانازىر (لىمفا بەز سىلى) …… 357
تېرە قىلقۇرت كېسىلى (ئەرقى مەدىنى) …… 360
جوزام (ئىللە تۇل كۇبرا) …… 364
باش تەمرەتكىسى (سۆئىفە، گەنج) …… 369
قوتۇر (جەرەپ) …… 373
قىچىشقاق (ھىككە) …… 376
كېچىدە چىقىدىغان مۇدۇر - چاقا (بەناتۇل لەيلى) …… 378
كالا تەمرەتكىسى (قۇبا) …… 379
ئىسسىقتىن بولغان تاشما (ھۇسفە، گەرمى دانى) …… 382
كىچىك مۇدۇر - چاقىلار (بەسورسىغار) …… 383
دانىخورەك (بەسور لەبنىيە) …… 384
سۆگەل (سەئالىل) …… 385
بەلەخ يارىسى (قۇرۇھى بەلخىيە) …… 387
مۇرچقا ئوخشاش مۇدۇر - چاقا (بەتەم) …… 389
ئۈجمىسىمان مۇدۇر - چاقىلىق يارا (توسە، توت) …… 389
سەيىنەك (داخىس) …… 389
ئانورسىما (ئوممۇددەم ۋەرەمى نابىز) …… 391
ئاز كۆرۈلىدىغان مۇدۇر - چاقا (بۇسۇرى غەرىبە) …… 397
سىفىلىس (ئاتىشەك) …… 398
تۇغما سىفىلىس (ۋابال ۋەراسى) …… 425
ساختا سىفىلىس (ئاتىشەك مەجازى، قۇرھە رەخۇ) …… 427
جاراھەتلەر (جاراھات، ئەلجۇرۇھ) …… 430
جاراھەتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى …… 459
ئىززىلىپ كېتىش (رەزز، كەدەم) …… 469

ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش (زەربە ۋە سەقتە) 471
يارىلار (قۇرۇھ) 474
قىيىندا پۈتكۈچى يارا (قۇرۇھى ئۇسرەتۇل ئىندىمال) 483
ئاقما (ناسۇر، جىب) 489
كېڭەيگۈچى يارا (قۇرۇھى سائىيە) 492
ماددىلارنىڭ كۆيۈشىدىن بولىدىغان يارا (قۇرۇھى ئىھتىراقات) 493
باش تېرىسىدىكى ئاغرىيدىغان يارا (سەركى قۇرۇھى مۇئلىمە) 494
ياتاق يارىسى (تەقرىھى ئىنقىتات) 492

سۆڭەك ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئىزام ۋە مەفاسىل)

سۇنۇق 496
ئۇچۇق سۇنۇق (كەسىر مۇرەككەب) 510
بوغۇم كېسەللىكلىرى (ئافاتى مۇفاسىل) 516
تولۇق بولمىغان چىقىق (ۋەسا، مونىچ) 522
بوغۇم ئۈزىراپ قېلىش (جوركا لەمبا هوجانا) 523
يەككە چىقىقلار (خەلۇئى مۇفرىدە) 524
ئوقۇرەك سۆڭەك چىقىقى (خەلئى تەرقۇۋە) 525
تاغاق سۆڭەك چىقىقى (خەلئى مەنكەب) 526
جەيىنەك بوغۇمى چىقىقى (خەلئى مەررەق) 528
بېغىش چىقىقى (خەلئى رەسفى) 530
باش بارماق سۆڭەك چىقىقى ۋە تولۇق چىقىقلىرى (ئىزامى مەشتىيە ئۇر پەۋرۇڭ كى خۇلۇئى) 531
يانپاش سۆڭەك چىقىقى (خەلئى ۋەرەك) 531
لېپەك چىقىقى (خەلئى رەزفە) 534
تىز چىقىقى (خەلئى رۇكبە) 534
ئوشۇق چىقىقى (خەلئى مەفسەل كەئبى) 535
يەككە ئوشۇق سۆڭەك چىقىقى 536

بەدەن سىرتىدىكى كېسەللىكلەر (ئەلەل زاھىرۇل بەدەن)

ئاقكېسەل (بەرەس) 537

ئاق داغ (بەھەق ئەبيەز، چىپ) 540
قارا داغ (بەھەق ئەسۋەد) 542
داغ، سەپكۈن، نەمەش، مەڭلەر 543
تېرىنىڭ يېشىل ۋە قارا رەڭدە بولۇشى 546
بەدەن تېرىسىگە چېكىلگەن گۈل (ۋەشەم) 546
يارا ۋە چېچەكنىڭ داغلىرى 547
چوڭ قىزىل قاپارتما (بادىشنام) 547
تېرە رەڭگىنىڭ بۇزۇلۇشى (فەسادۇللەۋنى) 548
چىشنىڭ كىرلىشىپ قېلىشى (قەلاھ، دائۇل ھەزەر) 551
باش كېپەكلىشىش (ھەزاز ۋە ئەبرىيە) 553

چاچ كېسەللىكلىرى (ئەمرازى شەئىر)

دائۇسسۆئلەپ ۋە دائۇلھەييە 555
چاچ چۈشۈش (ئىنتىسارۇششەئىرى) 559
باش چوققىسىدىكى چاچ چۈشۈپ كېتىش (سەلئى) 563
چاچ ئاقىرىش (شەيب) 564
چاچلارنى چىرايلىق قىلىشنىڭ چارىلىرى 566
چاچ پىتى (قەمل) ۋە سىركىسى (سىبان) 571

تىرناق كېسەللىكلىرى (ئەلەلۇل ئەزافىر)

پور تىرناق (زۇفرە تەلەقىييە) 573
تىرناق ئاقكېسىلى (بەرەسۇل ئەزفار) 573
تىرناق جوزامى (جۇزامى ئەزفار) 574
تىرناق مايماق بولۇپ قېلىش (تەئەققۇفۇل ئەزفار) 574
تىرناق يېرىلىش (تەشەققۇقۇل ئەزفار) 575
تىرناق يۇلۇنۇپ كېتىش (تەقەللۇئۇل ئەزفار) ۋە كۆپۈۋېلىش (تەقەسسۇئۇل ئەزفار) 575
تىرناق ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش (مەۋتۇد دەم، ئىختىناقۇد دەم) 576
تىرناق سارغىيىپ قېلىش (سۇپرەتۇل ئەزفار) 576

تىرناقنىڭ مىجىلىپ كېتىشى (رەززۇل ئەزفار) ………… 576
ھەر خىل كېسەللىكلەر (ئەمرازى مۇتەفەررىقات) ………… 576
كۆپ تەرلەش (كەسرەتۇل ئەرەق) ………… 577
سېسىق تەرلەش (ئەرەقى مۇنتەن) ………… 578
قان تەرلەش (ئەرەقۇد دەم) ………… 578
قول - پۇت، ئېغىز ۋە كالپۇك يېرىلىش (شۇقۇقى ئەتراپى ۋەلۋەجھى ۋەششەفەتى) ………… 579
ئېغىز ئەتراپى يېرىلىش (تەقەررۇھۇششەدقەينى) ………… 580
سونجاق ئاغرىقى (ۋەجئۇل ئەقەب) ………… 580
تېرە قۇرغاقلىشىش ۋە كېپەكلىشىش (تەقشىف ۋە تەقەششۇرى جىلدى) ………… 581
تېرە سويۇلۇپ كېتىش (سۇھۇجۇل جىلدى) ………… 582
زىيادە ئورۇقلۇق ۋە زىيادە سېمىزلىك (ھەزال ۋە سەمىن مۇفرەت) ………… 583
ئورۇقلاش (ھەزال) ………… 585
ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (دىققۇش - شەيخۇخەت) ………… 586
سېمىزلىك (سەمىن) ………… 586
باش تېرىسى تەشەننۇجى (تەشەننۇج جىلدەتۇر رەئسى) ………… 587
پېشانە تەشەننۇجى (ئەزۇن) ………… 587
پۇت تىرناقلىرى زەخمىسى (ئۇسرە) ………… 588
بارماقلارنىڭ كۆپۈشى (ئىنتىفاخۇل ئەسابىئى) ………… 588
پۇت بارماق ئارىلىقى پىچىلىپ قېلىش (كارۋا) ………… 589
قولتۇق سېسىق پۇراش (سەنان) ………… 589
باش سېسىق پۇراش (نەتنۇ جىلدەتوررەئسى) ………… 590
ئۈششۈپ قېلىش (تەستىقئى ۋە خۇزرى) ………… 591
سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن قول - پۇت ئۈششۈپ، چۈشۈپ كېتىش (فەسادۇل ئەتراپ بىل بەرىد) ………… 591
ئوت ۋە باشقىلار بىلەن كۆيۈش (ھەرقى ۋە سەلەق) ………… 593
قىزىتمىلار (ھۇما، تەپ، بۇخار) ………… 600
ئۇفۇنەت، ئۇفۇنەت ئوچىقى، ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلار ………… 610
قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرى ………… 613
قىزىتما ياكى ھارارەت ئېشىشنىڭ دائىملىق ئالامەتلىرى ………… 616

قىزىتما ھارارىتىنىڭ كېچە - كۈندۈزدىكى ئوخشىماسلىقى 620
قىزىتما ۋاقىتلىرى ۋە ئۇنىڭ سۈرئىتى 620
قىزىتمىلاردىكى ئۆلۈم 622
ھارارەتنىڭ كېمىيىشى 623
بىر كۈنلۈك قىزىتما (ھۇممىياتى يەۋم) 624
ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (ھۇمما دىق) 634
ئۈچەي مەنبەلىك ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (دىقى مەئۋى) 644
ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (دىققۇششەيخۇخەت، دىققۇل ھەرەمى) 646
ئوفۇنەتلىك قىزىتما (ھۇممىياتى ئەفىن) 647
تۇتقاقلىق قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى 652
ئاجامىيە 654
ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنى داۋالاشنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇللىرى 656
قارىمۇقارشى ئىككى ئاساس بويىچە داۋالاش ئۇسۇلى 656
قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئورتاق چارىلەر 660
قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئورتاق چارىلەردىن كېيىنكى چارىلەر 662
دىياگنوزنى بېكىتكىلى بولمىغان ھالەتتە قانداق داۋالاش لازىم؟ 666
قىزىتما دورىلىرىنىڭ قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى ۋە داۋالاش پەلسەپىسى 667
ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا سوغۇق سۇ بېرىش 672
غىزانىڭ ھۆكۈملىرى 675
بىمارنىڭ پەرۋىشى ۋە تۇرالغۇسى 681
قىزىتمىغا باشقا كېسەللىكلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى 682
ئۆتكۈر قىزىتمىلارنى داۋالاش ئۇسۇلى 683
ئۆتكۈر قىزىتما ئالامەتلىرىنىڭ چارىسى 689
سەپرادىن بولغان قىزىتمىلار ۋە ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما 697
بوشاتقۇچى قىزىتما (غىب لازىمە) 700
كۆيدۈرگۈچى قىزىتما (ھۇمما مۇھرىقە) 701
مۇرەككەپ قىزىتما 702
شەترۇل غىب 704
ساپ ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (شەترۇل غىب خالىس) 705

سەپرادىن بولغان قىزىتمىلار ئۈچۈن سۈۋۈتقۇچى نۇسخىلار 709
سەپراۋى قىزىتمىلار ئۈچۈن مۇسھىللار 712
قىزىتمىنى قايتۇرۇپ قوزغىلىشنى توسقۇچى دورىلار (ئەدۋىيە دافئى تەپ ۋە مانىئى نەۋبەت) 713
ئۆتكۈر ئالامەتلەرنى داۋالاش 715
ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (غىب) نى داۋالاش 716
ئارىلاپ تۇتقۇچى دائىمىي قىزىتما (غىب لازىمە) نى داۋالاش 717
كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىنى داۋالاش 718
ساپ بولمىغان ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (غىب غەيرىي خالىس، غىب بەلغەمىيە) 722
يېرىم ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (شەترۇل غىب) نى داۋالاش 725
مۇۋازىبە 727
بەلغەمدىن بولغان دائىملىق قىزىتما (ھۇمما لىسقە) 731
ھۇممائى مۇۋازىبەنىڭ ئىلاجى 733
جاھىل قىزىتما (تەپى لەسقە) نى داۋالاش 750
تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان دەۋرلىك قىزىتما (رۇبئى دائىرە) 751
تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان دائىمىي قىزىتما (رۇبئى لازىمە) 754
تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما (رۇبئى) نى داۋالاش 754
تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان دائىمىي قىزىتما (رۇبئى دائىمە) نى داۋالاش 760
خۇمۇس، سۇدۇس، سۇبۇئ 760
ھوشسىزلىنىش مەنبەلىك قىزىتما (ھۇمما غەشىيە) 762
ئارىلاش قىزىتما (ھۇممىياتى مۇختەلىتە) 764
ئىنفىياسلۇس (ئەفيالۇس) 765
قاندىن بولغان دائىمىي قىزىتما (ھۇمما مۇتبىقە) 766
ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (ھۇمما مەئۋىيە) 770
ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (ھۇمما مەئۋىيە) I 777
كېسەللىك تەشرىھى 785
داۋالاش (ئىلاج) 787
سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش ۋە ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (غەسلە بارىد ئۇر ھۇمما مەئۋىيە) 794

ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلار ۋە ئۇچەي مەنبەلىك قىزىتما (مانىئات ئوفۇنەت ئورھۇما مەئۇيىە) 796
ئىلاجى بىلمەسەل ۋە ئىلاجى بىلىتەلقىھ 796
ساقلىقنى ساقلاش چارىلىرى (تەدابىرى تەھفىزى) 797
ھۇمما مىسرانىيە 800
تارقىلىشچان قىزىتما (ھۇمما ۋابائىيە) 801
چېچەك 812
سۇ چېچەك (ھۇمەيقا) 844
قىزىل (خەسرە، ھۆسبە) 845
قىزىللىق قىزىتمىسى (ھەمرا، بادىشنامىيە) 853
كىچىك قىزىللىق قىزىتمىسى (ھۇمەيرا) 860
جۆيلۈش بولىدىغان غامىيە قىزىتمىسى (غامىيە ھەزيانىيە) 862
قەتمائ (ئەرجوۋانىيە) 868

بوهران مەسلىسى (مەسلە بوهرانى)

بوهران ۋە تارقاش (بوهران ئور تەهلىل)

ئۇنىڭ سۆز ۋە مەنىسى ھەققىدىكى تەتقىقات (لەفزى ئۇر مە مەئنۋى تەھقىيق) 872
بوهران ۋە تارقاشنىڭ ئوخشاشمايدىغان ھۆكۈملىرى 874
تەن مەملىكىتىدىكى تەبىئەت ۋە كېسەللىك ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ۋە كېسەللىك ئاقىۋىتىدىكى تۆت ھالەت 876
بىر نەچچە مۇناسىۋەتلىك ئىسلاھاتلار 879
بوهراننىڭ يەنە بىر مەنىسى 880
بوهراندىكى گۇمانلىق مەسلىلەر 881

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىگە
دۇرۇت يوللايمىز!

تال كېسەللىكلىرى

تالنىڭ تەشرىھى

تال توقۇلمىسىدىمۇ قارامتۇل قىزىلغا مايىل مۇسكۇل، كۆك قان تومۇر، قىزىل قان تومۇر ۋە نېرۋىلار بولىدۇ ھەم بۇلارنىڭ ئۈستىنىمۇ قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تال ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ. تال ئاشقازاننىڭ سول تەرەپكە كېڭەيگەن بۆلىكىنىڭ ئاستى، قورساقنىڭ سول يۇقىرىقى بۆلىكى، قوۋۇرغا ئاستىغا جايلاشقان. تالنىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى ھەر خىل ھالەتلەردە ئوخشاش بولمايدۇ، جۈملىدىن تال ئىششىغاندا ناھايىتى چوڭىيىدۇ. نورمال ھالەتتە تالنىڭ ئېغىرلىقى ياشلاردا 144 ~ 204 گىرامغىچە بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بەش قىرات (يەتتە ئىلىك)، كەڭلىكى 3 ~ 4 قىراتقىچە (6 ~ 41 ئىلىككىچە) ۋە قېلىنلىقى 1 ~ 1.5 قىراتقىچە (1 ~ 2 ئىلىككىچە) بولىدۇ. تالنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق، ياپىلاق، رەڭگى قىزىل قارىغا مايىل بولىدۇ. سىرتقى تەرىپى پۇلتايغان بولىدۇ. بۇ، كېرىگەت بىلەن، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ قوۋۇرغىغىچە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. تالنىڭ ئىچكى يۈزى ئويمان

بولۇپ، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك (تال كىندىكى) تېپىلىدۇ. بۇ تۆشۈك يولىدىن تال تومۇرلىرى ۋە نېرۋىلىرى تال ئىچىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ ئالدى گىرۋىكى يۇمىلاق بولىدۇ. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بولۇپ، بۇ تۆشۈك سول ئەمچەك تۈگمىسىدىن 11 ـ قوۋۇرغا بېشىغا تارتىلغان سىزىق بىلەن كېسىشىدۇ. تالنىڭ ئارقا گىرۋىكى سول بۆرەك بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئېغىزمان مۇسكۇلنىڭ ئالدى گىرۋىكى بىلەن كېسىشىدۇ.

تال ئاشقازان ئاستىنىڭ ئارقىسى، قوۋۇرغا ئارىلىقىنىڭ 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ بوشلۇقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا قىيپاش شەكىلدە قولتۇق ئوتتۇرا سىزىقى بىلەن پاراللېل تۇرىدۇ. ساغلام ھالەتتە بارماق بىلەن قوۋۇرغا ئاستىدىن تالنى تۇتۇپ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەگەر كىشى ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، سول تەرەپ 7 ـ، 8 ـ قوۋۇرغا كۆمۈرچىكى ئۇدۇلى چېكىلسە بوغۇق ئاۋۇش ئاڭلىنىدۇ ۋە تالنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكىنى تۇتۇپ بىلگىلى بولىدۇ ھەم چوڭقۇر نەپەس ئالغاندا، بۇنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكى قوۋۇرغا كۆمۈرچىكىدىن سەل ئاستىغا چۈشۈپ، تالنىڭ نورمال چېگراسى ساق ۋاقىتتىكىدىن چوڭىيىدۇ. ئەگەر تال ھەقىقىي چوڭايسا، قول بىلەن تۇتقاندا سول تەرەپ تۆۋەنكى گىرۋىكى 6 ـ قوۋۇرغا ئاستىدىن قولغا ئۇرۇنىدۇ ھەم نورمالسىز بىلىنىدۇ. ئەگەر تال بەك چوڭىيىپ كەتسە، داس سۆڭىكىنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكىگىچە ۋە كىندىك ئالدى ئوڭ تەرەپكىچە چوڭىيىدۇ، بۇنى تۇتۇپ بىلگىلى بولىدۇ.

نەپەس چىقارغان ۋاقىتتا تالنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكى 3 ـ، 4 ـ قوۋۇرغا ۋە سول ئۆپكىنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. لېكىن نەپەسنى سۈمۈرگەندە تالنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكى ئاخىرقى قوۋۇرغىغىچە يېتىپ بارىدۇ، لېكىن ئاستا نەپەسلەنگەندە تالنىڭ سول تەرەپ تۆۋەنكى گىرۋىكى ۋە ئوڭ تەرەپ جىگەرنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكى ئاخىرقى قوۋۇرغىنىڭ ئاستىغىچە يېتىپ بارمايدۇ. تالنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكى 9 ـ كۆكرەك ئومۇرتقىسىنىڭ ئۆسۈكچىسىگە ۋە تالنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكى بىرىنچى بەل ئومۇرتقىسىنىڭ ئۆسۈكچىسىگە پاراللېل تۇرىدۇ.

تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

(1) تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر تالنىڭ ئورنىدا (سول تەرەپتە) كۆيۈشۈش بولسا، ئۇسسۇزلۇق غالىب كەلسە، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى ۋە چوڭ تەرىتى قارامتۇل قىزىلغا مايىل بولسا، بۇ تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

(2) تال مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر ئىشتىھا يوقالسا، كېكىرسە،

قورساق كوركىرىسا ۋە تالنىڭ ئورنىدا ئېغىرلىق سېزىلسە، بۇ، تال مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

(3) تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر تالدا قاتتىقلىق بولسا، بەدەن ئورۇقلىسا ھەم بەدەننىڭ رەڭگى قارىدىسا، تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(4) تال مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر تال ئورنىدا (سول تەرەپتە) ئېغىرلىق بىلەن بىرگە يۇمشاقلىق بولسا، بەدەنلىرى بوش ھەم بەدەننىڭ رەڭگى قوغۇشۇن رەڭلىك بولسا، بۇ، تال مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆللۈكتىن بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(5) تال مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر سول تەرەپتە ئېغىرلىق بولۇپ، ئۇسساش، قىچىشىش بولمىسا، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى قارىغا مايىل كۆكۈچ بولسا، بەدىنى بوشاشقان بولسا، بۇ، مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(6) تال مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، ئىككى پۇتى، پاچاقلىرى ئىسسىق بولسا، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى ساپ قىزىل بولسا ھەمدە ئۇنىڭدا چۆكمە بولمىسا، ماددا پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى تېپىلمىسا، ئۇسسۇزلۇق ۋە تالدا كۆيۈشۈش كۈچلۈك بولسا، بۇ، ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىدۇر.

(7) تال مىزاجىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر تالدا قاتتىقلىق بولسا، مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى، دەپ چۈشىنىلىدۇ.

(8) تال مىزاجىنىڭ قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى ئەگەر تالدا قاتتىقلىق بولسا، مىزاجىنىڭ ماددىسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى، دەپ چۈشىنىلىدۇ.

داۋالاش

(1) تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ئەگەر بىمارنىڭ ئەھۋالى يار بەرسە، سول تەرەپتىكى باسلىق ھەم ئۇسەيلىم تومۇرلىرىدىن قان ئېلىنىدۇ. كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى، سوۋۇتقۇچى قۇرسلار ۋە باشقا نەرسىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: قىزىلگۈلدىن 14 گىرام، نىلۇپەر، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن ھەربىرىدىن 10.5 گىرامدىن، رەۋەنچىنى، ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇننىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، زەپەردىن 3.5 گىرام، كافۇردىن 2.75 گىرام ئېلىپ ھەممىسىنى سوقۇپ، ئادەتتىكى

سۇ ياكى كاسىنە سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

تال ئۈستىگە سوۋۇتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا ئۇنى يۇلغۇن يوپۇرمىقى سۈيى، سىركە ھەمراھلىقىدا ياكى ھەشقىپىچەك، سىركە ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىقلار پىشۇرۇپ چېپىلىدۇ.

(2) تال مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش تالنى قىزىتىش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۇرۇق ۋە يىلتىزلار، مەسىلەن: توخۇمى كەرەپشە، بەدىيان، رۇمبەدىيان، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، چاڭگاك ئۇرۇقى، سۇزاپ ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، بىخ كەرەپشە، بىخ بەدىيان، بىخ سەۋسەن قاتارلىقلار كۆپرەك چۈشكەن سىركەنجۇبىل ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم مۇناسىپ ھالدا پوستى بىخ كەبىر، زىراۋەندە، تاغ سامسىقى، ئوشەق، چاڭگاك ئۇرۇقى، قارىمۇچ، قۇستە، سۇزاپ، ئۆشنە، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، سۇمبۇل تىپ، سىركە، كەبىر يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى، يۇلغۇن سۈيى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان قۇرسلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ مۇناسىپ ھالدا ئەنجۈر، قوستە، سۇزاپ يوپۇرمىقى، بىخ كەبىر پوستى، داۋا، تاغ سامسىقى، ئاچچىق بادام، بەرگى غەرب(سۆگەتنىڭ بىر تۈرى) ۋە سىركە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان زىمات چېپىلىدۇ.

(3) تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتىدە تالغا سوۋۇتقۇچى تىلا چېپىلىدۇ، مەسىلەن: قاپاق ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلار ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ۋە بىنەپشە يېغى قاتارلىقلارغا قوشۇپ تەييارلىنىدۇ ھەم مۇناسىپ شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلارغا قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى قاتارلىقلار قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

(4) تال مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش بۇنىڭدا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن، مەسىلەن : قىزىلگۈل، بىخ كەبىر، رەۋەن، سۇمبۇل تىپ، يۇيۇلغان لوك، زىرىشك ھەم يۇلغۇن سۈيى بىلەن تەييارلانغان قۇرسلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مۇناسىپ زىماتلاردىن، مەسىلەن: پىننە، بۆرە ئەرمىنى، سۇزاپ، يۇلغۇن مېۋىسى سۈيىدىن تەييارلانغان زىمات چېپىلىدۇ.

(5) تال مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش سىركەنجۇبىل بۇزورىغا پوستى بىخ كەبىر قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سوۋۇتقۇچى ھەم قۇرۇقلۇقمۇ بولغان زىماتلار

چېپىلىدۇ، مەسىلەن: قىزىلگۈل، داۋا، مۇغاس، سەندەل قاتارلىقلارغا داۋا سۈيى ھەم سىركە قوشۇپ چېپىش ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

(6) **تال مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش** سوۋۇتقۇچى ھەم ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، مەسىلەن: يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقى، پۇرچاق ئۈندۈرمىسى سۈيى، قاپاق يوپۇرمىقى، پاقىيوپۇرمىقى، ئىسپىغۇل قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان زىماتلار چېپىلىدۇ ھەم بارلىق يەككە ماددىسىز ئىسسىقتىن ھەم يەككە قۇرۇقلۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن ئۇسۇل - چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

تال ئىششىقى ۋە تال قېتىش

تال قېتىش ئومۇمەن تال ئىششىقىدا قاتتىقلىق بولىدۇ، بەزىدە بۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر تالدا ئىسسىقتىن ئىششىق پەيدا بولغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەي قېتىشىشقا ئۆزگىرىدۇ.

تالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى بۇ كېسەللىك تال چوڭىيىش بىلەن ئوخشىمايدۇ، بۇ ئەسلىدە ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە باشقا كېسەللىكلەر شېرىكچىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئەكسىچە تالدا تولۇپ قېلىش ھەم تال چوڭىيىش كۆپ ئۇچرايدۇ.

سەۋەبى

(1) تالنىڭ قان تومۇرلىرى توسۇلغان، شۇنداقلا يۈرەك كىلاپان كېسەللىكىدە قاندىكى ئۇيۇۋالغان تەركىبلەر ئەگەر تالغا يېتىپ بارغان بولسا، بۇ تەركىبلەر تالنىڭ قان تومۇرلىرىدا كەپلەشمە پەيدا قىلىپ توسۇۋالىدۇ.

(2) قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش ھەم قاننىڭ بۇزۇلۇشى: بۇ ئىششىق قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش ۋە بەزى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا كۆرۈلىدۇ، بەزىدە ئوفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ بۇزۇق ماددىسى بىلەنمۇ بۇ كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ.

(3) تالغا زەربە يېتىشتىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق كېلىپ چىقىدۇ (شافى).

تۈرلىرى خىلتلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئىششىق قان، سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم قاتارلىقلاردىن بولغان ئىششىق دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) **قاننىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولغان تال ئىششىقى** تال ئەتراپىدا ئاغرىش، كۆيۈشۈش

بولىدۇ، ئۇسساش ھەم قىزىتما بولىدۇ، بۇ قىزىتما ھەر تۆت كۈندە بىر ئۆتكۈرلىشىدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ، تال ساھەسىدىكى تېرىدە قىزىرىش ئاشكارا بولىدۇ.

(2) سەپرانىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولغان تال ئىششىقى تالدا قاتتىق كۆيۈشۈش بولىدۇ، چۈنكى تالنىڭ يۈزىدە مۇدۇرلار پەيدا بولىدۇ، ھەم تال ساھەسىدىكى تېرىلەردە كۆيۈشۈش بولىدۇ، ھەم بۇ قىزىتما ھەر ئۈچ كۈندە بىر ئۆتكۈرلىشىدۇ. كۆزلىرىدە، تىلىدا ھەم پۈتۈن بەدىنىدە سېرىقلىق بولىدۇ، ھەم ئازراق قارىلىقمۇ قوشۇلغان بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدا قارا يەرقانمۇ ئاشكارا بولىدۇ.

ئىسسىقلىقتىن بولغان تال ئىششىقى يۇقىرىقى قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىششىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى تالنىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولغان ئىششىققا كىرىدۇ.

تالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش ئالامەتلىرى يوشۇرۇن بولىدۇ. ئەگەر بىماردا شۇنداق كېسەل بولسا، بۇنىڭدا قاننىڭ ئۇيۇپ قېلىشى مۇمكىن بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن قىزىتما ۋە قۇسۇش بولسا، تالنىڭ ئورنىنى باسقاندا ئاغرىسا، تالنىڭ ئىسسىقتىن ئىششىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ.

تال يىرىڭلاش ئەگەر ئىششىقتا يىرىڭلاش كۆرۈلگەن بولسا، تال يىرىڭلاشنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

ئاقىۋىتى ئىسسىقتىن بولغان تال ئىششىقنىڭ ئاقىۋىتىدە بەزىدە ئىششىق تارقاپ كېتىدۇ، يەنى قان تومۇرلاردىكى تۇسالغۇ سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بەزىدە قاتتىقلىشىپ تاشنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، بەزىدە بۇ يىرىڭغا ئۆزگىرىپ، كىچىك - كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار ئۆزئارا بىرلىشىپ چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئەگەر بۇ يىرىڭلىق ئىششىق كېرىگەتنى تېشىپ ئۆپكە تەرەپكە ئېغىز ئالسا، ئۇ يىرىڭلار بەلغەم بىلەن بىللە چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ئاشقازان تەرەپكە ئېغىز ئالسا، يىرىڭ قۇسۇق بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر يىرىڭ بوغماق ئۈچەيگە يېتىپ بارسا، يىرىڭ چوڭ تەرەت بىلەن بىللە چىقىدۇ. ئەگەر يىرىڭ قورساق پەردىسىگە قۇيۇلسا، قاتتىق ئاغرىش بىلەن ياكى قورساق پەردىسىدىكى ئىششىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(3) بەلغەمدىن بولغان تال ئىششىقى تالنىڭ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقى تالنىڭ ئېسىلىشى دېيىلىدۇ.

ئالامىتى تال چوڭىيىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئاغرىش ئاز بولىدۇ، چىرايىنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل، تىل ۋە كۆزلىرى ئاق بولىدۇ، قاپاقلىرىنىڭ ئىچىدە كۆپۈشۈش بولىدۇ، سۈيدۈكى ۋە چوڭ تەرىتى ئاق بولىدۇ، بۇنىڭدا قارا كۆپۈكمۇ بولىدۇ.

(4) سەۋدادىن بولغان قېتىش قورساق كۆپىدۇ، تالدا بەك قاتتىقلىق بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ چېگراسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ، قورساق سۈيىنى تەكشۈرگەندە سېزىلىدۇ، نەپسى ئارىلىقتا توختايدۇ، يەنى نەپسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، چۈنكى كېرىگەتتە (نەپەس ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم) بېسىلىش بولىدۇ، تاماق يېيىش بىلەن قاتتىق ئاغرىيدۇ، چىرايى قارىغا مايىل بولىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، بويۇندىكى ئىككى تومۇرنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولىدۇ، ھەتتا بۇ ئىككى قىزىل قان تومۇرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، تال سەل چوڭىيىدۇ، بەدەن قاتتىق ئورۇقلاپ كېتىدۇ.

شۇڭلاشقا بۇقرات: « ئەگەر تال چوڭايسا بەدەن ئورۇقلايدۇ، ئەگەر كىچىكلىسە بەدەن سەمرىيدۇ» دېگەن.

جالىنۇس ئۆزىنىڭ «ئەزالارنىڭ ئاغرىقى » ناملىق كىتابىدا تالنىڭ چوڭايغانلىقى بەدەندە ناچار خىلىتلارنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى ھەم ئۇنىڭ ئورۇقلىشى خىلىتلارنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىدۇر، دەپ يازغاندۇر.

سەۋەبى تال چوڭىيىش جىگەرنى ئورۇق، ئاجىز قىلىدۇ، يەنى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ناھايىتى قاتتىق ئاجىزلىتىدۇ، جىگەرنىڭ ئاجىز ۋە ئورۇقلىشىدىن پۈتۈن بەدەن چوقۇم ئاجىزلايدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا قاننىڭ پەيدا بولۇشى كەم بولىدۇ، ناچار خىلىتلار پەيدا بولىدۇ، ئەكسىچە بەدەننى سەمرىتىۋېتىدۇ.

داۋالاش

(1) قاندىن بولغىنىنى داۋالاش ئەگەر ئەھۋالى يار بەرسە، سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، خىيارشەنبەر ئۇرۇقى، كاسنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى ۋە باشقىلارنىڭ مۇسھىلىنى بېرىش، تال ئۈستىگە سوغۇق تەبىئەتلىك زىماتلارنى تېڭىش، بۇنىڭ بىلەن بىللە سىركىگە ئوخشاش بىرەر لەتاپەت پەيدا قىلغۇچى نەرسىنىمۇ قوشۇش لازىم.

تال ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، زۈلۈك قۇرتى چاپلاش، ئەگەر تالدا يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ ئىلاجى جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقى بىلەن ئوخشاش.

غىزاسىغا ئارپا ئېشى، ساگۇدانىغا ئوخشاش يەڭگىل نەرسىلەرنى بېرىش ھەم ساقلىقنى ساقلاش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش لازىم.

(2) سەپرادىن بولغىنىنى داۋالاش سەپرانى بەدەندىن چىقىرىش، ئۇ مەقسەتتە مېۋىلەرنىڭ سۈيى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەردىن، مەسىلەن: ھېلىلە، شاھتەررە، تۇخۇمى كۇشۇش قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچكۈزۈش، تال ساھەسىگە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك زىمات چېپىش، مەسىلەن: ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلىگە كاسىنە سۈيى ۋە سىركە قوشۇپ چېپىش لازىم.

مائۇل پەۋاكىنىڭ نۇسخىسى: ئەينۇلا سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيىگە تەرەنجبىن ۋە شىرخىست ھەم باشقىلارنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىششىقنى داۋالاش ئۇسۇلىدا كۆپ پەرق يوق.

(3) بەلغەمدىن بولغىنىنى داۋالاش بەلغەمنى چىقىرىش ئۈچۈن پوستى بىخ كەبىر، بىخ كەرەپشە، بىخ بەديان، ئىزخىر يىلتىزى، رۇمبەدىيان، ئەنجۇر، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، تۇربۇت، شېكەر، بۆرە ئەرمىنى، تۇز، ئاچچىقسۇ، ئاچچىق بادام يېغى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ تەييارلانغان قايناتما بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئەفتىمۇن، تاغ سامسىقى، تۇربۇت، غارىقۇن، ئايارەج، ئۇشەق قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ.

تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇناسىپ قۇرسلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: قۇرسى چاڭگاك، قۇرسى كەبىر ۋە قۇرسى ئۇردان.

تال ساھەسىگە ئۈزۈم ياغىچىنىڭ كۈلى، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

(4) سەۋدادىن بولغان قېتىش ئەگەر قاننىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا، باسلىق ھەم ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قان ئالغاندىن كېيىن قان ئازراق ئاقسۇن تاكى قان ئۆزلۈكىدىن توختىسۇن ھەم تېڭىلمىسۇن، شەرتكى، قان ـ قان بىلەن قۇۋۋەتلەر چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى توختىغان بولسۇن. چۈنكى بۇ بىر ئىنچىكە كۆك قان تومۇردۇر، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قان ئالغاندىن كېيىن قولنى ئىسسىق سۇغا سېلىپ تۇرسۇن تاكى ئېھتىياجغا مۇۋاپىق قان چىققىچە. ئاندىن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ئىچكۈزۈش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، تاغ سامسىقى قاتارلىقلار قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن تال ئۈستىگە سىركە، سۇزاپ، پىننە ياكى ئۇشەق ياكى سىركە قاتارلىقلار چېپىلىدۇ ياكى باشقا يەنە بىر زىمات، مەسىلەن: ئاۋۋال ھەسەل چېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىچا سېپىلىدۇ، تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇرسى چاڭگاك ياكى قۇرسى كەبىر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

غىزاسىغا ئەنجۇر بىلەن كەبىر سىركىگە چىلاپ بېرىلىدۇ، خۇش پۇراق تەم تەڭشىگۈچىلەر سېلىنغان شورپا ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ، چۈجە، كەكلىك قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنىدۇ ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەردىن سىركە، تاغ زىرىسى، زەپەر، دارچىن قوشۇپ تەييارلانغان نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

تال يىرىڭلاش

بۇنىڭدا تال يىرىڭلايدۇ، يەنى تالدىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا بەزىدە تال يىرىڭلايدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاز كۆرۈلىدۇ. ئۇ، تالنىڭ يىرىڭلىق ئىششىقمۇ دېيىلىدۇ.

ئالامىتى بۇنىڭدا جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىتما بولىدۇ، بەزىدە سۈيدۈكى دۇغ ۋە چۆكمىگە ئوخشاش كېلىدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى ئۆزگەرگەن بولىدۇ، تال يىگىلەش ۋە ئاجىزلاش بىلەن بىللە تالدا قاتتىق ئاغرىق ۋە سانجىق بولىدۇ.

يىرىڭ بەزىدە قۇسۇش بىلەن چىقىدۇ، بەزىدە چوڭ تەرەت بىلەن كېلىدۇ، بەزىدە يۆتەلگەندە بەلغەم بىلەن كېلىدۇ ھەم تال ئىششىغانلىقى سېزىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يىرىڭنىڭ داۋالغۇش دولقۇنى تېپىلىدۇ، تالنىڭ سېزىمى ئاشىدۇ ۋە ماھىر تېۋىپ تۇتۇپ سېزەلەيدۇ. ئەگەر بۇ يىرىڭ ئاشقازان، ئۈچەي ياكى ئۆپكە تەرەپكە ئېغىز ئالماي، قورساق پەردىسى تەرەپكە ئېغىز ئالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى.

داۋالاش تەنقىيە قىلغۇچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ئۇرۇق دورىلار، مەسىلەن: بەدىيان، كاسىنە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇدا پىشۇرۇپ، تۆگە ياكى ئېشەك سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى بۇ دورىلار مىزاجدىكى ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇققا مۇۋاپىق بولسۇن.

تال ساھەسىگە سىركىدە قاينىتىلغان كېپەككە ئوشەق قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

تالدىكى يىرىڭنى بەزىدە ئىشپىرىس بىلەن تارتىپ چىقىرىش ھەم بەزىدە تۆشۈك ئېچىپ ئاققۇزۇش كېرەك. تال يىرىڭلاشقا قارىتا بۇ نۇسخىمۇ ئىشلىتىلىدۇ: بەدىيان، كاسىنە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، ساپ ھەسەل قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇشۇنىڭدەك بەزىدە تىنىدۇرۇلمىلارنى شەربىتى بۇزۇرى بىلەن ئىچكۈزۈش ھەمدە زىماتى جالىنۇس ياكى زىماتى ئوشەقنى ئىلمان ھالەتتە تال ساھەسىگە زىمات قىلىپ چىپىش لازىم.

تال تولۇپ قېلىش

تالنىڭ قان تومۇرلىرىدا ئادەتتىكى مىقداردىن كۆپ قان يىغىلىدۇ، يەنى تالغا قان جۇغلىنىدۇ، بۇنىڭدىن تالنىڭ ھەجمى بىرئاز چوڭىيىپ قالىدۇ.

چۈنكى تالدا قان تومۇرلار كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ھەم پەردىلىرى بوش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى سەۋەبتىن، مەسىلەن: جىگەر، بۆرەك ياكى تېرىلەرنىڭ پائالىيىتىدە ئازراق سۇسلۇق پەيدا بولسا، تالدا تولۇپ قېلىش ھالىتى پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، ئۇفونەتلىك قىزىتما، نىپاس قىزىتمىسى، قىزىل يەل، قانغا يىرىڭنىڭ قوشۇلۇشى، تالنىڭ ئۇششاق قان تومۇرلىرىدا توسۇلۇش پەيدا بولۇش، ئاياللاردا ھەيزنىڭ تۇتۇلۇشى قاتارلىق يۇقىرىدا يېزىلغان كېسەللىكلەردىن تالنىڭ تومۇرلىرىدا قان يىغىلىپ قالىدۇ.

جىگەر دەرۋازا ۋېناسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە بېسىلىشى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى ۋە جىگەر كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن تالنىڭ كۆك قان تومۇرلىرىدا قان يىغىلىپ قالىدۇ.

تاماق يەپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تال چوڭىيىپ قالىدۇ.

ئالامىتى تال سەل چوڭىيىدۇ، تۇتۇپ كۆرگەندە سول تەرەپ قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىدىن سىيلاپ بىلگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپى يىرىك بولىدۇ ھەم نەپەسلىنىش بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ.

قان جۇغلاشقان ھالەتتە ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن تال يېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن خەتەرلىك بولغان قاناش كېلىپ چىقىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ بىر خىل يېنىك كېسەللىك بولىسمۇ، ئەگەر ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملاشسا، بەزىدە تالدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولىدۇ، بۇنىڭدىن تال چوڭىيىدۇ، بەزىدە بۇ يۇمشاق بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدا قېتىش بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى ئەسلىي سەۋەبلەر ۋە كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تال ئاجىزلاش

تال ئاجىزلىقى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، يەنى تال چوڭىيىش ۋە ئاق قان كېسىلىدىن ئىبارەت.

تال چوڭىيىش تال ئۆزىنىڭ ھەجىم ۋە مىقدارىدىن چوڭىيىپ كېتىدۇ، شۇنىڭدەك بەزىدە يۈرەك، جىگەر، بۆرەك ۋە باشقىلارمۇ چوڭىيىدۇ، لېكىن ئۇ ئەزالاردا ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامىتى تېپىلسا، بۇ خاس ئۇقۇمدىكى چوڭىيىش بولمايدۇ. بۇ كېسەللىكتە بەزىدە تال ئون بارماق كەڭلىكتە چوڭىيىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى بىر مەزگىلگىچە تالدا تولۇپ قېلىش ياكى ئىمتىلا تەكرار كۆرۈلۈش تال چوڭىيىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولىدۇ. بۇ تولۇپ قېلىش بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئومۇمەن پەسىللىك قىزىتما قايتا - قايتا قوزغىلىشتىن پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ كېسەللىك ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، جىگەر قېتىش، جىگەر دەرۋازا ۋېناسى توسۇلۇش، سىفلىس ۋە باشقا كېسەللىكلەر، قاننىڭ سەۋەبىدىنمۇ كۆرۈلىدۇ، بەزىدە ھامىلدارلىق كۈنلىرىدە ھامىلە سەۋەبىدىنمۇ تال چوڭىيىدۇ.

ئالامىتى تال ساھەسىدە تارتىشىش، سېزىمسىزلىنىش ياكى ئازراق ئاغرىش بولىدۇ، بۇ ئاغرىق بېسىلىش بىلەن ئېغىرلىشىدۇ. تال شۇ قەدەر چوڭىيىدۇكى، بەزىدە پۈتۈن قورساقنى ئىگىلىگەن بولىدۇ، بۇنى قورساق سۈيىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە بىلگىلى بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئەگەر بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشسا، بۇ، تالنىڭ قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇش دېيىلىدۇ، بۇنىڭ بىر قانچە خاس بەلگىسىنى يازغۇچى (سەمەرقەندى) ئېيتقان.

بەدەننىڭ رەڭگى بۇزۇلۇپ قارىغا مايىل بولۇپ قالىدۇ، يەنى تېرىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ، كۆزنىڭ ئېقى دۇغلىشىپ قالىدۇ، چىرايى نۇرسىزلىنىپ قارىغا مايىل بولۇپ قالىدۇ، ئېغىز ۋە چىش مىلىكىنىڭ شىللىق پەردىلىرىمۇ نۇرسىز بولىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ، بۇ سۈمۈرۈش ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

بەزىدە قارا ماددا (سەۋدا) قۇسقاندا، بەزىدە ئىچى سۈرگەندە چىقىدۇ، بۇنىڭدا ئوفۇنەت بولىدۇ.

بىماردا بەدەن ئاجىزلىقىنىڭ ھەم نەپەس قىيىنلىشىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، قاپاقلىرى ھەم پۇتلىرىدا ئېسىلىش بولىدۇ، بەزىدە ئىستىسقائى لەھمىنىڭ شىكايىتىمۇ بولىدۇ. كۆپىنچە ئەزالاردا قاناش بولىدۇ ۋە بۇرۇن قاناشنىڭ شارائىتى ھازىرلىنىدۇ، مەسىلەن: بۇرۇن شىللىق پەردىلىرىدىن ياكى چىش مىلىكىدىن قان چىقىدۇ، قاناشتىن كۆپىنچە بەدەنگە داغ چۈشىدۇ، بەدەندىكى جاراھەت ناھايىتى تېز ئۇفۇنەتلىنىدۇ.

بۇ بىر سوزۇلما كېسەللىك بولۇپ، ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ.

داۋالاش تالنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىگۈچى زىماتلارنى تېڭىش (بۇ سۆزلىنىپ بولدى)، ئەمگەك قىلدۇرۇش، قول - پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك پەسىللىك قىزىتمىنىڭ ماددىسى سەۋەبىدىن (بۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ)

بولسا، پەسىللىك قىزىتمىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، مەسىلەن: يۇمشاتقۇچى ۋە سۈرگۈچلەرنى بەرگەندىن كېيىن پەسىللىك قىزىتمىنىڭ مەخسۇس دورىلىرى يېگۈزۈلىدۇ.

تال ساھەسىگە سىرتىدىن كۆيۈشتۈرگۈچى دورىلاردىن زىماتى خەردەل ۋە باشقىلار چېپىلىدۇ، بۇ، كېسەللىك ماددىسىنىڭ تارقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بۇ كېسەللىك ئۈچۈن بەك زىيانلىق، بۇنىڭدىن تال يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، قەۋزىيەت قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر بېرىلمەيدۇ. چامغۇر، تۇرۇپ، قىزىلچا ياخشى يېمەكلىكلەردۇر.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەتىگەندە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، گۈلبىنەپشە، بىخ كاسنە، بەدىياندىن ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، گاۋزىبان، يۇلغۇن يوپۇرمىقى، قۇرۇق يەرلىك شوخلىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، ئەنجۈر قېقىدىن ئۈچ دانە ئېلىپ، دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تال ئۈستىگە زىماتى ئۇشەق ياكى زىماتى جالىنۇسنى ئىللىق ھالەتتە چېپىش، تاماقتىن كېيىن سۇفۇفى خەردەلدىن بىر گىرام ياكى ھەببى ئەشخاردىن ئىككى دانە ياكى ھەببى كىبرىتتىن ئىككى دانە سۇ بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

بەزىدە يەتتە گىرام قارا سېمىزئوت ئۇرۇقىنى 60 گىرام ئەرقى شوخلىغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىقتۇر. بەزىدە ئەفسەنتىن دەرىيدەمۇ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى زىماتلاردىن باشقا تۆۋەندىكى زىماتلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى يۇلغۇن چۆپى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قۇرۇتۇلغان يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، رەۋەنچىنى، ئاقاقىيا قاتارلىقلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سىركىدە ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

زىماتى مۇھەللىل: قۇرۇتۇلغان يەرلىك شوخلىدىن 12 گىرام، خىيارشەنبەر مېغىزىدىن توققۇز گىرام، ئارپا ئۇنى، بابونە گۈلى، ئىكلىلملىك، قىزىل سەندەل، سۇمبۇل تېپىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ، كۆك يەرلىك شوخلا سۈيىدە يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئاق قان كېسەللىكى تال ئاجىزلىقىنىڭ بۇ تۈرىدە قاننىڭ ئاق قان تەركىبلىرى ناھايىتى كۆپىيىپ، قىزىل قان تەركىبلىرى ئازىيىپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ كېسەللىكنىڭ

يەنە بىر نامى ئاق قان كېسىلىدۇر. بۇ كېسەللىك بىلەن بىللە تال چوڭىيىشمۇ بولىدۇ.

قاننىڭ ئاق قان ۋە قىزىل قان دانچىسىنىڭ تاناسىپلىق ھالىتى تەبىئىي ھالەتتە مۇنداق بولىدۇ: 500 ~ 600 دانە قىزىل قان دانچىسى بولسا، 1 ~ 2 دانە ئاق قان دانچىسى بولىدۇ، لېكىن بۇ كېسەللىكتە ئاق قان دانچىلىرىنىڭ سانى شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، بەزىدە 600 دانە قىزىل قان دانچىسىدا 300 دانە ئاق قان دانچىسى بولىدۇ، يەنى ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى قىزىل قان دانچىسى، ئۈچتىن بىر ھەسسىسى ئاق قان دانچىسى بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە تالنىڭ پەردىلىرى ھەم تارىمۇشلۇق تۈزۈلۈشى قېلىنلاپ قالىدۇ، پۈتۈن بەدەندىكى بەزلەر، بادامبەز، تىل ۋە ئۈچەيدىكى بەزلەرمۇ چوڭىيىدۇ، يۈرەك ھەم بۆرەكتىمۇ ماي پەيدا بولىدۇ، قاننىڭ رەڭگى سۇس، ئۇنىڭ ۋەزنى يەڭگىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قاننىڭ ئۇيۇشچانلىقىمۇ تۆۋەنلەيدۇ، ئاق قان كېسىلىدە تۆۋەندىكى ھالەتلەر بولىدۇ:

(1) تال يېقىمسىزلىنىدۇ؛

(2) سۆڭەكلەرنىڭ يىلىكلىرىمۇ كېسەللىنىدۇ؛

(3) بەدەندىكى بەزلەر (غۇددە مائىيە ۋە جازىبە) كېسەللىنىدۇ.

ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئىسسىقتىن ئىششىق پەيدا بولغاندا، يارا بولغان ھالەتتىمۇ ئاق قان دانچىلىرى نورمال ھالەتتىن كۆپىيىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى پەسىللىك قىزىتمىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، ھامىلدارلىق، كۆپ ئويلاش ھەم غەم قىلىش، جىسمانىي ھەم ئەقلىي ئەمگەكنىڭ زىيادىلىكى، سىفلىس قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ، 40 ~ 50 ياشتىكىلەردە، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، بەزى كىشىلەردە ئۇنىڭ مەخسۇس پەيدا بولۇش شارائىتى تېپىلىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك تەدرىجىي باشلىنىدۇ، بىمارنىڭ قورسىقى چوڭىيىدۇ، بەدەندىكى بەزلەر چوڭىيىدۇ، قان ئازلىق، ئىستىسقانىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، مەسىلەن: بەدەن ئىششىيدۇ، جىگەر ۋە تال چوڭىيىدۇ، بەزىدە تال تەخمىنەن يەتتە يېرىم كىلوگىرامغىچە چوڭىيىدۇ، تال ساھەسىنى بېسىش بىلەن ئاغرىق سېزىلىدۇ، قاناش شارائىتى پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە بۇرنى قانايدۇ، بەزىدە قان تۈكۈرۈشنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ، بەزىدە سۈيدۈككە قان ئارىلىشىپ كېلىدۇ، تومۇرى تېز ھەم ئاجىز سوقىدۇ، بەدەننىڭ مۇسكۇللىرى سېزىپ كېتىدۇ، ئادەتتىكى ئەمگەكلەردىن ھارغىنلىق كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. يۈرەك بۇلۇڭى ئۆزىنىڭ خاس ئورنىدىن يۇقىرىلاپ كېتىدۇ، بەزىدە قۇسىدۇ، بەزىدە ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ، بەزىدە قورساق بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىپ قالىدۇ، بەزىدە كۆزنىڭ تورسىمان پەردىلىرىدە ئىششىق بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى كۆكرەك بوشلۇقى، يۈرەك قېپى، قورساق پەردىسى ۋە

ئۆپكىگە سۇ يىغىلىدۇ، ئۆپكە ئىششىقى، شاخچە كاناي ئىششىقىدىن بولغان يۆتەل، بۆرەك كېسەللىكلىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى تال چوڭىيىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلىش، ئەگەر پەسىللىك قىزىتما سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ماددىنى قايتۇرۇشنى ئويلاش، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش، مەسىلەن: لەتىپ ھەم ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى يېگۈزۈش، بىمارنى ساپ، پاكىز ھاۋالىق جايدا ئارام ئالدۇرۇش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، يەڭگىل ھەرىكەت قىلدۇرۇش، مەسىلەن: پىيادە ماڭدۇرۇش، ئۇلاغقا مىندۈرۈش لازىم ۋە باشقىلار. سەنكىيا ھەم ئۇنىڭ مۇرەككباتلىرى بۇ كېسەللىككە ناھايىتى پايدىلىق، شۇڭا مىقدارى كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

تال توسۇلۇش

بەزى ۋاقىتلاردا باشقا ئەزالاردەك تالنىڭ قان تومۇرلىرىدىمۇ توسۇلۇش پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ كېسەللىكنى تونۇش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ.

ئالامىتى توسۇلۇش سەۋەبىدىن بەزى ۋاقىتلاردا تالدا ئاغرىش ھەم ئېغىرلىق بولىدۇ، ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى بولمايدۇ.

داۋالاش جىگەر توسۇلۇشىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

بەدىيان، جۇۋىنە، يەرلىك شوخلا، رۇمبەدىيان قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەممىسىنى قاينىتىپ، توز ياكى ئاق قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ھەببى رەۋەن، شەربىتى دىنارمۇ ناھايىتى پايدىلىق.

تال كۆپۈشۈش

تالنىڭ كۆپۈشۈشىگە جىگەرگە ئوخشاش تال ھەزىمىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭدىن تال جەۋھىرىگە يەل ۋە باشقا غەيرىي ماددىلار پەيدا بولۇپ جۇغلىشىپ قالىدۇ.

ئالامىتى سول تەرەپ قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستى تارتىشىدۇ، ھەم يۇمشاق ئىششىيدۇ، ھەم باسقاندا بېسىلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بېسىش بىلەن كوركىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ ۋە كېكىرىش كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: چاڭگاك، زىرە، سۇزاپ ئۇرۇقى، جۇۋىنە ھەم قىچا سۇفۇپى قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇرسلارمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: قۇرسى تۇخۇمى جاڭگاك. بۇ دورا ئۇسسۇزلۇق پەسەيگىچە بېرىلىدۇ، بۇنىڭ تال كۆپۈشۈشىنىڭ تارقىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

تالنىڭ ئۈستىگە ئوتلۇق ھىجامەت قويۇلىدۇ.

ئوتلۇق ھىجامەت قويۇش: بۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئەللامە نەفىيس مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەرەق قازىنىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش چوڭ پىيالىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەردە بولسۇن، بۇ پەردە سىرت بىلەن بىر ئىنچىكە تۆشۈك ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرسۇن. پاختىنى كۆيدۈرۈپ بۇ پىيالىنىڭ پەردىسىگە قويۇلىدۇ تاكى ئوت بەدەنگە تەگمىسۇن. ئاندىن پىيالىنى ئەزا ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى خېمىر بىلەن ئورىلىدۇ ۋە پىيالىگە ھاۋا كىرىدىغان بىرەر يول قالماسلىق ئۈچۈن پەردە تۆشۈكى پاختىغا ئوخشاش بىرەر يۇمشاق نەرسە بىلەن ئېتىلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئوت چوقۇم ئۆچىدۇ ۋە پىيالە ئەزاغا چاپلىشىدۇ، چۈنكى پىيالىنىڭ ئىچىدىكى ھاۋا ئوتنىڭ قىزىقلىقىدىن تارقاپ كېتىدۇ، ئوت ئۆچكەندە ھاۋا سوۋۇپ توپلىنىدۇ ۋە تار ئورۇنغا يۆزلىنىدۇ. ھاۋا تېرە ۋە مۇسكۇلنى پىيالە بىلەن تۇتىشىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ھاۋا يىغىلىشتىن خالىي بولىدۇ ۋە ئۆزى تەرەپكە تارتىدۇ.

ئەگەر بۇ پىيالىنى ئېلىۋېتىش ئىرادە قىلىنسا، تۆشۈك ئېچىلىدۇ، تاكى پىيالە ئىچىگە ھاۋا كىرىپ پىيالە بوشىشىپ ئاجرايدۇ.

ئەگەر بۇ سايمان (پىيالە) بولمىسا، بىر دانە كەڭ پىيالىنى ئېلىپ، بۇنىڭ ئېغىزى (ئەتراپى) غا كەلگۈدەك قىلىپ، يۇمشاق ئۇن خېمىرىدىن بىر يۇمىلاق پىلتە تەييارلاپ ئەزاغا قويۇپ، پاختىغا ئوت يېقىپ خېمىر ئۈستىگە پىيالە دۈم كۆمتۈرۈپ بېسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچىدۇ ۋە تېرە، مۇسكۇل پىيالىنى ئىچىگە تارتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئەزادا ئىككى سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ.

ئەگەر كۆيۈپ كېتىشتىن قورقسا پىيالىنى تارتىۋېتىپ قايتا قويۇلىدۇ (نەفىيس).

ئوتلۇق ھىجامەت قويغاندا پاختىنىڭ ئورنىغا ئىسپىرتمۇ ئىشلىتىلىدۇ. پىيالىنىڭ ئىچىگە ئازراق ئىسپىرت سېپىلىدۇ، ئوت يېقىلسا ئىسپىرت دەرھال كۆيىدۇ ۋە بۇ پىيالە ئەزاغا قويۇلىدۇ، شۇنداقلا ھاۋا يولى ئېتىلسە پىيالە ئىچىدىكى ئوت ئۆچىدۇ.

قىچا سۇفۇپىنىڭ نۇسخىسى: قىچىنى سىركىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ، ئازراق ئارپا ئۇنى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، تونۇرنى سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ نان يېقىپ، كۆيدۈرۈۋەتمەستىن سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇپ، سوقۇپ، بىر ھەسسە ئېلىپ پوستى بىخ كەبىر، چاڭگاك ئۇرۇقى، تاغ سامسىقى، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يېرىم ھەسسىدىن، لايىقلاشتۇرۇلغان زىرە، كۈدە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ ھەسسىدىن ئېلىپ سوقۇپ تەييارلىنىدۇ (نەفىيس).

تالغا قۇم ۋە تاش چۈشۈش

تالغا قۇم ياكى تاش پەيدا بولۇش ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى توپارەڭ ياكى قارا بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنكى، تالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنىڭ ئاقىۋىتى بەزىدە تال تاشتەك قېتىۋالىدۇ ۋە تاشنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى تالدا چوقۇلۇپ ئاغرىش ۋە ئاغرىق بولىدۇ.

بۇ ئالامەت تال توسۇلۇشتىمۇ تېپىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تال توسۇلۇشقا ئوخشاش بۇ كېسەللىككە دىياگنوز قويۇش قىيىن.

داۋالاش قۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن تازىلىغۇچى ھەم سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغۇچىلاردىن، مەسىلەن: ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، بەدىيان، كاكىنەچ ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى قاتارلىق ئۇرۇق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىركىگە ئەنجۈرنى چىلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەپ - ئىچىدىغان نەرسىلەر بېرىلىدۇ ھەم تىلالار ئىشلىتىلىدۇ.

ئاشقازان ئاستى بېزى (تال بويىنى) كېسەللىكلىرى

ئاشقازان ئاستى بېزى تەشرىھى

بۇ بەزنىڭ شەكلى تىلنىڭ شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ بەز تەخمىنەن ئالتە قىرات (توققۇز ئىلىك) ئۇزۇنلۇقتا، بىر يېرىم قىرات (ئىككى ئىلىك) كەڭلىكتە، يېرىم قىراتتىن بىر قىراتقىچە (بىر ئىلىكتىن بىر يېرىم ئىلىك) قېلىنلىقتا بولىدۇ. بۇنىڭ ئېغىرلىقى 3 ~ 4 ئۇقىيە (96 ~ 120 گىرامغىچە) بولىدۇ. بۇ بەزدە ئىككى يۈز، ئىككى قىرغاق ۋە بىر تەن (جىسىم) بولىدۇ.

بۇ بەزنىڭ نېپىز بېشى خەنجەرسىمان ئۆسۈكچىدە تال بىلەن ۋە كەڭ بېشى قوۋۇرغا ئەگمىسى ئون ئىككى بارماق ئۈچەينىڭ تېگى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى بېشى ئارىلىقىدىكى بۆلەك تېنى دېيىلىدۇ.

بۇ بەزنىڭ ئارقا يۈزى ئويمان بولىدۇ، بۇنىڭ باراۋىرىدە قىزىل قان تومۇر، ماسارىقا تومۇر، يۇقىرىقى جىگەر دەرۋازىسى، تۆۋەنكى كاۋاك ۋېنا، ئائورتا، سول بۆرەك ۋە بۆرەك ئۈستى بېزى بولىدۇ. ئالدى يۈزى پۈلتايغان بولۇپ، توغرا بوغماق ئۈچەي تارىمۇشى ۋە ئاشقازان ئارقا دىۋارى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى قىرغىقى قېلىن ۋە يوللۇق بولىدۇ. بۇ يوللاردىن تال تومۇرلىرى ئۆتىدۇ. تۆۋەنكى قىرغىقى يۇقىرىقى قىرغاقنىڭ ئەكسىچە نېپىز بولىدۇ. بۇ بەزنىڭ كانىلى ئۆت كانىلى بىلەن ئون ئىككى بارماق ئۈچەيگە ئېچىلىدۇ. بۇ بەزنىڭ تۈزۈلۈشى باشقا شۆلگەي بەزلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ بەزنىڭ سۈيۈقلۇقى ئاشقازان ئاستى بېزى سۈيۈقلۇقى دېيىلىدۇ.

بۇ بەزنىڭ پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىدىكى خاس ئاشقازان ئاستى بېزى جەۋھىرى ئارقىلىق گۆش ماددىلىرىنى ھەزىمگە ئۆزگەرتىدۇ.
2. ئۆزىنىڭ باشقا جەۋھەرلىرى سەۋەبىدىن نىشاستىلىق (كىراخماللىق) ماددىلارنى ئۈزۈم شېكىرىگە ئۆزگەرتىدۇ.
3. سۈتنىڭ قېيقالغان ماددا تەركىبلىرىنى سۈمۈرۈلۈشكە لايىقلاشتۇرىدۇ.

4. غىزانىڭ ياغ ماددىلىرىنى ئۆزگەرتىپ سۈمۈرۈلۈشكە لايىقلاشتۇرىدۇ.

ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئاپەتلىرى ۋە كېسەللىكلىرى بۇ ئەزادا كېسەللىك ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ، ئەگەر كۆرۈلسە بۇنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ، مايلىق نەرسىلەرنى ھەزىم قىلالمايدىغان، چوڭ تەرەت يولى ئارقىلىق خام ھالەتتە چىقىپ كەتكەن بولسا، ئاشقازان ئاستى بېزىدە كېسەللىك كۆرۈلگەنلىكتىن ھەم ئۇنىڭ پائالىيىتىدە بۇزۇلۇش بولغانلىقتىن زىيابېت بولغانلىقىنىڭ گۇمانى قىلىنىدۇ.

ئاشقازان ئاستى بېزىدە تۆۋەندىكى كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ:

① ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق؛ ② قان تولۇپ قېلىش ؛ ③ كەم قانلىق؛ ④ قاناش؛ ⑤ ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ چوڭىيىشى؛ ⑥ سەرتان؛ ⑦ كىچىكلەش ۋە يىگىلەش؛ ⑧ قېتىشىش؛ ⑨ يۇمشاش؛ ⑩ توقۇلما تەركىبلىرى بۇزۇلۇش؛ ⑪ سۇلۇق ئۆسمىلەر؛ ⑫ تاش ۋە باشقىلار كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئاشقازان ئاستى بېزى كېسەللىكىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى شۇكى، ئاشقازان ئورنىدا يەڭگىل ئاغرىق، ئېغىرلىق، قاتتىقلىق، قىزىقلىق، سەزمەسلىك، تارتىشقاندەك سېزىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاغرىق تاغاققىچە يېتىپ بارىدۇ، بېسىش بىلەن بەزىدە ئاشقازان ئاستى بېزىدە قاتتىق يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش ھەم قۇسۇش بولىدۇ، ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ، كۆپ كېكىرىدۇ، بىمارنىڭ تىرىشچانلىقى تۆۋەن ھەم ئاجىز بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىكى ئۆسمە سەپرا كانالچىلىرىنى بېسىۋالغان بولسا يەرقان پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ھۆللۈكىنىڭ ئۈچەيگە سىرغىشى ئازايسا، مايلىق نەرسىلەرنى ھەزىم قىلالمايدۇ، بەلكى چوڭ تەرەت بىلەن ماي ياكى مايسىمان نەرسىلەر چىقىپ كېتىدۇ ھەم قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتىمۇ بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى بۇ كېسەللىككە دىياگنوز قويۇش قىيىن، شۇ سەۋەبتىن داۋالاش ئۇسۇلىنىمۇ ئىنچىكە قىلىش، لېكىن قارارغا ئاساسەن ئەسلىي كېسەللىكنى يوقىتىشقا تىرىشىش، بىمارنى ئارام ئالدۇرۇش لازىم.

ئەگەر ئىششىقنىڭ ئاسارىتى بولسا، تىندۇرۇلغان كۆك يەرلىك شوخلا سۈيى، تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيى، تىندۇرۇلغان كۆك سېرىقچېچەك يوپۇرمىقى سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گرامدىن ئېلىپ، 24 گرام شەربىتى دىنار بىلەن بېرىش ناھايىتى پايدىلىق، ھەم ئىششىغان ئورۇنغا ماش ئۇنىنىڭ نېنى تېڭىلىدۇ (بۇنىڭ نۇسخىسى قولۇنجدا سۆزلەندى) ھەم تارقاتقۇچى زىمات ۋە باشقىلار چېپىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئاسان ھەزىم بولىدىغان، لەتىپ غىزالاردىن ئارپا ئېشى، شورپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بۆرەك كېسەللىكلىرى

بۆرەكنىڭ تەشرىھى

بۆرەك ئوڭ ۋە سولدا ئىككى دانە بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە قاتتىق گۆشتىن تۈزۈلگەن ئىككى قىزىل بەزدۇر. بۇ، سۈيدۈكنى قاندىن سۈمۈرۈپ، ئىككى كانالچىسى ئارقىلىق دوۋساققا يەتكۈزىدۇ. ئىككىلا بۆرەك قورساق ئىچى بەل ساھەسىدە قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستى ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان.

بەلنىڭ قوۋۇرغىلار ئاخىرلاشقان ئورنىغا يەنى ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىرەر يىڭنە كىرگۈزۈلسە، بۇ، بۆرەكنىڭ تەخمىنەن ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارىدۇ، يەنى ئىككى بۆرەكنىڭ يېرىم بۆلىكى قوۋۇرغىنىڭ ئارقىسىدا، يېرىم بۆلىكى قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىغا جايلاشقان.

ئوڭ بۆرەك سول بۆرەكتىن بىرئاز تۆۋەن (ئاستىغا) بولىدۇ. ئوڭ تەرەپتە جىگەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئوڭ بۆرەكنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ، سول تەرەپتە تال بولغانلىقى ئۈچۈن سول بۆرەكنىڭ ھەجمى ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. ھەربىر بۆرەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ساغلام ئادەملەردە تۆت قىرات (ئالتە بارماق كەڭلىكتە)، كەڭلىكى ئىككى يېرىم قىرات (تۆت بارماق كەڭلىكتە)، قېلىنلىقى بىر قىرات (بىر يېرىم بارماق كەڭلىكتە) بولىدۇ. بۆرەكنىڭ ئېغىرلىقى ئەرلەردە 240 گىرامغىچە، ئاياللاردا 192 ~ 204 گىرامغىچە بولىدۇ. قورساق ئىچكى پەردىسى بۆرەكنىڭ پەقەت ئالدى يۈزىدە بولىدۇ. بۇ، بۆرەكنى ئۆز ئورنىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۆرەكنىڭ ئىچىدە بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇنىڭغا سۈيدۈك جۇغلىنىپ دوۋساق تەرەپكە بارىدۇ (جىيب گۇردە، جىيبۇل كۇلىيە). بۆرەكنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بىر بېغىش بولۇپ، بۇ يولدىن بۆرەكنىڭ كۆك قان تومۇرى، قىزىل قان تومۇرى ۋە نېرۋىلىرى ئۆتىدۇ. ئوڭ بۆرەك جىگەر بىلەن، سول بۆرەك تال بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ.

بۆرەك كانالچىسى: بۆرەك كانالچىسى ئىككى دانە بولۇپ، بۇلار بۆرەك بوشلۇقىدىن باشلىنىپ، دوۋساققا بارىدۇ. بۇ كانالچە سۈيدۈكنى بۆرەكتىن دوۋساققا ئاستا - ئاستا يەتكۈزىدۇ. ھەربىر كانالچە ئادەتتىكى قەلەم باراۋىرىدە توم، 17 ~ 18 قىراتقىچە (24 ~ 27

بارماق ئۇزۇنلۇقتا) ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ ئىككى كانالچە دوۋساق خالتىسىغا كىرىدۇ.

بۆرەك توقۇلمىسى ئۈچ قەۋەت بولىدۇ. سىرتقى قەۋىتى تالالىق، ئوتتۇرا ئارىلىق قەۋىتى مۇسكۇل، ئىچكى قەۋىتى شىللىق پەردە بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ نېرۋىلار بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۆرەككە تاش چۈشكەندە ئاغرىق بولىدۇ.

بۆرەك ئۈستى بېزى: بۆرەكنىڭ يۇقىرىقى يۈزىدە ماي ۋە مايدىن باشقا ئىككى بەزمۇ بولىدۇ، بۇ، بۆرەك ئۈستى بېزى دېيىلىدۇ. ھەربىر بەزنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.5 ~ 2 بارماق، كەڭلىكى ئۇزۇنلۇقىدىن سەل كەم، قېلىنلىقى بىر بارماقتىن كەمرەك بولىدۇ. بۇ بەزنىڭ ئېغىرلىقى 3 ~ 7 گىرامغىچە بولىدۇ. بۇ پەيدا بولۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بەزلەردىن بولۇپ، يېپىشقاق قاندىكى خىلتلاردا قان ئېقىمىغا قوشۇلۇپ ئازراق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

بۆرەك كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى: بۆرەك كېسەللىكدىن جىگەر كېسەللىنىدۇ، ئەگەر ئاپەت ئېغىر بولسا، ئىستىسقا پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىستىسقا بۆرەك تەرەپكە مەنسۇپ قىلىنىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

بۆرەك ۋە جىگەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق شېرىكچىلىك باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرى يەنە بىرىنىڭ كېسەللىكدىن كېسەللىنىدۇ. بۆرەك كېسەللىكى جىگەر كېسەللىكى بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بۇ پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش قىيىندۇر.

لېكىن بۆرەك كېسەللىكلىرىدە قاسراقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن تولۇق دەلىلگە ئېرىشكىلى بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم ۋە باشقىلار).

بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

بۇ ئىسسىق ھەم سوغۇق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. **ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى:** تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سېرىق ياكى قىزىل بولىدۇ، بۆرەك ئورنى قىزىق بولىدۇ، جىما قىلىش خاھىشى كۈچلۈك بولىدۇ.

2. **سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى** سۈيدۈك ھەم بەدەننىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، جىما قىلىش خاھىشى تۆۋەنلەيدۇ، بەل ئاجىزلاپ، ياشانغانلارنىڭ بېلىگە ئوخشاش ئېگىلىپ قالىدۇ.

ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشىنى داۋالاش سوۋۇتقۇچى شەربەتلەرنى ئىچكۈزۈش، ئانار شەربىتى، شەربىتى زىرىق، شەربىتى خەشخاش، سوۋۇتقۇچى لۇئابلارنى ئىشلىتىش،

مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى. بۆرەك ساھەسىگە سوۋۇتقۇچى زىمىتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئاقاقىيا، لىھىيەتۇتتىس (بىر خىل ئۆسۈملۈك) نىڭ ئۇسارىسى، سەندەل، گۈلنار قاتارلىقلارنى غۇنچىئۈزۈم يوپۇرمىقى سۈيى ياكى نامازشامگۈل يوپۇرمىقى سۈيى ياكى جاۋانىسە سۈيى ھەمراھلىقىدا چېپىلىدۇ. كافۇر بۆرەكنى سوۋۇتۇشتا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە، ھەتتا ئەرلىك قۇۋۋىتىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقىتىۋېتىدۇ. بۆرەككە زىيادە مۇھىم بولمىسا، سوغۇقلۇق يەتكۈزمەسلىك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ پائالىيىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاش ئۆتكۈر ھۆقنە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن، مەسىلەن: زاراڭزا يېغى، ئاچچىق بادام يېغى، پىستە يېغى، قوستە يېغى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ ھەم بۇ تۆردىكى ياغلار بىلەن بۆرەك ئورنى ياغلىنىدۇ.

ئېيتىپ ئۆتۈلدىكى، بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقىدا مەجۇنى كۇمۇنى ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. جۈملىدىن بۇنىڭ دورىلىرىنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇش كېرەك، تاكى ئۇنىڭ تەركىبلىرى ھەم جەۋھەرلىرى تولۇق مىقداردا بۆرەك تەرەپكە ئۆتسۇن.

بۆرەك يىگلەش

بۇنىڭدا بۆرەك يىگلەپ، ئۇنىڭ مايلىرى ئازىيىدۇ ياكى بۆرەكتىكى ماي تامامەن يوقىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۆرەكنىڭ ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ ياكى كۆپ جىما قىلىش، مۇسھىل بېرىش ياكى ئۆتكۈر سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بولىدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈكنىڭ مىقدارى كۆپ، رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئومۇرتقا تۆۋرۈكىدە يېنىك ئاغرىش بولىدۇ، بەدىنى ئورۇقلايدۇ ھەم جىما خاھىشى كەم بولىدۇ.

داۋالاش بەدەن ۋە بۆرەكنى سەمرىتىدىغان چارە - تەدبىر قوللىنىلىدۇ. ياخشى غىزالاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، يىگلەشنىڭ سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، شېكەرگە مېغىزلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: بادام مېغىزى، نارجىل مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، پىستە مېغىزى قاتارلىقلار ھەم مايلاردىن، مەسىلەن: توخۇ يېغى، غاز يېغى، ئۆردەك يېغى ھەم مايلىق ئىسسىق نان ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۆرەكنى سەمرىتكۈچى دورىلار ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قوينىڭ مېڭىسى ھەم دانلىق زىرائەتلەردىن، مەسىلەن: بۇغداي، نوقۇت، باقلا، لوۋيا ۋە يۇقىرىقى مېغىزلارنىڭ يېغى ۋە باشقا ياغ ۋە يىلىك قوشۇلۇپ تەييارلانغان بولسۇن، مەسىلەن: زاراڭزا مېغىزى يېغى،

ھەببەتۇلخۇزرانىڭ مېغىزى يېغى، كۈنجۈت يېغى قاتارلىقلار، مەسىلەن: كالا پاچىقى يىلىكى، تۆگىنىڭ ياكى قوينىڭ يىلىكى قاتارلىقلار ھەمدە داۋائى تەرەنجىبىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

داۋائى تەرەنجىبىننىڭ نۇسخىسى: بىر ھەسسە كالىنىڭ سۈتىگە ئۈچتىن بىر ياكى تۆتتىن بىر ھەسسە تەرەنجىبىن سېلىپ قايناتىپ بېرىلىدۇ.

بۇ دورا تاتلىق ۋە مايلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ياخشى ھەزىم بولىدۇ ھەم بۇنى بارلىق ئەزالار تالىشىپ سۈمۈرۈپ ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلىدۇ ۋە سۈتنىڭ پەنىر تەركىبى ئەزالارغا چاپلىشىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار تۆۋەندىكى ھالۋا بۆرەك يىگىلگەن ئەھۋالدا ئىستېمال قىلىنىدۇ، شەرتى شۇكى، بەدەندە سوغۇقلۇق غالىب كەلگەن بولسۇن. بادام مېغىزىدىن بەش دانە، پىندۇق مېغىزى، پىستە مېغىزى، نارجىل مېغىزى، چىلغوزا مېغىزىدىن ھەربىرىدىن ئۈچ دانىدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سۇدا ئېزىپ، قايناتىپ قويۇلغاندا، كالا يېغىدا داغلاپ ناۋات سېلىپ ئەتىگەندە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، كەچتە 24 گىرام داۋائى تەرەنجىبىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى يۇقىرىدا سۆزلەندى.

ئەگەر بەدەندە ھارارەت بولسا، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى، چىگىت مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ دانىدىن ئېلىپ، ھەممىسنى سۇغا سېلىپ ئېزىپ ئوتتا قويۇپ، قويۇلغاندا كالا يېغى سېلىپ داغلاپ، 24 گىرام ناۋات سېلىپ ئەتىگەندە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش قۇۋۋىتى يۇقىرى غىزالاردىن مايلىق ھالۋا، كاللا - پاچاق يىلىكى، ھەرىسە (ئاتىلا) قاتارلىقلاردىن ھەزىم قىلالىغۇدەك بېرىلىدۇ.

بۆرەك ئاجىزلىقى

سەۋەبى ① بۆرەكنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش؛ ② بۆرەك يىگىلەش؛ ③ بۆرەك كاناللىرى كېڭىيىش ھەم ئۇنىڭ مۇسكۇلى بوشىشىش؛④ كۆپ جىما قىلىش؛ ⑤ سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش؛ ⑥ بۆرەككە زەربە يېتىش، كۆپ پىيادە يۈرۈش ۋە ئۇلاغقا مىنىشتۇر.

بۆرەك ئاجىزلىششنىڭ سەۋەبلىرىگە تۆۋەندىكىلەرمۇ كىرىدۇ: سوزۇلما خاراكتېرلىك سۆزنەك، دوۋساق ئىششىقى، بۆرەك ياكى دوۋساققا تاش چۈشۈش، سوغۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، دوۋساق مۇسكۇل تالالىرى ئاجىزلاش (بۇ ياشانغانلاردا بولىدۇ) قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سۈيدۈكنى تۇتۇپ تۇرۇش ئادىتى بارلاردا كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈكى گۆش يۇغان سۇدەك قىزىل كېلىدۇ، كۆپىنچە بەلدە ئاغرىش بولىدۇ، بولۇپمۇ ئېگىلگەندە ۋە تۈزلەنگەندە، يېنىچە ئۆرۈلۈپ ياتقاندا ئاغرىش بولىدۇ. چۈنكى ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ مۇسكۇللىرى بىلەن نېرۋىلىرى ئاجىزلايدۇ، جىما قىلىش خاھىشى كەم بولىدۇ، سۈيدۈكى ئاز بولىدۇ، ھەم دوۋساقنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىنمۇ بىمار سۈيدۈكىنى توختىتالمايدۇ، ھەم كۈچەپ سىرتقا چىقىرالمايدۇ، سۈيدۈك ئارقا - ئارقىدىن كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۆرەكنىڭ ئاجىزلىقى بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا، بۆرەك مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. ئەگەر بۆرەك يىگلەشتىن كېلىپ چىققان بولسا، بۆرەك ئاجىزلىقى بىلەن يىگلەشنىڭ ئالامەتلىرى نامايان بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئاجىزلىغان بولسا، مىزاجىنى تەڭشەش، ئەگەر مىزاج ماددىلىق بۇزۇلغان بولسا، ماددىنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە قان سىيىشكە مەنپەئەت قىلىدىغان دورىلاردىن خۇنسىياۋشان، ئانارگۈلى، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، سەمغى ئەرەبى، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلار پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا، بېلىگە سوۋۇتقۇچى ھەم قۇۋۋەتلىگۈچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، قىزىلگۈل، ئاقاقىيا، رامىك، گۈل يېغى ھەم سىركە سۈركىلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلىقنىڭ سەۋەبى يىگلەش بولسا، يىگلەشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

رامىك — بىر مۇرەككەپ دورا بولۇپ، بۇ ئامىلە تالقىنى ۋە باشقا دورىدىن ياسالغان.

سۇك — ئامىلە ئۇسارىسىنىڭ بىر خىل خۇش پۇراق مۇرەككىباتىدۇر.

ئەگەر بۆرەك ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى بۆرەك تومۇرلىرى كېڭىيىش ۋە بوشىشىپ كېتىش بولسا (بۇ بۆرەك ئاجىزلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىدۇر)، ئۇنىڭ ئىلاجى بۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش، مەسىلەن: جىما، ئىستىفراغ كۆپ بولۇش، سۈيدۈك مېڭىپ كېتىش، ئۇلاغقا مىنىش، پىيادە يول يۈرۈش قاتارلىقلاردىن بۆرەك بوشىشىپ كېتىدۇ. بۆرەكنى سەمرىتىش مەقسىتىدە، چاپلاشقاق ۋە تۇتقۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئانار چۈشكەن غىزاغا ئۈزۈم ئۇرۇقى، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى قوشۇپ بېرىلىدۇ ياكى تالقان بېرىلىدۇ. بۇ ئارپا ياكى بۇغدايدىن تەييارلانغان بولسۇن. قۇرۇتۇلغان خورما زەئرۇر ۋە بېھى ھەم ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر نەرسىلەر، مەسىلەن: سۈت، گۈرۈچ، كاللا - پاچاق قاتارلىقلارنى چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش ھەم سەمرىتىش ئۈچۈن مەجۇنلەر ھەم ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: مەجۇنى لوبوب ھەم كاللا شورپىلىرىدىن تەييارلانغان ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، بۆرەك يىگلەشنىڭ بايانىدا سۆزلەندى. بۆرەك ئاجىزلىقىدا قوي ياكى تۆگىنىڭ سۈتى تەڭداشسىز دورىدۇر، ئەگەر بۇنىڭغا گىل ئەرمىنىدەك تۇتقۇچى دورىلارمۇ

قوشۇلسا.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر سۆزنەك ياكى دوۋساق ئىششىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئەگەر كۆپ جىما قىلىش سەۋەبىدىن بولسا، بۇ ھالۋىنى تەييارلاپ ئەتىگەندە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھالۋىنىڭ نۇسخىسى: قىزىل بەھمەن، ئاق بەھمەن، قىزىل تۇدەرى، ئاق تۇدەرى، پىستە مېغىزى، بەرەنجى ساتى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، تاتلىق بادام مېغىزى بەش دانە قاتارلىقلارنى كالا يېغى بىلەن داغلاپ، ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈچ بەرىنج كۈشتە قىلىنغان توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنى بەش گىرام جاۋارىش زەر ئۈنى ياكى بەش گىرام مەجۈنى پەلاسپەگە قوشۇپ كەچتە بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن پولات كۈشتىسىدىن ئىككى بەرىنج يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر نېرۋىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا، كۈچىلانىڭ مۇرەككەباتلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ گىرام مەجۈنى ئازاراقى ياكى بىر دانە ھەببى ئازاراقىنى سۈت بىلەن قوشۇپ تاماقتىن كېيىن ياكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن پەيدا بولغان بولسا، بەش گىرام جاۋارىش زەر ئۈنى بىر ۋاخ، بەش گىرام مەجۈنى پەلاسپە يەنە بىر ۋاخ بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز قۇۋۋىتى يۇقىرى، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ياغ ھەم خەشخاشنىڭ سىڭىشلىك غىزالىرىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، سوغۇق سۇ ۋە مۇزدىن پەرھىز قىلىش، ئۇلاغقا مىنىش ھەم جىمادىن ساقلانماق زۆرۈردۇر.

يەلدىن بولغان بۆرەك ئاغرىقى

بەزىدە بۆرەكتە يەل پەيدا بولۇپ تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش قىيىن.

ئالامىتى ئېغىرلىق بولماستىن ئاغرىق ۋە تارتىشقاندەك سېزىم بولىدۇ، بۆرەككە تاش چۈشۈشنىڭ ئالامىتى تېپىلمايدۇ ھەم بۇ ئاغرىق قورساق ئاچقاندا ۋە غىزا ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن يەڭگىللەيدۇ.

داۋالاش سۈيدۈك ئارقىلىق يەل ۋە كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن چىقارغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: مائۇلھەسەل ياكى شېكەر بىلەن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ئۇرۇق دورىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەل پارچىلىغۇچى زىمات تېڭىلىدۇ، مەسىلەن: زىرە، سۇزاپ يوپۇرمىقى، بابۇنە ھەم سېرىقچېچەك قاتارلىقلار. تۇز، كېپەك ھەم كۈل بىلەن

قۇرۇق ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇستە يېغى، يەسمەن يېغى، خەير يېغى، سۇزاپ يېغى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ.

بۆرەك ئاغرىقى

بۆرەك ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى ئومۇمەن ئىششىق، تاش ياكى ئۇنىڭ زەخمىلىرىدۇر. بۇنىڭ بايانى كېيىن سۆزلىنىدۇ. بۆرەك ئاغرىقى ئۈچۈن ئابزەن ناھايىتى مەنپەئەتلىك. جۈملىدىن بۇنىڭغا يۇمشاتقۇچى، ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارمۇ قوشۇپ قاينىتىلغان بولسۇن، مەسىلەن: بابونە، سېرىقچېچەك، ئاق لەيلى، كەرنۇب يوپۇرمىقى قاتارلىقلار.

ئابزەن — دورا قاينىتىلغان ئىسسىق سۇدا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇشتۇر.

بۆرەك ئىششىقى

بۆرەك ئىششىقى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. يەنى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق (ئۆتكۈر)، سوغۇقتىن بولغان ئىششىق (سوزۇلما) ۋە قېتىشتىن ئىبارەت.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بۇ ئىششىق ئادەتتە بۆرەكنىڭ كانالچىلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە سۈيدۈك كانالچىلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان تارىمۇشلاردا بولىدۇ ۋە بەزىدە قان تومۇرلاردا بولىدۇ. ئەگەر بۇ تۈردىكى ئىششىق بىر ياكى ئىككىسى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا، بىرى يەنە بىرىنىڭ شېرىكچىلىكىدە بولغان بولىدۇ، بۆرەك ئىششىقىنىڭ كۆپىنچە تۈرلىرىدە بەلغەمنىڭ مەخسۇس تۈرى (تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق) كۆپ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئىسسىقتىن قېتىشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق يىرىڭ پەيدا قىلىدۇ، بۇ يىرىڭلىق ئىششىق دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىدە يىرىڭلىمايدۇ. ئەگەر تېرە ئۆز خىزمىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىسا بۆرەككە بېسىم چۈشىدۇ ۋە بۆرەك تەرەپكە قان كۆپ مىقداردا ئاقىدۇ، بۇنىڭدىن بۆرەكتە بەزىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ، خۇددى بۆرەكتىكى ئىششىق بەزىدە باشقا سەۋەبلەردىن ۋە ئۇفۇنەتلىك كېسەللىكلەردىنمۇ پەيدا بولغىنىدەك. بۇ سەۋەبتىن بۆرەككە زەھەرلىك ماددىلار يېتىپ كېلىدۇ، بۇ كېسەللىكتە سۈيدۈك يوللىرىنىڭ شىللىق پەردىلىرىدە ئاجراش بولۇپ، سۈيدۈك يولىدىن سۈيدۈك بىلەن قوشۇلۇپ سىرتقا چىقىدۇ، بەزىدە سۈيدۈكتە قىزىل قان دانچىلىرىمۇ بولىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا بۆرەك ئىششىپ، ھەجمى چوڭىيىدۇ ۋە ئېغىرلىقىمۇ ئاشىدۇ، رەڭگىمۇ قېنىق قارىغا مايىل بولىدۇ، بەزىدە بۆرەك يۈزىدە داغ پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى: يامغۇردا قېلىش، سوغۇق ئۆتۈش، تېرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈشتىن (تېرە ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلالمايدۇ) قانىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى ئاتىشەك، يۇقۇملۇق قىزىتما، مەسىلەن: ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، چېچەك، قىزىل، ئوفۇنەتلىك قىزىتما، تولغاق، يۇقۇملۇق سەرسام، بوغما قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. بەزى زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ، ھاراقنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقتىن، بۆرەك ئورنىغا زەربە تېگىشتىن ۋە ھامىلدارلىقتىنمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى تەرتىپسىز قىزىتما بولىدۇ، يەنى بۇ تەرتىپسىز شەكىلدە ئۆرلەپ، تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قېتىم سانى بولمايدۇ، ئومۇمەن قىزىتما يەڭگىل بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تىترەش بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ.

ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۆرەك ھەم ئىچكى ئەزالاردا ئېچىشىش بولىدۇ، تاشقى ئەزالار بولۇپمۇ قول - پۇتلار سوغۇق بولىدۇ، تېرە مويلىرى تىك بولىدۇ، قورساقتىكى ئەزالاردىمۇ بىرقەدەر ئېچىشىش بولىدۇكى، بىمار كىيىملىرىنى سېلىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، كېسەللەنگەن بۆرەك تەرەپتىكى بەل يەڭگىل ئاغرىيدۇ، ئېغىرلىق بولىدۇ، بىمار دۈم ياتالمايدۇ، كۆپىنچە ساق تەرىپىنى بېسىپ ياتىدۇ، باسقاندا ئاغرىق كۈچىيىدۇ، ئۇسسايدۇ، بىئارام بولىدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ، ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش ھەم سەپرالىق قۇسۇش بولىدۇ، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت تەستە كېلىدۇ.

تومۇرى توشقان بولىدۇ، تارتىشىش ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، تېرىلەر قۇرغاق بولىدۇ، دەسلىپىدە يۈزى ھەم قاپاقلىرىدا ئىششىق بولىدۇ، ئەگەر ئىككى بۆرەك ئىششىغان بولسا، پۈتۈن بەدەن ئىششىيدۇ (ئىستىسقا). يۈرەكنىڭ سول قېرىنچىسى چوڭىيىپ كېتىدۇ، يۈرەكنىڭ تاۋۇشى قوش ئاڭلىنىدۇ ھەمدە كەچتە سىيىش قېتىم سانى كۆپىيىدۇ، لېكىن مىقدارى ئاز بولىدۇ، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى توق سېرىق ياكى قىزىل ياكى قارىغا مايىل بولىدۇ، ئۇنىڭدا تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق كۆپ بولىدۇ، كۆپىنچە يۆتەل، ئۆپكە ئىششىقى، كۆكرەك پەردە ئىششىقى ۋە باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ تولۇق ياخشىلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئىستىسقا ھەم كۆپۈشۈش ئالامىتى يوقايدۇ، سۈيدۈكنىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ ھەم سۈزۈلىدۇ. بۆرەكنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئىستىسقا بولىدۇ، بۇ، قاپاق ۋە يۈزدىن باشلىنىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بەدەن ئەھۋالى يار بەرسە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئارپا سۈيى، بىنەپشە شەربىتى، سوغۇق تەبىئەتلىك لوئابلار ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: چوڭ تەرەت يۇمشاپ ئاسانلىق بىلەن چىقىپ كەتكىچە ئىسپىغۇل لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئاق لەيلى

ئۇرۇقى لوئابى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىچ سۈرۈش بۇ كېسەللىككە زىيانلىق.

ئارپا ئۇنى، سەندەل، مامىسا، يەرلىك شوخلا سۈيى، كاسىنە سۈيى ھەم بىنەپشە يېغى زىمات قىلىنىدۇ. بۇ دورىلار ماددىنى قايتۇرۇپ تارقىتىدۇ.

مۇھىم كۆرسەتمە تېرە ۋە ئۈچەيلەرنىڭ خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تەرلىتىش ۋە يەڭگىل ئىچ سۈرگۈزۈش ئارقىلىق بۆرەككە ئاراملىق بېرىش، تەرلىتىش ۋە تېرىنىڭ پائالىيىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىسسىق كىيىمگە، ئىسسىق يوتقانغا يۆگەش، بىمارنىڭ ھۇجرىسىنى ئىسسىق تۇتۇش ھەم تەرلەتكۈچىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم، مەسىلەن: تەرلەتكۈچى دورىلارنى بېرىش، دورا سۈيىدە بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش، ھورلاندۇرۇش ۋە باشقىلار. ئۈچەيلەرنىڭ خىزمىتىنى تېزلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇسھىللارنى بېرىش ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇشقا (بولۇپمۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا) قەتئىي بولمايدۇ. بىمارنىڭ غىزاسىغا سۈت، ئارپا ئېشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىي نەرسىلەرنى بېرىشمۇ پايدىلىق. قېتىقمۇ بېرىلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى سوۋۇتۇش، پەسەيتىش ئۈچۈن ۋە ئۇسساشنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن ئىچى تەرەپتىن سوۋۇتقۇچى ۋە پەسەيتكۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۆرەك ئورنىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، يەنى دورا قاينىتىلمىسىدا يۇيۇلىدۇ ياكى ئىسسىق زىماتلار قېلىن چېپىلىدۇ، بۇ قىسقا ۋاقىتتا ئىسسىق يەتكۈزىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك ئاز بولسا ياكى پۈتۈنلەي توختىغان بولسا، بۇ ھالەتتە يەڭگىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى، مەسىلەن: ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قېتىق سۈزمىسى ۋە قوغۇن ئۇرۇقىنى بېرىش مۇناسىپتۇر، ئەپيۇننىڭ مۇرەككەباتلىرى بۇ ھالەتتە مۇۋاپىق ئەمەس.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار دەسلەپتە خىيارشەنبەر ئۇرۇقىنى سۈتتە قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ تاكى چوڭ تەرىتى ئىككى، ئۈچ كەلسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن يالغۇزلا قايناق سۇدا ھوردىتىلسۇن تاكى ياخشى تەرلەنسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلسۇن.

نۇسخا چىلاندىن بەش دانە، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇغا چىلاپ شىرىسى ۋە لوئابىنى چىقىرىپ، كۆك كاسىنەنىڭ سىقىپ تىندۇرۇلغان سۈيى ۋە يەرلىك كۆك شوخلىنىڭ سىقىپ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ قوشۇپ، 24 گىرام ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۆرەك ساھەسىگە تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى سۆزلىنىپ بولدى.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ مىقدارى بەك ئاز بولسا ياكى ئۇنىڭ چىقىشى قەتئىي توختىتىلغان بولسا، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش

گىرامدىن، ئوغرىتىكەندىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، يۇقىرىقى تىندۇرۇلمىلار ۋە شەربەتنى بۇزۇرى بارىد بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم قېتىق سۈزمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۈرەك ئاجىز بولسا، ئىككى بەرىنج جاۋاھىر مۆھرەنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئارقىدىن 24 گىرام ئەرقى گاۋزىبان ۋە 24 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىككى بەرىنج داۋائىلمىشكى بارىد ياكى ئۈچ گىرام مۇپەررىھى بارىد ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، كافۇرمۇ بۇ ھالەتتە پايدىلىق. ئەگەر سۈيدۈكتە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولسا (ئۇنىڭ تەپسىلاتى كەينىدە سۆزلىنىدۇ)، دەرھال كۈچلۈك سۈرگە دورىلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئۇبدان تەرلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى سۈيدۈك ياخشى راۋان بولسۇن.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سۈت، ئارپا ئېشى ۋە قېتىقنى بىر مەزگىلگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش، گۆشلۈك غىزالار ۋە هاراقلارغا يېقىنلاشماسلىق، چاي ۋە قەھۋە ئىچىشتىن، مېۋىلەردىن ئۈزۈم، ئالما، نەشپۈت ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش، بىمار ياخشىلانغاندا، سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئىسسىق كىيىنىپ يۈرۈش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، سۇ ھەم ھاۋانى تەڭشەش ئۈچۈن بىمارنى ئىسسىق جايغا يۆتكەش لازىم.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا «بۆرەك ئىششىقى ۋە يارىسى ئۈچۈن تىنچلىق ۋە راھەتتىن ياخشى نەرسە يوق»، «بۇ كېسەلگە سوغۇق سۇنىمۇ ئاز بېرىش لازىم، سۇ ئۆزىنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكى سەۋەبىدىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا مۇۋاپىق كەلسىمۇ، لېكىن بۆرەك ئىششىقىغا سۈيدۈكنى كۆپەيتىش ۋە بۆرەك تەرەپكە خىلىتلارنى ئېقىتقانلىقى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچىدىغان سۇ ساپ ۋە تاتلىق بولسۇن. قايناق سۇ بۆرەك ئىششىقىغا زىيانلىقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارغا ئانچە سوغۇق بولمىغان سۇ ئىچكۈزۈش لازىم»، «بۆرەك ئىششىقىدا گۆش ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش لازىمدۇر» دېگەن (ئىكسىر ئەزەم).

يىرىڭلاش ئەگەر بىر ھەپتىدىن ئۆتۈپ كەتسە، قىزىتما يۇقىرى بولسا، بەدەن ئېغىرلىقى ئاشسا، ئاغرىق كۈچەيسە، ماددا پىشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىششىقنى پىشۇرۇشقا تىرىشىش؛ ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر، شۇمشا، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلارنى ئىسسىق سۇ ھەم كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ زىمات قىلىش، ئىسسىق سۇ بىلەن نۇتۇل قىلىش لازىم، ئىسسىق سۇ تۇقۇلمىنى يۇمشىتىدۇ، ھۆللەشتۈرىدۇ، ماددىلارنى پىشۇرىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا پىشۇرغۇچى دورىلارمۇ قوشۇلسا زىيادە ياخشى بولىدۇ، پىشۇرغۇچى ئۇرۇق دورىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ، مەسىلەن: زىغىر، شۇمشا، ئاق لەيلى قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر ئاغرىق توختاپ ئېغىرلىق قېپقالسا، ئىششىقنىڭ تولۇق پىشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاغرىقنىڭ توختىغانلىقى يىرىڭ شەكىللەنگەندە يىرىڭنىڭ قايىنىشى ۋە كېڭىيىشىدىن پەيدا بولغان زىيادە تارتىشىشنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

بۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرىقى زىماتقا ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرغۇچى دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: كەپتەر مايىقى، كەرسىنە تالقىنى، تۈگمەن توزۇندىسى قاتارلىقلار.

ئەگەر يىرىڭ ئېغىز ئېلىپ سۈيدۈك يولىدىن چىقسا، تازىلىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ئۇرۇق دورىلارنى بېرىش، مەسىلەن: ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، بەدىيان قاتارلىقلارنى جۇلاپ، خەشخاش شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى ۋە ئېشەك سۈتى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

يىرىڭ تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن زەخمنى پۈتتۈرگۈچى ئۇرۇق دورىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: قورۇلغان زىغىر، كاكىنەچ، خەشخاش ئۇرۇقى، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلارنى زەخىم پۈتۈپ بولغۇچە ئىشلىتىش زۆرۈردۇر، قالغان ئۇسۇل ۋە تەدبىر بۆرەك جاراھىتىنى داۋالاشقا ئوخشاش.

بۆرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقى سەمەرقەندى سوغۇقتىن بولغان ئىششىققا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ يازغانكى، بەلدە قاتتىق ئاغرىش ۋە ئېچىشىش بولماي ئېغىرلىق بولىدۇ. بۇ ئاغرىق قۇلۇنجى ئاغرىقىغا ئوخشايدۇ، بۇ قۇلۇنجىدا سۆزلەندى. لېكىن باشقا يازغۇچىلارنىڭ سۆزىدىن ئاشكارا بولدىكى، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقتا قاتتىق ئاغرىش بولمايدۇ، ئەگەر ئاغرىقتا ئۆتكۈرلۈك بولمىسا، قۇلۇنجى بىلەن ئوخشىتىشنىڭ بىرەر سەۋەبى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىكسىر ئەزەم» نىڭ يازغۇچىسى يازغانكى، ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان تەپ، كۆيۈشۈش ھەم ئۇسسۇزلۇق ۋە قاتتىق ئاغرىق بولمىسا، بەلدە ئېغىرلىق ۋە تەمەددۇت زىيادە بولسا، بۆرەكنىڭ خىزمىتى تۆۋەنلىسە، يۈز، كۆز ۋە پۈتۈن بەدەندە ئىششىش پەيدا بولسا ۋە قاتقان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى يوقالسا، سوغۇقتىن بولغان (بەلغەمى) ئىششىق دەپ چۈشىنىلىدۇ.

داۋالاش ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار تېڭىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، ياۋا رەيھان، غار يوپۇرمىقى، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار. كەرەپشە، ئوغرىتىكەن، رۇمبەدىيان، پىرسىياۋشان، ھەلىيۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى گۈلقەنت ھەسىلى بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈپ سۈيدۈكىنى راۋانلاشتۇرۇش، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، دەرمىنە، سېرىقچېچەك، سۇزاپ، كەرنۇب يوپۇرمىقى، شۇمشا، ئوغرىتىكەن، ئەنجۈر قاتارلىقلارنى كۈنجۈت يېغى، تۇز، بۆرە ئەرمىنى قاتارلىقلارغا قوشۇپ ھۆقنە قىلىش، ئىسسىق ياغلاردىن قوستە يېغى، ئوغرىتىكەن يېغى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغلاش لازىم.

ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىق ئۈچۈن خىيارشەنبەر ئۇرۇقى مېغىزى مەيلى يېيىلسۇن ياكى

ھۆنە قىلىنسۇن، تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر.

قاتقان ئىششىق بۇ ئەمەلىيەتتە بۆرەكنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىششىقىنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۆرەكنىڭ قاتقان ئىششىقى ئادەتتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن كېيىن ۋە بەزىدە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا سەۋەبسىزلا پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى سوغۇق ئۆتۈش، كۆپ ھاراق ئىچىش، بۆرەكتىكى جاراھەت كونىراپ كېتىش، زىيابىتۇس، ئوفۇنەتلىك قىزىتما، سىفلىس قاتارلىقلار بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى بەلدە قاتتىق ئېغىرلىق بولىدۇ، ئاغرىق كۈچلۈك بولمايدۇ، سۈيدۈك سۇيۇق ھەم مىقدارى ئاز بولىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنىڭدىن سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى. بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا بىرەر ئالامەتلەر تېپىلمايدۇ، لېكىن ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن بۆرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئۆتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى پەيدا بولىدۇ. يەنى چىرايى نۇرسىز، خۇنۈك ۋە ئىششىغان بولىدۇ، بولۇپمۇ تۆۋەنكى قاپاقلىرى بەكرەك ئىششىدۇ، قان ئازلىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ھەزىم ناچارلىق ھەم قۇسۇش بولىدۇ، سۈيدۈك قايتا - قايتا ئاق كېلىدۇ، مىقدارى ئاز كېلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى ئىستىسقادۇر، ئۇنىڭدا ئىستىسقا قاپاقلاردىن باشقا بەزىدە بەل، ئۇرۇقدان خالتىسى ھەم پۇتىغىچە يېتىپ كېلىدۇ، بەزىدە پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ ئىستىسقائى لەھمى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىشنىڭ خەتىرى بولىدۇ (شافى).

تەبەرى ئېيتقانكى: بۇ كېسەللىك بىلەن بەزىدە جۇدەتكۈچى قىزىتما پەيدا بولىدۇ، قاتقان ئىششىقتىن بەزى ۋاقىتلاردا بەل ئېگىلىپ قالىدۇ، تۆۋەنكى ئەزالاردا يىگىلەش ھەم ئاجىزلاش بولىدۇ، پۇتلاردا سېزىمسىزلىنىش بولىدۇ، قان ئازلىق كۆرۈلۈپ بەدەننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ (ئىكسىر ئەزەم ۋە باشقىلار).

داۋالاش بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاش بىرقەدەر قىيىن، چۈنكى ئۇزاق مۇددەت (بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق) ۋاقىت كېتىدۇ، داۋالاش لايىھەسى تۈزۈشمۇ بىرقەدەر قىيىن، لېكىن ھەرھالدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. بەلغەم تارقاتقۇچى زىماتلار تېڭىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، زىغىر، ئاق لەيلى، شۇمشا، مۇقەل، ئوشەق، چاۋا ماي، كالىنىڭ پاچاق سۆڭەك يېلىكى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ ھەم يۇمشاتقۇچى ياغلاردىن، مەسىلەن: بابۇنە يېغى، زاراڭزا يېغى، غاز يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغلىنىدۇ.

قوستە يېغى، سېرىقچېچەك يېغى ھەم ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، بابۇنە،

ئوغرىتىكەن، زىغىر، بىنەپشە، بىستىپايەج، ئەنجۈر، شۇمشا قاتارلىق دورىلار بىلەن نوتۇل قىلىش، ئىششىق قايتۇرغۇچى، مەسىلەن: ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر، شۇمشا قاتارلىقلارغا ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىق سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى: بۆرەك ئىششىقىنىڭ بۇ تۈرىدە سۈيدۈك راۋان بولمايدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىستىسقا پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ھەمىشە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۇ كېسەللىكنى داۋالىغاندا جىگەر قېتىشنى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، چۈنكى جىگەر ھەم بۆرەكنىڭ قېتىشىنى داۋالاش ئوخشاش. لېكىن سۈيدۈك ھەيدىگەندە كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس (ئىكسىر ئەزەم).

لېكىن بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە تەدبىر قوللىنىش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، گۆشلۈك ۋە مايلىق غىزالاردىن پەرھىز قىلىش لازىم (شافى).

سوزۇلما ئىششىق بۇ، ماھىيەت ۋە ئالامەت ئېتىبارى بىلەن بۆرەك نەيچە ئىششىقى ۋە بۆرەك كانالچە ئارىلىق ئىششىقى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بۆرەك نەيچە ئىششىقىدا سۈيدۈكنىڭ ئىنچىكە كانالچىلىرى كېسەللىنىدۇ.

بۆرەك كانالچە ئارىلىق ئىششىقىدا، بۆرەك كانالچىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارىمۇش - توقۇلمىلار كېسەللىنىدۇ. بۆرەك نەيچە ئىششىقى جەۋھەر ئىششىقى ياكى بۆرەك قېتىشمۇ دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىستىسقا نامايان بولىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى قويۇق، ئېغىر، مىقدارى ئاز، تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ مىقدارى كۆپ بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئەگەر بۆرەك تەكشۈرۈلسە، بۆرەك چوڭايغان ھەمدە ئاقارغان بولىدۇ، لېكىن بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بۆرەك ناھايىتى يىگلەپ كېتىدۇ، بۇ كېسەللىك ياشانغانلارغا قارىغاندا ياشلاردا كۆپ بولىدۇ.

بۆرەك كانالچە ئارىلىق ئىششىقى بۆرەككە مۇدۇر - چاقا چىقىشمۇ دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ پەرقلىنىدىغان ئالامىتى شۇكى، ئىستىسقا يوقىلىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكتە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ ياكى كۆپىيىدۇ، ئاخىرىدا بۆرەك ئىچىگە تالا پەيدا بولىدۇ ۋە ئىككىلەمچى شەكىلدە يۈرەك چوڭىيىدۇ ھەم قىزىل قان تومۇرلار قېلىنلايدۇ، بۇ كېسەللىك 40 ياشتىن تۆۋەنلەردە ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

بۆرەك نەيچە ئىششىقى بۆرەك نەيچە ئىششىقى سۈيدۈك نەيچىلىرىنىڭ سوزۇلما ئىششىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ شىللىق پەردىلىرى قېلىنلاپ مايغا ئۆزگىرىپ بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ

تەپسلاتى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

بۆرەك كانالچە ئارىلىق ئىششىقدا بۆرەك ناھايىتى كىچىكلەپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئېغىرلىقمۇ يەڭگىللەيدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قارامتۇل قىزىلغا مايىل بولىدۇ، بۆرەكنىڭ سىرتقى يۈزىدە كىچىك - كىچىك مۇدۇرلار بولىدۇ، بۆرەك غىلاپى قېلىنلايدۇ ھەم بۆرەككە چاپلىشىپ ئاسانلىقچە ئاجرىمايدۇ، بۆرەكتىكى سۈيدۈك كانالچىلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تارمۇش - توقۇلمىلار تەبىئىي ھالەتتە ئاز بولۇپ، بۇ كېسەللىكتە ناھايىتى كۆپىيىپ كېتىدۇ، قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ دىۋارى قېلىنلاپ كېتىدۇ، كۆك قان تومۇرلارنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا پۈتۈنلەي توسۇلۇش بولىدۇ.

سەۋەبى بەزى ۋاقىتتا بۇ كېسەللىك بۆرەك نەيچىسى ئىششىغاندىن كېيىن، بەزىدە تومۇرلارنىڭ سوزۇلما ئىمتىلاسى ياكى قىزىل قان تومۇرلار قاتقاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبى ھاراقنى كۆپ ئىچىش، سىفىلىس ماددىسى، نۇقرەس ماددىسى، جىسمانىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكى، غىزاسىغا گۆش ھەم ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچلەرنى كۆپ ئىشلىتىش، قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش ۋە باشقىلار. بۇ كېسەللىك ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، بۇنىڭ ئالامىتى بەزى ۋاقىتلاردا ئۇزاق مۇددەتكىچە ئاشكارىلانمايدۇ، بۇ كېسەللىكتە ئازدۇر - كۆپتۇر تۆۋەندىكى ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ: سېرىق رەڭلىك سۈيدۈك ئارقا - ئارقىدىن كۆپ مىقداردا كېلىدۇ، تېرە نۇرسىز ھەم قۇرۇق بولىدۇ، چىرايىمۇ نۇرسىز بولىدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، بەزىدە بۇرنى قانايدۇ، چىرايى كۆرۈمسىزلىشىدۇ، كېسەللىك تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە ئاجىزلىق ۋە سۇسلۇق غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئىستىسقا بولمايدۇ، بولسىمۇ ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ، تومۇرى قاتتىق سوقىدۇ، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ دىۋارى قېلىنلايدۇ، يۈرەكتىمۇ چوڭيىش بولىدۇ، يۈرەكنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى ناھايىتى ئاجىز، ئىككىنچى تاۋۇشى كۈچلۈك ئاڭلىنىدۇ، باش ئاغرىش بولىدۇ، بەزىدە قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، ئۇ بىماردا ئۆپكە ئىششىقى، قورساق پەردە ئىششىقى ۋە باشقا شىللىق پەردىدە ئىششىقنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر كېسەللىك تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا دىياگنوز قويۇلسا، قۇۋۋەتلىگۈچى غىزالارنى ھەم پولاتنىڭ مۇرەككەپ نۇسخىلىرىنى ھەم باشقىلارنى بېرىش، ساقلىقنى ساقلاش قائىدە - پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىيات قىلىش، ئۈچەي ھەم تېرىلەرنىڭ خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن لەتىپ ۋە يەڭگىل غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، گۆشنى ئىمكان بار ئاز ئىستېمال قىلىش، سۇ ۋە ھاۋانى

تەگشەش لازىم.

ئەگەر سىفىلىس ھەم نۇقرەسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئەسلىي كېسەللىككە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش، تەرلەتكۈچى، ھوردىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ھەم بەل ساھەسىگە قۇرۇق ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

بۆرەك توقۇلمىسى يۇمشاش

بۇ، بۆرەكنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولمىسىمۇ، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك كانالچە ئارىلىق ئىششىقى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ، بۆرەك جەۋھىرىدە بىر قىسىم بۇزۇق ماددىلار پەيدا بولۇپ، بۇ نىشاستىسىمان بولىدۇ، دەسلەپتە سۈيدۈك يولىنىڭ ئىنچىكە قىزىل قان تومۇرلىرى بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆرەكنىڭ پۈتۈن تەركىبلىرى بۇزۇلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن بۆرەكنى تەكشۈرگەندە بۆرەك چوڭىيىپ كەتكەن ھەم سېرىققا مايىل كۆرۈنىدۇ، سىرتقى يۈزى تەكشى بولىدۇ، بۆرەك ئورىغۇچى پەردىسى ئاسان ئاجرايدۇ، بۆرەكنىڭ تېنى قىزىل رەڭلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۆرەكتە كېڭەيگەن ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك ئومۇمەن ئەزالاردىكى سوزۇلما جاراھەتلەردىن كېيىن، جۈملىدىن سىل يارىسى ھەم سۆڭەك سىلى جاراھىتىدىن كېيىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇزاق مەزگىل سىفىلىس بولغاندىن كېيىن مەيلى بۇنىڭدا يارا پەيدا بولسۇن ـ بولمىسۇن، بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بۇ كېسەللىك مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ئوفۇنەتلىك قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سۇس، مىقدارى كۆپ بولىدۇ، بۆرەك ئىششىقىنىڭ باشقا تۈرلىرىدەك تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ تەركىبىدە سۈيدۈك ماددىسىنىڭ مىقدارى ئاز بولمايدۇ، ئۇنىڭدا تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق بولىدۇ، تېنى ئاجىز ھەم ئورۇق بولىدۇ، بەدىنىنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، ئاغرىتماي ئىچ سۈرىدۇ، ئىششىيدۇ، لېكىن ئىستىسقا باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بولمايدۇ، بەزى ھالەتلەردە پەيدا بولۇپمۇ قالىدۇ، يۈرەك چوڭىيىش، كۆزنىڭ تورسىمان پەردىلىرى ئىششىش ھەم سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش بولىدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى كۆپەيسە، جىگەر ۋە تال چوڭىيىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولىدۇ، تومۇر تارتىشىپ، تومۇر سوقۇشى ئاستىلايدۇ، بەدىنىنىڭ بىرەر بۆلىكىدە يارا، جاراھەت ياكى سىفىلىسنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

داۋالاش گەرچە بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىش ئۈمىدى ئاز بولسىمۇ، لېكىن باشلىنىشىدا ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ھەم پولات چۈشكەن كۈچلەندۈرگۈچلەرنى بېرىش، ھاۋا ۋە سۇنى تەڭشەش، ئەگەر سىفلىس ياكى سۆڭەك سىلى جاراھىتى سەۋەبىدىن بولسا، ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، بۇ كېسەللىك ئانچە تەرەققىي قىلمىسا ساقىيىشنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ.

بۆرەك جاراھىتى

بۆرەك جاراھىتى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، بۇ، بۆرەكنىڭ مۇسكۇل، تېرە، شىللىق پەردىلىرى ۋە باشقىلىرىدا پەيدا بولىدۇ ھەم يىرىڭلايدۇ. ئىششىقتىن بولغان يارا ئومۇمەن بىر بۆرەكتە پەيدا بولىدۇ، ئۇنداق ھالەتتە بۆرەكتە دەسلەپتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىششىق ماددىسى يىرىڭغا ئۆزگىرىدۇ.

سەۋەبى بۆرەكتىكى جاراھەت پۈتۈنلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ ھەمدە يىرىڭلايدۇ ياكى بۆرەك قان تومۇرلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى ئىش سىرتقى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ ياكى يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئېلىشتىن بولىدۇ ياكى بىرەر ئۆتكۈر خىلىت (تۇزلۇق ياكى سەپرا) بۆرەك جەۋھىرىنى زەخىملەندۈرىدۇ ياكى يەيدۇ ياكى بىرەر تاش بۆرەكنىڭ كانالچىلىرىغا كەپلىشىپ، غىدىقلاش پەيدا قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ ياكى بەزى بەھرۇزە يېغى زەرارىھقا ئوخشاش دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بۆرەككە غىدىقلاش ۋە كۆيۈشۈش يېتىدۇ ياكى دوۋساق ئىششىقىنىڭ بۆرەك كانالچىلىرىغا يېتىشىدىن ياكى باشقا كانالچە ئەزالارنىڭ ئىششىقىنىڭ يۆتكىلىشىدىن بولىدۇ ياكى بىرەر ئورۇندىكى يىرىڭنىڭ قانغا قوشۇلۇشى ياكى ھاراقنى كۆپ ئىچىش قاتارلىقلاردىنمۇ بەدەنگە سوغۇقلۇق يېتىپ، تېرىلەرنىڭ پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى كېسەللەنگەن بۆرەك ساھەسىدە توققۇزكۆزگە يېقىن ئورۇندا ئاغرىش بولىدۇ، بۇ ئاغرىق كېڭىيىپ دوۋساق، ئۇرۇقدان ۋە يوتىغىچە يېتىپ بارىدۇ، سۈيدۈكتىن يىرىڭ، قان ھەم جاراھەتنىڭ قاقاچلىرى چىقىدۇ. بەزىدە بۆرەك ئاغرىقى باسقاندا ياكى ماڭغاندا كۈچىيىدۇ ھەم سۈيدۈك بىلەن مۇسكۇل پارچىلىرىمۇ چىقىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ئۇرۇقدان ئۈستى تەرەپكە تارتىشىدۇ ھەم ئاغرىغان تەرەپتىكى يوتا سېزىمسىزلىنىدۇ.

قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئۇسساش شىكايىتىدىن باشقا تىتىرەش بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ، تومۇر تېز، قاتتىق ھەم توشقان بولىدۇ، قەۋزىيەت، قورساق كۆپۈش بولىدۇ. بەزىدە سۈيدۈك تۇتۇلۇشىنىڭمۇ شىكايىتى بولىدۇ، سۈيدۈك تۇتۇلۇشتىن بەزىدە سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېلىپ چىقىدۇ، لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۈيدۈك ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قان ۋە يىرىڭ ئارىلاشقان بولىدۇ، بىمار ناھايىتى ئاجىز ۋە ناتىۋان بولىدۇ، ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق كېڭەيسە، بۆرەك ساھەسىدە كۆپۈشۈش بولىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىق سۈيدۈك نەيچىسى تەرەپكە ئېغىز ئالغاندا سۈيدۈكتىن قان ۋە يىرىڭ چىقىدۇ، ئەگەر قورساق دىۋارى چاپلاشقان ئورۇنغا ئېغىز ئالسا، يىرىڭ سىرتقا چىقىپ ناسۇر پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئۈزلۈكسىز بۆرەك بىلەن بىرلىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئورىغۇچى پەردە تەرەپكە ئېغىز ئالسا، ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى كېلىپ چىقىدۇ، ئەگەر ئۈچەي تەرەپكە ئېغىز ئالسا، يىرىڭ چوڭ تەرەت بىلەن قوشۇلۇپ چىقىدۇ.

ئاز ساندا يىرىڭ ماددىسى قاتتىقلىشىپ ماي ماددىسىغا ئۆزگىرىدۇ ھەمدە بىمار شىپا تاپىدۇ، بەزىدە بۇنىڭ سوزۇلما يىرىڭلىق ئىششىقىدىن جۈدەتكۈچى تەپ پەيدا بولىدۇ.

بۆرەك ۋە دوۋساق جاراھىتى بۆرەك ھەم دوۋساقنىڭ ھەر ئىككىسىدە يارا پەيدا بولسا، سۈيدۈكتىن قان، يىرىڭ ھەم ئاجرىغان شىللىق پەردىلەر چىقىدۇ.

پەرقى شۇكى، بۆرەكنىڭ زەخمىسىدە سۈيدۈك ئىختىيارسىز كېلىدۇ ھەم ئاجرىغان شىللىق پەردىلەر قىزىل بولىدۇ، دوۋساقتىكى ياردا سۈيدۈك تەسلىك بىلەن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئاجرالمىلار ئاق بولىدۇ، بۆرەك جاراھىتىدە ئاغرىق نىسبەتەن يېنىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىسى ئاغرىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىق ئېتىبارى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ، مەسىلەن: بۆرەك ئاغرىقىدا بەل ساھەسى، دوۋساق ئاغرىقىدا دوۋسۇن ساھەسى ئاغرىيدۇ.

ئاقىۋىتى ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، چۈنكى بۆرەك زەخمىسى تەستە پۈتىدۇ ۋە تەستە ياخشىلىنىدۇ.

داۋالاش زەخمىنىڭ بەك كېڭىيىپ كەتمەسلىكى، كۆيۈشۈشنىڭ كۈچىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خىلىتلارنى تەڭشەش، يەنى خىلىتلارنىڭ سەپراۋىلىقى، شورلۇقلۇقى، ئۆتكۈرلۈكىنى يوقىتىش لازىم. ئەگەر خىلىتلار غالىب بولسا، قان ئېلىش ۋە قۇستۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش، ئاندىن زەخمىنى داۋالاش تەرەپكە يۈزلىنىش ھەم پۈتتۈرۈشكە تىرىشىش، بۇ مەقسەت ئۈچۈن زەخمىلەرنى پۈتتۈرگۈچى قۇرسلارنى ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم، مەسىلەن: قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى شەب، قۇرسى خەشخاش قاتارلىقلار. دورىلاردىن خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمىنى، كۇندۇر، كۆيدۈرۈلگەن قەغەز

قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بەزى چاپلاشقاق دورىلارغا نىشاستە، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى قاتارلىقلار قوشۇپ بېرىلىدۇ ھەم بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارمۇ بولسۇن.

قۇستۇرۇش ۋە بۆرەك جاراھىتى: قۇستۇرۇش بۆرەك جاراھىتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى داۋالاشتۇر. چۈنكى بۇ بۆرەكنى تازىلايدۇ ۋە ماددىلارنى چىقىرىدۇ ھەم ماددىلارنى بۆرەكتىن باشقا تەرەپكە تارتىدۇ، بۇنى جالىنۇس ئۆزىنىڭ «ھىلەتۇل بەررى» دېگەن كىتابىدا مۇشۇنداق يازغان (نەفىيس).

قۇستۇرغان ۋاقىتتا بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى قۇستۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ياكى بېرەلمەمدۇ؟ بۇنىڭغا قاراش زۆرۈردۇر.

پايدىلىق سۆز: بۆرەك يىرىڭلىق ئىششىقدا ئىششىقدا ماس كېلىدىغان قايىنتىلما بىلەن بۆرەك ساھەسىگە نۇتۇل قىلىش، قورۇق ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق ئابزەندە بەلگىچە ئولتۇرغۇزۇش، زىماتنى قېلىن قىلىپ تەكرار چېپىش. تېرە ۋە ئۈچەيلەرنىڭ خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تەرلەتكۈچى ۋە سۈرگۈچىلەرنى ئىشلىتىش، بىمارنى قاتتىق ئارام ئالدۇرۇش زۆرۈردۇر. لەتىف، سۇيۇق ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، بۇ مۇچ ۋە تەم تەڭشىگۈچىلەردىن خالىي بولسۇن، مەسىلەن: ئارپا سۈيى، ئانار سۈيى، تاۋۇز سۈيى، ساگۇدانە، قېتىق سۈزمىسى قاتارلىقلار. قۇسۇش ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتكەندە ئاشقازان ساھەسىگە زىماتى خەردەل چېپىش، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەپيۇننىڭ مۇرەككىباتلىرىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم، مەسىلەن: بەرشىشا ۋە باشقىلار.

زەئىپلىك غالىب كەلگەندە قوزغىغۇچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ۋە غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر يىرىڭنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن دوۋساقتا كۆيۈشۈش پەيدا بولسا، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە تەدبىر قوللىنىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار

سۈيدۈك يولىدىن يىرىڭ كەلسە، بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزۈش، يەنى قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى گۈلنار ياكى قۇرسى كاكنەچنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئاندىن بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ۋە ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ، لوئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل بىلەن قوشۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈش، كەچتە تۆۋەندىكى سۇفۇپ نۇسخىسىنى ئۆچكە سۈتى بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

سۇفۇپ نۇسخىسى: ئۇغرىتىكەن، سەنگى جاراھەت، ئادراسمان ئۇرۇقى، كامازرىيۇس، تۇخۇمى خىرپە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، ناۋات قوشۇپ ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۆرەك قوتۇرى

بۆرەكتە كىچىك - كىچىك مۇدۇرلار پەيدا بولۇپ ئېغىز ئالىدۇ، بەزىدە سەپراۋى ياكى شورلۇق خىلتلاردىن بۆرەكتە مۇدۇرلار پەيدا بولۇپ يىرىڭلايدۇ.

ئالامىتى بۆرەك جاراھىتىنىڭمۇ ئالامىتى تېپىلىدۇ، يەنى ئاغرىق، پۇت - قوللارنىڭ سوغۇق بولۇشى، قان ۋە يىرىڭنىڭ سۈيدۈككە قوشۇلۇپ كېلىشى قاتارلىقلار. ئۇششاق - ئۇششاق شىللىق پەردىلەر ئاز مىقداردىكى يىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ، بۆرەك ساھەسىدە كۆيۈشۈش ھەم غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ، ئاززاق سانجىقمۇ بولىدۇ ھەم بەزىدە ئاغرىق ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

داۋالاش بەدەننى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، شاھتەررە، ئەينۇلا، سەرپىستان، تەرەنجىبىن قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ مۇسھىل بېرىش، ئادەتتىكىدەك ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىش، ئاندىن مىزاجدا سوغۇقلۇق ھەم ھۆللۈك پەيدا قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ شەربەتلەردىن شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نىلۇپەر، شەربىتى خەشخاش قاتارلىقلارنى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى كۆكتاتلاردىن ئاق لەيلىنىڭ كۆكى، يۇمغاقسۈت كۆكى، پالەكنىڭ كۆكى، قىزىل بۇغداشنىڭ كۆكىنى يېگۈزۈش لازىم.

بانادوق بۇزۇرىنى گىل ئەرمىنى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

بانادوق بۇزۇرىنىڭ نۇسخىسى: تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىدىن 35 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن 17 گىرام، كاۋا ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بادام مېغىزى، نىشاستە، كەتىرا، رۇببىسۇس، ئاق خەشخاش، بەزرۇلبەنجىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن قوشۇپ چوڭ - چوڭ ھەب ياسىلىدۇ، بۆرەك قوتۇرىنى داۋالاش قانۇنى بۆرەك جاراھىتىنى داۋالاش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

نۇسخا تەرتىپى: بانادوق بۇزۇرىنى يۇمشاق سوقۇلغان گىل ئەرمىنى بىلەن قوشۇپ دەسلەپتە ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، قوغۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ لۇئاب ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل بىلەن قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

زىيابىتۇس (دىيابىت)

بۇ كېسەللىك «سىلسىلى بەۋل»، «ئىستىسقائى ئەنمىس»، «دولاب»، «مۇئەتتىشە»، «دەۋۋارە»، «بەركارىيە»، «زەلەقول كۇلىيە» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

زىيابېتۇس شۇنداق كېسەلكى، بۇنىڭدا ئىچكەن سۇ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن سۈيدۈك شەكلىدە چىقىپ كېتىدۇ، خۇددى ئۈچەي، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىدە غىزا چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۈچەي ۋە ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش غىزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. زىيابېتۇس كېسىلى ئىچكەن سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

تۈرلىرى زىيابېتۇس ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

① ئىسسىقتىن بولغان زىيابېتۇس (شېكەرلىك)؛ ② سوغۇقتىن بولغان زىيابېتۇس (ماددىسىز).

ئىسسىقتىن بولغان زىيابېتۇس (زىيابېتۇس سۇككەرى)

ھېكىم ئەزەمخان يازغانكى، بىمارنىڭ سۈيدۈكىدە شېكەر بولىدۇ، ئۇنى تاتلىق سۈيدۈك (شېكىرى پىشاپ) ياكى ھىندىچە ھەسەلى سۈيدۈك دېيىلىدۇ، چۈنكى سۈيدۈككە چۈمۈلىلەر ئولىشىۋالىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان شېكەرلىك (يەنى ھەقىقىي) زىيابېتۇستا ئۇسسۇزلۇق ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، سۈيدۈك ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ ھەم بىمار ناھايىتى تېز ئورۇقلاپ كېتىدۇ، سۈيدۈكنى تەكشۈرگەندە سۈيدۈك تاتلىق بولىدۇ، كۆپىنچە بىمارلار زىيابېتۇسنىڭ بۇ تۈرىگە مۇپتىلا بولغاچقا شېكەر سىيىش كېسىلىنى سۆزلىگەندە، مۇتلەق مۇشۇ تۈرى مەقسەت قىلىنىدۇ. زىيابېتۇس ساددە بۇنىڭدا ئۇسسۇزلۇق زىيادە بولىدۇ، سۈيدۈكمۇ كۆپ بولىدۇ، لېكىن سۈيدۈكى تەكشۈرۈلسە شېكەر تېپىلمايدۇ.

شېكەرلىك زىيابېتۇس ئورۇقلىنىشنىڭ قالايمىقانلىشىشى ياكى جىگەر ۋە تومۇرلاردىكى ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك ھالىتىدۇر، بۇنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئاسان ئەمەس، يەنى زىيابېتۇس مۇرەككەپ كېسەللىكلەر قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى تا ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن تېۋىپلار بۇ كېسەللىك توغرىسىدا بىر خىل كۆزقاراشقا كېلەلمىگەن.

ماھىيىتى بۇنىڭ داۋاملىشىشىدا بىر ئومۇملاشقان جەريان بولىدۇكى، بىز كۈندە كۆكتاتلىق غىزالارنى، جۈملىدىن تاتلىق ھەم نىشاستە تەركىبلىك غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىمىز، بۇمۇ ماي، سېرىقماي قاتارلىقلارغا ئوخشاش بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ ھەم بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆيۈپ ھارارەت پەيدا قىلىدۇ، يەنى ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا بۇ غىزالار

يېقىلغۇ بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇقرات غىزانى يېقىلغۇ چۈشەنچىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

بۇنىڭ ھالىتى شۇكى، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق نىشاستە ۋە شېكەر تەركىبلىرىدىن بىر خىل ئالاھىدە شېكەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇ ئۈزۈمنىڭ شېكىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ تەركىبلەر ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ سۈمۈرۈشىدىن ماسارىقا تومۇر يولى ۋە جىگەر دەرۋازىسى ئارقىلىق جىگەرگە يېتىپ بارىدۇ ھەم جىگەردە ھەزىم بولىدۇ، جىگەرنىڭ ھەزىم قىلىشىدىن غىزا تەركىبى نىشاستىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ نىشائى ھايۋانىي دېيىلىدۇ. نىشاستە دەسمايە شەكلىدە جىگەردە جەمئىي بولىدۇ ھەمدە ئۈزۈم شېكىرى (گىلىكوزا) گە ئۆزگىرىپ، تەدرىجىي بىر خىل ئۆلچەم بىلەن قوشۇلىدۇ، بۇ شېكەر مۇسكۇل ۋە بەدەننىڭ باشقا توقۇلمىلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ، روھىي ھايۋانىي بىلەن قوشۇلۇپ ، ھارارەت ۋە قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ، شېكەرنىڭ مۇشۇنداق كۆيۈشى ھەم خورىشىدىن بۇخاراتى دۇخانىيە (كاربون Ⅳ ئوكسىد) پەيدا بولىدۇ، بۇ ئۆپكە ۋە باشقىلار ئارقىلىق ھەر ۋاقىت تازىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇنى ئەللامە بۇرھانۇددىن نەفىيس ئېنىق قىلىپ ئېيتقانكى، «قاندا ئۈزۈمنىڭ شىرنىسىگە ئوخشاش بىر نەرسە تېپىلىدۇ، بۇ بەزى ۋاقىتتا شارابقا ئۆزگىرىدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى تېۋىپلار شېكەرنى ئىسسىق ۋە قىزىتقۇچى دېگەن مەنىدە يازغانكى، ئۇنىڭدىن بەدەندە ھارارەت ئاشىدۇ، ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن شېكەرنىڭ بۇ تەركىبلىرىدە بىرەر تەبىئىي ئۆزگىرىش بولمىسا، ئۇ مۇسكۇل ۋە باشقىلارغا سەرپ بولمىسا، ئوچۇقكى، ئۇنىڭ مىقدارى قاندا ناھايىتى ئۆرلەيدۇ ۋە قاننىڭ تەركىبلىرىنىڭ تەبىئىي نىسبىتى ئۆزگىرىدۇ، بۆرەك بۇ ئارتۇق شېكەرنى (بۇ قان ئۈچۈن بىر نورمالسىز ماددا شەكلىدە بولىدۇ) سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شېكەرنىڭ مۇشۇنداق سەرپ بولۇشى بەدەننىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ پائالىيىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ كۆزقارىشى ئوخشىمايدۇ، يەنى بىرى يەنە بىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ. بۇ سەۋەب بىلەن زىيابىتۇسنىڭ ماھىيىتىدە بىر قانچە ۋە ئوخشاشمىغان نەزەرىيىلەر يېزىلغان، چۈنكى بۇ پائالىيەتكە ھەزىم ئەزالىرىدىن باشقا جىگەر، مۇسكۇللار، قاننىڭ تەركىبلىرى ۋە بەزلەرنىڭ پائالىيەتلىرى شېرىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشمىغان تەھقىقلىگۈچىلەر ئوخشاشمىغان ئەزالار ۋە ماددىلارنى كېسەللىك سەۋەبچىسى دەپ بېكىتتى، مەسىلەن:

(1) بىر تۈركۈم كىشىلەر، زىيابىتۇستا نىشاستە جىگەرگە بېرىپ نىشائى ھايۋانىيغا ئۆزگىرىشنىڭ ئورنىغا دەرھال شېكەرگە ئايلانغاچقا، قاننىڭ تەركىبىدىكى شېكەرنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇ بۆرەك تەرىپىدىن كېرەكسىز ماددا سۈيۈكتە بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(2) بەزى كىشىلەر بۇنىمۇ ئويلايدۇكى، ئاشقازان ئاستى بېزىدىن بىر ئىچكى ھۆللۈك (رۇتۇبەتى باتىنە) پەيدا بولۇپ، قانغا قوشۇلىدۇ ۋە مۇسكۇللارغا يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىكى شېكەرنى تارقىتىپ پارچىلاشقا (شېكەرنى كۆيدۈرىدۇ ۋە سەرپ قىلىدۇ) ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن زىيابىتۇس كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ ھەمدە قاندا شېكەرنىڭ مىقدارى بۇ سەۋەبتىن زىيادە بولىدۇكى، مۇسكۇللاردا بۇ شېكەر سەرپ بولمايدۇ.

(3) بەزى كىشىلەر ئېيتىدۇكى، نېرۋا سىستېمىسىدا نورمالسىزلىق بولۇش بىلەن جىگەردە شۇ قەدەر شېكەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇكى، ئۇ ئېھتىياجدىن زىيادە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەزىمى ۋە ئۆزگىرىشى مۇكەممەل بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شېكەر ئارتۇق نەرسىدەك سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىشكە باشلايدۇ.

(4) بەزىلەر ئېيتىدۇكى، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ تۆت بوشلۇقىنىڭ پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر، چۈنكى بۇنىڭغا بىرەر سەۋەب بىلەن غىدىقلىنىش يەتكەن بولسا، كىچىك تەرەتتە شېكەر كېلىشكە باشلايدۇ.

(5) بەزى كىشىلەر مۇنداق قارايدۇكى، قىزىل قان دانچىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بىر خىل ئېچىغان ماددا ھاسىل بولىدۇ، بۇ تەبىئىي نىشائى كەبەدىنى شېكەرگە ئۆزگەرتىدۇ، ناۋادا بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇ ئېشىپ كەتسە، شېكەرنىڭ مىقدارى ئېشىپ يۇقىرى چەككە يېتىپ زىيابىتۇسنى پەيدا قىلىدۇ.

(6) بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، زىيابىتۇس بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. ئۇ خاس قىسىمدىكى جاراسىمدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ جاراسىم بىر قىسىم شېكەرلىك خېمىر ياسايدۇ ۋە بۇ، قاندا تېپىلىدۇ.

(7) بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ كېسەللىك شۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇكى، مۇسكۇللارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنىڭ ھۆللۈكى (ئۇسارە ئۇزلىيە) كەم بولىدۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى بۇكى، ئەگەر خام گۆشنىڭ سۈيى ئىچكۈزۈلسە، بۇ كېسەللىك يېنىكلەيدۇ.

(8) ئون ئىككى بارماق ئۈچەينىڭ ھۆللۈكى ئاز مىقداردا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ كېسەللىككە ئون ئىككى بارماق ئۈچەي شىللىق پەردىسىنىڭ ھۆللۈكى پايدىلىق ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

(9) بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا زىيابىتۇس بۆرەك ۋە جىگەر خىزمىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ، يەنى بۆرەكلەردە ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كانالچىسى كېڭىيىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قۇۋۋىتى جازىبەسى ئاشىدۇ، بۇ ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا بۆرەك، جىگەر ۋە قىل قان تومۇر بىلەن سۈيدۈك تەركىبى ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىقدارىدىن

زىيادە سۈمۈرۈلىدۇ، بۇ، بۆرەككە يۈك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچەيلەر ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە غىزانىڭ يۈكىنى يوقىتىش ئۈچۈن چىقارغاندەك بۆرەك ئۆزىدىكى سۇيۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا بۆرەك قىل قان تومۇرلىرىدىن سۇنى سۈمۈرىدۇ ۋە ئۇنى چىقىرىدۇ، شۇڭلاشقا داۋاملىق ئۇسساپ تۇرىدۇ، سۇنى سۈمۈرۈش ۋە چىقىرىپ تاشلاش نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ سەۋەب بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى دولاب (سۇ تارتىدىغان چاقپەلەكتۇر) دەپ ئاتالغان.

يۇنان تىلىدىكى «زىيابىتۇس» نىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىمۇ مۇشۇ دولابتۇر. مەسىلەن: باشىندىگان «ئىسكەندىرىيە» رايونىنىڭ سۈيى كۆللەردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۆللەرگە دولاب ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن سۇ چىقىپ ئاندىن ئۇنىڭغا قايتىدۇ، تاكى بۇ سۇ ئايلىنىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ، سۇ لەتىف بولىدۇ ۋە بۇزۇلۇشتىن يىراق بولىدۇ (نەفىيس).

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى دەۋۋارە (چۆرگىلىگۈچى) ۋە بەركارىيە دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇ كېسەللىكتە سۇ بەركارىغا ئوخشاش بۇ يەردىن كېلىپ ئۇ يەردىن چىقىدۇ (يەنى سىرتتىن كېلىدۇ ۋە سىرتقىلا چىقىدۇ) (نەفىيس).

سەۋەبى:

(1) يېشى: بۇ كېسەللىك بالىلىق دەۋرىدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ، بۇ كېسەللىك ئومۇمەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ.

(2) جىنسى: ئادەتتە ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەردە كۆپ بولىدۇ.

(3) قاتلام: باي كىشىلەر بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇ كىشىلەر ئەقلىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىدۇ، ئوبدان ۋە مەززىلىك تاماقلارنى كۆپ يەيدۇ ھەمدە ئۇلار جىسمانىي ئەمگەكنى ناھايىتى ئاز قىلىدۇ، مەسىلەن: ۋاكالەتچىلەر، ئۆلىمالار، ھۆكۈمالار ۋە باشقىلار.

(4) ھامىلىدارلىق: ھامىلىدارلىق مەزگىللىرىدە بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

(5) ئىلگىرىكى كېسەللىكلەر: بەزى كېسەللىكلەر زىيابىتۇسنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: نۇقرەس، سىفلىس، ئوفۇنەتلىك قىزىتما ۋە باشقىلار.

(6) زەربە تېگىش ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى: مېڭە - يۇلۇننىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ۋە ئۇلاردىكى كېسەللىكلەر، نېرۋا ئاجىزلىقى زىيابىتۇسنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرىدۇر. ئەقلىي ئەمگەك ۋە پاسسىپ روھىي كەيپىياتلار، مەسىلەن: قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇمۇ قوزغاتقۇچى سەۋەبلەردۇر.

(7) غىزا: تاتلىق ۋە نىشاستىلىق غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، جىسمانىي ئەمگەك قىلماسلىق ھەمدە ئەقلىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىش قاتارلىق.

(8) يۇقۇمچانلىق: بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، زىيابىتۇس بىر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، بۇ ئېرىدىن ئايالىغا، ئايالىدىن ئېرىگە يۇقىدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش: بۇ كېسەللىكنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئەزالار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ئۆلگەندىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتىن بىلىنىدۇ.

جىگەردە ئومۇمەن يىگىلەش بولىدۇ، غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە، يەنى جىگەرنىڭ توقۇلمىسىدا تالالار شەكىللىنىدۇ، لېكىن بۇ دائىم بولمايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا جىگەردە چوڭىيىش بايقىلىدۇ.

بۆرەكلەردىمۇ ئومۇمەن يىگىلەش بايقىلىدۇ.

ئاشقازان ئاستى بېزىدە بەزى ۋاقىتلاردا يىگىلەش بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ توقۇلمىسىدا بۇزۇلۇش بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ جەۋھىرى مايغا ئۆزگىرىدۇ.

نېرۋا سىستېمىسىدا بىرەر دائىملىق ئۆزگىرىش تېپىلمايدۇ، بەزى ھالەتلەردە مېڭىنىڭ تۆتىنچى بوشلۇقىنىڭ ئىچى ياكى يۇلۇنىنىڭ باشلىنىش مەركىزى ئىچى ياكى مېڭە تېگىدە سۇلۇق ئۆسمە ياكى جەۋھىرىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما ۋە قۇرۇقلۇق بولماي تۇرۇپ قاتتىق ئۇسسايدۇ، كۆيۈش بولماي سىيدۈك كۆپلەپ چىقىدۇ، رەڭگى ئاق ۋە قىيامى سۇغا ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە يوشۇرۇن باشلىنىدۇكى، بىماردا بىرقانچە ھەپتىلەرگىچە ھەتتا بىرقانچە ئايلارغىچە ئالامەت ئاشكارا بولمايدۇ، لېكىن دەسلەپتە تەبىئەت بوشاشقان بولىدۇ، كۆپ ئۇسسايدۇ ھەمدە سىيدۈكمۇ ئادەتتىكىدىن كۆپ كېلىدۇ، چۈنكى ئىشتىھا ئوبدان بولغاچقا، ئادەتتىكى ئالامەتلەرگە بىمار ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەگەر قاتتىق ئۇسساشقا ۋە كېچىك تەرەت كۆپ ھەم قايتا - قايتا كېلىشكە باشلىسا ھەمدە بىمار كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلىسا ۋە ئاجىزلىشىشقا باشلىسا، بۇ بىمار ئۆزىنىڭ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. سىيدۈكى كېچىدە كۆپ كېلىدۇ، رەڭگى سۇس شەربەتتەك بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا شېكەر (ئەسرۇل ئىنەب) مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تەمى، پۇرىقى تاتلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىۋىن ۋە چۈمۈلىلەر ناھايىتى كۆپ توپلىشىۋالىدۇ ھەمدە شېكەرنىڭ مىقدارى سەۋەبىدىن سىيدۈكنىڭ ۋەزنى ئاشىدۇ، شېكەردىن باشقا سىيدۈكتە سىيدۈك ماددىسى ۋە باشقىلارمۇ زىيادە چىقىشقا باشلايدۇ. شېكەرنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن ئەرلەرنىڭ سىيدۈك يولى ۋە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىدە كۆيۈشۈش ۋە بۆرەك ساھەسىدە كۆپىنچە ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەندە باشقا ئالامەتلەرمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە تۆۋەن

قىزىتما ئاشىدۇ، شۇنچىلىك ئۇسسايدۇ، قانچىلىك سۇ ئىچسىمۇ ئۇسسۇزلۇقى بېسىلمايدۇ، قورساق زىيادە ئاچىدۇ ۋە بەزىدە ئىت ئىشتىھا كېسىلى پەيدا بولىدۇ، يەنى تاماق يەپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قورساق ئاچىدۇ، قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئېغىزى قۇرۇيدۇ ھەمدە ئېغىز ئىچى چاپلاشقاق بولىدۇ، چۈنكى قان سۇيۇقلۇقى كۆپ مىقداردا بەدەندىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن تېرە قۇرغاق ۋە يىرىك بولىدۇ ھەمدە تېرىدىن كېپەك تۆكۈلىدۇ، تېرىگە سەپكۈن چۈشىدۇ، بەزىدە داغ پەيدا بولىدۇ، بەزىدە مۇدۇر - چاقىلار چىقىشقا باشلايدۇ، چىرايى نۇرسىز ۋە يېقىمسىز بولىدۇ، بىمارنىڭ مۇسكۇللىرى تەدرىجىي ئورۇقلاپ كۈچسىزلىنىدۇ، باھ قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ، ئاياللاردا ھەيز كېسىلىدۇ. بەدەن ھارارىتى ساغلام ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق بولىدۇ، لېكىن ئالىقان ۋە تاپان ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ ھەمدە بىمار ئالىقان ۋە تاپىنىدا كۆيۈشۈشنىڭ بارلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ، يۈرەك ۋە تومۇرنىڭ ھەرىكىتىدە ھېچقانداق پەرق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ناۋادا بىمار بۇ كېسەللىكنىڭ مەخسۇس بىھوشلۇقى (سۇبات زىيابىتۇسقا) غا مۇپتىلا بولسا، تومۇرى ناھايىتى ئاجىز سوقىدۇ، بەدەن شۇ قەدەر ئورۇقلايدۇكى، بىمار بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالىدۇ (بەزىدە بىمار سەمرىپمۇ قالىدۇ)، بىمارنىڭ بەدىنىدىن تاتلىق پۇراق كېلىدۇ، ھەر ۋاقىت باش ئاغرىقى ۋە باش قېيىش بولىدۇ، سەۋەبسىز ھەر ۋاقىت ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ، چىش مىلىكلىرى ئىششىپ كۆپۈشىدۇ، باسقاندا ئاغرىيدۇ، چىشى چىرىيدۇ، تىل كۆپىنچە قىزىل، سۈزۈك، قۇرۇق بولىدۇ، يېرىلىدۇ ۋە بەزىدە ھۆللۈك مەلۇم بولىدۇ، بىمارنىڭ مىزاجى تۇراقلىق بولمايدۇ، تەبىئەتتە قورقۇنچ غالىب كەلگەن بولىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا بەزى ئالامەتلەردە قاتتىق ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىش پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە سۈيدۈكنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ، بۇنىڭدا شېكەرنىڭ مىقدارىمۇ كېمىيىدۇ ۋە ئۇنىڭدا تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق چىقىشقا باشلايدۇ، غىزادىن سەسكىنىدۇ ۋە قۇسۇش كۆپىيىشكە باشلايدۇ، بەزى بىمارلاردا كۆزگە سۇ چۈشۈش بىلەن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ ياكى يوقىلىدۇ، ئاخىرىدا قاتتىق زەئىپلىشىش ياكى قاننىڭ زەھەرلىنىشى سەۋەبىدىن بىھوش بولۇپ ياكى تەشەننۇجقا گىرىپتار بولۇپ ياكى بەزىدە سىل كېسەللىكىگە ياكى ئۆپكە ئىششىقى ياكى ئىسھالغا مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئالامىتى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئوتتۇرا ياشلاردا يەنى 40 ياشتىن كېيىن ئادەتتە سوزۇلما بولىدۇ، زىيابىتۇس كېسەللىكى (سۇباتى زىيابىتۇس قۇمائى زىيابىتۇستىن پەيدا بولىدۇ) كۆپىنچە ياش بىمارلاردا ئۆتكۈر كېسەللىككە گىرىپتار بولغاندا پەيدا بولىدۇ، جۈملىدىن بىمارنى قەۋزىيەت قىلىپ قويۇشتىن ۋە يېمەك - ئىچمەكتىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ھوشسىزلىق دەسلەپتە

ئىنتايىن ئاستىلىق بىلەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە سىيدۈكنىڭ مىقدارى ۋە شېكەرنىڭ چىقىشى كەم بولىدۇ، تومۇرى تېز ۋە ئاجىز سوقۇشقا باشلايدۇ، بەدىنى سوغۇق بولىدۇ، قورساق قاتتىق ئاغرىيدۇ، تەبىئەتتە قورقۇنچ زىيادە بولىدۇ، باش ئاغرىقىنىڭ شىكايىتىمۇ بولىدۇ، نەپەس قىستاشقا باشلايدۇ، نەتىجىدە بىمار ھوشسىزلىنىدۇ ۋە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دىياگنوز ئالامىتى سىيدۈكنىڭ كۆپ ھەمدە ئۇنىڭدا شېكەرنىڭ كېلىشى، ئۇسساشنىڭ ئۆتكۈر، ئىشتىھانىڭ زىيادە بولۇشى ۋە بەدەنىنىڭ ئورۇقلىشى بۇ كېسەللىكنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرىدۇر.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ئومۇمەن ياخشى بولمايدۇ، ناۋادا بىمارنىڭ يېشى 40 ياشتىن تۆۋەن بولسا. بۇنىڭغا قارىغاندا چوڭ ياشتىكى بىمارلاردا كېسەللىك ئاقىۋىتى ئانچە ناچار بولمايدۇ ۋە ئۇ بىر مەزگىلگىچە ياشايدۇ. شەرتكى، مۇناسىپ پەرھىز قىلىنسا ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا. ئەگەر سىيدۈكتىن شېكەرنىڭ كېلىشى بىراقلا توختىسا، غەشى ۋە ئۆلۈمنىڭ خەتىرى بولىدۇ. ئەگەر ئىسھالغا گىرىپتار بولسا ۋە كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلىسا ۋە مېڭە ئالامەتلىرى تېپىلسا، بۇ ھالەتتە بىمار تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ساھىب كامىل يازغانكى: «زىيابىتۇس بىر ناچار كېسەللىكتۇر، بۇنىڭ نەتىجىسى بەزىدە ئەزالار ئورۇقلاپ كېتىدۇ. ناۋادا بۇ كېسەللىك مۇستەھكەم بولسا، جىگەر ئاجىز بولىدۇ، بەدەن ئورۇقلاپ كېتىدۇ، تېرىدە قۇرۇقلۇق ۋە كېپەك تۆكۈلۈش كۆپ بولىدۇ»

داۋالاش ئارپا سۈيى ۋە ھارارەتنى ئۆچۈرۈپ سوۋۇتقۇچى شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ناخۇش ئانار شەربىتى، غوراپ (پىشمىغان ئۈزۈم) شەربىتى، ھۇماز شەربىتى، قۇرسى كافۇر، قۇرسى تاباشىر ۋە قۇرسى زىيابىتۇس يېگۈزۈلىدۇ.

بەلگە سوغۇق زىمات تېڭىلىدۇ، بۇ، سەندەل، ئانارگۈلى، ئاقاقىيا، گىل ئەرمەنى ۋە ئارپا دۈملىمىسى بىلەن كاھۇ سۈيى ھەمراھلىقىدا تەييارلانغان بولسۇن. سوغۇق ۋە خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە بىمار ئۇخلىتىلىدۇ، مەسىلەن: نىلۇپەر، بىنەپشە، قىزىلگۈل غۇنچىسى، بېھى، ئالما، تەتۈر سۆگەت قاتارلىقلار.

پىشمىغان ئۈزۈمنىڭ غىزالىرى، ئانارنىڭ غىزالىرى ۋە باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز غىزالار بېرىلىدۇ (سەمەرقەندى).

قۇرسى كافۇر: تاباشىر، قىزىل سەندەل، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، سېمىزئوت ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرمەنى، كافۇر قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ.

قۇرسى تاباشىر: تاباشىر، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، گىل ئەرمەنى ۋە

ئانارگۈلىدىن تەييارلىنىدۇ.

قۇرسى زىيابىتۇس: تاباشىر، رۇببسۇس 17 گىرامدىن، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 35 گىرامدىن، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، گۈل ئەرمىنى ھەربىرى 10 گىرامدىن، ئاق سەندەل، سۇماق، ئەرەب يېلىمىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، كافۇردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سېمىز ئوت سۈيى ۋە چۈچۈمەل ئانار سۈيىدە خېمىر قىلىپ قۇرس ياسىلىدۇ.

پايدىلىق سۆز بۇنىڭ ئىلاجىدا ھەممىدىن ئىلگىرى غىزانى ياخشىلاش، كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ۋە ئالامىتى يەڭگىل ۋاقىتلاردا غىزا بىلەن داۋالاش يېتەرلىك بولىدۇ، بارلىق ئەھۋاللاردا تاتلىق ۋە ئىشاستىلىك يېمەكلىكلەر تەدرىجىي ئازايتىلىدۇ. بىراقلا غىزانى ئۆزگەرتىش ئومۇمەن ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. مۇناسىپ ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ، ھەر كۈنى ئىسسىق سۇدا ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ. زىيادە ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىشتىن ساقلىنىش، رەنجىش، غەم - قايغۇ، ئويلىنىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ۋە باشقىلاردىن بىمارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراق تۇتۇش، بىمارغا خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە كۆرسەتمە بېرىش، بىمارنى ئىسسىق كىيىندۈرۈش، تاكى ئاسان تەرلىسۇن ۋە ئۈچەيلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تېزلىتىش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، بىمارنى سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق لازىم.

داۋائى شافى زىيابىتۇس ئۈچۈن بۇگۈنگە قەدەر شېكەرنىڭ زىيادە پەيدا بولۇشىنى ۋە شېكەرنىڭ چىقىپ كېتىشىنى توختىتىدىغان بىرەر شىپالىق بەرگۈچى دورا تېپىلمىدى. ئەپيۇن ۋە مېغىزى جامنىغا ئوخشاش دورىلار بۇ كېسەللىككە بىرقەدەر پايدا يەتكۈزىدۇ. بەزى كىشىلەر پەقەت ئەپيۇننى بىر يېرىم رۇتى (بىر رۇتى 0.12 گىرام) دىن ئىككى يېرىم رۇتىغىچە يالغۇز يېگۈزىدۇ، بۇنىڭدىن شۇنچىلىك پايدا بولىدۇكى، سۈيدۈكنىڭ مىقدارى ئازلايدۇ، بىمارنىڭ تىت - تىت بولۇشى ۋە بىئاراملىقى يوقىلىدۇ، بەزى كىشىلەرگە پەقەت مېغىزى جامىن 3 ~ 7 گىرامغىچە يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئەپيۇننىڭ مەنپەئەتىدەك مەنپەئەت كۆرۈلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولسا، چىگىت مېغىزىنى چالا سوقۇپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئاشقازان ۋە جىگەر بۇزۇلغان بولسا، غىزادىن كېيىن ھەببى پىپتە (ئابدىملىك كۇملىچى) ئىككى دانە ياكى ھەببى كەبەد نۇشادىردىن ئىككى دانە يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە بۇ ھەب تەييارلىنىپ سۇ بىلەن بېرىلىدۇ.

ھەب نۇسخىسى: مېغىزى تۇخۇمى جامىندىن 12 گىرام، ئەپيۇندىن بىر گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سۇدا ئېزىپ، 32 دانە ھەب ياسىلىدۇ ياكى ئەتىگەندە سەندەل چۈشكەن سۇفۇپى

زىيابىتۇس يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن جامىن دەرىخىنىڭ سۈيى ياكى ناخۇش ئانارنىڭ سۈيى ياكى لوكاتىنىڭ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە سۇفۇپى زىيابىتۇس يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ناخۇش ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەندەل چۈشكەن سۇفۇپى زىيابىتۇس: ئاق سەندەلدىن ئۈچ گىرام، نىشاستە، كەتىرا، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 11 گىرام، ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈلى، سۇماق، بەللۇتنىڭ ھەربىرىدىن 18 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

سۇفۇپى زىيابىتۇس: قۇرۇق ئازغان مونچىقى، گەرمار بوتىنىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، پىشمىغان شېكەردىن 24 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ياكى نىلە گۇماھتىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ ۋە ئەتىگەندە سۈزۈپ، شەربىتى ئانار تۇرۇش ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە سەندەل چۈشكەن سۇفۇپى زىيابىتۇس ياكى سۇفۇپى زىيابىتۇستىن يەتتە گىرام يېگۈزۈلىدۇ (بۇ ئۆسۈملۈك رىياسەت گۇئالىيار ۋە جانسى مەملىكەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ كېسەل ئۈچۈن ياخشى نەرسىدۇر) ياكى ئەتىگەندە بەش گىرام سۇفۇپى ھىندى ناخۇش ئانارنىڭ سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە يەتتە گىرام سەندەل چۈشكەن سۇفۇپى زىيابىتۇس يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى ھىندى مەۋسەلدىن يەتتە گىرام، بوزىدان، تازىلانغان ئامىلە، مەستىكى، ئوغرىتىكەن، ئازغان مونچىقى، سالاجىت، تاباشىر، ئوردان، گىل مۇندى ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، قۇدۇقلارنىڭ كونا خىشىنىڭ مۇدەببەر قىلىنغىنىدىن 36 گىرام، ئاق ناۋاتتىن 102 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ تاسقاپ، سۇفۇپ قىلىنىدۇ. خىشنى مۇدەببەر قىلىشنىڭ ئۇسۇلى: خىشنى توپا ۋە باشقىلاردىن پاك ـ پاكىز قىلىپ چالا سوقۇپ سۇغا سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن تەركىبلىرى ئاستىغا ئولتۇرغان بولسا، سۇنى تۆكۈۋېتىپ يەنە ئىككىنچى قېتىم سۇ قويۇلىدۇ، مۇشۇنىڭدەك بەش قېتىمدىن يەتتە قېتىمغىچە تەكرار قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئەتىگەندە بۇ ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ. 12 گىرام چىگىت مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ، قەلەي قاچىدا ئوت ئۈستىدە قويۇپ، قويۇلغان ۋاقىتتا چۈشۈرۈپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا سۇفۇپى ھىندى ناخۇش ئانار سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش بىرىنچى كۆزقاراشتا زىيابىتۇس بىمارىنى شېكەر ۋە نىشاستە تەركىبى بولمىغان غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ئەڭ ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتاتلىق يېمەكلىكلەر گۆشلۈك غىزالارغا نىسبەتەن زىيابىتۇس بىمارلىرى ئۈچۈن پايدىلىق، لېكىن كۆكتاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا خاس تەركىبلەر بىلەن ئۇنىڭ نىشاستە

قىسمىنى ئايرىۋېتىپ يېيىش لازىم، شۇڭلاشقا كېپەك نېنى يېگۈزۈش پايدىلىق، دەپ قارىلىدۇ.

هەر خىل گۆشلۈك غىزالار، قايماق، ياغ، سېرىقماي، تۇخۇم قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، پەقەت جىگەر توغرىسىدا سۆزلەنگەنكى، بۇنىڭدا شېكەر تەركىبلىرى بولغاچقا، جىگەر يېيىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ، گەرچە سۈتتە شېكەر تەركىبى ئاز بولسىمۇ، سۈت بەزى ـ بەزىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇغداي كېپىكى نېنىدىن باشقا هەر خىل ئاشلىق، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلاردا نىشاستە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. مېۋىلەردىن تاتلىق ۋە چۈچۈمەل مېۋىلەر، مەسىلەن: ئام (ماڭگو)، ئۈزۈم، كىشمىش، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، نەشپۈت، ئالۇچا، ئۆرۈك، ئەنجۈر، شاتۇت، خورما ۋە باشقىلارنى يېيىش پەرھىز قىلىنىدۇ. مېغىزلاردىن بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، قاپاق مېغىزى ۋە باشقىلارنى يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، كۆكتاتلاردىن قاپاق، توم تەرخەمەك، يېسسىۋېلەك، كەرنۇب، پالەك، سېمىزئوت، لالساگ، ئاق قىچا كۆكى، شۇمشا ۋە پىيازلارنى يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، لېكىن بەرەڭگى، سەۋزە، قىزىلچا، چامغۇر، يېسىمۇق ۋە ماش قاتارلىقلارنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ، شېكەر قوشماي چاي ۋە قەھۋە ئىچىشكە گەرچە بەزى تېۋىپلار يول قويسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىش ياخشىدۇر. بىمارنى سۇ ئىچىشتىن بىراقلا توختاتماسلىق ۋە كۆپ قېتىم سۇ ئىچكۈزمەسلىك لازىم.

ئىككىنچى كۆزقاراش بۇكى، زىيابىتۇس كېسەللىكىدە بەدەن ئېھتىياجلىق شېكەر كۆپلەپ چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شېكەر ۋە شېكەرگە ئوخشاش نەرسىلەردىن زىيادە پەرھىز قىلىش مۇناسىپ ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا زىيادە ئاجىزلىق ۋە ناتىۋانلىق ئەندىشىسى بولىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خولېرا كېسەللىكىدە ئۈچەي يولى سۇنى كۆپلەپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئىچىشنى توختاتماستىن، بەلكى زىيادە ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇمۇ بىر ھەقىقەتكى، ئەگەر زىيابىتۇس بىمارى قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلسا، ياخشى نەتىجە بولۇشنىڭ ئورنىغا بەزى يامان نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەرھىز مەسىلىسىدە ئويلىنىش لازىم.

ئىسسىقتىن بولغان زىيابىتۇس (ماددىسىز)

ماددىسىز زىيابىتۇستا گەرچە ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر، سۇس سېرىققا مايىل سۈيدۈك كۆپ مىقداردا كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن سۈيدۈك بىلەن شېكەر چىقمىغاچقا، بۇ ماددىسىز زىيابىتۇس نامى بىلەن سۆزلەندى. بۇ، مەخسۇس تۈردە كۆپ سىيىشمۇ دېيىلىدۇ.

ماددىسىز زىيابىتۇس: سەمەرقەندى يازغانكى بەزى كىشىلەر ئېيتىدىكى، بەزى زىيابىتۇس پۈتۈن بەدەن، جۈملىدىن بۆرەكلەرنىڭ سوغۇقلۇقىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇ سوغۇقلۇق بەزىدە

سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە بەزىدە قاتتىق سوغۇق تېگىشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن بۆرەكنىڭ قۇۋۋىتى ماسكەسى سۇ توختىتىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇ تۈرى تامامەن ئاز ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا: مېنىڭ كۆزىتىشىمدە بۇ تۈرى پەقەت ئۇچرىمىدى، دەپ يازغان.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك كۆپرەك بالىلاردا، بولۇپمۇ جەمەتىدە سىل كېسلى ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەردىن بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، خاپا بولۇش، كۆپ ئويلىنىشقا ئوخشاش مېڭە كېسەللىكلىرى، باشقا زەربە تېگىش، ھاراق ئىچىش، سوغۇق تېگىش، يېتەرلىك ئوزۇقلانماسلىق، سىفلىس كېسەللىكى بىلەن ئاغرىش قاتارلىقلارمۇ مەزكۇر كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

كۆزقاراش: ماددىسىز زىيابىتۇسنىڭ ھەقىقي سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭدىمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىياسلىرى ۋە قاراشلىرى بار.

(1) بەزى كىشىلەر مېڭىنىڭ ئارقا بوشلۇقىدا بىر مەركەز بولۇپ، بۇنىڭ زەخىملىنىشىدىن كۆپ سىيىشنىڭ شىكايىتى پەيدا بولىدۇ، بۇ مەركەز شېكەر سىيىش مەركىزىدىن ئازراق ئېگىز بولۇپ، بۇ مەركەزنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ماددىسىز زىيابىتۇس پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(2) كۆپىنچە بۇ كېسەللىك بۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇكى، بۆرەكنىڭ قىل قان تومۇرلىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قىل قان تومۇرلار پالەچلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۆرەكنىڭ تومۇرلىرى كېڭىيىدۇ ۋە بۆرەكتە قان قېيىش بولىدۇ، مەيلى ئۇنىڭ سەۋەبى قورساقنىڭ بىرەر ئورنىدىكى سەۋەب بولسۇن، مەسىلەن: قورساقتىكى ئۆسمە ياكى مېڭىنىڭ بىرەر مەركىزىدىكى بۇزۇلۇش بولسۇن. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك مېڭىگە قاتتىق زەربە تېگىش سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشنىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئىككىلەمچى شەكىلدە سۈيدۈك كۆپىيىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بۇ كۆپ قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

(3) بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ كېسەللىك بۆرەكنىڭ سۈيدۈك ھاسىل قىلىش پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.»

(4) بەزى كىشىلەر سۈيدۈك كۆپىيىشنىڭ سەۋەبى بۆرەك نورمال قىيامىدىكى سۈيدۈك ھاسىل قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ ۋە ئۇ كېرەكسىز ماددىلار بەدەن ئىچىدە قېپقېلىپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بىمار زىيادە سۇ ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ، تاكى ئىچكەن سۇ ئۇنى ئېرىتىپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئالامىتى ئۇسساشتىن باشقا ئىسسىقلىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ كېسەللىك ھەرقانداق ئۇسساشتىن خالىي بولمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى ئۇسسىغۇچى

(مۇئاتشە) دەپ قويۇلغان. يەنى ئۇنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئالامىتى شۇكى، سۈيدۈك قايتا - قايتا ۋە كۆپ كېلىدۇ، شېكەر بولمايدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، بىمار كېچىدە بىرقانچە قېتىم كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلىدۇ، بەزىدە بەلدىمۇ بىرئاز ئاغرىق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئاغرىق كېڭىيىپ، يوتا ۋە پاچاقلارغىچە يېتىپ بارىدۇ بىر كېچە - كۈندۈزدە سىيگەن سۈيدۈكى سەككىز كىلوگىرامغىچە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق بولىدۇ ھەممە ئۇنىڭ مەخسۇس ۋەزنى 1001 ~ 1005 كىچە بولىدۇ، بىمارنىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتى كۆپىنچە نورمال بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە قەۋزىيەت بولۇپ قالىدۇ، بەدەن تېرىسى قۇرغاق بولىدۇ، ناۋادا كېسەللىك تەرەققىي قىلسا، بەدەن ئورۇقلاشقا باشلايدۇ ھەممە ئاجىزلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا بىمارنىڭ كىچىك تەرىتى كۆپ بولمايدۇ ۋە بىمار ئورۇقلىمايدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك خانازىر بولغان بالىلارنى سۈتتىن ئايرىغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن بولسا، بالا ئورۇقلايدۇ ۋە ئاجىزلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ئومۇمەن ياخشى بولمايدۇ، بۇ بىمار سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولسا، كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەزىدە بىمار ئۇزاق مۇددەتكىچە بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەزى بىمارلار كىچىك تەرىتى كۆپ كېلىشى توختاپ ساقىيىپ كېتىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كېسەللىك كۆپرەك زىيابېتۇس سۈككەرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، پەرقى كىچىك تەرەتنى تەكشۈرگەندە، تەركىبىدە شېكەر بولمايدۇ.

داۋالاش مەسرۇدىتۇس ۋە ئىسسىق مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، تەنقىيە قىلىش مەقسىتىدە تۇرۇپ قايىنتىلمىسى ۋە سىركەنجۇبىل ئەنسىلى بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، يۇمشاتقۇچى ۋە ئادەتتىكى ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ، ئومۇرتقىلارغا كۈچلەندۈرگۈچى ياغلاردىن قۇستە يېغى، مەھلەب يېغى، سەئدە كۇفى يېغىغا قۇندۇز قەھرى ۋە ئاقىرقەرھا قوشۇپ سۈركىلىدۇ (سەمەرقەندى).

پايدىلىق سۆز ئەگەر يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بىرەر سەۋەب داۋاملاشسا، ئۇنى يوقىتىش، بىمارنى سوغۇقتىن ساقلاش، غىزاسىنى مۇناسىپ تەرتىپكە سېلىش، سۈت ياكى سۇنى كۆپ ئىچىشتىن توسۇش، قابىز ۋە نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش لازىم. تۆۋەندىكى دورىلار بۇنىڭغا پايدىلىق:

سۇفۇپ (1) سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشىنى توختىتىدۇ. سەئدە كۇفى، كۇندۇر، مەستىكى، جۇپتى بەللۇت، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، تاباشىر، يۇمغاقسۈت، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، گىل ئەرمىنى، دارچىن قاتارلىق دورىلار ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىنىپ ۋە يۇمشاق سوقۇلۇپ، ھەممىسىنىڭ باراۋىرىدە ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ، يەتتە گىرام مىقداردا ئېلىپ

سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپ (2) ئانارگۈلى، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرامدىن، كۇندۇر، جۇپتى بەللۇتنىڭ ھەربىرىدىن 36 گىرامدىن، قۇرۇلغان يۇمغاقسۇتتىن 18 گىرام، قۇرۇلغان ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرمىنىنىڭ ھەربىرىدىن 24.75 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئەتىگەن، ئاخشامدا ئۈچ گىرامدىن ساپ سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپ (3) بۇ، كۆپ سىيىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. مۇرمەككى، كۇندۇر، ئاقاقىيا، شيافى مامىيسانىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، زەمچىدىن 10.5 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن 24 گىرام، زىغىر ئۇرۇقى، راسەن (شام زەنجىۋىلى)، ھېلىلە كابۇلى پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 36 گىرامدىن، ئاق شېكەرنى ھەممە دورىنىڭ باراۋىرىدە ئېلىپ، بۇلاردىن قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ، يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، ساپ سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى دورىلاردىن باشقا كۇچۇلانىڭ مۇرەككەباتلىرى، مەسىلەن: ھەببى ئازاراقىدىن بىر دانە، مەجۇنى ئازاراقىدىن ئىككى گىرام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەجۇنى پەلاسپە يەتتە گىرام، جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرام ئېلىنىدۇ. بۇلار مەشھۇر مۇرەككەباتلار بولۇپ، بۇ كېسەللىككە پايدىلىق. زۇمرەت كۇشتىسىمۇ بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا تەجرىبىدىن ئۆتكەن بولۇپ، زۇمرەت كۇشتىسىنى جامىن رۇببىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

بۆرەكتە قۇم ۋە تاش پەيدا بولۇش

بۇ تېمىدا بۆرەكتە ۋە دوۋساقتا تاش، قۇم پەيدا بولۇش كېسەللىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا يازغان: تاش ۋە قۇم پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ تۈرى، بۆرەك ۋە دوۋساقتا بىردەك بولىدۇ.

بۆرەك تېشى بۆرەك تېشىنى شەكىللەندۈرگۈچى سەۋەب ھارارەتتۇر، ماددىي سەۋەب قويۇق، چاپلاشقاق ھۆللۈك، مەسىلەن: بەلغەم، يىرىڭ ياكى قويۇق قان قاتارلىقلاردىن بولىدۇ (سەمەرقەندى).

ھارارەت بۇ خىلتنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، بۇ خىلت ناھايىتى قويۇلۇپ ۋە قۇرۇپ، ھارارەت غالىب كېلىش بىلەن كۆيۈپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تاش پەيدا بولىدۇ.

جۈملىدىن بۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ ئارىلىقىدىكى يول (سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسى) دا بولىدۇ، بۇ يول تۇغما تار بولىدۇ ياكى بىرەر خىلتنىڭ توسالغۇسى سەۋەبىدىن ياكى ئىششىقنىڭ سەۋەبىدىن تارىيىپ قالىدۇ، مەيلى بۇ ئىششىق ئۇ كانالچىدا بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى

ئەزالاردا (مەسىلەن: ئۆچەيلەردە) بولسۇن.

پائىلى سەۋەب (تەسىر كۆرسەتكۈچى سەۋەب): بۇ سەۋەب بىلەن بىر ئەر پائالىيەت كۆرۈلىدۇ، ماددىي سەۋەب بىلەن شەيئىنىڭ ماددىسى ۋە سايمىنى بولىدۇ، مەسىلەن: ساپالچىنىڭ قاچا ياسىشى پائىلى سەۋەب تۇپراقتىن قاچا تەييار بولۇشى ماددىي سەۋەبتۇر.

قۇم ۋە تاش قايسى ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ؟ قۇم بۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇكى، ماددا زىيادە قويۇق ۋە چاپلاشقاق بولمىغان چاغدا، چاپلاشقاقلىقىنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ ماددا ئاز - ئازدىن توپلىنىپ، قۇۋۋىتى داپىئە ئۇنى ئاسانلىق بىلەن ئاز - ئازدىن چىقىرىپ تۇرىدۇ ھەم ئۇنى ئۆز ھالىتىدە تۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزئارا بىرلىشىپ، چوڭ تاش شەكىللەنگىلى قويمايدۇ.

تاش بۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇكى، ماددا زىيادە قويۇق ۋە چاپلاشقاق بولۇپ، بۇ ماددا بۆرەك بوشلۇقىغا چاپلىشىپ چىقىپ كەتمەيدۇ، بەلكى بۇ جايدا توپلىشىپ ئاندىن بۇ ماددا ئاز - ئازدىن ئېشىپ توپلىشىدۇ ھەتتا تاش شەكىللىنىدۇ، مەسىلەن: ھاممامنىڭ سۇ قاينىتىش ئۈسكۈنىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان ھەجىمدە تاش شەكىللىنىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك قەمقەمەدىمۇ سۇ قاينىتىلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن تاش شەكىللىنىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى، تاش پەيدا بولۇش ئۈچۈن ئىككى نەرسە زۆرۈر.

بىرى قويۇق ماددا، يەنە بىرى قويۇق ماددىنىڭ توختىشى.

قويۇق ماددا: قويۇق ئىزالاردىن ھاسىل بولىدۇ، مەسىلەن: قويۇق سۈت، پەنىرمايە، غەلىز گۆش، چوڭ بېلىقلار، ھەر خىل قورۇلغان گۆشلەر، گۈرۈچ ۋە سۈت، ھالۋا، كاللا - پاچاق، قويۇق نىشاستە، پېتىرنان، ئاق قىچا، تەرخەمەك، يۇمشاق تارتىلغان ئاق ئۇن ۋە چاپلاشقاق ئۇن، چاپلاشقاق ھالۋا، پىشمىغان ۋە ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان مېۋىلەر، غەلىز تۇردىكى شاراب قاتارلىقلار. جۈملىدىن ھەزىم ئاجىز بولغان چاغدا، تەرتىپسىز ئىزالانغان چاغدا.

بەزىدە تاشنىڭ ماددىسى يىرىڭ بولىدۇ.

ماددىنىڭ توختىشى: بۇنىڭ سەۋەبى بۆرەكنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى ئىششىشى ياكى جاراھەتلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

جالىنۇس يازغانكى: بۆرەكتە تاش بەزىدە يارىدىن پەيدا بولىدۇ، ئەگەر يىرىڭ چىقمىغان بولسا، ئۇلار مۇشۇ جايدا قاتتىقلىشىپ تاش شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

پايدىلىق سۆز　　تاش ۋە قۇم مەيلى بۆرەكتە ياكى دوۋساقتا پەيدا بولسۇن، ئىككىسىنىڭ تۈرى ئوخشاش بولىدۇ، بۇنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاشنىڭ ماددىسىنى نەزەردە تۇتقاندىمۇ ئىككى ئورۇندىكى تاش بىر - بىرىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىن تەبئىي ياكى غەيرىي تەبئىي يوسۇندا ئاقىدىغان ماددىلار

مەلۇم سەۋەبتىن قويۇلسا ۋە ئۇنىڭدىكى ماددىلارنى ئېرىتىدىغان سۇيۇقلۇق كېمەيسە، بۇ ماددىلار ئۇيۇيدۇ، بۇ ئۇيۇغان ماددا چوڭ بولسا، تاش، كىچىك بولسا قۇم دېيىلىدۇ. قۇم ياكى تاش ھاسىل بولغان بۇ ماددىلار ئوخشاش بولمايدۇ، ئومۇمەن بىر تاشتا بىرقانچە ماددا قات ـ قات ھالەتتە تېپىلىدۇ، لېكىن بەزى كىشىلەردە بىر خىل ماددا يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەن بولىدۇ، ئومۇمەن ھەربىر تاشتا بىر ئىپتىدائىي زەررىچە مەركەز شەكلىدە بولىدۇ، ماددىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ ئۇيۇيدۇ، بۇ مەركىزىي ماددا بەزىدە بەلغەم، بەزىدە قان ۋە بەزىدە تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق بولىدۇ، بۇ نەرسىلەر بەزىدە نەزلە خاراكتېرلىك ئىششىق، بەزىدە قان تولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ.

سەۋەبى تاش ئادەتتە بۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇكى، بەدەن ئورۇقلىنىش داۋامىدا ئومۇمىي ئۆزگىرىش بەدەننىڭ ئىچىدە داۋاملىشىپ تۇرىدۇ ھەم بۇنىڭدا بىرەر تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەر زىيادە گىرىپتار بولىدۇ، ئۇ كۆپىنچە ھۇرۇن ۋە بوشاڭ كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ، سۇ ۋە سۇيۇق نەرسىلەرنى ئاز گۆش ۋە تاتلىق نەرسىلەرنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىدۇ. جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشى، بۆرەك ۋە ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى، شۇنداقلا دوۋساقنىڭ كېسەللىكلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى سانىلىدۇ.

بەزى رايونلاردا تاش زىيادە كۆپ پەيدا بولىدۇ، بۇ رايونلار تاش كۆپ پەيدا بولىدىغان رايونلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەھەرلەر، راجپۇتانە شەھىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. بۇمۇ بايان قىلىنغانكى، بۇ كېسەللىك سەقىل (ئېغىر) ۋە غەلىز (قاتتىق) سۇ ئىچىدىغان رايونلاردىكى كىشىلەردە كۆپ پەيدا بولىدۇ. بۇ رايوننىڭ سۇيىگە كان تەركىبلىرى كۆپلەپ ئېرىگەن ۋە ئارىلاشقان بولىدۇ.

ياشانغانلاردا نۇقرەس ماددىسىنىڭ سەۋەبىدىن ياكى ھەزىم بۇزۇلۇشتىن ۋە ياشلاردا گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ، جىسمانىي ئەمگەكنى ئاز قىلىشتىن، كۆپىنچە دەسلەپكى تۈردىكى تاش پەيدا بولىدۇ، بۇ ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ.

سەۋزە، چامغۇر ۋە كۆكتاتلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن ئومۇمەن ئۈچىنچى تۈردىكى تاش (ھەساتى تەۋسىيە) پەيدا بولىدۇ.

تۈرلىرى رەڭ ئېتىبارى بىلەن تاشلار ئوخشاشمىغان تۈرلەردە بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ۋەزىن ئېتىبارى، ھەجىم ئېتىبارى، بىرلىشىش ۋە قۇرۇقلۇق ئېتىبارى بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئوخشاشمىغان ھالەتلىرى بولىدۇ ھەمدە بۇ بارلىق سۆزلەر ئوخشاشمىغان ماددىلارنىڭ روشەن دەلىللىرىدۇر. ئوخشاشمىغان ماددىلارنىڭ ئېتىبارى بىلەن بۇ تاشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار تۆۋەندە يېزىلغان:

بىرىنچى تۈرى: بۇ تۈرى يۇمىلاق ياكى ئېللىپسسىمان بولۇپ، سىلىق ياكى يىرىك ۋە ئېغىر بولىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى سارغۇچ بولىدۇ، كەسكەندە يۇمىلاق ھالقا كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ ھەجمى بەزى ۋاقىتلاردا خەشخاش ئۇرۇقىنىڭ باراۋىرىدە، بەزى ۋاقىتلاردا قىچا باراۋىرىدە ۋە بەزى ۋاقىتلاردا ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ بىر قانچە دانە بولىدۇ، بۇ، چۈچۈمەل سۈيدۈكتىن پەيدا بولىدۇ، يەنى سۈيدۈكنىڭ چۈچۈمەللىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئاشقان چاغدا (ھەساتى بەۋلىيە).

ئىككىنچى تۈرى: بۇ تۈرى يۇمشاق بولىدۇ، ئومۇمەن چوڭ بولمايدۇ (ھەساتى لەيىنە).

ئۈچىنچى تۈرى: بۇ تۈرى ناھايىتى قاتتىق، قارىغا مايىل سارغۇچ بولۇپ، شاتۇتقا ئوخشاش تەكشى بولمايدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ نامى ھەساتى توتىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ناۋادا بۇ كىچىك بولسا، پارقىراق، يۇمىلاق، توپا رەڭ ياكى سارغۇچ رەڭ بولىدۇ، ئومۇمەن بۇ تاش بىرلا بولىدۇ.

تۆتىنچى تۈرى: بۇ ھەساتى زۇبانىيە (ئېرىشچان تاش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى خاس ئۇسۇل بىلەن ئېرىتسە ئېرىيدۇ، بۇ تۇزلۇق سۈيدۈكتىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە دوۋساقتا ناھايىتى چوڭ تاش پەيدا بولىدۇ ۋە بۆرەك چاشكىلىرىنىڭ ئىچىدە بەزىدە بۇنىڭدىن قۇم شەكىللىنىدۇ. بۇ، بۆرەك چاشكىلىرىنىڭ بارلىق چوڭ كانالچىلىرىغا بارىدۇ، بۇ تۈردىكى تاش ئاق، يۇمشاق ۋە كۆپۈشكەن بولىدۇ.

بەشىنچى تۈرى: بۇ تۈردىكى تاش ئاق، قىيمۇلىيا سېغىزىغا ئوخشاش بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ يۈزى زىيادە پارقىراق بولىدۇ، توپىغا ئوخشاش ئاسان پارچىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەجمى كەرسىنەدىن توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىغىچە بولىدۇ (ھەساتى قىيمۇلىياۋى).

ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭ بىر قانچە ئاز كۆرۈلىدىغان تۈرلىرىمۇ بولۇپ، بۇنىڭ بايانى بۇ ئورۇندا سۆزلەنمەيدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈك دۇغلاشقاندىن كېيىن سۈزۈك كېلىشكە باشلايدۇ، سۈيدۈكتە قۇمغا ئوخشاش چۆكمە بولىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى قىزىل ۋە سېرىققا مايىل بولىدۇ.

ناۋادا تاش بۆرەكتە بولسا، ئۆرۈلگەن ۋاقىتتا بەلدە شۇ قەدەر ئېغىرلىق ۋە تەمەددۇد بولىدۇكى، بىمار بىرەر نەرسە ئېسىپ قويغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۈچەيلەر چوڭ تەرەت بىلەن تولغان بولسا، بىمار بۆرەك ئورنىدا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاغرىق شۇ تەرەپتىكى ئۇرۇقدان، زەكەر بېشى ۋە يوتا قاتارلىقلارغا تارقىلىدۇ. قايسى تەرەپتىكى بۆرەك كېسەللەنسە، شۇ تەرەپتە بىر قەدەر سېزىمسىزلىنىشمۇ بولىدۇ. ئاغرىق بەلدە بولسا، ئادەتتىكى ھالەتلەردىن يەڭگىل بولىدۇ. بۇ، يۈگۈرۈش، سەكرەش، پويىز، ئات ۋە تۆگە قاتارلىقلاردا

سەپەر قىلىش ۋە يول يۈرۈشتىن كۆچىيىپ كېتىدۇ.

بەزىدە سۈيدۈكتە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق تېپىلىدۇ ۋە بەزىدە قانمۇ كېلىدۇ، كىچىك تەرەت قىلىش ئېھتىياجى ئاشىدۇ، بەزىدە تاشنىڭ غىدىقلىشىدىن بۆرەك خالتىلىرىدا ئىششىق ۋە يارا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق كۆچىيىدۇ ھەمدە سۈيدۈكتە يىرىڭ كېلىشكە باشلايدۇ، بەزىدە جۇغ ـ جۇغ بىلەن قىزىتمىمۇ بولىدۇ. ناۋادا تاش چوڭايسا، بۆرەك توقۇلمىلىرى بۇزۇلىدۇ ياكى بۆرەك كېڭىيىپ خالتا شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

ئاغرىقنىڭ قوزغىلىشى ئاغرىق تۇتىقاقلىق قوزغىلىدۇ ھەمدە ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئاغرىق تۇتقاندا قۇلۇنجى كېسەللىكىگە ئوخشاش قاتتىق ئاغرىق كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ مۇددىتى بىر ئايدىن بىر يىلغىچە بولىدۇ.

ئاغرىق تاش بۆرەكتىن يۆتكىلىپ سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسىگە كەپلەشكەن چاغدا قوزغىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بۆرەك ساھەسىدە تۇيۇقسىزلا بىئارام قىلغۇچى ئۆتكۈر ئاغرىق قوزغىلىدۇ، بۇ، دوۋساق، ئۇرۇقدان، زەكەر بېشى ۋە يوتىلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، بىمار بىئارام بولۇپ، بەزىدە ئۆرە تۇرىدۇ، بەزىدە ئولتۇرىدۇ ۋە سۇدىن ئايرىلغان بېلىققا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇرۇقدانمۇ بىرقەدەر ئىششىپ قالىدۇ ھەمدە بېسىش بىلەن يېقىمسىزلىنىدۇ، چۈچۈمەل سۈيدۈك قايتا ـ قايتا، ئاز مىقداردا كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ ۋە تامچىلايدۇ، ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بىمارنىڭ بەدىنى سوغۇق تەر بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، قۇسىدۇ، قول ـ پۇتى مۇزلايدۇ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، تومۇرى كىچىك بولىدۇ، ئاغرىقنىڭ قوزغىلىش مۇددىتى ئوخشىمايدۇ.

ناۋادا تاش سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسىدىن دوۋساققا يېتىپ كەلسە ياكى قايتىدىن بۆرەككە قايتىپ كەتسە ئاغرىق توختايدۇ، لېكىن كېسەللەنگەن تەرەپ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن يېقىمسىزلىنىدۇ.

شەيخ يازغانكى، تاشنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئاغرىق بەلدىن يوتا تەرەپكە ماڭغاندەك سېزىم بولىدۇ.

ناۋادا ئاغرىق پەسەيسە بىلىش لازىمكى، تاش دوۋساققا يېتىپ بارغان بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: بەزى ۋاقىتلاردا بۆرەكتە يىللاپ تاش تۇرىدۇ ۋە بىرەر ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش نەتىجىسىدە تۆۋەندىكىدەك كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ: بۆرەك خالتىسى ئىششىقى ۋە يارىسى؛ بۆرەك يىگلەش؛ يامان سۈپەتلىك ئۆسمە؛ سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلار.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بەزىدە بۆرەكتە تاش پەيدا بولغاندا، ئاغرىق قۇلۇنجنىڭ ئاغرىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ پەرقى قۇلۇنجىدا سۆزلىنىپ بولدى.

داۋالاش ئاغرىق تۇتمىغان ھالەتتە تاشنىڭ ماددىسى توختىتىلىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى قويۇق تاماقلار، مەسىلەن: سۈت، تۆگە، كالا، ئۆچكىنىڭ گۆشلىرى، پېتىر ياكى پىشمىغان نان، يۇمشاق تارتىلغان ئۇننىڭ نېنى، ھەلىم (ھالۋىنىڭ بىر تۈرى)، چاپلاشقاق ھالۋىلار، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان مېۋىلەر، مەسىلەن: ئالما، شاپتۇل، ئامۇت قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ماددىنى بەدەندىن چىقىرىش مەقسىتىدە قۇستۇرۇلىدۇ، بۇ ھەممىدىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى قۇستۇرۇش ئاغرىقنىڭ قايتىلىنىشى ۋە ئۈچىنچى كۈنىدىكى قوزغىلىشتىن يىراق قىلىدۇ. يەڭگىل سۈرگە بېرىلىدۇ. مەسىلەن: سەرپىستان، ئەنجۈر، بىخسۇس، ئاق لەيلى قاينىتىلمىسىغا تەرەنجىبىن ۋە خىيارشەنبەر قوشۇپ بېرىلىدۇ.

زىيادە ئىسسىق بولمىغان سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر بىلەن سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، ھەليۇن ئۇرۇقى، كاكىنەچ، ئوغرىتىكەن، پىرسىياۋشان قاتارلىقلار.

لەتىف چارىلەر قوللىنىلىدۇ. يەنى غىزاسىغا پاختەك، چۈجە ۋە ئوغلاق گۆشلىرىنىڭ ساددا شورپىلىرىنى خۇشكارى (دىۋەز) نان بىلەن، نوقۇت ۋە پالەك چۈشكەن غىزا قاپاق ۋە تەرخەمەك بىلەن بېرىلىدۇ ھەمدە قورساق ئاچ ھالەتتە نورمال ئەمگەك قىلدۇرۇپ، ھەزىمى ياخشىلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن تاش پارچىلىغۇچى دورىلار (قۇرسلار ۋە مەجۇنلەر) بىلەن تاشنى پارچىلاشقا تىرىشىلىدۇ. بۇ، ئوغرىتىكەن، پىننە، ئەفسەنتىن، كەرەپشە، ھەليۇن يىلتىزى، غار يىلتىزى، كاكىنەچ يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزى، ياۋا سۇزاپ، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ھەرشۇف ۋە پىرسىياۋشان قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. سىركەنجىۋىل ئەنسىلى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا تاش پارچىلىغۇچى ۋە چىقارغۇچى ئۇرۇق دورىلار كۆپلەپ چۈشكەن بولسۇن.

خۇشكارى نان — بۇ كېپەكى تاسقىۋېتىلمىگەن ئۇننىڭ نېنىدۇر.

پايدىلىق سۆز بىرىنچى تۈرى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا سۈيدۈك چۈچۈمەل بولغاچقا، دورىلار ۋە غىزالار بىلەن سۈيدۈكنىڭ كىسلاتالىقىنى كېمەيتىشكە تىرىشىش لازىم، ھەتتا سۈيدۈك تۇزلۇق بولسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن گۆش، بېلىق ۋە تۇخۇمنى كېمەيتىش، غىزاسىغا كۆكتاتلارنى كۆپرەك بېرىش لازىم، توغرىغۇ، شورە قەلىمى ۋە بۇ تۈردىكى باشقا تۇزلۇق نەرسىلەر پايدىلىقتۇر. پىيادە ماڭدۇرۇش، ھەرىكەت قىلدۇرۇش ھەمدە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم. شارابمۇ بۇ ھالەتتە چەكلىنىدۇ، ساددا ۋە تامچىلاپ چۈشكەن سۇ يېتەرلىك مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر چارىلەر تاش پەيدا بولۇشنى توسىدۇ. ئەگەر تاش كىچىك بولسا، سۈيدۈك بىلەن بىرگە چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر تاش چوڭ بولسا، مەزكۇر دورىلار بىلەن ئېرىپ

چىقىپ كېتىشى قىيىندۇر، مۇشۇنداق ھالەتتە دەستىكار قىلىش ئۇنىڭ ئىلاجىدۇر.

كېسەللىك تۇتقان ھالەتتە ئاغرىق كۈچلۈك بولسا، قان غالىب كەلگەن شەرت ئاستىدا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، يۇمشاق، ياغلىق، بوشاشتۇرغۇچى ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. لېكىن مۇناسىپ ھۆقنە ئۆتكۈر بولمىسۇن، ئۆتكۈر بولسا، بۇ بېسىم چۈشۈرۈپ ئاغرىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

بىمارنى ئابىزەندە ئولتۇرغۇزۇش، بۇنىڭدا ئوغرىتىكەن، بابۇنە، ئاق لەيلى، سېرىقچېچەك، كەرەپشە، كەرنۇب، پىرسىياۋشان، رەتبە، كەر (سوقۇلغىنى)، شۇمشا، كەبىر يىلتىزى، ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى، سېمىزئوت، بىنەپشە، كۈنجۈت يوپۇرمىقى قايناتىلغان بولسۇن.

بىمار ئابىزەندە ئولتۇرغاندا دورىلارنى قايناتىپ بەل، توققۇزكۆز ۋە يوتىلار ئۈستىگە زىمات قىلىش ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى بېرىش، ئابىزەندىن چىققاندىن كېيىن بەل ئۈستىگە خەيرى يېغى، سېرىقچېچەك يېغى ۋە بىنەپشە يېغى (مىزاجنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇق ئېتىبارى بىلەن) سۈركەش لازىم.

ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن تاش چىقىپ كەتسە ياخشى، ئەگەر يوللارغا كەپلىشىپ قالسا، سىلىقلاشتۇرغۇچى لۇئابلار ھۆقنە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاق لەيلى ئۇرۇقى لۇئابى، زىغىر لۇئابى، شۇمشا لۇئابى قاتارلىقلارغا قۇستە يېغى قوشۇپ ياكى بادام يېغىغا خىيارشەنبەر مېغىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ چارىلەر ئىشقا كەلمىسە، دەستىكار ئۇسۇلىدىن باشقا بىرەر چارە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۆرەكتە تاش پەيدا بولغاندا بەزى دەستىكارچى بەل ساھەسىگە تۆشۈك ئاچىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

تاشنىڭ سۈيدۈك يولىغا كەپلىشىشى ئەگەر تاش سۈيدۈك يولىغا كەپلىشىپ قالسا، يەرلىك ئورۇننى ئىسسىق سۇغا چىلاش، سىلىقلاشتۇرغۇچى لۇئابلار ۋە ياغلار بىلەن ھۆقنە قىلىش ھەمدە قايتا - قايتا ئۈستىدىن ئاستىغا تاش چىقىپ كەتكۈچە ئۇۋۇلاش لازىم.

ئەگەر ئۇ ھالەتلەردە ئاغرىق ئۆتكۈر بولسا، پۇلونيا ۋە باشقا دورىلارنى يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: داۋائى لۇفلە ۋە تەرياق قاتارلىقلار. دورىلار كونىراپ قالمىغان ۋە بۇنىڭدىكى ئەپيۇننىڭ قۇۋۋىتى يوقالمىغان بولسۇن.

پايدىلىق سۆز كېسەللىك قوزغالغان ۋاقىتتىكى داۋالاش پىرىنسىپى: ئۆتكۈر ئاغرىقنى پەسەيتىش ۋە مۇمكىن بولىدىغان چارىلەر بىلەن ئۇنى يوقىتىشقا كىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئابىزەن قىلدۇرۇش، يەنى بەلگىچە ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇش كۆپىنچە پايدىلىق بولىدۇ.

ئىسسىق زىمات تېڭىش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى زىماتلارنى چېپىشمۇ پايدىلىق بولىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن ئەپيۇن مۇرەككەباتلىرى، مەسىلەن: بەرشىشا قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ. ئاغرىق پەسەيتكۈچىلەردىن ئىككى پايدا ھاسىل بولىدۇ. بىرى، ئاغرىقتا پەسىيىش بولىدۇ، يەنە بىرى، سۈيدۈك توشۇش نەيچىسىمۇ بوششىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ، بۇنىڭدىن تاشنىڭ ئۆتۈشى ئاسان بولىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى چارىلەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ:

ئەرقى ئەجىبتىن بەش تامچىنى 24 گرام سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىق ئورۇنغا سۈركەپ ئۇۋۇلاش ياكى 12 گرام خەشخاش پوستىنى 240 گرام ئەرقى گۈلابتا قاينىتىپ، قايتا ـ قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى بۇغداي كېپىكى، ئاش تۇزىدىن 24 گرامدىن، ئۆپكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئىككى خالتىغا قاچىلاپ، قىزىق ئوچاق ئۈستىدە قىسقا ۋاقىت قويۇپ قىزىتىپ، قايتا ـ قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى ماش ئۇنى نېنى (بۇنىڭ بايانى قۇلۇنجدا سۆزلىنىپ بولدى) نى قايتا ـ قايتا تېڭىش ياكى نۇتۇل ئىشلىتىش لازىم.

نۇتۇل (1) 12 گرام كەپتەر مايىقىنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ نۇتۇل قىلىنىدۇ ياكى كەپتەرنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئىسسىق ھالەتتە دوۋساققا تېڭىلىدۇ.

نۇتۇل (2) گۈل تىسۇ 48 گرام، گۈل بابۇنە، كەپتەر مايىقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى 12 گرامدىن. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ نۇتۇل قىلىنىدۇ.

نۇتۇل (3) گۈل تىسۇ، پىرسىياۋشان، ھەببى قۇلت، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، گۈل ئاك 24 گرامدىن ئېلىنىدۇ. بۇ دورىلارنى 10 كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ، ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا سۈزۈپ، ئاغرىغان ئورۇنغا نۇتۇل قىلىش ۋە بۇنىڭ پىسپىنى ئېزىپ ئاغرىغان ئورۇنغا تېڭىش لازىم.

يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن بىرگە بەرشىشا بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بېرىلىدۇ.

كېسەللىك تۇتمىغان ھالەتتە ئاغرىق پەسەيگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: ھەجرۇلىيەھۇد، سەنگى سەرماھىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، جاۋارىش زەرئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە يېگۈزۈش ياكى شورە قەلىمى، توغرىغۇدىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، يەتتە گرام جاۋارىش كۇمۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئۈستىدىن ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى شىرىسى، كاكىنەج شىرىسى، ھەببى قىلىلەت شىرىسى، ئالۇچا شىرىسى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، ئوغرىتىكەن شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارنى جىنەستە ئەرقىدە چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىلگە ئارىلاشتۇرۇپ،

ئەتىگەندە بېرىش ھەمدە كەچتە مەجۈنى ئەقرەب يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ھەببى قىللەتنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىگە شەربەتى بۇزۇرى مۆتەدىلنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

ئەتىگەن، كەچلىك غىزادىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشدارى بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا ئىلمان سۇ، تۇزلۇق سۇ ياكى ئەرقى بەديان ئىلمان ھالەتتە بېرىلىدۇ. قورساق ئاچقان ۋاقىتتا ئارھەر ئۇنى سۈيى، كۆكتات سۈيى ۋە سۈت قاتارلىقلارغا تۇزلۇق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش قۇم، تاش مەيلى بۆرەكتە بولسۇن ياكى دوۋساقتا بولسۇن، ئۇسۇل ۋە چارىسى ئوخشاش بولىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا چارە قىلغاندا ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئاز - كۆپلۈكىدە پەرق بولىدۇ.

دوۋساق كېسەللىكلىرى

دوۋساقنىڭ تەشرىھى

دوۋساق بۇ بىر خالتىسىمان ئەزا بولۇپ، بۇنىڭغا سۈيدۈك توپلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ توقۇلمىسىدا پەردىلەر ۋە تالالىق قەۋەت بولىدۇ. بۇ دوۋسۇن ساھەسىگە جايلاشقان. ئەرلەردە دوۋساق ئارقىسىدا تۈز ئۈچەي، ئاياللاردا بالىياتقۇ، جىنسىي يول، ئۇنىڭ كەينىدە تۈز ئۈچەي بولىدۇ. دوۋساقنىڭ شەكلى ئادەمنىڭ يېشى ۋە جىنسى (ئەر ـ ئايال بولۇش) ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. دوۋساق بوش ھالەتتە شەكلى سەل كىچىكلەيدۇ ۋە تولغان ھالەتتە ئازراق چوڭىيىدۇ.

بالىلىق مەزگىلىدە دوۋساقنىڭ شەكلى كونۇسسىمان بولۇپ، دوۋسۇندىن ئېشىپ قورساققىچە يېتىپ بارىدۇ. ياشلاردا دوۋساق بوش ھالەتتە ئۇنىڭ شەكلى ئۈچ بۇرجەكلىك بولۇپ، دوۋسۇن ساھەسى ئىچىدىلا تۇرىدۇ، لېكىن بۇ ئادەتتىكىدەك تولغاندا ئۇنىڭ شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن دوۋساق سۈيدۈك بىلەن ياخشى تولغاندا ئۇنىڭ شەكلى ئېللىپسسىمان بولۇپ، كىندىك ئەتراپىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئاياللارنىڭ دوۋساق ئىچى سىغىمچانلىقى زىيادە بولىدۇ. دوۋساق ئادەتتە 600 ~ 720 گىرامغىچە سۈيدۈك سىغدۇرالايدۇ. دوۋساق ئۈستىدىن بىر كانالچە كىندىككىچە يېتىپ بارىدۇ. بالا قورساقتىكى ۋاقتىدا بۇ سۈيدۈك كانالچە بىلەن كىندىك يولى ئارقىلىق سىرتىغا چىقىپ، بۇ ئورۇندا بىر مەخسۇس خالتىغا توپلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ كانالچە بالا تۇغۇلۇپ، كىندىكنى كەسكەندىن كېيىن توسۇلىدۇ. سۈيدۈك دوۋساقتىن باشقا يول بىلەن چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەرلەردە تۈز ئۈچەي ئۈستىدە، ئاياللاردا جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ ئۈستىدە تۇرىدۇ. بۇ ئورۇندا خەزانە مەنىي (مەنىي قاچىسى) ناملىق ئىككى بەز بولىدۇ. بۇنىڭ كانىلى سۈيدۈك يولىنىڭ باشلىنىش بۆلىكىگە ئېغىز ئاچىدۇ. بۇ بۆلەك دوۋساق بوينىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولۇپ، بۇ جايدىن سۈيدۈك يولى باشلىنىدۇ.

دوۋساق بوينىنى مەزى بېزى تۆت تەرەپتىن ئورايدۇ. دوۋساق ئارقا يۈزى ۋە دوۋساقنىڭ

ئاستى بۆلىكىنى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئورايدۇ. بۇ پەردە دوۋساقنى ئۆز جايىدا تۇرغۇزىدۇ.

دوۋساقنىڭ سىرتقى تەرىپىنى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئوراپ تۇرىدۇ، دوۋساق ئىچىدە بىر تالالىق مۇسكۇل قەۋىتى بولۇپ، مۇسكۇل قەۋىتىنىڭ قىسقىرىشىدىن سۈيدۈك سىرتقا چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شىللىق پەردە بولۇپ، سۈيدۈك بىلەن تېگىشىپ تۇرىدۇ.

دوۋساقتا كۆك قان تومۇر ۋە قىزىل قان تومۇرلاردىن سىرت نېرۋىلارمۇ بولىدۇ، بۇ سەۋەبدىن دوۋساقتا ئاغرىق سېزىمى بولىدۇ.

سۈيدۈك يولى بۇ بىر نەيچە بولۇپ، بۇنىڭ ئەتراپىدا پەردە بولىدۇ. بۇ ئەرلەردە دوۋساق بوينىدىن باشلىنىپ، زەكەر سىرتقى تۆشۈكىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 8 ~ 9 قىرات (12 ~ 13 ئىلىك) بولىدۇ.

چۈنكى بۇ زەكەر ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى زەكەر قايىم بولغاندا ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ باشلىنىش بۆلىكى مەزى بېزى بىلەن ئورىلىدۇ. بۇ بۆلەك پۈتۈن بۆلەكلەردىن زىيادە كەڭرى بولۇپ، زىيادە كېڭىيىش ئىقتىدارى بولىدۇ. بۇ بۆلەككە مەزى بېزى ۋە خەزانە مەنىي نەيچىلىرى ئېغىز ئاچىدۇ، بۇنىڭدىن تۆۋەنكى بۆلەككە ۋەدى بېزى نەيچىلىرى ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەنكى بۆلەك زەكەر ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ھەممىدىن چوڭ بولىدۇ. ئاياللاردا سۈيدۈك يولى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 0.1 قىرات ياكى ئىككى ـ ئۈچ ئىلىك بولىدۇ. بۇ دوۋساق بوينىدىن باشلىنىپ ئېغىزى ئۈستىگە ئېچىلىدۇ. ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى زىيادە كېڭىيەلىگەنلىكتىن تاش قاتارلىقلارنىڭ چىقىشى ئاسان بولىدۇ.

سۈيدۈك يولى توقۇلمىسىدا شىللىق پەردە بولۇپ، بۇنىڭ ئاستىدا ئازراق مۇسكۇل تالالىرى تېپىلىدۇ.

مەزى بېزى بۇ كونۇسسىمان شەكىلدىكى كىچىك ۋە قاتتىق بەزدۇر. بۇ دوۋساق بويىنى بىلەن سۈيدۈك يولىنىڭ دەسلەپكى بۆلىكى ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى ئىلىك، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى بىر يېرىم ئىلىك، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 20 گىرام بولىدۇ، بۇ بەزدىن سۈيدۈك يولى ئۆتىدۇ. بۇنىڭ توقۇلمىسىدا بەز گۆشىدىن سىرت ئازراق مۇسكۇل تالالىرى تېپىلىدۇ. بۇ مۇسكۇل تالالىرىنىڭ قىسقىرىشى بىلەن مەزى بېزى ھۆللۈكى چىقىدۇ. مەزى بېزىنىڭ سىرتقى تەرىپىدە مەزمۇت غىلاپى، تەخمىنەن 20 نەيچىسى بولىدۇ. بۇ، سۈيدۈك يولىنىڭ دەسلەپكى بۆلىكىدە بولىدۇ. بۇ بەزدىن بىر تۈرلۈك ئاق، شىلىمشىق ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. بۇ مەزى سۇيۇقلۇقى دېيىلىدۇ. بۇ ھۆللۈك بىلەن شەھۋەت ۋاقتىدا سۈيدۈك يولى ھۆللىشىپ سىلىقلىشىدۇ، دەپ ئېيتقان. يېقىنقى زامانىدىكى تېۋىپلارنىڭ

پەرىزىچە، بۇ ھۆللۈك ئۇرۇقدانىنىڭ ھۆللۈكى بىلەن بىرلىشىپ، مەنىينىڭ بىر تەركىبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ توقۇلمىسىدا قان تومۇرلار ۋە نېرۋىلار بولىدۇ.

ۋەدى بېزى بۇ يۇمىلاق، كەرسىنە باراۋەرىدىكى سېرىق رەڭلىك ئىككى كىچىك بەز بولۇپ، بۇلارنىڭ نەيچىلىرى سۈيدۈك يولىنىڭ بۇ بۆلىكىگە ئېغىز ئاچىدۇ. بۇ نەيچىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر يېرىم ئىلىك بولىدۇ. بۇ بەزلەردە بىر خاس تۈردىكى ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ، بۇ ۋەدى سۇيۇقلۇقى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى توغرىسىدا قەدىمكىلەر: سىيگەن ۋاقىتتا سۈيدۈك يولىنى ھۆللەيدۇ تاكى سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بىرەر زەرەر يەتمەيدۇ، دەپ ئېيتقان. لېكىن يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەرنىڭ پەرىزىچە، بۇ ھۆللۈك مەنىي بىلەن بىرلىشىپ، مەنىينىڭ بىر تەركىبىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش

بۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشايدۇ.

دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش ئاياللاردا ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى قىسقا، كەڭرى بولۇپ، مۇرەككەپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇق تەركىبلەر ئۇلارنىڭ دوۋسىقىدىن ئاسانلىقچە چىقىپ كېتىدۇ ھەم ئاياللاردا تاش پەيدا قىلغۇچى سەۋەب، يەنى ئىسسىقلىقمۇ ئاجىز بولىدۇ ھەمدە بۆرەكلەرنى ئىسسىتقۇچى ۋە ھاردۇرغۇچى سەۋەبلەرمۇ ئەرلەردىكىدەك بولمايدۇ، مەسىلەن: جىما ھەرىكىتى ۋە باشقا قاتتىق ھەرىكەتلەر ھەم مۇشەققەتلىك ئىش قاتارلىقلار.

ئالامىتى دوۋساق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاغرىق بولىدۇ، زەكەر تۈۋىدە قىچىشىش بولىدۇ، بىمار ھەر ۋاقىت دوۋسۇنىنى سىيلايدۇ، جىنسىي ئەزادا قوزغىلىش بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. سۈيدۈك ئاق ۋە سۇيۇق كېلىدۇ، چىققان قۇم قارامتۇل كۈل رەڭ ياكى ئاققا مايىل بولىدۇ، سۈيدۈك تەستە كېلىدۇ ياكى تامامەن توختاپ قالىدۇ، قايتا ـ قايتا ئىنجىقلىغانلىقتىن مەقئىتى سىرتىغا چىقىپ قالىدۇ. بىمار كىچىك تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەرەت قىلغۇسى كېلىدۇ.

بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دوۋسۇن ئۈستىگە ئىسسىق سۇ نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەمدە دوۋسۇن ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە سىلاپ بېرىلىدۇ، تاكى تاش ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاستى تەرەپكە چۈشكۈچە سىلاپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارغا كىچىك تەرەت قىلىش بۇيرۇلىدۇ، ئەگەر دوۋساقتا تاش بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ چارىنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ.

بۇ ھالەتتە بەزىدە كاتېتىر (سۈيدۈك چىقىرىش نەيچىسى) مۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، تاشنى پارچىلايدۇ، بۇنىڭ دىياگنوزىغا ياردىمى بولىدۇ ھەمدە توختاپ قالغان كىچىك تەرەتمۇ كېلىدۇ.

ئىككى مۇجمە بايان: سەمەرقەندى يازغانكى:

(1) دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش ئوممۇمەن بالىلاردا كۆرۈلىدۇ، بۆرەكتە پەيدا بولۇش ئوممۇمەن ئوتتۇرا ياشلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

(2) دوۋساقتا تاش پەيدا بولسا، بىمار ئورۇقلايدۇ، بۆرەكتە تاش پەيدا بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

دوۋساقتا پەيدا بولغان تاشنىڭ ھەجمى بۇنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. يەنى بەزىدە ئۇنىڭ ھەجمى توخۇنىڭ تۇخۇمىدىنمۇ چوڭ بولىدۇ، چۈنكى دوۋساقنىڭ بوشلۇقى كەڭرى بولۇپ كېڭىيەلەيدۇ.

داۋالاش بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، پەقەت پەرقى بۇ جايدا ھۆقنە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۈيدۈك يولى ئارقىلىق دورىنى دوۋساققىچە يەتكۈزىدۇ، مەسىلەن: چايان يېغى قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىكتە تەرياقى مەسرۇدىتۇس، سەنجىرىنا ۋە مەجۇنى مۇفەتتىت ھەساتمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە چارىلەر بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش كېسەللىكىگە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن قايتا سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئاغرىق ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا ئەپيۇننىڭ مۇرەككەباتلىرى (بەرشىشا، پۇلونىيا، دارۇي بىھوشى ئەلەۋىخان) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

مەجۇنى مۇفەتتىت ھەسات: ھەببى بىلسان، ھەببى قىللەت، بۇلۇت تېشى، چايان كۈلى، كاكىنەچ يىلتىزى ۋە ئوغرىتىكەن سۈيى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

دەستىكار قىلىش ئەگەر تاش سىلىق بولۇپ، يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن پارچىلانمىسا ھەمدە چىقىپ كەتمىسە، دوۋساق بويىنى ساھەسىدىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

بۇ ئەمەل بالىلار ۋە ياشلاردا زىيادە ئاسان بولىدۇ. يەنى بۇ ياشتا تەبىئىي قۇۋۋەت ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن زەخىمنىڭ پۈتۈشى تېز بولىدۇ. بۇنىڭدا ياش قانچە چوڭ بولسا دەستىكارنىڭ خەتىرى ئاشىدۇ. چۈنكى ياشنىڭ چوڭىيىشى بىلەن جاراھەتنى پۈتتۈرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.

دوۋساقنى تېشىش ناۋادا تاش سەۋەبىدىن سۈيدۈك تۇتۇلسا ۋە باشقا چارىلەر پايدىسىز بولسا، بۇ ئەھۋالدا دەستىكار بىلەن مەقئەت ھالقىسى ۋە ئۇرۇقدانىنىڭ ئارىلىقىغا كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ، بۇنىڭغا بىر نەيچە قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىچىك تەرەت ئېقىپ تۇرغانلىقتىن ئۆلۈم يۈز بەرمەيدۇ (شەيخ).

دوۋساق ئىششىقى

دوۋساق ئىششىقى ئۆتكۈر ۋە سوزۇلمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ئۆتكۈر دوۋساق ئىششىقى بۇ سەپراۋى ئۆتكۈر قاندىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ تۇغما بولىدۇ، بەزىدە تاش پەيدا بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. تاش دوۋساقتا غىدىق ۋە ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. ئاغرىق سەۋەبىدىن دوۋساق تەرەپكە ئىسسىق ماددىلار يۈزلىنىپ، ئىششىقنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ سەۋەبى زەربە تېگىش، سوقۇلۇش بولىدۇ.

باشقا سەۋەبلەر: قوشنا ئەزالار ئىششىقى، سىيدۈك تۇتۇلۇش، بالىياتقۇ ياكى تۇخۇمدان ئۆسمىسى، سىيدۈك يولىغا كۆيۈشتۈرگۈچى ۋە داغلىغۇچى دورىلارنى ھۆقنە قىلىش، بەزىدە سىيدۈك يولى يارىسى ۋە سۆزنەك قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ دوۋساق ئىششىقى بولىدۇ.

ئالامىتى دوۋسۇن ساھەسىدە قاتتىق ئاغرىق ۋە سانجىق بولىدۇ، سىيدۈك تامچىلاپ كېلىدۇ ياكى تامامەن توختايدۇ. كۈچەش بىلەن بىرقانچە تامچە سىيدۈك چىقىدۇ ياكى سىيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ. تىترەش، ئۆتكۈر كۆيدۈرگۈچى قىزىتما ۋە جۆيلۈش بولىدۇ، تىلى قارا بولىدۇ، دوۋسۇنى كۆپۈشىدۇ ۋە بەزىدە قىزىللىق مەلۇم بولىدۇ.

بەزىدە بۇنىڭدا چوڭ تەرەت توسۇلۇپ قالىدۇ. يەنى ئىششىق چوڭ بولۇپ تۈز ئۈچەي ئۈستىنى باسقاندا، ئىششىق دوۋساقنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولغاندا، بۇ تۈز ئۈچەي بىلەن قوشنا بولغانلىقتىن چوڭ تەرەتنى توسۇپ قويىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا تۈز ئۈچەيگىمۇ ئىششىق يېتىپ بارىدۇ ۋە قايتا - قايتا چوڭ تەرەت قىلىش سېزىمى بولىدۇ، زىيادە كۈچەش بىلەن ئازراق چوڭ تەرەت قان ۋە يىرىڭ ئارىلاش چىقىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بەزىدە كۆڭۈل ئېلىشىدۇ، بىمار ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ. دوۋساق بىلەن سىيدۈك يولى دىۋارىدىمۇ كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ. مەزى بېزى ئۈستىگە بېسىم چۈشكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاغرىق پەيدا بولۇپ، يوتىغىچە تارقايدۇ، تۈز ئۈچەيگە بارماقنى كىرگۈزگەندە ئاغرىق كۈچىيىدۇ، سىيدۈك قويۇق بەلغەم ئارىلاش ياكى قان ئارىلاش چىقىدۇ. ئەگەر دوۋساقتا ئازراق سىيدۈك يىغىلسا، كىچىك تەرەت قىلىش سېزىمى كۈچلۈك مەلۇم بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بەدىنى سوۋۇيدۇ ياكى تەرلەش بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، تومۇرى ئاجىز بولىدۇ. شىپالىق تاپالمىغان ئەھۋالدا بىمار يەتتە كۈندىن 12 كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئەھۋالغا قاراپ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك يۇمشاتقۇچى دورىلار قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە، ھەمىشباھار

قاتارلىقلار. بىنەپشە يېغى بىلەن رەختنى ھۆللەپ دوۋسۇن ساھەسىگە قويۇلىدۇ، سۈت، پوستى ئاقلانغان كۈنجۈت ۋە يۇمشاق تارتىلغان ئۇننىڭ نېنى، چامغۇر، كەرنۇب يوپۇرمىقى، بابۇنە ۋە ئوغرىتىكەن قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ.

بۇ ھالەتتە سوغۇق ۋە قابىز دورىلارنى زىمات قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئارپا ئۇنى، بىنەپشە، ئاق لەيلى قاتارلىقلارنى كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ زىمات تەييارلاپ، قىرۇتى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

ئەگەر بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتسە، ئادەتتىكى تارقاتقۇچى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، زىغىر، ماش ئۇنى قاتارلىقلارغا شارابى مەيپۇختەج (شارابى مۇسەللەس) قوشۇپ چېپىلىدۇ. ماددىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەر كۈنى مەزكۇر تارقاتقۇچى دورىلار كۆپەيتىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق ئۆتكۈر بولۇپ، قۇۋۋەت يوقىلىش ۋە ئۆلۈپ كېتىشنىڭ خەۋپى بولسا، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى تىلا ۋە ھەمەل ئىشلىتىش، مەسىلەن: يەبرۇج يىلتىزى ۋە ئەپيۇننى زەيتۇن يېغى بىلەن تىلا قىلىش ياكى 0.72 گىرام ئەپيۇن ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى زەپەرنى بىنەپشە يېغىدا ئېرىتىپ ۋە ئۇنىڭغا رەختنى يۇقتۇرۇپ، مەقئەتكە ھەمەل قىلىش لازىم (شەيخ).

دوۋساق چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقى ئەگەر ئىششىق تارقاپ كەتسە ياخشى، تارقاپ كەتمىسە ۋە يىرىڭلىسا، جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. يەنى پىشۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق يىرىڭنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئاندىن ئۇنى ئېغىز ئالدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر بىلەن يىرىڭنى تازىلاش ۋە جاراھەت پۈتتۈرگۈچىلەر بىلەن زەخمىنى پۈتتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئاغرىق پەسەيتىش ۋە ئىششىق قايتۇرۇش چارىلىرىنى قوللىنىش لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىلاجى بۆرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنىڭكىگە ئوخشاش. ئەگەر ئاغرىق ناھايىتى كۈچلۈك بولسا، پوستى خەشخاشنى ئەرقى گۇلابتا قاينىتىپ، ئاغرىق ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئىچىش ئۈچۈن قوغۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەندىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ، تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە ئۇرۇقى سۈيى ۋە كۆك يەرلىك شوخلا سۈيىدىن 36 گىرامدىن قوشۇپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش ھەمدە دوۋسۇن ئۈستىگە زىماتى مۇھەللىل چېپىش لازىم، بۇنىڭ نۇسخىسى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى تاش بولسا، تاشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، ئەگەر سۆزنەك بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆتكۈر سۆزنەكنىڭ ئىلاجىدىكىدەك قىلىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز غىزاسىغا يەڭگىل، ئاسان سىڭىدىغان ۋە ساددا

غىزالارنى، مەسىلەن: ئارپا ئېشى، سۈت، قېتىق قاتارلىقلارنى ئاز - ئاز بېرىش ھەمدە شاراب، گۆش، چاي، ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. سوغۇق ئوتياشلار ۋە كۆكتاتلار، مەسىلەن: قاپاق، پالەك، سېمىزئوت، تەندا (ھىندىستاندا چىقىدىغان بىر خىل مېۋە)، بەرگىنەي قاتارلىقلار زىيادە مۇناسىپتۇر.

سوزۇلما دوۋساق ئىششىقى (قاتتىق ئىششىق) بەزىدە دوۋساقتا سوزۇلما ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئومۇمەن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن كېيىن ياكى دوۋساققا زەربە تېگىشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

باشقا سەۋەبلەر دوۋساق سوزۇلما ئىششىقىنىڭ باشقا سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: سۈيدۈك تۇتۇلۇش، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، زىيابىتۇس، نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، سوغۇق تېگىش ھەمدە سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە سۈرگىلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئۈچەي ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، مەزى بېزى چوڭىيىش قاتارلىقلار.

ئالامىتى كىچىك ۋە چوڭ تەرەت قىلىشتا قىينىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق چوڭ بولسا، تۇتۇش بىلەنمۇ ئىششىق سېزىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك يەڭگىل بولسا، دوۋساقتا يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ، سۈيدۈك ئاز، قېنىق، بەلغەم ئارىلاش پات - پات كېلىدۇ ۋە كىچىك تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە كىچىك تەرەت قىلىش خاھىشى بولىدۇ.

داۋالاش سۈيدۈكنى ھەيدىگۈچى ئۇرۇق دورىلار، مەسىلەن: ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، ھەلىيون ئۇرۇقى ۋە پەرسىياۋشان قاتارلىقلارغا خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، كىچىك تەرەتنى ھەيدەشنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، بەلكى ئۇنىڭغا يۇمشاتقۇچى ۋە پىشۇرغۇچىلارنىمۇ قوشۇشنى ئويلاش لازىم. كەرنۇب سۈيى ۋە نوقۇت سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىششىق تارقاتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى ئابزەندە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، زىغىر، شۇمشا، ئاق لەيلى، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، پەرسىياۋشان، ئوغرىتىكەن قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى. بۇ ئابزەن سۈيى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ، تارقاتقۇچى ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: غار يېغى، سەۋسەن يېغى، توخۇ يېغى قاتارلىقلار. تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، زىغىر، ئوشەق، مۇقەل قاتارلىقلارغا كالا پاچىقى يىلىكى، قۇستە يېغى، زەيتۇن يېغى قوشۇپ چېپىلىدۇ. بۇ جىگەرنىڭ سوزۇلما ئىششىقىدا سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسلىي سەۋەبكە رىئايە قىلىپ، ئۆتكۈر دوۋساق ئىششىقىدا سۆزلەنگەن نۇسخىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئومۇمىي ساغلاملىق ۋە بەدەن كۈچىنى مۇناسىپ غىزالار ۋە دورىلار بىلەن ئاشۇرۇش لازىم.

دوۋساق يارىسى

دوۋساق يارىسىنىڭ ساقىيىشى مۈشكۈل بولىدۇ، جۈملىدىن ياشانغانلاردا مۇشۇنداق بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

سەۋەبى ئۆتكۈر سەپراۋى خىلتتىن دوۋساقنىڭ زەخىملىنىشى، تاشنىڭ غىدىقلىشى ياكى ئىششىقنىڭ ئېغىز ئېلىشى. مۇشۇنىڭدەك مۇدۇر - چاقىلارنىڭ كېڭىيىشمۇ ئۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ ۋە سېسىق پۇرايدۇ.

رازى ئېيتقانكى، سۈيدۈك سېسىق پۇراقلىق، يىرىڭ ئارىلاش كېلىدۇ، جۈملىدىن يارا باشقا سۈيدۈك ئەزالىرىدا، مەسىلەن: بۆرەك، سۈيدۈك توشۇش نەيچىسىدە بولماي دوۋساقتا بولغاندا.

سۈيدۈك تەستە كېلىدۇ، سۈيدۈك بىلەن يىرىڭ، قاسراقچە ۋە كېپەككە ئوخشاش نەرسىلەر چىقىدۇ. دوۋسۇن، يوتا، زەكەر تۈۋىدە ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش ئەتىگەندە يارىنى تازىلىغۇچى دورىلار، مەسىلەن: ھەسەل سۈيى، شېكەر سۈيى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە يارىنى پۈتتۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كەھرىۋا بېرىش، بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرسى كاكنەچكە خەشخاش شەربىتى قوشۇپ بېرىشمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

سۈيدۈك يولىغا شىيافى ئەبيەز ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇ كۆزدە چاپلاشقاقلىق پەيدا قىلىش ۋە ئاغرىقنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق ئۆتكۈر بولسا، مەزكۇر شىيافنى ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن ئىشلىتىش، ئۇنداق بولمىسا زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى دورىلار بىلەن زەخىمنى پۈتتۈرۈش، مەسىلەن: گۈل ئەرمىنى، بۇغا مۈڭگۈزى، شادىنەج، كۇندۇر، قەلەي كۇشتىسى قاتارلىقلارغا ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر يىرىڭ زىيادە بولسا، پەقەت ھەسەل سۈيى ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ھەسەل سۈيى — زەخىمنى يىرىڭدىن شۇ قەدەر پاكىزلايدۇكى، ئۇنىڭغا تەڭداش بىرەر دورا يوقتۇر (نەفىيس).

قۇرسى كاكنەچ نۇسخىسى تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزىدىن 0.3 گىرام، كاكنەچتىن 0.1 گىرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، كەندىر ئۇرۇقى، گۈل ئەرمىنى، ئەرەب يېلىمى، خۇنسىياۋشان، بەزرۇلبەنجىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، ئەپيۇندىن 0.3 گىرام ئېلىپ، بۇلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىكتە بۆرەك يارىسىنىڭ

دورىلىرى ۋە ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

نۇسخا (1) تاباشىر، لاچىندانە ئۇرۇقى، سەدەپ قاتارلىقلاردىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، بۇنىڭدىن ئۈچ گرام 24 گرامى شەربىتى خەشخاش بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (2) زەرچىۋە، ئامىلەدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ قۇرس ياساپ، بۇنىڭدىن ئۈچ گرامى سۇ ياكى ھەسەل سۈيى ياكى شېكەر سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

دوۋساق قوتۇرى

بۇ، سەۋەبلىرى، ئالامەتلىرى، داۋالاش ئېتىبارى بىلەن دوۋساق يارىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن بولىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر تۇزلۇق ماددىلار بولىدۇ، بۇ دوۋساقتا مۇدۇر - چاقىلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ، سىيىش پۇرايدۇ، دوۋساقتا قىچىشىش بىلەن ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ، سۈيدۈكتە كېپەككە ئوخشاش چۆكمە بولىدۇ، بەدەن ئورۇقلايدۇ.

بەزى بىمارلاردا مۇشۇنداقمۇ بولىدىكى، ھەر ۋاقىت يىرىڭ ياكى زەرداب تەركىبلىك ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ ۋە بەزىدە قان ئاقىدۇ. يۇقىرىقى بارلىق ئالامەتلەر بۆرەك يارىسىدىمۇ تېپىلىدۇ.

داۋالاش چاپلاشقاق دورىلار، مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابىغا ئوخشاش ھەر خىل لۇئابلار، يەنە مەسىلەن: نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ئارپا سۈيى، سۈت، بادام يېغى ۋە مايلىق شورپا قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئايال كىشىنىڭ سۈتى ۋە بادام يېغى بىلەن دوۋساققا ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش بۇ كېسەللىككە بۆرەك قوتۇرى ۋە دوۋساق يارىسىنىڭ ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار مەنپەئەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر دىياگنوز ئاشكارا بولمىسا، ئەمەللەردە زىيادە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ئەندىشىسى بولمايدۇ.

دوۋساقتا قان ئۇيۇپ قېلىش

بەزىدە دوۋساققا قان كېلىپ ئۇيۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى سۈزۈلىنىپ بولغانكى، قان تومۇرلارنىڭ تەبىئىتى قاننى قوغداش بولغانلىقى ئۈچۈن، قان تومۇرلاردىن سىرتىغا چىقسا، ئۇ

ئۆزگىرىپ ئۇيۇپ قالىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكتىن ئىلگىرى قانلىق سۈيدۈك كېلىدۇ ياكى دوۋساققا زەربە تەگكەن بولىدۇ. بۇ زەربىدىن بىرەر چوڭ تومۇر يېرىلىپ، بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ، پۇت - قوللار سوۋۇيدۇ، نەپەس قىسقا، تومۇر كىچىك بولىدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تىترەشمۇ بولىدۇ.

داۋالاش سىركەنجۇبىل ئەنسىلىنى يالغۇز ياكى بىرئاز ئەنجۈر ياغىچىنىڭ كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى بۇنىڭدا ماددىلارنى كەسكۈچى دورىلارنى قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: بەرەنجاسىپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، تۇرۇپ، ياۋا سۇزاپ قاتارلىقلار. تارقاتقۇچى ۋە لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلارنىڭ سۈيىدە ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئىكلىلمەلىك، تاغ پىننىسى، ئىزخىر، ئەنجۇدان، بابۇنە، پىننە، سۇزاپ، ئۇقھۇۋان قاتارلىقلار.

يەنە بىر ئابزەن: ئىكلىلمەلىك، بابۇنە، گۈل تىسۇ، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ، 10 كىلوگرام سۇدا قايىنتىپ ئابزەن قىلدۇرۇش ھەم ئۇنىڭ پىسپىنى ئېزىپ زىمات قىلىش لازىم.

سۈيدۈك يولىغا توشقان پەنىرمايىسى ھۆقنە قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ، قاننى ئېرىتىدۇ، پارچىلايدۇ ۋە تارقىتىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش مەنپەئەت قىلسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە تاش پارچىلىغۇچىلار بېرىلىدۇ. بۇ تاش پەيدا بولۇشنىڭ باياندا سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ مەنپەئەت بولمىسا، تازىلىغۇچىلار بىلەن دوۋساقنى يۇيۇش، ئۇيۇپ قالغان قاننى پارچىلاپ چىقىرىش ياكى دوۋساقنى يېرىپ، تاشنى چىقارغانغا ئوخشاش قاننى چىقىرىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش بۇ زەھەرلىك قان چىقىپ كەتمىگۈچە ھەرگىز غىزا بەرمەسلىك لازىم. بۇ ۋاقىتتا شېكەر ۋە ھەسەل سۈيى ئىچكۈزۈپ تۇرۇش، ئىستىفراغدىن كېيىن سۈيۇق ۋە لەتىف نەرسىلەر، مەسىلەن: ئانار سۈيى، ئارپا سۈيى، چاي، شورپا قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم.

دوۋساق ئاغرىقى

دوۋساق ئاغرىقى بەزىدە ئۇنىڭ يارىسىدىن، ئىششىقىدىن ياكى ئۇنىڭ مۇدۇرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىنىپ بولدى. بەزىدە تاش پەيدا بولۇش يەلدىن بولىدۇ. بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

بەزىدە دوۋساق ئاغرىقى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇ سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ۋە ئىسسىق دورىلارنى كۆپ ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ، دوۋساقنىڭ سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىنمۇ بولىدۇ. بۇ، ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا دوۋساق

ئاغرىقنىڭ سەۋەبى، بوھرانى بولىدۇ (كېسەللىك ماددىسى سۈيدۈك يولىدىن چىقىرىلغاندا).

ئالامىتى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: دوۋساق ساھەسىدە ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ ھەمدە ئۇسسۇزلۇق غەلىبە قىلىدۇ.

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سوغۇق شەربەتلەر ۋە سوغۇق دورىلار، مەسىلەن: كافۇر قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن ياكى سوغۇق ھاۋادا مېڭىشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: سوغۇق ۋە يۇمشاتقۇچى شەربەتلەر، مەسىلەن: بىنەپشە شەربىتى، خەشخاش شەربىتى. ۋە باشقا سوغۇق دورىلار مەسىلەن: سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى. قاپاق ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سوغۇق ياغ، مەسىلەن: قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى بىلەن يۇڭ ياكى ئۆلۈك بۇلۇتنى ھۆللەپ دوۋسۇنغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: بەدىيان، كەرەپشە، پىننە، رۇمبەدىيان، سەۋزە ئۇرۇقى، سۇزاپ قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى دىنار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىسسىق دورىلار زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: سۇزاپ، بەرەنجاسىپ، سېرىقچېچەك، پىننە، قۇندۇز قەھرى، ھىڭ قاتارلىقلار.

بوھراندىن بولغىنىدا سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ئىچكۈزۈپ، تەبىئەتنىڭ كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلىشىغا ياردەم قىلىش لازىم.

دوۋساق كۆپۈش

بۇ، سۈيدۈك يېلىمۇ دېيىلىدۇ، بۇ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر تۈرىدىندۇر.

سەۋەبى دوۋساق ئاجىزلىغان ۋاقىتتا يەل قوزغايدىغان تاماقلارنى يېيىش ياكى يەللەرگە ئاسان ئۆزگىرىدىغان ھۆللۈكلەرنىڭ دوۋساققا توپلىنىۋېلىشىدىن بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك دوۋساقنىڭ ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ، ئادەتتە دوۋساق ئىششىقىدا كۆرۈلىدۇ. يەللەرگە ئۆزگىرىدىغان ھۆللۈكلەر كۆپرەك زىيابىتۇس كېسەللىكىدە ھاسىل بولىدۇ.

قىسقىسى، دوۋساقتا يەل پەيدا بولۇشنىڭ تۈرلىرى ئۈچەي قاتارلىقلاردا يەل پەيدا بولۇشقا ئوخشايدۇ، يەنى ھۆللۈكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۇلاردا ئۆزگىرىش كەيپىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى.

بەزى ۋاقىتلاردا دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەي ئارىلىقىدا مۇشۇنداق باغلىنىش پەيدا بولىدۇكى، ئۈچەيلەرنىڭ يېلى دوۋساققا كىرىدۇ.

ئالامىتى ئېغىرلىق بولماستىن تارتىشىش (تەمەددۇد) بولىدۇ ھەمدە سۈيدۈك بىلەن يەل چىقىدۇ.

داۋالاش ئەسلىي كېسەللىكلەر (زىيابىتۇس، دوۋساق ئىششىقى) نى داۋالاش بىلەن ئابدىمىلىك يېغىدىن توققۇز گىرامغىچە ئېلىپ، مائۇلئۇسۇل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىسسىق ۋە يەل تارقاتقۇچى ياغ، مەسىلەن: بان يېغى، سەۋسەن يېغى، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېلىم بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ھىڭ، تاغ سۇزاپى يېلىمى.

شۇنىڭدەك بۇ ياغلار سۈيدۈك يولىغا ھوقنە قىلىنىدۇ. ھەمدە سۇزاپ، پىننە، سېرىقچېچەك، ئادراسمان، قۇندۇز قەھرى ۋە باشقا يەل تارقاتقۇچى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ.

دوۋساق كۆيۈشۈش

سەۋەبى دوۋساق ئىششىقى، دوۋساقتا قۇم ۋە تاش پەيدا بولۇش، مەزى بېزى چوڭىيىش، دوۋساق يارىسى، دوۋساق ئۆسمىسى، بالىياتقۇنىڭ دوۋساقنى بېسىشى، بالىياتقۇ سەرتانى، بوۋاسىر، ئاقما، مەقئەت چىقىقى، كىچىك تەرەتتە كېرەكسىز ماددىلارنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىقلار كۆيۈشۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. كۆيۈشتۈرگۈچى، غىدىقلىغۇچى دورىلار ۋە غىزالارنى ئىستېمال قىلىشمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى كىچىك تەرەت قىلىش سېزىمى تۇيۇقسىز كۈچىيىدۇ، سۈيدۈكنى توختىتىش قىيىن بولىدۇ، سۈيدۈكنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ. ئەگەر سۈيدۈكنى توختىتىشقا تىرىشسا، دوۋساق يېرىلىپ كېتىدىغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىش لازىم. سۈيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كېلىشىنىڭ ئۇسۇلىدا داۋالاش قىلىنىدۇ.

سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە تەستە سىيىش

سەۋەبى

1. بۆرەك ئىششىقى.
2. دوۋساق ئىششىقى.
3. بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش.
4. دوۋساقتا قان ياكى يىرىڭنىڭ ئۇيۇشى.

5. دوۋساق كۆپۈش   بۇنىڭ بىلەن دوۋساق كېڭىيىپ، سۈيدۈككە بېسىم چۈشمەيدۇ. بۇ بارلىق كېسەللىكلەر ئالامەت ۋە داۋالىشى بىلەن سۆزلىنىپ بولدى.

6. ئۆسمە   بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سۈيدۈك يوللىرىدا ئۆسمە پەيدا بولۇش بولىدۇ.

7. دوۋساق ئىسترخاسى   بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى دوۋساقنى قورىغۇچى مۇسكۇلنىڭ بوشاشقانلىقى بولىدۇ.

8. چاپلاشقاق خىلىت   بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىرەر چاپلاشقاق خىلىت بولىدۇ، بۇ سۈيدۈك يولىغا چاپلىشىپ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

9. ئۆتكۈر خىلىت   بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىرەر ئۆتكۈر خىلىت بولىدۇ، بۇ دوۋساققا قۇيۇلۇپ، سۈيدۈك يوللىرىدا كۆيۈشۈش پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك تەستە كېلىش ۋە تامچىلاپ كېلىش پەيدا بولىدۇ، تامامەن تۇتۇلۇپ قېلىش بولمايدۇ، چۈنكى سۈيدۈك چىقىشقا باشلىسا قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار ئىنجىقلاشتىن توختايدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك جىرغىپ چىقماستىن، بەلكى تامچىلاپ كېلىدۇ.

10. سۈيدۈكنى توختىتىش   بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سۈيدۈكنى كۈچەپ توختىتىش ۋە ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇرۇش بولىدۇ. مەيلى بۇنىڭ سەۋەبى ئۇيقۇ بولسۇن ياكى بىرەر باشقا ئىشقا كىرىشىپ كېتىش ۋە مەشغۇل بولۇش بولسۇن. بۇنىڭ بىلەن دوۋساق تولۇپ تارتىشىدۇ ۋە ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ چىقىرىش كۈچى ئاخىرلىشىدۇ.

11. سۈيدۈك يولى مۇدۇر - چاقىسى ۋە يارىسى   بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سۈيدۈك يولىدىكى مۇدۇر - چاقا ۋە يارا بولىدۇ. بىمار كىچىك تەرەت قىلماقچى بولسا، ئاغرىق پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دوۋسىقىنى قورساق مۇسكۇللىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن سىقالمايدۇ. لېكىن بىمار بەرداشلىق بېرىپ كۈچىسە، تەبىئىي ھالەتتە سۈيدۈك كېلىدۇ، بۇ تۈردىمۇ سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش بىلەن تەستە سىيىش بولىدۇ، تۇتۇلۇپ قېلىش بولمايدۇ.

12. دوۋساققا زەربە تېگىش   بەزىدە بۇ كېسەللىك دوۋساققا زەربە تېگىشتىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈچلىرى ئاجىزلاپ، ئىششىق پەيدا بولىدۇ ياكى دوۋساق تالالىرىدا بوشاش كۆرۈلۈپ، قىسقىرىشقا قادىر بولالمايدۇ ھەمدە دوۋساقنى سىقالمايدۇ.

13. قورۇلۇش ۋە قۇرۇش   بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سۈيدۈك يولىنىڭ ئۆتكۈر ھارارەت سەۋەبىدىن قۇرۇپ، قورۇلغانلىقى بولىدۇ. بۇ، كۆيىدۈرگۈچى قىزىتمىلاردا بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئەزالىرى ئورۇقلاشقا باشلىغان بىمارلاردىمۇ بولىدۇ.

14. دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولى تەشەننۇجى بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولىنىڭ تەشەننۇجى بولىدۇ.

15. سەزگۈ ئاجىزلىقى بەزىدە بۇ كېسەللىك بۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇكى، دوۋساقنىڭ سەزگۈسى ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى دوۋساقنىڭ ئۆزىدىكى ئاپەت ياكى مۇسكۇلىدىكى ئاپەت ياكى مۇسكۇل نېرۋا مەركىزىدىكى ئاپەت ياكى تامامي مەركەزلەردىكى ئاپەت بولىدۇ (مەسىلەن: قارانتىس ۋە لىسىرغىستا كۆرۈلىدۇ).

16. قوشنا ئەزالار ئىششىقى بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى دوۋساق ئەتراپىدىكى ئەزالاردا ئىششىق پەيدا بولغانلىق بولىدۇ، مەسىلەن: مەقئەت، ئۈچەي، بالىياتقۇ، كىندىك، يوتا قاتارلىق ئەزالاردا ئىششىق چوڭ بولغان شەرت ئاستىدا.

17. تولغاق بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تولغاق بولىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە تەبىئەت زىيادە مۇھىم ۋە زۆرۈر ئىشلار تەرەپكە، يەنى چوڭ تەرەت تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. جۈملىدىن تولغاق قۇرۇق چوڭ تەرەت ياكى ئىششىقتىن بولغاندا. چۈنكى يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەردىن باشقا دوۋساقنىمۇ بېسىم چۈشۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن سۈيدۈك بۇ بېسىمدىنمۇ تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

18. باشقا سەۋەبلەر مەزكۇر سەۋەبلەردىن باشقا بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش، تۇخۇمدان ئۆسمىسى، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ۋە ھامىلىدارلىقمۇ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئومۇمي ئالامەت تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر كۆپىنچە ھالەتلەردە تېپىلىدۇ، دەسلەپتە سۈيدۈك قايتا - قايتا كېلىدۇ، كېيىن توختاپ - توختاپ كېلىشكە باشلايدۇ، سۈيدۈكنىڭ جىرغىشى ئىنچىكە بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا سۈيدۈك ئاغرىتىپ كېلىدۇ، تاشتىن بولغاندا تۇيۇقسىز سۈيدۈك تۇتۇلۇش بولىدۇ.

ئالامىتى:

6. ئۆسمە بۇ كېسەللىك زەخىملەرنىڭ پۈتۈشىدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن بۇ سەۋەب سۈيدۈكنىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى پەيدا قىلمايدۇ. بەزىدە بۇ ئارتۇق گۆشنىڭ پەيدا بولۇشى تۇغمىمۇ بولىدۇ. بۇنى ئېنىقلاش تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا بولىدۇ: بۇ گۆش زەكەر يولىدا بولسا، كاتېتر سالغاندا ئۇنىڭ بىلەن تېگىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا بولسا، ئۇنى ئېنىقلاش بۇ ئۇسۇلدا بولىدۇكى، داۋالاش بىلەن مەنپەئەتى كۆرۈلمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر بۇ ئۆسمە دوۋساقنىڭ يۇقىرىسىدا بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئېغىرلىق بەلدە مەلۇم بولىدۇ ھەمدە دوۋساق سۈيدۈكتىن خالىي تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆسمە

دوۋساقنىڭ ئاستىدا بولسا، دوۋساق ۋە كىندىك ئاستىدا ئېغىرلىق، ئاغرىق ۋە تەمەددۇد بولىدۇ.

7. دوۋساق ئىستىرخاسى   دوۋساقنى بېسىش بىلەن سۈيدۈك چىقىدۇ، لېكىن كۈچلۈك جىرغىش بولمايدۇ، بىمارغا بىرەر نەرسە مەۋجۇت بولۇپ، ئىنجىقلاش بىلەن چىقمىغاندەك مەلۇم بولىدۇ. يەنە بۇ، سىقىشنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

8. چاپلاشقاق خىلت   بىمار كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئارام ئېلىشنى خالاپ، ئەمگەك قىلىشنى توختاتقان بولىدۇ ياكى قويۇق ۋە چاپلاشقاق غىزالارنى يېگەن بولىدۇ، مەسىلەن: كالا گۆشى، كاللا - پاچاق، پەنىرمايە قاتارلىقلار. دوۋسۇندا ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ، سۈيدۈك بىلەن خام خىلت چىقىدۇ، تاش پەيدا بولۇش، ئىششىق قاتارلىقلار (مەسىلەن: ئۆسمە گۆش، قان ئۇيۇش ۋە يىرىڭ يىغىلىش) نىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمايدۇ.

9. ئۆتكۈر خىلت   ئىسسىق يەتكۈزۈش چارىلىرى كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى قوللىنىلغان بولىدۇ، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ، زەكەر تۆشۈكى ئەتراپىدا كۆيۈشۈش مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر بىمار ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلىسە سۈيدۈك چىقىدۇ. يەنى بىمار سىيگەندە ئاغرىققا ۋە كۆيۈشۈشكە بەرداشلىق بەرسە، تەبىئىي ھالەتتىكىدەك سىيەلەيدۇ، بۇ، مۇشۇ تۈرنىڭ خاس ئالامىتىدۇر.

10. سۈيدۈكنى توختىتىش   سۈيدۈكنى توختاتقاندىن كېيىن كېسەللىك كۆرۈلگەن بولىدۇ.

11 سۈيدۈك يولى مۇدۇر - چاقسى ۋە يارىسى   سۈيدۈك يولى مۇدۇر - چاقسى ۋە يارىسىنىڭ ئالامىتى ئاشكارا بولىدۇ.

12. دوۋساققا زەربە تېگىش   سەۋەبى ئىلگىرى يۈز بېرىپ بولغان بولىدۇ.

13. قورۇلۇش ۋە قۇرۇش   سۈيدۈكتە ئۆتكۈرلۈك بولۇپ، كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ ھەمدە ھۆللۈك يەتكۈزۈش بىلەن مەنپەئەت يېتىدۇ. شۇڭا ئازراقمۇ سۈيدۈك چىقمايدۇ، ئەگەر سۈيدۈكنىڭ مىقدارى كۆپەيسە ئاسانراق چىقىدۇ.

ھېكايە   جالىنۇس «مەنافىئۇل ئەئزا» نىڭ مەلۇم قىسمىدا: بىر ئورۇق بىمار ماڭا سۈيدۈكنىڭ تەستە چىقىدىغانلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلغان. ئۇنىڭ سۈيدۈكى دوۋساققا كۆپ يىغىلمىغىچە چىقمىغان، بۇنىڭدىن مەندە ئۆلچەم بولدىكى، ئۇنىڭ سۈيدۈك يولى قۇرۇپ، بىرلىشىپ كەتكەن، بۇ سەۋەبتىن دوۋساققا ناھايىتى كۆپ سۈيدۈك يىغىلىشقا زۆرۈرىيەت چۈشكەن. شۇڭا، بىمار دوۋسۇنى كۈچەش بىلەن باسسا يول ئېچىلىپ، سۈيدۈك كەلگەن. بۇنىڭ ئىلاجىنى مەن ھۆللەشتۈرگۈچىلەر بىلەن قىلدىم، ھەتتاكى ئۇ ساقىيىپ كەتتى، دەپ يازغان.

14. دوۋساق ۋە سۇيدۇك يولى تەشەننۇجى   تەشەننۇجنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئازراق سۇيدۇكمۇ جىقىراپ چىقىدۇ.

15. سەزگۈ ئاجىزلىقى   سۇيدۇكنىڭ كۆيۈشتۈرۈشى ۋە ئېچىشتۇرۇشىنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۇيدۇكنى چىقىرىشقا تەقەززا بولمايدۇ.

16. قوشنا ئەزالار ئىششىقى   قوشنا ئەزالاردا ئىششىق مەۋجۇت بولىدۇ.

17. تولغاق   تولغاق كېسەللىكى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش:

6. ئۆسمە   ئەگەر بۇ ئۆسمە زەكەر كانىلىدا بولسا، كاتېتېر (مەبۇلە) بىلەن سۇيدۇك چىقىرىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئورۇندا خەتەرلىك تۈردىكى ئىششىق بولسا كاتېتېر ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى، ئۇنى كىرگۈزۈشتىن ئىششىق ئېغىرلىشىدۇ، ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەگەر سۇيدۇك تامامەن تۇتۇلغان بولسا ۋە بىمار ھالاك بولۇشنىڭ خەۋپى بولسا، ئىككى ئورۇقدان ۋە مەقئەتنىڭ ئارىلىقىدىن تۆشۈك ئېچىش (بۇ تاشنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ)، ئاندىن نەيچە كىرگۈزۈپ، سۇيدۇكنى چىقىرىش لازىم. ئەگەر سۇيدۇك تۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئۈستىدە (بۆرەك ۋە دوۋساق ئارىلىقىدا) بولسا، ئابزەن ۋە يۇمشاتقۇچى زىماتلار بىلەن كانالچىنى يۇمشىتىشقا تىرىشىشتىن باشقا بىرەر ئىلاج يوقتۇر.

بۇ ئابزەن بابۇنە، ئاق لەيلى، بىنەپشە، ئوغرىتىكەن، كەرنۇب يوپۇرمىقى، پىرسىياۋشان، زىغىردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن. زىمات شۇمشا تالقىنى، ھەمىشباھار، بىنەپشە، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، كەرنۇب سۈيى ۋە ئوغرىتىكەن يېغى بىلەن ياسالغان بولسۇن.

مەبۇلە — بۇ بىر نەيچە بولۇپ، كاتېتېرمۇ دېيىلىدۇ، بۇ ئىنتايىن يۇمشاق ۋە ئېگىلىدىغان قوغۇشۇن، قەلەي ۋە كۈمۈش قاتارلىقلار مېتاللاردىن تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى سۇيدۇك يولى ئۇزۇنلۇقىدا ۋە توملۇقى سۇيدۇك يولى تۆشۈكىنىڭ كەڭ - تارلىقىغا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇنىڭدا بىرى، بۇنىڭ بېشىدا تاكى مەلۇم بىر تۆشۈك قان ياكى قويۇق خىلىت سەۋەبىدىن توسۇلسا، يەنە بىر تۆشۈك ئوچۇق تۇرۇش ئۈچۈن بىرقانچە تۆشۈك بولىدۇ. يەنە بىرى، بۇنىڭ ئىچىگە يۇڭ، يىپەكنىڭ مەزمۇت يىپلىرى سىلىنغان بولىدۇ. بۇلار مەبۇلە ئىچىگە ھاۋا كىرەلىگۈدەك قىلىپ مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن بۇ نەيچە سۇيدۇك يولىغا كىرگۈزۈلۈپ، يىپ ياكى يۇڭ مۇناسىپ كۈچ بىلەن تارتىلىدۇ، بۇنىڭدىكى بوشلۇق سەۋەبىدىن سۇيدۇك تارتىلىپ چىقىدۇ (نەفىيس).

ھازىرقى زاماندا بېشىدا بىرقانچە تۆشۈك، يان تەرىپىدە بىر چوڭ تۆشۈك بولغان كاتېتېر ئىشلىتىلىدۇ.

مەبۇلە لەدنە (رېزىنكە كاتېتېر) دىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئېلاستىك نەيچىدۇر. بۇ مېتال ئورنىغا ئېلاستىك يېلىمدىن ياسىلىدۇ، بۇنى ئىشلەتكەندە خەتەرلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، زىيادە

ماھارەتكە زۆرۈرىيەت بولمايدۇ.

7. دوۋساق ئىستىرخاسى ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: مەسرۇدىتۇس، بالادۇر قاتارلىقلار. قۇستە يېغى، ناردىن يېغى (سۇمبۇل رۇمى يېغى). سۈزاپ يېغى، بىدانجىر يېغى، سەۋسەن يېغى قاتارلىقلارغا قۇندۇز قەھرى، ئەپيۇن قوشۇپ دوۋسۇن ساھەسىگە سۈركىلىدۇ.

8. چاپلاشقاق خىلىت بۇ خىلىتنى چىقىرىش ئۈچۈن كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، ياۋا تۇرۇپ قاتارلىقلار سىرىقچېچەك قاينىتىلمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇنىڭدا غار يوپۇرمىقى، مەرزەنجۇش، ياۋا رەيھان، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سىرىقچېچەك، شۇمشا، كەرەپشە، ئادراسمان قاتارلىقلار بولسۇن. ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار سۈركىلىدۇ،. مەسىلەن: ئۇغرىتىكەن يېغى، سىرىقچېچەك يېغى ھەمدە بۇ ياغلار سۈيدۈك يولى تۆشۈكىگە ھۆقنە قىلىنىدۇ.

9. ئۆتكۈر خىلىت سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەت، لوئاب ۋە ياغ ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى خەشخاش، شەربىتى ئۇناپ، ئىسپىغۇل لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، كىنوچە ئۇرۇقى لوئابى، تاتلىق بادام يېغى، بىنەپشە يېغى. قىزىتقۇچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

10. سۈيدۈكنى توختىتىش يۇمشاتقۇچى ۋە بوشاشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ، زىغىر، شۇمشا، زاراڭزا ئۇرۇقى، كەرنۇب يوپۇرمىقى، ئاق لەيلى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن دوۋساق قول بىلەن بېسىلىدۇ. سۈيدۈكنى چىقىرىشقا تىرىشىلىدۇ. بىلسان يېغى ۋە بىرئاز قورۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ياغلار دوۋساق ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن سۈيدۈك كەلسە ياخشى، ئۇنداق بولمىسا كاتېتىر ئىشلىتىش لازىم.

11. سۈيدۈك يولى مۇدۇر - چاقسى ۋە يارىسى دوۋساق يارىسىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، بۇ سۆزلىنىپ بولدى. سۈيدۈك يولىغا سېزىمسىزلاندۇرغۇچى ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار ھۆقنە قىلىنىدۇ، تاكى سىيىش ئاسان بولسۇن. ھۆقنىدە ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى ۋە چاپلاشقاق دورىلارمۇ بولسۇن، بۇ، سۈيدۈك يولىغا چاپلىشىپ، ئۇنى چاپلاشقاق قىلىدۇ.

12. دوۋساققا زەربە تېگىش قان ئېلىنىدۇ، مەيلى دوۋساق ئىششىغان بولسۇن ياكى ئىششىمىغان بولسۇن. دوۋساق ئۈستىگە قابىز ۋە تارقاتقۇچى ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: گۈل يېغى. ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، سىيدۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتېتىر

ئىشلىتىشكە توغرا كەلسىمۇ.

13. **قورۇلۇش ۋە قۇرۇش** ھۆللەشتۈرگۈچى چارە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابىغا بىنەپشە شەربىتى، گۈل يېغى قوشۇپ ياكى ئارپا سۈيى، پالەك سۈيى، قاپاق سۈيىگە بادام مېغىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ. بوشاشتۇرغۇچى ئابزەن ۋە ياغ ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار.

14. **دوۋساق ۋە سىيدۈك يولى تەشەننۇجى** تەشەننۇجنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

15. **سەزگۈ ئاجىزلىقى** يەسمەن يېغى، سەۋسەن يېغى، نەرگىس يېغى، زەپەر يېغى، بىلسان يېغى قاتارلىقلارغا ئىپار، قۇندۇز قەھرى قوشۇپ سۈركىلىدۇ ھەمدە ئۇلار ھۆقنە قىلىنىدۇ. دوۋسۇن ئۈستىگە كۆچلەندۈرگۈچى ۋە خۇش پۇراق دورىلار زىمات قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئالما يوپۇرمىقى، پىننە، سەۋسەن، ئىكلىلمىلىك، دەرمىنە، سېرىقچېچەك قاتارلىقلار. تەرياق ۋە مەسرۇدىتۇس يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر مېڭىدە ئاپەت بولسا، مېڭىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

16. **قوشنا ئەزالار ئىششىقى:** قوشنا ئەزالاردىكى ئىششىقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، تاكى ئىششىق يوقالسۇن.

17. **تولغاق** ئىششىق ۋە يېقىمسىزلىق يوقىلىش ئۈچۈن ئەسلىي ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرىگە ئىلاج قىلىنىدۇ.

پايدىلىق سۆز ئىلمان ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇش كۆپىنچە ھالەتلەردە پايدىلىق، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن سىيدۈك يولى ۋە سىيدۈك توشۇش نەيچىسى كېڭىيىدۇ. تۆۋەندىكىدەك چارىلەر سىيدۈكنىڭ كېلىشىگە ياردەم بېرىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: شورە قەلىمى، چاشقان مايىقىنى ئېزىپ، دوۋسۇنغا زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: شورە قەلىمى، نىل ئۇرۇقى، كافۇرنى سۇدا ئېزىپ، دوۋسۇنغا زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: شورە قەلىمى، توغرىغۇ، تۇز، تۇرۇپ تۇزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، سۈت دوغاپى بىلەن ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك سىيدۈك ھەيدىگۈچىلەرگە شەربىتى بۇزۇرىدىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئارپا ئېشى، سۈت قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەڭگىل غىزالارنى بېرىش لازىم.

سىيدۈك تۇتۇلۇشتىن بولغان سىيدۈكتىن زەھەرلىنىش سىيدۈك تۇتۇلغان ھالەتتە ناۋادا كېرەكسىز سىيدۈك ماددىلىرى قانىدىن چىقىپ كەتمىسە، ئۇ پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، ئومۇمىي بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ نامى سىيدۈكتىن زەھەرلىنىشتۇر.

سەۋەبى بۆرەك ئىششىقى، سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسىنىڭ تۇسۇلۇشى، سۈيدۈكنىڭ دوۋساقتا ئۇزۇنغىچە تۇرۇشى قاتارلىقلار بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى سۈيدۈكنىڭ زەھەرلىك تەركىبلىرى قانغا قوشۇلۇشقا باشلىسا، باش قېيىش ۋە ئۆتكۈر باش ئاغرىش بولىدۇ، باشقا ئەزالاردىمۇ ئاغرىق بولىدۇ، قۇسىدۇ، قۇسۇش تۇيۇقسىز توختاپ تەشەننۇجلۇق ھەرىكەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، مۈگدەيدۇ، نەتىجىدە بىمار بىھوش بولىدۇ، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش كۈچى نورمالسىزلىشىدۇ، بىمارنىڭ تىنىقىدىن سۈيدۈك پۇرىقى كېلىدۇ، بەزىدە سۇس رەڭلىك سۈيدۈك ناھايىتى ئاز مىقداردا كېلىدۇ ۋە بەزىدە ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى كۆپىنچە ناچار بولىدۇ.

داۋالاش سەۋەبىنى يوقىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۆرەك ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، تەرلىتىش ئۈچۈن ھورلاندۇرۇلىدۇ، بۇ بۆرەك ئىششىقىدا سۆزلەندى. ئىچىش ئۈچۈن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بېرىش، قۇسۇش، بىھوشلۇق ۋە باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ مۇناسىپ چارىسىنى قىلىش لازىم.

سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش

بۇ كېسەللىك ئەمەلىيەتتە سۈيدۈك تەستە كېلىشنىڭ تۈرىدىندۇر (خەجەندى). سۈيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشى بىر ئارىلىقتىكى ھالەتتۇر، بۇنىڭدا سۈيدۈك تامامەن تۇتۇلمايدۇ ۋە ئاسانلىقچە كەلمەيدۇ (ئىستىر سال).

سەۋەبى:

1. سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەزىدە سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بولىدۇ. بۇ، سۈيدۈك يولىدا كۆيۈشۈش پەيدا قىلىدۇ، بۇنداق ھالەتتە سىيگەندە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە سۈيدۈكنى دوۋساقتا توختىتىشقىمۇ بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنىڭ ھالىتى سىيىش ۋە سۈيدۈكنى توختىتىۋېلىش ئارىسىدا بولىدۇ، بۇنىڭ نامى سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشتۇر.

ياكى بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆتكۈر سۈيدۈك ئاز - ئازدىن دوۋساققا يىغىلىپ، ئېچىشىش ۋە ئەزىيەتكە سەۋەب بولۇپ، سۈيدۈكنى چىقىرىپ تاشلاشقا تەقەززا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چىقىرىپ تاشلاش كۈچى كىشى خالىسۇن - خالىمىسۇن ئۇنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

2. دوۋساق ئاجىزلىقى بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى دوۋساق تېنىنىڭ ئاجىز ۋە

مىزاجىنىڭ سوغۇق بولۇشى بولىدۇ. بۇ ئۆششۈپ قالغان كىشىلەر ۋە ياشانغانلاردا بولىدۇ. بۇنىڭدا دوۋساق بويىنىنى ئوراپ تۇرىدىغان مۇسكۇل پالەچلەنگەنلىكى ئۈچۈن دوۋساقنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ ۋە دوۋساققا يىغىلغان ئاز مىقداردىكى سۈيدۈكنىمۇ توختىتىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئەمما بۇنىڭدا سۈيدۈك كۆپ مىقداردا يىغىلغاندىن كېيىن چىقىدۇ.

3. ئىتتىرىپ چىقارغۇچى كۈچنىڭ ئاجىزلىقى بەزىدە دوۋساقنىڭ چىقىرىپ تاشلاش كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن دوۋساقنى سىقىشقا تولۇق قادىر بولالمايدۇ. مەيلى سۈيدۈك دوۋساققا تولغان بولسۇن ياكى دوۋساقتا ئاز مىقداردا بولسۇن.

4. سۈيدۈك تەستە كېلىشنىڭ سەۋەبلىرى بەزىدە سۈيدۈك تەستە كېلىشنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر (مەسىلەن: ئىششىق، تاش پەيدا بولۇش، چاپلاشقاق ھۆللۈك، قان ئۇيۇش قاتارلىقلار) دىن سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشمۇ پەيدا بولىدۇ، تولۇق توسۇلۇش بولمىغان شەرت ئاستىدا. چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە تەبىئەت سۈيدۈكنى ئاز - ئازدىن چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك تەستە كېلىش ۋە تامچىلاپ كېلىش تەڭ كۆرۈلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا زىيابىتۇس، ئۈچەي قۇرتى، سوغۇق ياكى ئىسسىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشمۇ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى سىيىپ بولغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىتقىچە سۈيدۈك تامچىلاپ تۇرىدۇ ھەمدە بىمارغا تولۇق سىيىپ بولالمىغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

1. سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كۆيۈشۈش بولىدۇ ۋە سۈيدۈك سېرىق بولىدۇ. سەپرا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمار ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار ۋە ئىسسىق دورىلارنى يېگەن بولىدۇ، ئومۇمەن بۇ تۈرى ياشلاردا كۆرۈلىدۇ.

2. دوۋساق ۋە ئىتتىرىپ چىقارغۇچى كۈچنىڭ ئاجىزلىقى سىيگەندە كۆيۈشۈش بولمايدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ. بىمار كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى چارىلەرنى قوللانغان بولىدۇ.

3. سۈيدۈك تەستە كېلىشنىڭ سەۋەبلىرى بۇنىڭ ئالامىتى سۈيدۈك تەستە كېلىشتە سۆزلەندى.

داۋالاش:

1. سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇرۇق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: قوغۇن ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلار. سېمىزئوت ئۇرۇقى شىربىسى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىربىسى، ئارپا سۈيى ھەمدە سۈيدۈك تۇتقۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: تاباشىر، يۇمغاقسۈت، ھۇمماز ئۇرۇقى، گۈل ئەرمىنى، سەندەل، ئانارگۈلى، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارغا كاھۇ سۈيى قوشۇپ بېرىلىدۇ. غىزاسىغا مەلوخىيە (باغ ھەمىشباھارى چۈشكەن غىزا)، كاسىنە، كاھۇ ۋە قاپاق قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

2. دوۋساق ۋە ئىتتىرىپ چىقارغۇچى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ئىسسىق مەجۇنلەر، مەسىلەن: مەسرۇدىتۇس، ئىترىفىل كەبىر، جاۋارىش كۇندۇر، سەنجىرىنا قاتارلىقلارغا باشقا قابىز دورىلار (مەسىلەن: جۇپتى بەللۇت، ھەببۇلئاس قاتارلىقلار) قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئۈچۈن مەجۇنى ماسكۇل بەۋل ھار ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. مەسىلەن: كۇندۇر، بەللۇت، سەئدە كۇفى، خولىنجان، دارچىن، ئاس، ھەلىيۇن، ھەسەل قاتارلىقلار بىلەن مەجۇن تەييارلىنىدۇ. ئىترىفىل سەغىردىن 0.1 گىرامنى سەنجىرىناغا ئارىلاشتۇرسا بۇمۇ پايدىلىقتۇر. بىمارغا ئەنجۈر ۋە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم يېگۈزۈلىدۇ.

3. سۈيدۈك تەستە كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى بۇنىڭ داۋاسى سۈيدۈك تەستە كېلىشتە سۆزلەندى.

پايدىلىق سۆز ئەسلى كېسەللىك سەۋەبى ئېتىبارى بىلەن قائىدە بويىچە داۋالاش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم. ئەگەر بۇ كېسەللىك دوۋساق ئاجىزلىقى ياكى سوغۇق نەرسىلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، ئەتىگەندە جاۋارىش زەر ئۇنى ۋە كەچتە مەجۇنى پەلاسپە يېگۈزۈش، ئەگەر ئىسسىق ئەشيالار سەۋەبىدىن بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بېرىش لازىم.

سۈيدۈك تۇتالماسلىق

سۈيدۈك تۇتالماسلىقنىڭ مەنىسى سۈيدۈكنىڭ ئىختىيارسىزلا چىقىپ كېتىشىدۇر.

سەۋەبى:

1. دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى ئۇنىڭ سەۋەبى دوۋساقتا سوغۇقلۇقنىڭ غالىب بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇسكۇلى بۇزۇلغان ھۆللۈك سەۋەبىدىن ئاجىزلىغانلىقى بولىدۇ.

2. ئومۇرتقىلارنىڭ سىلجىشى بەزىدە بۇ كېسەللىك دوۋساق ئۇدۇلىدىكى ئومۇرتقىنىڭ ئۆز ئورنىدىن سىرتقا سىلجىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوۋساقنىڭ تارىمۇشلىرى ئۈزۈلۈپ، دوۋساق بوشىشىپ، سۈيدۈككە بېسىم چۈشۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بەزىدە بۇ ئومۇرتقا سىرتقا سىلجىپمۇ كېتىدۇ، بۇنىڭدا تارىمۇشلار ئۈزۈلمەستىن، بەلكى

دوۋساقنى قورىغۇچى مۇسكۇللار كېسەللىنىدۇ. بۇ ھالەتتە مەزكۇر مۇسكۇل دوۋساقنى قورۇش ۋە سۈيدۈكنى تولۇق چىقىرىشقا قادىر بولالمايدۇ.

بەزىدە بۇ سەۋەب بىلەن سۈيدۈك تۇتالماسلىقنىڭ ئورنىغا سۈيدۈك تۇتۇلۇش كۆرۈلىدۇ، يەنى بۇنىڭ بىلەن دوۋساق مۇسكۇلىدا تەشەننۇج پەيدا بولۇپ دوۋساق مۇسكۇلى سىيگەن ۋاقىتتا كېڭىيەلمەيدۇ ۋە بوشىشالمايدۇ.

بەزىدە ئومۇرتقىلارنىڭ ئىچكى تەرەپكە سىلجىشىدىنمۇ سۈيدۈك تۇتالماسلىق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن مۇسكۇل بوشىشىپ يىغىلالمايدۇ ۋە ئومۇرتقا دوۋساق ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن سۈيدۈك كۆپ مىقداردا يىغىلمايدۇ، بەلكى قانچىلىك سۈيدۈك يىغىلسا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بەزىدە سۈيدۈك تەستە كېلىش شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرۈلىدۇكى، دوۋساق يولى ئومۇرتقىنىڭ بېسىشى بىلەن توسۇلۇپ قالىدۇ.

3. **دوۋساقنىڭ ئىسسىقلىقى** بەزىدە بۇ كېسەللىك دوۋساقتا كۈچلۈك ھارارەت كۆرۈلگەنلىكتىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوۋساق كانىلى بوشىشىپ كېڭىيىدۇ ھەمدە مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن دوۋساقتا ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ.

4. **باشقا سەۋەبلەر** قوشنا ئەزالار ئىششىقى، مەسىلەن: بالىياتقۇ ئىششىقى، كىندىك ئىششىقى، شۇنىڭدەك دوۋساقنىڭ سىلجىشى، تۆز ئۈچەينىڭ چوڭ تەرەت بىلەن زىيادە تولۇپ قېلىشى ۋە ھامىلىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ سۈيدۈك تۇتالماسلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بۇ تۈرى سەۋەبى يوقالغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. بەزىدە بوھران ھالىتىدىمۇ سۈيدۈك تۇتالماسلىق كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى:

1. **دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى** سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. بۇ سۆزلىنىپ بولدى. سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، كۆيۈشتۈرۈپ كەلمەيدۇ.

2. **ئومۇرتقىلارنىڭ سىلجىشى** ئومۇرتقىنىڭ تەكشىلىكى بۇزۇلىدۇ.

3. **دوۋساقنىڭ ئىسسىقلىقى** ئىسسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن يېقىمسىزلىق ئاشىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈك رەڭلىك بولىدۇ. قىسقىسى، بۇنىڭ سەۋەبلىرى سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە بالىلاردا، دوۋساق ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن سوغۇق پەسىللەردە كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش

1. **دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى** ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە قابىز دورىلار، مەسىلەن: كۇندۇر، سەئدە كۇفى، خولىنجان قاتارلىقلار جۈپتى بەللۇت، ھەببۇلئاسقا ئوخشاش قابىز ۋە

قۇرۇق دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇ خاس تۇردە ئىتتىرىفىل كەبىر ۋە ئىتتىرىفىل سەغىرمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبلىرى كالىنىڭ سېرىقمېيىدا مايلاپ قورۇلغان شەرت ئاستىدا. ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار سۈركىلىدۇ، بۇنىڭدا ئىپار ۋە قۇندۇز قەھرى ئېرىتىلگەن بولسۇن.

2. ئومۇرتقىلارنىڭ سىلجىشى ئەگەر تارىمۇشلار ئۈزۈلگەن بولسا، ئۇنى داۋالاش قىيىن، بەلكى داۋالىغىلى بولمايدۇ. ئومۇرتقا سىلجىغان ھالەتتە ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئومۇرتقىلارنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

3. دوۋساق ئىسسىقلىقى سۈيدۈكنى توختاتقۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك قۇرسلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇ، تاباشىر، ئانارگۈلى، گۈل ئەرمىنى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن، بۇنىڭ بايانى زىيابىتۇستا سۆزلىنىپ بولدى.

ئەگەر سۈيدۈك تۇتالماسلىق بوھران سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنى توختىتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار دوۋساق ئاجىزلىقىدىن بولسا ۋە سوغۇق پەسىلدە كۆرۈلسە، چوكا ناۋات يېگۈزۈلىدۇ ياكى تىل (بىرخىل ئۇرۇقتۇر) نى سوقۇپ، قارا شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ، يېيىشقا مۇناسىپ ھالدا چوڭ - كىچىك كۇمىلاچ تەييارلاپ، بىرى ئەتىگەندە، يەنە بىرى كەچتە يېگۈزۈلىدۇ (مۇناسىپ مىقدارى ياشلار ئۈچۈن 24 گىرام) ياكى ئەتىگەندە كۈندۈر، مەستىكىدىن 0.16 گىرامدىن، زورەمباتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، گۈلقەنت ھەسىلى ياكى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ياكى جاۋارىش مەستىكىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. شام ۋاقتىدا مەجۇنى كۈندۈردىن يەتتە گىرام ياكى جاۋارىش زەر ئۈندىن يەتتە گىرام ياكى مەجۇنى ماسكۇل بەۋلىدىن يەتتە گىرام ياكى مەجۇنى پەلاسپەدىن يەتتە گىرام 144 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئۆچكە، كەكلىك، قوي گۆشى شورپىسى قاتارلىقلارنى ماش ئارھەر (بىر خىل ئاشلىق) ئۇنى، كاكچا نېنى بىلەن يېگۈزۈش ھەمدە سوغۇق ۋە ھۆل نەرسىلەردىن، سوغۇق سۇ ۋە مۇزدىن، گۈرۈچ، قېتىق، دوغاپ، قېتىق سۈزمىسى قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

سىيىپ يېتىش

سىيىپ يېتىشنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە دوۋساق مۇسكۇلىنىڭ بوشاپ قېلىشى بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەزالىرىدا ھۆللۈك زىيادە بولىدۇ ھەمدە

ئادەتتىكى سەۋەبلەر بىلەن بوشىشىدۇ. باللارنىڭ مېڭىسىدە ھۆللۈك زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قاتتىق بولىدۇ، ئۇيقۇ بۇ كېسەللىكنىڭ كۆرۈلۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىمار سىيگۈسى كەلگەنلىكىنى سەزگىچە، تەبىئەت ۋە يوشۇرۇن ئىرادە (بۇ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئوخشاشتۇر) تولۇق ھېس قىلىشتىن ئىلگىرى سۈيدۈكنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. سۈيدۈك ئىككى كۈچنىڭ ۋاستىسى بىلەن چىقىرىلىدۇ. بىرى، ئىرادىگە بېقىنىدىغان چىقىرىپ تاشلاش كۈچى؛ يەنە بىرى، تەبىئىي چىقىرىپ تاشلاش كۈچى. بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئۆزى سۈيدۈكنى توختىتىشقا قادىر بولىدۇ. ئەكسىچە مەنىي پەقەت تەبىئىي چىقىرىپ تاشلاش كۈچى بىلەن چىقىرىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئېھتىلام بولغاندا ئۇنىڭ چىقىشىغا يەڭگىل ئۇيقۇ شەرت بولمايدۇ ھەمدە ئىنسان جىمادا ئۆزى خالاپ ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۇنى توختىتالمايدۇ. بالا ئۇنىڭدىن كېيىن (سىيگەندىن كېيىن) كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇخلايدۇ ھەمدە ئويغانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئويغىنىشىنىڭ سەۋەبى پەقەت سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە دوۋساق تولغاندىكى يېقىمسىزلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبلەر يوقالسا بالا قاتتىق ئۇخلايدۇ.

داۋالاش سۈيدۈك تۇتالماسلىقنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ، دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە دوۋساق مۇسكۇلىنىڭ بوشىشىدىن پەيدا بولىدۇ، كۆپىنچە باللاردا داۋالاش بىلەن تامامەن ياخشىلىنىش بولمايدۇ. ئەگەر بالا بالاغەتكە يېتىپ بەدىنىدە ھارارەت ئېشىپ، نېرۋىلىرى مۇكەممەللەشسە، بۇ كېسەللىك ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

چارىلەر بۇ كېسەللىكنىڭ ياخشىراق چارىسى بىمارغا كەچ ۋاقىتتا تاماق، سۇ بەرمەسلىك ۋە ئۇيقۇدىن بىرقانچە قېتىم ئويغىتىپ سىيدۈرۈش لازىم. يۇقىرىقىغا ئاساسەن بۇ چارىمۇ پايدىلىق بولىدۇكى، بالا بۇ ۋاقىتتا ئورنىغا سىيىۋاتقان بولىدۇ. ئويغاتقۇچى ئادەم بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ بەدىنىگە سوغۇق سۇ چاچىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا چۆچۈپ ئويغىنىدۇ، بۇ يېقىمسىزلىق كەلگۈسى ئۈچۈن سىيىپ يېتىشنى يوقىتىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

تېكىننىڭ ئۇرۇقدېنىنى ياكى بۆرىكىنى قورۇپ يېگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

شەيخ ئېيتقانكى، سىيىپ يېتىشنىڭ ئىلاجى دوۋساق ئىستىرخاسى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىقنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇمۇ زۆرۈركى، قورساق توق ھالەتتە بىمارنى ئۇخلاتماسلىق لازىم، ئۇنداق بولمىسا، سىيگۈسى كەلگەننى تۇيماي ئۇخلايدۇ ھەمدە ئويغىنىشتىن ئىلگىرى سىيىپ قويىدۇ.

ئەسكەرتىش سىيىپ يېتىشتا كۈچۈلا ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرىدىن بەزى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى نەتىجە قولغا كېلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئادەتتە دوۋساق ئاجىزلىقىدىن كۆرۈلىدۇ، بۇ نېرۋا ئاجىزلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

قان سىيىش

سۈيدۈك بىلەن قان كېلىدۇ، بەزىدە قان شۇنچىلىك ئاز بولىدۇكى، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى گۆش يۇغان سۇغا ئوخشاش سۇس گۈلاب رەڭلىك بولىدۇ. بەزىدە سۈيدۈكتە قان بىلەن يىرىڭمۇ چىقىدۇ، يەنە بەزىدە يىرىڭ ئارىلاشمىغان ھالەتتە قان شۇنچىلىك زىيادە چىقىدۇكى، سۈيدۈك توق قىزىل رەڭدە كېلىدۇ. ئادەتتە قان سىيىشتە مۇشۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سەۋەبى:

1. قان تومۇرلار ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ۋە يېرىلىشى بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە بۆرەك، دوۋساق، سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسى قاتارلىقلارنىڭ تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالغانلىق ياكى يېرىلغانلىق بولىدۇ. قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ۋە يېرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بەدەندىكى تولۇپ قېلىش ۋە قان تومۇرلاردىكى تولۇپ قېلىش، بۆرەك ئىششىقىنىڭ تۈرلىرى، بۆرەك يېگىلەش، بۆرەك ئۆسمىلىرى ۋە سەرتانى، سۈيدۈك يولى، دوۋساق ئىششىقى ۋە يارىسى، ئېچىشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، تاش پەيدا بولۇش، قىزىل، چېچەك ۋە باشقا ئوفۇنەتلىك قىزىتما، ھەيز ياكى بوۋاسىر قېنىنىڭ توختاپ قېلىشى، بۆرەك ياكى دوۋساققا زەربە تېگىش ھەمدە بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى ھەم ئاپەتلىرى قاتارلىقلار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىرەر ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش ياكى كۈچىنىش قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.
2. بۆرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى بەزىدە بۇ كېسەللىك بۆرەك ياكى جىگەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن قان سۇ تەركىبلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.
3. يېيىلىش بەزىدە بۇ كېسەللىك شۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا بولىدۇكى، سۈيدۈك ئەزالىرىنىڭ تومۇرلىرى بۇزۇلىدۇ ھەمدە ئۇلاردا يېيىلىش پەيدا بولىدۇ.
4. قوشنا ئەزادىكى يارا، زەخىم قاتارلىقلار ئەتراپتىكى ئەزالارنىڭ يارىلىرى ۋە زەخمىسىدىنمۇ قان سىيىش كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا روھىي زەربە، رەنجىش ۋە غەمنىڭ كۆپلۈكىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى

1. قان تومۇرلار ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ۋە يېرىلىشى بۇ تۈردە پەقەت قانلا كېلىدۇ. بۇنىڭدا قان يارا ياكى يېيىلىش سەۋەبىدىن چىقمايدۇ. قان ساپ ۋە قىزىل بولىدۇ، ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ كېسەللىك يارا سەۋەبىدىن بولسا، ئاغرىق،

ئېچىشىش، كۆيۈشۈش بولىدۇ. قاننىڭ مىقدارى كۆپ بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىشتىن بولسا، قان نىسبەتەن ئاز بولىدۇ.

ئەگەر قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشىدىن بولسا، قان كۆپ مىقداردا تۇيۇقسىز كېلىدۇ. بۇ، بۆرەككە زەربە تېگىش ياكى ئۆتكۈر غىزا يېگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ ياكى سەرتان قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدىن بولىدۇ.

تارتىشىپ قېلىش ۋە قاتما كېسەل (كۇزاز) قان تومۇر ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ۋە يېرىلىشى بەزىدە ئۆتكۈر تۈردىكى تارتىشىپ قېلىش ۋە قاتما كېسەل (كۇزاز) دىن پەيدا بولىدۇ.

مۇئەييەن دەۋرى بۇ قان بۆرەكتىن بەزىدە دەۋرىيلىك كېلىدۇ، خۇددى بوۋاسىردىكى قان مەقئەتتىن دەۋرىيلىك كەلگىنىدەك.

قان دەۋرىيلىك كەلگەندە بەلدە ئاغرىق بولىدۇ، قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، قان چىقسا ئاغرىق توختايدۇ.

2. بۆرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى سۈيدۈك گۆش يۇغان سۇغا ئوخشاش كېلىدۇ.

بۆرەك ئاجىزلىقىدىن بولغان تۈرىدە سۈيدۈكتە تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق زىيادە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۈيدۈكتە قويۇقلۇقمۇ سەل زىيادە بولىدۇ.

بۇ جىگەر ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولغان بولسا، سۈيدۈكتە قىزىللىق نىسبەتەن زىيادە بولۇپ، قانغا ئوخشاپ قالىدۇ. سۈيدۈك نىسبەتەن زىيادە سۇيۇق بولىدۇ.

بۇ ئىككى تۈرنى داۋالاش جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىدا سۆزلىنىپ بولدى.

3. يېپىلىش قان سىيىشنىڭ بۇ تۈرى يارىدىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. بۇ بىرەر تومۇر ئورنىدا پەيدا بولىدۇ ۋە شۇ يەرگىچىلىك بۇزۇلۇپ بولىدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن تومۇرنىڭ جەۋھىرى بۇزۇلۇپ يېپىلىدۇ.

قان ئازراق، توختاش بىلەن كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يىرىڭمۇ كېلىدۇ ھەمدە سېسىق پۇراقمۇ بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش قان سۈيدۈك يولى ئارقىلىق ئوخشاشمىغان ئەزالاردىن كېلىدۇ، ئەگەر قان بۆرەكتىن كەلگەن بولسا، سۈيدۈككە ئارىلاشقان بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگى ئاقۇچ قارىغا مايىل بولىدۇ ۋە بۆرەك قاسراقچىلىرى تېپىلىدۇ. ئەگەر دوۋساقتىن كەلگەن بولسا، سۈيدۈكتىن كېيىن ساپ قان كېلىدۇ ياكى سۈيدۈكنىڭ ئاخىرىغا قان ئارىلاشقان بولىدۇ ھەمدە قاننىڭ ئۇيۇغان پارچىلىرى تېپىلىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك يولىدىن كەلگەن بولسا، قان جىرغىپ ياكى تامچىلاپ چىقىدۇ، بۇ بەزىدە سۈيدۈكتىن ئىلگىرى كېلىدۇ، بەزىدە ئاخىرىدا

سۈيدۈككە ئارىلىشىپ كېلىدۇ، بەزىدە سۈيدۈككە ئارىلاشمايمۇ كېلىدۇ. ئەگەر مەزى بېزىدىن كەلسە، سۈيدۈكتىن كېيىن كېلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ.

4. قوشنا ئەزالاردىكى يارا، زەخىم قاتارلىقلار بۇنىڭ ئالامىتى مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنمىغان.

داۋالاش:

1. قان تومۇرلار ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ۋە يېرىلىشى ئەھۋالى يار بەرسە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قۇرسى بەۋلۇددەم يېگۈزۈلىدۇ. بۇ بەگەنەي ئۇرۇقى، نىشاستە، كەتىرا، ئانارگۈلى، ئامىلە ئۇسارىسى، خۇنسىياۋشان، ئەرەب يېلىمى، سېمىزئوت سۈيى ۋە پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدىن تەييار قىلىنغان بولسۇن. بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرسى كەھرىۋا ۋە قۇرسى نەپسۇددەممۇ پايدىلىق. بۇنىڭ نۇسخىسى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسلىي كېسەللىك تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم.

2. بۆرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى بۇنىڭ ئىلاجى بۆرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقىدا سۆزلەندى.

3. يېيىلىش بۆرەك ۋە دوۋساق يارىسىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ سۆزلىنىپ بولدى.

4. قوشنا ئەزالاردىكى يارا، زەخىم قاتارلىقلار بۇنىڭ داۋالىشى مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنمىغان.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەسلىي سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىش، بىمارنى يول يۈرۈشتىن توسۇش ۋە ئارام ئېلىپ يېتىشقا كۆرسەتمە بېرىش لازىم.

قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن قان توختاتقۇچىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر زەربە سەۋەبىدىن قان سىيگەن بولسا، مەزكۇر چارىدىن باشقا زەربە تەگكەن ئورۇننى مۇز ياكى سوغۇق نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇسخىلار بېرىلىدۇ: چاكسۇ (چەشمەك ئۇرۇقى) دىن 21 دانە، ئاق سەندەلدىن بەش گىرامنى كېچىدە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ ئىچكۈزۈش ھەمدە شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى سۇفۇپتىن ئۈچ گىرامنى سۇ بىلەن بېرىش لازىم.

سۇفۇپ نۇسخىسى: خۇنسىياۋشان، گۈل ئەرمىنى، ئانارگۈلى، سەنگى جاراھەت، ئاق تۈز، كۇندۇر، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، قورۇلغان زەمچە، ئاق ناۋات قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ. غىزادىن كېيىن 48 گىرام كافۇر سۈيۈقلۇقىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر بۆرەك ئىششىقى ياكى سۈيدۈك يولى يارىسىدىن بولسا ياكى

ھەيز ۋە بوۋاسىر قېنى توختاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ھەيز تۇتۇلغان ئەھۋالدا پولات مۇرەككەباتلىرى پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر دوۋساقتىن قان كېلىۋاتقان بولسا، 60 گىرام سوغۇق سۇدا 0.24 گىرام زەمچىنى ئېرىتىپ ھۆقنە قىلىش، سۈيدۈك يولىدىن قان كېلىۋاتقان بولسا، ئىچىگە توم سۇلائى (بىر خىل سايمان) كىرگۈزۈپ، سىرتىدىن مۇز ئارقىلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئارپا ئېشى، سۈت، ماش ئۇنى، خۇشكە، سوغۇق ئوتياشلاردىن پالەك، سېمىزئوت، قاپاق قاتارلىقلارنى بېرىش ھەمدە ھەر خىل غىدىق پەيدا قىلغۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ۋە غىزالاردىن تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان غىزالاردىن ھەمدە ئېغىر ۋە كۆپتۈرگۈچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش

سەۋەبى:

1. يېرىڭ بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەزىدە يېرىڭ بولىدۇ، بۇ دوۋساق يارىسى ياكى دوۋساق قوتۇرىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى بىلەن داۋالىشى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

سۆزنەكمۇ ئەمەلىيەتتە سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، سۈيدۈك يولى يارىسىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ يارا بۇ كېسەللىككە ئىلگىرى گىرىپتار بولغان پاھىشە ئاياللار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش بىلەن يۇقۇملىنىشتىن پەيدا بولىدۇ.

2. سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تۇزلۇقلۇقى بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تۇزلۇقلۇقى بولىدۇ، بۇ، سەپرا قوشۇلغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ ھالەتتە ئىسسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈك رەڭلىك بولىدۇ. يېرىڭ ۋە قاسراقچىلار چىقمايدۇ.

داۋالاش ئىسپىغۇل لۇئابى، بىنەپشە شەربىتى ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇرۇق دورىلاردىن تەييارلانغان ھەب ۋە نوقۇت سۈيى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تۇزلۇق، چۈچۈمەل ۋە ئۆتكۈر نەرسىلەردىن ھەم زىيادە تاتلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى، بادام يېغى، توخۇ گۆشى شورپىسى، ئارپا ئېشى، قاپاق ۋە بىرەر ئۆتكۈر تەم بولمىغان غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3. سۈيدۈك يولى يارىسى بەزىدە بۇ كېسەللىك سۈيدۈك يولى يارىسى (سۆزنەك) سەۋەبىدىن بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا سىيگەندە ئېچىشىش بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن دوۋساق يارىسىدىكى پەرق شۇكى، دوۋساق يارىسىدا سۈيدۈك ئاز ۋە قايتا -

قايتا كېلىدۇ، چۈنكى ئۆتكۈر ئاغرىق سەۋەبىدىن سۈيدۈكنىڭ ئەزىيىتىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سۈيدۈك كۆپ مىقداردا توپلىنالمايدۇ (نەفىيس).

بۇنىڭ باشقا سەۋەبلىرى ئىسسىق نەرسىلەر، مەسىلەن: مۇرچ، ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولىدىكى غىدىقلىنىش ۋە ياللىغلىنىش كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى ئەسلى سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىش، سوغۇق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى لوئابلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سوغۇق سۇ، قېتىق سۈزمىسى ۋە شەربەت ئىچكۈزۈش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، غىزاسىغا سۈت، ئارپا ئېشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ساددا ۋە سۇيۇق نەرسىلەرنى بېرىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەندىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىلدىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، بىرقانچە كۈنگىچە ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ نۇسخا بىلەن بەزىدە بانادۇق بۇزۇرىمۇ يېگۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: بانادۇق بۇزۇرىدىن بىر دانە، ئوغرىتىكەندىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە سۇفۇپى رەۋەن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى رەۋەن نۇسخىسى: رەۋەنچىنى، شورە، خېنە يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، تۆت قېتىملىق ئىستېمال مىقدارىدا دورا تەييارلىنىدۇ. بىر قېتىملىق ئىستېمال مىقدارىنى ئەتىگەندە قايناق سۇغا چىلاپ، كەچتە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: كەچ ۋاقىتدا موزا دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن كىچىك بىر تۆشۈك ئېچىپ، تۆشۈكتىن چىققان سۇ بىر قاچىغا ئېلىپ، ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچ ۋاقىتدا سۇفۇپى رەۋەن يېگۈزۈلىدۇ.

جىنەستە پوستى شېكىرى سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، بۇنىڭ نۇسخىسى سۆزنەكتە يېزىلدى. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشى يارىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، دەسلەپكى بىرقانچە كۈنگىچە مەزكۇر سوۋۇتقۇچى نۇسخىنى ئىچكۈزۈش، ناۋادا يىرىك ئازايسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش: قۇرسى گۈلنار، قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى كاكىنەجنىڭ ھەربىرىدىن بىر دانىدىن ئېلىپ، دورىلارنىڭ بىرەرىنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئاندىن سۇدا 12 گىرام جىنەستە پوستى شېكىرىنىڭ لوئابىنى چىقىرىپ، 36 گىرام شەربىتى بۇزۇرىغا

ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈش ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇش: قىزىل سېغىز، نوقۇت ئۇنى كېپىكى قاتارلىقلاردىن 12 گرامدىن ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە كەندىرگە ئوخشاش سوقۇپ، تاسقاپ ئىچكۈزۈش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، يۇمشاق، سۇيۇق، سوغۇق، ساددا غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: گۈرۈچ سۈيى، سۈت، ماش ئۇمىچى قاتارلىقلار قاپاق، تەندا، سېمىزئوت، پالەك، ھۆل ئوتياشلار بىلەن ياكى كاكچا نان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئۆتكۈر، تۇزلۇق، ئىسسىق نەرسىلەر، چۈچۈمەل نەرسىلەر، ئىسسىق دورا - دەرمەك سېلىنغان گۆش قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

سۆزنەك (ھۇرقە)

بۇ كېسەللىك سەيلانى زەھرى، نىكال، ئۇقۇبە قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇقۇبە — جازا، نىكال — ئىبرەت قوزغايدىغان جازا، ھۇرقە — ئېچىشىش، زەھرە — ھەسەننىڭ دىۋىسى ۋە ئالىھە جامال دېگەن مەنىدە.

ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بۇ، ئۆرپ - ئادەتتە زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر دېيىلىدۇ. بۇ زەھەر ھەر تەرەپكە تەۋە بولىدۇ، بۇ كېسەللىك يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ ئىبرەت ئالىدىغان جازاسىدۇر. بۇ ئاجايىپ سۆزدۇركى، يارىتىلىشتا جانلىقلار بۇ ئازابقا مۇپتىلا قىلىنمىغان، خۇددى ئۇلاردا بوۋاسىرمۇ بولمىغىنىدەك.

سۆزنەك — سىيدۈك ئېچىشىپ كېلىشىنىڭ مەخسۇس تۈرىدۇر. بۇنىڭدا دەسلەپتە سىيدۈك يولى ئىششىيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يارا، يەنى يىرىڭ پەيدا بولىدۇ، بۇ يىرىڭنىڭ مەددە زەھرىيە ياكى قەيھۇززەھرە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەرلەردىكى سۆزنەك بۇ كېسەللىككە ئەر - ئاياللار بىردەك مۇپتىلا بولىدۇ. ئەرلەردە سۆزنەكنىڭ دەسلىپىدە ئىششىق سىيدۈك يولىنىڭ ئومۇمەن ئالدىنقى بۆلىكى (زەكەر بېشى قىسمى) دە بولىدۇ، بۇ ئىششىق تېزلا يارىغا ئۆزگىرىدۇ (يەنى بۇنىڭدا يىرىڭ شەكىللىنىدۇ)، ئاندىن بۇ يارا بەزىدە زەكەر بېشىدىن چوڭىيىپ، سىيدۈك يولىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا مەزى بېزى ۋە ئۇرۇقدانغىچە تەسىر قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سۆزنەكنىڭ ماددىسى قان ئېقىمىغا قوشۇلۇپ يىراق ئەزالارغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ ھالەتتە كۆپرەك بوغۇملار كېسەللىنىدۇ، بۇ سۆزنەكتىن بولغان ۋەجئۇل مۇپاسىل دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە قانغا بۇنىڭ يىرىڭى قوشۇلۇپ، بەدەندە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بەزىدە يۈرەك ئىچكى پەردىسى

ئىششىدۇ. بۇ ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن باشقا سۆزنەكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: قولتۇق ئىششىقى، قان سىيىش، سىيدۈك تۇتۇلۇش، دوۋساق ئىششىقى، ئۇرۇقدان ئىششىقى، كۆز ئاغرىقى، ئەرلىك يوقىلىش قاتارلىقلار.

بەزىدە سۆزنەك ئاياللاردىمۇ سىيدۈك يولىدىن ئۆتۈپ، بالىياتقۇ بويىنى ۋە بالىياتقۇغىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇ ئىششىقى، جىنسىي يول ئىششىقى ھەمدە تۇغماسلىق پەيدا بولىدۇ.

تۈرلىرى ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن سۆزنەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سۆزنەكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالامەتلەر ئۆتكۈر بولسا، بۇ ئۆتكۈر سۆزنەك دېيىلىدۇ. ئەگەر دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۆتكۈرلۈكتىن كېيىن ئالامەتلەر يەڭگىللىسە، بۇ سوزۇلما سۆزنەك دېيىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ناپاك ئايال ياكى ئەر بىلەن جىما قىلىش بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئادەتتە بۇ كېسەللىك بۇزۇق ئاياللاردىن ئەرلەرگە ۋە ئەرلەردىن ئىللىق ئائىلىلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. بەزى تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، ئاق تەنلىكلەردە بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى زىيادە بولىدۇ ھەمدە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈررەك بولىدۇ. بەزى تېۋىپلارنىڭ دېيىشىچە، سۆزنەك ماددىسى بەزى ۋاقىتلاردا چالا ئۆلۈك ھالىتىدە يېتىپ، يىللارغىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرىدۇ، لېكىن بۇ ھالەتتىمۇ ئۇ، يۇقۇملىنىشنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللار بىلەن جىما قىلغاندىن كېيىن، 2 ~ 3 - كۈنى ۋە بەزىدە 5 ~ 7 - كۈنى سىيدۈك يولىدا ئىششىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە قىچىشىش، غىدىقلىنىش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ. سىيدۈك ئېچىشتۇرۇپ ئاغرىتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يىرىڭ كېلىشكە باشلايدۇ، بۇ دەسلەپتە سۇيۇق، سۇس ئاسمان رەڭگىدە بولۇپ، كېسەللىكنىڭ بىرىنچى باسقۇچىسىدۇر، بۇ ھالەت ئومۇمەن 3 ~ 4 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قويۇق ۋە سېرىق رەڭلىك يىرىڭ كۆپ مىقداردا چىقىشقا باشلايدۇ ۋە باشقا ئەگەشمە ئالامەتلەر ئۆتكۈرلىشىدۇ، يەنى سىيگەندە ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش ئۆتكۈر بولىدۇ، سىيدۈك يولى ئەتراپى ئىششىيدۇ، يىرىقتىكى بەزلەر ئىششىيدۇ، بەزىدە ئېغىزمان، بەل ۋە توققۇزكۆزدە تارتىشىشتىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن بەدەندىكى سىستېمىلار قالايمىقانلىشىپ، قىزىتما پەيدا بولىدۇ، ئومۇمەن قەۋزىيەت بولىدۇ ھەمدە ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ، بەزىدە خاس ئەزا ئىششىپ، كىيىم تېگىشتىنمۇ يېقىمسىزلىنىدۇ، بەزىدە سىيدۈك يولى ئىششىقى سەۋەبىدىن سىيدۈك تۇتۇلىدۇ ياكى قاناش پەيدا بولىدۇ، بۇ تۈردىكى يېقىمسىزلىق ئومۇمەن 2 ~ 3 ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ، كېسەللىكنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن

كېيىن ئۈچىنچى باسقۇچى باشلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئالامەتلەر ۋە ئەگەشمە ئالامەتلەر يەڭگىللەشكە باشلايدۇ. ئەگەر دەسلەپتىلا مۇۋاپىق داۋالاش قىلىنسا، بارلىق ئەگەشمە ئالامەتلەر يوقىلىدۇ ھەمدە مۇتلەق ساقىيىدۇ. نۇقرەس ۋە ۋەجئۇل مۇپاسىلنى داۋالاش زىيادە قىيىن بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا يىرىڭ توختىغاندىن كېيىن كۆپىنچە كېسەللىك قايتىلىنىدۇ. لېكىن، قائىدىلىك ۋە مۇناسىپ داۋالاش قىلىنمىسا ياكى پەرھىز قىلىنمىسا، بۇ ھالەتتە مەزكۇر ئىششىق سۈيدۈك يولىنىڭ كەينىدىكى تارايغان قىسمىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئومۇمەن سۈيدۈك يولى ئىششىغان دەسلەپكى 15 كۈندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا سۈيدۈك قايتا - قايتا، ئاز - ئازدىن ئىنتايىن ئېچىشتۇرۇپ ۋە ئاغرىتىپ كېلىدۇ، بۇنىڭغا بىرئاز قانمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ، يىرىقتا ئاغرىق ۋە ئېغىرلىق سېزىلىدۇ ھەمدە بەدەندە كۆپ ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئىششىقنىڭ سۈيدۈك يولىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تارقىلىشى ھەمىشە خەتەرلىك بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن مەزى بېزى، ئۇرۇقدان ۋە ئۇرۇق قاچىسى ئىششىيدۇ ھەمدە باشقا يېقىمسىزلىق ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، كۆپىنچە بۇ ئەھۋاللار سوزۇلما سۆزنەكنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ.

سوزۇلما سۆزنەك بۇنىڭدا ئۇزۇنغىچە ئاز - كۆپ يىرىڭ كېلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە سىيگەن ۋاقىتتا كۆيۈشۈش ۋە ئاغرىق سېزىلىدۇ، لېكىن باشقا بىرەر يېقىمسىزلىق ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ، يىرىڭ كۆپىنچە سۇيۇق بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا قويۇقمۇ بولىدۇ، بەزىدە كۆپ، بەزىدە شۇ قەدەر ئاز بولىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن پەقەت سۈيدۈك يولى ئېغىزى چاپلىشىپ قالىدۇ ياكى ئەتىگەندە ئويغانغاندا، زەكەر بېشىدىن ئازراق يىرىڭ چىقىدۇ، بۇ ئۇزۇنغىچە بەلكى يىللارغىچە كېلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھالەتتە ئايال بىلەن جىما قىلسا، ئۇمۇ بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولىدۇ. ئەگەر سۆزنەك ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملاشسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن قايتا - قايتا كېسەللەنسە، سۈيدۈك يولى ئەتراپىغا ھۆللۈك تويلىنىپ، سۈيدۈك يولى تارىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يارا ئورنىغا ئازراق بۇزۇلغان تالالار پەيدا بولۇش ياكى يارا ئورنىنىڭ قورۇلۇشى بىلەنمۇ سۈيدۈك يولىنىڭ ئۇ بۆلىكى تارىيىدۇ ياكى توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ھالەتتە بىمار بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ، چۈنكى سىيگەندە قاتتىق يېقىمسىزلىق بولىدۇ ھەمدە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا سۈيدۈك تۇتۇلۇش بولىدۇ. بۇ كېسەللىككە دىياگنوز قويۇشتا بۇ ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇكى، بەزىدە سۆزنەكنىڭ زىيانلىق ماددىسى يېرىم ئۆلگەن ھالەتتە سۈيدۈك يولى پەردىسىنىڭ تارىمۇشلىرىدا ئۇزۇنغىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمارنىڭ تولۇق ساغلاملىقىغا جەزم قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەلۇم كىشى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەر كېسەللىك ئالامىتى ئاشكارا بولمىسىمۇ، لېكىن

ئۇ ئىككىنچى كىشىگە بۇ كېسەللىكنى يۇقتۇرۇشنىڭ ئىستېداتىنى تۇتىدۇ. ئەگەر يىرىڭ كەلمىسە، سۈيدۈك يولى ئېغىزى ماددىلار بىلەن چاپلىشىپ تۇسۇلۇپ قالمىسا، ئىسسىق يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر، مەسىلەن: گۆش، تۇخۇم، سامساق، پىياز، قىزىلمۇچ قاتارلىقلار ۋە ئۆتكۈر ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى غىزالارنى يېيىش، چاي، شاراب قاتارلىقلارنى ئىچىش ياكى چۈچۈمەل غىزالارنى يېيىش بىلەن سۈيدۈك ئىچىشتۇرۇپ كەلمىسە، جىمادىن كېيىن سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كەلمىسە، جۈملىدىن يىرىقتىكى بەزلەر ئىششىمىسا، يەنى بارماق بىلەن باسقاندا قولغا ئۇرۇنمىسا ياكى ئازراق ئۇرۇنسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ئومۇمەن بىمارغا كېسەللىكتىن ساقايغانلىقى ئېيتىلىدۇ. لېكىن مۇشۇنداق دېيىش ھەمىشە توغرا بولمايدۇ.

ئاياللاردىكى سۆزنەك ئەرلەردە سۆزنەك كۆرۈلگىنىدەك ئاياللاردىمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. ئاياللاردا بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئاپەت كۆپىنچە سۈيدۈك يولى ياكى بالىياتقۇ بويىنىنىڭ ئىچكى پەردىسى ياكى ئىككىلىسىدىن باشلىنىدۇ.

ئالامىتى ئۆتكۈر سۆزنەكتە جىنسىي يولدا قىزىش ۋە ئېچىشىش مەلۇم بولىدۇ، يىرىڭ كېلىدۇ، سىيگەندە ئېچىشىدۇ، سۈيدۈك يولىغا قولنى تەگكۈزگەندە ۋە قارىغاندا ئىششىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ ھەمدە سۈيدۈك يولى ئېغىزىدا قىزىللىق ۋە ئىششىق بولىدۇ، بېسىش بىلەن يىرىڭ چىقىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ بويىنىمۇ كېسەللەنگەن بولسا، قان قېيىش سەۋەبىدىن بالىياتقۇدا ئاغرىش بولىدۇ، بەلدىمۇ ئۆتكۈر ئاغرىش بولىدۇ، كۆپىنچە كىندىك ئاستىنى بېسىش بىلەن ئاغرىش مەلۇم بولىدۇ ۋە جىنسىي يولدىن قان ئارىلاش يىرىڭ چىقىدۇ.

سوزۇلما سۆزنەكتە بىرەر خاس ئالامەت تېپىلمايدۇ، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىدۇ، دوۋسۇندا ئاغرىق بولىدۇ، كېيىن ئاق خۇن كېلىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بەزىدە سىيگەندە ئاغرىپ، سۈيدۈكى تامچىلاپ كېلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك بالىياتقۇدىن تەرەققىي قىلىپ، تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىگىچە يېتىپ بارسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئايال تۇغماس بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى سۆزنەكنىڭ دەسلىپىدە سىيگەندە يەڭگىل ئېچىشىش بولۇپ، زەكەر بېشىنى باسقاندا سۇيۇق يىرىڭ چىقسا، بۇ ۋاقىتتا مۇناسىپ داۋالاش قىلىنسا تېز پايدىسى بولىدۇ.

سۆزنەكنىڭ دەسلىپىدە غىدىقلىنىش ۋە ئېچىشىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن، يەڭگىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى بېرىش ھەمدە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يېيىش ئۈچۈن ئارپا ئېشى، سۈت، كېۋەز نېنى، گۈرۈچ سۈيى، پېچىنە ياكى كاكچا قاتارلىقلارغا ماش ئۇنى ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك يېشىل كۆكتاتلارنى قوشۇپ يېگۈزۈش لازىم. ساپ سۇنىڭ ئورنىغا تۇزلۇق سۇ ئىچكۈزۈلسە، ناھايىتى ياخشىدۇر. مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يەپ - ئىچىش بىلەن سۈيدۈك راۋانلىشىدۇ، ئۆتكۈر، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر، مەسىلەن: قىزىلمۇچ،

ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچلەر، ھەر تۈردىكى چۈچۈمەل نەرسىلەر، گۆش، شاراب ۋە چاي قاتارلىقلارنى يەپ ـ ئىچىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش، جىمادىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا بىمارنى يول يۈرۈش، ھەرىكەت ۋە ھەر تۈردىكى قاتتىق ھەرىكەت قىلىشتىن توسۇش، ئۇرۇقدانىنى بىرەر نەرسە بىلەن باغلاپ قويۇش لازىم. مۇشۇنداق ھالەتتە بىرەر يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش (ھۆقنە قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش) نىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر ئېچىشىش ۋە ئاغرىقنىڭ شىكايىتى كۆپ بولسا، بىمارنى بەلگىچە ئىلمان سۇدا 10 ~ 15 مىنۇت تۇرغۇزغاندا (ئابزەن قىلدۇرغاندا) ئاغرىق ۋە ئېچىشىش پەسىيىدۇ. دەسلەپكى ھالەتلەردە كېسەللىك يەڭگىل بولغاندا ھۆقنە قىلىش زىيانلىقتۇر.

كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن ھالىتىدە (بۇنىڭ مۇددىتى ئومۇمەن ئۈچ ھەپتە بولىدۇ) يىرىڭ كۆپلەپ چىقىدۇ، سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ ۋە ئاغرىتىپ كېلىدۇ. ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا بەزىدە مۇشۇنداق ئۆتكۈر قوزغىلىش بولىدۇكى، بىمار بۇ يېقىمسىزلىقتىن بىئارام بولىدۇ. بۇ دەرىجىدىمۇ بىمارنى ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇش، يول يۈرۈشتىن توسۇش ھەمدە يۇقىرىقى مەزكۇر غىزالار ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش لازىم، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق پەسىيىپ ۋە يەڭگىللەپ، سۈيدۈك راۋان كېلىدۇ، تاكى سۈيدۈك يولى يىرىڭدىن تازىلىنىدۇ. ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش بولمىغۇچىلىك مەزكۇر داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. بۇ كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن ھالىتىدە ھەرگىز ھۆقنە قىلماسلىق لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە ھۆقنە قىلغاندا كېسەللىك تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە يىرىڭ چىقىش توختىغاندىن كېيىن ئۇرۇقدان ئىششىقى قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. 15 ~ 20 كۈنگىچە يۇقىرىقى مەزكۇر داۋالاش ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ناۋادا ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش بولسا، يەنى يىرىڭنىڭ چىقىشى ئازايسا، سۈيدۈكنىڭ ئېچىشتۇرۇپ ۋە ئاغرىتىپ كېلىشىمۇ ياخشىلانسا، بۇ كېسەللىكنىڭ خاس دورىلىرى، مەسىلەن: سەندەل يېغى، بىلسان يېغى، كاۋاۋچىن يېغى ياكى ئۇلارنىڭ مۇرەككەباتلىرى ۋە باشقا سۇفۇپلار ۋە مۇناسىپ ھەبلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، يەرلىك ئورۇنغا ئوفۇنەتنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ھۆقنە قىلىش، يىرىڭ چىقىش توختىغاندىن كېيىنمۇ 10 ~ 15 كۈنگىچە دورىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم تاكى كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىش خەۋپى يوقىلىپ، مۇكەممەل ساغلاملىق ھاسىل بولسۇن. ئۆتكۈر سۆزنەكتە بىر ئايغىچە، سوزۇلما سۆزنەكتە ئىككى يېرىم ئايغىچە داۋالاشنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. غەيرىي مۇستەقىل مىزاجلىق كىشىلەر ۋە پەرھىزنى بۇزغانلار قىسقا ۋاقىت ياخشىلىنىدۇ ۋە مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كېسەللىكنىڭ يامان نەتىجىسى قاتتىق يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

سوزۇلما سۆزنەكتە كېچىكتۈرمەستىن ھۆقنە قىلىش ۋە بۇنى ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قاراش

ھەمدە تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. سەندەل يېغى ۋە بىلسان يېغىنىڭ مۇرەككىباتلىرى بۇ ھالەتتە مەنپەئەتلىك بولىدۇ. بەزى بىمارلارغا سەندەل يېغى، جۈملىدىن بىلسان يېغى ۋە كاۋاۋىچىن ياكى كاۋاۋىچىن يېغىنى ئىشلىتىش بىلەن ھەزىم بۇزۇلۇش بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدۇ، بەزىسىنىڭ ئىچى سۈرۈشكە باشلايدۇ ۋە بەزى بىمارلارنىڭ بەدىنىگە قىزىل يىرىڭلىق ئىششىق ياكى مۇدۇرلار چىقىدۇ، بەزى بىمارنىڭ سۈيدۈكىدە تۇخۇم ئېقىسىمان ماددا كېلىشكە باشلايدۇ، بەل ياكى بۆرەك ساھەسىدە ئاغرىق سېزىلىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە دورا ئىستېمال قىلىشنى توختىتىش، لېكىن ھۆقنە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، بەزى بىمارلارغا مەزكۇر دورىلار (سەندەل يېغى، بىلسان يېغى، كاۋاۋىچىن يېغى) تامامەن مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق بىمارلارغا ئۇ دورىلارنىڭ ئورنىغا باشقا دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ھۆقنە قىلىشنىڭ ئەھكاملىرى سۆزنەكنىڭ دەسلىپىدە ۋە سۆزنەكنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن ھالىتىدىن باشقا ھالەتلەردە ھۆقنە قىلىش ئىنتايىن پايدىلىق ۋە زۆرۈردۇر. سۆزنەكنىڭ دەسلىپى ۋە سۆزنەك ئۆتكۈرلەشكەن ھالەتتە دورىلارنى ئىچىش بىلەن ياخشىلىنىش بولىدۇ. ناۋادا ئۇزۇنغىچە يىرىڭ چىقىپ تۇرسا ياكى سۆزنەك سەۋەبىدىن سۈيدۈك يولى پەردىسى قېلىنلاپ قالسا، جۈملىدىن سۆزنەك سوزۇلما ھالەتتە بولسا، ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىش لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە ھۆقنىگە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر بايانلار يېزىلغان:

1. شېشىسى سۈزۈك، ياخشى ئىشپىرىس بولۇشى لازىم. ھۆقنە قىلغان ۋاقىتتا بۇنىڭ گىرۋەكلىرى سانجىغۇدەك ۋە يېقىمسىزلىقنى كۈچەيتىۋەتكۈدەك ئۆتكۈر بولمىسۇن، بەلكى بىرقەدەر يۇمىلاق، سىلىق بولسۇن. دۇغلاشقان، كىچىك ئەينەكلىك ئىشپىرىسلار (بۇ ئومۇمەن دۇكاندارلاردىن تېپىلىدۇ) بۇ مەقسەت ئۈچۈن ياخشى ئەمەس.

2. ھۆقنە قىلىدىغان ئېرىتمىنى ئىلمان قىلىش لازىم. بۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، دورىلار زىيادە ئۆتكۈر ۋە ئېچىشتۇرىدىغان بولمىسۇن.

3. قايسى كۈنى ھۆقنە قىلسا، شۇ كۈنى كۈندە 4 ~ 5 قېتىم ھەر ئۈچ سائەتتىن ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن ھۆقنە قىلىش لازىم. بىرقانچە كۈنگىچە مۇشۇ ئەمەلنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن كۈندە ئەتىگەن ۋە كەچتە ھۆقنە قىلىش، ئەگەر يىرىڭنىڭ كېلىشى تامامەن توختىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ 3 ~ 4 كۈنگىچە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھۆقنە قىلىپ تۇرۇش لازىم.

4. ھۆقنە قىلغان ۋاقىتتا بىمارنى سىيگەن ۋاقىتتىكىدەك ئولتۇرغۇزۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن زەكەر بېشىنى تۇتۇپ، بىرئاز يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولى بىلەن ئىشپىرىس (دەسلەپتىلا بۇنىڭغا دورا تولدۇرۇپ قويۇلغان بولسۇن) نىڭ بېشىنى سۈيدۈك يولىغا ئاستا كىرگۈزۈپ، ئاندىن سىلىقلىق بىلەن ئىشپىرىس دەستىسىنى بېسىپ، دورىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ بولغاندىن

كېيىن، ئىشپىرىسنى چىقىرىۋېلىش لازىم. ئىشپىرىسنى چىقارغان ۋاقىتتا، سۈيدۈك يولى ئېغىزىنى بېسىپ تۇرۇش تاكى دورا دەرھال چىقىپ كەتمىسۇن ۋە 4 ~ 5 مىنۇتقىچە بېسىپ تۇرۇش تاكى دورىنىڭ تەسىرى كۆرۈلسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ياتقۇزۇش لازىم. يۇقىرىقى مەزكۇر چارىلەردىن باشقا بۇ سۆزگىمۇ دىققەت قىلىش لازىمكى، ناۋادا سۆزنەك بىمارىدا سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە باشلىسا ياكى يىرىق ياكى مەقئەتكە يېقىن ئورۇندا ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق مەلۇم بولۇشقا باشلىسا ياكى ئۇرۇقداندا ئىششىق ۋە ئاغرىق پەيدا بولسا ياكى مۇشۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى پەيدا بولسا، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، سۈيدۈك يولى ئىششىقى مەزى بېزى ياكى دوۋساققىچە يېتىپ بارغان بولىدۇ ياكى سۆزنەك ماددىلىرى قان تومۇرلارغا كىرىپ ۋەجئۇل مۇپاسىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلسا، بۇ ھالەتتە ھۆقنە ئىشلىتىشنى توختىتىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار سۆزنەكنىڭ دەسلىپىدە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە يارىنى تازىلاش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

جىنەستە پوستى نۇسخىسى بۇ نۇسخا سۆزنەك ۋە سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى ھارارەت سەۋەبىدىن بولغاندا ئىنتايىن پايدىلىقتۇر، بۇنى دېھلى تېۋىپلىرى ئەمەلىي داۋالاشتا ئىشلەتكەن. جىنەستە پوستى شېكىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ ئېزىپ، كېچىدە قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، كەچتە ئالتە گىرام كاسنىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا ئېزىپ سۈزۈپ، 48 گىرام بۇزۇرى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە كەچتىكى نۇسخىسىغا جاۋاھىر چۈشكەن خېمىرى گاۋزىباندىن بەش گىرام، ئاشقازاننى ياخشىلاش مەقسىتىدە بەش گىرام بەدىيان شىرىسى ھەمدە قان تازىلاش ۋە ھارارەتنى پەسەيتىش مەقسىتىدە بەش دانە چىلان شىرىسى قوشۇپ ئىچكۈزۈش ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرەرىنى ئىچكۈزۈش لازىم:

نۇسخا (1): ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، 72 گىرام ئەرقى بەدىيان ۋە 72 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا ئېزىپ، سۈزۈپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (2): ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن توققۇز گىرام، ئوغرىتىكەن، ئاق لەيلى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، ئاق زىرىدىن تۆت گىرام، كاسنە ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سۇ ياكى ئەرەقلەردە ئېزىپ، سۈزۈپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (3): ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئورۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، ئېكەكلەنگەن ئاق سەندەل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ سۇدا ئېزىپ، سۈزۈپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نۇسخىلاردىن مەلۇم بىرىدىن شەربەتنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا شىرخىستىتىن 12 ~ 24 گىرامغىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئەگەر مەزكۇر نۇسخىلارنى ئىشلىتىش بىلەن مەنپەئەت ھاسىل بولمىسا ھەمدە دەسلەپكى دەرىجىسىدىن ئۆتۈپ كەتسە، سۈيدۈك يولىنى تولۇق تازىلاش مەقسىتىدە سۇفۇپى شورە قەلىمى نۇسخىسى ياكى 5 ـ ياكى 10 ـ نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. بۇلار تۆۋەندە يېزىلغان.

سۇفۇپى شورە قەلىمى نۇسخىسى: بۇ، سۆزنەك ۋە يىرىڭ ئېقىشنى داۋالاشتا تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھەم ئومۇملاشقان نۇسخىدۇر. شورە قەلىمى، قاقىلە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 21 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، ھەممىسىنى ئالتە بۆلەك قىلىپ، ئۈچ بۆلەكنى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش، قالغان ئۈچ بۆلەكنى ئۈچ كۈنگىچە كۆرۈچ يۇغان سۇ بىلەن يېگۈزۈش، ئۈنىڭدىن كېيىن ئەگەر سۆزنەكنىڭ ئازراق تەسىرى قېپقالسا، 8 ـ ياكى 9 ـ نۇسخىسىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. ئەگەر ئۇلار بىلەن ياخشىلىنىش بولمىسا ياكى سۆزنەك سوزۇلما بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرەرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (بۇ نۇسخىلار سۆزنەك كېسەللىكىنىڭ ياخشىراق نۇسخىلىرىدۇر. جۈملىدىن نۇسخىلار 2، 3، 4، 6، 8، 9، 11، 12، 13 قاتارلىقلار). ھۆقنە ئىشلىتىش، بۇنىڭ نۇسخىسى ئۇ نۇسخىلارنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان.

سۆزنەككە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار:

1. نۇسخا: سەندەل يېغى ياكى بىلسان يېغىدىن بىر گىرامنى تاتلىق نەرسە بىلەن يېگۈزۈش ۋە ئۈستىدىن جىنەستە پوستى چۆشكەن نۇسخا (ئۈستىدە سۆزلەندى) نى ئىچكۈزۈش ياكى داۋائى سۇرۇخ ياكى داۋائى بەھروزە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن جىنەستە پوستى چۆشكەن نۇسخىنى بېرىش لازىم.

2. داۋائى سۇرۇخ نۇسخىسى: قىزىل سېغىز، زەمچىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، ئاق شېكەردىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سۇفۇپ ياساپ 3 ~ 5 گىرامغىچە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن جىنەستە پوستى نۇسخىسىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

3. داۋائى بەھروزە نۇسخىسى: ھۆل بەھروزەتەر، زەمچىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، زەمچىنى ئۇششاق قىلىپ، بەھروزەتەر بىلەن ساپال كوزىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ئېتىپ 1.5 كىلوگىرام تېزەك ئوتىغا كوزىنى قويۇش، ئوت شۇ قەدەر بولۇش لازىمكى، بەھروزە ۋە زەمچە ئىككىسى

ئېرىپ بىرلىشىپ قۇرۇسۇن، ئاندىن كېيىن ئوت ئۆچكەندە كوزىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن دورىنى چىقىرىپ، يۇمشاق ئېزىپ قويۇش ھەمدە 1 ~ 2 گىرامغىچە دورىنى جىنەستە پوستى چۈشكەن نۇسخا ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

4. ئەرقى سۆزنەك نۇسخىسى: بۇ ئەرەق كونا ۋە يېڭى سۆزنەك ئۈچۈن (بىرىنچى باسقۇچىدىن كېيىن) ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدىن 120 گىرام، شارابى تەندۇتىز (مەسلەن: بىراندى)دىن 24 گىرام، سەندەل يېغىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ، 12 گىرامنى ئەتىگەندە، 12 گىرامنى چۈشتە ۋە 12 گىرامنى شام ۋاقتىدا ئىچكۈزۈش، ئەگەر كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى تېپىلمىسا، 60 گىرام قۇرۇق يۇمغاقسۈتنى 360 گىرام سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قاينىتىپ، ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا دورىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

5. داۋائى گەندەك شورە نۇسخىسى: بۇ سوزۇلما سۆزنەك ئۈچۈن ياخشى دورىدۇر. ئاق گۈڭگۈرت، شورە قەلىمىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ ئېزىپ، تۆمۈر كورىغا سېلىپ، ئۈستىگە يەنە بىر تۆمۈر كورىنى قويۇپ، ئىككىسىنىڭ گىرۋەكلىرىنى گىل ھېكمەت قىلىپ، ئوچاق ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىن سۇس ئوت قالىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىتتا ئىككى دورا ئېرىپ ئۆزئارا بىرلىشىدۇ، ئاندىن كورىنى ئوتتىن چۈشۈرۈپ، سوۋۇغاندا 12 گىرام زەمچە قوشۇپ يۇمشاق ئېزىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شەربىتى بۇزۇرى ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

6. سۇفۇپى سۆزنەك نۇسخىسى: بۇ، كونا ۋە يېڭى سۆزنەك (بىرىنچى باسقۇچىدىن كېيىن) نى داۋالاشتا ئومۇملاشقان ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخىدۇر. يېشىل موزىدىن 12 گىرام، كەتسەفىدتىن 24 گىرام، ئاق تاباشىردىن ئالتە گىرام، كۈشتە قىلىنغان مارجاندىن 4.5 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، 36 گىرام سەندەل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يەتتە بۆلەك قىلىش، بىر بۆلىكىنى يېگۈزۈپ ئۈستىدىن 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئىچكۈزۈش، ئەگەر ئىچ سۈرۈش بولسا، يەتتە دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسىنى سۇدا چىقىرىپ، 24 گىرام ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈش لازىم.

7. سۇفۇپ نۇسخىسى: بۇ، كونا ۋە يېڭى سۆزنەك ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولۇپ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۈيدۈك يولىنى تازىلاپ، يارىنى ياخشىلايدۇ. كاۋاۋچىنىدىن 24 گىرام، شورە قەلىمى، كەتسەفىد، ئاق زىرە، لاچىندانە ئۇرۇقى، نېلۇپەر ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، بەھرۇزە جەۋھىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ ياساپ توققۇز بۆلەك قىلىپ، بىر بۆلىكىنى ئەتىگەندە، يەنە بىر بۆلىكىنى كەچتە كالا سۈتى دوغاپى بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

8. سۇفۇپ نۇسخىسى: بۇ، كونا ۋە يېڭى سۆزنەكنى داۋالاشتا ئومۇملاشقان ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخىدۇر. بەھروزە جەۋھىرى، تاباشىر، قاقىلە ئۇرۇقى، كاۋاۋىچىندىن ئالتە گىرامدىن، ئاق ناۋاتتىن 24 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلاپ، سەندەل يېغىدىن 18 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى گىرامنى ئەتىگەندە، ئىككى گىرامنى كەچتە كالا سۈتى بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

9. سۆزنەكنى يوقاتقۇچى سۇفۇپ: كۇندۇر، رال، سەنگى جاراھەتنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرامدىن، خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمىنىدىن 12 گىرامدىن، سالاجىت جەۋھىرى، پىشقان گەندە بەھروزە، ئىسپىغۇل كېپىكىدىن ئالتە گىرامدىن، قەلەي كۇشتىسىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، بۇ دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلاپ 14 بۆلەك قىلىپ، بىر بۆلىكىنى ئەتىگەندە، بىر بۆلىكىنى كەچتە مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈت دوغاپى بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

10. دورا نۇسخىسى: بۇ، سۆزنەك ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. دەسلەپتە تۆۋەندىكى ئەندەرى جۇلاپىنى بېرىش، ئاندىن باشقا دورىنى يېگۈزۈش (بۇ تۆۋەندە يېزىلغان) لازىم. بۇ نۇسخا يېزىلغان ئۇسۇل بويىچە بىرىنچى باسقۇچتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

سۇفۇپى ئەندەرى جۇلاپ نۇسخىسى: شورە قەلىمىدىن ئالتە گىرام، لاچىندانەدىن توققۇز گىرام، توغرىغۇدىن 12 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئىككى بۆلەك قىلىپ، كالا سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتىدىن ئىككى كىلوگىرامغا سۈزۈك ۋە سوغۇق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ساپال كوزىغا قۇيۇپ، ئاۋۋال بىر بۆلەكنى يەپ، ئۈستىدىن كوزىدىكى دوغاپنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ تۈگىتىش، ئاندىن يەنە بىر بۆلەكنى يەپ، قالغان دوغاپنى ئىچىش، يەنى ئىككى بۆلەك دورىنى بارلىق دوغاپ بىلەن ئىچىپ تۈگىتىش لازىم. كەچتە پوستى ئاقلانغان ماش ۋە گۈرۈچ ئۈنى، ئىككىنچى كۈنى گۈرۈچ ئۈنى، ئۈچىنچى كۈنى تۆۋەندىكى دورىنى يېگۈزۈش لازىم:

نۇسخا: لاچىندانە، تاباشىر، كاۋاۋىچىندىن 12 گىرامدىن، تازىلانغان بەھروزە، ناۋاتتىن 24 گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلاپ، پۈتۈن سۇفۇپنى 11 بۆلەك قىلىپ، ئەتىگەندە بىر بۆلەكنى ئۆچكە سۈتى بىلەن يېگۈزۈش، چۈچۈمەل ۋە مايلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

11. سۇفۇپ نۇسخىسى: بۇ، كونا سۆزنەك ئۈچۈن پايدىلىق. كاۋاۋىچىندىن 60 گىرام، تازىلانغان بەھروزە، بەگەنەي ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، لاچىندانە 24 گىرامدىن. خۇنسىياۋشان، تاغ ئادراسمان ئۇرۇقى، قەلەي كۇشتىسى، تاباشىردىن 12 گىرامدىن، ئىنتىياڭقى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، رال، قورۇلغان زەمچىدىن ئالتە گىرامدىن، بىلسان يېغى، تەنكاردىن ئۈچ گىرامدىن، كاكىنەچ ئۇرۇقىدىن 60 گىرام، قاقىلەدىن 418 گىرام، رۇببىسۇستىن تۆت گىرام،

گىلۇ جەۋھىرىدىن 36 گىرام، سەندەل يىغى، كاۋاۋىچىن يىغىدىن 30 گىرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ياغنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، تۆت گىرامنى ئەتىگەندە، تۆت گىرامنى كەچتە شەربىتى بۇزۇرى ياكى شەربىتى كاكنەچ قوشۇپ يېگۈزۈش لازىم.

12. سۇفۇپ نۇسخىسى: سۆزنەك يارىسىنى پۈتتۈرىدۇ. قورۇلغان زەمچە، گىل ئەرمەنى، كاكنەچ، كەتسەفىد، گەزمازەج، ئانارگۈلى، ئاق رال، موزا قاتارلىق دورىلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئوخشاش ئېغىرلىقتا ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، ئالتە گىرامنى تۆۋەندىكى چىلانىما بىلەن يېگۈزۈش لازىم:

چىلانىما نۇسخىسى: خام نوقۇت پوستىدىن 60 گىرام ئېلىپ، كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر دورىنى قوشۇپ يېگۈزۈش لازىم.

13. داۋائى مەھلول نۇسخىسى: بۇ سۆزنەك ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. قىيمۇلىيا سېغىزى، كاۋاۋىچىندىن 24 گىرامدىن، قورۇلغان زەمچىدىن 24.75 گىرام، ساپ سەندەل يىغىدىن ئۈچ گىرام، بەدىيان يىغىدىن 12 گىرام، ئەرەب يىلىمىدىن 36 گىرام، يامغۇر سۈيىدىن 750 گىرام ئېلىپ، دەسلەپتە سەندەل يىغى ۋە بەدىيان يىغىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا قوشۇپ ياكى بىرەر شىشىگە قۇيۇپ ئوبدان قوچۇپ، ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن باشقا تەركىبلەرنى قوشۇپ ئاپتاپتا قويۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ دورا پەقەت تۆت كۈنلۈك بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچ ۋاقىتتا ئىچىلىدۇ. ئەگەر يامغۇر سۈيىنى تاپقىلى بولمىسا، ئادەتتىكى سۇ ئىشلىتىلىدۇ.

قىيمۇلىيا سېغىزى — بۇ ناھايىتى يۇمشاق ئېزىلگەن دورا بولۇپ، بازاردىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

ھۆقنە نۇسخىلىرى:

نۇسخا (1): بەرائى سوزاك نۇسخىسى: قورۇلغان يېشىل تۇتىيا، قورۇلغان زەمچىندىن ئالتە گىرامدىن، قورۇلغان مەدەستان، سۈرمە ئىسپىھانى، يېشىل موزىدىن 12 گىرامدىن، ئاق رال، رۇسۇتتىن 24 گىرامدىن، مەستىكى رۇمىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى سالايە قىلىپ شىشىدە ئېرىتىپ، ئەپيۈن، بەھروزە يىغىدىن بىر گىرامدىن قوشۇپ ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (2): سۆزنەك ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئېچىشىش ۋە ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ. رۇسۇت، كەتسەفىددىن 12 گىرامدىن، كافۇر، ئەپيۈندىن بىر گىرامدىن. بۇلارنى ئىككى كىلوگىرام سۇغا سېلىپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ سۈزۈپ، زۆرۈر بولغاندا ئىلمان قىلىپ ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (3): ھېلىلە پوستى، بەلىلە پوستى، ئامىلە، خىنە يوپۇرمىقى، زەمچىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئىككى كىلوگىرام قايناق سۇغا

سېلىپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، ئىلمان قىلىپ ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (4): كونا سۆزنەك ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سېرىق ھېلىلە پوستى، بەلىلە پوستى، ئامىلە، خېنە يوپۇرمىقىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى چالا سوقۇپ، ئىككى كىلوگىرام سۇغا بىر كېچە چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، بۇنىڭغا ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، ئۇپا، گىل ئەرمىنى، رۇسۇت، مەدەستان، يەرلىك نىل، كافۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (5): كونا سۆزنەك ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. رۇسۇت، كەتسەفىددىن 12 گىرامدىن، ئەپيۇندىن بىر گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ئىككى كىلوگىرام سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، بۇنىڭغا كافۇر، قورۇلغان زەمچىدىن بىر گىرامدىن، قورۇلغان تۇتىيادىن 0.72 گىرام، رەسكىپوردىن 0.12 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ ئىلمان قىلىپ، كۆرسەتمە بويىچە ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (6): كونا سۆزنەك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. يېشىل نىم يوپۇرمىقىدىن 120 گىرام ئېلىپ، بىر كوزىغا سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ، 20 كىلوگىرام تېزەك ئوتىدا كۆيدۈرۈش (تاكى ئۇ كۆيۈپ ئاق كۈل بولسۇن، قارىلىق قالمىسۇن) كۈلىنى كوزىغا سېلىپ، بىر شىشە سۇدا ئېرىتىش ھەمدە بىر گىرام قورۇلغان يېشىل تۇتىيا ۋە ئالتە گىرام مەستىكىنى يۇمشاق ئېزىپ، بۇ سۇغا قوشۇپ، ئوبدان قوچۇپ قويۇش، ئاندىن سۈزۈلگەن سۈيىنى باشقا قاچىغا ئېلىپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، شىشىگە قۇيۇش ھەمدە سىيىپ بولغاندىن كېيىن ھۆقنە قىلىش. تۇز، مۇرچنى ئاز يېيىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ خەشخاش پوستىنىڭ يېرىمىنىڭ سۈيىنى كەچ ۋاقىتتا ئىچىش، ھۆقنىنى توختاتقاندىن كېيىنمۇ خەشخاش پوستى سۈيىنى ئىچىپ تۇرۇش، غىزاسىغا گۈرۈچ سۈيى ياكى كاكچا نان يېيىش لازىم.

نۇسخا (7): زەمچە، قورۇلغان تۇتىيادىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، بەش كىلوگىرام سۇدا قاينىتىپ، ئىككى كىلوگىرام سۇ قالغاندا رەختتە سۈزۈپ شىشىگە تولدۇرۇش ھەمدە قائىدە بويىچە ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (8): كۆيدۈرۈلگەن يېشىل تۇتىيادىن ئۈچ گىرام، مەدەستان، رۇسۇت، سەنگى جاراھەتتىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى ياخشى ئېزىپ، 180 گىرام قېتىق سۈيىدە ئۈچ گىرام سۇفۇپنى ئېرىتىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىرقانچە قېتىم ھۆقنە قىلىش لازىم.

نۇسخا (9): خۇنسىياۋشان توققۇز گىرام، تۇتىيا، كەت پاپرىيەدىن ئىككى گىرامدىن، ساپ رۇسۇت، مەدەستان، سەنگى جاراھەت ئۈچ گىرامدىن، لاچىندانە ئۇرۇقى، قىزىل سەندەلدىن

ئىككى گىرامدىن، يەرلىك نىلدىن ئۈچ گىرام، كۆيدۈرۈلگەن ئىت تىلدىن توققۇز گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ئەرقى بەنگىرەدە ئېزىپ، ئالتە دانە ھەب ياساپ، ھەر كۈنى بىر دانە ھەبنى قېتىق سۈيىدە ئېرىتىپ ھۆقنە قىلىش لازىم.

سۆزنەكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى:

زەكەر بېشى ئىششىقى بۇ، سۆزنەك بىمارىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا زەكەر بېشىدا ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش زەكەر بېشىنى ئىسسىق سۇ ياكى نىم يوپۇرمىقى قاينىتىلمىسى بىلەن ھەر كۈنى ياخشى تازىلاش، ئاندىن گىل ئەرمىنى ۋە رۇسۇتنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، كۆك ئىنتىئۇزۇمى ياكى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدە ئېزىپ زىمات قىلىش، ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن ياخشىلانمىسا، بىمار خەتنە قىلىنمىغان بولسا، خەتنە قىلىش لازىم. زەكەر بېشى ئىششىقىدىن بەزىدە ئىككىلەمچى ھالەتتە زەكەر لىمفا كانىلىمۇ ئىششىيدۇ، بەزىدە يىرىڭ بەزلىرىمۇ ئىششىيدۇ، بەزىدە زەكەر بېشىغا سۆزنەك سۆگىلى پەيدا بولىدۇ. سۆزنەكنى مۇناسىپ داۋالاش بىلەن يىرىڭ بەزلىرىدىكى ئىششىق ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئىلاجى باشقا يىرىڭلىق ئىششىقلارنىڭكىدەك قىلىنىدۇ.

سۆزنەك سۆگىلى دەسلەپتە بۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكۈر داغلىغۇچى دورىلار، مەسىلەن: بۇ زىماتنى چېپىش: قورۇلغان تەنكار، قورۇلغان زەمچە، قورۇلغان نۆشۈدۈر، ئاق تۇز قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، ساپ سىركىدە ئېزىپ چېپىش ياكى ئۈچ گىرام زەنگارنى ئېزىپ 12 گىرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىش لازىم، ئۇ دورىلارنى چېپىش بىلەن سۆگەل يوقالمىسا، نەشتەر بىلەن كېسىپ، مۇناسىپ مەلھەم چېپىپ، زەخمنى پۈتتۈرۈش لازىم.

زەكەر يىرىڭلىق ئىششىقى سۆزنەك ماددىلىرى ياكى ئۇنىڭ بىلەن باشقا ماددىلار سۈيدۈك يولىنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق بوشلۇقلىرىغا يېتىپ بارسا، ئۇلاردا يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا سۈيدۈك يولىنىڭ تۆۋەنكى دىۋارىدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. بۇ يىرىڭلىق ئىششىق بەزىدە ئىچكى تەرەپكە، بەزىدە سىرتقى تەرەپكە، بەزىدە ئىچى ۋە سىرتقى تەرەپكە ئېغىز ئالىدۇ، بۇنىڭ ئاخىرقى ھالىتى زەكەر ئاقمىسى دېيىلىدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئېنىقلانسا، بۇنى سىرتقى تەرەپتىن نەشتەر ئۇرۇپ تىلىش لازىم تاكى ئاقما شەكلىگە ئۆزگەرمىسۇن.

زەكەر تولغىشىپ قېلىش كېچىدە ئۇخلىغاندا زەكەردە شۇقەدەر قوزغىلىش ۋە قايىم

بولۇش بولىدىكى، زەكەر ئاستى تەرەپ ياكى مەلۇم بىر تەرەپكە ئېگىلىدۇ ھەمدە ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زەكەر بۇلۇتسىمان تېنى ياكى بوشلۇق تېنىدىن بىرەرىگە توپلانغان سىرغىما ماددىلار بولىدۇ.

داۋالاش قاتتىق قوزغىلىش بولسا، مۇز سۈيى ياكى سوغۇق سۇدا رەختنى ھۆللەپ جىنسىي ئەزا ئۈستىگە قويۇش ھەمدە ئۇنى قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇش كېرەك. خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسىنى سوۋۇتقاندىن كېيىن، مۇشۇنداق ئىشلىتىش بىلەن قوزغىلىش ۋە ئاغرىش يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كافۇر يېگۈزۈش ھەمدە ئۇنىڭ ئېرىتمە سۈيىدە زەكەرنى ھۆللەپ قويۇشمۇ پايدىلىقتۇر.

ۋەدى بېزى ئىششىقى ۋەدى بېزى ئىششىقىدىن بەزى بىمارلاردا يىرىقنىڭ چوڭقۇر جايىدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى نەشتەر بىلەن تۆشۈك ئېچىپ تېز داۋالىمىسا، سۈيدۈك ئاقمىسى پەيدا بولۇشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. بۇنى داۋالاش مەزى بېزى ئىششىقىنى داۋالاشقا ئوخشاش بولىدۇ.

مەزى بېزى ئىششىقى دوۋساق، مەقئەت ۋە يىرىقتا ئېغىرلىق، كۆيۈشۈش ۋە ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاپ ئاغرىتىش بىلەن كېلىدۇ، ئۆتكۈر ئاغرىق سەۋەبىدىن بىمار چوڭ تەرەت قىلىشنى خالىمايدۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن سۈيدۈك بىلەن بىللە ھۆللۈك چىقىشقا باشلايدۇ. ئەگەر مەقئەتكە بارماق سېلىپ تەكشۈرۈلسە، مەزى بېزىنىڭ چوڭايغانلىقى سېزىلىدۇ ھەمدە بارماقنى تەگكۈزۈش بىلەن بۇنىڭدا ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش بىمارنى ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇش، يىرىققا بىرقانچە زۇلۇك قۇرتى قويۇش، ئاندىن خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسى بىلەن ياكى خەشخاش پوستى ۋە نىم يوپۇرمىقى قاينىتىلمىسى بىلەن دوۋساق، يىرىق ۋە مەقئەتكە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ھەمدە پىسپىنى قول بىلەن سىقىپ، يىرىق ۋە مەقئەتكە تېگىش ھەمدە بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

نۇسخا: بىنەپشە، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى بەش گىرامدىن، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، چىلاندىن بەش دانە ئېلىپ، بۇلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، بەزىدە ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەپيۇن ۋە لۇفاھ شىيافلىرىنى تەييارلاپ مەقئەت ئىچىگە قويۇش لازىم. ئەگەر ئىششىق سوزۇلما بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، دەسلەپتە مەزى بېزى ئىششىغانلىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يىرىقتا ئېغىرلىق، پات - پات سىيگۈسى كېلىشتىن باشقا، سۈيدۈكتە يىپقا ئوخشاش چۆكمە بولىدۇ. سۈيدۈك بەزىدە توختاپ، بەزىدە يېقىمسىزلىق بىلەن چىقىدۇ. بەزىدە ئاخىرقى ھېسابتا مەزى بېزىدە يىرىڭ پەيدا بولغاندىن كېيىن يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش بۇ ئەھۋالدىمۇ ئۇستىدە سۆزلەنگەن ئىلاجنى قىلىش، يەنى زۇلۇك قۇرتى قويۇش، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن، خەشخاش پوستى ۋە نىم يوپۇرمىقى قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى ئەپيۇن ۋە لۇفاھ شيافلىرىنى مەقئەتكە قويۇش لازىم.

مەنىي قاچىسى ئىششىقى ئۇنىڭ ئىلاجىنىمۇ مەزى بېزى ئىششىقىغا ئوخشاش قىلىش لازىم.

دوۋساق ئىششىقى ئەگەر سۆزنەك سەۋەبىدىن دوۋساقتا ئىششىق بولسا، بۇنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئالامىتى سۆزنەك كېسەللىكىنىڭ ئىلگىرى بولغانلىقى.

داۋالاش دوۋساق ئىششىقى سۆزنەك سەۋەبىدىن بولسا، ھۆقنە قىلىشنى قەتئىي توختىتىش ھەمدە ئىسسىق تەبىئەتلىك ئىچىملىكلەر ۋە غىزالار، مەسىلەن: گۆش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا - دەرمەكلەر ۋە شاراب، چاي، قەھۋە قاتارلىقلاردىن ھەمدە چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش، ئارپا ئېشى ياكى ماش ئۇنى نېنى يېگۈزۈش ۋە دورساق ئىششىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، بۇ ئايرىم سۆزلىنىپ بولدى. ناۋادا دوۋساق ئىششىقى پىشىپ ئېغىز ئالسا، خەتەرلىك بولىدۇ. بۇ ھالەتتە دەسلەپتە زەخمىنى يىرىڭ قاتارلىقلاردىن تازىلاش ئۈچۈن ھەسەل سۈيى ۋە شېكەر سۈيى ئىچكۈزۈش، كېيىن زەخمىنى پۈتتۈرۈش مەقستى بىلەن قۇرسى تاباشىر ياكى قۇرسى كەھرىۋا ياكى قۇرسى كاكنەچنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

قان سىيىش ئەگەر سۆزنەك سەۋەبىدىن قان سىيىش بولسا، بۇ ئومۇمەن سۈيدۈك يولىدىن ۋە بەزى ۋاقىتلاردا دوۋساق ۋە مەزى بېزىدىن چىقىدۇ. قان سۈيدۈك يولىدىن چىقسا، ئومۇمەن سۈيدۈكتىن ئىلگىرى كېلىدۇ ھەمدە تامچىلاپمۇ كېلىدۇ، قان دوۋساقتىن چىقسا، سۈيدۈكنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئەگەر مەزى بېزىدىن قان كەلسە، ئۇ، سۈيدۈكتىن كېيىن كېلىدۇ.

داۋالاش قان سىيىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم.

ئۇرۇقدان ئىششىقى ئەگەر ئۇرۇقداندا سۆزنەك سەۋەبىدىن ئىششىق بولسا، بۇ ۋاقىتتا سۈيدۈك يولىدىن يىرىڭنىڭ كېلىشى توختايدۇ، ئۇرۇقدان ئىششىپ ئاغرىيدۇ، ئاغرىق قورساق، بەل ۋە يوتىلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، قىزىتمىمۇ بولىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشلارمۇ بولىدۇ.

داۋالاش ھۆقنە قىلىشنى توختىتىپ، ئۇرۇقدان ئىششىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم.

مەقئەت ئىششىقى بۇ، ئاياللاردا سۆزنەك سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى جىنسىي يولدىن يىرىڭ ئېقىپ مەقئەتكە بېرىپ، بۇنىڭ بىلەن مەقئەت ئىششىيدۇ.

داۋالاش مەقئەت ئىششىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

بۇرۇن ئىششىقى: بەزى سۆزنەك بىمارلىرىدا بۇرۇنغا سۆزنەك يىرىڭىنىڭ يۇقۇشى بىلەن ئىششىق بولىدۇ، بۇ ئەھۋالدا بۇرۇندىن كۆپ مىقداردا يىرىڭ چىقىدۇ.

داۋالاش بۇرۇننى تازىلاش، بىر گىرام زەمچە ياكى بىر گىرام تەنكارنى بىر كىلوگىرام ئىسسىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا ھۆقنە قىلىش (ھەر كۈنى بۇرۇن مۇشۇنداق يۇيۇلىدۇ)، ئاندىن كافۇر، نۆشۈدۈردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، مەرزەنجۇش سۈيىدە ئېرىتىپ، 2 ~ 3 تامچىنى بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

كۆز ئاغرىقى سۆزنەكتىن بولغان كۆز ئاغرىقىنىڭ مۇپەسسەل بايانى كۆز كېسەللىكلىرىدە سۆزلەندى.

ۋەجئۇل مۇپاسىل بۇنىڭغا ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەر زىيادە گىرىپتار بولىدۇ. بۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، باشقا تۈردىكى ۋەجئۇل مۇپاسىلدا كېسەللىنىدىغان بوغۇملار كېسەللەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدا چېكە ۋە جاغ بوغۇمى، ئوقۇرەك ۋە كۆكرەك سۆڭەك بوغۇمى، ئومۇرتقا تۈۋرۈكى بوغۇملىرى قاتارلىقلار كېسەللىنىدۇ، بۇلار ئادەتتىكى ۋەجئۇل مۇپاسىلدا بەزىدە كېسەللەنمەيدۇ.

داۋالاش ئەگەر سۆزنەك مەۋجۇت بولسا، ھۆقنە قىلىشنى توختىتىش لازىم. دەسلەپتە مەجۈنى سۆرۈنجان شىرىنىدىن يەتتە گىرام يېگۈزۈپ، ئاندىن ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، ئوغرىتىكەندىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سۇدا ئېزىپ، سۈزۈپ، 48 گىرام بۇزۇرى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا تۆۋەندىكى زىماتلارنى ئىشلىتىش لازىم:

زىمات نۇسخىسى: بابۇنە گۈلى، شۇمشا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، مۇقەل، جاۋشىر، راتىنەجتىن ئالتە گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن ئۈچ دانە، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى، زەيتۇن يېغى، گۈل يېغىدىن 24 گىرامدىن ئېلىپ، بۆرەك يېغىنى ياغدا ئېرىتىپ، ئاندىن بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ ئارىلاشتۇرۇپ، كېسەللەنگەن بوغۇملارغا زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: قۇرۇق خېنە يوپۇرمىقى، يەرلىك سوپۇن، ساپ سىركىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، پىشۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ.

تارىمۇش ئىششىقى سۆزنەكنىڭ زەھەرلىك ماددىسى بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن، بىرەر مۇسكۇل ياكى پەي ياكى تارىمۇش قاتارلىقلاردا ئىششىق پەيدا قىلىپ، ئۆتكۈر ئاغرىققا سەۋەبچى بولىدۇ. كۆپىنچە تاپان مىھرابىغا ياردەم بەرگۈچى تارىمۇشلار بۇ تۈردىكى ئىششىققا مۇپتىلا بولىدۇ ھەمدە تاپاندا ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش: بىمارنى يول يۈرۈشتىن توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىقنى تارقىتىش ئۈچۈن باشقا چارىلەرگە ئەمەل قىلىش لازىم.

كۆز قاتتىق پەردە ئىششىقى بەزىدە كۆزنىڭ قاتتىق پەردىسىمۇ سۆزنەك ماددىسىنىڭ تارقىلىشىدىن ئىششىيدۇ، كۆز قاتتىق پەردىسى بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۆزنەكتىن بولغان كۆز ئاغرىقىدىن سىرت ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئاشكارا خۇسۇسىيىتى شۇكى، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئاستىدا قىزىللىق زىيادا ئاشكارا بولىدۇ ۋە كۆز ئالمىسىنى تۇتۇش بىلەن ناھايىتى قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، چېكىگە بىرقانچە زۈلۈك قۇرتى قويۇش ھەمدە زەمچە، تەنكاردىن بىر گىرامدىن، رۇسۇتتىن ئۈچ گىرام، ئەپيۇندىن يېرىم گىرام ئېلىپ، دورىلارنى 120 گىرام گۈلابتا ئېرىتىپ سۈزۈپ، كۆزگە بىرقانچە قېتىم تېمىتىش لازىم.

قانغا يىرىڭ قوشۇلۇش سۆزنەكنىڭ يىرىڭى قانغا قوشۇلغاندىن كېيىن بىر تۈردىكى ئۆتكۈر ئوفۇنەتلىك قىزىتما پەيدا بولىدۇ ھەمدە بەدەننىڭ ئوخشىمىغان ئەزالىرىغا چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقلار چىقىدۇ.

داۋالاش بىمارنى پاكىز ۋە ساپ ھاۋالىق ئورۇندا ئايرىم تۇرغۇزۇش، ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈش ھەمدە ئىچىش ئۈچۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا قۇرسى تاباشىر كافۇردىن بەش گىرامنى ئېزىپ، 12 گىرام ئاچچىق ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، ئۈستىدىن كاسىنە ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك مېغىزى، كاۋا مېغىزى، زىرىشكتىن يەتتە گىرامدىن، كاھۇ ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، چىلاندىن بەش دانە ئېلىپ، ئۇلارنى 72 گىرام ئەرقى شاھتەررە، 72 گىرام ئەرقى كاسىنە، 72 گىرام ئەرقى كىيۇرە قاتارلىقلاردا ئېزىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام شەبىتى نېلوپەر قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

قان ئوفۇنەتلىنىش بەزىدە سۆزنەكنىڭ ئوفۇنەتلىرى قانغا قوشۇلۇپ، خاس تۈردىكى خەتەرلىك قىزىتمىنى پەيدا قىلىدۇ، قايتا - قايتا جۇغ - جۇغ بولۇش بىلەن قىزىتما تېز ئۆرلەيدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ، بەزىدە قۇسىدۇ، تىلنى گەز باغلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر ئالامەتلەر باشلىنىدۇ، مەسىلەن: جۆيلۈيدۇ، بىماردا قاتتىق ئۇيقۇ بولىدۇ، تىلى قۇرۇق ۋە يۈزىگە چاڭ - توزان قونغاندەك بولىدۇ، قول - پۇتلىرى تىترەشكە باشلايدۇ، بەزىدە ئىچى سۈرىدۇ. يەرقان بولىدۇ، بەزىدە بەدەنگە قىزىل داغ چۈشىدۇ ھەمدە بىمار 3 ~ 8 كۈنگىچە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش سۈيدۈك يولى زەخمىسىنى كۈندە 2 ~ 3 قېتىم ئۇفۇنەتلىنىشنى يوقاتقۇچى دورىلارنىڭ ھۆقنىلىرى بىلەن پاكىزلاپ تۇرۇش ھەمدە ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا: كۆك گىلۇئى، گۈلبىنەپشە، شاھتەررە، قەسبۇزەرىرە، ئېكەكىلەنگەن سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، چىلاندىن بەش دانە ئېلىپ، بۇلارنى كەچلىكى 250 گىرام قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام شەربىتى بۇزۇرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ھەمدە شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا: قۇرسى تاباشىر كافۇرىدىن بەش گىرامنى يۇمشاق ئېزىپ، 12 گىرام شەربىتى نىلۇپەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، ئاندىن چىلاندىن بەش دانە، ئاق سەندەل، كاسنە ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، 60 گىرام ئەرقى شاھتەررە ۋە 60 گىرام ئەرقى كىيۇرەگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، كۆك گىلۇئى سۈيىدىن 60 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

يۈرەك ئىچكى پەردىسى ئىششىقى ۋە زەخمىسى: گەرچە يۈرەكنىڭ ئىچكى پەردىسى ئىششىقى ۋە زەخمىسىنىڭ بىرقانچە سەۋەبلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېسەللىك بەزىدە سۆزنەك زەھىرىنىڭ قانغا قوشۇلۇشىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئاساسەن داۋالىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا خەفەقان، باش ئاغرىش، جۆيلۈش ۋە تەشەننۇج قاتارلىقلار بىلەن بىمار ھالاك بولىدۇ.

داۋالاش بىمارنى ياخشى ئارام ئالدۇرۇپ، ئېغىر ئىشلارنى قىلدۇرماسلىق ھەمدە تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

نۇسخا: خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىدىن بەش گىرام يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن قۇرۇق يۇمغاقسۈت، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، ئاق سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، 48 گىرام ئەرقى ئەنبەر، 96 گىرام ئەرقى شوخلىدا ئېزىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام ئالما شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ھەمدە كەچتە تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا: خېمىرى سەندەلدىن 12 گىرام يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 72 گىرام ئەرقى شوخلا، 72 گىرام ئەرقى ئەنبەرگە 24 گىرام ئالما شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

يۈرەك ساھەسىگە بۇ زىماتنى چېپىش قۇرۇق يۇمغاقسۈت، قىزىل سەندەل، مەستىكى، ئۇد، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ.

ئەرلەر كۆپىيىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى

كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ تەشرىھى

زەكەر بۇ مەخسۇس ئەزا بولۇپ، بۇنىڭ تەبىئىي پائالىيىتى ئەرلەرنىڭ مەنىيسىنى ئەسلىي ئورۇنلىشىدىغان ئورنى بالىياتقۇغىچە يەتكۈزۈشتۇر. مەنىي بۇ جايدا ئاياللارنىڭ مەنىيسى بىلەن بىرلىشىپ، بالا پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ تولۇق مۇددىتى (تەخمىنەن توققۇز ئاي) غىچە پەرۋىشكە ئېرىشىدۇ. زەكەرنىڭ ئالدى بېشى ھەشفە (سۇپارا) دېيىلىدۇ، بۇنىڭ ئارقىسىدىكى پۈتۈن بۆلەك زەكەر تېنى دېيىلىدۇ، زەكەر تېنى ئىككى تارىمۇشلۇق نەيچە ئارقىلىق دوۋسۇن ساھەسىدىكى سۆڭەكلەر بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇ تارىمۇشلۇق توقۇلما زەكەر تۈۋى دېيىلىدۇ.

زەكەر تېنى زەكەر بېشى ۋە تۈۋى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچىدە ئەمەلىيەتتە ئۈچ تەن بولىدۇ، ئىككى تەن ئۈستى تەرەپتە يانمۇيان تۇرىدۇ، خۇددى چاپلاپ بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى بارماقتەك بولىدۇ، بۇ ئىككىسى كاۋاك تەنچە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئاستى تەرەپتە ئۈچىنچى تەنچە بولىدۇ، بۇ بۇلۇتسىمان تەنچە دېيىلىدۇ. بۇلۇتسىمان تەنچە ئىچىدە سۈيدۈك يولى بولىدۇ، بۇ تەنچە ئالدى تەرەپكە زىيادە كېڭىيىدۇ، بۇنىڭدىن زەكەر بېشىنىڭ شەكلى ھاسىل بولىدۇ. زەكەر بېشى ئەسلىي ھالەتتە بىر غىلاپ بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇنى مۇسۇلمانلار كېسىپ (خەتنە قىلىپ) ئېلىۋېتىدۇ، بۇ قەلفە دېيىلىدۇ. زەكەر بېشى ئەتراپى ۋە ئۇنىڭ بويىندا نۇرغۇنلىغان ياغلىق كىچىك - كىچىك بەزلەر تېپىلىدۇ، بۇنىڭدىن بىر تۈرلۈك پۇراقلىق ھۆللۈك چىقىدۇ، بۇ خەتنە قىلىنمىغان يېتىلگەن كىشىلەردە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئىككى كاۋاك تەنچە ۋە بۇلۇتسىمان تەنچە توقۇلمىسىدا بۇلۇتنىڭكىدەك تۆشۈكلەر تېپىلىدۇ، بۇ بوشلۇقلارغا قايىم بولۇش، قوزغىلىش ۋاقتىدا قان تولىدۇ، بۇ تۈردىكى تەبىئىي ئىنتىزام بۇ جايدا مەۋجۇت بولىدۇكى، شەھۋەت ۋاقتىدا نېرۋىلار پائالىيەت قىلسا، بۇ قان ئاسانلىقچە قايتمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن زەكەر قايىم بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئەگەر شەھۋەت

قاتارلىقلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نېرۋىلار بوشاشسا قان قايتىدۇ، قايىم بولۇش تەدرىجىي ئاخىرلىشىدۇ، بۇ تۇردىكى توقۇلما نەسىج ئىنتىسابى (ئىنتىساب — قوزغالغان ھالەتتە تىك بولۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. كاۋاك تەنچە ئەتراپىدا بىر مەزمۇت غىلاپ بولىدۇ، ئىككى كاۋاك تەنچە ئوتتۇرىسىدا، زەكەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر كۆك قان تومۇر بولىدۇ، بۇ، بەزى ھالەتلەردە ناھايىتى كۆپىيىشىدۇ.

ئۇرۇقدان (خۇسيەتەينى)　　بۇ ئۇنسىيەينمۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى كىچىك ئېللىپىس شەكىللىك بەز بولۇپ، ئۇرۇقدان خالتىسىدا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئاق چاپلاشقاق ھۆللۈك پەيدا بولۇپ، بۇ مەنىي دېيىلىدۇ. بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئىككى ئۇرۇقدېنى ئۇرۇق خالتىسىدا بولماي، بەلكى بالىنىڭ قورساق بوشلۇقىدا ئىككى بۆرەك ئاستىدا تۇرىدۇ. لېكىن تۇغۇلۇشتىن بىر يېرىم ـ ئىككى ئاي ئىلگىرى قورساقتىكى تۆشۈكلەر (يېرىق تۆشۈكى) يولىدىن تەدرىجىي چىقىپ، ئاستىغا ئۆتۈپ، ئۇرۇقدان خالتىسىغا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بىر نەيچە ئارقىلىق (بۇ كۆك قان تومۇر، قىزىل قان تومۇر، نېرۋا ۋە مەنىي كانىلىنىڭ مەجمۇئەسى بولىدۇ) ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئىككى ئۇرۇقدان ئىككى يېنى ۋە ئارقىسىدىن بېسىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئارقا گىرۋىكى ئۈستىدە بىر ئۇزۇن، ياپىلاق، نېپىز جىسىم بولىدۇ، بۇ ئەفدىزومىس (ئەغدىدۇس — بەربىخ) دەپ ئاتىلىدۇ، ئەفدىزومىستىن مەنىي توشۇش كانىلى باشلىنىدۇ، ھەربىر ئۇرۇقدان تەخمىنەن ئىككى ـ ئۈچ ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا، بىر يېرىم ئىلىك كەڭلىكتە بولىدۇ، بۇنىڭ ئېغىرلىقى 20 ~ 30 گىرامغىچە بولىدۇ، سول ئۇرۇقدان ئوڭ ئۇرۇقداندىن بىرئاز چوڭ بولىدۇ، ئۇرۇقداننىڭ سىرتقى يۈزىنى بىر پەردە ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئادەتتىكى ھالەتتە بىر ھۆللۈك سىرغىيدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا بۇنىڭ ئۈستىنى ئورىغاندىن كېيىن خالتىنىڭ ئىچكى يۈزىنى ئورايدۇ، بەزى كېسەللىك ھالەتلىرىدە بۇنىڭدىن شۇقەدەر ھۆللۈك چىقىشقا باشلايدۇكى، ئۇ ئىككى پەردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نۇرغۇنلىغان ھۆللۈك توپلىنىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ نامى قىلە مائىيە (سۇ چۈشۈش) بولىدۇ.

ئۇرۇقداندا تەييار بولغان مەنىي ماددىسى مەنىي توشۇش كانىلى ئارقىلىق مەنىي قاچىسىغا يېتىپ بارىدۇ.

ئۇرۇقدان توقۇلمىسىدا قان تومۇر ۋە نېرۋىلاردىن باشقا مەنىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدىغان ئاق بەزسىمان گۆشمۇ بولىدۇ، بەزى كىشىلەردە بىر ئۇرۇقدان سىرتىدا يەنە بىرى قورساق ئىچىدە بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە ھەر ئىككى ئۇرۇقدان قورساق ئىچىدە بولۇپ، ئۇرۇقدان خالتىسى بوش بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى ھالەتتە ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ.

مەنىيى كانىلى بۇ ئۇرۇقدان كانىلىمۇ دېيىلىدۇ، بۇ ئىككى ئۇرۇقداندىن باشلىنىپ، مەنىي قاچىسىدا ئاخىرلىشىدۇ، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى گەز، كەڭلىكى ياكى دىيامېتىرى تەخمىنەن 1/10 قىرات بولىدۇ. بۇ ئۇرۇقداننىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى ئەتراپىدىكى ئەفدىنزومىس ناملىق تەركىبنىڭ تۆۋەنكى بېشىدىن باشلىنىپ، ئۇرۇقداننىڭ ئارقا يۈزىدىن ئۈستىگە ئۆرلەپ، قورساق تۆشۈكى (يېرىق تۆشۈكى) يولى (بۇ يولدىن ئۇرۇقدان سىرتىغا چىقىدۇ) بىلەن قورساق ئىچىگە ۋە بۇ يەردىن ئاستىغا تۆۋەنلەپ، دوۋساق تېگىگە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە مەنىي قاچىسى بىلەن بىرلىشىپ سۈيدۈك يولىنىڭ دەسلەپكى بۆلىكىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ سىرتقى قەۋىتى تالالىق، ئىچكى قەۋىتى شىلىمشىق، ئوتتۇرا قەۋىتى مۇسكۇل بولىدۇ.

ئۇرۇقدان خالتىسى بۇ بىر تېرىسىمان خالتىدۇر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقدان ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئىككى ئۇرۇقدان خالتىسى ئوتتۇرىسىدا بىر سىزىق بولىدۇ، بۇ ئالدى تەرەپتە زەكەرنىڭ تۆۋەنكى سىزىقى بىلەن ئۈستى ئارقا تەرەپ چات بىلەن تۇتىشىدۇ، سول ئۇرۇقدان خالتىسى بىرئاز ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇرۇقدان خالتىسى ئىسسىقلىق، ئاجىزلىق ۋە ياشانغانلىق ھالىتىدە بوشىشىدۇ ھەم پۈرمىسىز بولىدۇ. لېكىن سوغۇق، ياشلىق ۋە كۈچلۈك بولغان ھالەتتە كىچىك ۋە پۈرمىلىك بولىدۇ. ئۇرۇقدان خالتىسى ئىككى قەۋەتتىن تۈزۈلىدۇ، سىرتقى قەۋىتى تېرە بولۇپ، بۇ ئىنتايىن نېپىز ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ تېرىسىدىن زىيادە قارا بولىدۇ. بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان پۈرمىلەر ھەمدە ئىنچىكە، ئەگرى مويلار بولىدۇ، ئىچكى قەۋىتى قىزىلغا مايىل بولۇپ، مۇسكۇل تالالىرى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدا يىغىلىش قۇۋۋىتى بولىدۇ، بۇ قەۋەت بىر پەردە ئارقىلىق ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇقدان خالتىسى ئىچىدە ئايرىم - ئايرىم ئىككى بوشلۇق بولىدۇ.

مەنىي قاچىسى (مەنىي خالتىسى) بۇ ئىككى شىللىق پەردىلىك خالتىدۇر، بۇنىڭ توقۇلمىسىدا ئازراق بەز توقۇلمىسىمۇ تېپىلىدۇ، بۇ ئىككى خالتا دوۋساق تېگىدە، تۈز ئۈچەينىڭ ئالدىدا، مەزى بېزىنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ. بۇنىڭ خىزمىتى مەنىي يىغىشتۇر. مەنىي ئۇرۇقدانلاردىن پەيدا بولىدۇ، مەنىي قاچىسىدىمۇ بىر تۈردىكى ھۆللۈك پەيدا بولۇپ، مەنىي بىلەن بىرلىشىدۇ، ھەربىر قاچا تەخمىنەن تۆت ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا، تۆتتىن ئۈچ ئىلىك كەڭلىكتە بولىدۇ، ھەربىر قاچا ئەمەلىيەتتە كانالچىدۇر، بۇلار تولغىشىپ بىر غىلاپقا توپلىنىدۇ ۋە خالتا شەكلىگە كىرىدۇ. مەنىي قاچىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر كانايچە باشلىنىدۇ، بۇ، سۈيدۈك يولىنىڭ دوۋساق بوينى ئالدىغا ئېغىز ئاچىدۇ، بۇنىڭ توقۇلمىسىدا ئازراق مۇسكۇل تالالىرى تېپىلىدۇ، بۇ يىغىلىش بىلەن مەنىي تېز چىقىدۇ.

بىلە ئاجىزلىقى

ئەگەر ئىنسان كۆپىيىش خىزمىتىگە قەتئىي قادىر بولالمىسا، ئۇ ئانە ياكى ئانانەت (ئەرسىزلىك) دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر بۇ خىزمەتتە تەبىئىي پائالىيەتنىڭ ئەكسىچە ئاجىزلىق كۆرۈلگەن بولسا، بۇ بىلە ئاجىزلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەزادا تولۇق قايىم بولۇشنىڭ بولماسلىقى، شەھۋەتنىڭ تولۇق يوقىلىشى، بۇنىڭ بىلەن لەززەتنىڭ كەم بولۇشى، ۋاقتىدىن ئىلگىرى مەنىينىڭ يۈرۈپ كېتىشى، بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنىڭ تەبىئىي لەززەتتىن مەھرۇم بولۇشى قاتارلىقلار.

ئىنساننىڭ جىما پائالىيىتىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە غايىسى گەرچە ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش بولسىمۇ، لېكىن قۇدرەتلىك زات شەھۋەت ۋە لەززەتتىن ئىبارەت شۇنچىلىك مۇھىم ئىشنى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلدىكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ پائالىيەت بىلەن ئەسلىي مەقسەت لەززەتلا بولىدۇ، يەنى ئەۋلاد قالدۇرۇشنىڭ خالىس نىيىتى بىلەن بۇ پائالىيەت ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ.

بەدەننىڭ باشقا پۈتۈن تەبىئىي پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش جىما پائالىيىتىدىمۇ زۆرۈرىيەتكە قاراپ قۇۋۋەئى شەخسىيەتنىڭ ئېشىشى ۋە ئۇنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇتتۇرىسىدا بىر نورماللىق بولىدۇ. ئەگەر تەبىئىي قائىدىگە خىلاپ قالايمىقان جىما بىلەن شۇغۇللانسا، تەبىئىي ئازاب ۋە قانۇنىي جازاغا مۇپتىلا بولۇشى زۆرۈردۇر. جىما بىر ھەرىكەتتۇر، بۇنىڭ بارلىق ئەزالارغا تەسىرى بولىدۇ، بۇ پائالىيەتتە بەدەننىڭ تولۇق كۈچى سەرپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى سەرپ بولغان كۈچنىڭ باراۋىرىدە قايتا كۈچ يىغىلىنىپ تولۇق توپلىنىپ بولغۇچە دەم ئېلىشقا ئۆتكۈر زۆرۈرىيەت بولىدۇ. ئەگەر كۆپىيىش ئەزالىرى ۋە مېڭە، يۈرەكلەرگە يېتەرلىك دەم ئېلىش بېرىلمىسە، يەنى جىمانىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى ھاردۇرسا، ئاجىزلىق پەيدا بولۇشى چوقۇمدۇر.

جىمانىڭ كۆپ بولۇشىدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى كۆپىيىش كۈچىنىڭ مەنىينى سەرپ قىلىشىدۇر. مەيلى قانداق ھالەتتە بولسۇن، بۇنىڭغا تەبىئىي جىمانىڭ كۆپلۈكى، بەچچىۋاز ۋە جەلەق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

بەدەننىڭ باشقا تەبىئىي پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش جىما پائالىيىتىمۇ بارلىق رەئىس ئەزالارنىڭ ساغلاملىقىغا موھتاج، يەنى بارلىق رەئىس ئەزالارنىڭ پائالىيىتى ياخشى ۋە بەدەن سىستېمىلىرى قائىدىلىك بولمىسا، جىما پائالىيىتىنىڭ تەبىئىي كۈچى ئۆز ھالىتىدە تۇرالمايدۇ.

ناھايىتى ئاز ساندا مۇشۇنداق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا كۆپىيىش ئەزالىرى تەبىئىي

ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە ئاشكارا بىرەر كېسەللىك مەۋجۇت بولمايدۇ، لېكىن بەل قۇۋۋىتى تۇغما بولىدۇ.

رەئىس ئەزالارنىڭ ساغلاملىقى ۋە كېسەللىكى بەل كۈچىگە تەسىر كۆرسەتكىنىدەك، بەل كۈچىنىڭ ئېشىشى ۋە بۇنى ئاشۇرۇش بىلەنمۇ بۇ ئەزالار تەسىرگە ئۇچرايدۇ، يەنى ئۇ ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىدىن بەل كۈچى ئاجىزلىغىنىدەك، بەل كۈچىنىڭ زىيادە سەرپ بولۇشىدىنمۇ بۇ ئەزالار ئاجىزلايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن بەل ئاجىزلىقى سەۋەبلىرى ئېتىبارى بىلەن بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى بەل ئاجىزلىقى دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرلەمچى بەل ئاجىزلىقى بۇ كۆپىيىش ئەزالىرى يولىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئىككىلەمچى بەل ئاجىزلىقى بۇنىڭدا كۆپىيىش ئەزالىرى ھەر تەرەپتىن نورمال بولىدۇ، لېكىن باشقا ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداش سالاھىيىتى بولمايدۇ. بۇ تۈردىكى بەل ئاجىزلىقى ئەمەلىيەتتە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكى ۋە ئالامىتى بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە ئاشكارا بىرلەمچى بەل ئاجىزلىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنمىغۇچىلىك، بەل ئاجىزلىقى شىكايىتىنىڭ يوقىلىشى قىيىن بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، كۆپىنچە كېسەللىكنى چۈشەنمەيدىغان جاھىل تېۋىپلاردىن ئاڭلايمىزكى، بۈگۈنگىچە بەل ئاجىزلىقىنىڭ ھەربىر ھالىتىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان بىرەر تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخا بولمىغان. ئەخمەق كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزى ئەقىلگە قىلچىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ.

ئوخشىمىغان ئەزالاردا ئوخشىمىغان كېسەللىكلەر بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىمىغان دورىلارنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر، بىرلا دورىنىڭ ھەممە كېسەللىككە مەنپەئەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سەۋەبى بىرلەمچى بەل ئاجىزلىقىنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بولىدۇ.

1. **شەھۋەت ئاجىزلىقى** جىماغا سەۋەبچى بولىدىغان قىزىقىشنىڭ ئاجىز بولۇشى.
2. **زەكەر ئىستىرخاسى:** بۇ سەۋەبتىن بۇ ئەزا جىما ۋاقتىدا ھەرىكەت قىلمايدۇ ۋە بۇنىڭدا قايىم بولۇش بولمايدۇ. قايىم بولۇش ھالىتى شۇكى، زەكەرنىڭ بوشلۇق تېنى يەل ۋە روھىي ھايۋانىي (بۇ قىزىل قان تومۇر قېنىدا بولىدۇ) بىلەن كېڭىيىدۇ، بۇ نەرسىلەر بۇ يەرگە قايسى ئۇسۇلدا تارتىلىپ كېلىدۇ؟ پەقەت شەھۋانىي قۇۋۋەت ئارقىلىق بولىدۇ (بۇنىڭ مەركىزى مېڭىدە بولىدۇ). ئەگەر ئەزانىڭ نېرۋىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇسكۇللىرى بوشىشىپ كەتسە، ئۇ كېڭىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا قايىم بولۇش بولمايدۇ.

زەكەرنىڭ بوشلۇق تېنىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى زەكەرنىڭ بۇلۇتسىمان بوشلۇق تېنىدۇر، بۇنىڭ سانى ئۈچ بولۇپ، بۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن. قەدىمكى زاماندا نېرۋا ئۇقۇمى نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرگە ئىشلىتىلگەن ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاۋام بىرقانچە نەرسىلەرنى «نېرۋا» دەپ ئاتايدۇ. شەھۋەت ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى بىرقانچە بولىدۇ:

(1) بەدەن ئاجىزلىقى ۋە غىزانىڭ كەملىكى شەھۋەت ئاجىزلىقى بەزىدە شۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا بولىدۇكى، بەدەن ئاجىز ۋە ئورۇق بولۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك بولىدۇ. كۆپىنچە ئەزالىرىنىڭ مەخسۇس پائالىيەتلىرىدە بۇ ئىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇكى، ئەزالارنىڭ قان تومۇرىدا قان يېتەرلىك مىقداردا مەۋجۇت بولسا، بۇ نېرۋىلارنىڭ دولقۇنلىرىدىن تەسىرلىنىپ، خاس ھالەتلەردە تومۇرلارنى تولدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەندىكى قاندا كېمىيىش ياكى بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدىغان، يۈرەك ۋە جىگەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ھەمدە بەدەننىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشىدا نورمالسىزلىق پەيدا قىلىدىغان پۈتۈن ھالەتلەر ۋە كېسەللىكلەر بىلە ئاجىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىچ سۈرۈش، تاش پەيدا بولۇش، زىيابىتۇس، سوزۇلما قىزىتمىلار، دېمى سىقىلىش، بوۋاسىر، بىرلەمچى قەۋزىيەت، بەدەن ئومۇمىي ئاجىزلاش ھەمدە ئورۇقلاش، مەنىي ئېقىش قاتارلىقلار. بەدەندىكى بەزى بەزلەر بەدەننى پەرۋىش قىلىش ۋە مېڭىنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېتەرلىك رول ئوينايدۇ، ئۇنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرىدىنمۇ نەتىجىدە بىلە ئاجىزلىقى پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: قالقانبەز ۋە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقارغۇچى بەز كېسەللىكلىرى.

(2) مەنىي كەملىك شەھۋەت ئاجىزلىقى بەزىدە مەنىينىڭ كەملىكى ياكى ئۇنىڭ يوقىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە ئەزالىرىدا مەنىينىڭ مىقدارى كۆپ بولغان چاغدا شەھۋەت ھەرىكەتكە كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىي ئۇ ئەزالاردا ھەرىكەتلىنىپ تۇرسا ئۇلاردا قوزغىلىش پەيدا بولىدۇ. ئۆز كەيپىياتى بىلەن كۆيۈشتۈرۈش ۋە يېقىمسىزلىق، ئۆز مىقدارى بىلەن بېسىم ۋە تارتىشىش پەيدا قىلسا، بۇ ئەزالار بۇنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، خۇددى باشقا كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلىغىنىدەك. مەنىي كەملىكنىڭ سەۋەبى بىرقانچە بولۇپ، مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالار ۋە باشقا ئەزالارنىڭ قۇرۇقلۇقى، سوغۇقلۇقى، ئىسسىقلىقى، ھۆللۈكى ۋە بۇ كەيپىياتلاردىن ئىككى كەيپىياتنىڭ بىرلىشىشى قاتارلىقلار بولىدۇ.

(3) مەنىينىڭ ھەرىكەت قىلماسلىقى ۋە ئۇيۇپ قېلىشى شەھۋەت ئاجىزلىقى بەزىدە مەنىينىڭ ھەرىكەت قىلماسلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. مەنىينىڭ ھەرىكىتى ئازىيىدۇ، مەخسۇس ئۆتكۈرلۈكى يوقىلىدۇ. بۇ قۇۋۋىتى شەھۋانىينى مەنىينى چىقىرىش ئۈچۈن تەييار قىلىدۇ. بۇ تۈر ئەپيۇن، نەشە ۋە خەشخاش پوستى ئىستېمال قىلغۇچىلاردا بولىدۇ.

(4) جىمانى تەرك ئېتىش شەھۋەت ئاجىزلىقى بەزىدە شۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا بولىدۇكى، ئىنسان زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن جىمانى تەرك ئېتىدۇ، روھ بۇنى ئۇنتۇيدۇ ۋە مەنىي ئەزالىرىغا يۆلىنىشتىن توختايدۇ ھەمدە تەبىئەت مەنىي پەيدا قىلىش قائىدىسىنى تاشلىۋېتىدۇ، خۇددى بالىنى سۈتتىن ئايرىغۇچى ئايالدا تەبىئەت كۆكرەكتىكى سۈت پەيدا قىلىشنى توختىتىپ قويغىنىدەك.

(5) خىياللار ۋە ئۆزگە تارتىش قاتارلىقلار: شەھۋەت ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى بەزىدە پەقەت ئۆز ئەقىدىسى بولىدۇ، مەسىلەن: زاھىدلىق ۋە تەقۋالىق. ئەگەر مۇشۇنداق خىياللار مېڭىدە شەكىللەنسە، روھ جىما تەرەپكە ئىنتىلمەيدۇ. شەھۋانىي كۈچلەر بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە خاس ئەزالاردا ھەرىكەت بولمايدۇ. ئۇزاققىچە يوقسۇللۇق ۋە ئاچ قورساق ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەمدە دۇنيانى تەرك ئېتىپ، راھىبلار، خۇداپەرەسلەر ۋە پەرھىزكارلاردەك تۇرمۇش كەچۈرۈش قاتارلىقلاردا. بۇ يوقسۇللۇق ۋە ئاچلىق بىلەن خۇددى بەدەندىكى قان ۋە بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇشمۇ تەسىرگە ئۇچرىغىنىدەك بۇ راھىبانە خىيال بىلەن نېرۋىلار ۋە ئۇلارنىڭ مەخسۇس مەركەزلىرىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

(6) نەپرەتلىنىش ۋە بىزارلىق بۇنىڭ سەۋەبى ئىنسان ئايالدىن نەپرەتلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ تەبىئىتى بۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەچكە ئايالى بىلەن سۆھبەت ۋە ۋىسال ئۈچۈن بىرەر رىغبەت پەيدا بولمايدۇ ھەمدە كۈچ ۋە زەكەرمۇ ھەرىكەتلەنمەيدۇ.

(7) شەرم - ھايا بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئىنساندىكى شەرم - ھايا بولىدۇ. ھاياسىز ئىشتىن ھايا قىلىدۇ ۋە قورقىدۇ.

(8) ۋەھىمە ۋە ۋەسۋەسە بۇنىڭ سەۋەبى بۇ بولىدۇكى، بىمارنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇندىنلا ئەزاسىنىڭ قايىم بولۇش كۈچىنىڭ قالمىغانلىقى ساقلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرمەندىچىلىك ۋە خىجالەتتىن قورقۇپ، جىما تەرەپكە ئىنتىلمەيدۇ. جىما ۋاقتىدا قادىر بولالمىسا ۋە ئەزادا قوزغىلىش پەيدا بولمىسا، بىرەر شەرمەندىچىلىكتىن، يەنى يامان گەپتىن قورقىدۇ.

خۇسۇسەن ئىلگىرى مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم جىما قىلماقچى بولسا، بىمارنىڭ خىيالىغا ئالدىنقى قېتىملىق ئىش كېلىدۇ، يەنى قورقۇنچ ئىچىدە ئۇ ئىشلارنى ئويلايدۇ ھەمدە ئۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش بۇ قېتىمدىمۇ مەغلۇپ بولۇشنى جەزم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئاخىرىدا بۇ خىيال ئۇنىڭ روھىغا شۇنچىلىك تەسىر قىلىدۇكى، ئۇنىڭ شەھۋەت ۋە شەھۋانىيە ھەرىكىتى ھەر دائىم يوقىلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بىمار سېھىرگەر كۈچى بىلەن ئەرلىكىمنى ۋە بەل قۇۋۋىتىمنى يوقىتىۋەتتى، دەپ گۇمان قىلىدۇ.

(9) **يۈرەك كېسەللىكلىرى** بەزىدە شەھۋەت ئاجىزلىقى يۈرەك ئاجىزلىق ياكى ھارارەتنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدۇ ياكى بىرەر باشقا سەۋەبتىن بولىدۇ، بۇ روھ ۋە ھارارەتنى تارقىتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇۋۋەتلەر ئاجىزلايدۇ.

(10) **ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى** بەزىدە شەھۋەت ئاجىزلىقى ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

(11) **بۆرەك ئاجىزلىقى** بەزىدە شەھۋەت ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىكلىرى بولىدۇ. چۈنكى تەبىئىي شەھۋەت بۆرەكنىڭ قۇۋۋىتىسىز ھاسىل بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن قايسى كىشىلەرنىڭ بۆرىكى مۆتىدىل ھالەتتە ئىسسىق بولسا، ئۇلاردا مەنىي كۆپ بولىدۇ ۋە جىما كۈچى زىيادە بولىدۇ، بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە بۆرەك ئاپەتلىرىدىن مەنىينىڭ مىزاجى ۋە مەنىي ئاجرىتىپ چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يۈرەك، مېڭە ۋە پۈتۈن ئەزالارنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ.

(12) **مېڭە ئاجىزلىقى** بەزىدە شەھۋەت ئاجىزلىقى، مېڭە ئاجىزلىقى ۋە ئاپەتلىرىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى جىما تەرەپكە ئىنتىلدۈرگۈچى نەرسە ئۇ خاس خاھىشتۇر، بۇنىڭ مەركىزى مېڭىنىڭ مەخسۇس بۆلىكى (شەھۋەت مەركىزى) دە بولىدۇ. بۇ يەرلىك ئورۇن ياكى كۆپىيىش ئەزا نېرۋىلىرىدا مەخسۇس غىدىق پەيدا قىلىپ، كۆپىيىش ئەزالىرىدا قوزغىلىش ۋە قايىم بولۇشنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي مېڭە ئاجىزلىقى ياكى بۇ خاس مەركەزنىڭ ئاجىزلىقىدىن بەل ئاجىزلىقىنىڭ شىكايىتى پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ كېسەللىكلەرمۇ بەل ئاجىزلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىسقىسى مېڭىنىڭ ئۇ مەركىزى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: مالىخولىيا مىراقى، سەرئى ۋە باشقا مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرى، ئەقلىي ئەمگەك، مۇشەققەت ۋە ئەقلىي ئىشلارغا كىرىشىش قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك ئاغرىق پەسەيتكۈچى ۋە سۇسلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشمۇ بۇ تۈردىكى بەل ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بۇلارنى كۆپ ئىشلىتىشتىن نېرۋىلار ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدىكى قۇۋۋەتتە نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەسىرلىرىدە كېمىيىش پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ئەپيۇن، نەشە، خىروئىن، تاماكا قاتارلىقلار.

(13) **شارابنى كۆپ ئىچىش** شارابنى كۆپ ئىچىشمۇ بەزى ۋاقىتلاردا بەل ئاجىزلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مېڭە پائالىيەتلىرى ۋە مېڭىدىكى مەركەزلەر ئۈچۈن شاراب بىر كۈچلۈك

قوزغىتىپ تۇرغۇچىدۇر، بۇنى كۆپ ئىچىشتىن بۇ مەركەزلەر چارچاپ ئىشلەشتىن توختايدۇ.

زەكەر ئىستىرخاسى بۇنىڭ بىرقانچە سەۋەبلىرى بولىدۇ:

(1) بەدەن ئاجىزلىقى زەكەر ئىستىرخاسىنىڭ سەۋەبىمۇ بەزىدە بەدەن ئاجىزلىقى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نېرۋىلار ئاجىزلاپ، ھەرىكەتتىن ئاجىز كېلىدۇ.

(2) جىمانى تەرك ئېتىش: بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۇزۇنغىچە جىما قىلماسلىق بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەزا يىغىلىپ يىگىلەيدۇ، بۇ ئومۇمىي قائىدىدۇر. بىرەر ئەزا ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرسا كۈچلۈك تۇرىدۇ، ئەگەر ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرمىسا ئاجىزلايدۇ، بۇنى بۇقرات ئېيتقان.

پائالىيەت (ھەرىكەت) سەمرىتىدۇ، بىكارلىق ئورۇقلىتىدۇ.

(3) مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەنكى بەدەن (بۇ جايغا مەنىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالار جايلاشقان) نىڭ مىزاجى بۇزۇلغانلىقى بولىدۇ. بۇلاردا سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش كۆرۈلىدۇ، بۇ تۈرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىسسىقلىقنىڭ ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بۇ ئەزالاردا ھەرىكەت ۋە قوزغىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان قوزغىغۇچى ماددىلار ئاز بولىدۇ.

(4) نېرۋىلار پالەچى بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئەزانىڭ نېرۋىلىرىغا سوغۇقلۇق تېگىشتىن ئۇلاردا بىر تۈردىكى پالەچ پەيدا بولغانلىقى بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بۇزۇلغان ماددىنىڭ قويۇلۇشى بولىدۇ ياكى ئۇزاققىچە سوغۇق سۇدا تۇرۇش ياكى مۇز ئۈستىدە ئولتۇرۇش بولىدۇ. بۇلار نېرۋىلارنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە سەزگۈ كۈچىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

(5) ئۇلاغقا مىنىش قاتارلىقلار بەزىدە ئات قاتارلىقلارغا مىنىش باھ ئاجىزلىقىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك توقۇلمىلار نامۇناسىپ ھالەتتە بېسىلىپ ئېزىلىدۇ.

(6) ئاجىزلاشتۇرغۇچى كېسەللىكلەر بەزى كېسەللىكلەر مۇشۇنداقتۇركى، بۇ، ئومۇمىي ساغلاملىقنى بەربات قىلغاندىن باشقا، كۆپىيىش ئەزالىرى يوللىرىغا يېقىن ۋە تۇتاش بولۇش سەۋەبىدىن تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئوخشاشمىغان تۈردىكى ئاپەتلەر پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ مەخسۇس پائالىيەتلىرىدە بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: سۆزنەك، دوۋساق ئىششىقى، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، ئۈچەي قۇرتى، ئۈچەيلەر ئىششىقى، تۈز ئۈچەي كېسەللىكلىرى ۋە قوشنا ئەزالار يىرىڭلىق ئىششىقى، مۇدۇر - چاقىلار ۋە زەربە تېگىش قاتارلىقلار. سۆزنەك سەۋەبىدىن سۈيدۈك يولىدا بەزىدە غەيرىي تەبىئىي توقۇلما پەيدا بولىدۇ، ئۇ باھ ئاجىزلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

(7) **قۇۋۋىتى باھ مەنىينىڭ خورىشى** باھ ئاجىزلىقىنىڭ بۇ سەۋەبى كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئۇلار كۆپ جىما قىلىش، بەچچىۋازلىق، جەلق ياكى بۇ بىرەر غەيرىي تەبىئىي ئۇسۇلدا تەبىئىي كۈچىنىڭ چەكلىمىسىز چىقىپ كېتىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا بۇ سەۋەبكە كۆپرەك يۈزلىنىپ بۇنى داۋالاش لازىم. بۇ چەكلىمىسىز خوراش بىلەن كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ ئىچكى بۆلىكىدە بىر تۈردىكى ئېچىشىش ۋە يەڭگىل ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىلاجى، يەنى بۇنىڭ ساقىيىشى يېتەرلىك دەم ئېلىشقا ئېرىشكەن چاغدا بولىدۇ، لېكىن ئىنسان بۇنىڭغا يېتەرلىك ۋاقىت بەرمەيدۇ، بەلكى كۆپ ۋە تەكرار پائالىيەت قىلىش بىلەن زەخىملەنگەن يۈزنى قايتىدىن زەخىملەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېسەللەنگەن ئورۇندىكى نېرۋىلاردا ئاجىزلاش ۋە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى تامامەن بۇزۇلىدۇ. بۇ يەرگە ئازراقلا شەھۋانىي خىياللار بىلەن قوزغىلىش يەتسە، ئۇ ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز تەييارلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەزالار چارچاپ ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلايدۇ ھەمدە رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى كۈنسېرى ئاشىدۇ، ھەتتاكى باھ قۇۋۋىتىنىڭ پۈتۈن خەزىنىسى مەنىينىڭ خورىشى بىلەن تۈگەيدۇ.

سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىشنىڭ نەتىجىسىدە جەريانى مەنىي، سۈرئەتى ئىنزال ۋە مەنىي سۇيۇلۇش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن يالىڭاچ رەسىملەرنى كۆرۈش، ئاياللار بىلەن ھەمىشە تۇرۇش، يالىڭاچ ئاياللارغا كۆپ قاراش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇسۇل ئويناش قاتارلىق ئىشلار نېرۋىنىڭ تەسىرلىنىشىنى تېزلەشتۈرۈپ، كۆپ جىما قىلىش ئىستىكىنى ئاشۇرىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، بۇمۇ باھ ئاجىزلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئەسكەرتىش يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بايانلاردىن ئاشكارا بولىدۇكى، نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر خۇددى شەھۋەتكە تەسىر قىلغىنىدەك، ئەزاغىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

ئالامىتى شەھۋەت ئاجىزلىقىنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئالامىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) **بەدەن ئاجىزلىقى ۋە غىزا كەملىك:** بەدىنى قۇرغاق، ئورۇق ھەمدە كۈچ ۋە پائالىيەت ئاجىز بولىدۇ، بەدەن رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

(2) **مەنىي كەملىك** چىققان مەنىينىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ.

مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ قۇرۇقلۇقتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەنىيدە قويۇقلۇق بولىدۇ ھەمدە ھۆللەشتۈرگۈچى ھامامغا چۈشۈرۈش، سۇغا چۈشۈرۈش ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالارنى يېيىش بىلەن مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ.

سوغۇقلۇقتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەنىي ئۇيۇغان بولۇپ، تەسلىكتە

چىقىدۇ، بارلىق ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئاچ قورساق قالدۇرۇش، نورمال ئەمگەك قىلدۇرۇش ھەمدە ئىسسىق دورىلارنى يېگۈزۈش قاتارلىقلار.

ئىسسىقلىقتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەنىي قويۇق بولۇپ، ئاسان چىقىدۇ ھەمدە سوغۇق نەرسىلەردىن مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ. لېكىن ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشمۇ بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

ھۆللۈكتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەنىي سۇيۇق بولىدۇ. ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق بولماستىن تەنھا ھۆللۈكنىڭ تېپىلىشى ھەمدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىشى ئاز كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زىيادە ئەھمىيەت تۇتمىغان.

مۇرەككەپ مىزاج بۇزۇلۇش ئەگەر مەنىي كەملىكنىڭ سەۋەبى يۇقىرىقى مەزكۇر كەيپىياتلاردىن ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشى بولسا، ئالامەتلەر يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەر بىلەن مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە داۋالىشىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ، داۋالاشتا ئىككى كەيپىياتنىڭ ئەكسىچە داۋالاش قىلىنىدۇ.

(3) مەنىينىڭ ھەرىكەت قىلماسلىقى ۋە ئۇيۇپ قېلىشى: چىققان مەنىينىڭ مىقدارى كۆپ بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئۇيۇپ قالغان بولىدۇ ۋە قويۇق بولىدۇ.

(4) **جىمانى تەرك ئېتىش** بىمار مۇددەتتىن بۇرۇن جىمانى توختاتقان بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كۆڭلىگە جىما خىيالى كەم كېلىدۇ.

(5)، (6)، (7)، (8) تۈرلىرىدە مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇنىڭ ئالامىتىدۇر.

(9) **يۈرەك كېسەللىكلىرى** يۈرەك ئاجىزلىغان ھالەتتە تامامىي بەدەننىڭ ھارارىتى تۆۋەن بولىدۇ، تومۇرى يۇمشاق ۋە ئاجىز بولىدۇ ھەمدە جىمادىن كېيىن ئايلىنىپ كېتىشكە ئوخشاش ھالەت پەيدا بولىدۇ.

يۈرەكنىڭ مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلغاندا يۈرەك چالاڭغۇراش ۋە ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ.

(10) **بۆرەك ئاجىزلىقى** بۇ، بۆرەك كېسەللىكلىرىدە ئالامەت ۋە سەۋەبلىرى بىلەن سۆزلىنىپ بولدى.

(11) **مېڭە ئاجىزلىقى** بۇ خاس تۈردە بىمار سۇلغۇن ۋە پەرىشان بولىدۇ، تامامىي ھەرىكەتلىرى سۇس ۋە قىيىن بولىدۇ.

(12) **شارابنى كۆپ ئىچىش** بۇ ئادەت مەۋجۇت بولىدۇ.

زەكەر ئىسترخاسىنىڭ ئالامىتى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) **بەدەن ئاجىزلىقى** بەدەندە ئورۇقلۇق ۋە ئاجىزلىق ئاشكارا بولىدۇ.

(2) جىمانى تەرك ئېتىش   سەۋەبىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇنىڭ ئالامىتىدۇر.

(3) مىزاج بۇزۇلۇش   بەدەن كۈچلۈك ۋە ئەزالار سالامەت بولىدۇ، بەدەندە ھارارەت بولمايدۇ. ئەگەر ھارارەت بولسا، ئۇ ئۆتكۈر بولىدۇ، يەللىك غىزالاردىن مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ.

ھارارەت بولمىغان ئەھۋالدا قورساق ئاچقاندا، ھەرىكەتتىن كېيىن (بۇ ھارارەتكە سەۋەبچى بولىدۇ) قايىم بولۇش كۈچلۈك بولىدۇ.

قوزغاتقۇچى ماددا كەملىكىنىڭ سەۋەبى ئەگەر ھۆللۈكنىڭ يوقلىشى بولسا، تاماق، يېمەك - ئىچمەكتىن كېيىن جۈملىدىن ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالارنى يېگەندىن كېيىن، بۇنىڭدا ئازراق ھارارەتمۇ بولىدۇ، قايىم بولۇش ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، جىمادا مەنىي كۆپ چىقىدۇ ۋە قايىم بولۇش تامامەن يوقالمايدۇ.

(4) نېرۋىلار پالىچى   مەنىينىڭ مىقدارى زىيادە ۋە سۇيۇق بولىدۇ ھەمدە قايىم بولماي تۇرۇپ مەنىي يۈرۈپ كېتىدۇ، ئەگەر سوغۇق سۇ مەخسۇس ئەزا ئۈستىگە قۇيۇلسا ئۇ يىغىلمايدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن خاس ئەزانىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى ئاجىزلايدۇ ياكى تامامەن يوقىلىدۇ. زەكەر ئىنچىكە ۋە يىگىلگەن بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك كونىرىسا ۋە ئەزا ئىنچىكىلەپ ئاجىزلىغان بولسا، بۇنىڭ ئىلاجى يوقتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى پالەچتە سۆزلىنىپ بولدى، بۇ تۈرى كىشىلەر ئەرسىزلىك نامى بىلەن ئاتىغان تۈردۇر.

(5) ئۇلاغقا مىنىش قاتارلىقلار   بۇ پائالىيەتنىڭ داۋاملاشقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

(6) ئاجىزلاشتۇرغۇچى كېسەللىكلەر   بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولىدۇ.

(7) قۇۋۋىتى بىلە مەنىينىڭ خورىشى   ئەگەر بىلە ئاجىزلىقى بۇ قۇۋۋەتنىڭ مەنىينىڭ خورىشىدىن پەيدا بولغان بولسا، يۈرەك، جىگەر ۋە باشقا ئەزالاردا، كېسەللىك دەرىجىسى ئېتىبارى بىلەن بارلىق ئەزالارنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئاز - كۆپ تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىپ، بىر ئومۇمىي ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ، خۇشاللىق پائالىيىتى يوقىلىدۇ، ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق بولىدۇ، ھەمىشە بىكار يۈرۈشكە تەبىئىتى مايىل بولىدۇ، كىچىككىنە گەپلەرگە يۈرىكى تىترەيدۇ، ئادەتتىكى مېھنەت ۋە مۇشەققەتتىن ھاسرايدۇ ھەمدە پۈتۈن بەدەن تەر بىلەن ھۆل بولىدۇ، يۈزىدە سېرىقلىق ۋە غەمكىنلىك، ئۇنتۇغاقلىق غالىب كېلىدۇ ۋە ئىرادە كۈچىدە ئاجىزلىق بولىدۇ، ھەر ۋاقىت قورقۇنچ بىلەن ياشايدۇ، ھىممىتى تۆۋەن بولىدۇ، قول - پۇتلىرى كۆپىنچە سوغۇق تۇرىدۇ، تومۇرى ئاجىز، يۇمشاق ۋە ئاستا سوقىلىدۇ، باش، يوتا، پاچاق ۋە بېلى كۆپىنچە ئاغرىيدۇ،

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ، ئۆرە تۇرغاندا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، بېشى قايىدۇ، ئۇيقۇ كەم بولىدۇ، قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ پەرىشان بولىدۇ، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولىدۇ ھەمدە بىمار بۇ سەۋەبتىن تېز ھېرىپ قالىدۇ. ھەزىم قىلىش كۈچى بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غىزا خاھىشى كەم بولىدۇ ھەمدە ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە بىرلەمچى قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەن ھالەتتە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خىجالەتچىلىك غالىب بولىدۇ، تېۋىپقا قارىيالماستىن، بېشىنى ئېگىپ تۇرىدۇ ھەمدە سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ھودۇقىدۇ. جەلەق قىلىش زىيادە بولغان ھالەتتە بەزى ۋاقىتلاردا كۆز ئەتراپىغا مەخسۇس تۈردىكى ھالقىسمان قارا داغ چۈشىدۇ، بۇنى تەجرىبىلىك كىشى كۆرۈپ دەرھال چۈشىنەلەيدۇ. مىزاجى چۈس بولۇپ، يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. باھ ئاجىزلىقىنىڭ بۇ تۈرىدە غەيرىي تەبىئىي سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ھەمىشە بولىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدە سۈرئىتى ئىنزال، جەريانى مەنىي، كۆپ ئېھتىلام بولۇش بولىدۇ، بىمار تولۇق لەززەت ئالالمايدۇ ۋە قايىم بولۇش كەم بولىدۇ. نېرۋىلارنىڭ بۇ غەيرىي تەبىئىي سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ئاستا - ئاستا شۇ دەرىجىدە كۈچىيىدۇكى، يەڭگىل مۇجۇش، كىيىمنىڭ سۈركىلىشى، شەھۋانىي ھېكايىلەر ۋە مەزمۇنلارنى ئوقۇش ھەم ئاڭلاش ياكى مەخسۇس شەھۋانىي خىيال ۋە تەسەۋۋۇر بىلەن ئاز - كۆپ قايىم بولۇشتىن كېيىن مەنىي يۈرۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئاخىرقى دەرىجىلىرىدە قايىم بولماستىنمۇ مەنىي يۈرۈپ كېتىدۇ. ئەگەر كۆپ جىما قىلىش ياكى مەنىي خوراش داۋاملاشسا، بەزى ۋاقىتلاردا قورقۇنچلۇق مېڭە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: تۇيۇقسىز ئۆلۈم، تەشەننۇج، جۇنۇن ۋە مالىخولىيا قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر باھ ئاجىزلىقى رەئىس ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرىدىن كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ ئەزالار كېسەللىكلىرىنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، خۇددى رەئىس ئەزالار ۋە چوڭ ئەزالار، يەنى يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان، ئۈچەي قاتارلىقلارنىڭ كېسەللىكلىرى باھ ئاجىزلىقىغا سەۋەب بولغىنىدەك باھ ئاجىزلىقى بىلەن بۇ ئەزالارمۇ ئاز - كۆپ كېسەللىنىدۇ. ھەرھالدا داۋالىغان ۋاقىتتا ئىككى خىل ھالەتلەردە ئۇ ئەزالارغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ، مەيلى ئۇنىڭ كېسەللىكلىرى باھ ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى بولسۇن ياكى باھ ئاجىزلىقى بىلەن بۇ كېسەللىكلەر مەۋجۇت بولسۇن، مەسىلەن: يۈرەك ئاجىزلىغان ھالەتتە تومۇرنىڭ ئاجىز ۋە يۇمشاق بولۇشى، يۈرەك چالاڭغۇراشنىڭ بولۇشى، جىمادىن كېيىن ناھايىتى زىيادە ئاجىزلىقنىڭ مەلۇم بولۇشى، جىمادا لەززەتنىڭ كەم بولۇشى قاتارلىقلار.

مېڭە ئاجىزلىغان ھالەتتە مېڭە ئاجىزلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى، ئەستە ساقلاش

قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، زېھنىنىڭ سۇس بولۇشى، ھوش ۋە سەزگۈلەرنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى، نېرۋىلار ۋە بەدەن مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشى قاتارلىقلار.

جىگەر ئاجىزلىغان ھالەتتە يۈز ۋە قاپاقلاردا ئاز - كۆپ ئىششىقنىڭ بولۇشى، يۈز ۋە كۆزلەرنىڭ سېرىق ياكى ئاق بولۇشى، جىگەر ساھەسىدە ئاز - كۆپ ئاغرىق ۋە ئېغىرلىقنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار.

ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر ئاجىزلىغان ھالەتتە تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى، يەل ۋە كېكىرىكنىڭ كۆپ بولۇشى، قەۋزىيەت، ئىشتىھا كەملىك قاتارلىقلار.

بۆرەك ئاجىزلىغان ھالەتتە بەل ياكى ئومۇرتقا تۈۋرۈكىدە ئاغرىقنىڭ بولۇشى، سۈيدۈكنىڭ ئاز بولۇشى ياكى سۈيدۈكتە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ چىقىشى قاتارلىقلار.

شۇنىڭدەك بەل ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى ئەگەر زىيابىتۇسقا ئوخشاش باشقا سوزۇلما كېسەللىكلەر بولسا، ئېنىقكى، بۇ كېسەللىكلەر ئۆزىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامەتلىرى بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ.

بەل ئاجىزلىقىنىڭ شىكايىتى مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئەزالارنىڭ سەزگۈ كۈچى ئاجىزلىسا، مەنىي ناھايىتى قويۇق ۋە ئۇيۇغان بولىدۇ، ئۇزۇندا قايىم بولىدۇ ۋە ئىنزال بولۇشمۇ كېچىكىدۇ.

ئەسكەرتىش زەكەر ئۈستىدە بەزى ۋاقىتلاردا كۆك قان تومۇرلار زىيادە ئاشكارا بولىدۇ، كىشىلەر بۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە بۇزۇلغان ماددا بۇ تومۇرغا توپلانغان، دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن بۇ بىرەر چوڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ئەمەس. نېرۋىلار ئىستىرخاسى سەۋەبىدىن بۇ كۆك قان تومۇرلار ئازراق زىيادە كۆپۈشكەن بولۇشى مۇمكىن.

شەھۋەت ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

(1) **بەدەن ئاجىزلىقى ۋە غىزا كەملىك** بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ چارىلەر قىلىنىدۇ. بۇ كېسەلدىن يېڭى قوپقان ئاجىزلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ھەزىم قىلىش كۈچىگە ئاساسەن غىزا كۆپەيتىلىدۇ، كۆپ ئۇخلىتىلىدۇ تاكى بەدەنگە ھۆللۈك يەتسۇن ۋە ھەزىم كۈچلەنسۇن، خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ، خۇشاللىق يەتكۈزۈلىدۇ، ئويۇن - تاماشىغا مەشغۇل قىلىنىدۇ تاكى روھ كۈچلەنسۇن، روھتا كېڭىيىش پەيدا بولسۇن ھەمدە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى كۈچلەنسۇن. ئاز مۇددەتكىچە جىمادىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

(2) **مەنىي كەملىك** ئەگەر مەنىي كەملىكنىڭ سەۋەبى ئەزالار ۋە مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى بولسا، ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سۈت ھالۋىسى، ساپ شورپا، ئىسپىدباجلار، داۋائى تەرەنجىبىن بېرىلىدۇ،

بۇ مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

داۋائى تەرەنجىبىن نۇسخىسى تازىلانغان ئاق تەرەنجىبىندىن 108.75 گرام ئېلىپ، يېڭى سۈتتە قويۇلغىچە قاينىتىپ تەييارلاپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىككى قوشۇق (36 گرام) يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقى بولسا، زەنجىۋىل مۇرابباسى ۋە مەنىينى كۆپەيتكۈچى مەجۇنى لوبوب يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەنىي زىيادە بولىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك باھنى كۈچلەندۈرگۈچى بولغان مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى لوبوب نۇسخىسى: بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، بەتەم مېغىزى (ھەببەتۇلخۇزرا يابىن)، چىلغوزا مېغىزى، ھەببى زەلەم مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، نارجىل مېغىزى، پىستە مېغىزى، ھەببى قەلقەل مېغىزى (ياۋا ئانار ئۇرۇقى)، ئاق خەشخاش، ئىككى خىل تۇدەرى، كۈنجۈت، سەۋزە ئۇرۇقى، زاغۇن ئۇرۇقى (تارامىرە ئۇرۇقى)، پىياز ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، رەتبە ئۇرۇقى (ئىسپىت)، ئىككى خىل بەھمەن، زەنجىۋىل، پىلپىل، قارىمۇچ، كاۋاۋىچىن، دارچىن، قېلىن دارچىن، شاقاقۇل، خولىنجان، ھەلىيۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ سوقۇپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

مەجۇنى مۇقەۋۋى باھ نۇسخىسى: زەنجىۋىل، شاقاقۇل، خولىنجان، زاغۇن ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، ياۋا ئىتئۈزۈمى ئۇرۇقى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، ئاق پىيازنىڭ سۈيىدە ھەسەلنى قاينىتىپ، باشقا دورىلارنى قوشۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقى بولسا، ئىسسىقلىقنى تارقاتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، سۈت، قېتىق قاتارلىقلار.

ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ ھۆللۈكتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقى بولسا، قۇرۇق دورىلار (مەسىلەن: ئىترىفىللار ۋە قۇرۇق غىزالار) يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن پىشۇرۇلغان ئاسما كاۋاپ، سوقما كاۋاپ، بۇ ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچىلەردىن دارچىن، زىرە، تاغ پىننىسى، سۇزاپ بىلەن خۇش پۇراق قىلىنغان بولسۇن.

(3) مەنىينىڭ ھەرىكەت قىلماسلىقى ۋە ئۇيۇپ قېلىشى مەنىينى قىزىتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەنىيدە ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشتۈرۈش پەيدا قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەھۋەتتە قوزغىلىش پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: مەجۇنى زەرئۇنى، مەجۇنى لوبوب، مەجۇنى

بۇزۇرى. ئىسسىق ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئوغرىتىكەن، زەنجىۋىل، يېڭى سۈت ۋە ياڭاق يېغى قايىنتىلمىسى بىلەن تەييار قىلىنغان بولسۇن. ئىسسىق تەبىئەتلىك ھەمەل مەقئەتكە قويۇلىدۇ، بۇ چىگىت مېغىزى (مېغىزى بەنولە)، ئاقىرقەرھا، كەندە بەھروزە، شىر يېغى، نارجىل يېغى بىلەن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

مەجۇنى زەرئۇنى نۇسخىسى: پىلپىل، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، قىلىن دارچىن، دارچىن، قەلەمپۇر، خولىنجاننىڭ ھەربىرىدىن بىر ھەسسىدىن، ئىككى خىل تۇدەرى، ئىككى خىل بەھمەن، بوزىدان، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، تاتلىق قۇستە، سەئدە كۇفى، سۇمبۇلنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ ھەسسىدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

(4) جىمانى تەرك ئېتىش   تەدرىجىي جىماغا كىرىشىش تاكى شەھۋانىي كۈچلەر ھەرىكەتكە كەلسۇن ھەمدە پەيدا قىلغۇچى كۈچ مەنىي پەيدا قىلىشقا باشلىسۇن. جىماغا ئائىت سۆز ۋە قىسسەلەرنى ئاڭلىتىش، ھايۋانلارنىڭ جۈپلەشكەن مەنزىرىسىنى كۆرستىش بىلەن شەھۋانىي كۈچلىرى ئويغىتىلىدۇ، بوشاشتۇرغۇچى ياغ سۈركىلىدۇ. مەسىلەن: سەۋسەن يېغى ۋە خەيرى يېغى سۈركىلىدۇ، موم ئەركەك كالا ئۆتىگە قوشۇپ سۈركىلىدۇ. ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئاقىرقەرھاغا چىگىت مېغىزى يېغىنى قوشۇپ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ، باھنى كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: تۇخۇم سېرىقى، پاقلان، چۈجە گۆشى، سەرى، ھەلىم قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىكتە كۆپرەك غىزالار تەرەپكە يۈزلىنىش ۋە كىرىشىش لازىم. چۈنكى ئۇلاردىن ئۈمىد بولىدۇكى، كۈچلەر كۈچلۈك بولىدۇ ۋە ماددا (مەنىي ۋە قان) كۆپىيىدۇ.

(5)، (6)، (7)، (8) تۈرلىرىدە ئۇ خىياللار ۋە ئەقىدىلەرنى بىمارنىڭ كۆڭلىدىن يوقىتىشقا تىرىشىش لازىم.

(9) يۈرەك كېسەللىكلىرى   ئاجىزلىغان ۋە يۈرەك مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلغاندا يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش، سوغۇق ۋە خۇش پۇراقلىق، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلار بىلەن يۈرەكنىڭ مىزاجى نورماللاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۈرەكنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى بولسا، ئۇ تەرەپكە كىرىشىش لازىم.

(10) ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى   ئاشقازان ۋە جىگەر كۈچلەندۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ مىزاجى مۇناسىپ ئۇسۇلدا ياخشىلىنىدۇ. بۇ ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

(11) بۆرەك ئاجىزلىقى   ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ (بۆرەك

كېسەللىكلىرىگە قاراڭ).

(12) مېڭە ئاجىزلىقى: مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ. مۇناسىپ مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ، مۇۋاپىق پۇرىتىلمىلار ۋە تىلالار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن باشقا مۇناسىپ چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

زەكەر ئىستىرخاسىنى داۋالاش:

(1) بەدەن ئاجىزلىقى بەھ كۈچىنى ئاشۇرغۇچى چارىلەر قىلىنىدۇ، بۇ ئۈستىدە بايان قىلىنىپ بولدى. مەسىلەن: غىزالىرىنى ياخشىلاش، ئارام ئالدۇرۇش ۋە تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئۇخلىتىش، خۇش پۇراق دورىلارنى ئىشلىتىش، خۇشال - خۇراملىق بېغىشلاش قاتارلىقلار.

(2) جىمانى تەرك ئېتىش قوي سۈتى ياكى زۇپتىنى جىنسىي ئەزاغا سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ، ئەزا ئۈستىگە ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ، تاكى زەكەرنىڭ تومۇرلىرى كېڭەيسۇن ھەمدە كۆپ قان تارتىلىپ كەلسۇن.

(3) مىزاج بۇزۇلۇش ھارارەتنىڭ يوقىلىشى: ئەگەر قوزغاتقۇچى ماددا كەملىكىنىڭ سەۋەبى ھارارەتنىڭ يوقىلىشى بولسا، مەجۇنلەر ۋە ياغ قاتارلىقلار بىلەن ھارارەت يەتكۈزۈلىدۇ.

ھۆللۈكنىڭ يوقىلىشى ئەگەر قوزغاتقۇچى ماددا كەملىكىنىڭ سەۋەبى ھۆللۈكنىڭ يوقىلىشى بولسا، ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ياغ قاتارلىقلار بىلەن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، يەللىك، باھنى كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ماش، نوقۇت، يېڭى سۈت قاتارلىقلار ئاز مىقداردىكى دارچىن بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا مۇبەھھى دورىلار بېرىلىدۇ، بۇ زىيادە ئىسسىق بولمىسۇن.

(4) نېرۋىلار پالچى: ئەگەر ئەزانىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى ئاجىز بولمىسا ھەمدە ئەزا ئورۇق، ئاجىز بولسا ۋە سوغۇق سۇ بىلەن يېغىلسا، ئۇنىڭ ئىلاجى پالەچتە سۆزلەنگەندەك قىلىنىدۇ. نېرۋىلارنى قىزىتقۇچى ھۆقنە، ئىسسىق چېپىلما دورىلار ۋە ھەمەل قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ پالەچ ۋە ئىستىرخادا سۆزلىنىپ بولدى.

بەھ ئاجىزلىقىنى داۋالاشنىڭ ئومۇمىي قانۇنلىرى تېۋىپلار ئومۇمىي قانۇنغا مۇناسىپ ھالدا دەسلەپتە بەھ ئاجىزلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىشى ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرەر داۋالاش قىلماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، بۇ داۋالاش ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، كېسەللىك سەۋەبىنى كۈچەيتىپ، كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەھ ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا، بەزىدە تىنچلاندۇرغۇچىلار ۋە سوۋۇتقۇچىلارغا ۋە بەزىدە كۈچلەندۈرگۈچىلەر ۋە قوزغاتقۇچىلارغا ئېھتىياج چۈشىدۇ. يەنى بۇ ئىككى قارىمۇقارشى

نەرسىلەر قارىمۇقارشى ھالەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۆۋەندە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ. تېۋىپنىڭ بىرىنچى مەجبۇرىيىتى، كېسەللىكنىڭ ھالىتى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ياكى باھنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قوزغاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش دائىرىسىگە كىرىدىغان - كىرمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاش. بۇ دىياگنوزدىكى ئايرىش داۋالاشنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىنىڭ تۈگۈنىدۇر. بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سەل قارىغاندا، ھەر خىل پەرىشانلىقلار ۋە پۇشايمانلار بولىدۇ. نادان تېۋىپلار ئالىي نۇسخىلارنى بېرىدۇ. ئەگەر باھ ئاجىزلىقى كۆپ جىما قىلىش، جەلەق ئادىتى ۋە غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە كۈچنى خورىتىشتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە نېرۋىلاردا غەيرىي تەبىئىي سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە سۈرئىتى ئىنزال، جەريانى مەنىي، يالغان شەھۋەت قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتىكى داۋالاش پرىنسىپى شۇكى، دەسلەپتە كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قوزغاتقۇچىلارنى ھەرگىز ئىستېمال قىلدۇرماسلىق، يەنى بۇ تۈردىكى دورا ۋە غىزالارنى بەرمەسلىك ھەم بۇ تۈردىكى ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدىغان چارىلەرنى قوللانماسلىق لازىم. بەلكى دەسلەپتە ھەر خىل شەكىلدە تىنچلاندۇرغۇچىلار ۋە سوۋۇتقۇچىلارنى ئىشلىتىپ، مەنىي ئەزالىرى ۋە مەنىي ماددىسىنى ئىسلاھ قىلىش، مېڭە ۋە نېرۋىلارغا ئارام يەتكۈزۈش، ئىچكى تومۇرلاردىكى يوشۇرۇن كۆيۈشۈش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە شىللىق پەردىلەر تۆكۈلۈش قاتارلىقلارنى يوقىتىش لازىم. چۈنكى بۇ ھالەتتە نېرۋىنىڭ تىنچلىققا زۆرۈرىيىتى ئۆتكۈر بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، جىمانى تەرك ئېتىش ۋە شەھۋانىي خىياللارنى قىلماسلىق بىر زۆرۈر ئۇسۇلدۇر. نېرۋىلاردا قوزغىلىش ۋە سەزگۈرلۈك ئېشىپ كەتكەن ھالەتتە ئىنسان جىمانى توختىتىشقا قەتئىي قادىر بولالمايدۇ، بەلكى ئادەتتىكى سەۋەبلەر ۋە قوزغىتىشلار بىلەن شۇنچىلىك تەسىرلىنىدۇكى، مەنىي ماددىسىنى بىرەر ئۇسۇلدا چىقىرىۋەتمىگىچىلىك ئارام تاپمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلاندۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش يەنىمۇ زۆرۈردۇر. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ئىلاجىمۇ بولىدۇ ۋە كەلگۈسىدىكى ئېھتىياتسىزلىقلار (بۇ كېسەللىكنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ) نىڭ كۈچىيىپ كېتىشىمۇ توختىمايدۇ. ئەھۋالغا قاراپ بىر - ئىككى ئاي تىنچلاندۇرغۇچىلارنى ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئەگەر نېرۋىلاردا تىنچلىنىش بولسا، جەريان، ئېھتىلام ۋە يالغان شەھۋەت يوقالسا، كۈچلەندۈرگۈچىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ھەمدە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بىلەن تولۇق كۈچلەندۈرگەندىن كېيىن باھنى قوزغاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

قىسقىسى، بۇ ئېتىبار بىلەن باھ ئاجىزلىقىنى داۋالاشنىڭ سوۋۇتۇش ۋە تىنچلاندۇرۇش، كۈچلەندۈرۈش، قوزغىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىسى بولىدۇ. كۈچلەندۈرۈش ۋە قوزغىتىشنىڭ ئارىلىقىدا بىر نازۇك ئۇقۇم پەرقى بار بولۇپ، بۇنى بۇ يەردە سۆزلەش مۇناسىپتۇر. باھنى

كۈچلەندۈرگۈچىلەردىن بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ئەسەب كۈچىنىڭ خەزىنىسىنى ئاشۇرىدىغان ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا مۇناسىپ ماددىلارنى تارتىدىغان نەرسىلەردۇر. بۇ، ئۇ ئەزالاردىن يوقالغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە قوزغاتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى پەقەت نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ خامۇش قۇۋۋەتلىرىنى ئويغىتىشتۇر. بۇلاردىن قۇۋۋەت ۋە ماددىدا جۇغلىنىش بولمايدۇ. بۇ نېرۋىلار ئۈچۈن ئاتنىڭ چەبدەسلىكىگە ئوخشاش ھۆكۈم تۇتىدۇ، مەسىلەن: تۇخۇم ئىستېمال قىلىش باھ ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچىدۇر، شەھۋانىي ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ بۇ خىيالنىڭ پەيدا بولۇشى قوزغاتقۇچىدۇر، بۇ ھال دورىلاردىمۇ بولىدۇ.

بىرىنچى دەرىجە سوۋۇتۇش ۋە تىنچلاندۇرۇش بۇ دەرىجىدە مېڭە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرۇش زۆرۈردۇر. يەنى يەرلىك ئورۇنلۇق ۋە ئومۇمىي بەدەنلىك تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش مۇناسىپتۇر، بۇ دەۋرىدە كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قوزغاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. مەيلى دورىلار ياكى غىزالار بولسۇن ياكى خىياللاردا قوزغىلىش پەيدا قىلغۇچى سەۋەب بولسۇن.

مېڭىدىكى پەرىشانلىقنى كېمەيتىش ئۈچۈن تىنچلاندۇرغۇچى ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش ۋە مۇناسىپ ئىشلارغا مەشغۇل قىلىشتىن سىرت، تېۋىپ تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ مەيۈسلۈكىنى ۋە پاراكەندە خاتىرىسىنى ياخشىلاشقا تىرىشىشى لازىم.

بىمارغا داۋالاش قىلىشنىڭ ئالدىدا داۋالاش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللار تولۇق چۈشەندۈرۈلىدۇ، يەنى دەسلەپتە بىمارنىڭ باھ كۈچى يوقىتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا تىنچلاندۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ئۇنىڭ باھ كۈچى سۇسلىشىدۇ ۋە مەۋجۇت بولغان يالغان شەھۋەت دولقۇنلىرى ئۆز نېرۋىلىرىدا يوقىلىدۇ. بۇلارنى بىمار باشلىنىشتىكى ئەھۋال دەپ چۈشەنسە، ئۇنىڭ داۋالاشقا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

كۆپىنچە بىمارلارنىڭ خاھىشى شۇكى، ھەب دورىلار گالدىن ئۆتۈشى بىلەنلا تەسىرىنى كۆرسىتىشى كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. بۇ داۋالاش بولماستىن ئالداشتۇر. ھېرىپ قالغان ئاتنى ئۇرۇپ تېز - تېز يۈگۈرتۈش، ئۇنى ھاردۇرۇپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلتۈرۈشتۇر.

بەدەننىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇلى تولۇق قوللىنىلىدۇ، باھنى ۋە شەھۋەتنى قوزغايدىغان سەۋەبلەر ۋە ۋاسىتىلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان ئادەت ھەم ئۇسۇللاردىن ساقلىنىش زۆرۈر، دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: شەھۋەتنى قوزغايدىغان سۈرەتلەر، كۆرۈنۈشلەر ۋە تاماشالارغا قاراش، شەھۋانىي ئەپسانىلەر ۋە قىسسەلەرنى ئاڭلاش، ئاياللار بىلەن كۆپ ئارىلىشىش، ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جىما تەرەپكە مايىل بولۇش قاتارلىقلار.

بارلىق كۆچلەندۈرگۈچى ۋە قوزغاتقۇچى غىزالار ھەم دورىلار بۇ ۋاقىتتا قەتئىي دۇرۇس ئەمەس بولۇپ، مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى توختىتىش، مەسىلەن: باھىنى كۆچلەندۈرگۈچى ھەمدە قوزغاتقۇچى مەجۇنلەر، ھەبلەر، ھالۋىلار، گۆش، بېلىق، شاراب، قەھۋە، چاي، تاماكا، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا قاتارلىقلار. بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ناھايىتى ئاددىي غىزالارنى يېگۈزۈش، مەسىلەن: كۆكتاتلار، سوغۇق تەبىئەتلىك ئوتياشلار ھەمدە سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋە، سۈت، قېتىق، قايماق، سېرىقماي، بالائى، گۈرۈچ، نان قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم.

بۇ دەۋردىكى داۋالاشتا ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە قەۋزىيەتنى يوقىتىشنى ئويلاش ناھايىتى زۆرۈردۇر.

بلھ ئاجىزلىقىنىڭ ھەرقايسى ھالىتىدە بۇ ئىشقا زۆرۈر ئېتىبار قويۇلىدىكى، قەۋزىيەتلىك ھالىتىدە كۆپىنچە دورىلار پايدىسىز بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا زىيانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داۋالاش ئۇسۇلىغا بۇ ئىش كىرىدۇكى، بىمارنى قەۋزىيەت ھالىتىدە قويماسلىق لازىم. قەۋزىيەتنى مۇسھىل دورىلار بىلەن يوقىتىش مۇناسىپ ئەمەس، چۈنكى مۇسھىل دورىلاردىن ئۈچەيلەردە قۇرۇقلۇق ھاسىل بولۇپ، قەۋزىيەت ئېغىرلىشىدۇ. بەلكى قەۋزىيەتنى يوقىتىشتا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى شۇكى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى نورماللاشتۇرۇش، يەڭگىل يۇمشاتقۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ياخشى غىزالار ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى يېگۈزۈش لازىم. سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل بۇ ھالەتتە ئەڭ ياخشى يۇمشاتقۇچىدۇر، چۈنكى بۇ چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش بىلەن تىنچلاندۇرغۇچىمۇ بولىدۇ. مەجۇنلەرنى تەييارلىغاندا ئەگەر شېكەرنىڭ ئورنىغا تەرەنجىبىن ئىشلىتىلسە كۆپ ياخشىدۇر، چۈنكى تەرەنجىبىندە يۇمشىتىش تەسىرى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە بلھ ئاجىزلىقى ۋە مەنىي ئېقىش ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر.

بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەتىگەندە مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىش، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش، ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن سوغۇق سۇغا بەرداشلىق بېرەلمىسە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش، پەسىلگە قاراپ كىيىنىش پايدىلىقتۇر. سىرتنىڭ ئوچۇق ھاۋاسىدا ئەتىگەن ۋە كەچتە پىيادە مېڭىش، سەيلە قىلىش ساغلاملىق ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئادەتتۇر. مېڭىش مۇساپىسىنى 2 ~ 3 كىلومېتىردىن 4 ~ 6 كىلومېتىرغىچە تەدرىجىي ئاشۇرۇش لازىم. ئات ۋە باشقىلارغا مىنىش زىيانلىقتۇر، بۇنىڭ بىلەن يىرىق ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا بېسىم چۈشىدۇ.

جىسمانىي ھەرىكەتتىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئويۇنلار بولۇپ، بۇلارنى ئىنسان ئۆز ھالىتىگە قاراپ تاللىسا بولىدۇ. ئۇخلاش ئالدىدا ئىنسان كىچىك تەرەت قىلىپ دوۋسىقىنى خالىي قىلىشىمۇ مۇناسىپتۇر.

تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنىڭ تەسىرىدىن مەنىي ماددىسى قويۇلىدۇ ھەمدە مەنىي ئېقىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، سۈرئىتى ئىنزال قاتارلىق ئالامەتلەر يوقىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ دورىلار مەنىي قويۇلدۇرغۇچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار باھنى قوزغاتقۇچى ۋە كۈچەيتكۈچى دورىلارغا قارىمۇقارشى بولۇپ، ماھىيەتتە باھنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داۋالاشنىڭ بۇ دەۋرىدە باھنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭسىز باھ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ تۈردىكى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل دورىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپتۇر، بۇ دورىلار ئادەتتە سۇفۇپ ۋە باشقا ھالەتلەردە يېگۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزىدە نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىرتقى چارىلەرنى قوللىنىش زۆرۈر بولىدۇ، بۇنىڭ بايانى تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ.

تىنچلاندۇرغۇچى ۋە مەنىي قويۇلدۇرغۇچى دورىلارنىڭ مۇندەرىجىلىرى

سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلار: ئەپيۇن، خەشخاش پوستى، نەشە، بەزرۇلبەنجى، داۋائۇش شىفا (بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى) ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇرەككىباتلىرى.

تىنچلاندۇرغۇچى ۋە قويۇلدۇرغۇچى دورىلار قەلەي كۇشتىسى، قوغۇشۇن كۇشتىسى، كۈمۈش كۇشتىسى، سىنىك كۇشتىسى، بۇ پەلى (بىر خىل مۆڭگۈز)، تالمەكانا، تۇدەرى، بەھمەن، بوزىدان، مەۋسەل، سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇل مىسرى، سەرۋالى ئۇرۇقى، تاغ ئادراسمان ئۇرۇقى، كۇنۇچە ئۇرۇقى مېغىزى، سەرەس ئۇرۇقى، مۇچرەس، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، چىنىيا يېلىمى، تەمرى ھىندى ئۇرۇقى مېغىزى، نېلۇپەر ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، نېلۇپەر گۈلى، چاڭگاك ئۇرۇقى، ئىسپىند، سۇزاپ ئۇرۇقى، ياۋا ئىتئۈزۈمى ئۇرۇقى، بەرمەد نەدى، ئوغرىتىكەن، كەتىرا، ئەرەب دەرىخى يىلتىزى پوستى، چاققاقئوت يىلتىزى پوستى، داۋا گۈلى، سەرپىستان، سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسوت، سەندەل، قۇرۇق سەنگارا، نىشاستە قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى دورىلار يەككە ۋە مۇرەككەپ ھالەتتە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە سانسىزلىغان نۇسخا بۇ يەككە دورىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك تەسىرلىرى شۇكى، قاتتىق ئۇخلىتىدۇ، يالغان شەھۋەتنىڭ قوزغىلىشىنى توختىتىدۇ، مېڭىگە ئارام ۋە راھەت كەيپىياتى بېرىدۇ، جەريان ۋە ئېھتىلامنىڭ شىكايىتىنى يوقىتىدۇ.

ئۇلار يەڭگىل ۋە كۈچلۈك دورىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كېسەللىك دەرىجىسىگە قاراپ

يەڭگىل دورىلاردىن باشلاپ تەدرىجىي كۈچلۈك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مۇندەرىجىدىكى داۋائۇش شىفا نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئۇخلىتىشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈكتۇر. ياخشىلىقى شۇكى، بۇ قابىزمۇ ئەمەس، بۇ ھەب شەكلىدە 1 ~ 2 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مۇندەرىجىدىكى نۇرغۇنلىغان دورىلار قابىز بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن يېقىمسىزلىق ئاشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلغان ۋاقىتتا تېۋىپ باشتىن ـ ئاخىر كۆزىتىپ تۇرۇشى لازىم. ئەگەر قەۋزىيەت پەيدا بولسا، بىرەر مۇناسىپ يەڭگىل يۇمشاتقۇچى بىلەن (مەسىلەن: كەچتە بىرەر ئىترىفىل ياكى ھېلىلە مۇراببası يېگۈزۈپ) قەۋزىيەتنى يوقىتىش لازىم. بۇ مۇندەرىجىدىكى ئىسپىغۇل ئاجايىپ دورا بولۇپ، تولۇق تىنچلاندۇرغۇچى ۋە چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچىمۇ بولىدۇ. باشقا دورىلار نەزەرگە ئېلىنمايدۇ، بۇ خاس مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتقى تەرەپتىن داۋالاش بەزى ۋاقىتلاردا زەكەر بېشىنىڭ سەزگۈسى شۇ قەدەر ئېشىپ كېتىدۇكى، ئادەتتىكى سىيلاش ۋە سۈركىلىش بىلەن ئىنزال بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى قېلىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، زەمچىنى سۇدا ئېرىتىپ سىرتىدىن سۈركىلىدۇ، خەشخاش پوستىنىڭ كۈچلۈك قاينىتىلمىسى ۋە باشقا مەست قىلغۇچىلارمۇ تۇتۇل شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

مەزى بېزى ۋە مەنىي قاچىسىدا بەزىدە ئىمتىلا ۋە قوزغىلىش بولىدۇ، بۇنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆز ئۈچەيگە بارماقنى كىرگۈزۈپ ئۇنى يەڭگىل ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم، بۇنىڭ بىلەن ئىمتىلا يوقىلىدۇ ھەمدە شەھۋەتنىڭ قوزغىلىشى كېمىيىدۇ. بۇ ئۇۋۇلاش ناھايىتى يۇمشاق ۋە يەڭگىل ھەم دەسلەپتە بىر يېرىم دەقىقىدىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم. مەزى بېزى ۋە مەنىي قاچىسى تۆز ئۈچەينىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇنى ئۇۋۇلىغاندا بارماقنىڭ بېسىم كۈچى ئالدى تەرەپكە بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى دەرىجە كۈچلەندۈرۈش ئەگەر نېرۋىلاردىكى قوزغىلىش كەيپىياتى تىنچلانسا، يالغان شەھۋەتنىڭ كۈچى يوقالسا، بۇ چاغدا قۇۋۋەت سەرمايىسىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىشىش قىلىش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈش، گۆش، بېلىق ھەم تۇخۇم قاتارلىقلاردىن توسماسلىق، بەلكى كەڭ قورساقلىق ۋە باياشاتچىلىق بىلەن بۇ نەرسىلەرنى بېرىش، مېغىزلارنى يېگۈزۈش ھەمدە خورما ئۇنى مەجۇنى ۋە لوبوبى كەبىرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم، بۇ ۋاقىتتا غىزالارغا ئىسسىق دورا ـ دەرمەكلەرمۇ قوشۇلىدۇ.

بۇ غىزالار ۋە دورىلىق غىزالارنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ جىسمانىي ھەرىكەتلەر ۋە ئويۇنلار بىلەن شۇغۇللىنىش، پۈتۈن بەدەننى ياغ بىلەن ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم. يۈگۈرۈش ۋە سۇ ئۈزۈشمۇ ياخشى ھەرىكەتلەردۇر. نېرۋىلارنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن،

سەنكىيا، پولات، كۈچۈلا مۇرەككەباتلىرى ۋە باشقا نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى دەرىجە قوزغاش داۋالاشنىڭ بۇ تۈرىدىن ئەسلىي مەقسەت مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ مۇسكۇللىرىدا پەيدا بولغان ئاجىزلىق ۋە بوشىشىش كەيپىياتىنى يوقىتىش ۋە بەلە كۈچىنىڭ نېرۋا دولقۇنلىرىنى بۇ تەرەپكە مايىل قىلىشتۇر. ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئۇۋۇلاش ۋە تىلا قىلىش بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ دەرىجىدە سىرتقى تەرەپتىن داۋالاش بىلەن كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار ۋە دورىلارنىمۇ داۋاملىق بېرىش لازىم.

بۇ قوزغىغۇچى مۇرەككەباتلاردا قىزارتقۇچى ۋە قان تارتقۇچى تەركىبلەر بولغان بولىدۇ، بۇنى ئىشلىتىش بىلەن يەرلىك ئورۇنغا قان زىيادە تارتىلىپ كېلىدۇ. يەرلىك ئورۇندىكى ئوزۇقلاندۇرۇشتا تېزلىك بىلەن كۈچىيىش بولىدۇ، يەنى بۇ جاينىڭ تېرىسى قىزىرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ دورىلاردىن ئاز - تولا مۇدۇر - چاقمۇ پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە ئۆتكۈر دورىلاردىن سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ.

لېكىن، ئادەتتە سۇلۇق قاپارتقۇ پەيدا قىلغۇچى تىلالارنى چاپماسلىق، ناۋادا مۇدۇر ياكى سۇلۇق قاپارتقۇ چىقسا تىلا ئىشلىتىشنى توختىتىش ۋە ئۇنى پۈتتۈرۈشنى ئويلاش، يەنى بۇ ۋاقىتتا بىرەر ياغ (مەسىلەن: يەسمەن يېغى قاتارلىقلار) ياكى بىرەر مەلھەمنى ئىشلىتىش، ئاندىن كېيىن زۆرۈرىيەتكە قاراپ تىلا ئىشلىتىش لازىم.

ئۇۋۇلاش باھنى قوزغاش ئۈچۈن يەڭگىل قىزارتقۇچى ۋە قان تارتقۇچى دورىلارنى بىرەر ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سىرتقى ئەزالار (ئۇرۇقدان، زەكەر، يىرىق) غا، قورساقنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى ۋە يوتىغىچە سۈركەپ ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم، بۇنىڭدىن ئۇلاردا كۈچ ھاسىل بولىدۇ. بۇ بىر تۈردىكى ھەرىكەتتۇر، بۇ ئۇلارنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر داۋالاشنىڭ بۇ دەرىجىسىدە قوزغىتىش ئۈچۈن باشقا چارىلەرنىمۇ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) بەلگە سوغۇق سۇنى نۇتۇل قىلىش: بۇنىڭ بىلەن يۇلۇن تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بۇ يەردىن كۆپىيىش نېرۋىلىرى مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا بارىدۇ.

(2) سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇش (ئابزەن بارىد): بۇنىڭ دەرىجىسى 50 تىن 60 (مىقياسى مەرۇج بىلەن ئۆلچىگەندە) قىچە بولىدۇ. بەلگىچە ئولتۇرغۇزۇش، بۇ ئەمەلنى 5 ~ 7 مىنۇتقىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

(3) مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنى سوغۇق سۇ بىلەن 10 ~ 12 مىنۇتقىچە ئۆلۈك بۇلۇت بىلەن هۆل قىلىش لازىم.

(4) دېڭىزنىڭ سوغۇق سۈيىگە چۆمۈلۈش لازىم.

(5) سوغۇق سۇنى مەقئەت ئىچىگە هۆقنە قىلىش لازىم.

(6) سۈيدۈك يولىغا هەر كۈنى هۆقنە ۋاستىسى بىلەن 3 ~ 4 قېتىم سوغۇق سۇ يەتكۈزۈش لازىم.

(7) زەكەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا ئىسسىق سۇ ۋە سوغۇق سۇنى تەدرىجىي تامچىلىتىش لازىم.

رەئىس ئەزالار ۋە چوڭ ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئەگەر باھ ئاجىزلىقى ئىككىلەمچى شەكىلدە رەئىس ئەزالار ۋە چوڭ ئەزالار كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، داۋالاش پرىنسىپى ئېنىقكى، دەسلەپتە ئۇ ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باھ ئاجىزلىقى تەرەپكە تۇتۇش قىلىنىدۇ، ئۇ ئەزالارنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا زۆرۈرىيەت بولغان شەرت ئاستىدا. ئۇنداق بولمىسا، ئەسلىي سەۋەبنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن باھ ئاجىزلىقىمۇ يوقىلىشى مۇمكىن. يەنى بىرەر داۋالاش ۋە ياردەمگە زۆرۈرىيەت بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش هەر هالدا زۆرۈردۇر، مەيلى بۇ باھ ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى بولسۇن ياكى باھ ئاجىزلىقى بىلەن شېرىك بولسۇن.

سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىكى: ئەگەر باھ ئاجىزلىقى بىلەن سەزگۈرلۈك ئېشىش، جەريان، كۆپ ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى بولمىسا، بەلكى مۇناسىۋەتلىك ئەزالار سۇس بولسا، تىنچلاندۇرغۇچىلارغا قەتئىي زۆرۈرىيەت بولمايدۇ. بەلكى دەسلەپتىلا باھنى قوزغىغۇچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولدى.

ۋەھىملىك ئىشلار ۋەھىملىك ئىشلاردا خىيالنى ياخشىلاپ، كۆڭۈلدىكى قورقۇنچلار ۋە بۇزۇق خىياللارنى يوقىتىش. ئەگەر تولۇق ياخشىلىنىش بولمىسا، قوزغىتىشنى ئاشۇرۇش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، باھنى قوزغاتقۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئاياللارغا بولغان رىغبەت كۈچلۈك بولسا، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن چارە قىلىش لازىم، مۇشۇنداق هالەتتە مەست قىلغۇچى نەرسىلەر، جۈملىدىن نەشە ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرى كۆپ پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن هايا، شەرم ۋە قورقۇش يوقىلىدۇ، مۇشۇنىڭدەك باشقا سەۋەبلەر ۋە هالەتلەردىمۇ داۋالاش پرىنسىپىنى ئېنىقلاش ۋە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىر ئېنىق سۆزدۇر.

بىرقانچە ئىنچىكە بايانلار:

(1) ھۆكۈمالار ئېيتقانكى، باھ ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا دورىلارغا قارىغاندا غىزالار ئوبدان مەنپەئەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باھ ئاجىزلىغان بىمارلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قان پەيدا قىلغۇچى، كۈچلەندۈرگۈچى، تېز ھەزىم بولغۇچى، خۇش پۇراق ۋە لەزىز غىزالارنى يېگۈزۈش لازىم.

(2) چۈنكى تەبىئىي پائالىيەتلەر نەسلنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. رەئىس ئەزالار ساغلام، كۈچى نورمال بولغاندا قائىدىلىك داۋاملىشىدۇ. قوزغىلىش، قايىم بولۇش ۋە بەدەننىڭ ساغلاملىقى پۈتۈنلەي رەئىس ئەزالارنىڭ كۈچى، مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ ۋە ماددا پەيدا قىلىشنىڭ كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن تېۋىپلار بۇ تەرەپكە كىرىشمەيدۇ ۋە باھنى كۈچلەندۈرگۈچى مەجۇنلەر ۋە ھەبلەرنى يېگۈزۈپ، ياخشى نەتىجىلەر قولغا كېلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

(3) خۇش پۇراق نەرسىلەر مەيلى ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلسۇن ياكى سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلسۇن ھەر ھالدا باھ ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ، مەسىلەن: خۇش پۇراق ياغلار بىلەن بەدەن ۋە پۇت تاپانىنى مايلاپ ئۇۋۇلاپ بېرىش باھ ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر ھەم ئۇنىڭ بىلەن بەدەن ھارارىتى ۋە سالامەتلىكمۇ قوغدىلىدۇ.

(4) باھ ئاجىزلىغان بىمارلاردا ھەزىم كۈچىنى ئويلاش مۇھىم ئىشلاردىندۇر. چۈنكى بارلىق ئەزالارنىڭ سىستېمىسى ھەزىم قىلىش كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارغا پەقەت ھەزىم قىلالىغۇدەك غىزا بېرىلىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى بېرىش ۋە ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى كۈچلۈك تۇتۇش لازىم.

(5) سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش يوقالغان ئەھۋالدا سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلاردىن ئەپيۇن، كافۇر، نەشە، ئىسپىغۇل، نېلۇپەر، قىزىلگۈل قاتارلىقلاردىن (خەشخاش ئۇرۇقى گەرچە بىرقەدەر سېزىمسىزلاندۇرغۇچى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىكى ياغ تەركىبلىرى سەۋەبىدىن باھنى كۈچلەندۈرگۈچىدۇر) پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

(6) چۈچۈمەل نەرسىلەر مەيلى قايسى تۈردىكى بولسۇن باھ ئاجىزلىغان ھالەتتە ئىنتايىن زىيانلىقتۇر.

(7) ياشانغان ئاياللار، يېتىلمىگەن قىزلار ۋە ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىما قىلىش باھ ئاجىزلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

(8) بىمار جەلەق ئادىتىگە مۇپتىلا بولغان بولسا، بۇنى ھەرگىز يالغۇز قالدۇرماسلىق لازىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەبىھ پائالىيىتى ئاشىدۇ.

(9) جىمادىن كېيىن سوغۇق سۇ ياكى سوغۇق شەربەت ئىچىش قاتتىق زىيانلىق. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ خاس پائالىيەتتىن كېيىن سوغۇق ھاۋادىن بەدەننى ساقلاش لازىم ھەمدە سوغۇق پەسىلدە خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. بىلە ئاجىزلىغان بىمارلاردا بۇ ئىشنى زۆرۈر ئويلاش لازىمكى، ئۇلارغا ئىچكى ۋە سىرتىدىن زىيادە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان بىرەر نەرسىنى ئىشلەتمەسلىك، ھەم ئىستىفراغلاردىن ساقلىنىش، ھەم بۇنداق بىمارلارنى تەر كۆپ چىقىدىغان، ئەزالار چارچايدىغان ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرماسلىق لازىم. شۇنداقلا بۇ بىمارلار غەم ـ قايغۇ، ئاچچىقلىنىش ۋە ھارغىنلىق ھالىتىدە ھەرگىز جىما قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ئاجىزلىقنىڭ كۈچىيىش خەتىرى بولىدۇ.

دورىلارنىڭ تەپسىلاتى بىرىنچى دەرىجىدىكى داۋالاش: بۇ، سوۋۇتۇش ۋە پەسەيتىش دەرىجىسىدە سۆزلىنىپ بولدى. تىنچلاندۇرغۇچى ۋە سوۋۇتقۇچىلارغا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. ئۇ دورىلارنىڭ قىسقىغىنە مۇندەرىجىسى بۇ ئورۇندا بېرىلدى. ئۇ يەككە دورىلار كۆپرەك سۇفۇپ شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرقانچە نۇسخىسى جەريان، سۈرئىتى ئىنزال كېسەللىكىدە سۆزلەندى، شۇڭا ئۇسۇل ۋە قائىدىلەردە شۇ جايغا قارالسۇن. بۇ يەردە ئۇنىڭ تەپسىلاتى بېرىلمىدى.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدىكى داۋالاش: ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتىن باھنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قوزغاتقۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ سانسىزلىغان نۇسخىلىرى ئىچىدىن بىرقانچە نۇسخا بۇ يەردە سۆزلىنىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئومۇمىي ھالەتلىرىگە قاراپ ئومۇمىي قانۇن ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدىغان كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار: لوبوبى كەبىر 5 ~ 7 گىرامغىچە، خورما ئۇنى مەجۇنى 12 گىرام، مەجۇنى سۆئىلەپ 5 ~ 7 گىرامغىچە، مەجۇنى كەلان 5 ~ 7 گىرامغىچە، مەجۇنى جالىنۇس لۇئلۇۋى 12 گىرام، ھالۋائى بەيزە 24 ~ 36 گىرامغىچە، قۇشقاچ مېڭىسى ھالۋىسى 12 ~ 24 گىرامغىچە، مەجۇنى مۇمىيائى 3 ~ 5 گىرامغىچە، داۋائى بەسەل 12 گىرام، داۋائى تەرەنجىبىن 36 ~ 48 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

قوزغاتقۇچى دورىلار جەۋھىرى سىن ئىككى بەرىنج، ھەببى ئەھمەر بىر دانە، ئەلئەھمەر ئىككى بەرىنج، مەجۇنى لىنا 1 ~ 3 گىرامغىچە، ھەببى ئازراقى بىر دانە، ئالتۇن كۇشتىسى ئىككى بەرىنج، ھەببى ئەنبەر مۇمىيائى بىر دانە، مائۇز زەھەب بەش تامچە، تامىسىر كۇشتىسى ئىككى بەرىنج، رەۋغىنى مىندى 12 گىرام.

ھەببى ئەھمەر نۇسخىسى: سەنكىيا، زەرنەخ، شىڭگىرىف قاتارلىقلارنى نېپىز پوستلۇق لىمون سۈيى ۋە ھۆل زەنجىۋىل سۈيىدە ئۇزۇنراق سالايە قىلىش ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ماش

باراۋېرىدە ھەب ياساش، ئەگەر بۇ ھەبنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ئىشتىھاسى تۇتۇلغان بولسا، بۇ نۇسخىغا ئاق گۈڭگۈرت قوشۇش لازىم.

جەۋھىرى سىن نۇسخىسى: سەنكىيانى شارابى بىرانىدىدا سالايە قىلىپ جەۋھىرى ئېلىنىدۇ.

داۋائى ھىلتىت: ھىڭنى ئېلىپ، ئىللىتىلغان توخۇ تۇخۇمى سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

بىر ئەمەلىي داۋالاش نۇسخىسى: دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ نۇرغۇنلىغان چارىلىرى بار، لېكىن تۆۋەندە نەمۇنە شەكلىدە بىر خىل ئۇسۇلى سۆزلەندى، بۇ بەزى كىشىلەردە ئومۇملاشقان.

ئەتىگەندە كۈشتە تىلائى كەلاندىن ئۈچ بەرەنج ياكى ئەلئەھمەردىن ئىككى بەرەنج ئېلىپ، بەش گىرام لوبوبى كەبىر ياكى بەش گىرام مەجۇنى جالىنۇس لۇئلۇۋىغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئۇستىدىن ئەرقى مائۇللەھمى خاس 60 گىرام ياكى ئەرقى بىدمۇشكى 48 گىرام، ئەرقى گۇلاب، ئەرقى گاۋزەر قاتارلىقلاردىن 48 گىرامدىن ئېلىپ 24 گىرام ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈش ھەمدە كەچكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ھەببى ئەنبەر مۇمىيائىدىن بىر دانىنى 250 گىرام سۈت بىلەن يېگۈزگەندىن كېيىن بەش تامچە مائۇز زەھەبنى ئىككى - ئۈچ يۇتۇم سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش لازىم.

سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان قوزغاتقۇچى دورىلار (داۋائى مالىش) ئۆردەك يېغى 24 گىرام، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى 36 گىرام، زۇپتى رۇمى 72 گىرام، كالا پاچىقى يىلىكى 24 گىرام، گۈل يېغى 48 گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام. بارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان قىلىپ ھەر كۈنى سۈركەپ 15 ~ 20 دەقىقىگىچە ئۇۋۇلىنىدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى (1) زەرچىۋە، دەنىد مېغىزى، مالكەنگىنى، ئېكەكلەنگەن پىل چىشى قاتارلىقلاردىن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، يەتتە كىچىك خالتىغا قاچىلاپ، بىر خالتىسىنى قوينىڭ سۈتىدە قاينىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە يەتتە كۈندە يەتتە خالتىدىكى دورىنى تۈگىتىش لازىم.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى (2) سازاڭ، بېلىق يېغىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، سەنكىيادىن بىر گىرام، ئارەندى ئۇرۇقى مېغىزى، ئېكەكلەنگەن پىل چىشى، قارا كۈنجۈت، زەرچۇبە، مىدەلەكىرى قاتارلىقلاردىن بەش گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، يەتتە كىچىك خالتىغا قاچىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ساپال قاچىغا مۇۋاپىق مىقداردا كۈنجۈت

يېغى قۇيۇپ، ئۇنىڭغا بىر كىچىك خالتىنى سېلىپ، ساپال قاچىنى ئوت ئۈستىگە قويۇپ قىزىتىپ، ئاندىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى (3) ئۈستىقۇددۇس، كۇندۇش، سېرىقچېچەك يوپۇرمىقى، مالكەنگىنى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، بىر كىچىك خالتىغا سېلىپ، كالا سۈتىدە قاينىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى (4) ئېكەكلەنگەن پىل چىشى، مالكەنگىنى، ئىسگەنىد ناگورى، ئاقىرقەرھا، دارچىن، ئەپيۈن، بېشى ئېلىۋېتىلگەن قەلەمپۇر، قارىمۇچ، ئاچچىق قۇستە، تېرىق قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، يەتتە كىچىك خالتىغا سېلىپ، يۇقىرىقى مەزكۇر تەرتىپ بويىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تىلالارنىڭ نامى ۋە بەزى نۇسخىلار تىلائى سۇرۇخ، تىلائى دارچىن، تىلائى ماھى، تىلائى ھىرى ۋالا قاتارلىقلار.

تىلا نۇسخىسى (1): ئاق كەنىر يىلتىزى پوستىدىن 36 گىرام، ئەپيۈن، قەلەمپۇردىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى ئېزىپ، تاشپاقا يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتياڭقى يوپۇرمىقى شىرىسىدە سالايە قىلىپ ھەب ياسىلىدۇ. زۆرۈرىيەت بولغاندا بىر دانە ھەب سۇدا ئېزىپ تىلا قىلىنىدۇ.

تىلا نۇسخىسى (2): 12 گىرام كۈچۈلانى پىچاق بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ شارابقا ئۈچ كۈن چىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىيىر بوھوتى، ئىسگەنىد ناگورى قاتارلىقلاردىن 24 گىرامدىن، سەنكىيا، ئەپيۈن، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ دورىلارنى بىر كېچە - كۈندۈز چىلىغاندىن كېيىن مومنى ئېرىتىپ، يۇقىرىدىكى چىلانمىغا ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىنىدۇ.

تىلا نۇسخىسى (3): شىڭگىرىق، سەنكىيا، ئاق پارپا، دەنىد مېغىزى، مەنسىل، زەرنىخ ۋەرقىنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرامدىن، ئاق گۈڭگۈرت سېرىقىدىن 30 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ناھايىتى يۇمشاق ئېزىپ، يېرىم گەز نېپىز رەختكە يېيىتىپ فەتىلە ياساش ۋە فەتىلە ئۈستىگە خام يىپ يۆگەپ، كۈنجۈت يېغىغا سېلىپ بىر تەرىپىگە ئوت يېقىش ھەمدە بۇ فەتىلەنىڭ ئاستىغا ساپال قاچا قويۇش تاكى ياغ بۇنىڭغا چۈشسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ياغنى 21 كۈنگىچە يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن چىقىرىپ ئىشلىتىش لازىم.

تىلائى مۇقەۋۋى نۇسخىسى: بۇ، باھنى كۈچلەندۈرىدۇ ھەمدە مايماقلىقنى يوقىتىدۇ. ئادەمنىڭ ئۇششاق قىرقىلغان چېچىدىن 240 گىرام، مالكەنگىنى، ئادراسمان ئۇرۇقىدىن 120

گىرامدىن، جوزدىن 60 گىرام، قەلەمپۇردىن 120 گىرام ئېلىپ، ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسىدە دورىلارنىڭ يېغىنى چىقىرىپ، قائىدە بويىچە مەخسۇس ئەزاغا سۈركەپ ئۇۋۇلاش لازىم.

يەنە بىر نۇسخىسى: گۈڭگۈرت، شىڭگىرىف رۇمى، زەرنىخ تەبقى، ئاق سەنكىيا، سىماب، لوبان، قىزىل زەرنىخ، مەرقەشىشا (بىرخىل تاش)، مەستىكى رۇمىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، 22 دانە توخۇ تۇخۇمى سېرىقىدا سالايە قىلىپ (تۇخۇم سېرىقىنى بىردىن سېلىپ سالايە قىلىش) ياغ تارتىش سايمىنى بىلەن يېغى ئېلىنىدۇ، زەكەر بېشى ۋە چات ئارىلىقىدىن سىرت مەخسۇس ئەزا ئەتراپىغا 0.18 گىرام ياغنى سۈركەپ ئۇۋۇلاپ، ئۈستىگە پان يوپۇرمىقى تېڭىش (بۇ چارە ئەتىگەن - كەچتە قىلىنىدۇ). بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت بىر ھەپتىگىچە چېپىش يېتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر مۇدۇر چىقسا، پاكىزلانغان كالا سۈتى قايمىقىنى مۇدۇرلار ئۈستىگە چېپىش، مۇدۇرلار ياخشىلانغاندىن كېيىن تىلا ئىشلىتىشنى باشلاش، سوغۇق سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلماسلىق لازىم.

ئەسكەرتىش ① سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردا بەزى كىشىلەر بۇ تەرتىپنى زۆرۈر دەپ قارايدۇكى، دەسلەپكى 7 ~ 8 كۈنگىچە ئۇۋۇلايدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن 7 ~ 8 كۈن ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا تىلا ئىشلىتىش لازىم. لېكىن بۇ تەرتىپ تېبابەتتە بەك ئەھمىيەتلىك دەپ قارالمايدۇ؛ ② ئۇۋۇلغان، ئىسسىق ئۆتكۈزگەن ۋە تىلالارنى ئىشلەتكەن ۋاقىتلاردا سوغۇق سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش قاتارلىقلارنى چەكلەش قارار قىلىندى.

سۈرئىتى ئىنزال (مەنىي تېز يۈرۈپ كېتىش)

بۇنىڭدا زەكەر ئايالنىڭ جىنسىي يولىغا كىرگەندىن كېيىنلا مەنىي تېز چىقىپ كېتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا زەكەر ئايالنىڭ جىنسىي يولىغا كىرىشتىن ئىلگىرى مەنىي يۈرۈپ كېتىدۇ. بەزىدە پەقەت شەھۋانىي سۈرەتلەرنى كۆرۈش ياكى كىيىمنىڭ سۈركىلىشى بىلەنمۇ مەنىي چىقىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى:

1. تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە مەنىي قاچىسىنىڭ تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى بولىدۇ.

تۇتۇش كۈچى: توختاتقۇچى كۈچ، بۇ مەنىي قاچىسىدا بولىدۇ، بۇنىڭ خىزمىتى بىر خاس ۋاقىتقىچە مەنىينى توختىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنى سىقىپ چىقىرىشتۇر.

2. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى سۈرئىتى ئىنزال كېسەللىكى بەزىدە مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشىدىن بولىدۇ. چۈنكى مەنىي قوزغالغان ۋاقىتتا مەنىي قاچىسى ئۇنى توختىتىشقا قادىر بولالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆزىدىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن يوقىتىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۈرئىتى ئىنزالنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن نېرۋا سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، مەنىي ماددىسىنىڭ سۇيۇق ۋە ئۆتكۈر بولۇشى بولىدۇ. بۇ كۆپ جىما قىلىش، جەلەق، بەچچىۋازلىق ۋە سۆزنەك قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.

مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشىدىن مەنىي قاچىسىنىڭ نېرۋىلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئېنىقتۇركى، بۇ قوشۇلغان نەرسىدۇر. مەنىي قاچىسىنىڭ نېرۋىلىرى قانچىلىك ئاجىز ۋە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن بولسا، شۇقەدەر زىيادە تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن قارالسا بەك كۆپ ئىختىلاپ يوقتۇر. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن نېرۋىنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ۋە چارىلەر قوللىنىلىدۇ، يەنى مەنىي ئۆتكۈرلۈكى ۋە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىدا ئانچە پەرق يوق.

3. رەئىس ئەزالار ئاجىزلىقى بۇ بەزىدە رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىدىن ۋە كۈچلەرنىڭ سۇسلىشىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

بۇنىڭ بايانى ئالامەت ۋە ئىلاجى بىلەن سۆزلىنىپ بولدى.

ئالامىتى:

1. تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ئىسسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى مەنىيدە (مەسىلەن: سېرىقلىق ۋە ئۆتكۈرلۈك) ۋە بىمارنىڭ مىزاجىدىمۇ تېپىلمايدۇ (بۇ دەسلەپتە ئېنىق بولۇپ بولدى)، مەنىي سۇيۇق ۋە مىقدارى كۆپ بولىدۇ.

2. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى مەنىي چىققاندا ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشتۈرۈش مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش:

1. تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ھۆللۈكلەرنى بەدەندىن تازىلاش مەقسىتىدە ئايارەج مۇسھىلى بېرىلىدۇ ۋە قۇستۇرۇلىدۇ. قۇستۇرۇش مۇسھىلدىن ياخشىدۇر. دوۋسۇن ۋە چات ئارىلىقىغا زەيپەر يېغى، ئاس يېغى، نەرگىس يېغى، قۇستە يېغى سۈركىلىدۇ، شەربىتى پەنجنۇش ياكى مەجۇنى خۇبسۇلھەدىد يېگۈزۈلىدۇ. چات ئارىلىقى — مەقئەت ۋە ئۇرۇقدان

ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇنغا قارىتىلغان.

پەنجنۇش بىر تۈردىكى شەربەتتۇر. بۇ ئۈزۈم سىقىلمىسىغا باشقا قابىز دورىلارنى قوشۇپ ياسىلىدۇ، يەنى بۇ قىيام بولغۇچە قاينىتىلىدۇ.

شەربىتى پەنجنۇش نۇسخىسى: پىشقان ئۈزۈم سۈيىدىن ئۈچ كىلوگرام ئېلىپ، سۇماق، موزا، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، كۇندۇر، يۇمغاقسۈت، تاغ پىنىنىسى، سەئدە كۇفى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 35 گرامدىن، زەپەر، مور، زەمچە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گرامدىن ئېلىپ، 108.75 گرام خۇبسۇلھەدىد بىلەن قاينىتىپ، 1/3 قىسمى قالغاندا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

مەجۇنى خۇبسۇلھەدىد نۇسخىسى: قارا ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، سەئدە كۇفى، شەترەنجى ھىندى، سۇمبۇلنىڭ ھەربىرىدىن 35 گرامدىن، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقىدىن 14 گرامدىن، مۇدەببەر قىلىنغان خۇبسۇلھەدىد (سىركىگە چىلاپ، قورۇتۇپ قورۇلغان بولسۇن)تىن 350 گرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل ۋە تاتلىق بادام يېغى قوشۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يەتتە گرام ئېپار سېلىپ، ساپال قاچىدا قويۇپ، ئالتە ئايدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

2. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىرئاز قابىزلىقى بولغان، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ۋە غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، شەربەتلەردىن شەربىتى خەشخاشقا سېمىزئوت ئۇرۇقى، ھۇماز ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى چىقىرىپ قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە غىزالاردىن گۈرۈچ ۋە ئەدەسكە خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسىنى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئىنچىكە بايان سېزىمسىزلاندۇرغۇچى ۋە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن نېرۋا سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى تۆۋەنلىتىلىدۇ. مەنىي قويۇلدۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، بەدەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا (بۇ كۆپىنچە بولىدۇ)، تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغان، ئىسپىغۇل ۋە سوغۇق لۇئابلارغا ئوخشاش دورىلار بىلەن قەۋزىيەتنى يوقىتىش لازىم.

بەزىدە زەكەر بېشى تېرىسى نورمالسىز ھالەتتە سەزگۈرلۈكى ناھايىتى ئېشىپ كېتىدۇ ھەمدە پەقەت ئادەتتىكى سۈركىلىش ۋە تۇتۇش ئىنزالغا سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتكەندىن باشقا، سىرتقى تەرەپتىنمۇ يەرلىك ئورۇنغا سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: خەشخاش پوستى ياكى زەمچە ئېرىتمىسى نۇتۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر سۆزنەك سەۋەب بولسا، دەسلەپتە بۇ كېسەللىكنى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاش مۇھىمدۇر.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار مەزكۇر ئۇسۇلنى نەزەردە تۇتۇپ،

تۆۋەندىكى نۇسخىلار ئىشلىتىلىدۇ:

جەرياننىڭ كۆپىنچە نۇسخىلىرى سۈرئىتى ئىنزال كېسىلىگە پايدىلىقتۇر. چۈنكى سۈرئىتى ئىنزال ئومۇمەن مەنىينىڭ سۇيۇقلۇقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى، مەنىي قاچىسى قاتارلىقلارنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. جەريان كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلارنىڭ كۆپىنچە تەركىبلىرى مەنىينى تىنچلاندۇرغۇچى ۋە قويۇلدۇرغۇچى بولىدۇ.

سۇفۇپى بىخسۇستىن بەش گىرام كالا سۈتى بىلەن ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە سۇفۇپى مۇئەللىفتىن بەش گىرام سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئەتىگەندە سۇفۇپى بىخسۇستىن بەش گىرامنى سۈت بىلەن يېگۈزۈپ، كەچتە قەلەي كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنج بەش گىرام خورما ئۇنى مەجۇنى ياكى بەش گىرام مەجۇنى سۆئەلەپ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئەتىگەندە مۇسەللەس كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنجنى بەش گىرام مەجۇنى كەلاڭغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا سۇفۇپى بىخسۇستىن بەش گىرام ياكى سۇفۇپى مۇئەللىفتىن بەش گىرام سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەممە كەچ ۋاقتىدا ھەببى نىشاتتىن بىر دانە يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى نىشات نۇسخىسى: كۈمۈش كۇشتىسىدىن 0.4 گىرام، زەپەر، بەسباسە، ساپ ئىپار، رىگماھىدىن 0.1 گىرامدىن، جوز، كۆپۈكى دەريادىن توققۇز گىرامدىن، زەھرى مۆھرەدىن 0.25 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، پان سۈيىدە يۇغۇرۇپ (تەنبۇل يوپۇرمىقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ) ياۋا ئارپا باراۋىرىدە ھەب تەييارلىنىدۇ.

ئەپيۇن ۋە باشقا سېزىمسىزلاندۇرغۇچىلارنىڭ مۇرەككىباتلىرى سۈرئىتى ئىنزالدا مۇشۇ سەۋەبتىن پايدىلىق بولىدۇكى، ئۇلاردىن نېرۋىلارنىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى قىسقا ۋاقىت يوقىلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان (بۇ كۆپىنچە بولىدۇ) بولسا، خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسى ياكى پولات كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنجنى بەش گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ بىر ۋاخ يېگۈزۈش ۋە بىر ۋاخ يۇقىرىدىكى نۇسخىلاردىن بىرەرسىنى يېگۈزۈش لازىم. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، سوقۇلمىغان ئىسپىغۇلدىن يەتتە گىرام ياكى ئىترىفىل مۇلەييىندىن يەتتە گىرام ياكى سۇفۇپى مۇلەييىندىن بەش گىرامنى كەچ ۋاقتىدا قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز: بۇ تۈردىكى بىمارلارغا پەقەت كۆكتاتلار كۆپ چۈشكەن غىزالار مۇناسىپتۇر، مەسىلەن: تەرئى، تەندا، لوكى، ماش ئۇنى كاكچىسى قاتارلىقلار. گۆش، بېلىق، تۇخۇم، چاي، كاۋاپ، چۈچۈمەل نەرسىلەر، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر، قىزىلمۇچ قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

كۆپىنچە كۈچلەندۈرگۈچى، قوزغاتقۇچى مەجۇنلار ۋە بەلھ دورىلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن زىيانلىق.

شەھۋەت كۆپىيىپ كېتىش (كەسرەتى شەھۋەت)

بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى شەھۋەتنىڭ نورمالدىن ئېشىپ كېتىشىدۇر. شۇڭا بۇ كېسەللىك قاتارىغا كىرىدۇ.

سەۋەبى:

1. قان تولۇپ قېلىش: بەزىدە بەدەندىكى ئىمتىلا، قاننىڭ ۋە مەنىينىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

2. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى بەزىدە شەھۋەتنىڭ كۆپلۈكى، مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى، كۆيۈشتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ قوزغىلىشى بولىدۇ. بۇلار سىرتقا چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە تەقەززا قىلىدۇ.

3. ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى شەھۋەت كۆپلۈكىنىڭ سەۋەبى مەنىي شەكىللەندۈرۈش سالاھىيىتى بولغان ھۆللۈكلەرنىڭ بەدەندە كۆپ بولغانلىقى بولىدۇ، بەدەن ئاجىز، قان كەم ۋە كۈچلەر سۇس بولسىمۇ.

4. قىچىشىش ۋە مۇدۇر شەھۋەتنىڭ كۆپلۈكى بەزىدە شۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا بولىدۇكى، مەنىي قاچىسىدا قىچىشىش بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇدۇر چىقىدۇ. بۇ، مەنىي كۆپىيىپ كەتكەن ۋاقىتتىكىدەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى كۆيۈشۈش ۋە غىدىقلىنىشتىن شەھۋەت ھەرىكەتكە كېلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ جىنسىي يولى ۋە بالىياتقۇ بويىندا قىچىشىش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇ بويىندا بۇنداق خاھىش بولىدۇكى، بىرەر نەرسە ئۇنىڭغا كىرىپ تاكى ماددا تارقالغۇچە، قىچىشىش ۋە غىدىقلىنىش يوقالغۇچە قاشلاش ئارزۇسى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاياللاردا جىمانىڭ خاھىشى يوقالمايدۇ.

5. ئېسىلىش ۋە يەللەر شەھۋەتنىڭ كۆپلۈكى بەزىدە ئېسىلىش ۋە يەللەرنىڭ زىيادىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاغرىق بولمايدىغان تۈردىكى قورساق كوركىراش بىلەن قاتتىق قايىم بولۇش بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مالىخولىيا مىراقى بىمارلىرىدا بۇ سەۋەبتىن قايىم بولۇش زىيادە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا مەنىي كۆپ ۋە ئۆتكۈر بولمايدۇ.

ئاغرىق قوشۇلۇپ كەلگەن قورساق كوركىراشتا قايىم بولۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ شۇنىڭ

ئۈچۈنكى، ئاغرىق تامامى ئەزالارنى ئۇلارنىڭ مەخسۇس پائالىيەتلىرىدىن توختىتىدۇ ھەمدە روھنى تارقىتىپ كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

ئالامىتى:

1. **قان تولۇپ كېلىش:** بۇنىڭدا بەدەن كۈچلۈك، رەڭگى قىزىل بولىدۇ، كۆپ جىما قىلىش بىلەن ئاجىزلىق كەم بولىدۇ ۋە ئىھتىلامنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

2. **مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى** مەنىي چىققاندا ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشۈش مەلۇم بولىدۇ ھەمدە كۆيۈشۈش بىلەن ناھايىتى تېز چىقىپ كېتىدۇ، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىش پەيدا بولىدۇ.

3. **ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى** مەنىي مىقدارى كۆپ، قىيامى سۇيۇق، رەڭگى ئاق بولىدۇ، يەللەر ۋە ئېسىلىش كۆپ بولىدۇ.

4. **قىچىشىش ۋە مۇدۇر** جىما بىلەن شەھۋەت يەنىمۇ زىيادە بولىدۇ، بەزىدە جىمادىن كېيىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

5. **ئېسىلىش ۋە يەللەر** كۈچلۈك قايىم بولۇش بولىدۇ، بىمار كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى يەل پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى يېگەن بولىدۇ، بىمارنىڭ مىزاجى سەۋداۋى بولىدۇ. بۇ مالىخولىيادا بايان قىلىندى.

داۋالاش:

1. **قان تولۇپ كېلىش** قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، غىزا كېمەيتىلىدۇ، چۈچۈمەلگە مايىل غىزا بېرىلىدۇ، چىلان، مەسۇر، پىشمىغان ئۈزۈم، ئاچچىق ئانار سۈيى ۋە سىركە ئىچكۈزۈلىدۇ، مەنىينى ئازايتقۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: كاھۇ ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، كەندىر ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت، بەللۇت تالقىنى، نېلۇپەر، سېمىزئوت ئۇرۇقى، سەندەل، سۇماق، ئانار گۈلى، تاباشىر، پوستى ئاقلانغان مەسۇر، قىزىلگۈل، كافۇر قاتارلىقلار.

بەلگە سوغۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ ۋە سوغۇق نەرسىلەر ئۈستىدە بىمار ئۇخلىتىلىدۇ.

سوغۇق تەبىئەتلىك زىماتلار مەسىلەن: ئاقاقىيا، گىل ئەرمىنى، يەر مەدىكى ۋە ئانارگۈلى قاتارلىقلار سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ.

سوغۇق نەرسىلەردە ئۇخلىتىش ئۈچۈن، مەسىلەن: سۆگەت يوپۇرمىقى، نېلۇپەر يوپۇرمىقى ۋە زىغىر كۆرپىسىدە ياتقۇزۇش لازىم.

ئەسكەرتىش مۇناسىپى بۇكى، ئەگەر شەھۋەتنىڭ كۆپلۈكى بىلەن بەدىنى كۈچلۈك ۋە مىزاجى نورمال بولسا، بىمار جىماغا ئاجىز بولماي، قادىر بولسا، ئۇنى داۋالاشنىڭ ۋە شەھۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر. شەھۋەتنى زۆرۈرىيەتسىز ئاجىزلاشتۇرۇش مىزاجنى ئاجىز قىلىدۇ ۋە كۈچىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، بۇنى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئوچۇق ئېيتقاندۇر. بۇنىڭ سەۋەبى بۇكى، مەنىي كۆپەيگەن ۋاقىتتا تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى باسىدۇ ۋە ئەزالارغا بىر تۈرلۈك ئېغىرلىق پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ناچار تۈردىكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، يەنى شەھۋەتنى جىمادىن كېيىن ئاجىزلىق پەيدا بولغاندا كېمەيتىش، قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق بەدەننى تەنقىيە قىلىش لازىم (نەفىيس).

2. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى سۇۋۇتقۇچى ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: قاپاق، سېمىزئوت كۆكى، كاھۇ كۆكى، سۈت قاتارلىقلار ۋە مەنىينى ئازايتقۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇلاردا بىرئاز سېزىمسىزلاندۇرۇش تەسىرىمۇ بولسۇن. بىمار سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، قېتىقنىڭ چۈچۈمەل سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى مەنىينى ئازايتقۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: سىيادان، سۇزاپ، چاڭگاك ئۇرۇقى، پىننە، پىننە بەرگى، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار. يەل تارقاتقۇچى غىزا ۋە دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. دورىلارنىڭ مىسالى: پىننە، سۇزاپ، يالپۇز ۋە جاۋارىش كۇمۇنى قاتارلىقلار. غىزالارنىڭ مىسالى: پاختەك، كەكلىك، تورۇلغا قاتارلىقلار.

4. قىچىشىش ۋە مۇدۇر ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، قان ئېلىنىدۇ، ئۆتكۈر سەپراۋى ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇسھىل بېرىلىدۇ، سېمىزئوت شىرىسى، خەشخاش شىرىسى، ئىسپىغۇل لۇئابى، شەربىتى بىنەپشە بىلەن مىزاج نورماللاشتۇرۇلىدۇ، قاتتىق سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

5. ئېسىلىش ۋە يەللەر ئەگەر يەللەر ۋە ئېسىلىشنىڭ شىكايىتى ھارارەت سەۋەبىدىن بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى، كاسنە ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار بىھى رۇبىسىغا قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى مەزكۇر ئاجىزلىقنىڭ سەۋەبى ھارارەت ۋە ھۆللۈك ئېشىپ كېتىشتىن بولسا، قۇرۇق ۋە يەل تارقاتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى سەۋدانىڭ كۆپلۈكى بولسا، بۇ بەدەندىن ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى

قاتارلىقلار ئارقىلىق سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى قايتا ـ قايتا سۆزلىنىپ بولدى.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار: ئەگەر شەھۋەتنىڭ كۆپلۈكى سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بولسا (بۇ كۆپىنچە بولىدۇ)، قائىدە بويىچە تىنچلاندۇرغۇچىلار بىلەن داۋالاش قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بايانى باھ ئاجىزلىقنىڭ داۋالاش پىرىنسىپىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى، تۆۋەندە 2 ~ 3 خىل تىنچلاندۇرغۇچى نۇسخا سۆزلەندى. غىزاسىغا پەقەت سوغۇق تەبىئەتلىك ئوتياشلار ۋە كۆكتاتلارنى يېگۈزۈش لازىم. بۇ ھالەتتە سۇفۇپى بىخسۇسمۇ ئەتىگەن ـ كەچتە 3 ~ 5 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. گۆش، تۇخۇم، بېلىق ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا ـ دەرمەكلەر، مۇرچ قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بەدەندە قان تولۇپ قېلىش بولسا، مۇسھىل بېرىش ۋە قان ئېلىش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى نۇسخا ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ سوۋۇتقۇچى ۋە تىنچلاندۇرغۇچىدۇر.

كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇغا چېلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ھەمدە شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى سۇفۇپىنى سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

سۇفۇپ نۇسخىسى: كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، نىلۇپەر گۈلى، ئاق سەندەل، تاباشىر، قىزىلگۈل، خەشخاش ئۇرۇقى، گۈلنار، كافۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ. تۆۋەندىكى زىمات بەل ۋە كىندىك ئۈستىگە چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: گىل ئەرمىنىدىن بىر گىرام، ئاقاقىيا، پوستى ئاقلانغان ئەدەس، ئارپا ئۇنى، ئاق سەندەل قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، سىركىدە ئېزىپ زىمات قىلىش لازىم.

يەنە بىر تىنچلاندۇرغۇچى نۇسخا: سېمىزئوت ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇغا چېلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ، بەش گىرام ئىسپىغۇل لۇئابى قوشۇپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئېسىلىش ۋە يەللەرنىڭ زىيادىلىكى سەۋەبىدىن بولسا، بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: يەتتە گىرام جاۋارىش كۇمۇنغا ئىككى گىرام قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئۈچ گىرام پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، ئۈچ گىرام كاسنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇغا چېلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ قوشۇپ، 24 گىرام بىھى رۇببىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ھەرقايسى ھالەتتە غىزالىرى ساددا بولۇش لازىم. قان كۆپ بولغان ھالەتتە قېتىقنىڭ سۈيى، چۈچۈمەل نەرسىلەر، چۈچۈمەل ئۈزۈم ۋە چۈچۈمەل ئانار بېرىلىدۇ. قاپاق، پالەك، سېمىزئوت ۋە باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك ئوتياشلار مۇناسىپتۇر.

مەنىي ۋە مەزى ئېقىش (جەريانى مەنىي ۋە مەزى)

مەزى بۇ، چاپلاشقاق ھۆللۈك بولۇپ، شەھۋەتنىڭ باشلىنىشىدا ئاقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنىي يولى يۇمشاپ، مەنىي ئاسانلىقچە چىقىدۇ.

مەزىنىڭ چىقىش ھالىتى بۇكى، شەھۋەت باشلانغان چاغدا زەكەردە ھەرىكەت ۋە قايىم بولۇش پەيدا بولىدۇ، بۇ ھەرىكەت بىلەن دوۋساق بويىنىغا جايلاشقان مەزى بېزى بېسىلىدۇ ھەمدە بۇ بېسىم بىلەن ئۇنىڭ ھۆللۈكى ئېقىشقا باشلايدۇ. لېكىن باشقا گۇرۇھتىكىلەر: بۇ ھۆللۈك ئەۋلاد قالدۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭدەك بۇ، مەنىي بىلەن بىرلىشىپ ئۇنىڭ بىر تەركىبىنى شەكىللەندۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ۋەدى بۇ، چاپلاشقاق ھۆللۈك بولۇپ، سىيگەندە سۈيدۈك يولىدىن يولنى چاپلاشقاق قىلىش مەقسىتى بىلەن ئاقىدۇ. چۈنكى سۈيدۈكنىڭ مىقدارى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىتتا ئۆتۈپ بولىدۇ ھەم ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىقى مەزكۇر ھۆللۈككە زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ تاكى ئۇ چاپلاشقاقلىقى سەۋەبىدىن سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك يول زەخىملەنمەيدۇ. ۋەدى بۆرەك ۋە دوۋساق ئەتراپىغا جايلاشقان ۋەدى بېزىدىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە سىيگەن ۋاقىتتا بېسىلىپ، بۇ ھۆللۈك ئېقىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا، بۇ قويۇق بولىدۇ ۋە سىيىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئاقىدۇ.

لېكىن باشقا گۇرۇھتىكىلەر بۇ توغرىدا: بۇ مەنىي بىلەن قوشۇلۇپ، بۇنىڭ بىر تەركىبىنى شەكىللەندۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

جەريان چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغان ياكى شەھۋانىي خىياللارنى قىلغان ۋاقىتتا مەنىينىڭ نورمالسىز ھالەتتە ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىشى جەريان ياكى جەريانى مەنىي دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېھتىلامنىڭ زىيادىلىكىمۇ ئەمەلىيەتتە جەرياننىڭ بىر تۈرىدۇر.

سەۋەبى:

1. مەنىينىڭ كۆپلۈكى جەريانى مەنىي ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىز (يەنى جىماسىز) چىقىشىنىڭ سەۋەبى بەزىدە بۇ بولىدىكى، جىمانى تەرك ئېتىش ۋە مەنىي پەيدا قىلغۇچى

نەرسىلەرنى كۆپلەپ يېيىش سەۋەبىدىن مەنىي كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنىي قاچىسى توشۇپ تارتىشىدۇ ھەمدە يېقىمسىزلىنىپ مەنىينى چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ تەركىبلىرى يىغىلىپ ئۇنى سىقىپ چىقىرىدۇ.

2. مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى   بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشى بولىدۇ، بۇ مەنىي قاچىسىدا كۆيۈشۈش ۋە غىدىق پەيدا قىلىپ، تەبىئەتنى يوقىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

3. مەنىي قاچىسىنىڭ ئاجىزلىقى   بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە مەنىي قاچىسى بوشىشىش، ئۇنىڭ مىزاجىنىڭ سوغۇق ۋە تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى بولىدۇ. بۇنىڭدا تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى مەنىينى توختىتالمىغانلىقتىن مەنىي ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

4. مەنىي قاچىسى تەشەننۇجى: بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە مەنىي قاچىسىنىڭ مۇسكۇللىرىدا تەشەننۇج ۋە تارتىشىش پەيدا بولۇپ، مەنىينى سىقىپ چىقارغانلىقى بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەت ئۆلۈم ۋاقتىدا، يەنى روھ بەدەندىن چىققان چاغدا ئەزالار ۋە كانالچىلارنىڭ تەشەننۇجى ھەم يىغىلىشى سەۋەبىدىن مەنىي چىقىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر مەقئەت مۇسكۇلىدا تەشەننۇج پەيدا بولسا، بۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەت توسۇلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ پەيدا بولۇشى توسۇش مەقسىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ ھالەت دوۋساق بويىندىكى مۇسكۇلدىمۇ بولىدۇ، يەنى مەنىي قاچىسىنىڭ مۇسكۇلى سىقىش ئۈچۈن يارىتىلغان. سىقىش بىلەن يولنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك دوۋساق ناۋادا يىغىلسا، دوۋساق بويىندىكى مۇسكۇل بوشىشىپ، دوۋساقنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ.

5. بۆرەك ئاجىزلىقى: بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە بۆرەك ئاجىزلىقى بولىدۇ، يەنى بۆرەك ۋە ئۇنىڭ توقۇلمىسى شەھۋەتنىڭ كۆپلۈكى ياكى كۆپ جىما قىلىش بىلەن ئېچىلىپ قالىدۇ.

6. شەھۋانىي خىياللار: بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئىنسان جىمانى ئويلاش ۋە جىما توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنىي ئەزالىرىدا ئۆز پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئاز - كۆپ قوزغىلىش بولىدۇ. يەنى قايىم قىلىش، مەزى ۋە مەنىي چىقىرىش بولىدۇ. ئەگەر ھەرىكەت ئاجىز بولسا پەقەت مەزى چىقىدۇ، ئەگەر ھەرىكەت كۈچلۈك بولسا، مەنىي ۋە مەزى ئىككىلىسى چىقىدۇ. لېكىن بۇ يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەردىن باشقا بىرەر سەۋەبمۇ بۇ ئىشقا ياردەم بەرگەن ۋاقىتتا بولىدۇ، مەسىلەن: مەنىينىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىقلار.

ئەرلەرنىڭ جەريان كېسەللىكى بىلەن ئاياللارنىڭ سەيلان كېسەللىكى ئوخشىشىپ قالىدۇ، بۇ سەۋەبتىن جەرياننىڭ نۇرغۇنلىغان دورىلىرى سەيلانى رەھمگە ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، جەلەق، بەچچىۋازلىق، كۆپ جىما قىلىش، قەۋزىيەت، سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى غىدىقلىنىش، بوۋاسىر، ئۈچەيدىكى قۇرت، ھەزىم بۇزۇلۇش، شارابنى كۆپ ئىچىش قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

كۆپ جىما قىلىش، جەلەق، بەچچىۋازلىق قاتارلىق شەيتانىي ئادەتلەردىن مەنىي ئەزالىرىدا ئاجىزلىق ۋە سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ، مۇناسىۋەتلىك نېرۋىلار، مۇسكۇللار ئاجىزلايدۇ. بۇ بابە ئاجىزلىقىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

جەرياننىڭ ئومۇمىي ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىمار بوشاڭ، تىرىشچانلىقى تۆۋەن، ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ، يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق كۆپۈش، قەۋزىيەت، باش ئاغرىش ۋە باش قېيىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، مېڭە قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ. ئەگەر غىدىقلىنىش ۋە باشقا سەۋەبتىن بولسا، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلغاندا مەنىي 2 ~ 4 تامچىغىچە چىقىدۇ، سۈيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ، بەلدە ئاغرىق بولىدۇ، بەزىدە ئۇرۇقدانلاردىمۇ ئاغرىق بولىدۇ، كۆپ جىما قىلىش، جەلەق، بەچچىۋازلىق قىلغان ھالەتتە سۇسلۇق، ھورۇنلۇق ۋە قول - پۇتلار ئاغرىش بولىدۇ، سۈيدۈكنىڭ مىقدارى ۋە قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. مىجەزى چېچىلاڭغۇ (چۇس) بولىدۇ، يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ، ئاخىرىدا ئەستە ساقلاش كۈچى ئاجىز ۋە زېھنى تۆۋەن بولىدۇ، چىرايى غەمكىن ۋە خىيالچان، پەرىشان بولىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق تۇرىدۇ. بەزىدە بۇنىڭدا كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، سۈرئىتى ئىنزالنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئۇرۇقدانلىرى بوشىشىپ ساڭگىلاپ قالىدۇ. ئەگەر يامان ئادەتلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا، ئاجىزلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق غەلىبە قىلىپ، سەرئى، پالەچ ۋە سىلغا ئوخشاش ئۆتكۈر كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ، بىمار ھالاك بولىدۇ.

ئالامىتى:

1. **مەنىينىڭ كۆپلۈكى** جىما ۋاقتىدا مەنىي بەك كۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ قىيامى تامامەن نورمال بولىدۇ، جىمادىن كېيىن ئەزالار ۋە كۈچلەردە بىرەر ئاجىزلىق مەلۇم بولمايدۇ، ئەلۋەتتە بەدەن ئاجىز، مەنىي قاچىسى كۈچلۈك بولغان ھالەتتە ئاجىزلىق چوقۇم بولىدۇ.

2. **مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى** مەنىي چىققان ۋاقىتتا ئۆتكۈرلۈكى مەلۇم بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىشىنىڭمۇ شىكايىتى بولىدۇ، مەنىي رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ ھەم بىمار كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى قوللانغان ئۇسۇل - چارىلەرمۇ بۇنىڭغا

گۇۋاھچى بولىدۇ.

3. **مەنىي قاچىسىنىڭ ئاجىزلىقى:** مەنىي سۇيۇق بولۇپ، قايىم بولماستىن چىقىپ كېتىدۇ، مەنىي ھۆقنە قىلغاندا چىقمايدۇ ھەم سوغۇقلۇقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

4. **مەنىي قاچىسى تەشەننۇجى:** مەنىي قايىم بولۇش بىلەن چىقىدۇ، بۇ تۈرى سەرئى ۋە زەكەر قايىم بولۇش كېسەللىكىدە تېپىلىدۇ.

5. **بۆرەك ئاجىزلىقى** بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، سىيگەندىن كېيىن مەنىي كۆپ مىقداردا چىقىدۇ، مەنىي كېيىمگە چاپلىشىدۇ. بۇ تۈرى ناھايىتى ناچاردۇر، بۇنىڭ بىلەن بەدەن ۋە قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ.

6. **شەھۋانىي خىياللار** بۇنىڭ ئالامىتى روشەندۇر.

داۋالاش:

1. **مەنىينىڭ كۆپلۈكى** جىما ئارقىلىق بۇ مەنىي چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ، مەنىي قاچىسىدا پەيدا بولۇپ بولغان بولىدۇ. بەدەن كۈچلۈك بولغان شەرت ئاستىدا غىزالارنىڭ مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

مىزاج ئەھۋالىغا قاراپ مەنىينى ئازايتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

2. **مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى** ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: نىلۇپەر شەربىتى، شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى ئۇنناب قاتارلىقلار. مەنىينى ئازايتقۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئانارگۈلى، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، بەزرۇلبەنجى، كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت، نىلۇپەر (بۇ بارلىق نەرسىلەر تىنچلاندۇرغۇچىلاردۇر) قاتارلىقلار.

3. **مەنىي قاچىسىنىڭ ئاجىزلىقى** مەنىينى ئازايتقۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، بۇ، چاڭگاك ئۇرۇقى، پىننە يوپۇرمىقى، سەئدە كۇفى، ئانارگۈلى، سۇزاپ ئۇرۇقى، ئاق كۇنۇچە، كەندىر ئۇرۇقى، زىرە، سىيادان ۋە مىئەيابىسە قاتارلىقلاردىن ياسالغان بولسۇن ھەمدە مەجۇنى كۇمۇنى يېگۈزۈلىدۇ.

چاڭگاك ئۇرۇقى يوق قىلغۇچى ئۇرۇق دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن دېيىلىدۇكى، بۇ نەسلىنى يوق قىلىدۇ.

4. **مەنىي قاچىسى تەشەننۇجى** تەشەننۇجنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

5. **بۆرەك ئاجىزلىقى** بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە بۆرەك مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ بايان قىلىنىپ بولدى.

6. شەھۋانىي خىياللار شەھۋانىي خىياللارنى زىيادە قىلدۇرماسلىق ۋە جىماغا ئائىت قىسسە ـ چۆچەكلەرنى ئاڭلاتماسلىق لازىم. تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتىن دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر بۇ كېسەللىك جىما، جەلەق ۋە بەچچىۋازلىق قاتارلىقلاردىن بولسا، مەنىينى تىنچلاندۇرغۇچى ۋە قويۇلدۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ بابە ئاجىزلىقى باياندا شەرھى شەكلىدە سۆزلەنگەن. تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سۇفۇپ نۇسخىسىنى قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش، غىزاسىغا ساددا نەرسىلەرنى بېرىش، گۆش، تۇخۇم، بېلىق، چاي، شاراب ۋە بارلىق ئىسسىق ھەم قوزغاتقۇچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش لازىم.

جەريانى مەنىينىڭ بىرقانچە ئەمەلىي داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىسى تۆۋەندە سۆزلەندى. بۇ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەردە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مەنىي قاچىسى ئاجىزلىقى پولات كۈشتىسى ياكى خۇبسۇلھەدىد كۈشتىسى ياكى قەلەي كۈشتىسىدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، بەش گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە يېگۈزۈش ھەم شام ۋاقتىدا بەش گىرام سۇفۇپى مۇئەللىفنى سۈت بىلەن يېگۈزۈش ياكى ئەتىگەندە قەلەي كۈشتىسىنى خورما ئۇنى مەجۇنى ياكى بەش گىرام مەجۇنى سۆئىلەپكە ئارىلاشتۇرۇپ، سۈت بىلەن يېگۈزۈش ۋە غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىن خۇبسۇلھەدىد كۈشتىسىدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، بەش گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى پەقەت بەش گىرام جاۋارىش جالىنۇس ياكى ئىككى دانە ھەببى كەبەد نۇشدۇرى سۇ بىلەن يېگۈزۈش ھەم شام ۋاقتىدا بەش گىرام سۇفۇپى مۇئەللىف ياكى بەش گىرام سۇفۇپى بىخسۇسنى سۈت بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

مەنىي ئۆتكۈرلۈكى كۈشتە قىلىنغان قوغۇشۇندىن ئىككى بەرىنجنى بەش گىرام مەجۇنى سۆئىلەپكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە سۈت بىلەن يېگۈزۈش ۋە شام ۋاقتىدا كۈشتە قىلىنغان قوغۇشۇندىن ئىككى بەرىنجنى مەجۇنى كەلاڭغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ياكى تۆۋەندىكى سۇفۇپنى ئەتىگەندە يېڭى سۈت بىلەن يېگۈزۈش لازىم:

سۇفۇپ نۇسخىسى: سۆئىلەپ مىسرى، تاباشىر، كەتىرا، گىلۇئى جەۋھىرى لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، ئاق ناۋاتتىن 30 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئالتە گىرامنى ئەتىگەندە كالا سۈتى بىلەن يېگۈزۈش ۋە كەچتە يۇقىرىقى دورىلاردىن بىرەرنى يېگۈزۈش ياكى ئەتىگەندە يۇقىرىقى دورىلاردىن بىرەر دورىنى يېگۈزۈش ۋە كەچتە تۆۋەندىكى سۇفۇپى

بىجبەندتىن ئالتە گىرامنى پاكىز سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

سۇفۇپى بىجبەند نۇسخىسى: بىجبەند گەجراتى، ھەلھەل ئۇرۇقى، ئوغرىتكەن، تالمەكانا ئۇرۇقى، تاتلىق ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، سەرپىستاندىن 20 دانە، ناۋاتتىن 24 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ بېرىلىدۇ ياكى ئەتىگەندە پولات كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، داۋائى دەپتى ساھىب ۋالى بىلەن قايماققا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ھەم شام ۋاقتىدا داۋائى كەرائى ۋالىنى 12 گىرام خورما تالقىنى مەجۇنىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئەتىگەندە تۆۋەندىكى سۇفۇپ پاكىز سۇ ۋە سۈت بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

سۆئىلەپ سۇفۇپى نۇسخىسى: سۆئىلەپ مىسرىدىن ئىككى بەرىنج، ئىسگەند ناگورى، نىتىر بالا، مەستىكى رۇمى، لاچىندانە، قاقىلە ئۇرۇقى، نىشاستە، بۇپەلى، قەلەي كۇشتىسى، قېلىن دارچىن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرامدىن، ناۋاتنى بارلىق دورىلار ئېغىرلىقىدا ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ. شام ۋاقتىدا ئۈستىدىكى دورىلاردىن بىرەرى يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە غىزادىن كېيىن جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرام يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرىنىڭ غىدىقلىنىشى كېسەللىككە سەۋەب بولسا، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجى قىلىنىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك لۇئابلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر جەريان بۆرەكنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولسا، بۆرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغانلىقتىن بولسا ۋە قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى (بۇ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەت) بولسا، دەسلەپتە ياكى ھەزىم بۇزۇلۇشنى داۋالاش بىلەن بىرگە قەۋزىيەتنى يوقىتىش لازىم. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن سوقۇلمىغان ئىسپىغۇلدىن 18 گىرامغىچە ياكى ھېلىلە مۇراببىاسى بىر دانە ياكى ئىتىرىفىل مۇلەييىن 12 گىرام ياكى قۇرسى مۇلەييىن ئىككى دانە ياكى ھەببى تەنكار ئىككى دانە ئىسسىق سۇ بىلەن كەچكى ئۇخلاش ۋاقتىدا يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ساددا ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار، مەسىلەن: ماش ئۈنى كاكچىسى ياكى بىرەر كۆك ئوتياشلار بىلەن كاكچا يېگۈزۈش ھەم ئىسسىق ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش، جىما، ئەقلىي ئەمگەك، شاراب، كاۋاپ، چاي، قەھۋە ۋە بارلىق قوزغاتقۇچىلاردىن ساقلىنىش لازىم. قورساقنى تويغۇزۇپ ئۇخلاش ئېھتىلامنىڭ قوزغاتقۇچىسى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئەسكەرتىش بۇ كېسەللىكنىڭ ئىلاجىدا ھەممىدىن كۆپ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ پائالىيەتلىرى تەرىپىگە يۈزلىنىش لازىم. ئەتىگەن ۋە كەچتە سەيلە قىلىش ۋە مۇناسىپ ھەرىكەت

قىلىش پايدىلىقتۇر. غىزانى ئۇخلاشتىن ئۈچ - تۆت سائەت ئىلگىرى يېيىش لازىم.

ئېھتىلام بولۇش

ئېھتىلامنىڭ مەنىسى چۈش كۆرۈش. بۇ يەردىكى ئېھتىلامدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئىنسان چۈشىدە بىرەر شەھۋانىي تەسۋىرنى كۆرۈپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنزال بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كىيىمى ناپاك بولىدۇ.

ياش ۋە ساغلام ئىنساننىڭ بويتاقلىق تۇرمۇشىدا بۇ خىل چۈشنى كۆرۈشى بىر تەبىئىي ئىشتۇر. بەزى كىشىلەردە ھەپتە ئون كۈندە، بەزى كىشىلەر 15 ~ 20 كۈندە بىر ئېھتىلام بولىدۇ، بۇ تەرەپكە يۈزلىنىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر ئادەتكە خىلاپ ھالدا بۇ كۆپ بولسا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىق، ناتىۋانلىقنىڭ تەسىرلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىسا، داۋالاش ۋە چارە قىلىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن ھالىتىدە ھەر كۈنى بىر قېتىم ياكى بىر كېچىدە 2 ~ 3 قېتىممۇ بۇ ھادىسە بولۇشقا باشلايدۇ.

ئېھتىلامنىڭ سەۋەبى جەرياننىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشاشتۇر. لېكىن جەرياننىڭ ئورنىغا ئېھتىلام بۇ ۋاقىتتا بولىدۇكى، ئىنسان ئويغاقلىق ھالىتىدە شەھۋانىي خىياللاردا بولغان چاغدا بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئىلاجىمۇ بەئەينى جەرياننىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئېھتىلام ئۈچۈن ياپىلاق قوغۇشۇننى بەلگە باغلاش پايدىلىقتۇر.

ئوڭدىسىغا ئۇخلاش، جۇملىدىن يۇمشاق، ئىسسىق ۋە يېپەك كۆرپە ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ئۇخلاش قايىم بولۇشنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە بۆرەكلەر ۋە مەنىي ئەزالىرىنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرى قاتارلىقلار ئىسسىيدۇ ھەمدە روھ، يەل ۋە قان مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا سۈمۈرۈلۈپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئوڭدا يېتىشتىن ساقلىنىپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ئۇخلاش مۇناسىپتۇر. سوغۇق كۆرپىلەردە ئۇخلىتىش، مەسىلەن: زىغىر كۆرپىسى، سۆگەت يوپۇرمىقى، بەزرۇلبەنجى يوپۇرمىقى، چاڭگاك يوپۇرمىقى قاتارلىقلار.

كەچتە غىزا مىقدارىنى ئازايتىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، نامازشامدىن ئىلگىرى غىزا يەپ بولۇش تاكى ئۇخلاش ۋاقتىغىچە ئاشقازان يەڭگىل بولسۇن.

مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە سەزگۈرلۈك ئېشىپ كەتكەندە سوغۇق ۋە ساددا غىزالار، ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر، مۇرچلار، چۈچۈمەل ۋە چاپلاشقاق نەرسىلەر ھەم گۆشلەر،

تۇخۇم، بېلىق، شاراب، چاي، قەھۋە قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش زۆرۈر بولىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مېڭىنى شەھۋانىي خىياللاردىن پاك تۇتۇشقا تىرىشىش، بۇنىڭ ھالىتى بۇكى، چوڭ ئىشلارغا مەشغۇل بولۇش، ئاياللار بىلەن سۆھبەتلىشىش، جىما قىلىش، شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى تەسۋىرلەر ۋە ئويۇنلاردىن ئېھتىيات قىلىش، قەۋزىيەتنى يوقىتىش زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىترىفىل كەشنىز ۋە ئىسپىغۇل ياخشىدۇر. ئۇخلاش ۋاقتىدا دوۋساق ۋە ئۈچەيلەر بوشىتىۋېتىلسە ياخشىدۇر.

ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن پىيادە مېڭىپ بېرىش ياخشىدۇر، بۇنىڭ تەسىرى بۇ كېسەلدە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

داۋاملىق قوزغىلىش (فەرىمۇس)

داۋاملىق قوزغىلىش — قايىم بولۇشنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپلۈكى ياكى قوزغىلىشنىڭ كۆپ بولۇشىدۇر.

فەرىمۇس — يۇنان تىلىدا بىر ئويۇننىڭ نامىدۇر. بۇنىڭدا زەكەر قايىم بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ. رۇم كىشىلىرى تويلاردا بۇ ئويۇننى ئوينايدۇ. بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى: «ئەمەلىيەتتە فەرىمۇس شەيتان بالىسىنىڭ نامىدۇر، يەنى بۇ ئوخشىتىپ بۇ ئويۇنغا ئېيتىلىدۇ» (يەنى شەيتان بالىسىنى بۇ ئويۇنغا ئوخشىتىدۇ). بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى: «رۇم شەھىرىدىكى مۇنچىلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئۈستىگە شەيتاننىڭ قارا شەكلى ياسالغان، ئۇنىڭ مەخسۇس ئەزاسى قايىم بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر قولى مەخسۇس ئەزا ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ شەكىلنى فەرىمۇس نامى بىلەن ئاتايدۇ (نەفىيس).

ئىبنى ھەبىل ئېيتىدۇكى، بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى: «بالىلار ياغاچ چاشقانلار بىلەن ئويۇن قىلار ئىدى. بۇلارنىڭ نامى فەرىمۇس بولغانىدى، مەخسۇس ئەزانىڭ قايىم بولۇش ھالىتىنى بۇنىڭغا ئوخشاتقان ۋە بۇ كېسەللىكنى بۇ نام بىلەن ئاتىغان» (نەفىيس).

فەرىمۇس بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا قاتتىق قايىم بولۇش بولىدۇ. مەخسۇس ئەزا شەھۋەتسىز ياكى شەھۋەت بىلەن بۇ ھالەتتە داۋاملىق تۇرىدۇ. ھاجەت يوقالغاندىن كېيىنمۇ قوزغىلىش يوقالمايدۇ.

بەزىدە ئەزا چوڭىيىش ۋە ئۇزىراشقا باشلايدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ ئىلاجى قىلىنمىسا، مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالاردا تارتىشىش ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بەزىدە قاتتىق ئاغرىق بىلەن بىمار ھالاك بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى مەنىي ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزالار ۋە جىمانىڭ بىرەر ئىچكى كۆيۈشتۈرگۈچىسى ۋە قوزغاتقۇچىسى بولىدۇ. بۇ بىرەر ئۆتكۈر خىلىت ياكى ئۆتكۈر يەل بىلەن مەنىيدە ھاسىل بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن نېرۋىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇسكۇللاردا تەشەننۇجقا ئوخشاش قىسقىرىش ھالىتى كۆرۈلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئەزادا تىترەش ئاشكارا بولسا ياكى كۆپتۈرگۈچى، ئېغىر غىزالار ئىستېمال قىلىنغان بولسا، بۇ ئۇنىڭغا يېقىن بولىدۇكى، يۇقىرىقى مەزكۇر تۈردىكى خىلىت ياكى يەل پەيدا بولغان بولىدۇ.

بەزىدە بۇ كېسەللىك بىر مەزگىلگىچە جىمانى تەرك قىلغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. مەنىي غەلىبە قىلغان ۋاقىتتا مەنىيدە كۈچلۈك قايناش پەيدا بولسىلا، فەرىمۇسنى پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ھارارەت ۋە قان كۆپ بولسا، قان ئېلىش ۋە مەنىينى ئازايتقۇچى بارلىق چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى كەسرەتى شەھۋەت (شەھۋەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى) ۋە مەنىي ئېقىش سۆزلىنىپ بولدى. بۇ، ئىسسىقتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا غىزانى كېمەيتىش، سوغۇق ۋە مەنىينى قۇرۇتقۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش، بەل ۋە دوۋساقىقا ياپىلاق قوغۇشۇن تېڭىش لازىم. ئەگەر مەنىينىڭ رەڭگى ئاق ۋە قىيامى سۇيۇق بولسا، بەلغەمنى چىقارغۇچى دورىلار بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. سۈرگە بەرمەسلىك لازىم، سۈرگىدىن بىرەر ئاشقان ماددىلارنىڭ بەدەننىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىگە قۇيۇلماسلىقىنىڭ خەۋپى بولىدۇ. يەللەرنى تارقاتقۇچى ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: سۇزاپ يېغى ھەم جەريانى مەنىي (بۇ ھۆللۈك غەلىبە قىلىشتىن بولىدۇ) دە بايان قىلىنغان باشقا چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ.

جىمادا چوڭ تەرەت مېڭىپ كېتىش (غەديۇت)

بۇ ئىنسان جىما قىلغاندا، ئىنزال ۋاقتىدا چوڭ تەرىتىمۇ چىقىپ كېتىدىغان كېسەللىكتۇر، يەنى بىمار چوڭ تەرىتىنى تۇتۇۋالالمايدۇ.

بۇ كېسەللىك بەزى ۋاقىتلاردا ئاياللاردىمۇ پەيدا بولىدۇ.

بۇ شەرمەندە قىلىدىغان كېسەللىك ئومۇمەن قويۇق مىزاج كىشىلەردە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھۋىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ ۋە بۇنى جىما لەززىتى يوقىتالمايدۇ. ھەتتا بىمار بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى يوقىتىدۇ ۋە چوڭ تەرىتىنى تۇتالمايدۇ.

لەززەتنىڭ كۆپلۈكىدىن بىمارنىڭ روھلىرى ۋە كۈچلىرى شۇنچىلىك تارقايدۇكى، ئىنزالدىن كېيىن بۇ كىشى بوشىشىدۇ. (ئاجىزلايدۇ).

ئومۇمەن مۇشۇنداق بىمارلارنىڭ بەدىنى بوش بولىدۇ.

ئەللامە نەفىيس بۇ ئورۇندا بىر ئىنچىكە نۇقتىنى بايان قىلغانكى، بۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇش لازىمدۇر.

جىما لەززىتى سىلاش لەززىتى تۈرىدىندۇر، يەنى ئۇ سىيلاش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدە قويۇقلۇق بولىدۇ (قويۇق مىزاجلىق كىشى). ئۇلار سىلاش سېزىملىرىدىن ناھايىتى زىيادە تەسىرلىنىدۇ، چۈنكى سىيلاش سېزىملىرى قالغان سېزىملاردىن كۈچلۈكرەك. بۇ سەۋەبتىن كۆپ كۆرۈلىدۇكى، ئۆلىمالار ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇقۇمسىز، جاھىللارنىڭ ئەۋلادلىرى بىلىملىك بولىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمالارنىڭ تەبىئەتلىرى لەتىف بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا جىمانىڭ لەززىتى زىيادە غالىب بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنىيسىدە ئۇ كۈچ ۋە روھ ھاسىل بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئەقلى كەمتۈك ۋە ئاجىز بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە جاھىللارنىڭ تەبىئىتى قويۇق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىشىلەر جىما لەززىتىدىن مەغلۇپ بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ نەپسى جىما تەرەپكە تولۇق كىرىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىيسىدە تولۇق كۈچ ۋە روھ ھاسىل بولىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەقلى تولۇق، ئوقۇمۇشلۇق ھەمدە تامام كۈچلەر ئېتىبارى بىلەن كۈچلۈك بولىدۇ.

داۋالاش مۇشۇنداق بىمارلارنىڭ چارىسى ئۇچەيلەر خالىي بولغان ھالەتتە، يەنى چوڭ تەرەتتىن كېيىن، جىما قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەمدە ئۇچەيلەردە قورۇلۇش پەيدا قىلىدىغان قابىز نەرسىلەرنى يېگۈزۈشتۇر. مەسىلەن: زىرە بىلەن قورۇلغان تۇرۇلغا، پاختەك گۆشى، كەردناج، قورۇلغان گۈرۈچ قاتارلىقلارنى بېرىش، بۇ ئازراق ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. مەقئەتكە ئاقاقىيا، رامەك، ئانارگۈلى، ئەرەب يېلىمى، كۈندۇر قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنغان شامچىلار قويۇلىدۇ. بۇ ھەمىشە ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ جىما ۋاقتىدا. بۇ بىمارلارنىڭ يۈرەك ۋە مېڭىسىنى كۈچلەندۈرۈش تەرەپكە كىرىشىلىدۇ.

پاختەك — قۇشلارنىڭ بىر تۈرىدۇر. كەردناج— كاۋاپنىڭ بىر تۈرىدۇر.
رامەك — ئامىلە ئۇسارىسى قاتارلىقلار بىلەن مۇرەككەپ قىلىنغان دورىدۇر.

جىنسىي ئەزانىڭ تىترىشى (ئاقۇنا)

بۇ كېسەللىك ئەرلەردە ئاز، ئاياللاردا تېخىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

ئاقۇنا بىر كېسەللىكتۇركى، بۇنىڭدا ئەرلەردە مەخسۇس ئەزا ۋە ئاياللاردا بالىياتقۇ ئېغىزى تىترەيدۇ، مەنىي قاچىسىدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بىلەن تارتىشىش ۋە مەخسۇس ئەزادا

قاتتىق قايىم بولۇش پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتىن بىمار نىجاتلىق تاپالمىسا، مەنىي قاچىسى ئۆز ئورنىدىن سىلجىيدۇ.

بۇنىڭدا ئەگەر بىماردا تەشەننۇج پەيدا بولسا، قورسىقى كۆپسە ۋە سوغۇق تەرلىسە، ئۇ ھالاك بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىش، سوغۇق نەرسىلەر بىلەن يۇمشىتىش ئارقىلىق قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. مەسىلەن: تەرەنجىبىن، شىرخىست، خىيارشەنبەر شىربىسى قاتارلىقلار. جىما ئەزالىرىغا ئىنتايىن سوۋۇتقۇچى تىلالار چېپىلىدۇ. مەسىلەن: سەندەل، قەلەي كۇشتىسى، گىل ئەرمىنى، ئەپيۇن قاتارلىقلارغا كاھۇ سۈيى، يۇمغاقسۈت سۈيى قوشۇپ چېپىلىدۇ. ئارپا سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، قىزىل چۇغلۇق سۈيى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ داۋالاش يېتەرلىك بولمىسا ۋە ئىششىق يوقالمىسا، مەخسۇس ئەزا ئۈستىگە تىلىپ ھىجامەت قويۇلىدۇ ياكى زۈلۈك قويۇلىدۇ. لېكىن دەسلەپتە بەدەن خىلتلاردىن تازىلىنىدۇ، تاكى ماددىلارنىڭ قويۇلۇش خەۋپى قالمىسۇن.

ئۈرۈقدان ئىششىقى

ئۈرۈقدان ئىششىقىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، سوغۇقتىن بولغان ئىششىق، قاتقان ئىششىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرى بار.

سەۋەبى: سۆزنەك (ھۈرقە)، سىفلىس، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، زەربە تېگىش، ۋەجئۇل مۇپاسىل، نۇقرەس، دوۋساق ئىششىقى قاتارلىقلار ئومۇمەن ئۈرۈقدان ئىششىقىنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئومۇمىي ئالامىتى ئۈرۈقدان ئىششىپ قېلىن ۋە قاتتىق بولىدۇ ھەمدە بۇ قاتتىق ئاغرىپ، ئاغرىق قورساققىچە يېتىپ بارىدۇ، قىزىتما بولىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش بولىدۇ. ئۆتكۈر ھالەتتە بۇ ئالامەتلەردە ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ، سوزۇلما ھالەتتە ئالامەتلەر يەڭگىل بولىدۇ.

1. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ (ئۆتكۈر ئىششىق) ئالامىتى رەڭگى قىزىل بولىدۇ، ئىششىق چوڭ بولىدۇ، ئاغرىش، ئىسسىقلىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ. جۈملىدىن ئەگەر ئىششىق خاس ئۈرۈقداندا بولسا.

داۋالاش باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سىركە، گۇلاب، لوئابلار، مەسىلەن:

ئىسپىغۇل لوئابى، ئۇسارىلەر، مەسىلەن: يۇمغاقسۈت سۈيى، ئىتئۈزۈمى سۈيى ۋە كاسىنە سۈيى قاتارلىقلاردا رەختنى ھۆللەپ، ئىششىق ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئىششىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن كېيىن ئىششىقنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارغا ئۇن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئارپا ئۇنى، نوقۇت ئۇنى، باقلە ئۇنى قاتارلىقلار. ئاندىن بۇنىڭغا تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇ، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، زىرە قاتارلىقلارغا گۈل يېغى، تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

2. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنىڭ (سوزۇلما ئىششىق) ئالامىتى رەڭگى ئاق، تۇتقاندا يۇمشاق ۋە ئاغرىق ئاز بولىدۇ.

داۋالاش: بەلغەمنى چىقارغۇچى دورىلار بىلەن بىرقانچە قېتىم قۇستۇرغاندىن كېيىن تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇ، ئۇنلاردىن، مەسىلەن: نوقۇت ئۇنى، باقلە ئۇنى قاتارلىقلارغا زىرە، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە، شۇمشا، مۇقەل ۋە موم قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

3. قاتتىق ئىششىقنىڭ ئالامىتى ئىششىقتا قاتتىقلىق ۋە قارىلىق تېپىلىدۇ.

داۋالاش قۇستۇرۇلىدۇ، ئىششىقنى يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: مۇقەل، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، كەرنۇب يوپۇرمىقى قاتارلىقلار. زىمات يىلىكلەر، ياغلار ۋە يىلىملارغا مەيپۇختەج قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن. يىلىكلەر، مەسىلەن: كالا پاچىقى يىلىكى، بۇغا پاچىقى يىلىكى قاتارلىقلار. ياغلار، مەسىلەن: ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى. يېلىملار، مەسىلەن: ئۇشەق ۋە مىئەسائىلە.

مەيپۇختەج — بۇنىڭ مەنىسى ئۈزۈم قايناتىلمىسى ۋە ئۈزۈم رۇبىبىسىدۇر.

پايدىلىق سۆز ئەسلىي سەۋەبكە رىئايە قىلىش بىلەن داۋالاش، قەۋزىيەتنى يوقىتىش، ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان بولسا، ھەممىدىن ئىلگىرى ھەزىمنى نورماللاشتۇرۇش، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن بۇ دورىلارنى بېرىش لازىم.

خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسىدىن ئىككى: بەرىنجنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ياكى يەتتە گىرام جاۋارىش بەسباسەگە ئارىلاشتۇرۇپ، 144 گىرام ئەرقى بەديان بىلەن ئىككى ۋاخ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە يەتتە گىرام ئىترىفىل مۇلەييىن ياكى يەتتە گىرام ئىترىفىل زامانى كەچتە قايناق سۇ بىلەن بېرىلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا زىماتى قەيسۇم چېپىلىدۇ.

زىماتى قەيسۇم نۇسخىسى: قەيسۇم، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، گۈلبىنەپشە، ئاق لەيلىگۈلنىڭ ھەربىرى 14 گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، زىغىر ئۇرۇقى ياكى كۇنۇچە ئۇرۇقى لوئابىدا خېمىر قىلىپ زىمات تەييارلىنىدۇ. بۇ زىماتنى چېپىشتىن ئىلگىرى گۈلى تىسۇنى سۇدا قايناتىپ، بۇنىڭ بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەمدە

ئۇنىڭ پىسەپلىرىنى ئېزىپ ئاز ۋاقىتقىچە تېڭىپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زىماتى قەيسۇم چېپىلىدۇ ياكى بۇ تىلا ئىشلىتىلىدۇ:

تىلا نۇسخىسى: كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى، كۆك كاسىنە سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، ئەپيۇن، كافۇردىن بىر گىرامدىن، بەزرۇلبەنجىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ تىلا قىلىنىدۇ ياكى ئۇ دورىلار نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ پىسەپلىرى ئېزىپ تېڭىلىدۇ.

نۇتۇل نۇسخىسى: خەشخاش پوستى، گۈلى تىسۇدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەمدە پىسەپلىرى زىمات شەكلىدە ئىلمان ھالەتتە تېڭىلىدۇ ياكى كەندىر يوپۇرمىقىنى ئېزىپ ئىلمان ھالەتتە ئۇرۇقدان خالتىسى ئۈستىگە زىمات قىلىنىدۇ، ئۇرۇقدان خالتىسى ئابدىمىلىك يوپۇرمىقى بىلەن ئېسىپ چىڭ باغلىنىدۇ. سۆزنەك سەۋەبىدىن بولسا، جەۋھەرى (بىرخىل دورا) بىر دانە ياكى جەۋھەرى مۇنەققا ئىككى دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئارىسىغا ئېلىنىپ ئەتىگەندە يېڭى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە ئۈستىدىكى تىلالار ياكى زىماتلاردىن بىرەرى ئىشلىتىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخا زىمات قىلىنىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: كۆكنار ۋە سوقۇلمىغان ئىسپىغۇلدىن 24 گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ، قويۇلغاندا 12 گىرام گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئابدىمىلىك يوپۇرمىقى قويۇپ تېڭىپ قويۇلىدۇ ۋە كەچتە ھەببى سۆرۈنجان مۇلەييىندىن ئىككى دانە قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سوغۇق، يۇمشاق، ئاسان سىڭىدىغان غىزالاردىن، مەسىلەن: ئارپا ئېشى، ماشىنىڭ يۇمشاق كەچرىسى، ئوتياش ۋە كۆكتاتلار يېگۈزۈلىدۇ. ئېغىر، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان، كۆپتۈرگۈچى، دورا - دەرمەكلىك غىزادىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يول يۈرۈش ۋە ھەرىكەت قىلىشتىن قەتئىي توختىتىلىدۇ. غىلاپتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئۇ ياسالغان قاپتۇر، بۇنىڭغا دورىلارنى سېلىپ گالدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ (بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى كاپسۇل دەپ ئاتايدۇ).

ئۇرۇقدان ۋە زەكەر ئاغرىقى

سەۋەبى:

1. مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى.
2. مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى.

3. نېرۋا غىدىقلىنىش.
4. ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا جەلەق، ۋەجىئۇل مۇپاسىل، نۇقرەس، بۆرەكتە قۇم پەيدا بولۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قەۋزىيەت قاتارلىقلارمۇ كۆپىنچە ئۇرۇقدان ئاغرىقىنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى بىر ياكى ئىككىلا ئۇرۇقدان خالتىسىدا تۇتقاقلىق بىلەن ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىغاندا كېسەللەنگەن ئۇرۇقدان ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە قولنى تەگكۈزۈش بىلەن ئاغرىق زىيادە بولىدۇ.

1. مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىسسىقلىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ.

داۋالاش: سوغۇق ئۇسارىلەردىن كەشنىز ئۇسارىسى، قاپاق ئۇسارىسى، كاسنە ئۇسارىسى، ئىنتىئۈزۈمى ئۇسارىسى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق كۈچلۈك بولۇپ، ئايلىنىپ كېتىش ۋە تەشەننۇج پەيدا بولۇشنىڭ خەۋپى بولسا، ئۇلارغا ئەپيۈن قوشۇلىدۇ.

2. مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئاغرىق ئاز بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، بەلكى سېزىمسىز بولۇپ قالىدۇ.

3. نېرۋا غىدىقلىنىشىنىڭ ئالامىتى ئاغرىق تۇتقاقلىق بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا ئېغىرلىق بولماستىن تارتىشىش بولىدۇ.

داۋالاش ئىسسىق ۋە يەل تارقاتقۇچى تىلالار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، پىننە، سۇزاپ قاتارلىقلار. ئىسسىق ياغلار، مەسىلەن: يەسمەن يېغى، سۇزاپ يېغىنى سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ، بۇنىڭدا قۇندۇز قەھرى ئېرىتىلگەن بولسۇن.

4. ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك قايتۇرغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى بولغان، قابىز بولمىغان دورىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە، نېلۇپەر، قاپاق، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، كەرنۇب يوپۇرمىقى، ئىنتىئۈزۈمى يوپۇرمىقى قاتارلىقلار.

ئۇرۇقدان چوڭىيىش (ئەزىمۇل خۇسيەتەينى)

بەزىدە ئىككى ئۇرۇقدان ئىششىماستىن سېمىزلىك ھالىتىدە ھەددىدىن زىيادە چوڭىيىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ كۆكرىكى بەزىدە سېمىزلىك ھالىتىدە ھەددىدىن زىيادە چوڭىيىدۇ. شۇ قەدەركى، ئۇنى كۆتۈرۈش بەدەن ئۈچۈن قىيىن بولىدۇ ۋە تەبىئىي ھالەتتە ئۇنىڭدا سۈت

پەيدا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر ئۇرۇقدانلار چوڭايسا، تەبىئىي ھالەتتە مەنىي پەيدا قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇقدان ناھايىتى چوڭايسا، يول يۈرۈش ۋە باشقا ھەرىكەتلەردىمۇ توسالغۇ پەيدا بولىدۇ.

ھېكايە: مەسىھا ھېكايە بايان قىلىدۇكى دەمەشقتە بىر كىشىنىڭ ئىككى ئۇرۇقدىنى شۇقەدەر چوڭايغان ئىدىكى، ئۇرۇقدان خالتىسى بىر چوڭ تەكيي باراۋىرىدە بولغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يول يۈرۈش ۋە ئۇخلاشتا قىينالغانىدى، ھەتتاكى ئۇ ئۆلۈپ قېلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. بىمار نۇرى دوختۇرخانىسىغا بارغان ۋە دەستىكار ئارقىلىق ئۇنىڭ داۋاسىنى قىلىشنى ئارزۇ قىلغان. بۇ يەردىكى ھۆكۈمالار ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ داۋالاشتىن قول تارتقان. ئاندىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى نائىبى سەلتەنەتتىن تەلەپ قىلغانىكى، ئۇلار ئۇنى داۋالاشقا ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمالار ئۇنى داۋالاپ ئىككى ئۇرۇقدىنىنى كېسىۋەتتى، ئۇ كىشى بىرقانچە كۈنگىچە ھايات تۇرۇپ ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇرۇقدانلىرىنى كېسىپ ئۆلچىگەن ئىدى، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 37.18 كىلوگرام كەلدى (نەفىيس). دەمەشقتە بىر رەتەل تەخمىنەن 2.18 كىلوگرام باراۋىرىدە بولىدۇ.

داۋالاش سوغۇق ۋە سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن ئىلاج قىلىنىدۇ، قىز بالا ۋە ياش ئاياللارنىڭ كۆكسىنىڭ ئىلاجىغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، تاكى ئۇ ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىك ۋە ئېغىرلىقتىن كۆكرەك ئۈستىگە چۈشمىسۇن. مەسىلەن: بەزرۇلبەنجى، شەۋكىران، يەبرۇج، خەشخاش پوستى، سان تېشىغا سۈركەلگەن يۇمغاقسۈت سۈيى (يەنى سان سالايە ھاۋانچىسى ۋە دەستىسىگە يۇمغاقسۈت سۈيىنى سۈركەش)، قوغۇشۇن سۈركەلمىسى، تۆگمەن تېشى سۈركەلمىسى قاتارلىقلار.

سان تېشى — بۇ بىر خىل تاشقا ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭدا پىچاق، قىلىچ قاتارلىقلار ئۆتكۈرلەشتۈرۈلىدۇ (يەنى بىلەيتاش).

ئەسكەرتىش بۇ كېسەللىكنىڭ ئىلاجىدا غەلىبە كۆرۈلۈش بەك كۆپ بولمايدۇ.

ئۇرۇقداننىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشى ۋە كىچىك بولۇشى
(ئىرتىفائۇلخۇسيە ۋە سىغرۇلخەسيە)

بەزىدە ئىككى ئۇرۇقدان يىغىلىپ ئۆز خالتىسىدىن دوۋسۇن تەرەپكە ئۆرلەپ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ۋە بەدەننىڭ كۆپىنچە ھەرىكەتلىرىدە توسالغۇ بولىدۇ. ئۇ كىچىكلەپ قالىدۇ ھەممە تەركىبلىرى يىغىلىپ قالىدۇ. بۇ قورققان ۋاقىتتا، سوغۇق سۇغا چۈشكەن ۋاقىتتا بولىدۇ.

بەزىدە غايىب بولۇپ قورساق پەردىسىگىچە ئۆرلەيدۇ، ھەتتاكى كىچىك تەرەت قىلغاندا قىينىلىش پەيدا بولىدۇ، ئاغرىق ۋە ئەزىيەت بىلەن سىيدۈك كېلىدۇ، سىيدۈك تامچىلاپ كېلىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

داۋالاش يالغلايدىغان ئىسسىق دورىلار (مەروخاتى ھارە) ۋە قاننى سۈمۈرگۈچى ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ. مەسىلەن: پەرپىيۇن يېغى، ئەركەك كالا ئۆتى، ھىڭ قاتارلىقلار. يەنە مەسىلەن: شۇمشا، مەرزەنجۇش، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە قاتارلىقلار ھەسەل سۈيى بىلەن زىمات قىلىنىدۇ. باشتىن ـ ئاخىرىغىچە مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئابزەن قىلىنىدۇ تاكى مۇناسىۋەتلىك ئەزالاردا بوشىشىش ۋە ئاغرىقتا پەسىيىش ھاسىل بولسۇن.

ئۇرۇقدان خالتىسى تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشى ۋە
ئۇرۇقدان خالتىسى قېتىش
(داۋالى سەفەن ۋە سالابىتى سەفەن)

داۋالى — تومۇرلارنىڭ كۆپۈشى، سالابەت — قاتتىق بولۇش. سەفەن — ئۇرۇقدان خالتىسى، داۋالى سەفەن — ئۇرۇقدان خالتىسى تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈۋېلىشى، سەلابەت سەفەن — ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ قېتىشى دېگەن مەنىدە.

بەزىدە ئۇرۇقدان خالتىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان ئەگرىلەشكەن، كۆپكەن تومۇرلار ئاشكارا بولىدۇ، بۇ كۆك قان تومۇر قان بىلەن تولغان بولىدۇ ھەمدە ئۇرۇق خالتىسىدا قايتا ـ قايتا لىكىلداش كۆرۈلىدۇ.

بەزىدە قان تومۇرلار كۆپۈش خاس ئۇرۇقداندا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يول يۈرۈش قىيىن بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ نامى قەرۇ داۋالىدۇر.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ يەردىكى قان تومۇرلارغا قان كېلىپ توپلىنىدۇ ھەمدە بىرەر بېسىم سەۋەبىدىن توختاپ تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئومۇمەن سۇ توشۇغۇچىلار ۋە ئۆرە تۇرغۇچىلارنىڭ پاچاق كۆك قان تومۇرلىرىدا (پۇت داۋالىسى) كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بۇ تومۇرلار كۆپۈشۈپ، ئەگرىلەشكەن، ئۆزئارا چاپلاشقان، خوشەخورما ياكى ئۈزۈمگە ئوخشاش بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ كېسەللىك سول ئۇرۇقداندا پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش پۇت داۋالىسىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ. قاتقان ئەھۋالدا ئۇرۇقدان قاتقان ئىششىقنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بايان

قىلىنىپ بولدى. يەنى ئۇلار بۇكى، قۇستۇرۇش، يۇمشىتىش، تارقاتقۇچى زىمات چېپىش قاتارلىقلار.

ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى
(ئىسترخا سەفەن)

بەزىدە ئۇرۇقدان خالتىسى ئۇزۇن ۋە بوش بولىدۇ ھەمدە ئىچىدىكى نەرسىلەر بوشاشمايدۇ. بۇ، قاراشقا كۆرۈمسىز بولىدۇ، يول ماڭغاندا ئاغرىتىدۇ.

ئۇنىڭ سەۋەبى ھارارەت ۋە ھۆللۈكتۇر، بۇ جەنۇبتىكى دېڭىزغا يېقىن رايونلاردا بولىدۇ (نەفىيس). ئەللامە نەفىيس بۇ كىتابنى ئىراندا يازغان. جەنۇبتىكى رايونلاردىن ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئوچۇقكى، ئىران قاتارلىقلارنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا قارىتىلغان.

داۋالاش: سوغۇق ۋە قابىز دورىلارنىڭ نۇتۇلى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: موزا، ئاس، قىزىلگۈل، مەسۇر، قەرز (ئەرەب مېۋىسى)، ئانارگۈلى، جۇپتى بەللۇت، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ نۇتۇل قىلىنىدۇ ۋە زىمات قىلىنىدۇ.

زەكەر ۋە ئۇرۇقدان يارىسى (قۇرۇھۇززەكەر ۋەلخۇسيە)

بۇ، زەكەر، ئۇرۇقدان ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يارىدىن ئىبارەت. ئۇ ئورۇنلاردىكى يارا ناچار بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئوفۇنەت تېزلا كېڭىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلاجىدا سۇسلۇق ۋە غەپلەتتە قالماسلىق لازىم.

داۋالاش ئەگەر يارا يېڭى بولسا، سەبرە، مەدەستان، شاراب بىلەن يۇيۇلغان ئىقلىمىيا، تۇتىيا، مەرۋايىت، كۆيدۈرۈلگەن قاپاق، كۆيدۈرۈلگەن مىس، كەندىر ئۇرۇقى ھەمدە ئانارگۈلى قاتارلىقلار بىلەن داۋالىنىدۇ، ئۇلار زىمات شەكلىدە ياكى مەلھەم ياكى سېپىلما شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ يارا كونىرىغان بولسا، ئۇششاق كۇندۇر، كۆيدۈرۈلگەن قەغەز، كۆيدۈرۈلگەن چىلغوزا دەرىخى ساقىلى، مۇرمەككى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ.

گۆشخور چاقا (ئاكىلە) ئەگەر بۇ زەخىم يېگۈچى بولسا، فەلدىفىيۇن ھەمدە ئۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ، بۇ، بۇزۇلغان گۆشنى يەيدۇ ھەمدە زەخمىنى يىرىڭ ۋە زەردابتىن پاك قىلىپ قۇرۇتىدۇ.

ئاكىلە — ئوفۇنەتلىنىدىغان زەخىم بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەزانىڭ تەركىبلىرى بۇزۇلۇپ قارىدايدۇ.

زەكەر يارىسى ئەگەر يارا زەكەر ئىچىدە بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى بۇكى، سىيگەندە ئېچىشىدۇ، سۈيدۈك تەستە كېلىدۇ. سۈيدۈك قان، يىرىڭ ۋە قاسراقچىلار بىلەن كەلسە، سوۋۇتۇش ۋە قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بولغان يېڭى زەخىملەرنى پۈتتۈرىدىغان دورىلار بىلەن ئىلاج قىلىنىدۇ، ئەمما ئاغرىق ۋە ئېچىشىش كۈچىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دورىلار ناھايىتى يۇمشاق سوقۇلىدۇ. قىسقىسى، دوۋساق يارىسىنىڭ ئۇسۇلىدا ئىلاج قىلىنىدۇ.

ئەگەر زەكەر يارىسى سۆزنەك تۈرىدىن بولسا، ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنىپ بولدى.

شاراب ۋە ئوفۇنەتنى قايتۇرۇش: ئىقلىميا شاراب بىلەن نېمە ئۈچۈن يۇيۇلىدۇ؟ بۇنىڭدىكى مەقسەتنى نەفىس بايان قىلغانكى، شاراب ئوفۇنەتنى قايتۇرغۇچىدۇر.

زەكەر قىچىشىش (ھىككەتۇلقەزىب)

زەكەر قىچىشىشنىڭ ماددىسى سەپرادىن بولغان ئۆتكۈر ماددا، شورلۇق ماددا، ئوفۇنەتلەنگەن سەۋداۋى قان قاتارلىقلاردۇر. يەنى بۇ تۈردىكى ماددىلاردىن زەكەردە قىچىشىش پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە ئۆتكۈر تەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ قىچىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇ ماددىلار قان ئېلىش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. ھېلىلە ۋە شاھتەررە قايىنتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن سىركە، گۈل يېغىغا مۇۋاپىق مىقداردا مامىسا ۋە كەرەپشە سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىنىدۇ. كەرەپشە سۈيى ماددىدا شورلۇق بولغان چاغدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، يۇمغاقسۈت سۈيى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئىسسىق سۇ بىلەن زەكەرنى يۇيۇپ تۇخۇم ئېقى تىلا قىلىنىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئۇ چارىلەر بىلەن ياخشىلانمىسا، يوتىغا ھىجامەت قويۇش، مەخسۇس ئەزا ئۈستىگە زۈلۈك قۇرتى قويۇش ۋە قىچىشقاقنىڭ تىلاسىنى ئىشلىتىش لازىم، بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

زەكەر ئىششىقى (ۋەرەمى قەزىب)

بۇ، ئەزانىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى، داۋالىشى بەئەينى ئۇرۇقدان ئىششىقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭ بايانى ئۇرۇقدان ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. لېكىن زەكەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدا ئانار پوستى، قىزىلگۈل، نوقۇت قاتارلىقلارنى زىمات شەكلىدە سۇدا پىشۇرۇپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقتا قۇرۇق خورما ئۇرۇقى ئۇنى ۋە ئاق لەيلى سىركە بىلەن زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ.

زەكەر يېرىلىش

زەكەرگە تۆشۈك پەيدا بولۇشتۇر.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئىلاجى مەقئەت يېرىلىشىنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاش.

مەلھىمى قىيمۇلىيا   بۇ تەسىرى كۈچلۈك دورا بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تېزلا ساقىيدۇ.

تەركىبى   قىيمۇلىيا سېغىزى، تۇتىيا، خېنە، كەتىرا قاتارلىقلارنى ئېلىپ موم، گۈل يېغى ۋە تۇخۇم سېرىقى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

زەكەر سۆگىلى ۋە ئۈجمىسىمان سۆگەل (مەسسى ۋە تۇت)

بۇ، زەكەر ۋە زەكەر ئەتراپىغا چىقىدۇ.

داۋالاش   باشقا سۆگەللەرگە ئوخشاش ئىلاج قىلىنىدۇ، كۆيدۈرۈلگەن بۆرە ئەرمىنى، ئۈزۈم ياغىچى كۈلى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دورىلار بىلەن تىلا قىلىنىدۇ، بۇ، سۆگەللەردىكى قويۇلۇۋالغان ھۆللۈكلەرنى تارقاتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى بولسۇن.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن شىپا تاپمىسا، كېسىۋېتىپ تاكى قان توختىغىچە يەرلىك ئورۇنغا زەمچە ۋە زەنگار سېپىلىدۇ.

زەكەر كانىلى توسۇلۇش (سۇددەتۇل ئىھلىل)

بۇ توسالغۇنىڭ ئىككى سەۋەبى كۆپ ئۇچرايدۇ.

1. يارا ۋە مۇدۇر - چاقا   بەزىدە بۇ يولغا يارا ۋە مۇدۇر چىقىشتىن بولىدۇ.

ئالامىتى سىيگەندە ئېچىشىدۇ ۋە سۈيدۈك تەستە چىقىدۇ.

داۋالاش باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئىسپىغۇل لۇئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى لۇئابى ئىچكۈزۈلىدۇ، مۇدۇرلار يېرىلغاندىن كېيىن سۈيدۈك يولىغا ئايال كىشىنىڭ سۈتىگە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، شىيافى ئەبيەز ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئەللامە نەفىيس سۈيدۈك يارىنىڭ تازىلىغۇچىسىدۇر، دەپ يازغان.

2. قويۇق خىلىت بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى قويۇق چاپلاشقاق خىلىت بۇ يولغا چاپلىشىۋالغانلىقتىن بولىدۇ.

ئالامىتى ئېچىشماستىن سۈيدۈك تەستە كېلىدۇ ھەمدە قويۇق خىلىت سۈيدۈكتىن چىقىدۇ.

داۋالاش سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: رۇمبەدىيان، سەۋزە ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، قوغۇن ئۇرۇقى، ھەلىيۇن قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا لاتاپەت پەيدا قىلىش، مەسىلەن: سېرىقچېچەك سۈيى، نوقۇت، زىرە، زەيتۇن يېغى، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى يېگۈزۈش، مەخسۇس ئەزاغا لەتاپەت پەيدا قىلغۇچى نۇتۇل ئىشلىتىش لازىم، بۇنىڭدا بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بەرەنجاسىپ، مەرزەنجۇش، پىننە ۋە تاغ پىننىسى قايناتىلغان بولسۇن، سۈيدۈك يولىغا بابۇنە يېغى ھۆقنە قىلىنىدۇ.

زەكەرنىڭ مايماق بولۇپ قېلىشى (ئەئوئاجۇز زەكەر)

سەۋەبى بۇ، مەخسۇس ئەزانىڭ تارتىشىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

لەقۋادا ئېغىز بىر تەرەپكە مايماق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئادەتتە بىر تەرەپنىڭ مۇسكۇللىرىدا ئىسترخا پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى تەرەپنىڭ مۇسكۇلى ئۇنى ئۆز تەرىپىگە تارتىدۇ، بۇ ھالەت زەكەرنىڭ مايماقلىقىدىمۇ ئومۇمىي بولىدۇ.

قالغان باشقا سەۋەبلەردىن تەشەننۇج، ئىششىق ۋە باشقىلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى بەك كۆپ بولمايدۇ.

داۋالاش پالەچ ۋە لەقۋانىڭ ئۇسۇلىدا ماددىنى تارقىتىشقا تىرىشىلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ياغلار، مايلار، يىلىكلەر ۋە ئۇد خام ئىشلىتىلىدۇ.

ياغ، مەسىلەن: سەۋسەن يېغى، نەرگىس يېغى. مايلار، مەسىلەن: توخۇ ۋە ئۆردەك مېيى، يىلىكلەر، مەسىلەن: كالا پاچىقى يىلىكى.

ئۇرۇقدان خالتىسى چۇقۇقى (قىيلە، ئۇدرە، قىرو)

چات كانىلى ئۇ تار يولدۇر. بۇ، ئىككى يوتىنىڭ ئەتراپىدىكى قورساق پەردىسىنىڭ گىرۋەكلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ، قورساق پەردىسى ئۇرۇقدانلار تەرەپكە تۆۋەنلەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئۈچۈن خالتا ياسايدۇ.

بۇنىڭدىن ئوچۇقكى، قورساق پەردىسىدىن كېيىن قورساقنىڭ سىرتقى پەردىسى ھەمدە مۇسكۇللار ۋە تېرىدىن كېيىن قورساقتا ئىككى پەردىلەرمۇ بولىدۇ.

1. قورساق مايلىق پەردىسى: بۇ، ئىچكى تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، لەيلىگۈچى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ پەردە قورساقتا ئازادىلىك بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكىلەلەيدۇ، بۇ لەيلەپ تۇرىدۇ، بۇ پەردە ئۈچەيلەرنى ئورايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تارىمۇشلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ پەردە ئەسلىي ئىككى پەردىدىن مۇرەككەپتۇر، بۇنىڭدا كۆك قان تومۇرلار ۋە قىزىل قان تومۇرلارمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان ماي بولىدۇ.

2. ئورىغۇچى پەردە: بۇ يېپىلغۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ قورساقنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا تارقالغان بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ ناۋادا يوتا ئەتراپىغا يېتىپ بارسا، بۇنىڭدا ئىككى كانالچە بولۇپ، ئىككى تۆشۈك پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قان تومۇرلار ۋە تارىمۇشلار ئۇرۇقدان تەرەپكە ئۆتىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئىككى كاناللار ئېچىلىپ كېڭىيىدۇ، ھەتتا ئىككى ئۇرۇقدان ئۈچۈن بىر خالتىغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كاناللار كەڭرى بولسا ياكى ناۋادا ئۇ ئىككى تۆشۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدا ئورىغۇچى پەردە يېرىلسا، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرەر نەرسە ئۇرۇقداننىڭ خالتىسىغا تۆۋەنلەپ چۈشسە، بۇ قىيلە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ يولنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ھۆللۈكتىن بولىدۇ، بۇ توقۇلمىلارنى بوشاشتۇرىدۇ ۋە ھۆللەشتۈرىدۇ، ناۋادا بىرەر بېسىمغا ئۇچرىسا، مەسىلەن: سەكرەش، ۋارقىراش ياكى بىرەر ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ياكى كۈچەشكە ئوخشاش ئەھۋاللار بولسا، بۇ يول كېڭىيىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىك كۆپىنچە بالىلاردا پەيدا بولىدۇ.

ماي پەردە چۇقۇقى: بۇ چۈشۈۋالغۇچى بەزىدە ئۈچەي بولىدۇ (ئۈچەي چۇقۇقى)، بەزىدە ماي پەردىسى (قىيلە ئەربى) بۇ ئۈچەي چۇقۇقى، مايلىق پەردە چۇقۇقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈۋېلىش: بەزىدە بۇ كېسەللىك ئۇرۇقدانغا سۇ چۈشۈشتىن بولىدۇ، بۇ، سۇ چۇقۇقى دېيىلىدۇ.

گۆش چۇقۇقى بەزىدە قويۇق ماددىلارنىڭ قويۇلۇشىدىن ئۇرۇقدانلاردا قويۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. بۇ، قەرۇلەھمى دەپ ئاتىلىدۇ.

يەل چۇقۇقى بەزى ۋاقىتلاردا ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇنىڭ ئورنىغا يەل يىغىلىدۇ.

ئۈچەي چۇقۇقى ۋە سىرىقئەت چۇقۇقىنىڭ بايانى كېلىدىغان بابتا (قورساق پەردە كېسەللىرى) سۆزلىنىدۇ.

ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈش (قىلەمائىيە)

(1) تۈرى بۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) غەمدى: بۇنىڭدا سۇ ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ ئورىغۇچى قەۋىتىنىڭ بوشلۇقىغا توپلىنىدۇ.

(2) تۇغما (خەلقى): بۇنىڭدا سۇ چات كانىلى بوشلۇقىغا توپلىنىدۇ، باسقاندا بارلىق سۇ قورساق ئىچىگە ماڭىدۇ، بېسىشتىن توختىغاندا قايتىدۇ.

(3) خالتا (كىيسى): بۇنىڭدا سۇ پۈتۈن غىلاپقا توپلانماي ئايرىم بىر خالتىغا توپلىنىدۇ، بۇ، ئۇرۇقدان ياكى قوشۇمچە ئۇرۇقدان قېپىنى ئالدىغا يۈرۈشتۈرىدۇ، بۇ خالتا كىچىك ۋە ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ، ئومۇمەن ئۇرۇقداننىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا بولىدۇ، بۇنىڭ سۈيىگە بەزىدە مەنىي تەركىبلىرىمۇ قوشۇلىدۇ.

ئالامىتى ئۇرۇقدان خالتىسى پارقىراق بولىدۇ، سۈزۈك كۆرۈنىدۇ، سۇنىڭ مىقدارى ئېتىبارى بىلەن ئېغىر بولىدۇ، سۇ توپلىنىپ ئۇرۇقدان خالتىسى ناھايىتى چوڭىيىدۇ، بۇ تۈرىدە سۈيىدۈكنىڭ مىقدارىمۇ بەزى ۋاقىتلاردا ئاز بولىدۇ، بۇ تۈرى تامامەن قايتمايدۇ.

پايدىلىق سۆز ئۇرۇقدان خالتىسى تەدرىجىي چوڭىيىدۇ ۋە ئېغىر مەلۇم بولىدۇ، ئىششىق دەسلەپتە يۇمشاق، لېكىن كېيىن قاتىدۇ، يۆتەل بىلەن ئۇنىڭدا بىرەر ھەرىكەت مەلۇم بولمايدۇ، ئومۇمەن ئۇرۇقدان خالتىسى ئېللىپسسىمان ياكى يۇملاق بولىدۇ، بېسىش بىلەن سۇنىڭ دولقۇنى پەيدا بولىدۇ، مەنىي توشۇش كانالچىسىنى تۇتۇش بىلەن ئىششىقنىڭ ئۈستى تەرىپى مەلۇم بولىدۇ، ئۇرۇقداننىڭ بىر تەرىپىدىن ئەگەر يورۇقلۇق ئۆتكۈزۈلسە، يەنە بىر تەرىپىدىن ئۇنىڭ يورۇقلۇقى مەلۇم بولىدۇ، بۇ مەخسۇس ئالامەتتۇر. بۇ سۇنىڭ رەڭگى ئومۇمەن

سۈزۈك بولىدۇ ياكى ئازراق كۆككە مايىل بولىدۇ. بۇ سۇنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتىكى سۇدىن (1020 ~ 1024 مىللىلىتىرغىچە) ئېغىر بولىدۇ، بۇنىڭ مىقدارى 30 ~ 40 تولە (بىر تولە 12 گىرام) غىچە بولىدۇ. باشلىنىشتا سۇنىڭ غىلاپى نېپىز بولىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا قېلىنلايدۇ ھەمدە ئۇرۇقدان چوڭىيىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ئۇرۇقدان خالتىسى چوڭ بولسا، ئۇنىڭ يېرىقىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى (كېسەل تەرەپ) نى كەڭ نەشتەر بىلەن تىلىپ سۇ چىقىرىپ داغلىنىدۇ.

بۇ ئەمەلنىڭ ھالىتى بۇكى، بارلىق سۇنى ئىككى كۈندىن تۆت كۈنگىچە چىقىرىش، بىراقلا ھەممىسىنى چىقىرىۋەتمەسلىك، تاكى ئايلىنىپ كېتىش پەيدا بولمىسۇن. ئاندىن كېيىن ئۇرۇقداننى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراق قىلىپ تېڭىش ھەمدە ئىنچىكە ئېگىلگەن تۆمۈرنى ئېلىپ قىزىتىپ، نەشتەر ئۇرغان ئورۇنغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇرۇقدان خالتىسى ئىچىدە ئايلاندۇرۇش، لېكىن بۇنى ئۇرۇقدانغىچە يەتكۈزمەسلىك، بەلكى ئۇرۇقدان خالتىسى ۋە ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ پەردىسىگە تەگكۈزۈش لازىم. بۇنىڭ بىلەن چۇقۇق ئورنى يىغىلىپ تارىيىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا سۇ كىرمەيدۇ، ئاندىن كېيىن قاقاچ تۇتقۇزۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، يەنى زەخمىنى پۈتتۈرۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. بەزى كىشىلەر نەشتەر كىرگۈزۈپ داغلىمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار بىر قانچە كۈنلەرگىچە ساغلام ياشايدۇ، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم بۇنىڭدا يەنە سۇ توپلىنىپ، قايتىدىن بۇ داۋالاش قىلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ بىر پارچىسىنى كېسىپ چىقىرىدۇ، تاكى سۇ ھاۋا ئارقىلىق قۇرۇيدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىم توپلانمايدۇ، بەزى كىشىلەر تۆمۈرنىڭ ئورنىغا دورىلارنى ئىشلىتىدۇ، بۇ تۆمۈرنىڭ داغلاش ئورنىدىكى تەسىرىنى بېرىدۇ.

نەشتەرنىڭ ئورنىنى داغلاش بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى ئىلگىرىكى تېۋىپلار نەشتەر ئورنىنى تولدۇرغۇچى دورىلارنى سەپكەن ئىدى ھەمدە كېيىنكى تېۋىپلار تىكمەستىن گۆش تولدۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندى. ئەگەر ئۇرۇقدان خالتىسى كىچىك بولغان بولسا، قۇرۇق دورىلار بىلەن سۇ قۇرۇتۇلىدۇ ۋە ئىستىسقائى زىققىدە ئىشلەتكەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن كەرنۇب ياغىچى كۈلى، بەللۇت ياغىچى كۈلى قاتارلىقلارنى ئېلىپ، زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ تىلا قىلىنىدۇ، بۇ، سەئىدە كۇفى، ئارپا ئۇنى ۋە كالىنىڭ تېزىكى بىلەن قىيام قىلىنغان بولسۇن ياكى قارىمۇچ، ھەببۇلغار، بۆرە ئەرمىنى، زىرە قاتارلىقلارنى ئېلىپ زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇپ قىيام قىلىپ، تىلا شەكلىدە چېپىلىدۇ.

پايدىلىق سۆز كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولسا، تۆۋەندىكى زىمات چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: قوي مايىقى، بۆرە ئەرمىنى، ئاق زىرە، سېرىق ماش، گىل ئەرمىنى،

سېرىق سەبرە، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلار سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ ۋە جاۋارىش كۇمۇنى ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئىترىفىل كەبىردىن يەتتە گىرام ياكى ئىترىفىل كەشنىزدىن 12 گىرام يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن پايدا بولمىسا دەستىكار قىلىنىدۇ، بۇ بىر ئىنچىكە دەستىكار ئىشىدۇر.

يەل چۇقۇقنىڭ ئالامىتى ئوڭدا ياتقاندا ياكى باشقا ھالەتلەردە ئاسانلىقچە قايتىدۇ ۋە قايتقان ۋاقىتتا كوركىراش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش چوكۇر پوتىسى باغلىنىدۇ، يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالاردىن ئوبدان پەرھىز قىلىنىدۇ، يەللەرنى پەسەيتكۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: مەجۇنى كۇمۇنى، سەنجىرىنا ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ. سۇزاپ، چاڭگاك، پىننە، ئىگىر، مەرزەنجۇش، دەرمىنە ۋە باشقىلارنىڭ زىماتى چېپىلىدۇ ھەمدە قۇستە يېغى، سەۋسەن يېغى، ناردىن يېغى ۋە باشقىلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ.

قەرو لەھمى ئۇرۇقدانىنىڭ قاتقان ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالاش، ئەگەر پايدىسى بولمىسا ئامالسىز دەستىكار قىلىش لازىم، لېكىن چۇقۇق خالتىسى تومۇرىنىڭ كۆپۈۋېلىشىنىڭ بايانى «ئۇرۇقدان خالتىسى تومۇرىنىڭ كۆپۈۋېلىشى» بايانىدا سۆزلەندى.

ئاياللار تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى

كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ تەشرىھى

ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

سىرتقى جىنسىي ئەزا بۇ دوۋسۇن بوشلۇقى سىرتىغا جايلاشقاندۇر. بۇ شەرمگاھ (فەرجە) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىچكى جىنسىي ئەزا بۇنىڭغا جىنسىي يول، بالىياتقۇ، ئىككى تۇخۇمدان قاتارلىقلار كىرىدۇ.

شەرمگاھ يەنى فەرجىدە بىر دۆڭچە بولۇپ، ياشلىق مەزگىلىدە موي ئۈنىدۇ. بۇ دوۋسۇن دۆڭچىسى دېيىلىدۇ. بۇ دوۋسۇن دۆڭچىسى دوۋسۇن سۆڭىكى ئۈستىدە بولۇپ، بۇنىڭ تېرە ئاستىدا كۆپ مىقداردا ياغ بولىدۇ.

دوۋسۇن دۆڭچىسىدىن تېرىنىڭ قېلىنغىنە بىر مېھرابى باشلىنىپ، ئىككى تەرەپتىن ئۆتۈپ مەقئەتكىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ چوڭ جىنسىي لەۋ دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر تەرەپتىكى بۇ لەۋ توقۇلمىسىنىڭ سىرتقى تەرىپىدە تېرە، ئىچكى تەرىپىدە ياغ، قان تومۇر، نېرۋىلار ۋە بەزلەر تېپىلىدۇ. بۇ ئىككى لەۋنىڭ ئىچىدە ئىككى قىزىل لەۋمۇ بولۇپ، بۇ تېرە توقۇلمىسى ئەمەس. بەلكى بۇ ئورۇندىكى قېلىن، قىزىل شىللىق پەردىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ، كىچىك جىنسىي لەۋ دېيىلىدۇ (فەرجىنىڭ ئىككى كىچىك جىنسىي لېۋى). ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ ئىلىك بولىدۇ. بۇ جىنسىي لەۋ بىر ئۆسۈكتىن باشلىنىپ (بۇ دىلچىق دېيىلىدۇ) چوڭ جىنسىي لەۋدە ئاخىرلىشىدۇ. ھەربىر كىچىك جىنسىي لەۋنىڭ توقۇلمىسىدا قىزىل شىللىق پەردە، قان تومۇر تورى، كىچىك - كىچىك ياغ خالتىلىرى تېپىلىدۇ.

دىلچىق بىر كىچىك ۋە ئۇزۇنچاق ئۆسۈكچىدۇر. بۇ ئەرلەرنىڭ زەكىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭ توقۇلمىسىمۇ ئەرلەرنىڭ زەكىرىنىڭ توقۇلمىسىغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇمۇ بىرئاز قايىم بولىدۇ. بۇمۇ تۆۋى ئارقىلىق دوۋسۇن سۆڭىكى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئالدى

بېشى دىچىلىق بېشى دەپ ئاتىلىدۇ. دىلچىق بېشى ئۈستىدە پەردە بولۇپ، بۇ، دىلچىق پەردىسى دەپ ئاتىلىدۇ. دىلچىق ئاستىدا جىنسىي يول ئېغىزى، ئۈستىدە ئىككى كىچىك جىنسىي لەۋ، ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈچبۇرجەكلىك جاي بولۇپ، بۇ دەھلىز دەپ ئاتىلىدۇ. دەھلىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈيدۈك يولى ئېغىزى بولىدۇ. بۇ دوۋساق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. دەھلىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىن باشلىنىپ جىنسىي يول ئېغىزىغىچە، كىچىك جىنسىي لەۋدىن سەل ئارقىدا بىردىن بەز تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر يېرىم ئىلىك، شەكلى كونۇسسىمان بولىدۇ، بۇنىڭ توقۇلمىسى زەكەرنىڭ بۇلۇتسىمان تېنىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ھەربىر كىچىك جىنسىي لەۋنىڭ ئىچكى تەرىپىدە ئەرلەرنىڭ مەزى بېزىگە ئوخشاش ئىككى بەز بولىدۇ. بۇنىڭ توقۇلمىسى ئەرلەرنىڭ مەزى بېزىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ نەيچىلىرى قىزلىق پەردە سىرتى، كىچىك جىنسىي لەۋنىڭ ئىچكى يۈزىگە ئېغىز ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر ھۆللۈك چىقىپ پەرجىنى ھۆل تۇتىدۇ. قىزلىق پەردە ئەمەلىيەتتە بىر شىللىق پەردىدۇر، بۇنىڭ شەكلى ھىلالسىمان تارىمۇشقا ئوخشايدۇ. بۇ پەردە بىلەن جىنسىي يول ئېغىزى ئاز - كۆپ توسۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ پەردە مەزكۇر ئېغىزنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىنى توسىدۇ. يۇقىرىقى بۆلىكى ئوچۇق تۇرىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ پەردە بۇ ئېغىزنى تامامەن توسىدۇ. بۇ پەردە ئومۇمەن تۇنجى جىما بىلەن يىرتىلىدۇ. لېكىن بەزى قىزلاردا بۇ پەردە تامامەن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بولماسلىقى قىزلىق ياكى قىزلىقى يوقلىشىنىڭ قەتئىي دەلىلى بولالمايدۇ.

جىنسىي يول بۇ بىر شىللىق پەردىلىك يول بولۇپ، بۇنىڭدا مۇسكۇل تالالىرىمۇ بولىدۇ. بۇ باللىياتقۇ بوينىدىن باشلىنىپ سىرتقى ئېغىزىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئالدىدا دوۋساق، ئارقىسىدا تۈز ئۈچەي بولىدۇ. بۇ كانالنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆت بەش قىرات (يەتتە - سەككىز ئىلىك) بولىدۇ. بۇنىڭ دىۋارلىرى يۇمشاق ئەزالارغا ئوخشاش بىرى يەنە بىرى ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ كانالنى باللىياتقۇ بويىنى نامى بىلەن بايان قىلىدۇ.

بۇنىڭ توقۇلمىسىدا ئۈچ قەۋەت بولۇپ، سىرتقى قەۋىتى مۇسكۇل تالالىسى، ئىچكى قەۋىتى ئىنتىسابى توقۇلما (بۇنىڭدا زەكەرگە ئوخشاش كېڭىيىش كۈچى بولىدۇ) ۋە ئىچكى قەۋىتى شىللىق پەردىدىن ئىبارەت. بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا بۇ پەردە شۇ قەدەر كېڭىيىدۇكى باللىنىڭ بېشى ۋە تېنى بۇ كانالدىن ئۆتىدۇ.

باللىياتقۇ بۇ خالتىسىمان ئەزا بولۇپ، توققۇز ئايغىچە ھامىلىنى پەرۋىش قىلىدۇ. بۇنىڭ شەكلى ھامىلىدار بولمىغان ھالەتتە ئامۇت ياكى كەشمىر نەشپۈتىگە ئوخشايدۇ. بۇ دوۋسۇن ئىچىدە دوۋساقنىڭ ئارقىسىغا ۋە تۈز ئۈچەينىڭ ئالدىغا جايلاشقان. باللىياتقۇ بوش بولغان ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدى ۋە ئارقا دىۋارى ئۆزئارا بىرلىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئالدى ۋە ئارقا

يۈزلىرى ياپىلاق بولىدۇ. بالىياتقۇ ئۈستىنى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئورايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈستىنى ئورىغاندىن كېيىن ئىككى كەڭ پەردە ياكى كەڭ تارىمۇش ئارقىلىق بالىياتقۇنى ئىككى تەرەپ دوۋسۇن سۆڭەكلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. ئۇ ئىككى پەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالىياتقۇ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىككى بەز تۇرىدۇ، بۇ تۇخۇمدان دەپ ئاتىلىدۇ.

بالىياتقۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ قىرات (بەش ئىلىك)، كەڭلىكى ئىككى قىرات (ئۈچ ئىلىك) ۋە قېلىنلىقى بىر قىرات (بىر ئىلىك)، ئېغىرلىقى 9 ~ 12 گىرامغىچە بولىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئېغىزى ئاستى تەرەپكە، تېگى ئۈستى تەرەپكە (دۈم كۆمتۈرۈلگەن ساپال قاچىغا ئوخشاش) جايلاشقان. بالىياتقۇنىڭ ئىككى تەرەپ يۇقىرىقى كەڭ بۆلىكىگە بىردىن كانالچە كېلىپ ئېغىز ئاچىدۇ. بۇ كانالچىدىن تۇخۇمداندىكى تۇخۇم يۆتكىلىپ بالىياتقۇغا يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدا بىر يۇملاق تارىمۇش ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇخۇمدان تارىمۇشى بولىدۇ.

بالىياتقۇنىڭ تۆۋەنكى تار ۋە يۇملاق بۆلىكى بالىياتقۇ بوينى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىنى جىنسىي يولىنىڭ ئىچكى بۆلىكى ئورايدۇ. بۇنىڭ تۆشۈكى بالىياتقۇ ئېغىزى دېيىلىدۇ. توي قىلمىغان قىزلارنىڭ يۇملاق بولۇپ، قىيپاش ھالەتتە تۇرىدۇ. بالىياتقۇ بوشلۇقى ئىچى ئۈچ بۇرجەكلىك بولىدۇ. بۇنىڭ بۇلۇڭى ئاستىدا، كەڭ بۆلىكى ئۈستىدە بولىدۇ. بالىياتقۇ ئىچكى يۈزىدە تېۋىتچىلەر بولىدۇ. بۇ بالىياتقۇ تېۋىتچىلىرى دېيىلىدۇ. بۇ تۇغۇتتىن ئىلگىرى زىيادە روشەن بولىدۇ.

بالىياتقۇ توقۇلمىسىدا قورساق ئورىغۇچى پەردىسىنىڭ سىرتقى پەردىسىدىن باشقا ئىككى پەردە بولىدۇ.

سىرتقى قەۋىتى مۇسكۇل بولۇپ، بۇنىڭدا يىغىلىش قۇۋۋىتى بولىدۇ. بالا تۇغۇلىدىغان ۋاقىتتا بۇ پەردە قىسقىرىپ بالىنى چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ قەۋەت ھامىلىدارلىقتىن باشقا ۋاقىتلاردا تۇپا رەڭلىك تېرىگە ئوخشاش قاتتىق ۋە قېلىن بولىدۇ.

ئىچكى قەۋىتى شىللىق پەردە بولۇپ، بۇ ھەيز كۈنلىرىدە قاننىڭ كۆپلۈكىدىن تولىدۇ ۋە بۇ پەردىدىن ھەيز قېنى كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت بۇنىڭدا كۆك قان تومۇرلار، قىزىل قان تومۇرلار ۋە نېرۋىلارمۇ بولىدۇ.

تۇخۇم توشۇش نەيچىسى بۇ ئىككى ئىنچىكە كانالچە بولۇپ، تۇخۇمداندىن تۇخۇمنى ئېلىپ بالىياتقۇغا يەتكۈزىدۇ. ھەر بىر كانالچە تەخمىنەن تۆت قىرات (ئالتە ئىلىك) ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. بۇنىڭ بىر بېشى بالىياتقۇنىڭ يان تەرەپ يۇقىرىقى بۆلىكىگە ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ چۇچىسمان بېشى بىر يېرىم چۇچا ئارقىلىق تۇخۇمدان بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. خاس ۋاقىتتا

بۇ چۇچىسىمان باش تۇخۇمدانغا مەھكەم چاپلىشىپ، تۇخۇمنى ئېلىپ، بالىياتقۇ تەرەپكە راۋان قىلىدۇ. ئۇنىڭ توقۇلمىسى بالىياتقۇ توقۇلمىسىغا ئوخشاش ئىچكى قەۋىتى پەردە، سىرتقى قەۋىتى مۇسكۇل تالاسى بولىدۇ.

تۇخۇمدان ئاياللاردىمۇ ئەرلەرنىڭ ئىككى ئۇرۇقدىنىغا ئوخشاش ئىككى تۇخۇمدان بولىدۇ. بۇنىڭ شەكلى تۇخۇم ياكى بادامغا ئوخشايدۇ. ھەربىر تۇخۇمداننىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى ئىلىك، كەڭلىكى بىر ئىلىك، قېلىنلىقى يېرىم ئىلىك بولۇپ، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 7 ~ 8 گىرامغىچە بولىدۇ. بۇ بالىياتقۇنىڭ ئىككى يېنىدا، بالىياتقۇ كەڭ تارمۇشىنىڭ ئىككى پەردىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ ۋە بىر تارمۇش ئارقىلىق بالىياتقۇ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ، تۇخۇمدان تارمۇشى دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇخۇمداندا بىر ماددا تەييار بولىدۇ. بۇ، ئاياللارنىڭ تۇخۇمى دەپ قارىلىدۇ. بۇ تۇخۇم بىلەن ئەرلەرنىڭ مەنىسى تەبىئىي ھالەتتە ئۇچراشسا ۋە باشقا ھالەتلەر شارائىتقا ماس كەلسە ھامىلە شەكىللىنىدۇ. ئاياللارنىڭ تۇخۇمى ئۇچار قاناتلارنىڭ تۇخۇمى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئاياللارنىڭ تۇخۇمى دېيىلىدۇ. بۇ تۇخۇم تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى ئارقىلىق بالىياتقۇ بوشلۇقىغا كېلىدۇ ۋە تولۇق كۆنلەرگىچە ھامىلە پەرۋىشى بالىياتقۇ ئىچىدە بولىدۇ.

ھامىلە بالىياتقۇ قېنى ئارقىلىق پەرۋىشكە ئېرىشىدۇ. بالىياتقۇ دىۋارىدا غىزانى سۈمۈرۈپ بالا ھەمراھىغا يەتكۈزىدىغان ۋە بالا ھەمراھىدىن ھامىلىنىڭ بەدىنىگە يەتكۈزىدىغان قان تومۇر تورى بولىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى

تۇغماسلىق (ئەقرە، بانج پەن، ئۇسرۇ ھەبەل، ھەملىكى دىشۋارى)

تۇغماسلىق ھامىلدار بولالماسلىق، ئەۋلاد قالدۇرالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى تۇغماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى ئاياللار بىلەن، بىر قىسمى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئاياللاردىكى تۇغماسلىق بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى تۇغما (بىرلەمچى)، يەنە بىرى غەيرىي تۇغما (ئىككىلەمچى).

تۇغما بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك: قىزلىق پەردىسىنىڭ قاتتىق، قېلىن ۋە تامامەن توسۇلۇشى، جىنسىي يولنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ توسۇلۇشى ياكى تار بولۇشى، تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىنىڭ يوق بولۇشى ياكى توسۇلغان بولۇشى، بالىياتقۇ ياكى تۇخۇمدانىنىڭ تۇغما بولماسلىقى ياكى بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ تامامەن توسۇلۇشى (رەتەق) قاتارلىقلار.

غەيرىي تۇغما بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك:

(1) سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: بۇ، بالىياتقۇنى قېلىنلاشتۇرىدۇ، قان تومۇرلارنى تارايتىدۇ ھەمدە ئەر ۋە ئايالنىڭ بالىياتقۇغا يېتىپ بارغان مەنىيسىنىڭ مىزاجىنى ئۆزگەرتىدۇ.

(2) ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: مەنىينى بۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدا كۆيۈش پەيدا قىلىدۇ.

(3) قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: بۇ مەنىينى قۇرۇتىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ، يەنى مەنىينى بۇزۇۋېتىدۇ. خۇلاسە شۇكى، قۇرۇقلۇق بىر خىل كەيپىياتكى، بۇ ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە ئۇرۇقلىنىشنى توختىتىدۇ.

(4) ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش: مەسىلەن: بالىياتقۇغا بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنىڭ توپلىنىشى، بۇ، بالىياتقۇ مۇسكۇللىرىدا بوشىشىش پەيدا قىلىپ، تۇتۇش قۇۋۋىتىنى

ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەم بالىياتقۇدا ھۆللۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن سىلىقلىشىش پەيدا بولىدۇ.

بۇ غەيرىي تەبىئىي ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكىنى نەملىك زېمىن بىلەن تەمسىل قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئۇرۇق بۇزۇلىدۇ.

بالىياتقۇ ھۆللۈكلىرىدە ئىشقارلىق ياكى كىسلاتالىقنىڭ ئېشىشى مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ تۆرەلمىنىڭ ئورۇنلىشىشىدا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

(5) ناچار خىلىتلارنىڭ قويۇلۇشى: بەزىدە تۇغماسلىق بەلغەم ياكى سەپراۋى ياكى سەۋداۋى خىلىتلارنىڭ بالىياتقۇغا قويۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ ۋە بالىياتقۇدا مەنىيمۇ بۇزۇلىدۇ.

(6) سېمىزلىك: بەزىدە تۇغماسلىق ئايالنىڭ زىيادە سېمىز بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىكى ماينىڭ زىيادە بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە مايلىق پەردە ۋە باشقىلار بالىياتقۇ ۋە بالىياتقۇ ئېغىزىنى باسىدۇ.

(7) ئورۇقلۇق: بەزىدە تۇغماسلىق ئايالنىڭ زىيادە ئورۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئەگەر ھامىلدار بولسا، ھامىلە چوڭىيالماي چۈشۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئايالنىڭ ئۆز بەدىنى ئۆزىنى ياخشىلاش ۋە ئۆز قۇۋۋەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غىزالاردىن بىر بۆلىكى سەرپ بولۇپ كېتىدۇكى، ھامىلىنى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن قۇۋۋەتنى زاپاس ساقلىيالمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سېمىزلىكنىڭ زىيادىلىكىدىن مەنىي، قان تومۇر ۋە كانالچىلارغا بېسىم چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

سېمىزلىك ۋە ئورۇقلۇقتىن باشقا، تۆۋەندىكى بارلىق كېسەللىكلەر ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەر تۇغماسلىققا سەۋەبچى بولالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن رەئىس ئەزالار ۋە ئومۇمىي بەدەننىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: سۇئۇلقۇنىيە، سۆزنەك، سىفىلىس ۋە باشقىلار. بۇنىڭغا ئاساسەن ياشنىڭ چوڭىيىشىمۇ بۇ قاتاردىن سانىلىدۇ.

(8) بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ توسۇلۇشى: بەزىدە تۇغماسلىق بالىياتقۇ ياكى بالىياتقۇ ئېغىزىدا بىرەر كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن بولىدۇ، مەسىلەن: بۇنىڭدا قېتىش (قاتقان ئىششىق) پەيدا بولىدۇ ياكى سۆگەلگە ئوخشاش ئارتۇق گۆش ياكى رەتقە (بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇش) ياكى بىرەر باشقا نەرسە پەيدا بولۇش بىلەن بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇپ قالىدۇ ۋە بالىياتقۇغىچە مەنىينى يەتكۈزەلمەيدۇ، بۇ بالىياتقۇنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

جىنسىي لەۋلىرىنىڭ چاپلىشىپ قېلىشى ۋە جىنسىي يولنىڭ توسۇلۇشىمۇ جىما قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

(9) بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش: بەزىدە تۇغماسلىق بالىياتقۇنىڭ بىر تەرەپكە سىڭايان بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ بىرەر تەرەپكە ئېگىلسە، بۇ ئېگىلىشنىڭ سەۋەبى سەرتان ياكى قېتىش (قاتقان ئىششىق) بولىدۇ ياكى بالىياتقۇ ئېغىزىدا قېلىنلاش ۋە تارىيىش كۆرۈلىدۇ ياكى بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ تومۇرلىرى تولغان بولىدۇ، بۇ ھەيز توختاپ قالغان ۋاقىتتا بولىدۇ ياكى بۇنىڭ سەۋەبى قويۇق ۋە چاپلاشقاق خىلىتلار بىر تەرەپنىڭ تارىمۇشلىرى ۋە نېرۋىلىرى تەرەپكە كۆپلەپ قۇيۇلىدۇ، ئۇ بارلىق سەۋەبلەردىن بالىياتقۇ ئېغىزى بىر تەرەپكە ئېگىلىپ كېتىدۇ ۋە جىنسىي يول ئۇدۇلىدىن يۆتكىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھامىلدار بولالمايدۇ.

بالىياتقۇ يۆتكىلىشمۇ مۇشۇ تۈردىندۇر.

(10) يەللەر ۋە كۆپۈش: بەزىدە تۇغماسلىق قويۇق يەللەر ۋە كۆپۈش سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ تۆرەلمە قېپى ۋە بالىياتقۇ بىلەن تۇتىشىدىغان ئورۇن ئارىلىقىغا توسالغۇ بولىدۇ (بۇ، بالىياتقۇ تومۇرلىرىنىڭ بېسىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ).

(11) ھەيز توختاش: بەزىدە تۇغماسلىق ھەيز قېنىنىڭ بىرەر سەۋەبتىن توختاپ قېلىشىدىن بولىدۇ.

(12) باشقا بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ۋە بالىياتقۇغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر: بەزىدە تۇغماسلىق بالىياتقۇ ۋە بالىياتقۇغا مۇناسىۋەتلىك ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، بالىياتقۇ بوۋاسىرى، بالىياتقۇنى ماي قاپلاش، بالىياتقۇ يىگىلەش، بالىياتقۇ چوڭ جاراھەتتىن بولىدۇ، چۈنكى ھامىلە تاكى بالىياتقۇ ساغلام بولمىغۇچە ئورۇنلىشالمايدۇ، ئەگەر بالىياتقۇ ساغلام بولمىسا، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى نورمال بولمايدۇ. ھەيز كۆپ كېلىش، ئاق خۇن كېلىش، بالىياتقۇ سۇلۇق ئىششىقى، بالىياتقۇ راكى، بالىياتقۇ قۇرتى، تۇخۇمدان كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: تۇخۇمداندا غەيرىي تەبىئىي پەردە پەيدا بولۇش، تۇخۇم توشۇش نەيچىسى توسۇلۇش، تۇخۇم توشۇش نەيچىسىنىڭ چۈچىسمان بېشى يوقىلىش، بۇ، تۇخۇمدان بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ، تۇخۇمدان توقۇلمىسى بۇزۇلۇش قاتارلىق بارلىق ئەھۋاللار تۇغماسلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

(13) ھامىلدار بولغاندىن كېيىنكى خاتالىقلار: بەزىدە ھامىلىنىڭ ئورۇنلىشالماسلىقىنىڭ سەۋەبى بىرەر خاتالىقتىن بولىدۇ، بۇ بالىياتقۇ ئىچىگە مەنىي كىرگەندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ، مەسىلەن: ئىنزالدىن كېيىن ئايالنىڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى ياكى كۈچەپ سەكرىشى ياكى بىرەر قاتتىق زەخمىگە ئۇچراش قاتارلىقلار ياكى ھامىلدار بولغاندىن كېيىن ئايالنىڭ بىرەر روھىي زەربىگە ئۇچرىشى، مەسىلەن: قاتتىق ئاچچىقلىنىش ياكى غەم قىلىش ياكى قورقۇش

قاتارلىق ياكى ئايالنىڭ بەدىنىگە بىرەر يېقىمسىزلىقلارنىڭ يېتىشى، مەسىلەن: كېسەللىكلەر، بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ ياكى قاتتىق ئاچلىق بىلەن ئانىنىڭ قۇۋۋىتى ھامىلىنى قوغداشقا قادىر بولالمايدۇ ياكى بىرەر خىلتنىڭ ئىستىفراغى ياكى ھامىلدار بولغاندىن كېيىن جىمانىڭ كۆپلۈكى ياكى ھامىلدار بولغاندىن كېيىن ھاماماغا كۆپ چۈشۈش قاتارلىقلار.

ئەرلەردىكى تۇغماسلىق: ئەرلەرنىڭ تۇغماس بولۇشىدىن پەرزەنت كۆرەلمەسلىكنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك:

(14) ئەر مەنىيسىنىڭ ناچارلىقى: بەزىدە تۇغماسلىق شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇكى، ئەرنىڭ مەنىيسىنىڭ مىزاجى ناچارلىقىدىن بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا ئەۋلاد قالدۇرۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ئادەتتىن تاشقىرى (نورمالسىز) ئۆتكۈرلۈك ۋە ھارارەت بولۇش ياكى سوغۇقلۇق ۋە قويۇقلۇق بولۇش ياكى ھۆللۈك ۋە سۇيۇقلۇق بولۇش ياكى قۇرۇقلۇق ۋە قويۇلۇش بولۇش، ئۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن شەكىللەندۈرگۈچى قۇۋۋەت نورمال پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدۇ.

ئەسكەرتىش شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مەنىينىڭ ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇقى ئادەتتە ھامىلدار بولۇشقا قارشى تۇرالىغۇدەك دەرىجىگە يەتمەيدۇ. ئايالنىڭ مىزاجىمۇ ئەرلەرنىڭ مىزاجىغا ئوخشاش بۇزۇلىدۇ، بۇ چاغدا ياخشىلىنىشنىڭ ئورنىغا بۇزۇلۇش ئېغىرلىشىدۇ.

(15) زەكەردىكى يېتەرسىزلىك: بەزىدە تۇغماسلىق ئەرنىڭ زەكىرىدە بىرەر تۇغما ياكى ئىككىلەمچى بۇزۇلۇشتىن، پائالىيىتى (مەنىينىڭ يېتىپ بېرىشى) تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

(16) مەنىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالارنىڭ بۇزۇلۇشى: بەزىدە تۇغماسلىق كېسىلىنىڭ سەۋەبى مەنىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ، مەسىلەن: ئاقتا قىلىۋەتكەن كېسەلدە بولىدۇ.

بۇ قۇلاق كەينىدىكى تومۇرنىڭ كېسىلىشىدىن نەسىل قالدۇرالمايدۇ. بۇنى ئەفلاتون ئۆزىنىڭ «جەرراھات» دېگەن كىتابىدا يازغان ۋە بۇقراتمۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

بۇ بىر ئىختىلاپى مەسىلىدۇر. بۇنىڭ تولۇق تەتقىقاتى، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە يېزىلدى.

ئۇرۇقدانىنىڭ ئىششىپ قۇرۇشى، ئىككى ئۇرۇقدانىنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇشى، سۈيدۈك كانىلىنىڭ بىرەر سەۋەبتىن توسۇلۇپ قېلىشى، بۇ بارلىق ئەھۋاللار مەنىي ئەزالىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا كىرىدۇ. سىفلىس، سۆزنەك، جەلەق، كۆپ جىما، ئەقلىي ئەمگەك ۋە ئىشلارنىڭ

كۆپلۈكى، تەرتىپسىز جىسمانىي ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمگەكنى تەرك قىلىش، سۇ ۋە ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق بارلىق ئەھۋاللار ئومۇمىي ساغلاملىققا تەسىر قىلىپ ياكى مەنىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالاردا بۇزۇلۇش پەيدا قىلىپ ئەۋلاد قالدۇرالماسلىققا سەۋەب بولىدۇ.

ئاقتا: بۇنىڭدا ئۇرۇقدانىنىڭ تومۇرلىرى (بۇ ئەسلىي مەنىينىڭ يولىدۇر) مۇشۇنداق ئېزىلىدۇكى، ئۇ بوش ۋە يۇمشاق بولىدۇ، ئۇنىڭ تالالىق تۈزۈلۈشلىرى ئۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەنىينىڭ يولى تامامەن يوقىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇرۇقدان تەرەپكە مەنىي كېلەلمەيدۇ ھەم بۇ يەردىن مەنىي مەنىي خالتىسىغىچە يېتىپ بارالمايدۇ (نەفىيس).

(17) **يوشۇرۇن بۇزۇلۇش:** بەزىدە تۇغماسلىق ئەر ياكى ئايال تەرەپتىن يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن شەكىللەنمەستىن، بەلكى مەنىينىڭ بىرەر تەركىبىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ. بۇنداق تۇغماسلىق «مېۋىسىز دەرەخلەر» گە ئوخشىتىلىدۇ.

ئالامىتى

(1) **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** ھەيز قېنى سۇيۇق بولىدۇ. بۇنىڭدا قىزىللىق كەم بولىدۇ، كىندىك ئاستىغا مويلار ئاز ئۈنىدۇ، ھەيزنىڭ مىقدارى كەم بولىدۇ، ھەيز ئۇزاقتا كېلىدۇ، يەنى پاكلىق مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ.

ئەگەر بۇ مىزاج بۇزۇلۇش پۈتۈن بەدەندە ئومۇمىي بولسا، سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى بەدەننىڭ رەڭگى، تۇتۇش ۋە باشقىلاردىن مەلۇم بولىدۇ.

(2) **ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** ئايال ئورۇق بولىدۇ. بۇ ئالامەت مىزاج بۇزۇلۇش ئومۇمىي بەدەندە ئومۇمىيۈزلۈك بولغان چاغدا بولىدۇ. كىندىك ئاستىدا مويلار كۆپ بولىدۇ، ھەيزنىڭ مىقدارى ئاز، ئىسسىق، قىيامى قويۇق ۋە رەڭگى قارا بولىدۇ.

(3) **قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بىمار بۇنىڭدىمۇ ئورۇق بولىدۇ، ھەيز مىقدارى ئاز بولىدۇ، جىنسىي يول ھەمىشە قۇرۇق تۇرىدۇ ۋە بەزىدە شۇنچىلىك قۇرۇق بولىدۇكى، قۇرۇق تېرىگە ئوخشاش بولىدۇ.

(4) **ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بالىياتقۇدىن ھەمىشە ھۆللۈكلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ھامىلىدار بولغان بولسا، بالا چوڭايغاندا چۈشۈپ كېتىدۇ.

(5) **ناچار خىلتلارنىڭ قويۇلۇشى:** بۇزۇلغان خىلتلار بالىياتقۇدىن چىقىدۇ.

(6) سېمىزلىك: ماي قاتلىمى كۆپ بولىدۇ، قورسىقى چوڭ يەنى قورساق تەبىئىي مىقداردىن چوڭ، تولۇق ئىپادىلىنىپ چىققان بولىدۇ، يول يۈرگەن ۋاقىتتا ھاسىرايدۇ. ئادەتتىكى يەللەر ۋە چوڭ تەرەت توپلىنىش بىلەن قورساقتا يېقىمسىزلىق سېزىلىدۇ. جىنسىي

يولىدا تارىيىش بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئاياللار ھامىلدار بولسا، بالا چوڭىيىش بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ.

(7) ئورۇقلاش: ئورۇقلاش مەۋجۇت بولىدۇ.

(8) بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇش: بۇنىڭ ئالامىتى ئاشكارا سەۋەب شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

(9) بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش: جىما قىلغاندا ئايالدا ئاغرىق بولىدۇ، چۈنكى بالىياتقۇنىڭ سىڭايان بولۇشى ئادەتتە باشقا بىرەر سەۋەبتىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن بالىياتقۇ ئاغرىقى كۈچىيىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تۇغۇت ئانىسى بارمىقىنى سىلىپ تەكشۈرگەندە، بالىياتقۇ بويىنىنىڭ بىر تەرەپكە ئېگىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ سەۋەبى قېتىشىش ياكى قان تومۇرلار تولۇپ قېلىش ياكى قان تومۇر ياكى تارىمۇشلارنىڭ تارتىشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

(10) يەللەر ۋە كۆپۈش: كىندىك ئاستى ھەمىشە كۆپۈپ تۇرىدۇ، يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالاردىن يېقىمسىزلىق يېتىدۇ، ھامىلە چوڭىيىشتىن ئىلگىرى بويىدىن ئاجراش بولىدۇ، ئەكسىچە بۇنىڭدا بويىدىن ئاجراشنىڭ سەۋەبى سىلىقلاشتۇرغۇچى ۋە بوشاشتۇرغۇچى ھۆللۈك بولىدۇ، بۇنىڭدا ھامىلە چوڭ بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

(11) مەنىي ناچارلىقى: مەنىي ھارارىتىدە مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، مەنىي رەڭگى سېرىق، مىقدارى ئاز ۋە ئىنتايىن سېسىق پۇرايدۇ ۋە مەنىينىڭ سوغۇقلۇقىدا سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى تېپىلىدۇ. مەنىينىڭ رەڭگى سېرىق، مىقدارى كۆپ بولىدۇ.

(12) زەكەرنىڭ يېتەرسىزلىكى: زەكەرنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: ئۇنىڭ بېشى ئېگىلىپ ئورۇقدان تەرەپكە مايماقلىشىدۇ، سۈيدۈك ساقىپ ئاستى ۋە ئارقىغا چۈشىدۇ.

داۋالاش:

(1) سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: ئەگەر بەلغەم خىلىتى بەدەندە ئىمتىلا بولسا، ئۇ ئايارەج ۋە ھۆقنىلەر بىلەن چىقىرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىسسىق جاۋارىشلار ۋە مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: مەسرۇدىتۇس، سەنجىرىنا ۋە داۋائىلمىشكى قاتارلىقلار.

بالىياتقۇنى قىزىتقۇچى ھەمەلچىلەرنى قويۇش، بۇ، زەپەر، سۇمبۇل، ئىكلىلمىلىك، سازەج ھىندى، قەردمانە قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. ياغلار (مەسىلەن: غاز يېغى، توخۇ يېغى)، تۇخۇم سېرىقى، سۇمبۇل يېغى بىلەن يۇڭغا يۇقتۇرۇپ ھەمەل قىلىنىدۇ، قىزىل زەرنىخ، مۇرمەككى، مەجنۇنتال مېۋىسى، مىئەسائىلە، سەئدە كۇفى، بەھروزە، ھەببۇلغار قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى

بىلەن بالىياتقۇ ۋارونكا ئارقىلىق ھەيزدىن پاكلانغاندا يۇيۇلىدۇ.

(2) ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: شەربەتلەر ۋە غىزالار بىلەن مىزاج ئۆزگەرتىلىدۇ، مەسىلەن: شەربەتلەردىن شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نىلۇپەر، شەربىتى خەشخاش قاتارلىقلار ۋە غىزالاردىن چۈجە، قوي ۋە ئوغلاق گۆشلىرىنى پالەك ۋە قاپاق بىلەن بېرىش، مۇناسىپ غىزالار بىلەن ئاياللارنى كۈچلەندۈرۈش لازىم.

(3) قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالار ۋە شەربەتلەرنى كۆپ بېرىش بىلەن بەدەندە رىغبەت پەيدا قىلىش، مەسىلەن: مايلىق شورپا، يېڭى سۈت، پىششىق نىشاستە قاتارلىقلارنى بېرىش، شەربەتلەردىن شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نىلۇپەر قاتارلىقلارنى بېرىش، ھەمىشە ھاماماغا چۈشۈرۈش. ھۆللەشتۈرگۈچى ياغ ۋە مايلارنى سۈركەش، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىق ياكى ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى قاتارلىقلارنى سۈركەش. يۇمشاق شامچىلارنى بالىياتقۇغا قويۇش، مەسىلەن: كالا پاچىقى يىلىكى، سېرىقماي، ئاياللارنىڭ سۈتى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىقلارنى قويۇش لازىم.

(4) ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش: ئايارەج ئارقىلىق بەدەندىكى بەلغەم تازىلىنىدۇ، قۇرۇق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: كاۋاپ قىلىنغان گۆش، بۇ قۇرۇق ئىسسىق ئۇرۇق دورىلار بىلەن خۇش پۇراق قىلىنغان بولسۇن. بالىياتقۇغا شامچىلار قويۇلىدۇ، بۇ، ئەنزىرۇت، شەھمەنزەل ئۇرۇقى، زەمچە، سۇماق، مور، زەپەر، ئېگىر قاتارلىقلارنى سوقۇپ تەييارلاپ، ھەسەل ۋە يۇڭ بىلەن بالىياتقۇغا سېلىنىدۇ. قابىز خۇش پۇراق قاينىتىلمىلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: قىزىلگۈل، يۇلغۇن مېۋىسى، تاغ پىننىسى، سۇمبۇل، ئامىلە ئۇسارىسى، دارچىن قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

(5) ناچار خىلتلارنىڭ قويۇلۇشى: بالىياتقۇغا شامچە، ھۆقنە، خۇش پۇراق زىمات (بۇنىڭدا قابىزلىقمۇ بولسۇن) ئىشلىتىش بىلەن بالىياتقۇ كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

(6) سېمىزلىك: قان ئېلىش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە ئۆتكۈر ھۆقنىلەر ئارقىلىق ئايالنى ئورۇقلىتىش، غىزانى ئاز بېرىش، ئىترىفىل سەغىر ۋە مەجۇنى كۇمۇنى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قۇرۇتقۇچى دورىلار داۋاملىق يېگۈزۈلىدۇ. داۋائى لۇك ئورۇقلىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

(7) ئورۇقلۇق: مۇناسىپ كۈچلەندۈرگۈچى، سەمرىتكۈچى غىزالار ۋە چارىلەر بىلەن ئايال سەمرىتىلىدۇ.

(8) بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ توسۇلۇشى: ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇ سەۋەبلەرنى يوقىتىش، ئەگەر بالىياتقۇدەك مۇھىم ئەزا دەستىكار قىلىنسا ياكى ئۆتكۈر يېگۈچى دورىلار ئىشلىتىلسە، كۆپ خەتەر پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بالىياتقۇ مۇھىم ۋە سەزگۈرلۈكى يۇقىرى ئەزادۇر، رەئىس ئەزالار

بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى باردۇر. قاتتىق ئاغرىق بىلەن بۇنىڭدا ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇ دەسلەپتە قاتما ۋە تارتىشىپ قېلىشنى پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ ياكى قاتتىق غەشى پەيدا بولۇپ، غەشىدىن كېيىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(9) بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش: بالىياتقۇ ئېغىزى قايسى تەرەپكە مايىل بولسا، بۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، تۇغۇت ئانىسى قان تومۇرلاردا تولۇپ قېلىش ۋە تارتىشىشنىڭ بارلىقىنى سەزگەن شەرت ئاستىدا. ئەگەر ئىششىقسىز، ماددىسىز تارتىشىش ۋە قېلىنلاش بولسا، يۇمشاتقۇچى ھۆقنە جىنسىي يولغا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئەنجۈر، بابۇنە، شۇمشا، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى قاينىتىلمىسىغا كۈنجۈت يېغى قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ، ھايۋانات يېغى ۋە بابۇنە يېغى سۈركىلىدۇ، ھەمەل ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تال غازىڭىنى توخۇ يېغى ۋە كۈنجۈت يېغىدا قاينىتىپ، يۇڭ شامچىسى ياساپ ئىشلىتىلىدۇ، ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ؛ ئەگەر بالىياتقۇدا بۇزۇلغان ھۆللۈكلەر بولسا، دورىلار بىلەن ھۆللۈك چىقىرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تۇغۇت ئانىسى بارمىقىغا قىرۇتى ياكى بىرەر تۈردىكى باشقا ياغلارنى يۇقتۇرۇپ، بالىياتقۇنى نورماللاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. تۇغۇت ئانىسىنىڭ بۇ ئەمەلنى قوللىنىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ سىڭايان بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى يوقىتىلسا، بالىياتقۇ ئۆز ھالىتىگە ئۆزلۈكىدىن قايتىدۇ.

(10) يەللەر ۋە كۆپۈش: مائۇلئۇسۇل ۋە ئەرەندى يېغى ئىچكۈزۈش، بۇ دورىلار بالىياتقۇدا بۇزۇلۇش بولمىغان چاغدا ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم يەللەرنى تارقىتىدىغان بارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىن مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئوتلۇق لوڭقا قويۇلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا مەجۇنلەر، ھۆقنىلەر، پەرزىجىلەر، تىلا ۋە بوشاشتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

(11) ھەيز تۇتۇلۇش: ھەيزنى تەرتىپلىك راۋانلاشتۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

(12) بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى كېيىن سۆزلىنىدۇ.

(13) ھامىلدارلىقتىن كېيىنكى خاتالىقلار: ھامىلدار ئايالنى مەزكۇر سەۋەب ۋە ھالەتلەردىن ساقلاش لازىم.

(14) مەنىي ناچارلىقى: مىزاجنى ئۆزگەرتىش ۋە نورمال تەرەپكە قايتۇرۇش ئۈچۈن دورىلار ۋە غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، بۇ ئايالنىڭ ئورنىغا (بۇ ئايالنىڭ مىزاجى ئەرنىڭ يامان مىزاجىغا ئوخشىتىلىدۇ) مىزاجى ئەرنىڭ مىزاجىنىڭ ئەكسىچە بولغان ئايالنى نىكاھىغا ئېلىش لازىم.

(15) زەكەردىكى نۇقسان: زەكەردە قانداق نۇقسانلار بولسا، ئۇلارنى تۈزىتىشكە تىرىشىش

لازىم، تۈزىتىش مۇمكىن بولغان شەرت ئاستىدا (ئەرلەر كۆپىيىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرىگە قاراڭ).

پايدىلىق سۆز ئەگەر مەزكۇر سەۋەبلەردىن بىرەرسى تۇغما بولسا، ئادەتتە ئۇنىڭ ئىلاجى يوقتۇر. بۇ يەردە ئەگەر سىرتقى جىنسىي ئەزانىڭ لەۋلىرى چاپلاشقان ياكى بالىياتقۇ بوينى ئېغىزى توسۇلغان بولسا، دەستىكار قىلىش بىلەن ئۇنى تۈزىتىش مۇمكىندۇر. ئەگەر بالىياتقۇ توقۇلمىسىدىكى ماينىڭ زىيادىلىكىدىن بولسا، بىمارنى ئوبدان ھەرىكەت قىلدۇرۇش، غىزانىڭ مىقدارىنى كەم قىلىش، بەلكى زىيادە مۇناسىپ ئاچ قورساق قالدۇرۇش، سۈتنىڭ سېرىقمېيىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش لازىم، تۆۋەندىكى قايىنتىلما ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، جۇۋىنە، شۇمشا ئۇرۇقى، ئاسارۇننىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، گۈلقەنتتىن 48 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇدا قايىنتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، قائىدە بويىچە مۇنزىج بەلغەم بېرىپ سۈرگە بىلەن ماددىلار تازىلىنىدۇ.

ھاملىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى سۇفۇپ ئەتىگەندە سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (1): ئېكەكلەنگەن پىل چىشى، ئاق ناۋاتنى سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا سوغۇق سۇ بىلەن بېرىلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (2): جوز ۋە ئاق ناۋاتتىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى بىرەر ھەمەل ئىشلىتىلىدۇ.

ھەمەل نۇسخىسى: كەرەنجوھنى ئايالنىڭ سۈتىدە ئېزىپ، پاختىنى ھۆللەپ ھەمەل قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: پاقىيوپۇرمىقى ئۇسارىسىدە پاختىنى ھۆللەپ ھەمەل قىلىنىدۇ ۋە ھاملە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۈچىنچى ئېيىدىن يەتتىنچى ئېيىغىچە مەجۈنى ھەمىل ئەنبەرى ئەلەۋىخاندىن بەش گىرام ياكى پىل چىشى چۈشكەن مەجۈنى نىشارەدىن بەش گىرام ئەرقى گاۋزىبان بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر بالىياتقۇدا قېتىش بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، جىنسىي يولنى تەكشۈرۈش بىلەن توسۇلۇش بارلىقى مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى دەستىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر غەيرىي تەبىئىي پەردە پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ ئىلاجى يوق، تۇخۇم توشۇش كانالچىلىرىدا بىرەر قويۇق ھۆللۈكنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىدىن توسالغۇ شەكىللەنگەن بولسا، بىرقانچە كۈنگىچە تۆۋەندىكى قايىنتىلما ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: بەدىيان، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، پىرسىياۋشاننىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، شەربىتى بۇزۇرىدىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر تۇخۇم توشۇش نەيچىسى ئۆسمە ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن توسۇلغان بولسا، ئۇنى داۋالاش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر تۇخۇم توشۇش نەيچىسىنىڭ چۇچىسمان قىسمى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ياكى سفلىس ياكى بىرەر بۇزۇلغان ماددىنىڭ قويۇلۇشى سەۋەبىدىن توسۇلغان بولسا، بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. ئەگەر تۇخۇمدان توقۇلمىسىدىكى ئىششىق سەۋەبىدىن ياكى قاندىكى بىرەر بۇزۇلغان كەيپىيات سەۋەبىدىن، بۇ كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ پەرۋىشى ياكى ماددىنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارشى بولغان كەيپىيات تەسىرىدىن ياكى پەيدا بولغان ماددىنىڭ قان تومۇرلىرىنى بۇزۇشىدىن بۇ كېسەللىك كۆرۈلگەن بولسا ۋە كېسەللىك دەسلەپكى باسقۇچتا بولسا، بالىياتقۇ قېتىشىنىڭ ئۇسۇلىدا بىر مۇددەتكىچە داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن غەلىبە قازىنىشنىڭ ئۇمىدى بولىدۇ.

ئەسكەرتىش تۇخۇمدان مەۋجۇت بولمىغان ياكى تۇخۇمدان توقۇلمىسى بۇزۇلغان ھالەتتە ئايالنىڭ جىما تەرەپكە تامامەن رىغبىتى بولمايدۇ ۋە ئىنزالدىن بولىدىغان پەسىيىش بولمايدۇ، تۇخۇمدان ئۈستىگە بۇزۇلغان پەردە پەيدا بولغان ھالەتتە ياكى تۇخۇم توشۇش نەيچىسى توسۇلغان ياكى يوق بولغان ھالەتتە ياكى چۇچىسمان قىسىم يوقالغان ھالەتتە ئايالنىڭ جىما تەرەپكە رىغبىتى بولىسمۇ، لېكىن ئىنزال بولمايدۇ. ئەگەر بۇ شىكايەت بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولسا، سەۋەب ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ھەمدە سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن، زۆرۈرىيەت مەلۇم بولسا، بېشىدا سۆزلىنىپ بولغان ھەمەل دورا ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بەدەندە سفلىس ياكى سۆزنەكنىڭ زەھرى مەۋجۇت بولسا، ئۇنى داۋالاشقا كىرىشىش ۋە بۇ ئارىلىقتا جىمادىن قەتئىي پەرھىز قىلدۇرۇش، ئەگەر بەدىنى ئاجىز ۋە ئورۇق بولسا، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر سېمىزلىك زىيادە بولسا، ھەرىكەت قىلدۇرۇش، غىزانى كەم بېرىش، بەلكى ئاچ قورساق قالدۇرۇش بەك مۇناسىپتۇر. ئەگەر بالىياتقۇ ھۆللۈكلىرىدە چۈچۈمەللىك ياكى تۇزلۇقلۇق زىيادە بولسا، مىزاجىغا رىئايە قىلىپ تەڭشىگۈچىلەر بېرىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى دورىلار پەرزىجە قىلىنىدۇ:

پەرزىجە نۇسخىسى: شەھمەنزەل، ئەنزىرۇت، سۇماق، مۇرمەككى، زەمچە، ئانار پوستىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن، زەپەردىن 1.6 گىرام، ساپ ھەسەلدىن 12 گىرام ئېلىپ، ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ پەرزىجە قىلىنىدۇ، ئەرلەردىكى تۇغما نۇقساندىن باشقا بۇزۇلۇشلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە داۋالاش جەريانىدا جىمادىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

تەستە ھامىلىدار بولۇش: ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى، داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ئەمەلىي

داۋالاش ئۇسۇلى تۇغماسلىق بىلەن ئوخشايدۇ.

مەنى پەيدا بولۇش كەيپىياتى توغرىسىدا قەدىمكى ۋە ھازىرقى تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشى: تۇغماسلىقنىڭ تۆۋەندىكى سەۋەبلىرى ئىچىدە ئەللامە نەفىيس مەنىينىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى يازغان. قۇلاق ئارقا تومۇرىنى كەسكەندە نەسلىدە ئۈزۈلۈش بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، بۇ توغرىسىدا قەدىمكى تېۋىپلارنىڭ پىكىرلىرى ئوخشاش ئەمەس.

بۇقراتنىڭ پىكرى شۇڭلاشقا بۇقرات ئۆزىنىڭ كىتابى كىتابۇل مەنى ۋە باشقىلاردا: «مەنىينىڭ نۇرغۇنلىغان ماددىلىرى مېڭىدە تەييار بولىدۇ ۋە مېڭىدىن قۇلاقنىڭ كەينىگە جايلاشقان بۇ ئىككى تومۇرغا چۈشىدۇ، ئاندىن بۇ مەنى ھۆللۈكى بۇ قان تومۇردىن يۇلۇنغا قويۇلىدۇ تاكى ئۇ مېڭىدىن ياكى مېڭىگە ئوخشاش ئەزادىن (يەنى يولۇندىن) زىيادە مۇساپىغىچە ئايرىم تۇرمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا مەنىينىڭ مىزاجى ئۆزگىرىشى مۇمكىن، ئاندىن كېيىن ئۇ يۇلۇندىن بۇ ئىككى تومۇرغا سۈمۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ نامى «تالئەيىن» دۇر ۋە بۇ ئەجۋەف ناملىق چوك كۆك قان تومۇر (كاۋاك ۋېنانىڭ) شاخلىرىدۇر، ئاندىن كېيىن بۇ يەردىن ئىككى بۆرەككە بارىدۇ، ئاندىن كېيىن بۆرەكتىن ئىككى ئۇرۇقدانغا بارىدىغان تومۇرلارغا سۈمۈرۈلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر قۇلاقنىڭ كەينىدىكى ئىككى تومۇرنى كېسىش نەسلىنى يوق قىلىدۇ دەپ يازغان.

ئەللامە تەبەرى (مۇئالىجاتى بۇقراتىيەنىڭ يازغۇچىسى) ئۆزىنىڭ قان ئېلىش رىسالىسىدە بۇقراتنىڭ سۆزىنى تۆۋەندىكىدەك نەقىل كەلتۈرگەن:

بۇقرات «كىتابۇل ئەھۋىيە ۋە بەلدان» دا زىكرى قىلغانكى، ساقالىبە كىشىلىرى ئۆز ئەۋلادىنى خۇدانىڭ دىنى ئۈچۈن دەۋەت ۋە تەبلىغچىسى قىلماقچى، ئۇنى مۇتتەقى ۋە پەرھىزكار قىلماقچى بولسا، ئۇلار ئۆز ئەۋلادىنىڭ ئۇ ئىككى قان تومۇرىنى (قۇلاق ئارقا قان تومۇرى) نى كېسىۋېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى نەپسانىي خاھىشلار ۋە كۆپىيىش شەھۋەتلىرىدىن ئازاد بولاتتى، ئۇلاردا ئاياللارنىڭ شەكلى ھاسىل بولاتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ دۇنيانى تەرك ئېتىشىدىن كىشىلەر بەرىكەت ھاسىل قىلاتتى ۋە ئۇلارنى خۇدانىڭ ۋاستىچىسى دەپ چۈشىنەتتى، ئۇلار مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولىدۇ ۋە خۇدا ئۇلارنى يامان ئادەتلەر ۋە يامان سۆزلەردىن پاك قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ساقالىبە خەزر دۆلىتىدە ياشايدىغانلار بولۇپ، بۇ كىشىلەر شىمالىي تۈرككە كىرىدۇ، يەنى بۇلار بۇلغارىيە ۋە قۇستانتىنىيە ئارىلىقىغا ئورۇنلاشقان.

بۇقراتنىڭ سۆزى جالىنۇس تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان. لېكىن جالىنۇس بۇ پەرەزنى

4. هامىلە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇزۇلۇشلار.

(1) سىرتقى ئىشلار: مەسىلەن: كۆپ جىما قىلىش، كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ياكى كۈچلۈك سۈرگىلەرنى ئىشلىتىش، بەدەندىن قان كۆپلەپ چىقىپ كېتىش، كۈچلۈك ئەمگەك ۋە ھەرىكەت قىلىش، ئارقىمۇئارقا ئاچ قېلىش، زەربە تېگىش، كۆپ غەم قىلىش، ئاچچىقلىنىش قاتارلىقلار.

(2) ئەگەشمە كېسەللىكلەر: مەسىلەن: ئەزالارنىڭ ئورۇقلىشى ۋە ئاجىزلىشى، كۆپ ئىچ سۈرۈش، خولېرا، تولغاق، يەللەرنىڭ كۆپلۈكى، يېشى كىچىك بولۇش، مىزاجى بۇزۇلۇش، ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىك، سىفلىس ۋە سۆزنەك كېسەللىكلىرى، ئۈچەي قۇرتى، قىزىتما ۋە باشقىلار.

(3) بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: مەسىلەن: ئاق خۇن كېلىش، ھەيز ئاز كېلىش، ھەيز توختىماسلىق، ھەيز كۆپ كېلىش، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش، بالىياتقۇ كۆپۈش، بالىياتقۇ كىچىك بولۇش، بالىياتقۇ توقۇلمىسىدا بۇزۇق ھۆللۈكلەر كۆپ بولۇش، بالىياتقۇ توقۇلمىسىدا ياغلار كۆپ بولۇش، تۇخۇمدان ئۆسمىسى ۋە باشقىلار.

(4) ھامىلە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇزۇلۇشلار: مەسىلەن: بالا ھەمراھى توقۇلمىسىنىڭ مايغا ئۆزگىرىپ كېتىشى، ھامىلە سۈيىنىڭ كۆپلۈكى، پەردىلەرنىڭ تارتىشىشى، ھامىلەنىڭ زىيادە كۈچلۈك بولۇشى، بالىياتقۇدا ھامىلەنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى، ھامىلىنىڭ ئاجىز ۋە ئورۇق بولۇشى، بالا ھەمراھىدىكى بىرەر كېسەللىكنىڭ بالىياتقۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئاجىزلىشىشى، ھامىلە سۈيىنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە باشقىلار. بەزى ئاياللاردا ھېچقانداق ئاشكارا سەۋەب بولماستىن خاس بىر ئايدا بويىدىن ئاجراش بولىدۇ، بەزى ئاياللاردا ھامىلە خاس بىر ئايدا قورساقتا ئۆلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئالامىتى بويىدىن ئاجراشتىن ئىلگىرى ھامىلدارنىڭ تەبىئىتى سۇس بولىدۇ، پۇت - قولى ئاغرىيدۇ، بەل، يانپاش ۋە دوۋسۇن ساھەسىدە ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغرىق باشلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن بالىياتقۇدا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئاغرىق توختىغاندىن كېيىن، تارىيىش بولسا تەشەننۇج بولىدۇ ھەمدە ئاغرىق كۈچىيىدۇ، بالىياتقۇدىن قان ئېقىش باشلىنىدۇ، بەزىدە قاناش ئاز، بەزىدە قاناش زىيادە بولىدۇ، ئەمچەكنىڭ قاتتىقلىقى يوقىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەجمى كىچىكلەيدۇ، ئەگەر چۈشۈپ كېتىش ۋاقتى تامامەن يېقىنلاشسا، كۆپىنچە ھامىلدارنىڭ بېشىدا ئېغىرلىق بولىدۇ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، كۆز ئەتراپىدا ئاغرىق ۋە بەدەندە جۇغ - جۇغ پەيدا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا يەڭگىل قىزىتمىمۇ بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بويىدىن ئاجراشتىن كېيىن ئەگەر بالا ھەمراھى

ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە بالىياتقۇدىن چىقمىغان بولسا، ئۇ بالىياتقۇنىڭ ئىچىدە ئوفۇنەتلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بۇ ھۆللۈكلەر ۋە بالىياتقۇدىن ئاققان قاندا قاتتىق سېسىق پۇراق بولىدۇ، بەزىدە بالا ھەمراھىنىڭ ئوفۇنەتلەنگەن پارچىسى قان ۋە باشقىلار بىلەن چىقىدۇ، بۇ دەۋردە ئوفۇنەتلەنگەن ماددىنىڭ زەھىرى قان ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، قان بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى، يەلتاشما، ئۆتكۈر قىزىتما ۋە سەرسام كېلىپ چىقىدۇ ۋە ئاخىرىدا بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ.

ھامىلىنى ساقلاپ قېلىش ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىش سەۋەبلىرىدىن ھامىلدارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاش لازىم.

ئەگەر بەدەندىكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ياكى بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى بويىدىن ئاجراشنىڭ سەۋەبلىرى بولغان بولسا، ھامىلدارلىقتىن ئىلگىرى ئۇ ئەگەشمە كېسەللىك ۋە كېسەللىكلەرگە مۇناسىپ چارىلەرنى قىلىش لازىم.

بويىدىن ئاجراشنى توختىتىش: ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، دەسلەپتە بويىدىن ئاجراشنىڭ بېشارەتلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، ئەگەر دوۋسۇن ساھەسى، بەل ۋە يوتىلاردا ئاغرىق ئاز بولسا، قان ۋە ھۆللۈك ئېقىش زىيادە بولمىسا، بالىياتقۇ ئېغىزى ئېچىلمىغان ۋە ھامىلە ئۆز ئورنىدىن يۆتكەلمىگەن بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە بالىنى چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىشقا ئىلاج قىلىنىدۇ ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشاننىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، 144 گىرام ئامىلە مۇرابباسىغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ھەببۇلئاس، ئەنجىبار يىلتىزى، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى ئانار شېرىنىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى سۇفۇپنى تەييارلاپ ئۈچ سائەتتە 12 گىرام مىقداردا كالا سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ:

نۇسخا: سەنگى جاراھەتتىن توققۇز گىرام، تاباشىردىن ئالتە گىرام، لاچىندانە ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، ئاق شېكەردىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار بىلەن تۆۋەندىكى پەرزىجىلەردىن بىرەر پەرزىجە ئىشلىتىلىدۇ.

پەرزىجە نۇسخىسى: كۆك موزا، ئانارگۈلى، گەزمازەج، ئاقاقىيا، ئانار پوستىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ سۇدا ئېزىپ، سۈزۈپ، رەختنى ھۆللەپ قايتا - قايتا قويۇلىدۇ، بۇ ئىچكى ۋە سىرتقى چارىلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە كىندىك ئاستىغا بىرەر مۇناسىپ زىماتمۇ چېپىلىدۇ.

زىمات نۇسخىسى: فۇپەل، كۆك موزا، قىزىل سېغىز، چۈچۈمەل ئانار پوستىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن، ئەپيۇندىن بىر گىرام ئېلىپ سۇدا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: مىلتان سېغىزىنى سۇدا ئېرىتىپ، مەزكۇر ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. مىلتان سېغىزىدىن 120 گىرامنى سوقۇپ، ساپال قاچىغا سېلىپ سۇ قۇيۇپ، ئۇسسىغان ۋاقىتتا، بۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيى ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. بىمار يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ھاۋالىق ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، غىزاسىغا ناھايىتى سىڭىشلىك ۋە سۇيۇق كۈچلەندۈرگۈچلەردىن ئانار سۈيى، ئاپېلسىن سۈيى، سۈت، ساگۇدانە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بويىدىن ئاجراشقا ياردەم قىلىش ئەگەر قان ناھايىتى كۆپ چىقىشقا باشلىسا ۋە ئاغرىقمۇ كۈچىيىپ كەتسە، شۇ ۋاقىتتا ھامىلە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئەندىشىسى غالىب بولسا، بۇ ۋاقىتتا بىمار زىيادە يېقىمسىزلانماسلىق ئۈچۈن بويىدىن ئاجراشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى قاينىتىلما نۇسخىلار ئىچكۈزۈلىدۇ:

قاينىتىلما نۇسخا (1): خىيارشەنبەر پوستى، تاغ پىنىنىسى، قوغۇن پوستى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، بەديان، پىرسىياۋشانلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، 750 گىرام سۇدا 250 گىرام قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلاپ، ئىسسىق پەسىلدە 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر سوغۇق پەسىل بولسا، كونا قارا شېكەردىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇسسىغان ۋاقىتتا ئەرقى گاۋزىبان ياكى ئەرقى شوخلا ياكى ئەرقى بەديان ياكى ئۈچ خىل ئەرەقتىن ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاينىتىلما نۇسخا (2): كېۋەز غوزىكى، ياڭاق پوستى، خىيارشەنبەر پوستى، قومۇش تۈگۈنىنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرامدىن ئېلىپ، بەش كىلوگىرام سۇدا قاينىتىلىدۇ، ئەگەر ئۈچ ھەسسە سۇ ھورغا ئايلىنىپ كەتسە سۈزۈپ، كونا قارا شېكەردىن 60 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، سۇ ۋە غىزانىڭ ئورنىدا ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاينىتىلما نۇسخا (3): تاغ پىنىنىسى، خىيارشەنبەر پوستىدىن 12 گىرامدىن، كېۋەز غوزىسى، قومۇش تۈگۈنىدىن 24 گىرامدىن، ئېزىلگەن پۇلۇستىن يەتتە دانە، قوغۇن ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، ئۇبھەل، كونا قارا شېكەر قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى 750 گىرام سۇدا ئۈچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۇ ۋە غىزا ئورنىدا بېرىلىدۇ.

ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجراش ئەگەر بويىدىن ئاجراش ئادەتلەنگەن بولسا، ھامىلدارلىقنىڭ ئۈچىنچى ئېيىدىن باشلاپ مەجۈنى ھەمىل ئەنبىرى ياكى پىل چىشى چۈشكەن مەجۈنى نىشارە يەتتىنچى ئېيىغىچە يېگۈزۈلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىش ھەر ئايدا 10 كۈندىن ئارتۇق بولمىسۇن. ئەگەر بىرەر خاس ئايدا بويىدىن ئاجراشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بۇ ئايدا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ خەۋەر ئېلىنىدۇ، ھامىلدارنى تىنچ ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، بىرەر مۇشەققەتلىك ئىش قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئەگەر بىرەر خاس ئايدا ھامىلە ئۆلۈپ قالىدىغان بولسا، بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان كۈنلەردىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى تۇغدۇرۇلىدۇ ۋە ھامىلە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ.

ئەسكەرتىش بويىدىن ئاجراشتىن ھامىلدار ئايالدا تەبىئىي تۇغۇت ۋاقتىدىكىدەك يېقىمسىزلىقلار بولىدۇ. تۇغۇت كۈنى قانچە يېقىنلاشقانسېرى قاناش شۇقەدەر ئازلايدۇ. بويىدىن ئاجرىغاندىن كېيىن چىللە مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش بىمارنى تولۇق پەرۋىش قىلىش، ئاز دېگەندە بىر ھەپتىگىچە ئارام ئالدۇرۇش، ئۇنداق قىلمىغاندا بالياتقۇدا ھەر خىل كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بالياتقۇدا مۇشۇنداق كېسەللىكلەر بولۇش سەۋەبىدىن ھامىلە تۇرمايدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئەگەر بىمار زىيادە ئاجىزلىغان بولسا، دەسلەپتە ئانار سۈيى، سۈت، ئاپېلسىن سۈيى، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەن كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غىزالارمۇ ئاشۇرۇلىدۇ، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىلىدۇ، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا يەڭگىل يۇمشاتقۇچىلاردىن، بىدانجىر يېغى بىلەن يوقىتىلىدۇ.

ساختا ھامىلدارلىق (رىجائ)

ساختا ھامىلدارلىق پارس تىلىدا «بارىدەرۇغىن»، ئوردۇ تىلىدا «جوتا بوج» (باردروغ)، ئەرەب تىلىدا «رىجا» دېيىلىدۇ.

«ج» ھەرپى بىلەن رىجا دېيىلسە، ئۈمىد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغۇچى بالا تۇغۇش ئۈمىدىدە بولىدىغان بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

پازىل ئەللامە: كۇللىياتنىڭ شەرھىدە ئېيتىدۇكى، «توغرىسى بۇكى، كېسەللىكنىڭ نامى رەھائى (ھ بىلەن) دۇر، بالياتقۇدا گۆش پارچىسى پەيدا بولىدۇ، بۇنى يۇنان تىلىدا مولى دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى (تۈگمەن تېشى) دۇر. يەنى بۇ بىمارنىڭ قورسىقى يوغىناپ، يۇملاقلىشىش سەۋەبىدىن تۈگمەن تېشىغا ئوخشاپ قالىدۇ». بۇ سۆز دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى

شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كېسەللىكنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ئىچىدە ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىن گۆش پارچىسى چىقىدىغان تۈرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مەلۇم شەكلى بولىدۇ. بۇ تۈرى ئەمەلىيەتتە يۇنان تىلىدا «مولى» دېيىلىدۇ. بۇ تۈردىن باشقا تۈرنى «مولى» دەپ ئاتىمايدۇ ھەمدە ئۇنى بارىدەرۇغىن (ساختا ھامىلىدارلىق ياكى يۈك) دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز ئوچۇق ئېيتىلىۋاتىدۇكى، مولى سۆزىنىڭ تەرجىمىسى ئەرەب تىلىدا «رەھا» (ھ بىلەن) دۇر، ئۇ بۇ كېسەللىكنىڭ خاس بىر قىسمىدۇر، مولى ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنى كۆرسەتمەيدۇ (نەفىس).

ئەھۋال بەزى ئاياللاردا ھامىلىدارلىققا ئوخشاش ھالەت، مەسىلەن: ھەيزىنىڭ توختاپ قېلىشى ياكى تەرتىپسىز كېلىشى ۋە بەدەن رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى، يۈزىنىڭ نۇرسىز بولۇشى، ئىشتىھانىڭ يوقىلىشى، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىشى قاتارلىقلار بولىدۇ، بەزىدە بالىياتقۇدا قاتتىق ئىششىق ياكى بالىياتقۇنىڭ ئىچىدە گۆش پارچىسى ياكى بالىياتقۇ ئىچىدە يەللەر ياكى قويۇق ماددىلار پەيدا بولغان بولسا، قورسىقىدا قاتتىقلىقمۇ بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىمارنىڭ قورسىقىدا ھامىلە مىدىرلىغاندەك سېزىم مەلۇم بولىدۇ، ئەگەر بىمار زىيادە ئويلانسا، بۇ ھەرىكەت تەبىئىي ھامىلىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ.

ئايالنىڭ قورسىقى چوڭىيىپ ھامىلىدار ئايالنىڭكىدەك بولىدۇ ھەم قورساقنى بېسىش بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپ مىدىرلايدۇ.

ئەمچەكتە قاتتىقلىق ۋە تارتىشىش بولىدۇ، ئەمچەك تۈگمىسى قارىداپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھالقا ئازراق قېنىقلىشىدۇ، بىمارنىڭ تەبىئىتى سۇس ۋە ھورۇن بولىدۇ. پۇت - قولىدا ئاغرىق بولىدۇ، قورساق كۆپۈش، قورساق كوركىراش ۋە ھەزىم ئاجىزلىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بەزىدە تۆتىنچى ئېيدىكىدەك قورساقتا ياكى بالىياتقۇدا يەللەرنىڭ سەۋەبىدىن ھەرىكەت مەلۇم بولىدۇ يۈز ۋە پۇتىدا كۆپۈش بولىدۇ، بىمار ھامىلىدار ئايالدەك زىيادە ئويچان ۋە پەرىشان بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك بالىياتقۇغا توپلانغان ماددىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولىدۇ، بۇ بەزى ۋاقىتلاردا گۆش پارچىسى شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ گۆش پارچىسى ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ. ياكى بۇ كېسەللىك بالىياتقۇنىڭ ياكى بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ قاتقان ئىششىقىدىن ياكى يەللەردىن بولىدۇ.

جانلىق گۆش پارچىسى بالىياتقۇدا پەيدا بولغان گۆش پارچىسى بەزى ۋاقىتلاردا جانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا نەفىس يازغانكى مەن بىر ئايالغا مۇناسىۋەتلىك گەپ ئاڭلىدىمكى، ئۇنىڭ بالىسى تاشپاقا شەكلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ناھايىتى قىسقا مۇددەتكىچە ھېس ۋە ھەرىكەت تۇرغانىدى. يەنە بىر ئايالنىڭ ھالىنى ئاڭلىدىمكى، ئۇنىڭ بالىسى توخۇ شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قانىتى بار ئىدى، لېكىن ئومۇمەن كەمتۈك يارىتىلغان ئادەم (بۇنىڭ

يارىتىلىشى ۋە ئەزالىرى كەمتۈك) شەكىلدە بولغان ئىدى، بۇ كېسەللىك كۆپرەك ئەۋلاد قالدۇرۇش خاھىشى زىيادە بولغان ياش ئاياللاردا ياكى بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاياللاردا، تۇغما قورقۇنچاق ۋە ۋەسۋەسە كېسىلى بارلاردا بولىدۇ.

ھەقىقىي ھامىلدارلىق بىلەن ساختا ھامىلدارلىقنىڭ پەرقى ساختا ھامىلدارلىق بىلەن ھەقىقىي ھامىلدارلىقنىڭ پەرقى شۇكى، بۇ كېسەللىكتە ئايالنىڭ قورسىقى ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا پۇت ـ قولى بوشاشقان ۋە كۆپۈشكەن بولىدۇ. يەنە بىر پەرقى شۇكى، بۇ كېسەللىكتە تۇغۇش مۇددىتى ھامىلىنىڭ تۇغۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان مۇددىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ساختا ھامىلدارلىقتا بەزىدە تۇغۇش مۇددىتىدىن تۆت ـ بەش يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە بەزىدە بۇ كېسەللىك ئاخىرقى ئۆمرىگىچە تۇرىدۇ، داۋالىغاندا پايدىسى بولمايدۇ، ئەگەر بالىياتقۇغا كىرەكسىز ھۆللۈكلەر توپلىنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى سۇنىڭ دولقۇنىغا ئوخشاش قولغا ئۇرۇنىدۇ، ئەگەر يەللەر بولسا، تەكشۈرگەندە ناغرىنىڭكىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، تىڭشىغۇچنى قورساققا قويۇپ تەكشۈرگەندە، بالىنىڭ يۈرەك ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ، بىمارنىڭ تەبىئىتى ھامىلدارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا زىيادە سۇس، ئېغىز تەمى تەمسىز، خىيالچان ۋە غەمكىن بولىدۇ، ئۇنىڭ بەدىنى ۋە يۈزى ھامىلدارنىڭكىدەك پارقىراق بولمايدۇ، ئەگەر بىمار بىھوش قىلغۇچى دورا ئارقىلىق بىھوش قىلىنسا، قورساق مۇسكۇللىرى بوشىشىدۇ.

ساختا ھامىلدارلىق ۋە ئىستىسقا ناۋادا بۇ كېسەللىك بىر مەزگىلگىچە تۇرۇپ قالسا، ئىستىسقاغا ئوخشاپ قالىدۇ، لېكىن ئۆزئارا پەرقى شۇكى، كېسەللىكتە قاتتىقلىق بولىدۇ ۋە ئىستىسقانىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋالىماي قويۇپ قويۇلسا، ئاخىرىدا ئىستىسقامۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئابدىمىلىك يېغىغا مائۇلئۇسۇل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ناۋادا ماددا پىشسا، چوڭ ـ چوڭ ئايارەجلەردىن ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج لوغازىيا يېگۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن مەجۇنى دەھمەرسا، داۋائى كۇركۇم، تەرياقى ئەربەئە قاتارلىقلار تۇرمۇس، ئۇبھەل، تاغ پىنىنسى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەيز ھەيدىگۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ ياكى ھەمەل شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى ھەيز تۇتۇلۇش بابىدا كېلىدۇ، بۇنىڭغا يەللەرنى تارقاتقۇچى دورىلاردىن قىزىتىلغان كۆل ۋە تۇزدىن تەييار قىلىنغان كەمادات ھەمدە زىرە، يالپۇز، قەردمانە، بابۇنە، جاۋشىر قاتارلىقلارغا كەرەپشە سۈيى قوشۇپ تەييار قىلىنغان زىمات ئىشلىتىلىدۇ. بوشاشتۇرغۇچىلار (مەروخاتلار) دىن يەسمەن يېغى، ئاق لەيلى يېغى، سۇزاپ يېغى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ.

ئەگەر بالىياتقۇدا قاتقان ئىششىق بولسا، ئىششىقنى يۇمشاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىلاج

قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بايانى بالىياتقۇنىڭ قاتقان ئىششىقىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق ئىششىقنى تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پايدىلىق سۆز ھەممىدىن ئىلگىرى تۇغۇت ئانىسى ئارقىلىق دىياگنوز قويۇلىدۇ، دىياگنوز مۇكەممەل بولغاندىن كېيىن كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى ئۇستىدە باش قاتۇرۇلىدۇ، ئەگەر قاتقان ئىششىق بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئەگەر ناچار، كېرەكسىز ماددىلار توپلانغان بولسا، ھەيز تۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ دورىلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ھالەتتە تۆۋەندىكىدەك دورىلار زىمات ۋە شامچە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: قارا زىرە، يالپۇز، بابۇنە گۈلى، كەرەپشە ئۇرۇقى، جاۋشىر، سەكبىنەج، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ياكى سىيادان سۈيىدە ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

شىياف نۇسخىسى: مۇرمەككى، جاۋشىر، قۇستە، ھىلىڭ، قۇرۇق گەندە، بەھروزە قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، كالىنىڭ ئۆتىگە ئارىلاشتۇرۇپ شامچە تەييارلىنىدۇ ۋە بالىياتقۇ بويىنىغا قويۇلىدۇ، ئەگەر بۇ ئۇسۇل غەلىبىلىك بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا بالىياتقۇ ئىششىقىدا سۆزلەنگەن تازىلىغۇچى ۋە تارايتقۇچى نۇسخىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق ماددىلارنى چىقىرىش نەزەردە تۇتۇلسا، قائىدە بويىچە 10 ~ 12 كۈنگىچە تۆۋەندىكى مۇنزىجنى ئىچكۈزۈپ، ئاندىن سۈرگە بېرىلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى: گۈلبىنەپشە، بىخ كاسنىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، چىلاندىن بەش دانە، گاۋزىبان، پىرسىياۋشان، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇدا قايناتىپ سۈزۈپ ئېلىپ، گۈلقەنتتىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى مۇسھىل ھەببىسىنى ياساپ، ھەركۈنى 2 ~ 3 قېتىم چوڭ تەرىتى كەلگىچە ۋە ماددىلار چىقىپ كەتكىچە ئىككى ھەب ئەرقى بەديان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى مۇسھىل نۇسخىسى: ماھى زەھرەج، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى، قەنتەرىيۇندىن بىر گىرامدىن، ئاق تۇربۇتتىن ئۈچ گىرام، شەھمەنزەل، سوقمونىيادىن 0.1 گىرامدىن، غارىقۇن، ئايارەج پەيقرادىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇدا ئېزىپ نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك يەللەرنىڭ توپلىنىشىدىن پەيدا بولغان بولسا، تۆۋەندىكى قايناتىلمىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش مۇناسىپتۇر:

نۇسخا: بىخ بەدىياندىن يەتتە گىرام، بەديان، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، ئوردانىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، ھەممە دورىلارنى سۇدا ئېزىپ

قاينىتىپ، سۈزۈپ، 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەديان، سۈزاپ ئۇرۇقى، جۇۋىنەنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى دورىلارنىڭ ئابزەندە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پىسپىنى ئېزىپ ئىلمان قىلىپ، كىندىك ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ.

نۇسخا: كەرەپشە ئۇرۇقى، جۇۋىنە، سۈزاپ يوپۇرمىقى، قۇرۇق پىنەنە، مەرزەنجۇش، بەرەنجاسىپ، دارچىن، قارا زىرە، رۇمبەديان، چاڭگاك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، ئابزەن تەييارلىنىدۇ، ئەگەر گۆش پارچىسى مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى ھەيز تۇتۇلۇشنىڭكىگە ئوخشاش قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئادەتتىكى غىزالار، مەسىلەن: ساگۇدانە، كاكچا نان، شورپا، قاپاق ۋە ئەرقى قاتارلىقلارنى بېرىپ، مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈلىدۇ، يەللىك ۋە كۆپتۈرگۈچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەيز كۆپ كېلىش

ھەيز كۆپ كېلىش ئۈچ خىل بولىدۇ. ① ھەيز مىقدارى ئادەتتىكىدىن كۆپ كېلىدۇ؛ ② قان ئۇزاق مۇددەتكىچە ئاقىدۇ؛ ③ قان بىر ئايدا بىرقانچە قېتىم كېلىدۇ.

سەۋەبى:

(1) قان تولۇپ قېلىش: ھەيز كۆپ كېلىشنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، پۈتۈن بەدەن قان بىلەن تولىدۇ ۋە تەبىئەت بۇ قاننى ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

(2) قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە سۇيۇقلۇقى: ھەيز كۆپ كېلىشنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى قاننىڭ سۇيۇقلۇقى ۋە ئۆتكۈرلۈكىدۇر.

(3) سۇ تەركىبلىرى ۋە ئۈچ خىل خىلىتلار: بەزىدە ھەيز كۆپ كېلىشنىڭ سەۋەبى قاندىكى سۇ تەركىبلىرى غالىب كەلگەنلىكتىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى توسىدىغان كۈچ سۇسلىشىدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ، شۇنداقلا قاننىڭ قىيامى سۇيۇلىدۇ ياكى ئۆتكۈر سەۋداۋى خىلىتنىڭ غالىب كەلگەنلىكى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ، شۇنىڭدەك قان تومۇر ئېغىزى سەپرا غالىبلىقىدىن ئېچىلىدۇ.

(4) بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: بەزىدە بۇ بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ بوۋاسىرى، بالىياتقۇ

يارىسى، بالىياتقۇ يىرىڭلىق ئىششىقى ياكى بالىياتقۇ سىڭايان بولۇش قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن سەرتان، ئۆسمە، تۇخۇمدان ئىششىقى، باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: تال كېسەللىكلىرى، جىگەر كېسەللىكلىرى، بۆرەك ئىششىقى، سىل كېسىلى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ ھەم كۆپ جىما، كۆپ غەم قىلىش ۋە ئاچچىقلىنىش قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

(5) تۇغۇتتىن كېيىن: بەزىدە ھەيز كۆپ كېلىش، بويىدىن ئاجراش ياكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بولىدۇ.

ئومۇمىي ئالامەتلىرى ھەيز كۆپەيگەندە بىمار ئاجىزلايدۇ، چىرايى سېرىق ۋە بەدەندە قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەن بولىدۇ، قان بەزىدە تامچىلاپ كېلىدۇ، بەزىدە بىرلا قېتىمدا ناھايىتى كۆپ كېلىدۇ، كىندىك ۋە بەلدە ئاغرىش، باش قېيىش، ھەزىم بۇزۇلۇش بولىدۇ ۋە پۇتى ئىششىيدۇ، قاتتىق ئاجىزلاش سەۋەبىدىن بىمار ھوشسىزلىنىدۇ، لېكىن كېسەللىك يەڭگىل ھالەتتە بۇ ئالامەتلەر ئانچە ئۆتكۈر بولمايدۇ.

دىياگنوز ئالامەتلىرى:

(1) قان تولۇپ قېلىش: يۈز ۋە پۈتۈن بەدەن قان بىلەن تولغان بولىدۇ، پۈتۈن بەدەنىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈشىدۇ، ھەيز كۆپ كېلىش بىلەنمۇ بەدەن بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك تۇرىدۇ، ئاجىزلىمايدۇ، چىرايىمۇ قىزىل ۋە پارقىراق بولىدۇ، سېرىقلىق ۋە ئاقلىق بولمايدۇ.

ئەسكەرتىش بەدەندە ۋە قۇۋۋەتلەردە ئاجىزلاش ئاشكارا بولمىسا ۋە رەڭگىدە ئۆزگىرىش بولمىسا، قان توختاتماسلىق لازىم.

(2) قانىنىڭ سۇيۇق ۋە ئۆتكۈرلۈكى: بەدەن ئاجىز بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ، جىنسىي يولدىن سۇيۇق ۋە كۆيۈشتۈرگۈچى قان چىقىدۇ، قانىنىڭ چىقىشى تېز، رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

(3) سۇ تەركىبلىرى ۋە ئۈچ خىل خىلىت: خىلىت غالىبلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، كەچ ۋاقىتتا ئايال پاكىز پاختىنى ئېلىپ جىنسىي يولىغا قويىدۇ، بۇ پاختا بالىياتقۇ ھۆللۈكلىرىنىڭ رەڭگىنى تولۇق سۈمۈرۈش ئۈچۈن پاختا ئوت بىلەن ئوبدان قۇرۇتۇلىدۇ (بۇ پاختا پاكىز، سۈزۈك بولسۇن)، ئاندىن بۇ پاختىنى ئېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ قارىغاندا، بۇ پاختىدا غالىب خىلىتنىڭ رەڭگى كۆرۈنىدۇ، ئەگەر رەڭگى قارا، كۆك ياكى ئاسمان رەڭدە بولسا، چۈشىنىمىزكى، خىلىت سەۋداۋىدۇر. ئەگەر رەڭگى سېرىق بولسا، سەپرانىڭ غالىبلىقىدۇر،

بەلغەم غالىب كەلگەن ۋاقىتتا بارلىق رەڭلەر كەم بولىدۇ، بەزىدە پاختىنىڭ بۇ رەڭگى سۇ بىلەن يۇغاندىن كېيىنمۇ قېپقالىدۇ.

(4) بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: بالىياتقۇ بوۋاسىرى بولغان ھالەتتە قان دەۋرىيلىك كېلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەۋرى ھەيزنىڭ دەۋرى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ، يەنى بىر ئايدا ئىككى كۈندىن يەتتە كۈنگىچە كېلىدىغان دەۋرىيلىك شەكىلدە بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ دەۋرى بوۋاسىردىكى تولۇپ قېلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بەزىدە دەۋرىيلىك بولمايدۇ. بالىياتقۇ يارىسى بولغان ھالەتتە قان بىلەن يىرىڭ ۋە زەرداب سۇ كېلىدۇ ھەم سېسىق پۇراق، كۆيۈشۈش ۋە ئاغرىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك باشقا كېسەللىكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئۇنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئالامەتلىرى گۇۋاھچى بولىدۇ.

پايدىلىق سۆز كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بىمار يول يۈرۈش ۋە ھەرىكەت قىلىشتىن توختىتىلىدۇ ۋە ئوڭدىسىغا يېتىپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، بالىياتقۇ تەرەپتىكى قان ئايلىنىش ئازىيىش ئۈچۈن پۇتىنى بېشىدىن ئۈستۈن قىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ، كىندىك ساھەسىگە مۇز خالتىسى قويۇلىدۇ ياكى سوغۇق سۇدا رەختنى ھۆللەپ قويۇلىدۇ ياكى زەمچىنى سوغۇق سۇدا ئېرىتىپ، بۇنىڭ بىلەن رەختنى ھۆللەپ قايتا ـ قايتا قويۇلىدۇ.

داۋالاش:

1. قان تولۇپ قېلىش: ئەگەر ھەيز كۆپ كەلگەن بولسا ۋە بۇنى توختىتىش مەقسەت قىلىنسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىككى ئەمچىكى كۈچەپ تېڭىلىدۇ، ئىككى ئەمچەك ئاستىغا ئوتلۇق ھىجامەت قويۇلىدۇ، قۇرسى كەھرىۋا يېگۈزۈلىدۇ، ھەيزنى توختاتقۇچى شامچىلار جىنسىي يولغا قويۇلىدۇ. بۇ، سۇرمە، ئانار گۈلى، زەمچە، سۇنئىي تەنكار، موزا، كۈندۈر تالقىنى، ئاقاقىيا قاتارلىقلار ئاس سۈيى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن.

(1) ئىككى ئەمچەكنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقان بالىياتقۇ تومۇرلىرى ئەمچەكنىڭ تومۇرلىرى بىلەن قورساق تېرىسىدە ئۆزئارا بىرلىشىدۇ.

(2) تەنكارنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ. بىرىنچى تۈرى «كان مەنبەلىك» (بۇ كاندىن كېلىدۇ). بۇ تۇزنىڭ تۈرىدىن بولغاچقا، تەمى تۇزلۇق، بىرئاز ئاچچىق بولىدۇ، ئىككىنچى تۈرى «سۇنئىي». بۇ ھەر خىل تۈردە بولىدۇ.

2. قاننىڭ سۇيۇق ۋە ئۆتكۈرلۈكى: دەسلەپكى تۈردە سۆزلەنگىنىدەك داۋالىنىدۇ، يەنى قان باشقا تەرەپتىن ئايلاندۇرۇلىدۇ، قۇرسلار ۋە شىياقلار ئارقىلىق قان توختىتىلىدۇ، سوغۇق، قابىز شەربەت ھەم رۇب ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئانار شەربىتى، زىرىشك شەربىتى، ھۇماز

شەربىتى، رىباس رۇببىسى، بېھى رۇسىببىسى، ئالما رۇببىسى قاتارلىقلار. سوغۇق ۋە قابىز غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ھەسرۇمىيە (غورا غىزالىرى)، زىرشكىيە (زىرشىك غىزالىرى)، رۇممانىيە (ئانار غىزالىرى) قاتارلىقلار گۈرۈچ بىلەن بېرىلىدۇ ھەم يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بارلىق چارىلەر قوللىنىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە قان ئېلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

3. ئۈچ خىل خىلىت: ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن خىلىتنى ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن مەزكۇر يۇقىرىقى چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ، يەنى قان توختاتقۇچى دورىلار، غىزالار ۋە شامچىلار ئىشلىتىلىدۇ.

4. باليىاتقۇ كېسەللىكلىرى: ئەسلىي كېسەللىكلەرنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ، بۇ ھال باشقا كېسەللىكلەر ۋە سەۋەبلەردىن بولغىنىغمۇ قوللىنىلىدۇ.

5. تۇغۇتتىن كېيىن: ئالدىنقى تۆرىدە يېزىلغاندەك داۋالاش، باليىاتقۇ يارىسى ۋە يېرىلىشىغا پايدىلىق بولغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى يېقىندا بايان قىلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ھەيز توختىغان دەۋرلەردە تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرەرى ئىشلىتىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: مىلتان سېغىزىنى سۇدا ئېرىتىپ، كىندىك ئاستىغا زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر زىمات نۇسخىسى: ئانارگۈلى، كۇندۇر، موزا، قارا سۇرمە، ئاقاقىيا، زەمچە، جۇپتى بەللۇت، ھەببۇلئاس، گەزمازەج قاتارلىقلارنى چۇچۇمەل ئانار پوستى قاينىتىلمىسىدا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ھەيز كەلگەن ۋە توختاپ قالغان ئىككىلا ۋاقىتتا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان، كەھرىۋائى شەمئىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، 24 گىرام ئانار شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يالىتىلىدۇ، ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقى ئىككى گىرام، چىلان بەش دانە، پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، ئەنجبار يىلتىزى، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ، شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، شەربىتى ئەنجباردىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ، تۆۋەندىكى سۇفۇپ سۈت بىلەن بېرىلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى: تاباشىر، سەنگى جاراھەت، ئاق لاچىندانە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، ئاق شېكەردىن 12 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە غىزادىن كېيىن كافۇر ئېرىتمىسى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قان

توختىسا ئەسلىي سەۋەبىنى ئېنىقلاپ ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ، ئەگەر قان سۇيۇق ياكى ئاز بولسا، پولات مۇرەككىباتى، مەرۋايىت، سەدەپ، تۇخۇم شاكىلى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەيلى كۆشتە قىلغان ھالەتتە بولسۇن ياكى بىرەر باشقا ھالەتتە بولسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن خېمىرى مەرۋايىتتىن ئۈچ گىرام ياكى خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىدىن بەش گىرام ياكى چىلان شىرىسى چۆشكەن خېمىرى ئەۋرىشىمدىن بەش گىرام ياكى مۇپەررىھى بارىدتىن بەش گىرام ئېلىپ، بىرقانچە كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز دەسلەپتە غىزاسىغا يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئانار سۈيى، ساگۇدانە، ماش ئۇنى سۈيى، كەچرى، سۈت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ھەرىكەت قىلىش ۋە ئاپتاپتا يول يۈرۈشتىن توسۇلىدۇ، قەۋزىيەتنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

بالىياتقۇ يارىسى

سەۋەبى بالىياتقۇ يارىسى بەزىدە سىرتقى سەۋەبلەردىن بولىدۇ، مەسىلەن: بالىياتقۇ ساھەسىگە زەربە تېگىپ، بۇنىڭدىن بالىياتقۇ پەردىسى يېرىلىدۇ. بەزىدە ئىچكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ، مەسىلەن: قىيىن تۇغۇت ۋە شىددەتلىك تولغاق قاتارلىقلاردىن ياكى بالا ھەمراھى ياكى ئۆلگەن ھامىلىنى تارتىشتىن بالىياتقۇنىڭ بىرەر بۆلىكى يېرىلىدۇ.

بەزىدە جاراھەتنىڭ سەۋەبى بالىياتقۇنى زەخىملەندۈرگۈچى ئۆتكۈر سەپراۋى خىلىت بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بالىياتقۇنى ئاز - ئازدىن زەخىملەندۈرىدۇ.

بەزىدە ئىششىق ياكى يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن بالىياتقۇ جاراھىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىق ۋە يىرىڭلىق ئىششىق كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۆزنەك ۋە سىفلىسنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ، بالىياتقۇ سەرتانىمۇ بالىياتقۇ جاراھەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ئالامىتى بالىياتقۇدا ئاغرىق بولىدۇ، قىزىتما ۋە يەڭگىل باش ئاغرىش بولىدۇ ھەمدە جاراھەتتىن سىرغىپ چىقىدىغان يىرىڭ ۋە باشقىلار بالىياتقۇدىن چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەل، ئىككى پاچاق ۋە ئىككى يوتىدا ئاغرىق بولىدۇ، ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلاش غالىب كېلىدۇ، ئىشتىھا تۆۋەنلەيدۇ ۋە ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ھەيز تەرتىپسىز كېلىدۇ، ئەگەر زەخىم بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىدە بولۇپ چوڭقۇر بولمىسا، ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە يېقىمسىزلىقلار ئاز بولىدۇ. ئەگەر زەخىم زىيادە چوڭقۇر بولسا، ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ ۋە بالىياتقۇ بىلەن تۇتاش ئەزادىمۇ ئىششىق بولىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇدىن چىققان نەرسە يىرىڭغا

ئوخشاش بولسا، بىلىش لازىمكى چىقان، يەنى بۇ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتۇر، يىرىڭ پەيدا بولۇپ تولۇق پىششىتىن ئىلگىرى يېرىلغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، يىرىڭ ئاق ۋە سۈزۈك بولىدۇ، ئەگەر بۇ چىققان نەرسە قارا ۋە سېسىق پۇراقلىق قان بولسا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاتتىق ئاغرىق بولسا، بىلىش لازىمكى، بىرەر خىلىت بالياتقۇنى يېگەندۇر. ئەگەر چىققان نەرسە ساپ قىزىل قان بولسا، بىلىش لازىمكى، بالياتقۇنىڭ بىرەر بۆلىكى، يەنى بىرەر تومۇرى يېرىلغان بولىدۇ، ئەگەر بۇ چىققان نەرسە گۆش يۇغان سۇدەك بولسا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرئاز ئاغرىق بولسا، بىلىش لازىمكى، زەخىم يىرىڭلىغان ۋە بۇزۇلغان بولىدۇ. ئەگەر يىرىڭ ئاق، قويۇق ۋە مىقدارى ئاز بولسا، شۇنداقلا كۆيۈشۈش بولسا ۋە بۇنىڭدا بەك سېسىق پۇراق بولسا، بىلىش لازىمكى، زەخىم بۇزۇق ماددىدىن پاكتۇر.

داۋالاش ئەگەر بالياتقۇنىڭ ئاز قىسمى ئۈزۈلگەن ياكى يېرىلغان بولسا، قاننى توختىتىش ئۈچۈن بىمار قەمقەم سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە بۇ سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلدۇرۇلىدۇ. كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، ئەنزىرۇت، مۇر مەككى، زەمچە، ئانار پوستى، گەزمازەج، قىزىلبۇغداش (چولائى) سۈيى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، ئاس سۈيى قاتارلىقلار بىلەن يۇڭ قوشۇپ پەرزىچە ياساپ، جىنسىي يولغا قويۇلىدۇ. ئەگەر يارا بالياتقۇنىڭ تېگىدە، ئىنتايىن چوڭقۇر بولسا، سۇ بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا گىل ئەرمنى، ئاقاقىيا، موزا ۋە رامەك قوشۇلغان بولسۇن، بۇ تۆردىكى پەرزىجە ۋە ھۆقنە قىلىشلار زىيادە پايدىلىقتۇر ياكى قۇرسى كەھرىۋا پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بالياتقۇدىن چىققان نەرسە، يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن بولسا، مۇناسىپ شۇكى، زەخمىنى يىرىڭدىن تازىلاش ۋە ياغنىڭ چاپلاشقاقلىقى بىلەن كۆيۈشۈش ۋە ئاغرىقنى توختىتىش ئۈچۈن گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ۋە شېكەر سۈيى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن مەلھەمى باسلىقۇن گۈل يېغى بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ، چۈنكى بولۇپمۇ نېرۋىلىق ئەزالاردا باسلىقۇن مەلھەمى گۆش پەيدا قىلىدۇ ۋە زەخمىلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

مەلھەمى باسلىقۇن نۇسخىسى: زۇپتى، ئۇد خامدىن 8.4 گىرامدىن، بەھروزەدىن 18 گىرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ ھەممىسىنى زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ.

قەمقەم ئىدىشقا ئوخشاش چوڭ ساپال قاچا بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار ئولتۇرۇغۇزۇلىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ سېسىق پۇراقلىق ياكى گۆش سۈيىگە ئوخشاش بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك

ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلار ھۆقنە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: گۈرۈچ، سېرىق پۇرچاق، ئانار پوستى، ئانارگۈلى، ھەببۇلئاس، گەزمازەج، جۆپتى بەللۇت قاتارلىقلارغا گۈل يېغى قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن. ئەگەر يىرىڭ دوۋساق تەرەپكە بارغان بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ زىيادە كۈچلۈك بولمىسۇن، مەسىلەن: تاۋۇز ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، كەتىرا، رۇببسۇسنىڭ ھەربىرىدىن تۆتتىن بىر ھەسسە ئېلىنىدۇ، يەنى ھەربىر ئۇرۇقتىن بىر ھەسسە ۋە بۇ دورىلاردىن تۆتتىن بىر ھەسسە ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر يىرىڭ تۆز ئۈچەيگە بارغان بولسا، سېرىق پۇرچاق، گۈرۈچ، ئانارگۈلى، گىل ئەرمەنى، گۈل يېغى، قەلەي ئۇپىسى، خۇنسىياۋشان ۋە ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ھۆقنە قىلىنىدۇ ھەم تۇخۇم سېرىقى شاراب سىركىسىدە قايىنىتىپ ھۆقنە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، چىققان نەرسە بالىياتقۇنىڭ گۆشخور چاقىسى سەۋەبلىك بولسا ۋە سۈزۈك يىرىڭ بولمىسا، بەلكى يىرىڭغا ئوخشاش قارا ياكى كۆك رەڭدە بولسا ياكى يىرىڭغا ئوخشاش زەرداب سۇ بولسا، مۇناسىپ زەخمنى پاكىزلىغۇچى دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئارپا ئېشى سۈيى، ھەسەل قاتارلىقلار يەنە سوپۇن سۈيى، بىخسۇس قايىنىتىلمىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئاندىن زەخمنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر ئاغرىق قاتتىق بولسا، ئەپيۈن ۋە زەپەر شامچىسى ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار

ئەگەر زەربە ياكى زەخىم ۋە باشقىلارنىڭ سەۋەبىدىن جاراھەت پەيدا بولغان بولسا، دورىلار پەقەت يەرلىك ئورۇنغىلا ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ مەقسەت ئۈچۈن دەسلەپتە تۆۋەندىكى ھۆقنىنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەلھەم چېپىلىدۇ.

ھۆقنە نۇسخىسى: نىم يوپۇرمىقىدىن 60 گرام، قەنبىلدىن ئالتە گرام ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ، سۈزۈپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: خېنە يېغىدىن 120 گرامنى ئوت ئۈستىدە قويۇپ، قەنبىلدىن 60 گرام سېلىپ، بەش مىنۇتتىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، مەدەستان ۋە قەشقەر ئۇپىسىدىن 12 گرامدىن ۋە كافۇردىن يەتتە گرام سېلىپ، نىم ياغىچى ساپلىقى بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلىنىدۇ ۋە بىر دانە توخۇ تۇخۇمى ئېقى، 12 گرام كاسىنە سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر سۆزنەك ياكى سىفلىس سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ مەخسۇس ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە يۇقىرىدا يېزىلغان ھۆقنە، مەلھەم نۇسخىسمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

مەلھىمى بەرائى قۇروھى رەھمى: مەدەستان، قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەتنىڭ ھەربىرىدىن

بىر گىرامدىن ئېلىپ ھەممىسىنى ئېزىپ، 24 گىرام مەلھەمى كافۇرغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ساددا ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سۈت، گۈرۈچ، ماشتىن تەييارلانغان يۇمشاق كەچرى پالەك، سىمىزئوت، قاپاق قاتارلىقلار بىلەن بېرىلىدۇ. بۇ، مۇچ ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا ـ دەرمەكلەردىن خالىي بولسۇن. زىيادە يول يۈرۈش ۋە جىما قىلىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بالىياتقۇ يېرىلىش

بەزىدە بالىياتقۇ ۋە بالىياتقۇ بوينى يېرىلىدۇ، بۇ، بالىياتقۇنىڭ قاتتىق قۇرۇقلۇقىدىن بولىدۇ، جۈملىدىن تۇغۇت ۋاقتىدا بولۇپمۇ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇت ۋاقتىدا بولىدۇ. بەزىدە بالىياتقۇ ئۆتكۈر تولغاق ۋە قىيىن تۇغۇت سەۋەبىدىن يېرىلىدۇ.

ئەگەر ئايال ئاجىز ۋە كۈچسىز بولسا ئۇنىڭ ئەزالىرى تولۇق ئوزۇقلۇقتا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بالىياتقۇنىڭ ھالىتىگە قۇرۇقلۇق بىلەن تەبىر بېرىلىدۇ.

ئالامىتى مەزكۇر سەۋەبلەردىن كېيىن قان كۆپلەپ چىقىدۇ، ئۆتكۈر ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، كۆپ قاناش ۋە ئۆتكۈر ئاغرىق سەۋەبىدىن ئاجىزلىق غالىب كېلىدۇ، بەزىدە ھوشىدىن كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، بالىياتقۇنى تەكشۈرۈش بىلەن يېرىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، جۈملىدىن بالىياتقۇ بوينى يېرىلغان بولىدۇ. بالىياتقۇنى كۆزىتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، بالىياتقۇ مەخسۇس سايمان بىلەن ئېچىلىدۇ، بۇ، بالىياتقۇنى ئاچقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ئەينەكتە بالىياتقۇ كۆزىتىلىدۇ، بۇ جىنسىي يولنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، ئەگەر بارماق كىرگۈزۈلسە قان يۇقۇپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىر ئالامىتى جىما قىلغان ۋاقىتتا ئاغرىق زىيادە بولىدۇ ۋە جىما ۋاقتىدا زەكەرگە قان يۇقۇپ چىقىدۇ، چۈنكى جىما ۋاقتىدا بالىياتقۇ بوينى كېڭىيىدۇ ۋە يېرىلغان ئورۇنمۇ زىيادە كېڭىيىدۇ، لېكىن تۇغۇتتىن كېيىن بۇ ئەمەل ۋە بۇ ئالامەتنى تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەسكەرتىش تۇغۇت سەۋەبىدىن بالىياتقۇدا يېرىلىش كۆرۈلىدۇ، تولغاق ۋە ئۇنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن دەسلەپتە ئۇنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ، يەنى بالىياتقۇ يېرىلىشنىڭ ئاغرىقى تۇغۇت ئاغرىقى بىلەن بىرلىشىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بالىياتقۇ يېرىلىشتىن چىققان قان بىلەن نىپاس قان بىرلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىن خۇددى تۇغۇت ئاغرىقى تەدرىجىي ئازايغىنىدەك بالىياتقۇ يېرىلىشتىكى ئاغرىق ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىدۇ.

نىپاس بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قان چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ «نىپاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى ۋە بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار بىلەن، مەلھىمى باسلىقۇن ياكى بىنەپشە يېغى ۋە زۇپتى رۇمى قاتارلىقلار بىلەن، كالىنىڭ پاچاق يىلىكى ياكى ئەلەكۇل ئەنبات يېلىمى ۋە زۇپتى رۇمى بىلەن سەۋسەن يېغى ئىشلىتىش، بۇلار ھەمەل ياكى تىلائى شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

(ئەلەكۇل ئەنبات ــ پىستە دەرىخى يېلىمى)

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن ھەيز كۆپ كېلىشنىڭ ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئىلاج قىلىنىدۇ، تۆۋەندىكى قان توختاتقۇچى دورا نۇسخىسى ئىچىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

نۇسخا: قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، دەسلەپتە يېگۈزۈپ ئۈستىدىن ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، ئۈچ گىرام ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، ئۈچ گىرام ئەنجبار يىلتىزى قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ، لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ 24 گىرام خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئاغرىق ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، تۆۋەندىكى پەرزىجە قاننى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا: كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، ئەنزىرۇت، ئارچا مېۋىسى، كۆك موزىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، كۆك پاقىيوپۇرمىقى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە زەخمىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەلھەملەردىن مەلۇم بىرى تەييارلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: توخۇ يېغى، ئۆردەك يېغى، كالا يىلىكى ھەربىرى 12 گىرامدىن، ئاق موم، گۈل يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرامدىن ئېلىپ مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: ئاق مومدىن 48 گىرامنى 220 گىرام گۈل يېغىدا ئېرىتىپ، ئاندىن كېيىن ئۇپا ۋە مەدەستاندىن 40 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئوتتىن چۈشۈرگەندىن كېيىن تۇخۇم ئېقى ۋە كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئاجىزلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق يەنى بالىياتقۇدا قۇرۇقلۇق بولسا، يەرلىك ئورۇنلۇق دورىلارنى ئىشلەتكەندىن سىرت، كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ئوبدان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بالىياتقۇ جاراھىتىگە ئوخشاش ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ ۋە پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بالىياتقۇ قىچىشىش

بەزىدە بالىياتقۇ ۋە جىنسىي يولدا قىچىشىش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بالىياتقۇ ۋە بالىياتقۇ ئەتراپىدا ئۆتكۈر سەپراۋى خىلتلار ياكى تۇزلۇق ۋە شورلۇق خىلتلار ياكى يېگۈچى خىلتلار ياكى چۈچۈمەل خىلتلار بولىدۇ.

تۈرلىرى بالىياتقۇ قىچىشىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

(1) سازەج يەنى ئۇ، قىچىشىش بىرەر ئىششىق ۋە يىرىڭلىق ئىششىق بولماستىن بولىدۇ.

(2) ئىششىقتىن بولغىنى يەنى ئۇ قىچىشىش بالىياتقۇ ئىچىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىششىق ۋە يىرىڭلىق ئىششىق ياكى تۇخۇمداندا سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىششىق بولۇش بىلەن بىرگە قىچىشىش بولىدۇ، شۇڭلاشقا دەسلەپكى تۈرنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن ئۈستىدە بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ.

ئالامىتى بالىياتقۇدا قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ ھەمدە سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ تەكرار كېلىدۇ، جىما خاھىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ھەيز كۈنلىرىدە كىندىك ۋە بەلدە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بەزىدە قىچىشىش بەدەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغۇدەك كۈچىيىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئاياللار جىمادىن تامامەن قانائەتلەنمەيدۇ، يەنى قانچە كۆپ جىما قىلغانسېرى قىچىشىش شۇنچىلىك يامانلىشىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ قايسى خىلتتىن پەيدا بولغانلىقى جىنسىي يول ھۆللۈكلىرى ۋە ھەيزنىڭ رەڭگىدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە ئېيتىلغانىكى، پاكىز، سۈزۈك پاختىنى جىنسىي يولغا كىرگۈزۈپ، قۇرۇتۇپ رەڭگى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

داۋالاش ئۇ خىلتلارنى تازىلاش مەقسىتىدە ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھەربىر خىلت ئۈچۈن مۇناسىپ بولغان دورىلار بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىغا سوغۇق تەبىئەتلىك تىلا چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، مامىيسا قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇسارىلەر، مەسىلەن: يۇمغاقسۈت سۈيى، كاھۇ سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، لىھيەتۇتتىس سۈيى قاتارلىقلار ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار.

بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورا مۇجەررەپتۇر:

پىننە يوپۇرمىقى، ئانار پوستى، ئاقلانغان سېرىق پۇرچاق قاتارلىقلارنى كەچتە قاينىتىپ، يۇڭدىن شامچە ياساپ جىنسىي يولغا كىرگۈزۈش، مەنىينى شەھۋەتنىڭ كۆپ بولۇشىدا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن ئازايتىش، بۇنىڭدا سوۋۇتقۇچى، ھۆللەشتۈرگۈچى ۋە ئاز مىقداردا

مەست قىلغۇچى دورىلارمۇ بولسۇن.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار

ھەممىدىن ئىلگىرى كۆيۈشۈش ۋە قايناشنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پەرزىجىلەردىن بىرەر پەرزىجە ئىشلىتىلىدۇ:

پەرزىجە نۇسخىسى (1): ئۈچ گىرام كافۇرنى 36 گىرام گۇلابتا ئېزىپ، بۇنىڭدا رەختنى ھۆللەپ ئىشلىتىلىدۇ.

پەرزىجە نۇسخىسى (2): ئاق سەندەل، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، قارا سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، رۇسۇت قاتارلىقلارنى كۆك يەرلىك شوخلا سۈيىدە ئېزىپ، ئالتە گىرام گۈل يېغى، بىر دانە توخۇ تۇخۇمى ئېقى ئارىلاشتۇرۇپ پەرزىجە قىلىنىدۇ.

پەرزىجە نۇسخىسى (3): ئىسپىغۇل، ئاق لەيلىگۈلى ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 60 گىرام ئەرقى گۇلابقا چىلاپ لۇئابىنى چىقىرىپ، بىر دانە توخۇ تۇخۇمى ئېقى ۋە ئالتە گىرام گۈل يېغى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئەتىگەن ۋە كەچتە بېرىلىدۇ:

نۇسخا: ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، ئۈچ گىرام كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇ دورىلاردىن قىچىشىشتا پەسىيىش بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا مۇنزىج بارىد (سوغۇق تەبىئەتلىك پىشۇرغۇچى) نى 8 ~ 10 ئىچكۈزۈپ مۇسھىل بىلەن تازىلىنىدۇ.

مۇنزىج بارىدنىڭ نۇسخىسى: گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، نىلۇپەر گۈلى، مىندى، شاھتەررە، كاسىنە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەربىرى بىر گىرامدىن، چىلان، ئەينۇلا بەش دانىدىن. دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ ئەتىگەندە سۈزۈپ، خېمىرى بىنەپشىدىن 12 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا يۇقىرىقى مەزكۇر بېھى ئۇرۇقى لۇئابى چۈشكەن نۇسخا بېرىلىدۇ. بىرقانچە كۈن بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن، بۇ نۇسخىغا تەمرى ھىندىدىن 24 گىرام، سانائى مەككىدىن يەتتە گىرام، خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 48 گىرام قوشۇپ، 2~ 3 قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: مەجۇنى ئۆشبىدىن يەتتە گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى شاھتەررىدىن 72 گىرامغا چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: مەجۇنى چۆپچىنىدىن يەتتە گىرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى ئۆشبە ۋە ئەرقى چۆپچىنىدىن 72 گىرامدىن ئېلىپ، چىلان شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىترىفىل شاھتەررىدىن يەتتە گىرام بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى (ئىششىقتىن بولغىنى) دە سوزۇلما بالىياتقۇ ئىششىقى، سوزۇلما تۇخۇمدان ئىششىقى قاتارلىقلار بولىدۇ. دەسلەپتە شۇ كېسەللىكنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پەرزىجىلەردىن بىرەر پەرزىجە ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ساددا ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: سۈت، ئارپا ئېشى، قايماق ۋە نان قاتارلىقلار سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار بىلەن بېرىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر ۋە مۇچ سېلىنمىغان بولسۇن. جىما قىلىش، كۆپ ھەرىكەت قىلىش، ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بالىياتقۇ بوۋاسىرى

بۇ، جىنسىي يول ئېغىزى ياكى بالىياتقۇ بويىندا مەقئەت بوۋاسىرىغا ئوخشاش پەيدا بولىدۇ، يەنى جىنسىي يول ئېغىزى پەردىسىگە دائىملىق غىدىقلىنىش يېتىش سەۋەبىدىن قان تولۇپ قالىدۇ ۋە قان تومۇرلار كۆپۈشىدۇ. غىدىقلىنىش ھەيز تۇتۇلۇش، بالىياتقۇ ئىششىقى ۋە تۇخۇمدان ئىششىقى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

ئالامىتى جىنسىي يول ئېغىزىدا قىچىشىش ۋە تارتىشىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، قان ئېقىشتىن كېيىن ئاق قىزىلغا مايىل ياكى قارىغا مايىل ھۆللۈكنىڭ چىقىشى، ئاققان ھۆللۈكنىڭ سۇيۇق بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش پەيدا بولۇشى قاتارلىقلاردۇر. بۇ قان ئومۇمەن ھەيز كۈنلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن كۈنلىرىدە كېلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا ھەيز كۆپ كېلىشىنىڭ گۇمانى بولىدۇ، لېكىن ھەيز كۆپ كېلىشتە قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش قاتارلىقلار بولمايدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆرۈش ۋە تۇتۇپ تەكشۈرۈش بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر جىنسىي يول ئېچىلسا ۋە تەكشۈرۈلسە ياكى جىنسىي يول ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئەينەككە قارالسا كۆپۈشكەن بوۋاسىر كۆرۈنىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر ئۆتكۈر ئاغرىق ۋاقتى بولغان (يەنى بۇ بوۋاسىر قان بىلەن تولغان ۋە بۇنىڭدا قان توختىغان ۋاقىتتۇر) بولسا، ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ، ئەگەر ئاغرىق توختىغان (يەنى بۇ بوۋاسىرنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قالغان ۋاقىتتۇر) بولسا، ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق

بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن يىرىڭغا ئوخشاش ھۆللۈك چىقىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى ناھايىتى قارىغا مايىل بولىدۇ، ئاندىن كېيىن بوۋاسىر مونەكچىسى يىگىلەيدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ مونەكچىسى كىچىك - كىچىك يۇمىلاق قاپارتما شەكلىدە بولىدۇ، بۇ بەزىدە شاتۇتقا ئوخشاش ئۈزۈنمۇ بولىدۇ.

داۋالاش بەدەندىن سەۋداۋى خىلىتنى چىقىرىش، ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈش، مەسلەن: پاقلان ۋە ئوغلاق گۆشلىرىنى يېگۈزۈش، نەرگىس يېغى ۋە سەۋسەن يېغى سۈركەش، ئىقلىمىيا، زەرچىۋە، مەدەستان قاتارلىقلاردىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، موم، زىغىر ئۇرۇقى يېغى ۋە «مەقئەت بوۋاسىرى» دا سۆزلەنگەن باشقا قۇرۇق دورىلارنى قوشۇپ مەلھەم ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ داۋالاش يېتەرلىك بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا تۆمۈر سايمان بىلەن كېسىۋېتىلىدۇ، خۇددى مەقئەت بوۋاسىرىنى كېسىپ تاشلىغاندەك، بوۋاسىر جىنسىي يولىنىڭ سىرتقى تەرىپىدە بولغان ھەمدە كەڭ بولمىغان شەرت ئاستىدا بۇ كېسىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، ئەگەر بوۋاسىر بالىياتقۇنىڭ ئىچىدە بولسا ياكى كەڭ بولسا، پەقەت قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، كۆيدۈرگۈچى دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قىچىشىش، كېسەلنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە مونەكچىلەردىكى تولۇپ قېلىشنى كېمەيتىش ئۈچۈن بىر قانچە كۈنگىچە شاھتەررە چىلانمىسى (نۇقۇئى شاھتەررە) ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن 2 ~ 3 قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ ۋە سۈرگىلەردىن كېيىن مەجۇنى ئۆشبە ۋە مەجۇنى چۆپچىنىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، 60 گىرام ئەرقى چۆپچىن، 24 گىرام چىلان شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ئىتىرىفىل شاھتەررە يەتتە گىرامدىن بىرقانچە كۈنگىچە بېرىلىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇنغا چېپىش ئۈچۈن بوۋاسىرنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قاناش زىيادە بولسا دەسلەپتە بوۋاسىردا سۆزلەنگەن قان توختاتقۇچىلار بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نۇقۇئى شاھتەررە ئىچكۈزۈلىدۇ. بالىياتقۇ بوۋاسىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلاجى باشقا بوۋاسىرغا ئوخشاش كېسىۋېتىشتۇر.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز مەقئەت بوۋاسىرىغا ئوخشاش قىلىنىدۇ.

بالىياتقۇ ئاقمىسى

ئالامىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە بالىياتقۇ يارىسىنىڭ يىرىڭلىغان ھالەتتە تۇرۇشى، ھەمىشە ئاغرىقنىڭ بولۇشى، ناسۇر پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى داۋالاش بىلەن ياخشى بولمايدىغان

زەخملەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇ زەخملەرنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى قاتارلىقلار. بۇنىڭ مۇددىتى كەم دېگەندە 40 كۈن بولىدۇ ۋە ئۇ زەخملەردىن زەرداب ئېقىپ تۇرغان بولىدۇ.

ناسۇرنىڭ ئورنى بالىياتقۇ بوينى ياكى بالىياتقۇ چوڭقۇرلۇقىدا ئىكەنلىكى سۇلائى ناملىق سايمان بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ناسۇرنىڭ ئاخىرقى ئورنىنىڭ سۆڭەككىچە ياكى مەقئەت ۋە مەقئەت مۇسكۇللىرىغىچە ياكى دوۋساق ۋە دوۋساقنىڭ مۇسكۇللىرىغىچە يېتىپ بارغانلىقىمۇ سۇلائى نامىلىق سايمان بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

داۋالاش بالىياتقۇ جاراھىتىنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، جاراھەتنى تازىلىغۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، بۇ دورىلار بايان قىلىنىپ بولدى. ناسۇرنى دەستىكار قىلىش يۇقىرى ئىقتىدارنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ياخشىراق ۋە ئوتتۇقلۇق ئىلاجى دەستىكار قىلىشتۇر، بالىياتقۇنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بوشلۇقى تەكشۈرۈلىدۇ ھەمدە ناسۇرغىچە سايمان ئاستا يەتكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش ئەگەر ئەزا بۇزۇلسا ۋە جاراھەتنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ سەزگۈسى يوقالغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئاغرىق توختايدۇ، بۇ ئوچۇقكى، ئاغرىق قانچىلىك يەڭگىل بولسا، بىلىش لازىمكى ناسۇر شۇقەدەر زىيادە ناچاردۇر.

ئاق خۇن كېلىش

بۇ، بەزى ئاياللاردا بالىياتقۇسىدىن ھەر ۋاقىت ئاق سېرىققا مايىل ھۆللۈكلەر ئېقىپ تۇرىدىغان كېسەللىكتۇر.

ئەرلەردىكى ساغلاملىق جەريانى مەنىي (مەنىي يۇرۇش كېسىلى) بىلەن بۇزۇلغاندەك ئاياللاردىكى ساغلاملىق ئۇلاردىكى ئاق خۇن كېلىش كېسىلى بىلەن بۇزۇلىدۇ. سوزۇلما نەزلە ھالىتىدە بۇرۇن ئىچكى پەردىلىرى تەسىرگە ئۇچرىغىنىغا ئوخشاش ئاق خۇن كېلىش كېسىلىدىمۇ بالىياتقۇ پەردىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، سوزۇلما ئىششىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوزۇقلاندۇرغۇچى كۈچى (قۇۋۋىتى غازىيەسى) بۇزۇلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك بەزىدە ئومۇمىي بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، مەسىلەن: قانىنىڭ ئاز ۋە سۇيۇق بولۇشى ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ۋە بەزىدە خاس بالىياتقۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلار. تۆۋەندىكى ئىشلار تەرەپكە سەمەرقەندى ئىشارە قىلغان:

ئۇ ھۆللۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بەزىدە خاس بالىياتقۇدا بولىدۇ، يەنى بالىياتقۇنىڭ قۇۋۋىتى غازىيەسى ئاجىزلىغان ۋاقىتتا بولىدۇ. مەسىلەن: بالىياتقۇ ئىششىقى قاتارلىقلار.

بەزىدە بۇ ھۆللۈكلەر پۈتۈن بەدەندىكى كېرەكسىز چىقىرىندىلار ۋە ماددىلار بولىدۇ، بۇ بالىياتقۇ تەرەپكە شۇ سەۋەبتىن بارىدۇكى، بەدەن ئۇ ھۆللۈكلەرنى تازىلاش ۋە پاكىزلاش مەقسىتىدە بالىياتقۇ تەرەپكە چىقىرىدۇ، ئەمگەكچان ۋە جاپاكەش ئاياللارنىڭ بەدىنىدە بۇ تۈردىكى چىقىرىندىلار ۋە ماددىلار ئاز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا بۇ كېسەللىك ئازراق پەيدا بولىدۇ، يېشى كىچىك ھامىلىدار بولۇش، سۆزنەك، سىفىلىس، نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، تولغاق، خولېرا قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا شەرت ھازىرلايدۇ.

ئالامىتى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ئېقىش بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر تۆۋەندىكىدەك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ: دېمى سىقىلىدۇ. ئىشتىھاسى يوقايدۇ، ھەزىمى بۇزۇلىدۇ، بەدەن رەڭگى ئۆزگىرىدۇ (يۈزى سېرىققا مايىل بولىدۇ)، ئىككى كۆزى كۆپۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بەل ئاغرىيدۇ، سۈيدۈك تەكرار كېلىدۇ، دوۋسۇن ساھەسىدە ئېغىرلىق ۋە ئاغرىش بولىدۇ، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىدۇ، باش ئاغرىش ۋە باش قېيىش بولىدۇ، بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇق بولىدۇ، بىرەر ئىش تەرەپكە تەبىئەتتە رىغبەت بولمايدۇ، ئاخىرىدا بالىياتقۇ ئىچىدە مۇدۇر - چاقا پەيدا بولۇپ، جىنسىي يول ئېغىزى لەۋلىرى زەخىملىنىدۇ، يۈزى نۇرسىز بولىدۇ، قاتتىق ئورۇقلايدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ، مىجەزى چىپچىلاڭغۇ بولىدۇ ۋە يۈرەك چالاڭغۇراشقىچە نۆۋەت يېتىپ بارىدۇ، بۇ كېسەللىكتە ئومۇمەن قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

داۋالاش پۈتۈن بەدەندە غالىب ئورۇننى ئىگىلىگەن خىلىت چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن تازىلىغۇچى ھۆقنىلەر بىلەن بالىياتقۇ تازىلىنىدۇ، مەسىلەن: گۈلسەۋسەن يىلتىزى، ئىزخىر، بىخسۇس، تاغ كۈدىسى، قارا نوقۇت قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ئايارەج پەيقىرا قوشۇپ، ھارارەت بولمىغان شەرت ئاستىدا بالىياتقۇغا ھۆقنە قىلىش، ئەگەر ھارارەت بولسا ھەيدىگۈچى ئۈرۈق دورىلار ئىچى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ ياكى ھۆقنە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قابىز خۇسۇسىيەتلىك ھۆقنىلەر ۋە توختاتقۇچى پەرزىجىلەر بىلەن بالىياتقۇ كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بايانى ھەيز كۆپ كېلىشتە سۆزلىنىپ بولدى.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار: ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاپ داۋالاش ئۇسۇلىنى بەلگىلەش، ئەگەر قان ئازلىق ۋە باشقىلارنىڭ شىكايىتى بولسا، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ ۋە پولات مۇرەككەباتلىرى بېرىلىدۇ، مەسىلەن: خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسى،

پولات كۇشتىسى قاتارلىقلار ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە ھەببى مەرۋايىت بىردانىدىن كەچتە بېرىلىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئەگەر بالىياتقۇ ئىششىقى سەۋەبىدىن (ئادەتتە بۇ سەۋەبتىن ئاق خۇن ئېقىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ) بولسا، ئىششىقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: توخۇ تۇخۇمى شاكىلى كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنج، قەلەي كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، مەجۇنى مۇچىرىستىن (بىر خىل يېلىم دورا مەجۇنى) بەش گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە بېرىلىدۇ. غىزادىن كېيىن خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنج، مۇسەللەس كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كەچتە تۆۋەندىكى سۇفۇپلاردىن بىرەر سۇفۇپ سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (1): تەمرى ھىندى ئۇرۇقى مېغىزى، كەتىرا دەرىخى نوتىسى، ئەرەب دەرىخى نوتىسى، ئاق سەندەل، مەستىكى، قىزىلگۈل ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، ئاق ناۋاتتىن ئالتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (2): سەنگى جاراھەت، كۆك موزا، قورۇلغان نوقۇت ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، ئاق ناۋاتتىن 1.2 گىرام ئېلىپ، بۇلاردىن قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (3): دارچىن، ئوردان، پىستە گۈلى، ئوغرىتىكەن، كەتىرا ھەربىرى بىر گىرامدىن، ئاق ناۋاتتىن 2.4 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىككى كىلوگىرام سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ ھۆقنە قىلىنىدۇ:

ھۆقنە نۇسخىسى: بابۇنە گۈلى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، مەرزەنجۇش، بەرەنجاسىپ (قەيسۇم) قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، ھۆقنىدىن كېيىن يۇقىرىقى نۇسخا قائىدە بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەگەر بۇ كېسەللىك بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاۋۋال بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، ئەگەر ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە بۇ كېسەللىكنىڭ شىكايىتى بولسا، تۆۋەندىكى سۇفۇپ سۈت بىلەن ئەتىگەندە بېرىلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى: تاباشىر، لاچىندانە ئۇرۇقى، تالمەكانە ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، تەبئىي سەدەپتىن 1.2 گىرام، ئاق ناۋاتتىن 36 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ھەمدە كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ھەببى مەرۋايىتتىن بىر دانىسى سۈت بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاق خۇن كېلىش سەۋەبىدىن بەدەندىكى كۈچلەر ئاجىزلىغان بولسا پولات

كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنجىنى جاۋاھىر چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتىدىلدىن بەش گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە كەچتە بىر دانە ھەببى مەرۋايىت سۈت بىلەن بېرىلىدۇ. بىمارنى ھەرقانداق ھالەتتە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم.

ئەگەر ھەيز تۇتۇلۇش، سۆزنەك قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا، دەسلەپتە ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ساددا غىزالار بېرىلىدۇ، چۈچۈمەل تەملىك نەرسىلەر، قىزىلمۇچ، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر، ئۆسۈملۈك يېغى قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: شورپا بىلەن كاكچا نان بېرىلىدۇ، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى ئىچكۈزۈلىدۇ. قورۇما، سۈت قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە ئەگەر بالىياتقۇدا زەخىم بولسا، زەخمىنى تازىلاش ئۈچۈن ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ ۋە مەلھەم قاتارلىقلار چېپىلىدۇ، بۇلار بالىياتقۇ يارىسىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

ھەيز تۇتۇلۇش

ھەيز تۇتۇلۇش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

① باشلىنىشتىلا ھەيز قېنى پەيدا بولۇش؛ ② ھەيز قېنى پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەيز يولىنىڭ توسۇلۇشى (جىنسىي يول پۈتەيلىكى) سەۋەبىدىن چىقىپ كېتەلمەي بالىياتقۇدا توپلىنىش؛ ③ ھەيز قېنىنىڭ ئادەتتىكىدەك كېلىپ تۇرۇپ توختىشى.

سەۋەبى:

1. **قان ئازلىق** بۇ بەزىدە بەدەن ئېھتىياجلىق بولىدىغان قاننىڭ ئازلىقىدىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قاندا بىرەر غەيرىي زۆرۈر كېرەكسىز چىقىرىندى بولمايدۇ، قان سۇيۇلۇشمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن سانىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن سوزۇلما كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلاش غالىب كېلىش، ئاچ قورساق يۈرۈش، سۆزنەك، سىفلىس، پىكىر ۋە ئويلىنىش، باشقا پاسسىپ روھىي كەيپىياتلار ۋە كۆپ جىما قىلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ھەيز تۇتۇلۇش كۆرۈلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ مىساللىرىدۇر.

2. **قان قويۇلۇش** بەزىدە ھەيز توختاش سوغۇقلۇقتىن ۋە قاننىڭ قويۇلۇشىدىن بولىدۇ، مەسىلەن: سوغۇق ھاۋا، سوغۇق سۇ بىلەن قاندا سوغۇقلۇق ۋە قويۇقلۇق ھەمدە

بالىياتقۇ تومۇرلىرىدا تارىيىش ۋە قېلىنلاش كۆرۈلىدۇ ياكى قاننىڭ قويۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ بىلەن بەلغەمگە ئوخشاش قويۇق خىلىتلارنىڭ ئارىلاشقانلىقى بولىدۇ، ئەگەر قان قويۇق بولسا، ئۇ ئىنچىكە قان تومۇرلارغا تارقىلالمايدۇ ھەمدە ئۇ تومۇرلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقالمايدۇ.

3. بالىياتقۇ تومۇرى توسۇلۇش بۇ بەزىدە بالىياتقۇ تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزى توسۇلغانلىقىدىن بولىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ توسالغۇنىڭ سەۋەبى ھارارەت ياكى سوغۇقلۇق ياكى قۇرۇقلۇق بولىدۇ.

4. بالىياتقۇ ئىششىقى بەزىدە ھەيز تۇتۇلۇش بالىياتقۇ ئىششىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ بېسىم چۈشۈرۈپ تومۇرلارنى تارايتىدۇ ۋە توسىدۇ.

5. بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇش بەزىدە ھەيز تۇتۇلۇش بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

6. يارا بەزىدە بۇ يارا پۈتۈن بالىياتقۇ تومۇر ئېغىزىنىڭ توسۇلۇشىدىن بولىدۇ.

7. بالىياتقۇ سىڭايان بولۇش: ھەيز تۇتۇلۇش بالىياتقۇنىڭ بىرەر بىر تەرەپكە سىڭايان بولۇشىدىن بولىدۇ، بۇ ھالەتتە بالىياتقۇ ئېغىزى جىنسىي يول ئۇدۇلىدىن تامامەن يۆتكەلگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قان چىقالمايدۇ، بۇنىڭ بايانى ئىلاجى بىلەن «تۇغماسلىق» كېسىلىدە سۆزلىنىپ بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە بالىياتقۇ ئېغىزى قاتارلىقلارنىڭ تۇغما نورمال بولماسلىقى، تۇخۇمدان ئىششىقى، بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىشمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

8. سېمىزلىك بەزىدە ئايالنىڭ زىيادە سېمىزلىكىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ قان تومۇرلار ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈپ ئۇنى تارايتىدۇ.

ھەيز توسۇلۇشنىڭ بۇ تۈرىدە بالىياتقۇ تەرەپكە كەلگەن قان بەدەن سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان يول بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە ئاشكارا سەۋەب بولماستىنمۇ ھەيز توختاپ قالىدۇ.

ئالامىتى:

1. قان ئازلىق بەدەن ئورۇق، رەڭگى سېرىق بولىدۇ، كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئاچ قېلىش، ئەمگەك قىلىش ياكى باشقا كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغان بولىدۇ ياكى كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى خىلىتلارنىڭ چىقىپ كېتىشى، بولۇپمۇ قاننىڭلا چىقىپ كېتىشى، مەسىلەن: بوۋاسىر ياكى بۇرۇن قاناش قاتارلىقلار ئارقىلىق قاننىڭ چىقىپ كېتىشى.

قان ئازلىق سەۋەبىدىن لەۋ، قاپاق ۋە تىرناق ئاق بولىدۇ، بەدەن ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق غالىب كەلگەن بولىدۇ، يۈرەك چالاڭغۇرايدۇ.

2. قان قويۇلۇش بەدەن بوش، رەڭگى ئاق بولىدۇ، كۆك قان تومۇرلار كۆك رەڭدە بولىدۇ، كىچىك تەرەت كۆپ كېلىدۇ، چوڭ تەرەت بەلغەمى بولىدۇ، **ئۇيقۇسى قاتتىق** بولىدۇ.

3. بالىياتقۇ تومۇرى توسۇلۇش: ئىسسىقتىن بولغاندا كۆيۈشۈش ۋە بالىياتقۇدا قۇرۇقلۇق تېپىلىدۇ، سوغۇقلۇقتىن بولغاندا بەدەن رەڭگى ئاق بولىدۇ، تومۇرى توختاپ سالىدۇ (يەنى پەرقلىق بولىدۇ)، قان تومۇردا سوغۇقلۇق مەۋجۇت بولىدۇ ھەم سوغۇق مىزاجنىڭ باشقا ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان ھالەتتە بالىياتقۇ قۇرۇق بولىدۇ، بەدەن ئورۇق بولىدۇ ۋە قان تومۇرلار بوش بولىدۇ، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنىڭ سوزۇلما كېسەللىكى ھالىتىدە ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

تۇغما كەمتۈكلۈك ھالىتىدە دوۋسۇن ساھەسىدە ھەر ۋاقىت ئاغرىق بولىدۇ. ھەددىدىن زىيادە سېمىز بولغاندا ھەزىم بۇزۇلىدۇ، بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق ۋە قول - پۇت ئاغرىقى كۆرۈلىدۇ، بەل، يوتا، توققۇزكۆزدە ئاغرىق بولىدۇ، كىندىك ساھەسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ، سەزگۈلەر سۇس، ئۇنتۇغاقلىق غالىب كېلىدۇ ھەمدە ئۇيقۇسى زىيادە بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئەگەر ھەيز تۇتۇلۇشقا مۇتلەق ئېتىبار قىلىنمىسا ياكى مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىسا، ھەيزنىڭ كېرەكسىز چىقىرىندىلىرىنىڭ بەدەندە تۇرۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن ھەر خىل كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا ھەممىدىن ئىلگىرى بالىياتقۇدا كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ بوۋاسىرى، بالىياتقۇ ئاغرىقى، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ھەمدە تۇغماسلىق قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ھەزىم ئاجىزلىقى، كۆڭلى ئېلىشىش، كۆپ ئۇسساش، قورساق كۆپۈش ۋە كوركىراش، ئىستىسقا قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ ۋە تېرە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: قۇرۇق تەمرەتكە، تېرە قىچىشىش، يىرىڭلىق ئىششىق قاتارلىقلار بولىدۇ. يۈرەك، نەپەس ۋە مېڭە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: خەفەقان، ئىختىلاج، غەشى، نەپەس قىستاش ۋە يۆتەل، باش ئاغرىقى، باش قېيىش، سەرئى، مالىخولىيا، تەشەننۇج، لەقۋا، پالەچ بولىدۇ ۋە باشقا ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكلەر، مەسىلەن: ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما قىزىتمىلار، بۇرۇن قاناش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش:

1. قان ئازلىق ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ، بىمار تىنچ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، ئوبدان ئۇخلىتىلىدۇ، ھوللەشتۈرگۈچى ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

يەنى داۋالاشتا قاننى ياخشىلىغۇچى ۋە كۆپەيتكۈچى چارىلەر قوللىنىلىدۇ، بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى ئوبدان غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر قان ئازلىقنىڭ سەۋەبى ھورۇنلۇق ۋە بىكارچىلىق بولسا، بىكارچىلىق، ھورۇنلۇق ۋە بىكار ئولتۇرۇشتىن، كۆپ ئۇخلاشتىن توسۇلىدۇ. ئەمگەك ۋە ھەرىكەت قىلدۇرۇش، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، پولات ۋە كۈچۈلا مۇرەككەباتلىرىنى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوچۇقكى مۇشۇنداق ھالەتتە ھەيز ھەيدىگۈچى دورىلارنى ھەرگىز بەرمەسلىك، بەلكى بىمارنىڭ بەدىنىدە قاننىڭ پەيدا بولۇشىنى زىيادە قىلىدىغان غىزالار ۋە دورىلار بىلەن داۋالىنىلىدۇ.

2. قان قويۇلۇش قىزىتقۇچى ۋە لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار تاكى قان سۇيۇلغىچە بېرىلىدۇ، مەسىلەن: كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەديان، بەدىيان، پىننە، تاغ پىننىسى قاتارلىقلارنى ھەسەل بىلەن مەجۇن ياساپ ياكى قاينىتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇش، لېكىن دەسلەپتە قويۇق خىلتلارنى بەدەندىن سۈرۈپ چىقىرىش ھەم قىزىتقۇچى ۋە لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، پىننە، سۇزاپ، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، تاغ پىننىسى قاتارلىقلارنىڭ سۈيىدە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

خۇش پۇراقلىق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سۇمبۇل، دارچىن، قېلىن دارچىن، ھەببى بىلسان، ئۇد بىلسان، جوز، لاچىندانە، قۇستە قاتارلىقلار ۋە بۇنىڭدىن سىرت باشقا دورىلار بىلەنمۇ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، بۇنىڭدا خۇش پۇراقلىق بولۇش بىلەن بىرگە توسالغۇلارنى ئېچىش، قويۇق خىلتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنى لەتىفلەشتۈرۈش ھەمدە قان تومۇرلار ۋە بارلىق ئەزالارنى ئىسسىتىش كۈچى مەۋجۇت بولسۇن، بۇ سوغۇقلۇقتىن قويۇقلاشقان بولىدۇ.

بۇ دورىلارنى سوقۇپ قاينىتىپ، يۇڭ خالتىغا سېلىپ، ئىسسىق ھالەتتە كىندىك ۋە دۈۋسۈن ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھەيز كۈنلىرى كېلىشتىن ئىلگىرى سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە پاچاقتىكى قان ئالغان ئورۇنغا يېقىن جايغا ھىجامەت قويۇلىدۇ.

3. قان تومۇر توسۇلۇش بالىياتقۇنىڭ ئىسسىقلىقتىن، سوغۇقلۇقتىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن

بولغان بالىياتقۇ تومۇرلىرى توسۇلۇشنىڭ ئىلاجى «تۇغماسلىق» بايانىدا سۆزلىنىپ بولدى. بۇ تۈرى سوغۇقلۇقتىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرسى مۇر ۋە يۇقىرىقى مەزكۇر لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار پايدىلىق بولىدۇ.

قۇرسى مۇرنىڭ نۇسخىسى: مۇر 0.1 گىرام، تۇرمۇس 0.17 گىرام، سۇزاپ يوپۇرمىقى، پىننە، تاغ پىننىسى، ئوردان، ھىلىڭ، سەكبىنەج، جاۋشىر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ قۇرس ياساپ، ئۇبھەل قايناتىلمىسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

4 ـ، 5 ـ، 6 ـ تۈرلىرى بۇ، بالىياتقۇ ئىششىقىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىلاجى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ كەلگۈسى. بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇشتىن ياكى جاراھەتنىڭ پۈتۈشىدىن بولغان ھەيز تۇتۇلۇشنى تەخمىنەن داۋالاپ ساقايتىشتىن ئۈمىد يوق، لېكىن ھەر ھالدا قان ئېلىش ئارقىلىق ئايالنىڭ قېنى تاكى بەدەندە قان كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن چىقىرىلىدۇ، باشقا ئىستىفراغ ئارقىلىق ھەيز ماددىسىنى چىقىرىپ تۇرۇش ۋە ئەمگەك قىلدۇرۇش لازىم.

7. ئاق خۇن كېلىش بۇنىڭ ئىلاجى سۆزلىنىپ بولدى.

8. سېمىزلىك ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى زىيادە سېمىزلىك بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى ئايالنى ئورۇقلىتىش، بۇ ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ. سافىن تومۇرىدىن قان ئېلىش، ھەيز كەلتۈرگۈچى دورىلارنى ھەيز كۈنلىرىگە يېقىن ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

سېمىزلىكتىن بولغاندا غىزا ئازايتىلىدۇ، ئەمگەك زىيادە قىلدۇرۇلىدۇ، ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، سۇ ئازايتىلىدۇ، قورساق ئاچ ۋاقىتتا يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە داۋائى لوك سەغىر قاتارلىقلارغا ئوخشاش قانىنى ئازايتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، ئەگەر تۇغما كەمتۈكلۈكلەر بۇ كېسەللىككە سەۋەب بولغان بولسا، داۋالاشقا بىرەر ئۈمىد باغلاش پايدىسىزدۇر. بۇ سەۋەبتىن بولغان ھەيز تۇتۇلۇشتا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چارە قىلىنىدۇ.

ئەگەر سوزۇلما كېسەللىكلەر ياكى بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ھەيز تۇتۇلغان بولسا، ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى مەۋجۇت بولغان ھالەتتە بىمارنىڭ زىيادە يول يۈرۈشىگە ئىجازەت بەرمەسلىك لازىم، ئاندىن كېيىن ئەسلىي كېسەللىكلەرنى يوقىتىپ ھەيز ھەيدىگۈچىلەر ئارقىلىق ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوزغاتقۇچىلار بېرىلىدۇ. سىفلىس ياكى سۆزەك بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئوچۇقكى، داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن دەسلەپتە ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قان ئاز ۋە سۇيۇق بولغان ھالەتتە ياخشى غىزالار بىلەن دورا شەكلىدە پولات كۆشتىسىدىن تۆت بەرىنجى ئانار شەربىتىدىن 60 گىرامغا

ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە يالىتىش، شام ۋاقتىدا خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنجىنى جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ھەمدە ئۇخلاش ئالدىدا ھەببى كۇچۇلادىن بىر دانە سۈت بىلەن بېرىلىدۇ.

سوزۇلما كېسەللىكلەر ياكى بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

مۇدۇر قاينىتىلمىسى: زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، قوغۇن پوستى، قوغۇن ئۇرۇقى، خىيارشەنبەر پوستى، ئۇبھەل ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، پەرسىياۋشان ھەربىرى بەش گىرامدىن. بۇلارنى 750 گىرام سۇدا قاينىتىپ 250 گىرام قالغاندا سۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ ھەمدە بەدەن كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەب نۇسخىسىنى تەييار قىلىپ بىر ھەبتىن تۆۋەندىكى نۇسخا بىلەن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ ۋە بىر ھەب چۈش ۋاقتىدا سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. قىسقىسى، كۈندە ئۈچ ھەبتىن 4 ~ 5 كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەببى مۇدۇر نۇسخىسى: سەبرە ئىككى گىرام، زەمچە بىر گىرام، زەپەر بىر گىرام. دورىلارنى سۇدا ئېزىپ ئۈچ تال ھەب ياسىلىدۇ. ئەگەر بۇ قاينىتىلما پايدا قىلمىسا، ئىلگىرى سۆزلەنگەن قاينىتىلمىلاردىن بىرەرسى ئىشلىتىلىدۇ ياكى بويىدىن ئاجراشتا بايان قىلىنغان قاينىتىلمىلار ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە ئۇ قاينىتىلمىلار بىلەنمۇ بۇ ھەب باراۋەر بېرىپ تۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئۇسسۇزلۇق ۋە باشقىلاردا ئۆتكۈرلۈك پەيدا بولسا، بەدەندە ھارارەت ۋە باشقىلار ئۆرلىسە، ئۇ ھەبلەر توختىتىپ قويۇلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىك بولسا ھەيز كۈنلىرىدىن ئىلگىرى داۋائى لوك سەغىردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 60 گىرام ئەرقى بەديان بىلەن ئەتىگەندە بېرىلىدۇ. كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ئىترىفىل سەغىردىن يەتتە گىرام بېرىلىدۇ. ھەمدە ھەيز كۈنلىرىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى يۇقىرىقى ھەببى مۇدۇر بىلەن تۆۋەندىكى قاينىتىلمىلاردىن بىرەرسى ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ.

قاينىتىلما نۇسخىسى (1): كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەديان، كاسنە ئۇرۇقى، جۇۋىنە، شۇمشا، ئاسارۇننىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، 750 گىرام سۇدا قاينىتىپ، 250 گىرام قالغاندا سۈزۈپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىلدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

قاينىتىلما نۇسخىسى (2): بەديان، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، سىيادان، زاغۇن ئۇرۇقى، بەرەڭگى كابۇلىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 500 گىرام سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، كونا قارا شېكەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

قايىنتىلما نۇسخىسى (3) تاغ پىنىنسى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ئاق لەيلىگۈلى، پىرسىياۋشان، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى ھەربىرى بەش گىرامدىن، توغرىغۇدىن بىر گىرام ئېلىپ، دورىلارنى 500 گىرام سۇدا قايىنتىپ سۈزۈپ، كونا قارا شېكەردىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سوغۇق تېگىشتىن بولسا، كىندىك ساھەسىگە ئىسسىق سۇ بىلەن كۈندە 2 ~ 3 قېتىم ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، سوغۇق تېگىشتىن ساقلاش، ئىسسىق كىيىندۈرۈش لازىم. تۆۋەندىكى دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ گۇلابتا يۇغۇرۇپ پەرزىجە قىلىنىدۇ:

نۇسخا: زەپەردىن بىر گىرام، ئەنبەر ۋە ئىپاردىن 0.8 گىرامدىن، ئۇد شېرىندىن بىر گىرام، سەئدى كۇفدىن بىر گىرام، قەلەمپۇردىن بىر گىرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ گۇلابتا شامچە تەييارلىنىدۇ.

كۆرسەتمە ئەزالارنى سوغۇق تېگىشتىن ساقلاش، مۇز يېيىش ۋە سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. چامغۇر، قىزىلچا، سەۋزە ۋە ئۆچكە گۆشى بىلەن تەييارلانغان غىزالار ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كۆكتاتلار ۋە گۆشلەر سېلىنغان غىزالار پايدىلىقتۇر، زىيادە سوغۇق ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

جىنسىي يولنىڭ توسۇلۇشى

جىنسىي يولنىڭ توسۇلۇشى جىنسىي يول ئېغىزىغا ئايالنى جىمادىن توسىدىغان نەرسىلەر پەيدا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ ھالەتتە زەكەر جىنسىي يولغا تولۇق كىرەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىرەر مۇسكۇلسىمان ياكى پەردىسىمان ئارتۇق نەرسە پەيدا بولىدۇ، بۇ قىزلىقنى يوقاتقان چاغدىمۇ يىرتىلمايدىغان دەرىجىدە مۇستەھكەم ۋە مەزمۇت بولىدۇ ياكى ئارتۇق نەرسە يەرلىك ئۇرۇنلۇق زەخىملەر سەۋەبىدىن چاپلىشىپ قالىدۇ ياكى تۇغما پۈتەي بولىدۇ ياكى ئايالنىڭ جىنسىي يولىنىڭ ئېغىزى ۋە بالىياتقۇ ئېغىزى ئارىسىدا يۇقىرىقى مەزكۇر قىسىمدىكى نەرسىلەر زەكەرنى جىنسىي يولغا تولۇق كىرىشتىن توسىدىغان دەرىجىدە پەيدا بولىدۇ ياكى ئايالنىڭ بالىياتقۇ ئېغىزى ئۈستىدە ئايالنى ھامىلدار بولۇشتىن توسىدىغان ھەمدە ھەيز قېنىنى ئاققىلى قويمايدىغان نەرسىلەر پەيدا بولىدۇ.

ئايال كىشى بىلەن تۇنجى قېتىم جىما قىلىشنىڭ نامى قىزلىق پەردىسىنىڭ يىرتىلىشى دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قىزلىق پەردىسى يىرتىلىدۇ.

جىنسىي يولنى توسقۇچى نەرسىلەر ياكى پەردە بولىدۇ ياكى جاراھەتلەرنىڭ پۈتۈشى

بولىدۇ ياكى بىرەر نەرسە بولىدۇ ياكى بۇ تۆشۈك تۇغما يوق بولىدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق ئاياللار ياكى قىزلاردا ھەيزنىڭ دەسلەپتە يول بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. ئايال قاتتىق مۇسىبەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، ئۇ مۇسىبەتلەرنىڭ سەۋەبى قان بالىياتقۇدىن قايتىپ پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، پۈتۈن قان تومۇرلار ۋە بارلىق بوشلۇقلار توشىدۇ، روھ ۋە بەدەن تەبىئىي ھارارىتى كېمىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئايال قارىداپ ئۆلىدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى پەقەت دەستىكاردۇر. ئەگەر بۇ كېسەللىك يارا پۈتۈشتىن پەيدا بولغان بولسا، ناسۇرنى كېسىدىغان سايمان ئارقىلىق ئۈزۈنىسىغا تىلىش ياكى مىلنەھاڭ ناملىق سايمانغا ئوخشاش يوشۇرۇن سۇلائىلىق كەڭ نەشتەر بىلەن تىلىش، ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۆسمە گۆش پەيدا بولۇشتىن بولغان بولسا، ئۇ گۆشنى زارە ناملىق سايمان ئارقىلىق كۆتۈرۈپ، نەشتەر بىلەن كېسىش ۋە تۆشۈككە بىرقانچە تۆشۈكچىسى بولغان ئىچى كاۋاك نەيچە سېلىش تاكى ئۇ تۆشۈكلەردىن يەللەر ۋە ماددىلار چىقىپ تۇرسۇن ھەم ئۇ نەيچە ئۈستىگە يۇڭ ئوراپ، يۇڭ ئۈستىگە مەلھەم سۈركەلگەن بولسۇن، تاكى تۆشۈك ئورنى ئىككىنچى قېتىم چاپلىشىپ قالمىسۇن.

بالىياتقۇ چىقىقى

بۇ، بالىياتقۇ جىنسىي يولدىن (پەرجىدىن) سىرتقا چىقىپ قالىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ، بىرىنچىسى، بالىياتقۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، بالىياتقۇنىڭ ئازراق ئىچكى قىسمى سىرتىغا چىقىدۇ ۋە جىنسىي يول تۆشۈكى بوشلۇقى يوقىلىدۇ. ئىككىنچىسى، بالىياتقۇ بوينى پەقەت سىرتىغا چىقىدۇ، بۇ ھالەتتە جىنسىي يول تۆشۈكى بوشلۇقى يوقالمايدۇ.

سەۋەبى

1. تۇغۇت ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بەزىدە سىرتقى سەۋەبلەردىن، مەسىلەن: قائىدىسىزلىك بىلەن بالا ھەمراھى پەردىسىنى ياكى ئۆلگەن ھامىلىنى تارتىشتىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇمۇ بىرگە تارتىلىدۇ ۋە بالا ھەمراھى بىلەن تۇتاشقان ئورۇنلار تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالىدۇ، چۈنكى بالا ھەمراھىنىڭ تومۇرلىرى بالىياتقۇنىڭ تومۇرلىرى بىلەن تۇتاش بولىدۇ.

2. يىقىلىش ئايالنىڭ ئوڭدىسىغا بىرەر ئېگىز جايدىن يىقىلىپ چۈشۈشى بىلەن بالىياتقۇنىڭ تارىمۇشلىرى ئۈزۈلىدۇ ياكى بوشىشىدۇ. تارىمۇشلارنىڭ ئۈزۈلۈشى ياكى بوشىشى بەزىدە پەقەت يىقىلىپ چۈشۈشتىن بولىدۇ، بەزىدە يىقىلىپ چۈشۈش سەۋەبىدىن بىرەر ئومۇرتقا

ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ، ئىچكى تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش ۋە تارتىش، ئىنجىقلاش، بالىياتقۇ ئورنىغا زەربە تېگىش، كۈچەپ ۋارقىراش، كۈچەپ چۈشكۈرۈشمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىگە كىرىدۇ.

3. قورقۇش مەسىلەن: قاتتىق قورقۇش. بۇ سەۋەبتىن ئايالنىڭ ئەزالىرىدا ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بالىياتقۇ تېيىلىپ سىرتىغا چىقىدۇ، بۇ خىل قورقۇنچ تاغ غارلىرىنىڭ ھەيۋىتىدىن ۋە قېيىقتا سەپەر قىلغان ۋاقىتتىكى ئىزتىراپتىن بولىدۇ.

4. تارىمۇشلار ئىستىرخاسى بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئىچكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ يەنى بەلغەمى چاپلاشقاق ھۆللۈكلەر بالىياتقۇنىڭ تارىمۇشلىرىغا سىڭىپ كىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇلار بوشىشىدۇ ھەمدە بالىياتقۇ ئۇ تارىمۇشلاردىن تېيىلىپ تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ھالەت كۆپىنچە يېشى چوڭ ئاياللاردا ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ياشنىڭ چوڭىيىشى تۈپەيلىدىن، بۇ تۈردىكى ھۆللۈكلەر كۆپ توپلانغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى ئايالنىڭ دوۋسۇن ساھەسى، مەقئەت، بەل ۋە ئېغىزمانىدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇنىڭدىن كۇزاز ياكى رەئشە پەيدا بولىدۇ. بىماردا بىرەر سەۋەبسىز قورقۇنچ مەلۇم بولىدۇ. دوۋسۇن ساھەسىدە بىرەر يۇمىلاق نەرسە مەلۇم بولىدۇ ۋە جىنسىي يولغا بىر يۇمشاق نەرسە چۈشكەندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بالىياتقۇ ھۆللۈكتىن تېيىلىپ سىرتقا چىققان بولسا، بەلغەم ۋە ھۆللۈكنى مۇسھىل بىلەن بەدەندىن تازىلاش، مەسىلەن: تۇربۇت چۈشكەن ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ، يەسمەن يېغىدا مۇۋاپىق مىقداردىكى زەپەر ۋە غالىيە بالىياتقۇغا ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇ داۋالاش پەقەت بالىياتقۇنىڭ بوينى تۆۋەنلىگەن ۋە تۆشۈك مەۋجۇت بولغان ھالەتتە مۇمكىن بولىدۇ، لېكىن باشقا ھالەتتە ئۇ دورىلار بالىياتقۇ ئۈستىگە چېپىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن بالىياتقۇ يۇمشاق پەرزىجەسىز ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلىدۇ، بۇ مەرئەزى (يۇمشاق يۇڭ) دىن تەييار قىلىنغان بولسۇن ھەمدە مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ ۋە قابىز شارابتا ھۆللەنگەن بولسۇن. بۇ سۇدا قەرز (ئەرەب دەرىخى مېۋىسى)، يەر مەدىكى، موزا ۋە خەرنۇپ قاينىتىلغان بولسۇن ھەمدە بۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ئاقاقىيا، رامىك، ئامىلە ئۇسارىسى قوشۇلغان بولسۇن. بۇ پەرزىجەنىڭ ياردىمى بىلەن بالىياتقۇنى ئىچكى تەرەپكە بېسىش تاكى ئۇ ئۆز ئورنىغا يېتىپ بارسۇن، بۇ ھالەتتە ئايال ئۆزىنىڭ ئىككى يوتىسىنى كۆتۈرگەن بولسۇن، ئوڭدىسىغا ياتقان بولسۇن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى كېرىلگەن بولسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن دوۋسۇن ساھەسىگە ۋە جىنسىي يول ئۆپچۆرىسىگە قابىز دورىلار زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە خۇش پۇراق نەرسىلەر

پۈرىتىلىدۇ.

مەرئەزى ئۆچكە يۇڭلىرىنىڭ يىلتىزىدا بولىدىغان يۇمشاق يۇڭغا ئېيتىلىدۇ. بۇنى پارس تىلىدا «كۆركىنە» دەپ ئاتايدۇ.

يەر مەدىكى — بىر خىل يىلتىزدۇر. خەرنۇپ — بىرخىل تىكەنلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر.

ئەگەر بالىياتقۇ ئۆز ئورنىدا تۇرمىسا، سىرتقى تەرەپكە چىقىۋالسا، ھەر ئۈچ كۈندە بىر مۇشۇ ئەمەلنى قىلىش ۋە پەرزىجەنى بالىياتقۇ ئىچىگە قويۇش، بۇ ھالەتتە بىمار يانپاشلاپ ياتقان بولسۇن ۋە ئۆز پاچاقلىرىنى بىرلەشتۈرگەن بولسۇن ھەتتاكى بالىياتقۇ ئەسلىي ھالىتىگە قايتسۇن ھەمدە ئۆز ئورنىدا تۇرسۇن، يەنە قايتا چىقىۋالمىسۇن. ئەگەر بالىياتقۇ سىرتقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىرتقا چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىمۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن داۋالاش بىلەن قىلىنىدۇ، بۇ كېسەللىككە مۇسھىل دورىلارنى ئىچكۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

بالىياتقۇ سىڭايان بولۇش بۇنىڭ بايانى تۇغماسلىق كېسىلىدە سۆزلىنىپ بولدى.

بىر ئاجايىپ خىيال بەزى تېۋىپلار مۇنداق قارايدۇ: «بالىياتقۇ خۇش پۇراقلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ناۋادا ئايالارغا خۇش پۇراق نەرسىلەر پۈرىتىلسا، بالىياتقۇ ئىشتىياق بىلەن ئۈستى تەرەپكە ئۆرلەيدۇ ۋە ناۋادا بالىياتقۇنىڭ ئاستىغا، جىنسىي يولغا خۇش پۇراق نەرسىلەر قويۇلسا بالىياتقۇ ئاستىغا چۈشىدۇ».

بۇ قىزىقارلىق خىيال ھەيسىييەت ئىلمى بىلەن بىر مەئىمەدۇر.

ئەفلاتۇن ئېيتقانكى: «بالىياتقۇ جانلىقلارنىڭ قورسىقىدىكى بىر جانلىقتۇر.»

بالىياتقۇ ئىششىقى

بالىياتقۇ ئىششىقىدا بالىياتقۇنىڭ مۇسكۇل قەۋىتى كېسەللىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىششىق سەۋەبىدىن باشقا تەركىبلەر تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

تۈرلىرى بالىياتقۇ ئىششىقى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئۆتكۈر ئىششىق (ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق)؛ يەنە بىرى، سوزۇلما ئىششىق (قاتتىق ئىششىق). شۇڭلاشقا ئەللامە سەمەرقەندى بالىياتقۇدا ئومۇمەن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە قاتتىق ئىششىق بولىدۇ، بالىياتقۇ ئىششىقى ئومۇمەن ئۇنىڭ بوينى قىسمىدا بولىدۇ، دېگەن.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق (ئىلتىھاب)

سەۋەبى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك

بولىدۇ:

بالىياتقۇ ساھەسىگە زەربە تېگىش (كىندىك ساھەسىگە زەربە ۋە سوقۇلۇشنىڭ يېتىشى)، ھەيز ياكى نىپاس قېنىنىڭ توسۇلۇشى، بويىدىن ئاجراش، قىيىن تۇغۇت ۋە تولغاقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، يەنى تۇغۇتتىكى يېقىمسىزلىق، كۆپ جىما قىلىش، ئايالنىڭ تۇنجى قېتىم جىما قىلىشى قاتارلىقلار.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھەيز كۈنلىرىدە سوغۇق تېگىش، سۆزنەك، سىفلىس، بالىياتقۇ ئىچىگە ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارمۇ بالىياتقۇ ئىششىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن سانىلىدۇ. بەزىدە جىنسىي يول ئىششىقى چوڭىيىپ بالىياتقۇغىچە يېتىپ بارىدۇ،

تۇنجى قېتىملىق جىمادا ئايالدا يېقىمسىزلىق ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ. بىرى قىزلىق پەردىسىنىڭ يىرتىلىشى، يەنە بىرى، جىنسىي يول تارتىشىش. جىنسىي يول دەسلەپكى جىنسىي ئالاقە قىلغۇچى ئەرنىڭ زەكىرىگە نىسبەتەن تار بولىدۇ.

ئالامىتى كۆكرەك پەردە ئىششىقىنىڭ قىزىتمىسىغا ئوخشاش ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ (قىزىتما سوغۇقتا توڭۇش بىلەن باشلىنىدۇ)، تىلى قارا بولىدۇ، باش، بەل، يىرىق، دوۋسۇن ساھەسى، توققۇزكۆز ۋە يوتىلاردا ئاغرىق بولىدۇ.

بەزىدە ئۇ ئەزالاردىن تۆۋەنلەپ پاچاققا بارىدۇ ھەمدە پاچاقتا قاتتىق تارتىشىش پەيدا بولىدۇكى، ئايال يول يۈرگەندە ۋە ئۆرە تۇرغاندا قىينىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاغرىق، مەسىلەن: دوۋسۇن ساھەسىدىن تۆۋەنلەپ يوتىغا بارىدۇ مەسىلەن: بەلدىن يوتىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك توققۇزكۆزدىن يوتىغا چۈشىدۇ (نەفىيس).

بەزىدە كۈچلۈك ئاغرىق سەۋەبىدىن پۇتىنى سوزۇش قىيىن بولىدۇ، كۆپىنچە پاچاقلاردا تەشەننۇج ئاغرىقى بولىدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشتا قىينىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئادا قىلىشقا قايتا ـ قايتا ئېھتىياج چۈشىدۇ. ئەگەر ئىششىق بالىياتقۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولسا، بەلدە ئاغرىق زىيادە بولىدۇ. چوڭ تەرەت قىلغان ۋاقىتتا يېقىمسىزلىق زىيادە بولىدۇ ۋە ئەگەر ئىششىق بالىياتقۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولسا، كىندىك ئاستىدا ئاغرىش زىيادە بولىدۇ ھەمدە كىچىك تەرەت قىلغان ۋاقىتتا يېقىمسىزلىق زىيادە بولىدۇ.

تومۇرى ۋە نەپەس ئېلىشى ئارقىمۇئارقا بولىدۇ، ئاشقازاندىكى ھەزىم ۋە ئىشتىھا بۇزۇلىدۇ.

كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر بولىدۇ. كىندىك ساھەسىدە ئادەتتىن تاشقىرى كۆپۈش، كۆيۈشۈش، قىزىقلىق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ. بەزىدە بالىياتقۇدىمۇ تەشەننۇج ئاغرىقى بولىدۇ. 2 ~ 4 كۈندىن كېيىن بالىياتقۇدىن چاپلاشقاق ياكى قان ئارىلاش ھۆللۈك چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن 7 ~ 8 كۈندە

ئالامەتلەر يەڭگىللەيدۇ، يەنى مۇناسىپ داۋالاش شەرتى ئاستىدا بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بۇ سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ.

داۋالاش كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئارپا ئۇنى، ماش ئۇنى، ئاق لەيلى، بىنەپشە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كاسىنە سۈيى ۋە يۇمغاقسۈت سۈيىدە يۇغۇرۇپ ۋە ئاز مىقداردا كافۇر قوشۇپ، دوۋسۇن ساھەسى ۋە كىندىك ئۈستىگە زىمات قىلىنىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك لوئاب، ياغ ۋە ئۇسارىلەر بالىياتقۇغا ھۆقنە قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇسارىلەر بىلەن پەرزىجە قىلىنىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا بابۇنە، ئاق لەيلى ۋە باشقا ماددىلارنى يۇمشىتىپ تارقاتقۇچى دورىلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ.

ئىششىقنىڭ پىششى ئەگەر ئىششىق تارقالمىسا، ئىششىقنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدەك سانجىلىپ ئاغرىش ۋە قىزىتما ئۆرلەش، بۇنىڭ بىلەن تەرتىپسىز تۇتقاقلىق قىزىتما پەيدا بولۇشقا ۋە بەدەننىڭ مويلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈشكە باشلىسا، بىلىش لازىمكى، يىرىڭ شەكىللەنگەن بولىدۇ، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ماددىلارنىڭ پىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش مۇناسىپتۇر. بالىياتقۇغا ئىسسىق تەبىئەتلىك لوئابلار ھۆقنە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: شۈمشا لوئابى، زىغىر ئۇرۇقى لوئابى، ئەنجۈر لوئابى قاتارلىقلار. دوۋسۇن ساھەسىگە بابۇنە، ئاق لەيلى، بىنەپشە، زىغىر ۋە ئەنجۈر قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ زىمات تەييارلاپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە بىمار ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر يىرىڭ تولۇق پىشىپ ئېغىز ئالسا، بالىياتقۇغا ھەسەل سۈيى ھۆقنە قىلىنىدۇ، يەڭگىل دەرىجىدىكى سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: تاۋۇز ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى ۋە سۈت قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ، ھەتتاكى ئىششىق يىرىڭ ۋە باشقىلاردىن پاكىزلانسۇن. ئاندىن كېيىن يارىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، بۇ، كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا تىندۇرۇلمىلاردىن ياخشىراق بىرەر دورا يوق.

تىندۇرۇلمىلار ھۆل كاسىنە ۋە ھۆل ئىتئۈزۈمنى سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغان سۈيى، شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا يەتتە گىرام بەدىيان، يەتتە گىرام قۇرۇق يەرلىك شوخلا، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ئەرقى شوخلىغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

دەسلەپتە داۋائىلمىسكى مۆتىدىلدىن ئالتە گىرام يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، يەتتە گىرام قۇرۇق ئۈنتئۈزۈمى، يەتتە گىرام بەدىيان قاتارلىقلارنى 72 گىرام ئەرقى شوخلا، 72 گىرام ئەرقى بەرەنجاسىپقا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق زىيادە بولسا خەشخاش پوستى، بابۇنە گۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، بۇنىڭ سۈيى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قىزىتمىنىڭ شىكايىتى بولسا يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخىغا خاكسى قوشۇلىدۇ ۋە مەلھەمى داخىلىيۇندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بۇنىڭغا ھۆل كاسىنە سۈيى، ھۆل ئۈنتئۈزۈمى سۈيىدىن ھاجەتكە قاراپ ئارىلاشتۇرۇپ، بىر دانە توخۇ تۇخۇمى ئېقى ۋە گۈل يېغىدىن 12 گىرام قوشۇپ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ ياكى 12 گىرام ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە 12 گىرام زىغىر ئۇرۇقى لۇئابىدا رەختىنى ھۆللەپ، كۈندە 2 ~ 3 قېتىم پەرزىچە قىلدۇرۇلىدۇ.

سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغان سۇلار مۇھىيانە بولغان ھالەتتە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

قاينىتىلما ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، گۈلبىنەپشە، كاسىنە يىلتىزى، بەدىيان، قۇرۇق ئۈنتئۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، پەرسىياۋشان، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى كېچىدە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، ھۆل ئۈنتئۈزۈمىنى سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغان سۈيىنى قوشۇپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بويىدىن ئاجراشتىن كېيىن ئىششىق پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدىمۇ مەزكۇر دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر سۆزنەك ياكى سىفلىس سەۋەبىدىن كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، ئۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلەن ئىششىقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش ئۈچۈن يۇقىرىقى مەلھەملەردىن بىرەر مەلھەم ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئىششىقتا يىرىڭ پەيدا بولغان بولسا ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ئۆتكۈرلۈك بولسا، يىرىڭنى چىقىرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار ھۆقنە قىلىنىدۇ:

60 گىرام شۇمشا بىلەن 60 گىرام زىغىر ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالسا، زەخمىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەسەل سۈيى ھۆقنە قىلىش مۇناسىپتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالىياتقۇ جاراھىتىدە بايان قىلىنغان مەلھەملەر ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بىمار ئاجىز بولسا، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كەچتە بەش گىرام داۋائىلمىسكى مۆتىدىل شىرە چۈشكەن نۇسخا بىلەن بېرىلىدۇ.

بالىياتقۇ ئۈششۈقنىڭ بارلىق ھالەتلىرىدە كېسەللىكنى يوقاتقاندىن كېيىن، بالىياتقۇنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى ھەيز كۈنلىرىدە كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشىنىڭ خەتىرى قېپقالمىسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى پەرزىجە پايدىلىقتۇر:

پەرزىجە نۇسخىسى مەرزەنجۇش، گۈلشەببۇ، بەسباسە، قارا رەڭلىك تاغ پىننىسى، سۇمبۇل، قىزىلگۈل ئانىلىقى، بىخ كەبىر پوستى، ئىزخىر غۇنچىسى، كۇندۇر تالقىنى، ئارچا مېۋىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، سۇمبۇل يېغىدىن ئېھتىياجغا قاراپ ئارىلاشتۇرۇپ، يۇڭ بىلەن پەرزىجە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بىمارنى تىنچ ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇش ۋە يول يۈرۈشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توختىتىش، غىزاسىغا قىيما شورپىسى، ئارپا ئېشى، ماش كەچرىسى (ماشتىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل غىزا)، ساددا شورپا، باشقا ساددا ۋە يۇمشاق نەرسىلەرنى بېرىش، قىزىلمۇچ ۋە چۈچۈمەل تەملىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

قاتقان ئۈششۈق كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىياتقۇدا ئىسسىقتىن بولغان ئۈششۈق بولماستىنمۇ قاتتىق ئۈششۈق پەيدا بولىدۇ. لېكىن كۆپرەك ئىسسىقتىن بولغان ئۈششۈق ئۆزگىرىپ قاتقان ئۈششۈق پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئۈششۈق سەۋەبىدىن بالىياتقۇ مەلۇم بىر تەرەپكە مايىل بولىدۇ. يەنى قايسى تەرەپكە بالىياتقۇ مايىل بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۈششۈق بولىدۇ، بۇنى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقاندۇر. ئەگەر ئۈششۈق ئوڭ تەرەپتە بولسا، بالىياتقۇ سول تەرەپكە مايىللىشىدۇ، ئەگەر ئۈششۈق سول تەرەپتە بولسا، بالىياتقۇ ئوڭ تەرەپكە مايىللىشىدۇ، ئەگەر ئۈششۈق ئالدىدا بولسا، بالىياتقۇ ئارقىغا سىلجىيدۇ، ئەگەر ئۈششۈق ئارقىدا بولسا، بالىياتقۇ ئالدىغا سىلجىيدۇ، ئەگەر ئۈششۈق ئاستى تەرەپتە بولسا، بالىياتقۇ ئۈستى تەرەپكە مايىل بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۈششۈق ئۈستى تەرەپتە بولسا، بالىياتقۇ ئاستى تەرەپكە مايىل بولىدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ بولىدۇكى، ئەگەر ئۈششۈق چوڭ بولسا، چۈنكى بالىياتقۇ بۇ ھالەتتە ئۈششۈقنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبلىك ئۈششۈقنىڭ قارشى تەرىپىگە مايىل بولىدۇ، ئەگەر ئۈششۈق كىچىك بولسا، ئۇنى تارتىپ ئۆز تەرىپىگە ئېگىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۈششۈقنىڭ ئىلاجى قىلىنمىسا ئىستىسقا پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما بولمايدۇ. ئۆتكۈر ئۈششۈقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ. دوۋسۇن ساھەسىدە ياكى كىندىك ئەتراپىدا قاتتىقلىق، ئېغىرلىق، يەڭگىل ئاغرىش بولىدۇ، يول يۈرگەن ۋاقىتتا ئىككى پاچاق تىترەيدۇ، بەدەندە سۇسلۇق ۋە ھورۇنلۇق غالىب بولىدۇ، بىرەر ئىش

قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ، بۇ ئىششىقتا ئاغرىق ئاز بولىدۇ.

ئىششىق قانچە كونىرىسا، ئاغرىق سېزىمى شۇنچە ئاز بولىدۇ، كىندىك ساھەسىدە ئادەتتىن تاشقىرى كۆپۈش مەلۇم بولىدۇ، ھەيز تەرتىپسىزلىنىدۇ، ئاق خۇن كېلىش ۋە بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

ئاقىۋىتى كېسەللىك يەڭگىل بولسا ساقىيىدۇ، ئەگەر تېۋىپ قائىدىسىز داۋالىغان بولسا، كېسەللەنگەن ئورۇندا قاتتىقلىق قېپقالىدۇ. ئەگەر ئىششىق پىشقان بولسا ۋە ئۇ يارا ھالىتىگە ئۆزگەرگەن بولسا، سەرتانى كەيپىيات پەيدا بولىدۇ ياكى ئىششىق قورساق ئورىغۇچى پەردىگىچە يېتىپ بارسا، ئاقىۋىتى ئومۇمەن ناچار بولىدۇ.

داۋالاش بەدەندىن سەۋداۋى خىلتلار سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. مەلھەمى داخىلىيۇن، مەلھەمى باسلىقۇن، مۇقەل، ياغلار، سۆگەكلەرنىڭ يىلىكى ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: سەۋسەن يېغى، نەرگىس يېغى، سېرىقچېچەك يېغى، بابۇنە يېغى ۋە ئارەندى يېغى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئىششىقنى يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: مۇقەل، مىئەسائىلە، ئۇشەق، شۇمشا، بابۇنە، كەرنۇب يوپۇرمىقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، موم يېغى، زىغىر ئۇرۇقى لوئابىدىن ئېھتىياجغا قاراپ قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ، بىمار دائىم ماددىلارنى لەتىفلەشتۈرىدىغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، يەنى بۇنىڭدا سېرىقچېچەك، كەرنۇب يوپۇرمىقى، ئىكلىلمەلىك، ئاق لەيلى، بىنەپشە، بابۇنە، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار قاينىتىلغان بولسۇن.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا سۆزلەنگەن قاينىتىلمىنى ئىككى ۋاخ ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە زىماتى مۇھەللىلنى كىندىك ساھەسىگە چېپىش مۇناسىپتۇر.

زىماتى مۇھەللىلنىڭ نۇسخىسى: خىيارشەنبەر مېغىزىدىن توققۇز گىرام، قۇرۇق ئىنتىزۇمدىن 12 گىرام، ئارپا ئۇنى، گۈلى بابۇنە، سۇمبۇل، ئىكلىلمەلىك، قىزىل سەندەل، جەدۋار، رۇسۇتنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ھۆل ئىنتىزۇمى سۈيىدىن ھاجەتكە قاراپ ئېلىپ، بۇنىڭغا سىركىدىن 24 گىرام، گۈل يېغىدىن 24 گىرام قوشۇپ، ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى پەرزىجە ئىشلىتىلىدۇ:

پەرزىجە نۇسخىسى: ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمدىن 12 گىرام، ئاق لاچىندانە، كونا چىگىت مېغىزىدىن ئالتە گىرام، ساپ ھەسەلدىن 12 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ھۆل ئىنتىزۇمى سۈيىدە ئېزىپ پەرزىجە ياساپ، كۈندە ئۈچ قېتىم ئىشلەتكۈزۈلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى بەھجىيەنى

تەييار قىلىپ كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال كىندىك ساھەسىگە تېڭىلىدۇ:

ھۆل ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى، ھۆل كاسىنە يوپۇرمىقى، ھۆل ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، ھۆل سېرىقچېچەك يوپۇرمىقى، ھۆل يۇمغاقسۈت يوپۇرمىقى، نەرمە يوپۇرمىقى، قىزىلگۈل يوپۇرمىقىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە مەلھىمى داخىلىيۇن ئىچى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بۇ مەلھەمدىن يېقىمسىزلانسا، مەلھىمى زەپەر ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقى نۇسخىنى 15 ~ 20 كۈن ئىچكۈزۈپ، بۇنىڭغا مۇسھىل دورىلارنى قوشۇپ 2 ~ 3 قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ ۋە قائىدە بويىچە ھەر مۇسھىلنىڭ دەۋرىدە سوۋۇتقۇچىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇسھىل دورىلار سانائى مەككىدىن يەتتە گىرام، خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 48 گىرام، تەرەنجىبىندىن ئالتە گىرام، گۈلقەنتتىن 48 گىرام، تاتلىق بادام يېغىدىن يەتتە گىرام قاتارلىقلار.

سوۋۇتقۇچى: خېمىرى گاۋزىباندىن 12 گىرامنى كۆمۈش ۋاراقتا ئوراپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلاننى 72 گىرام ئەرقى شوخلا، 72 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ، لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گىرام رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇسھىللارنى ئىشلەتكەن دەۋردە ئىچى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان بولسا جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرام ياكى نۇشدارى ساددەدىن يەتتە گىرام بېرىلىدۇ ياكى ھەببى پىپتە ۋە باشقا دورىلار غىزادىن كېيىن بېرىلىدۇ. بەدەننى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن بالىياتقۇنى پاكىزلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى نۇسخىنى 4 ~ 5 كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇش پايدىلىقتۇر:

پاكىزلىغۇچى نۇسخا: بەرەڭگى كابۇلى، كۆپۈكى دەريا، لاھۇر تۇزى، قۇرۇق بەھرۇزە قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئۈچ كىچىك خالتا ياساش ۋە تۇغۇت ئانىسى ۋاستىسى بىلەن بىر كىچىك خالتىنى بالىياتقۇ ئوتتۇرىسىغا ۋە قالغان ئىككى خالتا بالىياتقۇ ئەتراپىغا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت كۈنگىچە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

چاپلاشتۇرغۇچى نۇسخا: قىلىن دارچىن، كونا گەج، كىچىك گەزمازەج ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ئانار پوستىدىن ئىككى گىرام، كۆك موزا، زەمچىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن بالىياتقۇنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ھەپتىگىچە تۆۋەندىكى نۇسخا ھەمەل شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: مۇمىيا 1.6 گىرام، ئىپار 3.2 گىرام، زەپەر، گىل ئەرمىنى، خۇنسىياۋشان، ئەرەب

يېلىمى، مۇدەببەر قىلىنغان خۇبسۇلھەدىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ شامچە تەييارلاپ، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تۇغۇت ئانىسى ئارقىلىق ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش بولىدۇ. جىما قىلىشتىن چەكلىنىدۇ.

تۇخۇمدان ئىششىقى

بىرلا ۋاقىتتا ئىككىلا تۇخۇمدان ئىششىپ قالىدۇ ھەم ئۇڭ تۇخۇمدان سول تۇخۇمدانغا قارىغاندا زىيادە ئىششىپ قالىدۇ، بۇنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ. بىرى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك، يەنە بىرى سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىششىق.

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئىششىق: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ياكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئىششىقنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن زەربە تېگىش، سىفىلىس، سۆزنەك، تۇخۇمدان توقۇلمىسىنىڭ ئاجىز بولۇشى، قوشنا ئەزالار ئىششىقى، ھەيز تۇتۇلۇش، روھىي زەربىگە ئۇچراش، ھەيز كۈنلىرىدە سوغۇق تېگىش قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

ئالامىتى تولغاققا ئوخشاش تۇتقاقلىق خاراكتېرلىك ئۆتكۈر ئاغرىق قوزغىلىدۇ، لېكىن يەڭگىل ئاغرىش ھەر ۋاقىت كۆرۈلىدۇ، ئاغرىق ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا بەزىدە بىمار بىھوش بولىدۇ، قىزىتما ۋە باش ئاغرىقى بولىدۇ، بىمارنىڭ دوۋسۇن ساھەسى، يوتا ۋە بېلىدە ئاغرىق بولىدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپتىكى يوتا بېسىلسا ئاغرىقى كۈچىيىدۇ، ئۆرە تۇرغاندا پۇتى تىترەيدۇ ۋە ئاغرىق كۈچىيىدۇ، سۈيدۈكى قىزىل بولىدۇ، سۈيدۈك ئاز - ئازدىن كۆيۈشۈش ۋە يېقىمسىزلىق بىلەن كېلىدۇ. چوڭ تەرەت قىلغان ۋاقىتتا زىيادە ئىنجىقلىسا ئاغرىق كۈچىيىدۇ، كۆپىنچە قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بەزىدە تۈيۇقسىز تولغاق پەيدا بولىدۇ، بەزىدە كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، غىزادىن سەسكىنىدۇ، ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بەزىدە تەشەننۇج ۋە بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش كۆرۈلىدۇ، جىمادا قاتتىق يېقىمسىزلىق بولىدۇ، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، كۆپ كېلىش ۋە ئاق خۇننىڭ شىكايىتى پەيدا بولىدۇ. قورساقنى تۇتۇپ تەكشۈرگەندە بەزىدە تۇخۇمدانىنىڭ ئىششىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، ئەگەر ئىششىقتا يىرىڭ شەكىللەنگەن بولسا، قايتا - قايتا جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىيدۇ ھەمدە تومۇر سوقۇشى ئاجىزلايدۇ.

سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىششىق بالىياتقۇ خاراكتېرلىك ئىششىق ياكى جىنسىي يول

ئىششىقى بولۇپ تۇرۇقلۇق كۆپ جىما قىلىش، كۆپ شاراب ئىچىش، ۋەجىئۇل مۇپاسىل، سۆزنەك، سىفلىسنىڭ زەھەرلىرى مەۋجۇت بولۇش، بالىياتقۇ ئېغىزىغا ئۆتكۈر دورىلارنى چاپلاش قاتارلىقلار بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى تۇخۇمدان ساھەسىدە يەڭگىل ئاغرىق ھەر ۋاقىت كۆرۈلىدۇ، بۇ بېسىش بىلەن كۈچىيىدۇ، بەزىدە ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ، ئاق خۇن كېلىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئەمچەكتە ئىششىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، ئىششىقنى بارماق بىلەن باسقاندا ئاغرىقتا كۈچىيىش بولىدۇ ھەمدە بۇ ۋاقىتتا قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلايدۇ، قورساق كۆپىدۇ، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشنىڭ دەۋرى كېلىشكە باشلايدۇ، ھەيز كۈنلىرى يېقىمسىزلىق بىلەن كېلىدۇ، جىما ۋاقتىدا بىماردا يېقىمسىزلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ مىزاجى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىتى مالىخولىيانىڭكىدەك بولىدۇ، ئەگەر ئىككى تۇخۇمداندا ئىششىق بار بولسا ئايال تۇغماس بولىدۇ.

دىياگنوز بۇ كېسەللىك بالىياتقۇ ئىششىقى بىلەن ئوخشىشىدۇ، بۇنى تونۇش شۇكى، بۇ كېسەللىكتە ئەگەر ئىششىق بارماق بىلەن بېسىلسا، بىمارنىڭ دەرھال كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلايدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىششىقى ئېللىپسسىمان (تۇخۇمسىمان) بولىدۇ، ئەگەر ئوڭ تەرەپ تۇخۇمداندا ئىششىق بولسا، سۈيدۈك قايتا - قايتا كېلىدۇ، ئەگەر سول تەرەپ تۇخۇمداندا ئىششىق بولسا، تولغاقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

داۋالاش ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىلاج قىلىنىدۇ. ئاغرىق كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا بىمارنى ئارام ئالدۇرۇش بىلەن يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇلىدۇ ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ نۇسخىسى بالىياتقۇ ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولدى ۋە ئىچىش ئۈچۈن بالىياتقۇ ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولغان نۇسخا بېرىلىدۇ. ئەگەر تولغاقنىڭ شىكايىتى بولسا، بۇ نۇسخىغا تۆت خىل ئۇرۇق قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كېمەيتىش ئۈچۈن زىماتى مۇھەللىلگە ئەپيۇن ۋە زەپەردىن بىر گىرامدىن، بەزرۇلبەنجىدىن ئۈچ گىرام قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئۆتكۈر ئاغرىق پەيدا بولغان ۋاقىتدا بۇ پەرزىجە ئىشلىتىلىدۇ.

پەرزىجە نۇسخىسى: ھۆل كاسىنە سۈيى، ھۆل ئىنتىزۇمى سۈيى، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، ھۆل پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، گۈل يېغىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، بىر دانە توخۇ تۇخۇمى ئېقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭدا پاختىنى ھۆللەپ جىنسىي يول ۋە مەقئەت يولى ئارقىلىق بالىياتقۇغا يېقىن ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بالىياتقۇ ئىششىقىغا ئوخشاش.

بالىياتقۇ راكى (سەرتانۇر رەھمى)

سەرتان سەرتان خاس قىسمىدىكى قاتتىق ئىششىق ياكى ئۆسمىدۇر. بۇنىڭدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە ئەزالار ئورۇقلايدۇ.

بالىياتقۇ سەرتانى بالىياتقۇ سەرتانى ئومۇمەن بالىياتقۇ بويىنىدىن باشلىنىپ ئىنتايىن تېزلىكتە ئىچى ۋە سىرتقا يېيىلىدۇ، ئەتراپىدىكى بەزلەر چوڭىيىدۇ ھەمدە بالىياتقۇ يېسسىۋېلەك شەكلىدە كۆپىدۇ. سەرتان ماددىسى بۇزۇلغان بولىدۇ، بۇ بالىياتقۇ جەۋھىرى ۋە قان تومۇرغا (يىراق ـ يىراقلارغىچە) ئۆزلىشىپ (سىڭىپ) كەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭغا بىرەر دورىمۇ مەنپەئەت قىلمايدۇ. ئەگەر بالىياتقۇدا سەرتان پەيدا بولغان بولسا، بۇ كۆپىنچە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلاردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ (سەمەرقەندى).

سەۋەبى ئايالنىڭ قايتا ـ قايتا ھامىلدار بولۇشى، جىسمانىي ئاجىزلىق، ماغدۇرسىزلىق ۋە يېشى چوڭ ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇت ۋاقتىدا بالىياتقۇ بويىنىنىڭ يىرتىلىشى قاتارلىقلار بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ. بۇ كېسەللىك 40 ~ 50 ياشقىچە بولغانلاردا كۆپرەك بولىدۇ، لېكىن سەرتاننىڭ مەيلى قايسىسى بولسۇن ھەقىقىي سەۋەبى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىدى. بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىكنى ئىرسىيەتلىكتىنمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئالامىتى قاتقان ئىششىق مەۋجۇت بولۇش بىلەن ئىسسىقلىق، كۆيۈشۈش، ئاغرىق ۋە تارتىشىش بولىدۇ. بۇ قاتتىقلىق كىندىك ساھەسىدە مەلۇم بولىدۇ، جىمادا يېقىمسىزلىق بولىدۇ.

بەزىدە سەرتان بىلەن يىرىڭمۇ بولىدۇ، يەنى سەرتان ئىششىقى پىشىدۇ.

سەرتان يىرىڭلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ، بۇ ئاغرىق ئىككى يوتىدا ياكى قورساقنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدە ياكى كىندىك ئاستىدا ياكى بەلدە بولىدۇ، ئاغرىقنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇندا بولۇشى بالىياتقۇ ئىششىقىنىڭ ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىق ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىياتقۇدىن سېسىق پۇراقلىق ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ تولۇق پىشمىغان بولىدۇ، بۇ ھۆللۈك ئاققا مايىل ياكى سېرىققا مايىل ياكى قارىغا مايىل بولىدۇ ۋە ئاز ساندا قىزىلغا مايىل ياكى كۆككە مايىل بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالسا ۋە يارا شەكلىگە ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ چۆرىسى قاتتىق ۋە ئوتتۇرىسى يۇمشاق بولىدۇ، بۇ بۆلەكتە بۇلۇتنىڭكىدەك ناھايىتى كىچىك تۆشۈك بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئوفۇنەتلەنگەن ھۆللۈك ئاقىدۇ، قاننىڭ چىقىشى كۆپ بولىدۇ، ئاغرىقتا ئۆتكۈرلۈك ھەر ۋاقىت بولۇپ تۇرىدۇ، يارىنىڭ ئىچىدە ھەر ۋاقىت لوقۇلداش سېزىمى بولىدۇ،

بىمار بىئارام بولىدۇ ۋە يۈرىكى سىقىلىدۇ، غىزادىن سەسكىنىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، كۆپىنچە كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئورۇقلاش ۋە ئاجىزلاش كۈنسېرى ئاشىدۇ، بىماردا سۈيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كېلىش، تامچىلاپ كېلىش ياكى سۈيدۈك تۇتۇلۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، قىزىتما، باش قېيىش ۋە باش ئايلىنىش بولىدۇ، بالىياتقۇ دىۋارلىرى قاتتىق ۋە تەكشىسىز بولۇپ، ئۆزئارا چاپلىشىدۇ، يەنى ئۇنىڭ يۈزى تەكشى بولمايدۇ.

داۋالاش بالىياتقۇ سەرتانىنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك ئىلاجى يوق، بۇنىڭدا بالىياتقۇغا خاس بولمىغان بىرەر ئەزا سەرتانىنىڭ مەلۇم تولۇق ئىلاجى بولمايدۇ (بۇقرات). لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇنى داۋالاپ تۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتكۈچى مەلھەم، سوغۇق تۈردىكى لۇئابلار كۈچلۈك ئاغرىق ۋە كۈچلۈك لوقۇلداش بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى ئاغرىق توختاپ ھارارەت تۆۋەنلىگىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ھارارەتتە تۆۋەنلەش بولسا، ئادەتتىكى تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىلاج قىلىنىدۇ، مەسىلەن: مەلھىمى داخلىيۇنغا، مۇقەل، بابۇنە يېغى، ئۆردەك يېغى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىق ۋە تەدرىجىي تارقاتقۇچى نۇتۇلدىن شۇمشا، بابۇنە، زىغىر ئۇرۇقى، كەرنۇب يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا ۋە بىمارنىڭ ئەھۋالى يار بەرسە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، يەنى بۇ مەلۇمكى، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئادەتتە بۇنىڭغا زۆرۈرىيەت چۈشمەيدۇ.

بەدەندىن سەۋدانى ئىستىفراغ قىلىپ تازىلاش، مىزاجدا ھۆللۈك پەيدا قىلىش، ئەگەر سەرتان يارىغا ئۆزگەرگەن بولسا بىمارنى ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇش، بۇ، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، كەرنۇب، بىنەپشە ۋە زىغىر قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن ۋە ئاغرىقنى پەسەيتىش مەقسىتىدە جىنسىي يولغا شىيافى ئەبيەز ۋە شىيافى ئەپيۇننىڭ ھۆقنىسى ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن قىلىنىدۇ ھەمدە بۇنىڭغا تۈزىتىش مەقسىتىدە ئازراق زەپەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەنجۈر، چىلان، سەرپىستان قاينىتىلمىسىغا خىيارشەنبەر ۋە بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

پايدىلىق سۆز: سەرتان ئاددىي بولسا ياكى يارىغا ئۆزگىرىپ بولغان بولسا، ئىككىلا ھالەتتە بۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئىلاجى بولمىغاندا بالىياتقۇ دەستىكار ئارقىلىق ئېلىۋېتىلىدۇ، ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەندە ئىلاج قىلىنمايدۇ ۋە يېقىمسىزلىقلارنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قىلىنىدۇ. بۇ ھالەتتە بەزى كىشىلەر ئىچى تەرەپتىن قان تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزىدۇ ھەمدە بۇنى ناھايىتى مەنپەئەتلىك، دەپ ئويلايدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش گۈل تىسو ۋە پوستى خەشخاشنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، قايتا ـ قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كاسىنە سۈيى، ھۆل

كاھۇ سۈيى، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، گۈل يىغى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامنى مېۋىلىك دەرەخ ئاياقىغا سېلىپ قوغۇشۇن بىلەن ئېزىپ، بۇ مەلھەمگە ئوخشاش بولغان چاغدا بىر دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنى پاختىغا يۇقتۇرۇپ، كېسەللەنگەن ئورۇنغا قويۇلىدۇ ياكى مەلھىمى كافۇر چېپىلىدۇ ياكى ئىچكى تەرەپتىن مەلھىمى داخىلىيۇن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلىرىگە مۇناسىپ چارە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: قەۋزىيەت ئۈچۈن ھۆقنە قىلىنىدۇ ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇش ئۈچۈن كاتېتىر سېلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سۈت، تۇخۇم، خام شورپا، شورپا ۋە باشقا سۇيۇق ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ، بىمار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يول يۈرۈشتىن توسۇلىدۇ.

بالياتقۇ بوينى بوغۇلۇش
(سەرئى، ئىختىناقى رەھمى)

بالياتقۇ بوينى بوغۇلۇش سەرئى ۋە غەشى بىلەن ئوخشاش بولىدىغان مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكتۇر. يەنى بۇ ئىككىلىسى بىرگە پەيدا بولىدۇ، ئوخشاشلىق ئېتىبارىدىن سەرئىگە ئوخشاشلىق بۇنىڭدىمۇ دەۋرىيلىك بولىدۇ، بىمار يىقىلىپ چۈشىدۇ ۋە بەزى ئەزالاردا (مەسىلەن: پاچاقلىرىدا) تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ، غەشى بىلەن ئوخشاشلىق ئېتىبارىدىن غەشىگە ئوخشاش بۇ كېسەللىكتە بىمار يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىسە ئاڭلايدۇ، بۇنىڭدىمۇ قول - پۇتلىرى سوغۇق بولىدۇ. رەڭگى سېرىق بولىدۇ، تومۇرى ۋە نەپەسلىنىشى كىچىك بولىدۇ.

ئۇ ئىككى كېسەللىك (سەرئى ۋە غەشى) بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، بۇ ئىككى كېسەللىككە ئوخشاش بۇ كېسەللىكتە كۆپىنچە ھەرىكەت (مۇھەررىكە) ۋە ھېس قىلغۇچى (مۇدرىكە) قۇۋۋەتلىرى يوقىلىدۇ، بىمارنىڭ گېلى بوغۇلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى «ئىختىناق» (گال بوغۇلۇش) دەپ قويۇلغاندۇر.

ماھىيىتى بالياتقۇ بوينى بوغۇلۇش توغرىسىدا قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ بىرىنچى خىيالى: بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالياتقۇدىن باشلىنىدۇ، نېرۋىلار بىلەن كۈچلۈك شېرىكچىلىكى سەۋەبلىك يۈرەك ۋە مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ ھەم بالياتقۇ يۈرەك ۋە مېڭە بىلەن يۈرەك ۋە مېڭە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قىزىل قان تومۇرلار ۋە كۆك قان تومۇرلار بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ قىياسنىڭ شەرھى ۋە تەپسىلاتى شۇكى، بالياتقۇ ۋە تۇخۇمدان قاتارلىقلارغا مەنىي ۋە باشقا ماددىلار كۆپلەپ توپلىنىپ توسۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ماددىلار زەھەر ۋە ئوفۇنەت تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ، ئاندىن ئۇ ماددىلارنىڭ زەھىرىنىڭ زىيىنى يۈرەك ۋە مېڭىگە

ئىككى خىل شەكىلدە يېتىپ بارىدۇ. بىرىنچى، بالىياتقۇ بۇنىڭدىن ئەزىيەتلىنىپ يىغىلىدۇ ۋە تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ ھەمدە بالىياتقۇغا تۇتىشىش بىلەن تەشەننۇجنىڭ زىيىنى يۈرەك ۋە مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئىككىنچى، بۇزۇلغان ماددىلاردىن ناچار ۋە زەھەرلىك تەركىبلەر سۈمۈرۈلۈپ، قان تومۇر يولى بىلەن ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ ھەمدە يۈرەك ۋە مېڭىگە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ياكى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھەيز قېنىنىڭ بىر مۇددەتكىچە توختاپ قېلىشىدىن بولىدۇ، يەنى بالىياتقۇغا بۇ قان ناھايىتى كۆپ يىغىلىدۇ. بالىياتقۇدا ھەيز قېنىنىڭ توسۇلۇشىدىن باشقا ماددىلار توسۇلۇپ قالغاندا پەيدا بولىدىغان بۇزۇلۇشلار كۆرۈلىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئەزىيىتى سەۋەبىدىن بالىياتقۇدا تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ ياكى ھەيز ماددىلىرى تومۇرلاردا توسۇلىدۇ، بۇنىڭدىن قان تومۇرلار تولۇپ تومىلىشىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ ياكى ھەيز ماددىلىرى بالىياتقۇ جەۋھىرىگە تارقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇ قېلىنلىشىدۇ ياكى بۇ ماددىلار پۈتۈن بالىياتقۇغا تارقالمايدۇ، بەلكى بالىياتقۇنىڭ مەلۇم ئورنىغا سىڭىپ كىرىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ زىيىنى يۈرەك ۋە مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇغا ئىككىنچى ئېيىنىڭ ھەيز قېنى كەلسە، بالىياتقۇنىڭ تەشەننۇجى، قىسقىرىشى ۋە ئەزىيىتىمۇ كۈچىيىدۇ ھەم توختاپ قالغان مەنىي ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن زەھەرلىك تەركىبلەر يۈرەك ۋە مېڭىگىچە يېتىپ بارغىنىدەك، ئەگەر بۇ قاندا زەھەر پەيدا بولسا، بۇ تۈردىكى زەھەرلىك ماددىلار ئۆرلەيدۇ.

كېسەللىكنىڭ دەۋرى بۇ كېسەللىك دەۋرىيلىك بولىدۇ، بۇ دەۋر بەزىدە ئۇزۇندا ۋە بەزىدە تېز - تېز كېلىدۇ. لېكىن دەۋرلەرنىڭ تېز - تېز كېلىشى خەتەرلىك. بەزىدە ئۇنىڭ دەۋرى ھەر كۈنى كېلىدۇ.

دەۋرلەرنىڭ سەۋەبىنى قەدىمكى يۇنانلارنىڭ تەرجىمانلىقىنى قىلىدىغان نەفىس ئېيتقانكى، ئەگەر بۇ زەھەرلىك ماددىلار بالىياتقۇ قاتارلىقلارغا كۆپلەپ توپلانغان بولسا، يۈرەك ۋە مېڭىگە ئۇلاردىن ئەزىيەت يېتىدۇ ياكى ئۇ ماددىلاردىن زەھەرلىك ماددىلار ئۆرلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت ئۇ ماددىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تەييار بولىدۇ ھەمدە يوشۇرۇن شەكىلدە تارقىتىپ، ئۇلارنى ئاز - ئازدىن يوقىتىدۇ، ھەتتاكى بۇ كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى توختايدۇ ھەمدە بىمار ھوشىغا كېلىپ ساقىيىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھالەت ئىككىنچى قېتىم زەھەرلىك ماددا غالىب كەلگەن چاغقىچە داۋاملىشىدۇ.

ئىككىنچى خىيالى بۇ كېسەللىكنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى خىيال ناھايىتى چۈشىنىكسىز ۋە تاردۇر. يەنى بۇ ئاجايىپ كېسەللىك مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ بۇ چوڭ توپلىمىغا كىرىدۇ، بۇنىڭ ماھىيىتى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان ۋە بۇ مەجھۇل ماھىيەت دەپ

ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: سەرئى، مالىخولىيا، جۇنۇن، مەراق قاتارلىقلار.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى گەرچە نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق بولمىغان تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن سانىلىدۇ: بۇنىڭ قانداق شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى سۆزلەنمىگەن. بۇ كېسەللىك كۆپرەك 12~ 40 ياشقىچە ئارىلىقتىكى ئاياللاردا بولىدۇ، لېكىن ئاز ساندا ئەرلەرمۇ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا قانۇندا يازغانكى، بەزىدە بۇ تۈردىكى سەۋەبلەردىن (بۇ ئاياللاردا بولىدۇ) بىر قىسىم ھالەتلەر ئەرلەردىمۇ پەيدا بولىدۇ، ئاياللاردا ھەيز كۈنلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش، نەپسانىي ھەۋەسلەرنىڭ غالىب كېلىشى، دائىملىق قەۋزىيەت، قورساق كۆپۈش، رەنج ۋە غەم، يېشى چوڭىيىپ كەتسىمۇ ئەرگە تەگمەسلىك ۋە ئەرلەردىكى جەلەق، بەچچىۋازلىق، ئەقلىي ئەمگەك، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار ئومۇمەن بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ئىرسىيەت شەكلىدىمۇ ئاتا - ئانىسىدىن بالىلارغا قالىدۇ، بولۇپمۇ ئانىدىن بالىغا دېيىلگەن.

تۈرلىرى ۋە ئالامىتى بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىك ئېتىبارى بىلەن ئۆتكۈر ۋە يەڭگىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆتكۈر تۈرىنىڭ ئالامەتلىرى:

كېسەللىك قوزغىلىشقا يېقىن سەزگۈلەر ئۆزگىرىدۇ، ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق بولىدۇ، ئىككى پاچاقلىرى ئاجىزلىشىدۇ، چىرايى سارغىيىدۇ، كۆزلىرىگە ياش كېلىدۇ، بىمارغا دوۋسۇن ساھەسى قاتارلىقلار تەرەپتىن بىرەر نەرسە ئۈستىگە ئۆرلەۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. ھەتتا ئۇ يۈرەككىچە يېتىپ بارسا ئەقلى بۇزۇلىدۇ، ھوشىدىن كېتىدۇ، سەزگۈسى يوقىلىدۇ ھەمدە ئاۋاز ۋە گەپ قىلىشى توسۇلىدۇ، شۇنىڭدەك باشقا ئىرادىگە بېقىنىدىغان ھەرىكەتلەر توسۇلىدۇ ياكى بىمار بىراقلا توۋلاپ يىغلاشقا باشلايدۇ ياكى ناھايىتى كۈچەپ كۈلۈشكە باشلايدۇ ۋە يۇملاق نەرسە قورساقتىن كۆتۈرۈلۈپ گېلىغىچە بارغاندەك مەلۇم بولىدۇ، ئۇ يۇملاق نەرسە گالغا بېرىپ توختىسا بىمار ئۇچۇق بىھوش بولۇپ، ئاستا زېمىن ئۈستىگە يىقىلىدۇ، كۆكرىكى بېسىلىدۇ، يوتىلىرى يىغىلىدۇ ياكى ئىككى كۆزى يۇمۇلىدۇ، بېشى ئارقا تەرەپكە ۋە گېلى ئالدى تەرەپكە پۈلتىيىدۇ تاكى گېلىدىكى يۇملاق نەرسە چىقىپ كەتكۈچە. پۇت - قوللىرىدا تەشەننۇج بولىدۇ، بەزىدە ئۆرە تۇرىدۇ، بەزىدە ئولتۇرىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلايدۇ، كىيىمىنى يىرتىۋېتىدۇ ۋە بەدىنى سوغۇق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا پەرۋىش خادىمىنى چىشلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ، نەپەسلىنىشى تەرتىپسىز ۋە تېز - تېز بولىدۇ، سوغۇق ئاھ ئۇرىدۇ، يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ، قورسىقى كۆپىدۇ، قايتا - قايتا گېلى تەرەپكە ئىشارە قىلىدۇ، يۈزى قىزىل بولىدۇ،

بويۇنىنىڭ كۆك قان تومۇرلىرىنىڭ قان بىلەن تولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق بولىدۇ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەگەر دەۋرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كېمەيسە، نەپەس ئېلىشى يۇقىرىلاپ بىمار تىترەيدۇ، قول تەگكۈزۈشتىن چۆچۈيدۇ ياكى بىھوشلۇق ھالىتىدە خەۋەرسىز بولىدۇ، ئاندىن كېيىن بىراقلا مەزكۇر ئالامەتلەر كۈچلۈك بولىدۇ، مۇشۇ تەرىقىدە بىرقانچە قېتىم كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە بىمار خامۇش بولىدۇ، نەتىجىدە يىغلاشقا ياكى كۈلۈشكە باشلايدۇ، بەزىدە قۇسۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ ھەمدە كېسەللىكنىڭ دەۋرى يوقىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك دەۋرىدە تەشەننۇج بولۇشقا باشلىسا، بىمار بىھوش بولىدۇ. بەزىدە تويۇقسىز جۆيلۈشكە باشلايدۇ ۋە بەزىدە ئىتقا ئوخشاش قاۋايدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ دەۋرى ئومۇمەن ھەيز كۈنلىرىدە بولىدۇ ۋە بىرقانچە دەقىقىدىن تۆت ~ بەش سائەتكىچە ۋە بەزىدە تۆت ~ بەش كۈنگىچە تۇرىدۇ.

كېسەللىك تۇتمىغان ۋاقىتتىكى ئالامەتلەر: كېسەللىك تۇتمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان ئەزالاردا ئوخشاشمىغان بۇزۇلۇشلار ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بەزىدە بىمار خۇشال - خۇرام ياشايدۇ، بەزىدە يىغلايدۇ ۋە نالە قىلىدۇ، يامان خىياللارنى ئويلايدۇ، باشقىلار بىلەن دەرتداش ۋە ئىززەت تەلەپ قىلغۇچى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە رايىدا مۇستەھكەملىك بولمىغان بولسا قورقۇنچاقلىق غالىب كەلگەن بولىدۇ، سەزگۈلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر بولىدۇ، تېرىدە سانجىلىش، بەزىدە ئاغرىش، بەزىدە قىچىشىش ۋە بەزىدە چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ ياكى سېزىمسىزلىق مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە چوڭ - كىچىك تەرەت سېزىملىرى يوقىلىدۇ. بەزىدە يول يۈرۈشتە سۈرئىتى نورمال بولمايدۇ، بەزىدە ئومۇمىي پالەچنىڭ تولۇق بولمىغان ئالامەتلىرى بولىدۇ. لېكىن سەزگۈسى نورمال تۇرىدۇ ۋە مۇسكۇللىرى يىگىلمەيدۇ، بەزىدە يېرىم پالەچ بولىدۇ، لېكىن يۈز ۋە تىلى پالەچلىكتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بەزىدە پۇت - قول پالەچى بولىدۇ، لېكىن دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەي پالەچلەنمەيدۇ، ئەگەر بىمار ئۆرە تۇرغۇزۇلسا، بىرەر ياردەمسىز ئۆرە تۇرالايدۇ، بەزىدە كۆزىنى يۇمۇپ مېڭىشقىمۇ باشلايدۇ، چۈنكى بۇ كېسەللىك ۋەھىمە بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئاغرىق ۋە ئەزىيەتنىڭ كىچىك سەۋەبلىرىنى چوڭ چۈشىنىدۇ، ئادەتتىكى يېقىمسىزلىقلارغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدۇ، ناھايىتى زىيادە تەسىرلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئەگەر بۇ توغرىسىدا ئۇنىڭ دەرتدىشى بولسا، ئۇنىڭ بۇ تەسىرلىرى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ يىغلىشى ۋە چىرقىرىشى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەگەر قورقۇنچ سېلىنسا ياكى ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قوللىنىلسا، ئۇ خامۇش بولىدۇ، بەزىدە ئىرادىسىز ھەرىكەتلەر ئۆتكۈر بولىدۇ، ئاۋازى بوغۇلىدۇ ھەمدە بىمار ئازراقمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، بەزىدە قورسىقى

چوڭىيىدۇ ۋە ھامىلدارلىقنىڭ گۇمانى بولىدۇ، قورساق كۆپۈش، قورساق كوركىراش ۋە ناچار نەرسىلەرنى يېيىش خاھىشى بولىدۇ، بەزىدە ئىختىلاج ۋە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، نەپەسلىنىشى تېز - تېز بولىدۇ، قۇرۇق يۆتەل قوزغىلىدۇ، بەزىدە قەۋزىيەت، بەزىدە ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، بەزىدە سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە بەزىدە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ كېسەللىكنىڭ ھالەتلىرى، ئالامەتلىرى ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ھەر خىل بولىدۇ، بۇنى بىلىپ بولۇش قىيىندۇر.

يەڭگىل تۈرىنىڭ ئالامەتلىرى:

بىمارنىڭ سول يانپېشىدا بىرئاز يېقىمسىزلىقمۇ سېزىلمەيدۇ، قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن، قورساقتا يۇمىلاق نەرسە ھەرىكەتلەنگەندەك مەلۇم بولىدۇ ۋە گالغىچە يېتىپ بېرىپ توختايدۇ، بۇنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىمار قايتا - قايتا يۇتۇشقا تىرىشچانلىق قىلىدۇ، دېمى سىقىلىدۇ، ئاز مۇددەتتىن كېيىن بۇ كەيپىيات يوقىلىدۇ، لېكىن بىمار باش ئاغرىش، ھارغىنلىق ۋە بويۇندا قاتتىقلىق ھېس قىلىدۇ، قورساقتا كۆپۈش بولىدۇ، كېكىرىك قايتا - قايتا كېلىدۇ، ئىختىلاج بولىدۇ، سۈيدۈك سۈيۈق ۋە كۆپ كېلىدۇ، بىمار غەمكىن ۋە ئازار يېگەندەك بولىدۇ.

بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش ۋە سەرئىدىكى پەرق: بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش ۋە سەرئىدىكى پەرق شۇكى، بۇ كېسەللىكتە ئايالنىڭ ئەقلى تولۇق يوقالمايدۇ ۋە ئىچكى سەزگۈلەر تامامەن بىكار بولمايدۇ، ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە، بىمارغا قانچىلىك گەپلەر دېيىلگەن بولسا، بۇ گەپلەرنى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئاڭلايدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئۆتكۈر بولسا، سەرئى كېسەلدەك بىمارنىڭ ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىدىغان ئەھۋاللار (بۇ ئىككىسىنىڭ ئالامەت پەرقى سەرئىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان) كۆرۈلىدۇ.

ئاقىۋىتى ھەرقانداق ئايالدا بىر قېتىم بۇ كېسەللىكنىڭ دەۋرى بولسا، بۇنىڭدىن تەسلىكتە ياخشىلىنىدۇ، خۇسۇسەن بۇ ئىرسىيەتلىك بولغاندا ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ناۋادا ئىچكى ئەزالار، مەسىلەن: بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان قاتارلىقلارنىڭ بىرەر بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بولسا، ساقىيىشىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ، ئەگەر پەقەت مېڭە پائالىيەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بولسا، ساقىيىشى مۈشكۈلدۇر.

داۋالاش دەۋرىي ۋاقتىدا غەشىنى داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالاشنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى. يەنى پۇت - قولنى ئۇۋۇلاش ۋە باغلاش، يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىش، بىمارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە مېدىرلىتىش. كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا، بۇ بىمارغا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى

پۇراتماسلىق، بەلكى بىمارغا سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى پۇرىتىش، مەسىلەن: قوندۇز قەھرى، كۈندۈش، قەتران (بىر خىل قارا، سېسىق پۇراقلىق ياغ بولۇپ، بۇ دەرەخ ۋە باشقىلاردىن چىقىدۇ، بۇ تۆگىدىكى قىچىشقاققا سۈركىلىدۇ)، نېفىت (بۇ زېمىندىن چىقىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر پۇراقلىق ياغدۇر. بۇ توپا يېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلارنى پۇرىتىش تاكى مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن سېسىق پۇراقلار مېڭىنى ئىسسىتىپ، سوغۇق ۋە زەھەرلىك گازلار ھەم ماددىلارنى تارقاتسۇن، لەتىفلەشتۈرسۇن ھەمدە بالىياتقۇنى كېڭەيتىش ۋە بالىياتقۇنىڭ تارىيىشىنى يوقىتىشنى باراۋەر قىلىش. بۇ كېسەلدە بالىياتقۇغا ئىسسىق ۋە خۇش پۇراق ياغ (مەسىلەن: ئىپار ۋە ئەنبەر ئېرىتىلگەن بولسۇن) نى چېپىش مۇناسىپتۇر ھەمدە ئۇ ياغلارنى بالىياتقۇغا ھۆقنە قىلىش تاكى بۇنىڭدىن بالىياتقۇ بوشاشسۇن ۋە بالىياتقۇ ۋە باشقا ئەزالاردىكى بۇزۇق ماددىلار تارقالسۇن. ئىككى پۇتلىرىنى كۆچەپ ئۇۋۇلاش ۋە ئىككى پاچىقىنى باغلاش تاكى ئۇ يېقىمسىزلىقتىن تەبىئەت ئاگاھلانسۇن ۋە ئويغانسۇن. يوتا ۋە ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ھىجامەت قويۇش، ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىسمىنى چاقىرىپ تووۋلاش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ ھېس - ئىدراكى تولۇق بولمايدۇ، بەلكى ئاۋازلارنى گويا يىراقتىكى ئاۋازدەك ياكى تامنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلايدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئىسمى تووۋلانسا، ئايال ئاگاھ بولىدۇ، ئويغىنىدۇ ۋە بەزىدە تولۇق ھوشىغا كېلىدۇ.

دەۋردىن كېيىنكى داۋالاش يەنى چوڭ - چوڭ ئايارەجلەر، مەسىلەن: ھەببى ئىستەمخىقۇن ۋە ئايارەج لوغانزىيا، ئاندىن كېيىن دەھمەرسا، مەسرۇدىتۇس ۋە مەجۇنى غىياسى قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش، مەجۇنى غىياسى «سوتىرە» نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئاندىن كېيىن ئايال ياتلىق بولغانمۇ بۇنى ئويلاش، ياتلىق بولمىغان بولسا توينى قىلىش، تويدىن كېيىن كۆپىنچە ئۇلارنىڭ بۇ كېسىلى يوقىلىدۇ، بەزىدە بۇ تويدىن كېيىنمۇ يوقالمايدۇ. بىمارغا مەنىينى كېمەيتكۈچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىچكۈزۈش، يۇقىرىقى مەزكۇر ياغلار بىلەن بارماقنى ھۆللەپ، تۇغۇت ئانىسى بىمارنىڭ بالىياتقۇ ئېغىزىدا غىدىقلىنىش پەيدا قىلسۇن، بۇ ئەمەلنى دەۋرىي (تۇتقان) ۋاقىتىدىمۇ قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ ئەمەل جىمانىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك جىنسىي يولغا پەرزىجە شەكلىدە كۆيۈشتۈرگۈچى ۋە بالىياتقۇدا غىدىق پەيدا قىلغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ياۋا رەيھان، قارىمۇچتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يەسمەن يېغىدىن ئېھتىياجغا قاراپ قوشۇپ پەرزىچە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ،

ئەگەر ھەيز تۇتۇلغان بولسا، ھەيزنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى ھەيز تۇتۇلۇشتا سۆزلىنىپ بولدى. جۈملىدىن بىرەر ۋاقىتتا بالىياتقۇ ئېغىزىدا غىدىق پەيدا قىلىدىغان ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدىغان ھەمەل ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: پەرپىيۇن ۋە قارىمۇچ.

ئەسكەرتىش ئەللامە سەمەرقەندى بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشنى داۋالاش توغرىسىدا يازغانكى، بالىياتقۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بۇ ناپاك ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىپ قاچىدۇ، خۇش پۇراق نەرسىلەر تەرىپىگە مايىل بولىدۇ، بۇ خىيالنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساسەن بۇ كېسەلدە ئۈستىدىن سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ، ئاستىدىن خۇش پۇراق نەرسىلەر بالىياتقۇ ئېغىزى ۋە جىنسىي يولغا كىرگۈزۈلىدۇ، لېكىن بۇرۇنغا پۇرىتىش بىلەن خۇش پۇراق نەرسىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە سېسىق پۇرىقى، بالىياتقۇغىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ياكى بالىياتقۇغا بىرەر سېسىق پۇراقلىق دورىنى كىرگۈزۈش بىلەن بالىياتقۇ ئىچىدىكى بۇ پۇراقنىڭ بۇرۇنغىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ناھايىتى قىيىن.

شۇنىڭدەك خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇراش بىلەن بالىياتقۇنىڭ ئۈستى تەرەپكە ئۆرلىشى ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى پۇراش بىلەن ئاستىغا تەرەپكە تۆۋەنلەيدۇ، دېيىش قاتتىق گۇمانلىقتۇر.

پايدىلىق داۋالاش ئۇسۇلى ئەگەر مۇمكىن بولسا، سۇ ۋە ھاۋاسى ئالماشتۇرۇلىدۇ، بىمارنى مۇمكىنقەدەر خۇشال قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا بىر تۇغقانلىرى بىلەن بىمارنى ئايرىم قويۇش، ھەرقانداق كونا نەرسىنى ئۆيدىن ئاچىقىۋېتىش، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن كونا شىكايەتلەر يادىغا يېتىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېسەللىك قوزغىلىپ، كېسەللىك تۇتۇشنىڭ خەۋپى بولىدۇ. بىكار، بوشاڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتىنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ، كۆپ جىما، جەلەق، ئورۇنسىز قورقۇنچلار ۋە ئويلىنىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ئەقلىي ئەمگەك ئازايتىلىدۇ، جىسمانىي ھارغىنلىقنىڭ كۆپىيىشىدىن توسۇلىدۇ. ئەگەر ھەيز قېنى ياكى قاننىڭ بۇزۇلغانلىقى بايقالسا، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇلىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ پۈتۈن بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئوچۇق ھاۋادا سەيلە ۋە ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ، ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش ۋە پۈتۈن بەدەننى ئۇۋۇلاش ھەم سىڭىشلىق، تېز ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى يېگۈزۈش، بۇ كېسەللىككە ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

بەزى كىشىلەر بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇ كېسەللىكنىڭ بىرەر

خاس سەۋەبى ئاشكارا بولمىسا ۋە بىرەر خاس ئىلاجى بولمىسا، بىر دورا بىلەن 10 كېسەلگە مەنپەئەت يەتسە، 10 كېسەلگە زەرەرى يېتىدۇ. بەلكى بىرلا كېسەلگە بەزى ۋاقىتتا بىر خىل دورا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ دورا يەنە قاتتىق قارىمۇقارشى كېلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ماھىر تېۋىپ داۋالاپ ھەيران قالىدۇ. لېكىن كېسەللىك يوقالمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت بەرگەن دورىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بەزىدە پەقەت نەسھەت ياكى قورقۇتۇشتىن بۇ كېسەللىكنىڭ كۆپلىگەن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار كېسەل تۇتقان ھالەتتە، بىمارنى ساپ ھاۋالىق ياتاقتا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش، گال ۋە كۆكرىكىنى ئېچىش، بىمارنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىش، بىلەك ۋە يوتىلىرىنى كۈچەپ باغلاش، پىياز، سامساق ياكى كافۇر پۇرىتىش ياكى قوندۇز قەھرى، كۈندۈش، جاۋشىردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، بۇرۇنغا پۈركۈش ياكى گۈڭگۈرت سىرىقى ۋە مۇقەلنى كۆيدۈرۈپ ئىسلاش ياكى ئېغىز - بۇرنىدا قىسقا ۋاقىتقىچە تۇرغۇزۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر جىمائى تەرك قىلغانلىق سەۋەب بولغان بولسا، دەۋر ھالىتىدە جىما قىلىش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

ئەگەر كېسەللىك ھەيز تۇتۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، دەرھال پەرپىيۇن ۋە قارىمۇچتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، پەررىچە تەييارلاپ پەررىچە قىلىنىدۇ. ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە، ئەسلى سەۋەبكە مۇۋاپىق ھالدا ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەمدە ھەيز تۇتۇلۇشنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك توي قىلىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولسا، ئۇنىڭ ياخشىراق ئىلاجى توي قىلىشتۇر.

كېسەل تۇتمىغان ھالەتتە، ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھەيز تۇتۇلۇش بولغان بولسا، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئەتىگەندە بېرىلىدۇ:

نۇسخا: زاراۋەندى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، قوغۇن پوستى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان ھەربىرى بەش گىرامدىن. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: جەدۋاردىن بىر گىرام، ئۇد سەلىبتىن بىر گىرام ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، ئۇنى ئۇد سەلىب، جەدۋار چۆشكەن خېمىرى گاۋزىبانغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈش،

ئۈستىدىن قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 144 گرام سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە مېڭىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن كەچتە ئىستېمال قىلىدىغان نۇسخا ياكى ئەتىگەندە ئىستېمال قىلىدىغان نۇسخا بىلەن داۋائى شىپا بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى بالىياتقۇ ئىششىقى بولسا تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، كاسىنە يىلتىزى، گۈلبىنەپشە، بەديان ھەربىرى يەتتە گرامدىن، گاۋزىبان، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، پىرسىياۋشان، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، جەدۋار، ئۇد سەلىب ھەربىرى بەش گرامدىن. دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ ئەتىگەندە سۈزۈپ، 24 گرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: جەدۋار ۋە ئۇد سەلىبتىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، جەدۋار ۋە ئۇد سەلىب چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبانغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئۈستىدىن ئۈچ گرام قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، ئۈچ گرام بەديان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمگە ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گاۋزىباندىن 72 گرامدىن قوشۇپ، دورىلارنى چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇغا بۇزۇلغان ھۆللۈكلەر توپلانغان بولسا، بالىياتقۇنى تازىلاش ئۈچۈن بالىياتقۇ ئىششىقىنىڭ باياندا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە كەچتە ياكى ئەتىگەندە داۋائى شىپا بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇسھىلنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، قائىدە بويىچە 2 ~ 3 قېتىمدىن تاكى ماددىلار تازىلانغۇچە سۈرگە (مۇسھىل) بېرىلىدۇ.

ھەبلەر: تۆۋەندىكى ھەبلەر بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشنىڭ كۆپىنچە تۈرلىرىگە بېرىلىدۇ، ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچتە بىر ھەبتىن، ئۈچ ۋاخ يۇقىرىقى دورىلار بىلەن قوشۇپ ياكى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، بۇ ھەبلەر كېسەل تۇتقان ۋاقىتتىمۇ بېرىلىدۇ.

نۇسخا: زەپەر، بەسباسە، پىلپىل، ئىسگەنىد ناگورى ھەربىرى ئالتە گرامدىن، تەنبۇل يوپۇرمىقىدىن 10 دانە، ھۆل زەنجىۋىل سۈيىدىن 24 گرام ئېلىنىدۇ. دورىلارنى تاسقاپ ھۆل زەنجىۋىل سۈيىدە يۇغۇرۇپ، ماش باراۋىرىدە ھەب تەييارلىنىدۇ. ھەزىمنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گرام بېرىلىدۇ ياكى ھەببى كەبىد نۇشادارى ئىككى دانىدىن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ ياكى ھەببى پىپتە غىزادىن كېيىن بېرىش.

ئەگەر ھامىلدار ئايالدا بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش بولسا، پەقەت گۈلقەنتكە مەستىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى ھەب پان بىلەن بېرىلىدۇ.

شەربىتى بەرائى ئىختىناقى رەھمى كاسىنە يىلتىزى 120 گىرام، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى 96 گىرام، قوغۇن ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، قۇرۇتۇلغان ئىنتئۇزۇمى ھەربىرى 48 گىرامدىن، قىزىل لوبىيا، گۈلى گاۋزىبان، تاغ پىننىسى، قۇرۇق زۇپا، پىرسىياۋشان ھەربىرى 24 گىرامدىن، كاكىنەچ ئۇرۇقى 144 گىرام، خالىس سىركە بىر شىشە، ناۋات 100 گىرام. دورىلاردىن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 48 گىرام شەربەتنى ئەرقى بەدىيانغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ قايىنتىلمىسى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، زاراڭزا ئۇرۇقى قايىنتىلما نۇسخىسى ھەيز تۇتۇلۇشنىڭ بايانىدا سۆزلەندى. ھەرقانداق ھالەتتە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن كەچتە ئىترىفىل مۇلەييىندىن ياكى ئىترىفىل زاماندىن توققۇز گىرام ئېلىپ، ئىسسىق سۈت ياكى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ھەر ۋاقىت كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بالىياتقۇ مۇدۇر - چاقىسى

بالىياتقۇنىڭ پۈتۈن ئىچكى يۈزىدە ياكى ئۇنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە، بولۇپمۇ بالىياتقۇ ئېغىزىغا يېقىن ئورۇندا ئىنتايىن كىچىك مۇدۇر - چاقىلار پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك قان خىلىتىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىنىڭ تۈرلىرىدىن بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى قان بىلەن ئارىلاشقان ماددىلاردىن بولىدۇ، ئۇ ھەيز يولى بىلەن بالىياتقۇ تەرەپكە ھەيدەپ چىقىرىلغان بولسۇن. مۇدۇر - چاقىلار ئومۇمەن بالىياتقۇ ئېغىزىدىلا بولىدۇ.

سوزۇلما ئاق خۇن كېلىش، سوزۇلما بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ ئىچىدە ئۆتكۈر ھۆللۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، سۆزنەك، سىفلىس قاتارلىقلار ئومۇمەن بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ مۇدۇر - چاقىلارنى ئېنىقلاش جىنسىي يولنى ئېچىپ تەكشۈرۈش بىلەن ياكى جىنسىي ئەزا ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئەينەكتە كۆرۈش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇغا بارماق سېلىپ تەكشۈرۈلسە ئاسان بىلگىلى بولىدۇ. بالىياتقۇدا قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، سۈيدۈك يېقىمسىزلىق ۋە كۆيۈشۈش بىلەن تەكرار كېلىدۇ، ھەيز كۈنلىرىدە دوۋسۇن ساھەسى ۋە بەلدە ئاغرىق بولىدۇ، جىما خاھىشى كۆپ بولىدۇ، ئەگەر مۇدۇر - چاقىلار پىشسا، ئۇلاردىن سېرىق رەڭلىك سۇيۇق زەرداب چىقىدۇ.

داۋالاش ئەسلىي سەۋەبكە رىئايە قىلىپ، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، مەلھەمى سەفىدە ۋە قىزىلگۈل، قىيمۇلىيا سېغىزى، كۈمۈش چىلىنىدان، مەدەستان، قەلەي كۈشتىسى، موم ۋە گۈل يېغىدىن تەييارلانغان مەلھەم تىلا قىلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار: قانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە كېمىيىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى بىلەن بەش دانە چىلاننى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى ياكى چىلان شەربىتى ياكى تاتلىق ئانار شەربىتى قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ. قانىنى تازىلاش ۋە ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئىترىفىل شاھتەررىدىن يەتتە گىرام يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 144 گىرام ئەرقى شاھتەررىگە 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا زەخمىنى تازىلاش ئۈچۈن ھۆقنە ۋە مەلھەم ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى بالىياتقۇ يارىسى بايانىدا سۆزلەندى. بۇنىڭغا ئاساسەن بالىياتقۇ قىچىشىشتا يېزىلغان پەرزىچە نۇسخىسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەبمۇ پايدىلىق. بۇ ھەب ئەتىگەندە ۋە شام ۋاقتىدا بىر تالدىن يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن بېرىلىدۇ.

نۇسخا: مۇدەببەر قىلىنغان گۈگۈرت سېرىقى 48 گىرام، زەھرى مۆھرە، تاباشىر ھەربىرى 24 گىرامدىن. دورىلارنى گۇلابتا ئېزىپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب تەييارلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كۆك ئوتياشلار، مەسىلەن: قاپاق، سېمىزئوت، پالەك قاتارلىقلار سۈت قايمىقى ياكى قېتىق قايمىقى ياكى ئارپا ئېشى ياكى سۈت بىلەن بېرىلىدۇ ھەمدە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان گۆش ۋە ئىسسىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بالىياتقۇ كۆپۈش

سەۋەبى بۇ بالىياتقۇ مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىياتقۇدىكى قۇۋۋەتلەر ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىياتقۇغا يېتىپ بارىدىغان ئوزۇق ۋە ھۆللۈك يەللەرگە ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن بۇ يەللەر بالىياتقۇ بوشلۇقلىرىدا توسۇلىدۇ. يەللەر قەيەردە پەيدا بولسۇن، ھەممىشە بۇ ئوفۇنەت ۋە ئېچىشنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ ۋە ئەزا ئاجىزلىماي تۇرۇپ بۇنى تەھقىقلەش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بويىدىن ئاجراشتىن كېيىن بالا ھەمراھى بىر بۆلىكىنىڭ بالىياتقۇ ئىچىدە قېلىشى ۋە ئوفۇنەتلىنىپ يەللەرنى پەيدا قىلىشى، ھەيز ياكى نىپاس قېنىنىڭ بالىياتقۇغا توپلىنىپ ئوفۇنەتلىنىشى ۋە يەللەرنى پەيدا قىلىشى، سوزۇلما بالىياتقۇ ئىششىقى، يەللىك، قورساقنى كۆپتۈرگۈچى نەرسىلەرنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاياللاردا بالىياتقۇ ئاجىزلىقى پەيدا بولۇش ۋە چىرىشنىڭ زۆرۈر ئامىلىدۇر.

ئالامىتى بۇ، بىمارنىڭ كىندىك ئاستىدا (كىندىككە يېقىن) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا، قورساقنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدە كۆپۈش ۋە ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇتىڭدا بىرقەدەر قاتتىقلىق بولىدۇ ۋە تارتىشىش بىلەن ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئاغرىق يوتا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ۋە كېرىگەتكە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ كېسەللىكتە يەللەر بالىياتقۇغا شۇ قەدەر تارقايدۇكى، بىماردا ۋە باشقا كىشىلەردە ھامىلىدارلىق ياكى قورساقتا سۇ چۈشۈشنىڭ گۇمانى بولىدۇ.

كىندىك ئەتراپىدىكى قورساق ئاستى بۆلىكىنى شاپىلاقلىغاندا، ئۇنىڭدىن دۇمباقنىڭكىدەك ئاۋاز چىقىدۇ.

بەزىدە بۇ ئېگىزلىك ئۆز ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ ھەم بۇ كېسەلدە بالىياتقۇ ئىچىدە تولغاق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ.

كىندىك ساھەسىدە تەرەققىي قىلىپ قورساقىچە يېتىپ بارىدىغان ئىششىق بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئەمچەكتە ئاغرىق بولىدۇ، يەللەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ئاغرىقتا ئۆتكۈرلۈك ئاشىدۇ، جىما ۋاقتىدا بالىياتقۇدىن يەللەر چىققان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ئالدى تەرەپكە ئېگىلىشتىن، چوڭ تەرەت قىلغان ۋاقىتتا ئىنجىقلاشتىن، چۈشكۈرۈش ۋە يۆتىلىشتىن ياكى قۇسۇشتىن يەل چىقىدۇ. يەللەرنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن سۈيدۈكى ئاز ۋە تەكرار كېلىدۇ، چوڭ تەرەت قىيىنلىش بىلەن ياكى تولغاق بىلەن چىقىدۇ.

ئەسكەرتىش ئەگەر ھامىلدار ئايال بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىسا بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئايارەجلەر ئارقىلىق ماددىلار چىقىرىۋېتىلىدۇ، جاۋارىش كۇمۇنى ۋە سەنجىرىنا يىلتىز ۋە ئۇرۇقلارنىڭ سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە يەللەرنى تارقاتقۇچى ھۆقنىلەر، پەرزىجىلەر، زىمات ۋە تەكمىد ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، پىننە، سۇزاپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، بەرەنجاسىپ، زىرە ۋە جۇۋۇنە قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچىش ئۈچۈن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ. جاۋارىش كۇمۇندىن يەتتە گىرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئۈستىدىن بەدىيان، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، گۈلقەنتتىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ھەم تۆۋەندىكى دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ:

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش (تەكمىد) نۇسخىسى: زەنجىۋىل، جۇۋۇنە، بۇغداي كېپىكى ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، شور تۇز 12 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، ئىككى كىچىك خالتا ياساپ ھەمدە ئوچاق ئۈستىدە ئىسسىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن كىندىك ساھەسىگە تۆۋەندىكى زىماتمۇ ئىلمان ھالەتتە چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى: سەئدى كۇفى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قارا زىرە، بابۇنە گۈلى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ زىمات قىلىنىدۇ. بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن تۆۋەندىكى ھەمەلمۇ ئىشلىتىلىدۇ:

ھەمەل نۇسخىسى: بەدىيان، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، سۇزاپ يوپۇرمىقى، قارا رەڭلىك تاغ پىننىسى ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئوبدان ئېزىپ خاس ھەسەلگە ئىلمان ھالەتتە ئارىلاشتۇرۇپ شامچە ياسىلىدۇ ۋە ئۈچ شامچە كۆندە بىرقانچە قېتىم قويۇلىدۇ، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، ئىترىفىل مۇلەييىندىن توققۇز گىرام ياكى ئىترىفىل زاماندىن توققۇز گىرام كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىف غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. ئېغىر، كۆپتۈرگۈچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

قورساق پەردە كېسەللىكلىرى (ئەمرازى پەردە سەفاق)

سەفاقنى يۇنان تېبابىتىدە بارىتون، فاراتىنىن ۋە بارىتارون دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىر سۆزنىڭ ئوخشاشمىغان تەلەپپۇزى. بۇ ئۈچ سۆزنىڭ مەنىسى «بىرەر نەرسىنى قورشىماق» تۇر، چۈنكى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى بىر كەڭرەك پەردىدۇر، بۇ تەخمىنەن بارلىق قورساق ئەزالىرىنى قورشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نام بىلەن ئاتالغاندۇر. قورساق پەردىسى بىر شىلىمشىق پەردىدۇر، بۇ تەخمىنەن قورساق ۋە دوۋساقنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قورشايدۇ. بۇ قورساق دىۋارىنىڭ ئىچكى يۈزىنى ئەستەرلەيدۇ، بۇ قەۋەتنى جۇدارىبكا (ئايرىغۇچى قەۋەت) دەپ ئاتايدۇ ھەمدە بىر بۆلىكى ئەزالار ۋە ئەزالارنى ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، بۇ قەۋەتنى ھەشۋىيە دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىر ئومۇمىي قائىدىدۇركى، شىلىمشىق پەردىلەر بوشلۇقى ھەمىشە تۇسۇلغان بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدا بىرەر يول ياكى تۆشۈك بولمايدۇ، بۇنىڭ مۇناسىۋىتى سىرتىدىن، ئۇ تۇسقۇچى پەردىگە ئوخشاش بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ئومۇمىي قائىدىگە مۇۋاپىق بارىتون بوشلۇقىمۇ ئەرلەردە تۇسۇلغان بولىدۇ، لېكىن ئاياللاردا قائىدىگە خىلاپ ھالدا تۇسۇلمىغان بولىدۇ، بەلكى بالىياتقۇنىڭ تۇخۇم توشۇش نەيچىسى كانالچىلار ئارقىلىق بالىياتقۇنىڭ شىلىمشىق پەردىسى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ.

سەفاقنىڭ ئىچكى يۈزى پارقىراق بولىدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ سىرتقى ياكى تۇتاشقۇچى قەۋىتى يىرىك بولىدۇ ۋە قورساقنىڭ دىۋارلىرى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

قورساق مايلىق پەردىسى: بۇ، قورساق پەردىلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ پەردىدۇر، بۇ تۆت قەۋەتتىن تۈزۈلگەن، ئىككى قەۋەت بىر - بىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاشقازان تۆۋەنكى ئەگمىسىدىن باشلىنىپ ئىنچىكە ئۈچەيلەرنىڭ ئالدى ئومۇمىي بوشلۇقىغىچە، ئالدىدىن ئاستىغا چۈشىدۇ، ئاندىن كېيىن بوغماق ئۈچەيگىچە ئۆرلەپ ئىككى قەۋەت بىرى ئىككىنچىسى بىلەن ئايرىلىپ، بوغماق ئۈچەينىڭ ئارىلىق قىسمى ئۈستىدە غىلاپ ياسايدۇ، ئۇ مەزكۇر قەۋەتلەرنى ئايرىش يېتىلگەنلەردە قىيىن، لېكىن كىچىك بالىلاردا ئاسان، مايلىق پەردە ئومۇمەن ئىنتايىن نېپىز ۋە غەلۋىرسىمان كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭدا ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىك ھالىتىدە ماي كۆپ مىقداردا تېپىلىدۇ، لېكىن ئورۇق كىشىلەردە ماي بىرقەدەر ئاز بولىدۇ، بۇ مايسىمان ماددىنىڭ پايدىسى ئۈچەيلەرنى سوغۇقتىن ساقلاپ ۋە ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى ياخشىلاپ ھەزىم ۋە باشقىلاردا ئاسانلىق پەيدا قىلىدۇ.

چۇقۇق (پەتەق)

بۇ، بىرەر ئىچكى ئەزانىڭ ئەسلىي ئورنىدىن بىرەر تەبىئىي ياكى غەيرىي تەبىئىي تۆشۈك يولى بىلەن سىرتقا چىقىشىغا ئېيتىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ، قورساق پەردىسىدە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش ياكى يېرىلىشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يات جىسىم يېرىلغان ئورۇنغا چۆكىدۇ، بۇ غەيرىي جىسىم ئومۇمەن قورساق مايلىق پەردىسى بولىدۇ ياكى ئۈچەيلەر، ئاز ساندا ئاشقازان ۋە باشقىلار بولىدۇ. يەنى پەتەق ھالىتىدە بىر يېڭى يول پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭغا بىرەر ئەزا كىرىپ ئورۇنلىشىۋالىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى شۇكى، قاتتىق ھەرىكەت قىلىش (مەسىلەن: سەكرەش)، توۋلاش، بىرەر ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش ۋە كۈچەشتىن ياكى قورساق ئۈستىگە زەربە تېگىشتىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن بىرەر قورساق پەردىسى كېڭىيىدۇ ياكى يېرىلىدۇ. جۈملىدىن بۇ ئىشلار غىزا يېگەندە يەنى قورساق تويغان ھالەتتە يۈز بېرىدۇ.

تۇغما ھالەتتە بىرەر تۆشۈكنىڭ بولۇشى، بىرەر ئوچۇق تۆشۈكنىڭ ئوچۇق تۇرۇشى، قورساق دىۋارىنىڭ بىرەر بۆلىكىنىڭ تۇغما ئاجىز بولۇشى، ھامىلدار كۈنلىرىدە قورساق دىۋارىغا بېسىم چۈشۈش، قەۋزىيەت ئۆتكۈرلەشكەندە چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن كۈچەپ ئىنجىقلاش ھالەتلىرىدە بېسىمنىڭ زىيادىلىكىدىن بىرەر تۆشۈك كېڭىيىدۇ ياكى بىرەر يېڭى تۆشۈك پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەرلەردە كۆپ بولىدۇ، ئورۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا سېمىز كىشىلەر كۆپ گىرىپتار بولىدۇ.

تۈرلىرى: ئوخشاش بولمىغان ھالەت ئېتىبارى بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بولىدۇ.

1. پەتەق تام: بۇنىڭدا ئۈچەينىڭ بىرەر بۆلىكى بىرەر يول بىلەن مۇكەممەل ھالەتتە سىرتقا چىقىدۇ، مەسىلەن: ئۈچەي يوتا كانىلى ئارقىلىق ئۇرۇق بېزى خالتىسىغا چۈشىدۇ.
2. پەتەق ناقىس: بۇنىڭدا ئۈچەينىڭ بىرەر قىسمى ئىچى ياكى سىرتىغا چىقمايدۇ. مەسىلەن: يوتا يولى ئىچى ئۇرۇقدان خالتىسىغىچە يېتىپ بارمايدۇ.
3. پەتەق راجىئى: بۇنىڭدا، بۇنى بېسىشتىن ئۈچەي ئەسلىي ئورنىغا قايتىدۇ، مەسىلەن: ئۇرۇقدان خالتىسىدىن ئۈچەي قورساق بوشلۇقىغا قايتىدۇ.
4. پەتەق ئاسىي: بۇ بېسىش بىلەن ئۆز ئورنىغا قايتمايدۇ.
5. پەتەق مەخنۇق: بۇنىڭدا ئۈچەي ۋە باشقىلار بىرەر كانالغا بېرىپ ھەمدە بېسىپ، ئۇ

ئەزانىڭ قان ئايلىنىشىنى توسىدۇ ھەمدە ئەزانىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىنىڭ خەتىرى بولىدۇ.

6. پەتەق ۋەرەمى: بۇنىڭدا ئۈچەينىڭ بۆلەكلىرى ئىششىيدۇ، بۇ شېرىكىي كېسەللىكتۇر.

7. پەتەق سۇددى: بۇنىڭدا ھەزىم بولمىغان نەرسىلەر ياكى چوڭ تەرەت ياكى ئۈچەي قۇرتى ۋە باشقىلار ئۈچەيگە تىقىلىپ توسۇلىدۇ.

ئاخىرقى ئۈچ قىسمى پەتەق ئاسىيدىن سانىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئالامىتى پەتەق ۋەرەمدە ناھايىتى كۈچلۈك ئاغرىق بولىدۇ، قىزىيدۇ، قۇسىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىششىقى تۇتاش (قوشنا) ئەزالارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

پەتەق سۇددىدە ئالامەتلەر قۇلۇنجغا ئوخشاش پەيدا بولىدۇ، پەتەق مەخنۇقتا قەۋزىيەت بولىدۇ، تەكرار چوڭ تەرەت قىلىش تەلىپى بولىدۇ، لېكىن چوڭ تەرەت ئازراقمۇ چىقمايدۇ، قۇسىدۇ، قۇسۇقىدىن چوڭ تەرەت چىقىدۇ، قورساقتا ئاغرىق بولىدۇ، پەتەق مەخنۇق ھالىتىدە ناھايىتى تېز گانگرېنا پەيدا بولۇشىنىڭ ئىمكانىيىتى بولىدۇ، يەنى كەپلەشكەن ئۈچەي چىرىيدۇ ھەمدە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئورۇن ئېتىبارى بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە باشقىلار: پەتەقنىڭ تۈرلىرى ئورۇن ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. چات كانىلى پەتىقى: بۇنىڭدا ئۆرە بولۇش بىلەن ياكى يۆتىلىش بىلەن يوتىنىڭ كانىلى ئىچىدە ئېللىپپىسمان شەكىلدە كۆپۈش كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئۈچەي قورساق دىۋارىنىڭ سىرتقى ھالقا يولى بىلەن سىرتقا چىقىدۇ.

2. يوتا كانىلى تۈز چۇقۇقى: بۇنىڭدا ئۈچەي ۋە باشقىلار قورساق دىۋارى ئىچكى ھالقىسى ئارقىلىق تۆۋەنلەيدۇ.

3. تۇغما چۇقۇق: بۇ، تۇغۇلغان ۋاقىتتا ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا ئۈچەي ئورۇق بېزى بىلەن ئورۇقدان خالتىسىنىڭ ئورىغۇچى پەردىسىگە چۈشىدۇ، بۇنىڭ ئۆسمىسى يۇملاق ۋە گەدىنى (بوينى) تار بولىدۇ.

گەدەن: بۇ، بۆلەكنىڭ نامى بولۇپ، بۇ كانالنىڭ ئىچىدىكى تارايغان ئورۇندۇر.

4. خالتىلىق چىقۇق: بۇنىڭدا ئورۇقدان خالتىسىنىڭ ئورىغۇچى پەردىسى ئىچىگە ئۈچەي ئۆز غىلاپى بىلەن تۆۋەنلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچەي ئۈستىگە ئورىغۇچى پەردىنىڭ ئۈچ قەۋەت ئەستىرى بولىدۇ. ① سىرتقى يۈز ئورىغۇچى قەۋىتى؛ ② غىلاپ قەۋىتى؛ ③ ئورۇقدان خالتىسى ئورىغۇچى قەۋىتىنىڭ بىر قەۋىتى.

5. قورساق پەتىقى: بۇنىڭدا قورساق دىۋارىنىڭ بىرەر ئاجىز بۆلىكىنىڭ يولى ئىچىدىكى بىرەر ئەزا كۆپۈشىدۇ.

ئالامىتى   قورساق (چۇقۇقى) ئىچكى تەرەپ ئورىغۇچى پەردىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ ھەممە قورساقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئېگىزلىك مەلۇم بولىدۇ، بۇ ھەرىكەت قىلغان ياكى نەپەسنى توختاتقان ياكى ئوڭدا ياتقان چاغدا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ ۋە قورساققا بېسىم چۈشۈرگەندىن كېيىن يوقىلىدۇ.

6. كىندىك چۇقۇقى: بۇ ئومۇمەن بالىلاردا تۇغما بولىدۇ ياكى ياشانغان ئاياللاردا كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا ياش ئاياللارنىڭ قايتا - قايتا ھامىلىدار بولۇش سەۋەبىدىنمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا ئورىغۇچى پەردىنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن كىندىك ئۇدۇلىدا ئۈچەي پۈلتىيىدۇ.

7. ئاشقازان چۇقۇقىدا ئاشقازان ئورنى ئۈستى بىرەر غەيرىي تەبىئىي تۆشۈك بولۇش بىلەن ئاشقازاننىڭ ئاز قىسمى قورساق دىۋارىدىن چىقىۋالىدۇ.

8. سۇ چۇقۇقىدا ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشىدۇ.

9. ئۈچەي چۇقۇقىدا ئۈچەينىڭ ئاز قىسمى ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۈشىدۇ.

10. يەل چۇقۇقىدا قويۇق يەل ئۇرۇق بېزى خالتىسىغا بارىدۇ.

11. پەتەق پەخزىدە (يوتا): يوتا كانىلى ئىچىگە ئۈچەي كىرىدۇ، بۇ كۆپرەك ئاياللاردا بولىدۇ.

ئۈچەي چىقۇقى (قىل مەئۋى):   پەتەق مەئۋىنىڭ نامىدۇر، بۇنىڭدا ئۈچەي چۈشىدۇ.

ئالامىتى   ئەگەر بىمار ئوڭدا ياتقۇزسا، يەنى ئۇ بېسىلسا ئاسانلىق بىلەن قايتمايدۇ، ئەكسىچە «قىل مائى» (بۇنىڭدىمۇ سۇ چۈشكەن بولىدۇ) تامامەن قايتمايدۇ ھەممە قايتقان ۋاقىتتا بىرئاز قورساق كوركىراشمۇ بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن قۇلۇنجى ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئازراق چوڭ تەرەت ئۈچەيگە بارىدۇ، بۇ ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۈشكەن بولىدۇ، بۇ ئومۇمەن خەتەرلىك، چۈنكى چوڭ تەرەت ناۋادا ئۇرۇقدان خالتىسىغا توپلانغان بولسا، بۇ يول بىلەن ئۈچەينىڭ ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىشى قىيىن بولىدۇ. يەنى ئۈچەينىڭ ئورنى توغرا بولۇشتىن ئىلگىرى، قۇلۇنجىنىڭ ئېچىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

قىل سەربى: ماي پەردە چۇقۇقى، بۇنىڭدا ئۈچەينىڭ ئورنىغا مايلىق پەردە چۈشىدۇ.

ئالامىتى   بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش ۋە بېسىش بىلەن مايلىق پەردە تەستە قايتىدۇ، لېكىن قورساق كوركىراش پەيدا بولمايدۇ، چۈنكى مايلىق پەردىدە ئۈچەيلەرگە ئوخشاش بىرەر بوشلۇق بولمايدۇ، بۇنىڭدا يەل توسۇلىدۇ.

داۋالاش:

پەتەق بەتنى (قورساق چۇقۇقى)   بۇ كېسەللىكنىڭ ھېچقانداق ئىلاجى يوق، ئەگەر

بۇ كېسەللىك بالىلاردا بولسا ئاز ساندا ساقىيدۇ.

لېكىن ھەرھالدا ئېھتىيات بىلەن چارە قىلىش لازىم، بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ئېغىرلاشمىسۇن، يەنى قورساقنى تويغۇزۇپ تاماق يېيىش ۋە قاتتىق ھەرىكەتتىن، ئولتۇرۇپ - قوپۇشتىن، جىمادىن، بولۇپمۇ قورساق تويغاندىن كېيىن بۇ پائالىيەتتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، كۆپۈش پەيدا قىلغۇچى كۆكتاتلار ۋە ھۆل مېۋىلەر ھەمدە دانلىق ئاشلىقتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ھاماندا ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ.

مەجۇنى كۇمۇنى ۋە باشقا دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەللەر تارقىسۇن. پەتەق بەتنىدە قورساق ئۈستىنى كەڭ پوتا بىلەن ھەمىشە تېڭىش. ناۋادا نورمالسىز ماددا ئىچكى تەرەپكە قايتسا پەتەقنىڭ زىماتىنى قىلىش، بۇ ئۈچەي چۇقۇقى ۋە مايلىق پەردە چۇقۇقىدا (ئۇرۇقدانغا ئۈچەي ياكى مايلىق پەردە چۈشۈشتە) بايان قىلىنىپ بولدى.

پەتەق مەئۋى ۋە سەربى بۇ ئىككى تۈرنىڭ ئىلاجى شۇكى، يۇمشاقلىق ۋە ئاسانلىق بىلەن ئۇنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش، ئەگەر بۇ چارە بىلەن قايتمىسا، بىمار ئىسسىق سۇدا ئولتۇرۇغۇزۇلىدۇ تاكى يول بوشاپ كېڭەيسۇن ۋە ئاستىلىق بىلەن قايتقۇچە بېسىپ، ئاندىن كېيىن زىمات چېپىلىدۇ. بۇ مەستىكى، ئەنزىرۇت، كۇندۇر، مەجۇنتال مېۋىسى، مەجۇنتال يوپۇرمىقى، ئاقاقىيا، خۇنسىياۋشان، مۇر، زەمچە، سەبرە، ئۇبھەل، رۇسۇت، يەر يېلىمى ۋە بېلىق مېيىدىن تەييار قىلىنغان بولسۇن ھەمدە بۇ زىماتنى ئۈچ كۈنگىچە يەشمەسلىك، بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش تاكى يول قىسقىراپ تارلاشسۇن. قورساقنى تويغۇزۇپ تاماقلىنىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ھەم قورساقنى تويغۇزۇپ تاماق يېگەندىن كېيىن بىرەر كۈچلۈك ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق، يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالاردىنمۇ پەرھىز قىلىش، بۇ يولنى ھەمىشە لۇجام (بانداژ) بىلەن باغلاش، بولۇپمۇ جىما قىلغان ۋاقىتدا.

ئامبولاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار: ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك ئىلاجى دەستىكاردۇر، لېكىن بالىلاردا ۋە كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە كۆپىنچە لۇجام تېڭىش بىلەن ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ، لېكىن ساقايغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە بىر ~ ئىككى يىلغىچە بانداژ ئىشلىتىپ تۇرۇش لازىم تاكى چىقۇق كانىلى تولۇق مۇستەھكەملىك بىلەن ئېتىلسۇن.

زابىتە: لۇجامنى ئوردۇ تىلىدا «كەمانى» مۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ تۆمۈرنىڭ كەمانى (ئەگمىسى) بولىدۇ، بۇ بەلگە چاپلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىر بېشىدا ياكى ئىككى بېشىدا يۇملاق شارچە بولىدۇ، بۇ پەتەق كانىلىنى باسىدۇ. بانداژنىڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن بىرەر يېقىمسىزلىق يەتمەيدۇ، تېرىدە سۈركىلىش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئېلاستىك كۈچى شۇنچىلىك يېتەرلىك بولىدۇكى، ئۇنى تاڭغاندا پەتەق قايتىلانمايدۇ، ئۇنىڭ شارچىسى كانالنى توسىدىغان شەكىلدە

بولىدۇ، لېكىن ئۇنى كېڭەيتمەيدۇ، بىمارنىڭ ھەرىكىتىدە بىرەر قىيىنلىش پەيدا قىلمايدۇ.

ئەگەر پەتەق بېسىش بىلەن ئىچىگە كىرىپ كەتسە، بۇ ھالەتتە بانداژ ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش ۋە پۇتىنى كۆتۈرۈش بىلەن پەتەق ئۆزلۈكىدىن ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئەگەر بۇ شەكىلدە قايتمىسا، ھېكمەت ئەمىلى بىلەن بارماقلار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئوڭ قول بىلەن تەدرىجىي بېسىپ ئىچىگە كىرگۈزۈشكە تىرىشىش لازىم، بانداژنىڭ شارچىسى بېسىم چۈشۈرىدىغان ئورۇننى پاكىز، قۇرۇق تۇتۇش ھەمدە بۇ يەرگە قىزىل سېغىز، قىيمۇلىيا سېغىزى ياكى مىلتان سېغىزى (يۇمشاق ئېزىلگىنى) سېپىپ تۇرۇش، كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال بانداژنى ئېلىۋېتىش، ئەتىگەندە تۇرۇشتىن ئىلگىرى قايتا باغلاش لازىم.

پەتەق ئاسىي ھالىتىدە ئەگەر ئۇ ئىچىگە قايتمىسا، ئاز مۇددەتكىچە بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش ھەمدە غىزاسىنى كېمەيتىش، پەتەق كۆپۈشكەن ئورۇنغا مۇز قويۇش ۋە مەسھە ئىشلىتىلسە بىرقانچە كۈندە ئۇ قايتىشقا لايىق بولىدۇ.

پەتەق ۋەرەمى: ئەگەر بۇ تۈردىكى پەتەق ئىششىسا، مۇز بىلەن سوغۇق ئۆتكۈزۈش، بىمارنى ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش، ماڭغۇزماسلىق، ئاغرىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن كەندىر ۋە باشقىلار بىلەن توكۇر قىلىش (ئىسسىق ئۆتكۈزۈش) ھەمدە كەندىرنىڭ پىسەپلىرىنى ئېزىپ تېڭىش، يوتىلارنىڭ ئاستىغا ياستۇق قويۇش تاكى تىز ئېگىز تۇرسۇن. غىزانى توختىتىش ھەمدە سۈرگە بەرمەسلىك كېرەك، ئەگەر چۇقۇق 20 سائەتكىچە ئورنىغا قايتۇرۇلمىسا، بىمارنىڭ ئۆلۈم خەتىرى بولىدۇ.

ئەگەر پەتەقتە توسالغۇ بولسا، دەرھال ھۆقنە قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇز بىلەن توكۇر قىلىش لازىم، بۇ ھالەتتە تېزلا دەستىكار قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زىيادە مۇناسىپتۇر.

كىندىك چۇقۇقى (نۇتۇئى سۇررە)

سەۋەبى كىندىك ساھەسىدىكى قورساق پەردىسىدە پەتەق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى سۆزلىنىپ بولدى. يەنى مايلىق پەردە ياكى ئۈچەيلەر سىرتقا چىقىدۇ ياكى ئۇنىڭ سەۋەبى كىندىك تەرەپكە بارغان بەلغەمى ھۆللۈك بولىدۇ، بۇ ئىستىسقا كېسىلى تەرەققىي قىلغاندا كۆرۈلىدۇ ياكى بۇنىڭ سەۋەبى كىندىككە ئۆتكەن يەلدىن بولىدۇ، بۇ ئىستىسقائى تەبلىدە كۆرۈلىدۇ ياكى بۇنىڭ سەۋەبى كىندىك ساھەسىدىكى تېرە ئاستىدا گۆش پەيدا بولۇشتىن بولىدۇ، بەزىدە بىرەر كۆك قان تومۇر ۋە قىزىل قان تومۇرنىڭ يېرىلىشى ياكى كېڭىيىشى بىلەن كىندىك پۇلتىيىدۇ، مەسىلەن: ئۇ ئىششىق ئانۇرىسما دېيىلىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر كىندىك پەتەق سەۋەبىدىن كۆپۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ رەڭگى ئومۇمىي بەدەن رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ، تۇتۇشتىن يۇمشاقلىقى مەلۇم بولىدۇ، ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ، بېسىش بىلەن ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە ھامامغا كىرىش بىلەن زىيادە چوڭىيىدۇ، ئەگەر سىرتقا چىقىۋالغۇچى نەرسە پەقەت ئۈچەي بولۇپ، مايلىق پەردە بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرئاز ئاغرىقمۇ بولىدۇ ھەمدە ئۈچەي كوركىراش ئاۋازى بىلەن قايتىدۇ.

ئەگەر كىندىك ھۆللۈكلەر سەۋەبىدىن كۆپۈشكەن بولسا، تۇتقاندا ھۆللىكى مەلۇم بولىدۇ ۋە بېسىش بىلەن قايتمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگى بەدەن رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭدا بىرئاز پارقىراقلىق بولىدۇ.

ئەگەر كىندىك بىرەر تومۇر ياكى قىزىل قان تومۇرنىڭ يېرىلىشىدىن كۆپۈشكەن بولسا، كىندىكنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ ياكى قارا بولىدۇ، ئەگەر كىندىك گۆش پەيدا بولۇشتىن كۆپۈشكەن بولسا، ئۇ قاتتىق بولىدۇ ۋە ھەرقانداق ھالەتتە ئازىيىش ۋە كۆپىيىش بولمايدۇ، ئەگەر كىندىك يەل سەۋەبىدىن كۆپۈشكەن بولسا، تۇتقاندا يۇمشاق بولىدۇ ھەمدە بىمار قولنى تەگكۈزگىلى قويمايدۇ.

داۋالاش ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى پەتەق بولسا، پەتەقنىڭ مەزكۇر ئىلاجىنى قىلىش، ئەگەر ھۆللۈك ياكى يەل توپلىنىشتىن بولسا، قىيلە مائى (ئۇرۇقدانىنىڭ سۇلۇق چۇقۇقى) ۋە رىھيەنىڭ مەزكۇر ئىلاجىنى قىلىش، ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى گۆش پەيدا بولۇش ياكى شىريان ۋە كۆك قان تومۇرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى بولسا تىلىشتىن ياخشىراقى بۇكى، ئۇنى ئۆز ھالىتىدە قالدۇرۇش، چۈنكى ئۇنىڭدا كېسىش ۋە تىكىش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، بۇنىڭدا خەتەرلىكتۇر.

قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى (ۋەرەمى سەفاق)

سەفاقنى يۇنان تىلىدا بارىتون دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىر كەڭ پەردىدۇر، بۇ قورساقنىڭ تەخمىنەن بارلىق ئەزالىرى ۋە قورساقنىڭ بارلىق دىۋارلىرىنىڭ ئىچكى يۈزى ھەمدە كېرىگەتنىڭ ئاستىنقى يۈزىنى ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئىششىقى بىر كەڭرى دائىرىگە تۇتىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ، گويا بۇ، ناھايىتى چوڭ دائىرىگە تارقالغان ئوتقا ئوخشايدۇ، ۋەرەمى سەفاق ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

ئۆتكۈر ئىششىق: ئۆتكۈر ئىششىق ناھايىتى خەتەرلىك كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا ئۆلۈم، ھوشىدىن كېتىش، نەپەس توختاش ياكى ئۆتكۈر زەئىپلىك پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىششىق بەزىدە

سەفاقنىڭ بىرەر خاس بۆلىكىدە چەكلەنگەن بولىدۇ ۋە بەزىدە ئومۇمىي سەفاقتا بولىدۇ. بەزىدە بۇ دەسلەپتە پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە باشقا كېسەللىكلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر، تال ياكى بۆرەكنىڭ ئىچى تېشىلىشتىن پەيدا بولسا، بۇ ئىششىق سەفاق تەسقەبى دەپ ئاتىلىدۇ (تەسقەب — تېشىلىش)

سەۋەبى: قورساق ئەزالىرى يىرىڭلىق ئىششىقلىرىنىڭ قورساق ئورىغۇچى پەردىسىگە ئېغىز ئېلىشى، ئۈچەيلەر توسۇلۇش ياكى زەخىملىنىش، قورساققا زەربە تېگىش، قوشنا ئەزالار ئىششىقى، مەسىلەن: كۆكرەك پەردە ئىششىقى ياكى يۈرەك قېپى ئىششىقىدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ، ئومۇمىي بەدەنلىك كېسەللىكلەر، مەسىلەن: مۇپاسىل ۋە نۇقرەس ئاغرىقى، بۆرەك ئىششىقى، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش، چېچەك، جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتما، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، قىزىل يەل ۋە باشقىلار بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ، چىللە مەزگىلىدە، نىپاس قىزىتمىسىدىن كېيىن كۆپىنچە بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، تۇيۇقسىز سوغۇق تېگىشمۇ بەزىدە قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئالامىتى ھەممىدىن ئىلگىرى ئاغرىق بولىدۇ، بۇ، كىندىك ياكى كىندىك ئاستىدىن باشلىنىپ ئاستا - ئاستا پۈتۈن قورساققا تارقىلىدۇ، بۇ ئاغرىق ئوخشاشمىغان تۈرلەردە بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە نەشتەر سانجىغاندەك، بەزى كىشىلەردە تىلغاندەك ياكى يارغاندەك مەلۇم بولىدۇ ۋە بەزى كىشىلەردە پەقەت كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ، بىمار نەپەس ئالغاندا، ئىنجىقلىغاندا ۋە يۆتەلگەندە يەللەر كوركىراتقان ۋاقىتتا بۇ ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ، بىمار پاچىقىنى قورساققا يەملەپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ، قاراڭغۇلۇق ۋە يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ، قورسىقىغا بىرەر كىيىمنى تەگكۈزگىلى قويمايدۇ، مىدىرلاش ۋە ھەرىكەت قىلىش بىلەن يېقىمسىزلىق زىيادىلىشىدۇ، قورسىقى كۆپىدۇ. قورساقنى چەككەندە ناغرا ئاۋازىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ئۆلۈمگە يېقىن ئاغرىق ئازلايدۇ ھەمدە دۇمباق ئاۋازىمۇ يوقىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە سوغۇقتا توڭۇپ تىترەش بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ، بۇ قىزىتما 101 ~ 105 كىچە بولىدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ، ئاخىرىدا تومۇرى تېز ۋە تارىغا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ، چىراي ئۆڭگەن ياكى قىزىلغا مايىل، ئويچان بولىدۇ، تىلى قۇرۇق ۋە قىزىل بولىدۇ ھەمدە بىرئاز گەز باغلىغان بولىدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ. ئۇسسۇلۇق كۆپىيىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق ۋە بىر ئاز نەم بولىدۇ، سۈيدۈكى قىزىل ۋە مىقدارى ئاز كېلىدۇ، بىئاراملىق، قورقۇنچ ۋە ئاجىزلىق كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بولىدۇ، بەزىدە ئۇيقۇسىزلىق ۋە جۆيلۈشمۇ بولىدۇ.

سەكراتقا چۈشكەندە يۈرەك ھەرىكىتى سۇس بولىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق، تومۇرى

ئىنچىكە ۋە تەرتىپسىز بولىدۇ، چىرايى ئۆڭىدۇ ھەممە پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە ھېق تۇتۇشتىن كېيىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كېسەللىك ھەدار ئۆزلاتى شەكەم (يەنى قورساق مۇسكۇللىرى مەنبەلىك چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى)، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، ئۈچەي ئىششىقى ۋە قۇلۇنجى قاتارلىقلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، قورساق مۇسكۇلى مەنبەلىك چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىدا ھەرىكەت قىلىش بىلەن مۇسكۇللاردا ئاغرىش مەلۇم بولىدۇ، قورساقنى ئازراق بېسىش ياكى بەكرەك بېسىش بىلەن ئاغرىق بىرخىل مەلۇم بولىدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما بولمايدۇ ھەممە تومۇرى تېز سوقمايدۇ.

بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشتا قورساق تېرىسىدە ئاغرىق يېنىك بولىدۇ، لېكىن قورساق تېرىسى ئىسسىق بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭدا قۇسۇش ۋە قىزىتما بولمايدۇ.

ئۈچەيلەر ئىششىقىدا قورساقتا يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ، بۇ كىندىك ئەتراپىدا مەلۇم بولىدۇ ھەممە بۇ ئورۇننى بېسىش بىلەن يېقىمسىزلىق بولىدۇ.

قۇلۇنجدا باسقاندا ئاغرىق ئاز بولىدۇ، قىزىتما بولمايدۇ ۋە ئاغرىق يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى: قىزىتمىنىڭ ئارقىمۇئارقىلىقى ۋە داۋاملىششى قورساق ئاغرىقىدا ھەرىكەت ۋە مۇجۇش بىلەن زىيادىلىششىنىڭ بولۇشى، نەپەس ئېلىش، يۆتىلىش، چوڭ تەرەت قىلىش ۋە يەللەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ئاغرىق كۈچىيىش، پاچاقلىرىنى قورسىقىغا يەملەپ تۇرۇش، چىرايىنىڭ ئاغرىقچان كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار.

كېسەللىك كەيپىياتى: سەفاقىنىڭ كېسەللەنگەن بۆلىكىدە ئىششىقىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىگە ماس ھالدا دەسلەپتە ئىمتىلا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەفاقىنىڭ يۈزى يىرىكلىشىدۇ، ئاندىن ھۆللۈكلەرنىڭ سىرغىشى بىلەن قورساق پەردىسى ئىششىيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆللۈكلەرنىڭ سىرغىشى ئاشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قورساق بوشلۇقى (قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقى) ئىچىگە سۇ يىغىلىشقا باشلايدۇ، ناۋادا بۇ ھۆللۈك ئىششىقىنىڭ قايتقان ھالىتىدە سۈمۈرۈلۈشكە باشلىسا، بۇنىڭ بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا ئوخشاشمىغان ئەزالارنىڭ سەفاق يۈزى ئۆزئارا ياكى قورساق دىۋارى بىلەن چاپلىشىدۇ.

قىسقىسى، بۇ ھۆللۈك بىلەن يېڭى خالتىلىق توقۇلمىلار پەيدا بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا بۇ غەيرىي تەبىئىي چاپلاشمىلار ئارىلىقىدا ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە بوشلۇقمۇ قېپقالىدۇ، سەفاقىنىڭ بۇ توپلانغان سۇدىدە ھۆللۈكى بەزىدە قاتتىق زەھەرلىك، ئوفۇنەتلىك ۋە يىرىڭ بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ، بەزىدە زەھەرسىز، ئوفۇنەتتىن خالىي ۋە نىسبەتەن ساددا بولىدۇ، ئەگەر قورساق دىۋارىنى يارسا، بۇ ھۆللۈكنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم، مۇبادا قولدا

قىچىشىش بولسا، بۇ ھۆللۈك بۇ ئورۇنغا يۇققان بولىدۇ.

سوزۇلما ئىششىق: قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقى ئىچىگە سۇ تەركىبلىرى كۆپ مىقداردا سىرغىپ چىقىپ توپلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەزالارنىڭ قورساق ئورىغۇچى پەردىسى يۈزلىرىدە تالالىق توقۇلمىلار پەيدا بولىدۇ ۋە قوشنا ئەزالار بىرى يەنە بىرى بىلەن چاپلىشىپ قالىدۇ، ئىششىق سەۋەبىدىن سەفاق قېلىنلاپ قالىدۇ.

سەۋەبى: سەفاقنىڭ سوزۇلما ئىششىقى ئومۇمەن ئۆتكۈر ئىششىقنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، مۇشۇنىڭدەك قايتا - قايتا قورساقتىن تۆشۈك ئېچىپ سۇ چىقىرىلىدۇ (ئەمىلى بەزەل) بۇ ئىستىسقائى زىققدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەر ياكى جىگەردە سەرتان ياكى يارىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، مۇپاسىل ئاغرىقى، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش ۋە باشقىلار ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

بەدەندە سىل ماددىسى ياكى خانازىرنىڭ بولۇشى، يوقسۇللۇق ۋە ئاچلىق، ياخشى تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنالماسلىق، مېھنەت ۋە مۇشەققەتنىڭ كۆپلۈكى بۇ كېسەللىكنىڭ بېشارەتچى سەۋەبلىرىدۇر.

ئالامىتى: ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئۆتكۈر ئىششىقنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن دەرىجسى ئۇنىڭدىن يەڭگىلدۇر، مەسىلەن: قورساقتا يەڭگىل تۈردىكى قۇلۇنجى ئاغرىقىغا ئوخشاش ئاغرىق بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ ۋە ئورۇقلايدۇ، چىرايى ئۆچۈك بولىدۇ، بىرقانچە ئايدىن كېيىن سۇ تەركىبلىرى قاندىن سىرغىپ قورساققا تولىدۇ، بۇنىڭدىن قورساقتا دولقۇن ھەرىكىتى سېزىلىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى: (قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىنىڭ ئىلاجى): ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىلەن ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى ئازايتىش، بىمارنى راھەت ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش. ئەگەر كېيىمىنىڭ قورساققا سۈركىلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىسە، كېيىم ۋە باشقىلارنى قورساققا تەگكۈزمەسلىك، لەتىف ۋە سۇيۇق غىزالاردىن سۈت، ئارپا ئېشى، كۆكتات شورپىسى قاتارلىقلار ئاز مىقداردا (مەسىلەن: بىر يۇتۇمدىن، پات - پات ئىچكۈزۈلىدۇ) بېرىش، ئۇسسىغاندا مۇزنىڭ كىچىك - كىچىك پارچىلىرىنى بېرىش، ئاغرىق ئورنىغا خەشخاش پوستىنى ئەرقى گۈلابتا قاينىتىپ توكۇر قىلىش ۋە زىماتى مۇھەللىل (بۇنىڭ نۇسخىسى ئالدىدا سۆزلىنىپ بولدى) نى قايتا - قايتا چېپىش ياكى ماش نېنى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئۈچەيلەر ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. قورساقنى تېڭىش، قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

مەست قىلغۇچىلاردىن ئەپيۇن ۋە ئۇنىڭ مۇرەككباتلىرى (مەسىلەن: بەرشىشا) بۇ

كېسەللىككە ناھايىتى پايدىلىق. ئۇنىڭ بىلەن ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتى توختايدۇ، بۇ ئۈچەي ھەرىكىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاغرىقنىڭ كۈچىيىش سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئاغرىق كۈچلۈك بولسا مۇسھىللار بېرىلمەيدۇ، مەروقىن نۇسخىسىمۇ بۇ كېسەللىككە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، قورساق ئورىغۇچى پەردىسىنىڭ ئۆزىدىكى ئىششىقنىڭ ئىلاجىدۇر.

ئۇنىڭ بىلەن ئەسلىي كېسەللىكلەر ۋە ھالەتلەرگە ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش قىلىنىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ۋەرەمى سەفاقىنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

سوزۇلما ئىششىقتا ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەزىمنى نورماللاشتۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ، يەل ھەيدىگۈچى دورىلار داۋا ۋە غىزا شەكلىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، قۇۋۋەتلىگۈچى يېمەكلىكلەر يېگۈزۈلىدۇ. قىسقىسى، بۇ ھالەتتىمۇ ئۆتكۈر ئىششىقنىڭ چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

سىرتقى ئەزالار كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئەئزائى بىرونى)

دوكلۇق (ھودبە)

ھودبە كېسەللىكىدە ئومۇرتقىلار ئالدى تەرەپكە چىقىدۇ، بۇنىڭ نامى «تەقسى»دۇر ۋە «قەئەس» مەخسۇس نامدا بۇ تۈرگە ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆكرەكنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ بۇنىڭغا شېرىك بولغان بولىدۇ ياكى ئومۇرتقىلار ئارقا تەرەپكە ئېگىلىدۇ ۋە بۇنى ھودبە مۇئەخخىر (پەچلى كوب) ياكى پەقەت «ھودبە» دەپمۇ ئاتايدۇ. بەزىدە ئومۇرتقىلار بىرەر يان تەرەپكە ئېگىلىدۇ، ئۇنىڭ نامى ئىلتىۋا دەپ قويۇلغان.

سەۋەبى:

1. **ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق:** ئۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولىدۇ، بۇ مۇسكۇللاردا پەيدا بولۇپ، بۇ ئومۇرتقىلارنى سىرتقى ياكى ئىچكە تېگىپ تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئىششىققا ئومۇرتقىلارنىڭ تارىمۇشلىرى شېرىك بولىدۇ، بۇ ئىششىق ئومۇرتقىلارغا بېسىم چۈشۈرۈپ ئۇنى بېسىپ، ئەسلىدىكى ئورنىدىن قوزغىتىدۇ ياكى ئومۇرتقىلارنىڭ تارىمۇشلىرىدا شۇقەدەر تارتىشىش پەيدا قىلىدۇكى، ئومۇرتقىلار ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىدۇ.

2. **رىياھول ئەفرىسە:** بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى فەرسە نامىدىكى بۇزغۇچى ۋە يېگۈچى ماددا بولىدۇ، بۇ، ئومۇرتقىلارنىڭ تارىمۇشلىرى ۋە باشقىلارنى ئېرىتىپ، يەپ ئۆز جايىدىن يۆتكىۋېتىدۇ.

بۇ تۈرنىڭ نامى «رىياھۇل ئەفرىسە» دۇر. فەرسە لۇغەتتە بۇزغۇچى ماددىغا ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دوكلۇق پەيدا بولىدۇ ھەممە تېۋىپلار بۇنى رىياھۇل ئەفرىسە دەيدۇ. ۋاھالەنكى بۇ خاتادۇر، بۇنىڭ يەنە بىر نامى رىھۇش شەۋكە بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر تۈرلۈك سوزۇلما يارىدۇر.

3. **ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش:** بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش بولىدۇ، بۇ ئومۇرتقىلارنى بۇزۇپ ئۆز ئورنىدىن يوقىتىدۇ.

4. **تەشەننۇج:** بەزىدە ئومۇرتقىلارنىڭ يۆتكىلىشى قاتتىق ۋە خەتەرلىك تۈردىكى تەشەننۇجتىن بولىدۇ.

ئالامىتى **ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق:** كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى دۈمبىدە ئاغرىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتمىلىق ئىششىققا ئوخشاش قاتتىق قىزىتما بولىدۇ، تومۇرى چوڭ سوقىدۇ ھەممە ھارارەت ئۆتكۈر بولىدۇ، قىزىتما ھەر ۋاقىت بولىدۇ (ھۇمما مۇتبىقە لازىمە). قىزىتما توختاپ ئاز مۇددەتتىن كېيىن تارتىشىش خاراكتېرلىك ئاغرىق ۋە ئېغىزماندا ئېغىرلىق قېپقالىدۇ، بۇ مۇشۇنداق سەۋەبتىن بولىدۇكى، ئىششىق پىشىپ ۋە تولۇپ، ئۇنىڭ ماددىسى يىرىڭغا ئۆزگىرىدۇ ھەممە ئېغىزماندا ئېغىرلىق قېپقالىدۇ ھەممە ئېغىزمانغا دوك چىقىشقا باشلايدۇ.

رىياھۇل ئەفرىسە: ئادەتتە ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما مەۋجۇت بولىدۇ، بەدەندە ئۇرۇقلاش ئاشكارا نامايان بولىدۇ.

ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش ھەم تەشەننۇج: ئالامەتلىرى ئوچۇق بولىدۇ.

داۋالاش:

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق: ئىششىقنىڭ دەسلەپىدە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، لېكىن ئىششىق تولغان چاغدا قان ئالماسلىق لازىم. ئىششىققا يۇمشاتقۇچى كۈچلۈك زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: شۇمشا لۇئابى، زىغىر لۇئابى، توخۇڭ يېغى، كالىنىڭ پاچاق يىلىكى، بىنەپشە ۋە ئاق لەيلى قاتارلىقلارنى چېپىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ئىششىققا چېپىلىدۇ.

بۇ ياغلار ئىسسىتىپ ھۆقنە قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭدا يۇمشاتقۇچى دورىلار قايىنتىلغان بولسۇن. مەسىلەن: ئاق لەيلى يىلتىزى ۋە زىغىر قايىنتىلمىسىنى ھۆقنە قىلىش، بادام يېغى بىلەن خىيارشەنبەر مېغىزى ئىچكۈزۈش كېرەك.

رىياھۇل ئەفرىسە: ياخشى غىزالارنى يېگۈزۈپ تەبىئەتنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قىسقىسى، سىل ۋە دىقنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم.

ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش: قول ئەمەلىيىتى بىلەن ئومۇرتقىلارنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزارتقۇچى تىلار چېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قابىز زىماتلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

قىزارتقۇچى تىللارنى چاپقاندا قاننى ئۆزى تەرەپكە تارتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەزا قىزىل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئاشىدۇ. مەسىلەن: زۇپتى ۋە مۇقەل مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاقىرقەرھا بىلەن تىلا قىلىنىدۇ.

تەشەننۇج تەشەننۇجتىن بولغان تۇرىدە تەشەننۇج يوقالغاندىن كېيىن، ئومۇرتقىلارنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. بۇ ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇشتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

پاچاق تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆپۈۋېلىشى (داۋالى)

داۋالى كېسەللىكىدە پاچاق ۋە پۇتلارنىڭ تومۇرلىرى ئەگرى - بۈگرى كۆپۈشىدۇ، يەنى كۆك قان تومۇرلارنىڭ قەۋەتلىرى بوشىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆك قان تومۇرلار كۆپۈپ ئەگرى - بۈگرىلىشىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە پاچاقلارغا زەرەر يېتىدۇكى، پاچاقلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى تەبىئىي ھالەتتىن ئۆزگىرىدۇ ھەم تېز ۋە كۆپ يول يۈرۈش قىيىن بولىدۇ (نەفىيس).

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئۈستىدىكى تېرىدە يارا كۆرۈلۈشنىڭ شارائىتى پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ دىۋارلىرى كۆپىنچە قېلىن، بەزىدە نېپىز بولىدۇ.

سەۋەبى ئومۇمەن بۇ كېسەللىك پوچتالىيونلار، پىيادە يول يۈرگۈچىلەر، يۈك كۆتۈرگۈچىلەر ھەمدە پادىشاھ ۋە باشقىلارنىڭ قاراۋۇللىرىدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ھەمىشە ئۆرە تۇرۇپ ھېرىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پاچاقلىرىنىڭ تومۇرلىرىدا قان زىيادە توپلىنىپ تۇرىدۇ ھەمدە بۇ قەۋەتلەر بوشىشىدۇ. بۇ كېسەللىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دائىملىق قەۋزىيەت، جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشلىرى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ مەدەتكارى بولىدۇ، بۇ كېسەللىك بالىلاردا ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى پاچىقى ئۈستىدە تۇم - تۇم كۆتۈرۈلگەن تومۇرلار نامايان بولىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى كۆك بولىدۇ، كېسەللەنگەن ئەزادا ھارغىنلىق كەيپىياتى ۋە ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ، بەزىدە ئاغرىقمۇ بولىدۇ، كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تومۇرلار زىيادە ئەگرى - بۈگرىلىشىدۇ، كۆك قان تومۇرلاردا خالتىلار پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنى داۋالىغاندا كېسەللەنگەن ئەزانى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئارام ۋە تىنچلىق بىلەن قويۇش، يەنى پاچاقلارنى زىيادە ھاردۇرۇۋەتمەسلىك، پاچاقنى تېڭىق لاتىسى

بىلەن ئاستىدىن ئۈستىگە سىيرىپ تېڭىش، يول ماڭغاندا ۋە ئۆرە تۇرغان ۋاقىتتا بۇ تېڭىقنى ئوخشاشلا تېڭىپ تۇرۇش لازىم.

يەڭگىل داۋالىغاندا بەزىدە پەقەت تېڭىق لاتىسى بىلەن تېڭىشتىن ئارام ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ساقايمىسا، باشقا چارىلەر قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: تومۇرلارغا قايتا - قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئومۇمەن كۈچلەندۈرۈپ قۇۋۋەت يەتكۈزۈپ، كېسەللەنگەن بۆلەكنى بەدەننىڭ قالغان قىسمىدىن ئېگىز قويۇپ، ئىترىفىل شاھتەررە ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قان تازىلىغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر يىرىڭلاشنىڭ تەسىرلىرى مەلۇم بولسا، زىغىرنىڭ زىماتى چېپىلىدۇ تاكى يىرىڭ چىقىپ كەتسۇن ھەمدە ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسى بىلەن توكۇر قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن ساغلاملىق ھاسىل بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئىلاجى دەستىكاردۇر. ئەگەر بەدەن ئەھۋالى يار بەرسە قان ئېلىش ۋە ئىستىفراغ بىلەنمۇ ياردەم ھاسىل قىلىنىدۇ.

پىل پۇت كېسىلى (دائۇل فىل)

پىل پۇت كېسەللىكىدە پۇت ۋە پاچاقنىڭ قان تومۇرلىرىدا داۋالىغا ئوخشاش كۆپۈشۈش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۇت ۋە پاچاق پىلنىڭ پۇتىغا ئوخشاش توم بولىدۇ، يەنى پىلنىڭ پۇتىدەك توم بولىدۇ، پۇتنىڭ تاپىنىدا چوڭقۇرلۇق بولمايدۇ، خۇددى پىلنىڭ پۇتى زېمىنغا تەگكەندىن كېيىن بىرەر بوشلۇق قالمىغىنىدەك، بۇ كېسەللىكتىمۇ بۇ ھالەت بولىدۇ، بۇ سەۋەب بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى (پىل پۇت كېسىلى) دائۇل فىل دەپ قويۇلغان.

داۋالى كېسىلى بىلەن دائۇل فىلنىڭ ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، داۋالىدا قان تومۇرلاردا ئىمتىلا بولغانغا ئوخشاش دائۇل فىلدىمۇ ئىمتىلا بولىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ پەرقى، داۋالىنىڭ تومۇرلىرى تېرە ئاستىدىن كۆرۈنىدۇ، دائۇل فىلنىڭ تومۇرلىرى كۆرۈنمەيدۇ، چۈنكى بۇنىڭ تومۇرلىرى ئىنچىكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قاننىڭ ئورنىدا سۇ تەركىبلىرى بولىدۇ، بۇ تولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى لىمفا كانىلىنىڭ توسۇلۇشىدىن بولىدۇ، بۇ ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەردىن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: قان تومۇرلار ئىششىقى ياكى قىلقۇرتسىمان يات ماددا قاتارلىقلار.

ئۇنىڭ ماددىسى قويۇق بەلغەمدۇر، بۇ سۈمۈرگۈچى تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرىغا توپلىنىدۇ.

پۇتلاردىكى ھۆللۈكلەر ۋە خىلىتلاردىكى غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش بىلەن بەزى سەۋدايى تەركىبلەر، كۆپۈشۈش ۋە بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ.

تېرە قىلقۇرت كېسىلىگە ئوخشاش پىل پۇت كېسىلىمۇ خاس ئورۇنلاردا بولىدۇ، مەسىلەن: بېنگال، ئاسام، مەدراس، شىمالىي ھىندىستان قاتارلىقلاردا بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپرەك پۇت ۋە پاچاقلاردا بولىدۇ، بەزىدە ئورۇقدان خالتىسى تومۇرلىرى كۆپۈشكە ئوخشاش ئورۇقدان خالتىسىدا ۋە بەزى ۋاقىتلاردا قول، يۈز، ئەمچەك ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا كۆرۈلىدۇ، ناۋادا بۇ كېسەللىكتە كۆيۈشۈش ۋە سەۋداۋى تەركىبلەر كۆرۈلگەن بولسا، كېسەللەنگەن بۆلەكنى تۇتۇش بىلەن ئىسسىقلىق مەلۇم بولىدۇ، رەڭگى كۆكۈچ بولىدۇ ھەمدە پۇتى بىر قەدەر يېرىلغاندەك بولىدۇ، يەنى يېرىلىش كۆرۈلگەن بولىدۇ، بۇنىڭدىن بىرقىسىم سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا گۆشخور چاقا، مۇدۇر - چاقا ۋە بەزى ۋاقىتلاردا سەرتان يارىسى پەيدا بولىدۇ، بۇ مۇستەھكەم بولغان چاغدا پۇتنىڭ سېزىمى يوقىلىدۇ، چۈنكى پۇتنىڭ تېرىسى ئۆسمىگە ئوخشاش ئىنتايىن قاتتىق ۋە قېلىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن روھنىڭ ئۆتۈش يولى توسۇلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەڭ ياخشىسى ئەزالار ئەگەر بىرەر قىسمىدىكى ئىش بىلەن قاتتىق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ سەزگۈسى يوقىلىدۇ، مەسىلەن: پۇتنىڭ تاپىنى. ئەگەر بۇ كېسەللىك كۆيۈشۈش ۋە ئوفۇنەتتىن خالىي بولسا، پاچاق ۋە پۇت ئىسسىق بولماستىن تومىلىشىدۇ، بەلكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۇتۇش بىلەن سوغۇق مەلۇم بولىدۇ ھەمدە يېرىلمايدۇ.

بۇ كېسەللىكتە تېرە ئاستى توقۇلمىسى ئىچىدە ئوخشاشمىغان ھەجىمدىكى زەخىملەر پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىدىن كېسەللەنگەن تەركىبلەرنىڭ ھەجمى ئادەتتىن تاشقىرى زىيادە بولىدۇ.

پۇتنىڭ تېرىسى ئىنتايىن قېلىن ۋە يىرىك بولىدۇ ھەمدە بۇ ئېگىلىپ ئۆسمە شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇنىڭدا بەزىدە پۇت بارماقلىرى كۆرۈنمەي قالىدۇ، دەسلەپتە بەزىدە بىئاراملىق بولىدۇ، ئۆتكۈر قىزىيدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، قۇسىدۇ ھەمدە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ۋە بەزى باشلىنىشتا كىچىك - كىچىك مۇدۇر - چاقىلارمۇ كۆرۈنىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك نامەلۇم شەكىلدە باشلىنىدۇ ھەمدە شۇقەدەر چوڭىيىدۇكى، بىمار كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن قېينىلىدۇ. قىسقىسى، بۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بەزىدە تېز ۋە بەزىدە ئاستا بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ئۆز خۇسۇسىيىتىدە خەتەرلىك ئەمەس، بەلكى بۇ بىر سوزۇلما كېسەللىكتۇر، بۇ كېسەللىك ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك چارىسى تېپىلمىدى. ئەگەر مۇمكىن بولسا، تۇسالغۇنى چىقىرىۋېتىش، بۇنىڭ توغرا ئورنىنى ئېنىقلاش قىيىندۇر، بۇنىڭدا ئەگەشمە ئالامەتلەر پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ چارە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر قىزىتما پەيدا بولسا، ئۇنى

يوقىتىش تەرەپكە كىرىشىش، ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن كەندىر قايىنتىلمىسى بىلەن توكۇر قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ پىسەپلىرىنى ئېزىپ كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىگە تېڭىش، ئەگەر ئاجىزلىق زىيادە بولغان بولسا، پولات مۇرەككەپاتلىرىنى بېرىش، مەسىلەن: پولات كۇشتىسى، خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسى، ئانار سۈيى، داۋائىلمىشكى مۆتىدىل ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ. بىمارنى تىنچ يېتىپ ئارام ئېلىشقا كۆرسەتمە بېرىش، چۈنكى بۇ كېسەللىكتە سۈمۈرگۈچى تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبلىك سۇ تەركىبلىرىنىڭ تەبىئىي ئېقىشى توسۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، كېسەللەنگەن ئەزانى ئېگىز قويۇش مۇناسىپتۇر ۋە ئېلاستىك تېڭىق لاتىسى بىلەن بېسىم چۈشۈرۈلىدۇ، كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە سۇ ۋە ھاۋانى ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقدان خالتىسىدا كېسەللىك بولسا، ھەر ھالدا مەجبۇرىي دەستىكار ئارقىلىق ئۇرۇقدان خالتىسى تومۇرى كېسىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆتكۈر كېسەللىكتە قول - پۇتلار كېسىۋېتىلىدۇ.

سەۋداۋى تەركىبلەر ۋە كۆيۈش: ئەگەشمە ئالامەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن قان ئېلىش ۋە ئىستىفراغ قىلىش بىلەن تازىلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەفتىمون قايىنتىلمىسى ياكى مائۇلجەببىننى قايتا - قايتا ئىچكۈزۈش، لېكىن كۈچلۈك مۇسھىل بەرمەسلىك، قان ئېلىش ئۈچۈن باسلىق ۋە ئېقىم كۆك قان تومۇرى تاللىنىلىدۇ، پاچاق ئۈستىگە بەزى ۋاقىتلاردا ھىجامەت قويۇلىدۇ، كۈچلەندۈرگۈچى ۋە سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى زىماتلار ۋە تىلالار چاپلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاقاقىيا، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى ۋە رامەك قاتارلىقلار. سەۋداۋى تەركىبلەرنى يوقاتقۇچى غىزالار بېرىلىدۇ، يول يۈرۈش ۋە ماددىلارنىڭ پاچاق تەرەپكە قۇيۇلۇشىغا سەۋەب بارلىق ئىشلار توختىتىلىدۇ.

سادىدا ھالەتتە ھەپتىدە بىر قېتىم قۇستۇرۇش، ئاچ قالدۇرۇش، يەتتە گىرام ئىترىفىل سەغىرگە بىر گىرام كۇندۇر، بىر گىرام زەنجىۋىل قوشۇپ، كۈندە بىرقانچە قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇش، سەبرە، مۇر، ئاقاقىيا قاتارلىقلارنى قابىز شاراب، مەجنۇنتال يوپۇرمىقى سۈيى، مەجنۇنتال مېۋىسى قاتارلىقلارغا قوشۇپ، پۇت ئۈستىگە تىلا قىلىش، يۇقىرىقى مەزكۇر كۆرسەتمە ۋە چارىگە مۇۋاپىق بۇ تۈردە پۇتنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىش، ئۇ چارىلەردىن پەقەت كۆرۈلىدىغىنى ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە يەڭگىللەش بولىدۇ.

ئېغىزمان ئاغرىقى (ۋەجئۇل زەھرى)

ئېغىزمان (ئۇچا) دىكى ئاغرىق بەزىدە ئىچكى ئەزالاردىن بولىدۇ ۋە بەزىدە سىرتقى ئەزالاردىن بولىدۇ. ئەگەر تېرىنى تۇتۇش بىلەن ئاغرىق سېزىلسە بىلىش لازىمكى، ئاغرىقنىڭ

سەۋەبى سىرتقى ئەزالاردۇر، ئۇنداق بولمىسا ئىچكى ئەزالاردۇر (شەيخ).

سەۋەبى سۇئى مىزاج بارىد، بەلغەم، ھارغىنلىق، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش، مۇشەققەتلىك ئىش، ئۇزۇنغىچە ئېگىشىپ ئولتۇرۇش، كۆپ جىما قىلىش، بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىكلىرى، كاناي ئىششىقى ۋە يارىسى، ھەيز كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىشى، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، تۇغۇت تولغىقى، بوھران، ئائورتا ۋە كۆك قان تومۇرلار تولۇپ قېلىش، بۇلار ئوفۇنەتلىك قىزىتمىدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر ئېغىزمان ئاغرىقى مىزاج بۇزۇلۇش ياكى بەلغەمدىن بولغان بولسا ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇ سوزۇلما تۈرى بولىدۇ ۋە تەدرىجىي باشلىنىدۇ ھەم بۇ يول يۈرۈش ۋە رىيازەت چېكىش بىلەن ئومۇمەن يوقىلىدۇ.

بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولغاندا، ئاغرىقنىڭ ئورنى بەل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىلە قۇۋۋىتىمۇ ئاجىز بولىدۇ، ئائورتا ۋە كۆك قان تومۇرلار تولۇپ قېلىشدىن بۇ ئاغرىق بولىدۇ. بۇ ئاغرىق پۈتۈن ئېغىزماندا بولىدۇ ھەم ھارارەت ۋە قان غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

داۋالاش سۇئى مىزاج بارىد ۋە بەلغىمى بەلغەمدىن بولغىنىدا قۇستۇرۇش، ھەببى سۆرۈنجان ئارقىلىق ئىچىنى سۈرگۈزۈش، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مائۇلھەسەل ياكى مائۇلئۇسۇل بىلەن تولۇق ماددىغا مۇنزىج بېرىش. بۇ كېسەللىكنىڭ ئىككىلا تۈردە ئىسسىق ياغلاردىن، مەسىلەن: قۇستە يېغى ۋە سۇزاپ يېغى سۈركەش، ئىسسىق زىماتتىن مۇقەل، ئۇشەق، شۇمشا، بابۇنە، ھەببۇلغار قاتارلىقلارنى زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى ۋە ئارەندى يېغى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ چېپىش لازىم.

ھارغىنلىق ۋە رىيازەت بۇ ھالەتتە بىمار ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئاق لەيلى يېغى ۋە بىنەپشە يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزمانغا سۈركىلىدۇ.

بۆرەك كېسەللىكلىرى بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىكلىرىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

قان تومۇرلارنىڭ تولۇپ قېلىشى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، ئانار سۈيى بولۇپمۇ چۈچۈمەل ئانار سۈيى ئىچكۈزۈش، بىمارنى سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇش ھەمدە ئارام ئالدۇرۇپ ئۇخلىتىش، بولۇپمۇ نەمخۇش ۋە ھۆل ئورۇندا.

جىمانىڭ كۆپلۈكىدىن ئېغىزمان ئاغرىغان بولسا، جىمانى تەرك ئېتىش ياكى نورمال قىلىش زۆرۈر، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار ۋە دورىلار ھەم سەبرە مېغىزى ھالۋىسى پايدىلىقتۇر.

باشقا كېسەللىكتىن بولغاندا ئەسلىي كېسەللىك تەرەپكە كىرىشىش، تۇغۇت تولغىقى ۋە بوھران ۋاقىتلىق سەۋەبلىرىدۇر.

بەل ئاغرىقى (ۋەجئۇل خاسىرە)

بۇ ئاغرىقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئالامەتلىرى ئېغىزمان ئاغرىقىغا بەك يېقىن بولىدۇ، لېكىن بۇ ئاغرىق ئومۇمەن بەلغەمى ۋە سوغۇق بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاجىمۇ ئېغىزمان ئاغرىقىنىڭ دەسلەپكى ئىككى تۈرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى لازىم. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇنىڭغا مۇقەل، ئۇشەق، رۇمبەدىيان، زەنجىۋىل، كەرەپشە ئۇرۇقى، شەھمەنزەل، سۆرۈنجان، زەھرە ماھى ۋە باشقىلاردىن تەييار قىلىنغان ئىسسىق تەبىئەتلىك شىيافلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر زەربە تېگىش سەۋەبىدىن ئاغرىق بولسا، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن خەشخاش پوستى، بابۇنە گۈلى قايناتىلمىسى بىلەن تۇكۇر قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاش تۇزى، كۈنجۈت يېغىنى ئىلمان قىلىپ ئۇۋۇلىنىدۇ ھەمدە كۈندۇر (لوبان) گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، كۈنجۈت يېغى ۋە ئاش تۇزىنى ئىلمان قىلىپ ئۇۋۇلاش ۋە مومنى لوبان بىلەن قوشۇپ سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (ھەدار، ۋەجئۇل مۇپاسىل، رەسىيە، گۇتىيا)

مۇپاسىل ئاغرىقى ئەزا ۋە بوغۇملاردا پەيدا بولىدىغان ئاغرىق ۋە ئىششىقتۇر. يەنى ئۇ گۆش تەركىبلىرى (تارىمۇشلار ۋە پەردە تەركىبلىرى) دە پەيدا بولىدۇ، بۇ بوغۇملارنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. مەسىلەن چوڭ بوغۇمنىڭ ئىچكى پەردىسى (غىشائى زىلالى) تارىمۇشلار، مۇسكۇل غىلاپى ۋە كۆمۈرچەكلەر.

بەزىدە تېرىمۇ ئىششىپ قىزىرىدۇ ھەم ئىچكى ئەزالار، مەسىلەن: يۈرەك، ئۆپكە ۋە باشقىلارنىڭ پەردىلىرىگىمۇ بەزىدە ئۇنىڭ ماددىسى تارقىلىدۇ.

ساھىب كامىل ئېيتقانكى، بەزىدە بۇ كېسەللىك جاغ، ئومۇرتقىلاردا ۋە قۇلاقتا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇ شۇنچىلىك مۈرەككەپ بولىدۇكى، توغرا ئۇسۇلدا ئۇنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

مۇپاسىل ئاغرىقىنىڭ ماددىسىنىڭ قىيامى قويۇق ۋە رەڭگى ئاق (شىلىمشىق) بولىدۇ (سەمەرقەندى).

شۇڭلاشقا مۇپاسىلنىڭ پەردىلىرىدىن بۇ ھۆللۈكلەر سىرغىيدۇ، ئۇنىڭدا تۇخۇم ئېقىسىمان ھۆللۈكلەر ۋە ئاق دانچىلارنىڭ مىقدارى كۆپ بولىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ماددىسى يىرىڭ بولىدۇ (گەرچە ئۇ يىرىڭلىمىسىمۇ).

ئۇنىڭ مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى بەزى ۋاقىتلاردا پۈتۈن بەدەندە ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ ۋە بەزىدە بىرەر رەئىس ئەزا (مەسىلەن: يۈرەك) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

بۇ ئىششىقلار (مۇپاسىل، نۇقرەس) نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىكى بۇ ئىششىق پىشمايدۇ، ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولمايدۇ، ئەگەر بۇ ماددىلار بوغۇملاردا كۆپ ۋە سۇيۇق بولسا، ھەتتاكى بوغۇملارنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار (مۇپاسىل تەركىبلىرى) ئۇ ماددىلارنى ئۈزلۈكسىز سۈمۈرۈپ ھۆللەپ تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئىستىسقائى لەھمى ئىششىقىغا ئوخشاش ئىششىق پەيدا بولىدۇ، يەنى ئىستىسقائى لەھمىنىڭ ماددىسى ئەزالاردا تۇرۇپ پىشمايدۇ ۋە يىرىڭ پەيدا قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ماددىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىشمايدۇ ھەم يىرىڭغا ئۆزگەرمەيدۇ.

كېسەللىك ماھىيىتى ھەققىدە ئىختىلاپ: بۇ كېسەللىكنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ بۇنىڭدا ھەر خىل كۆز قاراشلار باردۇر.

1. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر، بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى بىر مەخسۇس تۈردىكى ماددا (ياكى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ سۆزىچە بۇ ناچار تەنچىدۇر).

2. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىر خاس تۈردىكى ھومۇزەت (كىسلاتالىق سۈت — ھامىز سۈت) دۇر. بۇ، ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن قاندا شۇقەدەر توپلىنىدۇكى، بۆرەكلەر بۇنى ئوبدان چىقىرالمايدۇ، بۇنىڭ تەسىر خۇسۇسىيىتى بىلەن بەدەننىڭ ئاق تارىمۇشى، تالالىق توقۇلمىلىرىدا، مۇسكۇللارنىڭ پەردىلىرىدە، تالالىق پەردىلەر، مۇپاسىل تارىمۇشلىرى ۋە مۇپاسىلدا بولىدۇ.

3. بەزىلەر مۇپاسىل ئاغرىقىنى بىر نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىك، دەپ قارايدۇ.

ئىلگىرىكى سەۋەبى: يۇقىرىقىدەك بولسا ئۇنىڭ ھەر ياشتىكىلەردە بولۇشى مۇمكىندۇر، لېكىن كۆپرەك 16 ~ 35 ياشقىچە كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ. سوغۇق دۆلەتلەردە ياشىغۇچىلار بۇنىڭغا زىيادە گىرىپتار بولىدۇ، خۇسۇسەن سېنتەبىر ۋە ئۆكتەبىر ئايلىرىدا، ئۇنىڭدىن باشقا رەنج ۋە غەم، پەقەت گۆش ياكى گۆشلۈك غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، غۇربەتچىلىك ۋە مېھنەتلىك ھايات كەچۈرۈش، يامغۇر ياكى سوغۇق سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش،

سوغۇق تېگىش، ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى، ھەيز تۇتۇلۇش، ئۇزاق مۇددەتكىچە سۈت ئىچىش، سۆزنەك، سىفلىس ۋە باشقىلارمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشىغا ياردەم بەرگۈچى سەۋەبلەر بولىدۇ. بۇ كىشى بىر قېتىم بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولسا، ئىككىنچى قېتىم كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشقا زىيادە شارائىت ھازىرلايدۇ، بەزىدە بۇ كېسەللىك ئىرسىيەتلىك بولىدۇ.

جىمامۇ بۇ كېسەللىكنىڭ كۈچلۈكرەك سەۋەبلىرىدىندۇر، بولۇپمۇ ئاشقازان تولغان ھالەتتە (سەمەرقەندى).

سەمەرقەندى يازغانكى، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ۋە ماددىنىڭ قۇيۇلۇشىدۇر، مىزاج بۇزۇلۇشتۇر ياكى رىيازەت ۋە كۆپ ھەرىكەت ياكى ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇشتۇر.

بۇ كېسەللىك كىچىك باللار، ئاختا قىلىۋېتىلگەنلەر ۋە ئاياللاردا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى، كېسەللىك قوزغىلىش شارائىتىنىڭ ھازىرلىنىشى بىلەن ئادەم مىزاجى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

كېسەللىك ئورنىدا كېسەللىكنىڭ سەۋەبىدىن بۇنىڭ ماددىسى قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىدىن كۆپى بەلغەمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن قان، ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرا ۋە ئاز ساندا سەۋدائى تەركىبلەر بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ماددىلار ياكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ خىلتلارنىڭ توپلىنىشىدىن بولىدۇ. يەنى بۇنىڭ پەقەت بەلغىمى ياكى سەۋداۋى خىلتتىن بولۇشى ئاز ئۇچرايدۇ.

تۈرلىرى ئالامەتلىرىگە ئاساسەن بۇ ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆتكۈر تۈرىنىڭ ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپتە تۇيۇقسىز جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭ ھارارىتى 102 ~ 105 كىچە بولىدۇ، 24 ~ 26 سائەتتىن كېيىن قول - پۇت بوغۇملىرى قاتتىقلىشىدۇ ۋە ئاغرىق كۈچىيىدۇ، بەزىدە مۇشۇنداق بولىدۇكى، ئۇزاق مۇددەتكىچە بەدەننىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا يەڭگىل ئاغرىق پەيدا بولغاندىن كېيىن بىراقلا چوڭ بوغۇملار تەڭ ئىششىيدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا بادامبەزمۇ ئىششىيدۇ، كېسەللىك تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن مۇپاسىل شۇقەدەر ئاغرىيدۇكى، كېيىمنىڭ تېگىشىدىنمۇ ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىق سېزىلىدۇ، ئەگەر مۇناسىپ چارە قوللانمىسا مۇپاسىل ئىششىقى ۋە كۆيۈشۈش كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئىككىلا تەرەپتىكى بوغۇم بىراقلا كېسەللىنىدۇ، بەزىدە بىر بوغۇمدىن كېيىن ئىككىنچى بوغۇمغا، ئىككىنچىسىدىن كېيىن، ئۈچىنچى بوغۇمغىمۇ ئىششىق ۋە ئاغرىق يۆتكىلىدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما 8 ~ 10 كۈن داۋاملىشىدۇ، بۇ قىزىتما ئەتىگەندە يەڭگىللىشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما ئۆرلەپ 109 ~ 110 غىچە ئۆرلەيدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ، يۈزى قىزىل بولىدۇ، تىلى ئۈستىدە ئاق گەز توپلىنىدۇ، ئۇسسۇزلۇق

زىيادە بولىدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ، ئومۇمەن قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ مىقدارى كەم، رەڭگى توق قىزىل بولىدۇ، تەردە، تۈكۈرۈكتە ۋە سۈيدۈكتە كىسلاتا زىيادە بولىدۇ، بۇ كېسەللىكتە جۆيلۈش بولمايدۇ.

خىلتلاردىن بولغانلىرىنىڭ ئالامىتى:

قان خىلتىدىن بولغان تۈرى: تېرىدە قىزىللىق بولىدۇ، ئىششىقنىڭ ھەجمى زىيادە يوغىناپ كېتىدۇ، ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ ھەمدە قان غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

سەپرادىن بولغان تۈرى: رەڭگى سېرىق بولىدۇ، ئىششىقنىڭ ھەجمى ئانچە يوغىنىمايدۇ، ئاغرىش، كۆيۈشۈش ئۆتكۈر بولۇپ، سوغۇق نەرسىلەر مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە سەپرا غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، مەسىلەن: بىمارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە باشقىلار، مەسىلەن: بىمارنىڭ يېشى، كېسەللىك قوزغالغان پەسىل ۋە رايون ئايرىمىسى ۋە بىمارنىڭ ئادىتى قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىك خالىس سەپرادىن بەك ئاز پەيدا بولىدۇ، يەنى سەپراۋى خۇن (ئۆتكۈر قان) دىن پەيدا بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان تۈرى: ئىششىقنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، كۆيۈشۈش ۋە ئىششىق ئاز بولىدۇ ھەمدە ئاغرىش بوغۇملارنىڭ ئىچى (چوڭقۇر قاتلىمى) دە بولىدۇ، بۇ كېسەللىككە ئىسسىق نەرسىلەر مەنپەئەت قىلىدۇ، كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بەلغەمنى قوزغايدىغان چارىلەر قوللىنىلغان بولىدۇ. بەلغەم غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى، مەسىلەن: سېمىزلىك ۋە باشقىلار تېپىلىدۇ.

سەۋدادىن بولغان تۈرى: ئاغرىق يەڭگىل بولىدۇ، بوغۇملاردا قۇرۇقلۇق بولىدۇ، يەرلىك ئورۇننىڭ رەڭگى قارا ياكى كۆك بولىدۇ، تارتىشىش كەم بولىدۇ، ئىششىقتا قاتتىقلىق بولىدۇ، ھۆل ئىسسىق نەرسىلەردىن مەنپەئەت يېتىدۇ، بىمارنىڭ مىزاجى سەۋداۋى بولىدۇ.

مۇرەككەپ تۈرى: سەمەرقەندىنىڭ يېزىشىچە، بۇ تۈرى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق خىلتلارنىڭ جۇغلىشىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، پەقەت ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق قىلىشتىن مەنپەئەتى ئاز بولىدۇ ھەم ئۇ دورىلارنىڭ مەنپەئەت قىلىدىغان ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭلاشقا بىر ۋاقىتتا بىر دورا بىلەن مەنپەئەت تاپسا، باشقا ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەكسىچە باشقا دورا بىلەن مەنپەئەت تاپىدۇ. شۇڭلاشقا ئالامەتلىرىمۇ ئىككى خىلتنىڭ ئالامەتلىرىدىن مۇرەككەپ بولسا، بۇنىڭ ئىلاجىمۇ غالىبلىقنى ئىگىلىگەن خىلت ئېتىبارى بىلەن، يەككە خىلتلارنىڭ ئىلاجىنى مۇرەككەپ قىلىش لازىم.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى: بۇ كېسەللىكتە نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەر ئەگەشمە

كېسەللىكلەر شەكلىدە پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: يۈرەك قېپى ئىششىقى، يۈرەك پەردىسى ئىششىقى، يۈرەك مۇسكۇللىرى ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى، كۆكرەك پەردە ئىششىقى، رەئشە، ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى، جۇنۇن ۋە باشقىلار، لېكىن ئەڭ خەتەرلىك ھالىتى شۇكى، ۋەجئۇل مۇپاسىلنىڭ ماددىسى مېڭە پەردىسى ۋە مېڭىدە ئىششىق پەيدا قىلغىنىدۇر، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق ھالەتتە ھارارەت بىراقلا ئاشىدۇ، چىرايى سارغىيىپ كېتىدۇ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ دىققىتىنى يىغالمايدۇ، بىئاراملىق ھەم جۆيلۈش بولىدۇ ھەمدە ئاخىرىدا مۆگدەش ۋە قاتتىق ئۇيقۇ كۆرۈلۈپ، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بەدەندە قىزىل ياكى قارا داغ پەيدا بولىدۇ ۋە بالىلارنىڭ قول ياكى قول بارماقلىرىدا، مۇسكۇللارنىڭ پەيلىرىدە كىچىك بەزلەر پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ۋاقتىدىمۇ يۈرەكتە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داۋالىغۇچىغا بۇنى خەۋەر قىلىش لازىم.

ئاقىۋىتى: مۇپاسىل ئاغرىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلار بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن كېسەللىك ماددىسى ئىچكى ئەزالارغىچە تارقالسا ئۆلۈم خەتىرى بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى: بىمارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئارام ئالدۇرۇپ تىنچ قويۇشقا تىرىشىش، سوغۇقتىن قاچۇرۇش، قاندىن ئۇنىڭ مەخسۇس بۇزۇلغان ماددىسىنى چىقىرىشنىڭ چارىسىنى تاللاش ياكى بۇزۇلغان ماددىنىڭ تەسىرىنى يوقاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش (تەڭشەش)، لېكىن ھەرھالدا ھەرگىزمۇ كېسەللىكنى بىراقلا يوقىتىشقا ئۇرۇنماسلىق، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا پايدىنىڭ ئورنىغا زىيان يېتىدۇ، كېسەللەنگەن ئەزاغا ياردەم بېرىپ ھەرىكەتتىن توختىتىش، ئىسسىق كىيىندۈرۈش ۋە ئوراش، ئەگەر بىئاراملىق سەۋەبىدىن بىمار كىيىملەرنى سېلىۋېتىشكە ئۇرۇنسا، سالماسلىققا مەجبۇرلاش، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن، ئەپيۈن ئىستېمال قىلدۇرۇش، لېكىن ئەپيۈننى ئۇزاق كۈنلەرگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش ياخشى ئەمەس، ئەگەر بىمار ياخشى بولۇشقا باشلىسا قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم، ئۇنداق بولمىسا بۇ ۋاقىتتا ھەر خىل ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشنىڭ خەتىرى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تولۇق داۋالاش دەۋرىدە قەۋزىيەتكە باشتىن - ئاخىر ئېتىبار قىلىش، يەنى ھەمىشە تەرەتنى يۇمشىتىپ تۇرۇش لازىم.

داۋالاش

قان خىلتىدىن بولغان تۈرىنى داۋالاش ئەگەر بىمارنىڭ ئەھۋالى يار بەرسە قارشى تەرەپتىن قان ئېلىش، ئاندىن مۇكەممەل مۇنزىج بېرىپ بولغاندىن كېيىن سۆرۈنجان، شاھتەررە،

تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، ئۈرۈقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، ھېلىلە ۋە خىيارشەنبەر مېغىزىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ، قابىزلىق خۇسۇسىيىتى بولغان زەھەر قايتۇرغۇچى تىلالار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: تىلا نەرد، بۇ قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، فۇپەل، قىزىلگۈل، مامىسا، ئاقاقىيا قاتارلىقلارنى سىركە، كاسنە سۈيى، يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلاردا يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر ئاغرىق كۈچلۈك بولسا، مەست قىلغۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئەپيۇن، يەبرۇج ۋە باشقىلارنى كاھۇ سۈيى ھەمراھلىقىدا چېپىش لازىم. بۇ ئىلاج كېسەللىكنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈندۇر. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولسا، بىرقەدەر تارقىتىش كۈچى بولغان زىماتلارنى چېپىش زۆرۈر بولىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى قاتارلىقلار، ئاندىن كېيىن كۈچلۈك تارقاتقۇچى زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلار.

مۇناسىپى شۇكى، ۋەجئۇل مۇپاسىلنىڭ بارلىق ئىسسىق ۋە سوغۇق زىماتلىرىغا ھەم ئۇنىڭ بارلىق مۇسھىللىرىغىمۇ سۆرۈنجان قوشۇلىدۇ، چۈنكى سۆرۈنجان بۇ كېسەللىك ئۈچۈن مەخسۇس دورىدۇر، يەنى ئاغرىق توختىتىدۇ.

سۆرۈنجان بوغۇملارنى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەمدە ئۇنى ماددىدىن تازىلايدۇ، بوغۇملارنىڭ قان تومۇر ۋە كانىلىنى تارايتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ماددا ئۇنىڭغا قويۇلمايدۇ.

سۆرۈنجان ئىككى جەۋھەردىن مۇرەككەپتۇر، بىر جەۋھىرى سۈرگىدۇر. ئىككىنچى جەۋھىرى قابىزدۇر.

سەپرادىن بولغان تۇرىنى داۋالاش بۇ تۇرىدىمۇ دەسلەپتە قان ئېلىش، ئاندىن ھېلىلە قاينىتىلمىسى ۋە باشقا سەپرانىڭ مۇسھىل دورىلىرى بىلەن ئىچىنى سۈرگۈزۈش، سوغۇق زىمات ۋە تىلا چېپىش، بۇنىڭدا قابىزلىق بولمىسۇن، مەسىلەن: ئىسپىغۇل، سىركە، قاپاق پوستى، تەرخەمەك سۈيى، ھەمىشباھار سۈيى، كاھۇ سۈيى، كافۇر سۈيى ۋە باشقا قابىز بولمىغان سوغۇق دورىلار چېپىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ئۆتكۈر بولۇپ، غەشىنىڭ خەۋپى بولسا، مەست قىلغۇچى زىماتلار ئاغرىق پەسەيگۈچە چېپىلىدۇ ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: پوستى ئاقلانغان سېرىق پۇرچاق، كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەك، سۆرۈنجان قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ۋە باشقا ماددىنى قويۇلدۇرۇلغۇچى ۋە سېزىمنى مەست قىلغۇچى دورىلار، مەسىلەن: ئاق خەشخاش، سىركىگە چىلانغان بەللۇت ۋە كاھۇ ئۈرۈقى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۇرىدە تارقاتقۇچى تىلالارنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

بەلغەمدىن بولغان تۇرىنى داۋالاش سېرىقچېچەك، بىخسۇس ۋە ھەسەل بىلەن قۇستۇرۇش، ئەگەر ماددا تولۇق پىشسا ۋە چىقىپ كېتىشكە قابىل بولسا مۇسھىل بېرىش، مۇنزىج

بەرمەي سۇرگە بېرىلسە، بەزى ۋاقىتلاردا ئۈنۈمى كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى ئاخىرىدا بوغۇمنى قاتۇرۇپ تاشتەك قىلىپ قويىدۇ، سۇرگىچى ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ، بۇ شەھمەنزەل، بوزىدان، سۆرۈنجان ۋە باشقا بەلغەمنىڭ مۇسھىل دورىلىرى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن، بۇ ۋەجئۇل مۇپاسىل ئۈچۈن خاستۇر، مەسىلەن: تۇربۇت، زەھرە ماھى، قەنتەرىيۇن، ھەجەر ئەرمەنى ۋە ئادراسمان قاتارلىقلار. ئاندىن كېيىن تارقاتقۇچى زىماتلار چېپىلىدۇ. بۇ بابۇنە، ئىكلىلىملىك، سىرىقچېچەك، ئاق لەيلى، مىئەسائىلە، مۇرمەككى، سەبرە، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، شۇمشا ئۇرۇقى لۇئابى، زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى ۋە باشقا يۇمشاتقۇچى، تارقاتقۇچى دورىلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن. بۇ زىمات بوغۇملارنى قاتۇرۇپ تارىمۇشلارنى ئېگىدىغان بىرەر قويۇق خىلىت بوغۇملاردا قالمىغىچە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ خاس تۇرىدە بوغۇملارنىڭ ئېگىلىپ كېتىش خەۋپى بولىدۇ.

ئىسسىق ياغ، مەسىلەن: ئارەندى يېغى، سۇمبۇل يېغى، قۇستە يېغى، ئاچچىق بادام يېغى قاتارلىقلارنى سۇركەش بۇ تۇرىگە پايدىلىقتۇر. بۇ مۇئەققەف «ئۇقاف» دىن چىققان بولۇپ، بۇ بىر كېسەللىكنىڭ نامىدۇر. بۇ ئۆچكىنىڭ پاچىقىدا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پاچاقلىرى مايماق بولۇپ قالىدۇ.

سەۋدادىن بولغان تۇرىنى داۋالاش قان ئېلىش ئارقىلىق سەۋدانى چىقىرىپ تاشلاش، تولۇق پىشقاندىن كېيىن مۇسھىل بېرىش، يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى زىمات چېپىش، مەسىلەن: بابۇنە، شۇمشا ئۇنى، زىغىر، مۇقەل، جاۋشىر، ئۇد خام، ئەنجۇر، ئۆچكىنىڭ ئېرىتىلگەن يېغى، زەيتۇن يېغى، كالىنىڭ سىرىقمېيى قاتارلىقلاردا تەييارلانغان زىماتلارنى چېپىش، قىرۇتى سۇركەش، بۇ سەۋسەن يېغى، قۇستە يېغى، چېگىت يېغى، ئارەندى يېغى، بابۇنە يېغى ۋە مومدىن تەييارلانغان بولسۇن. ھۆل ئىسسىق مايلار ۋە ياغلار سۇركىلىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى، توخۇ يېغى، ئۆردەك يېغى قاتارلىقلار. ئىسسىق سۇ بىلەن نۇتۇل قىلىش، بۇنىڭدا بابۇنە، مەرزەنجۇش، پىننە، تاغ پىننىسى، زۇپا ۋە شۇمشا قاينىتىلغان بولسۇن.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار دەسلەپكى بىرقانچە كۈنگىچە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا: مەجۇنى سۆرۈنجاندىن يەتتە گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربەتى بۇزۇرى مۆتەدىلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھەببى سۆرۈنجاندىن تۆت دانىسى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسى بىلەن توكۇر

قىلىنىدۇ ۋە توكۇردىن كېيىن تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرەرى زىمات قىلىنىدۇ.

نۇسخا (1): قۇرۇق خېنە يوپۇرمىقى ۋە يەرلىك سوپۇندىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، سىركىدە ئېزىپ ئىسسىتىلىدۇ، ئەگەر قويۇلسا ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ.

نۇسخا (2): ئىسپىغۇل مۇسلىم ۋە خەشخاش پوستىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا گۈل يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

نۇسخا (3): 12 گىرام ئاچچىق سۆرۈنجاننى يۇمشاق ئېزىپ، ئالتە گىرام گۈل يېغى ۋە بابۇنە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ داۋالاش بىلەن ياخشىلانمىسا 10 ~ 15 كۈنگىچە قائىدىلىك مۇنزىج ئىچكۈزۈپ 2 ~ 3 قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى: گۈلبىنەپشە، قەسبۇزەرىرە، شاھتەررە، بەدىيان، بىخ بادىيان ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، قۇرۇتۇلغان يەرلىك شوخلا، تاتلىق سۆرۈنجان ھەربىرى بەش گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە. دورىلارنى كەچتە ئىسسىق سۇغا چىلاپ، ئەتىگىنى سۈزۈپ 48 گىرام تەرەنجبىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شام ۋاقتىدا تۆۋەندىكى نۇسخا ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلىدۇ:

نۇسخا: ئاۋۋال يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇس يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن قۇرۇق پىنە، لاچىندانە ئۇرۇقى، زەنجىۋىل، كەرەپشە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، قارىمۇچتىن 0.1 گىرام ئېلىپ، بۇ دورىلارنى 144 گىرام ئەرقى بەرەنجاسىپقا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن مەجۇنى سۆرۈنجان يېگۈزۈلىدۇ.

مۇسھىل دورىلار: قىزىلگۈل، سانائى مەككى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، خىيار شەنبەر ئۇرۇقى مېغىزى، تەرەنجبىن، قارا شېكەر ھەربىرى 48 گىرامدىن، تاتلىق بادام مېغىزى بەش دانە. بۇلاردىن قائىدە بويىچە مۇسھىل تەييارلاپ بېرىلىدۇ. سۈرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن مەجۇنى ئۆشبە ياكى مەجۇنى سۆرۈنجاندىن يەتتە گىرام، مەجۇنى ئازاراقىدىن ئۈچ گىرام ياكى ھەببى ئازاراقىدىن بىر دانە يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى ياغ بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ:

ياغ نۇسخىسى: ئاك گۈلى، كەندىر يوپۇرمىقى، ئاچچىق سۆرۈنجان، زەنجىۋىل ھەربىرى 12 گىرامدىن، كۈنجۈت يېغىدىن 120 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ تاسقاپ، بارلىق دورا ۋە ياغلارنى ئاق قىچا يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ، دورىلار پىشقاندا سۈزۈپ ئىلمان قىلىپ ئۇۋۇلىنىدۇ.

ئەگەر ۋەجئۇل مۇپاسىل سۆزنەك نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولسا (بۇ كۆپ پەيدا بولىدۇ)،

داۋالاشتا سۆزنەكنى داۋالاش زۆرۈردۇر، بۇ، سۆزنەكنى داۋالاشنىڭ بايانىدا سۆزلىنىپ بولدى. مۇشۇنىڭدەك ئەگەر سىفلىس كېسىلى سەۋەبىدىن بولسا، نۇقۇئى شاھتەررە ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم سىفلىسنىڭ باشقا داۋالاش چارىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز: كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا ئارپا سۈيى ياكى سۈت بېرىش، ئەگەر قىزىتما بولسا، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە بەرمەسلىك. قىزىتمىدىن كېيىن ماش ئۈنى كاكچىسى ياكى بىرەر تۈردىكى كۆكتات بېرىلىدۇ. گۆش، بېلىق ۋە باشقىلار تامامەن بېرىلمەيدۇ. سۇ ئۇسساش ئەھۋالىغا قاراپ بېرىلىدۇ، سوغۇق ھاۋا، سوغۇق سۇ ۋە مۇزدىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ھەر خىل ھەرىكەتلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاچۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە: بۇ كېسەللىكتە يۈرەك تەرەپكە بۇزۇلغان ماددىنىڭ بېرىش خەۋپى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنى تىنچ ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش مۇناسىپتۇر. ساقىيىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كۆپ يول يۈرۈشكە ئىجازەت بەرمەسلىك، بۇ چاغدا پۈتۈن بەدەن ۋە قول - پۇتلار ئۈستىگە ماي سۈركەپ ئۇۋۇلىماسلىق، ئەگەر يول يۈرۈش بىلەن يۈرەك چالاڭغۇراش كەيپىياتى پەيدا بولسا، ئۇنى توختىتىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا سۇ ۋە ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ھەم قۇرغاق ئورۇنلاردا تۇرۇشقا مەسلىھەت بېرىش لازىم.

سوزۇلما تۈرى

ماھىيىتى كېسەللىكنىڭ بۇ ھالىتى دەسلەپكى ھالىتى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. بۇ ئومۇمەن مۇستەقىل شەكىلدە ۋە بەزىدە ئۆتكۈر ۋەجئۇل مۇپاسىل نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنىڭدا مۇپاسىل ئەتراپىدىكى تالالىق توقۇلما، نېرۋا غىلاپى، سۆڭەك پەردىسى، پەي، تارىمۇش ۋە باشقىلار ئىششىپ، مۇپاسىلنىڭ ھەرىكىتىنى ئازراق ياكى تامامەن توسۇپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بوغۇملاردا ناھايىتى ئاز ئاغرىش ھەر ۋاقىت تۇرىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك كۆپرەك ھۆل سوغۇق پەسىلدە ۋە 40 ياشتىن كېيىن بولىدۇ. ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەرلەر بۇنىڭغا زىيادە گىرىپتار بولىدۇ، بەزىدە بۇ ئىرسىيەتلىكمۇ بولىدۇ، مېھنەتكەش ۋە غېرىب كىشىلەر ياخشى غىزالىنالماسلىقتىن بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ. سوغۇق ئۆتۈش، يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، ھۆل كىيىملەرنى ئۇزاق مۇددەتكىچە كىيىپ تۇرۇش، بىرەر بوغۇم ئۈستىگە زىيادە بېسىم چۈشۈش، بىر قىسىم بۇزۇلغان ماددىلار قانغا قوشۇلۇش، ھەزىمنى بۇزىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ۋە باشقىلار بۇنىڭ سەۋەبىگە كىرىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكتە مۇپاسىلنىڭ تارىمۇشلىرى قېلىن ۋە قاتتىق بولۇپ، مۇپاسىل

ھەرىكىتىنى ئازراق ياكى قەتئىي يوق قىلىدۇ، بوغۇملاردا قاتتىقلىق ۋە ئاغرىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، كەچتە ئۇخلىغاندا كۆرپىنىڭ ئىسسىقى يېتىپ ئاغرىقتا كۈچىيىش بولىدۇ، ھۆل سوغۇق پەسىلدە ۋە سوغۇق ھاۋادا ماڭغاندا ئاغرىقتا ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ ھەمدە كېسەللەنگەن بوغۇمدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئىششىق بولىدۇ، مۇپاسىلغا يېقىن ئەتراپتىكى مۇسكۇللار ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ، لېكىن ئۆتكۈر ھالەتتە بوغۇملارنىڭ ئىچىدە ھۆللۈك جۇغلاشمايدۇ، بىمار كۆپىنچە ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ، ئۇ بارلىق ئىشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن قىزىتما بولمايدۇ، ئەگەر بولسىمۇ ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ.

تۈرلىرى: بۇ ھەدار زىلالى ۋە ھەدار ئۇزلى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ھەدار زىلالى: بۇ كېسەللىكتە بوغۇمنىڭ شىللىق پەردىسىدىن تولۇق چاپلاشقاق ھۆللۈك سىرغىپ، بوغۇمنىڭ ئىچىگە توپلىنىپ بوغۇمنى كېڭەيتىدۇ، يەنى بوغۇمنىڭ ئىچىگە سۇغا ئوخشاش ھۆللۈك توپلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئىستىسقائى مەپسىلمۇ دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھال كۆپرەك تىز بوغۇمىدا بولىدۇ.

2. ھەدار ئۇزلى: بۇ كېسەللىكتە دەسلەپتە ئۆتكۈر ئالامەتلەر تېپىلىدۇ، بۇ كېسەللىك ئومۇمەن سوغۇق تېگىش ۋە سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭغا كۆپرەك ياش، مېھنەتكەش ئەر ۋە ئاجىز ئاياللار گىرىپتار بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاتا - ئانىسى ۋە ئەجدادىدا ۋەجئۇل مۇپاسىل، نۇقرەس ۋە باشقىلارنىڭ شىكايىتى بولغان كىشىلەردە كۆپ بولىدۇ، بىر قېتىم كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شىكايىتى قايتا - قايتا بولىدۇ.

ئالامىتى مۇسكۇللاردا قاتتىقلىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ. بېسىش، ھەرىكەت قىلىش ياكى ئىسسىقلىق يېتىشتىن كېيىن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

بەزىدە بۇنىڭدا بىمارنىڭ بەل، دۈمبە ياكى بۆرەكلىرىدە ئۆتكۈر ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئاغرىق شۇقەدەر يەڭگىل بولىدۇكى، ھەرىكەت قىلمىسا ئاغرىق بولمايدۇ، لېكىن بېسىش بىلەن ھەرھالدا ئاغرىق كۈچىيىدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما بولمايدۇ، لېكىن ئاغرىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن ھارارەتنىڭكىدەك كەيپىيات مەلۇم بولىدۇ، چۈنكى ھەر خىل ئورۇنلارنىڭ مۇسكۇللىرىمۇ بۇنىڭ بىلەن كېسەللىنىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بايان قىلىنىدى.

ۋەجئۇل قەھفى (باش سۆڭىكى ئاغرىقى): بۇ كېسەللىكتە باشنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئاغرىق بولىدۇ، بۇنىڭدا، باشنى بېسىش ۋە ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىغا ھەرىكەت بېرىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

ۋەجئۇل ئۇنقى (بويۇن ئاغرىقى): بۇ كۆپىنچە سوغۇق ھاۋا تېگىش ياكى ئۇخلىغاندا ئۇزۇنغىچە بويۇننى بىر ھالەتتە قويۇش سەۋەبىدىن بويۇننىڭ بارلىق مۇسكۇللىرى

ئومۇمەن بويۇن مۇسكۇلى ئېگىلىپ قاتتىق بولىدۇ، بۇ كېسەللىك كۆپىنچە بىر تەرەپتە بولىدۇ، كۈلۈش، يۆتىلىش ياكى باشنى مىدىرلىتىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

ۋەجئۇل جەنبى (بىقىن ئاغرىقى): بۇنىڭدا كۆكرەكنىڭ مۇسكۇللىرى جۈملىدىن كۆكرەك چوڭ مۇسكۇلى كېسەللىنىدۇ، كۆپىنچە سول تەرەپ قولتۇق ئاستىدا كۈچلۈك ئاغرىق بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن نەپەس ئالغاندا، چۈشكۈرگەندە ۋە يۆتەلگەندە قاتتىق يېقىمسىزلىق بولىدۇ، بۇ ئاغرىق بىر جايدا تۇرىدۇ ۋە بېسىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

ۋەجئۇل قەتەن (بەل ئاغرىقى): بۇنىڭدا بەل مۇسكۇلى، ئولتۇرغۇچى سۆڭەك مۇسكۇلى ۋە بەل قېپى مۇسكۇلى كېسەللىنىدۇ. ئۆرە تۇرغان ۋاقىتتا بىمار ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرىدۇ، بەلدە بىراقلا كۈچلۈك ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئاغرىق كۆپىنچە كېچىدە كۈچىيىدۇ. بېسىش بىلەن ئاغرىقتا يەڭگىللىشىش بولىدۇ ھەمدە تۈز، ئۆرە تۇرۇش قىيىن بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى: بۇنىڭدىمۇ بىمارنى سوغۇقتىن قاچۇرۇش زۆرۈردۇر، خۇسۇسەن پەسىل ئالمىشىدىغان مەزگىلدە ئىسسىق كىيىندۈرۈلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا ھەزىم بۇزۇلىدۇ، شۇڭا قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن خاس خىيال قىلىش، ئىچى تەرەپتىن پولات مۇرەككىباتىنى يېگۈزۈش ۋە سىرتقى تەرەپتىن مۇناسىپ ياغلار بىلەن ئۇۋۇلاش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە زىماتلارنى ئىشلىتىش، بۇنىڭ نۇسخىسى ۋەجئۇل مۇپاسىل ھادتا بايان قىلىنغان. بۇ ھالەتتە ئۇلار پايدىلىق، ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: پەرپىيون ئۈچ گىرام، قوندۇز قەھرى بىر گىرام، ئاچچىق سۆرۈنجان ئىككى گىرام، جاۋشىر ئۈچ گىرام دورىلارنى گۇلابتا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: زەنجىۋىل، قارا زىرە، ئاچچىق قۇستە، ئاچچىق سۆرۈنجان، ئاك گۈلى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، خېنە يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ساپ سىركىدە ئېزىپ گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇنزىجنى 10 ~ 15 كۈنگىچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن تەركىبىگە سۈرگە دورىلىرىنى قوشۇپ ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بايانى كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ھالىتىدە سۆزلىنىپ بولدى.

مۇنزىج نۇسخىسى: بەدىيان، بىخ بەدىيان، شاھتەررە، قەسبۇزەرىرە ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، تاتلىق سۆرۈنجان، ئەفتىمۇن، پىستە مېغىزى رەڭلىك بىستىپايەج ھەربىرى بەش گىرامدىن، چىلان بەش دانە. دورىلارنى كەچتە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قايىنىتىپ سۈزۈپ، 48 گىرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، شام ۋاقتىدا مەجۇنى

چۆپچىندىن يەتتە گىرامى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مۇنزىج ۋە مۇسەھھىلدىن كېيىن ئىككى بەرنج پولات كۇشتىسى ۋە خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسىنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ھەم شام ۋاقتىدا مەجۇنى ئۆشبە يەتتە گىرام ياكى مەجۇنى ئازاراقىدىن ئۈچ گىرام ياكى مەجۇنى چۆپچىندىن يەتتە گىرامنى سۇ ياكى ئەرقى بەديان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سىرتقى تەرەپتىن ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ۋەجئۇل مۇپاسىلدا سۆزلەنگەن ياغلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق بەدەننىڭ ھەر خىل ئورۇنلىرىدا بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز: سۈت، سېرىقماي، قايماق، تۇخۇم ۋە باشقا مايلىق ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ. شاراب، گۆش ۋە سوغۇق ھاۋاغا ئۇچرىشىشتىن بىمارنى ساقلاش، بارلىق تەستە ھەزىم بولىدىغان ۋە كۆپتۈرگۈچى غىزالارنى بەرمەسلىك لازىم.

كۆرسەتمە: بۇ كېسەللىكتە ھەزىم قىلىش كۈچى بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى نورماللاشتۇرۇپ تۇرۇش ۋە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، سوغۇق تېگىش، يامغۇردا چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش ھەمدە شەبنەمدە ئۇخلاشتىن ساقلىنىش، سۇ ۋە ھاۋانى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش. قۇرۇق ئىسسىق ئورۇنلاردا تۇرۇش لازىم. ئىسسىق كىيىنىش، ئىسسىق ھامامغا چۈشۈرۈش ۋە ھامامدىن چىققاندىن كېيىن، كېسەللەنگەن بوغۇمنى ئۇۋۇلاش ۋە ئۇلارنى مىدىرلىتىپ بېرىش پايدىلىق، تاغلىق رايونلاردا تۇرۇش ۋە ئىسسىق سۇلۇق بۇلاقلارغا ئايدا 20 كۈنگىچە ھەر كۈنى ئىككى قېتىم يۇيۇندۇرۇشمۇ پايدىلىق.

يانپاش ئاغرىقى (ۋەجئۇل ۋەرەك)

يانپاش ئاغرىقى: بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ① ھەدارى: بۇ چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ ماددىسىدىن كۆرۈلىدۇ؛ ② سىلى: بۇ سىل ماددىسىدىن پەيدا بولىدۇ.

ھەدارى بۇ ۋەجئۇل مۇپاسىلنىڭ بىر تۈرىدۇر. پەرقى پەقەت يانپاش بوغۇمىنىڭ چوڭقۇر ئورنىدا، يەنى مۇسكۇلنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدە مۇسكۇل ناھايىتى كۆپ مىقداردا تېپىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى تولۇق شەكىلدە رەڭگىدىن ۋە تۇتۇشتىن ئاشكارا بولمايدۇ، بۇ يەردە ئەگەر بوغۇم ئىششىق ماددىسىدىن مىقدار جەھەتتە ناھايىتى كۆپ بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى ئازراق ئاشكارا بولىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆپرەك ئاشكارا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە قانچىلىك گۇمان

قىلىنسا، بۇنىڭدىن يېڭى گۇمان زىيادە بولىدۇ.

يانپاش بوغۇمىدا كۆيۈشۈش (سۆزنەك) ۋە باشقا سەۋەبلەردىنمۇ ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ۋەجىئۇل مۇپاسىلنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

ئەگەر ماددا بەلغەمى بولسا، چاپلاشقاق ھۆللۈكلەرنى چىقارغۇچى، قۇستۇرغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ ۋە مۇشۇ تۈردىكى ھۆقنە ۋە شىياف ئىشلىتىلىدۇ. قۇستۇرۇش ئۈچۈن تۇرۇپ ئۇرۇقى، سىرىقچېچەك، ھەسەل ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ، ھۆقنىلەر ئۈچۈن ئاسمان رەڭلىك سەۋسەن يىلتىزى، قەنتەرىيۇن، سۇزاپ، بابۇنە، بىخ كەبىر، ئېزىلگەن چىگىت، تۇربۇت قاتارلىقلارغا ئاچچىقسۇ، ئاچچىق بادام يېغى، ھەسەل ۋە باشقىلارنى قوشۇپ قايىنىتىپ ئىشلىتىلىدۇ، توققۇزكۆز ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن شىپالىق بەرگۈچى دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ ھەم بىمار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاچ قويۇلىدۇ.

سىلى بۇ بىر ئومۇمىي ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇ كۆپرەك 10 ياشتىن تۆۋەن باللاردا تېپىلىدۇ، دەسلەپتە بوغۇمنىڭ ئىچكى پەردىسىدىن ۋە بەزىدە سۆڭەكلەردىن باشلىنىدۇ، ئەگەر سۆڭەكلەردىن باشلانسا باشلىنىش مەركىزى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يوتا سۆڭەكىنىڭ بويۇن قىسمىنىڭ تۆۋەندىكى بۆلىكىدە پەيدا بولىدۇ. ئەگەرسۆڭەكتىن كېسەللىك باشلانسا، بۇ بوغۇم ئىچكى پەردىسىگىچە چوڭىيىپ بوغۇمنى تولۇق يۇقۇملاندۇرىدۇ، ئەگەر يانپاش ئويمىنىچە يېتىپ بارسا، بەزىدە بۇ ئىچكى تەرەپكە چوڭىيىپ، دوۋساق بوشلۇقى ئىچىدە يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ، يانپاش بوغۇمى چۆرىسىدىكى مۇسكۇللار سۇمۇرۇلىدۇ. ياپناش ئويمىنى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، بۇ كېسەللىكتە سوزۇلما چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق ناھايىتى ئومۇمىيدۇر. بۇ ئومۇمەن چوڭ ئايلاندۇرغۇچى سۆڭەكىنىڭ ئالدى ياكى ئارقىسى ياكى ئۇزۇن يىغقۇچى مۇسكۇل پېيىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يېقىن ئېغىز ئالىدۇ.

ئالامىتى بىمار (ئومۇمەن باللار) ئاقساپ ماڭىدۇ ھەمدە يانپاش بوغۇمىدا يوتىنىڭ ئىچكى تەرەپ ياكى تىزىدا ئاغرىق شىكايىتى بولىدۇ، يوتا ۋە يانپاش مۇسكۇللىرى بىرقەدەر ئۇرۇق كۆرۈنىدۇ، باشلىنىشتا ئومۇمەن پاچاقنىڭ كۆرۈنۈشى ئۇزۇن مەلۇم بولىدۇ، يانپاش شەكلى يوقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن يوتىنىڭ قىسقىرىشى ئاشىدۇ ھەمدە سىرتقى تەرەپكە ئېگىلگەن بولىدۇ، يانپاش بوغۇمنىڭ شەكلى يوقىلىدۇ. بوغۇمنىڭ ھەرىكەت قىلىشى بىرئاز قىيىن بولىدۇ. ھەرىكەت قىلغاندا ئاغرىق بولىدۇ. كېسەللىك تەرەققىي قىلىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ. بەزىدە كەچتە تەشەنۇج ئاغرىقى بولىدۇ، قىزىيدۇ، يىرىڭلىق ئىششىق كۆرۈلىدۇ. ئاندىن يوتىنىڭ قىسقىراش كۈچى ئاشىدۇ، قىسقىراش ئورنى يېقىن بولىدۇ ۋە بوغۇم ئىچى تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا ئارقا ۋە يۇقىرىقى تارىمۇشلار يۇمشايدۇ ھەمدە پاچاق تەدرىجىي يىگلەشكە

باشلايدۇ.

ئىبنى تەلمىز: ھەۋاشى ئىراقىيەدە يازغانكى: بۇ ماددىلار ئەگەر بوغۇمدا توسۇلۇپ قالغان بولسا، توقۇلمىلارنى يەپ ۋە ئوفۇنەتلەندۈرۈپ، تارىمۇشلارنى بۇزىدۇ، بۇ يانپاش سۆڭىكى ئويمىنىدا بولىدۇ، ئىبنى تەلمىز بۇنىڭ بىلەن بۇ تۈرى تەرەپكە ئىشارە قىلىنغاندۇر، ئۇنداق بولمىسا ئوچۇقكى، چوڭ بوغۇملار ئاغرىق ماددىسى يېگۈچى بولىدۇ ۋە ئۇفۇنەتلەندۈرگۈچى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ يىرىڭغا ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ - كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللەنمەيدۇ.

ئاقىۋىتى ئەگەر مۇناسىپ داۋالاش قىلىنسا بوغۇم قاتقاندىن كېيىن بىماردا ياخشىلىنىش كۆرۈلىدۇ، لېكىن ھەرھالدا ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئېھتىمالى بولىدۇ.

داۋالاش كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا بىمار تىنچ ھالەتتە راھەتلەندۈرۈپ ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە پاچىقىنى بوشىتىپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئېغىر نەرسە ئېسىپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ بوشىشىش يۈزلىنىشى مۇشۇنداق بولۇشى لازىم. بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن پاچاق بوشىسا، ئەگەر ئاغرىق يوقالسا ۋە ئەزا تۈزلەنسە، ئۆرە بولۇش ۋە مېڭىش - تۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ تېڭىق تاختىيى تېڭىلىدۇ، ساغلام پۇتىدا ئۆرە تۇرغۇزۇلىدۇ، بۇ تاختايلار ئالامەتلەر يوقالغاندىن كېيىن ئالتە ئايغىچە ئىشلىتىلىدۇ. بەدەن ساغلاملىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ياخشى غىزالاندۇرۇش، ساپ ھاۋا ۋە ئاپتاپتا تۇرغۇزۇش لازىم. بۇ كېسەللىكتە دەستىكاردىن ساقلىنىش لازىم، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، يىرىڭلىق ئىششىق بوشلۇقىدىن يىرىڭ سىرتقا چىقىرىلىدۇ، ئەگەر كېسەللىكتە بىماردا ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلاش غالىب كەلگەن بولسا، ھەتتاكى ئۇ بىرەر دەستىكار قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە ئەمەلىي تەدبىر قىلىنىدۇ.

سەمەرقەندى يانپاش بوغۇمىنىڭ ئىلاجى چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ ئىلاجى بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا قارىمۇقارشى بولىدۇ، بۇنىڭدىن بۇ تۈردىكى سىل مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، تارىمۇشلارنىڭ چىرىشى بىلەن بوغۇم ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىدۇ، يەنى بوغۇم چىقىشنىڭ خەۋپىمۇ بولىدۇ. بۇ چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىدا بولمايدۇ، دەپ بايان قىلغان.

خەيرى يېغى، پەرپىيۇن ۋە قۇندۇز قەھرى چېپىلىدۇ ھەمدە تېرىنى قىزارتقۇچى ۋە سۇلۇق قاپارتقۇ كۆتۈرگۈچى زىماتلاردىن بىخ كەبىر، ئاقىرقەرھا، زەرارىھ، ياۋا پىياز، كەپتەر مايىقى، بالادۇر ھەسلى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئورۇن زەخىم قىلىنىدۇكى، ھەتتاكى بۇ زەخىم ئۆزى پۈتىدۇ ۋە ئاغرىق پەسىيىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى مەزكۇر داۋالاش بىلەن پايدا ھاسىل بولمىسا ھەمدە كېسەللىك جەريانى ئۇزىراپ كەتسە، داغلاپ داۋالىنىدۇ، بۇ داۋالاشقا بىمار بەرداشلىق بېرەلىگەن شەرت ئاستىدا

ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىغا قەدىمكى زامان كىشىلىرى بەرداشلىق بېرەلىگەن.

داغلاش ئۇسۇلى داغلاش ئۈچۈن تۆمۈردىن ياسالغان داغلاش سايمىنى پىيالىغا ئوخشاش ياسىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا يېرىم غېرىچ پاسىل بولسۇن (يەنى پىيالە كەڭلىكى يېرىم غېرىچ باراۋەردە بولىدۇ) ۋە ئۇنىڭ چۆرىسى قۇرۇق خورما ئۇرۇقچىسى باراۋەردە قېلىن بولىدۇ، ئۇ پىيالىنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى پىيالە بۇنىڭغا ئوخشاش بولسۇن، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر پىيالە بولسۇن ۋە پىيالىلەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر بوشلۇق بولسۇن ھەم بۇنىڭ بىر تۇتىدىغان ساپلىقى بولسۇن. ئۇنىڭ بېشى شۇقەدەر قىزىتىلىدۇكى، ئوتقا ئوخشاش قىزىل بولىدۇ. ئاندىن ئۇ يانپاش ئويمىنىغا قويۇلىدۇ، بۇ ھالەتتە بىمار ساغلام يانپېشىدا ياتقان بولسۇن، بۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم داغلىغاندا تۆت يۇملاق داغ چۈشىدۇ، ھىندىستان ۋە پاكىستاندا بۇ داۋالاش ئۇسۇلى ئىشلىتىلمەيدۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تەبىئىتى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

نۇقرەس (ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى)

نۇقرەس — ئاغرىق ۋە ئىششىقنىڭ مەخسۇس نامىدۇر، بۇ ئادەتتە پۇت بارماقلىرى، ئوشۇق بوغۇمى، قول بوغۇملىرى بولۇپمۇ قول بارماقلىرىدا بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بىلەك بوغۇمى ۋە قول بارماقلىرىنىڭ بوغۇملىرىمۇ كېسەللىنىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

ئىبنى ھىل يازغانكى: «پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ بوغۇمى ئەنقۇرۇس دەپ ئاتىلىدۇ» بۇنىڭدىن نۇقرەس سۆزى ئېلىنغاندۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى، نۇقرەس بارماقلاردىن، جۈملىدىن پۇت بارماقلىرىدىن باشلىنىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئوشۇقتىن باشلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن تارقىلىدۇ (ھەتتاكى ئەزالارغىچە تەسىر قىلىدۇ).

بەزى ۋاقىتلاردا نۇقرەستىن تويۇقسىز ئۆلۈممۇ يۈز بېرىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

نۇقرەس ماددىسى: يۇقىرىقى مەزكۇر پەرھىزسىزلىكلەردىن بۇ ماددا ھاسىل بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە تۆتىنچى ھەزىم (ئەزالار ھەزىمى) نىڭ كېرەكسىز ماددىسىدۇر، بۇ ناھايىتى ئۆتكۈر تاش ماددىسى (چۆچۈمەل سۈيدۈك) بىلەن جىنسداشتۇر، چۈنكى داۋالاش ئۇسۇلى ئېتىبارى بىلەن بۇ ۋەجئۇل مۇپاسىل بىلەن تۇتاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەللامە سەمەرقەندى بۇنى قىسقا يېزىپ ئاخىرلاشتۇرغان.

نۇقرەس ماددىسىنىڭ ئەگەشمە تەسىرلىرى: ئەگەر بۇ ماددا بوغۇمغا قۇيۇلسا دەسلەپتە بوغۇم ئىششىپ قىزىل، قىزىق ۋە بولىدۇ، تارىمۇشلار قاتتىق بولىدۇ ۋە ئېلاستىكلىقى يوقىلىدۇ،

بوغۇمنىڭ توقۇلمىلىرىدا بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى توپلىنىدۇ، بوغۇمنىڭ ئۇستىنكى تېرىسى تارتىشىدۇ ھەم پارقىراق ۋە كۆك قان تومۇرلار كۆپۈشكەن بولىدۇ، قىزىل قان تومۇرلار قاتتىق ۋە توم بولىدۇ.

كۆپىنچە بۇ كېسەللىك ئىرسىيەتلىك بولىدۇ، ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەرلەر بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ، بۇ كېسەللىك 30 ~ 40 ياش ئارىلىقىدىكى كىشىلەردە بولىدۇ، لېكىن ئىرسىيەتلىك بولغاندا بىرەر ياش چەكلىمىسى بولمايدۇ.

سوئال بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى بولۇپمۇ نۇقرەس ئاغرىقى نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈر بولىدۇ؟

جاۋاب: (1) بوغۇملاردا تارقىلىش ئۈچۈن ئازادە جاي ئاز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تارتىشىش كۈچلۈك بولىدۇ.

(2) بوغۇملارنىڭ سەزگۈرلۈكى ئاشقان بولىدۇ.

(3) بۇ زىيانلىق ماددىلار تېز تارقالمايدۇ.

ئىلگىرىكى سەۋەبلەر: نۇقرەس، ھەدار ۋە ئىرقۇننىساغا ئوخشاش كېسەللىكلەر ناھايىتى كۆپ يەپ ـ ئىچكەن (جۈملىدىن گۆشلۈك غىزالار)، شاراب، كاۋاپ ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە ئادەتلەنگەن كىشىلەردە بولىدۇ، جىمانىڭ كۆپلۈكى جۈملىدىن تولۇپ قېلىش ھالىتىدە غىزا ھەزىم بولۇشتىن ئىلگىرى رىيازەتنى كەم قىلىش، بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتىنى ھازىرلايدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

بۇ سەۋەبتىن بۇنى «دۆلەت كېسىلى» ياكى «شاھلار كېسىلى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ گەرچە ھەممىسىدە بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە زۆرۈردۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكى، ئۇزۇن مەزگىل ھەزىم بۇزۇلۇشقا گىرىپتار بولۇش، قوغۇشۇن يەنى مەتبەئەچىلىك ئىشلىرى سەۋەبىدىن قوغۇشۇن زەھىرىنىڭ بەدەنگە تارقىلىشى، مىزاجىنىڭ قان مىزاج بولۇشى، زىيادە سېمىزلىك، سوغۇق تېگىش، يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، بوغۇملارغا زەربە تېگىش، رەنج، غەمنىڭ كۆپلۈكى ۋە باشقىلار بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

تۈرلىرى ئەگەشمە كېسەللىكلەر ۋە ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈر ھەم يەڭگىللىك ئېتىبارى بىلەن بۇ ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ۋە ئالامەتلىرى چوڭ بوغۇملاردا ئاشكارا بولسا، بۇ نۇقرەس مەفسىلى، ئەگەر ئىچكى ئەزالاردا ئاشكارا بولسا نۇقرەس ئاندىرونى (ھەشۋى) دەپ ئاتىلىدۇ.

نۇقرەس مەفسىلى:

ئۆتكۈر تۈرىنىڭ ئالامەتلىرى: كېسەللىك قوزغىلىشتىن ئىلگىرى مۇقەددىمە شەكلىدە

تۆۋەندىكى ئەگەشمە ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. بىمارنىڭ ھەزىمى بۇزۇلىدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، مىزاجى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ، بەزىدە يۈرەك چالاڭغۇراش، باش ئاغرىش، باش قېيىش ۋە گال ئاغرىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بەزىدە پۇت - قول بارماقلىرىنىڭ كىچىك بوغۇملىرىدا يەڭگىل ئاغرىق بىلەن تارتىشىش ياكى تىترەش بولىدۇ ياكى ئۇنىڭدا چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ، سۈيدۈكنىڭ مىقدارى كەم، قىيامى قويۇق، رەڭگى قېنىق ۋە تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك قوزغىلىشقا باشلايدۇ، نۇقرەس كۆپىنچە يېرىم كېچىدىن كېيىن قوزغىلىدۇ. كۆپىنچە پەقەت ئوڭ پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ بوغۇمىدا ۋە بەزىدە ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرى بوغۇمىدا ۋە بەزىدە ئوشۇق بوغۇمىدا ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە بىمار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىدۇ، كېسەللەنگەن بوغۇم قىزىرىپ ئىششىيدۇ، ئاغرىق سەۋەبىدىن بىمار بارماقلىرىنى مىدىرلىتالمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قولىنى تەگكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى بوغۇمدا شۇقەدەر ئاغرىق بولىدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭغا رەخت تەگسىمۇ قاتتىق يېقىمسىزلىق بولىدۇ، بىرئاز توڭلاپ تىترەش بىلەن قىزىتما بولىدۇ، بۇ ئەتىگەندە تەرلىگەندىن كېيىن پەسىيىدۇ، پۈتۈن كۈندۈز ئاغرىقتا كېمىيىش بولىدۇ، لېكىن كەچتە قائىدە بويىچە ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە 10 ~ 12 كۈندىن كېيىن ئالامەتلەردە يەڭگىللەش بولىدۇ. ھەدارغا ئوخشاش بۇنىڭ ئىششىقىدىمۇ يىرىڭ پەيدا بولمايدۇ، ئىششىق تارقىغان ۋاقىتتا ئۈستۈنكى تېرە چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭدا قاتتىق قىچىشىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوغۇملار ياكى ئۆز ھالىتىدە تۇرىدۇ ياكى سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، بۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر.

سوزۇلما تۈرىنىڭ ئالامەتلىرى: بۇنىڭدا كېسەللىك قايتا - قايتا قوزغىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەۋرى بەزى ئايلادا ياكى بەزى يىللاردا قايتىلىنىدۇ، كېسەللەنگەن بوغۇم ھەمىشە شەكىلسىز ۋە قاتتىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقىلىدۇ، ئۈستىدىكى تېرە كۆك ياكى ئېگىلگەن بولىدۇ، تارتىشىشنىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبىدىن تېرە يېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەخسۇس ماددىسى چىقىپ تۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىچىشىشى سەۋەبىدىن زەخىم پەيدا بولىدۇ، بىمار ئورۇق ئاجىز بولىدۇ. تېرىسىنىڭ رەڭگى ئۆچىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن يۈرەك تىترەيدۇ ياكى يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى تەرتىپسىز بولىدۇ، بىمارنىڭ مىزاجى چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، كۆپىنچە مۇسكۇللاردا تارتىشىدۇ ۋە يۈزىدە نېرۋا ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ، بەزىدە يەڭگىل قىزىتمىمۇ بولىدۇ، كىچىك تەرىتى سېرىق كېلىدۇ.

نۇقرەس ئەندىرونى: نۇقرەسنىڭ ماددىسى بوغۇملاردىن ئىچكى ئەزالار تەرەپكە يۆتكەلگەن چاغدا ياكى نۇقرەسنىڭ قوزغىلىشى بىراقلا توختاپ قالغان بولسا قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقى، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش باشلىنىدۇ، بەزىدە باش ئاغرىش، باش قېيىش، جۇنۇن، ئەسەب

ئاغرىقى، ئىرقۇننىسا، پالەچ ياكى سەكتە بولىدۇ، بەزىدە يۈرەك تىترەش، يۈرەك سانجىقى ۋە ھوشىدىن كېتىشكە باشلايدۇ ۋە بەزىدە نەپەس سىقىلىش، نەزلە، كۆكرەك پەردە ئىششىقى ۋە ئۆپكە ئىششىقى بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە بۆرەككە تاش چۈشۈش، بۆرەك ئىششىقى، سۈيدۈك توشۇش نەيچىسى ئىششىقى، بۆرەك نەيچە ئىششىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بەدەن تېرىسىدە بەدەن قۇرۇق تەمرەتكە، قوقاق پەيدا بولىدۇ، كۆزلىرىدە كۆيۈشۈش ۋە ئىششىق بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش

بۇنى ۋەجئۇل مۇپاسىلدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم.

نۇقرەس:

(1) كۆپىنچە ئىرسىيەتلىك بولىدۇ؛

(2) كۆپرەك ئەمەلدارلار ۋە ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەردە بولىدۇ؛

(3) كۆپىنچە 30 ~ 40 ياش ئارىلىقىدا باشلىنىدۇ؛

(4) كۆپىنچە بۇ كېسەللىككە ئەرلەر گىرىپتار بولىدۇ؛

(5) ھەزىم بۇزۇلۇش بۇ كېسەللىكنىڭ يىلتىزىدۇر، لېكىن ئاشكارا بىرەر سەۋەبى ئېنىق ئەمەس؛

(6) بۇ كېسەللىك بەدەننىڭ كىچىك بوغۇملىرى، جۈملىدىن پۇت بارماقلىرىنىڭ بوغۇمىدا بولىدۇ، كېسەللەنگەن بوغۇم پارقىراق ۋە ئىششىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆك قان تومۇر ئاشكارا بولىدۇ ھەمدە ئارام ئالغاندىن كېيىن تېرىسى چۈشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بوغۇمنىڭ كۆرۈنۈشى ساغلام مەلۇم بولىدۇ، لېكىن ئاز مۇددەتتىن كېيىن بوغۇم چوڭىيىپ شەكىلسىز بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا بەزلەر تېپىلىدۇ، بۇنىڭدىكى ئىششىقنىڭ بىر بوغۇمدىن يەنە بىر بوغۇمغا يۆتكىلىشى كەم بولىدۇ؛

(7) قىزىتما بولىدۇ، لېكىن ئەتىگەندە ئازراق كەملەيدۇ؛

(8) تەردە بىرەر خاس كەيپىيات تېپىلمايدۇ؛

(9) ئومۇمەن مۇئەييەن ۋاقىتلاردا قايتىنىلىدۇ ھەمدە دەۋرى قىسقا بولىدۇ؛

(10) كېسەللىك تۇتۇشتىن ئىلگىرى ۋە تۇتۇش ھالىتىدە سۈيدۈكتە چۆچۈمەل سۈيدۈك كەم ۋە تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق كۆپ بولىدۇ.

ۋەجئۇل مۇپاسىل

(1) بەزىدە ئىرسىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن؛

(2) كۆپىنچە غېرىب ۋە مېھنەتكەش كىشىلەردە بولىدۇ؛

(3) 15 ~ 30 ياشتىكىلەردە بولىدۇ؛

(4) ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىلىدە پەيدا بولىدۇ؛

(5) بۇنىڭ چوڭ سەۋەبى بەدەنگە سوغۇق تېگىشتۇر؛

(6) چوڭ - چوڭ ياكى ئوتتۇرا دەرىجىدىكى بوغۇملار كېسەللىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ئاغرىق نىسبەتەن يەڭگىل بولىدۇ، ئارام بەرگەندىن كېيىن كېسەللەنگەن ئورۇندىن تېرە تۆكۈلمەيدۇ، ئەلۋەتتە ئىششىق ۋە كۆيۈشۈش بىر ئەزادىن ئىككىنچى ئەزا تەرەپكە يۆتكىلىدۇ؛

(7) قىزىتما ئۆتكۈر ۋە بىردەك بولىدۇ؛

(8) تەردە چۈچۈمەللىك تېپىلىدۇ؛

(9) تۇتقاقلىق بولمايدۇ، ئاز قايتىلىدۇ، دەۋرى مۇددىتى ئۇزۇن بولىدۇ؛

(10) سۈيدۈكى قىزىتمىدىكىدەك بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا تۇخۇم ئېقىسىمان سۈيۈقلۇق ئاز بولىدۇ.

ئاقىۋىتى نۇقرەس ئاغرىقى خەتەرلىك ئەمەس، لېكىن نۇقرەسنىڭ ئىچكى ئەزالار(غا تەسىر قىلىش) كۆپىنچە خەتەرلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى، يېشى كىچىكلەردە بولۇشى، بۆرەك كېسەللىكلىرى بىلەن بولۇشى ھەمدە كېسەللىك تۇتۇش ۋاقتىنىڭ تېز كېلىشى خەتەرلىكتۇر، سوزۇلمىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئۇزاق مەزگىلگىچە بىمار ھايات تۇرالمايدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى: مۇسھىللار، مۇدىرراتلار ۋە تەرلەتكۈچىلەر ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ، ئاغرىق ئۆتكۈرلەشكەندە توكۇر ۋە باشقىلار قوللىنىلىدۇ، لەتىق، ئاسان سىڭىدىغان يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ ھەمدە قوزغاتقۇچىلارنى (چاي، ھاراق، گۆش، تۇخۇم، بېلىق) ھەرگىز ئىستېمال قىلماسلىق، بولۇپمۇ بىمار ياش بولسا.

ئەسكەرتىش نۇقرەسنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىغا ناھايىتى ئاز ئوخشايدۇ.

ئامبولاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر مۇمكىن بولسا ۋە دەۋرى كېلىشنىڭ ئۆلچىمى بولسا، دەۋرى كېلىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم يەڭگىل سۇرگە بېرىلىدۇ، دەۋرى ۋاقتىدا ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن توكۇر ۋە زىماتلار چېپىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى ۋەجئۇل مۇپاسىلدا سۆزلىنىپ بولدى، ئىچىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان نۇسخىمۇ ۋەجئۇل مۇپاسىلدا بايان قىلىندى، داۋاملىق ھەزىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سۈت ۋە ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ، ئەگەر ئىشتىھا ياخشى بولسا ئازراقتىن نان ياكى مېۋە بېرىلىدۇ ھەمدە تەدرىجىي دىليا، گۈرۈچ ۋە باشقىلار كۆپەيتىلىدۇ، ھەرقانداق ھالەتتە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، غىزا ۋاقتىنى قەرەللىك قىلىش لازىم، گۆش ۋە ھاراقتىن تامامەن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، كۆكتات ۋە مېۋىلەردىن پالەك، شۇمشا، نەشپۈت، ئالما، ئەنجۈر، پەمدۇر، چولائى ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ، سوغۇق ۋە ھۆل ھاۋادىن بەدەن قاچۇرۇلىدۇ.

ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى (ئىرقۇننىسا)

بۇ ئاغرىق يانپاش بوغۇمىدىن باشلىنىپ، يوتا سىرتقى تەرىپىدىن ئاستىغا تۆۋەنلەيدۇ، بەزىدە تىز بوغۇمىغىچە ۋە بەزىدە ئوشۇققىچە بارىدۇ.

ئىرقۇننىسا ئاغرىقى ئەمەلىيەتتە كەڭ نېرۋىدا بولىدۇ، بۇنىڭ يەنە بىر نامى ئەسەبى ۋەركى ئەزىمدۇر. بۇ، بەدەننىڭ بارلىق نېرۋىلىرىدىن زىيادە كەڭدۇر (قەرشى ۋە شەيخ ئىبن سىنا).

بۇ كۆپرەك بىر تەرەپ ۋە بەزىدە ھەر ئىككى تەرەپتە بولىدۇ، بۇ بىر قايتىلىنىدىغان ئاغرىقتۇر. بۇ ئاغرىق تېۋىپنى ناھايىتى پەرىشان قىلىدۇ.

بۇ ئاغرىقنىڭ ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا، شۇقەدەر ئاستىغا تۆۋەنلەيدۇ ھەمدە ماددا قانچىلىك ئاز ياكى زىيادە بولسا، بۇنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئاغرىق ئاز ياكى كۆپ تۆۋەنلەيدۇ، شۇنىڭدەك ماددا قانچىلىك زىيادە بولسا، ئاغرىق شۇ قەدەر كۈچىيىدۇ. ناۋادا كېسەللىك ۋاقتى ئۇزۇن بولسا ھەمدە ماددا كۆپ بولسا، بەزىدە ئاغرىق بارماقلارغىچە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن پۇت، يوتا ئورۇقلايدۇ ۋە ئاقساش پەيدا بولىدۇ.

چۈنكى بۇ ئەزالار ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن غىزانى سۈمۈرۈش ۋە بۇنىڭدا تولۇق سەرپ قىلىشتىن ئاجىز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پۇت ئاجىزلايدۇ ھەمدە ھەرىكەت قىلىش ۋە يول يۈرۈش قىيىن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قاتتىق ئاغرىقمۇ ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىدە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، ئاقساپ مېڭىش پاچاق ئورۇقلىغان چاغدا پەيدا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا نېرۋىلار قاتىدۇ ھەمدە قۇرۇقلۇقتىن (بۇ ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ) ئېگىلىش قابىلىيىتى سۇسلىشىدۇ.

رازىنىڭ سۆزىدىن بۇ ئېنىقلىنىدۇ. زەكەرىيا رازى بۇ ئاقساپ مېڭىشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇكى، بۇ، يوتا، ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ۋە يوتا مۇسكۇللىرىنىڭ قېتىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر مۇنداق قارايدۇ: ئىرقۇننىسادا ئاقساپ مېڭىشنىڭ سەۋەبى مۇسكۇللار ۋە نېرۋىلارنىڭ تەشەننۇجىدۇر.

سەۋەبى

1. ئەسەب غىلاپى ئىششىقى: بۇ، سوغۇق ئۆتۈش، بىرەر ئاپەت ياكى زەربە تېگىش ياكى

ۋەجئۇل مۇپاسىل ياكى سىفلىس ياكى بىرەر زەھەرلىك ماددا سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

2. دوۋسۇن بوشلۇقى سىرتىدىكى نېرۋىنىڭ بىرەر بۆلىكىنىڭ بېسىلىشى (بىرەر ئۆسمە ياكى ئانۇرىسما قاتارلىقلار).

3. دوۋسۇن بوشلۇقى ئىچى ياكى بۇ يەردىكى يانپاش، توقۇزكۆز يېرىقىدىن چىققان نېرۋىنىڭ بېسىلىشى: بۇ، گۆش ياكى سۆڭەك ئۆسمىسى، تۈز ئۈچەي ياكى بالىياتقۇ سەرتانى قاتارلىقلاردا بولىدۇ.

4. نېرۋا شاخلىرىنىڭ يولۇن كانىلى ئىچىدە سۆڭەك چىرىش كېسەللىكى ياكى گۆش ئۆسمىسى سەۋەبىدىن بېسىلىشى.

5. يولۇننىڭ سوزۇلما كېسەللىكلىرى: مەسىلەن: يىگلەش قاتارلىقلار.

كۆپىنچە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەردە پەسىل ئالماشقان ۋاقىتتا ۋە بىرەر ئۆتكۈر كېسەللىكتىن ساقايغاندا پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ ئاغرىق يانپاش بوغۇمىدىن باشلىنىپ يوتا ئارقىسىدىن ئاستىغا چۈشىدۇ. بۇ بەزىدە پۇتنىڭ بارماقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭ ئاغرىقى دەۋرىيلىك بولىدۇ. بۇ، ئەسەبنىڭ تولۇق ئۇزۇنلۇقىدىكى بىرەر بۆلىكى ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈش بىلەن ياكى يوتىغا ھەرىكەت بېرىشتىن قوزغىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمار كېسەللەنگەن پۇتى بىلەن ئىش قىلالمايدۇ ھەمدە بۇ پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ماڭغاندا يەنە بىر پۇتىغا ئېغىرلىق چۈشۈرىدۇ. ناۋادا بۇنىڭ سەۋەبى ئىششىق بولسا، ئەسەبنىڭ تولۇق ئۇزۇنلۇقىدا تۇتقاندا ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ ۋە بەزىدە ئەسەبنىمۇ تۇتۇش بىلەن ئىششىق مەلۇم بولىدۇ، پاچاق گويا يېرىم يىغىلغان ھالەتتە تۇرىدۇ ھەمدە يوتىنى دوۋسۇن ئۈستىگە تولۇق ئېگىش تەخمىنەن قىيىن بولىدۇ. بىمار تامغا تايىنىپ، پاچىقىنى ئالدى تەرەپكە مۇشۇنداق كۆتۈرىدۇكى، بەدەن ۋە پۇت ئارىسىدا بۇلۇڭ پەيدا بولىدۇ، شەرتكى، تىز ئېگىلىۋالمىغان بولسۇن. تىز ئېگىلىۋالسا بىلىش لازىمكى، بىمار ئىرقۇننىساغا گىرىپتار بولمىغان بولىدۇ.

داۋالاش ئىرقۇننىسانىڭ ئىلاجى نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ۋەجئۇل مۇپاسىل بىلەن ۋە بەزى ئىشلاردا ۋەجئۇل ۋەرەك بىلەن ئوخشايدۇ.

يەنى قۇستۇرۇش، ھۆقنە، شىياف ۋە مۇسھىل بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلىش. لەتىف غىزالار، كۆيدۈرگۈچى ۋە قىزارتقۇچى زىماتلارنى ئىشلىتىپ قاپارتما پەيدا قىلىش، داغلاپ يارا شەكىللەندۈرۈش ۋە زەخمىنىڭ سۈيىنى ئۇزۇنغىچە ئاققۇزۇپ قويۇش قاتارلىقلار.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھىجامەت قويۇش ۋە زۈلۈك قۇرتى قويۇشمۇ بۇنىڭغا پايدىلىقتۇر.

پايدىلىق سۆز ئەسلىي سەۋەبىگە مۇۋاپىق ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش

لازىم. ئەگەر ئىرقۇننىسا ئەسەب ياكى ئەسەب پەردىسى ئىششىقى سەۋەبىدىن بولسا، قائىدىلىك ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش، بۇ سىفلىس ياكى ۋەجئۇل مۇپاسىلنىڭ ئەكسىچە بولسۇن. قاتتىق ئاغرىق ھالىتىدە يوتىنىڭ ئارقا بۆلىكىگە سۈلۈق قاپارتقۇ كۆتۈرگۈچى، داغلىغۇچى، قىچىشتۇرغۇچى ياكى ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

بەزىدە تېرە ئاستىغا ئەپيۇن جەۋھىرى ياكى يەبرۇج جەۋھىرى ئوكۇل قىلىنىدۇ، ناۋادا ئۇ بارلىق دورىلار كارغا كەلمىسە ھەمدە بۇ نېرۋا ئاغرىقىغا قارىمۇقارشى بولسا كېسەللەنگەن نېرۋىنى تارتىپ سوزۇش لازىم، بۇ نېرۋىنى سوزۇش دېيىلىدۇ، بۇ ئەمەل بەزىدە دەستىكار قىلمايمۇ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى يوتىنى قورساق ئۈستىگە ئېگىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىز بوغۇمى تۈزلىنىدۇ. دەستىكار ئۇسۇلىدا بىمار دەسلەپتە بىھوش قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نېرۋىنى چىقىرىش ئۈچۈن يوتىنىڭ ئارقا قىسمىغا تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئەگەر نېرۋا ئاشكارا بولسا، ئۇنى بارماق ھالقىسىغا ئېلىپ ئىككى تەرەپتىن تارتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار سۇفۇپى مەجۇسى نۇسخىسى: سانائى مەككى 36 گىرام، سۆرۈنجان 1.2 گىرام، شەترەنجى ھىندى 10 گىرام، زەپەر ئىككى گىرام. بارلىق دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ 7 ~ 10 گىرامغىچە ئىلمان قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلار سۇفۇپى سۆرۈنجان، ھەببى سۆرۈنجان، ھەببى سەبرە، ھەببى شەبيار، ھەببى ئايارەج قاتارلىقلار پايدىلىق دورىلاردۇر.

ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن ھەببى مەنتىن، ھەببى شەترەنجى، شەبيار ۋە ئايارەج قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئۇۋۇلاش ئۈچۈن قوستە يېغى، پەرپىيۇن يېغى، ئاقىرقەرھا يېغى، خىنە يېغى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

سىماب بىلەن ئۇۋۇلاش تالاسى ئايرىۋېتىلگەن زەنجىۋىلدىن 250 گىرامنى ئىنتايىن يۇمشاق سوقۇپ، بۇنىڭدا 12 گىرام سىماب بىرلىشىپ كەتكۈچە ئېرىتىلىدۇ، ئاندىن بۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بۇ ۋەجئۇل مۇپاسىلغا ئوخشاش بولىدۇ، مەسىلەن: جىما، چۈچۈمەل نەرسىلەر ۋە سۈت غىزالىرىدىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇر - چاقىلار

ئىششىق (ۋەرەم)

ئىششىق، يەنى پۇلەن (ئىنتىفاخ) ياكى سۇجەن (غەلىز) ئەزادىكى بىرەر كېرەكسىز ماددىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ ئەزادا تەمەددۇد پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىششىتىدۇ.

بىرىنچى ئۇقۇم (پۇلەن، ئىنتىفاخ) يەلدىن بولغان ئىششىققا كىرىدۇ (بۇنىڭدا بىرەر ئەزا يەللەرنىڭ سەۋەبىدىن ئىششىيدۇ). ئىككىنچى ئۇقۇم (سۇجەن، غەلىز) بۇ ئىششىقلارغا كىرىدۇ. بۇنىڭ ماددىسىدا ئاز دېگەندە قىيام چوقۇم بولىدۇ، مەسىلەن: تۆت خىلىت ۋە سۇ تەركىبلىرى.

ئىششىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇكى، ئەگەر بىرەر كۆيۈشتۈرگۈچى ۋە قوزغاتقۇچى سەۋەبتىن بىرەر ئەزاغا كېرەكسىز ماددىلار قۇيۇلغان بولسا، دەسلەپتە ئۇ ئەزانىڭ چوڭ قان تومۇرلىرى تولىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ماددىلار چوڭ قان تومۇرلاردىن كىچىك قان تومۇرلارغا كىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇمۇ تولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك تومۇرلار، ئاندىن ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك تومۇرلار، ھەتتاكى ئۇ ئەزانىڭ بارلىق تومۇرلىرى تولىدۇ ھەمدە تەمەددۇدنىڭ زىيادىلىكىدىن قىل قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالىدۇ، بۇ يولدىن كېرەكسىز ماددىلار چىقىپ، ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرى ۋە تۆشۈكلىرىگە بارىدۇ. بۇ تۆشۈكلەر ئۇ ماددىلارنىڭ كېلىشى بىلەن تولۇپ تارتىشىدۇ، شۇنىڭدەك ماددىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ماس ھالدا ئۇلارنىڭ كېلىشى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، تاكى بارلىق بوشلۇقلار تولۇپ، كېلىشنىڭ كۆپىيىشى يوقالغۇچە (رىكۇد).

بەزى ۋاقىتلاردا بۇ قۇيۇلۇش ئۇنىڭ كۆپلۈكىدىن بولىدۇكى، تەبىئەت ئۇچۇن ئۇنى ياخشىلاش ۋە تارقىتىش مۇمكىن بولمايدۇ، ھەتتاكى ئۇ ماددا ئوفۇنەتلىنىپ بۇزۇلىدۇ ھەمدە يىرىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

مۇدۇر - چاقا (بۇسۇر) مۇدۇر - چاقىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىششىقنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. ئىككىسى پەيدا بولۇش ئېتىبارى بىلەن بىر تۈردىن بولىدۇ. پەرقى: ئەگەر پەرق بار دېيىلسە چوڭ - كىچىك بولۇشىدۇر.

مۇدۇر - چاقا كىچىك ئىششىقتۇر. ئىششىق گويا چوڭ مۇدۇر - چاقىدۇر.

ماددىنىڭ يىغىلىشى ئىششىق ماددا يىغىلىشنىڭ بىر مىسالىدۇر. بۇ ئېنىقكى، بارلىق ئەزالارنىڭ سۈمۈرۈش ۋە چىقىرىش كۈچى ئوخشاش بولغاندا نورمالسىز ھالەتتە بىرەر ئۇرۇنغا

ماددىنىڭ توپلىنىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىششىق ھالىتىدە ماددا كېسەللەنگەن ئەزاغا توپلىنىدۇ، چوقۇم ئۇ بەدەننىڭ باشقا بىرەر بۆلىكىدىن كېلىدۇ، بۇ قابىل ئەزادۇر. ئەگەر ئىككىسىنىڭ قۇۋۋىتى بۇرۇنقىغا ئوخشاش تەكشۈك ۋە باراۋەر بولسا، بۇ يېڭى ھالەت پەيدا بولمايدۇ، چوقۇم ئىششىق ھالىتىدە بۇ تەكشۈكلۈق ئاخىرلىشىدۇ، يەنى قابىل ئەزا بىرەر نورمالسىزلىقتىن ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چىقارغۇچى ئەزا نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بەدەندە ماددا كۆپ بولسا ۋە كېسەللەنگەن ئەزا چىقارغۇچى ئەزادىن تۆۋەنگە ئورۇنلاشقان بولسا، بۇ ئىككى ئىش ماددىنىڭ ئېقىشىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ توغرىسىدا يازغۇچى ئىشارە قىلغان.

ئەزادا ماددا توپلىنىشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى: قابىل ئەزادا ئاجىزلىق بولىدۇ ۋە چىقارغۇچى ئەزا نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا قابىل ئەزانىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى، ماددىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆتۈش يولىنىڭ ئازادىلىكى قاتارلىقلار ماددىنىڭ توپلىنىشىغا ياردەمچى بولىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى: ماددىلار توپلىنىشنىڭ ھالىتى شۇكى، بۇ ئەزانىڭ ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچى ئاجىز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە بارغان غىزا تولۇق ھەزىم بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەزانىڭ ئىچىدە سوغۇق كېرەكسىز ماددىلار پەيدا بولۇپ توپلىنىشقا باشلايدۇ ھەمدە كۈنسېرى بۇنىڭدا ئاز - ئازدىن ئېشىش بولىدۇ، ئاخىرىدا سوغۇقتىن بولغان ئىششىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كۆپلىگەن ئۆسمىلەر. بۇنىڭدا ھارارەت ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق مەۋجۇت بولمايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بىرقانچە يىلدا ئۆزىنىڭ تولۇق ھەجمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ماددا يىغىلىشنىڭ ھالىتى شۇكى مۇشۇ جايدىكى يەرلىك ئورۇنلۇق ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچى بىرەر سەۋەبتىن ئاجىزلايدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا ئاجىزلىق بولمىسا، ئوچۇقكى قاندىكى بۇ غىزا ھۆللۈكلىرى مۇشۇ جايغا يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ ئۆسمە ماددىسى ھالىتىگە ئۆزگىرىشنىڭ ئورنىغا ئەزانىڭ توقۇلما ۋە تۈزۈلۈشىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىدە بۇ زاماندا باراۋەر داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ھالەت تەھەببۇج قاتارلىقلاردىمۇ تېپىلىدۇ، بۇ بارلىق بايان ئىچكى سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سىرتقى سەۋەبلەر بەزى ۋاقىتلاردا ئىششىق سىرتقى سەۋەبلەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇش، تاياق تېگىش قاتارلىقلاردىن بۇ ئورۇندا ئاغرىق پەيدا بولسا، تەبىئەت ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە قاننى راۋان قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا قان قۇيۇلىدۇ ھەمدە ھارارەت ئۆرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ سىرتقى سەۋەبتىن بۇ جايدا ئاجىزلىقمۇ پەيدا بولىدۇ، مۇشۇ بارلىق ھالەتلەر يىغىلىپ ئىششىق پەيدا بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

سىرتقى سەۋەبلەر، مەسىلەن: ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشتىن ئادەتتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق

پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا يەرلىك ئورۇننىڭ ھارارىتى ئۆرلەيدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر بايانلاردىن ئېنىقكى، بۇ تەسىرلەر ۋە پائالىيەتلەردىن ئىششىق كۆرۈلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر تەڭشىگۈچى پائالىيەتتۇر، بۇ تەبىئەتنىڭ قۇۋۋىتى مۇدەببىرەسىدىن ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ياكى دۈشمەن (ئىششىق سەۋەبى) نىڭ كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ ئۆز مەقسىتىدە تولۇق غەلىبە قىلالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى، مەسىلەن: يارا بولۇش ۋە يىرىڭلاش كۆرۈلىدۇ.

ئىششىقلارنى داۋالاش (مۇئالىجاتى ئەۋرام)

داۋالاش پرىنسىپى بۇ، ماددىلار، ئورۇنلار ۋە ئەھۋاللارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئىشلار ئېتىبارى بىلەن نۆۋەتتە ئىششىقنىڭ داۋالاش قانۇنلىرى سۆزلىنىدۇ. ئىششىقنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى بولىدۇ. بەزى ئىششىقلار ئىسسىقتىن، بەزىسى سوغۇقتىن بولىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ، بەزىدە بۇ يۇمشاق (ئەۋرامى تەھەببۇجى ۋە ئۇۋۇزىما) بولىدۇ، بەزىدە قاتتىق (سەۋداۋى) بولىدۇ (شەيخ). شۇنىڭدەك ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بەزىدە ساددا، بەزىدە ئوفۇنەتلىك بولىدۇ. تەھەببۇج ۋە ئۇۋۇزىمانى كىشىلەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق قاتارىدا سانايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلمايمەن. مېنىڭ كۆزقارىشىمچە، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ياخشىراق مىسالى مۇشۇدۇر. چۈنكى، ئومۇمەن تەھەببۇج ۋە ئۇۋۇزىما قان زەرداۋىنىڭ تۇتۇلۇشى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئوفۇنەتنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. ئىششىقنىڭ سەۋەبلىرى بەزىدە سىرتقى سەۋەبتىن ۋە بەزىدە ئىلگىرىكى سەۋەبتىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىلگىرىكى سەۋەبلەرنىڭ مىسالى تولۇپ قېلىش (خىلىتلار تولۇپ قېلىش) تۇر، سىرتقى سەۋەبلەرنىڭ مىسالى ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇش ۋە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى قاتارلىقلار بولىدۇ (شەيخ).

ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇش ۋە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ئىششىق شۇنداق پەيدا بولىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. ئاغرىق ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر، يەنى تەبىئەت بۇ ئاغرىق ۋە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشنى ياخشىلاش مەقسىتى بىلەن ئۇ تەرەپكە كىرىشىدۇ ھەمدە قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، بۇ تەرەپكە ھۆللۈكلەرنى كۆپ مىقداردا راۋان قىلىدۇ. بۇ قويۇلۇش ئىششىققا سەۋەبچى بولىدۇ.

بۇ ئىششىقلار سىرتقى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن بەدەندە ئىمتىلامۇ (تولۇپ قېلىشمۇ) بولىدۇ ۋە بەزىدە خىلىتلار تولۇپ قېلىشنىڭ ئورنىغا بەدەندە نورماللىق بولىدۇ

(شەيخ).

بەزى بۇرۇنقى تېۋىپلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىلگىرىكى سەۋەبلەر ئەسبابى بەتنىيە دېيىلگەن. بۇ سىرتقى سەۋەبلەرنىڭ ئەكسىدۇر. ئۇنىڭغا بىۋاستە قوزغاتقۇچى سەۋەبلەرمۇ كىرىدۇ، ئېھتىمال بۇ ئۇقۇملار ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ قارىشىغا مۇۋاپىقتۇر. بۇ يەردە سىرتقى سەۋەبنىڭ قارىمۇقارشىسىغا «سابىقە» ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن «ۋاسىلە (قوزغاتقۇچى)» سۆزلەنمەيدۇ (گىلانى).

ساددا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئىلاجى: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بەزىدە ئىلتىھابمۇ دېيىلىدۇ. ساددا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بۇكى، ئۇ ئۇفۇنەتتىن خالىي بولىدۇ، ساددا ئىششىقلار ئادەتتە مۇشۇنداق سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۇفۇنەتتىن پاك بولىدۇ. بەدەنگىچە ئۇفۇنەت ماددىلىرى يېتىپ بارمايدۇ. ساددا ھالەتتە تىكەن سانجىلىش ساددا ئىششىقنىڭ سەۋەبىنىڭ مىسالىدۇر. يىڭنە بېشىغا يىرىڭ يۇقتۇرۇپ تېرىنى تىلىش ئۇفۇنەتلىك ئىششىقنىڭ سەۋەبىنىڭ مىسالىدۇر، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئىلاجى مەيلى ساددا بولسۇن ياكى ئۇفۇنەتلىك بولسۇن يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش ۋە ئومۇمىي بەدەنلىك داۋالاش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ساددا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق ئىلاجى ① سەۋەبىنى يوقىتىش؛ ② ئىششىغان بۆلەكنى تىنچ تۇرغۇزۇش؛ ③ ئىششىغان ئورۇنغا قاننىڭ تولۇپ قېلىشىنى ئازايتىش.

(1) سەۋەبىنى يوقىتىش: ئەگەر قوزغاتقۇچى سەۋەب ياكى بىۋاستە سەۋەب ئاشكارا بولسا، ئۇ يوقىتىلىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىمۇ يوقىتىلىدۇ. قوزغاتقۇچى سەۋەبلەرنىڭ ئاشكارا بولغان ھالىتى شۇكى، مەسىلەن: بىرەر ئورۇنغا تىكەن سانجىلىش، زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋېلىش، ئوق تېگىش، ئوقيا، پىچاق سانجىلىش ياكى كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى ۋە مۈڭگۈز پەردىگە بىرەر يات جىسىمنىڭ كىرىۋېلىشى ياكى بەدەننىڭ بىرەر بۆلىكىدە باشقا نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى قاتارلىقلار. بۇ، ئۆز ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشى سەۋەبلىك ئىششىقنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى يوقىتىش مۈشكۈل ئەمەستۇر.

كۆپ ھالەتلەردە قوزغاتقۇچى سەۋەبلەرنىڭ پائالىيىتى دەسلەپتىلا ئاخىرلىشىپ بولغان بولىدۇ، مەسىلەن: زەربە تېگىش، بوغۇم چىققى، ئوتتا كۆيۈش قاتارلىقلار. بۇ ھالەتتە ئۆتۈپ كەتكەن سەۋەبنى يوقىتىشنىڭ بىرەر ھالىتى يوق. بۇ جايدا يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاشنىڭ باشقا چارىلىرى قوللىنىلىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ غىدىقلىنىشىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ۋە

ئۇفۇنەتلىنىشىدىن ساقلاش، يەرلىك ئورۇنلۇق تولۇپ قېلىش ۋە تەمەددۇدنى كېمەيتىش ھەمدە توقۇلمىلارنىڭ پۈتۈشىگە ياردەم قىلىش لازىم.

(2) ئىششىغان بۆلەكنى تىنچ تۇرغۇزۇش: بەدەننىڭ قايسى بۆلىكىدە ئىششىق پەيدا بولسا، بۇنى تىنچ قويۇش، يەنى ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق لازىم، مەسىلەن: ئىششىق بوغۇملارنىڭ توقۇلمىسىدا بولسا، تېڭىق ۋە تاختاي قاتارلىقلار بىلەن تېڭىپ ھەرىكەتسىز قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىششىق ئەمچەكتە بولسا، بىرەر نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن تېڭىپ قويۇلىدۇ، ئېمىتىش توختىتىلىدۇ ھەمدە شۇ تەرەپتىكى قول بەدەن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەرىكەتسىز قىلىنىدۇ تاكى قولنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئەمچەكتە ھەرىكەت يۈز بەرمىسۇن. ئەگەر ئىششىق كۆزنىڭ بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى ياكى مۈگۈز پەردىسىدە بولسا، پاختا شارچىسى قويۇپ تېڭىپ قويۇلىدۇ تاكى قاپاقلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭدا سۈركىلىش بولمىسۇن. ئەگەر ئىششىق تورسىمان پەردە قەۋىتىدە بولسا، بۇنىڭغا ئارام بېغىشلاش ئۈچۈن بىمار قاراڭغۇ جايدا قويۇلىدۇ، يەنى يورۇقلۇقتىن ئايرىلىدۇ.

ئىششىق بىر تۈردىكى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتۇر، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش بىر تۈردىكى جاراھەتتۇر. «جاراھەتنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن ئارام ۋە تىنچلىق زۆرۈردۇر» (جالىنۇس).

(3) ئىششىغان ئورۇنغا قاننىڭ تولۇپ قېلىشىنى ئازايتىش: ئىششىغان ئورۇنغا قاننىڭ تولۇپ قېلىشى ۋە تەمەددۇدنى ئازايتىش بىلەن ھۆللۈكلەرنىڭ قويۇلۇشى، ئاغرىق ۋە تەمەددۇد ئازلايدۇ. بۇ يەردە بۇنى سۆزلەپ ئۆتۈش مۇناسىپكى، ئىششىغان ئورۇنغا قان تولۇش ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ سىرغىشى گەرچە ئىنتايىن مەنپەئەتلىك بولسىمۇ (بۇ تەبىئەتنىڭ پائالىيىتى بىلەن كۆرۈلىدۇ)، لېكىن ئىششىقلاردا بۇ ئومۇمەن شۇقەدەر ئۆتكۈر ۋە كۆپلۈك بىلەن تېپىلىدۇكى، ئۇنى ئازايتىش ۋە چەكلەش زۆرۈر بولىدۇ.

بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان چارە - ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: كېسەللەنگەن ئەزانى ئېگىز قويۇش، قان چىقىرىش، سوغۇق ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش.

كېسەللەنگەن ئەزانى ئېگىز قويۇش: ئەگەر بىرەر ئەزادا ئىششىق بولسا ئۇنى ئېگىز قويۇش مۇمكىندۇر، مەسىلەن: پاچاقتا ئىششىق بولسا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېگىز قويۇلىدۇ. ئەزانى ئېگىز قويۇش بىلەن تەبىئىي ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن قان تېزلىك بىلەن ئاستىغا چۈشىدۇ، كۆك قان تومۇرلار بوشايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل قان تومۇر قىسقىرايدۇ. بۇ داۋالاش قانۇنىنى زۆرۈرىيەتتىن زىيادە ئىشلەتمەسلىك لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا كېسەللەنگەن ئەزادا قاننىڭ مىقدارى ناھايىتى زىيادە كېمىيىدۇ ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدىن قۇۋۋىتى ھايۋانىيە (ھاياتلىق كۈچى) يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللەنگەن ئەزا شۇقەدەر ئېگىز قىلىنىدۇكى، كۆك قان

تومۇر قېنىنىڭ قايتىشى ئاسان بولسۇن. لېكىن قىزىل قان تومۇر قېنىنىڭ كېلىشىدە بىرەر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلمىسۇن. يەرلىك ئورۇندىن قان چىقىرىش بىلەنمۇ بەزىدە تولۇپ قېلىشتا كەملىك پەيدا قىلىشقا تىرىشىلىدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن زۈلۈك قۇرتى قويۇش، تىلىش، قۇرۇق ياكى قانلىق ھىجامەت قويۇش مۇناسىپ ھالەتلەردە پايدىلىق بولىدۇ ۋە بەزىدە بۇ ئاغرىق دەرھال پەسىيىدۇ.

قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش بىلەنمۇ تولۇپ قېلىشتا يەڭگىللەش ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئومۇمىي داۋالاشتا سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ۋاقىتلاردا قاندىن بولغان تولۇپ قېلىشتا يەڭگىللەش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، مايىللاشتۇرۇشنىڭ باشقا ۋاستىسى ئىشلىتىلىدۇ.

سوغۇق ئۆتكۈزۈش ئەگەر مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن سوغۇق ئۆتكۈزۈلسە، قاندىن بولغان تولۇپ قېلىشنى كېمەيتىشتە كۆپ ياردىمى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن قان تومۇرلار جۈملىدىن ئۇششاق قىزىل قان تومۇرلار يىغىلىدۇ، بۇ ئەمەل تېبابەتتە رەدئى ماددە دېيىلىدۇ ھەمدە بۇ تۈردىكى نەرسىلەر رەۋادىئ دېيىلىدۇ.

رەدئى — قايتۇرۇش، قايتۇرماق؛ راۋادىئ — قايتۇرغۇچى، ياندۇرغۇچى دېگەن مەنىدە.

لېكىن تېۋىپلار ھەر ئورۇندا تەپسىلىي بايان قىلغانكى، سوغۇق ئۆتكۈزۈشنى پەقەت دەسلەپكى دەرىجىدە قىلىش لازىم، چۈنكى سوغۇقلۇق كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ھاياتلىق كۈچىنى ئازايتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر بۇ جايغا قان كۆپ توپلىنىپ قالسا، سوغۇقلۇقنىڭ پايدىسى كۆرۈلۈشنىڭ ئورنىغا زىيان يېتىدۇ. شۇڭا ياشانغانلارغا سوغۇق ئۆتكۈزۈشتە ئېھتىيات قىلىش لازىم، چۈنكى ياشانغانلاردا سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن تېرە ئۆلۈپ قېلىشنىڭ خەتىرى بولىدۇ.

تېۋىپلار يازغانكى، سوغۇقلۇق ئۆلتۈرگۈچى (ھاياتلىق كۈچىنى يوقاتقۇچى)، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى ۋە تامامىي ھەرىكەتلەر ھەم پائالىيەتلەرنى توختاتقۇچى كەيپىياتتۇر. سوغۇق ئۆتكۈزۈش ھەر خىل شەكىلدە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: سوغۇق سۇ ياكى مۇزنى بىرەر خالتىغا تولدۇرۇپ كېسەللەنگەن ئەزا ئۈستىگە قويۇش، سوغۇق سۇنى نۇتۇل قىلىش، رەختنى سوغۇق سۇدا ھۆللەپ، ئىششىغان ئورۇن ئۈستىگە قويۇش ۋە قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، سوغۇق تەبىئەتلىك زىمات چېپىش ۋە بۇنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىقلار.

خاس ئاچقۇچلۇق سۆز سوغۇق ئۆتكۈزۈش ۋە ماددىنى قايتۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش توغرىسىدا قەدىمكى تېۋىپلار بىر خاس ئاچقۇچلۇق سۆزگە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ تىلىدا مۇشۇنداق بايان قىلغان: «ئەگەر ئىششىق رەئىس ئەزا ئۈچۈن بوش ئورۇن ھازىرلىغان ئەزادا بولسا، مەسىلەن: بويۇن ۋە قۇلاقنىڭ ئەتراپىدىكى بەز ئورۇنلىرى مېڭە ئۈچۈن

بوش ئورۇنغا ئوخشاش بولىدۇ. قولتۇقتىكى بەزلەر يۈرەك ئۈچۈن، يوتىدىكى بەزلەر جىگەر ئۈچۈن بوش ئورۇنغا ئوخشاش بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە بۇنىڭغا بىرەر ئۇسۇلدا قايتۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى قايتۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش ئۇ ئىششىقلارنىڭ ھەقىقىي ئىلاجى بولمىغانلىقى ئەمەس (يەنى ئۇلاردىن بۇنىڭغا پايدا يەتمەيدۇ). ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىلاجى بولسا ئەسلىدە بۇ ئىدى، لېكىن بىز بۇ ئىششىقلارنى داۋالاشنى ئارزۇ قىلمايمىز. بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە بىز بۇ ھالەتتە بۇ ئىششىقلارنى يەنىمۇ چوڭايتىش ۋە ئۇلار تەرەپكە ماددىنىڭ زىيادە سۈمۈرۈلۈپ كېلىشىگە تىرىشچانلىق قىلىمىز، بۇ ۋاقىتتا ئىششىقنىڭ چوڭىيىپ، ئۇ ئەزالارنىڭ پائالىيىتىدە زەرەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىش ئەندىشىسىگە پەرۋا قىلمايمىز، شۇڭا، بۇنىڭدا بىزنىڭ مەقسىتىمىز رەئىس ئەزالارنى ياخشىلاش بولىدۇ (يەنى بۇنىڭدا ئادەتتىكى ئەزانى قۇربان قىلىپ، رەئىس ئەزانى ساقلاپ قېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ). بۇ ئەمەلدە بۇ ئەندىشىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇكى، ئەگەر بىز قايتۇرغۇچىلارنى ئىشلەتسەك ۋە ماددىنى قايتۇرۇشقا تىرىشساق، بىرەر ئورۇندىكى ماددا رەئىس ئەزا تەرەپكە قايتىمسا، بۇنىڭغا چارە قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

«قىسقىسى، رەئىس ئەزانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (تۆۋەن دەرىجىلىك) ئەزانىڭ زىيان تارتىشىنى خالايمىز، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا (تۆۋەن دەرىجىلىك) ئەزا تەرەپكە ماددىنى تارتىش ۋە ئۇنى ئىششىتىشقا ئۆز ئۇسۇلىمىزدا تىرىشچانلىق قىلىمىز. مەيلى بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھىجامەت قويۇش ۋە ماددىلارنى تارتقۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسىمۇ» (شەيخ).

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئىششىقنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ئومۇملاشقان ئۇسۇلدۇر، جۈملىدىن ھارارەت بىلەن ھۆللۈكمۇ بولغان چاغدا. ئەگەر سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى قان تومۇر ۋە توقۇلمىلارنى يىغىش بولسا، ھارارەتنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە قان تومۇر ۋە توقۇلمىلارنى بوشاشتۇرۇش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەمەددۇد ۋە ئاغرىق كېمىيىدۇ، بۇ تۆردىكى نەرسىلەر بوشاشتۇرغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئىششىقنى داۋالاشتا بوشاشتۇرغۇچى بۇ ئېتىبار بىلەنمۇ پايدىلىقكى، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قان تومۇرلارغا قان زىيادە يېتىپ بارىدۇ ۋە لىمفا كاناللىرىنىڭ سۈمۈرۈش پائالىيىتى تېزلىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىششىغان ئەزانىڭ ھاياتلىق كۈچىمۇ ئاشىدۇ. ئىسسىق ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلىرى بار. ھۆل ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، مەسىلەن: خالتىلارغا قايناق سۇ (مەيلى ساپ بولسۇن ياكى ئۇنىڭدا بىرەر دورا ئېرىتىلگەن بولسۇن) تولدۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق سۇدا بىرەر رەختنى ھۆللەپ سىقىۋەتكەندىن كېيىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق تەبىئەتلىك زىمات ياكى لەتۇخ چېپىش (مەسىلەن: زىغىر زىماتى)، ئادەتتىكى پاختىنى ئىسسىتىپ ئىسسىق

ئۆتكۈزۈش، توخۇ، كەپتەر ياكى بىرەر باشقا ئۇچارقۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ، دەرھال قورسىقىنى يېرىپ ئىسسىق ھالەتتە ئىششىغان ئورۇن ئۈستىگە تېڭىپ بېرىش، ماش ئۇنى قاتارلىقلار بىلەن قېلىن نان پىشۇرۇپ، بىر تەرىپىنى خام قويۇپ تېڭىش قاتارلىقلار.

قۇرۇق ئىسسىق ئۆتكۈزۈشمۇ بەزى ۋاقىتلاردا ئىششىقنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن بۇ كۆپرەك ئىششىقنىڭ سوزۇلما تۈرلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئوفۇنەتلىك ئىششىقنى يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش

بۇنى داۋالاش ساددا ئىششىقنى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن بىرئاز ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئوفۇنەتلىك ئىششىقنى داۋالاشنىڭ مەقسىتى ئوفۇنەتنى يوقىتىش، ئوفۇنەت ماددىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، بەربات قىلىش ۋە ئۇنىڭ زەھەرلىك ماددىلىرىنى چىقىرىۋېتىشتۇر ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بۇمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇكى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توقۇلمىلارنى بۇزۇلۇش ۋە بەربات بولۇشتىن ساقلاش، بۇ مەقسەتتە خاس ئۇسۇلدا بۇ قىيىنچىلىقمۇ توغرا كېلىپ قالىدۇكى، ئىششىغان بۆلەكنىڭ قان تومۇرلىرى ۋە لىمفا كاناللىرىدا (ئۇيۇش ۋە تۇسالغۇ سەۋەبى بىلەن) ياخشى قان ئايلىنىش بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئوفۇنەت ماددىلىرىنىڭ زەھەرلىرى توقۇلمىلارغا ناچار تەسىر قىلىدۇ ۋە قانغا سۈمۈرۈلۈپ ئۇنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئوفۇنەتلىك ئىششىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋاستىلەر تاللىنىلىدۇ:

1. قاننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى سىرتقى ۋاستىلەر يەنى مۇناسىپ دورىلار ۋە غىزالار بىلەن كۈچەيتىلىدۇ. قاندا تەبىئىي ئوفۇنەتنى ۋە زەھەرنى يوقىتىش كۈچى بولىدۇ، بۇ چارە ۋە داۋالاش بىلەن ئاز - كۆپ بولىدۇ.

2. سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ۋە باشقا ۋاستىلەرنى تاللاش لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئىششىق ئورنىدىكى ئۇيۇپ قالغان قان ۋە باشقا سىرغىما ماددىلار ھەمدە يېڭى قان كېسەللەنگەن بۆلەككە بارىدۇ. بۇ پۈتۈش ۋە ساقىيىشقا ياردەم بېرىدۇ، بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى چارىلار تاللىنىلىدۇ:

1) ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوفۇنەت سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر بىرەر يات ماددا ئىششىقتا مەۋجۇت بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمەن ئوفۇنەت كۆرۈلگەن بولىدۇ ياكى بىرەر يىپ تىكىش جەريانىدا ناسۇرنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قالغان بولسا، ئۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ. بەزى ھالەتلەردە ئىششىقنىڭ مەركىزى تولۇق، مۇكەممەل كېسىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: ئوق تېگىش بىلەن بەدەندە بىر يول پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئوفۇنەتلەنگەن بولسا ياكى بىرەر ناچار مۇدۇر - چاقا مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇ تولۇق كېسىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ ۋە بەزىدە بۇ مەركەز تولۇق كېسىلمىسىمۇ، لېكىن بۇزۇلغان ۋە ماددىلار بىلەن تولغان ئورۇننىڭ كۆپ قىسمى كېسىپ، قىرىپ تازىلىنىدۇ،

ھۇمرە كېسەللىكىدە مۇشۇنداق قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل ئۇفۇنەت يەرلىك ئورۇنلۇق بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ ۋە پايدىلىق بولىدۇ.

2) ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىششىغان ئورۇننى ئارام ئالدۇرۇپ، تىنچ قويۇش تاكى ئۇنىڭدىن پەقەت، خىزمىتىدە تىنچلىق ھاسىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرىكەت سەۋەبىدىن زەھەر تارقاپ كەتمىسۇن. بۇ مەقسەت بىلەن بىمارنى ياتقۇزۇپ، ئارام ئالدۇرۇش ياكى كېسەللەنگەن ئەزانى تېڭىق تاختىسى بىلەن باغلاپ ياكى ئاسقۇچ بىلەن ئېسىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش لازىم. لېكىن بۇنىڭدا بۇ ئېھتىياتنى تۇتۇش لازىمكى، ئەزانى ئۇزۇنغىچە زىيادە ھەرىكەتلەندۇرمەي بىكار قويۇشتىن بۇنىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرى، ئوزۇقلاندۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا بىرەر ناچار تەسىر پەيدا بولمىسۇن.

3) كۆك قان تومۇرلار ۋە لىمفا كاناللىرىدا قان ئايلىنىش سۇسلىشىدۇ. بۇنىڭدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئەزا ئېگىز قويۇلىدۇ ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، تاكى بۇ يەردىكى توقۇلمىلار يۇمشاپ بوشاشقىچە. بۇ مەقسەت ئۈچۈن زۆرۈرىيەت بولسا ئازراق قانمۇ چىقىرىلىدۇ، ئادەتتىكى ھالەتلەردە تىلىشلاردىن ناھايىتى پايدا يېتىدۇ، لېكىن ئىششىغان بۆلەكتە ماددىلارنىڭ توپلىنىپ قېلىشى سەۋەبىدىن ھالىتى يوقىلىپ توسالغۇ پەيدا بولغان بولسا ۋە تەمەددۇد ناھايىتى كۈچەيگەن بولسا، چوڭقۇر نەشتەر ئۇرۇپ قان چىقىرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇفۇنەت ماددىلىرى ۋە زەھەرمۇ چىقىپ كېتىدۇ.

4) ئىششىغان ئورۇنغا ھۆللۈكلەرنىڭ تولۇپ قېلىشىنى كېمەيتىش، تاكى ئۇفۇنەتنىڭ تەسىرى توقۇلمىلاردىن كېمەيسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ۋاسىتىلەر تاللىنىدۇ:

(1) ئەگەر بەدەننىڭ بوشلۇقلىرىغا ھۆللۈكلەر توپلانسا ياكى ئىچى كاۋاك يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللەنسە، بۇنىڭدا يات ماددىلار، كېرەكسىز ماددىلار ھەمدە ئۆلگەن توقۇلمىلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولسا، ئوچۇق تۆشۈك ئېچىلىدۇ ھەمدە ھۆللۈكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن، رەخت شامچىسى ياكى بىرەر نەيچە زەخىمگە قويۇلىدۇ.

(2) بۇ ھۆللۈكلەر توپلىنىپ توقۇلمىلار ئىچىدە توسۇلغان بولسا ۋە ئۇلارنىڭ بېسىمىدىن قان تومۇر ئىچىگە ساپ قاننىڭ كىرىپ - چىقىشى توختىسا ۋە قان تومۇرلاردىن قان زەردابىنىڭ سىرغىشى توسۇلسا، تىرىشچانلىق بۇ بولۇشى لازىمكى، توقۇلمىلاردىن ھۆللۈكلەرنى چىقىرىش ھەمدە قان زەردابىنىڭ ئېقىشىغا ياردەم بېرىش. بۇ مەقسەت قان تومۇرلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى يەرلىك ئورۇنغا ئارقىمۇئارقا ئىشلىتىشتىن ھاسىل بولىدۇ، بۇلاردىن بىرى تۇز ۋە سۇ ئارىلاشمىسىدۇر، بۇنىڭدا 5% ئاش تۇزى ئېرىتىلگەن بولىدۇ.

(3) ئىششىقنىڭ ئاخىرىدا ئەگەر يىرىڭ ئوبدان ئېقىۋاتقان بولسا، ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن

زەرۇقات، سەكۇبات، نۇتۇلاتلارنى تېز ئىشلىتىش تاكى ئۇفۇنەت ۋە بۇزۇلغان ماددىلار يۇيۇلۇپ يوقالسۇن. بۇ ئەزالاردا غىدىقلاش ۋە توقۇلمىلارنى بۇزۇش تەسىرىنى تۇتىدۇ.

5) ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە قىزىتىش بىلەن بۇ بۆلەككە ياخشى قاننىڭ كېلىشى ئاشىدۇ. ئەگەر تېرىدە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئىسسىق زىماتلار ۋە نۇتۇلات چېپىش، ئەگەر تېرە بۇزۇلغان بولسا تەكمىداتى تەنكارىيە ئىشلىتىش ياكى بۇ ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش، بۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا سۈنئىي ئۇسۇلدا قان تولىدۇ. مۇناسىپ ئۇسۇلدا بۇنى چەكلەپ تۇرغان شەرت ئاستىدا، قان ئىششىق ئورنىدا مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ھەرھالدا پايدىلىقتۇر. لېكىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا ئادەتتە قان دەسلەپتىلا ئارتۇق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئورۇندا سۈنئىي ئۇسۇلدا قان تولۇش پەيدا قىلىش زىيانلىق بولىدۇ.

6) ئەگەر زەخىم ئوچۇق بولسا، مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن مەلھەملىك تېڭىق تېڭىش ھەمدە ئۇفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇش تاكى يات ماددىلار ۋە سىرتقى ئۇفۇنەتلەر ئىچىگە كىرىۋالمىسۇن.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئومۇمىي چارىلىرى: ئومۇمىي چارىلەردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى شۇكى، بۇلار بىلەن ئومۇمىي بەدەن قۇۋۋىتى ۋە ھالىتى ياخشىلىنىدۇ، پۈتۈن بەدەندىكى قان ياخشىلىنىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئومۇمىي ئىلاجى بىمارنىڭ ھالىتى ۋە كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلۈك ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر بىمار كۈچلۈك ۋە قاۋۇل بولسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە قاننىڭ تەمەددۇدى ۋە بېسىمى زىيادە بولسا ھەمدە تومۇرى چوڭ ھەم تولغان بولسا ۋە بۇلار بىلەن ئىششىقنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق ئالامەتلىرى، ئاغرىق قاتارلىقلار كۆرۈلسە، قان تومۇرلارنىڭ تەمەددۇدىنى كېمەيتىدىغان دورىلار ۋە چارىلەرنى ئىشلىتىش مۇناسىپتۇر. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى چارىلەر تاللىنىلىدۇ:

1. تەرلىتىش (تەئرىق): بۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ پائالىيىتى تېزلىشىدۇ.

2. ئىچىنى سۈرۈش: بۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەرنىڭ پائالىيىتىدە قوزغىلىش بولىدۇ.

3. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش: بۇنىڭ بىلەن بۆرەكنىڭ پائالىيىتىدە تېزلىك ھاسىل بولىدۇ، ئۇ كېرەكسىز ماددىلارنى چىقارغۇچى ئەزالارنىڭ قوزغىلىشىدىن دەسلەپتە قان تومۇرلارنىڭ تولۇپ قېلىشى ۋە تەمەددۇدى كېمىيىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەن ۋە قان تازىلىنىدۇ، يەنى ئۇ زەھەرلەر ۋە كېرەكسىز ماددىلار چىقىپ كېتىدۇ، بۇلار ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ناچارلىقى سەۋەبىدىن ئەزىيەت ۋە بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلىدۇ.

4. قان ئېلىش: قان تومۇرلاردىكى تەمەددۇد ۋە تولۇپ قېلىشنى يوقىتىش ئۈچۈن قان ئېلىشمۇ تېز تەسىرلىك چارىدۇر. بەزى ھالەتلەردە كۈچلۈك ئىچ سۈرۈشمۇ قان ئېلىشنىڭ

تەسىرىنى بېرەلمەيدۇ. ئۆپكە ئىششىقى ۋە سەرسام ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئىككى مەشھۇر ھالىتىدۇر، بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە قان ئېلىش بىلەن دەرھال تىنچلىق ھاسىل بولىدۇ، ئۇ ئىششىقلارنىڭ دەسلەپكى دەرىجىلىرىدە قان ئېلىنغان بولسا. لېكىن قان ئېلىش پەقەت كۈچلۈك ۋە قان مىزاجلىق ياشلارغا ماس كېلىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن قان پەقەت كۈچىدە زىيادە ئاجىزلىق كۆرۈلمىگۈدەك مىقداردا چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساددا ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار (ساپ قان پەيدا قىلىدىغان، ئاسان سىڭىدىغان تاماقلار) يېتەرلىك مىقداردا بېرىلىدۇ. بۇنىڭ تۈرلىرى ۋە مۇناسىپ ئۆلچىمى قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىكى ياكى بىمارنىڭ ئەزالىرىنىڭ غىزا ھالىتى بىلەن بېكىتىلىدۇ، ھەزىم قىلىش كۈچى تىلىنى تەكشۈرۈش بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر بىمار ئاجىز بولسا، جۈملىدىن ئەگەر ئۇنىڭ كۈچى قىزىتمىنىڭ داۋاملىشىشى، قاننىڭ بۇزۇلۇشى ۋە زەھەرلىنىشى سەۋەبىلىك يوقالغان بولسا، بۇ ھالەتتىكى ئومۇمىي چارىلەر بۇ بولىدىكى، غىزالارنى يېتەرلىك يەتكۈزۈش، پەرۋىشنى ئىنتايىن ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىق بىلەن قىلىش لازىم. مۇشۇنداق بىمارلارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچىلەر ۋە قوزغاتقۇچىلارغا زۆرۈرىيەت كۆپ بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۈچەي ۋە بۆرەكلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى يەڭگىل سۈرگىلەر ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر بىلەن داۋاملاشتۇرۇش، لېكىن بۇ ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىشى، ئىستىفراغ بىلەن بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتمىسۇن.

خىيال قىلىنىدۇكى، ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ھارارەت ئوفۇنەتلىك كېسەللىكلەردە زىيانلىق بولۇشىنىڭ ئورنىغا ناھايىتى پايدىلىقتۇر. چۈنكى بۇنىڭ تەسىرى بىلەن قاندا مۇشۇنداق تەڭشىلىشلەر (پىشىش) كۆرۈلىدۇ، بۇلاردىن زىيانلىق ۋە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى ئاسان بولىدۇ. لېكىن ئۆتكۈر ھارارەت زىيانلىقتۇر، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن توقۇلمىلاردا بوششىش پەيدا بولىدۇ. تەبىئەتنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلايدۇ، يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچىلەرنى ھارارەت ئۆتكۈر بولمىغۇچە ئىشلەتمەسلىك لازىم.

سوزۇلما ئىششىقلار (قاتتىق ئىششىقلار)

بۇنى قاتتىق ئىششىقلار ۋە قېتىش دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتايدۇكى، بۇ ھەمىشە قاتتىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قەدىمكى ئۇقۇم بويىچە ئەۋرامى سەۋداۋىيەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا ئوخشاش شوخ قىزىل رەڭ بولمايدۇ، بەلكى قارىغا مايىل بولىدۇ، بۇ چوقۇم بىرەر قارا ماددىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇرۇنقى تېۋىپلار

بەدەندىكى قارا ماددىلارنى سەۋداۋى ماددىلار دەپ ئاتىغان (سەۋدا — قارا دېگەن مەنىدە).

سوزۇلما ئىششىقنى ئىلگىرىكىلەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا سېلىشتۇرۇپ شۇنداق ئاتىغانكى، سەۋەبلەر ۋە ماددىلارنىڭ يەڭگىللىكى سەۋەبى بىلەن ئىششىق ئورنىدا ئىسسىقلىق، كۆيۈشۈش، ئاغرىق، قىزىللىق، قان تولۇش ئاز ۋە كېسەللەنگەن ئورۇندا ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. بۇ ئېنىقكى، ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى قانچىلىك زىيادە ئاستا بولسا، بۇ تاناسىپ بىلەن بۇ يەردىكى ھارارەتمۇ ئاز پەيدا بولىدۇ. سوزۇلما ئىششىقنىڭ نەتىجىسىدە بۇ كۆرۈلىدۇ، ئۇ كېسەللەنگەن ئەزانىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى ۋە بىمارنىڭ مىزاجى، كېسەل بولۇش ئىستېداتى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ساددا سوزۇلما ئىششىقتا بۇ سىفلىس ياكى سىلنىڭ ماددىلىرى سەۋەبىدىن كۆرۈلمىگەن بولسا، كېسەللەنگەن ئەزاغا ھۆللۈكلەر سىرغىيدۇ ۋە قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مىقدارى ئاشىدۇ، ئاندىن بۇ ھالەت ئەگەر قىسقا مۇددەتكىچە داۋاملاشسا، غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە يېڭى تارمۇشلار شەكىللىنىدۇ ۋە يېڭى تارمۇشلارنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئەزانىڭ يۇمشاقلىقى قاتتىقلىققا ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر سوزۇلما ئىششىق سۆڭەكتە كۆرۈلگەن بولسا، سۆڭەك توم ۋە زىچ بولىدۇ، ئەگەر بۇ سۆڭەك ئۈستىدىكى پەردىدە (سۆڭەك پەردىسىدە) پەيدا بولسا، بۇ پەردىنىڭ ئاستىدا يېڭى سۆڭەك شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بەزلەردە بۇ كۆرۈلگەن بولسا، بەزلەرنىڭ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىسىدا كۆپىيىش يۈز بېرىش بىلەن ئۇلار چوڭىيىدۇ ھەمدە ئۇلاردا قاتتىقلىق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر تېرىدە سوزۇلما ئىششىق بولسا، ئۇ قېلىن ۋە قاتتىق بولىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىي توقۇلمىسى بىردەك بۇزۇلىدۇ ھەمدە ئۇ يارا بولۇپ ياكى يارا بولماي تارمۇشلۇق توقۇلمىغا ئۆزگىرىدۇ.

داۋالاش سوزۇلما ئىششىقنى تارقىتىش، يۇمشىتىش ۋە بۇنى داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا سېلىشتۇرغاندا زىيادە ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ ۋە قىيىن بولىدۇ. چۈنكى سوزۇلما ئىششىق خىلىتلار ۋە مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ توقۇلمىسىغا چاپلاشقان بولىدۇ.

1. ئىششىق سەۋەبىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يوقىتىش: سۆڭەكتە بىرەر كاۋاك بولسا ياكى سۆڭەك ئۆلگەن بولسا ئۇنى چىقىرىۋېتىش. ئىششىق بىلەن بەزىدە سوزۇلما تۈردىكى يىرىڭلىق ئىششىق بولىدۇ، بۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەرلىك ئورۇنلۇق تەمەددۇدنى كۈچەيتىپ، دەسلەپكى سەۋەبنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ، بۇ ئىششىقنىڭ ئەسلىي قوزغاتقۇچىسىدۇر. مۇشۇنداق يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ ئىلاجىنى مۇمكىن بولسا تېز (نەشتەر قاتارلىقلارنى ئۇرۇپ) قىلىش لازىم.

2. كېسەللەنگەن ئەزاغا تىنچلىق بېغىشلاش: بۇ سوزۇلما ئىششىقمۇ ئۆتكۈر ئىششىقتىكىدەك

تەدبىر قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك بوغۇمدا بولسا تاختا قويۇپ ياكى قويماي تېڭىپ ئۇنى ھەرىكەتسىز قىلىش، ئەگەر بەزلەر ئىششىغان بولسا ئۇنىڭ خىزمىتىنى سۇسلاشتۇرۇش، سەزگۈ ئەزالاردا كېسەللىك بولسا، غىدىقلىنىش ۋە قوزغىتىشلاردىن ساقلاش لازىم.

3. مايىللاشتۇرۇش (قارىمۇقارىشى ئېچىشتۇرۇش): يەنى ئىششىغان ئەزانىڭ ساھەسىدە ئېچىشىش ۋە قوزغىلىش پەيدا قىلىش لازىم، بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى قان تومۇرلار كېڭىيىدۇ ھەمدە قان ئايلىنىش تېزلىشىدۇ، شۇنداقلا ھۆللۈك ماددىلىرىنىڭ بۇ تەرەپكە مايىللىششى ئاشىدۇ، بۇ، سوزۇلما ئىششىقنىڭ ئەڭ ياخشى چارە ۋە داۋالاشلىرىدىندۇر. كېسەللىكنىڭ تۈرلىرى ۋە كېسەللەنگەن ئەزانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئېتىبارى بىلەن مايىللاشتۇرۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللىرى بولىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر قول بىلەن ئۇۋۇلانسا ياكى قىزىتقۇچى بوشاشتۇرغۇچىلار بىلەن ئىششىغان ئەزا ياغلانسا، بۇنىڭ بىلەن تېرىدە قان تولۇش پەيدا بولىدۇ ۋە يۈزەكى بۆلەكلەردىكى يەرلىك ئورۇنلۇق قوزغىتىش بىلەن چوڭقۇر توقۇلمىلارغا ئىنكاس شەكلىدە پايدا يېتىدۇ. سۈلۈك قاپارتما پەيدا قىلىش مۇناسىپ ھالەتلەردە ياخشىراق داۋالاشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن زەرارىھ قاتارلىقلارنىڭ مۇرەككىباتلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئېچىشىش پەيدا قىلىشقا ئوخشاش مۇشۇنداق بىرەر ئەمەل بىلەن بىرەر ئورۇنغا قان بارىدۇ.

يارا پەيدا قىلىش بەزى ۋاقىتلاردا داغلىغۇچى ۋە كۆيدۈرگۈچى دورا قاتارلىقلار بىلەن تېرىدە يارا پەيدا قىلىنىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا دەسلەپتە بىرەر ئۇسۇل بىلەن تېرە يارا قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇشۇنداق بىرەر نەرسە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇكى، ئۇ يارا ھەمىشە يېڭى ھالەتتە تۇرىدۇ يەنى پۈتمەيدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن زەخىم ئىچىگە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نوقۇت دانىسى سېلىپ قويۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەمەلنىڭ نامى ھىممەسە (نوقۇت) بولىدۇ.

خىزام: تېرىگە بىر يىپنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىككى تۈگۈنچە سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەر كۈنى يىپ تېرە ئاستىدىن ئۇيان - بۇيان تارتىلىدۇ. بۇ ئەمەل بىلەنمۇ يارا يېڭى تۇرىدۇ، بۇ خىل چارىلەرنى ئىشلىتىش بۈگۈنكى كۈندە ئاساسەن ئەمەلدىن قالدى، شۇنداقتىمۇ بىز بەزىدە ئۇلاردىن پايدا ھاسىل قىلىمىز.

داغلاش: بۇ مەقسەت ئۈچۈن بەزىدە ئادەتتىكى داغلىغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ يۈزەكى قىسمى كۆيۈپ يوقىلىدۇ ۋە بەزىدە ھەقىقىي ئوت بىلەن داغلىنىدۇ، بۇ مايىللاشتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭغا ھەرقانداق كىشى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بۇ، سۆڭەكلەر ۋە بوغۇملارنىڭ سوزۇلما ئىششىقلىرىغا خۇسۇسىيىتى بىلەن پايدىلىقتۇر. مايىللاشتۇرۇش نېمە ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەمەلىي ھېكمىتى تولۇق ئاشكارا ئەمەس، لېكىن قىياسقا ئاساسەن بۇ مەلۇم بولىدىكى، بەزى ھالەتلەردە بۇنىڭ پايدىسى قان

تولۇپ قېلىش ۋە يىغىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ كېسەللەنگەن ئورۇندا ئۇنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئويىچە بەزى ھالەتلەردە ئۇنىڭ تەسىرى نېرۋىلار ئارقىلىق بولىدۇ.

4. بېسىش: ئىششىق ئۈستىگە سىرتتىن بېسىم چۈشۈرۈش سوزۇلما ئىششىقنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىلاجىدۇر. بۇنىڭ تەسىر قىلىش شەكلى چوقۇم بۇ بولىدۇكى، سوزۇلما ئىششىقنىڭ تەسىرىدىن (تومۇرلار كۆپۈشكەن بولىدۇ) بېسىم سەۋەبى بىلەن قان تومۇرلارنىڭ تارىيىش كۈچىگە قوزغىتىش يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تارىيىدۇ ھەمدە بېسىمنىڭ تەسىرىدىن ئىششىقنىڭ ھۆللۈكلىرى ۋە سىرغىندىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ياردەمگە ئېرىشىدۇ، بېسىم چۈشۈرۈشنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى بۇكى، كېسەللەنگەن ئەزا ئۈستى تېڭىش لاتىسى بىلەن تارتىپ باغلىنىدۇ ياكى ئۇ بىرەر ئېلاستىك ۋە يۇمشاق نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن بېسىلىدۇ.

5. سۈنئىي ئۇسۇلدا قان تولۇش پەيدا قىلىشمۇ سوزۇلما ئىششىق ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش، نۇتۇللارنى ئىشلىتىش ياكى ئۇۋۇلاش ۋە ھەرىكەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلار داۋالاشتا قوللىنىلىدۇ.

6. بەدەننى ياخشىلاش: سوزۇلما ئىششىق مەخسۇس مىزاجلار ۋە خىلتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجى قىلىنىدۇ، مەسىلەن: زۆرۈرىيەتكە قاراپ قان تازىلىغۇچىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە سىفلىستا سەنكىيا ۋە سىمابنىڭ مۇرەككىباتلىرى يېگۈزۈلىدۇ.

7. دەستىكار: ئەگەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولسا زۆرۈرىيەتكە قاراپ بۇمۇ قىلىنىدۇ.

يۇمشاق ۋە بوشاشقان ئىششىقلار
(ئەۋرامى تەھەببۇجىيە)

تەھەببۇجنىڭ لۇغەت مەنىسى ئېسىلىپ قېلىشتۇر.

بۇ تۈردىكى ئىششىقلار يۇمشاق ۋە بوشاشقان بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇ بەزىدە ئەۋرامى رەخو دېيىلىدۇ. بۇ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلار تۈرىگە كىرىدۇ، چۈنكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش ئۇنىڭدا كۆيۈشۈش، قىزىرىش، يەرلىك ئورۇنلۇق ھارارەت ۋە ئاغرىقنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس.

بۇ تۈردىكى ئىششىقلار ئومۇمەن قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى ۋە قان ئايلىنىشنىڭ ئاستىلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. توسۇلۇشنىڭ ھالىتى بۇ بولىدىكى، ئەگەر بېسىم ياكى ئىششىق

قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بىرەر كۆك قان تومۇر توسۇلۇپ قالسا، قاننىڭ قايتىشىدا قىيىنلىق يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالاردىكى كۆك قان تومۇرلار ۋە قىل قان تومۇرلار قان بىلەن تولىدۇ ھەمدە توقۇلمىلارغا قان زەردابىنىڭ سىرغىشى ئادەتتىن تاشقىرى ئاشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەزانىڭ ھەجمىدە زورىيىش بولىدۇ، شۇنىڭدەك قان ئايلىنىشىنىڭ ئاستىلىقى ۋە بۇنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىقلار ئاجىزلايدۇ.

داۋالاش ۋەرەمى تەھەببۇجنى داۋالاشتا ھەممىدىن چوڭ ئىش، ئەسلىي سەۋەب يەنى قان تومۇر توسالغۇسى (قان ئايلىنىشتىكى توسالغۇ) نى يوقىتىش ھەمدە ئىششىغان ئەزانىڭ توقۇلمىسىدىن قان زەردابىنى سۈمۈرۈش ۋە تارقىتىشتۇر. توسالغۇنى ئېچىش يەنى كۆك قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇسىنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، توسالغۇنىڭ سەۋەبى (بېسىم) يوقىتىلىدۇ. قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى ئومۇمەن جىگەر، بۆرەك قاتارلىقلارنىڭ كېسەللىكلىرى (كىچىك ئىششىق قاتارلىقلار) دىن پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر قان تومۇر بېسىلىشىنىڭ سەۋەبى بىرەر ئۆسمە ياكى قېتىشىش بولسا، ئۇ تەرەپكە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ.

ئەگەر قان ئايلىنىشىنىڭ ئاجىزلىقى يۈرەك ۋە ئۆپكىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولسا، كۈچلەندۈرگۈچىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قان زەردابىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇنغا ھۆللۈكتىن خالىي بولغان بوشاشتۇرغۇچى دورىلار ۋە چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئەۋرامى تەھەببۇجىيەدە سوغۇقلۇق ئىشلىتىلمەيدۇ، بۇ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ دەسلىپىدە سۆزلەندى. قان زەردابىنى سۈمۈرۈشتە ئىچىنى سۈرۈش، تەرلىتىش ۋە سىيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن يېتەرلىك ياردەمگە ئېرىشىلىدۇ.

يەلدىن بولغان ئىششىقلار (ئەۋرامى رىھىيە) بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، يەل مەۋجۇت بولغان ئىششىقتۇر. بۇ يەل بەزىدە بىر جايدىكى بىرەر بوشلۇقتا توپلىنىدۇ ۋە بەزىدە چېچىلاڭغۇ شەكىلدە ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرىدا باشقا ھۆللۈكلەر بىلەن تېپىلىدۇ. بۇ ئىششىقلارنىڭ داۋالاش پىرىنسىپى شۇكى، مەۋجۇت يەل ۋە بۇخارنى سۈمۈرۈپ تارقىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دورىلار يەرلىك ئورۇنغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ جايدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى تېز بولىدۇ، يەنى بۇلار قىزىتقۇچىلار دېيىلىدۇ ھەم بۇ ماددا يۇمشىتىش، ئىچىنى سۈرۈش ۋە تەرلىتىش قاتارلىقلار بىلەن تازىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەللەر ۋە بۇخارات پەيدا بولىدۇ. يەللەرنى تارقىتىش ۋە تازىلاش ئۈچۈن ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھۆللۈكلەر تارقىتىلىدۇ ۋە يەللەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا توسالغۇ

پەيدا بولىدۇ. ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى ئۇفۇنەت ۋە بۇزۇلۇشقا ناھايىتى كۆپ ياردەمدە بولىدۇ ھەمدە بۇ ئىنقكى، بۇ ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسدە يەللەر پەيدا بولىدۇ، ئۇ ئىككى ئىش (قىزىتىش ۋە تازىلاش) تەرەپكە شەيخ تۆۋەندىكى بايانىدا ئىشارەت قىلغاندۇر:

يەلدىن بولغان ئىششىقلارنىڭ ئىلاجى لەتىپ جەۋھىرى بولغان، قىزىتقۇچى نەرسىلەر بىلەن قىلىنىدۇ، تاكى ئۇلاردىن يەل تارقاپ، تەر تۆشۈكچىلىرى ۋە قىل قان تومۇرلار كېڭەيسۇن. چۈنكى يەلدىن بولغان ئىششىقلارنىڭ پەيدا بولۇش ھالىتى بۇ بولىدىكى، يەلدە قويۇلۇش بولىدۇ ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ (ئەگەر يەللەر قويۇق بولمىسا، يەللەر بەدەننىڭ ئىچىدە توختىيالمايدۇ) ھەم بۇ ھالەتتە (داۋالىغان ۋاقىتتا) شۇ ماددا تەرەپكىمۇ يۈزلىنىش لازىم. بۇنىڭدىن يەل ۋە بۇخار پەيدا بولىدۇ (شەيخ).

يەنى يەلدىن بولغان ئىششىقلارنى داۋالاشتا بۇمۇ زۆرۈركى، دەسلەپتە بەدەن يەل پەيدا قىلىدىغان ماددىدىن تازىلىنىدۇ. مەسىلەن: سۈرگە ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، قۇرۇق ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ھەمدە ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى غىزا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

قاندىن بولغان ئىششىق (فەلغەمۇنى)

فەلغەمۇنى قاندىن بولغان ئىششىقنىڭ نامىدۇر. بۇ سۆز يۇنان تىلىدا بارلىق ھارارەت ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق (كۆيىشىش) ئۈچۈن ئېيتىلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ئۈچۈن ئېيتىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن قاندىن بولغان ئىششىقنىڭ نامىغا قويۇلغان، چۈنكى بۇنىڭدىمۇ ئىسسىقلىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ.

شۇڭلاشقا ھۇنەيىن ئىبنى ئىسھاق ئۆزىنىڭ «كىتابۇل ئەيىن» ناملىق ئەسىرىدە بارلىق ئورۇندىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى فەلغەمۇنى ئۇقۇمى بىلەن بايان قىلغان، ھەتتاكى كۆز ئاغرىقىنىمۇ بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ فەلغەمۇنىسى دەپ ئېيتقان.

تېرە ئاستى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما ئىششىقى: فەلغەمۇنى ئىششىقى بۇ كېسەللىك ئۈچۈن خاسلاشتۇرۇلغان، بۇنىڭدا تېرە ئاستى توقۇلمىسى (بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما) دا بولىدىغان كېڭەيگۈچى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئۇفۇنەتلىك ماددىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاخىرىدا ياكى يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ياكى توقۇلمىلاردا يېيىلىش پەيدا بولىدۇ ياكى بىر كەڭرى بۆلەك تامامەن ئۆلىدۇ (گانگرېنا).

سەۋەبى بۇنىڭ مەخسۇس سەۋەبى بۇ ئۇفۇنەتلىك ماددىدۇر. بۇ تېرە ئاستى

بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىسىغا بىرەر شەكىلدە كىرىدۇ، بەزىدە بۇ ھالەت ماددىلارنى چىقىرىش مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان چوڭقۇر ئوفۇنەتلىك زەخىملەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللەنگەن ئورۇن ۋە زەھەرلىك ماددا ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق ئەگەشمە كېسەللىكلىرى يىرىڭ شەكىللىنىشتىن ئۆتكۈررەكى گانگرېناغىچە بولىدۇ. قىزىتما بەزىدە ھەمىشە بولىدۇ. ئۆتكۈر ھالەتتە بىر - ئىككى قېتىم جۇغ - جۇغمۇ بولىدۇ ۋە بەزىدە ھارارەت تەبىئىي ھالەتتىنمۇ كېمىيىپ كېتىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇن قىزىق بولۇپ، ئاغرىيدۇ ۋە ھۆللۈك بىلەن ھۆللىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ يۈزە بولسا قىزىل ۋە ئىششىغاندەك كۆرۈنىدۇ ھەمدە تۇتۇش بىلەن قاتتىقلىق مەلۇم بولىدۇ. بەزى ھالەتلەردە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بىلەن يەرلىك ئورۇندا قان چىقىش بولىدۇ ياكى بۇ جايغا قان دېغى چۈشىدۇ.

كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى كۆپرەك داۋالاش ۋە چارىلەرگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر دانالىق بىلەن بۇ جايغا تۆشۈك ئېچىلسا ئىششىق توختاپ، يۈتۈش ۋە ساقىيىش پائالىيىتى تېز باشلىنىدۇ. مەيلى بۇ يەردە يىرىڭ پەيدا بولۇپ بولغان بولسۇن ياكى يېيىلىش پەيدا بولسۇن. ئەگەر بۇ يەردىكى ماددا زىيادە بۇزۇلغان ۋە زەھەرلىك بولسا ياكى بىمارنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىز بولسا ياكى ئىششىغان جاينى ئۆز ھالىتىدە قويۇپ قويغان بولسا ياكى پەقەت زىمات چاپقان بولسا، ئىششىق ئومۇمەن تېزلىك بىلەن تارقىلىدۇ ۋە مۇشۇ جايدىكى توقۇلمىنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇزىدۇ. بۇ ھالەتتە ئاغرىق ئۆتكۈر، ئۇيقۇسىزلىق، جۆيلۈش ۋە ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار ناھايىتى تېز ئاجىزلايدۇ، ئاخىرىدا يىرىڭ شەكىللىنىدۇ.

بەزىدە تېرە ئاستىدىكى توقۇلما ئىچىدىن بۇزۇلىدۇ ۋە تېرە ئاستىدىكى بىر چوڭ بۆلەك ئۆلىدۇ، لېكىن ئۈستىدىكى تېرىدىكى بىر قانچە مەخسۇس بۆلەكتىن باشقىسى ساغلام بولىدۇ. بەزىدە ئىششىق ئەزانىڭ بىر بۆلىكىدىن يەنە بىر بۆلىكىگە يۆتكىلىدۇ، بەزىدە بۇ كېسەللىك بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىنىڭ چوڭقۇر ئورۇنلىرى ۋە ئۆزى تۇرغان ئورۇندىكى خاس مۇسكۇللارغا كېڭىيىدۇ، بۇنىڭدا بەزىدە يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ياكى ئۇ ئورۇن بۇزۇلىدۇ. ئۇ ئۆتكۈر ھالەتلەردە ئومۇمىي قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى ياكى يىرىڭنىڭ قانغا قوشۇلۇشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ.

ئەللامە سەمەرقەندى بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېنىق يازمىغان. كېسەللەنگەن ئورۇندا ئېسىلىش، قىزىقلىق، قىزىللىق ۋە تەمەددۇد بولىدۇ، قول بىلەن بېسىلمايدۇ، ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ، لوقۇلداش بولىدۇ، جۈملىدىن بۇ ئىششىق قىزىل قان تومۇرلار كۆپ بولغان بىرەر ئەزادا بولغاندا.

داۋالاش ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە فەلغەمۇنى پەيدا

بولۇشنىڭ خەۋپى بولسا، ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچى ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچلەرنى ئىشلىتىش بىلەن ئىششىقنىڭ چوڭىيىشى توختايدۇ، بۇ ھالەتتە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ۋە ئومۇمىي ساغلاملىقنى ئويلاش لازىم.

ئەگەر بۇ جايدا يىرىڭ پەيدا بولسا ياكى پەيدا بولۇش خەۋپى بولسا، كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ئۇزۇنىسىغا ئازادىلىك بىلەن تۆشۈك ئېچىش لازىم. تاكى بۇ جايدىن ھۆللۈك ۋە ماددىلار چىقسۇن ھەمدە بۇزۇلغان بۆلەكلەرنى كېسىپ ياكى قىرىپ ئېلىۋېتىش، شۇنىڭدەك زەخمىنى تازىلىغاندىن كېيىن بۇنىڭ ئىچىگە رەخت پارچىسىنى زەرۇرى زەردچىۋە يۇقتۇرۇپ يەڭگىل تولدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىنى ئادەتتىكى تېڭىق لاتىسى بىلەن تېڭىش ھەمدە بىمارنىڭ كۈچىنى مۇناسىپ غىزالار ۋە دورىلار بىلەن ساقلاش لازىم.

تۆشۈك ئاچقاندىن كېيىن قاناش توختىسا، ئەزانى ھەر كۈنى 2 ~ 3 سائەتكىچە ئىسسىق سۇدا قويۇش لازىم. بۇنىڭ ھارارىتى 105 ~ 110 كىچە بولسا بولىدۇ.

زەرۇرى زەرچىۋە نۇسخىسى: زەرچىۋە، سېرىق سەبرە، رۇسۇت مەككىنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، يۇمشاق سۇفۇپ قىلىپ، يىپەك رەختتە تاسقاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەللامە سەمەرقەندى فەلغەمۇنىنىڭ بۇ ئىلاجىنى يازغان: بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى مەزكۇر داۋالاش ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئوخشاشلىق بار، مەسىلەن: زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ.

قان ئېلىنىدۇ، قان مۇخالىپ تەرەپكە مايىل قىلىنىدۇ، يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ، ئاندىن دەسلەپكى ھالەتتە سىرتقى تەرەپتىن قايتۇرغۇچى دورىلار، يەنى قابىز سوغۇق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، فۇپەل، گىل ئەرمىنى، ئاقاقىيا، مامىيسا، قىزىلگۈل، كاسىنە قاتارلىقلار. بۇ ئاغرىق ئۆتكۈر بولمىغان، ئىششىق رەئىس ئەزالار ھەيدەپ چىقارغان ماددىلاردىن پەيدا بولمىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ماددا كۆپلۈك بىلەن كېلىپ توپلانغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. مۇشۇنداق ھالەتتە قايتۇرغۇچى دورىلار ماددىلارنى قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ ھەمدە تېرىنى زىيادە زىچلاشتۇرۇپ تارقىلىشتىن توختىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ ۋە شەفاقۇلۇس پەيدا بولىدۇ.

بۇ ھالەتتە مۇناسىپى بۇكى، بۇ دورىلار تولۇق تازىلاشتىن كېيىن ئىششىغان ئورۇن ئۈستىگە ئىشلىتىلىدۇ، تاكى ئەزا تەرەپكە ماددىنىڭ كېلىشى توختىسۇن. شۇنىڭدەك ئەگەر ئىششىق رەئىس ئەزالارنىڭ ماددىلىرىدىن بولسا، تولۇق تەنقىيەدىن كېيىن خاس ئىششىق ئورنىغىمۇ قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش مۇمكىن بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق تەرەققىيات ھالىتىدە بولسا قابىز دورىلار بىلەن تارقاتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى

دورىلارمۇ قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا ئۇنى، كۆك يۇمغاقسۈت، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، سېرىقچېچەك، ئاق لەيلى قاتارلىقلار ھەمدە ئاخىرقى باسقۇچتا يەنى ئىششىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنىڭ دەسلەپىدە تارقاتقۇچى دورىلار شۇقەدەر زىيادە قوشۇلىدۇكى، ئۇ قايتۇرغۇچى دورىلار بىلەن باراۋەر بولسۇن ھەمدە تۆۋەنلەش باسقۇچىدا يەنى ئاخىرقى باسقۇچىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر تەبىئەت ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ماددا تولۇق تارقالمىسا ۋە توپلىنىشىپ يىرىڭ شەكىللەندۈرسە پىشۇرغۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: كىنۇچە ئۇرۇقى، زىغىر قاتارلىقلار. ئىششىقلار زەربىگە ئوخشاش سىرتقى سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان بولسا ھەمدە بەدەنمۇ ماددىلاردىن پاك بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ داۋالاش يېتەرلىكتۇركى، بوشاشتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ، ئىللىتىلغان ياغ سۈركىلىدۇ، ئىلمان سۇ قۇيۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئىلاج يېتەرلىك بولمىسا ئىششىق ئۈستى تىلىنىدۇ. مەيلى پىشقان بولسۇن ياكى پىشمىغان بولسۇن.

شەفاقۇلۇس ۋە گانگرېنا

بۇ كۆپىنچە نۇسخىلار ۋە باشقا كىتابلاردا سەفاقۇلۇس نامى (چېكىتسىز «س» ھەرپى) بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ، بۇ زىيادە توغرىدۇر.

شەفاقۇلۇس ئەزا بۇزۇلۇشىنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ يۇنان تىلىدا شەفاقۇلۇس ۋە ئەرەب تىلىدا خەبىيسە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر بۇزۇلغان ئىششىق ياكى بۇزۇلۇشتۇر. بۇ ئوفۇنەتلەنگەن ۋە ئۆلگەن قاندىن پەيدا بولىدۇ.

بۇ ئىششىق شۇنچىلىك چوڭ، ماددىسى شۇنچىلىك بۇزۇق بولىدۇكى، كۆك ۋە قىزىل قان تومۇرلار ھەم ھاۋا ئالمىشىدىغان پۈتۈن يوللار توسۇلىدۇ. قىزىل قان تومۇرلار تەبىئي بەدەن ھارارىتى، يەنى روھنى يەتكۈزۈشتىن توختايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھارارەت يوقىلىدۇ ھەمدە قان بۇلغىنىپ بۇزۇلىدۇ، ئاندىن بۇ قان بىلەن بۇ ئەزامۇ بۇلغىنىپ بۇزۇلىدۇ ھەمدە ئۆلۈپ قارىدايدۇ. ئوفۇنەتتىن ئۆزگىرىپ پارچە - پارچە بولىدۇ ۋە ئەتراپتىكى تېرە قاتارلىقلارغىمۇ بۇزۇلۇش تارقايدۇ.

گانگرېنا: تەبىئي بەدەن ھارارىتى ئۆچمىگىچە ئەزادا قارىداپ بۇزۇلغۇدەك ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بەلكى تەبىئي بەدەن ھارارىتى يوقىلىش، قاننىڭ ئۇيۇشى ۋە تېرىنىڭ زىچلىششى سەۋەبلىك پەقەت ئۇنىڭ نورمال رەڭگى يوقىلىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭدىكى لوقۇلداش توختايدۇ، بۇ

ھالەتنىڭ نامى گانگرېنا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە لوقۇلداش توختىغانلىقىنىڭ سەۋەبى سەزگۈ كۈچىنىڭ يوقالغانلىقى بولىدۇ.

ئۇقۇملاردىكى ئىختىلاپ: لېكىن بەزى كىشىلەر گانگرېنا ۋە شەفاقۇلۇسنى قاپىيداش دەپ بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قارارى بۇكى: «ئەگەر بەدەننىڭ بىرەر چوڭ بۆلىكىنىڭ توقۇلمىسى ئۆلگەن بولسا، يەنى ئۇنىڭ ھاياتلىق كۈچى يوقالغان بولسا بۇ گانگرېنا ياكى شەفاقۇلۇس دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ بۇزۇلۇش پەقەت بەدەننىڭ يۇمشاق توقۇلمىلىرى (مۇسكۇللار، قان تومۇرلار، تارىمۇشلار، نېرۋىلار) دا چەكلەنگەن بولسا، بۇ ئادەتتە بۇزۇلۇش ياكى يېپىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سۆڭەكنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلگەن بولسا، بۇ سۆڭەك چىرىش دەپ ئاتىلىدۇ»، لېكىن گانگرېنا سۆزى ئومۇمەن بۇ بۇزۇلۇشقا قوللىنىلىدۇ، بۇ، قول - پۇتنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىق تەركىبلىرىدە بىرگە بولىدۇ.

ئالامىتى بىرەر ئەزانىڭ تامامەن ئۆلۈشىدىن ئىلگىرى تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ:

① قان تومۇردا سوقۇشىنىڭ بولماسلىقى؛ ② ئەزادا تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنىڭ يوقىلىشى؛ ③ سېزىملارنىڭ يوقىلىشى؛ ④ ئەزانىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرىنىڭ يوقىلىشى؛ ⑤ ئەزا رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: ئەزانىڭ قىزىل رەڭدە ياكى سېرىققا مايىل بولۇشى ۋە داغ چۈشۈشى. قىسقا ۋاقىتلىق ئۆتكۈر ئاغرىق بۇزۇلۇش جەريانىدا ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ئورۇن ئۈستىدىكى نېرۋىلار ئىنكاس شەكلىدە تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىدۇر.

تۈرلىرى

1. قۇرۇق گانگرېنا: بۇنىڭدا ئۆلگەن بۆلەك قاتتىق، قۇرۇق ۋە قاسراقلىق بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل ياكى قارا بولىدۇ، بۇ ئادەتتە قىزىل قان تومۇرلارنىڭ سوزۇلما توسۇلۇشىدىن يۈز بېرىدۇ.

2. ھۆل گانگرېنا: بۇ ئادەتتە كۆك قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشىدىن، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ تۇيۇقسىز توسۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ سەۋەبلەردىن مۇناسىۋەتلىك ئەزاغا ھۆللۈكلەر توپلىنىدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن ئۇفۇنەتلىك ۋە ئۇفۇنەتسىز دەپ ئىككى تۈرى بولىدۇ.

1. ئۇفۇنەتسىز ھۆل گانگرېنادا ئەزانىڭ رەڭگى قىزىل، قارا، سېرىق، كۆك ياكى ئاق بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا ئۇفۇنەتنىڭ تەسىرى بولمىسا، ئۆلگەن بۆلەك تەخمىنەن گانگرېنا باشلانغاندىكىدەك ھەجىمدە بولىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۇفۇنەت ۋە ئىششىقنىڭ بىرەر ئالامىتىسىز ئىنتايىن پاكىز ۋە تىنچلىق بىلەن ئەتراپىتىكى تەركىبلەردىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

2. ئۇفۇنەتلىك ھۆل گانگرېنادا ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇشنىڭ سۈرئىتى تېز بولىدۇ، توقۇلمىلار ناھايىتى تېز ئۆزگىرىدۇ ۋە پاراكەندە بولىدۇ، رەڭگى قارا، كۆك ياكى سېرىق بولىدۇ، تېرىنىڭ يۈزەكى قىسمى تېرىدىن ئايرىلىپ كۆپۈشىدۇ، سۇلۇق ياكى يەللىك قاپارتقۇ ئاشكارا بولىدۇ.

كېيىنكى ئالامىتى

1. ئەگەر ئۆلگەن بۆلەك كىچىك ۋە ئۇفۇنەتسىز بولسا، مۇناسىپ ھالەتلەر مەۋجۇت بولغاندا، ئۇ تامامەن سۈمۈرۈلىدۇ ياكى تەدرىجىي يوقىلىدۇ، ئۆلگەن بۆلەك ئۇفۇنەتنىڭ بۇلغىشىدىن پاك ۋە قۇرۇق تۇتۇلغان شەرت ئاستىدا. ئۆلگەن سۆڭەكمۇ سۈمۈرۈلىدۇ، ئۇ كىچىك بولغان ۋە ناھايىتى زىيادە زىچ بولمىغان شەرت ئاستىدا.

2. ئەگەر ئۆلگەن بۆلەك ئۇفۇنەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەجمى چوڭ ياكى مۇشۇنداق توقۇلمىلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، بۇ ئۇنى تولۇق سۈمۈرۈشتىن توختىتىدۇ ياكى بىمارنىڭ ھاياتلىق كۈچى ئاجىز بولسا، بۇ ۋاقىتتا تولۇق سۈمۈرۈشنىڭ ئورنىغا زەخىملىنىش بىلەن قىسمەن سۈمۈرۈش بولىدۇ، يەنى بەزى تەركىبلەرنى سۈمۈرىدۇ ۋە بەزى تەركىبلەرنى زەخىملەندۈرۈپ يوقىتىدۇ.

3. ئەگەر ئۆلگەن بۆلەك ئۇفۇنەتتىن خالىي بولمىسا، ئۇنىڭ يوقىلىشىدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئىششىقتا ئەتراپتىكى ساغلام توقۇلمىلار تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە گانگرېنا بولغان بۆلەكنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئۆلگەن ۋە تىرىك توقۇلمىلار ئارىلىقىدا چېگرا سىزىق كۆرۈلىدۇ، ئاخىرىدا ساغلام بۆلەكلىرىدە يىرىڭ شەكىللىنىدۇ، چېگرا سىزىقنىڭ رەڭگى دەسلەپتە قىزىل، پارقىراق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق ياكى سېرىق بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر قىزىتمىمۇ چوقۇم بولىدۇ.

گانگرېنانىڭ ئەمەلىي بۆلۈنۈشى ئەمەلىي شەكلى بىلەن گانگرېنانىڭ تۈرلىرى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئىككىلەمچى گانگرېنا، جاراھەتتىن بولغان گانگرېنا، ئۇفۇنەتتىن بولغان گانگرېنا، ئوتتا كۆيۈش ۋە ئۈششۈپ قېلىشتىن بولغان گانگرېنا قاتارلىقلار.

1. ئىككىلەمچى گانگرېنا: بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى بولىدۇ: ① توسالغۇدىن بولغان گانگرېنا: بۇ قان تومۇرلار توسالغۇسىدىن پەيدا بولىدۇ؛ ② ياشانغانلاردا بولىدىغان گانگرېنا: بۇ ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ؛ ③ قان ئۇيۇلمىسىدىن بولغان گانگرېنا: بۇ قىزىل قان تومۇرلاردا قاننىڭ ئۇيۇپ قېلىشىدىن كۆرۈلىدۇ؛ ④ زىيابىتۇستىن بولغان گانگرېنا: بۇ زىيابىتۇس كېسەللىكىدە كۆرۈلىدۇ؛ ⑤ بەدەننىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدىغان گانگرېنا: بۇ يۈلۈننىڭ بىرەر نامەلۇم چوڭقۇر ئورۇنلۇق ئاپتىدىن ياكى نېرۋىلارنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ

تۆردىكى گانگرېنا ئومۇمەن بەدەننىڭ ئىككى تەرىپىدە باراۋەر بولىدۇ (بۇ سەۋەبتىن بۇ مۇتەناسىبە دەپ ئاتىلىدۇ)؛ ⑥ شىلىم يېپىشتىن بولغان گانگرېنا: بۇ شىلىم (ياۋا بۇغداي) يېپىشتىن پەيدا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇغداي بىلەن ياۋا بۇغداي دانلىرى ئارىلىشىپ قالغاندا بولىدۇ.

2. جاراھەتتىن بولغان گانگرېنا: بۇ زەربە ۋە جاراھەت سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى تۈرى بار، بىرىنچىسى، بىۋاستە گانگرېنا: بۇنىڭدا گانگرېنا زەربە تەگكەن ئورۇندا پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچىسى، بىۋاستە بولمىغان گانگرېنا: بۇنىڭدا گانگرېنا زەربە تەگكەن ئورۇندىن يىراق جايدا پەيدا بولىدۇ.

3. ئوفۇنەتتىن بولغان گانگرېنا: بۇ ئوفۇنەتتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بار. بىرىنچىسى، يامرىغۇچى ئۆتكۈر گانگرېنا: بۇ تېزلىك بىلەن چوڭىيىدۇ ھەمدە ئىنتايىن ئۆتكۈر فەلغەمۇنى ئىششىقى پەيدا بولىدۇ ھەمدە قان زەھەرلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، يېگۈچى جاراھەت ۋە گانگرېنا شىپاخانىسىدىن بولغان گانگرېنا. ئۈچىنچىسى، ئېغىز گۆشخور چاقىسى ۋە كالپۇك گۆشخور چاقىسى. تۆتىنچىسى، جەمرە ۋە چىيقان.

4. ئوتتا كۆيۈش ۋە ئۈششۈپ قېلىشتىن بولغان گانگرېنا: مەسىلەن: ئۈششۈپ قېلىش بىلەن بىرەر ئەزانىڭ ئۆلۈشى ياكى كۆيۈپ قېلىش بىلەن بىرەر توقۇلمىنىڭ ئۆلۈشى.

* قەدىمكى زامانلاردا ساقلىقنى ساقلاشتا باشقا شاۋئىبدىن سىرت ياۋا بۇغداينىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن چوقۇم ساقلىنىش لازىم، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان.

* گانگرېنا شىپاخانىسى: گانگرېنانىڭ بۇ تۈرى ئومۇمەن بۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، يەنى دەستىكار جەريانىدا بىرەر زەخىم تۇيۇقسىز دەستىكارچىغا يۇقىدۇ، يەنى بۇ بىمارنىڭ بۇزۇلغان ماددىلىرىنىڭ يۇقۇشىدىن بولىدۇ.

ئومۇمىي داۋالاش: كۈچلەندۈرگۈچى، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق بىمارنىڭ كۈچىنى تۇرغۇزۇش، ئۆتكۈر ئاغرىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنى ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى ۋە سېزىمسىزلاندۇرغۇچىلار ئارقىلىق (مەسىلەن: ئەپيۇن ۋە ئەپيۇن جەۋھىرى) يوقىتىش، زىيابىتۇس قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىرەر كېسەللىك مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىش لازىم.

يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش: ئەزا كېسىپ تاشلىنىدۇ.

سەمەرقەندى: گانگرېنانىڭ ئىلاجى شۇكى، قويۇق، بۇزۇلغان ۋە بۇلغانغان قان چوڭقۇر تىلىش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ. تىلىش شۇنچىلىك چوڭقۇر بولسۇنكى، بۇ بۇزۇلغان ۋە بۇلغانغان ماددىغىچە يېتىپ بارسۇن، تاكى بۇ ئىششىقنىڭ بۇزۇلۇشى باشقا ئەزاغىچە تارقالمىسۇن.

جالىنۇس ئېيتقانكى: «بۇ جايىنى يەڭگىل تىلىش ئەزانى بۇزۇش ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسىدۇر، چوڭقۇر تىلىش ئۇنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر، چۈنكى بۇ ماددا چوڭقۇر تىلىش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ». ئاندىن بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنى نورماللاشتۇرۇپ ۋە قۇرۇتۇپ ئوفۇنەتلىنىشنى توختاتقۇچى نەرسىلەر تىلا قىلىنىدۇ، مەسىلەن: كەرىسنە تالقىنىنى سىركەنجۇبىلگە قوشۇپ تىلا قىلىش، مەسىلەن: گىل ئەرمىنى، موزا، زەمچە قاتارلىقلارنى تىلا قىلىش. شەفاقۇلۇسنى داۋالاشتا كېسىپ تاشلاشتىن باشقا چارە يوق. كېسىشتىن ئاز دېگەندە، ئەتراپتىكى باشقا ئەزالار بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىپ قالىدىغان پايدا چوقۇم بولىدۇ (سەمەرقەندى).

قىزىل يەل (ھۇمرە، سۇرۇخ بادە)

بۇ، يۇقۇملۇق (ئوفۇنەتلىك) كېسەللىكتۇر، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى قىزىتما ۋە ئۆتكۈر ئاجىزلىق بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا تېرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىششىدۇ. بەزىدە بۇ ئىششىق تېرە ئاستى توقۇلمىسىغىمۇ كېڭىيىدۇ. بەلكى قوشنا لىمفا كاناللىرى ۋە كۆك قان تومۇرلارمۇ بۇ ئىششىققا شېرىك بولىدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى: بۇنىڭ نامى ھۇمرە دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇنىڭدا قىزىللىق بولىدۇ (ھۇمرە — قىزىللىق دېگەن مەنىدە).

ماددىسى ئۇنىڭ ماددىسى ئۆتكۈر ئوفۇنەتلەنگەن قان بولىدۇ. بۇ ئۆتكۈرلۈك ۋە ئوفۇنەت مەخسۇس ناچار تەنچىلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ۋابا شەكلىدە تارقىلىدۇ، يېڭى تۇغۇلغان بالىلار ۋە 20 ~ 40 ياشلىق كىشىلەردە كۆپ بولىدۇ، ئاياللار بۇنىڭغا كۆپرەك ھەيز كۈنلىرىدە گىرىپتار بولىدۇ. قان كۆپلۈك، نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، زىيابىتۇس، بۆرەك كېسەللىكلىرى، يەرلىك ئورۇنلۇق غىدىقلىنىش، سۈركىلىش، زەخىم قاتارلىقلار، سوغۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ زىيادىلىكى، غىزادىكى پەرھىزسىزلىكلەر ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئومۇمەن باش ئاغرىش، ناھايىتى ئاجىزلاپ كېتىش ۋە ھارغىنلىق بولىدۇ، بۇ تەخمىنەن 24 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئازراق جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ، گال ئاغرىيدۇ، بەزىدە بۇرۇن قاناش بولىدۇ، قىزىپ 2 ~ 3 كۈنى تېرە ئۈستىدە سۇلۇق قاپارتما ياكى ئىششىق كۆرۈنىدۇ.

بۇ ئىششىقتا روشەنلىك، پارقىراقلىق، قىزىقلىق ۋە سانجىلىپ ئاغرىش بولىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى شوخ قىزىلگۈل رەڭگىدە بولىدۇ، بۇنىڭ قىزىللىقى بېسىش بىلەن يوقىلىدۇ ھەمدە

بېسىلغان ئورۇن ئاق بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ قىزىللىق تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ، باسقاندا كۆيۈشۈش مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئىششىق تېرە يۈزىگە يېقىنراق بولۇپ، زىيادە چوڭقۇر بولمايدۇ. بۇ ئىششىق كۆپىنچە بۇرۇن، قۇلاقنىڭ بىر تەرىپى ياكى ئېغىزنىڭ بىر بۇرجىكى ياكى يۈز ياكى ئېغىز ياكى تۆۋەنكى قاپاقتىن باشلىنىپ ئاستا - ئاستا پۈتۈن يۈز، باش، بويۇن ۋە تاغاققىچە تارقايدۇ، يۈزى كۆرۈمسىز بولىدۇ، كۆزلىرىنى ئاچالمايدۇ، بۇرنى ئېتىلىپ قالىدۇ.

ئەگەر ئىششىق تېرە ئاستى توقۇلمىسىدا بولسا بۇ ئىششىق چوڭقۇر بولىدۇ، ئاغرىق يەڭگىل بولىدۇ ھەمدە باسقاندا ئويمان بولىدۇ، كۆيۈشۈش ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەگەر ماددىدا ئۆتكۈرلۈك ناھايىتى زىيادە بولسا، كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىدە سۇلۇق قاپارتقۇ ئاشكارا بولىدۇ، قىزىتما دەسلەپكى كۈنى 104 ~ 105 كىچە بولىدۇ، تومۇرى تولغان بولىدۇ، تىلى قۇرۇق ۋە سۇس سېرىق رەڭدە بولىدۇ، كەچتە بىئاراملىق كۈچىيىدۇ، ئۆتكۈر جۆيلۈش ۋە پەرىشانلىق بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن تومۇرى تەدرىجىي ئارقىمۇئارقا ۋە ئاجىز سوقىدۇ، جۆيلۈشتە پەرىشانلىق بولمايدۇ. ئىششىقنىڭ 5 -، 6 - كۈنى قىزىتما چۈشىدۇ، قىزىللىق ۋە ئىششىق ئازىيىدۇ، قاسراقچىلار تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

خالىس ھۇمرەنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ بىر جايدىن باشقا جايغا يۆتكىلىدۇ.

تۈرلىرى بۇنىڭ مۇھىم تۈرلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1. ساددە: بۇنىڭدا ئىششىق پەقەت تېرىگىچە چەكلىنىدۇ.

2. فەلغەمۇنى: بۇنىڭدا ئىششىق پەقەت تېرە ئاستىدىكى شالاڭ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىغىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدىن بۇ يەردە يىرىڭ شەكىللىنىدۇ ۋە يېيىلىش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا ئومۇمىي ئالامەتلەر نىسبەتەن كۆپ ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىشمۇ بولىدۇ.

3. يامرىغۇچى: بۇنىڭدا ئىششىق بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىغا باراۋەر تارقايدۇ ۋە يېيىلىش بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇ غەيرىي مۇنتىزىم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قائىدىسىز ھالەتتە بەدەننىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىگە تارقايدۇ، بۇنىڭدا ئىششىق ۋە ئېچىشىش، قىزىتما ئاز بولىدۇ، لېكىن بەدەن ھارارىتىدە تېز ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ تۈر ئۇزۇن كۈنلەرگىچە داۋاملىشىدۇ ۋە نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، بۆرەك كېسىلى بىمارلىرى ياكى ياشانغان كىشىلەردە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئادەتتىكى غىدىقلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىك ئەسلىي خەتەرلىك ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى خەتەرلىك بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى سەرسام، ئۆپكە ئىششىقى ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆرەك ئىششىقى ھەممىدىن قورقۇنچلۇق ۋە خەتەرلىكتۇر.

ياشانغان بىمارلار، مەست قىلغۇچىلارغا ئادەتلەنگەن كىشىلەر ۋە سۈت ئېمىۋاتقان بالىلارنىڭ ھاياتىغا خەتىرى زىيادە بولىدۇ.

داۋالاش خالىس ھۇمرەنىڭ ئىلاجى بۇكى، بەدەندىن سەپرا چىقىرىلىدۇ، ھېلىلە ۋە تەمرى ھىندى قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەر زىمات قىلىنىدۇ، مەسىلەن: قاپاق پوستى، كەرفە يوپۇرمىقى سۈيى، كاھۇ يوپۇرمىقى سۈيى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، ئىسپىغۇل قاتارلىقلار.

ھۇمرەنىڭ بۇ تۈردە تارقاتقۇچى زىماتلارغا زۆرۈرىيەت بولمايدۇ.

غەيرىي خالىس ھۇمرەنىڭ ئىلاجى بۇكى، ماددىلارنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى قان ئېلىنىدۇ، دەسلەپتە قايتۇرغۇچى تىلالار چېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ، ئىششىق باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ تارقاتقۇچى تىلا چېپىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار: بىمار ئايرىم پاكىز ۋە ھاۋالىق ياتاقتا تۇرغۇزۇلىدۇ، قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

نۇسخا: ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، ئۈچ گىرام كاھۇ ئۇرۇقى (پوستى ئاقلانغىنى) قاتارلىق دورىلارنى 72 گىرام ئەرقى شاھتەررە، 72 گىرام ئەرقى مۇرەككەپ مۇسەففى خۇن قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە 24 گىرام شەربىتى نىلۇپەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: قىزىلگۈل، نىلۇپەر گۈلى بەش گىرامدىن، شاھتەررە، قەسبۇزەرىرە، مىندى يەتتە گىرامدىن، چىلان بەش دانە، دورىلارنى كېچىدە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ ھەمدە شەربىتى ئۇنناپتىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمار بالا بولسا ئۈستىدىكى نۇسخىدىن بىرەرى تۆۋەندىكى كۇملاچ بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ، بالىنىڭ يېشىغا قارىتا نۇسخىنىڭ مىقدارى بەلگىلىنىدۇ.

نۇسخا: رۇسۇت، قىزىل سەندەل بەش گىرامدىن، زورەمبات، ئاقلانغان چاكسو (ئاقلانغان چەشمەك ئۇرۇقى) ئۈچ گىرامدىن، مەدەستان 4.8 گىرام، ئەپيۇن، خىنە، زەرچىۋە بىر گىرامدىن، نىم يوپۇرمىقى، بەكائىن يوپۇرمىقى 15 دانىدىن. دورىلارنى سوقۇپ سۇدا يۇغۇرۇپ، تېرىق چوڭلۇقىدا كۇملاچ ياسىلىدۇ.

ئىششىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن رۇسۇت گۇلابتا ئېرىتىپ چېپىلىدۇ ياكى ئاق، قىزىل سەندەل، قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت گۇلابتا ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئارپا ئېشى، سۈت، ساگۇدانە، ماش ئۇنى سۈيى، قاپاق، سېمىزئوت، پالەك قاتارلىقلار كاكچا نان بىلەن بېرىلىدۇ ۋە بالىنىڭ ئانىسىغىمۇ بۇ نەرسىلەر بېرىلىدۇ، ئىسسىق، خۇش پۇراق، تاتلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ماشرا: بۇ ھۇمرەدۇر. بۇ يۈز ۋە پېشانىدا كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە باشقىچە ئۆرلەيدۇ ھەمدە باش سۆڭىكى پەردىسىنى ئىششىتىدۇ، بەزىدە باشنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى بارلىق ئەزالىرىغا تارقىلىدۇ.

ئالامىتى يۈزلىرىدە ئىنتايىن قىزىللىق بولىدۇ، باش ۋە باشنىڭ تامام ئەزالىرى، مەسىلەن: قۇلاق، بۇرۇن، پېشانە ۋە يۈز قاتارلىقلار ئېسىلگەن بولىدۇ، ئاغرىق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، پاچاقلىرىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، بىرەر يەڭگىل نەرسىلەر بىلەن ھەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ.

ئەگەر ئىچى سۈرسە ۋە ماددا تۆۋەنلەشكە باشلىسا، گال ۋە كۆكرەك ئۈستىگە ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلىغۇچى دورىلار زىمات قىلىپ چېپىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، مامىسا، رۇسۇت، گىل ئەرمىنى، كۆك سېمىزئوت سۈيى ۋە كۆك كاسىنە سۈيى قاتارلىقلار.

گۇلاب ۋە ئاز مىقداردىكى كافۇر بىلەن باش ۋە يۈزگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، مەسۇر، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، چىلان قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى سۈزۈپ، سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوقاق (نەملە، سائىيە)

نەملە — چۈمۈلە دېگەن نەمىدە، سائىيە — يامرىغۇچى دېگەن مەنىدە.

نەملە — بىر ياكى بىرقانچە ئەسۋىدۇر. بۇنىڭ بىلەن شۇقەدەر ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇكى، بەدەنگە ئوت قويغاندەك مەلۇم بولىدۇ ھەمدە ئەسۋە ئورنىدا يەڭگىلرەك ئىششىش بولىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نەملە قىزىل رەڭلىك چەكلىك ئەسۋىدۇر، بۇ بىرقەدەر سۈزۈك بولۇپ، بىرى ئىككىنچىسى بىلەن بىرلەشكەن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ، بۇ بىر ھەپتىدىن ئۈچ ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ ھەمدە بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ سۈزۈك ھۆللۈكى دۇغلىشىدۇ. ئەسۋە قۇرۇپ قاقاچ باغلايدۇ ياكى يېرىلىپ ھۆللۈك چىقىدۇ.

بۇ بىر جايدىن ئىككىنچى جايغا چۈمۈلە ماڭغاندەك كۆپىيىدۇ. يەنى ئارقىمۇئارقا يېڭى

ئەسۋىلەر چىقىپ تۇرىدۇ ۋە يېڭى ئورۇندا چوڭىيىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى نەملە (چۇمۇلە) قويۇلغان. ياكى ئۇنىڭ ئاتىلىش سەۋەبى بۇكى، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئەسۋىدە چۇمۇلە چىشلىگەنگە ئوخشاش يېقىمسىزلىق سېزىلىدۇ. ئۇنىڭ نامى سائىيە (يامرىغۇچى) مۇ قويۇلغان، گوياكى بۇ تېرىدە ئالدىغا يامراۋاتقاندەك بولىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى لەتىف ۋە ئۆتكۈر سەپرا ياكى سۈزۈك ھۆللۈكتۇر. بۇ ئىنچىكە تومۇرلارنىڭ دىۋارىدىن چىقىپ (ھەقىقىي تېرە يەنى دەمەنىڭ تەبىقە ھەلەمىيە ۋە تەبىقە مۇخاتىيەسىدىن سىرغىپ) يۈزەكى تېرىنىڭ ئاستىغا توپلىنىپ، يۈزەكى تېرىسىنى كۆپۈشتۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇلۇق قاپارتما ھالىتىدە ئاشكارا بولىدۇ.

ھەزىم بۇزۇلۇش، قەۋزىيەت، بەزى تۈردىكى قىزىتمىلار، نېرۋا نورماللىسىزلىقى، جىگەر بۇزۇلۇش قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىلگىرىلىكى سەۋەبلىرىدۇر.

تۈرلىرى

1. كالپۇك قوقىقى: كالپۇككا جۈملىدىن ئېغىز ئەتراپىغا كىچىك - كىچىك سۈزۈك ئەسۋىلەر كۆپىنچە زۇكام ۋە قىزىتمىدىن كېيىن چىقىدۇ، بەزىدە بۇ تۈردىكى ئەسۋىلەر ئاشكارا سەۋەبسىزمۇ چىقىدۇ، ئۇلاردا دەسلەپتە سېرىق رەڭلىك ھۆللۈك بولۇپ، ئاندىن قۇرۇپ، كىچىك - كىچىك سارغۇچ رەڭلىك قاقاچ شەكىللىنىپ 7 ~ 8 كۈندە چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا قىزىل رەڭلىك ئىككىلەمچى داغ قالىدۇ، بۇ يوقاپ كېتىدۇ.

2. خەتنىلىك قوقىقى: زەكەر بېشى غىلاپى ئىچى ياكى سىرتىغا دەسلەپتە قىزىل رەڭلىك، تىرناق باراۋەرىدە ئايرىم - ئايرىم ئەسۋە چىقىدۇ، كېيىن كىچىك - كىچىك سۇلۇق قاپارتمىغا ئۆزگىرىدۇ، بۇنىڭدا قىچىشىش، كۆيۈشۈش ۋە بەزىدە پارقىراقلىق بولىدۇ، سىرتقى يۈزىدىكى ئەسۋىلەر 7 ~ 8 كۈندە قاقاچ باغلاپ يوقىلىدۇ، ئىچكى يۈزىدىكى ئەسۋىلەر يېرىلىپ يارا شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئۇزۇندا ياخشى بولىدۇ. بەزىدە بۇ ئەسۋىلەر ئارقىمۇئارقا، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن خەتنىلىك قېلىن ياكى كۆمۈرچەككە ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە بالىلاردا ھەزىم بۇزۇلۇش ياكى ئاشقازاندا كىسلاتالىق كەيپىياتنىڭ زىيادىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

3. بەلباغسىمان قوقاق (نەملە مونتەقىيە ياكى نەملە نارىيە): بۇ، نېرۋىلارنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ نېرۋىلارغا پاراللېل ھالدا كۆرۈلىدۇ. ئەسۋىلەر پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قىزىيدۇ ۋە ئەسۋىلەرنىڭ ئورنىدا كۆيۈشۈش، لوقۇلداش ۋە يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە بۇ جايدا دەسلەپتە قىزىل داغ كۆرۈلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن سۈزۈك ئەسۋىلەر چىقىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىك كۆپىنچە قوۋۇرغىلار

ئارىلىق نېرۋىلىرى ئورنىدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكرەكنىڭ يان يېرىمىدا بىر تەرەپ تۆش سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئومۇرتقىغىچە ئۈستى ۋە ئارقىسىدا قىيپاش ھالەتتە پەيدا بولۇپ، پوتا شەكلىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇ بەلباغسىمان قوقاق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى ئەسۋەلەرنىڭ ھەجمى كىنگىنى (كىچىككىنە پارقىراق دانلىق ئاشلىقتۇر) باراۋەرىدە بولىدۇ، دەسلەپتە بۇ ئەسۋەلەر پارقىراق بولىدۇ، كېيىن دۇغلىشىدۇ، 4 ~ 5 كۈندە سۇلۇق قاپارتقۇدا قاقاچ شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىللىق يوقىلىشقا باشلايدۇ. سولاشقان ئەسۋەلەر ئۈستىدە سارغۇچ رەڭلىك قاقاچ شەكىللىنىدۇ، بۇ ئەسۋەلەر ئارقىمۇئارقا چىقىپ، 10 ~ 14 كۈندە ئاخىرلىشىدۇ. ياشانغانلار ۋە ياشلاردا بۇنىڭ زەخمىسى ئۈستىدە ئاقۇچ قارىغا مايىل قاقاچ پەيدا بولىدۇ، بۇنى ئېلىۋېتىش بىلەن زەخىم چوڭقۇرلايدۇ، ئاغرىق ۋە قىزىتما سەۋەبىدىن بىمار ئاجىزلايدۇ، زەخىم ئورنىدا بەزىدە نېرۋا خاراكتېرلىك ئاغرىق بولىدۇ، بۇ، بىر - ئىككى كۈندە يوقىلىدۇ.

پېشانە بەلباغسىمان قوقىقىدا پېشانە ۋە باش ئۈستىگە ئاغرىيدىغان ئەسۋەلەر چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئاغرىقىمۇ بولىدۇ، بۇ ھەر ياش ۋە ھەر پەسىلدە بولىدۇ. ۋەجئۇل مۇپاسىل ۋە نۇقرەس بىمارلىرى، سەنكىيا يېگۈچىلەر ۋە زىيادە ئاچچىقلانغۇچىلار بۇ كېسەللىككە كۆپ مۇپتىلا بولىدۇ.

4. رەڭلىك نەملە (نەملە قەزھىيە): بۇ بىر تۈردىكى قىزىللىقتۇر، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇششاق، سۇزۇك، قىچىشىدىغان ۋە كۆيۈشتۈرىدىغان ئەسۋەلەر بولىدۇ. لېكىن نېرۋا خاراكتېرلىك ئاغرىق بولمايدۇ، بۇ ياشلار ۋە ئاجىز كىشىلەردە بولىدۇ ھەمدە تۆت ھەپتىدە ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ.

ساددا قوقاق ۋە يېگۈچى قوقاق (نەملە سازىجە ۋە نەملە موتەئەككىلە) يېگۈچى قوقاق تېرىنى زەخىملەندۈرۈپ يەيدۇ. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ساددا قوقاق تېرە يۈزىگە كېڭىيىدۇ.

سېلىشتۇرما دىياگنوز كالپۇك قوقىقىنى بەدەن قۇرۇق تەمرەتكىسىدىن ئايرىش لازىم. بەدەن قۇرۇق تەمرەتكىسى چەكلەنمىگەن بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەسۋەلىرى چوڭ - چوڭ ۋە يېقىن - يېقىن چىقىدۇ.

خەتنىلىك قوقىقىدا سىفلىس مۇدۇر - چاقىسىدىن گۇمان بولىدۇ، لېكىن قوقاقتا باشلىنىش بىلەن يېقىن - يېقىن سۇلۇق قاپارتقۇ چىقىدۇ. سىفلىستا باشلىنىشتا زەخىم بولىدۇ، قوقاقنىڭ سىرتقى ئەسۋەلىرىدە نېپىز قاقاچ بولىدۇ، سىفلىستا قېلىن ۋە قارا قاقاچ بولىدۇ. ئەگەر قوقاق خەتنىلىكتە بولسا، سىفلىستىن مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈش لازىمكى، سىفلىستا زەخىم ئۈستىدە ئاقۇچ سېرىققا مايىل ماددا بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە توپلانغان بولىدۇ، زەخىم خالتىسى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى ئوچۇق، كېسىلگەندەك بولىدۇ.

بەلباغسىمان قوقاق بەدەن قۇرۇق تەمرەتكىسى بىلەن ئازراق ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسۋىلىرى چوڭ بولۇپ، ھەممىشە تېرە نېرۋىلىرىغا پاراللېل بولىدۇ، بۇ ئەھۋاللار بەدەن قۇرۇق تەمرەتكىسىدە تېپىلمايدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى يۇمشىتىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە سوۋۇتۇش، قان تازىلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

سەمەرقەندى: مېۋە قايىنتىلمىسى ۋە سوقمونىيا ئىچكۈزۈپ ياكى ھېلىلە سۈيى ۋە تەمرى ھىندى سۈيى ئىچكۈزۈپ سەپرا چىقىرىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا سەپرانى سۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن سوۋۇتقۇچى ۋە ئەسۋىلەرنى قۇرۇتقۇچى تىلالار چېپىلىدۇ. قوقاق گەرچە سەپراۋى ئىششىق بولسىمۇ، ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ھەرھالدا بۇ بىر تۈردىكى يارىدۇر. ھۆللۈك يەتكۈزۈش زەخىملەرنى پۈتۈشتىن توختىتىدۇ ھەمدە زەخىمنىڭ پۈتۈشى ۋە ساقىيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھۆللۈكنى ئاشۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مامىسا، ئاقاقىيا ۋە رۇسۇتقا ئوخشاش نەرسىلەر كۆك كاسنە سۈيىدە ئېزىپ تىلا قىلىنىدۇ. يېگۈچى قوقاقتا تىلائى نەر ۋە قۇرسى ئەندىروخون چېپىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولغان شەرت ئاستىدا.

قۇرسى ئەندىروخون نۇسخىسى: يېشىل موزا، كۇندۇر ھەربىرى 24 گرامدىن، كىسىس 3.5 گرام، زەمچە، مۇرمەككى ھەربىرى 14 گرامدىن، زىراۋەندە 39 گرام. بارلىق دورىلارنى سالايە قىلىپ شارابقا ئارىلاشتۇرۇپ، قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار دەسلەپتە قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلاننى 144 گرام ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گرام چىلان شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئەگەر قىزىتما بولسا خاكسى قوشۇپ بېرىلىدۇ. يەسمەن يېغى ۋە نېپىز پوستلۇق لىمون سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ. كەچتە نىگىنەد بابرىدىن 12 گرام، قارىمۇچتىن توققۇز دانىنى سۇدا ئېزىپ سۈزۈپ، 24 گرام چىلان شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن پايدا بولمىسا شاھتەررە چىلانمىسىنى ھەپتە ئون كۈن ئىچكۈزۈپ مۇسھىل بېرىلىدۇ ھەمدە مۇسھىلدىن كېيىن ئەتىگەندە يەتتە گرام مەجۇنى ئۆشبە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 144 گرام ئەرقى مۇرەككەپ مۇسەففىخۇن، 24 گرام چىلان شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا نىگىنەد بابرى چۈشكەن نۇسخا بېرىلىدۇ ۋە كەچتە يەتتە گرام ئىترىفىل شاھتەررە قايناق سۇ بىلەن

يېگۈزۈلىدۇ. يەسمەن يېغى ۋە لىمون سۈيى ئورنىغا تۆۋەندىكى دورىنى ئىشلىتىپ ئۇۋۇلىنىدۇ. ئاق گۈڭگۈرت سېرىقى، قەنبىل، كافۇر، مەدەستان ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گىرام كالىنىڭ سېرىقمېيىنى سۇدا يۇيۇپ، بۇنىڭغا مەزكۇر دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ. پەقەت خېنە يوپۇرمىقى سۇدا ئېزىپمۇ چېپىلىدۇ، ھەر كۈنى نىم سوپۇنى بىلەن يۇيۇپ تۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئاغرىق كۈچلۈك بولسا، كۈندە ئۈچ قېتىم خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئادەتتىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، چۈچۈمەل ۋە تاتلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

جاۋەرسىيە قوقاقنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان جاۋەرسىيە بۇ ئەسۋىلەرگە ئېيتىلىدۇ، بۇ تېرىققا ئوخشاش كىچىك، تارقاق، سۇلۇق قاپارتمىغا ئوخشاش بولىدۇ، ئۇنىڭ تېگى قىزىل، ئۇچى ئاق بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر كۆيۈشۈش ۋە ئىششىق بولىدۇ ھەم سۇ ئاقىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبىمۇ بىرئاز ئىختىلاپ بىلەن مۇشۇ ئۆتكۈر ھۆللۈك ياكى سەپرا بولىدۇ، بۇنىڭدىن قوقاق پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەپرا ۋە بەلغەمى ھۆللۈكلەر چىقىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ھېلىلە، تەمرى ھىندى، ئىتئۈزۈمى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى تەرەنجىبىن، سوقمونىيا، تۇربۇت بىلەن بېرىلىدۇ. موزا، ئانار پوستى، سەندەل، گەزمازەج، گىل ئەرمىنى، گۇلاب قاتارلىقلارغا ئاز مىقداردا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كىسىس ۋە گۈڭگۈرت سېرىقىغا ئوخشاش دورىلارغىمۇ زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ.

جەمرە (كۆيدۈرگە)

جەمرە — سۇلۇق قاپارتمىلىق ئەسۋىلەردۇر، بۇ بەزىدە توپلاشقان ھالەتتە ياپىلاق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. جەمرە (قوقاسقا ئوخشاش دېگەن مەنىدە) دە قاتتىق قىزىللىق بولىدۇ. ھەربىر سۇلۇق قاپارتمىلىق ئەسۋە قارىماققا كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەزانىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ھەمدە گۆش ئىچىگە پاتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاغرىقى گوياكى بەدەن ئۈستىگە ئوت قويۇلغاندەك بولىدۇ. ناھايىتى تېز قاقاچ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بۇلغانغان توپا رەڭگىدىكى گۆش پارچىسى شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جەمرە بىر تۈردىكى يەرلىك ئۇرۇنلۇق ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتۇر. بۇ تېرە ئاستىدا پەيدا بولۇپ، ئەتراپتىكى توقۇلمىلارنى تېزلىك

بىلەن بۇزىدۇ ۋە تېرىنى كۆتۈرۈپ بۇنىڭدا غەلۋىرگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان تۆشۈك پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن بۇ بۇزۇلغان توقۇلمىلار تەدرىجىي لەختە شەكلىدە چىقىپ كېتىدۇ.

كېسەللىك ماددىسى بۇنىڭ سەۋەبى قويۇق، ئىنتايىن ئۆتكۈر، ناچار سەپرا ۋە ئۆتكۈر قان بولىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ ناچارلىق مەخسۇس ناچار تەنچىلەر سەۋەبىدىن ھاسىل بولىدۇ.

ئىلگىرىكى سەۋەبى بۇ كېسەللەر ۋە ھالەتلەردە بەدەننىڭ مۇداپىئە كۈچى تۆۋەن بولىدۇ، مەسىلەن: زىيابىتۇس، ئۆتكۈر قىزىتمىلار، نۇقرەس، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ۋە قېرىلىقتا بۇنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتى چوڭ بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىدە دەسلەپتە قاتتىق، قىزىل، ئاغرىيدىغان قاپارتما پەيدا بولىدۇ، بۇ تەدرىجىي چوڭىيىدۇ ھەمدە قارىغا مايىل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر سۇلۇق قاپارتما كۆرۈنىدۇ، قايسى ۋاقىتتا ئۇ سۇلۇق قاپارتما يېرىلسا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تۆشۈكچىلەر غەلۋىرگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئاستىدا كۆرۈلىدۇ ۋە سۇيۇق يىرىڭ چىقىدۇ، لېكىن بېسىش بىلەن قويۇق ھۆللۈك چىقىدۇ. نۇرغۇنلىغان بېقىن تۆشۈكلەر بىرلىشىپ، ئوتتۇرىدا كۆرۈمسىز ۋە قائىدىسىز بىر تۆشۈك شەكىللەندۇرىدۇ، بۇنىڭدا توپا رەڭلىك لەختە بولىدۇ ھەم ئۆتكۈر ئاغرىق، كۆيۈشۈش ۋە لوقۇلداش بولىدۇ. بەزىدە قىزىتمىمۇ بولىدۇ، ئاجىزلاش غالىب بولىدۇ، لېكىن ئۆلگەن توقۇلمىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش بولىدۇ. كېسەللىك ئورنى كۆپىنچە ئېغىزمان، بەل ۋە گەدەندە بولىدۇ.

داۋالاش قوقاقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ تىلالىرىغا كافۇر قوشۇلىدۇ. جەمرەنىڭ مەخسۇس دورىلىرىدىن سىركىنىڭ لىبىمۇ بار. ئۇنى دەسلەپتە پاكىز تۇپراققا تۆكۈپ، قايناشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە كافۇر سېپىپ تىلا قىلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن دەسلەپتە خەشخاش پوستى قاينىتىلمىسى بىلەن قايتا - قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ناۋادا زەخىم ئېغىز ئالغان بولسا، ھەر كۈنى نىم سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاراھەتنىڭ ئەتراپىغا سوھاگى چوكىيەنى سۇغا سېلىپ قاينىتىپ، بۇنىڭدا قېلىن رەختنى ھۆللەپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ ئەمەل ئىككى ۋاخ قىلىنسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ ياكى شەرىفە يوپۇرماقلىرىنىڭ ئەرقىنى چىقىرىپ، زەخمىنى يۇغاندىن كېيىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پىسەپلىرىنى ئوت بىلەن ئىسسىتىپ زەخىم ئۈستىگە تېڭىلىدۇ، بۇ ياخشى دورىدۇر. ئەگەر زىيابىتۇس بولسا، ئىچكى تەرەپتىن ئۇنىڭ دورىلىرى يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز زىيابىتۇس بىمارلىرىغا بېرىلىدىغان نەرسىلەر بېرىلىدۇ،

مەسىلەن: بۇغداي كېپىكى نېنى قاتارلىقلار ھەممە زىيابىتۇس بىمارلىرى پەرھىز قىلىدىغان نەرسىلەردىن توسۇلىدۇ، مەسىلەن: شېكەر ۋە ئىشاستە تەركىبلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە بۇ كېسەللىكتە زەخىم ئۈستىگە تۆشۈك ئېچىش كۆپىنچە زىيانلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەستىكار قىلماسلىق لازىم.

نار پارسى

ئاتىلىش سەۋەبى ئىبنى ئەبى سادىق ئېيتىدۇكى، بۇنىڭ نامى نار پارسى (پارس ئوتى) دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇ كېسەللىك پارس دۆلىتىدە كۆپ بولىدۇ ياكى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پارس دۆلىتىدە ياشىغان كىشى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغانىدى (نەفىيس).

ماھىيىتى نار پارسى چىقىپ ناھايىتى تېز قاقاچقا ئۆزگىرىدىغان ئەسۋىلەردۇر، بۇنىڭ بىلەن كۆيۈشۈش ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ ئەسۋىلەر قەيەرگە چىقسا، شۇ يەردە توز رەڭگىدىكى قىزىل سىزىقلار، كۆيۈۋاتقان ئوت ياكى ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش رەڭ كۆرۈنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى نار پارسى قويۇلغان. ئۇ بەزى جەھەتتە جەمرە بىلەن يېقىنراق بولىدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، نار پارسى بىر تېرە كېسەللىكىدۇر، بۇنىڭدا كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىدە ئاغرىيدىغان ئەسۋىلەر ئاشكارا بولىدۇ، ئۆتكۈر كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش بولىدۇ. ئەسۋىلەر ئۈستىدە ناھايىتى تېز قاقاچ قاتىدۇ، بۇنىڭغا بالىلار، ياشلار، ياشانغانلار ھەممىسى گىرىپتار بولىدۇ.

توز سىزىقلىرى: بۇ كېسەللىكنىڭ بەزى تۈرلىرىدە ئاشكارا شەكىلدە تېپىلىشى مۇمكىندۇر.

سەۋەبى ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، نېرۋىلار ئاجىزلىقى، نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل قاتارلىقلار قاتتىق ئىسسىق ياكى قاتتىق سوغۇق، بالىلاردىكى چىش چىقىش ياكى ئۈچەيدە قۇرتلار پەيدا بولۇش قاتارلىقلار كېسەللىكنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدۇر.

ئالامىتى كېسەللەنگەن ئورۇن تېرىسى قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىدە كىچىك - كىچىك سۈزۈك ئەسۋىلەر تۇتاش شەكىلدە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاغرىق، ئۆتكۈر كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش بولىدۇ، 3 -، 4 - كۈنى بۇنىڭ ھۆللۈكى قويۇقلىشىدۇ. ئەسۋىلەر يېرىلىشقا باشلىسا بۇ

ھۆللۈك قاقاچقا ئوخشاش ئۇيۇيدۇ، بۇنىڭدا سېرىقلىق، كۆكلۈك، ئاقلىق قاتارلىقلار بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئاستىدىن سېرىقسۇ ئېقىشقا باشلايدۇ. دەسلەپتە كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ۋە ئۆتكۈرلۈكىگە ماس ھالدا تۆۋەن ياكى يۇقىرى قىزىتمىمۇ بولىدۇ.

تۈرلىرى شەكلى ۋە ئەسۋەبلەرنىڭ ھۆللۈك ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرى بولىدۇ. ① ساددا؛ ② قىزىلغا مايىل؛ ③ سولۇق قاپارتمىلىق؛ ④ قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش؛ ⑤ قېتىش، بۇنىڭدا تېرە قاتتىق بولىدۇ؛ ⑥ يېرىلىش، بۇنىڭدا تېرە يېرىلىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە بەزىدە سوزۇلما بولىدۇ، سوزۇلما ھالەتتە كۆيۈشۈش ۋە ئاغرىق كەم بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى بۇ كېسەللىكنىڭ ھالەتلىرى ئانچە ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بارلىق ھالەتلەردە ئۈنۈمى بولىدىغان مەلۇم بىر دورا مۇئەييەن ئۇسۇلدا ھاسىل بولمىدى. بەزىدە بارلىق ھالەتلەردە ئۈنۈمى بولغان دورىنىڭ مەنپەئەتى كۆرۈلمەيدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا باشقا ۋاقىتتا قەتئىي مەنپەئەتى بولمىغان دورا بىلەن پايدا ھاسىل بولىدۇ. ھەرھالدا بۇنىڭ داۋالاش پىرىنسىپى تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قان تازىلىغۇچىلار، مۇسھىللار، يۇمشاتقۇچىلار، تېرىنى مەست قىلغۇچىلار، ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار.

سەمەرقەندى: نار پارسى ۋە جەمرەنىڭ ئىلاجى بىرلىدۇر، شۇڭلاشقا بۇ يەردە قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈشتىن كېيىن قان ئىچىدىكى ھۆللۈك ۋە زەردابىنى كۆپەيتىپ، ئۇنى سۇيۇلدۇرىدىغان ئارپا سۈيى، قاپاق ۋە تاۋۇز سۈيىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېرىشكە تىرىشىش لازىم. بۇنىڭ مەخسۇس دورىلىرىدىن رۇسۇت، كافۇر، ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە پاقىيوپۇرمىقى لۇئابى قاتارلىقلار تىلا قىلىنىدۇ. ياكى بىرەر رەختنى ھۆللەپ، ئەزا ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت ھۆللەپ تۇرۇلىدۇ ياكى موزىنى سىركىدە ئېزىپ تىلا قىلىنىدۇ تاكى ئۇ كېڭىيىپ كەتمىسۇن.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بىرقانچە كۈن شاھتەررە چىلانىمىسى (نۇقۇئى شاھتەررە) ئىچكۈزۈپ، مەتبۇخى ھېلىلە، مەتبۇخى ئەفتىمون ياكى ھەببى سوقمونىيا قاتارلىقلار بىلەن كېسەللىك ماددىسى تازىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن قائىدە بويىچە قوقاقتا ئىشلىتىلگەن قان تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يەرلىك ئورۇندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن، مەلھىمى سەفىدە كافۇرى چېپىلىدۇ ياكى قەلەي كۈشتىسى، مەدەستان، سەندەل، كافۇر قاتارلىقلارنى گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىنىدۇ ياكى بۇنىڭدا پاختىنى ھۆللەپ كېسەللەنگەن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ھالىتىدە كېسەللەنگەن ئورۇننى نىم سۈيى ياكى نىم سوپۇنى قاتارلىقلار بىلەن يۇيۇش مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى بۇ ھالەتتە قاقاچنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، نېپىز رەختنى كۈنجۈت يېغىدا ھۆللەپ قويۇش ياخشىدۇر.

سۇلۇق قاپارتما (ئابلە)

بۇنىڭدا تېرىدە ئىششىق (ئىلتىھابى) كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ ئىككى قەۋىتى ئارىلىقىغا قانىنىڭ زەرداب سۇلىرى سىرغىيدۇ، يۇزەكى تېرە كۆپۈشىدۇ، بۇنىڭ ئاستىغا ھۆللۈك توپلىنىدۇ، بۇنىڭ نامى سۇلۇق قاپارتمىدۇر.

سەمەرقەندى: بەزىدە بەدەنگە سۇلۇق قاپارتما چىقىدۇ، بۇنىڭدا سۈيۈق ھۆللۈك بولىدۇ، مۇشۇنىڭدەك كۆيۈش سەۋەبىدىن سۇلۇق قاپارتما چىقىدۇ ۋە بەزىدە بۇنىڭدا سۈيۈق قان بولىدۇ.

سۇلۇق قاپارتمىلارنىڭ پەيدا بولۇش ھالىتى شۇكى، قان بىرەر سەۋەب بىلەن سۈيۈلىدۇ ۋە زەرداب سۇ ئايرىلىپ قان تومۇرلارنىڭ ئۇچلىرىدىن تېرە ئاستىغا بارىدۇ (قىل قان تومۇرلاردىن سىرتىغا چىقىدۇ). تېرە باشقا توقۇلمىلارغا سېلىشتۇرغاندا زىيادە زىچ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن زەرداب سۇ بۇنىڭغا سىڭىپ كىرىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى تېرە ئاستىدا سۇلۇق قاپارتما شەكىللەندۇرۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى، غىزانىڭ بۇزۇلۇشى ۋە كەملىكى، ئاچچىقلىنىش ۋە غەم، ئويلىنىش ۋە ئىككىلىنىش قاتارلىقلار بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ھەر ياشتا بولىدۇ.

تۈرلىرى ئۆتكۈرلۈكى ۋە زامان ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئۆتكۈر تۈرى: بۇنىڭدا دەسلەپتە يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. تېرىگە كىچىك - كىچىك، يۇملاق، گۈلاب رەڭلىك داغ چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن سۈزۈك سۇلۇق قاپارتما چىقىدۇ ۋە بىرقانچە كۈندە ھۆللۈك بىلەن تولىدۇ. بۇلاردا بىرئاز قىچىشىشمۇ بولىدۇ. كۆپىنچە سۇلۇق قاپارتما يېرىلىپ، ئەسلى تېرە كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىدە ھۆللۈكنىڭ ئۇيۇشى بىلەن نېپىز قاقاچ شەكىللىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ھۆللۈك سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ، سۇلۇق قاپارتما ۋە ئۈستۈنكى تېرە قۇرۇپ تۆكىلىدۇ. قاقاچ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن داغ بىرقانچە كۈندە يوقىلىدۇ.

بەزىدە ياشانغانلارنىڭ پۇتىغا چوڭ - كىچىكلىكى فۇپەل باراۋىرىدە بولغان سۇلۇق قاپارتما چىقىدۇ، بۇ يەككە بولۇشى سەۋەبىدىن يەككە سۇلۇق قاپارتما دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە باللارنىڭ پۇت - قولىغا سۇلۇق قاپارتما چىقىدۇ، بۇ سۇلۇق قاپارتما يېرىلسا ئۇنىڭ ئورنى زەخملىنىدۇ ۋە ئۈستىگە قارا قاقاچ باغلايدۇ، بەزىدە بۇ سۇلۇق قاپارتمىلاردا بۇزۇلۇش ۋە يېيىلىش پەيدا بولىدۇ

(گانگرېنادىن پەيدا بولغان سۇلۇق قاپارتما)، بۇنىڭ بىلەن بىمار ئورۇقلاپ ۋە ئاجىزلاپ ھالاك بولىدۇ.

2. سوزۇلما تۈرى: بۇ بۇرۇندىنلا سوزۇلما بولىدۇ ياكى ئۆتكۈر سۇلۇق قاپارتمىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. بۇنىڭدا سۇلۇق قاپارتما بەزىدە چىقىدۇ ۋە بەزىدە يوقاپ كېتىدۇ. قىزىتما بولمايدۇ ۋە سۇلۇق قاپارتمىنىڭ تۆۋىدە قىزىل ھالقا پەيدا بولمايدۇ. بۇنىڭ مەخسۇس بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا دەسلەپتە كۆكرەكتە بىر سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن نۇرغۇنلىغان سۇلۇق قاپارتمىلار چىقىپ ئاستا - ئاستا ھەممىسى بۇنىڭ ئۈستىگە تارقىلىدۇ. بۇ سۇلۇق قاپارتمىلار ئۆتكۈرلۈك بىلەن چىقىپ يوقايدۇ، بۇنىڭدىن سېرىق رەڭلىك چوڭ - چوڭ قاسراق تۆكۈلىدۇ ۋە يەنە يېڭى سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ، بۇ سۇلۇق قاپارتمىلار ئارقىمۇئارقا چىقىدۇ ۋە ئۆزئارا بىرلىشىدۇ. بىمارنىڭ بەدىنىدىن خاس تۈردىكى پۇراق كېلىدۇ، ياشانغانلاردا ۋە ئاجىزلاردا بۇ تۈرى خەتەرلىك بولىدۇ.

داۋالاش بۇ قايىنىغان قاننى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن قان ئېلىنىدۇ، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كېمەيتكۈچى ۋە قويۇلدۇرغۇچى بارلىق چارىلەر قىلىنىدۇ، مەسىلەن: شەربىتى كىيۇرە، چىلان شەربىتى، ئانار سۈيى قاتارلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەر بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا چۈچۈمەللىك بولسۇن.

غىزاسىغا تەفشىل، مەسۇر ئۇنى سىركە ۋە چىلان بىلەن بېرىلىدۇ.

تەفشىل — سىركىدە پىشۇرۇلغان مەسۇر ئۇنى دېگەن مەنىدە.

سۇلۇق قاپارتمىلار ئالتۇن يىڭنە بىلەن يېرىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن تىلا شەكلىدە قەلەي كۇشتىسى، مەدەستان چېپىلىدۇ، مەدەستان دەسلەپتە گۇلاب ۋە ئاس يوپۇرمىقى سۈيىدە مۇدەببەر قىلىنىدۇ تاكى قانغا سوغۇقلۇق يەتسۇن ۋە زەخىم قۇرۇسۇن.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ: جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى سۇدا چىقىرىپ، گۈلقەندتىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە غىزادىن كېيىن ھەببى ئابدىمىلىكتىن ئىككى دانىنى ئىككى ۋاخ ياكى ھەببى كەبەد نۇشدارىدىن ئىككى دانە ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەبى ئاشكارا بولمىسا بىرقانچە كۈنگىچە ئەتىگەن ۋە كەچتە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، ئۈچ گىرام كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، ئۈچ گىرام پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى ۋە لۇئابىنى سۇدا چىقىرىپ،

چىلان شەربىتىدىن 24 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، سۇلۇق قاپارتمىلار ئۇستىگە چېپىش ئۈچۈن قەنبىل، مەدەستان چۈشكەن نۇسخا (بۇ سۆزلىنىپ بولدى) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار يېگۈزۈلىدۇ، تاتلىق، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر ۋە قىزىلمۇچ قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

يەلتاشما (پىتتى، شىرا)

يەلتاشما يەنى پىتتى تېرىنىڭ پارقىراق ئەسۋىسى ياكى ئىششىقلىرىدۇر. بۇنىڭ بەزىسى كىچىك، بەزىسى چوڭ ۋە ياپىلاق بولىدۇ، يەنى تېرىدىن ناھايىتى زىيادە كۆپۈشكەن بولمايدۇ. بۇ ئەسۋىلەر كۆپىنچە قىزىل ۋە بەزىدە ئاق بولىدۇ، بۇلاردا بىئارام قىلىدىغان قىچىشىش بولىدۇ، ئومۇمەن تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەسۋىلەر قىچا چوڭلۇقىدىن ئالقان باراۋىرىگىچە ياكى بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ مۇددىتى بىرقانچە سائەتتىن بىرقانچە كۈنگىچە بولىدۇ.

كېسەللىك ماددىسى بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى بۇزۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولغان ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر ھۆللۈكلەر بولىدۇ.

سەۋەبى ھەزىم بۇزۇلۇش، قەۋزىيەت، تەستە ھەزىم بولىدىغان ۋە ناچار تاماقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، بالىلاردىكى چىش چىقىش قاتارلىقلار سەۋەبى بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئاياللاردا ئەرلەرگە نىسبەتەن، ياشلاردا ياشانغانلارغا نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. ھەيز كۈنلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، شارابنى كۆپ ئىچىشمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

قاندىن بولغان يەلتاشما بۇنىڭدا قىزىللىق ۋە قىزىقلىق زىيادە بولىدۇ ھەم تېز ئاشكارا بولىدۇ. كۆپىنچە بۇ كۈندۈزدە چىقىدۇ، بۇ قاندىن بولغان يەلتاشما دەپ ئاتىلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان يەلتاشما ناۋادا بۇ ئاققا مايىل بولۇپ، كۆپىنچە كەچتە چىقسا، بەلغەمدىن بولغان يەلتاشما دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالامىتى ئۆتكۈرلۈك ۋە زامان ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئۆتكۈر ھالەتلەردە يەلتاشما چىقىشتىن ئىلگىرى قىزىتما، باش ئاغرىش، پۇت - قوللار ئاغرىقى، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە ئەسۋە ئورنىدا ئاغرىق بولىدۇ، تىلىنى گەز باغلايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى - ئۈچ كۈندە يەلتاشما چىقىدۇ، بۇنىڭدا ئېچىشىش ۋە شۇقەدەر قىچىشىش

بولىدۇكى، بىمار تاتىلاپ ئۆز بەدىنىنى تىلىۋېتىدۇ. ئادەتتە شام ۋاقتىدا قىچىشىش ئۆتكۈرلىشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئوخشاشمىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىپ بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن يۈز قاتارلىقلارغا يەلتاشما چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە قوۋۇرغا بىرلەشمىسىدە ئاغرىق بولىدۇ ۋە كۆڭلى ئېلىشىدۇ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ. ئەسۋەلەر ئۆزئارا بىرلىشىپ يۈزىنى ئىششىتىدۇ. ئەگەر گال ۋە ئېغىزنىڭ شىللىق پەردىلىرىگە ئەسۋە چىققان بولسا ئۇلار ئىششىيدۇ. سوزۇلما تۈرىدە ئەسۋەلەر ئۆتكۈر تۈرىگە نىسبەتەن ئاز چىقىدۇ، بۇ بەزىدە زىيادە كۆپۈشكەن بولىدۇ، بەزىدە ياپىلاق بولىدۇ ۋە قايتا - قايتا قايتىلىنىدۇ، قىزىتما قاتارلىقلار بولمايدۇ ۋە باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىل بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى تازىلاش، تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش، ھەزىمنى ۋە غىزانى ياخشىلاش لازىم.

سەمەرقەندى: ئەگەر قان غالىب بولسا، قان ئېلىنىدۇ، قەۋزىيەتنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئانار سۈيى، ئەينۇلا ۋە ئاچچىق ئۆرۈك چىلانىمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزاسىغا تەفشىل، قەرىيز ۋە پىشمىغان ئۈزۈم سۈيى بېرىلىدۇ. قەرىيز قۇم بېلىقى ۋە سوغۇق كۆكتاتلار، مەسىلەن: كاھۇ، پالەك، چۈلائى ۋە سىركە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. قۇرسى كافۇر يېگۈزۈلىدۇ، ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. بۇغداي كېپىكى، قوغۇن ياكى قوغۇن ئۇرۇقىنى سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ، گۇلاب، سىركە ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلار يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ.

ئەگەر بەلغەم غالىب بولسا ھېلىلە ۋە تۇربۇت قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ھەسەل گۈلقەنتى يېگۈزۈلىدۇ، ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئارپا تالقىنى، كەرەپشە سۈيى ۋە سىركە قاتارلىقلار يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ.

قەردىيز — سىركە ۋە كۆكتاتلار بىلەن پىشۇرۇلغان گۆش.

ئامبولاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ھەممىدىن ئىلگىرى قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گرام بەديان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، بەش گرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى سۇ ياكى بىرەر ئەرەقتە چىقىرىپ، گۈلقەنتتىن 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە بىر گرام كافۇردىن 12 گرام ئاچچىق ياغدا ئېرىتىپ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ، بەزىدە جوزنى ئاچچىق ياغدا سۈرۈپ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ ۋە بىمارنى ئەدىيالغا ئوراپ ئاپتاپتا

ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەبى ئاشكارا بولسا ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەبى ئاشكارا بولمىسا كەم دېگەندە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشقا رىئايە قىلىش زۆرۈر. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ۋە ئەينۇلانىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىگە گۈلقەنت ياكى قارا شېكەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئابزەن قىلدۇرۇش ۋە ھامامغا چۈشۈرۈش، ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇپ تەرلىتىش بۇ كېسەللىككە ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئادەتتىكى ساددا ۋە لەتىف غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

تائۇن (چۇما)

ئاتىلىش سەۋەبى يۇنان تىلىدا تائۇن سۆزىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى تىئۇن ئىدى. تائۇن بۇنىڭدىن ياسالغان. شەيخ ئېيتقانكى، بۇ يۇنانچە سۆزنىڭ تەرجىمىسى ئەرەب تىلىدا تائۇندۇر. يۇنانلىقلارنىڭ نەزىرىدە بۇ سۆز بەزلەردە بولىدىغان بارلىق ئىششىقلار ئۈچۈن ئېيتىلغان، مەيلى ئۇ بەزلەرنىڭ سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولسۇن، مەسىلەن: ئۇرۇقدان، كۆكرەك، تىل تۈۋى بەزلىرىدەك ۋە مەيلى ئۇ بەزلەرنىڭ سەزگۈسى بولمىسۇن، مەسىلەن: قولتۇق بەزلىرى، قۇلاق كەينىدىكى بەزلەر، يىرىق بەزلىرىدەك. كېيىن بۇ سۆزنى زىيادە مەخسۇسلاشتۇرۇپ، مۇشۇ ئورۇنلاردىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ زىيادە مەخسۇسلاشتۇرۇپ، ئىسسىقتىن بولغان ۋە خەتەرلىك ئىششىقلارغا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆز، ماددىسىدا زەھەرلىك كەيپىيات پەيدا بولىدىغان، زەھەرلىك كەيپىيات ئەزانى بۇزىدىغان ۋە ئۇنىڭ ناچار كەيپىياتى قان تومۇرلار ئارقىلىق يۈرەككىچە يېتىپ بارىدىغان ۋە يۈرەكتىن پۈتۈن بەدەنگە تارقايدىغان بارلىق خەتەرلىك ئىششىقلار ئۈچۈن خاس قىلىنغان. بۇنى يازغۇچى ئۆز بايانى بىلەن ئىشارە قىلغان.

تىل تۈۋى بېزى — تىلنىڭ ئاستىدىكى بىر بەزدۇر، بۇ، تۈكۈرۈك پەيدا قىلىدۇ.

ماھىيىتى تائۇن چوڭ ياكى كىچىك ئىششىق شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەددىدىن زىيادە ئېچىشىش بولىدۇ، بىمار ئەزاسى ئۈستىگە چوغ قويغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورۇن قارا، كۆك، يېشىل ياكى قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما، قۇسۇش، كۆڭلى ئېلىشىش، ئۇسسۇزلۇق، بىئاراملىق، جۆيلۈش، يۈرەك چالاڭغۇراش ۋە ھوشسىزلىنىش بولىدۇ ھەمدە بىمار ئاجىزلايدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن ۋابا شەكلىدە تارقايدۇ.

تائۇن ماددىسى بۇ بىر زەھەرلىك ماددىدىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، ئەزانى بۇزىدۇ ۋە قوشنا ئەزالارنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. يەنى زەھەر ۋە بۇزۇلۇش دەرىجىلىرىگە ماس ھالدا ئۇلارنى قارا، كۆك، سېرىق ياكى قىزىل رەڭدە قىلىدۇ.

بۇنىڭ ناچار كەيپىياتى قان تومۇر ئارقىلىق يۈرەك ۋە مېڭىگىچە يېتىپ بېرىپ، قۇسۇش، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە خەفقان قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن خەتەرلىك بولىدۇ، كۆپىنچە بۇنىڭدىكى ئىششىق ئاجىز ۋە بوش ئەزالاردا (بەزىلەردە)، جۈملىدىن يوتا، قولتۇق، قۇلاق ئارقىلىرىدا بولىدۇ. بۇلاردىن ناچارراقى قولتۇق ۋە قۇلاق ئارقىسىدا كۆرۈلگىنىدۇر. چۈنكى بۇ ئورۇنلار چوڭ ئەزا ۋە رەئىس ئەزالار بىلەن يېقىندۇر. بەزىدە تائۇن ئىككى تاغاق سۆڭىكى، كۆكرەك ۋە بەدەننىڭ يۇقىرىقى ئورۇنلىرىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ئاز ساندا بەدەننىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىمۇ پەيدا بولىدۇ (نەفىيس).

ئىلگىرىكى سەۋەبى تۆۋەندىكى ئىشلار ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدىندۇر. بۇلار ھاۋانى بۇلغىغۇچى سەۋەبلەر، مەسىلەن: تار تۇرالغۇلار، شەھەرلەر ئاۋاتلىقى، ھايۋانات چىقىرىندىلىرىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، ئۇنىڭدىن باشقا دېڭىز ۋە دەرياغا يېقىن بولۇش، جەڭ قەھەتچىلىك يىلى، كەمبەغەللىك، جىسمانىي، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكى، جىسمانىي كۈچنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى باشقا سەۋەبلەر بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرى بولىدۇ. گەرچە بۇ كېسەللىك ھەر ياشتا بولسىمۇ، لېكىن ياشانغانلار ۋە بالىلارغا نىسبەتەن ياشلار بۇنىڭغا زىيادە گىرىپتار بولىدۇ.

چۇمانىڭ تەسىرلىرى قايسى جايدا بۇ كېسەللىك تارقالسا، بۇ يەردىكى چاشقانلار ئادەتتىن تاشقىرى ئۆلۈشكە باشلايدۇ ۋە تېزلا بۇ جايدىن قاچىدۇ ياكى مۈشۈكلەرگە يەم بولۇپ تۈگەيدۇ. سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بەزى جانىۋارلارمۇ تائۇن تارقالغان جايدىن قاچىدۇ، دېيىلگەن.

بېشارەتچى ئالامىتى قايسى ئورۇندا تائۇن مەۋجۇت بولسا، بۇ يەردىكى كىشىلەردە باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئىشتىھا كېمىيىش، بەل ۋە بوغۇملار ئاغرىش، قول - پۇتلار ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىق، تەبىئەتنىڭ پاراكەندە بولۇشى، كۆڭلى ئېلىشىش، ئۇيقۇسى قېچىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، بۇ بارلىق ئالامەتلەر بېشارەتچى ئالامەتلەردۇر.

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسىدا ئۆتكۈرلۈك ۋە زەھەر زىيادە بولمىسا، كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىل ئۆتىدۇ. ئۇ، بۇ ئېتىبارى بىلەن يەڭگىل تائۇن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردە بەزىدە قىزىتما بولمايدۇ، بەزىدە يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. بويۇن، قولتۇق ياكى يوتىدىكى بەزلەردە

چوقۇم ئىششىق بولىدۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئىششىق يانىدۇ ياكى پىشىپ يېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار ساقىيىدۇ.

بەز تائۇنى مۇتلەق تائۇندىن بەز تائۇنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆتكۈر تائۇننىڭ باشقا تۈرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ تۈرى كۆپرەك پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بېشارەتچى ئالامەتلىرى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئەسلىي كېسەللىك مۇشۇنداق قوزغىلىدۇكى، جۇغ - جۇغ بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما ئۆرلەيدۇ. بۇنىڭ ھارارىتى كۆپرەك 104 دەرىجىگىچە بولىدۇ، لېكىن بەزىدە 106 ~ 107 دەرىجىگىمۇ يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ھارارەت بەك ئۆتكۈر بولسا بىماردا جۆيلۈش بولىدۇ، بىھوشلۇق كۆرۈلىدۇ، يەنى بۇ ئالامەتلەر خەتەرلىك بولىدۇ. باش ئاغرىيدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، بىمار بىقارار ۋە بىئارام ياشايدۇ، ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر بولىدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ. بەزىدە ئىچىمۇ سۈرۈشكە باشلايدۇ، تومۇرى تېز سالىدۇ (مىنۇتىغا 120 ~ 140 قىچە سوقىدۇ)، كۆزى قىزىرىش بىلەن دۇغلاشقاندەك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىگە ھالقا چۈشىدۇ. بەزىدە قىزىتما كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە قىزىتما ئۆرلەپ 3 ~ 4 كۈندىن كېيىن يوتا ياكى قولتۇق ياكى قۇلاق ئارقىسىدىكى بەزلەر ئىششىيدۇ. ئومۇمەن ئۇلاردىن بىرلا ئورۇندىكى بەز ئىششىيدۇ، لېكىن بەزىدە ئىككى ياكى ئۈچلا ئورۇندىكى بەزلەرنىڭ ئىششىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئېچىشىش ۋە ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن يىرىڭ يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر بەزلەر ئىششىغان بولسا، دەسلەپتە ئۆتكۈر بولغان قىزىتمىدا، يەڭگىللەشنىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن قىزىتما قايتا ئۆتكۈرلىشىدۇ. بۇ ھالەتتە ئازراق يەڭگىللەش بىلەن تۇرىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن ھالىتىدە ھەر ۋاقىت ئۆتكۈر قىزىتما ئۆرلەيدۇ، بىمارنىڭ چىرايى ئۈمىد ۋە غەم ئارىلىقىدا پەرىشان بولىدۇ، ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى بولىدۇ، بىمار ئاجىزلايدۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز يانپېشنى كۆتۈرەلمەيدۇ، كۆزى ئولتۇرۇشىدۇ، بەزىدە بۇرنى قانايدۇ ۋە بەزىدە ئېغىز ياكى مەقئەتتىن قان ئېقىشقا باشلايدۇ، بەزىدە تېرە ئاستىدىكى قاناش سەۋەبىدىن تېرىگە قارا داغ چۈشىدۇ. ئەگەر بۇ داغ كۆپ بولسا، بەدەن رەڭگى قارا مەلۇم بولىدۇ، بۇنداق تائۇن سەۋداۋى دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزلەرنىڭ ئىششىش ئورۇنلىرى كۆپرەك يوتىدىكى بەزلەر ئىششىيدۇ (60%~77% كىچە بولىدۇ)، ئۇنىڭدىن قالسا قولتۇقتىكى، ھەممىدىن ئازراق قۇلاق ئارقىسىدىكى بەزلەر ئىششىيدۇ (15%~5%كىچە بولىدۇ)، بۇ زىيادە خەتەرلىك بولىدۇ. ئومۇمەن پەقەت بىرلا تەرەپتىكى بەزلەر ئىششىيدۇ. ئەگەر بەز كىچىك بولۇپ، تولۇق سىرتقا چىقمىغان بولسا، بۇ يامان ئالامەت دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئەگەر بۇ بەزلەر چوڭ بولۇپ، تولۇق ئاشكارا بولسا، بۇ نىسبەتەن

ياخشى بولۇپ، تېزلا پىشىپ يېرىلىدۇ ۋە زەھەرلىك ماددا بەدەندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئادەتتە سىرتقى بەزلەر بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا ئىچكى بەزلەرمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بەزىدە ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرگە تائۇن زەھىرى كۆپ تارقىلىش سەۋەبىدىن قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش بولىدۇ. بۇ تائۇن ماسارىقا تائۇنى (بەتنى) دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن بەزىدە بەزلەر مۇتلەق ئاشكارا بولمايدۇ ۋە بىمار ھالاك بولىدۇ. بۇ تۈردىكى بىمارلاردا تائۇننىڭ زەھىرى پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، بۇ تائۇن ئۇفۇنەتلىك تائۇن دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە تائۇننىڭ زەھىرى ئۆپكىگە تەسىر قىلىدۇ، بۇ ھالەتتىمۇ بەزلەر ئاشكارا بولمايدۇ، بۇ ئۆپكە تائۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇفۇنەتلىك تائۇن بۇ، تائۇننىڭ ئۆتكۈررەك ۋە خەتەرلىك تۈرىدۇر. بۇنىڭدا زەھەرلەر بەزلەر ياكى بەدەننىڭ بىرەر خاس بۆلىكىدە چەكلەنمەيدۇ، بەلكى پۈتۈن تامامىي بەدەنگە تارقالغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئومۇمەن بەزلەر ئىششىمايدۇ. ئەگەر ئىششىسىمۇ ناھايىتى كىچىك بولىدۇ، لېكىن باشقا ئالامەتلەر زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ. يەنى باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە بىئاراملىق قاتارلىقلار زىيادە بولىدۇ. بىماردا جۆيلۈشمۇ زىيادە بولىدۇ، بىھوشلۇق غالىب بولىدۇ. يۈرىكى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، قۇسىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ. تېرە ئاستىدا كۆپىنچە قاناش بولىدۇ. بۇ تۈردىكى تائۇن بىمارى 24 سائەت ياكى 36 سائەتتە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

ئۆپكە تائۇنى (تائۇن رىئەۋى) بۇ تۈردىكى تائۇنمۇ ئۆتكۈر ھەم خەتەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭ يۇقۇملاندۇرۇش تەسىرى زىيادە بولىدۇ، يەنى بۇ تائۇن بىمارىنىڭ نەپەسلىنىشى ئارقىلىق ساغلام كىشىلەرگە يۇقىدۇ ۋە بۇنىڭ زەھىرى مەخسۇس شەكىلدە ئۆپكىگە تەسىر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تائۇنى زاتىررىيە بولىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر بولىدۇ: قىزىتما ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. دەسلەپتە قۇرۇق يۆتەل پەيدا بولىدۇ، كېيىن يۆتەل بىلەن بەلغەم چىقىشقا باشلايدۇ، ئاندىن كېيىن بەلغەمگە ئارىلىشىپ قانمۇ چىقىدۇ. بىمار بىئارام ۋە بىقارار بولىدۇ، كۆكرەكتە ئاغرىش بولىدۇ، دېمى سىقىلىدۇ، ئاجىزلىق غالىب بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىمار ئورۇقلايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆلۈپ قالىدۇ. بۇ تۈردىكى تائۇندا 2% ~ 3% كىچە بىمار ناھايىتى تەستە شىپا تاپىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى بۇ ئەگەشمە كېسەللىكلەر ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن بەزدىن بولغان تائۇندا پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بەزلەر پىشىپ يېرىلسا چوڭقۇر زەخىم شەكىللىنىدۇ. يەنى بىماردا يۈرەك ئاجىزلىقى كۆرۈلىدۇ، بەزى بىمارلاردا بۇ كېسەللىكتىن ساقايغاندىن كېيىن ئۆپكە ئىششىقى بولىدۇ. كۆپىنچە بىمارلارنىڭ تىلى چوڭىيىپ قالىدۇ.

سېلىشتۇرما دىياگنوز ئەگەر قىزىتما بىلەن بەزلەر ئاشكارا بولسا، باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولسا ۋە بۇ كېسەللىك ۋابا شەكلىدە تارقالغان بولسا، بۇ ھالەتتە

ئۇنى بىرەر كېسەللىكتىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، بۇنى چوقۇم تائۇن دەپ چۈشىنىش لازىم. شۇنىڭدەك ئوفۇنەتلىك تائۇن جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتما ۋە باشقا ئۆتكۈر قىزىتمىلار بىلەن ئوخشىشىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئادەتتە ۋابائى تائۇننىڭ تارقىلىشى ۋە ئوخشىشىپ قالىدىغان كېسەللىكنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشتىن ئوفۇنەتلىك تائۇننى ئايرىغىلى بولىدۇ.

ئاقىۋىتى يەڭگىل تائۇندا ئاز ساندىكىلەردە ھالاكەت يۈز بېرىدۇ، لېكىن ئۆتكۈر تائۇن ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بەزى تائۇندا يېرىمىغا يېقىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئوفۇنەتلىك تائۇن ۋە ئۆپكە تائۇنى بىمارلىرىدىن ئاز ساندا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ساقلىنىش چارىلىرى ئەگەر تائۇن تارقالغانلىقىنىڭ تەسىرلىرى مەلۇم بولسا، ماكان ۋە يېقىن ئەتراپنىڭ تازىلىقىنى ياخشى قىلىش، ھەرقانداق مەينەت نەرسىنى ۋە سۇنى يىغىپ قويماسلىق، تۇرالغۇ ئۆيگە گەج چېچىش ۋە گۈڭگۈرت سېرىقى بىلەن ئىسلاش، ئۆيدىن چاشقاننى يوقىتىش، قايسى جايدا بىرەر ئۆلگەن چاشقان ئۇچرىسا ياكى بىرەر كىشى تائۇنغا گىرىپتار بولغان بولسا، ئۇنى بىرقانچە كۈن بۇ ئورۇندىن يۆتكەپ، بۇ جاينى ئوبدان تازىلاش. ياخشىراقى تائۇن تارقالغاندا ئاھالىلەر زىچ جايلاشقان ئورۇنلاردىن چىقىپ داللاردا تۇرۇش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تائۇن قۇرسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئىچىدىغان سۇ پاكىز ۋە سوغۇق بولۇشى لازىم. بۇ تامچىلاپ چۈشكەن بولسۇن ياكى قايىنىتىلىپ سوۋۇتۇلغان بولسۇن. غىزاسىغا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، لەتىف ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. بۇ پاكىزلىق بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. بۇ ۋاقىتتا چۈچۈمەل غىزالار زىيادە پايدىلىقتۇر. سىركە ۋە پىياز يېيىشمۇ پايدىلىقتۇر. تائۇن تارقالغان مەزگىلدە ئەتىگەندە قورساق ئاچ ھالەتتە ۋە ناشتىدىن ئىلگىرى سىرتتا يول يۈرۈش مۇناسىپ، دەپ قارالمايدۇ. تۆۋەندىكى ھەب ساقلىقنى ساقلاش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

نۇسخا: ئاق سەندەل، دۇرنەج ئەقرەبى، گىل مەختۇم، جەدۋار 10.5 گىرامدىن، مۇرمەككى 17.5 گىرام، سەبرە 35 گىرام، زەپەر 17 گىرام، كافۇر 0.8 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، ئەرقى گۇلابقا ئارىلاشتۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى ھەبتىن يېگۈزۈلىدۇ. بۇ مەزگىلدە كافۇرنى ھەر ۋاقىت ئۆز يېنىدا ساقلاش ۋە پۇراپ تۇرۇش پايدىلىقتۇر.

داۋالاش پىرىنسىپى ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن بارلىق تېۋىپلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدا بىرلىككە كەلگىنى بۇكى، بىرىنچى، بۇ كېسەللىكتە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى سوغۇق

ۋە خۇش پۇراق دورىلار ئىچى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ، سىرتقى تەرەپتىنمۇ بۇ تۈردىكى دورىلار پۇرىتىلىدۇ ۋە بىمارنىڭ ياتىقىغا سېپىلىدۇ؛ ئىككىنچى، بۇ دورىلاردا زەھەرلىك ماددىنى تۈزەتكۈچى خۇسۇسىيەت (تەرياقلىق تەركىب) بولۇشى ئويلاش زۆرۈر. چۈنكى تائۇن ماددىسىدا مەخسۇس زەھەر بولىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى يۈرەككە زىيادە بولىدۇ. دورا شەكلىدە كافۇر ۋە كافۇر مۇرەككەباتلىرى، مۇپەررىھاتى ياقۇتى بارىد، داۋائىلمىشكى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە زەھەرى مۆھرە ۋە جەدۋار چىنىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، 36 گىرام كالىنىڭ قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش پايدىلىقتۇر.

داۋالاش

سەمەرقەندى: زەھەرلەنگەن بىمارلاردىن قان ئېلىش دۇرۇس بولمىغىنىدەك، تائۇن بىمارىدىنمۇ قان ئېلىش خىلاپتۇر. ئۇنداق بولمىسا بەدەنگە ئۇنىڭ زەھىرى تارقايدۇ. بۇنىڭدا پۈتۈن تىرىشچانلىق يۈرەكنى سوۋۇتۇش ۋە كۈچلەندۈرۈش تەرەپكە بولۇشى لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن كۆكرەك ئۈستىگە تىلا چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، نېلۇپەر، كافۇر، گۇلاب قاتارلىقلاردىن سۇيۇق چېپىلما تەييارلاپ چېپىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كافۇر ئاجايىپ خاسىيەتلىكتۇر. مۇناسىپ شەربەت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئانار شەربىتى، ئالما شەربىتى، تۇرۇنجى يوپۇرمىقى قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراقلار پۇرىتىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە، سەندەل، قىزىلگۈل، نېلۇپەر، كافۇر، ئالما، بېھى قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك، قاننى قويۇلدۇرغۇچى غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: مەسۇر ۋە مەسۇس. مەسۇس — چۈجە ۋە پاختەكنى سۇدا قايىنىتىپ، ئاندىن ئۇلارنى سىركىگە سېلىپ تەييارلانغان بولسۇن. قەرىيىز بېرىش، بۇ مۇشۇ گۆشلەر بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

كېسەللىك ئورنىغا بىرەر سوغۇق تەبىئەتلىك تىلا چېپىش مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى تائۇن بەزلىرى ئۈستىنى تىلىش ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش مۇناسىپتۇر. تاكى تىلىنغان ئورۇندىن قان ئاسانلىقچە ئېقىپ چىقسۇن ۋە بۇ يەردە ئۇيۇپ قالمىسۇن. ئەگەر بىمار خىيشخانەدە بولسا ۋە ئەتراپىدا مۇز قويۇلغان بولسا ئىششىق ئورنى ئۈستىگە سىرتقى سوغۇقلۇقنى ئىچىگە ئۆتكۈزمەيدىغان دورىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: پىرسىياۋشان، ئاق لەيلى، بابۇنە قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ. بابۇنە ۋە سېرىقچېچەك قايىنىتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ.

مەسۇس — سىركە بىلەن پىشۇرۇلغان گۆش. سالىن — بۇ سىركە ۋە چۈجە گۆشىدىن تەييار قىلىنىدۇ. خىيشخانە (خىيش) — تورۇسىغا شامالدۇرغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار دەسلەپتە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (1): جەدۋاردىن بىر گىرام، كافۇردىن 1.6 گىرامنى ئېزىپ، شەربىتى لىموندىن 24 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ يالتىلىدۇ، ئۈستىدىن ئەرقى گۈلابتىن 48 گىرام، ئەرقى بىدىمۇشكىدىن 48 گىرام، ئەرقى كىيۇرەدىن 48 گىرام قاتارلىقلارنى ئانار شەربىتىدىن 240 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

نۇسخا (2): زەھرى مۆھرە، تاباشىر، مەرۋايىت، يېشىل قاشتېشى، ئانار ئۇرۇقى ھەربىرى 0.8 گىرامدىن، جەدۋار، زۇمرەت بىر گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، مۇپەررىھى بارىدقا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن زىرىشك، كاھۇ ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامدىن، ئەينۇلادىن بەش دانە ئېلىپ، شىرىسىنى 72 گىرام ئەرقى گۈلاب ۋە 72 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكىدە چىقىرىپ، ئانار شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (3): زەھرى مۆھرە، تاباشىر، جەدۋار بىر گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ يەتتە گىرام خېمىرى سەندەل ياكى بەش گىرام مۇپەررىھى بارىدقا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلاننىڭ شىرىسى ۋە لۇئابىنى 72 گىرام ئەرقى گاۋزىبان ۋە 72 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكىدە چىقىرىپ، ئالما شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا شەربىتى ۋەرد ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، جۆيلۈش ۋە باش ئاغرىقى ئۈچۈن سوغۇق سۇ باشقا نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەمدە سىركە ۋە گۈلابنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، قايتا - قايتا باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ ياكى مۇز خالتىسى باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

نۇسخا (4): بەزىدە تائۇن ئۈچۈن مەزكۇر نۇسخىلارنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ: دۇرنەج ئەقرەبىدىن بىر گىرام، كافۇردىن 3.2 گىرام ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، خېمىرى مەرۋايىتتىن بەش گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە ۋە بەش گىرام چىلان، گاۋزىبان يوپۇرمىقىنىڭ لۇئابى ۋە شىرىسىنى 72 گىرام ئەرقى گاۋزىبان ۋە 72 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكىدە چىقىرىپ، شەربىتى نىلۇپەر ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىدىن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۆپكە تائۇنى بولسا بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: كۇشتە قىلىنغان بۇغا مۈڭگۈزى 1.6 گىرام، دۇرنەج ئەقرەبى بىر گىرام، كافۇر 1.6 گىرام. دورىلارنى ئېزىپ يەتتە گىرام خېمىرى ئەۋرىشىمگە ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، گاۋزىبان يوپۇرمىقىدىن بەش گىرام، خەشخاش پوستىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، بۇلارنىڭ لۇئابى ۋە شىرىسىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا چىقىرىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام

ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە لوئوقى سەرپىستاندىن ئۈچ گىرام كۈندە بىرقانچە قېتىم يالىتىلىدۇ. قەۋزىيەت بولسا ھۆقنە قىلىش ياخشىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن سوپۇن سۈيى يېتەرلىكتۇر. بۇنىڭغا بىدانجىر يېغىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى ھۆقنە نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ:

ھۆقنە نۇسخىسى: چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، نىلۇپەر گۈلى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشە بەش گىرامدىن. دورىلارنى 240 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ، سۈزۈپ، بادام يېغىدىن 24 گىرام قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كۆكرەك ئۈستىگە قىرۇتى ئاردى كۇرسىنە ياكى بىرەر باشقا قىرۇتى سۈركىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن، سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى گۇلاب، ئەرقى كىيۇرە، ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى سەندەل قاتارلىقلار مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: ئاق سەنكىيا، قارىمۇچ، كافۇر، ئەپيۇن، مىشاتىلىيە، سۇ تەگمىگەن ھاك، جەدۋار، ئىتياگىقى ئۇرۇقى، كۇچۇلا قاتارلىقلارنى سىركىدە ئېزىپ ئىلمان زىمات قىلىپ، ئۈستىدىن خىش ياكى تاشنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بەز زەخىملەنگەن بولسا، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزمەسلىك، بەلكى مەلھىمى كافۇرى چېپىش لازىم.

يۈرەك چالاڭغۇراش ئۈچۈن يۈرەك ساھەسىگە ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، قىزىلگۈلنى ئەرقى گۇلابتا ئېزىپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاز مىقداردا كافۇر قوشۇلسا، تەسىرى زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ ياكى سەندەلنى ئەرقى گۇلابتا سۈرۈپ، ئازراق سىركە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدا رەختنى ھۆللەپ يۈرەك ساھەسىگە قويۇلىدۇ ياكى پەقەت سەندەل ۋە كافۇرنى ئەرقى گۇلابتا ئېزىپ، بۇنىڭغا رەختنى چىلاپ، يۈرەك ساھەسىگە قويۇلىدۇ ۋە ئىسسىغاندا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىماردا كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش كۆرۈلگەن بولسا ياكى ئىچى سۈرگەن بولسا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە مۇز پارچىسى قويۇلىدۇ ياكى سىركە، گۇلاب ۋە گۈل يېغىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭغا رەختنى چىلاپ ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش توختايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ساقايمىسا تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرەرىنى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۈستىگە چېپىش لازىم:

زىمات نۇسخىسى: زىرىشك، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئامىلە، سىياق، تاباشىر، تۇرۇنجى پوستى، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، ئاق سەندەل قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۇلابتا ئېزىپ، ئۇنىڭغا 12 گىرام سىركە قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: زەھرى مۆھرە، تاباشىر، كافۇر، قىزىلگۈل چېڭى، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى، زىرىشك، ئانار ئۇرۇقى، سۇماق قاتارلىقلارنى ئەرقى گۇلابتا ئېزىپ، ئۇنىڭغا ئازراق

سىركە قوشۇپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن بەزىدە تۆۋەندىكى سۇفۇپ ۋە لوئوقتىنمۇ ئىشلىتىلىدۇ:

سۇفۇپ نۇسخىسى ئۈرۈقى ئايرىۋېتىلگەن زىرىشك، سۇماق 35 گىرامدىن، ئانار ئۈرۈقى 38.5 گىرام، قىزىلگۈل، تاباشىر 17.5 گىرامدىن، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، پىننە يەتتە گىرامدىن، ئېگىر 3.5 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ ياساپ، بۇنىڭدىن تۆت گىرامى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئانار سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، بۇ قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

لوئوق نۇسخىسى ئاق سەندەل، زەھرى مۆھرە، تاباشىر، سۇماق، ئانار ئۈرۈقى، زىرىشك، قىزىلگۈل چېچىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ناھايىتى يۇمشاق ئېزىپ، 24 گىرام ئانار شەربىتى ياكى 24 گىرام غورا شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ. ئەگەر ئايلىنىپ كېتىش كۆرۈلگەن بولسا، يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىش ۋە سۇيۇق پۇرىتىلما ئىشلىتىش لازىم.

لەخلەخە (سۇيۇق پۇرىتىلما) كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، تۈز تەرخەمەك سۈيى، ئەرقى گۈلاب، ئەرقى كىيۇرە، ئەرقى بىدىمۇشكى، سىركە، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى، كافۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، سۇيۇق پۇرىتىلما تەييارلاپ پۇرىتىلىدۇ.

بەزىلەر ئۈستىگە تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرەرى چېپىلىدۇ:

نۇسخا جەدۋارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، سىركە قوشۇپ چېپىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا قومۇش يوپۇرمىقى، جەدۋار، مىتاتىلىيە قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈلابتا ئېزىپ چېپىلىدۇ. بەزىدە بۇنىڭغا قارىمۇچ ۋە رۇسۇتمۇ قوشۇلىدۇ.

پەرۋىش پەرۋىش خادىمى بىمارغا بىرەر غەمكىن ۋە قورقۇنچلۇق سۆز، مەسىلەن: بىرەر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاتماسلىق ۋە بىرەر ئەزىز دوستىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ يىغلاتماسلىق، يەنى بىرەر سۆز ئۇنىڭ مېڭە ۋە يۈرىكىگە تەسىر قىلماسلىقى لازىم. بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى كۆڭۈل ئېچىش تەرەپكە مەشغۇل قىلىش ۋە تەسەللى بېرىش. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، ئۇنى باشقا ئادەملەردىن ئايرىپ بىر پاكىز، كەڭرى ۋە يورۇق ياتاقتا ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇش. كافۇر، ئەرقى گۈلاب، سەندەل، سىركە ۋە گۈلاب قاتارلىقلارنى پاشقا (بىر خىل قاچا) تۆكۈپ، بىر سائەتتىن ئارىلىق قالدۇرۇپ ياتاققا چېچىپ تۇرۇش لازىم. تۇرۇنجى، لىمون، رەيھان، پىننە، كۆك يۇمغاقسۈت، كاھۇ، بىدىمۇشكى ۋە سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى نىلۇپەر گۈلى،

ئايدىڭگۈل، گەرىل گۈلى ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى ياتاق ئىچىدە قويۇش ۋە ئۇلارنى ھەر كۈنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش. ئەگەر ياز پەسلى بولسا، بىمارنىڭ مىزاجىمۇ ئىسسىق بولسا، بىمارنى خەيشخانىدە قويۇش ياكى ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئىشىكلىرى ۋە دېرىزىلىرىگە شامالدۇرغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇش. ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى گۈلابنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ پات - پات چېچىپ تۇرۇش. خەس ئەتىرى، يەسمەن گۈلى ئەتىرى پۇرىتىش ۋە بەدەنگە سۈركەش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئارپا ئېشى، ئانار سۈيى، ئۈزۈم سۈيى، ئالما سۈيى، نەشپۈت سۈيى قاتارلىقلار غىزا شەكلىدە بېرىلىدۇ. ئەرقى كىيۇرە ۋە ئەرقى گۈلاب قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇلار مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان بولسۇن.

پايدىلىق سۆز تائۇن بىر كۈچلۈك ۋابائى كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ بىلەن يۈز مىليونلىغان بەندىلەرنى ئاللا ئۆلۈم بىلەن ئېلىپ كەتتى. يەنە ئوفۇنەت ۋە ۋابادا تەسىر قىلغۇچى يامان نەرسىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بۇ مەلۇم ياكى نامەلۇم شەكىلدە ئىنسان بەدىنىگە يېتىپ كېلىپ بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ (شەيخ).

شۇنىڭ ئۈچۈن تائۇننىڭ ناچار تەنچىلىرى توغرىسىدا ئېيتىلغانكى، دەسلەپتە ئۇنىڭدىن چاشقان تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئاندىن بۇ يۇقۇملانغان چاشقانلاردىن بۇ ناچار تەنچىلەر ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە پاشىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن تائۇندىن ساقلىنىشتا چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە پاشىلارنى يوقىتىشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

ئاكىلە (گۆشخور چاقا)

ئاكىلەدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بۇزۇلۇش پەيدا بولغاندىن كېيىن بىرەر ئەزانىڭ بۇزۇلۇشىدۇر.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاكىلە بۇ يارىنىڭ نامىدۇر، بۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن توقۇلمىلارنى يەيدۇ ۋە بۇزىدۇ، تېزلىك بىلەن كېڭىيىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى زەخىمدە بۇزۇلغان پارچىلار بولىدۇ ۋە يىرىڭ قاتارلىقلارغا قوشۇلۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى يىرىڭنىڭ رەڭگى قارا ياكى كۆككە مايىل بولىدۇ. ھۆللۈكى ئادەتتە ناھايىتى سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ. باشقا ئورۇنلاردىن سىرت ئېغىز ۋە جىنسىي يولدا كۆپ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر ئورۇندىكى ھۆللۈك، يۇقۇملىنىش ۋە ئوفۇنەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدۇر.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئەزالاردىكى روھىي ھايۋانىينىڭ (ھاياتلىق كۈچى)

بۇزۇلغانلىقى ياكى ئۇ ئەزالارغىچە يېتىپ بېرىشتىن توختىغانلىقىدۇر. بۇ ئۇمۇمەن بىرەر سەۋەبتىن ئومۇمىي بەدەننىڭ ساغلاملىقى بۇزۇلغان، تەبىئەتنىڭ بەدەننى پەرۋىش قىلىش كۈچى ۋە كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلىغان، قاننىڭ تەركىبلىرى، تەبىئىي ھالەت ۋە كۈچ نورمال بولمىغان چاغدا كۆرۈلىدۇ.

بۇ بىرەر يېگۈچى ئۆتكۈر خىلتنىڭ زەھەرلىك جەۋھىرى مەلۇم ئەزاغا قۇيۇلغاندىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ روھ (كۈچ) نى بۇزىدۇ ۋە بۇ ئورۇننى ئۇفۇنەتلەندۈرۈپ كۆيدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇ قارا، پارچە - پارچە ۋە جانسىز بولىدۇ.

يەنە بۇ چوڭ ھەجىمدىكى فەلغەمۇنىدا كۆرۈلىدۇ، يەنى ئۇنىڭ زەخىملىرى قان تومۇرلارنىڭ يوللىرى توسۇلغۇدەك چوڭايغان چاغدا. بۇنىڭ مەخسۇس مىسالى بۇكى، مەلۇم ئەزا تۆۋى تەرەپتىن روھ ۋە قان بۇ تەرەپكە تامامەن كېلەلمىگۈدەك چىڭ باغلىنىدۇ. بۇ ھالەتتە ئازراق ۋاقىت ئۆتسە ئەزا بۇزۇلىدۇ. بۇ تۈردىكى كەيپىيات بۇ ۋاقىتتىمۇ پەيدا بولىدۇ، يەنى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا قاتتىق سوغۇق ئۆتكۈزگەن چاغدا. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ھالەت بۇ ۋاقىتتىمۇ پەيدا بولىدۇ، يەنى چوڭقۇر زەخىملەرگە كۆپ مىقداردىكى ياغلار تۆكۈلگەندە، بۇنىڭ بىلەن ئەزانىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ ۋە مۇسكۇل ئۇفۇنەتلىنىدۇ (نەفىيس).

ئاكىلە ئەمەلىيەتتە بىر يەرلىك ئورۇنلۇق ۋە چەكلىك گانگرېنا ۋە شەفاقۇلۇستۇر. شۇنىڭدەك گانگرېنا ۋە شەفاقۇلۇس گوياكى بىر چوڭ ئاكىلەدۇر.

ئالامىتى ئاكىلەنىڭ ئالامىتى شۇكى، يارا كۆك، قارا مۇدۇر - چاقا (بەسۇرە سەۋدائى) ياكى تىنتولىستىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆتكۈرلۈك بىلەن كېڭىيىدۇ، يەنى قوشنا ئەزالار تەدرىجىي بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ.

تىنتولىس — بۇ كۆك رەڭنىڭ نامىدۇر، بۇنىڭ بىلەن قارا رەڭمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ ۋە بۇ خالىس كۆك رەڭدىن زىيادە ناچار بولىدۇ (نەفىيس). تىنتولىس تۇئۇس (توز) تىن چىققان بولۇپ، بۇنىڭ قاناتلىرىدا گەرچە بىرقانچە رەڭ بولسىمۇ، لېكىن قېنىق كۆك رەڭ غالىب بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى تولۇق تەييارلىق ۋە تېزلىك بىلەن بارلىق يۇمشاق، بۇزۇلغان تەركىبلەرنى كېسىپ ياكى قىرىپ ئايرىۋېتىش، ھەتتاكى نورمال تەركىبلەرنى كۆيدۈرۈپ داغلاش لازىم. مەسىلەن: شەيخ ۋە ئەللامە سەمەرقەندى تەپسىلىي بايان قىلغاندەك. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بىرەر داغلىغۇچى دورا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: گۈگۈرت كىسلاتاسى (تىزابى گەندەك) ئۇبدان سۈركىلىدۇ ياكى ھەقىقىي ئوت ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئەتراپتىكى سۆڭەكلەر ۋە چىش قاتارلىقلار كېسەللەنگەن ھەم بۇزۇلغان بولسا ئۇلارمۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇفۇنەتكە قارشى

دورىلار بىلەن باراۋەر زەخىم يۇيۇلىدۇ ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئورنىغا قاراپ پاكىز مەلھەملىك تېڭىق ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئېغىزغا ئوخشاش ئورۇنغا تېڭىق تېڭىشنىڭ بىرەر ھالىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق جايلارنى قايتا ـ قايتا يۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ. سىرتقى ئوچۇق ئاكىلە يارىسى ئۈچۈن نىم دەرىخنىڭ كۆك ۋە يېڭى يوپۇرماقلىرىنى ئېزىپ زىمات قىلىش ناھايىتى پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىكتۇر. بۇ بۇزۇلغان تەركىبلەرنى يەپ، ساغلام گۆشنى ناھايىتى تېز ئاشكارا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يۇيۇش ئۈچۈن نىم يوپۇرماقلىرىنىڭ قاينىتىلمىسى سەل قارىمايدىغان نەرسىدۇر. مۇناسىپ غىزالار بىلەن كۈچلەندۈرۈش ۋە ئومۇمىي ساغلاملىقنى نورماللاشتۇرۇشنى ئويلاشمۇ زۆرۈر.

سەمەرقەندى: بۇنىڭ ئىلاجى داغلاشتۇر، مەيلى ئوت ياكى دورا بىلەن بولسۇن. يەنى ئوت بىلەن ياكى داغلىغۇچى دورا بىلەن داغلىنىدۇ، مەسىلەن: كىسىس، زەنگار، زىراۋەندە مۇدەھرەج، سېرىق زەمچە قاتارلىقلار سىركە ۋە ھەسەل بىلەن چېپىلىدۇ.

ئاكىلەنىڭ ئەتراپىغا گىل ئەرمى ۋە سىركە چېپىلىدۇ، ئاكىلە يولىغا كەرنۇبنى سېرىقمايدا قورۇپ قويۇلىدۇ تاكى بۇ ئازراق قارىدىغان ۋە بۇزۇلغان بۆلەك يۇمشاپ، بوشىشىپ چۈشۈپ كەتسۇن. ئاندىن كېيىن يارا يەنى زەخىملەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، زەخىمنى قۇرۇتقۇچى، زەرداب ھۆللۈكنى پاكىزلىغۇچى ۋە زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى چارە قىلىنىدۇ.

بۇ ئاكىلە فەلغەمۇنى يەنى قاندىن بولغان ئىششىقتىن پەيدا بولىدۇ ۋە بۇنىڭ نامى شەفاقۇلۇس بولۇپ، بۇ بايان قىلىنىپ بولدى.

قەلقەتار — زەمچىنىڭ سېرىق ۋە ئالتۇن رەڭ تۈرىدۇر.

ئېغىز ئاكىلەسى بۇ كېسەللىكتە ئېغىزنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈر ئىششىقتىن كېيىن يېيىلىش كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا كۆپرەك بەدىنى ئاجىز بالىلار گىرىپتار بولىدۇ.

سەۋەبى غىزادىن كېيىن چىشلىرىنى ئوبدان پاكىزلىماسلىق، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار ۋە قىزىل كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇش قاتارلىقلار بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدۇر. بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى بىر مەخسۇس يېگۈچى ماددا بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللەنگەن ئورۇندا ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ. چىرايى ئىششىيدۇ ۋە قاتتىق كۆرۈنىدۇ. ئېغىزدىن كۆپ مىقداردا سېسىق پۇراقلىق شۆلگەي ئاقىدۇ، بۇ گالغا كىرىپ قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازانغىچە يېتىپ بارىدۇ. نەپەس ئالغاندا قاتتىق سېسىق پۇراق چىقىدۇ، ئېڭەك ئاستى بېزى ئىششىيدۇ، چىش مىلىكلىرى يۇمشايدۇ ۋە بەزىدە چىشلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئىششىق پارقىراق بولىدۇ، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىللىق بولىدۇ ۋە بۇ قىزىل داغنىڭ

ئەتراپىدا ئاققا مايىل زەخىم كۆرۈنىدۇ، بۇ تەدرىجىي چوڭىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ، بەزىدە قارا رەڭلىك ئۆلگەن بۆلەك گالنىڭ سىرتقى تەرىپىدىنمۇ كۆرۈنىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇنىڭدا تۆشۈك پەيدا بولىدۇ. بەزىدە يۈز بىلەن تۇتاش سۆڭەكلەر ئۆلىدۇ. ئومۇمىي بەدەنلىك ئالامەتلەردىن بۇ ئالامەتلەر بايان قىلىشقا لايىقتۇر. بۇ قاننىڭ زەھەرلىنىشى ۋە ئۇفۇنەتلىنىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: قىزىتما، جۇغ - جۇغ بولۇش، كۈچ ئاجىزلىقى ۋە بىھوشلۇق (سۇبات — قۇما) قاتارلىقلار بولىدۇ. بەزىدە ئۆپكە ئىششىقمۇ بولىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى دەرىجىسىدە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى نورمال دەرىجىدىن تۆۋەنلەيدۇ ۋە ئاجىزلىق غالىب بولغانلىقتىن ھالاكەت يۈز بېرىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بالىنى قۇتقۇزغىلى بولسا، ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئاكىلەنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلىغا رىئايە قىلىش لازىم. بۇ، يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. يەنى ئۆلگەن تەركىبلەرنى تېزدىن ئايرىۋېتىش ۋە داغلاش. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇفۇنەتلىنىشكە قارشى غار - غار نۇسخىسى ۋە يۇيۇلمىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: نىم سۈيى بىلەن يۇيۇش، ئېغىزنى پاكىز تۇتۇش ئۈچۈن، باراۋەر غار - غار قىلىپ تۇرۇش، ئۇفۇنەتكە قارشى سېپىلمىلارنى سېپىش لازىم. بۇنىڭ نۇسخىسى تۆۋەندە يېزىلدى:

غار - غار نۇسخىسى: ئانارگۈلى، كۆكنار، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، خېنە يوپۇرمىقى، سەرەس پوستى، گەزمازەج، ئەدەس مۇسەللەم قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى 1.5 كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ، 750 گرام قالغان چاغدا سۈزۈپ ۋە سىركە قوشۇپ، بۇنىڭ بىلەن قايتا - قايتا غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى: كەتسەفىد، لاچىندانە ئۇرۇقى، كاۋاۋچىن ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، كافۇردىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى سۈرمىگە ئوخشاش يۇمشاق ئېزىپ ئېغىزغا سېپىلىدۇ.

ھارارەت پەسەيتىشتە مىزاجغا قاراپ سوۋۇتقۇچىلار ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، ئۈچ گرام كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ لۇئابى ۋە شىرىسىنى سۇدا ياكى بىرەر ئەرەقتە چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتىدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قان تازىلاش ئۈچۈن قان تازىلىغۇچىلاردىن شاھتەررە چىلانىمىسى ئىچكۈزۈشمۇ پايدىلىقتۇر.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئارپا ئېشى، سۈت، ساگۇدانە، ماش ئۇنى سۈيى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەر بېرىلىدۇ ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

داغلاشنىڭ پايدىلىرى داغلاش يارىنى ئاجايىپ قۇرۇتقۇچىدۇر (يەنى داغلاش بىلەن زەخىم تېز قۇرۇيدۇ). بۇ ئەزادىن زەخىمنىڭ پۈتۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، قوشنا ئەزالارنى بۇزىدىغان ھەممە ئۇلارنىڭ مىزاجى ۋە جەۋھىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە ئوخشاش قىلىدىغان بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇزۇلۇشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسىدۇ (يەنى بۇ بۇزۇلۇشنىڭ كېڭىيىشىنى توختىتىدۇ). چۈنكى بۇ ماددىنىڭ كانالچىسىنى تارايتىدۇ ۋە قۇرۇق قاقاچ توپلىنىپ نورمال ۋە غەيرىي نورمال تەركىبلەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر توساق ياسايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇزۇلۇش كېڭىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللەنگەن ئەزا تەرەپكە ئىككىنچى قېتىم ماددىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىمۇ توختىتىدۇ ھەم داغلاش بۇزۇلغان گۆش ۋە چىرىگەن تەركىبلەرنى يوقىتىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئەمەللەردىن داغلاشقا تەڭ كېلىدىغان بىرەر دورا يوق (نەفىيس).

قولتۇق ۋە يىرىق بەزلىرى ئىششىقى (ئەۋرامى مۇغابىن)

يوتا بەزلىرىنىڭ ئىششىقى خەيرى جەل دېيىلىدۇ (باغرە — پارسچە سۆزدۇر). بەزىدە مۇغابىن يەنى قولتۇق ۋە يوتىدا ئىششىق بولىدۇ. بۇ تائۇننىڭ تۈرىدىن بولمايدۇ، بۇ تۈرى ئۆتكۈر زەھەر ۋە بۇزۇق كەيپىياتلاردىن خالىي بولىدۇ. بەلكى ئۇ ئىششىقلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى رەئىس ئەزالارنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنى ئۇلار تەرەپكە چىقارغانلىقتۇر. بۇ بەزلەر يۇمشاق ۋە نازۇك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ ماددىلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە قول - پۇتلارنىڭ باشقا زەخىملىرى ۋە ئىششىقلىرىدىنمۇ ئۇلاردا ئىششىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ ئىششىق ۋە زەخىم پاچاق، بىلەك ۋە بارماقلاردا بولغان چاغدا. چۈنكى بۇ بەزلەر ئۇ ماددىلارنىڭ يولىدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ توقۇلمىسىمۇ ئاجىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماددىلار ئۇ بەزلەرنىڭ ئىچىگە ئۆزلىشىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ پارسچە باغرە دېيىلىدۇ (نەفىيس).

بۇ ئىششىقمۇ ئەمەلىيەتتە تەبىئەتنىڭ تۈزىتىش ۋە چارە ئەمەلىدۇر. تەبىئەت ئۇ ماددىلارنى يولدا توختىتىپ، ئۇلارنى تۈزىتىشكە ۋە چارە قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن رەئىس ئەزالار ئىششىق توختىغاندىن كېيىن ئاز - كۆپ ئامان قالىدۇ.

داۋالاش ئەھۋاللىرى يول قويسا دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ. قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن بوشاشتۇرغۇچىلار زىمات قىلىنىدۇ (بۇ ئىششىقنى بوشاشتۇرغۇچى بولسۇن)، مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى، كۈنۈچە ئۇرۇقى، بىنەپشە يېغى ۋە ساپ

موم قاتارلىقلار.

گەرچە دەسلەپتە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى سوغۇق دورىلارنى چېپىش مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش شۇنىڭ ئۈچۈن دۇرۇس بولمايدۇكى، بىرەر ئورۇنغا ماددا قايتىپ ئىچكى ئەزالار ۋە رەئىس ئەزالار تەرەپكە بارالمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا زىياننىڭ چوڭىيىشى ۋە پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىشىنىڭ خەۋپى بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

غىزاسىنى ئازايتىش ۋە لەتاپەت پەيدا قىلغۇچى چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئىنچىكە بايان قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈشتىن ئىلگىرى تازىلاش شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدۇكى، بەدەن تولۇپ قالغان ھالەتتە ئەگەر يۇقىرىقى مەزكۇر بوشاشتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلسە كۆپ مىقداردا ماددىلارنىڭ تارتىلىپ كېلىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ (سەمەرقەندى).

قاپلىق ئىششىق (خۇراجى مۇزمىن، خۇراجى بارىد)

دۇبەيلە بىر ئىششىقتۇر. بۇ دۇممەلدىن چوڭ بولىدۇ ۋە ئومۇمەن يۇمىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى خۇراجغا ئوخشاش چىلغوزا شەكىللىك ۋە ئۇچلۇق بولمايدۇ، رەڭگى تېرىنىڭ ئادەتتىكى رەڭگىدە بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆتكۈر خۇراجدا تېرىنىڭ رەڭگى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن ئۆزگىرىدۇ (قىزىللىق ۋە ئاقلىق بولىدۇ).

بۇنىڭدا ئاغرىق بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ماددىلىرىدا ئوفۇنەت سەۋەبلىك ئۆتكۈرلۈك پەيدا بولسا، ئاغرىقمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەنچىلەر تېپىلىدۇ. يەنى ئوفۇنەت سەۋەبلىك، ئۇزۇنغىچە زىيادە تۇرۇپ قېلىش سەۋەبلىك ۋە لەتىف تەركىبلەرنىڭ تارقاپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇنىڭ ماددىسىدا ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ماددىدا ئىستېدات ۋە ئىقتىدار بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇنىڭ رەڭگى ۋە قىيامىدا ئۆزگىرىش ئاشكارا بولىدۇ.

مەسىلەن: كىچىر، لاتقا، ماي چۆكمىسى، توپا، كۆمۈر، زەرنىخ، جەبسىين، ئېلىۋېتىلگەن تىرناق، چاچ ۋە باشقا قاتتىق جىسىملار، مەسىلەن: زەمچە، تاش، قۇم، ياغاچ پارچىسى قاتارلىقلار بولىدۇ.

جەبسىين — ئۇ ئاق گەجدۇر، بۇ گەج ئۇپىسى دەپ ئاتىلىدۇ. دۇبەيلەدە ھاك، تاش، ئاق گەج قاتارلىقلار پەيدا بولۇشىنىڭ ھالىتى بۇكى، يىرىك ۋە ئىچىدىكى ماددىلار (بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پەنىردەك بولىدۇ) نىڭ سۇيۇق ۋە لەتىف قىسمى سۈمۈرۈلىدۇ، قويۇق قىسمى قۇرۇپ

تۇرۇپ قالىدۇ، بەلكى ھاكقا ئوخشاش ماددىغا ئۆزگىرىدۇ.

سەۋەبى بۇ، قويۇق، پىشمىغان سوغۇق ماددىدىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى غىزانىڭ كۆپ - ئازلىقى ياكى ناچار كەيپىياتتا ئىستېمال قىلىش ۋە ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ نىسبەتەن ئاجىز بولۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىلار بەدەننىڭ تەركىبى قىسمى بولالمايدۇ ۋە ئەزالارغا كىرەكسىز ماددا شەكلىدە دۆۋىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئەزالارغا قويۇلۇپ بىر ئورۇن ياسايدۇ. بۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈكنىڭ ئورنىغا قويۇقلۇق ۋە سوغۇقلۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېرىگە ئۆزلىشەلمەيدۇ، گوياكى بىر قاچىغا توپلانغاندەك. ئادەتتە بۇ تۈرنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ. بۇ سىل ماددىسىنىڭ نەتىجىسىدە بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سوزۇلما خاراكتېرلىك قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش ياكى بەزى ۋاقىتلاردا ئۆسمىلەرنىڭ تارقىلىشى ياكى ئاجىز ناچار تەنچىلەر دۇبەيلەنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. چۈنكى بۇ ماددا قويۇق ۋە ناچار بولىدۇ. تارقىلالمايدۇ ۋە ساپ يىرىڭغا ئۆزگىرەلمەيدۇ. ئەزانىڭ ئۆزگەرتكۈچى كۈچىمۇ بۇنى ئاق يىرىڭغا ئايلاندۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى تۆردىكى مەزكۇر قويۇق نەرسىلەرنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى بۇنىڭ ماددىسى قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن قان ۋە يىرىڭ بىلەن بۇنىڭدا زىيادە قاتتىقلىق بولىدۇ ۋە باسقاندا نىسبەتەن بېسىلىدۇ. يەنى بېسىش بىلەن يىرىڭ قانغا ئوخشاش بېسىمنى قوبۇل قىلمايدۇ، لېكىن بۇ قاتتىقلىق دائىملىق بولمايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە بەدەن تازىلىنىدۇ. ئاسان سىڭىدىغان غىزالار تاللاپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاتقۇچى ۋە پىشۇرغۇچى ياغلار، ھايۋانات ياغلىرى، لوئابلار سۈركىلىدۇ ۋە مەلھەمى داخىلىيۇن زىمات قىلىنىدۇ، مەسىلەن: گۈل يېغى، زەيتۇن يېغى، بۇغا ۋە ئەركەك كالا يېغى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابى، زىغىر ئۇرۇقى لوئابى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى لوئابى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەينەت نەرسىلەر بىرقانچە قېتىم تازىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ يىرىڭلىق ئىششىق ئىچىگە پاكىز كونا پاختا تولدۇرۇلىدۇ تاكى پاختا بىلەن مەينەتچىلىك ۋە پاسكىنا سۇ قاتارلىقلار سۈمۈرۈلۈپ پاكىز بولسۇن. ئاندىن كېيىن يارىدا سۆزلىنىدىغان دورىلار بىلەن ئۇنى پۈتتۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ. ئادەتتە دۇبەيلىلەرنى ۋە قانىنى تازىلاشتا يىرىڭ دىۋارى ۋە بۇزۇلغان سۆڭەكنىڭ يۈزىنى قىرىش زۆرۈر بولىدۇ.

تەتۈر دۇبەيلە بۇ دۇبەيلەنىڭ نامى دۇبەيلە مەنكۇسەدۇر. ئۇنىڭ ماددىسى تېرە ئىچىدىن يىراقتا توپلانغان بولىدۇ، بۇ ئومۇمەن خەتەرلىك بولىدۇ ھەمدە قەتئىي تولۇق پىشمايدۇ. ئەگەر بۇ تىلىنسا ئىنتايىن چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن قاندىن باشقا ئازراقمۇ نەرسە چىقمايدۇ. چۈنكى نەشتەر بۇ يەرگىچە يېتىپ بارالمايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئۈستىدىكى گۆش ۋە تېرىدىن قان چىقىشقا

باشلايدۇ. ئەگەر نەشتەر سۆڭەككىچە يەتسە، يۇقىرىقى مەزكۇر تۈردىكى يىرىڭ يەنى كىچىر، لاي، چۆكمە ياكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىلەر چىقىدۇ.

داۋالاش يۇقىرىقى مەزكۇر ئىلاجىنى قىلىش، لېكىن پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن تىرىشىش ۋە ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ماددىسى قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۈشكۈللۈك بىلەن پىشىدۇ. يىرىڭ ئورنى سەزگۈ بار ئورۇندىن يىراق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرۈلۈشى ئاشكارا بولمايدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنى داۋالاشتا تولۇق تىرىشچانلىق قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ تۈرنىڭ ماددىسى زىيادە ناچار بولىدۇ.

پايدىلىق سۆز (1) كۆپ مىقداردا بىراقلا يىرىڭ چىقىرىۋېتىش كۈچ يوقىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا ھوشىدىن كېتىدۇ.

پايدىلىق سۆز (2) ھۆللۈكلەر مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى ناچار بولسۇن تەبىئەتنىڭ ئۇلارنى قوغدىشى زۆرۈر بولغان بولىدۇ، تاكى بۇ ھۆللۈكلەر ياخشى بولسا بۇزۇلۇشىدىن ساقلاش، ئەگەر ناچار بولسا، يەنى زىيادە ناچار بولۇشىدىن ۋە بەدەننى بۇزۇشىدىن ساقلاش لازىم.

پايدىلىق سۆز (3) دۇبەيلەنىڭ ماددىسى بەزىدە ھاكقا ئوخشاش ماددىغا ئۆزگىرىپ بىر غىلاپقا قاپسىلىپ ئۆزلۈكىدىن پۈتىدۇ.

پايدىلىق سۆز (4) بەزى ۋاقىتلاردا دۇبەيلە قايسى جايدا بولسۇن، ئۇنىڭ ئېغىزى يىراقتا ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن: ئومۇرتقا تۈۋرۈكى دۇبەيلىسى بەل مۇسكۇللىرى پەردىلىرىنىڭ ئىچىگە تارقىلىپ ئەسلىي ئورنىدىن يىراقتا ئاشكارا بولىدۇ. بۇ تۈردىكى دۇبەيلىلەردە ئەگەر نەشتەر ئۇرۇلسا يىرىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ئېقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى نەشتەرنىڭ ئورنى ئوفۇنەت مەركىزىدىن ناھايىتى يىراقتا بولىدۇ ۋە بۇ يەرگىچە يەتكۈزۈلۈشى قىيىن بولىدۇ.

چىقان (خۇراج، خۇراجى ھار)

ئەگەر چوڭ ھەجىمدىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلاردا يىرىڭ توپلانغان بولسا، بۇ خۇراج ياكى پورا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ، كىچىك ھەجىمدىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بەسۇرە (پەنسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يىرىڭنىڭ مەلۇم ئەزا توقۇلمىسى ئىچىگە توپلىنىشى خۇراج دەپ ئاتىلىدۇ.

ماددىسى ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئۇفۇنەتلەنگەن ماددىسى تارقالمىسا ۋە تەبىئەتنىڭ ئۇ توغرىسىدىكى تىرىشچانلىقى بىكار بولغان بولسا، مۇشۇ جايدا بۇ تەبىئي جەڭنىڭ نەتىجىسىدە يىرىڭ پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى گۆش تەركىبلىرىنى بۇزۇپ، بىر بوشلۇق ياسايدۇ ۋە ئۇستىدىكى تېرىنى يەپ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىرتقا ئېغىز ئالىدۇ.

سەۋەبى بىرەر ئەزانىڭ مەجرۇھ بولۇشى سەۋەبىدىن ياكى غەيرىي تەبىئىي ھارارەت ياكى سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن ئۇنىڭ ھاياتلىق كۈچى ئاجىزلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدا ئۇفۇنەتنىڭ مەلۇم مەركىزىنىڭ شەكىللىنىشى خۇراجنىڭ خاس سەۋەبى، دەپ ئاتىلىدۇ. خۇراج بىمارنىڭ ساغلاملىقى ئومۇمەن دەسلەپتىنلا بۇزۇلغان ۋە تولۇق بولمىغان بولىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئي كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز بولىدۇ.

خۇراجنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەردىن ئەگەر بىرەر ئەزا توقۇلمىسىدا ئۇفۇنەتنىڭ بىرەر مەركىزى شەكىللەنسە ۋە ئىچكى ياكى سىرتقى تەرەپتىكى ئۇفۇنەت پەيدا قىلغۇچى ماددا (ناچار تەنچىلەر) بۇ مەركەزگە كىرگەن بولسا، بۇ جايدىكى ماددىلارنى ئۇفۇنەتلەندۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئۇفۇنەتلەنگەن ماددىلار ئەتراپتىكى توقۇلمىلارغا تارقىلىپ، ئۆتكۈر ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ ۋە بۇ جايدا يىرىڭ پەيدا قىلىش ئەمىلىنى باشلايدۇ.

خۇراجنىڭ سەۋەبلىرى ① تەبىئەتنىڭ ئاجىزلىقى؛ ② ئۇفۇنەت قوبۇل قىلغۇچى مەركەز؛ ③ ناچار تەنچىلەرنىڭ كىرىشى.

خۇراج ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك خۇراج دۇبەيلە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى. بۇ يەردىكى خۇراجدا ئۆتكۈر خۇراج كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئالامىتى يىرىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئاغرىق كۈچىيىدۇ، تۇتۇش بىلەن تارتىشقاندەك مەلۇم بولىدۇ. يىرىڭ پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە پەسىيىش بولغانلىقىدۇر. كېسەللەنگەن توقۇلما ئىششىيدۇ، بۇ ئورۇندا ئاغرىق بىلەن ھارارەت ۋە قىزىللىقمۇ نامايان بولىدۇ. ئىششىق دەسلەپتە قاتتىق تەمەددۇد بىلەن بولىدۇ، لېكىن يىرىڭ پەيدا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەركىزى بۆلىكىدە يۇمشاقلىق ۋە ئېلاستىكلىق پەيدا بولىدۇ. ئىششىق ئومۇمەن لوقۇلداش بىلەن بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىكى ئەسلىي كېسەللەنگەن توقۇلمىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە بۇنىڭدا ھېس نېرۋىلىرىنىڭ كەم ۋە زىيادىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خۇراج ئىچىدە لوقۇلداشنىڭ مەلۇم بولۇشى ئۇنىڭدا سۇيۇق يىرىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بەزىدە يىرىڭ ئاز مىقداردا بولسا، بېسىش بىلەن لوقۇلداشنىڭ مەلۇم بولۇشىنىڭ ئورنىغا خۇراج

مەركىزىدە پەقەت ئېلاستىك بېسىم ۋە يۇمشاقلىق مەلۇم بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى قىزىتما بولىدۇ، بەزىدە جۇغ - جۇغ بولىدۇ. ئۆتكۈر سوغۇق ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. يۈزى قىزىل بولىدۇ ۋە بەدىنى تەرلەش بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. كېسەللەنگەن توقۇلمىنىڭ ئەتراپىغا ئىششىق بېسىمىنىڭ چۈشۈشى، نېرۋىلاردا غىدىقلىنىش ۋە قوزغىلىش پەيدا بولۇش سەۋەبىلىك بىمار ساغلام ئورۇنلاردىمۇ ئاغرىق ھېس قىلىدۇ. بەزىدە ئىششىق سەۋەبىدىن قىزىل قان تومۇرلارنىڭ دىۋارى بۇزۇلىدۇ ۋە قانايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ئەگەر مۇناسىپ بولسا قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، ئەگەر بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسا، پىشۇرۇش ۋە ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن، پىشۇرغۇچىلار زىمات قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھارارەت بىلەن چاپلاشقاقلىقمۇ بولسۇن تاكى تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلۇپ، تەبىئىي بەدەن ھارارىتى چىقىپ كېتەلمىسۇن، بەلكى ئۇ ئىچكى تەرەپكە قايتسۇن. تارقىلىشتىن ساقلانسۇن، يىرىڭ ياخشى پىشالىسۇن. مەسىلەن: ئاق لەيلى، زىغىر، گولىر، ئەنجۈر، بەتەم يىلىمى قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ زىغىر ئۇرۇقىنى قېلىن زىمات قىلىشمۇ ناھايىتى زىيادە ئومۇملاشقان. ئىسسىق ئۆتكۈزۈشمۇ بۇ ئورۇندا مۇشۇنداق تەسىر بېرىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ پىشىپ، ئۇنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن يېرىلمىغان شەرت ئاستىدا تۆشۈك ئېچىش ھەمدە نەشتەرنى خۇراجىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا ئۇرۇش لازىم. مۇشۇ جاي ناھايىتى نېپىز ۋە كۆپۈشكەن بولىدۇ، يەنى تۆشۈكنى ئاستىنقى قىسمىنىڭ يىرىڭ ئاسانلىقچە چىقالايدىغان ئورنىدىن ئېچىش، لېكىن نەشتەرنىڭ يۆنىلىشى بەدەننىڭ ئۇزۇنىسىغا بولۇشى لازىم. ئەگەر قولتۇق ۋە يىرىقتا ئوخشاش ئېگىلىدىغان ئورۇن بولسا، بۇ جايدا نەشتەرنىڭ يۆنىلىشى تېرىنىڭ پۈرۈلۈش يۆنىلىشى بويىچە بولۇشى لازىم. پېشانىگە بۇ ئۇسۇل قوللىنىلمايدۇ. بەلكى بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلىش لازىم. چۈنكى پېشانىنىڭ پۈرمىلىرى قىيپاش بولىدۇ ۋە تالالارنىڭ ھالىتى پۈرمىلەرنىڭ ئەكسىچە ئۇزۇنىسىغا بولىدۇ. ئەگەر نەشتەر ئۇرغاندا پۈرمىلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قىلىنسا، پېشانە مۇسكۇلى قاش ۋە كۆز ئۈستىگە چۈشىدۇ. ھەكىم ئەندەرۇماخىس خاتالىق بىلەن بىر شاھزادىنى مۇشۇنداق قىلغان ئىدى.

ئاندىن كېيىن ئىچىدىكى يىرىڭ، مەينەت نەرسىلەر ۋە زەرداب سۇ كونا پاختا بىلەن تازىلىنىدۇ ۋە پۈتتۈرگۈچى مەلھەم سۈركىلىدۇ. بۇ قەلەي كۈشتىسى، تۇتىيا، ئانارگۈلى، موزا، خۇنسىياۋشان ۋە ئەنزىرۇتقا ئوخشاش دورىلاردىن ياسالغان بولسۇن. نەشتەر ئۇرغاندىن كېيىن نىم سۈيى بىلەن زەخىمنى يۇيۇشمۇ پايدىلىقتۇر.

ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ ئىچىدىكى ماددىلار زىيادە بولسا، بىرلا قېتىمدا

چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك.

ئەسىرە سەرارىنىڭ كۆپلۈكىدۇر. ئەسراھ ئەزالارنىڭ پۇرۇلۇشىگە ئېيتىلىدۇ. بۇ ئۇمۇمەن تېرىنىڭ قاتلىنىشىدىن ئاشكارا بولىدۇ. بۇ پۇرمە ئۇمۇمەن بۇ شەكىلدە بولىدۇكى، ئۇنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى تالالارنىڭ يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولمايدۇ. بەلكى بۇ پۇرمە بۇ يەردىكى تالالارنىڭ يۆنىلىشىنىڭ بۇ شەكىلدە ئىككەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ (نەفىيس).

ئەسكەرتىش دەسلەپتە كېسەللەنگەن ئەزانى ئېگىز قويۇش ۋە ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق لازىم.

پۇتۇشىنىڭ كىچىكىشى ئەگەر تۆشۈك ئاچقاندىن كېيىنمۇ بىرەر خۇراجدىن ئارقمۇئارقا يىرىڭ چىقىپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئېغىزى ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىكى ياكى ماددىلار ئۇنىڭ خالتىسىدا توسۇلغانلىقى ياكى بىمارنىڭ ھاياتلىق كۈچى شۇقەدەر ئاجىزلاپ، نورمال پۇتۇشىنىڭ تەس بولغانلىقى ياكى كېسەللەنگەن ئەزانى ئارام ئالدۇرۇپ، تىنچلىق بىلەن قويمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى خۇراجنى داۋالاش ئۈچۈن ھۆللۈكنىڭ ئاسان چىقىپ كېتىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. بىمارنىڭ ئۇمۇمىي ساغلاملىقىنى ياخشىلاش، كېسەللەنگەن ئەزانى ئارام ئالدۇرۇپ، تىنچ قويۇش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈردىكى خۇراجدا كەڭ ۋە چوڭ تۆشۈك ئېچىش لازىم. ئەگەر خۇراجنىڭ بوشلۇقىدا يىرىڭلىق كىچىك - كىچىك خالتا شەكىللەنگەن بولسا، بۇنى ئېچىپ ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش لازىم.

دەممۇل (دۇنبەل)

تېرە بەزلىرىنىڭ ئىششىقىدىن بۇ خۇراج پەيدا بولىدۇ، بۇ دەممۇل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى خۇراجنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلگەن بۆلەك بىر تۈگۈنچە شەكىللىنىدۇ، بۇ ئۇممۇلقھ (كىل) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇممۇلقھنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن خۇراج زەخمىسى ناھايىتى تېز پۈتىدۇ.

دەممۇل ئەسلىدە چوڭ ۋە چىلغوزا شەكىلدىكى مۇدۇر - چاقىدۇر، بۇنىڭ رەڭگى قىزىل ۋە دەسلەپتە ئاغرىيدىغان بولىدۇ. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە خۇرۇجاتلارنىڭ (ئۆتكۈر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقلارنىڭ) بىر تۈرىدۇر. بۇنىڭ باشلىنىشى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى تارقاپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا يىرىڭ شەكىللىنىش بولىدۇ. ئۇمۇمىي قائىدىكى خۇراج قانچە زىيادە ئېگىز ۋە ئۇچلۇق بولسا، ئۇنىڭ ماددىسىدا ئۆتكۈرلۈك شۇقەدەر زىيادە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سوغۇق يىرىڭلىق ئىششىقلار (دۇبەيلات) نىڭ سىرتقى يۈزىدە بۇ تۈردىكى ئۇچلۇقلۇق، ئېگىزلىك بولمايدۇ. بۇنىڭ ئېگىزلىكى تەكشى ۋە ياپىلاق

بولىدۇ. چىلغوزا شەكىللىك بولمايدۇ.

ئەسكەرتىش: چۈنكى بۇ بىر تۈرلۈك ئۆتكۈر خۇراج بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ئالامەتلىرى ئۆتكۈر خۇراجنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر قان بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قويۇق ۋە بۇزۇلغان ھۆللۈك بىرلىشىدۇ. بۇ، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە قان پەيدا قىلغۇچى غىزالارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىچىك قان تومۇرلار تولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ، بۇ يۇمشاق ئەزالارنىڭ توقۇلما ئارىلىقلىرى ۋە بوشلۇقلىرىغا قان ئېقىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ئۆتەشمە يول ۋە تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنى كېڭەيتىشى ۋە ئەتراپتىكى توقۇلمىلارنى بېسىشى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن بولىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، غىزا ئازايتىلىدۇ، گۆش ھەم تاتلىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سىركەنجىۋىل ئىچكۈزۈلىدۇ. دەسلەپتە ئۈچ كۈنگىچە ماددىنى قايتۇرغۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلاردا قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ يىغىلىشقا باشلىسا، تۇخۇم ئېقى ۋە ئىسپىغۇل زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ يىغىلسا يىرىڭنى پىشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئەنجۈر، بەتەم يېلىمى، كۇنۇچە ئۇرۇقى، سۈت، ھەسەل ياكى بۇغداي ئۇنى قاتارلىقلارغا ئاز مىقداردا بۆرە ئەرمىنى ۋە زىغىر يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ، ناۋادا بۇ پىشسا بىرەر ئېغىز ئالدۇرغۇچى زىماتقا زۆرۈرىيەت كەم چۈشىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسى ئۆتكۈر بولىدۇ. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ تىلاغا بۆرە ئەرمىنى، بۇغداي ئۇنى ۋە ھەسەل چۈشىدۇ. بۇلار خۇراجنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

ئەگەر دەممۇل چىلغوزا شەكىللىك بولۇشنىڭ ئورنىغا يۇمىلاق ياكى ياپىلاق بولسا، بۇ ئۇنىڭ ماددىسىنىڭ قويۇق بولۇپ، تېرىگە ئۆزلىشىپ سىرتقا چىقالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈرى كۆپىنچە ئۈچ ياكى ئۈچتىن زىيادە ئورۇنلاردا ئېغىز ئالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇچى ئۇچلۇق بولغان دەممۇل بىرلا ئورۇندىن ئېغىز ئاچىدۇ. بۇ تۈردىكى دەممۇلدا ئېغىز ئالدۇرغۇچى دورىلارغا زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ، مەسىلەن: خېمىرتۇرۇچ، كەپتەر مايىقى، كۇنۇچە ئۇرۇقى، ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك. بۇ بارلىق نەرسىلەر تۇخۇم سېرىقى ۋە ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

دورىلاردىن نەشتەر ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن نەفىيس قوشۇمچە قىلغان: «لېكىن ئۇ دورىلاردىن ياخشىراقى نەشتەر ئۇرۇشتۇر، چۈنكى ئۇ دورىلاردىن تېرىنىڭ بىر بۆلىكىدە چوقۇم ئوفۇنەتلىنىش ۋە بۇزۇلۇش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زەخىم تېز ياخشى بولمايدۇ.»

ئەگەر دەممۇل يېرىلسا ۋە يىرىڭ چىقىپ كەتسە، گۆش پەيدا قىلغۇچى مەلھەم مەلھەمى مۇنبەتە چېپىلىدۇ. بۇ ئانارگۈلى، خۇنسىياۋشان، موزا، كۈمۈش رەڭلىك چىۋىن، موم ۋە ياغ قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، يەنى زەخىمدە ھۆللۈك ۋە يىرىڭ كۆپ بولسا ۋە ئۇ بوشاشقان بولسا، قاقاچ باغلاتقۇچى دورىلار (زەرۇراتى خاتىمە) سېپىلىدۇ. مەسىلەن: ئانارگۈلى، مۇرمەككى، سەبرە، زەرچىۋە، موزا قاتارلىقلار.

ئەسكەرتىش ئەگەر دەممۇل ئېغىز ئېلىپ يارا شەكلىگە ئۆزگەرسە يارىغا ئوخشاش ئىلاج قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئىچكى تەرەپتىن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ: مەجۇنى ئۆشبىدىن يەتتە گىرام يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى چۆپچىنىدىن 144 گىرامغا چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىترىفىل شاھتەررىدىن توققۇز گىرام يېگۈزۈلىدۇ.

يۇمشاق ئىششىق (ۋەرەمى رەخۇ)

ۋەرەمى رەخۇنىڭ يۇنانچە نامى ئۇۋزىمادۇر. بۇ بىر ئاق ۋە بوشاشقان ئىششىقتۇر. بۇنىڭ بىلەن ھارارەت ۋە ئاغرىق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ سۇيۇق ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشى ۋە قۇيۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاق (رەڭسىز) بولىدۇكى، ئۇنىڭ ماددىسى رەڭسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بوشاشقان بولىدۇكى، ماددىسىدا ھۆللۈك كۆپ بولىدۇ، بۇ ئەزالارغا كىرىپ يۇمشاقلىق ۋە بوشاڭلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ماددا قانچە سۇيۇق بولسا، ئىششىق شۇقەدەر يۇمشاق بولىدۇ ۋە ئاسانلىقچە بېسىلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرى قىزىللىق، ئېچىشىش، ھارارەت ۋە ئاغرىقتۇر. بۇلاردىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىرەرىمۇ بۇنىڭدا تېپىلمايدۇ. لېكىن بەزىدە بۇ ئۈچ ئالامەت تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىلىپ قېلىش سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنىڭ بىر مىسالىدۇر. ۋەرەمى رەخۇ ئادەتتە زەرداب ھۆللۈكلەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆك قان تومۇرلار ياكى لىمفا كاناللىدىن سىرغىپ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلارغا توپلىنىدۇ. كاناللاردىن زەردابلارنىڭ سىرغىشىنىڭ سەۋەبى ئادەتتە كاناللارنىڭ تارىيىشى بولىدۇ، بۇ قان ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ تەبىئىي ئېقىشىغا توسالغۇ بولىدۇ، بۇ تۈردىكى توسالغۇدىن دەسلەپتە قان تومۇرلار تولۇپ تەمەددۇدلىنىدۇ، ئاندىن تەمەددۇد سەۋەبىدىن ئۇلار سىرغىشقا باشلايدۇ. مۇشۇ سەۋەب بولىدۇكى، ۋەرەمى رەخۇ ئادەتتە باشقا كېسەللىكلەر ۋە ئاپەتلەر (جىگەر ئىششىقى، بۆرەك ئىششىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلار) نىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇزۇنغىچە ئۆرە تۇرۇشتىن پۇتلاردا ۋەرەمى رەخۇ بۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇكى، ئۆرە تۇرغان ھالەتتە دەسلەپتە پۇت تومۇرلىرى تولۇپ تەمەددۇدلىنىدۇ. ئەسلىي سەۋەبلەر ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلەر ئېتىبارى بىلەن

ۋەرەمى رەخۇنىڭ بىرقانچە تۈرى بولىدۇ، بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ۋەرەمى رەخۇدا بەزىدە بۇخارات ۋە يەللەرمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇ ھۆل گانگرېنادا كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئىششىقتا بىرئاز قاتتىقلىق چوقۇم بولىدۇ، ئاساسەن بۇنىڭدا بىرئاز ئېغىرلىقمۇ چوقۇم بولىدۇ، باسقاندا بارماق پېتىپ كېتىدۇ ۋە بېسىشنىڭ تەسىرى بۇنىڭدا ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ. يەنى ۋەرەمى رەخۇنىڭ ماددىسىنىڭ ھەرىكىتى سۇس بولىدۇ ۋە بۇ تەركىبلەر ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ، ئۇزۇندا قايتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يەللەردىن پەيدا بولغان كۆپۈشتە ئۇ بېسىش بىلەن ۋەرەمى رەخۇغا ئوخشاش بېسىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا بېسىشنىڭ نىشانى قالمايدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى ئەسلىي كېسەللىكلەر ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ ئۆز ئورنىدا سۆزلىنىپ بولغان، مەسىلەن: جىگەر ئىششىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، بۆرەك ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش. پۇتتىكى ۋەرەمى رەخۇدا پۇتنى ئېگىز قويۇش ئىككىلەمچى ھالەتتە بۇنى يوق قىلىدۇ. سىرتقى تەرەپتىن داۋالاش، مەسىلەن: زىمات قىلىش، ئۇۋۇلاش قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە ۋەرەمى رەخۇنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق تارقىلىشىغا تولۇق ياردەملەرنى بېرىدۇ، بۇ ئەسلىي داۋالاش ئەمەس.

سەمەرقەندى: بەلغەمنىڭ مۇسھىلى يېگۈزۈلىدۇ، ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر تەرك قىلىنىدۇ، سىركە ۋە سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ بۆرە ئەرمىنى بىلەن زىمات قىلىنىدۇ. زەيتۇن يېغى ۋە تۇز بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ. گۇلابتا رەختنى ھۆللەپ بەللۇت، ئۈزۈم ياغىچى كۈلى بىلەن ئىششىق ئۈستىگە قويۇپ تېڭىلىدۇ.

ياكى تىلائى تەرھەل ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۇز، ئۈزۈم ياغىچى كۈلى، كالا تېزىكى، سېرىقچېچەك، سەبرە ۋە سىركىدىن ياسالغان بولسۇن.

يەلدىن بولغان ئىششىق (ۋەرەمى رىھى)

يەلدىن بولغان ئىششىقنىڭ بىر تۈردە يەل ئەزالار جەۋھىرى (ئۇلارنىڭ بوشلۇقلىرى ۋە تۇقۇلما ئارىلىقلىرى) دىكى ئورۇنلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇنى ۋەرەمى رەخۇ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئېتىبار بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. يەنە بىر تۈردە يەل بىر ئورۇنغا، يەنى بىرەر ئەزانىڭ بوشلۇقىغا توپلىنىدۇ، ئۇنىڭ نامى نەفخە (كۆپۈش) دۇر. بۇ تۈردىكى يەللەر ۋە بۇخارات ئەزالارنىڭ توقۇلمىسى ھەم ئۇلارنىڭ جەۋھىرىگە كىرەلمەيدۇ، بەلكى مەلۇم بىر ئورۇنغا توپلىنىدۇ. مەيلى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە ئوخشاش ئەزالارنىڭ بوشلۇقىغا ۋە مەيلى بىرەر باشقا ئورۇنلارغا، مەسىلەن: سۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەردىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا، مۇسكۇللار ۋە ئۇلارنىڭ

پەردىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا توپلىنىدۇ.

ئالامىتى بۇ ئىششىق پۈۋلەنگەن تۇلۇمغا ئوخشاش يەڭگىل بولىدۇ، بارماق بىلەن ناھايىتى ئەستە بېسىلىدۇ ۋە بېسىشنىڭ تەسىرى دەرھال يوقىلىدۇ. چۈنكى يەللەر دەرھال ھەرىكەت قىلىپ، يۆتكىلىپ كەتكەن ئورنىغا دەرھال قايتىپ بارىدۇ.

داۋالاش قورساقنى كۆپتۈرگۈچى ۋە يەللەرنى پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر تەرك قىلدۇرۇلىدۇ، غىزاسىغا يەڭگىل ۋە ئاسان سىڭىدىغان نەرسىلەر تاللاپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارپا ئۇنى ۋە تېرىقنى ئىسسىتىپ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ ياكى ئۈزۈم ياغىچى كۈلى، يۇلغۇن دەرىخى، ئۇبھەل، سەرۋە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

خالتىسىمان ئۆسمە (سەلئە ۋە ئەيبە)

بۇ كېسەللىك سەلئە، ئەيبە ، رەسۇلى، تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرىپى سەلئەنىڭ تەرىپى توغرىسىدا ئىختىلاپ بار.

1. بەزىدە سەلئە ياكى رەسۇلى ئۇقۇمى ناھايىتى چوڭ چۈشەنچىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەدەندە ئاشكارا بولغان ھەر خىل غەيرىي تەبىئىي ئىششىقلارنى سەلئە دەپ ئاتايدۇ.

2. بەزى كىشىلەر سەلئەنىڭ تەرىپىنى تۆۋەندىكىدەك قىلىدۇ:

سەلئە بىرخىل ئۆسمە كېسەللىكىدۇر. بۇ ھايات توقۇلمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. مەيلى ئۇ تەبىئىي توقۇلما بولسۇن ياكى نورمالسىز توقۇلما بولسۇن. تەبىئىي توقۇلما ئىنسان بەدىنىنىڭ تەبىئىي توقۇلمىلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان توقۇلمىلاردۇر، مەسىلەن: سۆڭەك توقۇلمىسى، كۆمۈرچەك توقۇلمىسى، نېرۋا توقۇلمىسى، مۇسكۇل توقۇلمىسى قاتارلىقلار. نورمالسىز توقۇلما دېگەندە، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان توقۇلما كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر سەلئە تەبىئىي توقۇلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ئورنى ۋە مىقدارىدىن ئىبارەت ئىككى ئېتىبارى بىلەن نورمالسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىقدار كېسەللىكى ۋە ئورۇن كېسەللىكى تۈرىگە كىرىدۇ.

3. بەزى كىشىلەر سەلئەنىڭ ماھىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: سەلئەدىن مەقسەت، بىر ھالەتكىچە يېتىپ بېرىپ توختايدىغان ياكى چوڭىيىۋېرىدىغان، مەلۇم ئاشكارا سەۋەبى بولمىغان ۋە بەدەنگە بىرەر پايدىلىق باغلىشى بولمىغان، مۇئەييەن ئاخىرلىشىش چېگراسى بولمىغان ۋە بىرەر مەخسۇس قائىدە ھەمدە ئاخىرلىشىش شەكلى بولمىغان نورمالسىز كېسەللىك

يەنى يېڭى ئۆسۈشتۇر.

شۇڭلاشقا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق (ئىلتىھاب)، ھۆللۈكلەر سىرغىش ۋە قۇيۇلۇش، يەللەر توپلىنىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ۋە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق، كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار سەۋەبىدىن، بۇ ئىششىق ۋە كۆپۈشۈش قايسى جايدا پەيدا بولسا بۇنى سەلئە ئۇقۇمى بىلەن ئاتىمايدۇ. شۇنىڭدەك نورمالسىز جىسىملار، ئانورسىما، ئورنىدىن قوزغالغان سۆڭەكلەر باشلىرىنىڭ كۆپۈشۈشى ۋە ئەزالاردىكى نورمالسىز ھالەتلەر، مەسىلەن: ئۈچەيلەر چىقۇقى، بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدا پەيدا بولىدىغان ئىششىق ۋە كۆپۈشلەرمۇ سەلئەتلار قاتارىغا كىرمەيدۇ.

شۇنىڭدەك بۇ تونۇش ئېتىبارى بىلەن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئېگىزلىك ۋە ئارتۇقلۇقلار رەسۇلى دەپ ئاتالمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەمىشە قىسقا ۋاقىتتا تېزلا بىر تالالىق توقۇلمىغا ئۆزگىرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى سەۋەبىدىن توقۇلما ئىچىدە پەيدا بولغان نەرسىلەر ئۈچۈن بىر مۇئەييەن ئاخىرلىشىش چېگراسى بولىدۇ. بەزىدە ئۇلار تولۇق يوقايدۇ ياكى ئىككىلەمچى ھالەتتە ئۆز ھەجمىنى كېمەيتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ تونۇشتىن بىرەر ئەزانىڭ نورمالسىز چوڭىيىشىمۇ بۇ تۈرگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئادەتتە ئۇنىڭ تەبىئىي پائالىيىتىمۇ كۈچلۈك ۋە تېززەك بولىدۇ ياكى بۇ، قىسمىدىكى تۇغما ھالەتتە چوڭ بولىدۇ ياكى چېنىقىش ئارقىلىق چوڭىيىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردە بىرەر يېڭى توقۇلما بولمايدۇ، بەلكى ئەسلىي تەبىئىي توقۇلمىنىڭ پەرۋىشى بولىدۇ. بەزىدە تۇغما ھالەتتە بىرەر ئەزا ياكى ئەزانىڭ بىرەر بۆلىكى ئارتۇق تۇغۇلىدۇ، مەسىلەن: ئارتۇق بارماقلىق. بۇ گەرچە بۇ تونۇشتىن ئاسانلىقچە چىقىپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن تېبابەتچىلىك ئۇقۇمى بىلەن رەسۇلى سانالمايدۇ.

نەدبە — زەخمە ئىزى، بۇ زەخىم پۈتكەندىن كېيىن قالغان ئىزنى كۆرسىتىدۇ.

4. سەمەرقەندى سەلئەنىڭ تەرىپىنى تۆۋەندىكىدەك قىلىدۇ:

سەلئە (رەسۇلى) ئۇ قېلىن ئىششىقتۇر، بۇ مۇسكۇل بىلەن تۇتاشمايدۇ، بەلكى دەسلىك ھالەتتە ئايرىم بولىدۇ، ھەرىكەت بېرىش بىلەن ئالدى - ئارقا، ئوڭ - سول ھەر تەرەپكە ئايلىنىدۇ، بۇ ئىششىق نوقۇتتىن تاۋۇز چوڭلۇقىغىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خالتىسى بولۇپ، ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ.

سەلئەنىڭ پەرۋىشى ئۇلارنىڭ غىزالىرى باشقا توقۇلمىلارنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەدەننىڭ ئىچىگە كىرگەن ماددىلاردىن بولىدۇ.

سەۋەبى سەلئەنىڭ سەۋەبلىرى تا ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، لېكىن دەسلەپتە بۇزۇق

خىلىتلار ۋە بۇزۇلغان قان سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، دەپ قارالغان ئىدى. قەدىمكى زاماندا بۇ ئاتا - ئانىسىدىن بالىلىرىغا ئىرسىيەت قالىدۇ، دەپ قارىلغان. لېكىن ھازىرغىچە بۇنى تەھقىقلىگىلى بولمىدى ھەمدە كۆزىتىش ۋە ئېنىقلاش بىلەن بۇ تەرەپكە تولۇق كىرىشىش بولمىدى. ھازىرغىچە سەلئەنىڭ ئومۇمەن بىرەر ئاپەت ياكى قوزغاتقۇچى سەۋەبتىن پەيدا بولىدىغانلىقى ئازراق مەلۇم بولدى. بۇ غەيرىي تەبىئىي ئۆسۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن: يەرلىك ئورۇنلۇق غىدىقلىنىش، زەربە تېگىش، بېسىلىش ۋە بەزى دورىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت غىدىقلىشى ۋە قوزغىتىشى قاتارلىقلار. شۇڭلاشقا ئەمچەك سەلئەسىنى زەربە تېگىش تەرەپكە، كالپۇك سەلئەسىنى يۈزەكى تېرە پۈركۈلىشىنىڭ غىدىقلىنىشى تەرەپكە ۋە كەشمىر كىشىلىرىدىكى قورساق دىۋارى سەرتانى سەلئەسىنى يۇقۇندا توپىلارنىڭ غىدىقلىشى ۋە ھارارىتى تەرەپكە مەنسۇپ قىلىدۇ. بۇ توسۇقتا ئوخشاش قورساق تېمىنىڭ ئالدىغا ئېسىلىپ تۇرىدۇ.

تۈرلىرى ئالامەتلىرى ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئېتىبارى بىلەن سەلئەنىڭ سەلئە سەلىمە (ياخشى سۈپەتلىك سەلئە) ۋە سەلئە (يامان سۈپەتلىك سەلئە) خەبىسە دەپ ئىككى چوڭ تۈرى بولىدۇ.

ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە: ئۇنىڭ توقۇلمىسىنىڭ بۇ تۈرى بەدەننىڭ بىر بۆلىكىدىن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇ تارقالغان بولىدۇ. بۇ ئومۇمەن بىر غىلاپقا يۆگىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدىكى بەزلەر لىمفا بېزىگىچە ئۇنىڭ ماددىسى يېتىپ بارمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئىككىلەمچى شەكىلدە ئۆسمىلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆسمىلەردە يىرىك شەكىللىنىش ۋە ئۇلارنىڭ توقۇلمىسىدا باشقا ماددىغا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا داۋالاش بىلەن تولۇق ساقايتقاندىن كېيىن قايتىلانمايدۇ. خەتەرسىز ئۆسمىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاغرىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ ھەمدە ئۆزى تۇرغان ئورۇندىكى قوشنا ئەزالارغا بېسىم سېلىپ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەڭپۇڭسىزلاشتۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى ۋاقىتلاردا ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ.

يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەر بۇ ئۆسمىلەر يېيىلىدۇ ھەمدە يىراقتىكى ئەزالارغىچە يېتىپ بارىدۇ، بەزى ئۆسمىلەر خاس دەرىجىگە يېتىپ بېرىپ، يىرىڭلايدۇ، بۇنىڭدىن يىرىڭ ۋە بۇزۇلغان نەرسىلەر كۆپلەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ماددىسى ئەتراپتىكى تۇتاش بەزلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇ ئۆسمىلەرنى مۇكەممەل شەكىلدە كېسىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئىككىنچى قېتىم پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ۋاقتىدا كېسىپ تاشلانمىسا خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئۇنىڭ توقۇلمىسى بۇ توقۇلما بىلەن ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭدا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى شەكىلدە كەم قانلىق ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلاش مەۋجۇت بولىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن بىلەن سەرتانمۇ خەتەرلىك ئۆسمىلەردىن

سانىلىدۇ.

ئۆسمىلەرنىڭ توقۇلما ئېتىبارى بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى: توقۇلما ۋە تەركىبى ئېتىبارى بىلەن ئۆسمىنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بولىدۇ. بۇلار بۇ يەردە قىسقىغىنە بايان قىلىندى. سەمەرقەندى ئۆسمىلەرنىڭ تۆت تۈرىنى ئېيتقان.

1. مايلىق ئۆسمە (شەھمىيە): بۇنىڭ رەڭگى ۋە قىيامى مايغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن شەھمىيە دەپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ماددىسى قويۇق ۋە سوغۇق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل بولىدۇ ھەمدە بېسىش بىلەن بېسىلمايدۇ. شەھمىيە ھەممىدىن قاتتىق بولىدۇ ۋە ئۇنى تۇتقاندا بىرئاز ئاغرىقمۇ بولىدۇ.

ماي ئۆسمىسى بەزىدە غىلاپ ئىچىدە چەكلەنگەن بولىدۇ ۋە بەزىدە يېيىلغان بولىدۇ. بۇ، ئۆسمىلەرنىڭ ئاددىيراق قىسمىدۇر. كۆپرەك تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ناھايىتى چوڭ (35 كىلوگىرامغىچە) بولىدۇ.

2. ھەسەلدەك ئۆسمە (ئەسەلىيە): بۇنىڭ رەڭگى ۋە قىيامى ھەسەل بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن نامى ئەسەلىيە دەپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ماددىسى نىسبەتەن سۇيۇق ۋە لەتىپ بولىدۇ. بۇنىڭدا بىر ئاز ئوفۇنەتمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ ھەمدە بېسىش بىلەن بېسىلىدۇ. لېكىن يىرىڭ سەۋەبىدىن كەم بېسىلىدۇ ۋە دەرھال قايتىدۇ.

3. ھالۋىدەك ئۆسمە (ئاردھالىيە) (ئاردھالىيە ھالۋىغا ئوخشاش دېگەن مەنىدە): بۇ ئۆسمە ھالۋىغا ئوخشىغانلىقتىن شۇنداق نام قويۇلغان. ئاردھالىيە پارسچە سۆزدۇر، ئاردنى پارس تىلىدا ئۇن، ھالەنى سېرىقماي دەپ ئاتايدۇ، بۇ قايماقتىن ئېرىتىپ چىقىرىلىدۇ. ئاردھالىيە ئۇن ۋە سېرىقمايدىن مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ياسالغان قويۇق ھالۋىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ماددىسى ئىككىنچى تۈرى يەنە ھەسەلگە ئوخشايدىغان ئۆسمىنىڭ ماددىسىدىن قويۇق ۋە قۇرۇق بولىدۇ. سەۋەب بۇ قويۇق ۋە قارىغا مايىل بولىدۇ.

ئەسىدە — سېرىقمايدا پىشۇرۇلغان خېمىرنى كۆرسىتىدۇ.

4. قويۇق سۈتسىمان ئۆسمە (شىرازىيە): بۇ شىرازىيەگە ئوخشاش ئاق ۋە قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان. شىرازمۇ پارسچە سۆزدۇر، يەنە بۇ سالىن ئۈچۈن ئېيتىلغان، بۇ قويۇق ھالۋىغا ئوخشاش سۈتتىن ياسىلىدۇ.

شەيخ ۋە جۇرجانى: ئۆسمىلەرنىڭ قىيامى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئۆسمىلەرنىڭ قىيامى گۆش (لەھمى) كە ئوخشاش بولىدۇ (گۆش ئۆسمىسى). بەزىسى ئەسەدىيە (لىئى) گە ئوخشاش، بەزىسى ھەسەلگە ئوخشاش بولىدۇ. بەزىسىنىڭ ماددىسى قۇرۇق بولىدۇ.

ئەگەر بۇ تىلىنسا، ئۇنىڭ بوشلۇقىدىن گۈرۈچكە (ئەرزىن) ئوخشاش نەرسىلەر چىقىدۇ.

باشقا تۈرلىرى شىلىمشىقسىمان (بەلغەمى) ئۆسمە: بەلغەمگە ئوخشاش ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يۈز، دوۋساق، ئۈچەيلەر، نېرۋىلار ۋە يۇلۇندا بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا گۆش ئۆسمىسى بىلەن بولىدۇ.

يېلىمسىمان ئۆسمە يېلىمغا ئوخشاش ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ كۆزنىڭ تورسىمان قەۋىتى، مېڭە ۋە يۇلۇندا پەيدا بولىدۇ.

تالاسىمان ئۆسمە بۇ تالالىق توقۇلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇنىڭ قاتتىق ۋە يۇمشاق ئىككى تۈرى بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ ئاددىي بولىدۇ. بەزىدە گۆشسىمان ئۆسمە شەكىللەندۈرۈپ ناچار بولىدۇ.

كۆمۈرچەكسىمان ئۆسمە سۈزۈك كۆمۈرچەككە ئوخشاش توقۇلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قاتتىق بولىدۇ، كۆپىنچە بەلغەمى سۆڭەكلەرنىڭ سىرتى ياكى ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ بەزلەردە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئەمچەك، ئۈرۈقدان قاتارلىقلاردا ۋە بەزىدە ئۆپكىدە تېپىلىدۇ.

سۆڭەكسىمان ئۆسمە سۆڭەك توقۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۆپرەك ئۇزۇن سۆڭەكلەرنىڭ باشلىرى ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ قاتتىق بولىدۇ ھەمدە بىرەر نېرۋا ئۈستىگە بېسىم چۈشمىگىچە بۇنىڭدا بىرەر ئاغرىق سېزىلمەيدۇ.

چىشسىمان ئۆسمە چىشلارنىڭ توقۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئادەتتە يۇقىرىقى ۋە ئاستىنقى جاغلارنىڭ ئىچكى بوشلۇقلىرىدا ۋە چىش يىلتىزى ئەتراپىدا پەيدا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ تۈردىكى ئۆسمىدە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا جاغلارنى دەستىكار قىلماي، ئۇنى سىرتقا چىقىرىش قىيىن بولىدۇ.

نېرۋا ئۆسمىسى بۇ نېرۋا غىلاپلىرىغا تۇتاشقان ھالەتتە بولىدىغان ئۆسمىدۇر. ھەقىقىي نېرۋا ئۆسمىسىدە ھەقىقىي نېرۋا توقۇلمىسى بار بولۇپ، بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. نېرۋا ئۆسمىسى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى توقۇلما نېرۋا توقۇلمىسى بىلەن ئازراق ئوخشىشىدۇ. نېرۋا ئۆسمىسىدە بەزىدە ھەرىكەت يوقىلىدۇ، ئىستىرخا بولىدۇ ۋە بەزىدە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

قان تومۇرسىمان ئۆسمە بۇ، غەيرىي تەبىئىي قان تومۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆسمىدۇر. يەنى يېڭى تومۇرلار غەيرىي تەبىئىي شەكىلدە پەيدا بولىدۇ. ئانورىسما ۋە داۋالى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. بۇ تۈردىكى ئۆسمىنىڭ رەڭگى بەزىدە شوخ قىزىل ۋە بەزىدە قارىغا مايىل بولىدۇكى، بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭدا يارا پەيدا بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا قاناشقا باشلايدۇ. قان تومۇر ئۆسمىسىنىڭ بىر قىسمى سەلئەت كەھفىيە ياكى كېڭىيىشچان توقۇلما ئۆسمىسى (سەلئە ئىنتىسابىيە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا قىزىل قان تومۇرلار ۋە كۆك قان تومۇرلارنىڭ ئارىسىدا

كەڭرى بوشلۇقلار ۋە بىكار جايلار بولىدۇ (كەھف - غار). بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ توقۇلمىسى زەكەر ۋە ئەمچەكنىڭ كېڭىيىشچان توقۇلمىسىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈلسە، بۇ يوقىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قېنى تۇتاش تومۇرلارغا تارقىلىدۇ.

لىمفا كانىلىسىمان ئۆسمە بۇ، لىمفا كانىلى ياكى ئۇنىڭ بوشلۇقلىرىدا بولىدىغان ئۆسمىدۇر. بۇ ئومۇمەن تىل، تېرە، بويۇن، قولتۇق ۋە كۆكرەك دىۋارىدا پەيدا بولىدۇ.

مۇسكۇلسىمان ئۆسمە بۇ، مۇسكۇل تاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۆسمىدۇر. ئومۇمەن بالىياتقۇ ۋە مەزى بېزىدا، ئاز ساندا باشقا ئورۇنلاردا، مەسىلەن: تۇخۇمداندا بولىدۇ.

يۇلۇنسىمان ئۆسمە بۇنىڭ ماددىسى يىلىككە ئوخشاش يېلىمسىمان بولىدۇ. بۇ سۆڭەكنىڭ يىلىكىدىن باشلىنىدۇ، بۇ قىزىل ياكى پىدىگەن رەڭلىك بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا تومۇرلار كۆپ بولىدۇ.

گۆشسىمان ئۆسمە بۇ بىر ناچار ئۆسمىدۇر، بۇنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى راكقا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تېۋىپلار بۇنى راك قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. بۇ گۆشنىڭ بىر مەخسۇس توقۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ماددىسى كۆمۈرچەكسىمان ياكى سۆڭەكسىمان بولىدۇ، بۇنىڭدا قان تومۇرلار كۆپ بولىدۇ. بۇ تۈردىكى ئۆسمە ناھايىتى تېز يارا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قان ئاقىدۇ، بۇنى كولاش بىلەن سۈتسىمان ھۆللۈك چىقىدۇ. بۇ تۈردىكى بەزى ئۆسمىلەر دەسلەپتە غىلاپ ئىچىدە چەكلەنگەن بولىدۇ ۋە بەزىدە غىلاپسىز بولىدۇ. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا تۇتاش توقۇلمىلارغا يېيىلىدۇ. ئۇلاردىن بەزى ئۆسمىلەرنىڭ تارقىلىشى شۇقەدەر تېز بولىدۇكى، بىر يىل ئىچىدە ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ، ئۇ ئۆسمىلەردىن دائىم ناھايىتى كۆپ قان ئاقىدۇ، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا بۇ لوقۇلدىغۇچى ئۆسمىگە ئايلىنىدۇ. گۆشسىمان ئۆسمىنى كەسسە، ئوچۇق ئۆز رەڭگىدە مەلۇم بولىدۇ. لېكىن قان تومۇرلارنىڭ كۆپ ۋە ئازلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاق، سارغۇچ، قېنىق قىزىل، قارا، كۆك قاتارلىقلار. ئۇ ئۆسمىلەرنىڭ ناچار ماددىلىرى بىلەن ئۆپكە، جىگەر، باشقا ئىچكى ئەزالار ۋە بەزلەردە ئىككىلەمچى شەكىلدە بۇ تۈردىكى ئۆسمىلەر پەيدا بولىدۇ.

تارىمۇش توقۇلمىسىنىڭ بىر مەخسۇس غەيرىي مۇكەممەل تۈرى:

ئەمچەك توپچىسىمان ئۆسمە ھەلمە ئەمچەك توپچىسىنىڭ نامىدۇر. بۇ، ئەمچەك توپچىسىنىڭ يۈزەكى تېرىسىنىڭ يۈزىدىن كۆپۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆسمىدۇر. بۇ كۆپۈش ئەمچەك توپچىسىغا ئوخشىتىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە قان تومۇرلار بولىدۇ ۋە ئۈستىدە يۈزەكى تېرە بولىدۇ. بۇ ياخشى ئۆسمىلەرنىڭ تۈرىدىندۇر. بۇ پەقەت تېرىنىڭ سىرتقى بۆلىكى ئۈستىدە سۆگەل ۋە مونەكچە شەكىلدە بولىدۇ، بۇ تۈردىكى ئۆسمە بەزىدە دوۋساق، ئۈچەيلەر ۋە تۈز ئۈچەينىڭ

شىللىق پەردىسىدە ۋە بەزى ۋاقىتلاردا سۈت كانىلىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى ئەمچەك توپچىسىمان سۈت كانىلى ئۆسمىسى بولىدۇ.

بەزسىمان ئۆسمە بۇمۇ خەتەرلىك ئۆسمە ئەمەس، بۇ، سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقارغۇچى بەزلەردە پەيدا بولىدۇ ۋە بۇنىڭ توقۇلمىسى، ئۇ بەزلەرنىڭ توقۇلمىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۆسمىلەردە ئۇ بەزلەرنىڭ ھۆللۈكلىرى ياسالمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا كاناللار بولىدۇ. بۇ بىر غىلاپقا قاپسالغان بولىدۇ. بۇ ھەربىر بەز توقۇلمىسىدا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئەمچەك، قالقانبەز، مەزى بېزى ۋە ئۇرۇق بېزى قاتارلىقلار.

مەزكۇر ئۆسمىلەر(سەلئاتلار) نى داۋالاش ئۆسمىلەرنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلى شۇكى، ئەگەر مەۋقە ۋە مەسلىھەت يول قويسا ئۇلارنى تولۇق كېسىپ ئېلىۋېتىش، غىلاپلىق ئۆسمىلەردە ئۆسمىنى تولۇق غىلاپى بىلەن سىرتقا چىقىرىۋېتىشكە ۋە ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكى قېپقالماسلىققا تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن تامامەن ئېلىۋېتىش مۇمكىن بولمىسا، قالغان تەركىبى ئۈچۈن بۇ ئورۇن داغلىنىدۇ. گۆشسىمان ئۆسمىدەك ناچار ئۆسمىلەردە كېچىكتۈرۈش ۋە بوشاڭلىق قىلىش راۋا ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ تېزلىك بىلەن يېيىلىدۇ. بۇ ئورۇننى دەستىكار ئارقىلىق يوقىتىش مۇمكىن بولمىسا، بۇ جايدا راكنىڭ ئۇسۇلىغا رىئايە قىلىنىدۇ.

سەمەرقەندى: ئەگەر ئۆسمە چوڭايسا، ئۇنىڭ ماددىسىنى تارقىتىش مۇمكىن بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا ئىككى ئۇسۇلدىن باشقا چارە يوق.

1. بۇنى بۇزغۇچى دورىلار بىلەن خاراب قىلىش؛

2. ياكى ئۆسمىنى يېرىپ پەردىسى بىلەن (بۇ ئۆسمىنىڭ خالتىسى دەپ ئاتىلىدۇ) چىقىرىپ تاشلاش.

بۇزغۇچى (خاراب قىلغۇچى) دورىلار ئوشەق، كەرنۇب يىلتىزى كۈلى، ھاك، سوپۇن، زەرنىخ قاتارلىقلارغا گۈل يېغى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

يېرىش ئۇسۇلى بولسا، ئۆسمىنىڭ ئۈستىدىكى تېرىنى سايمانلار بىلەن خالتا ئىچىدىكى ماددىلار ساق - سالامەت چىققۇچە ئوبدان تىلىش، چۈنكى ئۆسمە ئەگەر زەھەرلىك خالتىسى بىلەن چىقمىسا ۋە ئازراق ئىچىدە قېپقالسا، ئۇنى چىقىرىش قىيىن بولىدۇ ھەمدە ئىششىق قايتىلىنىدۇ (نەفىيس).

ياغسىمان ئۆسمىگە تارقاتقۇچى ۋە بۇزغۇچى دورىلار ئازلا پايدىلىقتۇر. ئۇنى داۋالاشتا تىلىپ چىقىرىۋېتىشتىن باشقا ئىلاج يوق. بۇ ئۈستىدە بايان قىلىندى. دەسلىپىدە بەزى ۋاقىتلاردا بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە تارقاتقۇچى مەلھەملەردىن مەلھەمى داخلىيۇن قاتارلىقلار ۋە باشقا تارقاتقۇچى زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۇلار پەقەت تەجرىبە (سىناق) شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

خالتىلىق ئۆسمە (ئەيبات)

خالتىسىمان ئۆسمىلەر ئومۇمەن ئىچىدە بوشلۇقلىرى بولغان ئۆسمىلەردۇر. بۇ بىرقەدەر يۇملاق بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىنى بىر ئايرىغۇچى پەردە ئەستەرلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە بىرەر سۇيۇق ياكى سەل ئېقىشچان ماددا تولغان بولىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز ئازادىلىك بىلەن قارىمۇقارشى ھالەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خالتىلىق ئۆسمە بەزىدە ئىلگىرىكى كىچىك بوشلۇقلارنىڭ كېڭىيىشىدىن، بەزىدە باشقا توقۇلمىلارنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. بەزىدە تامامەن يېڭىدىن پەيدا بولىدۇ. تېرە خالتىسىمان ئۆسمە ئادەتتىن تاشقىرى ئورۇنلاردا بولغان ئۆسمىلەردۇر. بۇنىڭ بوشلۇقلىرىنى تېرە ياكى شىلىلىق پەردە ئورايدۇ. بەزىدە خالتىلارنىڭ ئىچىدە تېرە قوشۇمچىلىرى، مەسىلەن: چاچ، تىرناق بولىدۇ ۋە بەزىدە ئۇنىڭ ئىچىدە چىش، سۆڭەك قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ. بۇ خالتىسىمان بوشلۇقلار ياغلار ياكى بەلغەمى ماددىلار بىلەن تولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە قالقانبەز قاتارلىقلارغا ئوخشاش توسۇلغان ۋە كانىلى يوق بەزلەرنىڭ بەزى بوشلۇقلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن خالتىلار شەكىللىنىدۇ. بوغۇملارنىڭ بەلغەمى خالتىلىرى تەبىئي كىچىك بولىدۇ. بەزىدە كېسەللىك ھالىتىدە چوڭىيىدۇ، ئۇنى ئەيباتى زۇلالىيە دەپ ئاتايدۇ. لىمفا خالتىسىمان ئۆسمىلىرى لىمفا كانىلى بوشلۇقلىرىنىڭ يېيىلىشىدىن شەكىللىنىدۇ، دەپ قىياس قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىگە بىر سۈزۈك تەبنى (كېپەك) رەڭلىك ھۆللۈك تولغان بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بويۇن، قولتۇق ۋە كۆكرەكلەردە پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بىرەر بوشلۇققا قاننىڭ قۇيۇلۇشىدىن خالتا پەيدا بولىدۇ. بۇ قانلىق خالتىدۇر (كىسى دەمەۋى). بەزىدە بىرەر بەزنىڭ كانىلى توسۇلۇپ قېلىش ۋە ئۇنىڭ تەبىئي ھۆللۈكىنىڭ توختىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە خالتا پەيدا بولىدۇ (تۇتۇلۇشتىن بولغان خالتا). بۇ تۈردىكى خالتا ھەرقانداق بەزىدە شەكىللىنىدۇ.

ئىكياسۇلغەرەس: بەزىدە تېرە ياكى شىلىلىق پەردىنىڭ سىرتقى قەۋىتى (يۈزەكى تېرە) ئاستىنقى تېرە بىلەن بىرلىشىدۇ ياكى ئاستىنقى شىلىلىق پەردە توقۇلمىسىغا قوشۇلىدۇ ۋە بۇ جايدا خالتا شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ تۈردىكى خالتىسىمان ئۆسمىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىرەر ئۆتكۈر قورال بىلەن تىلغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

غەرەس — تەشمەك، سانجىش.

بەزى ۋاقىتلاردا نورمالسىز تەنچىلەر بىرەر ئۇسۇلدا ئادەم بەدىنىگە كىرىدۇ ۋە ئەتراپىدا غىلاپ

ياسايدۇ، بۇنىڭدىن خالتىسىمان ئۆسمە شەكىللىنىدۇ.

قۇرتلارنىڭ خالتىسىمان ئۆسمىلىرى بۇ قۇرتلارنىڭ ياشاپ، كۆپىيىش ھەرىكىتى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بولىدۇ، بۇلاردىن بەزى تۈرلەر جىگەر، بۆرەك ۋە مېڭە قاتارلىقلاردا بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى يۇقىرىقى ئۆسمىلەرگە ئوخشاش داۋالىنىدۇ.

بەزلەر ۋە تۈگۈنچىلەر (غۇدەد ۋە ئۇقەد)

غۇدەد غۇددەنىڭ كۆپلۈكىدۇر (بەزلەر).

ئۇقەد ئۇقدەنىڭ كۆپلۈكىدۇر (تۈگۈنچىلەر).

بەزلەر تەبىئىي يەنى ئەسلىي، غەيرىي تەبىئىي يەنى ئىككىلەمچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەسلىي بەزلەر، مەسىلەن: تىل تۈۋى بەزلىرى (ئەسلۇل لىسان)، بۇ شۆلگەي پەيدا قىلىدۇ. مەنىي خالتىسى ئەتراپىدىكىسى مەزى پەيدا قىلىدىغان بەزلەردۇر. (مەزى بېزى) بەزى بەزلەر بويۇن، قولتۇق ۋە يوتىدا بولىدۇ، بۇ ئورۇنلارنى تولدۇرىدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ تومۇرلار بۆلۈنىدۇ ۋە شاخلايدۇ.

ئىككىلەمچى بەزلەر بۇ، ئەسلىي بەدەننىڭ ئۆسمە ۋە كۆپۈشۈشلىرىگە ئوخشاش يەنى ئۆسمە، مونەكچە قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئىككىلەمچى بەزلەر قاتتىق تەنچىلەردۇر، بۇ قويۇق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. مەيلى بۇ ماددا سەۋداۋى ياكى بەلغەمى بولسۇن. لېكىن كۆپىنچە بەلغەملا بولىدۇ.

پەرقى بۇ بەز بىلەن ئۆسمىنىڭ پەرقى شۇكى، بۇ ئۆسمىگە ئوخشاش چوڭايمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆسمىگە ئوخشاش غىلاپمۇ بولمايدۇ، ھەم بەزلەر يۇمشاق بولماي بەلكى قاتتىق بولىدۇ. ئۆسمە مەيلى ماي ئۆسمىسىگە ئوخشاش قاتتىق قىسمىدىكى بولسىمۇ، بۇنىڭدا ئازراق يۇمشاقلىق چوقۇم بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: غىلاپ ئۆسمىدىمۇ بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن نەفىس بۇ سۆزگە نارازىلىق بىلدۈرگەن.

داۋالاش مەلھەمى داخلىيۇن زىمات قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغۇشۇننىڭ بىر ئېغىر پارچىسى مەزمۇت باغلىنىدۇ تاكى ئۇنىڭ بېسىمى چۈشسۇن. بۇنىڭ بىلەن بەزلەر بەزىدە

تارقىلىپ يوقاپ كېتىدۇ ۋە بەزىدە يۇمشاپ، كىچىكلەيدۇ. ئەگەر بۇ يۇمشىسا يۇمشاق ئۆسمىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ.

فۇجىشلا: بەز ئىششىقلىرىدىن بىر مەخسۇس قىسمىنىڭ نامى فۇجىشلادۇر. فۇجىشلا قۇلاقنىڭ كەينىدە پەيدا بولىدىغان بەزگە ئېيتىلىدۇ.

داۋالاش باشقا بەزلەرنىڭ ئىششىقلىرىغا ئوخشاش بۇنىڭمۇ ئىلاجىنى قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس دورا گونكى كۆلىدۇر. بۇ تۈز قوشۇلمىغان كونا ياغ بىلەن چېپىلىدۇ. گونكى كۆلى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ ھەممە ياغ ئىششىقنى يۇمشىتىپ ۋە بوشىتىپ تارقىتىدۇ ياكى نىيۇلى كۆلى قىرۇتى ۋە سەۋسەن يېغى بىلەن چېپىلىدۇ. نىيۇلى كۆلى قاتتىق تارقاتقۇچىدۇر ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم قىلغۇچىدۇر. ئىششىق بۇنىڭدىن بوشايدۇ ۋە يۇمشايدۇ.

بەزگە ئوخشاش كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار بەزىدە بەزلەرگە ئوخشاش كىچىك - كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى تىلىشتۇر. ئەگەر ئىچىدە ئازراق قويۇق بەلغەم ۋە باشقىلار بولسا، بۇنى پاكىزلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغۇشۇن تېگىش تاكى بۇنىڭ ئېغىرلىقى ۋە بېسىمى بىلەن ئىككىنچى قېتىم قايتىلانمىسۇن.

تۈگۈنچىلەر: تۈگۈنچىلەر بەزىدە ھازىرغىچە توپلىنىپ بولالمىغان ۋە بەزلەرنىڭ شەكلىگە ئۆزگەرمىگەن ماددىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ گۆشتىن خالىي ئورۇنلاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: پۇت، ئالىقان دۈمبىسى ۋە پېشانە ئۈستىدە بولىدۇ.

بۇ، پىندۇق ۋە ياڭاق قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولىدۇ، بېسىش بىلەن يېيىلىپ يوقىلىدۇ. بۇ بەزىدە ئاغرىيدۇ ۋە بەزىدە ئاغرىقسىز بولىدۇ.

ساھىب كامىل سانائە ۋە ئىبنى ئەبى سادىق قاتارلىقلار ئوچۇق ئېيتقانكى، تۈگۈنچىلەرنىڭ بۇ قىسمى ھازىرغىچە توپلىنىپ بەز شەكلىگە ئۆزگەرمىگەن ماددىدىن پەيدا بولىدۇ. سەۋەبى، بۇ ئايرىم - ئايرىم بولۇپ قايتىدۇ، ئەگەر تولۇق توپلانغان بولسا، بۇ تارقىلالمايدۇ ۋە قايتالمايدۇ.

داۋالاش ئەگەر ئاغرىقسىز بولسا، ئىلاجى ياغاچ بىلەن (بۇ تارقالغۇچىلىك) سۈركەش ۋە ئېزىش، ئاندىن كېيىن سەبرە، رۇسۇت، ئاقاقىيا، بېلىق يېغى قاتارلىقلارنى زىمات قىلىش ۋە ئۈستىدىن قوغۇشۇننىڭ ئېغىر پارچىسىنى ئېلىپ مەزمۇت تېگىش، بۇنىڭ پايدىسى ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر ئاغرىق بولسا قىرۇتى چېپىش، تارقاتقۇچى نۇتۇللار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاسمان رەڭلىك سەۋسەن يىلتىزى، ئاق لەيلى يىلتىزى، زۇپا، ئىكلىلملىك، زىغىر،

بابۇنە، سوقۇلغان زاراڭزا قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى نۇتۇل قىلىنىدۇ.

يوشۇرۇن سۆگەل تۈگۈنلەر بەزىدە گۆش يەنى گۆشكە ئوخشاش بولىدۇ. يەنى ئىچىدىكى نەرسىلەر بەزلەرنىڭ گۆشىگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ بىرىنچى تۈرنىڭ ئەكسىچە بەدەننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈگۈنچىلەر قاتتىق بولىدۇ ۋە بۇنى يوشۇرۇن سۆگەل دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ سۆگەللەرگە ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. ئىبنى ئەبى سادىق ۋە ئىبنى ھەبىل تەلخىيس مەسائىل ھۇنەييىننىڭ شەرھىدە يازغانكى، بۇ تۈرنى ئۆسمىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان، بۇ ئۆسمىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە سۆگەلنىڭ كىچىك - كىچىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان (ھەر ھالدا ئۇنى ئۆسمە دېيىش زىيادە ياخشىدۇر).

داۋالاش بۇ سۆگەلنى گۆشتە بولغان شەرت ئاستىدا كېسىپ تاشلاش، بۇنىڭ ئۇسۇلى گۆشنىڭ بۇ تۈگۈنچە ياسىغان بۆلىكىنى كېسىپ چىقىرىش. ئەگەر گۆشنىڭ ئاستىدا بولسا، زىماتلار بىلەن ئۇلارنى يۇمشىتىش. ئۇنى چىقىرىشتا قاتتىق يېقىمسىزلىقنىڭ خەتىرى بار. ئېھتىمال بىرەر نېرۋا ياكى قىزىل قان تومۇر ياكى كۆك قان تومۇر ئۈزۈلۈشى مۇمكىن.

نېرۋىلار تۈگۈنچىلىرى بەزىدە ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكەت ۋە كۈچەش بىلەن نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللاردىمۇ تۈگۈنچىلەر بولىدۇ.

بۇ تۈردىكى تۈگۈنچىلەر ئۆسمىگە ئوخشاش كۆپۈشكەن بولىدۇ ۋە بېسىلىدۇ. لېكىن ئۆسمە بىلەن بۇنىڭدىكى پەرق شۇكى، ئۆسمە ھەر تەرەپكە ھەرىكەتلىنىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئوڭ - سولغا سىلجىيدۇ.

داۋالاش ئاز كۈنلەرگىچە تاكى تۈگۈنچىلەر يۇمشاپ ۋە بوشىغۇچە ياغ سۈركىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ھامامنىڭ ئىچىدە كېرىلدۈرۈلىدۇ ۋە بەدەن تارتىلىدۇ تاكى ماددا تارقالسۇن.

قاتتىقلىقلار ۋە تۈگۈنچىلەر بەزىدە نېرۋىلارنىڭ يېرىلىشى يەنى ئۇزۇنىسىغا يېرىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇسكۇل باشلىرى ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئۈزۈلۈشىدىنمۇ ساقايغان ۋاقىتتا، نېرۋىلاردا قاتتىقلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن باشقا ئەزالاردىمۇ سۇنغان سۆڭەكلەرنىڭ تۇتىشىدىن كېيىن قېتىشلار ۋە تۈگۈنچىلەر پەيدا بولىدۇ.

نەفىيس تۈگۈنچىلەر (قاقاچلار) قاتتىق ۋە ئاق تەنچىلەردۇر، بۇ دەسلەپتە تانىت (ئوقەپ) كە ئوخشاش بولىدۇ، يەنى سۆڭەك ۋە كۆمۈرچەكنىڭ جىپسىلىشى مۇشۇ مەنىدىندۇر. سەۋەب ئەگەر ئۇ تۈگۈنچىلەر بوغۇم ئورنىدىن يىراقلاشتۇرۇلسا سۇنغان سۆڭەك قاتارلىقلارنىڭ بوغۇمى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. بۇ تۈگۈنچىلەر بەزىدە غەيرىي تەبىئىي شەكىلدە ئەزالارنىڭ

ھەرىكىتىدە تۇسالغۇ پەيدا قىلغۇدەك چوڭ بولىدۇ، جۈملىدىن بۇ بوغۇم ئەتراپىدا بولغان چاغدا.

داۋالاش ياغلار، ھايۋانات ياغلىرى ۋە سۆڭەكلەرنىڭ يىلىكلىرى بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، تاكى بۇ بوشاشسۇن. ئەگەر بۇنىڭ پايدىسى بولمىسا، بۇ ئورۇننى تىلىپ گۆشنى ئايرىپ تۈگۈن قىرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېگۈچى مەلھەم چېپىلىدۇ تاكى ئۇ تۈگۈننى يېسۇن.

راك ۋە قاتتىق ئىششىق (سەرتان ۋە سىقرۇس)

سەرتاننىڭ مەنىسى دېڭىز قىسقۇچپاقىسىدۇر: سۇلەھفاتىنىڭ مەنىسى تاشپاقىدۇر. سەرتان ۋە سىقرۇس ئىككىسى بىرلا تۈردىندۇر، يەنى سەرتاننىڭ تۈرىگە سىقرۇس كىرىدۇ، دېيىش توغرا بولسا، سىقرۇسنىڭ تۈرىگە سەرتان كىرىدۇ دېيىشمۇ، خاتا بولمايدۇ.

قاتقان ئىششىق (سىقرۇس، ۋەرەمى سەلىب، سەلابە، سۇلەھفا)

قاتقان ئىششىق يەنى قاتتىق ئىششىقنىڭ يۇنانچە نامى سىقرۇستۇر. سىقرۇسنىڭ مەنىسىمۇ يۇنان تىلىدا «قاتتىق ئىششىق» تۇر.

سىقرۇس بارماقلارنىڭ كۈچىشى بىلەن قارشىلىشىدىغان ئىششىقتۇر. يەنى بېسىش بىلەن ئاسانلىقچە بېسىلمايدىغان ئىششىقتۇر. بۇنىڭدىكى قاتتىقلىق دۇنيادىكى ئىششىقلارنىڭ بۇنىڭدىن زىيادە قاتتىق دېگىلى بولىدىغان بىرەرىمۇ تېپىلمايدىغان دەرىجىدە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى تاشپاقا، قاتتىق ئىششىق ۋە سىقرۇس بولىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ. بۇنىڭدا تالالار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. كۆپىنچە ئەمچەكلەردە كۆرۈلىدۇ ھەم مەزى بېزى، ئاشقازان ئاستى بېزى ۋە ئاشقازاننىڭ چىقىرىش ئېغىزى ئورنى ساھەسىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسىلسە قاتتىقلىق بىلەن كېسىلىدۇ ۋە كەسكەن ۋاقىتتا بىزار قىلىدىغان ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. كېسىلگەن يۈزى ئاق، بىرقەدەر سېرىققا مايىل كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ يۈزى پىشمىغان نەشپۈت پارچىسى ياكى چامغۇر پارچىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

سىقرۇس ئاق (بەلغەمى) ۋە قارا (سەۋداۋى) دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بەزىدە ئىككىسىدىن مۇرەككەپ بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىككى قىسمى بولىدۇ. بىرى ئەسلىي يەنە بىرى ئىنتىقالى.

ئىنتىقالىدىن مەنە بۇكى، ئۇنىڭ ماددىسى بىرەر باشقا ئورۇندىن يۆتكىلىپ كېلىپ، يېڭى

ئۇرۇندا يېڭى سىقروس پەيدا قىلىدۇ.

سەۋداۋى   بۇ ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. ئىششىقنى تۇتقاندا سوغۇق بىلىنىدۇ. رەڭگى ئاسمان رەڭدە بولىدۇ. گويا ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇشلارنىڭ تۈكى ئۈنۈپ قالغاندەك بولىدۇ. چۈنكى تېرە كېپەكلىشىدۇ. ئاغرىقتىن خالىي بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىششىق ئورنىدا خالىس سىقروس بولغان شەرت ئاستىدا سېزىمىمۇ يوقىلىدۇ (سەمەرقەندى).

تۇتقاندا سوغۇق بىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش بۇنىڭدا ئېچىشىش ۋە ھارارەتنىڭ تەسىرلىرى تېپىلمايدۇ.

بەلغەمى   سىرتىدىن بەدەننىڭ رەڭگىدە كۆرۈنىدۇ. يەنى تېشى تەرەپ قىزىل، سېرىق، ئاق ۋە قارا رەڭلىكمۇ بولمايدۇ، تۇتقاندا سوغۇق بولىدۇ. يەنى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش ئىسسىق بولمايدۇ ھەمدە سەۋداۋى تۈرىگە سېلىشتۇرغاندا قاتتىقلىق ئازراق بولىدۇ.

ئەسكەرتىش   قاتقان ئىششىق يەنى سىقروس ئومۇمەن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلاردىن كېيىن بولىدۇ. يەنى قائىدىسىزلىك بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرنى كۆپ چاپىقاندا.

قاتقان ئىششىق سېزىمسىز ۋە ناھايىتى زىيادە قاتقان بولسا، ئۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا بىرئاز سېزىم قالغان بولسا، قاتتىقلىقمۇ بولمىغان بولسا، بۇ سىقروس غەيرىي خالىس دېيىلىدۇ يۇمشاتقۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. مەسىلەن: مەلھەمى داخىلىيۇن، ئۇشەق، مۇقەل، مىئەسائىلە، سۆگەكلەرنىڭ يىلىكى، ياغلار، ھايۋانات ياغلىرى، لۇئابلار ۋە باشقىلار چېپىلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە سەۋدا ۋە بەلغەمنىڭ مۇسھىلى بىلەن تەنقىيە قىلىنىدۇ (سەمەرقەندى).

سەمەرقەندىنىڭ داۋالىشى بىلەن زىيادە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىسە، سەرتاننىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىلاجى دەستىكار قىلىشتۇر. بۇ ئۆزى بىر خەتەرلىك ئەمەلدۇر. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

راك (سەرتان)

ئۆسمىلەر ۋە خالتىسىمان ئۆسمىلەر توغرىسىدا ئۆسمىنىڭ تەرىپى ۋە بىرلىكىدە نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپ بارلىقى ئېيتىلغان. بەزى كىشىلەر ئۆسمىلەر ئۇقۇمىنى راك ۋە قاتتىق ئىششىقمۇ ئۆسمىلەرگە كىرىدۇ، دەپ كېڭەيتىۋېتىدۇ. بەزى كىشىلەر راكنى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەردىن سانايدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولىدۇ:

بۇ تۈردىكى ئۆسمىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى تۇتاش توقۇلمىلار ئۈستىگە تارقىلىشتۇر. شۇڭلاشقا، تېرە راكى تېرىنىڭ توقۇلمىلىرى ۋە مۇسكۇللار قەۋەتلىرىگىچە تارقايدۇ. شۇنىڭدەك ئەمچەك قاتتىق ئىششىقى (بۇ ئەمەلىيەتتە سەرتاننىڭلا بىر قىسمىدۇر) كۆكرەك مۇسكۇللىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. راك ماددىلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە يىراقلارغىچە يېتىپ بېرىشىنىڭ ۋاستىسى لىمفا كانىلىدۇر. راك ئىچىدە قان تومۇرلىرى كۆپ بولىدۇ. راكتا ئۇنىڭ چېگراسى قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقى ۋە قەيەردىن ئەزانىڭ ساغلام بۆلىكى باشلىنىدىغانلىقىنى ئايرىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. بۇنىڭ جەرراھىيە ئەمەللىرىدە ئىنتايىن كەڭرىلىك بىلەن چوڭ - چوڭ ئەزالار كېسىپ تاشلىنىدۇ.

ئېنىق بولمىغان سەۋەبى: مىكروسكوپتا كۆزىتىشلەر ۋە مىكروب ئىلمى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، سەرتاننىڭ بىرەر ئېنىق سەۋەبى تاھازىرغىچە مەلۇم بولمىدى. لېكىن كۆپىنچە يەرلىك ئورۇنلۇق غىدىقلىنىش ھەمدە داۋاملىق غىدىقلىنىش ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئازراق تەسىر قىلىدۇ. شۇڭلاشقا كالپۇكىدا سەرتان پەيدا بولغان كىشىلەرنىڭ لەۋلىرىگە بىر سەۋەبتىن دائىملىق غىدىقلىنىش يېتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقىنى تاماكا قىلىپ چەككۈچىلەرنىڭ جاغلىرى ۋە گاللىرىدىمۇ بەزى ۋاقىتلاردا راك باشلىنىدۇ. خۇسۇسەن گاللىرىدا تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقى، فۇپەل كېچە - كۈندۈز بېسىقلىق تۇرىدىغان ۋە تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقى بىراسىنى ئېغىزدا قويۇپ ئۇخلايدىغان كىشىلەردە بولىدۇ.

سەرتان ماددىسى سەمەرقەندى: سەرتاننىڭ ماددىسى زىيانلىق، ناچار بولىدۇ، كۆپىنچە كۆيگەن سەۋدا بولىدۇ ۋە بەزىدە كۆيگەن سەپرا ياكى بۇزۇلغان بەلغەم بولىدۇ. راكنىڭ ماددىسى سىقروسنىڭ ماددىسى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. يەنى سىقروسنىڭ ماددىسىدا نىسبەتەن ئۆتكۈرلۈك ئاز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئاستا بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر راكنىڭ ئالامىتى دەسلەپتە باشلانسا، ئۇنىڭ ئىششىقى بادامدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بولىدۇ. ئاندىن كېيىن قانچىلىك كۈن ئۆتسە، شۇنچىلىك چوڭىيىدۇ. قاتتىقلىق ناھايىتى زىيادە بولىدۇ. ئاسمان رەڭگىدە بولىدۇ. شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ. تۇتقاندا ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ.

ئەگەر بۇ چوڭىيىشقا باشلىسا، راك يەنى دېڭىز قىسقۇچپاقىسىنىڭ پاچاقلىرىغا ئوخشاش قىزىل ۋە كۆك رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ ھەمدە بىر ياكى بىرقانچە ئىچكى يىلتىزلىرى بولىدۇ. بۇ بەدەننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى بۇ ئىششىق يۇمىلاق بولىدۇ ۋە ئەتراپىدا تومۇرلار بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىز قىسقۇچپاقىسىنىڭ شەكلىدە مەلۇم بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامىمۇ دېڭىز

قىسقۇچپاقىسى (سەرتان) دەپ قويۇلغان. بەزى كىشىلەر بۇ نامنىڭ سەۋەبىنى دېڭىز قىسقۇچپاقىسى ئۆزىنىڭ شىكارى ئۈستىگە چاپلاشقاندەك ئىششىقمۇ ئەزا توقۇلمىسى ئۈستىگە چاپلىشىدىغانلىقىدىن بولىدۇ، دەپ ئېيتقان (نەفىس).

يارىغا ئۆزگەرگۈچى راك بۇ راك يارا بولىدۇ. بۇنىڭ يارىسى قارا ۋە گىرۋەكلىرى قېلىن بولىدۇ ھەمدە ئۇ قىزىل ياكى كۆك ۋە سىرتقى تەرەپكە قايتقان بولىدۇ. بۇنىڭدىن سېسىق پۇراقلىق زەرداب ئېقىپ تۇرىدۇ (سەمەرقەندى). سەرتاننىڭ مەخسۇس شەكلى بۇدۇر.

تۈرلىرى بەزى خۇسۇسىيەتلەر ئېتىبارى بىلەن راك تۆۋەندىكىدەك تۈرلەردە بايان قىلىنىدۇ.

يۈزەكى تېرە راكى (سەرتانى) بۇ ئادەتتە تېرىنىڭ يۈزەكى قىسمىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمەن ئوتتۇرا ياشلار ۋە ياشانغانلاردا ھەمدە ئاز ساندا ياشلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان غىدىقلىنىشلارنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ، بەزىدە كونا زەخمىلەرنىڭ ئىزلىرى ۋە كونا يارىلاردا پەيدا بولىدۇ، بۇ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتتىن مەلۇم بىر خىل ھالەتتە كۆرۈلىدۇ: ① سۆگەلگە ئوخشاش ئۆسكەن ھالەتتە بولىدۇ. بۇنىڭ تۈۋى قاتتىق بولىدۇ؛ ② كىچىككىنە يۇملاق يارا ھالىتىدە بولىدۇ. بۇنىڭ گىرۋەكلىرى سىرتقا كېڭەيگەن ھەم كۆپۈشكەن بولىدۇ: ③ قاتقان يۈزدە تۆشۈككە ئوخشاش ھالەتتە بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ھالەتلەردە بۇ ئۆسۈشكە باشلاپ چوڭقۇر توقۇلمىلارغىچە چوڭىيىدۇ. سىرتقى يۈزى يارا بولىدۇ، يىرىڭلايدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن سېسىق پۇراقلىق مەينەت، ناپاك ھۆللۆكلەر سىرغىپ تۇرىدۇ. قوشنا لىمفا بەزلىرى ياكى يىراقىراق تېرە لىمفا بەزلىرى كېسەللىنىپ ئىششىيدۇ. ئەگەر دەرھال تولۇق داۋالاش قىلىنمىسا، بىمار ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش راك دائىرىسى يىراقلارغىچە تېرىدىن تېز كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەگەر قوشنا بەزلەر كېسەللەنگەن بولسا، ئۇلارمۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

يېگۈچى راك (سەرتانى ئەككالە): بۇ، بۇرۇن، قاپاق، كۆز بۇرجىكى ۋە يۈز ئەتراپىدا يۇملاق پارقىراق، ئېگىزلىك شەكلىدە دەسلەپتىلا ئاشكارا بولىدىغان بىر تۈردىكى سەرتاندۇر. بۇنىڭ ھەجمى تەدرىجي چوڭىيىدۇ. بۇ يۈزەكى تېرىنىڭ چوڭقۇر قەۋەتلىرىدىن باشلىنىدۇ. بىر ئاز مەزگىلدىن كېيىن تېرىنىڭ سىرتقى يۈزىمۇ يارىغا ئۆزگىرىدۇ. بۇ يارىنىڭ يۈزى تەكشى، مايلىق ۋە بېسىلغان بولىدۇ. بۇ ناچار تۈردىكى ئۈزۈمگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ گىرۋەكلىرى بىرقەدەر كۆپۈشكەن، قاتتىق ۋە سىرتقى تەرەپكە ئۆرۈلگەن بولىدۇ. ئومۇمەن بۇنىڭدىن ماددىلارنىڭ سىرغىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئاغرىق ناھايىتى يېنىك بولىدۇ ياكى

تامامەن بولمايدۇ. سەرتاننىڭ بۇ تۈرى لىمفا كاناللىرى ۋە بەزلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ ھەمدە بۇ باشقا ئەزالارغىچە تارقىلىپ، ئۇلاردا ئىككىلەمچى سەرتان پەيدا قىلمايدۇ. ئۆز ئورنىدا كېڭىيىپ ئەتراپىدىكى توقۇلمىلارنى بەربات قىلىدۇ ۋە يەيدۇ. ھەتتاكى سۆڭەكمۇ بۇنىڭ بۇزۇشىدىن ساقلىنىپ قالالمايدۇ. ئەگەر مېڭە سۆڭەك بۇزۇلسا مېڭە ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن 40 ياشتىن ئاشقان كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ.

بۇ سەرتاننىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇنىڭ ياشانغانلاردىكى سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

داۋالاش كەڭ دائىرىدە ئۇنىڭ پارچىسى كېسىۋېتىلىدۇ، يەنى كەم دېگەندە يېرىم قىراتقىچە يارىنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بەزى تۈردىكى نۇرلارمۇ بۇنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسمۇ زىيادە ئىشەنچلىك، خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلمەيدۇ.

يېلىمسىمان راك بۇ كۆپرەك قورساق بوشلۇقىدا، ئاشقازان، ئۈچەيلەر ۋە مايلىق پەردىلەردە پەيدا بولىدۇ. يەنى دەسلەپتە راكنىڭ بىرەر باشقا تۈرى بولىدۇ، بۇنىڭ ماددىسى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن يېلىم ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. چاپلاشقاق ۋە سۈزۈكرەك ماددا ئوخشاشمىغان ئورۇنلاردا تېپىلىدۇ.

شىللىق پەردە راكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھەزىم يوللىرىدا پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئەمچەك، جىگەر ۋە بالىياتقۇ بويىنىدا ۋە بەزىدە ئۈستۈنكى ئېڭەكنىڭ شىللىق پەردىسىدە پەيدا بولىدۇ. شىللىق پەردە ئۆسمىسى دەسلەپتە بىر ئېگىزلىك شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ. كېيىن چوڭقۇر توقۇلمىلارغىچە تارقايدۇ ۋە شىللىق پەردىنى بېسىپ ئۆتۈپ مۇسكۇل قەۋىتىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بىر ئاز مۇددەتتىن كېيىن بۇنىڭدا يارا بولىدۇ ھەمدە بۇ يارىدا راكنىڭ مەخسۇس شەكلى پەيدا بولىدۇ. يارىنىڭ گىرۋىكى قاتتىق، سىرتقا كۆپۈشكەن بولىدۇ، ئەتراپىدىكى بەزلەر ئومۇمىيۈزلۈك سەرتاندىكىدەك ئىششىيدۇ، ئاندىن بۇ كېسەللىك باشقا ئەزالارغىچە تارقايدۇ.

بەز راكى بۇ ئومۇمەن يەككە بەزلەردىن باشلىنىدۇ. قاتتىقلىق، يۇمشاقلىق ۋە تەرەققىيات ئېتىبارى بىلەن قاتتىق ئىششىق ۋە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك سەرتاندىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. (1) قاتتىق ئىششىقنىڭ بايانى يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى.

(2) ئۆتكۈر خاراكتېرلىك سەرتان: بۇ تۈردىكى سەرتان ئىنتايىن تېزلىك بىلەن چوڭىيىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قان تومۇرلار كۆپ بولىدۇ. بۇ قاتتىق ئىششىققا سېلىشتۇرغاندا، يۇمشاق بولىدۇ. ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار ۋە بەزلەرگە ناھايىتى تېز تارقايدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن

بۇنىڭدا يارىمۇ تېزلا شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بۇنى كەسسە ئىچىدىن يۇمشاق ۋە ئاقىقا مايىل نەرسە چىقىدۇ. بۇ نەرسە يىلىك بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. راكنىڭ بۇ تۈرى ئەمچەك، ئۈرۈقدان، بۆرەك ۋە باشقا بەزلىك ئەزالاردا بولىدۇ.

داۋالاش راكنىڭ يۇقىرى تۈرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلاجى شۇكى، ئەگەر مۇمكىن بولسا كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى ساغلام توقۇلمىلارمۇ يىراقىچە كېسىۋېتىلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئەزا تولۇق كېسىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېقىندىكى لىمفا بەزلىرى ۋە لىمفا كاناللىرىمۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر كېسىپ ئېلىۋېتىش ۋە دەستىكار قىلىش مۇمكىن بولمىسا، كۆپىنچە مۇشۇنداق ھالەتتە يارا يۈزى غىدىقلىنىشتىن ساقلاشقا تىرىشىلىدۇ. ھەتتاكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىرتقى يۇقۇملىنىش ۋە ئۇفۇنەتلىنىشتىن توسۇلىدۇ. يەنى بۇ يارىنى پاك پاكىز تۇتۇشقا تىرىشىلىدۇ. قوغۇشۇن مەلھىمى چېپىلىدۇ. باشقا دورىلارغا قارىغاندا، قوغۇشۇنلا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى خاس دورا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئومۇمىي بەدەن ساغلاملىقىنى مۇناسىپ دورىلار ۋە غىزالار بىلەن ياخشىلاشقا تىرىشىلىدۇ، ئەپيۇن ۋە ئەپيۇن جەۋھىرىنى ئىشلىتىش بىلەن ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى پەسەيتىلىدۇ. ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ. سۇ ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ، بەزىدە يەڭگىل مۇسھىل بېرىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سەرتاننى داۋالاشتا داغلاشمۇ قوللىنىلىدۇ. مەيلى ئوت بىلەن داغلانسۇن ياكى داغلىغۇچى دورىلار بىلەن داغلانسۇن، جۈملىدىن بۇنى تامامەن كېسىپ ئېلىۋېتىش مۇمكىن بولمىسا، بۇنىڭ ئاز قىسمى كېسىۋېتىلىپ، قالغان قىسمى داغلاش بىلەن داۋالىنىدۇ.

سەرتاننىڭ ئىلاجى يوقتۇر. خۇلاسە: تېۋىپنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ قويىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى سەرتاندۇر. بۇنىڭ ساقىيىشىدىن بىرەر ئۈمىد كۈتمەسلىك لازىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئۈچ مەقسەتلەردىن مەلۇم بىر مەقسەت نەزەردە تۇتۇلىدۇ: ① چوڭىيىشتىن توسۇش؛ ② يارىغا ئۆزگىرىشىدىن توسۇش؛ ③ يارا بولغان بولسا يارىسىنى پۈتتۈرمەسلىك، بەلكى بۇنى چوڭايتماسلىق، ئېچىشىش ۋە ئاغرىقنى توختىتىش.

بۇ ئۈچ مەقسەت تىلالار ۋە مەلھەملەرنى ئىشلىتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇ يارىغا ئۆزگەرگەن ياكى يارىغا ئۆزگەرمىگەن سەرتان ئۈچۈن قارابادىنىدا بايان قىلىنغاندۇر. بۇنىڭدىن بىر قىسمى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ: ① توسقۇچى (چوڭىيىشتىن توسقۇچى) دورىلاردىن گۈل يېغى، يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارغا قوغۇشۇننى سۈرۈپ، تۈگمەن تېشى ئۇۋۇندىلىرى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ؛ ② ساقلىغۇچى (سەرتاننى يارىغا ئۆزگىرىشتىن

توختىتىدىغان) دورىلار قەلەي كۈشتىسى، گۈل ئەرمىنى، كاھۇ ئۇسارىسى، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلار؛ ③ پۈتتۈرگۈچى (يەنى پۈتتۈرۈش كۈچى بولغان) دورىلاردىن قەلەي كۈشتىسى، يۇيۇلغان تۇتىيا قاتارلىقلارغا گۈل يېغى قوشۇپ چېپىلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق بەدەندىن سەۋداۋى ماددا تازىلىنىدۇ ھەم بەدەندىكى قان سۇيۇق، سۇدەك قىلىنىدۇ. بۇ مەقسەتتە ھۆل ۋە ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: چۈجە، ئۆچكە، پاقلان ۋە قۇم بېلىقى گۆشلىرى، قاپاق، ئارپا، سېمىزئوت كۆكى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ھۆللەشتۈرگۈچى شەربەتلەردىن شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نىلۇپەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش بۇ كېسەللىكنى تولۇق ساقايتىش ياكى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىش ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە بىرەر خاس چارە ياكى دورا مەلۇم بولمىدى. پەقەت ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرىنى كېمەيتىش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ. جەرراھىيە ئەمەللىرىنىڭ ياخشى نەتىجىسى كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئەزانى كېسىپ ئېلىۋەتكەندە بولىدۇ. لېكىن كېسىشتىن كېيىنمۇ كۆپىنچە بۇ ئىككىنچى قېتىم قايىنىتىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سەرتاننى كېسىش بىلەن كېسەللىك ئىچكى تەرەپكە يۆتكىلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى توسقۇچى دورىلار بىلەن داۋالىغاندا بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش بىھاجەتتۇر.

تۆۋەندىكىدەك ھالەتلەردە جەرراھىيە ئەملى دۇرۇس بولمايدۇ:

1. ئەگەر سەرتان بىرلا ۋاقىتتا بەدەننىڭ ئوخشاشمىغان بۆلەكلىرىدە پەيدا بولسا؛
2. ئەگەر بىمار ئاجىز بولسا ۋە بۇنىڭدا قان ئازلىقنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا؛
3. ئەگەر سەرتان تېز - تېز چوڭايغان بولسا؛
4. ئەگەر سەرتان دەستىكار ئارقىلىق بارلىق راك ماددىسىنى چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئورۇن ئۈستىدە بولغان بولسا.

سەرتاننىڭ داۋاسى يوق: بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەللامە نەفيسىنىڭ بايانىدا سەرتاننى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ، دېيىلگەن. چۈنكى بۇ سەرتان يارىغا ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ ماددىسى ئىنتايىن بۇزۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى پۈتتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئادەتتىكى تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ سەۋداۋى سەرتان ماددىسىنى تارقىتىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. ئەگەر بىز قاتتىق تارقاتقۇچىلارنى بېرىدىغان بولساق لەتىف تەركىبلىرى يوقىلىپ، قويۇق تەركىبلىرى قېپقىلىپ زىيادە قاتتىقلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇنىڭ پىششى ۋە يېرىڭ شەكىللەندۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ماددىسى كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ئۇنى كېسىش ۋە دەستىكار

قىلىشمۇ بۇ يەردە مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا قان تومۇرلار بولىدۇ. بۇ ئەتراپتىن ماددىلارنى سۈمۈرىدۇ ۋە ياردەم يەتكۈزىدۇ. بۇنى يىلتىزىدىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كۆپىنچە تومۇرلار يوشۇرۇن ۋە ئەزالار جەۋھىرىگە پاتقان بولىدۇ. ئەگەر كەسكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىر قان تومۇر قېپقالسا ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭدا بۇزۇلغان ماددا پەيدا بولۇپ، بۇ يەردە يەنە بىر سەرتان ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇنداق دەستىكار قىلىش بىمارنى ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ ۋە ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. بەزىدە بۇ ئەزادا چوڭ - چوڭ قىزىل قان تومۇر ۋە كۆك قان تومۇرلار بولىدۇ. بۇ دەستىكار قىلغان ۋاقىتتا كېسىلىدۇ ۋە يېرىلىدۇ ھەم قاناش پەيدا بولىدۇ، ئەگەر بۇ تېگىپ قويۇلسا، ساغلام ئەزالارغا ئاپەت تارقىتىدۇ ۋە يېڭى سەرتان پەيدا بولىدۇ. سەرتاننى داغلاشتا نۇرغۇنلىغان خەتەرلەر بار. جۈملىدىن بۇ رەئىس ئەزالارغا يېقىن بولغان چاغدا.

خانازىر (لىمفا بەز سىلى)

خانازىر خىنزىرنىڭ كۆپلۈكىدۇر، ئۇ توڭگۇزدۇر.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە توڭگۇزدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ نامى خانازىر دەپ قويۇلغان. چۈنكى توڭگۇزنىڭ قارنى ناھايىتى يامان، شۇڭا بۇنىڭدا ھەزىم بۇزۇلۇش بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ نامنىڭ سەۋەبىنى خانازىر بىمارلىرىنىڭ بويىنى توڭگۇزنىڭكىدەك بولىدىغانلىقى ھەمدە بويىنىنىڭ ئوڭ - سولغا ئېگىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان، دەپ ئېيتقان. بەزى كىشىلەر بۇ سەۋەبنى ئېيتقانكى، توڭگۇزنىڭ باللىرى ناھايىتى كۆپ بولغىنىدەك، خانازىردىمۇ بەزلەر كۆپلەپ بولىدۇ ياكى شۇنىڭ ئۈچۈنكى توڭگۇز قايسى جايدا ئۇچرىسا، توپلانغان بىر قانچىسى ئۇچرىغىنىدەك، خانازىر بەزلىرىمۇ بىر قانچىسى توپلانغان ھالەتتە ئۇچرايدۇ.

خانازىر بەزى ئەھۋاللاردا سەلئەگە ئوخشايدۇ. يەنى كۆپۈشكەن بولۇش، بېسىشنى قوبۇل قىلىش. بەزى ئەھۋاللاردا بۇنىڭدىن پەرقلىقتۇر. ئۇ پەرق شۇكى، بۇ سەلئەگە ئوخشاش گۆشتىن ئايرىم بولمايدۇ، بەلكى گۆش بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن بىرەر تەرەپكە ھەرىكەت قىلمايدۇ. لېكىن دەسلەپتە بەزىدە سەلئەگە ئوخشاش ھەرىكەتمۇ قىلىدۇ ھەم بۇ سەلئەدىن زىيادە قاتتىق بولىدۇ. خانازىرنىڭ ئورنى سىرتتىن تۈگۈنچىلەردەك كۆرۈنىدۇ.

خانازىر بەدەن يۈزىدىكى بەزلەر يەنى خاس بويۇن بەزلىرىدە پەيدا بولىدۇ، بەزىدە كۆكرەك، يىرىق، قولتۇق بەزلىرىمۇ ئىششىيدۇ.

خانازىر بەزلىرى كۆپىنچە بىرقانچە بولىدۇ ۋە بىر خالتا ئىچىگە سولانغان بولىدۇ. بەزىدە

ھەربىر بەز ئۈچۈن ئۆسمىگە ئوخشاش مەخسۇس بىر خالتا بولىدۇ. بىر بەزنىڭ ناھايىتى چوڭ بولۇشى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ.

ماددىسى خانازىر ماددىسى بۇ كېسەللەنگەن بەزلەر ئىچىدە بولىدىغان، تەرەققىياتى ئاستا ۋە ناچار ماددىدۇر. بۇ سىل ماددىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ماددىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاجىز بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تاماق سىڭمەسلىك قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىششىقى بەزى ۋاقىتلاردا يىللاردىن يىللارغىچە تۇرىدۇ.

ئىلگىرىكى سەۋەبى زۇكام، نەزلە، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، ئىرسىيەتلىك ۋە سىل پەيدا قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى باشقا سەۋەبلەر خانازىرنىڭ پەيدا بولۇشىغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

ئالامىتى دەسلەپتە ئىششىغان بەزدە ئاغرىق بولمايدۇ. ئايرىم - ئايرىم سېزىلىدۇ ۋە تېرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا ئاغرىق پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بەز بىرى ئىككىنچىسى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە تېرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن چاپلىشىدۇ. بەزىدە ئۇ پىشىپ يېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن سېرىق رەڭلىك ھۆللۈك كېلىشكە باشلايدۇ. يارا ياكى ناسۇر يىللارغىچە يېقىمسىزلىق بېرىدۇ. بەزىدە بۇنىڭدا يەڭگىل قىزىتما (ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما) مۇ بولۇشقا باشلايدۇ. بىمار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلايدۇ، بەزىدە خانازىرغا قوشۇلۇپ كېسەللىك ماددىسى ئۆپكىلەرگىچە يېتىپ ناچار سىل پەيدا قىلىدۇ.

ئەسكەرتىش بۇنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

داۋالاش سىلنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن بارلىق كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىنىدۇ. سۇ ۋە ھاۋانى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تاغلار ۋە دېڭىز ساھىللىرىغا بېرىشقا كۆرسەتمە بېرىلىدۇ. ھەممىدىن ياخشىراق داۋالاش ئۇسۇلى بۇكى كېسەللەنگەن بەز دەستىكار ئارقىلىق ئەھۋالغا قاراپ تامامەن ياكى قىسمەن بۆلىكى كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ ياكى ئىششىقنى تارقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەلھەم چېپىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: جەدۋار، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، مەلھەمى زەپەرگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

يەنە بىر مەلھەم نۇسخىسى: ئۇدخام، چاققاقئوت، كۆك تۇتىيا، مەدەستان، موم، كۈنجۈت يېغى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مومنى ياغدا ئېرىتىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ بۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىششىغان بەز ئۈستىگە چېپىلىدۇ.

كۈلانى سۇدا سۇرۇپ تىلا قىلىشمۇ پايدىلىق. بىر دانە چېپىكلىنى 60 گرام نىم يېغىدا كۆيدۈرۈپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ چېپىشمۇ پايدىلىقتۇر. ئەگەر بەزلەر پىشىپ يېرىلسا يارىنىڭ

ئىلاجى قىلىنىدۇ. قانىنى تازىلاش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن ئىچى تەرەپتىن تۆۋەندىكى نۇسخا ئەتىگەندە بېرىلىدۇ:

نۇسخا ئەفسەنتىن بەش گىرام، چۆپچىن يەتتە گىرام، ئاق قەنت 24 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شام ۋاقتىدا ئىككى بەرەنج پولات كۇشتىسىنى يەتتە گىرام مەجۇنى ئۆشبىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كەچكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىترىفىل غۇدۇدتىن توققۇز گىرام سۈت ياكى بىرەر مۇناسىپ ئەرەق بىلەن بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىق زۆرۈر ۋاستە ۋە چارىلەر تاللىنىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، بەزىدە سەنكىيانىڭ مۇرەككەباتى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ يېتەرلىك مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن يۆتەل، قىزىتما بولسا، سىلدا سۆزلەنگەن نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سەمەرقەندىنىڭ داۋالىشى: ئەگەر بەدەندە تولۇپ قېلىش بولسا ۋە بەدەن ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ خەتىرى بولمىسا، قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق قويۇق بەلغەمدىن بەدەن تازىلىنىدۇ. كۈچلەندۈرگۈچى، يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ. ئوچۇق ھاۋادا يەڭگىل چېنىقتۇرۇغۇزۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن تارقاتقۇچى زىماتنى چېپىپ ئىششىقنى تارقىتىشقا تىرىشىلىدۇ. مەسىلەن: قىچا، ياۋا ئىتئۈزۈمى ئۇرۇقى، كۆپۈكى دەريا، زىراۋەندە، مۇقەل، ئۇشەق، كونا زەيتۇن يېغى، موم قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ، زۇپتى، ياۋا پىياز، كەرنۇب يىلتىزى، كەبىر يىلتىزى، مۇقەل، تۇرمۇس، سىركە، ھەسەل، كونا زەيتۇن يېغى قاتارلىقلاردىنمۇ زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ.

خانازىردىكى ھەر خىل قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش ئۈچۈن مەلھەمى داخىلىيۇننىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى بار، جۈملىدىن ئەگەر گۈلسەۋسەن يىلتىزىنى ئېزىپ بۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن بەزلەردىكى ئىششىق تارقاپ كەتكەن بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا پىشۇرغۇچى ۋە ئېغىز ئالدۇرغۇچى زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: ئارپا ئۇنى ۋە تۇرمۇس زۇپتى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئىششىق ئېغىز ئالغاندىن كېيىن باشقا زەخىملەرگە ئوخشاش داۋالاش، يەنى ئېغىز ئالغاندىن كېيىن دەسلەپتە بۇزۇق ماددىلاردىن زەخمنى پاكىزلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: پەلدىپىيۇن ۋە دىگ بەردىگ چېپىش. ئۇنىڭدىن كېيىن سىرىقماي چېپىش تاكى پەلدىپىيۇن قانچىلىك بۆلەكنى بۇزسا، ئۇ چۈشۈپ كېتىپ، زەخم پاك، ساپ بولغان چاغدا مەلھەمى زەنگار زەخم پۈتكۈچە چېپىلىدۇ.

خانازىر تىنىيە (ئەنجۈرسىمان خانازىر) بۇ، خانازىرنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، يېيىلغان ھالەتتە بولىدۇ، تېرىدە زىيادە ئاشكارا بولمايدۇ. بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ (يارىغا ئۆزگىرىدۇ)، شەكلى گويا پىشمىغان ئەنجۈردەك بولىدۇ ھەم ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىدۇ. بۇ خانازىرنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىكى ھەممىدىن يامان تۈرىدۇر.

داۋالاش بۇنى داۋالاشتا دەستىكار قىلىش ئارقىلىق يىلتىزى بىلەن تولۇق چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئورۇن داغلىنىدۇ، قالغان بارلىق چارىلەردە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

تېرە قىلقۇرت كېسىلى (ئەرقى مەدىنى)

ھىندىچە نامى ناروا، نارو؛ پارسچە نامى رىشتە؛ ئەرەبچە نامى ئەرقى مەدىنى.

تېرە قىلقۇرت كېسىلى پاچاق، يوتا، يۇقىرىقى بىلەك ۋە ئاز ساندا يانپاش، بەل ۋە زەكەردىمۇ بولىدىغان كېسەللىكتۇر. دەسلەپتە بۇ مۇدۇر - چاقىغا ئوخشاش ئاشكارا بولىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆپۈپ سۇلۇق قاپارتما شەكىللىنىدۇ، ئاخىرىدا تۆشۈك پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن يىپ ياكى تومۇرغا ئوخشاش بىر نەرسە چىقىشقا باشلايدۇ ھەمدە باراۋەر چوڭىيىدۇ. ھەتتاكى ئۇ بىر غېرىچقىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ تامامەن چىقىدۇ. بەزىدە قۇرتقا ئوخشاش تېرىنىڭ ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ رەڭگى ئاق ياكى سارغۇچ بولىدۇ. لېكىن بەزى ئورۇنلاردا قىزىل رەڭلىك، قارىغا مايىلمۇ تېپىلىدۇ. بەزى كىشىلەر: «ئەمەلىيەتتە بۇ بىر جانلىقتۇر. بۇ ئوفۇنەتلەنگەن، بۇزۇلغان ماددىلار ۋە پاسكىنا سۇدا ئۆسۈپ كۆپىيىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قۇرت تومۇرلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئاندىن كېيىن سىرتقا چىقىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. قەرشى ئېيتقانكى، بۇ ئويلاش توغرىدۇر. بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن مۇشۇنداق بىمارنى كۆردۇق. بۇنىڭدىن قۇرت چىقتى ۋە چىققاندىن كېيىن ئازراق مۇددەتكىچە ھەرىكەت قىلدى.

ئەللامەئەلائىددىن قەرشىنىڭ تېرە قىلقۇرت كېسىلى توغرىسىدىكى بۇ پەرىزى تامامەن توغرىدۇركى، بۇ بىر قۇرتتۇر. بۇ قۇرت 5 ~ 7 غېرىچقىچە بولۇپ، ئۇزۇن يىپقا ئوخشايدۇ. دەسلەپتە ناھايىتى ئىنچكە بولىدۇ. سۇ ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىدۇ. بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن 9 ~ 10 ئايغىچە بىرەر ئەزىيەت يەتكۈزمەستىن تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدە بالا پەيدا بولسا، چوڭىيىشقا باشلايدۇ ۋە ئاخىرىدا چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بېشىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر قىلقۇرت سىرتقا چىققان ۋاقتتا ئۈزۈلسە، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاق

چاپلاشقاق ھۆللۈك چىقىشقا باشلايدۇ.

ئەللامە سەمەرقەندى ۋە نەفىيس بەزى باشقا پەرەزلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتىن يىراقتۇر. مەسىلەن:

1. تېرە قىلقۇرتى نېرۋىنىڭ شېخىدۇر؛

2. تېرە قىلقۇرتى ناچار كېرەكسىز چىرىندىلار بىلەن قان تومۇر ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ يىپچىغا ئۆزگىرىدۇ.

خەجەندى ئېيتقانكى، تېرە قىلقۇرتى ئەمەلىيەتتە تومۇر ئەمەس، بەلكى باشقا قۇرتلارغا ئوخشاش بەدەندە پەيدا بولىدىغان بىر خىل قۇرتتۇر. ئۇ بۇلغانغان سۇدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىگە بۇلغانغان سۇ ئىچىشمۇ كىرىدۇ (سۇدا باشقا ناچار تەنچىلەر بىلەن قىلقۇرتنىڭ لىچىنكىلىرى بولىدۇ). «ئىكسىر ئەزەم» نىڭ يازغۇچىسى يازغانكى: «بەزى ھۆكۈمالار ئېيتقانكى، بەزى قويۇق، دۇغ سۇ ۋە بەزى كۆكتاتلارنىڭ بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىش تەسىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ كېسەللىك ياخشى سۇغا مۇيەسسەر بولالمايدىغان ۋە تۇختاپ قالغان ناچار سۇ ئىچىدىغان ئورۇنلاردىكى كىشىلەردە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىك يەمەن ۋە شامنىڭ بەزى ئورۇنلىرى (كەنتلىرى) دا كۆپ بولىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر يامغۇر سۈيىنى كۆللەرگە توپلايدۇ ۋە يىل بويى ئىچىدۇ. بۇ خىل ھالەت خوزىستان ۋە جۇرجان رايونلىرىدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن دىكىنىنىڭ بەزى ناھىيەلىرىدە ۋە ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغلىق ئورۇنلاردا بۇ ئەھۋال ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر ياخشى سۇغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىن 40 ~ 50 كىچە قۇرت چىقىدۇ ھەمدە بۇ داۋالاش ۋە چارىلەر بىلەن ياخشى بولىدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ سانى مىڭلارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ھىجازغا ئوخشاش قۇرۇق ئىسسىق دۆلەتتە پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك مەدىنە مۇنەۋۋەر تەرەپكە (بۇ شەھەردە مەزكۇر كېسەللىك كۆپ پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) مەنسۇپ قىلىنغان.

ئەرقۇ: تومۇر؛ مەدەنى: مەدىنەنىڭ، مەدىنىدە بولغۇچى.

داۋالاش سەمەرقەندى، دەسلەپكى پەيدا بولغان ۋاقىتتا يەنى تەسىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان چاغدا، بەزى سىقىپ ئېلىنغان سوغۇق سۇلار، مەسىلەن: كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك كاسىنە سۈيىگە سەبرە قوشۇپ چېپىلىدۇ ھەمدە ئۈچ كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا 1.75 ~ 2.75 گىرامغىچە ياكى 5.25 ~ 6.75 گىرامغىچە سەبرە يېگۈزۈلىدۇ. دەسلەپكى كۈنى شېكەر ھالۋىسى بىلەن ياكى كاسىنە سۈيىگە چىلاپ 1.75 گىرام، ئىككىنچى كۈنى 3.5 گىرام ۋە ئۈچىنچى كۈنى

5.25 گىرام يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قۇرت چىقىشقا باشلىسا، قوغۇشۇن نەيچىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 3.5 گىرام باراۋېرىدە بولسۇن تاكى بۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن قۇرت تارتىلىپ تۇرسۇن ۋە ئاستا بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۈزۈلۈپ كەتمەي تارتىلىپ چىقسۇن. بۇ ئەسنادا يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق سۇ قۇيۇش ۋە بىرەر يۇمشاتقۇچى ياغ سۈركەش تاكى ئەزادا ئىسترخا پەيدا بولسۇن ھەمدە ئۇنىڭكى چىقىشىغا ئاسانلىق ھاسىل بولسۇن.

بۇ ئىشتا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش، ئۇنى ئۈزۈۋەتمەسلىك لازىم. ئەگەر ئۇ ئۈزۈلسە يىغىلىپ گۆش ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە ئۇفۇنەتتىن بولغان ئىششىق ۋە ناچار تۈردىكى يارا پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ھالەت يۈز بەرگەن بولسا چوقۇم قۇرت چىقىۋاتقان يۆنىلىش بويىچە بۇ جاينى ئۇزۇنسىغا تىلىش تاكى ئۇنىڭ چىقىۋاتقان بۆلىكى ئاشكارا بولغۇچە، ئاندىن بىرقانچە كۈنگىچە مۇشۇ جايغا سېرىقماي ۋە كونا پاختا تاكى بۇ جايدا قېپقالغان ماددا ھەممىسى بۇزۇلغۇچە قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن يارىنى پۈتتۈرگۈچىلەر بىلەن داۋالىنىلىدۇ.

خەبىس — ھالۋىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ كۈنجۈت يېغى، يۇمشاق تارتىلغان ئۇن ۋە شېكەردىن تەييارلىنىدۇ. بۇنى خەبىس شېكىرى دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر تۇخۇم سېلىنغان بولسا خەبىسۇل بىيزە، دەپ ئاتايدۇ.

ئەسكەرتىش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق ناچار ماددىلاردىن بەدەننى تازىلاش ۋە مىزاجدا ھۆللۈك پەيدا قىلىش. يەنى ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالار ۋە چارىلەرنى قوللىنىش. بۇ بىر ماھىيەتلىك سۆزدۇركى، بەدەن ناچار ماددىلار بىلەن قانچىلىك تولغان بولسا، ئەگەشمە كېسەللىكلەر شۇقەدەر ئۆتكۈر بولىدۇ.

پايدىلىق سۆز ئەگەر قۇرت بارلىقىدىن گۇمان قىلىنسا دەستىكار قىلىش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ، لېكىن قۇرتنىڭ بىرەر بۆلىكى ئىچىدە قېپقېلىشتىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ، بەزىدە دەستىكار قىلىش ئورنىغا مەلھەم، تىلامۇ چېپىلىدۇ. بىمارنى قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: قومۇش يىلتىزى، مەدەستان، كۈنجۈت يېغى، ئاق موم قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

تىلا نۇسخىسى: گۈل پىلاس بىلەن زەرچۇبە سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ.

يەنە بىر تىلا نۇسخىسى دەنىد سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ.

ئەملى جەرراھىيە: قىلقۇرتنى چىقىرىش ئۈچۈن پاچاق، يوتا ۋە قول قاتارلىقلاردا تېرە

يۈزى بىلەن يېقىن تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدا بولغان چاغدا دەستىكار قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، بارماق بىلەن تۇتقاندا قۇرتنىڭ شەكلى مەلۇم بولىدۇ، ئەگەر بۇ، بوغۇمدا ياكى چوڭقۇر توقۇلمىلاردا بولسا، بۇ ۋاقىتتا دەستىكار قىلىش مۇناسىپ كەلمەيدۇ ياكى دەستىكار قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. دەستىكار قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، قىلقۇرتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تېرىدىن ئۇزۇنلۇقىنىڭ تەخمىنەن ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا پەقەت ئۈستىدىكى تېرە كېسىلىدىغان، قۇرت كېسىلمەيدىغان قىلىپ تۆشۈك ئېچىلىدۇ ۋە تېرىنى كەسكەندىن كېيىن تېرە ئاستى توقۇلمىسى ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ ئاستىدا قۇرت ئۇزۇنىسىغا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۆزلىرى جۈپتەك بىلەن كېسىلگەن تېرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى تارتىپ، تېرە ئاستى توقۇلمىسىنى ئوبدان ئېچىپ، قىلقۇرت بارماق بىلەن تۇتۇلىدۇ ھەمدە بىر ئىنچىكە سۇلائى ياكى زارە ناملىق سايماننى قۇرتنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ئۇ ئاستا ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسنادا قىلقۇرتنىڭ ئىككى بېشى تەرەپ يەڭگىل ۋە سىلىق ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئۇۋۇلاش بارماققا ياغ يۇقتۇرۇپ قىلىنىدۇ. بارماق بىلەن مۇشۇنداق باراۋەر ياردەم بەرگەندە ھەمدە ئاستا - ئاستا تارتقاندا قۇرت تىرىك ھالەتتە سىرتقا چىقىدۇ. بۇ ئەمەل جەريانىدا ئەگەر چىققان قىسمى ئۈستىگە سوغۇق سۇ تامدۇرۇلسا، ئۇنىڭ چىقىشى ئاسان بولىدۇ. چۈنكى قىلقۇرت سۇ قۇرتى بولۇپ، سۇ ئۈستىدە جان بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر قىلقۇرت سۇلۇق قاپارتما يولىدىن ئازراق چىقسا ۋە تېۋىپ بۇ ئۇسۇل بىلەن چىقىرىشنى ئارزۇ قىلسا، بۇنىڭدىمۇ مۇشۇ ئۇۋۇلاش ئەمىلى قىلىنىدۇ ۋە يەڭگىل - يەڭگىل تارتىلىدۇ. بۇنىڭغا بەزى ۋاقىتلاردا بىر قانچە كۈن سەرپ بولىدۇ. چىقىپ بولغان بۆلىكى سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان قاچىغا سېلىپ قويۇلسا، قۇرتنىڭ چىقىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. بۇ ئىشتا تولۇق ئېھتىيات قىلىش، يەنى قىلقۇرتنى تارتقاندا زىيادە كۈچىمەسلىك لازىم. بۇنىڭ ئۆلچىمى، بىر ماھىر داۋالىغۇچىدا ھاسىل بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۇ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ ۋە ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى (ئۆتكۈر قىزىتما ۋە ئىششىق) كۆرۈلىدۇ. قىلقۇرتنى تارتقان ۋاقىتتا قىيىنلىش ۋە تارتىشىش مەلۇم بولغان (قۇرت بەزى ۋاقىتلاردا يىغىلىدۇ ۋە قارشىلىشىدۇ) بولسا، سىرتقا چىققان بۆلىكىنى بىر يىپقا باغلاپ، بۇ يىپنى رەخت ياكى پاختىنىڭ توم شامچىسىغا ئوراپ، زەخىم ئورنى ئۈستىگە قويۇش ۋە ئۈستىدىن تېڭىپ قويۇش، ئىككىنچى كۈنى تېڭىقنى يېشىپ ئۇۋۇلاش ۋە تارتىشنىڭ مۇشۇ ئەمىلىنى قىلىش لازىم. ھەر كۈنى ھەتتاكى ئۇ تارتىلىپ تولۇق سىرتقا چىققۇچە مۇشۇ ئەمەل قىلىنىدۇ.

ھىجامەت بەزى كىشىلەر نەشتەر ئۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرگە ھىجامەت قويىدۇ ۋە ئىككى - ئۈچ مىنۇتقىچە ئۇنى چاپلاقلىق ھالەتتە قويىدۇ، تاكى ئۇنىڭ باراۋەر تارتىشى بىلەن قىلقۇرت سىرتقا تارتىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. بۇ زىيادە ئېھتىياتچان ئەمەلدۇر.

ئەگەر قۇرت كىچىك بولسا پۈتۈن چىقىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، مەلۇم بۆلىكى چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قول بىلەن قالغان تەركىبلىرى چىقىرىلىدۇ ۋە مۇشۇ يۇقىرىقى ئەمەل قىلىنىدۇ.

جوزام (ئىللە تۇل كۇبرا)

بۇ بىر سوزۇلما لېكىن دىققا ئوخشاش ئىنتايىن ناچار كېسەللىك بولۇپ، ئەزالارنىڭ مىزاجى ۋە شەكلىنى بۇزىدۇ. ئەزالارنىڭ مەلۇم ئورۇنلىرىدا تارتىشىش، مەلۇم ئورۇنلىرىدا تۈگۈنچىلەر پەيدا بولىدۇ (تەشەننۇج ۋە تەئجىر). بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شەكىللىرى ئۆزگىرىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك ئاخىرىدا ئەزالارنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدۇ. مۇشۇنىڭغىچىلىك ئەزالار يارا بىلەن بۇزۇلۇپ چۈشۈشكە باشلايدۇ. چۈنكى قول - پۇتلارنىڭ تەبىئىي ھارارىتى ئاجىز بولىدۇ ھەمدە بۇ يۈرەكتىن يىراقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئىلگىرى قول - پۇتلاردا بۇ كەيپىيات كۆرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن رەئىس ئەزالار تەرەپكە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. جوزام گوياكى پۈتۈن بەدەن راكىدۇر. بۇ بەزىدە يارا بولىدۇ، بەزىدە يارا بولمايدۇ. يەنى بەزىدە بەدەندە يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە يىرىڭ ۋە باشقىلار شەكىللەنمەيدۇ. بەلكى پەقەت تۈگۈنچىلەر يەنى تەرەققىي قىلمىغان ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئومۇمەن داۋالاش پايدىسىز بولىدۇ (نەفىيس).

بۇ كېسەللىكنىڭ روشەن خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۈزۈمگە ئوخشاش يېڭى توقۇلمىلار يەرلىك ئورۇنلۇق بولىدۇ، بەدەننىڭ جاي - جايلىرىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك گەرچە يۇقۇملۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ زىيادە بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنى ئىرسىيەتلىك كېسەللىك، دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن غالىبلىقنى ئىگىلىگەن ئېھتىماللىقتا ئىرسىيەتنىڭ ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ.

كېسەللىك ماددىسى: بۇ، سەۋداۋى ماددا ياكى ناچار، ناپاك ھاياتلىق دۈشمىنى بولغان يۇققۇچى ماددا بولىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزالار قارىدايدۇ. پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن مۇردىنىڭ جەسىتىگە ئوخشاش سېسىق پۇراق ۋە ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ. (نەفىيس قاتارلىقلار). جوزامنىڭ ماددىسى ئىككى تۈرلۈك بولغاچقا، جوزام ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ① خەدرى؛ ② ئەجرى. لېكىن كۆپىنچە ئىككىسى بىرلىشىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى بۇ بىر خاس تۈردىكى ناچار ماددىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بىماردىن ساغلام ئادەملەرگە يۇقىدۇ. قورسىقنى توقلىيالمايدىغان كىشىلەر ھەمدە بۇزۇلغان ۋە سېسىغان بېلىق يېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر، بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ.

1. جوزام خەدرى: جوزامنىڭ بۇ تۈرىدە تۈگۈنچىلەر پەيدا بولمايدۇ، مەزكۇر ئەزالارنىڭ

سەزگۈسى يوقىلىدۇ. بۇ سەرتاندا سۆزلىنىپ بولدى. بۇنىڭدا كېسەللىكنىڭ تەسىرى نېرۋىلار ۋە نېرۋىلار مەركىزى ئۇستىگە بولىدۇ. دەسلەپتە ئازراق تەبىئىي سۇسلىشىش بىلەن بەدەندە ناھايىتى يەڭگىل ۋە سېزىلمەيدىغان ھارارەت بولىدۇ. شۇنداقلا ئەزالار، جۈملىدىن مۇچىلەردە چۇمۇلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم ياكى سانجىلىش ۋە ئاغرىق سېزىملىرى بولىدۇ. نېرۋىلاردىن كېيىن مۇسكۇللار تەسىرگە ئۇچرايدۇ ھەمدە مۇسكۇللارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئورۇقلىشىدىن كېيىن ئىستىرخا ئاشكارا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەزگۈلەر كۈچى تېرە، سۆڭەك ۋە بوغۇمنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشى بۇزۇلىدۇ ھەمدە تېرىدە يۇمىلاق، ئاق سېرىققا مايىل داغ كۆرۈنىدۇ. بۇ يۈزەكى تېرىگە يېيىلىدۇ ھەمدە بىرقانچىسى بىرلىشىپ، ئېللىپس شەكىللىك چوڭ - چوڭ قائىدىسىز داغ شەكىللەندۈرىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭ ئەتراپى كۆپۈشكەن ۋە سەزگۈرلۈكى ئاشقان بولىدۇ. لېكىن مەركىزىي بۆلىكى قۇرۇپ، ئاق ۋە سېزىمسىز بولىدۇ. ئۇ داغلارنىڭ چوڭىيىشى بىلەن سېزىمسىزلىك (خەدەر) تەدرىجىي ئاشىدۇ. تومۇرى پەرقلىق ۋە ئاستا سالىدۇ. بەدىنى سوغۇق، ئىشتىھاسى ناھايىتى زىيادە بولىدۇ. قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. مۇسكۇللار ئورۇقلاپ يىغىلىدۇ، كېسەللەنگەن ئەزا شەكلىنى يوقىتىدۇ. قول - پۇتنىڭ بارماقلىرى تولۇق قاتقان، پارقىراق ۋە ئىششىغان بولىدۇ. تەدرىجىي ئۇنىڭ ئاخىرقى بېشىدىكى توقۇلمىنىڭ تارقىشى ۋە سۈمۈرۈلۈشى سەۋەبلىك بارماقلار ۋە باشقا بۆلەكلەر يوقىلىپ، بوغۇم ئېچىلىپ قالىدۇ ھەمدە سۆڭەك بۇزۇلىدۇ. بەزىدە كېسەللەنگەن نېرۋىلار قېلىنلاپ، تانىغا ئوخشاش مەلۇم بولىدۇ ھەم بېسىش بىلەن ئۇنىڭدا ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە تېرە چۈشۈپ كېتىپ چوڭ - چوڭ زەخىم پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ. ئۇ زەخىملەردىن ئىنتايىن سېسىق پۇراقلىق ھۆللۈك چىقىدۇ ۋە بىمارنىڭ بەدىنىدىنمۇ سېسىق پۇراق كېلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كۈچ ھېچقانچە ئازلىمايدۇ ۋە بىمار ئۇزۇنغىچە ئۆز كۈچى ۋە ساغلاملىقىدا تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك 20 يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇددەتكىچە تۇرىدۇ، ئاخىرىدا ئومۇمىي جىسمانىي ئاجىزلىق ياكى باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

2. جوزام ئەجرى: (جوزام دەرنى: ئۇقدى) (ئەجر: ئۇقدە: گىرە - تۈگۈن)

بۇ تۈردىكى جوزامنىڭ تەسىرى پەقەت تېرە ۋە شىللىق پەردىدە بولىدۇ. دەسلەپكى يۇقۇملىنىشتىن كېيىن ئايلاپ ياكى يىللاپ بىرەر ئالامەت ئاشكارا بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئاز مۇددەتكىچە پەقەت تەبىئىي سۇسلىشىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىچ سۈرۈش، مۈگدەش شىكايەتلىرىدىن كېيىن ئاشكارا قىزىتما كۆرۈلىدۇ. بۇ ھۆمما مۇفەتتىرەگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تېرىسىدە قىزىل، پارقىراق، كۆپۈشكەن تەرتىپسىز

داغ ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئومۇمەن پېشانە، بىلەك ۋە يوتىلاردا كۆرۈلىدۇ. بىرقانچە كۈندە بۇ تەرتىپسىز داغ ئازلايدۇ، يەنە قايتىدىن ئىككىنچى قېتىم قىزىتما بىلەن كۆپۈشىدۇ. ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئۇ قىزىل تەرتىپسىز داغ ئۈستىگە كىچىك - كىچىك، قاتتىق مۇدۇر - چاقلار پەيدا بولىدۇ. بۇلار ئۆزئارا بىرلىشىپ ۋە ھەجىمدە زورىيىپ تۈگۈنچىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ توخۇ تۇخۇمى باراۋىرىدە بولىدۇ. كېيىن سارغۇچ رەڭدە بولىدۇ، بەزىدە بۇ تۈگۈنچىلەر تارقايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا قېنىق رەڭلىك ئىز قالىدۇ ياكى ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ھەممە بۇ يىرىڭلىق ئىششىق يېرىلىدۇ، بۇ تۈردىكى تۈگۈنچىلەر بەدەننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە بولىدۇ. لېكىن بۇ يۈزدە كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پېشانە، بۇرۇن، قۇلاق قاتارلىقلار ئىششىيدۇ. يۈز ۋە باشىنىڭ مويلىرى سارغۇچ ۋە ئاق بولۇپ، كۆپىنچە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇرنى ئېقىپ تۇرىدۇ. كۆزى قىزىل بولىدۇ ۋە ياش ئاقىدۇ. قاپىقى بوشاشقان ۋە ئىششىغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا كىچىك - كىچىك قاتتىق تۈگۈنچىلەر پەيدا بولىدۇ. بەزىدە قاپاق سىرتىغا ئۆرۈلىدۇ ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن شەكلى تامامەن بۇزۇلىدۇ، بىر ئاجايىپ قېلىن، كۆپۈشكەن، قورقۇنچلۇق شەكىلدە شىرنىڭ يۈزىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ (شىر كېسىلى). بۇرۇن، ئېغىز تاڭلاينىڭ شىللىق پەردىلىرى قىزىل ۋە يۇمشاق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇنلىغان تۈگۈنچىلەر پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يېرىلىشىدىن يارا بولىدۇ. تۈكۈرۈكى كۆپلەپ چىقىدۇ. ئاۋازى يۇقىرى بولىدۇ ۋە بەزىدە بوغۇلۇپ قالىدۇ. تىرناقىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ. پۈتۈن بەدەندىن سېسىق پۇراقلىق تەر چىقىدۇ. تېرە سېزىمسىز بولىدۇ. بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدا مۇسكۇللاردا تارتىشىش ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك ئاغرىق بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ھالىتىدە جىسمانىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەردە بۇزۇلۇش بولىدۇ. يۈزى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولىدۇ. قول - پۇتى ئىششىيدۇ ۋە شەكلىنى يوقىتىدۇ. تاڭلاي ۋە بۇرۇنىنىڭ سۆڭىكى بۇزۇلىدۇ. ئورۇقدان كىچىكلەيدۇ ھەممە بەھ كۈچى يوقايدۇ. ئاخىرىدا بىمار ئىچ سۈرۈش، تولغاق، ئۆپكە ئىششىقى قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولۇش ياكى يۇتقۇنچاق توسۇلۇش ياكى قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى ۋە زەھەرلىنىشى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ بىمار يىللارغىچە ھايات تۇرىدۇ.

جوزام ئۇقدى سوغۇق دۆلەتلەردە، جوزام خەدرى ئىسسىق دۆلەتلەردە زىيادە بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە بۇ ئىككى تۈر بىرلا شەكىلدە ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى سەمەرقەندى ئېيتقانكى، جوزام (جوزام ئەجرى) باشلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئاۋازى ئۆزگىرىدۇ، بۇرنى پاناق، كۆزى يۇملاق بولىدۇ، نەپەسى سىقىلىدۇ، كۆز ئېقى دۇغلىشىدۇ. يۈزى قىزىلغا مايىل بولىدۇ، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا تۈگۈنچىلەر پەيدا

بولىدۇ. چېچى شالاڭلىشىدۇ ۋە چۈشۈشكە باشلايدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئالامەتلەر بىلەن يۈزى شىرنىڭ يۈزىگە ئوخشاش بولىدۇ.

شۇڭا، بۇ كېسەللىكنىڭ نامى شىر كېسىلىدۇر. (دائۇل ئەسەد) (دائى: كېسەللىك) (ئەسەد ـ شىر)

داۋالاش جوزامنىڭ تا ھازىرغىچە بىرەر شىپالىق بەرگۈچى ئىلاجى مەلۇم بولمىدى.

سەمەرقەندى سەۋداۋى ماددىلاردىن بەدەننى قايتا ـ قايتا تازىلاش ۋە كۆپ سۈرگە بېرىش ھەمدە بۇ سۈرۈپ چىقىرىشلارنىڭ ئارىلىقىدا ئارىلىق قالدۇرۇپ مىزاجىنى ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش، يەنى ھامامغا چۈشۈرۈش، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش ۋە پۈتۈن بەدەن ئۈستىگە سۈركەش. جۈملىدىن ھامامدىن سىرتقا چىققاندىن كېيىن مۇشۇنداق ياغ سۈركەش زىيادە پايدىلىقتۇر. يۇمشاق، ھۆل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ھالۋىلار، بۇ ئاق شېكەر ۋە بادام مېغىزىدىن ياسالغان بولسۇن، سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ.

بىرىنچى تۈرى ئۈچۈن (خەدرى تۈرى) يىلان گۆشى پايدىلىق. يىلاننىڭ گۆشىدە بۇزۇلغان ماددىلارنى چىقىرىش، يەنى تېرە تەرەپكە چىقىرىپ تاشلاشنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى باردۇر (نەفىيس).

ئۇنىڭدىن باشقا قارابادىندا تەرياق ۋە باشقا مەجۇنلەرمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن سۆزلەنگەن.

ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئىلاجى سۈرۈپ چىقىرىش، تازىلاش بىلەن سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈشتۇر. تاكى يارىنىڭ بۇزۇلۇشى كەم بولسۇن، ئەزالارنىڭ بۇزۇلۇشى ئازايسۇن ۋە بىمارنىڭ ھاياتلىق كۈنلىرى ئۇزارسۇن (نەفىيس).

پايدىلىق سۆز باشقا ساغلام كىشىلەرگە يۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جوزام بىمارى ئايرىپ داۋالىنىدۇ، زەخىملەردىن چىققان ماددىلار ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە كۆل، ھاك قاتارلىقلار تۆكۈلىدۇ. بىمار پاك ـ پاكىز قويۇلىدۇ. ھەر كۈنى نىم يوپۇرمىقى قايىنىتىلمىسى بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە قان تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تېز ھەزىم بولىدىغان ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ ئاشقازىنى كۈچلۈك بولسا، تۇز قوشمىغان نوقۇت نېنىنى سېرىقماي بىلەن يېگۈزۈش ياخشى، دەپ قارىلىدۇ. چالموگرا (بىر خىل گۈرۈچ) بۇ كېسەللىك ئۈچۈن قەدىمىي دورىدۇر. يېڭى تەجرىبىلەردىمۇ جوزام ئۈچۈن باشقا دورىلارغا قارىغاندا زىيادە پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار كېسەللىك ئاشكارا بولۇپ، دەسلىپىدە ئەتىگەندە نۇقۇئى شاھتەررە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە شام ۋاقتىدا يەتتە گىرام مەجۇنى ئۆشبە، ئەرقى

مۇسەففى خۇندىن 120 گىرام، چىلان شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، 20 ~ 21 كۈن ئىچكۈزۈپ، يەتتە كۈن مۇسھىل قايىنتىلمىسى بېرىلىدۇ. مۇسھىللاردىن كېيىن سوۋۇتقۇچى ئىچكۈزۈپ، تۆۋەندىكى نۇسخا ئەتىگەندە بېرىلىدۇ:

نۇسخا داۋائى جوزامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ ئۈستىدىن رۇسۇت، چاكسۇ، زورەمبات، ئاق قۇستە، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى، خېنە يوپۇرمىقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، دورىلارنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، شام ۋاقتىدا نىگىند بابرى، قارىمۇچ قاتارلىقلارنى سۇدا ياكى بىرەر مۇناسىپ ئەرەقتە ئېزىپ سۈزۈپ، چىلان شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. موگرا يېغىدىن بەش تامچىنى سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى ۋاخ غىزادىن كېيىن بېرىلىدۇ. نىم يېغى ۋە چالموگرا يېغى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئارىلاشتۇرۇپ ئۇۋۇلىنىدۇ. تۆۋەندىكى نۇسخىمۇ ئەمەلىي داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ:

جوزام يېغى: خېنىنىڭ كۆك يوپۇرماقلىرىنى سوقۇپ قۇرس ياساپ، كۈنجۈت يېغىغا سېلىپ قايىنتىلىدۇ. ئەگەر قۇرس كۆيسە ئۇنى چىقىرىۋېلىش ھەمدە نىم يوپۇرماقلىرىدىن قۇرس ياساپ، بۇنىڭغا سېلىپ مەزكۇر ئۇسۇلدا كۆيدۈرۈش ۋە پاكىزلاپ قويۇپ، زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىش لازىم.

زەرنىخ تەبەقىنى يېيىش ئۇسۇلى بۇ، جوزام ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق. زەرنىخ تەبەقىدىن 24 گىرام، قارىمۇچتىن 21 دانە ئېلىپ، زەرنىخنى سالايە ھاۋانچىسىغا سېلىپ بىر سائەت سالايە قىلىنىدۇ، يەنى ھەربىر دانە قارىمۇچ بىلەن 21 قېتىم سالايە قىلىنىدۇ. يېيىش ئۇسۇلى، بۇ سۇفۇپتىن 0.12 گىرام ئېلىپ پان قوشۇپ يېيىلىدۇ. غىزاسىغا نوقۇت نېنى ۋە سېرىقمايدىن باشقا نەرسە يېگۈزۈلمەيدۇ.

سۇفۇپى جوزام: نىم يوپۇرمىقى، بەكىن ئۆسۈملۈكى، سەھەدنۇى ئۆسۈملۈكى، چوڭ ياۋا پىدىگەن يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى، مېۋىلەردىن ئامىلە، زەرچىۋە، ئىتئۈزۈمى، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم - ئايرىم سوقۇپ 420 گىرامدىن ئېلىپ، ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ 49 بۆلەككە بۆلۈپ، بىر بۆلىكى ئەتىگەندە، يەنە بىر بۆلىكى كەچتە بېرىلىدۇ، غىزاسىغا نوقۇت ئۇنى، تۇزسىز نان ياكى يۇمشاق تارتىلغان ئۇنىنىڭ نېنى، تۇزسىز كاۋاپ بېرىلىدۇ.

مەلھەمى بەرائى جوزام: سىيادان شىرىسىنى ئۈزۈم سىركىسىدە چىقىرىپ، مۇرمەككى، گۈل يېغى قوشۇپ ئوت ئۈستىدە قويۇلىدۇ، يەنى قويۇلغان چاغدا موم قوشۇپ تەييارلاپ، جوزام زەخىملىرى ئۈستىگە چېپىلىدۇ.

باش تەمرەتكىسى (سۆئىفە، گەنج)

باش تەمرەتكىسى مەخسۇس تۈردىكى يارا بولۇپ، بۇ، باش ۋە يۈزدە پەيدا بولىدۇ، بەزىدە پۈتۈن بەدەندىكى مويلارنىڭ يىلتىزى ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ قاقاچ دېيىلىدۇ. يەنى بۇ ئومۇمەن باش ئۈستىدە، بەزىدە ساقال ۋە بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىملىرى، مەسىلەن: بىلەك، يوتا، زەگەر ۋە ئۇرۇقدان ئۈستىدە بولىدۇ. بۇنىڭ دەسلەپىدە ئايرىم - ئايرىم ھالەتتە بىرنەچچە ئورۇن ئۈستىگە بىرقانچە قاتتىق ۋە يۇمشاق، يىرىڭلىق ئىششىق چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ يارا قاقاچ شەكىللەندۈرىدۇ يەنى پىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدە قىزىلغا مايىل قاقاچ بولىدۇ ياكى كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىدە دەسلەپتە قىزىللىق ۋە ئادەتتىكىدەك ئېچىشىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرنىڭ تېرىسى كېپەككە ئوخشاش چۈشۈشكە باشلايدۇ ۋە 8 ~ 10 كۈندە قاقاچ باغلايدۇ. تېرىدىن ئازراق ئۇيمانلىشىدۇ ۋە قىچىشىش بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئورۇننىڭ مويلىرى چۈشۈشكە باشلايدۇ، كۆپىنچە يارا پەيدا بولىدۇ. باش تەمرەتكىسى ئەمەلىيەتتە تەمرەتكە تۈرىگە كىرىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. بۇ (باش تەمرەتكىسى ماددىسى) بىر ئادەمدىن ئىككىنچى بىر ئادەمگە ۋە بەدەننىڭ بىر بۆلىكىدىن ئىككىنچى بۆلىكىگە يۇقىدۇ. مەسىلەن: باشتىكى تەمرەتكىنى تىرناق بىلەن قاشلاشتىن بەزىدە تىرناققىمۇ يۇقىدۇ. بۇنىڭ ھۆل ۋە قۇرۇقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بولىدۇ.

1. ھۆل باش تەمرەتكىسى (شىرىنىج، سۆئىفە روتبە) بۇنىڭ ماددىسىدا ھۆللۈك ۋە سۇيۇقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭدىن سېرىقسۇ ئاقىدۇ. بۇ تۈرنىڭ نامى سۆئىفەروتبە دەپ ئاتالغاندەك بۇنىڭ نامى شېرىنىجمۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

ماددىسى بۇنىڭ ماددىسى قويۇق، ئۇففۇنەتلەنگەن، بۇزۇق، غىدىقلىغۇچى سېرىقسۇ بولىدۇ. بۇ، ئىششىق پەيدا قىلىپ تېرىنى زەخىملەندۈرىدۇ، بۇزىدۇ ۋە يېيىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن ئۆتكۈر سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ.

بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدىنىدە جۈملىدىن مېڭىلىرىدە ھۆللۈكلەر زىيادە بولىدۇ.

داۋالاش باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھېلىلە ۋە شاھتەررىنى قايىنىتىپ مۇسھىل بېرىلىدۇ. بۇ مۇمكىن بولغان شەرت ئاستىدا. ئۇنداق بولمىسا ھىجامەت قويۇلىدۇ. تاتلىق نەرسىلەر، گۆش ۋە قاننى قويۇلدۇرغۇچى نەرسىلەرنى، شۇنداقلا ئۆتكۈر نەرسىلەرمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلمايدۇ، بۇلار قاننى بۇزىدۇ. پەقەت ساددا ۋە تەمسىز نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ، تاكى ياخشى

قان پەيدا بولسۇن. بۇ نەرسىلەر ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشتۈرۈشتىن خالىي بولسۇن. ئاندىن كېيىن باش تەمرەتكىسى تىلاسى چېپىلىدۇ. مەسىلەن: زەرچۇبە، ئاچچىق بادام، ئانار گۈلى، ئۇدخام، كۆيدۈرۈلگەن قەغەز، موزا، بەرگى ئاس، كۆك رەڭلىك سەۋسەن يىلتىزى، ئاقاقىيا، قەنبىل قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سىركە ۋە گۈل يېغى قوشۇپ تىلا قىلىنىدۇ.

بۇنىڭ دەسلەپكى ھالىتىدە جۈملىدىن بالىلار ياكى بەدىنى يۇمشاق ۋە ھۆل بولغان كىشىلەرگە، بۇ دورىلار پايدىلىقتۇر. زەرچىۋە، ئانار پوستى، مەدەستان، خېنە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سىركە ۋە گۈل يېغى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

2. قۇرۇق باش تەمرەتكىسى (سۇرەجى، سۆئىفە يابىسە، خۇشك گەنج) بۇ، قۇرۇق تۈرىنى سورەجى (شوراغا ئوخشاش) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن ئاق كېپەك چۈشىدۇ. بۇ شورە بىلەن ئوخشىشىدۇ.

كېسەللىك ماددىسى ئۇنىڭ ماددىسى سەۋداۋى خىلىت بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈرلۈك ئۆتكۈر ھۆللۈك بىرلىشىدۇ. بۇ ماددا تېرىنى بۇزىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قاسراقلار ياكى كېپەكلەر تۆكۈلىدۇ.

داۋالاش سەۋداۋى ماددىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مىزاجدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ. ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ، ئارقىمۇئارقا ھاماماغا چۈشۈرۈلىدۇ، شۇنىڭدەك ھۆللۈك پەيدا قىلىش ئۈچۈن، باشقا ۋاستىلەر تاللىنىلىدۇ. بۇلارنىڭ بايانى سەۋداۋى كېسەللىكلەردە سۆزلىنىپ بولدى. ئاندىن كېيىن قايناق سۇ ۋە لۇئابلار بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاق لەيلى ئۇرۇقى لۇئابى، بىنەپشە لۇئابى، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى لۇئابى، زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىقلار يەرلىك ئورۇنغا نۇتۇل قىلىنىدۇ، قىرۇتى، ھايۋانات ياغلىرى ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار، مەسىلەن: قاپاق يېغى، تاتلىق بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار كېسەل ساقايغۇچە سۈركۈلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەر بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ تاكى مېڭىگە ھۆللۈك يەتسۇن، باشنىڭ تېرىسى ھۆللەشسۇن ۋە يۇمشىسۇن، مىزاجدا تەڭشىلىش بولسۇن، ماددىدا ھۆللۈك ۋە سۇيۇقلۇق پەيدا بولسۇن ھەمدە بۇنىڭدىن ئۆتكۈرلۈك يوقالسۇن ھەمدە ئۇ تارقىلىپ كېتىشكە قابىل بولسۇن.

ئەگەر باش تەمرەتكىسى زىيادە قېلىن ۋە قاتتىق بولسا، تۆمۈر سۈركەپ قان ئاققۇزۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن سىركە ۋە تۇز سۈيى بىلەن ياكى سوپۇن سۈيى بىلەن تازىلىنىدۇ ياكى زۈلۈك قۇرتى چاپلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن تەمرەتكىنىڭ بىرەر قۇرۇتقۇچى دورىسى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: مەلھىمى سۇرۇخ. بۇ مەدەستان، زەرچىۋە، سىركە ۋە زەيتۇن يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن.

3. سۆئىفە شەھدىيە: ھۆل باش تەمرەتكىسىنىڭ تۈرلىرىدىن بىرى ھەسەلگە ئوخشاش باش تەمرەتكىسىدۇر. بۇنىڭ ئالامىتى، باشنىڭ تېرىسىدە كىچىك ـ كىچىك تۆشۈكلەر بولىدۇ. بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ئېغىزىدا گوياكى سۇ توختاپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. گوياكى بۇ ھەسەل ھەسەل ھەرىسى تۆشۈكلەردە تۇرۇپ قالغاندەك بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ نامى ھەسەلگە ئوخشاش قويۇلغان.

بۇ قىسمى تېرىنى بۇزىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسىدا ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئېيتقانكى، ئۇنىڭ ھۆللۈكى ھەسەلدەك قويۇق بولىدۇ. ئەرەبچىدە پىشمىغان ھەسەلنى شەھد سۆزى بىلەن شەرھىلەيدۇ ۋە پىشقان ھەسەلنى ھەسەل ھەرىسى ئۇۋۇلىرىدىن ئايرىپ ئېلىپ ئەسەل، دەپ ئاتايدۇ.

پەرقى بۇ تۈرى بىلەن ھۆل باش تەمرەتكىسىنىڭ بىرىنچى تۈرىدىكى پەرق: دەسلەپكى تۈرىنىڭ ئۈستىدە ھۆل قاسراق كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدا يىرىڭ بولىدۇ ھەمدە بۇ تۇتاش ۋە يېيىلغان پارچە شەكىلدە بولىدۇ، ھەتتاكى بەزىدە تۆت بارماقنىڭ باراۋىرىدە باشتا بىر يەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىككىنچى تۈرى شەھدىيە ئوچۇق بولىدۇ ۋە سېرىقسۇ تۆشۈكلەردە توختىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى زەنگار بىلەن كۆيدۈرۈش تاكى بۇ ئوفۇنەتلەنگەن تەركىبلەرنى يېسۇن ۋە پاسكىنا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ يوقاتسۇن. دەسلەپتە سوپۇن سۈيى ياكى سىركە ۋە تۇز سۈيى بىلەن يارا يۇيۇپ تازىلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدە ئازراق يىرىڭ ۋە زەرداب سۇ بولغان بولسا، ئۇ كونا پاختا بىلەن قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇنىڭغا زەنگار تولدۇرۇلىدۇ.

4. يىڭنە ئۇچلۇق باش تەمرەتكىسى باش تەمرەتكىسىنىڭ يەنە بىر تۈرىدۇر. بۇنىڭ نامى يىڭنە ئۇچلۇق (رەئۇس ئىبرە) دۇر ھەم بۇ ئەبرىيە ناملىق كېسەللىك بىلەن قارىمۇقارشىدۇر. بۇنى ھەزازمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ كېسەللىك چاچلارنىڭ تۈۋى ئەتراپىدا، خاس تەر تۆشۈكچىلىرىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ كىچىك ـ كىچىك تۆشۈك بولىدۇ. بۇ تۈرى ھەسەلگە ئوخشاش باش تەمرەتكىسى تۆشۈكلىرىدىن كىچىك بولىدۇ. بۇ تۆشۈكلەردىن گۆشنىڭ سۈيىدەك قىزىلغا مايىل ھۆللۈك چىقىپ تۇرىدۇ ھەمدە تەر تۆشۈكچىلىرىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چاچ يىڭنىگە ئوخشاش تىك تۇرىدۇ. چۈنكى چاچ چىققان ئورۇن ئىششىق سەۋەبىدىن تارتىشىدۇ.

داۋالاش ئەگەر زۆرۈر بولسا، بەدەندە تولۇپ قېلىش ھالىتى بولسا، قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. موچىن بىلەن چاچلارنى يۇلۇپ ھىجامەت قويۇلىدۇ، بۇ يەردىن ياغقا ئوخشاش بىرەر ھۆللۈك چىققۇچە قانسىز ھىجامەت

قويۇلىدۇ، بۇ تازىلاشتىن كېيىن سىركە بىلەن ھىجامەت قويۇلىدۇ، بۇنىڭدا لوڭقىنىڭ ئىچىگە سىركە تۆكۈپ سۈمۈرتۈلىدۇ ۋە ئەزا ئۈستىگىمۇ سىركە سۈركىلىدۇ. تاكى چاچنىڭ تۈۋى ئاقارغۇچە ھەممە ئۇنىڭدىن گۆشنىڭ سۈيىدەك ھۆللۈك يوقالغۇچە، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈل يېغى سۈركىلىدۇ، بۇ ئىلگىرى سىركىدە مۇدەببەر قىلىنغان بولسۇن ۋە بۇنىڭدا باش تەمرەتكىسىنىڭ باشقا دورىلىرىمۇ بولسۇن. مەسىلەن: تۇتىيا، مەدەستان، مەرشىشا قاتارلىقلار. گۈل يېغىنى مۇدەببەر قىلىشنىڭ ھالىتى: گۈل يېغى سىركىدە تۆگىگىچە قاينىتىلىدۇ.

5. تۆگۈنچىلەر بولغان باش تەمرەتكىسى (ئەجىر) باش تەمرەتكىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭ نامى ئەجىر (تۆگۈنچىلەر) دۇر. بۇ يىرىڭلىق ئىششىق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەڭ دەسلەپتە قاتتىق بولىدۇ. بۇنىڭدا يىرىڭ بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ تارقاپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن باشقا ئورۇنلاردا كۆرۈلىدۇ.

بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، بىمار ئاچ قورساق قويۇلىدۇ. غىزالاردىن يەڭگىل غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، تارقاتقۇچى ئۆسۈملۈكلەردىن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بەرەنجاسىپ قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ.

6. ئەنجۈر شەكىللىك باش تەمرەتكىسى (تىينى) باش تەمرەتكىسىنىڭ يەنە بىر تۈرىدۇر، بۇنىڭ نامى ئەنجۈر شەكىللىك باش تەمرەتكىسىدۇر، بۇنىڭدا ئەنجۈرگە ئوخشاش يۇملاق قاتتىق يارا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدە قىزىللىق ۋە ئىچىدە ئەنجۈرنىڭ ئۇرۇقچىسىدەك مۇدۇر - چاقا بولىدۇ.

7. ئەمچەك توپچىسىمان باش تەمرەتكىسى (ھۇلمى) باش تەمرەتكىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى ھۇلمىدۇر. بۇنىڭدا ھۇلمە يەنى ئەمچەك توپچىسىنىڭ شەكلىدە كىچىك - كىچىك قىزىل يىرىڭلىق ئىششىقلار بولىدۇ. بۇنىڭدىن قانغا ئوخشاش ھۆللۈك چىقىدۇ.

داۋالاش بۇ ئىككى تۈرنىڭ سەۋەبى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ئالدىنقى تۈرگە يېقىن بولىدۇ.

8. قىزىل باش تەمرەتكىسى باش تەمرەتكىسىنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى قىزىل باش تەمرەتكىسىدۇر. بۇ باشتا پەيدا بولىدۇ، ئەگەر چاچ چۈشۈرۈۋېتىلسە باش تېرىسى قېنىق قىزىل، بىرقەدەر قارىغا مايىل كۆرۈنىدۇ. ئۇنى تۇتۇش بىلەن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، جالىنۇس بۇنىڭغا قارىتا: «ئەگەر بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولسا، بۇ ياخشى ئەمەس» دەپ ئېيتقان.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، شاھتەررە ۋە ئەپيۇن قاينىتىلمىسىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ، تۆت

تومۇر ۋە پېشانە تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ، قىرۇتى سۈركىلىدۇ، بۇ بىنەپشە يېغى، تەتۈر سۆگەت سۈيى، ئاق لەيلى سۈيى، ھەمىشباھار سۈيى، كۆيدۈرۈلگەن كۆپۈكى دەريا، بىر خىل دورىلىق مۈڭگۈز قاتارلىق دورىلارنى سۇفۇپ قىلىپ تۇخۇم ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

تۆت تومۇر تۆت دانە كۆك قان تومۇر بولۇپ، ئىككىسى يۇقىرىقى كالپۇكتا، ئىككىسى تۆۋەنكى كالپۇكتا بولىدۇ.

9. **يۈز تەمرەتكىسى** بەزىدە بۇ ئاخىرقى تۈرى (قىزىل باش تەمرەتكىسى) يۈزدە كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، قىيفال ۋە پېشانە تومۇرى، يوتا تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ ھەمدە پاچاق ۋە گەدەنگە ھىجامەت ھەم زۈلۈك قۇرتى قويۇلىدۇ، ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، تاكى تېرە يۇمشاق، تەر تۆشۈكچىلىرى كەڭ بولسۇن ۋە ماددا تارقالسۇن ھەمدە ئۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىلمان سۇدا ھورلاندۇرۇلىدۇ، باش تەمرەتكىسىنىڭ ئۆتكۈر دورىلىرى سۈركىلىدۇ.

پايدىلىق ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلەپپى بولسا ھەممىدىن ئىلگىرى چاچ چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ تاكى قاسىرىقى چىقىپ كەتسۇن ياكى قايچا بىلەن كېسىلىدۇ ھەمدە كۈنجۈت يېغى بىلەن كېسەللەنگەن ئورۇننى پاكىزلاپ، تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ:

قىزىلمۇچ، جوز، قەلەمپۇر قاتارلىقلار سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى بەزرۇلبەنجى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قارىمۇچ قاتارلىقلار سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ، بۇ تۈردىكى قىزارتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن مەقسەت بۇكى، ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن تېرە تەرەپكە قان كۆپ مىقداردا يېتىپ كېلىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇننى ئوزۇقلاندۇرۇش تېز بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېسەللىك ماددىسى بەربات بولىدۇ، تۆۋەندىكى تىلا باش تەمرەتكىسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر:

تىلا گۈڭگۈرت سېرىقى، مەدەستان، خېنە يوپۇرمىقى، تۇتىيا، قەنبىل، تەنكار، زەرچۋە، ئانار پوستىنىڭ ھەربىرىنى ئالتە گرامدىن ئېلىپ ئېزىپ، 180 گرام ئاق قىچا يېغىدا ئوبدان ئېرىتىپ چېپىلىدۇ، سىمابنىڭ مۇرەككباتلىرىمۇ بۇ مەلھەمگە قوشۇلىدۇ.

قوتۇر (جەرەپ)

بۇ، كىچىك ـ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلاردۇر. بۇ دەسلەپتە قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاتتىق قىچىشىش بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا يىرىڭ تولىدۇ ۋە بەزىدە يىرىڭ تولمايدۇ. كۆپىنچە بۇ قوللاردا ۋە بارماقلارنىڭ ئارىلىقىدا پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ پۈتۈن بەدەندە ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ، يەنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دەسلەپتە بۇ كېسەللىك قول بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ياكى چات

قىسمىدا ياكى ئاياللاردا ئەمچەككە يېقىن بولىدۇ، كېيىن بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىغىمۇ تارقىلىدۇ، قوتۇرنىڭ مۇدۇر - چاقىلىرىدىمۇ ئازراق كۆيۈشۈش بولىدۇ.

قوتۇر قۇرتى قوتۇر قۇرتلىرىنى دەسلەپتە ئەرەپ تېۋىبلىرى كۆزەتكەن، شۇڭلاشقا ھەممىدىن دەسلەپتىكى كىتابتا ئۇ قۇرتلار بايان قىلىنغان. ئۇ تىبرىنىڭ كىتابىدىكى بۇقراتنىڭ داۋالاشلىرىدۇر، سەمەرقەندىمۇ بۇ توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا توختىلىپ ئۆتكەن ھەمدە بۇنى نەقىل كەلتۈرگەن: كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنىڭدا مۇشۇنداق قۇرت پەيدا بولىدۇ، بۇ ناھايىتى ئۇششاق قۇرتتۇر (1/70 قىرات ئۇزۇنلۇقتا) بۇ مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىلسە، قۇرتنىڭ بەدىنىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا بۆلىكىدە بىرقانچە ئۆسۈكچە كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ ئېنىقلانمىدىكى ئەرەبلەر ئۇنى كۆزىتىشنى كۆپۈنگۈ ئەينەكنىڭ ياردەملىرى بىلەن قىلدى، بۇنىڭدا ئۇ مۇشۇنداق ئاددىي كۆرۈنىدىغانلىقىنى يازغان ۋە ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆسۈكچىلىرى نەزەردىن ساقىت بولغان. بۇ ئوچۇقكى، كۆپۈنگۈ ئەينەك بىلەن قارالسا بەك ئۇششاق تەركىبلەر ھەرگىز كۆرۈنمەيدۇ.

قوتۇر ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر، بۇنىڭ يۇقۇش ماددىسى مۇشۇ نىجىس تەنچىلەر بولىدۇ، بۇ ئادەم بەدىنىگە كىرىپ مەۋجۇت خىلىتلاردا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن تۈرلۈك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرى بۇ كېسەللىكنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولىدۇ.

سەپراۋى بۇنىڭدا مۇدۇر چاقىلارنىڭ بېشى ئۇچلۇق، رەڭگى قىزىل، ئاغرىق ۋە قىچىشىش كۆپ بولىدۇ.

سەۋداۋى بۇنىڭدا مۇدۇر - چاقىلارنىڭ تۈۋى قارا بولىدۇ، ئاغرىق كەم بولىدۇ، كېسەل سۇسلۇق بىلەن ساقىيىدۇ.

بەلغەمى ئۇنىڭ مۇدۇر - چاقىلىرى ئاق ۋە يېيىلغان بولىدۇ ۋە ئىچىدە پارقىراق يىرىڭ كۆرۈنىدۇ.

سەۋەبى قوتۇرنىڭ تۈرلىرىدە ئاغرىق، قىچىشىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، كېسەللىككە سەۋەبچى بولغان خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشى. شۇنىڭدەك ئۆزگىرىش، ئۆتكۈرلۈك ۋە تىنچلىق، قويۇقلۇق ۋە سۇيۇقلۇق ۋە كۆپ ھەم ئازلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ چوڭ سەۋەبى قوتۇر قۇرتىدۇر، بۇنىڭ بىلەن باشقا نەرسىلەر شېرىك بولۇپ ياردەم بېرىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە چىلىغان كۆكتات، تۇزدا قۇرۇتۇلغان قۇرۇق گۆش ۋە بېلىق قاتارلىقلار. تاتلىقلار ۋە ھالۋىلار، شاراب ۋە باشقا ناچار كەيمۇسلۇق غىزالارنىڭ كۆپلۈكى، بۇنىڭ بىلەن قان ۋە قان

تەركىبلىرىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ ۋە قوتۇرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەگەشمە كېسەللىكلىرى كۆرۈلىدۇ.

كىرامىخ — كامىخنىڭ كۆپلۈكىدۇر، كامىخ كۆكتات قاتلىمىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ، پىننە، سۈت ۋە ئىسسىق تەم تەگشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن تەييار قىلىنىدۇ.

تۈرلىرى قوتۇرنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ.

1. **قۇرۇق قوتۇر** بۇنىڭدا يىرىڭ بولمايدۇ، بۇنىڭدىن بىرەر ھۆللۈك ئاقمايدۇ، بەلكى مۇدۇر - چاقىلار ئۈستىدە قاقاچ ئۇيۇپ قالىدۇ.

2. **ھۆل قوتۇر** بۇنىڭدىن يىرىڭ ۋە ھۆللۈك ئاقىدۇ، بەزىدە بۇنىڭدىن قارا قانمۇ ئاقىدۇ.

ھۆل قوتۇردا دەسلەپتە مۇدۇرلارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن سۈزۈك ھۆللۈك بولىدۇ، كېيىن ئۇ يىرىڭغا ئۆزگىرىدۇ، ئەگەر بىرەر مۇدۇر - چاقا يېرىلسا، ئۇنىڭ ھۆللۈكى چىقىپ ئۇيۇپ قالىدۇ ھەمدە سېرىققا مايىل قاقاچ باغلايدۇ.

ئالامىتى بۇ جايغا ئۇنىڭ مۇدۇر - چاقىلىرى چىققان بولسا، بۇ يەردە دەسلەپتە قىچىشىش بولىدۇ ۋە ئىككىنچى كۈنى بۇ جايغا مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ ھەم تېزلىك بىلەن چوڭىيىدۇ. بۇ كېسەللىكتە قىچىشىش شۇ قەدەر ئۆتكۈر بولىدۇكى، بىمار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە بەدىنىنى قاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆيۈشىدۇ ھەم كېسەللىك تەرەققىي قىلىدۇ.

داۋالاش ئەگەر قان غالىب كەلگەن بولسا ۋە ھالەتلىرى يول قويسا قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن ياكى ھېلىلە، سانا، شاھتەررە، مامىران، ئەفسەنتىن قاينىتىلمىسى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ قاينىتىلما قوتۇرنىڭ ھەر تۈرىنىڭ ماددىلىرىنى چىقىرىدۇ ياكى سەبرە، تۇربۇت، غارىقۇن، شەھمەنزەل ۋە مۇشۇنداق دورىلارنىڭ ھەبلىرى يېگۈزۈلىدۇ، بۇ قويۇق بەلغەمنى چىقارغۇچى بولسۇن، ھەرھالدا بۇ دورىلار بەدەندە مەۋجۇت ماددىغا مۇۋاپىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن مىزاجدا نورماللىق پەيدا قىلىنىدۇ، ساددا ۋە تۇزسىز تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ، بۇ بىرقەدەر ھول سوغۇق بولسۇن، مەسىلەن: پالەك غىزالىرى، يۇمشاق گۆش ھەمدە ھۆللۈك ئاشۇرغۇچى ماي بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قوتۇرنىڭ دورىلىرى سۈركىلىدۇ، بۇ، مەدەستان، خېنە يوپۇرمىقى، شەھمەنزەل، كۈمۈش چىلىنىدان، ئاقلانغان سېرىق پۇرچاق ئۇنى، سىركىدە ئۆلتۈرۈلگەن سىماب، بۇ بارلىق دورىلار گۈل يېغى ھەمراھلىقىدا ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئىسسىق دورىلارنى چېپىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قايسى ۋاقىتتا كېسەللىك باشلانسا، شۇ

ۋاقىتتا نۇقۇئى شاھتەررە ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە نىگىند بابرىدىن 12 گرام، قارىمۇچتىن توققۇز دانە ئېلىپ، ئىككىسىنى ئېزىپ ياكى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ 24 گرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە 10 ~ 15 كۈندىن كېيىن سۈرگە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر كېسەللىك قالغان بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: ئەتىگەندە يەتتە گرام مەجۇنى ئۆشبە يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 72 گرام ئەرقى مۇرەككەپ مۇسەففى خۇن، 72 گرام ئەرقى شاھتەررە، 24 گرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال توققۇز گرام ئىترىفىل شاھتەررە بېرىلىدۇ ۋە كېسەللەنگەن ئورۇننى ھەر كۈنى نىم سۈيى ياكى گۈڭگۈرت سوپۇنى بىلەن يۇيۇپ مەلھەم سۈركىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: تازىلانغان گۈڭگۈرت، كۆك رەڭلىك تۇتىيا، كۇچۇلا، مەدەستانىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، بۇنىڭدىن 12 گرام سۇفۇپىنى 48 گرام سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇپ ئۇۋۇلىنىدۇ ۋە ئۈچ - تۆت سائەت ئاپتاپتا ئولتۇرغاندىن كېيىن گۈڭگۈرت سوپۇنى ياكى خېنە ۋە بىسىن بىلەن بەدەنگە سۈركەپ يۇيۇلىدۇ ياكى زەمچىنى ئىسسىق سۇ ۋە گۈڭگۈرت سوپۇنى بىلەن يۇيۇپ مەلھەم بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ ۋە ئىسسىق كىيىندۈرۈپ ئۇخلىتىلىدۇ. ئەتىگەن سەككىزدە قائىدە بويىچە يۇيۇندۇرۇلىدۇ. تۆۋەندىكى ياغمۇ قوتۇر ئۈچۈن پايدىلىق:

ياغ نۇسخىسى: گۈڭگۈرتتىن 24 گرام، تەنكار، مەدەستان، زەمچە، قەنبىلنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، 750 گرام ئاق قىچا يېغىدا پىشۇرۇپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ ئۇۋۇلىنىدۇ، گۈڭگۈرت بۇ كېسەللىكنىڭ خاس دورىسىدۇر، بۇنى ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلەتكەندە، بۇ كېسەللىكنىڭ خاس ماددىسىنى يوقىتىدۇ، گۈڭگۈرتنىڭ تازىلانغان سۇفۇپىنى بىر گرام كالا قايمىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ھەر كۈنى يېگۈزۈلىدۇ. گۈڭگۈرت سوپۇنى بىلەن يۇيۇندۇرۇش ۋە گۈڭگۈرت مەلھىمى ياكى يېغى سۈركەش بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ مەخسۇس ئىلاجىدۇر.

قىچىشقاق (ھىككە)

ماددىسىز قىچىشقاق بەزىدە تېرىدە مۇدۇر - چاقىلار بولماي قىچىشىش بولىدۇ، لېكىن قاشلاش بىلەن بەزىدە ئىنتايىن كىچىك مۇدۇر - چاقىلار بۇ ئورۇندا پەيدا بولىدۇ، بۇ تۆردىكى

قىچىشىش ئۇمۇمەن پاچاقلاردىن باشلىنىدۇ.

بۇ، ئاز مىقداردىكى خىلىتلار ۋە ئۆتكۈر بۇخاراتلاردىن، شۇنداقلا تېرە ئاستىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ، يۇيۇنماسلىق، تېرە ئۈستىگە كىرلار يىغىلىش ياكى بەدەننىڭ چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشتىن بولىدۇ.

بۇ ماددىلار ئەگەر سۇيۇق بولسا، بۇلاردىن تېز يوقىلىدىغان قىچىشىش پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ماددا قويۇق بولسا، قىچىشىش ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ.

بۇ كېسەللىك تۇز ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان گۆش، بۇزۇلغان تۇزلۇق بېلىق، كونا پەنىرمايە ھەمدە ناچار كەيمۇس پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن بولىدۇ (ناچار ماددىلارنى پەيدا قىلغۇچى بولىدۇ).

قىسقىسى، غىزانىڭ يېتىشمەسلىكى، ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

داۋالاش قان تولۇپ قالغان بولسا قان ئېلىنىدۇ، كۆيگەن ماددىلارنى چىقارغۇچى دورىلار، مەسىلەن: ئەفتىمۇن ۋە باشقىلار سۈرگە شەكلىدە ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە ماددىدا ھۆللەشتۈرۈش پەيدا قىلىش لازىم.

بۇ مەقسەت بىلەن ئارپا سۈيى ۋە مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشى غىزالار ھەم ئۆتكۈر سۇيۇقلۇق پەيدا قىلمايدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، ھاممامغا چۈشۈش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

گۈل يېغى، سىركە، ئاز مىقداردا كەرەپشە سۈيى ۋە ئازراق توغرىغۇ ئارىلاشتۇرۇپ ھاممامنىڭ ئىچىدە ئۇۋۇلاش ھەمدە جىمادىن قەتئىي پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم، چۈنكى جىما بەدەندىكى ماددىلارنى سىرتقى تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرە يۈزىدە ناپاك ماددىلار كۆپىيىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن جۇنۇپلۇقتا يۇيۇنغاندا (ئېھتىلام ياكى جىمادىن كېيىن) بىزگە كۆرسەتمە قىلىنىدۇكى، يۇيۇنغان ۋاقىتتا بەدەننى ياخشى يۇيۇشىمىز لازىم.

ياشانغانلاردىكى قىچىشىش بەزى قىچىشىش ياشانغانلاردا بۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدىكى، ئۇلارنىڭ تېرىسى ئاجىز بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك شورلۇق بەلغەم كۆپلەپ پەيدا بولىدۇ ھەمدە بەدەننىڭ كۈچى ھۆللۈكنى تارقىتىشتىن ئاجىز بولىدۇ، بۇ تېرە ئاستىدا بولىدۇ، جۈملىدىن بۇ ناچار ۋە ئۆتكۈر خىلىتلارنى پەيدا قىلغۇچى غىزالارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: قەدىد يەنى تۇز قوشۇپ قۇرۇتۇلغان گۆش، تۇزلانغان بېلىق تۈرىدىكى غىزالار قىچىشقاقنىڭ

ياخشىلىنىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلاجى، غىزاسىنى ياخشىلاش ۋە ھەمىشە ھامامغا چۈشۈرۈش ھەمدە ھامامدا گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن ئۇۋۇلاشتۇر.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار رۇسۇت، چەشمەك ئۇرۇقى، زورەمبات، ئاق قۇستە ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. بۇلارنى 72 گىرام ئەرقى شاھتەررە ۋە ئەرقى ئۆشبىگە بىر كېچە چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈلدۈرۈپ 72 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى نۇقۇئى شاھتەررە ئىچكۈزۈلىدۇ. شام ۋاقتىدا نىگىنىد بابرى ۋە قارىمۇچتىن بەش دانە ئېلىپ ئىككىسىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا توققۇز گىرام ئىترىفىل شاھتەررە يېگۈزۈلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرەر دورا بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ:

72 گىرام يەسمەن يېغىغا 30 تامچە ئەرقى لىمون ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن قىچىشىش پەسەيمىسە، بۇنىڭغا بىر گىرام كافۇر قوشۇلىدۇ ياكى سىركە، لىمون ئەرقىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرامغا كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈركىلىدۇ ياكى مەدەستان ۋە تەنكارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، ئەرقى لىمونىدىن 12 گىرام، يەسمەن يېغىدىن 36 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈركىلىدۇ.

بەدەن تازىلىقىغا ئېتىبار بېرىلىدۇ، ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر ھەزىم ياكى جىگەرنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلغان بولسا، ئۇنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ، ئۇبدان غىزالار ۋە دورىلار بىلەن بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

كېچىدە چىقىدىغان مۇدۇر - چاقا (بەناتۇل لەيلى)

بۇ بىر تۈرلۈك قىچىشقاقتۇر، بۇ سوغۇق ۋاقىتتا ۋە كېچىدە پەيدا بولىدىغان قۇرۇق ۋە كىچىك - كىچىك مۇدۇر - چاقىلاردۇر.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۇغما ھالەتتە تېرە تەر تۆشۈكچىلىرى تار بولىدۇ، بۇخاراتلار ۋە كېرەكسىز چىقىرىندىلار كېچىدىكى ھەزىم سەۋەبىدىن كۆپلەپ ئاشىدۇ، ئاندىن ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ھارارەتنىڭ كەملىكى سەۋەبلىك تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تارىيىشى ۋە تېرىنىڭ زىچلىقى يەنىمۇ ئاشسا، تارقىلىشى زۆرۈر بولغان كېرەكسىز چىقىرىندىلار ۋە بۇخاراتلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى بەناتۇل لەيلى دەپ قويۇلغان. بەزى قەدىمكى زاماندىكىلەر بەناتۇل لەيلىنى مايلىق مۇدۇر - چاقا

دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى بۇمۇ كەچتە پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى   بۇنىڭدا قىچىشىش ئۆتكۈر بولىدۇ، ئەڭ دەسلەپتە قاشلىغاندا قىچىشىش يەڭگىللەيدۇ، ئاندىن كېيىن قاشلا - قاشلا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بۇ كېسەللىك كۆپىنچە كەچ ۋاقتىدا كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش   قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق غىدىق پەيدا قىلغۇچى ھۆللۈك ماددىلاردىن تازىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن تەر تۆشۈكچىلىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتى بىلەن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، مەشھۇر بوشاشتۇرغۇچى ۋە سۇۋالما دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە قالغان چارىلەر ھىككىگە ئوخشاش قىلىنىدۇ، كەرەپشە سۈيى ۋە سىركىنىڭ لېيىنى چېپىش بۇ كېسەللىككە پايدىلىق.

كالا تەمرەتكىسى (قۇبا)

بۇ بىر تۈرلۈك قۇرۇقلۇق يەنى يىرىكلىكتۇر، بۇ تېرىدە پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى بەزىدە قارىغا مايىل ۋە بەزىدە قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

بۇ بىر يۇقۇملۇق تۈردىكى تېرە كېسىلى بولۇپ، مەخسۇس ماددا (تەمرەتكە ماددىسى) دىن پەيدا بولىدۇ، بۇ بەدەننىڭ ھەر بۆلىكىدە بولىدۇ، لېكىن ئومۇمەن گەدەن، دۈمبە، بەل، يوتا ۋە يىرىقتا پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك ئورنى ئۈستىدە بۇ خىلىتلىق ماددىلار مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنىڭدا تەمرەتكە ماددىسىدىن ئۆتكۈرلۈك، سەۋدالىق تەركىب ۋە شورلۇق تەركىب ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەمرەتكىنىڭ بارلىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى باغلىنىشلىق بولىدۇ، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تۇزلۇق بەلغەم، قاننىڭ كۆيۈشى، ساۋداۋى تەركىب ۋە باشقىلارنى تېۋىپلار خىلىتلار ئۆزگىرىشى تەرەپكە ئىشارەت قىلىدۇ، بۇ ھەققىي سەۋەبىدۇر.

تەمرەتكىنىڭ ماددىسى نۇرغۇنلىغان تەرەپلەردىن قىچىشقاقنىڭ ماددىسى بىلەن قارىمۇقارشىدۇر، مەسىلەن: قىچىشقاقتا قۇرت بولىدۇ، لېكىن تەمرەتكىدە قۇرت بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا «تەمرەتكىنىڭ ماددىسى قىچىشقاقنىڭ ماددىسىدىن كۆپ قويۇقمۇ بولىدۇ» (نەفىيس).

ئالامىتى   يەرلىك ئورنىدا دەسلەپتە قىزىلغا مايىل كىچىك - كىچىك توچكىلار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، كېيىنچە بىرلىشىپ دائىرە شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك - كىچىك مۇدۇر - چاقىلار پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ يېرىلغىنىنىڭ ئۈستىدىن كېپەككە ئوخشاش قاقاچ تۆكۈلىدۇ، كېسەللىك ئورنى دائىرىسىنىڭ ئۆپچۆرىسى بىرقەدەر

كۆپۈشكەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا يۈزى نورمال تېرە يۈزى بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ئەگەر بۇ دائىرىدە يېقىن - يېقىن بولسا، ئۇ ئۆزئارا بىرلىشىدۇ، باشتىن - ئاخىرىغىچە تەمرەتكىنىڭ ھەر دەرىجىسىدە قاتتىق قىچىشىش بولىدۇ.

قاسراقلىق تەمرەتكە تەمرەتكىنىڭ سوزۇلما تۈرلىرىنى قاسراقلىق تەمرەتكە دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭدا تېرىدىن كېپەك تۆكۈلىدۇ.

ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇ تېرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا بولىدۇ ھەمدە بېلىق قاسراقچىلىرىغا ئوخشاش يۇمىلاق - يۇمىلاق قاسراقلار چۈشىدۇ، بۇ قۇرۇق تاز (قۇرۇق باش تەمرەتكىسى) بىلەن سەۋەب ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ.

تەمرەتكە ۋە باش تەمرەتكىسى بۇ ئىككى خىل تەمرەتكىنىڭ جاراسىملىرى ئاساسي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

يامراش تېپىلىق ناچار تۈرى بۇ، تەمرەتكىنىڭ بىر ناچار تۈرىدۇر، بۇ تارقاپ ھەم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە باشقا تۈرى ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن تەمرەتكىنىڭ بەزىسى يېڭى، بەزىسى كونا بولىدۇ.

داۋالاش بەدەندە تولۇپ قېلىش بولسا قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەمرەتكىنىڭ دورىلىرى چېپىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ باشلىنىشى بولسا ۋە ئۇ سۇيۇق بولسا، بۇغداي يېغى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ چىشىنىڭ كىرى، يېلىم، ياغلار ۋە مايلار سۈركىلىدۇ.

يېلىملاردىن بەتەم يېلىمى، ئەينۇلا يېلىمى، ئاچچىق بادام يېلىمى، سۇزاپ يېلىمى، ئوشەق يېلىمى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ. ھايۋانات ياغلىرىدىن ئۆردەك ۋە توخو ياغلىرى سۈركىلىدۇ، ئۆسۈملۈك ياغلىرىدىن گۈل يېغى، ئاچچىق بادام يېغى ۋە زەيتۇن يېغى سۈركىلىدۇ. ياكى سېرىق ھېلىلە، ئەينۇلا يېلىمى ۋە سىركە سۈركىلىدۇ ياكى نامازشامگۈلى ۋە سىركە ياكى مىدەلەكرى ۋە سىركە سۈركىلىدۇ، ئەگەر تەمرەتكە كونا بولسا باش تەمرەتكىسىنىڭ ئۆتكۈر دورىسى سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: زىراۋەندە، ئوشەق، زەرنىخ، مۇقەل، قىچا، زەمچە قاتارلىقلارغا بۇغداي يېغى ۋە سىركە قوشۇپ چېپىلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە زۈلۈك قۇرتى قويۇش ياكى تەمرەتكە ئورنىنى قان ئېقىشقا باشلىغانغا قەدەر تاتىلاش لازىم.

بۇغداي يېغى بۇغداي يېغىنى چىقىرىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. بىر خىل ئۇسۇلى بۇكى، پاكىز بۇغدايدىن بىر يېرىم كىلوگىرام ئېلىپ شېشە (ئوت شېشىسى) گە تۆكۈش، بۇنىڭ ئۈستىگە گىل ھېكمەت قىلىنغان بولسۇن ۋە شېشىنىڭ ئېغىزىغا ئازراق تالا،

مەسىلەن: يۇڭ تولدۇرۇلغان بولسۇن تاكى شىشىنىڭ بوغۇزىدا ئۇ توختىتىلسۇن ۋە شىشىنى تەتۈر قىلغاندا، ئۇ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمىسۇن، ئاندىن كېيىن بىر مەخسۇس تۈردىكى ئاتەشدان ياسىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭغا تۆشۈك ئېچىلىدۇ ۋە بۇ تۆشۈككە شىشە تەتۈر قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بېشى ئاستىغا چىقىرىلىدۇ ۋە شىشە ئېغىزى ئاستىغا بىر پىيالە قويۇلىدۇ تاكى بۇغدايلاردىن تامچىلىغان بۇ نەرسە چۈشۈپ بۇ قاچىغا توپلانسۇن، ئاندىن كېيىن شىشىنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇق تېزەك قويۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ياغ ئاستىغا چۈشىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بۇكى، بۇغداينى بىرەر تاش ئۈستىدە قويۇپ ئاندىن كېيىن تۆمۈرنىڭ قېلىن ۋە كەڭ پارچىسىنى قىزىتىپ بۇغداي ئۈستىگە قويۇش بىلەنمۇ ئازراق ياغ چىقىدۇ (نەفىيس).

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار نىگىند بابرى 12 گىرام ۋە قارىمۇچتىن توققۇز دانىنى ئەرقى مۇرەككەپ مۇسەففىدىن 144 گىرامغا چىلاپ، ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى چۆپچىنىدىن 12 گىرامنى ئىنچىكە توغراپ، ئىسسىق سۇغا چىلاپ ۋە ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە يەتتە گىرام مەجۇنى ئۆشبە يېگۈزۈپ، ئارقىدىن 144 گىرام ئەرقى مۇسەففى خۇن، 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش ئۇسۇلىدا دەسلەپتە 12 گىرام لىمون سۈيى بىلەن 12 گىرام سىركە قوشۇپ سۈركىلىدۇ ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى نۆشۈدۈرنى 72 گىرام ئەرقى پىيازدا ئېزىپ، كېسەللەنگەن ئورۇننى رەخت بىلەن سۈركىگەندىن كېيىن چېپىلىدۇ ياكى بىر خىل مېۋە ئۇنىدىن ئالتە گىرام ۋە ئەپيۇندىن بىر گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى لىمون ئەرقىدە ئېزىتىپ زىمات قىلىنىدۇ ياكى پىندۇق پوستىنى سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى سۇيۇق تىلالاردىن بىرەر تىلا ئىشلىتىلىدۇ:

تىلا (1): تەنكار، مەدەستان، كەتسەفىد، ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى، گۈڭگۈرت سېرىقى، ئاق سىماب جەۋھىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق قىلىپ سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ.

تىلا (2): گۈڭگۈرت، سىماب، ئەپيۇن، كافۇر، زەمچە، تەنكار قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

تىلا (3): سوزۇلما كالا تەمرەتكىسى ئۈچۈن پايدىلىق. مۇقەل ۋە تازىلانغان گۈڭگۈرت سېرىقىدىن 12 گىرامدىن، قورۇلغان تەنكاردىن ئالتە گىرام ئېلىپ، لىمون ئەرقىدە ئېزىپ ھەب ياسىلىدۇ ۋە لىمون ئەرقىگە سۈرۈپ چېپىلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان تاشما (ھۇسفە، گەرمى دانى)

كىچىك - كىچىك تىكەنسىمان مۇدۇر - چاقىلاردۇر، ئارپىنىڭ بارىۋىرىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك، تېرىق باراۋىرىدە تېرە يۈزىگە تارقىلىدۇ. بۇ كۆپىنچە ئىسسىق دۆلەتلەر، ئىسسىق ۋاقىتلار، ئىسسىق مىزاجلار ۋە ئىسسىق مىزاجلىق ئەزالارغا چىقىدۇ، بۇنىڭدا تەرلەش كۆپ بولىدۇ ۋە يۇيۇش كەم بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا سوغۇق ھاۋا ياكى سۇ بەدەنگە تېگىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرە تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ ھەمدە تەرنىڭ ھۆللۈكلىرى ئىچىدىلا توختايدۇ.

سەۋەبى بۇ مۇدۇر - چاقىلار سۈيۈق، ئۆتكۈر ھۆللۈكلەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇ قان بىلەن بىرلىشىپ تېرە ئاستىدا توسۇلىدۇ. چۈنكى سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋا تەسىرىدىن تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ. بۇ، ساھىب كامىلنىڭ كۆزقارىشىدۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ كۆزقارىشى بۇكى، ئېغىرلىقى ۋە قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن ماددىلار سۈيۈق تەر بىلەن چىقالمايدۇ، بەلكى تېرە يۈزىدە توسۇلىدۇ، يەنى تەرنىڭ سۈيۈق تەركىبلىرى تېز چىقىپ كېتىدۇ، قويۇق تەركىبلىرى تېرە ئىچىدە توسۇلۇپ قالىدۇ.

گوياكى بۇ بىر سىرغىپ چىقىشقا لايىق بولمىغان تەرنىڭ لېپىدۇر. ياكى ئۇ مۇدۇر - چاقىلارنىڭ سەۋەبى ئىسسىق، قويۇق ھۆللۈكلەر ۋە بۇخاراتلار بولىدۇ، بۇ سوغۇقلۇقتىن تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ ۋە بۇ چىقىپ كېتىدۇ ياكى چىقىپ كېتەلمەيدۇ، بەزىدە تېرىنىڭ يۈزىدە توختايدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئاشكارا شەكىلدە مۇدۇر - چاقىلار چىقمايدۇ، بەلكى بىرقەدەر قىچىشىش ۋە ئاغرىق بىلەن بۇ يەردە يىرىڭلىك بولىدۇ.

خۇلاسە قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە بىمار كۆپ تەرلەيدۇ، ياز پەسلىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى، ياز پەسلىدە ئىسسىق كىيىمنى يالىڭاچ بەدەنگە كىيىش ياكى نېپىز كىيىمنى كىيىپ ئاپتاپتا يول يۈرۈش بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ. بەزىدە ئۆتكۈر تەرلەتكۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەنمۇ بۇ تۈردىكى مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ.

ئالامىتى بەدەندە كىچىك - كىچىك مۇدۇر - چاقىلار ئايرىم - ئايرىم ياكى توپلانغان شەكىلدە كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھۆللۈكلەر تولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ تۈۋىدە قىزىللىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ، بۇ مۇدۇر - چاقىلار ئومۇمەن ئۇچلۇق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يىڭنە ياكى تىكەنگە ئوخشاش سانجىلىش بولىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان مۇدۇر - چاقىلارنىڭ يەنە بىر تۈرىدە كۆيۈشۈش بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تۈۋىدە قىزىللىق بولىدۇ، بۇ تۈردىكى مۇدۇر - چاقىلار نوقۇت باراۋىرىدە ياكى تېرىق باراۋىرىدە

ئىنتايىن سۇزۇك مەرۋايىت شەكىلدە، ئومۇمەن ئىسسىق پەسىلدە گال ۋە كۆكرەك ئۇستىگە چىقىدۇ، بۇ ھەر كۈنى يوقىلىدۇ ۋە ئىككىنچى كۈنى يېڭى مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ئىچىنى سۇرگۈزىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئۆتكۈر خىلتلارنى چىقارغۇچى بولسۇن، بەدەن ماددىلار بىلەن تولغان شەرت ئاستىدا. بۇغداي كېپىكى ۋە ئىكلىلمىلىك قاينىتىلغان ئىسسىق سۇ بىلەن ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەنگە سىركە ۋە گۈلاب سۈركىلىدۇ ياكى تۇز، خېنە ۋە سىركە سۈركىلىدۇ، ئارپا ئۇنى ۋە گۈل يېغى چېپىلىدۇ.

ئامبولاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار گۈڭگۈرت سېرىقىدىن ئۈچ گىرام، كافۇردىن بىر گىرامغا 36 گىرام يەسمەن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بەدەن ئۇۋۇلىنىدۇ ياكى مىلتان سېغىزىنى سۇ ياكى ئاق لەيلى لوئابىدا ئېرىتىپ بەدەنگە سۈركىلىدۇ ياكى سەندەل، گۈلابتا سۈرۈپ تىلا قىلىنىدۇ ياكى 12 گىرام گۈل يېغىغا 24 گىرام سىركە ، 60 گىرام گۈلاب، بىر گىرام كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان مۇدۇر - چاقىلارغا يەڭگىل چارىلەردىن بىرى شۇكى، گۈلابتىن تۆت ھەسسە، سىركىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ ياكى بەدەنگە ناھايىتى يۇمشاق ئۇن سېپىش كۆپىنچە يېتەرلىك بولىدۇ، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ ۋە قەۋزىيەتنى يوقىتىشنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ:

چىلان بەش دانە، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، كاۋا مېغىزى، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇغا چىلاپ، شىرىسى ۋە لوئابىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتى ياكى چىلان شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ تۆردىكى مۇدۇر - چاقىلار ئۈچۈن (باشقا تېرە كېسەللىرىگە ئوخشاش) قان تازىلىغۇچى دورىلارمۇ پايدىلىقتۇر.

كىچىك مۇدۇر - چاقىلار (بەسور سىغار)

جالىنۇس ئېيتىدۇكى: كىچىك مۇدۇر - چاقىلار ھۆللۈكلەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇ تېرە تەرەپكە چىقىرىلىپ گۆش ۋە تېرىنىڭ ئارىلىقىدا توسۇلىدۇ، بۇ ئومۇمەن بەدىنى قاتتىق ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلغان كىشىلەرگە كۆپ چىقىدۇ.

ئەگەر بۇ ھۆللۈكلەر ئىسسىقلىقتىن بولغان بولسا، مۇدۇر - چاقىلارنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق بولىدۇ، ئەگەر بۇ ھۆللۈكلەر سوغۇق ياكى قويۇق بولسا، مۇدۇر - چاقىلار كەڭ بولىدۇ.

داۋالاش بەدەننى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ، ھېلىلە قايىنىتىلمىسىغا تۇربۇت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، نۇقۇئى پەۋاكى سېرىق ھېلىلە ھەمراھلىقىدا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن رەختنى ھۆل قىلىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن كەنىر (بىر خىل زەھەرلىك دەرەخ)، سوزاپ، مۇرمەككى قاتارلىقلار سىركىگە قوشۇپ چېپىلىدۇ.

دانىخورەك (بەسور لەبنىيە)

بەزىدە بۇرۇن ۋە مەڭزگە سۈت دانچىلىرىغا ئوخشاش ئاق مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى سىقسا ئۇيۇپ قالغان سېرىقمايغا ئوخشاش ئىچىدىن بىر نەرسە چىقىدۇ، تېرىنىڭ ماي بەزلىرىنىڭ ئىششىقى ياكى ئۇنىڭ ھۆللۈكى ئۇيۇش سەۋەبىدىن ئومۇمەن ياشلاردا يۈز، بويۇن، تاغاق ۋە ئېغىزمان ئۈستىگە كىچىك - كىچىك ئۈچلۈق يىرىڭلىق ئىششىقلار پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ تۈۋى قىزىل ۋە قاتتىق بولىدۇ، ئەگەر بۇ مۇدۇر - چاقىلار پىشسا، ئۇنى بېسىش بىلەن ئازراق يىرىڭ (سۈتتەك) چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇدۇر - چاقا ئۆزلۈكىدىن ساقىيىدۇ، بۇ مۇدۇر - چاقا بىر قېتىم چىقىپ توختىمايدۇ، بەلكى ئارقىمۇئارقا چىقىدۇ ۋە ساقىيىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا يىرىڭنىڭ مىقدارى زىيادە بولسا ساقايغاندىن كېيىن داغ قالىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن تۈك بېزى بۇزۇلسا، بۇ ئورۇندىن تۈك ئۈنمەيدۇ.

سەۋەبى بەدەندە قاننىڭ تولۇپ كېلىشى، ئىسسىق غىزالار ۋە شاراب ئىچىش، ھەزىم ۋە قاننىڭ بۇزۇلۇشى، قەۋزىيەت، بوۋاسىر قېنىنىڭ بىراقلا توختىشى، ئاياللاردا ھەيزنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە باشقىلار.

يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەر بېشارەتچى سەۋەبلەر شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بۇ مۇدۇر - چاقىلار يارا بولىدۇ. مۇدۇر - چاقىلار ئەمەلىيەتتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ تۈرىدۇر.

سەمەرقەندى: بۇنىڭ ماددىسى زەرداب سۇ بولىدۇ، بۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئىسسىقلىق بىلەن تېرە يۈزىگىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىگە يېتىپ كېلىپ تارقىلالمايدۇ، دەيدۇ.

داۋالاش بەدەن ۋە مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇن تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن يۇيۇلىدۇ. مەسىلەن: تەنكار تالقىنى، تۇخۇم پوستى، ئېكەكلەنگەن سۆڭەكلەر، قىيمولىيا قاتارلىقلار.

ئەگەر بۇ داۋالاش يېتەرلىك بولسا ياخشى. ئۇنداق بولمىسا قۇرۇتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى نەرسىلەردىن، ئاق قۇستە ۋە بۇنىڭ بىلەن يېرىم گۈلسەۋسەن يىلتىزى ئېلىپ چىپىلما دورا ياسىلىدۇ ياكى زىغىر، قىزىلگۈل، سىيادان ۋە سىركە چېپىلىدۇ، ئەگەر بۇ يېتەرلىك بولمىسا، ئۈزۈم ياغچى كۈلگە سىركە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار

ئەسلىي سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، قان تولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئازايتىلىدۇ، قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، بوۋاسىر ياكى ھەيز توسۇلغان كۈنلەردىن كېيىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولسا ئۇنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ، ئىسسىق غىزالار ۋە ئاپتاپتا مېڭىشتىن ياكى تۇرۇشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش ئۇسۇلىدا ئەتىگەن - ئاخشام قايناق چاي بىلەن يۈز ۋە بويۇن ھورلاندۇرۇلىدۇ، كۆپۈكى دەريا يالغۇز ياكى زەرچىۋە بىلەن سۈركىلىدۇ ياكى ھەسەن يۇسۇف، خەشخاش ئۇرۇقى، دارچىن قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئۆچكە سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا زىمات قىلىنىدۇ. ئەتىگەندە خېنە ۋە بىسىن بىلەن يەرلىك ئورۇن يۇيۇلىدۇ ياكى قورۇلغان نوقۇت ئۇنى، مەدەستان، ئۇپا، ئۆچكە سۈتىدە ئېزىپ كەچتە چېپىلىدۇ ۋە ئەتىگەندە نىم سۈيى ياكى گۈڭگۈرت سوپۇنى بىلەن يەرلىك ئورۇن يۇيۇلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى ئۇپا ئىشلىتىلىدۇ:

ئۇپا نۇسخىسى: كەتىرا، توخۇ تۇخۇمى پوستى، ئارپا ئۇنى، باقىلە، نوقۇت ئۇنى، سېرىق پۇرچاق ئۇنى، ئەدەس ئۇنى، نىشاستە، تاتلىق بادام مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ ياسىلىدۇ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئەتىگەندە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، يەسمەن يېغى بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: باقىلە ئۇنى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، سېرىق پۇرچاق ئۇنى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، زەپەر ئۈچ گىرام. بۇلاردىن سۇفۇپ ياساپ، قائىدە بويىچە سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

سۆگەل (سەئالىل)

سۆگەلمۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن كىچىك، قاتتىق ۋە يۇمىلاق مۇدۇر - چاقا ياكى ئۆسمىلەردۇر. بۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ، بۇ بىر تۈرلۈك زىيادىلىك ياكى كۆپۈشتۇر، بۇ بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرىدە جۈملىدىن يۈز، بويۇن، قول، مەقئەت ۋە جىنسىي يولنىڭ تېرىسىدە پەيدا بولىدۇ، شەكىل ۋە تۈزۈلۈش ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان

تۈرلىرى بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە كىچىك ـ كىچىك تىكەنلىك مۇدۇر ـ چاقىغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭ يۇقىرىقى يۈزى تۆشۈكلۈك ۋە يېسۋېلەك گۈلگە ئوخشاش شەكىلسىز بولىدۇ، ئادەتتە بۇنىڭدا بىرەر يېقىمسىزلىق مەلۇم بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى قىسىملىرى ئىچىدە يىرىڭ بولىدۇ، يېقىمسىزلىنىدۇ. ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ. بۇ تۈردىكى يېقىمسىزلىق بەرگۈچى مۇدۇر كۆپىنچە سىفىلىس بىمارلىرىدا ياكى ئاتا ـ ئانىسى سىفىلىسقا گىرىپتار بولغان بالىلاردا بولىدۇ ياكى مۇنداق مۇدۇرنىڭ پەيدا بولۇشى بىرەر ئۆتكۈر ماددىنىڭ غىدىقلىشىدىن بولىدۇ.

1. سۆگەل بەزىدە تەتۈر بولىدۇ، يەنى تېرە ۋە گۆش ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بەزىلەر بۇنىڭ يىلتىزى شاخلىغان بولىدۇ، دەيدۇ؛

2. بەزىدە يېرىلىدۇ، بۇ چوڭ، يۇمىلاق ۋە تالالىق بولىدۇ؛

3. بەزىسى مۇئەللەق يەنى ئېسىلغان بولىدۇ؛

(4) بەزىسى ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭ بېشى مىخقا ئوخشاش چوڭ، يىلتىزى ئىنچىكە بولىدۇ، بۇ ئەزانىڭ ئىچىگە مىخقا ئوخشاش پاتقان بولىدۇ؛

5. بەزىسى ئۇزۇن ۋە مايماق بولىدۇ، بۇنى مۈڭگۈز دەپ ئاتايدۇ؛

6. بەزىسى يارا بولىدۇ، بۇنىڭ ئاستىدا يىرىڭ بولىدۇ، بۇ تەرسىيۇس دېيىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ بارلىق تۈرلەرنىڭ سەۋەبى مەيلى ئۇ بەلغەمى ياكى سەۋداۋى ياكى ھەر ئىككىسىدىن بىرىكسۇن، ئۆسمىگە ئوخشاش قويۇق ۋە ئىنتايىن قۇرۇق ماددىدىن بولىدۇ.

داۋالاش سۆگەلنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كەبىر يوپۇرمىقى، خەرنۇپ ۋە ئاس بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ ياكى سىيادان، سىركە ياكى تۇز ۋە سىركە سۈركىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن گۈل يېغى ۋە ياغلارنى ھەمىشە سۈركەشمۇ بۇنىڭغا پايدىلىق. بەزىدە سۆگەل كېسىۋېتىلىدۇ ياكى ئۆتكۈر دورا بىلەن يۇلىۋېتىلىدۇ، **مەسىلەن: ھاك، زەرنىخ، توغرىغۇ، زەرارىھ، لاغىيە سۈتى (لاغىيە: بىر سۈتلۈك ئۆسۈملۈكتۇر) قاتارلىقلار قوشۇپ چېپىلىدۇ.**

ئەگەر سۆگەللەر بەدەندە كۆپلەپ پەيدا بولسا ۋە قان غالىبلىقىمۇ بولسا، ھالىتى يول قويسا قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايىنىتىلمىسى بىلەن سۈرگە بېرىلىدۇ ياكى بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ مۇسھىلى ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە بادام يېغى بىلەن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ، مىزاجىغا ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن ھۆل ۋە ياخشى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

سېرىق پۇرچاقسىمان ۋە بۇغدايسىمان سۆگەل سۆگەلنىڭ يەنە بىر تۈرى سېرىق پۇرچاقسىمان ۋە بۇغدايسىمان نامى بىلەن مەشھۇردۇر، بۇ ئىككى تۈرى پېشانە ۋە يۈزدە پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا سېرىق پۇرچاقسىماننىڭ رەڭگى سېرىق، چاپلاشقان، ياپىلاق بولىدۇ.

بۇغدايسىماننىڭ شەكلى بۇغداي شەكلىدە، ئۈزۈنچاق، قىزىلغا مايىل بولىدۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر پۇرچاقسىمان سۆگەل قىزىل؛ بۇغدايسىمان سۆگەل سېرىق بولىدۇ، دېگەن.

دەسلەپكى تۈرنىڭ سەۋەبى سەپرانىڭ سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ھۆللۈكتۇر ۋە ئىككىنچى تۈرنىڭ سەۋەبى قان سەۋەبىدىن بۇزۇلغان قويۇق ھۆللۈكتۇر، بەزى كىشىلەر ئۇ سەۋەبلەرنى ئەكسىچە يازغان.

داۋالاش ئەگەر ماددىلار كۆپ بولسا بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن بەتەم يېلىمى، ئەينۇلا يېلىمى، ياۋا ئۈزۈم ۋە شەترەنجى ھىندى قاتارلىقلارنىڭ قىرۇتىسى چېپىلىدۇ، بۇ قىرۇتىنىڭ تەييارلىنىشى موم ۋە ياغدا بەتەم يېلىمىنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق باشقا دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ، ئەگەر يەرلىك ئورۇن قۇرۇسا، يەنە چېپىلىدۇ، تاكى سۆگەل چۈشكىچە. ياكى كۈندۈش، گۈڭگۈرت سېرىقى، بۆرە ئەرمىنى ۋە سىركە چېپىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر سۆگەل كۆپ چىققان بولسا، بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلىنى ئىچكۈزۈپ تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە قان تازىلىغۇچىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سۆگەللەرنى تارقىتىش ۋە چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار چېپىلىدۇ:

نۇسخا: قورۇلغان زەمچە، قورۇلغان تەنكار، نۆشۈدۈر، كەتسەفىد قاتارلىقلار سىركىدە ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى زەنگارنى يۇمشاق قىلىپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن سۆگەل چۈشمىسە، ئۇنى كېسىش يەنى دورا ئارقىلىق ياكى دەستىكار قىلىش ئارقىلىق سۆگەلنى كەسكەندىن كېيىن زەخمىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مەلھەمى سەفىد ئىشلىتىلىدۇ.

بەلەخ يارىسى (قۇرۇھى بەلخىيە)

بەلىخ چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقى، لاھۇر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقى، سەرھەدى چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقى، دېھلى چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقى قاتارلىق ئورۇنلاردا بۇ زەخىم كۆپ بولىدۇ ھەم بۇ يارىلار بۇ ئورۇنلار تەرەپكە مەنسۇپ بولىدۇ، بۇلارنى ئورنىگ زىبنى چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقمۇ دەپ ئاتايدۇ.

دەسلەپتە تېرە ئۈستىدە كىچىك نىشان كۆرۈلىدۇ، گوياكى ھەرە چېقىۋالغاندەك. ئاندىن كېيىن تەدرىجىي ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش بىلەن قىزىللىق چوڭىيىدۇ ۋە 15 ~ 20 كۈن ئىچىدە

زەخىم كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ يۈزى ئۈستىدە قىزىل مۇدۇر - چاقىلار كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى تېز قاقاچ شەكىللىنىدۇ ۋە تېزلا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئىككىنچى قېتىم قاقاچ شەكىللىنىدۇ، بۇ مۇشۇ يوسۇندا ئارقىمۇئارقا داۋاملىشىدۇ ھەمدە يارىدىن ھەرۋاقىت ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ تۈردىكى زەخىم ئۇزاق مۇددەتكىچە تۇرىدۇ ۋە باشقا يارىنىڭ ئادەتتىكى چارىلىرى بىلەن يوقالمايدۇ.

بۇ يارا ئۈستىدە مۇدۇر - چاقىلار كۆرۈنىدۇ ۋە قاقاچ ئۇيۇيدۇ، سېرىقسۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ ناچار باش تەمرەتكىسىنىڭ تۈرىدىندۇر. سەۋەبى شۇكى، ئۇ، ئەتراپتىكى بۆلەكنى بۇزۇپ يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن خەفەقان ۋە غەشى كۆرۈلىدۇ.

قۇرۇھى بەلخىينىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى توغرىسىدا ئەللامە سەمەرقەندى ۋە باشقا يازغۇچىلار غەشى ۋە خەفەقان قاتارلىقلارنىمۇ يازغان: لېكىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىكى يىرىڭلىق ئىششىقتا بۇنداق ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمايدۇ ياكى مۇمكىنچىلىكى بەلخىيدە بىرەر تۈردىكى يىرىڭلىق ئىششىق بولغان بولسا.

بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ناچار پاشا ياكى زەھەرلىك ئۆمۈچۈككە ئوخشاش بىرەر جانىۋارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش ناچار تۈردىكى باش تەمرەتكىسىنىڭ ئىلاجى گىل ئەرمىنى ۋە سىركىنى ھەمىشە چېپىش بۇنىڭغا ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن پايدىلىق، مۇشۇنىڭغىچە بۇ قۇرۇپ قاسىراق تاشلاپ ساغلام مۇسكۇلغىچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇفۇنەت ۋە بۇزۇلۇشنى يوقىتىدۇ. ياكى يۇمىلاق زىراۋەندە، زەنگار، ئوشەق، قىچا، تۇز، مۇقەل، زەمچە، بۇغداي يېغى، سىركە ۋە ئاز مىقداردا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ چېپىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قەنبىل، قۇرۇق خېنە يوپۇرمىقى، گۈڭگۈرت سېرىقى، يېڭى ھاك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ سۇفۇپ ياساپ، يەسمەن يېغىنى ھاجەتكە قاراپ ئارىلاشتۇرۇپ، زەخىمنى نىم يوپۇرمىقى قايىنىتىلمىسى سۈيى بىلەن يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، ئەتىگەندە چېپىلىدۇ ھەمدە كەچتە يەسمەن يېغىنى تىلا قىلىپ ئۇخلاش ياكى ئۇدخام، قىزىل سىر جەۋھىرى، كۆك تۇتىيانىڭ ھەربىرىنى ئايرىم - ئايرىم سوقۇپ ۋە كۈنجۈت يېغىنى قايىنىتىپ، دەسلەپتە ئۇد خام ئاندىن كېيىن كۆك تۇتىيا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل سىر جەۋھىرى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە سوۋۇغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە زەخىمنى يۇيۇپ چېپىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكى تەرەپتىن قان تازىلىغۇچىلار ئىچكۈزۈلسە ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ.

مۇرچقا ئوخشاش مۇدۇر - چاقا (بەتەم)

(بەتەم: مۇرچقا ئوخشاش مۇدۇر - چاقدۇر).

بۇنىڭدا قارا - قارا، چوڭ مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ چوڭى ھەببى بەتەمنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى بەتەم دەپ قويۇلغان. بۇ مۇدۇر - چاقلار پاچاق ئۇستىگە چىقىدۇ، بۇنىڭدا يىرىڭ بولىدۇ ھەم قارا ھۆللۈك چىقىدۇ، بۇ تېز ياخشى بولمايدۇ، ئەگەر پاچاقلارغا ماددىلار توپلىنىۋالغان بولسا، پۈتۈن بەدەندىن ئۇ تەرەپكە كېرەكسىز چىقرىندىلار چۈشۈشكە باشلايدۇ.

داۋالاش ھالەتلىرى يول قويسا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن پاچاقلىرى ئۇستىگە زۇلۇك قۇرتى قويۇش، تىلىپ شېشىلەر ئارقىلىق ماددىنى تارتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە بەرەنجاسپ كۈلى، يۇلغۇن ياغىچى كۈلى، مامىران، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە، بىخ كەبىر پوستى، كۆيدۈرۈلگەن خېنە، سىركە ۋە ئاز مىقداردا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم ياساپ چېپىلىدۇ ھەمدە باشقا چوڭ زەخىملەرنىڭ (مەسىلەن: ناپارسى چارىسى قوللىنىلىدۇ.

ئۈجمىسىمان مۇدۇر - چاقلىق يارا (توسە، توت)

بۇ، ئۈجمىسىمان مۇدۇر - چاقلىق يارىدۇر. كۆپىنچە يۈز تېرىسى ئىچىگە چىققان بولىدۇ، بەزىدە جىنسىي يول ۋە مەقئەتكە چىقىدۇ،

بۇ ئۆتكۈر قويۇق ماددىدىن بولىدۇ.

داۋالاش مەلھىمى زەنگار ياكى بىرەر باشقا ئۆتكۈر دورا بىلەن ئۇ كېسىپ تاشلىنىدۇ، ساغلام گۆش كۆرۈنگىچە ياكى تۆمۈر ياكى شېكەر بىلەن سۈركەپ يىلتىزىدىن چىقىرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مەلھىمى ئەھمەر (مەلھىمى سۇرۇخ) سۈركىلىدۇ، ھارارەت بولغان شەرت ئاستىدا. ئۇنداق بولمىسا مەلھىمى سىياھ چېپىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گۆش پەيدا بولىدۇ.

سەينەك (داخس)

سەينەك بىر خىل ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ نامىدۇر. بۇ، تىرناقنىڭ تۈۋى ئەتراپىدا كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش ئۆتكۈر بولىدۇ، قاتتىق لوقۇلداش ۋە تارتىشىش

سېزىمى بولىدۇ، ئەگەر ئىششىق تىرناقنىڭ بارلىق يىلتىزىغا تارقالسا، تىرناق چۈشۈپ كېتىدۇ، بەزىدە ئۆتكۈر ئاغرىق بىلەن قىزىتما بولىدۇ.

ناچار ھالەتلەردە تىرناقلار ئۈستىگە كۆپۈشىدۇ ۋە ئۇنى بېسىش بىلەن ماددىلار چىقىدۇ، ئاخىرىدا تىرناق چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن ئىنتايىن ئاغرىيدىغان زەخمىلەر نامايان بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى مۇناسىپ تازىلىمىسا، بەزىدە پۈتۈن بارماق بۇزۇلىدۇ.

سەۋەبى سىفلىس، نار پارسى، قۇبا ياكى يەرلىك ئورۇنلۇق زەربىدىن تىرناقنىڭ ئېزىلىشى ياكى زەخملىنىشى ياكى ناچار قىسمىدىكى يارا ۋە مۇدۇر - چاقا ماددىسىنىڭ تىرناققا تارقىلىشى، بەزىدە پەقەت بەدەن ئاجىزلىق ياكى جىگەر ئاجىزلىق ۋە قان ئازلىقتىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بەزىدە خانازىر بىمارى بۇنىڭغا گىرىپتار بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئارپا سۈيى، ۋە باشقىلار بىلەن مىزاج تەڭشىلىدۇ، دەسلەپىدە سىركە ۋە كۆك موزا چېپىلىدۇ ياكى تۆمۈر دېتى سىركە بىلەن چېپىلىدۇ ياكى ئىسپىغۇل ۋە سىركە سوغۇق قىلىپ چېپىلىدۇ ياكى بارماق ئۇزۇنغىچە موزىغا سېلىپ قويۇلىدۇكى، تاكى ئۇ سېزىمسىز بولسۇن. بۇ داۋالاش ماددا ئاز ۋە ئىنتايىن ئىسسىق بولغان ۋاقىتتا پايدىلىق بولىدۇ، ئەگەر ماددا زىيادە بولسا ياكى زىيادە ئىسسىق بولمىسا، مۇز بىلەن ماددا قويۇق بولۇپ تارقىلىشقا لايىقلىشالمايدۇ، تومۇرلار توسۇلىدۇ، ئەزا ئوزۇقلىنالمايدۇ ھەمدە قان ۋە باشقا ماددىلار ئوفۇنەتلىنىپ قارىدايدۇ ۋە ئاخىرىدا يوقلىپ كېتىدۇ

ياكى قاتتىق ئاغرىغاندا بەزرۇلبەنجى ۋە ئەپيۇن قاتارلىقلار سىركە بىلەن قوشۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن ئاغرىق پەسەيسە ۋە كېسەللىك يوقالسا ياخشى، مەقسەت ھاسىل بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا قىزىتىلغان مايغا بارماق سېلىنىدۇ ھەتتاكى ئۇلار تارقالسۇن.

ئەگەر بۇنىڭدىمۇ تارقىلىش بولمىسا، پىشۇرۇش ئۈچۈن كىنوچە ئۇرۇقى ۋە زىغىرغا ئوخشاش نەرسىلەرنى زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ ۋە ھەتتاكى ئۇ پىشسۇن، ئاندىن كېيىن نەشتەر بىلەن تىلىپ، ماددىلاردىن پاك ۋە ساپ قىلىپ پۈتتۈرگۈچى مەلھەم ئىشلىتىلىدۇ.

پايدىلىق سۆز ئەسلي سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ، شۇڭلاشقا سىفلىس سەۋەبىدىن بولسا ئىچى ۋە سىرتقى تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، خانازىر ياكى ئاجىزلىق ياكى جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەب بولسا، پولات، سەنكىيا مۇرەككىباتلىرى ۋە باشقىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر نار پارسى ياكى قۇبا سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قائىدىلىك داۋالىنىدۇ، زەربە ۋە زەخىم ھالىتىدە دەسلەپتە ئاغرىق پەسەيتىلىدۇ.

نۇسخا: ئىسپىغۇلنى سىركىگە چىلاپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ كېسەللەنگەن ئىرناق ئۈستىگە چېپىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە كىلە يوپۇرمىقى ياكى بوج پەتەر قويۇپ باغلاپ ياكى رەيھان ئۇرۇقىنى سۇدا پىشۇرۇپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ قائىدە بويىچە تېڭىلىدۇ، پەقەت سۇغا رەخت كاللىكنى چىلاپ تېڭىش ۋە ئۇنى ھۆللەپ تۇرۇش ياكى تېزەك كۈلىنى سۇدا نەمدەپ تېڭىش ۋە ئۇنى قۇرۇتۇپ قويماسلىقمۇ پايدىلىقتۇر. ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن شىپا تاپمىسا ئىرناقنى چىقىرىۋېتىش ياخشىدۇر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئىم سۈيى بىلەن زەخىمنى پاكىزلاپ، مەلھىمى سەفىد ياكى باشقا پۈتتۈرگۈچى مەلھەم چېپىلىدۇ.

ئانورسىما (ئومۇددەم ۋەرەمى نابىز)

ئانورسىما — تومۇر ئىششىقىغا قارىتىلغان.

يۇنان تىلىدا ئانورسىمانىڭ مەنىسى قانىنىڭ ئېقىشىدۇر.

ئانورسىما قاندىن بولغان ئىششىقتۇر، ئۇنىڭ نامى قان ئانسىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئىششىق قىزىل قان تومۇرنىڭ بوشلۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ ۋە بۇ قىزىل قان تومۇر دىۋارىنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر كېڭىيىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئانورسىما قىزىل قان تومۇر دىۋارىنىڭ غەيرىي تەبىئىي كېڭىيىشى ياكى خالتىسىغا ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭدا سۇيۇق ياكى ئۇيۇغان قان تولغان بولىدۇ ھەمدە بۇ قىزىل قان تومۇرنىڭ ئىچكى بوشلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇرىدۇ.

ئانورسىما ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ① ھەقىقىي ياكى مەرزى؛ ② يالغان ياكى رەربى.

ھەقىقىي ئانورسىما قىزىل قان تومۇر دىۋارلىرىنىڭ كېڭىيىشىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ قايتىشىدىن ئىلگىرى قىزىل قان تومۇر جەۋھىرىدە بىرەر كېسەللىك بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىل قان تومۇرنىڭ ئارىلىقىنىكى قەۋىتى كېسەللىنىپ ئاجىز بولىدۇ ۋە ئادەتتىن تاشقىرى كېڭىيىدۇ.

يالغان ئانورسىما قىزىل قان تومۇر دىۋارىغا جاراھەت چىقىش ياكى زەربە تېگىشتىن بولىدۇ، قىزىل قان تومۇر دىۋارلىرى ئىچىدە بۇ خىل غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش بۇرۇندىلا مەۋجۇت بولمايدۇ، بۇ ئۇنى كېڭەيتىش تەرەپكە مايىل قىلىدۇ، ئەسلىدىنلا تەبىئىي ھالەتتە بولىدۇ، ئەلۋەتتە زەربە تېگىش ۋە جاراھەت سەۋەبىدىن قىزىل قان تومۇر جاراھەتلەنگەن بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ سىرتقى قەۋىتى كېڭىيىپ، ئانورسىما ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ.

ھەقىقىي ئانورىسما ئۈچ تۈردە بايان قىلىنىدۇ.

1. ئانورىسمائى مەغزەلى بۇنىڭدا قىزىل قان تومۇر دىۋارى ئۆزىنىڭ تولۇق ئورىلىشىدا بىردەك كېڭىيىدۇ (بۇنىڭدا ئۇنىڭ دىۋارى پەقەت بىر تەرەپكە كېڭىيىپ كەتمەيدۇ).

2. ئانورىسمائى كىسى بۇنىڭدا قىزىل قان تومۇر دىۋارىنىڭ پەقەت بىر ئورنىلا كېڭىيىپ، قىزىل قان تومۇر بوشلۇقىدىن سىرتقا بىر خالتا ياسايدۇ، بۇ بىر تار يول ئارقىلىق قىزىل قان تومۇر بوشلۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

3. ئانورىسمائى تەشرىھى بۇنىڭدا قىزىل قان تومۇر دىۋارىنىڭ قەۋەتلىرى ئارىلىقىغا قان كىرىپ، قەۋەتلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ، بۇ تۈرى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ ۋە ھايات ۋاقتىدا ئۇنى ئېنىقلاش ناھايىتى قىيىندۇر.

ئانورىسما تەشرىھىدا قىزىل قان تومۇر دىۋارى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭدا ئۈچ بوشلۇق بولىدۇ، ئىچكى بوشلۇق ئىنچىكە قىزىل قان تومۇرنىڭ قورسىقىنى ئاشكارا قىلىدۇ، ئوتتۇرىسى قېلىنلاپ ئوتتۇرا قەۋەتكە، سىرتقى تەرەپتىكىسى سىرتقى قەۋەتكە ئېتىلىدۇ.

ئانورىسما كېسىلىدە قىزىل قان تومۇر دىۋارىنىڭ تەبىئىي توقۇلمىسى خالتا دىۋارىنىڭ يېنىدىلا كېمىيىدۇ.

ئانورىسمائى مەغزەلىدە دىۋارلار كېڭىيىدۇ، لېكىن توقۇلمىدا ئومۇمەن بىرەر ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ئالامىتى بۇ ئىششىقنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئورنى ئاق بولىدۇ، تېرە تەسىرگە ئۇچرىمىغان شەرت ئاستىدا. بۇ ئىششىقتا تومۇرنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىش ھەرىكىتى سېزىلىدۇ، يەنى كېڭەيگۈچى ئىششىق يۈرەك ھەرىكىتى ياكى تومۇر سوقۇش بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ، قىزىل قان تومۇر ئۈزۈنىسىغا مەلۇم بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئورۇندا بەزى ۋاقىتلاردا ئېگىزلىك ۋە تۆۋەنلىك سېزىلىدۇ.

ئەگەر قول بىلەن ئىششىق بېسىلسا، ئىششىقنىڭ ناھايىتى چوڭ بۆلىكى غايىب بولىدۇ، چۈنكى قان بۇ بوشلۇقتىن قايتىپ ئىچىگە ماڭىدۇ.

ئەگەر كېسەللەنگەن قىزىل قان تومۇر ئانورىسمانىڭ ئۈستى يەنى يۈرەك تەرەپكە بېسىلسا، ئانورىسمانىڭ ھەجمى كىچىكلەيدۇ ۋە كۆپۈشۈشى ئازلايدۇ، ئەگەر بۇ بېسىش قايتۇرۇلسا تومۇر ئۈچ - تۆت قېتىم سوققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەجمى قايتا چوڭىيىدۇ، ئەگەر ئانورىسمانىڭ ئاستىدىكى بىرەر ئورۇندىكى قىزىل قان تومۇر بېسىلسا، ئانورىسمانىڭ خالتىسى زىيادە قاتتىقلىشىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بېسىش بىلەن بىر قىسىم ئاۋاز مەلۇم بولىدۇ، بۇ قاننىڭ ھەرىكىتىدە پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئىششىقنىڭ رەڭگى پىدىگەن ياكى بىنەپشە رەڭگە ئوخشاش بولىدۇ، چۈنكى قان ئۇيۇپ ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ.

ئانورسىما سەۋەبىدىن تېرە تەسىرگە ئۇچرىغان چاغدا تېرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئانورسىمانىڭ چوڭايغان ھەجمى ۋە قاناشتا چەكلىمە بولۇش سەۋەبىدىن تۆۋەندىكى ئالامەتلەر ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ:

ئەگەر ئانورسىما بويۇن ياكى پۇت ـ قوللاردا بولسا، ئانورسىمانىڭ ئاستىدىكى قىزىل قان تومۇرلار قارشى تەرەپتىكى قىزىل قان تومۇرلارنىڭ تومۇر سوقۇش نىسبىتىدىن زىيادە ئاجىز مەلۇم بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن سېزىلىدۇ، بېسىم بېرىش بىلەن كۆك قان تومۇرلاردا قان تولۇش بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بۇنىڭ بىلەن بەزى بوشاشتۇرىدىغان ئىششىق ۋە گانگرېنامۇ پەيدا بولىدۇ، نېرۋىلار ئۈستىگە بېسىم چۈشۈش بىلەن ئىنكاسلىق ئاغرىق، خەدەر ياكى ئىستىرخا پەيدا بولىدۇ، ئىنكاسلىق ئاغرىقتا يەرلىك ئورۇندا ئاغرىقنىڭ سەۋەبى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، بۇ ئورۇن ئاغرىمايدۇ، بەلكى بۇنىڭدىن يىراق باشقا ئورۇندا ئاغرىق بولىدۇ.

ئانورسىما چوڭىيىشتا بۇ توقۇلمىلار بىلەن چەكلىنىدۇ، ئۇ ھەممىسىنى يېيىش ۋە يوق قىلىشقا باشلايدۇ، سۆڭەكنى يەپ شالاڭلاشتۇرىدۇ، بۇ بەزىدە ئۆزلۈكىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ، كۆمۈرچەكلەرگىمۇ تەسىر قىلىدۇ، لېكىن سۆڭەكتە نىسبەتەن ئازراق بولىدۇ. بەزىدە ئانورسىما مۇھىم توقۇلمىلار، مەسىلەن: ھاۋا ۋە غىزالارنىڭ كاناللىرى (كانايچە ۋە قىزىلئۆڭگەچ) ئۈستىگىمۇ بېسىم چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدا زەخىم پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدا يېرىلىش كۆرۈلىدۇ، بەزىدە ئانورسىمانىڭ خالتىسى سىرتقى تەرەپكە چوڭىيىپ، ئاخىرىدا تېرە ياكى شىللىق پەردە يۈزىدىن ئېغىز ئالىدۇ، چۈنكى بۇ كېسەللىكتە يۈرەك ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ بىلەن سوقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك چوڭىيىدۇ، بەزىدە ئۇيۇغان قاننىڭ توسالغۇسى (ئانورسىما خالتىسىدىكى قان ئۇيۇلمىسى) پارچىلىنىپ، قان ئېقىشقا باشلايدۇ ھەمدە تەبىئەت ئۇنى تارقىتىش ۋە تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا، يېقىن ۋە ئەتراپىدىكى تومۇرلاردا گانگرېنا پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە ئانورسىما قىزىل قان تومۇر دىۋارى ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈپ ئۇنى توسۇپ قويىدۇ، بەزىدە دىۋارىدا ئوفۇنەت پەيدا بولىدۇ، يەنى كۆيۈش ۋە قايناش تەسىرىدىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا قىزىل قان تومۇر بوشلۇقى توسۇلىدۇ ھەمدە ئانورسىما ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئاقىۋىتى

1. بەزىدە ئانورىسما ئۆزلۈكىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ ئاز ساندا بولىدۇ ۋە پەقەت كىچىك قىزىل قان تومۇرلاردا، يەنى خالتىلىق ئانورىسما ۋە قىزىل قان تومۇر ئارىلىقىدىكى يول ناھايىتى كىچىك بولغان چاغدا بولىدۇ، كۆپىنچە ئۆزلۈكىدىن ساقىيىش بۇ سەۋەبتىن بولىدۇكى، خالتىلىق ئانورىسمانىڭ كېڭىيىشى قىزىل قان تومۇرنى ئۈستى ياكى ئاستا تەرەپكە باسىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى قان ئۇيۇيدۇ، بۇ ئۇيۇغان قان ئۆز بېسىمى بىلەن قىزىل قان تومۇرنىڭ ئاستى قىسمىنى توسقاندا ھاسىل بولىدۇ.

2. ئەگەر ئانورىسمانى داۋالىماستىن قويۇپ قويسا، ئۇ تەدرىجىي توقۇلمىلارنى يەيدۇ (سۈمۈرىدۇ ۋە ھەزىم قىلىدۇ) ھەتتاكى ئۇ خالتا (كەڭرى) يۈزىدە ياكى تېرىنىڭ ئاستىدا يېرىلىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە (يەنى ئۇ تېرە ئاستىدا يېرىلغان چاغدا) ئۇنى ئانورىسمائى مۇنتەشىرە دەپ ئاتايدۇ.

ئىچكى ئانورىسما (بۇ ئىچكى ئەزالاردا كۆرۈلىدۇ) نىڭ يېرىلىشىدا ئومۇمەن ئىنتايىن قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە ئۆلۈم تېزلا كۆرۈلىدۇ. سىرتقى ئانورىسما بەزىدە تۇيۇقسىز يېرىلىدۇ ۋە بەزىدە تەدرىجىي يېرىلىدۇ، ئەگەر تەدرىجىي يېرىلسا، ئۇنىڭ ھەجمى ۋە ئىششىق ئاستا - ئاستا كىچىكلەيدۇ، ئۇنىڭ لوقۇلدىشى ئازلايدۇ، نېرۋىلار ۋە كۆك قان تومۇرلارغا بېسىم چۈشۈشىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشىدۇ. ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بېسىمى بىلەن گانگرېنا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا تارتىشىش ۋە قاتتىقلىق زىيادە بولىدۇ ۋە لوقۇلدىشى توختايدۇ، تۇتاش تومۇرلارغا بېسىم چۈشۈش بىلەن بەزىدە گانگرېنا كۆرۈلىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە بەزىسى يىرىڭلايدۇ ۋە بەزىسى سىرتقا چىقىپ يېرىلىدۇ.

3. بەزىدە ئانورىسمادا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ۋە بۇنى تىلىمسا، بۇ ئۆزلۈكىدىن يۈزلىنىشى تەرەپكە ئېغىز ئېچىپ يېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن قان ۋە يىرىڭ چىقىدۇ، بىمار شۇ ۋاقىتتا ياكى قايتا - قايتا قان چىقىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئانورىسمانىڭ داۋالاش ئۇسۇلى شۇكى، بۇنداق ھالەتلەر پەيدا بولغاندا، ئانورىسمانىڭ ھەجمى، قان ئايلىنىشىنىڭ سۈرئىتى ۋە كۈچىدە يەڭگىللەش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، غىزانىڭ مىقدارىنى يەنى سۇيۇق غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ئازايتىلىدۇ، دورىلار ۋە چارىلەر بىلەن قاننىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىلىدۇ، مەسىلەن: بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا: قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان، كۆيدۈرۈلگەن بىخ مارجان ھەربىرى بىر گرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام خېمىرى خەشخاشقا

ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە بېھى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ھەببۇلئاس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. غىزادىن كېيىن كافۇر ئېرىتىلمىسىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى قەنت سېلىپ بېرىلىدۇ. كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۈچ گىرام مۇقەلنى 12 گىرام ئىترىفىل كەشنىزگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. 12 گىرام بېلىق مېيىنى سۈت ۋە گۈرۈچتىن ياسالغان غىزا بىلەن بېرىشمۇ پايدىلىق، كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىگە كۆكنار، ئانارگۈلى، كۆك موزا، كۆك يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولسا ۋە ھالەتلىرى يول قويسا، بىمارنى تىنىچ ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ (ئۆرە قىلماسلىق) ۋە غىزاسىغا قانىنى قويۇلدۇرغۇچى نەرسىلەر، مەسىلەن: كالا - پاچاق ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ، ئۆلچەم قىلىنغانكى، ئانورسىمانىڭ بىمارلىرىغا 24 سائەتتە پەقەت 240 ~ 300 گىرام قۇرۇق غىزا ۋە 250 گىرام سۇيۇق نەرسە بېرىش بىلەن يۇقىرىقى مەقسەتلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىدا يېتەرلىك ياردەمگە ئېرىشىلىدۇ.

ئەسكەرتىش يۇقىرىقى چارىلەر بۇ كېسەللىك ئۈچۈن شىپالىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن پەقەت ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش ۋە تەبىئەتكە ئازراق ياردەم ھاسىل بولىدۇ، ئۇ چارىلەر بىلەن بەك كۆپ ياخشىلىنىش بولمايدۇ، بۇنىڭدا ئەگەر دەستىكار قىلىش مۇمكىن بولسا، بۇ ناھايىتى ۋايىغا يەتكەن شىپالىق بەرگۈچى داۋالاشتۇر.

دەستىكار قىلىش ئەگەر ئىچكى ئانورسىما بولسا، بۇنىڭغا چېقىلىش خەتەرلىك، يەنى كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئانورسىمائى مۇنتەشىرە بولسا، مۇناسىپ دەستىكار قىلىشنى ئويلاش زۆرۈر، ئانورسىمانىڭ ئىلاجىدا تۆۋەندىكىدەك دەستىكار قىلىش ئۇسۇللىرى ئومۇملاشقاندۇر:

پۈتۈنلەي كېسىپ چىقىرىۋېتىش ئانورسىمانىڭ خالتىسىنى تولۇق كېسىۋېتىش ياخشىراق ئەمەل دەپ قارىلىدۇ، بۇ مۇمكىن بولغان شەرت ئاستىدا. ئۇنىڭ ھالىتى بۇكى، كېسەللەنگەن ئەزانى ئېگىز قويۇپ قاندىن خالىي قىلىش، ئاندىن كېيىن نەشتەر ئۇرۇپ خالتىنى ئەتراپىدىكى توقۇلمىلاردىن ئوبدان ئاجرىتىش ۋە ئانورسىما ئورنىدىن ئۈستى، ئاستى قىزىل قان تومۇردا تۈگۈنچە قىلىپ، ئانورسىمانى كېسىپ تامامەن چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇ ھازىرقى زاماندىكى ھەممىدىن زىيادە مەنپەئەتلىك ئۇسۇلدۇر ھەم بۈگۈنكى كۈندە ئانورسىمانىڭ دەستىكارىدا قىزىل قان تومۇر بىلەن كۆك قان تومۇرمۇ باغلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گانگرېنانىڭ كۆرۈلۈش ھادىسىسى ئازايتىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ئىنتىلوس تېۋپىتۇر، بۇ ئۈچىنچى ئەسىردە ئۆتكەن.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قەدىمكى كىشىلەر ئانورسىمانىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەردار ئىدى.

چەكلەش ۋە باغلاش بەزى خالتىسىمان ئانورسىمادا قىزىل قان تومۇر بوشلۇقىنى دەستىكار قىلغاندا پەقەت ئانورسىما بىلەن تۇتاشقان خالتىسى توسۇپ قويۇلىدۇ. بەزىدە ئانورسىمانىڭ خالتىسىنىڭ بارلىق يېقىن قىزىل قان تومۇرىغا تۈگۈنچە قىلىنىدۇ، بەزىدە قىزىل قان تومۇر مۇشۇنداق ئارىلىقتا باغلىنىدۇكى، قىزىل قان تومۇرنىڭ كەم دېگەندە بىر شېخى تۈگۈنچىنىڭ ئۈستىدە قالىدۇ، ئەگەر قىزىل قان تومۇر بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە باغلاشقا قولايلىق بولمىسا، ئانورسىما خالتىسىنىڭ يېقىن تەرىپىگە (يۈرەك بىلەن يېقىن) تۈگۈنچە قىلىش مۇمكىن بولمىسا، بۇ ھالەتتە كېسەللەنگەن قىزىل قان تومۇرنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ چوڭ شاخلىرىنىڭ يىراق تەرىپى (يۈرەكتىن يىراق) باغلىنىدۇ.

بۇ كۆپىنچە گەدەن ئانورسىماسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ (يېقىن تەرەپ: ئانورسىمانىڭ خالتىسىنىڭ بېشى يۈرەك بىلەن يېقىنراق تەرىپىدۇر. يىراق تەرەپ: ئۇنىڭ ئەكسىچە يۈرەكتىن يىراق تەرىپىدۇر).

ئانورسىمانى باغلاشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلى: بۇ ئەمەللەرنىڭ مەقسىتى بۇكى، ئانورسىمادا قاننىڭ كېلىشى توسۇلسا ياكى كېمەيتىلسە، خالتىنىڭ قېنى تەدرىجىي ئۇيۇيدۇ ۋە خالتا قورۇلىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئەمەللەر كارغا كەلمەيدۇ ۋە قىزىل قان تومۇرنى ئىككى قېتىم باغلاش ياكى تامامەن كېسىپ ئېلىۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ، ئەگەر گانگرېنا كۆرۈلگەن بولسا، ئەزا كېسىۋېتىلىدۇ، قىزىل قان تومۇرنى باغلاش بىرەر ئىچكى ئانورسىما مەۋجۇت بولمىغان، يۈرەكتە بىرەر ئۆتكۈر كېسەللىك بولمىغان، گانگرېنا ياكى ئۇنىڭ خەتىرى بولمىغان، سۆڭەك ۋە بوغۇم خەتەرلىك ھالەتتە كېسەللەنمىگەن چاغدا راۋا، دەپ قارىلىدۇ.

يىڭنە سانجىش ئۇسۇلى بۇنىڭ ئۇسۇلى بۇكى، ئانورسىمانىڭ خالتىسى ئىچىگە ئىنتايىن ئىنچىكە يىڭنىلەرنى سانجىپ، ئاز مۇددەتكىچە بۇ يەردە قويۇپ قويۇلىدۇ ۋە تومۇر سوقۇش بىلەن ئەگەر خالتا كېڭىيىپ تارايسا، يىڭنىلەر خالتىنىڭ ئارقا دىۋارىغا سۈركىلىدۇ، مۇشۇنداق غىدىق ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن دىۋار قېلىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ئانورسىمانىڭ خالتىسى توسۇلىدۇ.

كېسىش ئۇسۇلى ئانورسىما سەۋەبىدىن ئەگەر گانگرېنا پەيدا بولسا ياكى بوغۇم ئېچىلىپ قالسا ياكى سۆڭەكلەر شۇقەدەر بۇزۇلۇپ ئەزا بىكار بولسا، ئەزانى كېسىۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ.

ئاز كۆرۈلىدىغان مۇدۇر - چاقا (بۇسۇرى غەربە)

بۇسۇرى غەربە ئاز ساندا كۆرۈلىدىغان مۇدۇر - چاقىلاردۇر، ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بولىدۇ.

1. زاتۇل ئەسلىي (يىلتىزلىق مۇدۇر - چاقىلار)   بۇ، كىچىك - كىچىك ئاق مۇدۇر - چاقىلار بولۇپ، بۇنىڭ يىلتىزلىرى بەزلەرگە ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى زاتۇل ئەسلىي دەپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈچى يىرىڭدىن پارقىرايدۇ، ئاغرىق ئاز بولىدۇ، ئەستە پىشىدۇ.

بۇ مۇدۇر - چاقىلار بەزىدە ئۆزگىرىپ ۋە چوڭىيىپ، چوڭ يىرىڭلىق ئىششىققا ئوخشاش بولىدۇ، بەزىدە ئۆز قاتتىقلىقىدا تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ باشلىرىدىن ئاز - ئازدىن يىرىڭ تامچىلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككىنچى تۈرى بەك ناچاردۇر.

ئۇ مۇدۇر - چاقىلارنىڭ ماددىسى سەۋدادۇر، بۇ خىلىتلىق بۇزۇلۇشتىن ھاسىل بولىدۇ.

داۋالاش   زۆرۈر تېپىلسا قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى ئىچكۈزۈپ چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ ۋە مىزاجدا ھۆللۈك پەيدا قىلىشقا تىرىشىلىدۇ، زىمات شەكلىدە دەسلەپتە ئىسپىغۇل چېپىلىدۇ تاكى ماددا يىغىلىپ پىشىشقا لايىق بولسۇن، ئاندىن كېيىن ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، كاسنە ۋە قىزىلچا شاخلىرىنى قايىنتىپ، بىنەپشە يېغى ھەمراھلىقىدا چېپىلىدۇ، تاكى ئۇ ئىششىق ياخشى پىشسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ ياكى تۇخۇم سېرىقى ۋە ئوشەق چېپىلىدۇ تاكى مۇدۇر - چاقىلار يېرىلسۇن ۋە ماددا ئېقىپ چىقسۇن.

2. خافىيە ۋە زاھىرە: يوشۇرۇنغۇچى ۋە كۆرۈنگۈچى مۇدۇر - چاقىلار بۇسۇرى غەربە قىزىل ۋە قاتتىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ ھەمدە بۇ يوشۇرۇن بولۇپ، كېيىن باشقا بىرەر ئورۇندا كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ماددىسى ئۆتكۈر قاندۇر.

داۋالاش   قاندىن بولغان تىلىمنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

3. شىلىم (قارا مۇدۇر - چاقا)   بۇ يۈز ۋە مەڭزدە كۆرۈلىدۇ، بۇ قاتتىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدە دەرھەم باراۋىرىدە قىزىللىق پەيدا بولىدۇ، بۇ مۇدۇر - چاقىلار ناچار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ماددىسى بۇزۇق ۋە ئۆتكۈر قاندۇر. ئەگەر ئۇ تاشلاپ قويۇلسا، بۇ مۇدۇر - چاقا چوڭقۇرلايدۇ ۋە پۈتۈن يۈزگە تارقايدۇ.

داۋالاش   قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچ سۈرگۈزۈلىدۇ، مۇدۇر - چاقىلار تىلىنىدۇ، چۈنكى بەزىدە ئۇنىڭ ئىچىدىن بەزگە ئوخشاش ئۇيۇۋالغان قان چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەفىدەنىڭ

مەلھەمى ۋە كۆيدۈرۈلگەن قەلەينىڭ مەلھەمى سۈركىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سىركە مەلھەم قىلىپ چېپىلىدۇ تاكى زەخىم پاك ۋە ساپ بولسۇن ۋە تاكى ئۇنىڭ ساقايغاندىكى نىشانى قالمىسۇن.

4. بۇسور ئەسداغ (چېكە مۇدۇر - چاقىسى): بۇ مۇدۇر - چاقىلار ئىككى چېكىدە پەيدا بولىدۇ، كىچىك مۇدۇر - چاقىلارغا ئوخشاش چوڭ - چوڭ ۋە قىزىل بولىدۇ، بۇ پىشمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا نەشتەر ئۇرۇلسا، ساپ قاندىن باشقا ئازراقمۇ بىرەر نەرسە چىقمايدۇ، بۇ كۆپىنچە ناسۇر پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبچى ماددىسى بۇزۇلغان قان بىلەن بىرلەشكەن خىلىت ھۆللۈكىدۇر.

داۋالاش قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، باش تەنقىيە قىلىنىدۇ، سېرىق پۇرچاق، ماش، ئارپا، يېپىسمۇق ئۇنى قاتارلىقلارنى سىركە ۋە بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇپ زىمات شەكلىدە مۇدۇر - چاقىلار ئۈستىگە چېپىلىدۇ تاكى بۇ تارقالسۇن ۋە قىرۇتى سۈركىلىدۇ تاكى كۆيۈشۈش پەسەيسۇن ۋە قاتتىقلىق يۇمشىسۇن.

5. بەسور قەفا (گەدەن مۇدۇر - چاقىلىرى): بۇ مۇدۇر - چاقىلار چېكە مۇدۇر - چاقىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭ بايانى ھازىر ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولدى. پەرقى پەقەت شۇ قەدەركى، گەدەن مۇدۇر - چاقىلىرى چوڭ ۋە ئۇنىڭدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە بۇ كىشىلەرگە بۇ تۆردىكى مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ، ئۇلار كەم ساقلىنالايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، ئۇنىڭ ئورنى مېڭە ۋە نېرۋىلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن يېقىندۇر.

ئۇنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر قان ماددىسىدۇر، بۇ يۇلۇن كانىلىنىڭ ئىچىگە قۇيۇلىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى بىلەن پاقىيوپۇرمىقىنى سوقۇپ ۋە ئىسپىغۇل لۇئابىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ، باشقا سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن بىنەپشە يېغى ۋە ئاياللارنىڭ سۈتى سۈركىلىدۇ.

سىفلىس (ئاتىشەك)

زەرمە، سائۇر.

زەرمەنىڭ مەنىسى قوقاس (ئەلجەمرە) دېگەن بولىدۇ.

سائۇرنىڭ مەنىسى ئوت (نار) دېگەن بولىدۇ.

ئەلۋە بالۇل ئەفرەنجى (فەرەڭ كېسىلى)، ئەلخەجىل (خىجىل قىلغۇچى)، قۇرھە سەلبە (قاتتىق يارا)، ئاتىشەك، ئابلە فەرەڭ، بادى فەرەڭ، كوفىت، گەرمى.

ماھىيىتى سىفىلىس بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا بۇ كېسەللىكنىڭ مەخسۇس زەھەر ماددىسى (ۋەبال) دەسلەپتە ئومۇمەن خاس ئەزا ياكى بىرەر باشقا ئورۇنغا يۇقۇپ، يەرلىك ئورۇنلۇق يارا پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ زەھەر قانغا قوشۇلىدۇ، بەزىدە بۇ زەھەر قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقىدۇ ۋە بەزىدە ئاتا ـ ئانىدا سىفىلىس بولۇش سەۋەبىدىن بالىدىمۇ زەخىم بولماستىن ئىرسىيەت شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ زەھەر بەدەنگە كىرىپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. بۇ خاس تۈردىكى كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ناچار ماددا بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنى بۇ سىفىلىس كېسىلىنىڭ باشلىنىشىدا زەخىم تېپىلىپ، بۇ مەخسۇس ئەزالاردا پەيدا بولىدۇ ھەم سىفىلىس بىمارىنىڭ قېنىدا ئۇنىڭ زەخىملىرى ۋە داغلىرىغىمۇ بىرلىشىدۇ، بۇ بەدەن سىرتىدا پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەللىك پەقەت ئىنسانلارغا خاستۇر، باشقا ھايۋاناتلاردا بولمايدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر تەئرىپتىن مەخسۇس ئەزانىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق زەخمىسى چىققان بولىدۇ، بۇ مەخسۇس ئەزا ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ، مۇناسىپ داۋالاش ۋە چارە بىلەن تېزلا ياخشى بولىدۇ، چۈنكى ئاۋام بۇنىمۇ ئاتەشەك دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنىڭ بايانىنى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا ئاتەشەك مەجازى نامى بىلەن بايان قىلىمىز.

ئاتىلىش سەۋەبى ئاتەشەك بىرەر قەدىمكى ئەرەبچە نام ئەمەس، چۈنكى قەدىمكى زاماندا بۇ كېسەللىك مەۋجۇت بولمىغانىدى.

ۋەبال: مەنىسى ناچار ئاقىۋەت (سۇئۇل ئاقىبە) تۇر. سىفىلىس كېسىلى ئەمەلىيەتتە ئىنسانىنىڭ ناشايان ئىشلىرىنىڭ بىر يامان نەتىجىسى، بۇ بىر ياخشى قىياس قىلىنىشتۇر.

ئاتەشەك، زەرمە ۋە سائۇر: ئاتەشەكنىڭ مەنىسى «ئوت» تۇر، ئوت باشقا نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغىنىدەك بۇ كېسەللىك پۈتۈن بەدەن، جىسمانىي قۇۋۋەتنى بەربات قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا بۇ نام قويۇلغان، شۇنىڭدەك زەرمە ۋە سائۇر گوياكى ئاتەشەك سۆزىنىڭ تەرجىمىسىدۇر.

ئەلئەفرىنجى، بادىرفەرەڭ، ئابلەفەرەڭ (ياۋروپالىقلارنىڭ كېسىلى ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ قاپارتچۇقى)، چۈنكى ئاسىيادا بۇ كېسەللىك ياۋروپالىقتىن تارقالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرىپىگە مەنسۇپ قىلىپ ئۇنىڭغا بۇ نام قويۇلغان.

ئەلخىجىل مەنىسى «شەرمەندە» دۇر. چۈنكى بۇ كېسەللىك بىمارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا شەرمەندە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئەلخىجىل دەپ ئاتايدۇ.

قۇرھە سەلبە (قاتتىق زەخىم): چۈنكى ئاتەشەك زەخمىسىنىڭ پەرقلىق خۇسۇسىيىتى قاتتىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى قۇرھە سەلبە دەپ ئاتايدۇ.

كوفت: بۇنىڭ مەنىسى «يېقىمسىزلىق» تۇر. چۈنكى بىمار بۇ كېسەللىكتىن ئىنتايىن يېقىمسىزلىنىدۇ، زارلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىش سەۋەبى ئوچۇقتۇر.

سەۋەبى ئاتىشەكىنىڭ خاس سەۋەبى بولسا، ئۇ زەھەر ياكى ناپاك تەنچىدۇر، بۇ ئىنسان بەدىنىگە سۈمۈرۈلۈپ بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بۇ زەھەر بەدەنگە كىرىش ۋە بۇنى بۇزۇش ۋە بەربات قىلىش ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ، ئۇلاردىن جىنسىي ئالاقە بىر خاس سەۋەبتۇر، خۇسۇسەن يەنى پاھىشە ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش سەۋەب بولىدۇ.

بۇ زەھەر ياكى جاراسىمنىڭ بەدەنگە كىرىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئەزادا غىدىقلىنىش ياكى سۈركىلىشنىڭ بولۇشى زۆرۈر، مەيلى ئۇ غىدىقلىنىش بىرقەدەر يەڭگىل بولسۇن. لېكىن ئۇ، كىچىكرەك ناپاك تەنچە ئۈچۈن ئىنتايىن يەڭگىل غىدىقلىنىشمۇ ئىنسان بەدىنىگە كىرىش ئۈچۈن بىر چوڭ مەيدانغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭغا ئۇ ناھايىتى ئازادىلىك بىلەن كىرىپ، قىل قان تومۇرنىڭ كىچىك - كىچىك ئېقىنلىرىغا يېتىپ بېرىپ، تەدرىجىي قان تومۇلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئېقىنلىرىغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ يەردە لەيلەپ ئايلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يۇقۇشچان ھايات زەھىرىنى پۈتۈن قانغا يۇقتۇرىدۇ.

مەخسۇس ئەزادا بۇ غىدىقلىنىش بەزىدە بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بولىدۇ، بەزىدە جىما ۋاقتىدا سۈركىلىشتىن پەيدا بولىدۇ، بەزىدە پاھىشە ئايال جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۆتكۈر ھۆللۈكى سۈركىلىشنىڭ مۇئەييەن بولۇشى غىدىقلىنىش پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەنچىنىڭ كىرىشى ئۈچۈن ئىشىك ئېچىلىدۇ، لېكىن بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، مەخسۇس ئەزادا گەرچە بۇرۇندىنلا غىدىقلىنىش مەۋجۇت بولمىسا، جىما قىلغان ۋاقىتتا بولمىسا ياكى جىمادىن كېيىن ئۇنىڭ سېزىلىشى بولىدۇكى، ئەزادا بىرەر تۈردىكى غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ، لېكىن جىنسىي ئالاقە قىلىپ، ئاز مۇددەتتىن كېيىن سىفلىسنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭ ھالىتى بۇكى، پاھىشە ئايالنىڭ جىنسىي يولىدىن بۇ تەنچە مەخسۇس ئەزاغا يۇقسا ئۇنىڭ نەتىجىسى بۇكى، مەزكۇر زەھەر ئۆز ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن غىدىقلىنىش پەيدا قىلىپ، بەدەننىڭ ئىچىدىكى قان ئايلىنىشقا سۈمۈرۈلىدۇ.

بەزى ۋاقىتتا بىر كىشى بىرەر سىفلىس ئايال بىمارى بىلەن جىما قىلىدۇ، لېكىن بۇ كىشىدە بىرەر قىسمدىكى غىدىقلىنىش بولماسلىق ياكى ئۇنىڭدا بىرەر كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتى بولماسلىق بىلەن ئۇ كىشى ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن، ئەگەر ئۇ ئۆز ئايالى ياكى بىرەر ساغلام ۋە نورمال ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلسا، سىفلىس زەھىرى بۇنىڭدىن مەخسۇس ئەزاغا يۇقۇپ، زەھەر ساغلام ئايالغا ئۆتىدۇ ھەمدە ئۇ سىفلىسقا گىرىپتار بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ

ئەكسىچە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، سىفىلىس بىمارى ساغلام ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ، لېكىن ئايالدا كېسەللىكنىڭ بىرەر تەسىرى پەيدا بولمايدۇ، ئاندىن كېيىن ئەگەر بىرەر ساغلام ئەر بۇ ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغان بولسا، بۇ ئەر بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ.

جىنسىي ئالاقىدىن باشقا سىفىلىس بىمارى بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىش، ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا تاماق يېيىش، بىر قاچىدا سۇ ئىچىش، سىفىلىس بىمارىنى سۆيۈش بىلەنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بۇ ھالەتتىمۇ بەدەننىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئورۇن ئۈستىدە ياكى ئېغىزنىڭ ئىچىدە بىرەر ناھايىتى يەڭگىل غىدىقلىنىش مەۋجۇت بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىفىلىسنىڭ زەھىرى بەدەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ.

بەزىدە تۇغۇت ئانىسى ۋە ھىجامەت قويغۇچى بۇ كېسەللىكنى بىر بىماردىن ئىككىنچى بىمارغا يۇقتۇرۇش سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ يۇقۇملىنىدۇ، مەسىلەن: دەستىكار قىلغۇچى بىرەر بىمارنىڭ سىفىلىس زەخمىسىنى يۇيىدۇ ۋە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئازراق زەھەر ئۇنىڭ قولى ياكى سايمانلارغا يۇقۇپ قالىدۇ، بۇ باشقا ساغلام بىمارلارنىڭ زەخمىسىنى يۇغان ياكى دەستىكار قىلغان ۋاقىتتا زەھەر ئۇنىڭ زەخمىسىگە يۇقۇپ، قان ئايلىنىشقا قوشۇلىدۇ ۋە بۇنىمۇ سىفىلىسقا گىرىپتار قىلىدۇ ياكى تۇغۇت ئانىسى بىرەر سىفىلىس بىمارىنى تۇغدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ساغلام ئايالنى تۇغدۇرغان بولسا، تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن ئۆزىنىڭ قوللىرىغا يۇققان زەھەرنى باشقا ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىغا يۇقتۇرۇپ كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ھىجامەت قويغۇچى بىرەر سىفىلىس بىمارىغا قانلىق ھىجامەت قويسا، ئۇستىرىغا يۇقىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇنىڭ بىلەن ساغلام كىشىگە ھىجامەت قويغان ۋاقىتتا زەھەر ئۇنىڭ بەدىنىگە تارقىلىپ ئۇنىمۇ گىرىپتار قىلىدۇ.

بەزىدە باللار ئىرسىيەت ئارقىلىق سىفىلىسقا گىرىپتار بولىدۇ. دادا ياكى ئانىنىڭ بىرەسى ياكى ھەر ئىككىسى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشتىن كېسەللىنىدۇ. ئەگەر ھامىلىدار بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بولسا، ھامىلىمۇ كېسەللىنىدۇ، چۈنكى ھامىلىنىڭ غىزاسىغا ھامىلىدارنىڭ زەھەرلىك قېنى سەرپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھامىلىنىڭ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشى مۇقەررەردۇر. ئەگەر بۇ كېسەللىك بالىغا ئاتا ـ ئانا تەرەپتىن يۇقسا، ناھايىتى ئېغىر ئىشتۇر. بەزىدە بالا ئىرسىيەت شەكلىدە بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئەمەلىيەتتە بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولمىغان بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قېنى ئاتىشەك زەھىرىدىن يۇقۇملانغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ماددىلىرى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ ساغلام بەدەنگە يوقۇشى بىلەن ناھايىتى تېز سىفىلىس بولىدۇ.

ئەگەر سىفىلىس جىمادىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ تەسىرى ھەممىدىن ئىلگىرى جىنسىي ئەزا

بولىدۇ، لېكىن باشقا سەۋەبلەردىن بولسا، بەدەننىڭ بۇ بۆلىكىگىمۇ بۇ كېسەلنىڭ زەھرى يۇقىدۇ، بۇ جايدىن بەدەنگە سۈمۈرۈلۈپ پۈتۈن بەدەننى زەھەرلەيدۇ، لېكىن بۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، سىفىلىسنىڭ زەھەرلەش خۇسۇسىيىتى ساغلام تېرە ۋە شىللىق پەردىگە بۇ ئورۇندا غىدىقلىنىش بولمىسا، ۋاقتىنچە تەسىر قىلمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئاز ساندا ساغلام تېرە ئۈستىگە يۇقۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بۇ جايدا غىدىقلىنىش پەيدا قىلىپ قانغا تارقايدۇ، بۇمۇ ئوچۇقكى، سىفىلىس كېسىلىنىڭ دەسلەپىدە زەخىمنىڭ زەھرى زىيادە ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى يۇقۇملاندۇرۇش كۈچى ئاشقان بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەقەت سىفىلىس زەخىمىسىنىڭ ھۆللۈكىلا باشقا كىشىنىڭ بەدىنىگە غىدىقلاش ئارقىلىق سۈمۈرۈلۈپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ، لېكىن سىفىلىسنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدە زەھەر قانغا ئوبدان ئارىلاشقان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن زەھەر بىلەن مەنىيگە ئوخشاش سۇيۇقلۇقلار زەھەرلىنىدۇ، لېكىن كۆز يېشى، سۈت ۋە كىچىك تەرەتكە ئوخشاش ھۆللۈكلەر كېسەللىك زەھىرىدىن پاك بولىدۇ، بۇ يەردە ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئورۇندىكى غىدىقلىغۇچى ھۆللۈك قوشۇلسا بۇنىڭ بىلەن يۇقىدۇ، سىفىلىسنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىدىكى زەھەرنىڭ يۇقۇشى ئاز ساندىدۇر.

بۇ كېسەللىك ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر تېپىلىدۇ. بىر زاماندا ھىندىستاندا بۇ كېسەللىكنىڭ نامىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ھىندىستاندا شۇقەدەر كۆپتۇركى، بالىلاردىمۇ بۇ كېسەللىك بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بۇزۇقچىلىق ۋە ئاياللار بازىرىنىڭ نادۇرۇس كەڭرىلىكىدۇر. بۇ كېسەللىك ئەر - ئايال، ياشانغان ۋە ياش ھەممىسىدە بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كۆپىيىشى ياشلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ بىر ئايالدىن ئىككىنچى ئايالغا يۇقىدۇ ۋە بالىلارغا ئىرسىيەت شەكلىدە مىراس قالىدۇ، بىرەر مىللەتكە خاس بولمايدۇ، بۇ كېسەللىك ھىندىستاندا تاغلىق رايونلارنىڭ شىمالىدا ۋە بېرمىدا ياشايدىغانلاردا كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك بۇ خاندان ياكى مىللەتكە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قېپقالىدۇ. ئەۋلاردا بۇنىڭ ئۆتكۈر ئالامەتلىرى پەيدا بولمايدۇ، ئەكسىچە بۇ خاندان ياكى مىللەتتە بۇ كېسەللىك بېشىدىلا ئورۇنلاشقان بولسا، ئۇنىڭدا بۇ كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىر قوۋمدىن ئىككىنچى قوۋمغا يۆتكەلسە، بۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئەگەر بىمار بۇ كېسەللىكتىن تولۇق ساقايسا (بۇ ئاز ساندا بولىدۇ) ئىككىنچى قېتىم بۇنىڭغا گىرىپتار بولىدۇ، ئەگەر گىرىپتار بولسىمۇ كېسەللىك زەھرى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالامىتىدە زىيادە يېقىمسىزلىق بولمايدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى ئوچۇقتۇر، بۇ كىشىلەردە ئىككى يولدىن پەيدا بولىدۇ، بىرى، جىنسىي ئالاقە قىلىش يولى ۋە باشقىلاردىن كېيىن ئۇنىڭ ماددىلىرى بىرەر غىدىقلاش ئارقىلىق بەدەنگە كىرىپ قان ئايلىنىشقا قوشۇلىدۇ، بۇ سىفلىس بولىدۇ، بۇ ئاتىشەك ئىكتىسابى (ھاسىل قىلىنغان سىفلىس) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ تۈردىكى سىفلىسنى بىمار ئۆز پائالىيىتى ئارقىلىق ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن، بۇ كېسەللىك ئاتا - ئانا ئارقىلىق بالىغا ئىرسىيەتلىك يېتىپ بارغان بولسا، بۇ ئىرسىيەتلىك سىفلىس ياكى تۇغما سىفلىس دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاتىشەك ئىكتىسابى سىفلىس كېسىلىنىڭ ئىكتىسابى بولغان ھالىتىدە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇشۇنداق بايان قىلىنىدۇكى، بۇ ئورۇن ئۈستىگە زەھەر تارقايدۇ، دەسلەپتە بۇ ئورۇندا ئازراق مۇددەتتىن كېيىن بىر قاتتىق قاپارتقۇ ياكى مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ (قاتتىق يارا)، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندە، زەھەر پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، بەدەنىنىڭ قالغان بۆلىكىدە داغ ياكى قىزىل رەڭلىك مۇدۇر - چاقىلار چىقىشقا باشلايدۇ، قىزىتما بولىدۇ، بەدەندىكى لىمفا بەزلىرى، مەسىلەن: يىرىق بەزلىرى ۋە باشقىلار ئىششىدۇ، ئاندىن كېيىن 6 ~ 7 ئاي ياكى 1 ~ 2 يىل ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە مۇددەت ئۆتكەندە بەدەنىنىڭ تېرىسى ۋە بەزى ئىچكى ئەزالار ھەتتاكى سۆڭەكلەر ئۈستىگە يىلىمسىمان ھۆللۈك ئۇيۇيدىغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇ يەرگىچە نۆۋەت يېتىپ بارىدۇكى، بىمار پالەچكە ئوخشاش نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييار بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك ئەڭ دەسلەپتە ياۋروپادىكى كىشىلەردە بولغان ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى يېزىلغان، ئۇ زاماندىكى بايان قىلىنغان ئالامەتلەر بىلەن شۇ زاماندىكى كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىدە ئاسمان زېمىن پەرق بار، زامانە ھالىتىنىڭ نىسپىتىدە بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى زىيادە ئۆتكۈر بولغاندى ۋە ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبىدىن بىمار ناھايىتى تېز ھالاك بولغاندى، ھازىرمۇ زەھەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە بىمار بەدىنىنىڭ ئەسلىي ئىستېداتىغا مۇناسىپ ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئۆتكۈر ۋە يەڭگىل بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

دەسلەپكى دەرىجە يۇشۇرۇن دەۋرى ئۆتكەندىن كېيىن (بۇنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتىدىن ئالتە ھەپتە ۋە ئومۇمەن ئۈچ ھەپتىگىچە بولىدۇ، يەنى زەھەر يۇقۇپ بىرئاز مۇددەتتىن كېيىن كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ) دەسلەپكى دەرىجىنىڭ ئالامىتى مۇشۇنداق باشلىنىدۇكى، زەھەر يۇققان ئورۇن ئۈستىدە بولۇپمۇ ئەرنىڭ مەخسۇس ئەزا ياكى ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئۈستىدە بىر قاتتىق قاپارتما ياكى قىزىل رەڭلىك مۇدۇر پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ تۈۋى قاتتىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا يىرىڭ ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئەگەر ئۇ بېسىلسا ئاغرىمايدۇ، بۇ

قاپارتما ياكى مۇدۇر - چاقا چوڭىيىپ يېرىلىدۇ ھەمدە بىر يارا شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تېرە لىمفا بەزلىرى ئىششىيدۇ، بۇنىڭدىن زەخمىنىڭ ئەتراپى ئېگىز - ئېگىز كۆرۈنىدۇ، ئومۇمەن بۇ يارا زەكەر ئۇچىنىڭ تۆۋىدە، خەتنىلىك كۆپۈشكەن گىرۋىكى ئۈستىدە، خەتنىلىك ئاستى تۇتاشقان پەردىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ئاياللاردا بۇ يارا كۆپرەك جىنسىي يول چوڭ لېۋىنىڭ ئىچكى يان ياكى جىنسىي يول ئىچكى كىچىك لېۋى ئۈستىدە بولىدۇ، زەخم پەيدا بولۇپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن يوتىنىڭ بەزلىرى (لىمفا بەزلىرى) ئىششىپ قاتتىقلىشىدۇ، بۇ پىشمايدۇ، قاتمايدۇ ۋە يۇمشىمايدۇ. گەرچە سفلىس يارىسىنىڭ بىر پەرقلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، بېسىش بىلەن قاتتىق مەلۇم بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا يىرىڭ بولمايدۇ، ئەگەر يىرىڭ چۈشكەن بولسىمۇ يەنىلا سفلىستۇر. ھەم بۇ زەخمدە ئاغرىقمۇ بولمايدۇ، لېكىن بۇ دەسلەپكى زەخم ھەمىشە بىرلا ھالەتتە بولمايدۇ، شۇڭلاشقا بەزىدە ئۇنىڭ شەكلى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ، يەنى بۇ ئادەتتىكىدەك بولىدۇ ۋە بەزىدە زەھەر تەسىر قىلغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئازراق كۆپۈشكەن ئېگىزلىك ياكى مۇدۇر پەيدا بولىدۇ، بۇ زەخم پەيدا قىلمايدۇ ۋە بۇنىڭدا يىرىڭ بولمايدۇ، بەلكى بەزىدە پەقەت مەخسۇس ئەزانىڭ بىرەر ئورنى قېلىن ۋە قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭغا سەل قارىغاندا سفلىس كېسىلىنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىمايدۇ، بۇ ھالەتتە قاچان ۋە قانداق ئۇسۇلدا سفلىسنىڭ زەھىرى بەدەنگە تارقىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، سفلىس زەخمىسىدە غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ ۋە بۇنىڭدىن يىرىڭ چىقىشقا باشلايدۇ، ئۇ بۇ ئورۇندىن يۇقىدۇ. بۇ ئورۇندا سفلىس پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ ئاز ساندا بولىدۇ، چۈنكى سفلىس يارىسىنىڭ ماددىلىرى ئۆزى باشقا جايغا يۇقۇپ، ئومۇمەن باشقا زەخم پەيدا قىلمايدۇ، ئەگەر بۇ جايدا سفلىسنىڭ زەخمىسى زەكەر بېشى ئاستىدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ماددىلىرى خەتنىلىك ئۈستىدىمۇ يەنە بىر زەخم پەيدا قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە بىرلا بىماردا بىردىن ئارتۇق يارا بۇ ھالەتتە بولىدۇ، يەنى بۇ بىر قانچە ئورۇنلارغا يۇقۇپ بولغان بولىدۇ، ئەگەر زەخم بىردىن زىيادە بولسا، ئومۇمەن كىچىك - كىچىك بولىدۇ ھەم ئۇنىڭدا قاتتىقلىق نىسبەتەن ئاز بولىدۇ.

جىما سەۋەبىدىن بولغان سفلىس زەخمىسى ئومۇمەن زەكەر ئۇچى كۆپۈشكەن گىرۋەكلىرى ئۈستىدە ياكى زەكەر بېشى پەردىسى ئاستىدا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزىدە سۈيدۈك كانىلىنىڭ لەۋلىرى ئۈستىدە ئىچكى يېنىدا ياكى كانال دىۋارىدىمۇ سفلىس زەخمىسى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ تۆۋى قاتتىق بولامدۇ؟ ئەگەر زەكەر ئۇچى بېسىپ تۇتۇلسا، بۇ زەخم بىر قاتتىق مۇدۇر - چاقا ياكى بەز شەكلىدە مەلۇم بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم ئازراق قان ئارىلاشقان ھۆللۈك چىقىدۇ، ئەگەر بۇ زەخم سۈيدۈك كانىلى دىۋارىدا بولغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا

سۈيدۈك يولى تۇسۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك تۇتۇلىدۇ ياكى سىيىش قىيىنلىشىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

خەتنە قىلىنمىغان كىشىلەردە (خۇسۇسەن مۇشۇنداق كىشىلەردە بۇ قويۇق ۋە قېلىن تۇرىدۇ، يەنى دەسلەپتىلا زەخىمنى كۆرگىلى بولمايدۇ) بەزىدە زەخىم كۆپۈشۈش سەۋەبىدىن زەكەر ئۇچى غىلاپى ئالدى تەرەپكە چوڭىيىدۇ ۋە تارىيىدۇ، ئاندىن كېيىن ئارقا تەرەپكە ئۆرۈلمەيدۇ، بۇ ھالەتتە ماددىلارنىڭ تۇسۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن خەتنىلىك ۋە زەكەر بېشىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى قىزىرىپ ئىششىيدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق ھالەتتە زەكەر بېشى دەرھال كېسىۋېتىلمىسە، زەكەر بېشى تېشىلىدۇ، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا زەكەر بېشى ۋە خەتنىلىك ھەر ئىككىلىسى بۇزۇلىدۇ، زەكەرنىڭ قالغان بۆلىكىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ.

جىما قىلىشتىن باشقا ئەگەر باشقا سەۋەبلەردىن ئوخشاشمىغان ئورۇنلارغا سىفىلىسنىڭ زەھىرى يۇققان بولسا، ئۇ كۆپرەك لەۋلەر، بارماقلار ۋە ئەمچەكنىڭ توپچىسىغا يۇقىدۇ، ئۇ ئورۇنلارنىڭ زەخىمىسى مەخسۇس ئەزا زەخىمىسىگە سېلىشتۇرغاندا قاتتىقلىقى تۆۋەنرەك بولىدۇ ۋە چەكلىك ئورۇنلۇق بولمايدۇ، ئۇلاردىن ماددىلارمۇ نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ ۋە بۇ ماددىلار قۇرۇپ زەخىم يۈزىدە قاقاچ شەكىللەندۈرىدۇ. بەزىدە بۇ تۈردىكى زەخىم مەخسۇس ئەزا زەخىمىسىدىن زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ، دەسلەپتە بۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش قىيىن بولىدۇ، بەلكى كېسەللىك دەرىجىسى ئىككىنچى دەرىجىگە يەتكەن چاغدا مۇكەممەل دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ.

لەۋلەر سىفىلىسى زەخىمىسى بولغان بىمار باللار ياكى ئاياللارنى سۆيۈش بىلەن يۇقىدۇ ۋە ئەمچەك توپچىسىدىكى زەخىم ئومۇمەن بالىنىڭ ئانىسى ياكى سۈت ئېمىتكۈچى بالا باققۇچىدا بولىدۇ. بارماقلاردىكى سىفىلىس يارىسى كۆپرەك دەستىكار قىلغۇچى، پەرۋىش خادىمى ۋە تۇغۇت ئانىلىرىدا كۆرۈلىدۇ، بۇ زەخىم كۆپىنچە تىرناقنىڭ يانلىرىدىن باشلىنىدۇ ۋە دەسلەپتە ئۇنىڭدا ئاغرىق بولمايدۇ، لېكىن بۇ زەخىم ئىششىسا ۋە پىشىپ يېرىلسا، تىرناقنىڭ يىلتىزىغا كېڭىيىشكە باشلىسا، بۇنىڭدا ئاغرىقمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە ھۆللۈكمۇ زىيادە چىقىدۇ، بارماق كۆپۈپ ئىششىيدۇ، بىلەك ۋە قولتۇق بەزلىرى چوڭىيىدۇ، لېكىن ئەكسىچە بەزى ۋاقىتلاردا بارماقلارنىڭ سىفىلىس زەخىمىسى شۇقەدەر يەڭگىل بولىدۇكى، بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ ۋە بۇنى سىفىلىس زەخىمىسى ئىككىنچى دەرىجىسىگە يەتمىسە پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە سىفىلىسنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسى ئاتىشەك سانىۋى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دەرىجە يارا ئاشكارا بولغاندىن بىر يېرىم ئاي ياكى ئىككى ئاي ياكى بۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ مۇددەتتىن كېيىن باشلىنىدۇ، دەسلەپكى دەرىجىدە تەبىئەت قانچە زىيادە بۇزۇلسا، ئىككىنچى

دەرىجىدىكى كېسەللىك ئەگەشمە ئالامەتلىرى شۇ قەدەر ئۆتكۈر نامايان بولىدۇ، قىسقىسى، ئىككىنچى دەرىجىدە زەھەر پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، بۇنىڭ دەسلەپىدە بىمار بوشاڭ ۋە ھورۇن بولىدۇ، بەدىنى ناھايىتى ئاجىز، ئورۇق بولىدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ، مۇسكۇللار ۋە بوغۇملىرىدىمۇ ئاغرىق بولىدۇ، خۇسۇسەن بوغۇمدا يېقىمسىزلىق بولىدۇ، ئاغرىق كەچتە ئېغىرلىشىدۇ، يەڭگىل قىزىتىشقا باشلايدۇ، بۇ بەزىدە ئۆتكۈرلىشىپمۇ قالىدۇ ۋە ئازدۇر - كۆپتۇر ھەر ۋاقىت تۇرىدۇ، لېكىن بەزىدە نۆۋەت بىلەن تۇتۇشقا باشلايدۇ، بۇ ھالەت پەسىللىك قىزىتمىغا ئوخشاش بولىدۇ، ھەزىم نورماللىسىزلىشىدۇ، بەدەن رەڭگى ئۆچۈك بولىدۇ، يەنى قان ئازلىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا قان ئازلىق ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ، بەدەن تېرىسى ۋە شىللىق پەردىلىرىگە ئوخشاش بولمىغان مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ، پۈتۈن بەدەندىكى لىمفا بەزلىرى ئىششىيدۇ، چاچ چۈشۈشكە باشلايدۇ ھەمدە ئاندا - ساندا كۆز ۋە مېڭىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇ دەرىجىدە مۇدۇر - چاقىلار تېرىگە چىقىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭ بىرەر خاس شەكلى بولمايدۇ ۋە بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى مۇدۇر - چاقىلار بىر خىل بولمايدۇ، بۇ مۇدۇر - چاقىلار دەسلەپتە گۈلاب رەڭلىك بولىدۇ ۋە بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قارىغا مايىل قىزىل مىس رەڭگىدە بولىدۇ، بۇ 15 كۈندىن بىر ئايغىچە پۈتۈن بەدەنگە چىقىدۇ، لېكىن دەسلەپتە كۆپرەك كۆكرەك ۋە بىلەكلەر ئۈستىگە چىقىدۇ، بۇ ئاز مۇددەتتىن كېيىن غايىب بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا ئىككىلەمچى داغ قىلىپ قالىدۇ، بۇ داغنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل قىزىل (مىس رەڭلىك) بولىدۇ، بەزىدە ئۇ مۇدۇر - چاقىلاردا يىرىڭمۇ پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئۇ مۇدۇر - چاقىلاردا كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش بولمايدۇ.

«سىفىلىس مۇدۇر - چاقىلىرىنىڭ بۇ بىر پەرقلىق ۋە مەخسۇس ئالامىتىدۇر».

بەزىدە بۇ مۇدۇر - چاقىلار ئىنتايىن ئاددىي بولىدۇ، تېرە ئۈستىدە قارىغا مايىل قىزىل داغلارنىڭ شەكلىدە كۆرۈنىدۇ ۋە بۇ تېزلا غايىب بولىدۇ، بەزىدە مەۋجۇتمۇ تۇرىدۇ، خۇسۇسەن ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا باشقا تۈردىكى مۇدۇر - چاقىلارمۇ چىقىدۇ، بەزىدە بۇ مۇدۇر - چاقىلار ئىششىپمۇ قالىدۇ ۋە بەزىدە قاپارتمىلار شەكلىدە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆللۈك تولغان بولىدۇ، بەزىدە بۇ مۇدۇر - چاقىلار قاسراقلىق بولىدۇ.

تېرە يۈزىگە مۇدۇر - چاقىلار چىقىش بىلەنلا تىل، ئېغىز، گال، تاڭلاي ۋە بادامبەز ۋە باشقا شىللىق پەردىمۇ قىزىرىپ ئىششىيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە داغ چۈشىدۇ ۋە ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇ يارا شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بەك چوڭقۇر بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى خاس سارغۇچ بولىدۇ، گالدا ئىششىق ۋە زەخىم بولۇش سەۋەبىدىن ئاۋاز تۇم چىقىدۇ، بۇ

سىفىلىس كېسىلىنىڭ مەخسۇس ئالامىتىدۇر، ئېغىز، تىل ۋە گال ۋە باشقىلاردا زەخىم پەيدا بولغاندىن باشقا لەۋلەر، ئۈستىدىمۇ كىچىك - كىچىك زەخىم پەيدا بولىدۇ، بۇ پەقەت يۈزىدىلا بولىدۇ، يەنى زىيادە چوڭقۇر بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئاغرىق ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، بەزىدە ئېغىز بۇرجىكى، مەڭزلەرنىڭ ئىچكى تەرىپى، تىل، مەقئەت، ئاياللارنىڭ جىنسىي يولى ئەتراپى ۋە پۇت بارماقلىرى ئارىلىقىدا خاس تۈردىكى كۆپۈشكەن مۇدۇر - چاقىلار پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ شەكلى مۇشۇنداق بولىدۇكى، بىمار ئۇنى مەقئەتكە ئوخشاش ئورۇندا كۆرۈپ بوۋاسىر مونەكچىسىنىڭ گۇمانىنى قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ تۈردىكى مۇدۇر - چاقىلاردىن ناھايىتى قاتتىق يۇقۇملۇق بولغان ھۆللۈك چىقىدۇ، ئەگەر بۇ تۈردىكى مۇدۇر - چاقىدا يىرىڭ پەيدا بولسا، ئۇنىڭ يارىسى ئىنتايىن سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجىسىدە پۈتۈن بەدەنىنىڭ لىمفا بەزلىرى جۈملىدىن يوتا ۋە بويۇن ئارقىسىدىكى بەز ئىششىدۇ، بۇنىڭدا كېسەللىكنىڭ زەھىرى قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، شىكايەت شۇقەدەر زىيادە بولىدۇ، بەز ئىششىدۇ، بولۇپمۇ گەدەن ۋە يىرىق بېزى سوزۇلما شەكلىدە ئىششىدۇ، بۇ ئىششىقنىڭ بىرەر سەۋەبى ئاشكارا بولمىسا، بۇ سىفىلىس زەھىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ خاس ئالامىتى بولىدۇ.

بۇ دەرىجىدە چاچ خۇنۈك، پارقىرىمايدىغان بولىدۇ ھەممە باش، قاش ۋە ساقالنىڭ مويلىرى چۈشۈشكە باشلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يىلتىزىدا يوقىلىش بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئاز مۇددەت ئۆتكەندە چاچ ئىككىنچى قېتىم ئۈنىدۇ. بەزىدە چاچمۇ چۈشمەيدۇ، بەلكى ئۆچۈك پارقىرىمايدىغان بولۇپ ئىنچىكىلەيدۇ.

بۇ دەرىجىدە سۆڭەكلەر جۈملىدىن بىلەك ۋە پاچاقنىڭ سۆڭەكلىرىدە ئۆتكۈر ئاغرىق بولۇشقا باشلايدۇ، بۇ كۆپىنچە كېچىدە زىيادە بولىدۇ، بوغۇمدىمۇ ئىششىش ۋە ئاغرىش بولىدۇ، پاچاقنىڭ چوڭ سۆڭىكى ۋە باشقا سۆڭەكلەرنىڭ پەردىلىرىدە تۈگۈنچىلەر پەيدا بولىدۇ.

بەزى بىمارلارنىڭ پېشانىسىدىكى چاچ ئۈنۈش سىزىقى ئۈستىگە بىرقانچە قاپارتقۇ كۆرۈنىدۇ، بەزى بىمارلاردا كۆزنىڭ ئۈزۈمسىمان پەردە قەۋىتىمۇ ئىششىدۇ، بۇ سەۋەبتىن كۆزدە ئاغرىق بولىدۇ ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى تەڭپۇڭسىزلىنىدۇ، كۆزلىرىدىن سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ ھەممە بىمار يورۇقلۇق تەرەپكە قارىيالمايدۇ، كۆز قارىچۇقى كىچىكلەيدۇ ۋە بەزىدە بۇ قارىچۇق ئالدى تەرەپ مۈڭگۈز پەردە بىلەن چاپلىشىدۇ ۋە بەزىدە ئارقا تەرەپ قىرۇسىمان ھۆللۈك بىلەن چاپلىشىدۇ.

بەزى بىمارلاردا قۇلاق ئېغىرلىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، قانىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن قان ئازلىقىنىڭ شىكايىتى پەيدا بولىدۇ، بىمار ئىنتايىن ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى

يىگىلەيدۇ، بەزى بىمارلارنىڭ بەدىنىنىڭ رەڭگى ئاسمان رەڭ بولىدۇ ۋە تېرىسىدىن كېپەك تۆكۈلىدۇ، بەزى بىمارلارنىڭ تىرنىقى قېلىن، قۇرغاق ۋە پارقىرىمايدىغان بولىدۇ ھەمدە تېزلا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجىسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ئوخشاش بولمىغان بىمارلاردا ئوخشاش بولمايدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ ئىلاجىنى قىلىش قانچە تېز باشلانسا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى شۇقەدەر يەڭگىل بولىدۇ ھەمدە كېسەللىك مۇددىتى قىسقا بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتىمۇ بۇ دەرىجىنىڭ مۇددىتى ئومۇمەن بىر يېرىم يىل بولىدۇ ۋە بەزىدە يەڭگىل ھالەتلەردە ئىككى ئاي ياكى 6 ~ 7 ئايدىن كېيىنلا كېسەللىك تامامەن يوقىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىنى داۋالاش قائىدىلىك قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭدىن بەزىدە بەزى بىمارلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى دەرىجە باشلىنىشتىن ئىلگىرى يەنە بىر دەرىجە بولىدۇ، بۇ ئوتتۇرا دەرىجە ياكى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دەرىجىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشىنىڭ بىرەر خاس مۇقەررەر ۋاقتى يوق، تەدرىجىي ئەگەشمە كېسەللىكلەر نامايان بولىدۇ ھەمدە بۇ مەلۇم بولۇپ تۇرۇدىكى، بىمارنىڭ بەدىنىدە بۈگۈنگە قەدەر سىفلىسنىڭ زەھىرى مەۋجۇتتۇر، شۇڭلاشقا دەسلەپ بولسا بۇ دەرىجىدە ئىككىسىنىڭ خاس ئالامەتلىرى جۈملىدىن سۆڭەكلەر ۋە بوغۇملارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار تېپىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار مەۋجۇتمۇ بولمىسا، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى، مەسىلەن: تېرىسىگە مۇدۇر - چاقىلار چىقىش ۋە باشقىلار ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خاس ئالامەتلەر بۇ دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. قىزىل قان تومۇرلار كۆپىنچە كېسەللىنىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى قېلىنلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا تارىيىش پەيدا بولىدۇ ۋە قان يېتىپ بارالماسلىق سەۋەبىدىن بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشىدا ئازىيىش بولىدۇ، ئەگەر بۇ شىكايەت مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىدا پەيدا بولسا، مېڭىنىڭ بىرەر خاس بۆلىكىدە قان ئايلىنىش توسۇلىدۇ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى بۇزۇلىدۇ ۋە ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى نېرۋا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا بەزىدە يارتا پالەچ ۋە بەزىدە پەقەت ئۆتكۈر باش ئاغرىقلا بولىدۇ.

2. كۆزنىڭ پەردىلىرى ئىششىيدۇ، مەسىلەن: بالا ھەمراھىسىمان پەردە ۋە تورسىمان پەردە ئىششىيدۇ.

3. بۇ دەرىجىدە بىر خاس ئەگەشمە ئالامەت تېرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىمارنىڭ ئالىقان ۋە تاپانلىرى ئۈستىدە چۈمبەل پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرى يۇمىلاق، سىرتقى بۆلىكى قۇرۇپ يېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن قاسىراق تۆكۈلىدۇ (بۇ چۈمبەلنى سىفلىس چۈمبىلى

ياكى سەدفىيە ئەفرەنجىيە دەپ ئاتايدۇ).

4. بەزى بىمارلاردا جۇملىدىن ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە ياخشى ئوزۇقلىنالماسلىق سەۋەبىدىن بىمار ئورۇقلايدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ، پاچاقلاردا خاس تۈردىكى يۇملاق زەخىم پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بۇكى، ئاۋۋال تېرىدىن يېلىمغا ئوخشاش ھۆللۈك تامچىلايدۇ، ئاندىن كېيىن يارا پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ يارا ئۈستىدە ھۆللۈك ئويۇپ قېلىش بىلەن قاقاچ شەكىللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھۆللۈك ئۇيۇشتىن ئىششىپ ئۇيۇپ ماڭىدۇ. ئاخىرىدا بىر چوڭ قاقاچ شەكىللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىنقى بۆلىكىدە ھۆللۈك بولىدۇ، بەزىدە مۇشۇنداق بولىدۇكى، بۇ يارا ئۈستىدە قاقاچ پەيدا بولمايدۇ، ئەگەر قاقاچ پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ تېز ئاجراپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر يارا ئاشكارا بولىدۇ، بۇ تۈردىكى يارا داۋالاش بىلەن ياخشى بولىدۇ، لېكىن تېرە ئۈستىدە ئۇنىڭ چوڭقۇر نىشانى قېپقالىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى كۆپىنچە ئاققا مايىل بولىدۇ.

5. بۇ دەرىجىدە ئاز ساندا ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇقدان ئىششىدۇ ۋە مەنىي كانىلىمۇ ئىششىپ ئاغرىيدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە ئۈچىنچى دەرىجىدىكى سفلىس ئاتەشەك سەلاسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەرىجىنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى ئاشكارا بولۇش مۇددىتى بىمارغا پەرھىز، ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇناسىپ داۋالاشقا باغلىق، شۇڭلاشقا بەزى بىمارلاردا مۇشۇنداق كۆرۈنىدۇكى، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھالەتتە ئىككىنچى دەرىجىدىلا كېسەللىك يوقىلىدۇ، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ نۆۋىتى كەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر مۇناسىپ ئىلاج قىلىنسا، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولسىمۇ، بۇ ئالامەت ئىنتايىن يەڭگىل بولىدۇ. لېكىن بەزى بىمارلارنى داۋالىغاندا گەرچە ھەرقانچە تىرىشىش قىلىنسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە ئالتە - يەتتە ئاي، بەزىدە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ۋە بەزىسىدە بىرقانچە يىللاردىن كېيىن ھەتتاكى 20 ~ 25 يىلدىن كېيىن ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇ دەرىجىدە ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئالامەتلىرى قانچىكى يەڭگىل ۋە ئۆتكۈر بولسا، ئۈچىنچى دەرىجىسىنىڭ ئالامەتلىرى شۇنچىلىك يەڭگىل ياكى ئۆتكۈر بولىدىغانلىقى زۆرۈر ئەمەس، شۇڭلاشقا مۇشۇنداقمۇ قارىلىدۇكى، ئىككىنچى دەرىجىدە ئالامەتلەر يەڭگىل ئۆتىدۇ، لېكىن ئۈچىنچى دەرىجىدە ئالامەتلەر ئۆتكۈر ئاشكارا بولىدۇ.

بۇ دەرىجىدە بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىچكى ۋە سىرتقى ئەزالىرىدا خاس تۈردىكى ئىششىقلار پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەۋرامى سەمغىيە (يېلىمسىمان ئىششىق) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەسلەپتە

يۇمشاق، ئاق، قارىغا مايىل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق، سېرىققا مايىل، ئۆچۈك رەڭلىك پەنىرمايەگە ئوخشاش بولىدۇ، ئاز مەزگىلدىن كېيىن ئەۋرامى سەمغىيە سۈمۈرۈلىدۇ ۋە ياكى ئەتراپتىكى تالالىق توقۇلمىلارغا ئۆزگىرىدۇ، بەزىدە يىرىڭ پەيدا بولغاندىن كېيىن بۇ يارا بولىدۇ.

تېرە ئاستى ياكى ئۇنىڭ بوشلۇق توقۇلمىلىرىدىمۇ ئەۋرامى سەمغىيە پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆپرەك ئاياللاردا جۈملىدىن پاچاقلار ئۈستىدە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق كۆرۈلىدۇ، ئۇ ئاز مۇددەتتىن كېيىن بۇزۇلۇپ يارا پەيدا بولىدۇ، مۇسكۇللاردىمۇ بۇ تۈردىكى ئىششىق قاتتىق قاپارتقۇ شەكلىدە پەيدا بولىدۇ، سۆڭەكلەر جۈملىدىن تېرىگە يېقىن بولغان سۆڭەكلەردە، مەسىلەن: پاچاقنىڭ چوڭ سۆڭىكى ۋە باش سۆڭىكىدە بۇ تۈردىكى قاپارتقۇ، يەنى يېلىمسىمان ئىششىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا كېچىدە ئاغرىق ئۆتكۈرلىشىدۇ، بۇنىڭغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ۋە بېسىش بىلەن ئاغرىق ئېغىرلىشىدۇ، ئاز مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قاپارتقۇ سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ ياكى سۆڭەك ماددىسى ياكى تالالىق توقۇلمىغا ئۆزگىرىدۇ ياكى ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ۋە سۆڭەكلەردە گۆشخور چاقا ۋە چىرىش پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كەيپىيات باشنىڭ سۆڭەكلىرىدە بولغان بولسا، ئۇ ئارقىلىق مېڭىگىچە ئىششىق تارقىلىشنىڭ خەۋپى بولىدۇ، بۇرۇن، تاڭلاي ۋە گالدىمۇ كۆپىنچە بۇ ھالەت كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا تەرتىپسىز بىرقانچە يارا بولىدۇ، بۇ چوڭقۇر، چۆرىلىرى قاتتىق بولىدۇ، بەزىدە بۇ يارا شۇنداق خەتەرلىك ھالەتكە ئۆزگىرىدۇكى، ئۇنىڭدىن تاڭلاي بۇزۇلۇپ تۆشۈك بولۇپ قالىدۇ ۋە بەزىدە بۇرۇننىڭ بوشلۇقىمۇ بۇزۇلىدۇ. بەزىدە تاڭلاي يارىسى يۇتقۇنچاق تەرەپكە كېڭىيىشكە باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتىمۇ خەتەرلىك ھالەتلەر پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا يارا ئاۋاز پەردىلىرىگە ۋە غۇزرۇف مۇكەببى (دۈمچەك كۆمۈرچەك) گىچە يېتىپ بېرىپ ئۇنى بۇزىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن يۆتەل بولىدۇ، ئاۋازى تومىلايدۇ ياكى ئاۋازى پۈتۈنلەي پۈتۈپ قالىدۇ، دېمى سىقىلىش پەيدا بولىدۇ، كاناي ۋە شاخچە كاناي شىللىق پەردىلىرىدە سىفىلىس ماددىسى ئۇيۇش بىلەن ئۇنىڭدا تارىيىش پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە تاڭلاي يارىسى قىزىلئۆڭگەچ يولىنى تاللايدۇ ۋە ساقايغاندىن كېيىن تارىيىش پەيدا قىلىدۇ.

تىلمۇ بۇ يارىلارغا گىرىپتار بولىدۇ، بۇنىڭدا قاتتىق ۋە بۇزۇلغان تۈردىكى يارا بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ.

تۈز ئۈچەيدىمۇ يارا بولىدۇ ھەم ئۇ پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدا تارىيىش پەيدا بولىدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر تۈرلەرنىڭ ئىششىق ۋە يارىسى مەزكۇر ئەزالاردىن باشقا ئۆپكە، جىگەر، بۆرەك،

مېڭە، ئۇممى جافىيە، يۇلۇن ۋە نېرۋىلاردىمۇ پەيدا بولىدۇ، ئۇرۇقدان ۋە لىمفا بەزلىرى چوڭىيىدۇ، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشىدىن ئانورىسما پەيدا بولىدۇ، ھامىلىدار ئاياللاردا بالا ھەمراھى ياكى تۆرەلمە سىفلىس زەھرىنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن ھامىلە چۈشۈپ كېتىدۇ.

تۆتىنچى دەرىجە بەزى بىمارلاردا سوزۇلما سىفلىس زەھىرى تەسىرى بىلەن نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بەزى كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا بەزىسىدە يۇلۇن يىگىلەش بولىدۇ ۋە بەزىسىدە ئەرتىئاش ئىنتىقالى ۋە بەزىسىدە ئەبۇ بىلقىسىيا جۇنۇنى (جۇنۇنلۇقتىن بولغان ئومۇمىي پالىچى) بولىدۇ. بۇ كېسەللىكلەر دەسلەپتە بىر قېتىم سىفلىسقا گىرىپتار بولۇپ بولغان بىمارلاردا بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بەزى كىشىلەر سىفلىس كېسىلىنىڭ تۆتىنچى دەرىجىسى دەپ قارار قىلدى.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش گەرچە بۇ كېسەللىكنىڭ يارا ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك خاس ئالامەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىش بىلەن دىياگنوز قويۇش ئاسان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنمۇ پەقەت تېرە كېسەللىكلىرىنى كۆرۈپ دەرھال سىفلىس دەپ چۈشىنىپ بىمارغا ئېيتماسلىق، چۈنكى خاتالىق ئېھتىمال بولۇشتىن باشقا بىمارنى ھەقىقىي سىفلىس بىمارى دېيىش ئەخلاققا خىلاپتۇر، جۈملىدىن ئايال بىمار بولسا. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىدە بىمار شۇنداق نازۇك تەبىئەتلىك ۋە ئاجىز بولىدۇكى، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بۇ مەلۇم قىلىنسا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولىدۇ.

دەسلەپتە بىماردىن كېسەللىكنىڭ باشتىن - ئاخىرىغىچە بولغان ئەھۋاللىرى ئېنىقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زەخىملەرگە قارىلىدۇ، بۇ زەخىم قاتتىق ۋە مىسقا ئوخشاش قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ، باش، تاڭلاي، ئېغىز ۋە بۇرۇن قاتارلىق ئورۇنلاردا زەخىم ياكى تۈگۈنچە بارمۇ - يوق؟ شۇنىڭغا قاراش، كۆزلىرىنى تەكشۈرگەندە ئۈزۈمسىمان قەۋەت ئۆز ئالدى مۈڭگۈز پەردىدىن ۋە كەينى قىروۋسىمان (شەبنەمسىمان) ھۆللۈك بىلەن تۇتاشقانمۇ - يوق؟ گەدەندىكى بەزلەر چوڭايغانمۇ؟ بىرەر نېرۋا جۈملىدىن بىر تەرەپنىڭ بىرەر مېڭە نېرۋىسى پالەچلەنگەنمۇ - يوق؟ كېچىدە بىرەر ئورۇندا ئاغرىق بارمۇ - يوق؟ ۋە ئەگەر ئۇ خاس ئالامەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تېپىلسا سىفلىس كېسىلى دەپ چۈشىنىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئەر بىمار ياكى ئايال بىمارنىڭ بىرەر بالىسى بولسا ئۇنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەنمۇ كېسەللىكنى پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇشقا ياردىمى بولىدۇ، ئەگەر بىمارنىڭ قېنى ياكى ئۇنىڭ يارىلىرىنىڭ ھۆللۈكىگە مىكروسكوپ ئارقىلىق قارالسا، ئۇنىڭدا سىفلىس جاراسىمى بولسا بۇنىڭدىنمۇ كېسەللىكنى تونۇغىلى بولىدۇ.

ھەقىقىي سىفلىسنىڭ يارىلىرى بىلەن ساختا سىفلىسنىڭ يارىلىرى بەزى ۋاقىتلاردا ئوخشاش بولغانلىقتىن دىياگنوز قويۇشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە ئۇ ئىككىسىنىڭ

پەرقلىق ئالامەتلىرى يېزىلغان:

ھەقىقىي سىفلىس

1. ھەقىقىي سىفلىستا زەھەرنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن ئومۇمەن ئۈچ - تۆت ھەپتە يوشۇرۇن دەۋرى ئۆتكەندىن كېيىن مەخسۇس ئەزا ئۈستىگە بىر قاتتىق قاپارتما ياكى مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا يىرىڭ ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

2. قاپارتما ياكى مۇدۇر - چاقا چىقىش بىلەن 8 ~ 10 كۈندىن كېيىن يېرىق بەزلىرى ئىششىپ قاتتىقلىشىدۇ ۋە پىشىپ يېرىلمايدۇ، يەنى ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولمايدۇ.

3. كېسەللىكنىڭ زەھىرى پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ.

ساختا سىفلىس

1. ساختا سىفلىستا زەھەرنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن ئومۇمەن دەسلەپكى كۈنىلا مەخسۇس ئەزا ئۈستىدە دەسلەپتە بىر مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ، بۇ ئۈچىنچى كۈنى قاپارتما شەكلىگە ئۆزگىرىپ يېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

2. زەخىم پەيدا بولۇش بىلەنلا يېرىقتىكى بەزلەر ئىششىدۇ ۋە كۆپىنچە پىشىپ يېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

3. ساختا سىفلىستا زەھىرى پۈتۈن بەدەنگە تارقالمايدۇ، بەلكى يەرلىك ئورۇندىلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولمايدۇ ۋە داۋالاش بىلەن كېسەللىك تېزلا يوقىلىدۇ.

ئەسكەرتىش بۇ بەزىدە مۇشۇنداق بولىدۇكى، ھەقىقىي سىفلىسقا ساختا سىفلىس قوشۇلۇپ كېلىدۇ، بۇ ھالەتتە ھەقىقىي سىفلىسنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.

ئاقىۋىتى سىفلىسقا ئۆزلۈكىدىن ياخشى بولۇش مۇمكىن ئەمەستۇر، ئەلۋەتتە ئەگەر مۇناسىپ ۋە جايىدا داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلسا ۋە مۇستەقىل مىزاج بىلەن داۋاملاشتۇرۇلسا، بۇ ھالەتتە كېسەللىك يوقىلىدۇ، ئەگەر كېسەللىك قەتئىي يوقالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى يوقايدۇ.

لېكىن ئىلاج مۇناسىپ ۋە جايىدا قىلىنمىسا، بۇنىڭ نەتىجىسى كېسەللىك خەتەرلىك ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، يۇتقۇنچاق، نېرۋىلار، جىگەر، تال، بۆرەك، ئۈچەيلەرنىڭ بىرەر كېسىلى كۆرۈلۈپ، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى تاكى بىمار ئىبرەتلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا كېسەللىكنىڭ ئاشكارا بىرەر ئالامىتى تېپىلمايدۇ، زەھەر بەدەندە

يوشۇرۇنىدۇ. لېكىن بۇ ئىنسان زىيادە ئاجىز ۋە ئورۇق بولسا ياكى نورمالسىز تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىسا دەرھال كېسەللىك كۆرۈلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا زەھەر بەدەننىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر بۇ ۋاقىتتا جىمادىن ھامىلدار بولسا، ھامىلىمۇ ئىرسىيەتلىك سىفىلىس بىمارى بولىدۇ.

ساقلىنىش بۇ نىجىس كېسەللىكتىن ساقلىنىشنىڭ ياخشى ۋە ئىلگىرىكى چارىسى بولسا، ئىنسان پىسقى - پۇجۇر يەنى بۇزۇق ئىشلاردىن پەرھىز قىلىشى تاكى دۇنيادا جىسمانىي مۇسىبەتتىن ساقلانسۇن ۋە ئاخىرەتتە گۇناھكار بولۇپ سازايە بولمىسۇن. ئەگەر دەستىكار قىلغۇچى بىرەر سىفىلىس بىمارىنىڭ زەخمىسىنى يۇسا ياكى تۇغۇت ئانىسى سىفىلىس بولغان ھامىلدارنى تۇغدۇرغان بولسا، بوشىغاندىن كېيىن ئۆز قوللىرىنى ۋە سايمانلىرىنى پاك - پاكىز قىلىش، ئەگەر بىرەر ئورۇنغا زەھەر يۇققانلىقى گۇمانى بولسا، بۇ ئورۇننى ئوبدان يۇيۇپ سىماب مەلھىمى سۈركەش لازىم.

بەزى ۋاقىتلاردا ھىجامەت قويغۇچىمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستىرىلارنى ۋە سايمانلارنى ياخشى يۇغاندىن كېيىن تىلىپ ھىجامەت قويۇش لازىم.

سىفىلىس بىمارىنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇخلاش. ئۇنىڭ ئېشىپ قالغان تاماق ۋە سۈيىنى ئىچىشتىن پەرھىز قىلىش لازىم، ئەگەر بالا ئىرسىيەتلىك سىفىلىسقا گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى بىرەر ساغلام بالا ئىمىتكۈچىنىڭ سۈتىنى ئېمىتمەسلىك، بەلكى ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىفىلىسقا گىرىپتار بولغان بالا باققۇچى تاللاش، ئۇنداق بولمىسا كالا سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىفىلىس بىمارى تولۇق ساقايمىغىچە، توي قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى بۇ ھالەتتە توي قىلسا، جورىسىغا يۇقتۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق يەنە بىرىگىمۇ كېسەل يۇقتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇنداق ئەر - ئاياللار پەرزەنتلىك بولسا، ئۇ بالا ئىرسىيەتلىك سىفىلىسقا گىرىپتار بولغان بولىدۇ.

ئەگەر قىسمەت بىلەن مۇشۇنداق ئەر - ئايال توي قىلسا، بۇنىڭدىن بىرەر سىفىلىسقا گىرىپتار بولغان بولسا ياكى تويدىن كېيىن گىرىپتار بولغان بولسا، تامامەن ساقايغۇچە جىنسىي ئالاقىدىن پەرھىز قىلىشى لازىم.

سىفىلىستىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھاراقتىن پەرھىز قىلىشمۇ لازىمدۇر، چۈنكى دەسلەپكى بولسا، ئۇنى ئىچىش بىلەن ئىنسان تەبىئىتىدە زىنا ۋە بۇزۇقچىلىق تەرەپكە مايىللىق بولىدۇ ۋە بۇ ئاشكارىكى، زىنا ۋە يامان ئىش خۇسۇسەن يەنى پاھىشە ئايال بىلەن بولغان چاغدا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خاس بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنى ئىچىش بىلەن سىفىلىسنىڭ زەھىرى

ناھايىتى تېز پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ.

داۋالاش قايسى ۋاقىتتا بەدەندە كېسەللىكنىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولسا، دەرھال داۋالاشنى باشلاش لازىم، تۇزۇم ئورنىتىش بىلەن داۋالاشنى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشتۇرۇش، بىمارنى پاكىز ۋە ئازادە ماكاندا قويۇش، ئۇنىڭغا بارلىق ساقلىنىدىغان مۇھىم ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىش زۆرۈردۇر. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ زەھىرى ساغلام ئادەملەرگە يېتىپ، ئۇنى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار قىلىدۇ. كۆپ ھەرىكەت ياكى ئەمگەك قىلىشتىن توسۇش، بەدەنگە سوغۇق تېگىش ۋە سۇغا چىلىنىپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇشتىن ساقلىنىش، ئىسسىق كىيىم كىيدۈرۈش. ئەگەر بىمار ھامىلدار بولسا، بۇنداق ھالەتتىمۇ داۋالاشقا سەل قارىماسلىق لازىم. ھەر خىل گۆش بولۇپمۇ كالا گۆشى، كاۋاپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. سامساق، پىياز، پۇرچاق، پىدىگەن، تاتلىق - تۈرۈم، شېكەر قاتارلىق ھەر خىل چۈچۈمەل، مايلىق ۋە مايدا پىشۇرۇلغان نەرسىلەردىن قەتئىي پەرھىز قىلىش، ھاراق، قەھۋە ۋە چاي قاتارلىقلارنى مۇتلەق ئىچكۈزمەسلىك لازىم. پەقەت ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە لەتىف غىزالار، مەسىلەن: ساگۇدانە، ئارپا ئېشى، سۈت ئېشى يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭغا تاتلىق نەرسىلەر ناھايىتى ئاز سېلىنسۇن.

بۇ كېسەللىككە سىماب، سەنكىيا ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرى پايدىلىق بولىدۇ ھەم كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل دورا شۇ زاماندىكى مەشھۇر تېبابەت (يەنى يۇنان تېبابىتى، ھىندى تېبابىتى، غەرب تېبابىتى) دە پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. لېكىن يۇنان تېبابىتىدە ئۇ دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى مۇسەھللار ئارقىلىق بەدەننى تەنقىيە قىلىش زۆرۈردۇر، شۇڭلاشقا دەسلەپتە بىر قانچە كۈنگىچە بۇ مۇنزىج نۇسخىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى: شاھتەررە، قەسبۇززەرىرە، يەرلىك شوخلا، ھىندى گۈلى، چالا سوقۇلغان قارا ھېلىلە، ئېكەكلەنگەن قىزىل سەندەل ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، چىلان بەش دانە. بارلىق دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، 48 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە 10 ~ 15 كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزىدە بۇ نۇسخىغا بەرھەمدەندىدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ، بەزىدە باشقا قان تازىلىغۇچى ۋە مۇنزىج دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ، ئەگەر قىش پەسلى بولسا، قىزىل سەندەلنىڭ ئورنىغا ئۆشبە مەغرىبىدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ.

مۇسھىل دورا بېرىلىدىغان كۈنلەردە تۆۋەندىكى دورىلارنى قوشۇپ بىمارغا ئىچكۈزۈلىدۇ:

مۇسھىل دورىلار: ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، لەيلىقازاق، شەھمەنزەل يىلتىزى، سانائى مەككى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، خىيارشەنبەر مېغىزى 60 گىرام، تەرەنجىبىن 48 گىرام، شىرخىست

24 گىرام. مۇنزىج ھەمراھلىقىدا كەچتە ئالدىنقى تۆت مۇسھىل دورىسىنى چالا سوقۇپ، 750 گىرام قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خىيارشەنبەر مېغىزى، تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ ئىككى قېتىم سۈزۈپ، ئاندىن كېيىن ئالتە گىرام بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى بەدىيان ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەسىر ۋاقتىدا گۈرۈچ ۋە ماشتىن تەييارلانغان يۇمشاق غىزا يېگۈزۈلىدۇ، شام ۋاقتىدا ۋە ئىككىنچى كۈنى بۇ سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: گاۋزىبان خېمىرى 12 گىرام ياكى يەتتە گىرام مەجۇنى ئۆشبە كۆمۈش ۋاراقىغا ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن بەش دانە چىلان ۋە ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقىنى 144 گىرام ئەرقى مۇرەككەپ پاسادىخۇن ياكى ئەرقى بەدىيان ۋە ئەرقى شاھتەررە ھەربىرىدىن 72 گىرامغا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ 24 گىرام چىلان شەربىتى، 24 گىرام بۇزۇرى شەربىتى ياكى 24 گىرام ناۋات قوشۇپ تاتلىق قىلىپ ئۈستىدىن يەتتە گىرام ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىر كۈن قالدۇرۇپ زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئىككى - ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مۇسھىل بېرىلىدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر مۇسھىلدىن باشقا تۆۋەندىكى مۇسھىل دورىلارمۇ سفلىسقا پايدىلىق.

يۇقىرىقى دورىلاردىن بۇ دورىلارنىڭ مىقدارى ئاز ھەم ئۇنى ئىشلىتىش ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئىشلىتىش لازىم.

مەتبۇخى ھەپتەروزە مۇنزىجتىن كېيىن ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن سفلىس يوقىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر يېقىمسىزلىق قالمايدۇ.

نۇسخا: نىم دەرىخى پوستى، كەچىنال دەرىخى پوستى، شەھەمنەزەل يىلتىزى، ئەرەب مېۋىسى، كىچىك ياۋا پىدىگەن يىلتىزى، يوپۇرماقلىرى ۋە مېۋىلىرى ھەمراھلىقىدا كونا قارا شېكەر ھەربىرى 120 گىرام قاتارلىقلارنى ئۈچ كىلوگىرام سۇدا 1/4 قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ شېشىدە قويۇش، شېشىنىڭ ئېغىزىدا ئازراق يەسمەن يېغى قويۇش تاكى ئۇ ئوفۇنەتلەنمىسۇن، بۇ تولۇق يەتتە كۈنلۈك ئىستېمال مىقدارىدۇر، ھەر كۈنى بىر ئىستېمال مىقدارى ئىچكۈزۈلىدۇ، يەتتە كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بىر - ئىككى كۈن يۇقىرىقى سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئىشلىتىۋاتقان ئەسنادا تولغاق بولسا، بىر قانچە كۈن توختىتىش ۋە تولغاقنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، ئاندىن كېيىن ئۇنى قايتا ئىچكۈزۈش لازىم.

بەزى كىشىلەر بۇ نۇسخىغا ئېكەكلەنگەن شىشىم، سېرىق ھېلىلە پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 120 گىرام قوشۇپ ئىشلىتىدۇ ياكى تۆۋەندىكى «داۋائى سىياھ مۇسھىل» ئىستېمال

قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ سىفلىس كېسىلىدە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ.

داۋائى سىيلە مۇسھىل: سىماب، تازىلانغان گۈڭگۈرت ھەربىرى 12 گىرامدىن، ئىككىسى سۈرمىگە ئوخشاش قارا بولغۇچە سالايە قىلىنىدۇ، قانچە كۆپ سالايە قىلىنسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ ۋە قۇسۇق ئاز كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسىنىڭ باراۋىرىدە، يەنى 24 گىرام مۇدەببەر قىلىنغان دەند مېغىزى ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىنىدۇ، يەنى بۇمۇ ئوبدان يۇمشاق بولسا، ئۇنى بىر ساپال قاچا ئىچىدە قويۇش ۋە سالايە ھاۋانچىسىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئۇ سۇنىمۇ قاچىغا تۆكۈش، سۇ دورىدىن ئىككى بارماق ئۈستىدە بولسۇن، ئاندىن كېيىن قاچىنى ئوتقا قويۇپ، سۇ قۇرۇپ بولغانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ، ھۆل بولسا ئۈستىنى ئاستىغا قىلىپ سايىدا قۇرۇتۇش تاكى دورا پۈتۈنلەي قۇرۇپ بولسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دورىدىن 0.12 ~ 0.24 گىرامغىچە ئېلىپ، ئۇنىڭغا 0.12 گىرام كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈش بولىدۇ، بۇزۇلغان ماددىلاردىن بەدەن تازىلىنىدۇ، ئەسىر ۋاقتىدا سۈت ئاش يېگۈزۈلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى سوۋۇتقۇچى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ دورا بىلەن گەرچە ئىچى ئەزىيەتسىز سۈرسىمۇ ئىسسىق مىزاج، ئاجىز ۋە نازۇك تەبىئەتلىك بىمارلارغا ئىستېمال قىلدۇرۇشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ ياكى دەندىنىڭ تۆۋەندىكى ھەبلىرىدىن بىرەر ھەب يېگۈزۈلىدۇ، بۇ ھەبلەر ئىچىنى سۈرۈشتىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

ھەببى مۇسھىل: مۇدەببەر قىلىنغان ھەببى سالاتىندىن بىر ھەسسە، قارا ھېلىلە، قىزىل گۈلۈچ ھەربىرىدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، ئىنتايىن يۇمشاق سالايە قىلىپ سۇدا يۇغۇرۇش ۋە نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ئىككى ھەبنى ئەتىگەندە سۇ ياكى ئەرقى بەديان ھەمراھلىقىدا يېگۈزۈش لازىم.

يەنە بىر نۇسخىسى: مۇدەببەر قىلىنغان دەند مېغىزى، كەرەنجۇ مېغىزى، زەنجىۋىل، قارىمۇچ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا يۇغۇرۇپ قارىمۇچ باراۋىرىدە ھەب ياساپ، 2 ~ 5 ھەبكىچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ.

«ھەببى مۇسەككىن نەۋاز» بۇنى ھەببى گورچەرىمۇ دەپ ئاتايدۇ، سىفلىس ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇنىڭ نۇسخىسى ئىنتايىن مەشھۇردۇر ۋە بۇنى ھەربىر تېۋىپ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلمىدى.

ئەگەر تەنقىيە قىلىنىپ بولغان بولسا سىماب ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرى (ئاق سىماب جەۋھىرى، شىڭگىرىف، كالىي پېرمانگانات) بىلەن تەييارلانغان دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدىن بىرقانچىسى تۆۋەندە يېزىلدى.

سىمابتىن باشقا سەنكىيادىن ياسالغان دورىلارمۇ سىفلىس ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. سەنكىيا مەخسۇس سىفلىسنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىسىدە كۆپ مەنپەئەتلىك. سىماب

گەرچە ھەر دەرىجىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ، لېكىن بۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەگەر سىمابنى كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا ئىستېمال قىلىشقا باشلىغان بولسا، سىفلىس قاپارتچۇقى ياكى يارىسىدا قاتتىقلىق بولسا، ئۇ تەدرىجىي كىچىكلەشكە باشلايدۇ، شۇنىڭغىچىلىك تامامەن ياخشى بولىدۇ ھەم ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن يىرىقتىكى بەزلەرنىڭ ئىششىقى يوقىلىدۇ، ئەگەر ئىششىغان بولسا سىمابنى ئىشلىتىش بىلەن تارقايدۇ، ئەگەر تۈزۈم ۋە مۇستەھكەملەش بىلەن بىر مەزگىلگىچە داۋالاش داۋاملاشتۇرۇلسا، كەلگۈسىدە پەيدا بولىدىغان ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن تامامەن نىجاتلىق تاپىدۇ ياكى بۇ يەڭگىل ئاشكارا بولىدۇ، ئەگەر سىماب ئىشلىتىۋاتقان ئەسنادا ئېغىزنىڭ تەمى مەدانى سېزىشكە باشلىسا ۋە چىش مىلىكلىرىدە ئاغرىق بولۇشقا باشلىسا، چوڭ تەرەتتە قان كېلىشكە باشلىسا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتكۈر زەھەر ئالامەتلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىسا، سىمابنى ئىشلىتىشنى تامامەن توختىتاتقاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇش، لېكىن ياخشىراقى بىر ئاي ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن 15 كۈن ياكى بىر ئاي ئارىلىق قويۇش لازىم.

چۈنكى سىماب ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتى ئاق سىماب جەۋھىرى ۋە باشقىلارنى يېيىشتىن ئومۇمەن ئېغىز ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتتا ئەگەر ئېغىز ئېلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا ياكى ئېغىز ئېلىپ بولغان بولسا، 12 گىرام زەمچىنى 1.5 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇش ياكى كەچىنال پوستى (قوۋزىقى)، ئەرەب دەرىخى قوۋزىقى، جىر بىرى قوۋزىقى قاتارلىقلاردىن يەككە ياكى بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە غار ـ غار قىلدۇرۇشمۇ پايدىلىق. ئەگەر ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىغا زەمچە، ئاز مىقداردا كەت قوشۇلسا ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. ئېغىز ئېلىشتىن باشقا ئەگەر باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ سىمابتىن پەيدا بولسا، ئۇنى ئىشلىتىشنى توختىتىپ ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجى قىلىنىدۇ، سىمابنى بەدەندىن چىقىرىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە شۇكى، دەسلەپتە بىمارغا بىرقانچە كۈنگىچە بۇ دورا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا: كۆك ھەرەن كىرى ئۆسۈملۈكى 12 گىرام، نىگىند بابرى ئالتە گىرام، قارىمۇچ 10 دانە. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى 120 ~ 144 گىرام سۇدا ئېزىپ سۈزۈپ، بۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ئۈچ ~ تۆت قېتىم ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا: چولائى ۋە ھۆل شاھتەررىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ 60 گىرامدىن ئېلىنىدۇ، قارىمۇچ ئېرىتىلگەن سۇ 36 گىرام ۋە نەرگەندى سۈيىدىن 24 گىرام ئېلىپ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، 24 گىرام ھەسەل بىلەن تاتلىق قىلىپ بىمارغا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئەدىيال، ئاستىغا ئىككى ئەدىيال سېلىپ يۆگەپ ياتقۇزۇلىدۇ، بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن

بىمار ئوبدان تەرلەيدۇ (بىمارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ)، تەر رەخت بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەنگە سوغۇق تېگىشتىن ساقلىنىلىدۇ، ئەگەر ئوبدان تەرلەپ بولغان بولسا، بىمار باشقا كۆرپە ئۈستىگە، باشقا ئەدىيالغا ئوراپ ياتقۇزۇلىدۇ ۋە قورساق ئاچقاندا ماش ئۇنى كاكچىسى بىلەن سېرىقماي قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سىمابتىن ياسالغان نەرسە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، بۇ ھالەتتە ياخشىدۇركى، بىمار پەقەت تۇزسىز بۇغداي نېنى ۋە نوقۇت نېنى سېرىقماي ھەمراھلىقىدا يېگۈزۈلىدۇ، ئەگەر بىمار نان ۋە سېرىقماينى ھەزىم قىلىشقا قادىر بولالمىسا، سۈت ئېشى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر خۇسۇسەن گۆش ياكى ئۇنىڭ شورپىسى، كۆكتاتلار ۋە مېۋىلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىش، سوغۇق ھاۋا ۋە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن پەرھىز قىلىشمۇ زۆرۈردۇر، چۈنكى سىمابنى ئىستېمال قىلغان دەۋردە سوغۇق تېگىش خۇسۇسىيىتى بىلەن نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

سىمابنى سۈزۈپ ئىشلىتىش ياخشىدۇر، ئۇنى سۈزۈشنىڭ ئاسان ئۇسۇلى، رەختنى تۆت قاتلاپ ئۇنىڭدا 20 ~ 25 قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم سۈزۈپ ئىشلىتىش، ئەگەر بۇنىڭدىن كۆپ سۈزۈش لازىم بولسا، قىشنىڭ ئېكەكلەنگىنىگە بىر كۈن تولۇق سالايە قىلىپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ سىمابنى ئايرىپ سۈزۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

خاس دورا بۇ دورا سىمابنىڭ مۇرەككەباتىدۇر ۋە كۆپىنچە دېھلى تېۋىپلىرى ئامبۇلاتورىيە شارائىتىدا داۋالاشقا ئىشلىتىدۇ. بۇ داۋائى جەھۇددىن نامى بىلەن مەشھۇردۇر. سىماب، كەت، تازىلانغان گۈڭگۈرت سېرىقى، قارىمۇچ ھەربىرى تۆت گىرام، دەسلەپتە سىماب ۋە گۈڭگۈرتنى بىرلەشتۈرۈپ سالايە قىلىنىدۇ، ئەگەر بۇ سۈرمىگە ئوخشاش قارا رەڭلىك ۋە يۇمشاق بولسا، باشقا دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىشىگە سېلىپ ۋە ئىككى گۈرۈچ مىقدارىدا يېگۈزۈلىدۇ.

جەۋھەر كالاڭ: بۇمۇ سىفلىسنىڭ خاس دورىسىدۇر، بۇنى كۆپىنچە تېۋىپلار ئامبۇلاتورىيە شارائىتىدا داۋالاشقا ئىشلەتكەندۇر ۋە «پىرى ۋالى داۋا» نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئاق سىماب جەۋھىرى، سەنكىيا، كالىي پېرمانگانات، سىماب، شىڭگىرىف ھەربىرى 12 گىرام. ھەممىسىنى ئىككى ئاتىشە شاراب ياكى گۇتاب سالايە قىلىپ، يۇمشاق بولغاندىن كېيىن ئىككى دانە ساپال پىيالە ئېلىپ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىنى سۈرۈپ، ئىككىسى ئۆزئارا جىپسىلىشىدىغان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پىيالىغا دورىلارنى قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر پىيالىنى قويۇش ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى مىلتان مېغىزى ياكى ئۇن بىلەن ئوبدان گىل ھېكمەت قىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئوچاق ئۈستىگە ئېسىپ ئۇنىڭ ئاستىغا بىر چىراغ

كۆيدۈرۈلىدۇ، بۇنىڭغا توم بىر شام قويۇلغان بولسۇن. ئۈستىدىكى پىيالە ئۈستىگە بىر رەختنى تۆت قاتلاپ سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ ۋە قۇرۇپ قالغاندا ئۇنى قايتا - قايتا ھۆللەپ تۇرۇلىدۇ، ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن سوۋۇغاندا پىيالىنى ئېچىش ۋە ئۈستىدىكى پىيالىدىن جەۋھىرىنى چۈشۈرۈپ ساقلاپ قويۇلىدۇ، بۇ جەۋھەر ھەر كۈنى ئاز مىقداردا 2 ~ 4 گۈرۈچ چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ يۇتقۇزۇلىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن ئىسسىقلىق مەلۇم بولسا، مەزكۇر جەۋھەر بىلەن يېرىم بەرىنج زەمچە يۇمشاق قىلىپ قوشۇلىدۇ.

رەسكىپۇر جەۋھىرى: بۇ جەۋھەرى مونەققا نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئاق سىماب جەۋھىرى، كالىي پېرمانگانات، سەنكىيا ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، 60 گىرام بىراندى شارابى بىلەن سالايە قىلىش ۋە يۇقىرىقى مەزكۇر ئۇسۇلدا جەۋھىرىنى ئايرىپ، بىر گۈرۈچ مىقداردا ئېلىپ ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈمگە سېلىپ ھەب ياساپ يۇتقۇزۇلىدۇ.

ھەببى سىماب: سىفلىس ئۈچۈن پايدىلىق. سىماب، مەستىكى، ئاقىرقەرھا ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، سەنكىيا بىر گىرام. دەسلەپتە سىماب ۋە سەنكىيانى لىموننىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىدە سالايە قىلىنىدۇ تاكى سىماب ئېرىپ كەتكۈچە. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقىرقەرھا ۋە مەستىكىنى ئايرىم - ئايرىم يۇمشاق قىلىپ ۋە ئۆلچەم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 15 دانە لىمون سۈيى تۈگىگىچە سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قارىمۇچ باراۋېرىدە ھەب ياساپ ۋە بىر كۇملاچنى كەچتە يۇقىرىقىدەك ئوراپ يۇتقۇزۇلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: سىماب ئۈچ گىرام، بەززۇلبەنجى يەتتە گىرام، قارا شېكەر 24 گىرام. دەسلەپتە سىماب ۋە بەززۇلبەنجىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قارا شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىنىدۇ ۋە 70 دانە ھەب ياسىلىدۇ، ئەگەر ھەب ياسالمىسا، ئاز مىقداردىكى نىشاستىنى يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ 70 دانە ھەب ياسىلىدۇ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر دانە ھەب يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى سىماب: سىفلىس ئۈچۈن پايدىلىق. سېرىق ھېلىلە پوستى، قارا ھېلىلە، قارىمۇچ ھەربىرى ئىككى گىرامدىن، سىماب بىر گىرام، شېكەر 18 گىرام. دەسلەپكى ئۈچ خىل دورىنى يۇمشاق ئېزىپ، ئۇنىڭغا سىمابنى قوشۇپ سىماب پۈتۈنلەي ئۆلگەنگە قەدەر سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىنىدۇ ۋە 21 بۆلەك ئوخشاش ئېغىرلىقتا قىلىپ قويۇلىدۇ، بىر بۆلەكنى ئەتىگەن ۋە بىر بۆلەكنى شام ۋاقتىدا گۈلاب ھەمراھلىقىدا يېگۈزۈلىدۇ.

سىماب مۇرەككەباتلىرىدىن باشقا سەنكىيا، ئاق سىماب جەۋھىرى، مەدەستان، تۇتىيا ۋە باشقىلارنىڭ مۇرەككەباتلىرى تۆۋەندە يېزىلدى، بۇ سىفلىستا قوللىنىلىدۇ.

ھەببى كەت: سىفلىس ئۈچۈن پايدىلىق. ئاق سىماب جەۋھىرى، كەتسەفىد، كافۇر، ئاق مەۋسەل قاتارلىقلارنى 12 گرامدىن ئېلىپ، سەككىز سائەتكىچە بەنگىلە سۈيى ئەرقىدە سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قارىمۇچ باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ، بىر ھەبنى ھەر كۈنى ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈمدە قويۇپ ھەب ياساپ، سۇ بىلەن يۇتقۇزۇلىدۇ.

ھەببى پان: سىفلىسقا پايدىلىق. سەنكىيا، تاباشىر، كەتسەفىد ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى پان سۈيىدە سالايە قىلىپ، 0.06 گرام باراۋىرىدە ھەب ياساپ، بىر دانە ھەب ئەتىگەندە قايماق ھەمراھلىقىدا يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى لىمون: سىفلىس ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. مەدەستان، كەتسەفىد، ھەببى نىل، كۆيدۈرۈلگەن لاچىندانە پوستى، كۆيدۈرۈلگەن كونا فۇپەل ھەربىرى 12 گرامدىن. دورىلارنى 200 دانە لىمون قەغىزىگە ئوراپ سالايە قىلىپ، تۆمۈر قاچىغا سېلىپ قويۇپ، كېيىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ، ئەتىگەن - كەچتە بىر دانە ھەب يېڭى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى تۇتىيا: سىفلىس ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر. تۇتىيا ئالتە گرام، قارا ھېلىلە، سېرىق زەھرە مۆھرە ھەربىرى 12 گرامدىن. ھەممە دورىلارنى لىمون قەغىزى جەۋھىرىدە ئۈچ كۈن سالايە قىلىپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ ئەتىگەن - كەچتە بىر دانە ھەب قايماق بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببە زەنگار: سىفلىس ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زەنگار 12 گرام، قارا ھېلىلە 48 گرام، قىزىل قۇستە 24 گرام بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئېزىپ سۇ بىلەن سالايە قىلىپ 0.12 گراملىق ھەب ياساپ، ئەتىگەن - كەچتە بىر دانە ھەب بۇزۇلغان سۇ ھەمراھلىقىدا يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى ئاتەشەك نۇسخىسى: بۇ سىفلىس ئۈچۈن مەنپەئەتلىك. سىماب بەش گرام، بەرزۇلبەنجى، جۇۋنە، بالادۇر توققۇز گرامدىن، قارا كۈنجۈت، ئاقىرقەرھا ئىككى گرامدىن. دەسلەپتە سىماب ۋە بەرزۇلبەنجنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ ۋە ئاخىرىدا ھەممىسىنىڭ باراۋىرىدە كونا قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى - تۆت كۈن ئوبدان سوقۇپ، 0.24 گرامدىن ھەب ياسىلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ.

جەۋھىرى ئاتەشەك نۇسخىسى: سىفلىستىن باشقا يامان سۈپەتلىك يارىلار ئۈچۈن پايدىلىق. رەسكپوردىن 24 گرام، تۇتىيادىن 12 گرام ئېلىپ، ئىككىسىنى 375 گرام بىراندى

شارابىدا سالايە قىلىپ بىر ساپال قاچىغا قويۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قاچا قويۇپ جەۋھىرى ئايرىلىدۇ (بۇنىڭ ئۆتكەنكى سەھىپىلەردە تەركىبى يېزىلغان). بۇ جەۋھەرنى 0.07 گىرامدىن 0.03 گىرامغىچە ھالۋىغا سېلىپ، ھەب ياساپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن كالا سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ، تامىقىغا پەقەت گۈرۈچ يۇغان سۇ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە يېگۈزۈلمەيدۇ.

سەنكىيا كۇشتىسى نۇسخىسى: سىفلىسقا مەنپەئەت قىلىشتىن باشقا باھنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. 12 گىرام سەنكىيا پارچىسىنى ئېلىپ، 24 سائەتكىچە نىم يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىگە چىلاپ قويۇش، چەرچەتە ئۆسۈملۈكى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ تەخمىنەن 375 گىرام كۈلى تەييارلىنىدۇ، ئاندىن بىر قاچىدا ئازراق كۈل قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنكىيا پارچىسىنى سېلىپ، بۇنىڭغا چەرچەتە كۈلىنى تۆكۈپ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىنىڭ ئاستىغا يەڭگىل ئوت قالىنىدۇ. بىرەر ئورۇندىن ئىس تۈتەك چىقسا بۇ جايغا ئازراق كۈل تۆكۈپ ئېتىلىدۇ، ئاز مۇددەتتىن كېيىن تۆمۈرنىڭ ئىنچىكە سۇلائىسىنى كىرگۈزۈپ قارىلىدۇ، ئەگەر سۇلائى سەنكىيادا ئېرىپ كەتسە، ئوت قالاشنى توختىتىپ، سوۋۇغاندا سەنكىيانى چىقىرىپ، بۇ سەنكىيادىن بىر چائۇل يۇقىرىقىدەك ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ، بۇنى يېيىشتىن ئىلگىرى ئازراق ھالۋا ناشتا ئورنىدا يېگۈزۈلىدۇ، سۈت، سېرىقماي قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

بۇخۇرى سىماب (سىمابنىڭ ئىسى) نۇسخىسى: سىفلىس (جۈملىدىن سىفلىسنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى) دە بەدەنگە خۇراج، مۇدۇر ـ چاقا ۋە ھەر خىل تۈردىكى داغ چىققان بولسا، سىماب ياكى ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرىنى (رەسكپور، شىڭگىرىف) يالغۇز ياكى ئۇنىڭغا باشقا دورىلارنى قوشۇپ ئىسرىقلاش لازىم.

ئىسرىق نۇسخىلىرى تۆۋەندە يېزىلغان.

بۇخۇرى ئاتىشەك نۇسخىسى (1): ئاقىرقەرھا ، كەتسەفىد، تەنكار، كونا فۇپەل، يېشىل تۇتىيا، شىڭگىرىف رۇمى 12 گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 14 قەغەز بولاق ياسىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بىمارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ سۆگەتتىن ياسالغان ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەدىنىنى ئەديال بىلەن مۇشۇنداق ئوراڭكى، ئەديال بەدەنگە تېگىپ قالمىسۇن ۋە ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرسۇن، تاكى بىمارنىڭ بەدىنىگە ھاۋا تەگمىسۇن. ئەديالنى بويۇننىڭ تۆت تەرىپىدىن ئوراپ، بېشى ئوچۇق تۇرسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا بىر ئوچاق قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى ياغاچنىڭ چوغىنى سېلىپ، بۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى مەزكۇر بولاقتىن بىرىنى سېلىپ، بەدەن ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇخاراتى يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ يەتتە كۈن ئارقىمۇئارقا ئەتىگەن ۋە كەچتە قىلىنىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئېغىزدا بولسا،

كۆرسەتمىلەرگە ئاساسەن چارە قىلىنىدۇ، غىزاسىغا گۈرۈچ سۈيى ياكى نوقۇت ئۇنىنىڭ ياغلىق نېنى يېگۈزۈلىدۇ.

بۇخۇرى ئاتىشەك نۇسخىسى (2): بىخ مەدار (ئاكاتسىيە دەرىخى يىلتىزى)، ياۋا نىل يىلتىزى، ئىتياڭىقى يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ شىڭگىرىفتىن تۆت گرامنى يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەممىسىنى يەتتە قەغەز بولاق قىلىپ يۇقىرىقى مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇخۇرى ئاتىشەك نۇسخىسى (3): سىماب، شىڭگىرىف رۇمى، رەسكىپور، كەندىر يوپۇرمىقى، جۇۋنە، بەزۇلبەنجى، كەرەپشە 12 گرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سەككىز قەغەز بولاق ياساپ يۇقىرىقى مەزكۇر ئۇسۇل بىلەن ئىسرىقلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر رەسكىپور ۋە شىڭگىرىف بىلەن باشقا دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ چىلىمغا تولدۇرۇپ، بىمارغا ئۇنىڭ ئىسىنى تاماكىغا ئوخشاش تارتقۇزىدۇ ۋە ئىسلارنى زەخىملەر ئۈستىگە پۈۋلىتىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى تۆۋەندە يېزىلدى.

چىلىم نۇسخىسى: ئاقىرقەرھا، موزا، تەنكار، شىڭگىرىف ھەربىرىنى بەش گرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ تۆت قۇرس تەييارلاپ، بىر دانە قۇرسنى چىلىمدا تاماكىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى (بىر خىل دەرەخ) ياغىچى چوغىنىڭ ئوتى قويۇلىدۇ ۋە بارلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ بىر ئەدىيالغا ئوراپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، باش - بويۇنغىچە ئوچۇق تۇرسۇن. چىلىمنى شوراپ ئىسىنى تارتىپ، يارىلار ئۈستىگە ئەدىيالنىڭ ئىچىگە قويۇۋېتىلىدۇ، كۆزى ئىستىن قاچۇرۇلىدۇ، پۈتۈن كېچە ئۇخلىمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەندە يۇيۇندۇرۇپ ياغلىق نوقۇت نېنى سېرىقماي بىلەن ياكى گۈرۈچ سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇخلىتىلىدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر تۆت دانە قۇرس مۇشۇنداق ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككىنچى قائىدە: بەزى تېۋىپلارنىڭ داۋالاش قائىدىسى شۇكى، سىفلىستا جۇملىدىن سىفلىسنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىدە مۇنزىج ۋە مۇسھىل بېرىپ بولغاندىن كېيىن چۆپچىن، ئۆشبە ياكى باشقا مۇرەككەباتلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، چۆپچىن قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى باشقا كىتابلاردا يېزىلغاندۇر، بۇنىڭدا ئۇنىڭ بىر - ئىككى مۇرەككەپ نۇسخىسى يېزىلدى. بۇ سىفلىستا سۈرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن خۇسۇسەن ئۈچىنچى دەرىجىدە پايدىلىق بولىدۇ.

يېقىنقى زاماندىكى تېببىي ئەربابلار دەسلەپتە ئۆشبەگە قايىل ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ پايدىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا باشلىدى.

قايىنتىلما نۇسخىسى: چۆپچىن، ئۆشبە مەغرىبى، پىستە رەڭلىك بىستىپايەج بەش گىرامدىن، شاھتەررە، قەسبۇزەررە يەتتە گىرامدىن. دەسلەپكى ئۈچ دورىنى چالا سوقۇپ، كەچتە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى چۆپچىن نۇسخىسى: سىفلىس ئۈچۈن سۈرگىدىن كېيىن پايدىلىقتۇر. ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 36 گىرام، ئېكەكلەنگەن شىشىم 24 گىرام، چالا سوقۇلغان چۆپچىن 60 گىرام، بەنگىرە 12 گىرام، چالا سوقۇلغان ئۆشبە مەغرىبى 60 گىرام. دورىلارنى كەچتە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئىككى كىلوگىرام ساپ ھەسەل، 250 گىرام ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ھېلىلە پوستى، قارا ھېلىلە، ياغچى ئېلىۋېتىپ پوستى ئاقلانغان ئاق تۇربۇت قاتارلىقلاردىن 24 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، كالا يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. شاقاقۇل مىسرى، سۆئلەپ مىسرى، بەھمەن سۇرۇخ، بەھمەن سەفىد، مۇقەل، مەستىكى تۇققۇز گىرامدىن، دارچىن، چۆپچىن، ئۆشبە مەغرىبى، تاتلىق سۆرۈنجان، پىستە، رەڭلىك بىستىپايەج 12 گىرامدىن، سانائى مەككى، كاۋاۋىچىن يەتتە گىرامدىن، غارىقۇن، ئۈستىقۇددۇس 36 گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، بارلىق دورىلارنى قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، 40 كۈن ياكى ئاز دېگەندە 10 ~ 15 كۈن ئۆتكەندە كېيىن 7 ~ 12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: بەدىيان 24 گىرام، ئاق سەندەل، يېڭى گىلۇئى، ئەفتىمۇن ئۈچ گىرامدىن، سېرىق ھېلىلە پوستى، قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابۇلى پوستى، شاھتەررە، بەلىلە پوستى 24 گىرامدىن، ئاق تۇربۇت 18 گىرام، سانائى مەككى 48 گىرام، ئۆشبە مەغرىبى 96 گىرام، چۆپچىن 120 گىرام. ئاق تۇربۇت ۋە ھېلىلەنى ئايرىم سوقۇپ تاسقاپ، بادام يېغى ياكى كالىنىڭ سېرىقمېيى بىلەن ياغلىنىدۇ ۋە قالغان دورىلارنى ئايرىم سوقۇپ، تاسقاپ، ئاندىن كېيىن ناۋاتتىن بىر كىلوگىرام، ساپ ھەسەلدىن 1250 گىرام ئېلىپ، قىيام قىلىپ قائىدە بويىچە مەجۇن ياسىلىدۇ ۋە كەم دېگەندە ھەپتە ئۇن كۈندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ ھەمدە بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىگە قاراپ 12 گىرامدىن ياكى ئۇنىڭدىن ئاز - كۆپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مەجۇنى ئۆشبە نۇسخىسى: سىفلىستىن باشقا جوزام، قىچىشقاق، خانازىر، ۋەجئۇل مۇپاسىل ۋە باشقا ناچار كېسەللىكلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. ئۆشبە مەغرىبى، بىستىپايەج، يەرلىك ئەفتىمۇن 24 گىرامدىن، قىزىلگۈل، چۆپچىن 36 گىرامدىن، قارا ھېلىلە يەتتە گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى ئالتە گىرام، بەلىلە پوستى 12 گىرام، قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل 18 گىرامدىن، سانائى

مەككى 48 گرام، سۇمبۇل 12 گرام، گاۋزىبان، كاۋاۋىچىن، دارچىن 24 گرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، 750 گرام ھەسەل ۋە ناۋات قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن ياساپ، ھەپتە ئۇن كۈندىن كېيىن، 12 گرام مەجۇن ئەرقى شاھتەررە ياكى ئەرقى ئۆشبە ياكى ساپ سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

يارىلارنى يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش يارىنى ھەر كۈنى نەم يوپۇرمىقى قايىنتىلمىسى ۋە سوپۇن بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش ۋە تۆۋەندىكى مەلھەملەردىن بىرەرىنى تەييارلاپ سۈركەش لازىم.

مەلھەمى رەسكىپور نۇسخىسى: بۇ سىفلىس يارىلىرى ۋە باشقا بۇزۇلغان زەخىملەر ئۈچۈن پايدىلىق. رەسكىپوردىن 12 گرام، خۇنسىياۋشاندىن ئالتە گرام ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، 101 قېتىم يۇيۇپ تەييارلانغان كالىنىڭ سېرىقمېيى (نۇرغۇنلىغان كىشىلەر 101 قېتىم يۇيۇشنىڭ ئورنىغا پەقەت 21 قېتىم يۇيۇپ ئىشلىتىدۇ) دىن 48 گرامىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ زەخىملەر ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

مەلھەمى شىڭگىرىف نۇسخىسى: شىڭگىرىف يەتتە گرام، رال 14 گرام، قورۇلغان تۇتىيا 0.48 گرام. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ 24 گرام كۈنجۈت يېغىدا سالايە قىلىپ، زەخىملەر ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

مەلھەمى مەدەستان نۇسخىسى: مەدەستان، كۆيدۈرۈلگەن سېرىق زەھرى مۆھرە، كەتسەفىد، كۆيدۈرۈپ لايىقلاشتۇرۇلغان زەرنىخ، لاچىندانە ئالتە گرامدىن، سەنگى جاراھەت، كافۇر، كاۋاۋىچىن، تاباشىر ئۈچ گرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 101 قېتىم يۇيۇپ تەييارلانغان كالىنىڭ سېرىقمېيىدىن 72 گرامىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ قويۇپ، زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا زەخىملەر ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

مەلھەمى سىماب نۇسخىسى: تازىلانغان سىمابتىن 66 گرام، كافۇردىن 3.75 گرام ئېلىپ، ئىككىسى سالايە قىلىنىدۇ، 84.5 گرام سېرىق مومنى 84.5 گرام سېرىقمايدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا سىماب ۋە كافۇرنى قوشۇپ تەييارلاپ، زەخىملەر ئۈستىگە سۈركىلىدۇ ھەم قولتۇق ئاستى ۋە يىرىقنىڭ ئىچكى تەرەپ ئەتراپىغا سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئۇۋۇلىغاندا، سىماب بەدەنگە سۈمۈرۈلىدۇ.

مەلھەمى مۇختەر نۇسخىسى: بۇ سىفلىس زەخىملىرى ئۈچۈن پايدىلىق. ئالتە گرام يېشىل تۇتىيانى يۇمشاق ئېزىپ، 101 قېتىم يۇيۇلغان كالىنىڭ سېرىقمېيىدىن 24 گرامىغا ئارىلاشتۇرۇپ يارىلار ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

تۇغما سىفلىس (ۋابال ۋەراسى)

بۇ، مەۋرۇسى ئاتىشەك، خەلقى ئاتىشەك، ئەل ئەفرەنجىلۋەراسى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

تۇغما سىفلىسنىڭ ئالامەتلىرى بالىلىق چاغلىرىدىلا ئاشكارا بولىدۇ. گەرچە بالىلاردا سىفلىسنىڭ بولۇشى ئاشكارا تەئەججۈپنى قوزغايدىغان ۋە ھەيران قالارلىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇشى ۋە تارقىلىشىدىن بۇ تەئەججۈپ ۋە ھەيرانلىق يوقىلىدۇ.

سەۋەبى بەزىدە بالىلاردا بۇ كېسەللىك ئاتا ياكى ئانا ياكى ئىككى تەرەپتىن ھامىلە ئورۇنلاشقان ۋاقىتتا ھامىلىگە تارقىلىشىدىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھامىلە مۇقەررەر كۈنلەردىن ئىلگىرى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولمىسا تۇغۇلغاندىن كېيىن بالا ئۆمۈر مۇددىتىدە بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بەزىدە بالىغا بۇ كېسەللىك تۇغۇلغاندا ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن مۇشۇنداق يۇقىدىكى، بىمارنىڭ يارىلىرىنىڭ پاسكىنا ھۆللۈكىدىن ئۇ بىچارە يۇقۇملىنىدۇ. بەزىدە سىفلىس بالا باققۇچى ئايالنىڭ سۈتىنى ئېمىشتىن ۋە بەزىدە سىفلىس كېسىلى بولغان بالىنىڭ ھۆللۈكىنىڭ ئوكۇل يىڭنىسىغا يۇقۇشىدىن ساغلام بالا بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى كۆپىنچە بوۋاق تۇغۇلۇپ، ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىگىچە بالا ساغلام ۋە سېمىز كۆرۈنىدۇ (بەزىدە تۇغۇلۇش بىلەنلا بۇ كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ)، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، شۇڭلاشقا بالا كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ ئاجىزلايدۇ، قارغىش بولىدۇ، تېرىسىنىڭ رەڭگى تۇپا رەڭ بولىدۇ، يۈزىدە قورۇق يەنى ياشانغان كىشىلەرنىڭكىدەك سىزىق بولىدۇ، ئېغىز بۇرجىكى ئەتراپىدا خاس تۈردىكى پۈرمىلەر بولىدۇ.

بەزىدە پۈتۈن بەدەن تېرىسىگە قورۇقلار چۈشىدۇ، بۇرنى پاناق ياكى بېسىلغان بولىدۇ ھەمدە ئاستا ـ ئاستا زۇكامنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، ھەر ۋاقىت بۇرنىدىن ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ، نەپەسلىنىشى توختاپ ـ توختاپ، خىرقىراش بىلەن بولىدۇ، قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ، كالپۇك ۋە ئېغىزى قۇرۇق تۇرىدۇ، ئاۋازى تۇملىشىدۇ. ئېغىز ۋە گالدا يارا پەيدا بولىدۇ، بۇرۇندا يارا پەيدا بولۇش بىلەن بۇرۇن سۆڭىكى بۇزۇلىدۇ، ئالىقان ـ تاپانلىرىغا داغ چۈشىدۇ، كۆپىنچە تىرناقلىرىدا ئۆزگىراش بولىدۇ. ئۆتكۈر كېسەللىك ھالىتىدە پۈتۈن بەدەندە جۈملىدىن بۇرۇن، كالپۇك، يىرىق، مەقئەت ۋە بوغۇملار ئەتراپىدا قارىغا مايىل قىزىل داغ پەيدا بولىدۇ ياكى قىزىلگۈل رەڭلىك مۇدۇر ـ چاقا ياكى سۇلۇق قاپارتقۇ چۈشىدۇ ھەمدە ئۇلار يېرىلىپ يارا

بولىدۇ. چاچ ئىنچىكە ۋە قۇرغاق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا چاچ چۈشۈپ كېتىدۇ، سۈت چىشى ئۇزۇندا چىقىدۇ، بۇ چىش ئاجىز بولۇپ، تېزلا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمۈرلۈك چىش چىقىدۇ، ئۇ كىرلاش، تەرتىپسىز بولۇپ، قۇرت يەۋالغان چىشلارغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ چىشلارنىڭ ھالىتى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۆشۈك بولىدۇ. بەزىدە بالا گاس بولۇپ قالىدۇ، كۆزلىرى كۆپىنچە ئاغرىپ تۇرىدۇ، قاپاقلىرىنىڭ چۆرىسىدە كىچىك - كىچىك يارا بولىدۇ، سۆڭەكلىرىدە قاتتىق قاپارتقۇ پەيدا بولىدۇ، سۆڭەكلەر جۈملىدىن پاچاق سۆڭەكلىرى ئېگىلىدۇ، تىز بوغۇمى ئىششىيدۇ، بالا كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلايدۇ ۋە ئورۇقلاپ پەقەت سۆڭەكلىرىنىڭ ئىسكىلىتىلا قېپقالىدۇ، بەزىدە بالىدا يەرقان بولىدۇ، بەزىدە قۇسۇش ۋە بەزىدە ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، سىفلىسنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىنىڭ ئالامەتلىرى ئومۇمەن بەش يىلدىن كېيىن نامايان بولىدۇ.

ئاقىۋىتى تۇغۇلغاندىن كېيىن قانچىلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولسا، شۇقەدەر ئۆتكۈر ۋە ھالاكەتلىك بولىدۇ، كۆپىنچە باللار تۈگىشىدۇ. لېكىن كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ، بىر يىل ئۆتۈپ كەتسە ياكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۇزۇندا نامايان بولسا، بالىنىڭ ھايات تۇرۇشىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ، تۇغما سىفلىس بىمارى سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئۈچۈن زىيادە تەييار بولىدۇ.

داۋالاش بالىغا سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالنىڭ سۈتى ئېمىتىلىدۇ، چۈنكى سىفلىس بالىنى ئېمىتىش بىلەن ساغلام ئايالمۇ كېسەللىنىدۇ ياكى كالا، ئۆچكە سۈتى بىلەن پەرۋىش قىلىنىدۇ، ھەر كۈنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇپ پاكىز تۇتۇلىدۇ. دورا شەكلىدە سىمابنىڭ بىرەر مۇرەككەباتى بالىنىڭ يېشىغا مۇۋاپىق يېگۈزۈلىدۇ. باللاردا ياشلارغا نىسبەتەن سىمابقا بەرداشلىق بېرىش كۈچى زىيادە بولىدۇ، شۇڭلاشقا بالىغا دورىنىڭ ئىستېمال مىقدارىنى مۇناسىپ مىقداردىن ئازراق كۆپەيتىپ بەرسىمۇ ھېچقانداق نۇقسان يەتمەيدۇ. ئەگەر بالا باققۇچىمۇ دورا يېگەن بولسا ياخشىدۇر تاكى سۈت ئارقىلىق دورا بالىغا بارىدۇ. تۆۋەندىكى ھەبلەر سىفلىس ۋە باللاردىكى خۇراج، مۇدۇر - چاقىلارغا پايدىلىق. تېرىدىكى يارىلارغا بىرەر مەلھەم سۈركىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىلىرى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

نۇسخا: مەدەستان، ئەرەب دەرىخى يوپۇرمىقى، قەلەمپۇر، بەديان، ئانار غۇنچىسى، نىم يوپۇرمىقى، ئاق زىرە، قارا زىرە، بەرەڭگى كابۇلى، ئېگىر، قارا تۇز، زەپەر ئۈچ گىرامدىن. بارلىق دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ سۇدا يۇغۇرۇپ، قارىمۇچ باراۋىرىدە ھەب ياساپ قويۇپ، بىر دانە ھەب ئەتىگەن ۋە بىر دانە ھەب كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا مەدەستان، قىزىل سېغىز، رۇسۇت، ھېلىلە كابۇلى پوستى، كەتسەفىد، قىزىلگۈل ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، كۆك ئېتئۈزۈمى سۈيىدە يۇغۇرۇپ، ماش دانىسى باراۋىرىدە ھەب ياساپ، بىر دانە ھەب ئەتىگەندە بىر دانە ھەب شام ۋاقتىدا سۈتتە ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تۇغما سىفلىس بالىلىق مەزگىللىرىدىن ياشلىق مەزگىللىرىگىچە يېتىپ بارسا، ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىگە مۇۋاپىق ئىلاج قىلىنىدۇ، بۇ ئىككىلەمچى ئاتىشەك بابىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

ساختا سىفلىس (ئاتىشەك مەجازى، قۇرھە رەخۇ)

ماھىيىتى ساختا سىفلىس ئۇ يۇقۇملۇق يارىدۇر، بۇ ئەرلەردە ئومۇمەن زەكەر بېشى ياكى ئۇنىڭ تېرىسى ئۈستىدە (بەزىدە سۈيدۈك يولى دىۋارىدا ياكى ئۇنىڭ ئىچكى بۆلىكىدە) ۋە ئاياللاردا جىنسىي يول ئەتراپى ياكى ئۇنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ ماددىلىرىنىڭ زەھەرلىرى قانغا قوشۇلۇپ، سىفلىسقا ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلمايدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى خاس تۈردىكى ناچار تەنچە ياكى جاراسىم دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئومۇمەن زىنا ۋە بۇزۇقچىلىق ئارقىلىق ئايالدىن ئەرگە ياكى ئەردىن ئايالنىڭ مەخسۇس ئەزاسىغا تارقاپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

ئالامىتى ماددىلار يۇقۇش بىلەن ئومۇمەن دەسلەپكى كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس ئەزا ئۈستىدە ئازراق قىچىشىش بولىدۇ، بىر ياكى بىردىن كۆپ مۇدۇر - چاقا چىقىدۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ھۆللۈك پەيدا بولۇپ، سۈلۈق قاپارتما شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىرىڭ بولۇپ، بىر زەخىم پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ، مەخسۇس ئەزا ۋە يىرىقتىكى بەزلەر ئىششىيدۇ، ئەگەر بىمار پاكىز ياشىمىسا ۋە مۇناسىپ داۋالاش قىلىنمىسا، زەخىم كېڭىيىدۇ ۋە بەزىدە مەخسۇس ئەزا بۇزۇلىدۇ.

مەخسۇس ئەزا ئۈستىدە چوڭقۇر بولغان زەخىم پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ماددىلار ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ.

ئاقىۋىتى ئەگەر دەسلەپتىلا بىمار پاكىز ياشىسا، زەخىمنى تازىلاشنىڭ خىيالىنى قىلغان بولسا، مۇناسىپ داۋالاش قىلىنىۋاتقان بولسا، 15 ~ 20 كۈندىلا كېسەللىك يوقىلىدۇ، لېكىن

بۇنىڭ ئەكسىچە ھالەتتە يارا كېڭىيىپ مەخسۇس ئەزانى بۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار بىر مۇسىبەتكە گىرىپتار بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كېسەللىك ھەقىقىي سىفلىس بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئالامەت پەرقلىرى ئالدىدىكى سەھىپىلەردە بايان قىلىنغان.

داۋالاش زەخمنى تازىلاشنىڭ خىيالى قىلىنىدۇ، ھەر كۈنى نىم يوپۇرمىقى قايىنتىلمىسى ۋە نىم سوپۇنى بىلەن يۇيۇپ تۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستىدە يېزىلغان مەلھەملەردىن ياساپ سۈركىلىدۇ. يارا ھۆللۈكىنى ئۇرۇقدان ئۈستىگە ياكى باشقا جايغا تەگكۈزمەسلىك، يوتىدىكى بەزلەرنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىش، گەرچە بۇ كېسەللىك يەرلىك ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ زەھىرى ھەقىقىي سىفلىسقا ئوخشاش بەدەنگە تەسىر قىلمىسىمۇ، ھەقىقىي سىفلىسقا ئوخشاش مۇنزىج ئىچكۈزۈپ مۇسھىل بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر. مۇسھىلدىن كېيىن قان تازىلىغۇچىلار قوشۇلغان مۇنزىج ئۇزاق مۇددەتكىچە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر مۇسھىلنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارالسا، پەقەت قان تازىلىغۇچى شاھتەررە، قەسىبۇزەرىرە قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ، مەجۇنى ئۆشبە، مەجۇنى چۆپچىن يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سىماب، رەسكىپور قاتارلىقلار ھەب ۋە باشقا ھالەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: رال، كەت، كافۇر، ئاق موم 18 گىرامدىن، كالا يېغى 72 گىرام. ئاۋۋال مومنى ياغدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رالنى يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن كەت ۋە ئاخىرىدا كافۇرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، يارىنى پاكىزلىغاندىن كېيىن سۈركىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: يۇيۇلغان ئۈپا، مەدەستان، ئاق موم ھەربىرى 18 گىرامدىن، رۇسۇت، كەتىرا ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، كافور ئىككى گىرام، ئەپيۇن بىر گىرام، گۈل يېغى 72 گىرام. دەسلەپتە مومنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولغاندا زەخملەرنى پاكىزلىغاندىن كېيىن سۈركىلىدۇ.

بىرقانچە بايانلار: ھەكىم ئەئزەمخان داۋۇد ئەنتاكى، مەھمۇد شىرازى قاتارلىقلارنىڭ بايانلىرى.

ساھىبى ئىكسىر يازغانكى:

بۇ كېسەللىك ھىجرىيە 904 ـ يىلى ياۋروپادا كۆرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى زاماندىكى يۇنان كىتابلىرىدا ئۇنىڭ نام ۋە نىشانى ئۇچرىمايدۇ، لېكىن بۇ كېسەللىك ھازىر پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى نۆۋەتتە ئاتىشەكتۇر. قىسقىسى، ئەگەر بۇ كېسەللىك پەيدا

بولسا، ئۇنىڭ دەسلىپىدە ئەرلەردە زەكەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، ئاياللاردا جىنسىي يولىدا مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ، بۇ تېزلا يارا شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

«بۇنىڭ ھەممىدىن چوڭ سەۋەبى جىنسىي ئالاقىدۇر، جۇملىدىن ئىلگىرى بۇ كېسەللىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتۇر. ئەرلەر مۇشۇنداق ئاياللار بىلەن جىما قىلىشتىن يۇقۇملىنىدۇ».

«بەزىدە بۇ كېسەللىك بىللە تاماق يېيىش، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، كۆرۈشۈش، بىر قاچىدا سۇ ئىچىش، بىرسى ئىككىنچىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىش بىلەن ئىككىنچىسىگە يۇقىدۇ، يەنى بۇ كېسەللىك يامرىغۇچى كېسەللىكلەردىندۇر».

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى: بۇ كېسەللىك ناھايىتى ناچاردۇر، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنىڭدىن تولۇق ساقىيىش ھاسىل بولمايدۇ، كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يىرىقتا ئىششىق ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ناھايىتى قاتتىق ئاغرىيدۇ، بۇ بەزىدە ئوفۇنەتلىنىدۇ (بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ).

بەزىدە بۇنىڭ بىلەن ناچار ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: زەكەر بېشى ۋە زەكەرنىڭ بەزى قىسىملىرى ئېقىپ كېتىدۇ.

بەزىدە بۇرۇندا يارا پەيدا بولىدۇ ۋە بۇرۇننىڭ ئىچكى سۆڭەكلىرى بۇزۇلۇپ، بۇرۇن ئولتۇرۇشىدۇ، بەزىدە گالدا يارا ۋە تاڭلايدا تېشىلىش بولىدۇ، بەزىدە بۇنىڭ بىلەن ئىككى پاچاق ئىشقا كەلمەيدۇ (تۆۋەنكى مۇچە پالىچى)، يۇقىرىقى مەزكۇر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن باشقا ئىسسىقلىقنىڭ غالىب بولۇشى (قىزىتما ھالىتى)، بوشاڭ ۋە ھورۇنلۇق، بوغۇملار ئاغرىقى، ھەزىم ئاجىزلىقى قاتارلىقلار بولىدۇ.

مەخسۇس دورىلار «رەسكپورغا ئوخشاش بەزى تەركىبلەر ھىندى تېبابىتىدە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئاجايىپ خۇسۇسىيەت تۇتىدۇ». سىمابتىن كېيىن بۇ كېسەللىكنىڭ مەنپەئەتلىك دورىلىرىغا چۆپچىن يېزىلغاندۇر.

ئەنتاكى ئېيتىدۇكى:

سىفلىس كېسەللىكى مىسىردا مەرەزى مۇبارەك دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ياۋروپادىن ھىجرىيە 807 - يىلى ئەرەب ئارىلىغا يېتىپ بارغان. قەدىمكى تېۋىپلارنىڭ كىتابلىرىدا بۇ بايان قىلىنمىغان. بەزى كىشىلەر ئۇنى نار پارسى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، لېكىن بۇ بىلمىسزلىك ۋە نادانلىقدۇر. بۇ كېسەللىك پەقەت جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق بىرىدىن يەنە بىرىگە يۇقىدۇ.

ئىمادۇددىن مەھمۇد شىرازى يازغانكى:

بۇ كېسەللىك ئاتەشەك نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ كېسەللىك بۇرۇنقى زامانلاردا يوق

ئىدى، بۇ يېڭى كېسەللىكلەردىندۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى زامانلاردىكى كىتابلاردا ئۇنىڭ بىرەر بايانى ئۇچرىمايدۇ، بۇ كېسەللىك دەسلەپتە ياۋروپا دۆلىتىدە كۆرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى ئابلە فەرەنگى دەپ قويۇلغان، بۇنىڭدا ئوتتا كۆيگەنگە ئوخشاش ئېچىشىش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئاتەشەك دەپ قويۇلغان.

بۇ ئەڭ دەسلەپتە ئەرمەنىيە شەھىرىدە كۆرۈلگەن ۋە بۇ يەردىن باشقا مەملىكەتلەرگە تارقالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئەرمىنى دانەمۇ دەپ ئاتايدۇ.

جاراھەتلەر (جاراھات، ئەلجۇرۇھ)

جاراھەتتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى گۆشتە كۆرۈلگەن پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتۇر. بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولمىغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر يىرىڭ پەيدا بولسا يارا (قۇرھە) دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىدە گۆشتىن باشقا ئەزالارنىڭ پۈتۈنلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ جاراھەت دېيىلىدۇ، لېكىن ئالدىنقى ئۇقۇم مەشھۇردۇر.

باشقا ئۇقۇملار جاراھەت بەدەن توقۇلمىلىرىنىڭ بىرەر ئورنىدا پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتۇر. لېكىن بۇ سۆزنى ئىشلىتىش ئومۇمەن پۈتۈنلۈكى بۇزۇلۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، بۇ مۇسكۇللار ۋە پەردىلەرگە ئوخشاش يۇمشاق توقۇلمىلاردا كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېرە ياكى شىللىق پەردىلەر كېسەللىنىدۇ. لېكىن بۇ ئاپاتلەرگە تېرە شېرىك بولمايدۇ، سۆڭەكلەر، تارىمۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش چوڭقۇر توقۇلمىلار شېرىك بولمايدۇ، بۇ ئېزىلىش دېيىلىدۇ.

ئوچۇق جاراھەت ئۇ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتۇر. بۇ بەدەننىڭ بىرەر يۈزەكى بۆلىكىدە بولىدۇ، يەنى ئۇلار تېرە ياكى شىللىق پەردىلەردە بولىدۇ، ئوچۇق جاراھەتنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى بولىدۇ.

1. كېسىلىشتىن بولغان جاراھەت يەنى پاكىز بولغان زەخىم؛
2. يېرىلىشتىن بولغان جاراھەت؛
3. تېشىلىشتىن بولغان جاراھەت؛
4. ئېزىلىشتىن بولغان جاراھەت؛
5. زەھەرلىنىشتىن بولغان جاراھەت؛ مەسىلەن: زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋالغاندىكى جاراھىتى؛
6. ئوتتىن ياكى توڭلاشتىن بولغان جاراھەت؛ يەنى ئوق قاتارلىقلارنىڭ جاراھىتى.

لېكىن چوڭ پەرق ۋە مۇھىم ئايرىش ئۇفۇنەتلىك جاراھەت ۋە ئۇفۇنەتسىز جاراھەت ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ (دەسلەپكى تۈردە ئۇفۇنەت ماددىلىرى بولىدۇ، ئىككىنچى تۈردە ئۇلارنىڭ توسقۇنلۇقى بولمايدۇ).

خۇشكى بەند: قانۇن

(1) جاراھەت كىچىك ۋە ئاددىي بولىدۇ.

(2) ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمايدۇ. يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سەۋەب بولمايدۇ، مەسىلەن: ماددىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە كېلىشى. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئەگەشمە كېسەللىك بولمايدۇ، مەسىلەن: ئۆتكۈر ئاغرىق. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر كېسەللىك بولمايدۇ، مەسىلەن: مىزاج بۇزۇلۇش ۋە تەركىبى كېسەللىك. بۇلاردىن سەن چۈشىنىسەنكى، ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بۇ يەردە ئومۇمىي ۋە كەڭ مەنىدۇر (بۇنىڭغا ئەگەشمە كېسەللىكلەردىن باشقا سەۋەب ۋە كېسەللىك ئىككىلىسى شېرىك بولىدۇ).

(3) يېرىلغان ئورۇننىڭ گىرۋىكى تۈز بولىدۇ.

(4) جاراھەت زىيادە چوڭقۇر بولمايدۇ.

(5) ئۇنىڭ ئىككى گىرۋىكى تېگىش بىلەن بىرلەشسۇن، يەنى گىرۋەكلىرى تۇتاشقاندىن كېيىن تۆشۈك قالمىسۇن ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ بىرلەشسۇن (يەنى ئىچىدە بوشلۇق قېلىپ قالمىسۇن).

(6) زەخىم يېڭى ۋە ئۇنىڭدا يېڭى قان بولسا مۇناسىپى بۇكى، ئىككى ئۈچ بۇرجەكلىك پاختا شارىكى تۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلىدۇ. چۈنكى ئۈچ بۇرجەكلىك پاختا شارىكى تۆت بۇرجەكلىك پاختا شارىكىغا سېلىشتۇرغاندا تۆشۈك ئورنىنى ئوبدان بىرلەشتۈرىدۇ. ئىككى ئۈچ بۇرجەكلىك پاختا شارىكىنىڭ تېگى تۆشۈكنىڭ ئىككى بېشىدا، بۇلۇڭى تۆشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ئىككى ئۈچ بۇرجەكلىك پاختا شارىكىنىڭ بۇلۇڭى ئەزا تەركىبلىرىنى يىغىپ، تۆشۈك تەرەپكە بىرلەشتۈرىدۇ، بۇ زەخىمنىڭ تېز پۈتۈشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئاندىن كېيىن ئىككى باشلىق تېڭىق بىلەن زەخىمنىڭ ئىككى گىرۋىكى بىرلىشىدىغان قىلىپ تېڭىلىدۇ. بۇ تېڭىق زەخىم گىرۋىكى بىرلىشەلمىگۈدەك بوش بولمىسۇن، ئاغرىق پەيدا بولۇپ، ئىششىققا سەۋەبچى بولغۇدەك چىڭمۇ بولمىسۇن. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ئىششىق بىلەن زەخىمنىڭ ئىلاجىنى قىلىش قىيىن بولىدۇ.

ئىككى بېشى تەرەپتىن تېڭىش باشلىنىدۇ. تاكى زەخىمنىڭ ئىككى گىرۋىكى ئوتتۇرا تەرەپكە قايتىپ كەلسۇن.

تۆشۈك قىيپاش بولغان شەرت ئاستىدا. جاراھەت ئىچىگە ياغ، چاچ ۋە باشقا تەنچىلەر كىرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ، چۈنكى كىرۋەكلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈشىدە بۇ نەرسىلەر توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. يېڭى، ئۇفۇنەتلەنمىگەن ھالەتتە جاراھەتنىڭ بارلىق تەركىبلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تېڭىپ قويۇلسا، تۆت تەرەپتىن چاپلاشقاق قان ئۇنى قورشاپ پۈتتۈرىدۇ.

تېڭىشنىڭ بۇ ئاددىي ئۇسۇلىنى قەدىمكى ئۇقۇملاردا خۇشكى بەند دەپ ئاتىغان (ئەلى گىلانى).

قانۇن ئەگەر جاراھەت يېڭى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ساپ قان بولمىسا ۋە ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، لېكىن ھازىرغىچە يىرىڭلىمىغان بولسا، بىرەر يىرىڭ، كەڭ نەرسە بىلەن سۈركىلىدۇ تاكى قان چىقسۇن، ئاندىن كېيىن يۇقىرىقى مەزكۇر ئۇسۇلدا تېڭىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش بىلەن زەخىم ئۈچ كۈن ئىچىدە بىرەر دورا ئىشلەتمەي ياخشى بولىدۇ.

1. كېسىلىشتىن بولغان جاراھەت يەنى كېسىلگەن جاراھەتلەرنىڭ ياخشىراق مىسالى دەستىكارچى دەستىكار قىلىش جەريانىدا نەشتەر بىلەن كېسىپ شەكىللەندۈرگەن جاراھەتتۇر. بۇ ئومۇمەن ئۆتكۈر ۋە كەسكۈچى سايمانلاردىن پەيدا بولىدۇ، گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا باشقا ھالەتلەردىمۇ مۇشۇنداق جاراھەت پەيدا بولىدۇ، مۇشۇنداق جاراھەتلەردە ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆتكۈر قاناش بولىدۇ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرى (زەخمە لىۋى) ئوچۇق بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئوچۇق زەخىم دېيىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېزىلىش بولمايدۇ. كېسىلىشتىن بولغان جاراھەتنىڭ مەخسۇس ئىلاجىدىن ئىلگىرى جاراھەتلەرنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلى بايان قىلىنىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى جاراھەت مەيلى تۇيۇقسىز بىرەر ھادىسە سەۋەبىدىن پەيدا بولسۇن، مەيلى دەستىكارچىنىڭ دەستىكار قىلىشىدىن پەيدا بولسۇن ھەممىسىنىڭ داۋالاش پىرىنسىپى شۇكى، جاراھەتنى ئۇفۇنەتتىن ساقلاش ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ جاراھەتكە سىرتتىن بىرەر نەرسە يەتكۈزمەسلىككە تىرىشچانلىق قىلىش لازىم، بۇنىڭ بىلەن سىرتقى ئۇفۇنەت جاراھەتكە يېتىپ كېلىدۇ.

پاك تۇتۇش، بۇنىڭدا ئوبدان ساقىيىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

داۋالاش بۇ جاراھەتلەرنىڭ يىرىڭ پەيدا بولماي پۈتۈشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇھىم ئىشلارغا ئېتىبار قىلىش زۆرۈر.

1. قاناشنى توختىتىش: قىل قان تومۇرلاردىن بولغان قاناش بەزىدە سىرتقى ھاۋانىڭ تېگىشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ، پاكىز بۇلۇت بىلەن بىرقانچە مىنۇتقىچە بېسىلىدۇ. قىزىل قان تومۇر ۋە كۆك قان تومۇردىن بولغان قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن بەزىدە ئۇ چىگىپ قويۇلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈلىدۇ. ئەگەر قاناش مەركىزى تېرە بىلەن يېقىن بولسا، قاننى توختىتىش ئۈچۈن جاراھەتلەرنى تىككەندىكى يىڭنە ئورنىدىكى قاناشتا سۆزلەنگىنى بويىچە قاننى توختىتىش لازىم، بۇنىڭ بىلەن قاناش توختايدۇ ۋە بەزىدە قىزىل قان تومۇر قىسقۇچ بىلەن قان تومۇر تۇتۇپ تولغىنىدۇ. قاننى تولۇق توختىتىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئوفۇنەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى كېمىيىدۇ ياكى تامامەن توختايدۇ، بۇ دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى.

2. جاراھەت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى تازىلاش: بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى ئۇ ھالەتلەردە بولمايدۇ، بۇنىڭدا تېرە دەستىكار قىلىش ئۈچۈن تازىلانغان بولىدۇ، لېكىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن جاراھەتلەردە تازىلاش قىلىنمىغان بولىدۇ، چۈنكى جاراھەت مەيلى كىچىك ۋە پاكىز كېسىلگەن بولسۇن، ھەرھالدا تېرە پاسكىنا بولىدۇ. بەزىدە زەخىم ئىچىگە رەخت پارچىسى ياكى ياغاچ ۋە شېشىنىڭ پارچىلىرى كىرىپ كېتىدۇ، بۇ ھالەتلەردە جاراھەت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى دەستىكار ئۇسۇلىغا مۇناسىپ پاكىز قىلىنىدۇ، ئېھتىيات بىلەن جاراھەتتىن يات نەرسىلەر يوقىتىلىدۇ. ئەگەر جاراھەتنىڭ ئەتراپىدا موي بولسا ئۇنى چۈشۈرۈش ھەمدە سوپۇن بىلەن ئوبدان يۇيۇش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن جاراھەت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى شاراب ياكى ئىسپىرت بىلەن ئوبدان يۇيۇش، ئەتراپىتىكى تېرە ئۈستىگە كافۇر ئېرىتمىسى ياكى رەۋغىنى ئەجبىنى تىلا قىلىشمۇ يېتەرلىك بولىدۇ.

3. جاراھەتنىڭ ئىككى ئۇدۇل يۈزىنى تىكىپ بىرلەشتۈرۈش: بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەر، مەسىلەن: كۈمۈشنىڭ ئىنچىكە تالاسى، ئاتنىڭ قىلى، يىپەك يىپ ۋە قوينىڭ ئۈچەيلىرىدىن ياسالغان يىپ قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئادەتتە مۇتلەق تارمۇش ياكى يىپ سۆزى ئىشلىتىلگەن بولسا، بۇنىڭدىن مۇشۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاتنىڭ قىلى ۋە يىپەك يىپ تۇيۇقسىز ھادىسىلەردىن بولغان جاراھەتلەر ۋە بۇ ئورۇنلاردىكى جاراھەتلەر ئۈچۈن زىيادە مۇناسىپ بولىدۇ، بۇ يەردە جاراھەت ئىزىنىڭ كىچىك بولۇشى ياخشى بولسا، مەسىلەن: يۈز. چۈنكى بۇ ئىككى نەرسە سۈمۈرۈلمەيدۇ، لېكىن ئادەتتىكى ئەمەللەردە ئىنچىكە يىپ ۋە يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدۇ.

تىكىش بۇنىڭ ئۈچ چوڭ تۈرى بولىدۇ.

① ئىچىدىن تىكىش (خىياتىت مەدفۇنە)؛ ② چوڭقۇر تىكىش (خىياتىت غائىرە)؛ ③

يۇزلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ تىكىش (خىياتىت سەتھىيە).

ئىچىدىن تىكىش: بۇ كۈنلەردە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ، چۈنكى بەزىدە جاراھەت يات ماددىلار بىلەن تىكىلىدۇ، بىرەر خەتەرسىز ھالەتتە توقۇلمىلارنىڭ ئىچىدە قويۇپ قويۇلىدۇ، ئۇ يات ماددا ۋە جاراھەت ئىككىسى پاك بولغان شەرت ئاستىدا. ئىچىدىن تىكىشتە بىرەر تۈردىكى يىپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق تاللاش لازىم، مەسىلەن: يىپنىڭ تۇرۇش ياكى سۈمۈرۈلۈشىگە ئاساسەن ئەگەر تىكمەكچى بولغان بۆلەك زىيادە كۈچلۈك بولمىسا ۋە جاراھەت ئورنى تەمەددۇد سەۋەبىدىن ئېچىلىپ قالغان بولسا (بۇ قورساق دىۋارىدا ئۇنى تىلغاندىن كېيىن بولىدۇ)، سۈمۈرۈلۈپ كېتىدىغان ۋە سۈمۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان يىپ ئىشلىتىش لازىم، مەسىلەن: يىپەك ياكى يىپەك رەختنىڭ يىپى. چۈنكى پۈتكەن ئورۇندا بۇ يىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن توقۇلمىنىڭ ئاجىزلىقى كۈچ بىلەن ئۆزگىرىدۇ. بۇنىمۇ ئەستە ساقلاش لازىمكى، ئەگەر كۈچەش بىلەن تىكىلسە تىكىش ئارىلىقىدىكى توقۇلمىلار بوغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭدا ئاز مۇددەتتىن كېيىن يىرىڭ پەيدا بولىدۇ، مەيلى سىرتقى تەرەپتىن ئوفۇنەت ماددىلىرى كىرمىگەن بولسىمۇ. باشقا ھالەتلەردە بەزىدە ئىچىدىن تىكىشتىكى مەقسەت شۇكى، توقۇلمىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئاز مۇددەتكىچە تۇرغۇزۇش تاكى ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا تەبىئىي بىرلىشىش بولسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك تېز مۇمكىن بولسا، يىپلارنى ئېلىۋېتىش، مەسىلەن: ئەگەر بويۇندىكى كۆپۈشكەن قالغانىبەز چىقىرىۋېتىلگەندە، كېسىلگەن توقۇلمىلارنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن تىكىلىدۇ، شۇنىڭدەك كېسىلگەن نېرۋىنىڭ ئىككى ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىنچىكە يىپ ئىنتايىن ياخشىدۇر، بۇ يىپ پاكىز قىلىنغان بولسۇن.

چوڭقۇر تىكىش: چوڭقۇر تىكىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بۇ ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالىدۇكى، جاراھەت گىرۋىكى تەمەددۇد سەۋەبىدىن يىراقلاپ كەتكەندە ھەممە ئۇنىڭ بىرلىشىشى بۇ سەۋەپتىن قىيىن بولىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن توم يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدۇ ھەممە يىڭنە جاراھەت گىرۋىكىدىن بىر - بىر يېرىم قىرات ئارىلىق قالدۇرۇپ كىرگۈزۈلىدۇ ۋە بەزىدە كۈمۈش سىم ئىشلىتىلىدۇ. تېرە ئۈستىگە قوغۇشۇن پارچىسى قويۇلىدۇ، كۈمۈش سىمنىڭ ئۇچى كۆپۈشكەن جاراھەت گىرۋىكىدە تۈگۈنچىلىنىدۇ. چوڭقۇر تىكىشتە ئىشلەتكەن نەرسە ئومۇمەن ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقىرىۋېتىلىدۇ.

يۇزلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ تىكىش: بۇ تۈردىكى تىكىشتە بۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش زۆرۈركى، تىككەندە جاراھەت گىرۋىكى بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلەشسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئادەتتىن تاشقىرى تەمەددۇد ۋە بېسىم پەيدا بولمىسۇن، تېرە ئېگىلىپ ئىچى تەرەپكە كەتمىسۇن. بۇنىڭ

ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللىرى بار.

(1) ئۈزۈپ تىكىش: بۇ تۈردىكى تىكىشتە ھەربىر تىكىك ئايرىم بولىدۇ، تۈگۈنچە جاراھەتنىڭ بىر تەرىپىگە قىلىنىدۇ، بۇ ئۇسۇل ئومۇمەن جاراھەت تەكشى شەكىلدە بولمىسا ياكى ئۇنىڭدا تەمەددۇد بولسا قوللىنىلىدۇ.

(2) ئۇلاپ تىكىش: بۇنىڭدا يىپ بىر ئورۇندىن چىقىرىلىپ يەنە بىر ئورۇنغا مۇشۇنداق كىرگۈزۈلىدۇكى، سىرتقى يۈزىدە يىپنىڭ يۆنىلىشى قىيپاش تۇرىدۇ ۋە جاراھەتنىڭ ئىككى ئۇچىدا تۈگۈنچىلىنىدۇ، بۇ تۈردىكى تىكىش ئۇسۇلى ياخشى ئەمەستۇر.

(3) يۆگەپ تىكىش: بۇ ئۇلاپ تىكىشنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ كېڭەيگۈچى جاراھەت ياكى تۆشۈكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى تۆشۈكتە يىپ مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈلىدۇكى، يىڭنە جاراھەت گىرۋىكى ئاستىدىن ئۈستىگە چىققاندا، ئارقىسىدىكى يىپ ئاستىدىن مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈلىدۇكى، ھەربىر تىكىشنى توختاتقاندىن كېيىن زەخىمنىڭ گىرۋەكلىرى بىلەن بولۇڭ شەكىللەندۈرىدۇ ۋە بۇ يىپ ھەربىر توختاش ئارىلىقىدا جاراھەتنىڭ بىر تەرىپىدە بولىدۇ، ئۇ جاراھەت گىرۋىكىگە نىسبەتەن پاراللېل بولىدۇ.

(4) تېرە ئىچىدىن تىكىش: جاراھەتنىڭ گىرۋەكلىرىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەندە ۋە بىرلەشكەندىن كېيىن، ئىز ناھايىتى ئاز قېلىش مەقسەت قىلىنغاندا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۈز ۋە بويۇننىڭ جاراھەتلىرىدە قىلىنىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە دەسلەپتە بۇ زۆرۈركى ئىچىدىن تىكىش ئارقىلىق، چوڭقۇر توقۇلمىلار بىرلەشتۈرۈلىدۇ، تاكى جاراھەتنىڭ گىرۋەكلىرى يېقىن كەلگۈچە. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىنچىكە يىپەك يىپ ياكى كۈمۈشنىڭ ئىنچىكە سىمى ۋە كىچىك تۈز يىڭنە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى تىكىشتە يىڭنە پەقەت يۈزەكى تېرە ئاستىدىكى تېرە جەۋھىرىگە كىرگۈزۈلىدۇ، بۇ تېرە يۈزى بىلەن پاراللېل ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە كىرىش نۇقتىسىدىن بەشتىن ئۈچ قىراتتىن كەم بولغان ئارىلىقتىن يىڭنە چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇ توقۇلمىدىن مۇشۇنداق يېرىم ئايسىمان بۆلەك ئالىدۇ. يەنە مۇشۇنىڭدەك جاراھەتنىڭ قارشى تەرىپىگە قىلىنىدۇ، جاراھەتنىڭ يەنە بىر بېشىغىچە تەدرىجىي بۇ ئەمەل داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا يىپنىڭ ئىككى ئۇچى كۈچەپ تارتىپ ئۇزۇن قويۇلىدۇ، ئەگەر يىپنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندا بىر بېشى كېسىۋېتىلىدۇ ۋە يەنە بىر بېشى تارتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىپ ناھايىتى تېز ئاغرىقسىز چىقىدۇ.

4. جاراھەت زەخىم ماددىلىرىنى ئاققۇزۇش: جاراھەت ماددىلىرىنى ئاققۇزۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، قان ياكى ھۆللۈك قويۇلۇش بىلەن جاراھەتتە غىدىقلىنىش، تەمەددۇد پەيدا قىلماسلىق. تويۇقسىز ھادىسىلەردىن بولغان جاراھەتتە يەرلىك

ئورۇنى مىكروبسىزلاندۇرۇش ۋە قاناشنى توختىتىش شۈبھىلىك بولىدۇ ياكى بۇ جايدىكى توقۇلمىلار ناھايىتى زىيادە جاراھەتلەنگەن ۋە يېرىلغان بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ مۇناسىپ بولىدۇكى، 24 ~ 48 سائەتكىچە جاراھەتنىڭ ئىچىگە رېزىنكە نەيچە كىرگۈزۈلىدۇ، ماددىلارنىڭ ئېقىشى ئۈچۈن رېزىنكە نەيچە يېتەرلىكتۇر. جاراھەت يۈزىگە مۇۋاپىق قىلىپ ئۇنىڭ بېشى كېسىلىدۇ ۋە دەسلەپتە جاراھەتنىڭ گىرۋەكلىرى بىلەن بۇ تىكىلىدۇكى، بۇ ئىچى ياكى سىرتىغا كەتمىسۇن، ئاخىرقى دەرىجىلەردە بىر زۆرۈرىيەت بولسا، نەيچە تېڭىق بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ، تاكى نەيچە تېيىلىپ زەخىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمىسۇن، كىچىك جاراھەتلەر ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا ئاتنىڭ بىرقانچە تال قىلى يېتەرلىك بولىدۇ.

5. ئوفۇنەتتىن توسقۇچى ياكى ئوفۇنەتسىز تېڭىش: يەنى تېڭىق ئارقىلىق زەخىم ھەر تۈردىكى يېڭى غىدىقلىنىش، كۆيىشىش ۋە يېڭى ئوفۇنەتتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ.

6. جاراھەتلەنگەن ئەزانى ئارام بىلەن قويۇش: يەنى بۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ تۈردىكى سايمانلارغا زۆرۈرىيەت بولىدۇ، مەسىلەن: ياغاچ تاختىلار، تېڭىق لاتىسى قاتارلىقلار.

7. بىمارنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىغا ئېتىبار بېرىش: بۇ ناھايىتى زۆرۈر، دەستىكار قىلىشتىن ئىلگىرى سۈرگىلەر ئارقىلىق ئۈچەينى پاكىز قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن غىزا تەرتىپىنى ئېھتىيات بىلەن قائىدىلىك قىلىش لازىم، لېكىن تۇيۇقسىز ھادىسىلەردە دەستىكارغىچە مۇمكىن بولسا تېز سۈرگە بېرىش، يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكتىن چەكلەش لازىم.

كېسىلىشتىن بولغان زەخىمنىڭ پۈتۈشى: ئادەتتىكى ھالەتلەردە ئوفۇنەتسىز كېسىلگەن جاراھەت 5 ~ 7 كۈنگىچە پۈتىدۇ، لېكىن تىكىك يىپنى چىقىرىشنىڭ توغرا ۋاقتى قايسى؟ بۇ بىمارنىڭ ياش ۋە كۈچى ئېتىبارى بىلەن ۋە كېسەللەنگەن ھەمدە جاراھەتلەنگەن ئەزانىڭ تۈرى بىلەن ھەم تەمەددۇدىنىڭ كۈچلۈك، ئاجىزلىق ئېتىبارى بىلەن (بۇلار جاراھەت گىرۋەكلىرىنىڭ بىرلىشىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر) ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئادەتتىكى دەستىكار ئەمەلىيەتلىرىنىڭ جاراھەتلىرىدە (بۇ ئوفۇنەتتىن پاك بولىدۇ) ئومۇمەن سەككىزىنچى كۈنى يىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، لېكىن چىرايدىكى تىكىك يىپنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا چىقىرىۋېتىش مۇناسىپتۇر. قان تومۇرلار كۆپ بولغان ئورۇندا پۈتۈش تېز بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يىپنى چىقىرىۋېتىش بىلەن جاراھەت ئىزىمۇ كىچىك بولىدۇ.

پۈتۈشنى توختاتقۇچى نەرسىلەر: بۇ سەۋەبلەر كېسىلگەن جاراھەتنىڭ يىرىڭ پەيدا بولماي پۈتۈشنى كېچىكتۈرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۈستىدە سۆزلەنگەن بايانىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

(1) قاناشنى توختاتماسلىق.

(2) ناپاك، يات ماددا ياكى ماددىلارنىڭ جاراھەت ئىچىدە بولۇشى ۋە دەسلەپتە ئوفۇنەتكە

قارشى چارىلەرنى قىلماسلىق.

(3) جاراھەتنىڭ ئىككى گىرۋىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرمەسلىك.

(4) ماددىلارنى تولۇق ئاققۇزۇۋەتمەسلىك، بۇنىڭ بىلەن تىكىلگەن جايدا تەمەددۇد ۋە تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

(5) جاراھەتتىن كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەردىن يۇقۇملىنىش ۋە ئۇفۇنەتلىنىش.

(6) زەخىملەنگەن بۆلەكنى ئارام ئالدۇرماسلىق.

(7) ئومۇمىي بەدەنلىك ھالەتلەر، مەسىلەن: بىرەر كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن قۇۋۋىتى ھايۋانىيىنىڭ ئاجىز بولۇشى.

2. يېرىلىش ۋە ئېزىلىشتىن بولغان جاراھەت بۇ تۈردىكى جاراھەت گال سايمانلار ۋە ئېغىر جىسىملارنىڭ سەۋەبىدىن، مەسىلەن: قاتناش قۇراللىرى، ئېغىر تاش قاتارلىقلارنىڭ بېسىشىدىن كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن كارخانىلاردا ھەممىسىدىنمۇ بۇنىڭ كۆرۈلۈشى كۆپ بولىدۇ، قاتناش ئېغىر ھادىسىلىرىدە ۋە باشقىلاردا بۇ تۈردىكى جاراھەتلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر بىلەن تونۇلىدۇ:

1. قاناش: بۇنىڭدا قاناش كۆپ بولمايدۇ، مەيلى چوڭ تومۇرلار جاراھەتلەنگەن بولسۇن.

2. جاراھەت تۈرى بۇزۇلۇش دەرىجىسىگە باغلىقتۇر، لېكىن ئادەتتە بۇ تۈردىكى جاراھەتلەردە بەدەن توقۇلمىسىنىڭ يېتەرلىك تەركىبلىرى دەرھال ياكى ئاخىرىدا ئۆلىدۇ. تېرە تەرتىپسىز جاراھەتلىنىدۇ ۋە بەزىدە ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئاستىدىكى تەركىبلەر بۇزۇلىدۇ. مۇسكۇللار ۋە تارمۇشلار بەزىدە ئېچىلىپ قالىدۇ ياكى ئۈزۈلىدۇ، بەزىدە نېرۋىلار يېرىلىدۇ، سۆڭەكلەر ئېزىلىپ پارچە - پارچە بولىدۇ، بوغۇم ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ بارلىق نۇقسانغا ئۇچرىغان ئەزالار بەزى ۋاقىتلاردا چاڭ - توزان ۋە مەينەتچىلىك بىلەن يۇقۇملىنىدۇ، بۇ مايلىق ئورۇن ئۈستىگە توپلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ، ئەگەر پۇت - قوللاردىن بىرەرى كېسىلىپ يېرىلغان بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تارمۇش ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ ۋە مۇسكۇللارنىڭ قىزىل گۆشى ئۆز غىلاپلىرىدىن سىرتقا چىقىدۇ، بۇ يۇمشاق بولۇپ، قان يۇققان گۆش پارچىسى شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.

بۇ تۈردىكى جاراھەتلەرنىڭ ياخشىلىنىشى جاراھەتنىڭ يۇقۇملانغان ياكى يۇقۇملانمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇفۇنەتسىز يېرىلىشتىن بولغان جاراھەتتە بەزىدە بۇ مۇمكىن بولىدۇكى، جاراھەتنىڭ گىرۋەكلىرىنى تىكىش قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، جاراھەت گىرۋىكى بىر قەدەر ئېزىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يىرىڭ پەيدا بولماستىن جاراھەت پۈتىدۇ، گەرچە بىرئاز كېچىكسىمۇ، ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتى

ئاستىدا. ئەگەر جاراھەت ئوچۇق تۇرسا ئۆلگەن تەركىبلەر بەزىدە سۈمۈرۈلىدۇ ۋە بەزىدە يوقايدۇ، يۇقۇملانمىغان ئۈزۈمسىمان يۈز پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بىماردا ساددا قىزىتما (جاراھەتتىن بولغان بىر كۈنلۈك قىزىتما) ئىككى - ئۈچ كۈن پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ بەك كۆپ بولمايدۇ.

ئەگەر جاراھەت ئۇفۇنەتلىك ماددىلار بىلەن يۇقۇملانغان بولسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېزىلگەن ۋە ئۆلگەن توقۇلمىلار سۈمۈرۈلىدۇ، بۇ يىرىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ ۋە ئاخىرىدا جاراھەت ئىچىدە ئۈزۈمسىمان يۈز شەكىللىنىدۇ.

بۇ تۈردىكى جاراھەتلەر ئۈچۈن ئۈچ دەرىجە بايان قىلىنىدۇ.

1. ئاپەت دەرىجىسى: بۇ مېڭە زەربىسىدە بولىدۇ. ئەگەر مۇسكۇل ئاپىتى ناھايىتى كەڭ بولسا ياكى چوڭ نېرۋىلار ئېزىلگەن بولسا، بۇ زەربە ئۆتكۈر بولىدۇ.

2. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە يېيىلىش دەرىجىسى: بۇ ھالەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىق ئېتىبارى بىلەن ھەپتە ئون كۈن ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە مۇددەتكىچە تۇرىدۇ، بۇ ئەسنادا بىماردا ئوخشاش بولمىغان ئۇفۇنەتلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى، مەسىلەن: ئىككىلەمچى قاناش، قان زەھەرلىنىش، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش، جاراھەتتىن بولغان كۇزاز ۋە گانگىرېنا قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

3. پۈتۈش دەرىجىسى: بۇ ئۈزۈمسىمان توقۇلما ئارقىلىق بولىدۇ ياكى ئۇزۇن يىرىڭلاش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال ناچار بولسا، بۇ دەرىجىدە بەزىدە جۈدەتكۈچى قىزىتما ۋە كۈچ تۆۋەنلەش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش يېرىلغان ۋە ئېزىلگەن زەخمىنىڭ ئىلاجى ئۇنىڭ مەخسۇس ھالەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، مۇشۇنداق بىرەر ئومۇمىي قائىدە ئېيتىلمىغان. بۇ ھەممىسى ئۈچۈن بىردەك مۇۋاپىقتۇر، تۆۋەندە بىرقانچە ئۇسۇل سۆزلەندى.

1. دەرھال داۋالاش: بۇ تۈردىكى بارلىق زەخملەرنى ناپاك ۋە يۇقۇملانغان دەپ قاراپ، بۇ قائىدىلەرگە مۇۋاپىق داۋالاش قىلىش لازىم. بۇ ئۇفۇنەتلىك جاراھەتلەر ئۈچۈن ئېيتىلغان. يەنى ئۆلگەن ۋە نۇقسان يەتكەن بۆلەكنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ھەم زەخمىنى پاكىزلاپ، دەرھال تىكىش، دەستىكار دوختۇرى زەخم ئۇفۇنەتنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىدىن تولۇق پاك بولغان دەپ جەزملەشتۈرگەن شەرت ئاستىدا. ئەگەر بۇنىڭغا جەزم قىلغىلى بولمىسا، جاراھەتنى ئوچۇق قويۇش ۋە مۇناسىپ سايمانلار بىلەن جاراھەتنىڭ ئىچىنى تولدۇرۇش، مەسىلەن: رەخت پارچىسى، بۇ بىرەر ئۇفۇنەتكە قارشى ئېرىتمىگە چىلانغان بولسۇن. ئەگەر جاراھەت ئۇفۇنەتتىن ساقلاپ قېلىنغان بولسا، تىكىش ئەمەلىنى ئىشلىتىش لازىم.

كېيىنكى داۋالاش: بۇ جاراھەتنى تازىلاش ئۈچۈن قوللانغان چارىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئۇ غەلىبىلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن. ئەگەر جاراھەت يۇقۇملىنىش، ئۇفۇنەتتىن خالىي بولسا، بىرەر خاس نەرسىگە زۆرۈرىيەت بولمايدۇ. ئەگەر جاراھەت يۇقۇملانغان بولسا، قاندىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئازراق يېيىلىشمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە ئازادىلىك بىلەن زەخمنى ئېچىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. ئەگەر قايسى جاي يىرىڭلىغان بولسا ئازادىلىك بىلەن زەخمدىن تۆشۈك ئېچىپ ئۇنى ئاققۇزۇش، ئىلتىھابنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى قاچانغىچە تۇرسا، شۇ ۋاقىتقىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك نۇتۇل ۋە ھامامغا چۈشۈرۈش قاتارلىقلارنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش توختىغان ۋە بۇزۇلغان تەركىبلەر يوقالغان بولسا، ئۈزۈمسىمان يۈز ئارقىلىق تۇتۇشۇش بولىدۇ. بۇنىمۇ ئەستە ساقلاش لازىمكى، ئەگەر بۇزۇلغان توقۇلمىلار ئاخىرىدا ئايرىۋېتىلسە، بەزى ۋاقىتلاردا قاناش بولىدۇ، بۇ ئەسنادا بىماردا ئىششىقتىن بولغان قىزىتما داۋاملىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي بەدەنلىك ساغلاملىقى تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنىڭ بەدەن ساغلاملىقىغا تولۇق ئېتىبار بېرىش لازىم. ئەگەر جاراھەت ئىچىدە سۈزۈك ئۈزۈمسىمان يۈز شەكىللەنسە، بۇ ۋاقىتتا ساقىيىدىغان جاراھەت ۋە يارىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر جاراھەت بەك كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، بوغۇمدىن كېسىۋېتىشكە زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ. ئەگەر جاراھەت نىسبەتەن كىچىك ھەجىمدە بولسا، ئومۇمەن پۈتۈشى تېز بولىدۇ. ئەگەر ناھايىتى چوڭ ۋە تەرتىپسىز شەكىلدە بولسا، خۇسۇسەن ئىچكى توقۇلمىلار كېسەللەنگەن بولسا (بۇ ئوقتىن بولغان جاراھەتلەردە بولىدۇ)، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنى داۋالاش ۋە ياخشىلاش قىيىن بولىدۇ. داۋالىغۇچىلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە بىرقانچە ئومۇمىي ئۇسۇل ۋە قائىدە بايان قىلىندى.

1. ياخشى سۈپەتلىك جاراھەت: بۇنىڭدا سىرغىما ماددىلار كەم بولىدۇ، قۇرۇق تېڭىقنىڭ ئۈزۈمسىمان يۈزگە چاپلىشىشى ياخشى بولمايدۇ، چۈنكى قۇرۇق تېڭىش بىلەن يۈز ئۈستىگە سانجىلىش ۋە غىدىقلىنىش يېتىدۇ، ماددىلارنىڭ ئېقىشىغا توسالغۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تېڭىق قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەر قېتىمدا جاراھەتنى پۈتتۈرگۈچى ماددىلار يوقىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن قىل قان تومۇرلار زەخملىنىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەڭگىل قاناشمۇ بولىدۇ. جاراھەت يۈزىنى بۇ تۈردىكى غىدىقلىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن بەزىدە جاراھەت باراۋىرىدە تازىلانغان موم سۈركەلگەن بىر پارچە رەخت چاپلىنىدۇ ۋە بەزىدە بىر پارچە رەختنى ئېلىپ، بۇنى پاكىز قىرۇتى (موم يېغى) ياكى مەلھىمى ساددە ياكى مەلھىمى كافۇرىغا يۇقتۇرۇپ يۈز ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

2. كېسەللەنگەن بۆلەكنى ئارام ئالدۇرۇش ۋە ئۇنى سىرتقى قوزغاتقۇچىلاردىن يىراق قىلىش: مەسىلەن: بۇ قوزغىلىش كېيىم قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. جەڭ زەخىملىرىنىڭ پۈتۈشىدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ سەۋەبتىن كېچىكىش كۆرۈلىدۇكى، بىمارنىڭ ناھايىتى تېز تۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ، بوغۇملارنىڭ تولۇق ھەرىكىتىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم قىلىشقا بىرەر جىرھە بولمايدۇ تاكى بوغۇم يۇمشاق ۋە مۇلايىم تۇرسۇن ھەم ئۇنىڭدا قېتىش بولمىسۇن، ئادەتتە ناھايىتى كۆپ ۋە قائىدىسىز ھەرىكەتلەندۇرۇش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، ئەزانى تاختاي بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىش لازىم.

3. نەدبە: ئاخىرىدا يىغىلىپ ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەرەپكە مەخسۇس كىرىشىش زۆرۈردۇر. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، زەخىملەنگەن ئەزا مۇشۇنداق ھالەتتە قويۇلىدۇ، بۇ بۇ تۈردىكى يىغىلىشنى توختىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە تەسىر قىلىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر پاچاق مۇسكۇلىدا ياكى سونجاقتا جاراھەت كۆرۈلگەن بولسا، قەدىمي قەفدائى ھالىتىدە (بۇنىڭدا سونجاق ئارقا تەرەپكە تارتىلىپ تۇرىدۇ) جاراھەت تېز پۈتىدۇ، لېكىن مۇشۇنداق جاراھەت پۈتكەندە سونجاق ئارقا تەرەپكە تارتىلغان ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. ئەگەر پۇت بۇ ھالەتتە قويۇلسا، بۇنىڭ بىلەن ئوشۇق ھەرىكىتى چەكلەنگەن بولسا، ئۇنى ياخشىلاش بەزى ۋاقىتلاردا بۇ قەدەر مۇشكۇل بولىدۇكى، ئاخىرقى نەتىجىدە دەستىكارسىز ئۇ ئەيىب يوقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈردىكى جاراھەتلەرنىڭ پۈتۈش مەزگىلىدە دەسلەپتىلا ئېھتىياتچان بولۇش زۆرۈر ۋە پۇتنى پاچاققا قارىمۇقارشى بۇلۇڭ ياساپ تۇرغۇزۇش لازىم.

نەدبە — جاراھەت ئىزىدۇر، بۇ يېڭى توقۇلما بولۇپ، جاراھەت پۈتكەن ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. قەدىمي قەفدائى — ئىنسان ئالدى پەنجىسىنى ئېگىپ ماڭىدىغان كېسەللىكتۇر.

4. بۇ ئەسنادا بۇ تىرىشچانلىقنى داۋاملاشتۇرۇش لازىمكى، ئۇ بۆلەكلەردە قاتتىقلىق يەنى ھەرىكىتىدە ئازىيىش بولمىسۇن، بۇنىڭ ساقىيىش ۋە پۈتۈش پائالىيىتىگە تەسىرى بولىدۇ. يۇقىرىقى مەزكۇر ھالەتلەرگە ئېتىبار بېرىشتە بۇ زۆرۈركى، بۇ مەزگىلدە بىمار ئۈچۈن تىنچلىق زۆرۈر بولىدۇ، ئوخشاشلا بارلىق ئەزالار ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەتلەندۇرىدۇ ۋە بىرەر بوغۇمنى زۆرۈرىيەتسىز ھەرىكەتسىز قىلماسلىق، قولنىڭ كىچىك بوغۇمى ۋە بارماقلىرىدا خۇسۇسىيىتى بىلەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇش خىيالنى تۇتۇش كېرەككى، بىلەكنىڭ جاراھەتلىرىدە ئاز ساندىلا بارماقلار ياكى باش بارماقنى تاختايغا باغلاپ قويۇش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار ئۇنى ھەرىكەتلەندۇرۇشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ، مەيلى بۇنىڭ بىلەن بىمارغا ئاغرىقنىڭ يېقىمسىزلىقى يەتسىمۇ. دەسلەپتە ئازراقتىن كىرىشىش بىلەن ئاخىرىدا ناھايىتى پايدا ھاسىل بولىدۇ ۋە بوغۇمدا قاتتىقلىق پەيدا بولۇشتىن توختايدۇ، بىرەر ئەزا (مەسىلەن: قول ۋە پۇت) نىڭ ھەرىكىتى

توسالغۇغا ئۇچرىغان بۆلىكى. ئەگەر ئۇۋۇلانسا ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتى داۋاملاشتۇرۇلسا، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەزانىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشى تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈش پائالىيەتلىرىگە ياردەملىرى يېتىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىدىمۇ تەرەققىي قىلىش ھاسىل بولىدۇ.

كېسىش مەسىلىسى: يېرىلغان جاراھەتلەرنىڭ ئۆتكۈر تۈرلىرىدە ئەزانى كېسىۋېتىش مەسىلىسى چوقۇم پەيدا بولىدۇ، قانداق چاغدا كېسىۋېتىش، قانداق چاغدا كەسمەسلىك بۇ بىر مەسىلىدۇر. بۇ توغرىدا بىرقانچە ئومۇمىي ئۇسۇل ئېيتىلدى. بۇنىڭغا دەسلەپتە ئېتىبار قىلىش زۆرۈردۇر.

1. بىمارنىڭ يېشى ۋە ئۇنىڭ كۈچى: ياشانغانلاردا ياشلارغا قارىغاندا پۈتۈش كۈچى چوقۇم ئاز بولىدۇ، شۇڭا بۇ كېسەللەنگەن ئەزا ياشلىق مەزگىلدە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياشانغانلاردا كېسىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، ياشقا نىسبەتەن چوقۇم كۈچنىڭ ئەھمىيىتى كۆپ بولىدۇ، بەزى كىشىلەر 60 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، 40 ياشلىق كىشىلەردىن زىيادە ساغلام ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭدەك بىمارنىڭ ئادەتلىرى، مەسىلەن: شارابخورلۇق قاتارلىقلار ۋە باشقا ئومۇمىي كېسەللىكلەر، مەسىلەن: زىيابېتۇس ياكى ئاقسىللىق سىيدۈك قاتارلىقلارنىمۇ ئويلاش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈنكى بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ ئادەتلەر ۋە كېسەللەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى كېسىش ئەمىلىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

2. زەخىملەنگەن ئەزا ياكى زەخىملەنگەن پۇت - قوللارنىڭ كۈچى: بىلەككە قارىغاندا پاچاق كۆپرەك قۇربان قىلىنىدۇ، چۈنكى، قولدا پۇتقا قارىغاندا ھاياتلىق كۈچى، ساقىيىش ۋە پۈتۈش كۈچى زىيادىدۇر.

3. يۇقۇملىنىش ۋە ئوفۇنەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى: ياكى ئۇنىڭ بولماسلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئىشتۇر. ئەگەر جاراھەتنى ئوفۇنەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولسا، ئەزانى ساقلاپ قېلىش زىيادە مۇمكىندۇر.

يەرلىك ئورۇنلۇق ھالەتلەر ۋە ئالامەتلەر: بۇ كېسىش ئەمىلىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ، بىرى، بۇنىڭدا كېسىۋېتىش زۆرۈر بولىدۇ، ئىككىنچىسى، بۇنىڭدا كېسىش چوقۇم زۆرۈر ئەمەس بەلكى شۈبھىلىكتۇر.

1) كېسىش زۆرۈر بولىدىغان ھالەتلەر:

(1) بىرەر ئەزانىڭ پۈتۈنلەي ئېزىلىپ كېتىشى ياكى قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن ئۈزۈلۈپ كېتىشى ياكى بىرەر كۆيدۈرگۈچى ماددا سەۋەبىدىن بۇزۇلۇشى؛

(2) بىرەر پۈتۈن ئەزا ياكى ئۇ ئەزانىڭ بىرەر مۇكەممەل بۆلىكىنىڭ تولۇق بۇزۇلۇشى ياكى

ئېزىلىپ كېتىشى، گەرچە بۇ بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ؛

(3) ئەزادا گانگرېنا بولغان بولسا ياكى گانگرېنا بولماقچى بولسا، جۈملىدىن گانگرېنانىڭ كېڭەيگۈچى تۈرى بولسا؛

(4) ئۆتكۈر ئوفۇنەت ئالامەتلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشى، بۇ ھالەتتە ئەزانى ساقلاپ قېلىشنىڭ دەسلەپتە ئېھتىمالى بولسا، ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىمۇ كېسىش زۆرۈر بولىدۇ، يەنى كونىرىغان قانغا يىرىڭ قوشۇلۇش بولغاندا.

2) تۆۋەندىكىدەك ھالەتلەردە كېسىش شۈبھىلىكتۇر:

(1) سۆڭەكلەر پارچىلانغان ئوچۇق سۇنۇقلار پۇتتىن باشقا بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىدە بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بەك زىيادە كېڭەيمىگەن بولسا كەسمەسلىك، لېكىن تولۇق كىرىشىش بىلەن ئۇنى پاك (يۇقۇملىنىشسىز، ئوفۇنەتسىز) تۇتۇشقا تىرىشىش، ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش، سۆڭەكلەرنىڭ سۇنغان پارچىلىرى ۋە يات نەرسىلەرنى جاراھەتتىن چىقىرىۋېتىش، بۇ ئومۇمەن بىھوش قىلىشتىن كېيىنلا مۇمكىن بولىدىغان ئەمەلدۇر، ئۇلار بىلەن ئەزالارنى پەقەت ساقلاپ قالغىلى بولماستىن، بەلكى كۈچلۈك پائالىيەتلىرىنى ئورۇندىشىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. كېسىش ئەمىلىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتىكى ئاخىرقى بېكىتىش كۆپرەك بىمارنىڭ يېشى، ھالىتى ۋە ئىلگىرىكى ئادەتلىرىگە باغلىق بولىدۇ.

سۆڭەكلەر پارچىلانغان ئوچۇق سۇنۇق سۆڭەكنىڭ پارچە - پارچە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭمۇ جاراھەتلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) يۇمشاق توقۇلمىلارغا ئۆتكۈر ئاپەتنىڭ يېتىشى ۋە ئۇنىڭ سۆڭەكلەردىن يىراقلارغىچە ئايرىلىشى، مەسىلەن: بىلەك مۇسكۇللىرى تۇيۇقسىز بىرەر نەرسە بىلەن كېسىلسە، بۇ ھالەتتە كېسىش ئەمىلىنى قىلىش زۆرۈر ئەمەس. بەلكى بۇ ئەزا مۇشۇنداق ھالەتتە ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇ توقۇلمىلار (مۇسكۇللار) نى ئۆز ئورنىغا قايتۇرغىلى بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتى ھايۋانىيىسىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئېھتىمالى غالىب بولۇش، ئەزادىكى جاراھەت ساقايغاندىن كېيىن ئىشقا كېلىش ئۈمىدى بولغان شەرت ئاستىدا. بەزى ۋاقىتلاردا نېرۋىلارنىڭ كېسەللىنىشى بىلەن ئەزا ئىشقا كەلمەيدۇ. دەستىكارچىنىڭ بۇ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇركى، ئۇ بۇ ئىككى سۆز توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ، ئەگەر ئەزانى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشچانلىق قىلىنسا، قانداق خەتەرلەر كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ساقلاپ قېلىنسا، ئەزا بىمار ئۈچۈن قانچىلىك ئىشقا كېلىدۇ.

(3) بىرەر ئەزانىڭ چوڭ قىزىل قان تومۇرىنىڭ كېسىلىپ يېرىلىشىدە كېسىش ئەمىلى زۆرۈر بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن سۆڭەكلەر، كۆك قان تومۇرلار ياكى نېرۋىلار ئوزۇقلىنالماي زەخىملەنسە، جۈملىدىن بۇ ھالەت تۆۋەنكى مۈچىلەردە كۆرۈلسە ۋە بىمار ياشانغان

بولسا، كېچىكتۈرمەستىن كېسىش لازىم.

3. تېشىلىشتىن بولغان جاراھەت (يەنى نەيزىلەرنىڭ زەخمىسى): بۇ تۈردىكى زەخىم تەشكۈچى (ئىنچىكە، ئۇچلۇق) قوراللارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: يىڭنە، نەيزە، بىگىز (دىرەپشە)، مۈڭگۈز، كەرەچ قاتارلىقلار. بۇ تۈردىكى زەخىملەردە بەزى ۋاقىتلاردا سىرتتىن قارىغاندا تۆشۈك يوقتەك كۆرۈنىشمۇ، لېكىن ئىچىدىكى ئاپەت ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، چۈنكى ئىچىدىكى ۋە چوڭقۇر قىسمىدىكى توقۇلمىلار كېسەللىنىدۇ، مەسىلەن: قىل قان تومۇرلار ياكى نېرۋىلار ئۈزۈلىدۇ ياكى كۆكرەك ۋە قورساق بوشلۇقى ياكى ئۇلاردىكى ئىچكى ئەزالار تېشىلىدۇ ياكى باش سۆڭىكى تېشىلىدۇ. كېيىنكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈر ياكى يەڭگىللىكى جاراھەتنىڭ ئوفۇنەتلەنگەن ياكى ئوفۇنەتلەنمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تار، ئۇزۇن جاراھەتلەرنىڭ ماددىلىرىنىڭ ئېقىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىيىن بولىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يىرىڭ بۇ يەرگە يىغىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

خەنجەرسىمان مۈڭگۈز بىلەن بۇ زەخىم يېتىدۇ، مەيلى ئۇ ھەجىم، مىقدار ۋە چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئۆتكۈر بولسۇن. ئۇنى تولدۇرۇش ئومۇمەن بەك قىيىن بولمايدۇكى، ئۈچ بۇرجەكلىك مۈڭگۈزدىن بولغان زەخىملىرىنى تولدۇرۇشقا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۈچ ئىز بولىدۇ.

داۋالاش تېشىلىشتىن بولغان جاراھەتلەرنى داۋالاش پرىنسىپى بۇكى، جاراھەتنى ئوبدان تازىلاش، ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تېرىدىكى تۆشۈكنى پۈتتۈرۈپ قويماسلىق، تاكى قالغان مەينەتچىلىكنىڭ سىرغىپ چىقىشى پۈتكۈچە توختاپ قالمىسۇن. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، باشقا تۆۋەنرەك ئورۇنغا يەنە بىر تۆشۈك ئېچىش، ئەگەر ئۆتكۈر قاناش بولسا ياكى بىرەر ئورۇندا پالەچ ۋە ئىسترخا كۆرۈلسە، قان تومۇر ۋە نېرۋىلارنىڭ كېسىلىشىنىڭ ئالامىتى بولسا، دەرھال زەخمىنى ئېچىپ قان تومۇر ۋە نېرۋىلارنى ئاشكارا قىلىپ، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىش لازىم.

تېشىلىشتىن بولغان زەخىم ئومۇمەن يىڭنىلەرنىڭ سانجىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۇنۇپ بەدەننىڭ ئىچىدە قېپقالىدۇ. ئەگەر قول، پۇت، تىز ۋە يانپاشتا مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ھالەت كۆرۈلسە، يىڭنىنى دەرھال چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىش لازىم. بۇ بەزى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ئاددىي ۋە ئاسان بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا مۈشكۈل بولۇپ، يېرىشقا زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ. ئەگەر بەدەندىن يىڭنىلەر چىقمىسا، بەزىدە مۇسكۇل ۋە پەي (قورساق ئورىغۇچى پەردىسى) يۈزلىرىدىن ئۆتۈپ قەيەردىن قەيەرگە چىققانلىقى ۋە قەيەرگە بېرىپ توختىغانلىقى ياكى سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقىلى بولمىسا، قاچانغىچە بەدەن ئىچىدە

تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئېنىق بولىدۇكى، بۇ بەزى ۋاقىتلاردا بۆرەك خالتىلىرىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە بۇ يەرگە بېرىپ بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش مەركەزلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراق تەركىبلىرى جۇغلىنىشقا باشلايدۇ.

تېشىلىشتىن بولغان زەخىم: بۇ بېلىقنىڭ ئەگرى قىلتىرىقلىرىدىن شەكىللىنىدۇ، بۇ ناھايىتى ئاغرىيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تىكەنسىمان بېشى توقۇلمىلارغا سانجىلىپ، ئۇ يەردە ئورۇنلىشىۋالىدۇ ۋە ئۇنى چىقىرىش زەخىمنى ناھايىتى زىيادە ئاچمىغىچە مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاددىيراق داۋالاش ئۇسۇلى شۇكى، قىلتىرىق زىيادە بوشاشتۇرۇلىدۇ، تاكى ئۇ باشقا ئورۇن تېرىسىدىن چىققۇچە. ھازىر بۇ جايدا تېرىگە تۆشۈك ئېچىپ، تىكەنسىمان بېشى كېسىۋېتىلىدۇ ۋە قالغان بۆلىكى ئاسانلىق بىلەن چىقىرىۋېلىنىدۇ.

تىكەن، يا ئوقى قاتارلىقلارنىڭ سانجىلىشى: ئەگەر يا ئوقى سانجىلىپ ئىچىدە قېپقالغان بولسا ئوق بېشى ئامبۇر بىلەن تۇتۇپ تارتىلىدۇ ۋە جاراھەت مۇرمەككى، كۇندۇر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ، ئەگەر تىكەن، شىشە ياكى بىرەر باشقا نەرسە سانجىلسا ۋە سايمانلار بىلەن تارتىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ چارىسى بۇكى، ئوشەق، نەرگىس پىيىزى، قومۇش يىلتىزى، ھەسەلگە ئوخشاش بوشاشتۇرغۇچى دورىلار زىمات شەكلىدە چاپلىنىدۇ، تاكى تىكەن كىرگەن ئورۇننىڭ تۆشۈكى كېڭىيىپ ۋە تىكەننىڭ چىقىشى ئوڭاي بولسۇن ياكى سۈمۈرگۈچى دورىلاردىن، مەسىلەن: زۇپتى، بەتەم يېلىمى، راتىنەج، زىراۋەندە قاتارلىق دورىلار چاپلىنىدۇ.

4. ئوقتىن بولغان جاراھەت ئوقتىن بولغان جاراھەتتە پەقەت توپ ئوقى ۋە تاپانچە ئوقى جاراھىتى كۆزدە تۇتۇلماستىن، بەلكى بۇ تۈرگە يارغۇچى توپ ئوقلىرى ۋە بومبا قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان جاراھەتلەر كىرىدۇ، كۆيدۈرگۈچى ئوق ياكى ئېتىلغان ماددىلار بىلەن پەيدا بولغان جاراھەتلەر.

ئوقتىن بولغان جاراھەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى: بۇ جاراھەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىشلار ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

(1) بىرەر تۈردىكى يارغۇچى نەرسىلەرنىڭ ئېتىلىشى؛
(2) ئۇ نەرسىنىڭ تېزلىك بىلەن كېلىشى؛
(3) ئۇنىڭ قايسى تۈردىكى سايمان بىلەن ئېتىلغانلىقى؛
(4) ئۇنىڭ قانچىلىك مۇساپىدىن ئېتىلغانلىقى؛
(5) بەدەننىڭ قايسى بۆلىكى جاراھەتلەنگەنلىكى؛
(6) ئۇ نەرسىنىڭ قانداق يۆنىلىش بىلەن كەلگەنلىكى.

1. ھازىرقى زاماندىكى زامانىۋى ئوقلار: بۇلارنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولىدۇ، ئۇنىڭ

ئىچكى يۈزىگە بۇرمىسىمان يۆنىلىشتە (مۇرەككەپ شەكىلدە) كانالچىلار ياسالغان بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئوق چۆرگىلەپ ماڭىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ئوقلار ئازراقمۇ ئۆزگەرمىدى، لېكىن سۈرئىتى تېزلەشتى.

بۈگۈنكى كۈندىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوقلىرىنىڭ ئوق باشلىرى ئومۇمەن كونۇسسىمان، ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق بولىدۇ، بۇ ساپ بولمىغان قوغۇشۇندىن ياسىلىدۇ ۋە بۇنى قاتتىق قىلىش ئۈچۈن باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر غىلاپ بولىدۇ، بۇ مىس ۋە نىكىل مۇرەككىباتىدىن ياسىلىدۇ، ئۇ ئوقلارنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولىدۇ، مەسىلەن: بەزى ئوقلارنىڭ سۈرئىتى بىر تانىيەدە 2000 قەدەم، بەزى ئوقلارنىڭ سۈرئىتى 2030 قەدەم بولىدۇ.

بۇ ئوقلاردىن پەيدا بولغان جاراھەت ئوق مۇساپىسى ۋە جاراھەتلەنگەن ئەزانىڭ تۈرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. 500 گەز ئىچىدە بولسا يۇمشاق توقۇلمىلارنى يارىدۇ، بۇ زەخىم ئۇ زەخمىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، بۇ يېرىلغۇچى ئوقلارنىڭ پارچىلىرىدىن شەكىللىنىدۇ، لېكىن بۇ مۇساپە ئۇزۇن بولسا ئوق كىرگەن جاي ۋە ئوق چىققان جاينىڭ جاراھەتلىرى ئومۇمەن پاكىز بولىدۇ ۋە ئۇنى ئېنىقلاش مۈشكۈلدۇر. ئەگەر ئوق سۆڭەك ياكى باشقا مۇھىم توقۇلمىلارغا تەگمىگەن بولسا، بىرەر چوڭ ئاپەت پەيدا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئوقنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جاراھىتى كۆپرەك تېشىلىش بولىدۇ، لېكىن بەزى ھالەتلەردە بۇ ھالەتمۇ ئۆزگىرىدۇ.

(1) ئەگمەچ كانالچىلارنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى بۇكى، ئوقتا بىر - ئىككى چۆرگىلەشمۇ پەيدا بولىدۇ، يەنى ئوقنىڭ بۇلۇڭ سېلىشتۇرمىسىدا كەڭ تەرىپىنىڭ ئايلىنىشى چوڭ دائىرىدە بولىدۇ، خۇسۇسەن ئېغىرلىق مەركىزى كەڭ تەرىپىگە يېقىن بولسا، ئوق 500 گەز ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ھەرىكەت تەدرىجىي يوقىلىدۇ ۋە ئاندىن ئۇنىڭ يۆنىلىشى تۈز بولىدۇ. ئەگەر ئوق قىسقا مۇساپىدىن كەلگەن بولسا، ئوقنىڭ بۇ قائىدىسىز ھەرىكىتى بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ناچار تۈردىكى يېرىلىش بولىدۇ، چۈنكى ئوق كىرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق ئايلانما ھالەتتە يىراققىچە بېرىشى مۇمكىن.

(2) ئوقنىڭ بىر مەخسۇس تۈرىنىڭ نامى دەم - دەمدۇر، بۇنىڭ ئۇچىدا مىس غىلاپى بولمايدۇ (بۇ يۇقىرىقى مەخسۇس تۈردە سۆزلەنگەن) ۋە قوغۇشۇنغا باشقا قاتتىق مېتاللار ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ، ئۇ ئوقلار بىلەن يۇمشاق توقۇلمىلار ناچار ھالەتتە بۇزۇلىدۇ، سۆڭەكلەر پارچە - پارچە بولىدۇ ۋە ئۇيۇل ئەزالار يېرىلىدۇ، بۇ ئوقلار كېڭەيتكۈچى بولۇپ، يارغۇچى بولمايدۇ. ئاخىرقى بايانىنىڭ خۇسۇسىيىتى پەقەت بۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئىچىگە بىرەر ماددا تولدۇرۇلىدۇ، بۇ بېسىم تەسىرىدە يېرىلىدۇ.

دەم - دەم — ھىندىستاندىكى بىر ئورۇننىڭ نامىدۇر، بۇ يەردە بۇ تۈردىكى ئوقبېشى دەسلەپتە تەييارلانغان.

بەزى ئوقلارنىڭ زەخمىسى بۇنداق قاتتىق بولمايدۇ، بۇ ئۈستىدە بايان قىلىنغان. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىدىكى جاراھەت پەيدا بولىدۇ، ئوق كىرگەن تۆشۈك ئومۇمەن كىچىك بولىدۇ ۋە ئوق چىققان تۆشۈك چوڭ، گىرۋىكى كۆپۈشكەن بولىدۇ. بۇ تۈردىكى ئوق بىلەن كىيگەن كىيىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، بۇ بۇزۇلۇش ۋە ئوفۇنەت خەتىرىنى ئاشۇرىدۇ.

2. يېرىلغۇچى ئوقلار ۋە قەنبىرە (بوم):

(1) يېرىلغۇچى ئوقلارنىڭ بىر تۈرى بۇدۇر، بۇنىڭ ئىچىگە قوغۇشۇندىن ياسالغان نۇرغۇنلىغان ئوق تولدۇرۇلغان بولىدۇ، بۇ تۈردىكى ئوقلار ئەگەر يېرىلسا ئوقلار ھەر تەرەپكە تارقايدۇ، ئۇنىڭ ھەجمى بالىلار ئوينايدىغان ئوقلارنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، بۇ ئوقلار يۇمىلاق ۋە تەكشى بولىدۇ (تاكى زېمىن ياكى بىرەر باشقا نەرسە بىلەن ئۇچراشمىغۇچە). ئۇنىڭ زەخمىسىنىڭ باشقا ئوقلارغا قارىغاندا ئۆتكۈرلۈكى ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كىيىم قاتارلىقلار بەدەن ئىچىگە ئازراق كىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئوفۇنەتلىك جاراھەتلەرنىڭ كۈچلۈك تۈرلىرى ئاز پەيدا بولىدۇ. بۇ ئوقلارنىڭ غىلاپ پارچىلىرى باشقا يارغۇچى قەنبىرە ۋە ئوقلارغا ئوخشاش تەسىر قىلىدۇ.

بوم — بۇ قەنبىرە نەماربۇخەك ۋە قەنبىلەمۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن قەنبىلە بىر ئورتاق سۆزدۇر. چۈنكى شىل ئوقمۇ قەنبىلە دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك قەنبىلە ۋە قەنبە ئىككىسىنىڭ مەنىلىرى ئۈچۈن قاپپىيەداش سۆزدۇر.

(2) يېرىلغۇچى ئوقلارنىڭ يەنە بىر تۈرى بۇدۇركى، بۇ ئوخشاش بولمىغان مېتال پارچىلىرى بىلەن تولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئوقلار يېرىلسا ھەر تەرەپكە پارچىلار قاتتىق كۈچ بىلەن تارقايدۇ، بۇ بەدەن ئىچىگە كىرىپ توقۇلمىلارنى يارىدۇ. تېرە ۋە سىرتقى يۈزگە سېلىشتۇرغاندا ئومۇمەن مۇسكۇللار ھەم ئىچكى توقۇلمىلاردا ئاپەت چوڭ بولىدۇ، مۇسكۇل تالالىرىنىڭ كېسىلىپ ئۈزۈلۈشىدىن چوڭ تۆشۈك ۋە بوشلۇقلار پەيدا بولىدۇ، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن تېرىدىكى جاراھەت ئومۇمەن كىچىكلەيدۇ، يەنى شۇنچىلىك كىچىك بولىدۇكى، مۇشۇنچىلىك تار تۆشۈكتىن مۇشۇنداق چوڭ نەرسە قانداق قىلىپ كىرگەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇسكۇللارنىڭ چوڭقۇر پەردىسىدىكى تۆشۈكلەرمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كىچىك بولۇپ، زەخىملەنگەندىن كېيىن كۆرۈش قىيىن بولىدۇ. مۇسكۇل تالالىرى ئۈزۈلۈش بىلەن بۇ بوشلۇقلار پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ بوشلۇق دەسلەپتە ئۇيۇپ قالغان قان بىلەن تولىدۇ،

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە يىرىڭ يىغىلىدۇ. بۇ مېتال پارچىلىرى ئۇستىنى قورشايدۇ، بۇ خۇسۇسىيەتلەر بۇ ۋاقىتتا زىيادە نامايان بولىدۇ، يەنى جاراھەت يولى بەدەن يۈزىگە نىسبەتەن بۆلۈك شەكىللەندۈرگەندە، لېكىن بۇنىڭ شەكلى قىيپاش بولسا، يۈزەكى توقۇلمىلار ئۆتكۈر جاراھەتلىنىدۇ، بۇ تۈردىكى جاراھەتلەردە ئوفۇنەتلىنىش تەخمىنەن ئاز كۆرۈلىدۇ.

500 ~ 600 گەز ئارىلىقچە، ئوق يېرىلىشتىن ئىلگىرى ياكى ئوق زىچ ھالەتتە (بۇ قەلئە شەكىن نامىلىق ئوقلاردا بولىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق نەرسە كەلسە، ئۇ تامامەن پارچە - پارچە بولىدۇ. ئەگەر قول ياكى پۇتقا تەگسە، ئۇنىڭ گۆش تېرىسى پارچە - پارچە بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتلەردىكى جاراھەت خەتەرلىك بولىدۇ. جاراھەت پەيدا بولغاندىن كېيىن ئازراق قان چىقىدۇ ۋە قىزىل قان تومۇرلار دەرھال يىغىلىپ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما ئاستىغا پېتىپ قالىدۇ ھەمدە قاننىڭ ئېقىشى توختايدۇ. لېكىن بەزىدە چوڭ قىزىل قان تومۇرلار يېرىلىدۇ ۋە شۇقەدەر قان چىقىدۇكى، بىمار دەرھال ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئوقنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولسا، زەربە دەسلەپكى ھالەتتىن زىيادە تېگىدۇ، گەرچە ئەزا پارچە - پارچە بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن زەخىم ناھايىتى كەڭ بولىدۇ.

ئەگەر ئوق ئازراق سوۋۇپ تەگسە، ئومۇمەن تېرە يېرىلمايدۇ، لېكىن زەربە ناھايىتى قاتتىق تېگىدۇ، شۇڭلاشقا سۆڭەكلەر سۇنىدۇ، كېسەللەنگەن ئەزادا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بۇزۇلىدۇ.

3. تاپانچا زەخمىسى: بۇنىڭ زەخمىسى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ توپ ئوقلىرىنىڭ زەخمىسى بىلەن ئوخشاش، دېيىلگەن. بۇ باشقا ئوق زەخىملىرىگە نىسبەتەن ھايات كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. يەنە بىرى، ئۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بولىدۇ.

جان ئالغۇچى زەخىم: ئومۇمەن چېكىگە، باش سۆڭىكى ئاستى، ئېغىز يولى (يەنى تاپانچا ئېغىزغا ئېتىلغان چاغدا) ۋە يۈرەك ساھەسىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ زەخىم چېكىدە بولسا، ئومۇمەن بۇ ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى كۆپىنچە ئادەم كۆپرەك ئوڭ قولىنىلا ئىشلىتىدۇ ھەم بۇ زەخىم ئومۇمەن كىچىك بولىدۇ، بۇنىڭ ئەتراپىدا كۆيگەن چاچ ۋە كۆيگەن تېرە دائىرىسى بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ دائىرە بارود رەڭگىدە بولىدۇ، ئوق سۆڭەكنى تېشىپ مېڭىنى يارىدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئوق يەنە بىر تەرەپتىن چىقىپ كەتمەيدۇ، يەنى ئوق يەنە بىر تەرەپنىڭ سۆڭىكىنى پارچىلىمايدۇ، بەلكى مېڭە ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ، بۇ بەزىدە مېڭە جەۋھىرىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ ۋە بەزىدە قېلىن پەردە ئاستىدا توختاپ قالىدۇ، ئۆلۈم ئومۇمەن تېز يۈز بەرمەيدۇ، شۇڭلاشقا، بىرەر چوڭ تومۇر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنىڭ بىلەن يېرىلمايدۇ. ئەگەر تاپانچا ئۈستۈنكى تەرەپ ئېغىز يولىغا ئېتىلسا باش سۆڭىكى تېگى تېشىلىدۇ ۋە ئومۇمەن ئۆلۈم دەرھال

يۈز بېرىدۇ. كۆپىنچە ھالەتلەردە تۆشۈك بولماستىن ئوق ئۆزى بىلەن چوقا سۆڭەكنىڭ بىر پارچىسىنى ئېلىپ چىقىدۇ.

تاپانچىنىڭ تۇيۇقسىز زەخمىسى: ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە بولىدۇ. لېكىن كىرگەن ۋە چىققان يول ئومۇمەن بىرى ئىككىنچىسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، يەنى تونۇغىلى بولىدۇ.

4. پىچاق زەخمىسى (جەروھى خەردىقات): بەزى ۋاقىتلاردا پىچاقلاردىنمۇ خەتەرلىك زەخىم پەيدا بولىدۇ، يەنى بۇ ئىنتايىن يېقىندىن ئېتىلغان چاغدا. بۇنىڭدىن يېرىلىشتىن بولغان زەخىم كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە مۇھىم ئەزالار زەخىملىنىدۇ ۋە ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ. 50 گەز ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە ئارىلىقتىن پەيدا بولغان زەخىم زىيادە خەتەرلىك بولمايدۇ. ئەگەر كۆزگە ئوخشاش بىرەر ئەزا زەخىملەنگەن بولسا ياكى قاتتىق يۇقۇملىنىش ۋە ئوفۇنەت كۆرۈلگەن بولسا ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

5. سادده كارتوس: بۇنىڭدىنمۇ مۇشۇنداق ئۆتكۈر جاراھەت ھەتتاكى ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ، ناھايىتى قىسقا ئارىلىقتىن ئوق تەگكەن شەرت ئاستىدا. بۇ ھالەتتە كېسەللەنگەن تېرە كۆيۈپ كېتىدۇ ياكى قارىدايدۇ ۋە بۇ ئورۇندا قارامتۇل داغ دائىم تۇرىدۇ، بۇ ئورۇننىڭ توقۇلمىسى بارود رەڭلىك بولىدۇ.

تېزلىك ۋە نەتىجە: تاپانچا ئوقى، توپ ئوقى ۋە يارغۇچى ئوقلارنىڭ بەزى زەخمىسى يۇقۇملانمىغان ۋە ئوفۇنەتلەنمىگەن ھالەتتە بولىدۇ. لېكىن جەڭ مەيدانىدىكى ھەربىر زەخمىنى مۇشۇنداق خىيال قىلىش لازىمكى، ئۇ چوقۇم ئوفۇنەتلىك بولىدۇ، بۇ ئوفۇنەت ۋە يۇقۇملىنىشنىڭ تۈرلىرى ۋە دەرىجىسى زەخىم تەرەققىياتىغا كۆپ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. جەڭ مەيدانىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق ۋە زېمىن ئۈستىدە مەينەتچىلىكلەر ئاز بولسا، زەخىملەردە ھاۋادىن بولغان كۇزاز، گانگرېنا ۋە باشقا ئوفۇنەتلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئازراق كۆرۈلىدۇ، ئەكسىچە بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەمخۇش، يامغۇرلۇق پەسىل بولسا، زېمىندا بۇزۇلغان، چىرىگەن ھەر خىل تۈردىكى ماددىلار كۆپ بولسا، زېمىن نەمخۇش بولسا ۋە زەخىملەنگۈچىلەرنىڭ زەخمىسى پاسكىنا كىچىر قاتارلىقلار بىلەن يۇقۇملانغان بولسا ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كېيىمى زىيادە مەينەت بولسا، يۇقىرىقى مەزكۇر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ زەخىملەنگۈچىلەرگە دەسلەپتە ياردەملەر ئۇزۇندا يەتكۈزۈلسە، يەنى زەخىملەرنىڭ ئىچىدە يۇقۇملىنىش ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالسا، نەتىجە زىيادە ناچار بولىدۇ. ئەگەر 6 ~ 12 سائەت ئىچىدە زەخىملەنگۈچىلەرنى قائىدىلىك داۋالاش باشلانسا ۋە ھالەتلىرى زىيادە ناچار بولمىسا، نەتىجە ئومۇمەن ياخشى بولىدۇ، ئوفۇنەتنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئازراق كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدە ئومۇمەن ئوفۇنەت ماددىلىرى زەخىم ئىچكى يۈزى ئەتراپىدىلا بولىدۇ ۋە

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ زامانىسمۇ بۇنىڭدىن كېيىنلا باشلىنىدۇ.

ئۇفۇنەتلەنمىگەن زەخىم تېزلىك بىلەن پۈتىدۇ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى پەقەت ئۇقنىڭ مۇھىم ياكى غەيرىي مۇھىم ئەزاغا پاتقانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر زەخىم يۇقۇملانغان بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قاندىن بولغان ئىششىقنىڭ ئۆتكۈر ياكى سۇس تۈرى پەيدا بولىدۇ. خەتەرلەر توقۇلمىلارنىڭ قايسى دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقىغا، زەخىم شەكلىنىڭ قانچىلىك قائىدىسىزلىكىگە، زەخىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە قايسى قەۋەتلەرگىچە يات ماددىنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكىگە، ئىششىقنىڭ قانچىلىك كېڭەيگەنلىكىگە ۋە قايسى مۇھىم ئەزالار بۇنىڭغا شېرىك بولغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا بەزىدە بۇ ھالەتلەر مۇشۇنداق تۈپلىنىدۇكى، خەتەرلىك ھالەتتە بولىدۇ ۋە مۇشۇنداق ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇكى بىمار ھالاك بولىدۇ.

ھەممىدىن ئىلگىرى بۇ نەرسىنىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولىدۇ، بۇ قاناش ۋە مېڭە زەربىسىدۇر. ئاز مۇددەتتىن كېيىن غەيرىي ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، بۇلاردىن ھاۋادىن بولغان كۇزاز ۋە گانگرېنا كۆپرەك بايان قىلىشقا لايىقتۇر.

داۋالاش پىرىنسىپى ئومۇمىي ئۇسۇلغا ماس قىلىنىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا جەڭ زەخىملىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن چوڭ ئەمەللەرنى قىلىشتىن ئىلگىرى دەرھال چارە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغرا كېلىپ قالىدۇ ھەمدە زەخىمنى تەكشۈرۈش ۋە چوڭ ئەمەللەر بۇ ۋاقىتتا قىلىنىدۇكى، بىمارنى جەڭ مەيدانىدىن ھەربىي دوختۇرخانىغا يۆتكىگەندە، جەڭ مەيدانىدىكى ئەڭ مۇھىم چارە ۋە تىرىشچانلىق زەخىمنى يۇقۇملىنىشتىن ساقلاش ۋە خەتەرلىك قاناشنى دەرھال توختىتىش بولۇشى لازىم.

زەخىمنى يۇقۇملىنىشتىن ساقلاشنىڭ چارىسى، پاكىز تېڭىق لاتىسى بىلەن زەخىمنى تېڭىشتۇر، پاكىز تېڭىق لاتىسى ھەربىر ئەسكەرنىڭ يېنىدا چوقۇم بولۇشى لازىم. جەڭ ھالىتىدە قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن بېسىم بېرىش كېرەك. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەر تاللىنىلىدۇ، مەسىلەن: ① ئۈزۈلۈپ كەتكەن كۆك قان تومۇر ياكى قىزىل قان تومۇر بارماق بىلەن بېسىلىدۇ؛ ② بېسىش سايمىنى بىلەن بېسىلىدۇ؛ ③ ئېلاستىك تېڭىق لاتىسى بىلەن تېڭىلىدۇ؛ ④ ئەگەر بۇنداق سايمانلار مەۋجۇت بولمىسا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پاكىز كىيىمگە تۈگۈنچە سېلىپ زەخىم ئورنى چىڭ باغلاپ قويۇلىدۇ ۋە تۈگۈنچە ئىچىگە مىشەك ياكى قىلىچنىڭ غىلاپىنى سېلىش تاكى زەخىم ئورنى ياخشى بېسىلسۇن.

ئەگەر سۆڭەك سۇنغان بولسا، ئوق، قىلىچنىڭ غىلاپى (بۇ ھەر ۋاقىت تېپىلىدۇ)، تاختاي قاتارلىقلارنى تەييارلاپ ئەزا تېڭىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار ئارام ۋە راھەت بىلەن شىپاخانىغا

ئاپىرىلىدۇ.

ئەسكەرنى ھەربىي شىپاخانىدا داۋالاش: ئەسكەر شىپاخانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، زەخىم ئوبدان تەكشۈرۈپ تازىلىنىدۇ ھەم يات ماددىلار، مەسىلەن: ئوق قاتارلىقلار چىقىرىۋېتىلىدۇ ۋە ئۈزۈلگەن تومۇرلار باغلىنىدۇ. ئەگەر ئوق بەك چوڭقۇرلۇققا مېڭىپ كېتىپ، ئاسانلىق بىلەن تاپقىلى بولمىسا، بۇ ئورۇننى نۇر ئارقىلىق ياكى باشقا خاس سايمانلار، مەسىلەن: مەسبىر خەزىتى ئارقىلىق ئېنىقلاش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن نوقۇت چاپلانغان بولىدۇ. بۇنى زەخىمگە كىرگۈزسەك قوغۇشۇننىڭ قارا ئىزى نوقۇتتا يۇقىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى سۇلائىلار پارقىراق بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئوق بىلەن تېگىشسە، بىر ئاۋاز پەيدا بولىدۇ، بۇ مەسبىر بەرقى ياكى مەسبىر سۇفى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سۆڭەكنىڭ بىرقانچە پارچىسى بولسا بۇنى تولۇق، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ۋە سۇنغان سۆڭەكلەرنىڭ پارچىسى ئايرىلغان بولسا سىرتقا چىقىرىۋېتىش ۋە ئېھتىيات بىلەن تېڭىق تاختىسى ئىشلىتىش لازىم. بۇ دەسلەپكى كۈنلەردە سۆڭەك ناچار شەكىلدە پارچە - پارچە بولمىغان بولسا ياكى نېرۋىلار ۋە قان تومۇرلارغا ئۆتكۈر ئاپەت يەتمىگەن بولمىسا، ئومۇمەن ئەزانى كېسىۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

باش سۆڭىكىدىكى زەخىم قاتتىق كىرىشىشكە موھتاج بولىدۇ، ئەگەر ئوق كىرىپ توقۇلمىلارنى زىيادە بەربات قىلىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا، كىرىش يولى ۋە چىقىش يولىغا يۇملاق سايمان ئىشلىتىلىدۇ تاكى سۇنغان پارچىلار چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇ ئەمەل باش سۆڭىكىدە تۆشۈك شەكىللەنگەن، ئوق ئىچىگە كىرمىگەن ۋاقىتتا قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە قولغا كېلىدۇ.

قورساق زەخمىسى: بۇ كىچىك ئوقلاردىن پەيدا بولىدۇ، بۇنى داۋالاشتا ئومۇمەن ئازراق كۈتۈلىدۇ، يەنى قورساقنى دەستىكار قىلىشقا ئالدىرىماسلىق، چۈنكى نۇرغۇنلىغان بىمارنىڭ خەتەرلىك ھالەتلەرگە گىرىپتار بولغان تۇرۇقلۇق دەستىكارسىز ياخشى بولغانلىقى ئاياندۇر. بەزى ھالەتلەردە ئوق بىر تەرەپتىن كىرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ياكى ئالدى تەرەپتىن كىرىپ ئارقا تەرەپتىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار دەستىكارسىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتىكى زەخىملەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دەستىكاردىن ساقلىنىش، يەنى ئۆتكۈر زۆرۈرىيەتسىز دەستىكار قىلماسلىق لازىم. قورساقنى دەستىكار قىلىش زىيادە قىيىندۇر. جەڭ ئارىلىقى ۋە جەڭدە پاكىز سۇ، پاكىز تېڭىق لاتىسى ۋە سايمانلارنى تېپىش قىيىن بولىدۇ ھەم زەخىملەنگەن بىمار ئومۇمەن يۇقۇملانغان بولىدۇ ھەم بۇ تۈردىكى دەستىكار زىيادە ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى زەخىملەردىن قورساق زەخمىسى سەۋەبلىرى كۈچلۈك بولمىغاندا

دەستىكار قىلماسلىق، بۇ كۈچلۈك سەۋەبلەردىن بىر مۇھىم سەۋەب قورساقنىڭ قاناش سەۋەبىدىن كۆپۈشىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ ھالەتتە قورساقنىڭ بىرەر كاۋاك ئەزاسى (مەسىلەن: ئاشقازان) زەخىملەنگەن بولسا قورساقنى ئېچىش زۆرۈر بولىدۇ.

تاپانچىلاردىن بولغان زەخىم بۇنى داۋالاشمۇ يۇقىرىقى مەزكۇر ئۇسۇل ۋە قائىدە بويىچە قىلىنىدۇ. سىرتقى زەخىم ئوبدان تازىلىنىدۇ ۋە ئوقنى چىقىرىشقا تىرىشچانلىق قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئوق سىرتقى يۈزگە يېقىن بولسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر زەرەر پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى چىقىرىشنى مۇھىم بىلىش لازىم.

پۇت - قوللارنىڭ زەخىملىرى: بۇنىڭدىمۇ ئومۇمەن تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر مەخسۇس تەسىرلەر نامايان بولسا، مەسىلەن: ئۆتكۈر قاناش بولسا ياكى ئەزا بوشاپ كەتكەن بولسا (چۈنكى بۇ تەسىرلەر قان تومۇر ۋە نېرۋىلارنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر)، زەخىمنى ئېچىش ۋە بۇ جاراھەتلەرنىڭ چارىسىنى قىلىش لازىم.

باش سۆڭىكى زەخىمسى: ئومۇمەن بۇنىڭدا يەرلىك ئورۇن ئىنتايىن تولۇق تەكشۈرۈلىدۇ ۋە ئوق كىرگەن زەخىمنى كۆرۈپ، ئوق قايسى ئورۇنغا يەتكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

يۇقۇملانغان زەخىملەرنىڭ ئىلاجى بۇ ھالەتلەردە زەخىم يۇقۇملىنىدۇ، يەنى ئۇ تىكىشكە لايىق بولمايدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭغا ئوچۇق سۇنۇقمۇ شېرىك بولغان بولسا، ئومۇمەن مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن داۋالاش قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا بىرقانچە رېزىنكە نەيچىلەر زەخىم ئىچىگە قويۇلىدۇ، ئۇ نەيچىلەرنىڭ ئالدى بېشى پۈتەي بولۇپ، يېنىدا تۆشۈك بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئوفۇنەتكە قارشى ئېرىتمە ئۆتكۈزۈلۈپ بۇ زەخىم تازىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن تازىلىغاندىن كېيىن زەخىم تىكىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقۇملانغان زەخىم ئىلاجىنىڭ باشقا ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ.

زەھەرلىنىشتىن بولغان زەخىم بۇ مەخسۇس ئوفۇنەتلىك ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. يەنى بۇ زېمىندىكى ھاشاراتلار يەنى قۇرتلارنىڭ چېقىۋېلىشى، يىلان چېقىۋېلىش ۋە جەسەت پارچىلاشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇلاردىن زېمىندىكى ھاشاراتلار ۋە يىلان زەھىرىدىن بولغان جاراھەتلەرنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

دەستىكارچى ۋە قاسساپلاردىكى سۆگەل بەزى قاسساپلار ۋە تەشرىھ ئۈچۈن جەسەت پارچىلىغۇچىلارنىڭ بارماقلىرى ۋە بىلەكلىرى ئۈستىگە تۈگۈنچىدىن ئېگىز ياكى ئۇرۇقچەسىمان سۆگەل پەيدا بولىدۇ. بۇ چوقۇم سىل ماددىسىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. بۇنى داۋالاش بۇكى، ئۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ياكى سۆگەل ئۈستىگە ئۆتكۈر داغلىغۇچىلارنى چېپىش

لازىم.

جەسەت پارچىلىغۇچىلاردىكى زەخىم (جەرۇھى تەشرىھىيە) بۇ زەخىم جەسەت پارچىلىغاندا يۇقىدۇ، مەيلى بۇ تەشرىھ قىلىش مەقسىتى بىلەن بولسۇن ياكى ئۆلۈمدىن كېيىنكى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جەسەت پارچىلىغاندا بولسۇن، بۇ زەخىم يۇقىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ: ① يەرلىك ئورۇنلۇق ئالامەت، مەسىلەن: مۇدۇر - چاقا، چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق ياكى قاندىن بولغان كېڭەيگۈچى ئىششىق؛② ئومۇمىي بەدەنلىك ئالامەت، مەسىلەن: قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى (قاننىڭ بۇزۇلۇشى). جۈملىدىن ھاياتلىق دەۋرىدە ئۆتكۈر قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى بولۇپ ئۆلۈپ قالغان بىمارنى يارغاندا، بۇنىڭ ماددىسىنىڭ دەستىكارچىدىكى زەخىمگە يېتىپ بېرىشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش مۇشۇنداق زەخىملەرنىڭ ئىلاجىدا دەرھال كىرىشىش زۆرۈرىيەتتۇر. جەسەتنىڭ كېسەللىك ماددىسىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى توختىتىش ئۈچۈن زەخىملەنگەن بارماق ئۈستىنى چىڭ باغلاش لازىم. ئەگەر زەخىم قولدا بولسا بىلەكنى باغلاش لازىم، ئاندىن كېيىن زەخىملەنگەن ئورۇننى بىرەر كۈچلۈك ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچى يۇيۇلما دورىغا بەش مىنۇتقىچە چىلاش لازىم. ئەگەر زەخىمنى بېسىپ قان چىقىرىلسا ياخشىدۇر، مۇشۇنىڭدەك ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا زەخىمنى نەشتەر بىلەن بىرئاز پاكىزلاش لازىم.

چوڭقۇر زەخىم ئەگەر زەخىم چوڭ، چوڭقۇر بولسا ۋە تاڭغاندىن كېيىنمۇ ئۈستىدىن ئىچىگىچە بىرلەشمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەرۇرى مۇلەھھىم سېپىلىدۇ. (مۇلەھھىم — زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى دېگەن مەنىدە) مەسىلەن: بۇ زەرۇر سەبرە، مۇرمەككى، كۇندۇر ۋە خۇنسىياۋشاندىن ياسالغان بولسۇن. بۇ دورىلار زەخىم ئىچىدىكى ئۇنىڭ پۈتۈشىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدىغان بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنى قۇرىتىدۇ. گۆش ۋە تاتلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، زەخىم ئەتراپىغا تىلائى نەرد، ئاق سەندەل، كاسىنە سۈيى ۋە يۇمغاقسۈت سۈيىدىن تەييار قىلىنغان زىمات چېپىلىدۇ، تاكى جاراھەت ئورنى تەرەپكە ماددا قۇيۇلمىسۇن ۋە پاختا شارچىسى ئۈستىگە قۇرۇق سەندەل يۇمشاق ئېزىپ سېپىلىدۇ. سەندەلگە باشقا ئۇسارىلەرنى ئارىلاشتۇرماي زەخىمگە چاپلاش لازىم، ئۇنداق بولمىسا زەخىم ئىچىگە ئۇسارىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ھۆللۈك تولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، قان كېمەيتىش مەقسىتى بىلەن قان ئېلىنىدۇ. مۇلەھھىم — بۇ دورىدۇر، بۇ كۆيۈشتۈرمەستىن ۋە قورۇماستىن زەخىمدە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ، ۋە زەخىم ئىچىدىكى ھۆللۈكنى چاپلاشقاق قىلىدۇ تاكى زەخىمنىڭ ئەتراپى ئۆزئارا چاپلىشىدۇ.

قانۇن ئەگەر يىرىلغان جاراھەتنى تېڭىش بىلەن زەخىم ئەتراپى بىرلەشمىسە زەخىم ئەتراپىنى تىكىش لازىم. بۇنداق ھالەت كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جاراھەت بەدەننىڭ كەڭ ئورنىدا كۆرۈلگەندە قوللىنىلىدۇ.

قانۇن ئەگەر زەخىم چوڭقۇر بولسا ۋە بىرئاز گۆش بۇنىڭدىن ئاجراپ كەتكەن بولسا ۋە ئۇنىڭ تەركىبلىرى بىرلەشمىسە، بەلكى ئوتتۇرىسىدا بىر بوشلۇق قالغان بولسا، بۇنىڭ ئىچىگە زەرداب سۇ ۋە يىرىڭ توپلىنىدۇ.

زەخىمدىكى يىرىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى: ئۇ قويۇق نەرسىدۇر، بۇ زەخىملەردىن ئاقىدۇ ۋە رەڭگى سېرىق، كۆك ياكى قارا ياكى شارابنىڭ لېيىغا ئوخشاش بولىدۇ.

مۇشۇنداق ھالەتتە زەخىملەرنىڭ ئىچىگە جۇغلاشقان ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش كۈچى بولغان ھەم زەخىمدىكى يىرىڭنى تازىلاش قۇۋۋىتى بولغان دورىلارنى ئىشلىتىشكە زۆرۈرىيەت بولىدۇ.

بۇ ئىككى كېرەكسىز ماددا (يىرىڭ ۋە زەرداپ سۇ) نىڭ توپلىنىشى ھەربىر ياردا چوقۇم بولىدۇ، مەيلى بۇنىڭدا بوشلۇق بولسۇن ياكى بولمىسۇن. چۈنكى تۆتىنچى ھەزىمدىن بۇ كېرەكسىز ماددىلار ھاسىل بولىدۇ. بۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىش (سەرپ قىلىش ۋە بەدەن تەركىبىنى ياساش) قا بۇ ئەزا قادىر بولالمايدۇ. تۆتىنچى ھەزىمنىڭ دەسلەپتىلا چىقىرىدىغان كېرەكسىز ماددىلىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى، قويۇق قىسمى بولۇپ، تېرىدە كىر شەكىللەندۈرىدۇ، يەنە بىرى، سۇيۇق قىسمى بولۇپ، بۇخاراتقا ئايلىنىپ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يەنى ئۇنىڭ غىزاسىنىڭ كۆپ بۆلىكى كېرەكسىز چىقىرىندىلارغا ئۆزگىرىدۇ، بەلكى بۇ ئەزا ئۇ كېرەكسىز چىقىرىندىلارنى ھەيدەپ چىقىرىشتىنمۇ ئاجىز بولىدۇ، بۇ ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۇ ئەزا تەرەپكە بارىدۇ.

بۇ دورىلار نورماللىقى بىلەن بۇنىڭغا مەنپەئەتلىكتۇر. كۈندۈر، سەبرە، زىراۋەندە، كۈمۈش چىلىندان، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، تۇتىيا قاتارلىقلارنى موم ۋە ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرماستىن، بەلكى سېپىپ ئىشلىتىش لازىم. بۇ زەخىمنى تېڭىشنى چوڭقۇر ئورۇندىن باشلاش ۋە چىڭ تېڭىش لازىم. تاكى ئۇنىڭ ئىككى گىرۋەكلىرى، چوڭقۇر ئورۇنلىرىمۇ ئىمكانقەدەر بىرلەشسۇن. تاكى بۇ جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورا (بۇ زەخىم ئۈستىگە سېپىلىدۇ) زەخىم ئۈستىدە ئوبدان تۇرسۇن تاكى زەخمە ئوبدان بېسىلىپ سىقىلسۇن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە يىرىڭ، سۇ قالمىسۇن، بەلكى بۇنىڭ بىلەن تارتىلىپ زەخىم ئېغىزى ئۈستىگە كەلسۇن.

ئاندىن كېيىن زەخىم ئەتراپىدىكى تېڭىقنى بوشاتماسلىق لازىم. تاكى سۇ ئاسانلىق بىلەن ئېقىپ تۇرسۇن.

ئەزانى مۇشۇنداق شەكىلدە قويۇش لازىمكى، زەرداب سۇ (زەرداب ياكى زەخىمنىڭ سۈيى)

ھەمىشە ئاسانلىقچە ئېقىپ تۇرسۇن يەنى ئۇنىڭ ئىچىدە توختاپ قالمىسۇن. زەخىمنىڭ ئاغزىنى ئاستى تەرەپكە ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۈستى تەرەپكە قويۇش، تاكى زەرداب سۇ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن ئاستىغا ئېقىپ تۇرسۇن.

جالىنۇس ئېيتقانكى، مەن مۇشۇنداق جاراھەتنى ياخشىلىغان، بۇنىڭدا جاراھەتنىڭ ئېغىزى يوتىدا بولۇپ، تىزغىچە چوڭقۇرلىغان ئىدى. مەن جاراھەتنىڭ ئېغىزىنى ئاستى تەرەپكە قىلىپ تۇرغۇزدۇم، شۇنىڭدەك بىلەك ۋە ئالقان جاراھەتلىرىنىمۇ مۇشۇنداق تۇرغۇزدۇمكى، ئېغىزى ھەمىشە ئاستى تەرەپتە تۇردى.

ھەمىشە كونا پاختا بىلەن زەخىم تولدۇرۇپ پاكىزلىنىدۇ. تاكى پاختا سۇ ۋە يىرىڭنى سۈمۈرۈپ تازىلايدۇ، ئاندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن زەرۇرات ۋە مەلھەملەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ گۆش ئۈندۈرگۈچى بولسۇن.

مۇنبىتى لەھمى (گۆش ئۈندۈرگۈچى) بۇ دورىلارغا ئېيتىلىدۇ، بۇ زەخىم تەرەپكە كەلگۈچى قاننى قۇرۇتۇپ توپلايدۇ. گۆش ئۈنگەندىن كېيىن زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى ۋە قاقاچنى قاتۇرغۇچى دورىلار بىلەن داۋالىنىلىدۇ.

قاقاچ قاتۇرغۇچى (ئەدۋىيە خاتىمە) دورىلار زەخىم يۈزىنى قۇرۇق ۋە قاتتىق قىلغۇچى دورىلاردۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە قېلىن قاقاچ پەيدا بولىدۇ ۋە تېرە ئۈنگىچە ئۇنى باشقا ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ. مەسىلەن: مەدەستان، كۆيدۈرۈلگەن مۈڭگۈز، سەۋسەن يوپۇرمىقى، ھېلىلە، موزا، ئانار گۈلى، زەرچۇبە، سەبرە ۋە بۇ تۈردىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى، ئۆتكۈرلۈكى بولمىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورىلار بەدەننىڭ نازۇكلۇق ۋە قاتتىقلىق ئېتىبارى بىلەن ئاز ياكى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش نازۇك بەدەنلەرگە پەقەت مۇشۇنداق دورىلار يېتەرلىك. بۇ ئازراق قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ ئەسلىي ھالەت تەرەپ (بۇ ئىلگىرىدىنلا يۇمشاق ۋە ھۆل بولىدۇ) كە قايتۇرىدۇ، مەسىلەن: مەدەستان ۋە كۆيدۈرۈلگەن سىنك. دېھقانلارنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش چىدامىلىق بەدەنلەرگە ئىنتايىن قۇرۇق دورىلارنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، بۇ ئەزالاردا قۇرۇقلۇق ۋە قېتىش پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: موزا، ئانارگۈلى ۋە سەبرە قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

مۇرەككەپ زەخىم: ئەگەر زەخىمگە باشقا كېسەللىكلەر قوشۇلۇپ كەلسە، مەسىلەن: ئۇنىڭغا مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ماددىلار كۆپ بولۇش قوشۇلۇپ كەلسە ئىششىق بولسا، سۆڭەك سۇنغان بولسا، تومۇرلار ياكى نېرىپ كېسىلگەن بولسا ياكى باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولسا، مەسىلەن: ئۆتكۈر ئاغرىق بولۇپ مۇسكۇل بۇزۇلغان بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالاش تەرەپكە كىرىشىش ھەممىدە دەسلەپتە ئۇنى يوقىتىش لازىم.

مەسىلەن: ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، دەسلەپتە مىزاج بۇزۇلۇش يوقىتىلىدۇ. چۈنكى مىزاج بۇزۇلغان ھالەتتە ئەزا تەرەپكە بارغان غىزا بۇزۇلۇپ كېرەكسىز چىقىرىندىلارغا ئۆزگىرىدۇ، چۈنكى ئەزا ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئۇنى سەرپ قىلالمايدۇ.

ئەگەر ماددا كۆپ بولسا، ئۇ ئازايتىلىدۇ. چۈنكى كۆپلۈك قانداقلا سەۋەبتىن بولسۇن ھۆللۈك سەۋەبىدىن زەخىمنىڭ پۈتىشىدە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق بولسا ئىششىقنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

سۆڭەك سۇنغان بولسا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. چۈنكى سۇنغان سۆڭەك بىرلەشمىگۈچە زەخىم لەۋلىرىنىڭ بىرلىشىشى مۇمكىن بولمايدۇ. قاناش بولسا، ئۇ توختىتىلىدۇ. چۈنكى بىرەر ئورۇندىن قاننىڭ ئېقىشى ھۆللۈك پەيدا قىلىپ، زەخىمنىڭ پۈتۈشىگە توسالغۇ بولىدۇ ۋە ئەزادا ئاجىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر نېرۋا ئۈزۈلگەن بولسا ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ئۆتكۈر بولسا، ئاغرىقتا تىنچلىق پەيدا قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاغرىقتىن بەدەن تەبىئىتى چارە قىلىشتىن توختايدۇ، ھەم زەخىم پۈتتۈرىدىغان دورىلارنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، ھەم ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىمۇ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر بۇزۇلغان گۆش مەۋجۇت بولسا، ئۇ كېسىۋېتىلىدۇ. چۈنكى زەخىم ئىچىدىكى بۇزۇلغان گۆشمۇ ئۇنىڭ پۈتۈشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

بۇ بارلىق چارىلەر ۋە ئەمەللەرنىڭ ئىلمى ئۆز ئورنىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىشنىڭ ھالىتى شۇكى، مەست قىلغۇچى زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا تاتلىق ئانارنى شارابتا پىشۇرۇپ زىمات قىلىشمۇ خاسلىقى بىلەن ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

بۇزۇلغان گۆش ۋە ئۇنىڭ قارىدىغانلىقىنىڭ ئىلاجى شۇكى، كاسنە شاخلىرى ۋە ئاق لەيلى قاتارلىقلارغا بىنەپشە يېغى قوشۇپ، بۇزۇلۇشى توختاپ، قارىلىقى يوقالغۇچە زىمات قىلىنىدۇ. مىزاجىدا تىنچلىنىش ۋە تەڭشىلىش پەيدا قىلىنىدۇ، بۇزۇلۇش توختىغاندىن كېيىن مەلھىمى زەنگار چېپىلىدۇ.

باش زەخىمى ئەگەر زەخىم باش ئۈستىدە بولسا، ئۇنىڭ بىلەن باش سۆڭىكىمۇ سۇنغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەبرە، مۇرمەككى، كۇندۇر، خۇنسىياۋشان ۋە ئاقاقىيا قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان زەرۇرى مۇلەھھەم سېپىلىدۇ. بۇ نەرسىلەر سۆڭەكنىڭ تۇتىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

قورساق زەخىمى ئەگەر زەخىم قورساقتا بولسا ۋە ئۈچەيلەر، قورساق مايلىق پەردىسى

سىرتقا چىقىپ قالغان بولسا، ئۇنى ئىچىگە قايتۇرۇپ، قورساقنى تىكىش لازىم. چۈنكى ئۈچەيلەر دەرھال ئىچىگە كىرگۈزۈلمىسە ئۇ كۆپۈپ قېلىنلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە يەللەر پەيدا بولسا شارابنى ئىسسىتىپ، بۇنىڭدا بۇلۇتنى ھۆللەپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم. ئاندىن كېيىن بىمارنىڭ ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ مۇشۇنداق ياتقۇزۇلىدۇكى، ئۇنىڭ ئېغىزمانى ئېگىلىدۇ. يەنى ئىچكى ئۈچەيلەرنىڭ ئېغىرلىقى، سىرتقى ئۈچەيلەرنىڭ بېسىمى بىلەن يوقىلىدۇ. سىرتقا چىقىپ قالغان ئۈچەيلەر ئىچىگە كىرىدۇ. مەيلى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئېغىرلىقى بىلەن ئىچىگە كىرسۇن ياكى ئىچىدىكى ئۈچەيلەرنىڭ تارتىشىشىدىن ياكى يەڭگىل چارە - تەدبىر بىلەن بولسۇن. ياتقۇزغان ۋاقىتتا بۇنى خىيال قىلىش كېرەككى قايسى تەرەپ يېرىلغان بولسا، شۇ تەرەپنى ئېگىز قويۇش، يەنى قورساقنىڭ ئوڭ تەرىپى يېرىلغان بولسا، بىمارنى ياتقۇزغان ۋاقىتتا سول تەرەپكە ئېگىش، ئەگەر سول تەرەپ يېرىلغان بولسا ئوڭ تەرەپكە ئېگىش لازىم.

ئەگەر بۇ چارە بىلەن ئۈچەيلەر ئىچىگە كىرمىسە، يېرىلغان ئورۇننى زۆرۈرىيەتكە قاراپ كېسىپ كېڭەيتىپ، ئاندىن كېيىن ئىچىگە كىرگۈزۈپ تىكىش لازىم.

ئەگەر قورساق مايلىق پەردىسى سىرتقا چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ چارىسى دەرھال قىلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭ قارىداپ ياكى كۆكىرىپ قېلىشىدىن ئىلگىرى. يەنى ئۇنىڭ سىرتتا ئۇزۇنغىچە ئوچۇق تۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئۇنى كېچىكتۈرمەستىن ئىچىگە كىرگۈزۈپ قورساقنى تىكىش لازىم. ئەگەر دەرھال چارە قىلغىلى بولمىسا ھەمدە بۇ قارىدىغان بولسا ياكى ئۇزۇنغىچە ئوچۇق تۇرغان بولسا، قارىدىغان قىسمى كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئوفۇنەتلىنىپ باشقا نورمال تەركىبلەرنىمۇ ئوفۇنەتلەندۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن سىرتتا بىرئاز تۇرۇپ قالغان قىسمىمۇ كېسىۋېتىلىدۇ، چۈنكى بۇ سىرتتا تۇرۇش بىلەن سوغۇق بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي مىزاجىغا كەلمەيدۇ. مەيلى ئۇ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ بەلكى ئىنتايىن تېز بۇزۇلىدۇ.

لېكىن دەسلەپتە بۇ پەردىنىڭ ھەربىر چوڭ قىزىل قان تومۇرى ۋە كۆك قان تومۇرى ئىنچىكە يىپەك يىپ بىلەن باغلىنىدۇ، تاكى ئۇنىڭ كېسىلىشىدىن قاناش خەۋپى كۆرۈلمىسۇن. ئەگەر نېرۋىلار ئىششىسا تەشەننۇج پەيدا بولۇش ۋە تەشەننۇج مېڭگىچە يېتىپ بېرىش خەۋپى بولىدۇ ھەمدە بىمار ھالاك بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋادىن ساقلاپ تۇرۇلىدۇ، ئىلمان زەيتۇن يېغى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەم ئىلمان زەيتۇن يېغىغا بۇ ئەزا تولۇق غەرىق قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە مۇۋاپىق پەرپىيۇن بىلەن قىرۇتى سۈركىلىدۇ، بۇ خام زەيتۇن يېغى ياكى ئاس يېغى ياكى گۈل يېغىدىن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

خام زەيتۇن يېغى ئۇ ياغدۇر، بۇ خام زەيتۇندىن سىقىپ ئېلىنىدۇ. ئىنفاق يۇنانچە سۆز

بولۇپ، پىشمىغان زەيتۇن ئۈچۈن ۋە ھەر خىل پىشمىغان مېۋە ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغى ۋە بەتەم يېلىمى سېپىلىدۇ. بۇ ئىلاجنى بىمارنىڭ مىزاجىدا ھۆللۈك كۆپ بولغان ۋاقىتتا قىلىش لازىم، مەسىلەن: ئاياللار ۋە بالىلار.

نېرۋىلار ئىششىقى: ئەگەر نېرۋىلاردا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولسا، ماش ئۇنى، كەرسىنە تالقىنى، نوقۇت ئۇنى، ئارپا تالقىنى قاتارلىقلار سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر ھارارەت ئۆتكۈر بولسا، مىس دېتى، كۇندۇر، زەيتۇن يېغى، بەھرۇزە، موم، سىركە ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى زەمچىدىن ياسالغان مەلھەم چېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زەيتۇن يېغى ۋە سىركىگە يۇڭنى چۆكۈرۈپ قويۇلىدۇ.

بۇ مەلھەمنى ياساشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، دورىلارنى سىركىدە ئون كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا سالايە قىلىش، ئاندىن كېيىن تاش ھاۋانچىغا سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇش، ھەتتاكى ھەممىسى بىرلىشىپ بىر بولۇپ كەتسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىشكە باشلاش لازىم.

ئەگەر نېرۋىدا تەشەننۇج پەيدا بولسا، تارتىشۋالغان نېرۋا كېسىۋېتىلىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇنغا ۋە ئەتراپىدىكى باشقا ئورۇنلارغا ياغ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئومۇرتقا تۈۋرۈكى بېشى ۋە بويۇنغا بىنەپشە يېغى، ئۆردەك ۋە توخۇ ياغلىرى سۈركىلىدۇ.

ئەگەر جاراھەت بىلەن سۆڭەكمۇ سۇنغان بولسا، زىماتى جەبىر تېڭىلىدۇ. بۇنىڭ نۇسخىسى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

قانۇن ئەگەر جاراھەت ئىچىدە سۇنغان سۆڭەكنىڭ بىرەر پارچىسى بولسا زىراۋەندە مۇدەھرەج تاكى ئۇ پارچە سىرتىغا چىققۇچە زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ پارچە چىقمىسا، بۇ زەخمىنىڭ پۈتۈشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كۇندۇر ۋە مۇرمەككى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ.

ئەگەر جاراھەت ئىچىدە سۆڭەك بۇزۇلۇپ زەخمىنىڭ پۈتۈشىگە توسالغۇ پەيدا قىلغان بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى بۇكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۆش بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇ بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بوشىشىدۇ، بۇ بوشىشىش سەۋەبىدىن سۇلائى ئۇنىڭ ئىچىگە ئاسانلىقچە كىرىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە بۇزۇلغان گۆشنى سايمانلار ياكى دورىلار بىلەن پاكىز قىلىش لازىم. سۆڭەكنى ئۆتكۈر نەرسىلەر ياكى سايمانلار بىلەن شۇقەدەر قىرىش لازىمكى، سۆڭەكنىڭ ئەسلىي رەڭگى چىقسۇن. ياكى ھەرە بىلەن كېسىش ياكى ئۇشكە بىلەن تېشىش، بۇ بارلىق ئۇسۇل يارىنىڭ بابىدا سۆزلىنىدۇ. ئەگەر سۆڭەك كېسىپ چىقىرىۋېتىلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ

سۆڭەك باراۋىرىدە مۈڭگۈز پارچىسىنى قىرىپ (ياكى بىرەر ھايۋاننىڭ سۆڭەك پارچىسىنى) قويۇش لازىم.

قان تومۇر زەخمىسى ئەگەر بىرەر تومۇر ئۈزۈلۈپ كەتسە ۋە قان ئاققان بولسا سىركە ۋە گۈلابتا رەخت ھۆللەپ، بۇ ئورۇنغا بېسىلىدۇ ۋە قايسى ئورۇندىن قان ئاققان بولسا شۇ ئورۇن ئۈستىگە ئۆتكۈر سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈستى ئوتتۇرا ھال دەرىجىدە تېڭىپ قويۇلىدۇ ۋە سەمغى بەلات زىمات قىلىنىدۇ.

سەمغى بەلات نۇسخىسى: بۇ بىر مۇرەككەپ دورىدۇر، بۇ بەللۇت خالتىسىغا ئوخشاش ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ، بىر تۈرى مۇشۇنداق ياسىلىدىكى، مەرمەر تېشى سەرىش (يېلىم) بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ (سەرىش — ئەركەك كالا تېرىسىدىن ياسىلىدۇ). ئىككىنچى تۈرى مۇشۇنداق ياسىلىدىكى، سەبرە، مۇرمەككى، خۇنسىياۋشان، بەتەم يېلىمى، ئەنزىرۇت، ئەرەب يېلىمى ھەربىرى بىر ھەسسىدىن، بىخ مارجان، زەمچە ھەربىرى يېرىم ھەسسىدىن. بارلىق دورىلارنى ئەرەب يېلىمى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ بەللۇتتەك ھەب ياسىلىدۇ.

ياكى سېغىز كوزىنىڭ توپىسى زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ، بۇ كۇلالچىنىڭ قاچا پىشۇرىدىغان خۇمدىنىدىن دەرھال چىقىرىلغان بولسۇن ياكى راتىنەج زىمات قىلىنىدۇ ياكى كۇندۇر تالقىنى، سەبرە، موزا، مۇدەببەر قىلىنغان گەج تېشى، تۆگمەن توزۇندىسى، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلارنى تۇخۇم ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ توشقان تۈكى بىلەن زەخىم ئۈستىگە قويۇلىدۇ. تۆگمەن توزۇندىسى توغرىسىدا ساھىب كامىل خەۋاشىدا يازغانكى، بۇنىڭدىن مەنا ئۇنىڭ چاك - توزىنىدۇر، بۇ تۆگمەن تېشىنىڭ چاك - توزانلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.

تېڭىق تېڭىپ بىر ھەپتىگىچە يېشىلمەيدۇ. مۇشۇنىڭغىچە بۇنىڭ ئۈستىگە گۆش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ چارىلار بىلەنمۇ قان توختىمىسا، ئۆچۈرۈلگەن ھاك ۋە زەمچە بىلەن زەخىم تولدۇرۇپ تېڭىلىدۇ. بۇ ئىككى دورا داغلىغۇچىلاردۇر.

داغلىغۇچى دورا بۇ دورىغا ئېيتىلىدۇ، بۇ زەخىم ئۈستىدە قاقاچ پەيدا قىلىپ قاننى چىقىشتىن توختىتىدۇ ياكى مۇمكىن بولسا، تومۇر كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى بۇكى، بۇ يەرنىڭ تومۇرىنى يۆگىگەن تېرە ۋە گۆش ئاجرىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن تومۇر قىسقۇچ ئارقىلىق كۆتۈرۈلىدۇ. ئىككى تەرىپى يىپەك يىپ بىلەن باغلاپ كېسىلىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇن بىرلەشتۈرۈلىدۇ، تاكى ئۇنىڭ ئىككى بېشى ئۆز تەرىپىگە يىغىلسۇن. يۇقىرىقى مەزكۇر دورا بىلەن زەخىم تولدۇرۇپ تېڭىلىدۇ. تاكى ئۇنىڭ ئۈستىدە گۆش پەيدا بولۇپ، ئۇ تومۇر ئىككى تەرەپتىن توسۇلىدۇ.

ئەگەر تومۇرنى كېسىش مۇمكىن بولمىسا، ئالتۇننى ئوتتا قىزىتىپ داغلىنىدۇ، تاكى داغلاشنىڭ تەسىرى زەخىم چوڭقۇرلىقىغىچە يەتسۇن. بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئۈستىدە چوڭقۇر

ۋە قىلىن قاقاچ پەيدا بولىدۇ، بۇ ئاسانلىقچە بۇ يەردىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇزاق مۇددەتكىچە تۇرىدۇ، يەنى بۇ مۇددەتتە ئۇنىڭدا گۆش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر يەڭگىل داغلانسا بۇنىڭدىن پەقەت ئادەتتىكى ئاجىز قاقاچ پەيدا بولىدۇ ۋە ئادەتتىكىدەك سەۋەبلەردىن چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئاپەت پەيدا بولىدۇ، ئۇ دەسلەپتىكىدىن زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا داغلاش بىلەن بۇ يەرگە ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىقلىق يېتىدۇ، بۇ نۇرغۇنلىغان ماددىلارنى بۇ يەرگە تارتىپ كېلىدۇ. مەزكۇر ۋاستىلەر بىلەن قان توختىمىغان شەرت ئاستىدا.

جاراھەتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى

دەستىكار ئارقىلىق داۋالاشنىڭ ئەسلىي ئۇسۇلى شۇكى: ① ھەرقانداق ۋاقىتتا مەينەت، پاسكىنا سىرتقى جىسىملار ۋە ئوفۇنەتلىك سايمانلارنى زەخىم ئىچىگە (ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە) كىرگۈزمەسلىك؛ ② ئەگەر سىرتقى ماددىلار ۋە ئوفۇنەتلەنگەن سايمانلار زەخىمدە دەسلەپتىلا مەۋجۇت بولسا ياكى كىرگۈزۈلۈپ بولغان بولسا، ھەتتا كەڭ توقۇلمىغا زىيانلىق تەسىرى يېتىشتىن توختىتىش لازىم.

دەستىكار ئۇسۇللىرىدىن خەۋەرسىز بولۇش، يۇقۇملىنىش ۋە ئوفۇنەتنىڭ سەۋەبلىرى، ئىللەتلىرى توغرىسىدا توغرا ئىلىم بولمىغانلىق سەۋەبىدىن زەخىمدە كۆپىنچە ئوفۇنەت شۇنداق پەيدا بولىدۇكى، بىر بىمارغا ئىشلىتىلگەن يۇغۇچى ۋە بۇلۇت قاتارلىقلارنى يەنە بىر بىمارنىڭ زەخىمىسىگە ئىشلىتىش، مۇشۇنداق ھالەتتە بىر بىمارنىڭ زەخىم ماددىلىرى يەنە بىر بىمارنىڭ زەخىمىسىگە نامەلۇم شەكىلدە يۆتكىلىدۇ، خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى بىر گۈلنىڭ كۆپىيىش چاڭلىرىنى ئىككىنچى گۈلگە يۆتكىگىنىگە ئوخشاش. بۇنىڭ نەتىجىسى بۇ بولىدىكى، بۇ توقۇلما دەسلەپتە ئوفۇنەتتىن خالىي ئىدى، ئۇ ھازىر يۇقۇشتىن ئوفۇنەتلىنىدۇ ۋە يۇقۇملىنىدۇ.

ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك ئوفۇنەتنى يوق قىلغۇچى دورىلار ۋە يۇيۇلمىلارنىڭ كۆپلۈكىمۇ ماددىلارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ئوفۇنەتنىڭ يۇقۇشىغا ۋاستىلىك ياردەملەرنى قىلىدۇ، يەنى دەستىكارچىلار ياخشى نىيەت بىلەن قوللىرىنىڭ تېرىسىنى ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە ئوفۇنەتكە قارشى يۇيۇلمىلار بىلەن پاكىزلىغان بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى بۇ بولىدۇكى، ئۇنىڭ تېرىسىدە نۇرغۇنلىغان تۆت چاسا شەكىللىك، تەكشىسىز ۋە يىرىك ئويمانلار پەيدا بولىدۇ، بۇ ئويمانلارغا ئوفۇنەت ماددىلىرى چاپلىشىپ مۇشۇنداق ئورۇنلىشىدۇكى ئۇنى چىقىرىۋېتىش مۇشكۇل بولىدۇ. مۇشۇنىڭدەك بىر كېسەلنىڭ ماددىلىرىنى دەستىكارچى ۋاستىلىك ھالدا باشقىلارغا يۆتكەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر سەن ئۆزۈڭ دەستىكار قىلغان بىمارلاردا غەلىبە قازىنىشنى ئارزۇ

قىلساق قوللىنىرىڭنى بىمارنىڭ ماددىلىرى، يىرىڭ ۋە كېرەكسىز چىقىرىندى ماددىلىرىدىن ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ساقلا ۋە ئۆز تېرەڭنى يۇمشاق ۋە مۇلايىم ساقلا، مۇشۇنداق ئۇفۇنەتكە قارشى ئۆتكۈر دورىلار ۋە يۇيۇلمىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمە، بۇنىڭ بىلەن تېرىدە غىدىق پەيدا بولىدۇ ياكى بۇنى ئىشلىتىش بىلەن تېرىدە تۆشۈك پەيدا بولىدۇ، تېرە يېرىلىدۇ ۋە ئويمانلار پەيدا بولىدۇ.

دەستىكار پەلەينى كىيىش بىلەن بىر كېسەلنىڭ ماددىلىرى دەستىكارچىنىڭ تېرىسى ئارقىلىق ئىككىنچى بىمارغا يۆتكەلمەيدۇ. ئەگەر دەستىكارچى ئادەتتە ئېھتىيات قىلسا ۋە ئومۇمىي تازىلىقنى ئويلىغان بولسا، ئۇنىڭ قوللىرى ئارقىلىق باشقا بىمارلارغا يۇقۇملىنىشتىن ئۇفۇنەتنىڭ يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

زەخمىلەرنىڭ يۇقۇملىنىشى ۋە ئۇفۇنەتلىنىشىنىڭ ئىلاجىدا ھەمىشە ئىككى سۆزگە ئېتىبار بېرىش لازىم.

بىرىنچى، ساغلام توقۇلمىدا ئۇفۇنەت ماددىلىرى بىلەن كۈرەش قىلغۇچى كۈچكە ئېتىبار بېرىش.

ئىككىنچى، ئۇفۇنەت پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ زەھىرىگە ئېتىبار بېرىش.

ئەگەر دەستىكارچى زۆرۈرىيەتتىن زىيادە كىرىشىپ قېلىپ، قانىنىڭ تەركىبلىرى ۋە ئۇنىڭ زەردابىنىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرىدە بۇزۇلۇش ياكى كەملىك پەيدا قىلغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن بىمارغا پايدىنىڭ ئورنىغا نۇقسان يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەگەر دەستىكارچى قانىنىڭ تەركىبلىرى ۋە ئۇنىڭ زەردابىنىڭ تەبىئىي مۇداپىئە پائالىيىتىدە قوزغىلىش ۋە كۆپىيىش پەيدا قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلسا، بۇنىڭ بىلەن توقۇلمىغا پايدىلىق تەسىرى بولىدۇ.

بۇنىمۇ ئەستە ساقلاش لازىمكى، ئۆتكۈر ئۇفۇنەتكە قارشى دورىلار ئۇفۇنەت ماددىلىرىنى بۇزىدۇ ياكى زىيانسىز قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆتكۈر تەسىرىدىن توقۇلمىلار ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ۋە تەبىئىتى ئاجىزلايدۇ، ئۇلار زىيانلىق نەرسىلەر بىلەن ياخشى كۈرەش قىلىشقا قابىل بولالمايدۇ.

زەخمىلەرنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق ئىلاجى، ئۇفۇنەتسىزلەندۈرۈش چارىلىرى: زەخمىلەرنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالىشى ئۇفۇنەتسىزلەندۈرۈش چارىلىرى بىلەن قىلىنىدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئۇ بۇ ھالەتتە مۇمكىندۇركى، كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ تېرىسىدە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش كۆرۈلمىگەن بولسا ۋە بۇنىڭغا دەستىكارچى دەستىكار قىلىش ئەمەلىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇفۇنەتسىزلەندۈرۈش چارىلىرى ئەمەلىيەتتە پاكىزلاش ۋە تازىلاشنىڭ يۇقىرىراق شەكلىدۇر.

(1) دەسلەپتە كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ تېرىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبدان پاكىز

قىلىندۇ، دەستىكارچى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى قوللىرىنى ئوفۇنەتكە قارشى يۇيۇلمىلار ئارقىلىق ئوفۇنەت ماددىلىرىدىن پاك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا قايناق سۇ بىلەن ئوبدان يۇيۇپ پاكىزلانغان پەلەي كىيگۈزۈلىدۇ، بارلىق دەستىكار سايمانلىرى، لۆڭگە ۋە باشقا بارلىق زۆرۈر نەرسىلەر پاكىز قىلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىمكى، بىرەر ئوفۇنەتكە قارشى دورا ياكى يۇيۇلما زەخىمنىڭ يېنى ياكى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمىسۇن. چۈنكى بۇ تۈردىكى ئۆتكۈر دورىلار تېرە يۈزى ياكى زەخىم ئۈستىگە تېگىشتىن ئۇنىڭ تەبىئىي پۈتۈش پائالىيىتىدە قىيىنلىق بولىدۇ. يەنى بارلىق ئېھتىياتلار بىلەن سىرتقى ئوفۇنەتنىڭ زەخىمگە يۇقۇشىدىن ساقلىنىش لازىم.

ئادەتتىكى دەستىكار ئەمەلىيەتلىرى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۇسۇل - چارىلەر ياخشىراقتۇر. لېكىن ئۇنى بىرەر ۋايىغا يەتكەن ئوفۇنەتسىزلەندۈرۈش چارىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆپىنچە ئىككىسىنى (ئوفۇنەتسىز ۋە ئوفۇنەتسىزلەندۈرۈشنى) ئورتاق ھالەتتە ئىشلىتىش لازىم.

(2) ئوفۇنەتسىزلەندۈرۈش چارىلىرى: بۇ چارىلەردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىلار ۋە ئۆتكۈر مۇرەككەباتلارنى ئىشلىتىپ، ئوفۇنەت ماددىلىرىنى ۋەيران قىلىشتۇر. مۇشۇنداق چارىلەرگە زۆرۈرىيەت بۇ ۋاقىتتا بولىدۇكى، ئوفۇنەت ھالىتى ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ ياكى دەستىكارچىدا بۇ ئىشنىڭ خەتىرى بولىدۇكى، سىرتتىن ئوفۇنەت ماددىلىرى تۇيۇقسىز كىرىۋالغان بولىدۇ. ئومۇمەن بۈگۈنكى كۈندە بۇ چارە پەقەت ئوفۇنەتنىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولۇپ بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ ياكى بۇ گەپنىڭ كۈچلۈك ئېھتىمالى بولىدۇكى، ئۇ ئوفۇنەتلەنگەن ماددىلار زەخىم ئىچىگە كىرىپ يېقىندا مۈشكۈلاتلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىلار بۇلارنىڭ تۈرى كۆپتۇر، لېكىن قاتتىق دىققەت قىلىپ، تەلەپ بىلەن تاللىنىلىدىغىنى تۆۋەندىكىدەك ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىلاردۇر، بۇ چوقۇم ئوفۇنەت ماددىلىرىنى بەربات قىلسۇن، ئەمما تەبىئىي توقۇلمىلارغا زىيانلىق تەسىر بەرمىسۇن (قوزغاتقۇچىلىق تەسىر قىلمىسۇن ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرمىسۇن). چۈنكى توقۇلمىلارنىڭ ئۆز كۈچىمۇ ئوفۇنەت ماددىلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىدۇ (يەنى توقۇلمىلارنىڭ كۈچىمۇ ئەسلىدە ئوفۇنەتكە قارشى تەسىر تۇتىدۇ).

تۆۋەندە بىر قانچە ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىلار يېزىلدى، بۇ ئارقىمۇئارقا ئوخشاش بولمىغان داۋالاش شەكىللىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كۆك نىم يوپۇرمىقى سۈيى، كۆك نىم يوپۇرمىقى، نىم يېغى، سىماب ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى، مەسىلەن: رەسكىپور ۋە كالىي پېرمانگانات، شاراب، ئىسپىرت، سىركە، ئاش

تۇزى، تۇز سۈيى، زەنگار، تۇتىيا، سۈرمە، لوبان، ھىلڭ، كافۇر، پىننە، تاغ پىننىسى، پىننە جەۋھىرى، جۇۋىنە، جۇۋىنە جەۋھىرى، بەھرۇزە، رەۋغىنى بەھرۇزە (رەۋغىنى سەرو — رەۋغىنى تارپىن)، رال، گۈڭگۈرت سېرىقى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش چىلىندان، مەدەستان، قەنبىل، زۇپتى، نەفتى، قەتران ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى، تۈرلەنمىلىرى، سوپۇن، سېرىق زەرچىۋە، رەۋغىنى سەندەل، رەۋغىنى قەلەمپۇر، رەۋغىنى دارچىن، رەۋغىنى بىلسان، گىلۇ ۋە گىلۇئى جەۋھىرى، ئاروسە يوپۇرمىقى، ئەفسەنتىن، شەرىفى يوپۇرمىقى، قەسبۇزەرىرە، شاھتەررە ۋە كۆپلىگەن ئاچچىق يىلتىز قاتارلىقلار. ئۇلاردىن بەزى دورىلار يالغۇز ياكى باشقا دورىلار بىلەن مەلھەم شەكلىدە، بەزى دورىلار ئېرىتمە ۋە سۇيۇق شەكلىدە (يۇيۇش ئۈچۈن ياكى چېپىش ئۈچۈن) ۋە بەزى دورىلار زىمات ياكى تىلا شەكلىدە ياكى يېرىم ئۇيۇغان ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كۈنلەردە نۇرغۇنلىغان مۇرەككىباتلار تەييار قىلىنىدۇ، بۇ كۆپرەك يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلارنىڭ تۈرلەنگەن ۋە خاس كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ، بەزىسى باشقا خىمىيىۋى ئەمەللەر ئارقىلىق پەيدا قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلاردىن بەزى دورىلار قاتتىق زەھەرلىك ۋە ئىشلىتىش خەتەرلىك بولۇپ، قاتتىق ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلمىسە، پۈتۈن بەدەن ۋە بارلىق قان تومۇرلار زەھەرلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى دورىلار تېرىنى يۇيۇش ئۈچۈن، بەزى دورىلار تېڭىق سايمانلىرىنى پاكىزلاش ئۈچۈن، بەزى دورىلار دەستىكار سايمانلىرىنىڭ سىرتىغا يۇققان نەرسىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ۋە بەزى دورىلار زەخىملەرنى يۇيۇش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭدىكى ئوفۇنەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

كۆك نىم يوپۇرمىقى سۈيى: نىمنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە نىم دەرىخىنىڭ پۈتۈن تەركىبلىرى ئوفۇنەتلىك زەخىملەر ئۈچۈن تەڭداشسىز نەرسىدۇر. پاكىستان ۋە ھىندىستاندا نىم دەرىخى بىر بىباھا نېمەتتۇر، بۇ خىل دەرەخ بولغان دۆلەتلەر ياراتقۇچىغا شۈكرى قىلىش لازىم. پاسكىنا ۋە يۇقۇملانغان زەخىملەرنى يۇيۇش ئۈچۈن نىمنىڭ سۈيى چەكسىز پايدىلىق ۋە كارغا كېلىدىغان نەرسىدۇر. نىم دەرىخىنىڭ يېڭى يوپۇرماقلىرى سۇدا رەڭگى ئوبدان ئۆزگەرگەن ۋە ئۇنىڭ پۇرىقى سۇغا ئوبدان چىققانغا قەدەر ياخشى قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ، ئاندىن بۇ سۇدا زەخىم پايە (ئۈستىگە مەلھەم قويۇپ زەخمە ئۈستىگە چاپلىنىدىغان رەخت) بىلەن ياكى چوڭقۇر زەخىملەر ئىشپىرىس بىلەن يۇيۇلىدۇ.

زىماتى بەرگى نىم: نىمنىڭ يېڭى كۆك يوپۇرماقلىرىنى ئېزىپ، ئۇنىڭ سۈيى ھاسىل قىلىنىدۇ ۋە بۇ زەخىملەرگە كىرگۈزۈلىدۇ، مۇشۇنىڭدەك نىمنىڭ يېڭى يوپۇرماقلىرىنى ئېزىپ كۆپىنچە يالغۇز ۋە بەزىدە باشقا دورىلار بىلەن زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ، بۇ زەخىمنى

ئوفۇنەتتىن توختىتىدۇ ۋە مەۋجۇت بولغان ئوفۇنەتنى يوقىتىدۇ. زەخمىنىڭ يالىڭاچ يۈزلىرىگە چېپىش ئۈچۈن بۇ يوپۇرماقلارنى ئىنتايىن ئۇششاق ئېزىش لازىم، تاكى زۆرۈرىيەتسىز غىدىقلاش زەخمىگە تەسىر قىلمىسۇن. بۇ تۈردىكى زىمات قانچىلىك زىيادە يۇمشاق ۋە سىلىق بولسا، زەخىم ئۈچۈن شۇقەدەر ياخشى بولىدۇ.

نىم يوپۇرماقلىرى زەخمىنىڭ پاسكىنا ماددىلىرىنى پاكىزلىغاندىن كېيىن ئەسلىي توقۇلمىلارنى يېپىشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بەك ئۇزاق مۇددەتكىچە ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئەگەر زەخمىنىڭ پاسكىنا تەركىبلىرى ۋە بۇزۇلغان بۆلەك تازىلىنىپ يوقالسا ۋە ياخشى قىزىل يۈز كۆرۈلگەن بولسا، نىم يوپۇرمىقى زىماتىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش ياكى باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ئازايتىش، مەسىلەن: زىغىرنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، نىمنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىش لازىم. زىيادە چوڭقۇر زەخمىلەردە نىمنىڭ سۈيىنىلا يەتكۈزۈش مۇمكىن بولىدۇ، قېلىن زىماتنى ئىچىگە چاپقىلى بولمايدۇ.

رەۋغىنى نىم: زەخمىلەرنىڭ ئىچىگە تېمىتىلىدۇ، فەتىلە ئۇنىڭ بىلەن ھۆل قىلىنىپ، زەخمىلەرنىڭ ئىچىگە قويۇلىدۇ ۋە باشقا مەلھەم قاتارلىقلارمۇ قوشۇلىدۇ.

سىماب ۋە ئۇنىڭ مۇرەككىباتلىرى: مەسىلەن: رەسكىپور ۋە كالىي پېرمانگانات كىچىك قۇرتلارنى، مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئوفۇنەت ماددىلىرىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن ئاجايىپ خاس دورىدۇر، بۇ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىتمىسى بۇ تاناسىپ بىلەن تەييار قىلىنىدۇكى، بىر ھەسسە كالىي پېرمانگاناتنى مىڭدىن ئىككى مىڭ ھەسسە سۇ ياكى ئىسپىرتتا ئېرىتىلىدۇ. لېكىن سىمابنىڭ بىرىكمىلىرىدىن دەستىكار سايمانلىرى داتلىشىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىماب بىرىكمىلىرىنى ئىشلىتىش تۆمۈر سايمانلارنى تازىلاش ئۈچۈن مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

سىماب بىرىكمىلىرىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىدىن بەزىدە سىمابتىن زەھەرلىنىش تەسىرلىرى پەيدا بولىدۇ.

شاراب ۋە روھىي شاراب (ئىسپىرت): ئوفۇنەتنى يوقىتىش، تېرە ۋە زەخمىنى يۇيۇش ئۈچۈن كۆپ كارغا كېلىدىغان نەرسىدۇر. شەيخۇر رەئىس — ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا زەخمىلەرنى شاراب بىلەن يۇيۇشقا ھاۋالە قىلغان. بۇ بەزىدە ئادەتتىكى ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ ۋە بەزىدە باشقا دورىلار بىلەن يېڭى زەخمىلەرنى دەرھال پاكىزلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئوفۇنەت بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ ئېھتىمالى غالىب بولىدۇ. ئىسپىرت بىلەن ئوبدان تازىلاش، ئاندىن كېيىن پارچە رەختنى بۇنىڭدا ھۆللەپ، زەخىم ئۈستىگە قويۇپ تېڭىق لاتىسى بىلەن باغلاش لازىم.

توغرىغۇ ۋە تەنكار بۇ يەڭگىل ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىدۇر. بۇ ئېرىتمە ھالەتتە ئەزالارنى يۇيۇش ئۈچۈن، جۈملىدىن شىللىق پەردە بوشلۇقلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئېرىتمە ياساش ھالىتى بۇكى، سۇغا بۇ دورىدىن قانچىلىك ئېرىسە شۇنچىلىك سېلىپ ئېرىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ دەسلەپكى دەرىجىلىرىدە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋە ئوفۇنەتلەنگەن زەخمىلەرنى يۇيۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تۇز ۋە تۇز سۈيى تۇز ۋە تۇز سۈيى (تۇز ئېرىتمىسى) بەزىدە ئوفۇنەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۇزنىڭ كۈچلۈك ئېرىتمىسى تەييار قىلىنىدۇ، يەنى 100 ھەسسە ساپ سۇغا بەش ھەسسە تۇز قوشۇلىدۇ. بۇ ئېرىتمە بىلەن بەزىدە زەخىم يۇيۇلىدۇ ۋە بەزىدە رەخت پارچىسى ھۆللىنىپ زەخىم ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە بەزىدە تۇزنىڭ كىچىك پارچىسى ياكى ئۇنىڭ سۇفۇپى بىلەن زەخىم تولدۇرۇلىدۇ.

تۇز ئېرىتمىسىنىڭ بىر نۇسخىسى زەخمىنىڭ ئىچكى بوشلۇقى (بۇنىڭ ئوفۇنەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئېھتىمالى بولسا ياكى بۇ ئوفۇنەتلىنىپ بولغان بولسا) نى يۇيۇش ئۈچۈن بەزىدە تۆۋەندىكى تۇز ئېرىتمىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئاش تۇزىدىن 34.8 گىرام، تامچىلىتىپ تازىلانغان سۇدىن 2700 گىرام، ئىسپىرتتىن 90 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئوخشاش ئېغىرلىقتا سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇ ئېرىتمە سۇيۇلدۇرۇلىدۇ، تاكى تۇزنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئازلىسۇن ياكى بۇ كۈچلۈك ئېرىتمە ئىشلىتىلىدۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە قويۇش بىلەن بۇ ئېرىتمە بۇزۇلمايدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ناھايىتى تېز قىزىل رەڭلىك ياخشى ئۈزۈمسىمان يۈز كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ئىشلەتكەن ۋاقىتتا بىمار زەخمىسىدە كۆيۈشۈش شىكايىتىنى قىلسا، ئىسپىرتنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىش لازىم.

ئەسكەرتىش يېڭى زەخمىلەرنى پاكىزلاش ئۈچۈن بىرەر ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىش ئېتىبار بېرىشكە لايىقكى، قايسى توقۇلمىنىڭ ھاياتلىق كۈچى يوقالسا، ئۇنىڭدا ئوفۇنەت ماددىلىرىغا تەرەققىي قىلىش مەركىزى شەكىللىنىدۇ، يەنى مۇشۇنداق ئۆلگەن توقۇلمىدا ئوفۇنەت ئوبدان كېڭىيىدۇ، شۇڭلاشقا بارلىق ئۆلگەن توقۇلمىلارنى زەخمىدىن ئېھتىيات بىلەن ئايرىۋېتىش لازىم.

ئەسكەرتىش كۆپلىگەن ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىلارنىڭ مەنپەئەتى شۇكى، ئۇلارغا روھىي شاراب ياكى ئالكوھول (شاراب جەۋھىرى) ئاساس شەكلىدە قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان ئوفۇنەتسىزلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بۇ پايدىلار ھاسىل بولىدۇ. بۇ پايدىغا پەقەت دورىلارنىڭ تەسىرىلا كىرمەستىن، بەلكى

دەستىكارچىنىڭ داۋالاش دەۋرلىرىدە قوللانغان چارە ۋە ئېھتىياتچانلىقىمۇ كىرىدۇ.

چارە ۋە ئېھتىياتنىڭ مەنپەئەتى: قىسقىسى، زەخىملەرنىڭ ئىلاجىدا ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا قانداق داۋالاش ئۇسۇلى بەك مەنپەئەتلىك ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەل قىلىش قىيىندۇر. لېكىن مەيلى قايسى ئۇسۇل قوللىنىلسۇن غەلىبە قازىنىش ۋە ياخشى نەتىجە بۇ ۋاقىتتا ھاسىل بولىدۇ، يەنى دەسلەپكى داۋالاش ۋە كېيىنكى داۋالاشتا تولۇق ئېھتىيات قىلىش ھەم ئۇسۇل - چارىگە دىققەت بىلەن قاراشنى ئۆلچەم قىلىۋالماسلىق لازىم، يەنى ئۇسۇل - چارە شۇكى:

(1) بارلىق ئۆلگەن توقۇلمىلارنى زەخىمدىن ئايرىۋېتىش؛

(2) زەخىمنىڭ ماددىلىرى ۋە ھۆللۈكلىرىنىڭ ئېقىشىنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇش.

دەستىكار قىلىشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقلىرى بارلىق تۈرلەردىكى دەستىكار قىلىش ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەم تۇيۇقسىز ھادىسىلەر ھالىتىدە يەنى تېرىدە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن بولسا، يەنى زەخىم ئوفۇنەت ماددىلىرى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنىڭ ئېھتىمالى بولسا، دەستىكار قىلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىقلارنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئەھمىيىتى بولىدۇ، بۇ تۈردىكى تەييارلىقلار مۇستەقىل شىپاخانىلاردا قائىدە بىلەن ئادەتتە ھەمىشە قىلىنىدۇ، لېكىن دەستىكار قىلغۇچى ئۇ ئۇسۇللارغا ھەر قىسىم ھالەتلەردە، ھەرجايدا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشى لازىم.

قايىنتىش بۇ ئوفۇنەتتىن ساقلاشتا ئىشەنچلىك ئۇسۇلدۇر، لېكىن بىمار ۋە دەستىكار قىلغۇچىنىڭ تېرىسىنى بۇ ئۇسۇل بىلەن پاكىزلاش مۇمكىن بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش بولمىغان تۈرلەردىكى دەستىكار قىلىشتا قايىنتىش بىلەن بۇزۇلۇش خەۋپى بولغان سايمانلارغا زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ.

تېرىنى پاكىزلاش نەشتەر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ كېسەللەنگەن ئورنىنىڭ تېرىسىنى پاكىزلاش زۆرۈردۇر، تېرە ئادەتتىكىدەك بولسا پاكىز بولىدۇ، لېكىن توغرا مەنىلەردە تېرىنىڭ ھەقىقىي ۋە چوقۇم پاكىز بولۇشى تەخمىنەن مۇمكىن بولمايدۇ. دەستىكار قىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ مويلىرىنى پاكىزلاش لازىم، ئاندىن كېيىن بۇ ئورۇننى سوپۇن بىلەن ئوبدان يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسپىرت سۈركەش لازىم، ئاندىن كېيىن بۇ بىمارنى دەستىكار كارىۋىتىدا ياتقۇزۇش، بۇ ۋاقىتتىمۇ تېرىنى مۇشۇنداق پاكىزلاش لازىم.

مۇسھىل ۋە ھۆقنە دەستىكار قىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئەتىگەندە بىمارغا بىدانجىر يېغى بېرىپ، ئۇنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرىنى پاكىزلاش لازىم، شۇ كۈنى كەچتە سوپۇننىڭ ئىللىق سۈيى بىلەن مەقئەتكە ھۆقنە قىلىپ، چوڭ تەرەت چىقىرىۋېتىلىدۇ. بەزى تېۋىپلار

دەستىكار قىلىدىغان كۈندىن ئىلگىرى كەچتە مۇسھىل بېرىپ دەستىكار قىلىدىغان كۈنى ئەتىگىنى ھۆقنە قىلىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلغاندا كەچتە مۇسھىل بېرىش بىلەن پۈتۈن كېچە بىئارام بولىدۇ.

بىمارنىڭ ناشتىسى بىمارنى بىھوش قىلىشتىن ئىلگىرى ئاشقازان خالىي تۇرۇشى زۆرۈردۇر، لېكىن بىمارنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئاچ تۇرغۇزۇشمۇ ھەر ھالدا زىيانلىقتۇر، يەنى ئۇنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپى بۇكى، دەستىكار قىلىنىدىغان ئەتىگىنى بىمارغا يەڭگىلرەك ناشتىلىق (مەسىلەن: چاي بىلەن ئازراق نانىنىڭ پارچىسى، شورپىدا يۇمشىتىلغان نان ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر يەڭگىل نەرسە) بېرىلىدۇ. ئەگەر دەرھال دەستىكار قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى لايىق بولمىسا ۋە توختاش مۇمكىن بولسا، دەسلەپتە ئوفۇنەتتىن يۇقۇملىنىشنىڭ بارلىق ۋاستىلىرىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ چەكلىمە قىلىش لازىم، تاكى ئوفۇنەتنىڭ سۈمۈرۈلۈشلىرى توختىسۇن.

دەستىكار قىلغۇچى ۋە ياردەمچىلەرنىڭ تازىلىقى بىمارنىڭ تېرىسى پاكىز قىلىنغاندەك، پەنجىلەر ۋە قوللارنىڭ تازىلىقى بىلەككىچە شۇ ئۇسۇلدا قىلىنىشى لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ۋە كەڭرى يەڭگىل كىيىم كىيگۈزۈش لازىم، بۇنىڭ يەڭلىرى بىلەكچە يېتىپ بارىدۇ، قوللارغا پاكىزلانغان پەلەي شۇنداق كىرگۈزۈلىدۇكى، پەلەي يەڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرسۇن. قانچىلىك ئادەم زەخىمنىڭ ئەتراپىدا بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باش، يۈز، ئېغىز، بۇرۇن ۋە باشقىلىرى ئۈستىدە پاكىزلانغان دوپپىلار ۋە نىقابلار بولسۇن. پاكىز پەلەيلەرنى كىيىش ھەرھالدا زۆرۈردۇر، ئەگەر قول بىر قېتىم ماددىلار بىلەن يۇقۇملانسا، ئۇنى پاكىزلاش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

قايناق سۇ ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەر ئەمەلدە كۆپ بولىدۇ، شۇڭلاشقا دەرھال دەستىكار قىلىش ئەمەللىرى قىلىنىدۇ ياكى ئەگەر ئۆيدىكى ئورۇنلاردا دەستىكار قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا ئاۋۋال سۇنى ئوبدان قايىنىتىپ ۋە سوۋۇتۇپ قويۇلسۇن، شۇنىڭدەك قايناق سۇ دەستىكار قىلىش جەريانىدا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى لازىم، تاكى ئىسسىق سۇنى سوغۇق قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭغا زۆرۈرىيەتكە قاراپ قايىنىتىلىپ سوغۇق سۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە قانداق دەرىجىدە ئىسسىق ياكى سوغۇق سۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، ئۇ تەييارلىنىدۇ.

دەستىكار قاچىسى، پىيالە ۋە باشقىلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايناق سۇدا قايىنىتىپ يۇيۇش لازىم، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئازراق ئىسپىرت قۇيۇپ، بۇنىڭغا ئوت يېقىلىدۇ.

دەستىكار ئۆيى بارلىق زۆرۈر بولمىغان سايمانلارنى دەستىكار ئۆيىدىن ئايرىۋېتىش لازىم، پەردىلەر ۋە ئارىلىقتىكى نەرسە، سايمانلار ۋە رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىش، ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، يەرنى ئوبدان يۇيۇش لازىم، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىزلانغان نېپىز كۆرپە ياكى قەغەز سېلىش لازىم، ئەگەر مۇمكىن بولسا بۇنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى بىر كۈن ئاۋۋال مۇكەممەل قىلىش لازىم.

دەستىكار سايمانلىرى كۆپىنچە سايمانلارنى قاينىتىش لازىم، قايناتقان ۋاقىتتا ئەگەر سۇغا ئاز مىقداردا توغرىغۇ ئارىلاشتۇرۇلسا، بۇنىڭدىن سايمانلار داتلاشمايدۇ ياكى سايمانلارنى سۇغا، يەنى ئۇ تولۇق قايناشقا باشلىغان ۋاقىتتا سېلىش، لېكىن كېيىنكى ئۇسۇل ئەينەك تەركىبلىك نەرسىلەر ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى شېشە قايناق سۇغا سېلىش بىلەن سۇنۇپ كېتىدۇ، قاينىتىش بىلەن سايمانلارنىڭ بىسىمۇ گاللىشىدۇ، شۇڭلاشقا بارلىق بىسلىق سايمانلارنى تازىلاشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، قاينىتىشنىڭ ئورنىغا يېرىم سائەتكىچە ئىسپىرتقا چىلاپ قويۇش لازىم.

مەلھەملىك تېڭىق لاتىسى، كىيىم ۋە باشقىلار تېڭىق لاتىسى، پاختا، پارچە رەخت، لۆڭگە، چىخ، نىقاب، پوسما (دوپپا)، ئەدىيال ۋە باشقىلارنى مەخسۇس ئۇسۇلدا ھور ئارقىلىق پاكىزلاش، ئاندىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھۆللۈكى ئىسسىق ھاۋا بىلەن قۇرۇتىلىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇل مۇمكىن بولمىسا، ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى قاينىتىپ ئېلىش لازىم.

يىپلارنىڭ تازىلىقى:

(1) بۇ يىپ سايمانلارنى ساتقۇچى دۇكانلاردىن سېتىۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭ يېغى دەسلەپتە چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن يىپ ئەينەك پارچىلىرىغا يۆگىلىدۇ ياكى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقى ئەينەك پارچىلىرىغا ئورىماي بوش ھالەتتە ئۇنى ساپ ئىسپىرتقا بىرقانچە كۈنگىچە چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى بىر پىيالىگە سېلىپ يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ، ئەگەر بۇ يىپ مۇشۇنداق تەييار قىلىنغان بولسا، بۇنى ئىسپىرت ۋە نىم يوپۇرمىقى سۈيى ياكى زەرچىۋە سۈيىدە ساقلاپ قويۇلىدۇ.

(2) يىپەك رەخت ۋە باشقا تۆمۈر سايمانلار بىلەن سۇدا قاينىتىپ پاكىزلىنىدۇ.

(3) يىپەك يىپ ۋە پاختا يىپلارنى ئەينەك پارچىلىرى ئۈستىگە يۆگەپ يېرىم سائەتكىچە قاينىتىپ، دەرھال ئىشلىتىلىدۇ ياكى كېيىن ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىسپىرتقا چىلاپ قويۇپ ساقلىنىلىدۇ.

(4) ئاق قىلنى سوپۇن بىلەن يۇيۇپ ياكى ئىسپىرتقا چىلاپ ئىشلىتىش لازىم، قاينىتىش بىلەن بۇ كۆپىنچە ئاجىز بولىدۇ، يەنى تۈگۈنچىلىگەن ۋاقىتتا ئۈزۈلىدۇ.

پەلەيلەرنىڭ تازىلىقى ئۇنى ئاۋۋال ئۆرۈپ (يەنى ئىچكى يۈزىنى سىرتىغا قىلىپ) پاكىز سىغىز ۋە باشقىلارنىڭ سۇفۇپىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىش لازىم، ئاندىن كېيىن ھوردىتىپ پاكىزلاش ياكى ئۇنى قايىنىتىش لازىم، ئاخىرىدا بۇنى كىيىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، دەسلەپتە قوللارنى ئىسپىرت ۋە ھەسەلگە ئوخشاش ئېرىتمە بىلەن مۇۋاپىق مايلاش ۋە ئاندىن كېيىن پەلەينى كىيىش لازىم.

تىرناقنى پاكىزلايدىغان يىڭنە (بەرەش) بەرەشنى تازىلاشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئۇنى قايىنىتىش.

زەخىم ئېقىشنى توختىتىشنىڭ تەركىبى رېزىنكە نەيچىلەر ياكى شېشە نەيچىلەرنى زەخىم ياكى ناسۇرنىڭ ئىچىگە قويۇپ زەخىم ئاققۇزۇلىدۇ، تاكى ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ھۆللۈكلەر ۋە ماددىلار چىقىدۇ، ئەگەر قىزىل قان تومۇرلار ئۇچۇق بولغان بولسا رېزىنكە نەيچىلەرنى بۇنىڭ بىلەن تۇتاشتۇرماسلىق. بەلكى رېزىنكە نەيچىلەرنى ھالقىسمان ھالەتتە يۆگەپ، زەخىم بوشلۇقىغا قويۇش ياخشىدۇر، شېشە نەيچىلەر ئومۇمەن دوۋساق بوشلۇقىدىن ماددىلارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر دوۋساق بوشلۇقىغا مۇشۇنداق نەيچىلەر كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇنى كۆپرەك مىدىرلىتىپ تۇرۇش لازىم، تاكى قورساق مايلىق پەردىسى ياكى كىچىك ئۈچەيلەرنىڭ بىرەر بۆلىكى ئۇنىڭغا كەپلىشىپ قالمىسۇن، ئەگەر شېشە نەيچە زەخمگە قويۇلسا، 48 سائەتتىن كېيىن ئۇنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا رېزىنكە نەيچە قويۇش لازىم، چۈنكى ئەينەك نەيچىسىنى ئىچىگە قويغاندا، دوۋساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارغا زەربە يېتىشنىڭ خەۋپى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا تىكەنسىمان رېزىنكىدە ھالقا ياساپ قويۇش ياخشىدۇر، بۇنىڭ بىلەن چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق ماددىلىرىمۇ ئوبدان بولۇپ تۇرىدۇ ۋە بۇنىڭدا بۇ شېشە نەيچىلەرنى ئىشلىتىشتىن خەتەرلەرمۇ بولمايدۇ. ماددىلارنى چىقىرىشنىڭ ياخشىراق ئۇسۇلى شۇكى، ئەسلىي زەخىمنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئايرىم تۆشۈكتىن باشقا تۆشۈك ئېچىلىدۇ ۋە ئۇ يولدىن زەخىم يۇيۇلىدۇ، ئەگەر نەيچە قويۇلغان بولسا، بۇنى قانچە تېز ئېلىۋېتىش مۇمكىن بولسا شۇنچە تېز ئېلىۋېتىش لازىم، ئەگەر دەستىكاردا شەكىللەنگەن زەخىم يىرىڭ بىلەن يۇقۇملانغان بولسا، ئۇنى ئىسپىرت بىلەن ئوبدان يۇيۇش ۋە سىرتىدىن بىر شامچىمۇ قويۇش لازىم.

دەستىكاردىن كېيىنكى كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش دەستىكاردىن كېيىن كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش كۆرۈلگەن بولسا، سىركەنجۇبىل ۋە ئىلمان قايناق سۇ ئىچكۈزۈپ ئاشقازاننى يۇيۇش لازىم، بۇ سۇ ئومۇمەن قۇسۇش ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن

قورساققا رېزىنكە نەيچە كىرگۈزۈپ ئاشقازاننى يۇيۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

ئاغرىق ئەگەر دەستىكاردىن كېيىن ئاغرىق زىيادە بولسا، ئەپيۇن مۇرەككىباتلىرى بىلەن ئاغرىقنى پەسەيتىش لازىم.

ئەگەر دەستىكاردىن كېيىن ئۈچەيلەر بوشىشىش سەۋەبىدىن قورساق يەللەر بىلەن كۆپكەن بولسا هۆقنە قىلىش لازىم، كۆپىنچە هالەتلەردە ئاددىي هۆقنە يېتەرلىك بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن غەلىبىلىك بولمىسا، تارپىن يېغى ياكى مېۋىلەر جەۋھىرى ياكى قارا شېكەر شىرىسى هۆقنە قىلىنىدۇ.

ئېزىلىپ كېتىش (رەزز، كەدەم)

ئېزىلىپ كېتىش سىرتقى زەربىدىن پەيدا بولىدىغان تېرە ئاستىدىكى جاراهەت ياكى ئاپەتتۇر. بۇنىڭ بىلەن تېرە ئاستىدىكى كاۋاك توقۇلمىلار يېرىلىدۇ، لېكىن بۇ چوڭقۇر توقۇلمىلار، مەسىلەن: مۇسكۇللار، پەيلەر، نېرۋىلار ياكى سۆڭەكلەر بۇنىڭ بىلەن كېسەللىنىدۇ. ئەزانىڭ ئېزىلىپ كېتىشىنىڭ ئالامەتلىرى بۇدۇر، ئاغرىق، قان قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى (قەروت، كەهبەت)، كۆپۈش (ئىششىش ياكى كۆپۈش) نىڭ كۆرۈلۈشى تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى (قەروت) ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئاپەتلەنگەن ئەزا ۋە ئۆتكۈر ئاپەت تۈرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇڭلاشقا قاپاقلار، ئۇرۇقدان خالتىسى ۋە جىنسىي يولىغا قان قۇيۇلۇش ئۆتكۈر بولىدۇ، بۇ يەرلەرنىڭ تېرىسى قارىدايدۇ، ئەكسىچە باش سۆڭىكىدە كۆپۈش ناهايىتى ئاز بولىدۇ، بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، كېسەللەنگەن بۆلەكتە، جۈملىدىن ئېزىلگەن، سۇنغان هالەتلەردە قاپارتقۇ ۋە سۇلۇق مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ. تېرىنىڭ رەڭگىدە ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇش مەشهۇر ۋە مەئرۇفتۇر. شۇڭلاشقا قەلەمپۇرغا ئوخشاش قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ، دەسلەپتە سارغۇچ، ئاندىن كېيىن كۆك، ئاندىن كېيىن سېرىق بولىدۇ. بۇ ئاخىرىدا تەدرىجىي غايىب بولۇپ، تېرە ئۆز تەبىئىي هالىتىگە قايتىدۇ. ئەگەر قاناش چوڭقۇر ئورۇندا بولسا ياكى بىرەر قېلىن سەپاق (كەڭ تارىمۇشنىڭ) ئاستىدا بولسا، ئومۇمەن تېرىنىڭ بۇزۇلغان رەڭگى بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ ۋە بەزى كېسەللەنگەن ئەزادىن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: بەزىدە زەربە باش سۆڭىكىگە تەگسە، تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى قاپاقلاردا ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە مۇشۇنداق بولىدۇكى، چىققان قان كۈچلۈكلۈك سەۋەبىدىن مۇسكۇل ۋە تارىمۇش يۈزلىرىنىڭ ئۈستىدىن يىراققا كېتىدۇ. سەلئەدەمەۋىيە (قانلىق ئۆسمە) دە ئومۇمەن توقۇلمىلار

قان سۇيۇقلۇقلىرى بىلەن ھۆللەنگەچكە، تېرىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ. لېكىن بەزىدە بۇ قان سۇيۇقلۇقلىرى بىرەر بوشلۇققا (بۇ توقۇلمىلارنىڭ بۆلۈنۈشىدىن پەيدا بولىدۇ) توپلىنىپ، بۇ يەردە بىر ئۆسمە شەكىللىنىدۇ (ياكى بۇ جاي سۇيۇق ھۆللۈك بىلەن تولۇپ ئىششىق كۆرۈلىدۇ)، بۇنى سەلئەدەمەۋىيە ياكى كىس دەمۋى دەپ ئاتايدۇ، ئۇنى تۇتقاندا چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بۇ ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ ھەم بۇ ئېتىباردىنمۇ يىرىڭلىق ئىششىق بىلەن ئوخشاش بولمايدۇكى، بۇ بىرەر زەربىدىن كېيىن دەرھال پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇ كۆرۈلگەندە ئىسسىقلىق بولمايدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى ئاشكارا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ گەرچە دەسلەپتە سۇيۇق يەنى يۇمشاق سېزىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاتتىقلىشىدۇ ۋە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق دەسلەپتە قاتتىق ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق بولىدۇ.

تېرە ئاستىدىكى ئاپەتلەرنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىك مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، قايسى تۈردىكى (مۇھىم ياكى مۇھىم بولمىغان) توقۇلمىلار كېسەللەنگەن بولسا، ئاپەت قانچىلىك يىراقلىقتا، قان قۇيۇلۇش مىقدارى، بىمارنىڭ يېشى، ئۇنىڭ ھاياتلىق كۈچى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى قانچىلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا ئۆتكۈر بولمىغان ھالەتلەردە مەيلى تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆتكۈر بولسىمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، ئەگەر ھالەتلەر مۇناسىپ بولمىسا بەزى ۋاقىتلاردا كېسەللەنگەن توقۇلمىلاردا گانگرېنا پەيدا بولىدۇ، يەنى توقۇلمىلار ئۆلىدۇ.

داۋالاش ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىلاجى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ① كېسەللەنگەن ئەزانى ئارامدا قويۇش؛ ② ۋەزئىيات — يەنى سوغۇقلۇق يەتكۈزىدىغان نەرسىلەر ياكى سوغۇق نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر قان قۇيۇلۇشنى ئازايتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا ۋە كېسەللەنگەن ئورۇنغا ئاپەتتىن كېيىنلا كۆزىتىپ مۇۋاپىق كەلسە، بەدەننىڭ بۇ بۆلىكىگە پاختا شارچىسىنى قويۇپ كۈچەپ تېڭىپ قويۇلىدۇ، لېكىن كونىراپ قالغان ھالەتلەردە قاننىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىش زۆرۈر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇۋۇلاش پايدىلىق نەرسىدۇر، ئۆتكۈر ھالەتتە سۇلۇق قاپارتما ۋە سۇلۇق مۇدۇر - چاقا كۆرۈلسە ياكى ئەگەر تېرە بۇزۇلۇشنىڭ خەۋپى بولسا، تېرىنى يۇيۇش ۋە پاكىزلاش زۆرۈردۇر، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، ئۇ پاكىز تېڭىق لاتىسى بىلەن ئورىلىدۇ، ئەگەر قانلىق ئۆسمىدە تارتىشىش ۋە ئاغرىق كۈچلۈك بولسا، ھەمدە زەخىم يىرىقىنىڭ كەڭ پەردىسى (لىفافە ئەرىزە) نىڭ ئاستىدا بولسا ساقىيىشنى تېزلىتىش ۋە ئاغرىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن سۇ ئېلىش ئەملى تولۇق يېتەرلىك ۋە ئوفۇنەتسىز قىلىنىدۇ، يەنى سۇ ئېلىش سايمىنى بىلەن تېشىپ ئىچىدىن سۇيۇقلۇق چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن بۇ بۆلەك

ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈلىدۇ، ئەگەر بىمار يىقىلىش سەۋەبىدىن ياكى بىرەر چوڭ زەربىدىن ئومۇمىي بەدەندىكى تېرە رەڭگىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن بولسا، ئاغرىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئىسسىق كىمادلار ياكى ئىسسىق نۇتۇللار ۋە هامماملار ئىشلىتىلىدۇ.

ئومۇمەن ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە كۈنگىچە قىزىتما ۋە بىئاراملىق بولىدۇ، بۇنى داۋالىغاندا مۇسهىللار ئىشلىتىلىدۇ ۋە غىزالار مۇناسىپ ئازايتىلىدۇ.

قانلىق ئۆسمىلەردە ئوفۇنەت ئوبدان ئۆسۈپ كۆپىيىدۇ ۋە ئوفۇنەت ماددىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن بۇ بىر ئوبدان ماكاندۇر، ئەگەر تۇيۇقسىز ئوفۇنەت پەيدا بولغان بولسا، ئۆسمىنى دەرهال نەشتەر بىلەن ئوبدان يېرىپ، ماددىلاردىن ئوبدان خالىي قىلىش لازىم.

ۋەزئىيات سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان ۋە چاپلىدىغان دورىلار، مەسىلەن: نۇتۇلات، سوكوبات تىلائى ۋە باشقىلار.

ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش (زەربە ۋە سەقتە)

تاياق ۋە زەربە ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش بىلەن ئەزا ئېزىلىپ كېتىدۇ ياكى ئۈزۈلىدۇ ۋە يېرىلىدۇ (جاراھەت)، ياكى بوغۇم چىقىپ كېتىدۇ (چىقىق) ياكى سۆڭەك سۇنىدۇ (سۇنۇق)، ئۇ بارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى ئۆزىنىڭ بايانىدا تەپسىلىي يېزىلغان.

ئەگەر بىر جايغا زەربە تەگسە ۋە بۇ جايدا بىرەر تۈردىكى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش، قاناش ۋە باشقىلار كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىدا پەقەت زەربە ۋە باشقىلار تەگكەن ئەزا ئۈستىگە ئەزالارنى كۈچەيتكۈچى ۋە قاتۇرغۇچى دورىلارنى زىمات قىلىپ چېپىش يېتەرلىكتۇر تاكى بۇ يەرگە ماددا كېلىشى توختىسۇن، مەسىلەن: مىدە لەكرى، گىل ئەرمىنى، بەرگى رو، سەبرە، ئاقلانغان پۇرچاق قاتارلىقلار سۇدا يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئەگەر زەربە سەۋەبىدىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، بىر كۈنلۈك قىزىتما ۋە ئوفۇنەتلىك قىزىتما پەيدا بولغان بولسا، قىزىلگۈل، پوستى ئاقلانغان سېرىق پۇرچاق، گىل ئەرمىنى، مامىيسا، سەندەل ۋە فۇپەل قاتارلىقلار زىماد قىلىنىدۇ.

لېكىن ياخشىراقى بۇكى، دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ ۋە يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ماش ئۇنى، گۈرۈچ، نوقۇت، ئاقلانغان سېرىق پۇرچاق ئىشلىتىلىدۇ ۋە بىرئاز مۇمىيا يالغۇز يېگۈزۈلىدۇ ياكى رەۋەن، ئۇردان، پاكىزلانغان لاك، گىل مەختۇمنى ئېلىپ، نوقۇت سۈيى هەمراهلىقىدا يېگۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش زەربە سەۋەبىدىن ماددىنى ئەزا تەرەپكە يۈزلەندۈرىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك

ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ.

(1) ئاجىزلاشتۇرىدۇ؛

(2) تەبىئەت ياخشىلاش مەقسىتى بىلەن ماددىنى شۇ ئەزا تەرەپكە ئەۋەتىشكە باشلايدۇ ۋە ئەگەر ماددىلار بۇ يەرگە يېتىپ بارسا ئۇ بۇزۇلىدۇ، چۈنكى، بىرىنچىدىن، ھەزىم بولۇشتىن ئاجىز بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا مۇناسىپ سەرپ قىلىنمايدۇ، ئىككىنچىدىن، بۇ يەردىكى باشقا بۇزۇلغان ماددىلار بىلەن بىرلەشمەيدۇ؛

(3) بۇنىڭدا ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت ئۆزى بىلەن قان ۋە روھنى ئېلىپ ئاغرىقنى ياخشىلاش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، ھارارەت ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر؛

(4) بۇ يەردىكى ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ (قىسقىسى، بۇ تۆت سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىغان ماددىلارنىڭ توختىشى زۆرۈردۇر، ئۇنداق بولمىسا ئىششىق پەيدا بولۇشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ) نەفىس.

مۇمىيانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇمىيا توغرىسىدا نەفىس يازغانكى، مۇمىيا سۇنۇق، چىقىقنى ياخشىلايدۇ. سۇنغان سۆڭەكنى تۇتاشتۇرىدۇ، چىقىق ۋە قوزغىلىپ كەتكەن بوغۇملارنى ياخشىلايدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارغا خاسىيىتى بىلەن پايدا يەتكۈزىدۇ ھەممە ئۇ بۇ توغرىدا مۇجەررەپتۇر، مۇمىيانىڭ ئەڭ ياخشىسى، باياڭ نامىلىق يېزىنىڭ بىر تاغ غارىدىن چىققىنىدۇر، بۇ ماددا باياڭ، فەسىر دارۇلجەرەد (پارس دۆلىتى) نىڭ بىر يېزىسىدۇر، بىر بۇلاقتىن ھەر يىلى تەخمىنەن 30 مىسقالدىن ئېلىپ، يەتتە مىسقالغىچە يامغۇرنىڭ يېغىش ئەھۋالىغا قاراپ چىقىدۇ.

مۇمىيانىڭ بۇ تۈرى ئاز ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا پارسىنىڭ تاجدارى (ئەمەلدارلىرى) پەخرى قىلىدۇ، خۇددى گىل مەختۇمغا رۇمنىڭ تاجدارى، رەۋەنگە جۇڭگونىڭ تاجدارى ۋە ھېلىلەگە ھىندىستاننىڭ تاجدارى پەخرى قىلغىنىدەك. بۇنىڭ باشقا نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بولۇپ، بۇ پارس، سەنئا، يەمەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئورۇنلاردىمۇ چىقىدۇ، لېكىن ئۇلاردا دارولجەرىدنىڭ مۇمىياسىدا بولغان، شاراپەت ۋە خاسىيەت يوقتۇر.

ئۇنىڭ بىر قىسمى قەبورىدۇر، بۇ مىسىردىن چىقىدۇ ھەممە ئۇ بىر ھۆللۈكتۇر. بۇنى رۇم ئەھلى قەدىمكى زامانلاردا ئۆز جەسەتلىرىنىڭ بەدىنىگە چاپلايتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ جەسەت ئۆزگەرمەي ۋە بۇزۇلماي ئۆز ھالىتىدە تۇراتتى، بۇ تۈرىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ ھالەتلىرىنى بىز ئۈستىدە بايان قىلدۇق، مۇمىيا ئۇنىڭدا مەجەررەپتۇر (مىسقال — 4.5 گرام باراۋىرىدە).

باش قىسمىغا زەربە تېگىش ئەگەر تاياق ياكى زەربە باشقا تەگكەن بولسا، قان ئېلىپ

بولغاندىن كېيىن يەڭگىل ھۆقنە ئارقىلىق بىرقانچە قېتىم ئىچىنى سۈرگۈزۈش لازىم، تاكى ماددىلار ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە يۈزلىنىپ چىقىپ كەتسۇن ياكى مېۋىلەر سۈيى بىلەن يۇمشىتىلىدۇ. باشقا سىركە، شاراب، گۈل يېغى، گۇلاب ئارىلاشتۇرۇپ قۇيۇلىدۇ، ئاس يوپۇرمىقى، ئانارگۈلى، ئانار پوستى گۇلابتا ياكى سىركىدە ئاز مىقداردا غورا، سوك، شاراب ۋە فۇپەل بىلەن پىشۇرۇلىدۇ ۋە زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن توخۇنىڭ يۇلۇنى يېگۈزۈلىدۇ.

مېۋىلەر سۈيى: ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان ھەربىرى 30 دانە، تەمرى ھىندى 36 گىرام، ئۆرۈك قېقى 10 دانە، ئاق قەنت 36 گىرام، تەرەنجىبىن 72 گىرام. بۇ دورىلارنى كەچتە چىلاپ قويۇپ ئەتىگەندە سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆكرەك ۋە قورساققا زەربە تېگىش ئەگەر كۆكرەك ۋە قورساققا تاياق، زەربە يەتكەن بولسا، بىرەر تومۇر يېرىلىش سەۋەبىدىن ئېغىز يولى ياكى باشقا يوللاردىن قان چىققان بولسا، بۇنداق ھالەتتە ئانارگۈلى، كەھرىۋا، گىل ئەرمىنى، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلارنى سېرىق پۇرچاقنىڭ سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەپيۇن بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن قان تومۇرنى تارايتىش ۋە قاننىڭ ئۇيۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

مۇسكۇللارغا زەربە تېگىش ئەگەر تاياق ۋە زەربە مۇسكۇللارغا يەتسە ھەمدە فەسىخ (يېرىلىش) يۈز بەرگەن بولسا، دەسلەپتە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى سوغۇق دورىلار زىمات قىلىنىدۇ، بۇ ھازىر بايان قىلىندى. ئاندىن مۇسكۇل تالالىرى ئارىلىقىدا توسۇلۇپ قالغان، ئۆلگەن قانلارنى تارقىتىدىغان نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ تاكى يۇقىرىقى مەزكۇر ئاپەتلەر پەيدا بولمىسۇن، مەسىلەن: تارقاتقۇچى نۇتۇل ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، زىغىر، قۇرۇق زۇپا، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، يالپۇز، مەرزەنجۇش قاتارلىقلاردىن ياسالغان بولسۇن، مەسىلەن: بۇ زىمات ئارپا ئۇنى ۋە كۆك زۇپادىن ياسالسۇن ۋە مەسىلەن: ئۇ زىمات تاغ پىننىسى، ئارپا دۇلمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان بولسۇن.

فەسىخدىن مەنە پۈتۈنلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. بۇ مۇسكۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدۇ. مەيلى بۇ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش بۇ مۇسكۇللارنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا بولغان بولسۇن ياكى كەڭلىكىدە بولسۇن. ئۇنىڭ تارتىشىشى زىيادە ياكى كەم بولسۇن (نەفىيس).

نېرۋىغا زەربە تېگىش ئەگەر تاياق ۋە زەربە نېرۋىغا يەتسە ۋە ئۇنىڭدا ئېزىلىش كۆرۈلسە، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنىڭ زىماتى چېپىلىدۇ، تاكى ئاغرىق سەۋەبىدىن بۇ يەرگە ماددىلار سۈمۈرۈلۈپ كەلمىسۇن ۋە ئەگەر ئاز ماددىلار قۇيۇلغان بولسا، ئەزادا بوشىشىش

پەيدا قىلىدىغان ۋە ماددىنىمۇ تارقىتىدىغان دورىلار زىمات قىلىپ چىپىلىدۇ، مەسىلەن: ئاق لەيلى، باشقىلار ۋە ئىسسىق ياغ سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك يېغى، بابۇنە يېغى (رەز يەنى ئېزىلىشتىن مەناكى بۇنىڭ ئۆزئارا تەركىبلىرى يوقالغان بولىدۇ — نەفىيس).

بوغۇمغا زەربە تېگىش: ئەگەر تاياق ۋە زەربە بوغۇملار ئۈستىگە يەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق ۋە چىقىق كۆرۈلگەن بولسا، دەسلەپتە گۈل يېغى سۈركىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاس ئېزىپ سېپىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكىچە تېڭىپ قويۇلىدۇ.

ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچارقاناتلار يېغى ۋە قۇرۇق خورما كۆلى قويۇپ تېڭىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن نېرۋىدا تولغىنىش بولسا، مەلھەمى داخىلىيۇن ياكى سۇدا مۇقەلنى ئېرىتىپ ۋە ئاق لەيلى يىلتىزى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ھەشقىپېچەك ئۇرۇقى ۋە مەيپۇختەج ياكى ئۇشەق، بەھروزە، زەيتۇن يېغىنىڭ لېيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زىمات قىلىش لازىم، قىسقىسى مۇشۇنداق قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ئۇ دورىلاردىن بىرسىنى تالالاش لازىم.

دىكىندىن مەنە بۇ يېقىمسىزلىقتۇر، بۇ بوغۇمنىڭ ئورىغۇچى جىسىملىرى، مەسىلەن: گۆش ۋە باشقىلاردا پەيدا بولىدۇ ۋە بوغۇم ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ. ۋەسى (مۇچ) تىن مەقسەت ئەزانىڭ تولغىنىپ كېتىشى، يەنى بۇنىڭ ئۆز ئورنىدىن تېيىپ كېتىشى، ئۇ تولۇق چىقىپ كەتمىگەن شەرت ئاستىدا، يەنى بوغۇم ئاجراپ كەتمىگەن بولسۇن (نەفىيس).

قامچا زەربىسى ئەگەر بىرەر كىشى قامچا بىلەن ئۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەزالىرىنى قول ياكى پۇت بىلەن بېسىش لازىم، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە زىغىر رەختىنى سوغۇق قىلىپ قويۇش، ئەگەر بۇ ئىسسىپ قالسا سوغۇققا ئالماشتۇرۇش ياكى مەلھەمى سەفىد سۈركەش لازىم.

ھەممىدىن ياخشىراقى ئۆچكىنى سويۇپ تېرىسىنى ۋاقتىدا زەربە ئورنى ئۈستىگە قويۇش، جالىنۇس ئۆزىنىڭ يەككە دورىلىرىنىڭ 11 ـ ماقالىسىدا يازغانكى، ئەگەر مىندانىڭ تېرىسىنى دەرھال سويۇپ، بۇنى بىمارنىڭ قامچا بىلەن ئۇرۇلغان ئورنىغا قويسا، بۇ بارلىق چارىلەردىن زىيادە پايدىلىقتۇر، ھەتتاكى زەربە 24 سائەتتە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر قان تېرىنىڭ ئاستىدا توسۇلۇپ ئۆلگەن بولسا ناننىڭ يۇمشىقى تۇرۇپ بىلەن زىمات قىلىنىدۇ.

يارىلار (قۇرۇھ)

يارىلار يارىنىڭ كۆپلۈكىدۇر.

يارىلانغان يارا يارا بەدەن توقۇلما ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆلۈشى، يەنى بۇ ھالەتتە ئەزالارنىڭ يۈزەكى بۆلەكلىرى بۇزۇلۇپ ۋە پاراكەندە بولۇپ، ھۆللۈك شەكلىگە ئۆزگىرىپ يوقىلىدۇ، بۇ

هالەت قاقاچ پەيدا بولماستىن بولىدۇ، يارا بولۇش هالىتى، گانگرېنا بىلەن ناهايىتى ئاز ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بۇكى، گانگرېنادا بەدەننىڭ چوڭ بۆلىكى ئۆلىدۇ ۋە توقۇلمىنىڭ كەڭ بۆلىكى بىراقلا ئۆز هاياتلىق كۈچىنى يوقىتىدۇ، لېكىن بەزىدە ئىككىلا هالەت بىرلىشىدۇ، بۇمۇ ئەمەلىيەتتە توقۇلمىنىڭ ئۆلۈشى ۋە جانسىز بولۇشىغا دالالەت قىلىدۇ، يارىدا ئۆلگەن هۈجەيرىلەرنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن ئوچۇق كۆرگىلى بولمايدۇ، لېكىن گانگرېنا هالىتىدە ئۆلگەن تەركىبلەر ئىنتايىن ئوچۇق بولىدۇ، گانگرېنا بەدەننىڭ سىرتقى يۈزىدە بولغان شەرت ئاستىدا.

سەمەرقەندى: يارىنىڭ پەيدا بولۇشى جاراهەتلەردىن يېرىلغان چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقلاردىن ۋە يىرىڭ تولغان مۇدۇر - چاقىلاردىن بولىدۇ، چۈنكى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتا ئەگەر يىرىڭ شەكىللەنگەن بولسا، ئۇنىڭ نامى قورهە دەپ ئاتىلىدۇ، يىرىڭ ئاق، مايلىق ۋە نورمال قىيامدىكى كېرەكسىز چىقىرىندىدۇر، بۇ يارا پىشقاندا ئاقىدۇ، جاراهەت ئىلمىدە يارا ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1. ئىككىلەمچى يارا: يەنى ئۇ يارا زەربە ۋە سوقۇلۇشتىن ياكى يىرىڭ پەيدا قىلغۇچى ئومۇمي ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: يامرىغۇچى يارا، پۈتكۈچى يارا، سوزۇلما يارا.

2. قورۇهى ئىيە: بۇ مەخسۇس ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىنسان ئىلمىدا بولۇپ بولدى، مەسىلەن: سىفلىس يارىسى، سىل يارىسى قاتارلىقلار.

3. قورۇهى خەبىسە: مەسىلەن: ئاكىلە يارىسى، سەرتانىيە، سىقرۇسىيە ۋە باشقىلار.

سەۋەبى: بەدەن يۈزىدە قايناش ۋە غىدىق پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ يۇقۇشى بىلەن يارا پەيدا بولىدۇ، ئۇ سەۋەب قوزغىشى كۈچلۈك بولغان شەرت ئاستىدا. بۇ سەۋەب ئۇزۇنغىچە تۇرسا، يەرلىك ئورۇندا ئىششىق پەيدا قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇ ئورۇننىڭ توقۇلمىلىرىنى بۇزىدۇ، ئۇ ئەمەلگە هەر خىل سەۋەبلەر شېرىك بولىدۇ، مەيلى ئۇ خىمىيۋى بولسۇن ياكى هارارەتتىن بولسۇن ياكى جىسماني ياكى ئوفۇنەت سەۋەبى بولسۇن.

ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق تەسىرلەر بۇ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ئۈچۈن ئەزادا شارائىت پەيدا قىلىدۇ ۋە يارىنىڭ كۆرۈلۈشىنى تېزلىتىدۇ، شۇڭلاشقا ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ بۇزۇلۇشى مەيلى بۇ قان ئازلىق سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى سوزۇلما قان تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولسۇن، بۇ سەۋەب يارىغا قوشۇلۇپ كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئومۇمي يارىلارنىڭ ئۆزگىرىشى هەربىر يارا ئۈچۈن ئۈچ دەرىجىنىڭ ئۆتۈشى زۆرۈردۇر.

(1) ئەسلي يارا ياكى كېڭىيىش دەۋرى؛

(2) يۆتكىلىش دەۋرى: بۇ دەرىجىدە يارىنىڭ پۈتۈشىنىڭ شارائىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ دەرىجە يارىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن كىچىك ياكى چوڭ بولىدۇ ۋە بۇ زەخىم ئىچىدە گۆش تولمىغان ۋاقىتقىچە تۇرىدۇ؛

(3) زەخىمنىڭ پۈتۈش ياكى ساقىيىش دەۋرى: بۇ تولۇق يۈزلىنىدىغان ئىشتۇركى، ئەسلىي يارىلانغان ۋاقىت دەسلەپكى دەۋرىدۇر، ئەگەر يارا دەسلەپكى دەۋردە يوقالغان بولسا، ھەقىقىي يارىمۇ يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ئەزا يۈزىدە كەملىك قېپقالىدۇ، بۇ دەسلەپكى دەۋردىكى يارا بولۇش نەتىجىسىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بارلىق يارىلار مەزكۇر ئۈچ دەۋردىن ئۆتسە، بۇ ئاشكارىكى، يارا يۈزى بۇ ئۈچ دەۋرنىڭ بىرەر دەۋرىدە بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا تەبىئىي ھالەتتە چوڭ يارىدا ئۈچ دەۋر قوشۇلۇپ كېلىدۇ ۋە بەزىدە ئىچكى ياكى سىرتقى سەۋەبلەردىن يارا ياخشى بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم قايتىلىنىدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ تەركىبلىرى بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ، بۇ خوراش دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى دەۋرى ھەقىقىي يارا بولۇش ياكى ئىستىبدات (كېڭىيىش) بۇ دەرىجىنىڭ خۇسۇسىيىتى بۇكى، توقۇلمىنى بەربات قىلغۇچى ئۆتكۈر ئۆزگىرىش ياكى سۇس ئۆزگىرىش بىلەن باراۋەر داۋاملىشىپ تۇرىدۇ.

ئالامىتى بۇنى ئادەتتىكى كۆزلەر بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، زەخىمنىڭ سىرتقى يۈزى ئۈستىدە سېرىق قاقاچ ياكى توپا رەڭلىك ماددا كۆرۈنىدۇ، بۇ ئاز بولسا قاقاچ ۋە ئازراق ھۆللۈك بولىدۇ ۋە ئەزانىڭ ئازراق بۇزۇلغان تەركىبلىرى بولىدۇ، لېكىن گۆش كۆرۈنمەيدۇ، ئەگەر ماددا كۈچلۈك بولسا ياكى بەدەن توقۇلمىسىنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاجىز بولسا، بۇزۇلۇشلارنىڭ يۈز بېرىش شارائىتى كۆپ بولىدۇ، زەخىمدىن مىقدارى كۆپ ۋە قىيامى سۇيۇق بولغان ھۆللۈك ئاقىدۇ ھەم بۇ ھۆللۈك قانلىق بولىدۇ، ئومۇمەن بۇنىڭدا غىدىقلاش ۋە قوزغىلىش پەيدا قىلغۇچى كۈچ بولىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ ۋە ئاندا - ساندا ھۆللۈك يىرىڭلىق بولىدۇ. زەخىمنىڭ ئەتراپى قېلىن ۋە ئىششىغان بولىدۇ، ئەتراپىتىكى توقۇلمىلاردا ئىششىق ۋە ھۆللۈك سىرغىپ چىقىش كەيپىياتى كۆرۈنىدۇ، زەخىم ئەتراپى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ ۋە چۆرىسى روشەن ھالەتتە ئېگىز بولىدۇ، زەخىم يىلتىزى يەنى ئۇنىڭ تېگى قېلىن ۋە ئىچكى توقۇلما بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئەسلىدە بۇ يۈزەكى ئالامەتلەر ۋە كېڭەيگۈچى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتۇر، بۇ ئاخىرىدا توقۇلمىنى بۇزۇشقا باشلايدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى بىرقانچە ئىش ئۈستىگە مۇجەسسەملەشكەن. ① سەۋەبىنى يوقىتىش؛ ② زەخىم يۈزىنى ھەرخىل تۈردىكى تاشقى غىدىقلىنىشتىن ساقلاش ۋە ھەر خىل

مەينەتچىلىكلەردىن پاك قىلىش، بۇ بۆلەكتە ئىسسىقتىن ئىششىق بولغانلىقتىن، ھەرىكەتتىن ساقلاش ھەمدە بىر ھالەتتە تۇرغۇزۇش مۇمكىن بولسا، بۇ بۆلەكنى ئېگىزرەك قويۇش (مەسىلەن: پۇتتا ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولسا، پۇتنى ئېسىپ ئىششىق بوشىغىچە تۇرغۇزۇش لازىم)، شۇنىڭدەك زەخمىنىڭ ئۈستىگە ئوفۇنەتكە قارشى، ھۆل ئىسسىق ئەشيالارنى قويۇش، مەسىلەن: تەكمىد بۇرقى (بۇنىڭ تەركىبى جاراھەت بايانىدا يېزىلىپ بولدى). ئەگەر زەخمىنىڭ تەركىبلىرى ئىنتايىن ناچار بولسا، زىغىر ۋە كۆمۈر زىماتى ئىشلىتىلىدۇ، ئۈچەيلەرنى يۇمشىتىش ۋە بەدەننىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىنى ئويلاش زۆرۈردۇر. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، يۇمشاتقۇچىلار ۋە يەڭگىل مۇسھىللارنى ئىشلىتىش ئىنتايىن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى دەۋرى (يۆتكىلىش دەۋرى) بۇ بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ھەقىقىي يارا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ ۋە بۇ دەۋرى زەخىم پۈتمىگەن ۋاقىتقىچە تۇرىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئىچىگە گۆش پەيدا بولمىغۇچە تۇرىدۇ، يىغىنچاقلىغاندا، بۇ دەۋردە پۈتۈشنىڭ شارائىتى ۋە تەييارلىقى ھاسىل بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ پۈتۈش دەۋرى (ساقىيىشنىڭ كېڭىيىش دەۋرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالامىتى بۇنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، ئەگەر يارا بولۇش ۋە بۇزۇلۇش پائالىيىتى توختىغان بولسا، زەخىم يۈزى پاكىز بولۇشقا باشلايدۇ ۋە مۇشۇنداق بولىدۇكى، گويا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىرلىق چۈشكەندەك قاقاچ مەلھەم تاڭغان ۋاقىتتا يوقايدۇ ياكى ئۆزلۈكىدىن سۈمۈرۈلىدۇ، ھۆللۈك چىقىش كېمىيىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇ تەركىبلىرى كۆپىيىدۇ، زەخمىنىڭ قارىغا مايىل قىزىللىقى گۈلاب رەڭلىك قىزىللىققا ئۆزگىرىدۇ، چۈنكى قاننىڭ كېلىشى ئاشىدۇ. زەخىم تۈۋى يەنى ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىنمۇ سىرغىپ چىقىش مىقدارى ئازلايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلما زىيادە يۇمشاق بولىدۇ ۋە چاپلاشقاقلىقى ئاز بولىدۇ، زەخىم ئۈستىگە ئورىغۇچى پەردە تەدرىجىي ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى ھالەتكە مۇۋاپىق ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا قىزىل قىزىل نۇقتىلار ئاشكارا بولىدۇ، بۇ نۇقتىلار سان ۋە ھەجىم جەھەتتە چوڭىيىپ ماڭىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ بىرى ئىككىنچى بىرى بىلەن بىرلىشىدۇكى، پۈتۈن زەخىم يۈزى گۆش بىلەن ئورىلىدۇ. بۇ دەرىجىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئەھۋال تولۇق بولىدۇ: ① قاقاچ چۈشىدۇ؛ ② ھۆللۈكتىن زەخىم يۈزى ئورىلىدۇ، بۇ يالغان تېرە شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ؛ ③ يېڭى توقۇلمىدا ھازىر پەيدا بولغان تومۇرلار پەيدا بولىدۇ ۋە ئاندىن كېيىن بۇ گۆش شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

يۇقىرىقى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تولۇق يۈزدە بىردەك تېپىلىشى مۇھىم ئىش ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدە ئىنتايىن ئىختىلاپلار تېپىلىدۇ، لېكىن بەزى

ۋاقىتلاردا بۇ ياخشىلىغۇچى ئۆزگىرىشلەر زەخىمنىڭ تولۇق يۈزىدە بىرلا ۋاقىتتىمۇ پەيدا بولىدۇ، سەۋەبى بۇكى، بارلىق سوزۇلما يارا كېڭەيمەيدۇ ۋە پۈتمەيدۇ، بۇ يۆتكىلىش دەرىجىسىگە كىرىدۇ.

داۋالاش بۇ دەرىجىنىڭ ئىلاجى يارىنىڭ مەۋجۇت ھالەتلىرىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، ئەگەر بۇ ئۆز دەۋرىنى تېزلىك بىلەن ياخشىلاپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىدا دەسلەپكى دەرىجىدە قىلىنىدىغان چارىلەرنى نەزەرگە ئېلىش، يەنى زەخىمنى راھەت ۋە ئارام بىلەن قويۇش، ئۇنى غىدىقلىغۇچى سەۋەبلەردىن قاچۇرۇش لازىم، بۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ چارە ئىنتايىن پايدىلىقتۇركى، تېڭىقلارنى سۈركىلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر مۇھاپىزەت قىلغۇچى نەرسە قويۇش، مەسىلەن: يىپەك رەختنى ياغدا ھۆللەپ زەخىم ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە ئۈستىدىن موم جامە ياكى بەرگى كىلە ۋە باشقىلار بىلەن ئوراپ، بۇنىڭ ئۈستىگە ئاز مىقداردا يۇمشاق پاختا قويۇپ تېڭىق تېڭىلىدۇ، بۇنىڭ پايدىسى زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى ماددىلار بۇ مۇھاپىزەت قىلغۇچىنىڭ ئايرىپ تۇرغانلىقىدىن بەربات بولمايدۇ.

سوزۇلما يارىنى داۋالىغاندا ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈردۇر، بەزى ھالەتلەردە دەستىكار قىلىش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، زەخىملەنگەن ئەزانى ئېگىز ئورۇنغا قويۇپ ئارام ئالدۇرۇش ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئەزانىڭ قان تولۇشى يوقايدۇ، ئەگەر زەخىم بوغۇم ئۈستىدە بولسا، بوغۇم چوقۇم مىدىرلىتىلىدۇ. ئەگەر زەخىم يۈزى ناچار بولسا، كۆمۈر ۋە زىغىر ئۇرۇقى زىماتى ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بۇ يېتەرلىك بولمىسا، ئۇنىڭ يۈزى ئۈستىگە زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق داغلىغۇچى دورا چېپىلىدۇ ۋە مەلھىمى ئەئجاز ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ تۈردىكى زەخىملەردە بېسىمدىن ناھايىتى ئاز پايدىلار ھاسىل بولىدۇ، بەزى ھالەتلەردە ئادەتتىكى تېڭىقنىڭ يەڭگىل بېسىمى يېتەرلىك بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا قوغۇشۇن پارچىسى قويۇپ تېڭىقنى تېڭىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ.

ئەگەر يارىنىڭ گىرۋەكلىرى قېلىن ۋە قاتتىق بولسا، پۈتۈش ۋە ساقىيىش پائالىيەتلىرى توختىغان بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە يارىنىڭ بارلىق يۈزى ۋە ئەتراپىدىكى تېرە داغلىغۇچى دورىلار بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ ياكى يارىنىڭ يۈزىنى بىسلىق سايمان بىلەن قىرىش، ئاندىن كېيىن مەلھىمى سەفىدە ياكى مەلھىمى ئەئجاز چېپىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئەمەل يەڭگىل بولسا ۋە پەقەت گىرۋەكلىرىنى ئادەتتىكىچە قىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولغان بولسا، بىمارنى بىھوش قىلىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، لېكىن ئۆتكۈر ھالەتتە يەنى يارىنىڭ كەڭ يۈزىنى ئوبدان قىرغاندا بىمارنى بىھوش قىلىش زۆرۈردۇر، ئەگەر يارىنىڭ پۈتكۈچى يۈزى كەڭ بولسا، ئەملى تەرقىئى (بوغۇم سېلىش) مۇ قىلىنىدۇ، لېكىن بۇ ئەمەلنى بىر مۇددەتكىچە ئارام ۋە

تىنچلىق بىلەن تۇرۇشىنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

ئاغرىق بولىدىغان يارىنىڭ ئىلاجىدا ئاغرىق ئورنىنى ئىنقىلاپ، سەل يۇقىرى تەرىپىدىكى نورمال بۆلەككە پىچاق بىلەن تۆشۈك ئېچىش مۇناسىپتۇر تاكى زەخىملەنگەن نېرۋا ئۈزۈلسۇن.

ئۈچىنچى دەۋرى بۇ دەۋردە زەخىمنىڭ پۈتۈش پائالىيىتى تولۇق ئاشكارا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يارا يارا پېتى تۇرمايدۇ ھەم ساقايغان يارىنى داۋالاشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ، بەلكى ئۇ يارا بولغاندىن كېيىن جاراھەتتە ياخشىلىنىش بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى گۆش بولىدۇ، بۇ ھەم ئىلتىباس ۋە ئىشتىباھتىن ساقلايدۇ، يەنى بۇنى ياخشى گۆش ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، گۆشنىڭ رەڭگى قىزىل گۈلابى بولىدۇ، بۇنىڭدا قان ئايلانمايدۇ، بۇ گەرچە قانىسىمۇ، لېكىن زىيادە ئاسانلىق بىلەن ئاقمايدۇ.

ھۆللۈك ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭغا قوللىنىلىدىغان چارە ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر يارىنىڭ يۈزى راھەت ۋە ئارام بىلەن تۇرغۇزۇلسا ۋە بارلىق غىدىقلىغۇچىلار ھەم قوزغاتقۇچىلاردىن ساقلانسا، ھۆللۈك پەقەت ساپ سۇغا ئوخشاش بولىدۇ، ئەگەر زەخىمدە ئوفۇنەت بولۇپ، بۇنىڭدا كۆپۈشتۈرگۈچى ئوفۇنەتكە قارشى نەرسىلەر ئىشلىتىلگەن بولسا، زەخىمدە ئادەتتىكى يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

ئەتراپتىكى تېرە يۇمشاق، بوش ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق كەيپىياتىدىن خالىي بولىدۇ، زەخىمدە تېگى ھەرىكەتلەنمەيدۇ، زەخىمنىڭ گىرۋىكى كۆپىدۇ ۋە زەخىم پۈتكەندەك مەلۇم بولىدۇ، بۇنىڭدا ئۈچ خىل رەڭلىك دائىرە كۆرۈنىدۇ، ئىچكى بۆلىكى قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭدا گۆش بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىدە نېپىز يۈزەكى تېرە ياسىغۇچى تەركىبلەر بولىدۇ، بۇ پەقەت ياخشى يورۇقلۇقتا كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتقى تەرىپى باشقا نېپىز دائىرىدىكى توپا رەڭ، ئاپپىلسىن رەڭ ياكى كۆكۈچ بولىدۇ، بۇ يەردىكى گۆشلەر ئۈستىدە يۈزەكى تېرىنىڭ بىرقانچە قەۋەتلىرى بولىدۇ، بۇ يەردە قان ئايلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاجىزلىق ياكى توسالغۇ بولۇپ، بەدەن توقۇلمىسى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ تارىيىشىدىن بېسىم يېتىدۇ، ئۈچىنچى سىرتقى دائىرە ئاق بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ يەردىكى يۈزەكى تېرە بۇزۇلۇپ، ساغلام بۆلەك ئۈستىگە توپلىنىدۇ.

ئەگەر سىرتقى تەرەپتىن يۇمشاتقۇچى نەرسىلەر بىر مۇددەتكىچە ئىشلىتىلسە گۆش رەڭدە ئۆچۈش ۋە كۆپۈش ھەم يۇمشاقلىق بولىدۇ، ۋاقىتلىق پۈتۈش پائالىيەتلىرى توختايدۇ، بۇ تۆردىكى ئەھۋال بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلىغاندا پەيدا بولىدۇ ياكى كۆك قان تومۇرلار كۆپۈشكەن بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بۇنىڭغا قورھە زەئىفە ئۇقۇمى ئىشلىتىلىدۇ، بۇ خىل زەخىمنىڭ كۆپۈشكەن گۆشى ئادەتتە لەھمۇل غەرۇر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۆردىكى ھالەتلەردە

پۈتۈش پائالىيىتى قاتتىق مۇشكۇلاتلارغا توغرا كېلىپ قالىدۇ ۋە ئۇ داغلىغۇچى دورا بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ ياكى ئۇ تىلىپ يوق قىلىنىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ھالەت ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ ۋە يارا سوزۇلما شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ.

داۋالاش كېسەللەنگەن تەرەپنى ئارامدا قويۇش. ئەگەر يارا پاچاقتا بولسا بۇنى ئېسىپ قويماسلىق لازىم، زەخمىنى ساقلاش ئۈچۈن مەلھەملىك تېڭىق لاتىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئاچقاندا، يارا يۈزىگە بىرەر نۇقسان يەتمىسۇن، زەخمىنىڭ باراۋىرىدە پاك - پاكىز موم سۈركەلگەن رەخت پارچىسىنى كېسىپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە پاك - پاكىز لاتا پارچىسى ئوراپ قويۇش لازىم ياكى زەخىم ئۈستىگە مەلھىمى سادىدا ياكى مەلھىمى تەنكار چېپىلىدۇ ۋە ئەگەر گۆش زىيادە كۆپۈشكەن بولسا، بۇنىڭ ئۈستىگە يەڭگىل داغلىغۇچى دورىلار چېپىلىدۇ.

چوڭ جاراھەتلەردە تېز پۈتتۈرۈش ئۈچۈن سىرتقى ياردەممۇ زۆرۈر بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا مۇشۇنداق ۋاقىت كېلىدۇكى، ئارتۇق توقۇلما پەيدا بولۇپ، گۆشنىڭ ئۇزۇقلىنىشىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈش پائالىيىتى توختايدۇ، بۇ توسالغۇلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەمىلى تەرقىئى (پىيوند چاپلاش) ئىشلىتىلىدۇ.

خىرقە (قەدىمكى تېۋىپلار، مەسىلەن: ئوبۇلقاسىم ئىبنى ئابباس زەھراۋى قاتارلىقلار) بۇ رەختنى زەخمىنىڭ مەلھەملىك تېڭىق لاتىسى قىلىشقا ئىشلىتەتتى، بۇ خىرقە دەھمى ياكى خىرقە كەتان دېيىلىدۇ، كەتان ئىنتايىن نېپىز بىر خىل رەختتۇر، بۇنى نېپىز مەلھەمگە ئوخشاش ياكى بۇنىڭدىنمۇ بەك نېپىز دەپ چۈشىنىش لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ بۇ ئۇقۇمنى ئىشلىتىمىز.

ئەمىلى تەرقىئى ئەمىلى تەرقىئىدە ئوخشاش بولمىغان قېلىنلىقتىكى تېرىنىڭ ساغلام بۆلىكىدىن زەخمىنىڭ پۈتكۈچى يۈزى ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ، تۆۋەندە ئۇنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى يېزىلغان.

1. يۈزەكى تېرىنىڭ كىچىك پارچىسىنى كۆچۈرۈش: بۇنىڭ ئۈچۈن تېرە توقۇلمىسىنىڭ كىچىكرەك پارچىسى مىلقەتنىڭ ياردىمى بىلەن تۇتۇلمايدۇ ۋە ئۆتكۈر ئەگمە قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىنىدۇ. بۇ پارچىدا يۈزەكى تېرە (بەشرە) بىلەن ھەقىقىي تېرە (ئەدمە) نىڭ ئاز بۆلىكى زۆرۈر بولۇشى لازىم، بۇ يۈزىدىن چىقىرىلىپ بۇ جايدا تەدرىجىي بىر - ئىككى قان توپلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ پارچىنى سىلىقلىق بىلەن زەخىم ئۈستىگە قويۇپ پاكىز، ساپ موم سۈركەلگەن رەخت بىلەن ئوراپ قويۇلىدۇ. بۇمۇ مۇمكىنكى، بىر ۋاقىتتا بۇ تۈرگە بىر قانچە پارچىمۇ چاپلىنىدۇ ۋە پۈتۈن زەخىم ئۈستىگە مەلھەملىك تېڭىق قىلىپ بۇ ساقلىنىدۇ، ئەگەر زەخىم يۈزىدە ھۆللۈك زىيادە بولسا، بۇ يەرگە پىيوند چاپلىماسلىق لازىم. ئەكسىچە ئەگەر زەخىم يۈزى ياخشى بولغان بولسا، پىيوند پارچىلىرىنى چاپلاش غەلىبىلىكتۇر.

2. يۈزەكى تېرىنىڭ چوڭ پارچىسىنى كۆچۈرۈش: بۇ ئۇسۇلدا يۈزەكى تېرىنىڭ چوڭ - چوڭ پارچىلىرى ئۇستىرا بىلەن ئاجرىتىلىدۇ ۋە يېڭى جاراھەت ئۈستىگە ھەم زەخىمنىڭ يۈزىنى قىرىپ يېڭى يۈز ياساپ بۇ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ، لېكىن دەسلەپتە بېسىم بېرىپ قاناش توختىتىلىدۇ، ئۇستىرا بىلەن يۈزەكى تېرىنى ئالغاندا ھوشيارلىق بىلەن ئىش قىلىش زۆرۈركى مۇمكىن بولسا يۈزەكى تېرە نېپىز ئاجرىتىلىدۇ، نېپىز يۈزەكى تېرىنى ئاجراتقاندىمۇ ئازراق قان چىقىدۇ، يىپوند پارچىلىرى بۇ قانلىق يۈز ئۈستىگە قويۇلىدۇ تاكى تېرە بۇ قان بىلەن ھۆل بولسۇن. بۇ پارچە بۇ ئۇسۇل بىلەن چاپلىنىدۇكى، بۇ بىرى يەنە بىرى بىلەن ئۇدۇل كەلتۈرۈلىدۇ ۋە زەخىم گىرۋەكلىرىمۇ جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ پارچىلارنىڭ گىرۋەكلىرى ئىچى تەرەپكە ئېگىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش زۆرۈردۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ پاك سۈزۈك رەخت پارچىسى بىلەن تېڭىپ قويۇلىدۇ، بەزى دەستىكار قىلغۇچىلار ھازىرغىچە ئۇ پارچىلارنى موم سۈركەلگەن رەخت ياكى كۈمۈشنىڭ نېپىز پارچىسى بىلەن يۆگەپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئادەتتە زەخىمنى بىر قانچە كۈنگىچە ئېچىش ۋە قاراشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، بىلەك ۋە ئۇنىڭ سىرتقى تەرىپى تېرە پارچىلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ياخشىراق ئورۇندۇر، ئۇ پارچىلارنى چىقارغاندىن كېيىن بۇ ئورۇندا زەخىم پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە موم قويۇپ تازىلانغان رەخت پارچىسى بىلەن تېڭىپ قويۇلىدۇ، ئەگەر ئۇستىرا تېرە ئاستى توقۇلمىسىغىچە يېتىپ بارمىغان بولسا، بۇ زەخىم ناھايىتى تېز ياخشى بولىدۇ، پىيوند پۈتكەندىن كېيىن بۇ تاتۇق شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇ ئومۇمەن يۇمشاق ۋە يېقىشلىق بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا تارىيىش بولمايدۇ، بۇ ئادەتتە زەخىم نىشانلىرىدا بولىدۇ.

3. تېرىنىڭ پۈتۈن قېلىنلىقىنى كۆچۈرۈش: بۇ ئۇسۇلدا پىيوند قانچىلىك زۆرۈر بولسا، بۇ مىقداردىن چوڭ ئېلىنىدۇ، چۈنكى بۇ كېيىن قىسقىراپ كىچىكلەپ قالىدۇ. بۇ پارچىلاردىكى تېرە ئاستى بارلىق توقۇلما ۋە ماي يوقىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زەخىمنىڭ يېڭىلانغان يۈزىدىكى گۆشلەرنى قىرغاندىن كېيىن چاپلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇقىملاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ. بۇ دەستىكار زەخىمسىنىڭ يېڭى يۈزىگىمۇ چاپلىنىدۇ.

يارىنىڭ تۈرلىرى خاس ماددىدىن پەيدا بولغۇچى يارىلار، مەسىلەن: سىفلىس يارىسى، سىل ماددىسى يارىسى ۋە باشقىلارنىڭ بايانى، ئۇ ماددىلاردىن پەيدا بولغۇچى كېسەللىكلەر بايانىدا سۆزلەندى.

يامان سۈپەتلىك يارىلار ئەگەر يارىلار يامان سۈپەتلىك بولسا، مەسىلەن: قۇرۇھە ئاكىلە، قۇرۇھە سەرتانىيە ۋە سىقروسىيە ۋە باشقىلارنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا سۆزلەندى.

سەمەرقەندى: ئاددىي يارا بىلەن، زەخىمنىڭ پۈتۈشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمايدۇ، مەيلى ئۇ سەۋەب تۈرىدىن پەيدا قىلغان بولسۇن. مەسىلەن: كېرەكسىز چىقىرىلمىلار ۋە ماددىلارنىڭ زەخىم تەرەپكە ئېقىپ كېلىشى بولسۇن، مەيلى كېسەللىك تۈرىدىن بولسۇن، مەسىلەن: مىزاج بۇزۇلۇش، تەركىبىي كېسەللىك، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش كېسەللىكى، مەيلى ئۇ ئەگەشمە كېسەللىك تۈرىدىن بولسۇن، مەسىلەن: ئاغرىق ۋە گۆشىنىڭ قارا بولۇشى (قىسقىسى بىرەر ئىش پۈتۈشكە توسقۇنلۇق قىلمىسۇن) قاتارلىقلار بولسا، مۇشۇنداق زەخىمنىڭ ئىلاجىدا نەزەرگە ئېلىنىدىغىنى جاراھەت زەردابتىن قۇرۇق قىلىنىدۇ ۋە قاقاچتىن پاكىز قىلىنىدۇ، زەرداب ۋە قاقاچ بۇ زەخىم ئىچىگە يېتىپ كەلگەن غىزادىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئەزا بۇ غىزانى ھەزىم قىلىش ۋە ئۇنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشتىن ئاجىز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۇيۇق بۆلىكى زەرداب بولىدۇ، قويۇق قىسمى قاقاچ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، قاقاچ يەنى بىر قويۇق ئۇيۇغان نەرسە ئاق رەڭ ياكى يېشىلغا ئوخشاش قارىغا مايىل بولىدۇ.

قانۇن (1) ئەگەر زەخىمنىڭ ئىچىدە ھۆللۈك ئاز بولسا، بەزىدە ئۇنى قۇرۇتىش ۋە پاكىزلاش ئۈچۈن سىركە، شاراب ۋە ھەسەلنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇش يېتەرلىك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە كونا پاختا تولدۇرۇلىدۇ، بۇ كونا پاختا يارىنىڭ ئىچىدە ھەر كۈنى پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ ۋە قاقاچنى تولۇق ئىلغاپ زەخىمنى ئۇنىڭدىن پاكىز قىلىدۇ، مۇشۇنداق قىلىش بىلەن يارا ئۆزلۈكىدىن پۈتىدۇ، تىكىش ۋە باشقا پۈتتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كونا پاختىنى گۈل يېغىدا ھۆللەپ زەخىم ئىچىگە ھەمىشە قويۇلىدۇ ۋە پاختىنىڭ مىقدارى كۈنسېرى ئازايتىلىدۇ، بۇ پاختا زەخىم قۇرۇپ يەرلىك ئورۇنىنىڭ گۆشى قاتتىقلاشقانغا قەدەر قويۇلىدۇ.

قانۇن (2) ئەگەر يارا، ھۆللۈك ۋە قاقاچ زىيادە بولغان بولسا، بەزىدە تازىلىغۇچى ۋە ھۆللۈك قۇرۇتقۇچى مەلھەملەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. مەسىلەن: بۇ مەلھەم مەدەستان، زەيتۇن يېغى، سىركىدە مۇدەببەر قىلىنغان زەرچۇۋە بىلەن تەييارلانغان بولسۇن.

قانۇن (3) ئەگەر يارا ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ بەدىنىدە بولسا، بۇنىڭغا يۇقىرىقى مەلھەملەر چېپىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا موزا، ئانارگۈلى، زەمچە، ئىقلىمىيا، سەۋسەن يوپۇرمىقى ۋە ئازراق زەنگار قاتارلىق ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار قوشۇلىدۇ.

قانۇن (4) ئەگەر يارا چوڭقۇر بولسا، كۈچلۈك ھۆللۈك قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى زەرۇرات ۋە مەلھەملەرنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولىدۇ،

مەسلەن: سەبرە، مۇرمەككى، كۈندۈر، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلاردىن ياسالغان زەرۇرلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسلەن: مەدەستانىنى ئېلىپ بۇنىڭغا ئۈچ ھەسسە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، ئەگەر بۇ قويۇلغان بولسا، بۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، بەھروزە، كۈندۈر، زۇپتى رۇمى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان مەلھەملەر چېپىلىدۇ.

مۇلەھھەم (پۈتتۈرگۈچى، گۆش ئۆندۈرگۈچى) دورىلار زەخمىنىڭ ئىككى لېۋىنى ئۆزىنىڭ چاپلاشقاقلىقى سەۋەبىدىن چاپلاشتۇرىدۇ.

قانۇن (5) ئەگەر زەخمىنىڭ ئېغىزى تار بولسا، ئۇنىڭ ئىچىگە مەلھەملەرنى شامچىلار ئارقىلىق كىرگۈزۈش، تاكى دورا چوڭقۇرلۇقچە يېتىپ بېرىپ زەخمىنى پاكىزلاپ گۆش پەيدا قىلىدۇ ۋە بۇنى پەرەز قىلىش لازىمكى، ئىچىدە زەخىم قىلىپ ئېغىزى پۈتۈپ قالمىسۇن، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا چوڭقۇرلۇق ئىچىدە يىرىڭ ۋە قاقاچ توپلىنىپ قالىدۇ، بۇنى كېيىن يېرىپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، زەخىم ئىچىگە ياغ بىلەن ھۆللەنگەن پاختا قويۇلىدۇ، تاكى بۇ ئورۇنغا گۆش تېگىدىن تولۇپ چىقسۇن ۋە تېرىنىڭ يۈزى بىلەن باراۋەر بولسۇن، چۈنكى پاختا مەۋجۇت بولغان ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈش بىلەن زەخمىنىڭ ئىككى لەۋلىرى ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن زەخىم لەۋلىرى بىرلىشەلمەيدۇ.

قىيىندا پۈتكۈچى يارا (قۇرۇھى ئۇسرەتۇل ئىندىمال)

قۇرۇھى خەيرونىيەمۇ تەستە پۈتىدىغان يارىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، قۇرۇھى خىرونىيە دەپ ئىنتايىن ناچار ھەمدە تەسلىكتە تامامەن پۈتىدىغان يارىغا ئېيتىلىدۇ. جالىنۇس شەرھىي پوسۇلدا: «قەرھە خىرونىيە بۇ شەخس تەرەپكە مەنسۇپتۇر. بۇ رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇرۇندىلا بۇ شەخسنىڭ بەدىنىگە بۇ تۈردىكى زەخىم پەيدا بولغانىدى ۋە ئۇ شەخس خەيرۇن تېۋىپتۇر»، دەپ يازغان، بۇنىڭغا ئاساسەن جالىنۇس «ھىيلەتۇل بەررى» دېگەن كىتابىدا يازغانكى، بەزى يارىلارنىڭ نامى شۇ يارىنى تۇنجى قېتىم داۋالىغان كىشىنىڭ نامى بىلەن قويۇلىدۇ. خۇددى ئۇ زەخىم خىرون نامى بىلەن مەشھۇر بولغانغا ئوخشاش. جالىنۇسنىڭ بۇ ئىككى بايانلىرىدا گەرچە ئاشكارا ئىختىلاپ مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ بايانلاردا بىرەر قارشىلىق يوق، چۈنكى بۇ تېۋىپ توغرىسىدا بۇمۇ مەشھۇركى، ئۇ بۇ زەخىمگە بۇرۇندىنلا گىرىپتار بولغانىدى ۋە بۇ مەشھۇر بولغانكى، بۇ زەخمىنى داۋالاشتا، ئۇ غەلىبە قازانغان ۋە بۇ

ئۇنىڭ تۇنجى داۋالىغۇچىسىدۇر.

تەستە ساقىيىشنىڭ سەۋەبلىرى....

سەۋەبى   بۇ تۈردىكى زەخىملەرنىڭ تەستە پۈتۈشىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك:

1. قان ئازلىق ... ئۇ بەدەندە قاننىڭ ئاز بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ يوقالغان توقۇلمىلارغا ئۆزگىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ماددىدۇر. بۇنىڭدىن زەخىم پۈتۈشى مۇمكىن، چۈنكى بەدەندىكى ھەربىر نەرسە ئۈچۈن بىر پائىل يەنى تەسىر قىلغۇچى سەۋەب ۋە بىر قابىل يەنى ماددا زۆرۈردۇر، مەسىلەن: بۇ يەردە پائىل بولسا، بەدەندىكى كۈچلەردۇر (ئۇ مۇناسىپ ماددىلارنى تېپىپ توقۇلمىغا ئۆزگەرتىدۇ)، قابىل ياخشى قاندۇر، بەدەندىكى قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدىن توقۇلمىغا ئۆزگىرىدۇ). بۇنىڭ سەۋەبى زەخىملەرنىڭ پۈتۈشى گۆشتىن خالىي بولغان ئەزالاردا ۋە ياشانغانلاردا قىيىن بولىدۇ (نەفىيس).

ئالامىتى: زەخىمنىڭ ئىچى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدە قىزىللىق ئاز بولىدۇ، ئىششىق بولمايدۇ، يارا قۇرۇق بولىدۇ، بەدەن ئورۇق ۋە ئۇنىڭدا قان ئاز بولىدۇ.

داۋالاش   ئۇلاش ئارقىلىق قان سۈمۈرۈش شۇ يەرگە كېلىشى ئۈچۈن زەخىملەنگەن ئەزالارنى ئۇلاش تاكى ئۇلاش سەۋەبىدىن قان سۈمۈرۈلۈپ بۇ يەرگە كەلسۇن ۋە ئىسسىق سۇغا رەختنى چىلاپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىمارغا كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەلھىمى ئەسۋەد ئىشلىتىلىدۇ، بۇ زۇپتى، ئۇد خام، شېكەر، زەيتۇن يېغى ۋە كالىنىڭ پاچاق سۆڭەك يىلىكىدىن تەييارلانغان بولسۇن. ھەر تەرەپتىن قاننى تارتىپ گۆش پەيدا قىلىدۇ.

قىزىق سۇدا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش: سۇنىڭ قىزىقلىقى بىلەن قان سۈمۈرۈلۈپ بۇ يەرگە كېلىدۇ، لېكىن قىزىق سۇ بىلەن زىيادە مۇددەتكىچە ئىسسىق ئۆتكۈزمەسلىك لازىم، ئەزادا قىزىقلىق ئاشسا ۋە كۆپۈشسە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشنى توختىتىش لازىم ۋە بۇ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش زىيادە ئىسسىق بولۇشى لازىم.

2. رەدائەتۇددەم   بەدەن قېنىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قان يارا تەرەپكە كېلىدۇ ۋە گۆشكە ئۆزگىرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ زەخىم ئىچىدە قاقاچ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى   بەدەن سېمىز بولىدۇ ھەمدە بەدەننىڭ رەڭگى قوغۇشۇندەك ئاق بولىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى بولغان شەرت ئاستىدا.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى تالىنىڭ مىزاجى بۇزۇلغانلىقىدىن بولسا، بەدەننىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ ۋە قارا قارا نۇقتىلار تېپىلىدۇ.

داۋالاش   قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق بەدەندىن بۇزۇلغان قان، ناچار

ماددىلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ۋە جىگەر، تالىنىڭ مىزاجىنى ياخشىلاش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

3. قۇۋۋەت ئاجىزلىق ئەزانىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا، بۇ ئورۇنغا كەلگەن غىزانى مۇناسىپ قوبۇل قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىرقانچىدۇر:

(1) ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەدەن ياكى ئەزادا ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولغان بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى: بۇ ئورۇندا قىزىللىق، كۆپۈشۈش ۋە ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈر بولغانلىقىدۇر.

داۋالاش بىرەر مۇناسىپ تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە زۆرۈرىيەتكە قاراپ قان چىقىرىلىدۇ، سوغۇق غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سوغۇق مەلھەملەر چېپىلىدۇ. مەسىلەن: مەلھەمى سەفىد. بۇ، سىركە، مەدەستان ۋە زەرچىۋەدىن تەييارلانغان بولسۇن. تىلائى نەرد يارا ئەتراپىغا چېپىلىدۇ ۋە قۇرۇق سەندەلنى يۇمشاق ئېزىپ باشنىڭ كەينىگە چېپىلىدۇ.

(2) سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەدەندە سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولغان بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بەدەننىڭ رەڭگى كۆكۈچ بولىدۇ، چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇچۇق قىزىل قان ئاز بولىدۇ ۋە ھارارەت كەم بولىدۇ.

داۋالاش مىزاجدا ئىسسىقلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىسسىق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: گۆش سۇيى، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن بېرىلىدۇ. تازىلانغان قۇرۇق ئەنجۈر ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەلھەمى باسلىقۇن ۋە مەلھەمى سىياھ چېپىلىدۇ.

مەلھەمى باسلىقۇن: زۇپتى، ئۇد خام، بەھروزە، موم، زەيتۇن قاتارلىقلاردىن ياسالغان بولسۇن.

مەلھەمى سىياھ: مەدەستاننى زەيتۇن يېغىدا قارا بولغۇچە قاينىتىپ، ئاندىن بۇنىڭغا كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، ئەنزىرۇت قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

(3) ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەدەندە ھۆل مىزاج پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن ئۇزۇقلاندۇرۇش پائالىيىتى بۇزۇلغان بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتىدە يارىدا ھۆللۈك ۋە سۇ كۆپ بولغان بولىدۇ ھەمدە بۇ جاينىڭ گۆشى بوش بولىدۇ.

داۋالاش ھېلىلە ۋە تۇربۇت ئارقىلىق تەنقىيە قىلىنىدۇ، قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: پاختەك كاۋپى، قۇرۇلغان گۆش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەلھەم چېپىلىدۇ. بۇنىڭدا ھۆللۈك قۇرۇتقۇچى دورىلار بولسۇن ۋە قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى ناھايىتى زىيادە بولغان مەلھەم چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بۇ ئانارگۈلى، موزا، زەرچىۋە، كۆيدۈرۈلگەن مىس، شىڭگىرف، زەمچە، ئىقلىمىيا قاتارلىقلارنى يۇمشاق قىلىپ، زەيتۇن يېغى ۋە سىركىدە مەدەببەر

قىلىنغان مەدەستانغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

(4) قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەزى ئورۇندا پۈتۈشنىڭ سەۋەبى قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ.

ئالامىتى يارا قۇرغاق بولىدۇ.

داۋالاش ئىلمان سۇ ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ھالۋىلار، مايلىق شورپا، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، بۇ يارىنىڭ ئىلاجى ھۆللۈكنى زىيادە قۇرۇتمايدىغان دورىلار بىلەن قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئۇ دورا تەنكار تالقىنىدىن ياسالغان بولسۇن.

4. قاتقان گۆش بەزىدە زەخىم بۇ سەۋەبتىن ئۇزۇندا پۈتىدۇكى، يارىنىڭ گىرۋەكلىرى ئۈستى ياكى ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق گۆش بولىدۇ، بۇ يارا ئەتراپىنىڭ بىرلىشىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئالامىتى بۇكى سىيلاش بىلەن (تۇتۇش بىلەن) گۆش قاتتىق مەلۇم بولىدۇ. ئۇ قاتتىق گۆش يارا ئېغىزى ئۈستى ياكى بۇنىڭ بىلەن يېقىن بولغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر ئۇ قاتقان گۆش چوڭقۇر قىسمىدا بولسا، مەجەس سايمىنى ئارقىلىق تۇتۇش بىلەن مەلۇم بولىدۇ. مەجەس بىر خىل يىڭنە بولۇپ، ئۇنى زەخىملەرنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە باشقىلارنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

داۋالاش مەجەس سايمىنىنىڭ بېشى بىلەن ئۇ يوقالغان چاغقىچە سۈركىلىدۇ ياكى سايمانلار بىلەن كېسىۋېتىلىدۇ، گۆش زىيادە قاتتىق ۋە ئۇيۇل بولغان شەرت ئاستىدا ياكى ئۆتكۈر ۋە يېگۈچى دورا بىلەن گۆشى يوقىتىلىدۇ، مەسىلەن: پەلدىپيۇن، دىگبەردىگ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ گۆش زىيادە چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، سايمانلار بۇ جايغىچە يېتىپ بارالمايدىغان شەرت ئاستىدا. ئاندىن كېيىن يارىنىڭ ئىلاجى بۇ گۆش پەيدا قىلغۇچى مەلھەملەر بىلەن داۋالىنىدۇ.

5. بۇزۇلغان سۆڭەك بەزىدە زەخىم زەخىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا بۇزۇلغان سۆڭەك بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇزۇندا پۈتىدۇ، بۇنىڭدىن ھەمىشە زەخىمنىڭ پۈتۈشىگە توسالغۇ بولىدىغان يىرىڭسىمان ھۆللۈكلەر ئېقىپ تۇرىدۇ ۋە ئەزانى مۇناسىپ ئوزۇقلاندۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ غىزامۇ يىرىڭغا ئايلىنىدۇ.

ئالامىتى بەزىدە بۇ زەخىم پۈتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قايتىلىنىدۇ ۋە بۇ يېڭى گۆش پىشىدۇ ھەم بۇنىڭدىن سۇيۇق سېسىق پۇراقلىق زەرداب سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر

يىڭنىنىڭ بېشى يارىغا كىرگۈزۈلسە، ئاسانلىق بىلەن ئۆتۈپ سۆڭەككىچە يېتىپ بارىدۇ، چۈنكى گۆش يۇمشاق ۋە بوش بولىدۇ، ئۇ ئومۇمەن بۇزۇلىدۇ ۋە بەزىدە سۆڭەكنىڭ يىرىكلىكى مەلۇم بولىدۇ، بۇ سۆڭەك پەردىسىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يوقىلىشى سەۋەبىدىن مەجەسىنىڭ بېشى سۆڭەككە يېتىپ بارىدۇ.

داۋالاش بۇ ئورۇنغا سۆڭەككە يېتىپ بارغۇچە تۆشۈك ئېچىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەن گۆشنى يەيدىغان ئۆتكۈر دورا (يېگۈچى دورا) قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەگەر بۇ ئورۇن بۇ دورا بىلەن قاقاچقا ئوخشاش بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرىق ياغ ئىسسىتىپ قويۇلىدۇ، بۇ ناچار ۋە كۆيگەن گۆش چۈشۈپ كەتكەنگە ۋە ئاخىرىدا سۆڭەك ئاشكارا بولغانغا قەدەر چېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن سۆڭەك بۇزۇلغان قاسراقچىلار چۈشۈپ، ساغلام سۆڭەك چىققانغا قەدەر سۈركىلىدۇ. لېكىن بۇ پۈتۈن سۆڭەك بۇزۇلمىغان ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى ئىنتايىن نېپىز ۋە ئۆتكۈر ھەرە بىلەن كېسۋېتىلىدۇ ياكى سۆڭەككە يېقىن پاراللېل ھالەتتە سۆڭەكنىڭ تۆت ئەتراپىدىن نۇرغۇنلىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تۆشۈكلەرنىڭ ئارىلىقىنى بىرەر ئۆتكۈر سايمان بىلەن سۆڭەكنىڭ قانچىلىك بۆلىكى بۇزۇلغان بولسا ۋە بۇنىڭ رەڭگى قانچىلىك ئۆزگەرگەن بولسا، شۇنچىلىك كېسىۋېتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇنىڭ ئۈستىگە گۆش پەيدا قىلغۇچى سېپىلما دورىلار سېپىلىدۇ، يەنى بۇ مۇرەككى، سەبرى ۋە كۇندۇردىن ياسالغان بولسۇن.

6. ئوفۇنەت ۋە مەينەتچىلىك بەزىدە يارا بۇ سەۋەبتىن ئۇزۇندا پۈتىدۇكى، بۇ پاسكىنا ۋە ناچار (مەينەت، ئوفۇنەتلىك يارا) قان بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ بۇزۇلغان ھۆللۈك بىلەن بىرلىشىپ بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قاندىن ئەزا توقۇلمىسى پەيدا بولمايدۇ.

ئالامىتى يارا قارا بولىدۇ ھەمدە ئۇ كېڭىيىدۇ.

داۋالاش كاسىنە شاخلىرى، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، ئىتئۈزۈمى، ئازراق سېرىقياغ ۋە بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇزۇلغان گۆش بوشاپ چۈشكەنگە قەدەر زىمات قىلىپ چېپىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىزاجدا پەسىيىش پەيدا قىلىش ۋە ناچار خىلىتتىن بەدەننى تەنقىيە قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا ياردا كۆيۈشۈش ۋە قىزىقلىق بولسا، بۇنىڭدىن سېرىقسۇ ئاقسا ۋە ئەتراپىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولسا بىلىش لازىمكى، بۇ يەرگە سەپراۋى ۋە ئۆتكۈر قان كەلگەن بولىدۇ، ئەگەر ئەتراپىنىكى توقۇلما قارىغا مايىل ۋە قاتتىق بولسا ۋە بۇ يەرنى تۇتۇش بىلەن زىيادە ئىسسىقلىق سېزىلمىگەن بولسا، بىلىش لازىمكى قان سەۋداۋىدۇر، ئەگەر ئاققا مايىل بولسا بىلىش لازىمكى، قان بەلغەمى شور بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەربىر خىلىتقا مۇناسىپ ئىستىفراغ قىلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئەگەر بۇزۇلغان گۆش چۈشۈپ كەتكەن بولسا، مەلھىمى زەنگار ۋە سېرىقماي

سۈركىلىدۇ، ھەتتاكى يارا ئۇ بۇزۇق تەركىبلەردىن تامامەن پاك ۋە ساپ بولسۇن، بۇ ھازىرغىچە بىرقەدەر قارىلىقنى ئالغانلىقى مەۋجۇت بولسۇن ھەمدە قىزىل ۋە ساغلام گۆش كۆرۈنسۇن، ئاندىن كېيىن گۆش پەيدا قىلغۇچى مەلھەم چېپىلىدۇ.

7. سۇ تەركىبلىرىنىڭ كۆپلۈكى بەزىدە زەخىم ئۇزۇندا پۈتۈشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، گۆشتە ھۆل‌لۈك ۋە قاقاچ كۆپتۇر، بۇنىڭدا ئوفۇنەتلىك بۇزۇلۇش بولمايدۇ، يۇمشاق بۇزۇلۇش بولۇپ، زەخىم ئىسسىقا بولغۇچىلارنىڭ بەدەن كەيپىياتىغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، گۆشنى يېگۈچى دورا ۋە سىرىقماي بىلەن يوقىتىلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتقىچە ساغلام ۋە كۈچلۈك گۆش ئىچىدىن چىقسۇن، ئاندىن كېيىن تولدۇرغۇچى دورا ئىشلىتىپ زەخىم تولدۇرۇلىدۇ.

8. دەۋالى بەزىدە يارا بۇ سەۋەبتىن پۈتمەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە دەۋالى يەنى چوڭ - چوڭ كۆپۈشكەن تومۇرلار بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆپلەپ ھۆل‌لۈك يېتىپ تۇرىدۇ ۋە يارىنى تولدۇرمايدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى بىلەن ئىچ سۈرگۈزۈلىدۇ، غىزاسى تەڭشىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ كۆپكەن تومۇرلاردىن قان ئېلىنىدۇ، تاكى ئۇنىڭ قېنى چىقسۇن ۋە يارىغا بۇنىڭدىن ھۆل‌لۈك يەتمىسۇن.

9. مۇۋاپىق بولمىغان دورىلارنى ئىشلىتىش بەزىدە زەخىمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان دورىلار ۋە مەلھەملەرنى ئىشلىتىش سەۋەبىدىن پۈتمەيدۇ. ئەگەر مەلھەملەر زىيادە ئىسسىق بولسا ۋە يارىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىقلىق پەيدا قىلغان بولسا، بۇ يەرگە ماددىلار كۆپلەپ تارتىلىپ كېلىدۇ ۋە ئەزانىڭ ئىچىدە شۇنچىلىك كۆپ ماددىلار خىزمەت قىلالمايدۇ.

ئالامىتى يارىدا قىزىللىق، كۆيۈشۈش ۋە ئىششىق زىيادە بولىدۇ، بۇ ھالەتتە سوغۇق مەلھەملەرنى ئىشلىتىش مۇناسىپتۇر.

ئەگەر دورىلار بۇ جايدا (سوغۇق بولۇشى سەۋەبىدىن ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ) بولسا، بۇنىڭ بىلەن قۇۋۋەتلەر ئاجىز ۋە سۇس بولىدۇ، بۇ يەرگە غىزا سۈمۈرۈلۈپ كېلەلمەيدۇ ۋە بۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلالمايدۇ.

بۇنىڭ ئالامىتى يارا سوغۇق بولىدۇ، كۆكىرىدۇ ۋە قاتتىقلىشىدۇ.

بۇ ھالەتتە مەلھىمى سىيالە چېپىلىدۇ. بۇ ئىسسىقلىقى بىلەن غىزانىمۇ سۈمۈرىدۇ.

تەنقىيەنىڭ ئازلىقى ئەگەر مەلھەملەر يېتەرلىك ھالەتتە تازىلىيالماسلىق سەۋەبىدىن يارا پاكىزلانمىغان بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى زەخىمدە قاقاچ بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇزۇلغان ۋە بوشاشقان گۆش بولىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا ياخشى تازىلاش خۇسۇسىيىتى بولغان مەلھەملەر چاپلىنىدۇ، مەسىلەن: مەلھەمى زەنگار، ھەسەل ۋە باشقىلاردىن تەييارلانغان بولسۇن.

ھۆللۈك قۇرۇتقۇچى دورىلارنىڭ كەملىكى ئەگەر دورىلار زەخىم ھۆللۈكىنى يېتەرلىك قۇرۇتمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى، يارىدا ھۆللۈك ۋە زەرداب سۇ زىيادە بولىدۇ، يارا بوش بولىدۇ، بۇنداق ھالەتتە يۇتتۇرگۇچى مەلھەملەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا قورۇش كۈچى يېتەرلىك بولسۇن، مەسىلەن: بۇ مەلھەم ئانارگۈلى ۋە موزىدىن تەييارلانغان بولسۇن.

غىدىقلىغۇچىلارنىڭ زىيادىلىكى ئۆتكۈر كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغان دورىلار زەخىمگە چاپلىنىدۇ ۋە بۇ دورىلار ئۇنىڭ گۆشنى يوقىتىشقا باشلايدۇ، يەنى گۆشنى ئېرىتىپ زەرداب سۇغا ئوخشاش سۇيۇق ۋە ئېقىشچان ھۆللۈك شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنى كۆپىنچە نادان كىشىلەر يىرىڭ دەپ چۈشىنىشكە باشلايدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېۋىپ تازىلىغۇچى دورىلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ، ھالبۇكى بۇ ئىككىسى پەرقلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ قانچىلىك سېرىق بولسا ۋە قويۇق قاقاچ ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن بولسا، بىلىش لازىمكى، بۇ زەرداب گۆشنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولمىغانلىقىدۇر، ئەگەر ئۇ سۇيۇق، قىزىل بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە زەخىمدە ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش بولسا بىلىش لازىمكى، ئۇ گۆشنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئاغرىق، ئىششىق ۋە ھارارەت زىيادە بولىدۇ، يارا ھەر كۈنى چوڭىيىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە نورمال مەلھەملەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈك ۋە ھارارەت بولمىسۇن.

10. ماددىلار ۋە چىقىرىندىلار بەزى زەخىم بۇ سەۋەبتىن پۈتمەيدۇكى، بەدەن كېرەكسىز چىقىرىندىلار ۋە ماددىلار بىلەن تولۇپ، ئۇلار يارا تەرەپكە كۆپلەپ بېرىپ تۇرىدۇ، بۇ تۇردىكى يارىنىڭ نامى قۇرھە ۋەزىرە (قاقاچلىق زەخىم) دۇر، چۈنكى بۇنىڭدا قاقاچ كۆپلەپ بولىدۇ.

ئالامىتى بۇنىڭدا ھۆللۈك كۆپلەپ بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن بۇ ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ھېلىلە قايىنتىلمىسى بىلەن بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن زەخىمنىڭ ئىلاجى ھۆللۈكنى ئىنتايىن قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن قىلىنىدۇ، تاكى ئۇنىڭ ھۆللۈكى تېز قۇرۇسۇن.

ئاقما (ناسۇر، جىب)

بۇ بىر ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ يېرىلىشى ياكى يېرىلغاندىن (تۆشۈك ئېچىلغاندىن) كېيىن تولۇق پۈتمىسە باشلىنىش ئورنى ۋە سىرتى بىلەن مۇناسىۋەت تۇرغۇزغان

بولسا، بۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش ناسۇر (ئاقما) ياكى جىب (خالتا) دەپ ئاتىلىدۇ.

ناسۇر ۋە جىبتا پەرق شۇكى، جىبتا ئاقمىنىڭ بىر بېشى توسۇلغان، يەنە بىر بېشى ئېچىلغان بولىدۇ، ئاقمىدا غەيرىي تەبىئىي يول ئىككى بوشلۇقنىڭ ئارىلىقىدا ياكى بىر بوشلۇق ۋە بىر سىرتقى يۈز ئارىلىقىدا بولىدۇ.

جىبنىڭ كانىلىدا گۆشسىمان ئەستەر بولىدۇ، بۇنىڭ ھۆللۈكى يىرىڭ ياكى پەقەت سۇ بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ پۈتمەي قېلىشىدىن ناسۇر شەكىللەنگەن بولسا، ناسۇر دىۋارلىرىنىڭ سىرتقى بۆلىكى بەدەن سىرتقى توقۇلمىسىدىن شەكىللىنىدۇ ۋە دىۋارلارنىڭ ئىچكى بۆلىكى ئۈستىدە تەخمىنەن ساغلام گۆشنىڭ بىر پارچىسى بولىدۇ.

ئەگەر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق سىل تۈرىدىن بولسا، ئىچكى ئەستەردە سىل ماددىسىنىڭ قاپارتمىسمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، ئەگەر ناسۇرنىڭ كانىلى كىچىك بولسا، ئۇنىڭ دىۋارى ئۈستىدە يۈزەكى تېرىنىڭ ئەستىرى ئۆرلەيدۇ، ئەگەر بۇ ھالەت بولغان بولسا، ناسۇرنىڭ توسۇلۇشىنىڭ بىرەر ئىمكانىيىتى بولمىسا، يۈزەكى تېرىنىڭ بۇ ئەستىرىنى يوق قىلىۋەتمەسلىك لازىم.

جىب ۋە ناسۇر نېمە ئۈچۈن پۈتمەيدۇ؟ ناسۇر ۋە جىبنىڭ پۈتۈشىدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قاتتىق دىشۋارلىق يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) زەخىم چوڭقۇرلۇقىدا بىرەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان قوزغاتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، مەسىلەن: رەخت پارچىسى ياكى تۈگۈن ياكى يىپنىڭ پارچىسى (بۇ سۈمۈرۈلمەيدۇ) يىپەك يىپ ياكى كۈمۈش سىم ياكى بىرەر ناچار توقۇلما ياكى سۆڭەكنىڭ ئۆلگەن بۆلىكى (رەمىمە) بولغان بولىدۇ.

(2) قوزغاتقۇچى ماددىلارنىڭ بىرەر غەيرىي تەبىئىي يول بىلەن چىقىپ، كېسەللەنگەن ئورۇندا غىدىق پەيدا قىلىشى، مەسىلەن: سۈيدۈك، چوڭ تەرەت ۋە مەينەت يىرىڭ ۋە باشقىلار.

(3) يارىنىڭ بىرەر چوڭقۇر بوشلۇقىدىن ماددىلارنىڭ تولۇق ھالەتتە چىقماسلىقى، بۇنىڭ بىلەن زەخىمدە ھەمىشە ئازراق تارتىشىش قېپقالىدۇ.

(4) كېسەللەنگەن ئەزادا ئارام ۋە تىنچلىقنىڭ بولماسلىقى، مەيلى بۇ ئىختىيارىي ھەرىكەت بولسۇن، مەسىلەن: قول - پۇتنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئىختىيارسىز ھەرىكەت، مەسىلەن: مەقئەت ئاقمىسىدا چوڭ تەرەت ۋاقتىدا ھەمىشە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ.

(5) ناسۇر دىۋارىدا سىل ماددىسىدىن يۇقۇملىنىش پەيدا بولىدۇ ياكى ناسۇر چوڭقۇرلۇقىدا سىل ماددىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى.

(6) ناسۇرنىڭ ئىچى ياكى ئۇنىڭ چۆرىسى ئۈستىگە يۈزەكى تېرە چوڭىيىپ كېڭىيىش.

(7) ناسۇر ئەتراپىدا قېلىن، قاتتىق تالالىق توقۇلمىنىڭ بولۇشى.

(8) بەدەن كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى.

سەمەرقەندى ناسۇرمۇ ئۇ زەخمىدىندۇر، بۇ مۈشكۈللۈك بىلەن پۈتۈشنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ كونا زەخمىلەرنىڭ تۈرلىرىگە كىرىدۇ، بۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭقۇرلۇق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولى تار بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ چوڭقۇر تەرىپى ئىنتايىن كەڭرى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە قاتتىق گۆش بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاغرىق ئۆتكۈر بولمايدۇ، بۇنىڭدىن ھۆللۈك ھەمىشە ئېقىپ تۇرىدۇ، لېكىن بەزىدە بىرقانچە كۈن ھۆللۈك توختايدۇ ۋە ناسۇر قۇرۇق بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ ئېغىزى پۈتۈپ توسۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ تولۇشىدا گۆش پەيدا بولىدۇ، ئۇ تازىلاش ۋە پاكىزلىنىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدە پاسكىنا، كېرەكسىز چىقىرىندىلار توسۇلغان بولسا، ئۇ بىرلىشىش ۋە پۈتۈشنى بۇزۇۋېتىدۇ، بۇ ئىككىنچى قېتىم قايتىلىنىدۇ.

بەزىدە ناسۇر سۆڭەككىچە يېتىپ بارىدۇ، بەزىدە بىرەر نېرۋىغىچە، بەزىدە بىرەر تارمۇشقىچە، بەزىدە بىرەر كۆك قان تومۇرغىچە، بەزىدە بىرەر قىزىل قان تومۇرغىچە، بەزىدە گۆشكىچە ۋە بەزىدە باشقا رەئىس ئەزالارغىچە يېتىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا كۆز ناسۇرى بولغان ھالەتتە كۆزگىچە ۋە كۆكرەك ناسۇرى ئىچكى پەردىگىچە يېتىپ بارىدۇ، جالىنۇسمۇ مۇشۇنداق ئېيتقان. بۇ ناسۇر ئەزالارغىچە يېتىپ بارغان بولسا، ئۇنى چىرىتىپ بۇزىدۇ.

ناسۇر كانىلى بەزىدە تۈز ۋە بەزىدە ئەگرى بولىدۇ، يەنى بىرەر تەرەپكە ئېگىلگەن بولۇپ، يىڭنە ۋە مەسبار سايمىنى كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

مەسبار — بىر خىل يىڭنە بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن زەخمىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە باشقىلار ئۆلچىنىدۇ.

بەزىدە ناسۇرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېغىزى بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بارلىق ئېغىزلاردىن بىرلا رەڭلىك ھۆللۈك چىقىدۇ، چۈنكى ھەممىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىرلادۇر، ئەكسىچە ئەگەر ناسۇرمۇ ئىچىدىن بىرقانچە بولغان بولسا، ئۇلاردىن ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردىكى ھۆللۈكلەر چىقىدۇ، چۈنكى ھەممىسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئوخشاش بولمايدۇ.

داۋالاش ناسۇرنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ:

كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىپ، ناسۇرنىڭ تار يولى قويۇپ قويۇلىدۇ، مەسىلەن: تۆشۈك يىڭنە بىلەن چوڭ قىلىنىدۇ، تاكى ناسۇرنىڭ ئىچى ۋە چوڭقۇر بۆلىكىگىچە يەتكۈزۈش ئاسان بولىدۇ، ئەگەر بىرەر يات ماددا بۇ يەردە مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئەگەر ناسۇر يارىسى بوشلۇقى چوڭقۇرلۇقتا بولسا، ئىچىدىكى يىرىڭ ئاسانلىقچە ئېقىپ

چىقمىسا، كۆپىنچە ھالەتلەردە ناسۇرنىڭ ئاستى بۆلىكىگە تۆشۈك ئېچىپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل يول ياسىلىدۇ، بۇ تولۇق ئىسپاتلانغان. چۈنكى بۇ ماددىلار ئاسانلىقچە چىقىپ تۇرمايدۇ.

زەخمنى پاكىز تۇتۇش: مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن يارا تولدۇرۇلىدۇ. ئەزانى ئارام ۋە تىنچلىق بىلەن قويۇش، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈپ ئومۇمىي ساغلاملىقنى ياخشىلاش لازىم.

ئارام ۋە تىنچلىق بىلەن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا تېڭىق تېڭىلىدۇ ۋە بەزىدە تاختاي ئىشلىتىلىدۇ.

ناسۇرنى پىشۇرۇشنىڭ ئىلاجى شۇكى، تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇنى ئوبدان قىرىپ گۆشنىڭ بارلىق تالالىرى پارچىلىنىدۇ ياكى شەكىللەندۈرگەن ئەستەر پاكىزلىنىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى قاتتىق توقۇلما كېسىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىكىلىدۇ ياكى يارىغا شامچە كىرگۈزۈلىدۇ، تاكى بۇنىڭ بىلەن يېڭى گۆش تېگىدىن باشلاپ شەكىللەنسۇن ۋە زەخىم پۈتسۇن. ئەگەر ناسۇردا يۈزەكى تېرە ئەستىرى بولغان بولسا ئۇنىڭ گىرۋەكلىرى قايچا بىلەن كېسىلىدۇ ۋە تۆشۈكنى ئېتىش ئۈچۈن بىرەر مۇناسىۋەتلىك ھالەتتە ئەمەلى تەرقىئى قىلىنىدۇ.

ناسۇرنىڭ ئىلاجىدا تەلقىھاتلاردىن ناھايىتى ياخشى تەسىرلەر سۆزلەنگەن، جۈملىدىن ئەگەر كۆكرەك يىرىڭلىغاندىن كېيىن ناسۇر قېپقالغان بولسا.

سەمەرقەندى ئۈزۈم ياغىچى كۈلىنى گۇلابقا چىلاپ، ئاندىن كېيىن بۇ گۇلاب بىلەن ناسۇر يۇيۇلىدۇ، تاكى ناسۇرنىڭ سۈيى قۇرۇپ ۋە قاقاچ تۆكۈلۈپ، پاك پاكىز بولسۇن ياكى دېڭىز سۈيى، سوپۇن سۈيىگە زەرنىخ ۋە تۆشۈدۇر ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن يۇيۇلىدۇ ۋە كونا پاختىنى شارابنا ھۆللەپ ۋە بۇنىڭغا زەرۇرى ئەسفەر سېپىپ ناسۇر ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

زەرۇرى ئەسفەرنىڭ تەركىبلىرى: ئەنزىرۇت، سەبرە، مۇرمەككى، خۇنسىياۋشان، كۇندۇر، زەپەر، ئەپيۇن قاتارلىقلار ئىنتايىن يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەت قىلمىغانلىقى ئېنىق بولسا، ناسۇرنى يېرىپ ۋە ھەر تەرەپتىن ناچار گۆشنى سايمانلار ياكى دورىلار بىلەن پاكىز قىلىش لازىم، ئاندىن كېيىن زەخمنى زەرۇرى ئەسفەر سېپىلگەن شارابقا مىلەنگەن پاختا بىلەن تولدۇرۇش لازىم، لېكىن بۇ داۋالاش ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرەر ئەسەب ياكى شەرەپلىك ئەزالار بولغان چاغدا ئاسان بولمايدۇ.

كېڭەيگۈچى يارا (قۇرۇھى سائىيە)

سائىيە — كېڭەيگۈچى.

قۇرۇھى سائىيەمۇ شەكلى ياخشى بولغان زەخىملەردىندۇر. بۇ زەخىم مايىلىق بولىدۇ، يەنى

ئۇنىڭ سىرتقى يۈزى ئۈستىدە مۇدۇر - چاقىلار ۋە قاقاچ بولمايدۇ ھەم بۇ يارا چوڭ - چوڭ بولىدۇ، ھەمىشە زەردابلىق ئۆتكۈر ھۆللۈك (روتوبەتى سەدىدىيە ھاددە) ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ ساغلام تېرە ۋە باشقىلارغا يۇقۇپ ئۇنى بۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزىتمىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى چىرىگەن، ئۆتكۈر بولغان ۋە سېسىق پۇرايدىغان ھۆللۈكتۇر.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغدىن كېيىن شاراب چۆكمىسى بىرقانچە قېتىم چېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تىلائى شەكلىدە، تۇتىيا، مەدەستان، كۆيدۈرۈلگەن قەغەز، روپامەكەى ۋە مىس كۈلى (بۇ مىس ئېرىگەندە ئېرىتمە ئۈستىدىن تېپىلىدۇ)، يەنى ئېرىگەندىن كېيىن كۈلگە ئوخشاش ئۈستىگە چىقىدۇ، بۇنىڭغا شېشە ئېرىتكۈچىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مىس قاچىسىنىڭ كۈلى، مامىران قاتارلىق دورىلار سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

مىس قاچىسى — مىس ئېرىتىدىغان كوزا.

ماددىلارنىڭ كۆيۈشىدىن بولىدىغان يارا

(قۇرۇھى ئىھتىراقات)

يارىنىڭ بىر خاس تۈرىدۇر. قۇرۇھى ئىھتىراقات نامى بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى بۇ ئىھتىراقات يەنى ماددىلارنىڭ كۆيىشىدىن يېرىلىدۇ ۋە داغنىڭ نىشانىغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى كۆيگەن سەۋداۋى قاندىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقمۇ ئۆتكۈر بولمايدۇ ۋە بۇنى تەبىئەت سىرتقى تەرەپكە چىقىرىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ تېرىگە يېتىپ بېرىپ، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ ۋە داغ قىلىدۇ.

ئالامىتى دەسلەپتە چوڭ - چوڭ مۇدۇر - چاقىلار پەيدا بولىدۇ، ئاندىن كېيىن پىشىپ كېڭىيىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ يېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈستىدە قارا رەڭلىك قاقاچ قاتىدۇ ياكى ئۇنىڭ رەڭگى داغ قاقىچىغا ئوخشاش توپا رەڭلىك بولىدۇ ۋە كۆپىنچە بۇ يارا ئېغىزدا پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، بەدەننى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ئەفتىمۇن، غارىقۇن قايىنتىلمىسى ۋە مائۇلجەبىن قاتارلىقلار بىرەر سەۋدانى چىقىرىپ تاشلىغۇچى سۇفۇپ بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: بۇ سۇفۇپ ھېلىلە كابۇلى، ھېلىلە سىياھ، ئەفتىمۇن، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەج، گاۋزىبان ۋە نەمەك ھىندى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن.

تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن زۈلۈك قۇرتى چاپلىنىدۇ تاكى كۆيگەن خاس قان بۇ ئورۇندىنمۇ چىقىرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ يەرگە مەلھەمى سۇرۇخ چېپىلىدۇ، بۇ مەلھەم - مەدەستان، زەرچۇۋە، سىركە ۋە زەيتۇن يېغىدىن ياسىلىدۇ.

باش تېرىسىدىكى ئاغرىيدىغان يارا
(سەركى قۇرۇھى مۇئلىمە)

بەزىدە باشنىڭ تېرىسىدە ئىنتايىن ئاغرىيدىغان، بىمارنى بىئارام قىلىدىغان يارا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا دەسلەپتە قىزىل ياپىلاق - ياپىلاق، يېقىمسىزلاندۇرغۇچى مۇدۇر - چاقىلار بولىدۇ. بۇ باش سۆڭىكى تېرىسى ئاستىدا توختاپ قالغان قاندىكى قويۇق ۋە كۆيگەن ماددىلارنىڭ غىدىقلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن مۇدۇر - چاقا چىقىشقا باشلىغان بولسا، بۇ تېرىنى كۆيدۇرۇپ بۇنىڭغا داغ سالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش تېرىنى يۇمشاتقۇچى نەرسىلەر زىمات قىلىنىدۇ، مەسىلەن: كاسىنەنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ كۈنجۈت يېغىدا قاينىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىگە ئاز مىقداردا ئارپا ئۇنى ۋە ئاق لەيلى ئۇنى سېلىپ زىمات قىلىنىدۇ، ئەگەر ئاغرىق پەسەيسە مەلھەم داۋاملىق چېپىلىدۇ.

ياتاق يارىسى (تەقرىھى ئىنقىتات)

كەمەركا لەگ جانا، پىت كا لەگ جانا، قۇروھۇل فەراش، زەخمى بەستەر

قەتات ھايۋانلار ياتقاندا يەرگە تېگىدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىنسان ياتقاندا يەرگە تېگىدىغان قىسمىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ .(نەفىيس).

ئوردۇ تىلىدا بۇ كېسەللىك بەلنى چاپلاش ياكى دۈمبىنى چاپلاش دەپ ئاتالغان. بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، يەرلىك ئورۇننىڭ بۇ بۆلىكى دەسلەپتە قىزىرىپ، ئاندىن كېيىن سويۇلۇپ يېرىلىدۇ ۋە ناچار زەخىم پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆپرەك ئۇزاق مۇددەتكىچە كۆرپە ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىش سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ ھالەت كۆپرەك بىمارلاردا پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇزاق مۇددەتكىچە كۆرپىدە يېنىچە ياكى بىر ھالەتتە ئۇزاق مەزگىل ياتقان بولسا، بەدەن ۋە دۈمبىنىڭ بۇ بۆلەكلىرى ئۈستىگە بېسىم زىيادە چۈشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا قان تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن قىزىرىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ناچار زەخىم پەيدا بولىدۇ ياكى بۇ جايدا گانگرېنا پەيدا بولىدۇ.

ياتاق يارىسى ئومۇمەن زىيادە چوڭقۇر، چوڭ ۋە كەڭ دائىرىدە بولمايدۇ، لېكىن بىمار ناھايىتى ئاجىز ياكى پالەچلەنگەن ياكى ئىستىرخا بولغان بولسا، بۇ يارا تېزلىكتە كۆپ بۆلەككە تارقىلىپ، تېرىنىڭ ئاستىدىكى توقۇلمىنى بۇزىدۇ ۋە مۇسكۇللارنىڭ غىلاپىنى ئاچىدۇ، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا بۇزۇلغان توقۇلما سۆڭەككىچە يېتىپ بارىدۇ.

داۋالاش ئەگەر قىزىرىشقا باشلىغان بولسا بىمارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوڭدىسىغا

ياتقۇزماسلىق لازىم ۋە قايتۇرغۇچى دورىلار، مەسىلەن: رۇسۇت، ئاقاقىيا، گىل ئەرمىنى، موزا، ئانارگۈلى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ ھەم بۇنىڭ ئۈستىگە گۈلاب ۋە سىركە مۇز بىلەن سوۋۇتۇلۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بىمار ئوڭدىسىغا يېتىشتىن پەرھىز قىلالمىسا، كۈندە بىرقانچە قېتىم بىمارنىڭ بېسىم چۈشۈپ تۇرىدىغان ياپپاش ئورنى ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئاستىغا مەجنۇنتال يوپۇرمىقى، تېرىق، قۇم ۋە بىرەر يۇمشاق نەرسىلەرنى يۇمشاق خالتىغا سېلىپ بىمارنىڭ ئاستىغا قويۇپ بېرىلىدۇ تاكى قاتتىق ۋە يىرىك كۆرپىنىڭ سۈركىلىشىدىن ئۇ ئورۇن سۈيۈلۈپ كەتمىسۇن ياكى ئۇنىڭ ئاستىغا سۇ توشقۇزۇلغان يۇملاق ياستۇق قويۇلسۇن، تاكى زەخىم ئۈستىگە بېسىم چۈشمىسۇن.

ئەگەر بۇ جايغا قاپارتما پەيدا بولغان ياكى يىرىڭ پەيدا بولسا، مەلھەمى سەفىد ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن ئىلاج قىلىنىدۇ.

پايدىلىق سۆز ئەگەر بۇ جايدا ئاشكارا ھالەتتە زەخىم پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپتە ۋە ئۆتكۈر دەۋرىدە قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش پايدىلىق. بۇنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، پاختا شارچىسىنى قايناۋاتقان سۇدا ھۆللەپ سىقىپ، بۇنىڭ بىلەن كېسەللەنگەن ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئاخىرقى دەۋرلىرىدە زەخىم ئۈستىگە مەلھەمى سەفىد ياكى مەلھەمى رال ۋە باشقىلار چېپىلىدۇ، بۇنى سەمەرقەندى ئېيتقان.

ساقلىقنى ساقلاش يارا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا تېرىگە بېسىم چۈشۈش، غىدىقلىنىش، مەينەتچىلىك ۋە قان تولۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالى قىلىنىدۇ، شۇڭلاشقا بىمار يۇمشاق ئەدىيال، كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇلىدۇ، يارىنى چاپلاشتۇرۇپ قويماسلىق، بىمارنىڭ كۆرپە ۋە كىيىملىرىگە كىچىك ۋە چوڭ تەرەتنىڭ مەينەتچىلىكىنى يۇقتۇرماسلىق، ئەگەر كۆپ تەرلىسە، ئەدىيال - كۆرپە ئالماشتۇرۇلىدۇ، دۈمبە ۋە توققۇز كۆزنىڭ تېرىسى ھەر كۈنى بىرەر يەڭگىل سوپۇن بىلەن يۇيۇلىدۇ ۋە ئاندىن كېيىن بۇنىڭغا بىرەر تىنچلاندۇرغۇچى، كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قاتتىقلىق پەيدا قىلغۇچى دورا چېپىلىدۇ، مەسىلەن: تۇخۇم ئېقى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكى زەرۇر سېپىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرە قاتتىقلىشىدۇ ۋە بىمار ياتاق يارىسىدىن ساقلىنىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى: قەشقەر ئۈپىسى، تەنكار، نىشاستە قاتارلىق دورىلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئىنتايىن يۇمشاق ئېزىپ، ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ زەرۇر شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئاجىز ۋە ياشانغان بىمارلاردا ياكى پالەچ بولغان بىمارلاردا ياتاق يارىسىنىڭ ئەندىشىسى بولسا، سۇ بىلەن لىق تولدۇرۇلغان كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇش مۇناسىپتۇر. لېكىن سۇ بەك لىق توشقۇزۇۋېتىلسە، بۇ بەك قاتتىق بولۇپ كېتىپ ئەسلىي مەقسەت يوقىلىپ كېتىدۇ ۋە سۇ بەك ئاز بولماسلىقى كېرەك، بەك ئاز بولغاندا بەدەن ئېغىرلىقى سۇنى بۆلۈۋېتىپ بۇنىڭ ئازراقمۇ پايدىسى بولمايدۇ.

سۆڭەك ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئىزام ۋە مەفاسىل)

سۇنۇق

سۇنۇق دېگىنىمىز، سۆڭەكنىڭ پۈتۈنلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىر سۆڭەكنىڭ سۇنۇپ ئىككى ياكى بىرقانچە بۆلەكلەرگە پارچىلىنىشىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۆڭەك پۈتۈنلۈكىنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇزۇلۇشى سۇنۇق دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئومۇمەن سىرتقى ياكى مۇسكۇللارنىڭ كۈچلۈك قىسقىرىشىدىن بولىدۇ.

سەۋەبى سۆڭەك سۇنۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى سەۋەب، سۆڭەكتە ئاجىزلىق ۋە سۇنۇش شارائىتى پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەسبابى سابىقە، ئەسبابى مۇھىنە دېيىلىدۇ، ئىككىنچى سەۋەب، ئۇنىڭ پائالىيىتى بىلەن سۆڭەك سۇنۇپ كېتىدۇ، بۇ ئەسبابى ۋاسىلە دېيىلىدۇ.

ئەسبابى سابىقە بىرىنچى تۈردىكى سەۋەبلەر بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ، مەسىلەن: سۆڭەكنىڭ ئورنى، يېشى، جىنسى، بەزى مەخسۇس كېسەللىكلەر.

1. سۆڭەكنىڭ ئورنى بەزى سۆڭەكلەر ئاناتومىيەلىك ئورنىدىكى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن باشقا سۆڭەكلەرگە سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن زىيادە سۇنىدۇ، مەسىلەن: ئوڭ قول ياكى ئوڭ پۇتى بىلەن كۆپ ئىشلەيدىغان كىشىلەردە ئوڭ تەرەپتىكى سۆڭەكلەر كۆپ سۇنىدۇ، مۇشۇنىڭدەك ئۇزۇن، نېپىز سۆڭەكلەر زىيادە ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، قاتتىق بېسىمغا ئۇچراش ياكى قاتتىق كۈچەش بىلەن ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ، مەسىلەن: قوۋۇرغا، جاغ، بىلەك، يۇقىرىقى بىلەك، يوتا، پاچاق سۆڭەكلىرى قاتارلىقلار.

چوڭقۇر سۆڭەكلەر، بۇنىڭ ئەتراپىدا قېلىن - قېلىن تارىمۇشلار بولىدۇ ھەم ھەر تەرەپتىن مۇستەھكەم تالالىق پەردىلەر ئوراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئومۇرتقا تۈۋرۈكىدىكى ئومۇرتقىلار ۋە

داس سۆڭىكى ئىنتايىن ئاز سۇنىدۇ. ئەگەر بۇ جايغا بىرەر قاتتىق زەربە يەتسە، مەسىلەن: ئېغىر نەرسىلەر ئاززاق بېسىلغان قاتناش ھارۋىلىرى ئاستىدا قېلىش ياكى ئىنتايىن ئېگىز جايدىن چۈشۈپ كېتىش ياكى قاتناش قوراللىرى ئارىلىقىدا بېسىلىپ قالسا، بۇنداق ھالەتلەردە بۇ سۆڭەكلەرمۇ سۇنۇپ كېتىدۇ. سۇنجاق سۆڭىكى ياكى كۆكرەك تۆش سۆڭىكى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەزى سۆڭەكلەر ئىنتايىن ئاز سۇنىدۇ. ئەكسىچە بۇنىڭ بەزى سۆڭەكلىرى ئىنتايىن كۆپ سۇنىدۇ. مەسىلەن: يوتا سۆڭىكى ياشانغانلاردا كۆپ سۇنىدۇ.

2. بىمارنىڭ يېشى ئىككى ياش بىلەن تۆت ياشنىڭ ئارىلىقىدا سۆڭەكلەر كۆپ سۇنىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا سۆڭەكلەرنىڭ ئاجىز بولۇشى بىلەن بىرلىكتە بالىدا ئۆرۈلۈش، سوقۇلۇش كۆپ كۆرۈلىدۇ، يەنى ئۇ بالا مېڭىشقا باشلىسا قايتا ـ قايتا يىقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن 5 ~ 6 ياشقىچە بالا ياخشى مېڭىشقا باشلايدۇ ۋە بالىنىڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا سۇنۇق ئاز كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئالتە ياشتىن كېيىن بالا تېز يۈگۈرەيدۇ، سەكرەيدۇ ۋە قاتتىق ئويناشقا باشلايدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ياشتا سۆڭەك كۆپ سۇنۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن 55 ~ 80 ياشقىچە سۇنۇق ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ، ياشانغانلاردا كۆپ كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىدە تۇپراق ماددىسى كۆپىيىپ كېتىش سەۋەبىدىن سۆڭەكلەر چۈرۈكلىشىپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئېلاستىكلىق كۈچى يوقىلىدۇ، ئىككىنچى، مۇسكۇللار ۋە ئۇنىڭ كۈچلىرى ئاجىز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تېز سۇنۇپ كېتىدۇ.

3. جىنسى سۇنۇق بەش ياشقىچە بولغان ئوغۇل بالىلارغا قارىغاندا قىز بالىلاردا كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ نىسبىتى 5:2 بولىدۇ، چۈنكى قىز بالىلارنىڭ سۆڭىكى زىيادە نازۇك بولىدۇ، بەش ياشتىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، بالىلار زىيادە ئويناشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىز بالىلاردىن كۆپرەك ئوغۇل بالىلاردا كۆرۈلىدۇ، ھەتتاكى 15 ~ 20 ياش ئارىلىقىدا نىسبەت تەخمىنەن 8:1 بولىدۇ، 20 ياشتىن كېيىن سانى تەدرىجىي ئازىيىشقا باشلايدۇ ھەمدە 75 ياشقا يېقىن ئىككىسىنىڭ سانى تەخمىنەن باراۋەر بولىدۇ، لېكىن ئومۇمىي ھالەتتە ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەردە ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

4. بەزى كېسەللىكلەر مەسىلەن: نۇقرەس، دائۇلھۇپرى، خانازىر، سەرتان قاتارلىق كېسەللىكلەردىن سۆڭەكنىڭ سۇنۇش پۇرسىتى ئاشىدۇ، ئادەتتىكى زەربە تېگىشمۇ سۆڭەكنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، لېكىن ئۇ كېسەللىكلەردىنمۇ بەك سۆڭەك يۇمشاپ كېتىش ۋە راخىت كېسەللىكىدىن سۆڭەك تېخىمۇ ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ، مۇشۇنىڭدەك يەرلىك ئورۇندىكى سۆڭەك چىرىش، سۆڭەك ئۆلۈش، سۆڭەك شالاڭلىشىش، يۇلۇن كېسەللىكلىرى، بىرەر باشقا

ئۆسمىدىن سۆڭەكنىڭ زەخىملىنىشى، سۆڭەككە سىل ماددىسىنىڭ تارقىلىشى، سۆڭەك جەۋھىرىنىڭ ئىششىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن سۆڭەكتە سۇنۇش شارائىتى پەيدا بولىدۇ، بۇ تۈردىكى سۇنۇق كېسەللىكتىن بولغان سۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسبابى ۋاسىلە بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى سىرتقى ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش، يەنە بىرى مۇسكۇللارنىڭ پائالىيىتى.

1. سىرتقى ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش بۇنىڭ پائالىيىتى شەكلىدە: ① بۇ ئورۇنغا تاياق تېگىش بىلەن سۆڭەك سۇنىدۇ (كەسىر ۋاسىل)، مەسىلەن: مېڭىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشى، توپ ئوقى ياكى مىلتىق ئوقى تېگىش ياكى ھاسا ساپلىقى بوششىپ مايماق بولۇش ۋە باشقىلارنىڭ يۈز بېرىشى؛ ② زەربە قايسى ئورۇنغا تەگسە سۆڭەك شۇ ئورۇندىن سۇنىدۇ، مەسىلەن: سەكرەپ يىقىلىش، ئېگىز ئورۇندىن چۈشۈش، ئېگىزدىن ئېغىر نەرسىنىڭ بەدەن ئۈستىگە چۈشۈشى، بېسىم يەتكەن ئەزانىڭ تولغىنىشى ۋە باشقىلاردىن يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى شۇكى، بىرەر كىشى ئۆگزىدىن زېمىنغا ئۆرە چۈشسە ھەممىدىن ئىلگىرى يەر بىلەن ئۇنىڭ پۇتى ئۇچرىشىدۇ ھەمدە پۇتىدىن زەربىنىڭ تەسىرى ئۈستىدىكى باشقا ئەزالارغا تەدرىجىي يېتىپ بارىدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنىڭدەك چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭ پاچاق سۆڭىكى سۇنۇپ كېتىدۇ ياكى دەز كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يوتىسى ياكى ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن، بەلكى بەزىدە بۇنداق ئەھۋالدا، مېڭە ئاستى سۆڭىكى سۇنۇشى مۇمكىن. مۇشۇنىڭدەك ئەگەر بىرەر كىشى ئېگىزدىن يەرگە قوللىرى بىلەن چۈشسە، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۇقىرىقى بىلەك، بىلەك، ئوقۇرەك ياكى تاغاق سۆڭىكى سۇنىدۇ، ئۇ بارلىق ئەھۋاللاردا بۇ ئىش ئاشكارىكى، ئۇزۇن سۆڭەكلەرگە يەر ۋە بەدەننىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن بېسىم يېتىدۇ، بۇنىڭدا چۈشۈش ھەرىكىتى بىلەن ئېغىرلىقمۇ قوشۇلىدۇ، سۆڭەك سۇنۇشنىڭ يۈزلىنىشى قايسى ئورۇندا بولسا، شۇ ئورۇننىڭ سۆڭىكى سۇنىدۇ. بۇ ئۇرۇلۇش كۈچى، ئەزانىڭ ھالىتى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشىگە باغلىق.

2. مۇسكۇللارنىڭ پائالىيىتى بەزىدە سۆڭەك سۇنۇشنىڭ سەۋەبى، ئومۇمەن تىز سۆڭىكى ۋە بىلەك بېشىدىكى بەزى مۇسكۇللارنىڭ كۈچلۈك قىسقارغان ھالىتىدە يۈز بېرىدۇ، ئۇزۇن سۆڭەكلەردە مۇسكۇللار كەم بولىدۇ، بەزىدە ئانىنىڭ قورسىقىغا زەربە تېگىش بىلەن ھامىلىنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كېتىدۇ، گەرچە بەزىدە مۇشۇنداقمۇ تەجرىبىدىن كۆرۈلگەنكى، ئانىسىغا بىرەر نەرسە تەگمىسىمۇ بالا تۇغۇلغاندىلا بالىنىڭ سۆڭىكى سۇنۇق تۇغۇلىدۇ.

سۇنۇقنىڭ تۈرلىرى سۇنۇقنىڭ يېپىق سۇنۇق، ئوچۇق سۇنۇق، كۆپ ئورۇنلۇق سۇنۇقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرى بولىدۇ.

يېپىق سۇنۇق بۇ ئاددىي سۇنۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا سۆڭەك ئاددىي شەكىلدە سۇنىدۇ، لېكىن سۇنغان ئورۇن تېرىسى ۋە شىللىق پەردىسىدە زەخىملىنىش بولمايدۇ.

ئوچۇق سۇنۇق بۇنى ئوچۇق قالغان سۇنۇقمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدا تېرە ياكى شىللىق پەردە سۇنغان ئورۇن ئەتراپى زەخىملىنىدۇ، تېرە ۋە شىللىق پەردە بەزىدە ئەسلىي زەربە سەۋەبىدىن زەخىملىنىدۇ، بەزىدە سۇنغان سۆڭەك ئۇلارنى تېشىۋېتىدۇ ياكى كېيىن بىرەر ئېھتىياتسىزلىقتىن يۈز بېرىدۇ، ئوچۇق سۇنۇقتا ئومۇمەن ئوفۇنەت پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ناۋادا مۇشۇنداق بولسا كۆپىنچە ھاياتلىققا ئىككىلەمچى خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە دەستىكار قىلىپ دەرھال ئەزا كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ.

سۆڭەكنىڭ بىرقانچە ئورۇندىن سۇنۇشى بۇنى بەزى كىشىلەر ئايرىلىشىپ كەتكەن سۇنۇق دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇنىڭدىن پەقەت سۆڭەك سۇنۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرەر مۇھىم ئەزامۇ كېسەللەنگەن بولىدۇ، مەسىلەن: بىرەر چوڭ قىزىل قان تومۇر، كۆك قان تومۇر ياكى نېرۋىنىڭ ئۈزۈلۈشى، بىرەر ئىچكى ئەزا، مەسىلەن: مېڭە، ئۆپكە ياكى دوۋساق ۋە سۈيدۈك كانالچىسىغا بىرەر ئاپەتنىڭ يېتىشى ياكى سۇنۇشى بىلەن زەخىملىنىش، بۇ تۈرنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى بەزىدە ئەسلىي زەربىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە سۆڭەكنىڭ بىرەر ئۆتكۈر ئۇچلۇق پارچىسى ئۇ ئەزالارغا كىرىپ كېتىشتىن بولىدۇ.

سۇنۇقنىڭ يۇقىرىقىدەك بۆلۈنۈشى شەكىلگە ئاساسەن بۆلۈنگەن، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بولىدۇ، مەسىلەن: سۆڭەك بەزىدە تولۇق سۇنىدۇ (كەسر كامىل) ۋە بەزىدە تولۇق بولمىغان شەكىلدە سۇنىدۇ (كەسر جۇزئى)، لېكىن بىرىنچى ھالىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

تولۇق بولمىغان سۇنۇش ياكى قىسمەن سۇنۇشى: بۇ بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ: ① كەسر سادئى ياكى كەسر سەدئى؛ ② كەسر خەرئوبى؛ ③ كەسر شەفوئى؛ ④ كەسر ساقىب.

كەسر سادئى ياكى كەسر سەدئى بۇنىڭدا سۆڭەك سىزىققا ئوخشاش يېرىلىدۇ. بۇخىل يېرىلىش كۆزگە كۆرۈنگەندەك ئاشكارا بولمايدۇ (سەدئى — يېرىلىش)، بۇنىڭ ئورنى ئادەتتە ياپىلاق سۆڭەكلەردۇر، مەسىلەن: باش سۆڭىكى ۋە پۇتنىڭ سۆڭەكلىرى ھەمدە تاغاق سۆڭىكى. بۇ تۈردىكى سۇنۇق ئومۇمەن ئىنچىكە ۋە سىزىققا ئوخشاش بولىدۇ، تۇتۇش ۋە بېسىش بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تېرىمۇ زەخىملەنگەن بولسا، زەخىم بۇنىڭغا دىياگنوز قويۇشتا ئاسانلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە يولنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇ بەزى ۋاقىتلاردا قاتتىق خەتەرلىك بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۆڭەكنىڭ پەردىسى ياكى سۆڭەكنىڭ يىلىكىدە ئومۇمەن خەتەرلىك ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈردىكى سۇنۇقتا تۆشۈك، باشقا سۆڭەكنىڭ يۈزىگىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق (ئىلتىھاب) نىڭ بارلىق داۋالاش ۋە چارىلىرىدىن ئىشلىتىش لازىم.

كەسىر خەرئۇبى (خورئۇب پىشمىغان شاخ) بۇنىڭدا سۆڭەك، كۆك ۋە ھۆل يېڭى شاخنى ئېگىش بىلەن ئۇنىڭ بەزى تالالىرى ئۈزۈلۈپ ۋە بەزى تالالىرى تولغىشىپ ئېگىلگىنىگە ئوخشاش سۇنىدۇ، بۇ ئەھۋال كۆپرەك بالىلاردا ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ سۆڭىكى يۇمشاق ۋە ئېلاستىك بولىدۇ، بەزىدە ياشانغانلارنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىمۇ سۇنۇقنىڭ بۇ تۈرى تېپىلىدۇ.

بۇ تۈردىكى سۇنۇقنىڭ ئىلاجى سۇنۇق ئورنىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، ئەگەر بۇ ياپىلاق سۆڭەكتە كۆرۈلگەن بولسا ھەمدە ئىچكى مۇھىم ئەزالاردا بىرەر ئاپەت بولمىسا، ئارام ۋە راھەت يەتكۈزۈش ھەمدە ئىلتىھابنىڭ ئەكسىچە چارىلەرنى ئىشلىتىش ، ئەگەر ئۇزۇن سۆڭەكلەردە كۆرۈلگەن بولسا، ئىمكانىيەتكە قاراپ سۆڭەك تېڭىلىدۇ ھەمدە بېسىپ تۈز قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېپىق سۇنۇقتا ئوخشاش تاختايلار بىلەن تېڭىپ قويۇلىدۇ، لېكىن ياخشىراق نەتىجە كۆپرەك مۇشۇنىڭدەك ھاسىل بولىدۇكى، بىمارنى بىھوش قىلىپ سۇنۇقنى تولۇق شەكىلدە مۇكەممەل قىلىپ ئورنىغا چۈشۈرۈش، يەنى سۆڭەكنى سوزۇپ ئاندىن كېيىن ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ تېڭىپ قويۇش لازىم.

كەسىر شەتۋى (شەتيە) سۆڭەك پارچىسى ئەگەر قىلىچ، بولقا ياكى بىرەر ئۆتكۈر ئىز قالدۇرغۇچى سايمان بىلەن كېسىلسە ياكى بىرەر تۇيۇقسىز ھادىسىگە ئۇچراشتىن سۆڭەك سۇنسا، سۆڭەكنى ئۆتكۈر ھەمدە ئۇچلۇق قىلىپ تىلىدۇ، بەزىدە ئايرىلىدۇ بەزىدە پارچىلىنىپ سۆڭەك پارچە - پارچە بولۇش بىلەنمۇ تېشىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم، چۈنكى بۇ ئوچۇق سۇنۇق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئوچۇق سۇنۇقتا ئوخشاش قىلىش لازىم، مەسىلەن: ئەگەر سۆڭەك پارچە - پارچە بولغان بولسا ياكى پەقەت پەردىنىڭ تورى بىلەن ئېسىلىپ قالغان بولسا، ئۇنى تامامەن چىقىرىش لازىم. ئەگەر ئۇ پارچە يۇمشاق توقۇلمىلار بىلەن ئوبدان تۇتاشقان ۋە بىرلەشكەن بولسا، ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى توختىتىپ قويۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇنى ئەسلىي ئورنىغا كەلتۈرۈپ ئەھۋالغا قاراپ شارپا ۋە باشقىلار بىلەن باغلاپ قويۇش لازىم.

كەسىر ساقىب تەشكۈچى سۇنۇق بۇنى ئىنسقابى ئەزمى (سۆڭەكتە تۆشۈك بولۇش) مۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئومۇمەن، پىچاق، قىلىچ، نەيزە، مۆڭگۈز، ئوق قاتارلىقلاردىن يۈز بېرىدۇ. بۇ تۈردە خەتەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر تۈردىكى

جاراھەتلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بەزىدە ئىچكى ئەزالار قوشۇلۇپ كېسەللىنىدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجى ئۇ ئاپەتلەر بىلەن بولۇشى لازىم، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرەر چوڭ ئاپەت شېرىك بولمىسا، باشقا ئوچۇق سۇنۇققا ئوخشاش ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم، لېكىن ئومۇمەن بۇنىڭدا سۆڭەك سۇنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تاختا ۋە باشقىلارنى باغلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

تولۇق سۆڭەك سۇنۇشمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. قىيپاش سۇنۇق، بۇنىڭدا سۆڭەك قىيپاش سۇنىدۇ. ئۇزۇنسىغا سۇنۇش، بۇنىڭدا سۆڭەك ئۇزۇنسىغا سۇنىدۇ.

قىيپاش سۇنۇق بۇنىڭدا سۆڭەك قىيپاش سۇنىدۇ (مۇئەررىپ: تورچا — قىيپاش) قۇلۇلىسىمان سۇنۇق: بۇنىڭدا سۆڭەك قۇلۇلىگە ئوخشاش تولغىشىپ سۇنىدۇ.

ئۇ بارلىق ئەھۋاللاردا سۇنغان سۆڭەكنىڭ ئىككى باشتىكى يۈزى تەكشى بولمايدۇ، بەلكى ئىككى باشلىرىدا چىشسىمان شەكىل پەيدا بولىدۇ، بۇنى جۈپلىگەن ۋاقىتتا بىرى ئىككىنچىسى بىلەن جىپسىلىشىپ بىرلىشىدۇ، ناۋادا ئۇزۇن سۆڭەك بوغۇملىرىنىڭ ئەتراپىدىن سۇنغان بولسا، بەزىدە سۆڭەكلەرنىڭ جىسمى ئۇنىڭ بۇلۇتسىمان توقۇلما ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇننىڭ ھەرىكىتى توسۇلىدۇ، بۇ تۈردىكى سۇنۇقنى كەسىر مۇدغەم ياكى كەسىر مۇنغەرىز دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئەھۋالدا سۆڭەك ئايرىم كۆرۈنمەيدۇ ھەمدە سۆڭەك سۇنۇشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بۇ خاس ئالامەت (سۆڭەك پۈتۈنلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشى مەلۇم بولۇش) تېپىلمايدۇ، (ئىدغام — كىرىپ كېتىش، ئىنغىراز — سانجىلىش).

ئەگەر بىر سۆڭەك بىرقانچە جايدىن سۇنسا بۇ كەسىر مەتەئەددەد دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سۆڭەك ئۇۋۇلۇپ كەتكەن بولسا، پارچە - پارچە بولغۇچى سۇنۇق دېيىلىدۇ.

كەسرى رەھمى بۇنىڭدا بالىنىڭ سۆڭىكى بالىياتقۇ ئىچىدە ئايالنىڭ قورسىقىغا زەربە تېگىش ياكى بىرەر باشقا سەۋەبتىن سۇنۇپ كېتىدۇ.

كەسىر خىلقى بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا بالىياتقۇنىڭ قىسقىرىشىدىن ياكى تۇغۇت ئانىسى ۋە باشقا سايمانلىرىدىن سۇنۇق يۈز بېرىدۇ.

سۆڭەك سۇنغان ئورۇندىن موي ئۈنۈش: (كەسىر شەئىرى) (شەئىر — چاچ) بۇنىڭدا سۆڭەك ئىچىگە شېشىگە ئوخشاش چاچ ئۈنىدۇ.

كەسىر زاتى بۇنىڭدا بىرەر كېسەللىكتىن سۆڭەك ئىنتايىن ئاجىزلاپ، ئادەتتىكى ئۇرۇلۇشتىن ئۆزلۈكىدىن سۇنۇپ كېتىدۇ.

سۆڭەك بوغۇم سۇنۇقى بۇنىڭدا سۆڭەكنىڭ بوغۇم يۈزى سۇنىدۇ.

ئالامىتى ئۇنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ئومۇمىي ۋە شېرىك بولىدۇ، بۇ باشقا ئاپەتلەردىمۇ

يۇز بېرىدۇ، مەسىلەن: ئاغرىق، ئىششىق، ئەزالارنىڭ ھەرىكەت قىلالماسلىقى ھەممە بەزى خاس ۋە جەزمى ئالامەتلەر، مەسىلەن: سۆگەك ئۆز جايىدىن (بوغۇم ئورنىدىن باشقا ئىككىنچى ئورۇنغا چىقىپ كېتىش) چىقىپ كېتىدۇ. زەيغان: سۇنغان ئورۇننىڭ يۆتكىلىشىدىن سۆگەكتىن ئاۋاز چىقىش. خەشخەشە: بوغۇمدىن باشقا ئورۇندىن سۆگەك ئېگىلىش.

شەكىل ئۆزگىرىش ئەزا شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: ئەزانىڭ تولغىشىپ قېلىشى، مايماق بولۇپ قېلىشى، بۇ ئومۇمەن زەربىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، سۆگەك سۇنۇشىنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ ۋە بەزىدە مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشىدىن شەكىل ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، قوۋۇرغىلار، پۇتنىڭ سۆگەكلىرى ۋە تاغاق سۇنۇقلىرىدا ئۆزگىرىش ئومۇمەن يەڭگىل بولىدۇ، بەدەننىڭ ئېغىرلىقىمۇ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئاشىدۇ، بولۇپمۇ پۇتنىڭ سۇنۇقىدا.

نورمالسىز ھەرىكەتلىنىش، بوغۇمدىن باشقا يەنە بىر ئورۇندا سۆگەك سۇنۇش كۆرۈلۈش ۋە جەزم ئالامەتلەردىن بۇ ئالامەت يەنە سۆگەك دەز كېتىشتە كۆرۈلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر بوغۇملارغا يېقىن يۇز بەرگەن چوڭقۇر سۇنۇقلاردىمۇ تېپىلىدۇ، مەسىلەن: يانپاش ۋە تاغاق سۆگەككە يېقىن قىسمىنىڭ ھەرىكىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن دەستىكار قىلغۇچى كېسەللەنگەن ئەزانى ئۈستىدىن ـ ئاستىدىن تۇتۇپ مىدىرلىتىش لازىم.

خەشخەشە ياكى سەرىر بۇ سۇنغان سۆگەكنىڭ ئىككى بېشىنىڭ سۈركىلىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋازدۇر، بۇ ئالامەتمۇ قىسمەن سۇنۇش، مەسىلەن: تېشىلىش ياكى يېڭى شاخقا ئوخشاش سۆگەكنىڭ تولۇق بولمىغان سۇنۇشى كەسىر مۇدغەم يەنى بۇ ھالەتلەردە ئاشكارا بولمايدۇ. بۇنىڭدا سۆگەكنىڭ ئىككى بېشى سۈركىلىپ ئۈپرىمايدۇ، سۆگەك باشلىرىنىڭ ئايرىم بولغان ھالىتىدىمۇ ئومۇمەن بۇ ئالامەت ئاشكارا بولمايدۇ، بۇ ئاۋازنى پەيدا قىلغۇچى ھالەت شۇكى، ئەزانى تارتىپ تەبىئىي ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پارچىسى ئىككىنچى پارچىسى ئۈستىگە قايتا كەلتۈرۈلىدۇ، سۆگەكنىڭ تۆۋەنكى بېشىنى تۇتۇپ ئاستا ئېگىش، لېكىن مۇشۇنداق قىلغاندا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئالامەتلەر يوشۇرۇن بولسا، بىرەر قانداق ئاغرىقنى كۈچەيتمەيدىغان ئەمەللەرنى قىلىش لازىم.

بۇ ھالەتتە ئاغرىق بەزىدە پەقەت ئادەتتىكىدەك ۋە يەڭگىل بولىدۇ، بەزىدە ئاغرىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بىمار داۋاملىق توۋلايدۇ. بۇ ئاغرىق ئومۇمەن باشلىنىشتا ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسىيىدۇ ھەممە ئاخىرىدا يوقىلىدۇ، ئەگەر ئەزا مىدىرلىتىلسا ئاخىرىدىمۇ ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، ناۋادا كېسەللەنگەن ئەزانى سىيلىسا ياكى بارماق بىلەن ئايلاندۇرسا، سۇنغان ئورۇن ئۈستىگە بارماق تەگسىلا بىمار قاتتىق ئاغرىقنىڭ شىكايىتىنى

قىلىدۇ، بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، سۇنغان ئورۇندىن يىراقتىكى ئەزالارنى تۇتقاندا ئاغرىق سۇنغان جايدا پەيدا بولىدۇ.

ئىششىق سۇنغان ئورۇندا دەرھال پەيدا بولمايدۇ، بەلكى ناۋادا بۇ ئورۇنغا ماددىلار قۇيۇلسا ئىششىق ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئومۇمەن باشقا ئالامەتلەرنى يوشۇرۇن قىلىدۇ. يەنى قايتا دىياگنوزدا قىيىنلىق كۆرۈلىدۇ، ئىششىق بەزىدە سۆڭەكنىڭ بىرقانچە ئورۇندىن سۇنغان ئەھۋاللاردا قاندىنمۇ بولىدۇ، بۇ ئۈزۈلگەن چوڭ تومۇرلاردىن ئاقىدۇ.

سەمەرقەندى ئەگەر سۆڭەكنىڭ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشى چوڭ بولسا ھەممە ئۇنىڭ پارچىلىرى بىرى يەنە بىرىدىن تامامەن ئاجرىغان بولسا، ھەتتاكى بەزى پارچىسى ئىچىگە، بەزى پارچىسى سىرتىغا چىقىپ قالغان بولسا ھەممە ئەزادا بىر تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ، يەنە بىر تەرىپىدە چوڭقۇرلۇق ئاشكارا بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە سۆڭەكنىڭ سۇنغانلىقىنى قاراپ بىلگىلى بولىدۇ ھەممە ناۋادا سۆڭەكنىڭ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشى چوڭ بولمىسا ھەممە تولۇق پارچىلانمىغان بولسا، سىيلاش ۋە چېكىش بىلەن ئۇنى بىلگىلى بولىدۇ، چۈنكى سىيلاش بىلەن ئەزانىڭ ئىچىدىكى ئېگىز - پەسلىك مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە سىيلاش ياكى ئەزانى مىدىرلىتىش بىلەن قۇلاققا سۆڭەكنىڭ سۇركەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

بەدەندىكى ئەگەشمە ئالامەتلەر بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرىنچى، دەرھال پەيدا بولىدىغان تەسىرلەر، مەسىلەن: يېرىلىش ۋە قاناش، بۇ ھالەت ئېتىبارى بىلەن ئوخشاشمىغان تۈرلەر كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەگەشمە ئالامەت بولۇپ كېيىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: قىزىتما بۇ پەقەت زەخىم سەۋەبىدىن ئوفۇنەتسىز پەيدا بولىدۇ، ئوفۇنەتسىز بالىياتقۇ زەخمىسى ھادىسىسىدىن بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ ۋە بەزى بىمارلار جۈملىدىن ھاراقكەشلەردە جۆيلۈش، تىترەش كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېسەللەنگەن ئەزانى ھەرىكەتتىن قاچۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلىش مۇناسىپتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەقسەتتە ئەزانى ھەرىكەتتىن توختىتىدىغان زىماتلارنى چېپىش لازىم.

سۆڭەكنىڭ تۇتىشىش كەيپىياتى سۆڭەك سۇنغاندىن كېيىن سۆڭەكنىڭ تۇتىشىشنىڭ كەيپىياتى بولسا، باشقا يۇمشاق ئەزالاردا بولىدۇ، يەنى ئۈزۈلگەن قان تومۇرلاردىن قان چىقىپ، سۆڭەكنىڭ ئىككى بېشىدىن ئارىلىق ئورنىنى تولدۇرىدۇ ھەممە ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئۇيۇپ تالالىق توقۇلمىغا ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئاخىرىدا سۆڭەك بولىدۇ، بۇ يېڭى توقۇلمىنىڭ سۆڭەككە ئايلىنىشىدا كۆپرەك سۆڭەك پەردىسى رول ئوينايدۇ، بۇ پەردە ئازراق قان بىلەن تولۇپ قېلىنلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن تالالىق توقۇلما شەكىللىنىدۇ. ئۇ توقۇلما قان ئويۇلمىسى

شەكىللەندۈرگەن توقۇلما بىلەن بىرلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۆڭەكنىڭ ئىچى ۋە ھەربىر ئورۇن ئۈستىدە تۈگۈنمە (دەشبىز) ياسايدۇ. ئىچكى كۆپۈش دەشبىز نەقۋى (سۆڭەك جەۋھىرى) سىرتقى كۆپۈش دەشبىز خارىجى دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى تۈگۈنچىلەر بىرقانچە كۈندە تارقايدۇكى، سۇنغان سۆڭەك ئورنىنى بايقاپ ئېنىقلاش قىيىن بولىدۇ ھەمدە بۇ سۆڭەك بۇ يەردىن قايتا سۇنىدۇ، سۆڭەكنىڭ سىرتقى تەرىپى بۇ تۈگۈنچە بىلەن بىرلىشىدۇ بۇ دەشبىز ۋەقتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئاز ۋە كۆپ مۇددەتتىن كېيىن سۈمۈرۈلۈپ ۋە تارقاپ بىلىنمەيدۇ، ئادەتتە بۇ ئۈچ - تۆت ھەپتە ئىچىدە سۆڭەك ئاسان ئېگىلىپ كەتمىگۈدەك قاتىدۇ، ئەگەر ئەزا داۋالاش ۋاقتىدا تىنچلىق ۋە ئارام بىلەن ھەرىكەتسىز قويۇلمىسا، سىرتقى تۈگۈنچىنىڭ ھەجمى چوڭىيىدۇ ھەمدە سۆڭەكنىڭ تەرتىپسىز تۇتاشقان ھالىتى نامايان بولىدۇ، ئەگەر سۆڭەك بېشىنىڭ بىرى ئىككىنچىسىدىن ئۈستۈن بولسا ياكى ئىككى بېشى بىرى ئىككىنچىسىگە باراۋەر بولمىسا، سۆڭەكلەرنىڭ تۇتۇش ھالىتىدە ۋاقىتلىق پەردە پەيدا بولىدۇ، يەنى تۇتاشقان ئورۇن ئۈستى سىرتىدىن بىر كۆپۈشكەن غىلاپ شەكىللىنىدۇ ھەمدە سۆڭەكنىڭ ئىچى تامامىي يوللىرى سۆڭەكنىڭ قەۋەتلىرى بىلەن توسۇلىدۇ، بىر ھەپتىدىن كېيىن يېڭى سۆڭەك شەكىللىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ساغلام كىشىلەردەك تولۇق مەزمۇتلۇق بىلەن سۆڭەك تۇتۇشىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى مۇچە ۋە تۆۋەندىكى مۇچە بۇ يەردىكى ئۇششاق سۆڭەك سۇنۇقىدىكى تېڭىقنى يېشۋېتىشكە ئۈچ ھەپتە يېتەرلىك بولىدۇ، بەزى ئەتراپىتىكى يۇمشاق توقۇلمىلار ئۆزئارا بىرلىشىدۇ ھەمدە قاتتىق تۇتۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

يېپىق سۇنۇقنى داۋالاش سۇنۇقنى داۋالاشنىڭ ئىلاجىدا پەقەت مۇشۇ يەنى سۇنغان سۆڭەكلەرنىڭ تۇتىشىشىنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار زەخىملەنگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىشنىمۇ نەزەردە تۇتۇش لازىم. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بۇ بوغۇملارغا يېقىن يۈز بەرگەن ھالەتلەردە بوغۇملارنى ھەرىكەت قىلغىلى ۋە تۇتاشقىلى قويمايدۇ.

سۇنۇقنى داۋالاش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) بىمارنى بىر ئورۇندىن ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكەش (ئېغىر كېسەل).
2) سۆڭەكنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ ھەمدە ئۇنى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش.
3) شارپا، تېڭىق لاتىسى، تاختاي ۋە باشقىلار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇش.
4) بۇ يەرنى ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىش ھەمدە يۇمشاق توقۇلمىلارنى ئۇلاش.

(1) بىمارنى يۆتكەش: سۆڭەك سۇنغاندىن كېيىن بىمارنى قاتتىق ئېھتىيات بىلەن سۇنۇق ئەھۋاللىرىنى تولۇق بىلىش ئاساسىدا شىپاخانىغا يۆتكەش لازىم، تاكى ھەرىكەت بىلەن زەخىم

ئېغىرلىشىپ قالمىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن قول - پۇتلارنىڭ بىرەر سۆڭىكى سۇنغان بولسا، ۋاقىتلىق ئىككىلەمچى تاختاي، مەسىلەن: كەڭ تاختاي، ياستۇق، پاختا شارچىسى قاتارلىقلار بىلەن تېڭىش تاكى ئۇلار ھەرىكەت قىلمىسۇن، ئۇنداق بولمىسا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆتكۈر سۆڭەكلەردىن بىرەر قان تومۇر كېسىلىپ كېتىدۇ ياكى تېرە زەخىملىنىدۇ، بۇنىڭدىن يېپىق سۇنۇق ئوچۇق سۇنۇققا ئۆزگىرىدۇ، ئەگەر تۆۋەنكى مۈچىلەرنىڭ سۆڭىكى سۇنغان بولسا بىمارنىڭ ئىككى پۇتىنى ئوشۇق ۋە تىزىدىن باغلاش ھەمدە كارىۋات ياكى تاختاي ۋە باشقىلاردا ياتقۇزۇپ، ئاستا - ئاستا يۆتكەش لازىم.

(2) سۇنغان سۆڭەكنى ئەسلى ئورنىغا كەلتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش: سۆڭەكنى ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش سۆڭەك ئورنىدا بولمىغاندا زۆرۈر بولىدۇ، بۇ ئەمەلنى قىلىشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ ئەزاسىنى باغلايدىغان بارلىق سايمانلارنى ئۆز يېنىدا تەييارلاپ قويۇش لازىم. بەزىدە سۆڭەك ئۆز ئورنىغا پەقەت بارماقلار بىلەن بېسىش ۋە تارتىش بىلەن ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ، لېكىن بەزىدە سۆڭەك ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەندە دەسلەپتە مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. يەنى بىمارنى ئېگىز ئورۇندا تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن كۆچەپ ئەزانى تارتىپ سوزۇلدۇرۇلىدۇ، بەزىدە يەنى سېزىمسىز ۋە بىھوش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ تاكى مۇسكۇللار بوشاشسۇن ھەمدە ئاغرىق سېزىلمىسۇن، بەزىدە مۇسكۇللارنى كېسىپ ئۇنىڭدىن كېيىن سۆڭەك ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ. سۆڭەكنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشتە مۇسكۇللارنىڭ تەشەننۇجى، سۇنغان سۆڭەك پارچىلىرى، سۇنغان سۆڭەك ئارىلىقىدا مۇسكۇللار ياكى باشقىلارنىڭ كېلىۋېلىشى قاتارلىقلار توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

(3) تىنچلىق: تېڭىق ۋە تاختا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ياكى بىرەر ئەزانى ئۇزارتىپ مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوخشىمىغان چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

① ھەرخىل نەرسىلەردىن ياسالغان تاختىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: ياغاچ، مېتاللار، تېرە ۋە باشقىلار؛ ② شارپا ۋە باشقىلار بىلەن باغلاش؛ ③ ئەزانى تارتىپ ئۇزارتىش؛ ④ بىرەر سايمان بىلەن سۆڭەكنىڭ بېشىنى بىرلەشتۈرۈپ باغلاش.

تاختا ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە چارىلەر باردۇر. بىرىنچى، بۇ سۇنغان ئورۇن ئاستى ئۈستىدىكى بوغۇمنى ھەرىكەتلەندۈرمەيدۇ. ئىككىنچى: تاختاينىڭ كەڭلىكى ئەزانىڭ كەڭلىكىدىن زىيادە بولسۇن، ئۈچىنچى: تاختاينىڭ ئاستىغا پاختا شارچىسى قويۇش لازىم، تاكى بېسىمى تېرىنىڭ ئاستىدىكى توقۇلمىلارغا سۆڭەكلەرنىڭ كۆپۈشكەن ئورنىغا چۈشسۇن، يەنى سۇنغان ئورۇن ئۈستىگە چۈشمىسۇن، ئىككىنچى كۈنى سۇنغان ئورۇننىڭ ئاستى بۆلىكىنى تەكشۈرۈش لازىم. ئەگەر نېرۋىلار زىيادە بېسىلغان بولسا، بۇ ئورۇن سېزىمسىز، كۆك ۋە سوغۇق

بولىدۇ. تېڭىق سايمىنى ئارقىلىق سۆڭەكنى بىرلەشتۈرۈش، بۇ ئومۇمەن تىز سۆڭىكى، بىلەك سۆڭىكىنىڭ سۇنۇقىدا ۋە پاقالچاق سۆڭىكى سۇنۇقىنىڭ قىيپاش سۇنۇقىدا زۆرۈر بولىدۇ، بۇ تۆۋەنكى مۈچە ئۈچتىن بىر قىسمى ئورنىدا يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، ئاخىرقى شەكىلدە سۆڭەكنى ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزۇش قاتتىق قىيىن بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئەھۋاللاردا سۇنغان سۆڭەك سىرتىدىن باغلىنىدۇ، بۇ ھالەت كۆپرەك ئوچۇق سۇنۇقتا ئىشلىتىلىدۇ ۋە بەزىدە ئاددىي سۇنۇقلاردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بۇ سۇنۇق بوغۇملارغا يېقىن يۈز بەرگەن بولسا ھەممە بۇنى تاختايلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز جايىدا تۇرغۇزۇش قىيىن بولسا، بۇ ئەمەلدە دەسلەپتە سۆڭەكنىڭ بېشىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن كېيىن باشلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ ئۆزئارا مۇقىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرما بىلەن تىلىپ ئىنچىكە سىم بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ ياكى تۆت تەرەپتىن يۇمشاق مېتاللار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

(4) ئوزۇقلاندۇرۇش: ئوزۇقلاندۇرۇشنى ياخشىلاپ بوغۇمدا يۇمشاق توقۇلمىلار پەيدا قىلىنىدۇ، كېسەللەنگەن ئەزانى ئۇۋۇلاش ھەممە يەڭگىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈردۇر تاكى بوغۇم ۋە مۇسكۇللار چاپلىشىپ ھەرىكەتسىز بولۇپ قالمىسۇن، بۇنىڭدىن پەقەت مۇشۇ پايدا ھاسىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن سۆڭەك تۇتاشقاندىن كېيىن بىمار نۇرغۇنلىغان پەرىشانلىقلار ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىدىغان پايدىمۇ بولىدۇ، سۆڭەك سۇنغاندىن كېيىن ئۈچ ھەپتىگىچە ئۇنى ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن تېڭىش لازىمكى، سۆڭەكنىڭ يېڭى تۇتۇشى ئاجراپ كەتمىسۇن ۋە قول بېغىشى ۋە ئوششۇققا ئوخشاش بوغۇملارنىڭ ئەتراپىدا ناۋادا سۆڭەك سۇنغان بولسا، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تېڭىشقا باشلىنىدۇ، يەنى بىر قولى بىلەن سۇنغان ئورۇننى تۇتۇپ ياردەم بېرىلىدۇكى، بۇنىڭغا بىرەر زۆرۈر بولمىغان ھەرىكەتلەر يەتمىسۇن، سۇنۇق ھالىتىدە ناۋادا ئۇۋۇلانمىسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بوغۇملارنىڭ قېتىشى، ئىششىغان ئورۇننىڭ كۆپۈشى ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئورۇقلىشى يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش جەريانىدا پەيدا بولغان ئەگەشمە ئالامەتلەر

(1) ئۆپكە ئىششىقى: بۇ ئومۇمەن ياشانغانلاردا ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئوڭدىسىغا يېتىشتىن پەيدا بولىدۇ، زاتىررىيە سونىيە، بۇ سەۋەبتىن مۇناسىپكى بىمارلارغا تېزدىن ئىجازەت بېرىش لازىمكى بىرەر ياردەم بىلەن تۇرغۇزۇلىدۇ، تۇرغۇزۇلغاندا سۇنغان ئەزا نەرسىلەر بىلەن باغلانغان بولسۇن.

(2) ياتاق يارىسى: بۇ بەزىدە ياشانغان ئادەملەردە ئۇزۇنغىچە بىرەر سۇنۇق سەۋەبىدىن ئوڭدىسىغا ياتقانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

(3) بەزىدە بىمارلاردا قولتۇق تايىقى بىلەن مېڭىشتىن بىرخىل پالەچ پەيدا بولىدۇ (يەنى قولتۇق تايىقى سەۋەبىدىن بولغان پالەچ)، چۈنكى قولتۇق تايىقىنىڭ بېسىشى بىلەن قولتۇقتىكى نېرۋا تورى ئۈستىدە، جۈملىدىن بۇرمىسمان مۇسكۇل نېرۋىشى (ئەسەبىي ئەزۇلى مۇلەۋلەب) ئۈستىگە بېسىم يېتىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى بۇكى، بۇ تۈردىكى قولتۇق تايىقىنىڭ يۇقىرىقى بېشىدا يۇمشاق ئېلاستىك پاختا شارچىسى بولسۇن ھەمدە ئارىلىقىدا قول ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئارىسىغا ياغاچ قويۇلغان بولسۇنكى، بىمارنىڭ ئۆز بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى قولىغا چۈشسۇن ھەمدە قولتۇق بېسىمىنى ئازراق كېمەيتسۇن.

(4) بالىلارنىڭ ناۋادا بىلىكى سۇنۇپ كەتسە بارماقلىرى يىغىلىپ قالىدۇ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قۇۋۋەت يوقىلىدۇ، چۈنكى قاننىڭ كەم يېتىپ بېرىشى بىلەن مۇسكۇللار ئورۇقلاپ يىغىلىدۇ، بۇنى داۋالىغاندا ئۇۋۇلاش ۋە باشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلەرنى ئىشلىتىش لازىم.

(5) بەزى مۇسكۇللارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم قاتتىق ماددا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ توقۇلمىسى سۆڭەككە ئوخشاش بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە مۇسكۇللارنىڭ بىر خاس قىسمىنىڭ ئىششىقى (سۆڭەك مۇسكۇل ئىششىقى) نىڭ نەتىجىسى بولىدۇ (مۇئەزىم سۆڭەك ياسىغۇچى).

(6) گانگرېنامۇ بەزىدە سۇنۇق ھالەتلىرىدە پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىرنەچچە بولىدۇ، مەسىلەن: بەزىدە بۇ ئاپەت بىلەن تومۇرلاردا ئۆتۈشۈش يولىنىڭ بىرەر بۇزۇلۇشىدىن (قىزىل قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى) ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئۇيۇۋېلىشى پەيدا بولىدۇ، بەزىدە زەخىملەنگەن نېرۋىدىنمۇ ئەزادا گانگرېنا پەيدا بولىدۇ ھەمدە ناۋادا تاختا ئاستىدىكى پاختا شارچىلىرى يېتەرلىك بولمىسا، شۇنىڭدىنمۇ گاڭگرىنا كۆرۈنىدۇ، ئۇ بارلىق ھالەتلەردە گانگرېنا ئومۇمەن ھۆل بولىدۇ.

(7) بەزىدە تاختايلارنى قائىدىسىز ئىشلىتىش ۋە بېسىش بىلەن كۆپۈشكەن قاتتىق ئورۇنلار ئۈستىدە زەخىم پەيدا بولىدۇ (تاختاي يارىسى)، بۇ بىر يەرلىك ئورۇنلۇق گاڭگرىنانىڭ شەكلىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ كۆپرەك پۇت سۇنۇقى، ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپلىرىدە پەيدا بولىدۇ، بۇ بارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىش زۆرۈردۇر، بۇ ئۆز جايلىرىدا تەپسىلىي يېزىلدى.

داۋالاش سەمەرقەندى ئادەتتىكى سۇنۇقنىڭ ئىلاجى دەسلەپتە ئەزانى تۇتۇپ ۋە ئىنتايىن سىلىقلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن مۇۋاپىق تارتىپ تۈزلەش ھەمدە سۆڭەكنىڭ ئىككى پارچىسىنى بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە قويۇش تاكى تەبىئىي يەنى ئەسلىي شەكلىنىڭ ئەكسىچە سۆڭەك مايماق تۇتۇپ قالمىسۇن ھەمدە سۆڭەكلەرنى باراۋەر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەربىر

پارچىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئۆز جايىغا كەلتۈرۈش، چۈنكى سۆڭەكنىڭ پارچىسى ناۋادا ئۆز جايىغا كەلمىسە ئوتتۇرىدا توسۇق پەيدا بولۇپ سۆڭەكنى تۇتاشتۇرمايدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا مايماق تۇتۇپ قالىدۇ.

بارلىق مەشغۇلاتلارنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە سىلىقلىق بىلەن قىلىش تاكى ئاغرىق كەم بولسۇن، ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلىكىدىن ئىششىق، قىزىتما ۋە باشقىلار پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شارپا بىلەن باغلاش، بۇ زىيادە چىڭ ياكى ۋە زىيادە بوش بولمىسۇن.

قاتتىق ھەمدە چىڭ باغلاش بىلەن ئەزانىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى، تومۇرلىرى ۋە باشقىلار تارىيىدۇ، ئەزا ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىشقا قابىل بولۇپ تۇرالمايدۇ ھەمدە كۆپىنچە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى ئەگەر بىرەر تېڭىق ئۇزۇندا يېشىلسە ئەزا چىرىپ ئۆلىدۇ ھەمدە بۇ ۋاقىتتا ئۇنى كېسىپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى بۇكى ھاياتلىق روھىنىڭ يولى تارىيىپ ئەزالارنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ.

سۇنۇق بوش تېڭىلغاندا سۆڭەكنى مۇھاپىزەت قىلالمايدۇ ھەمدە بىر خىل شەكىلدە سۆڭەكنى تۇتاشقىچە تۇتۇپ تۇرالمايدۇ ھەمدە ئۇ قان ئېلىشتىن كەلگەن ھۆللۈكلەرنىمۇ توختىتالمايدۇ ھەمدە ئۇ يىراق - يىراقلاردىن كەلگەن ھۆللۈكلەرنى قايتۇرۇپ يوقىتالمايدۇ — (نەفىيس).

دەسلەپتە سۇنغان ئورۇن تېڭىلىدۇ. ئاندىن كېيىن تېڭىقنى سۇنغان بۇ ئەزانىڭ يۇقىرىقى بۆلىكى تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدۇ، لېكىن دەسلەپكى سۇنغان ئورۇننى دەسلەپتە ياخشى باغلاش لازىم، چۈنكى ئۇنى ياخشى مۇقىملاشتۇرۇش مۇھىم.

ئاندىن قايتا ئىككىنچى تېڭىقنى تېڭىش ھەمدە ئۇنىڭ دەسلەپىدىمۇ سۇنغان ئورۇندىن باشلاپ تېڭىش، ئاندىن كېيىن ئۈچ - تۆت قېتىم ئورىغاندىن كېيىن ئاستى تەرەپكە ئېلىپ بېرىش ھەمدە بۇنىمۇ دەسلەپكى تېڭىققا ئوخشاش ئۈستى - ئاستى تەرەپكە يۆگەش، دەسلەپىدە قاتتىق ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق قويۇش ئاندىن كېيىن بۇ ئورۇننى باشقا پاختا شارچىلىرى بىلەن باراۋەر قىلىش، بۇنداق ئېگىز - پەس بارلىق بوشلۇق تولدۇرۇلسۇن، بۇ ئىككى تېڭىقنى تاڭغان ئارىلىقتا تاكى ئۇنىڭدا بىرەر ئېگىز پەسلىك ئورۇن قالمىسۇن، ئۇنداق بولمىسا تاختايلار بۇ جايدا ئوبدان ئورۇنلىشالمايدۇ ھەمدە تاكى پاختا شارچىلىرىنى ئىككى تېڭىق ئۈستىدە يېيىتىپ، ئۇلارنى تامامەن باراۋەر قىلىش، بىر جايىنى چىڭ يەنە بىر جايىنى بوش قىلىپ قويماسلىق لازىم.

ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاختاي قويۇپ باغلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن قان ئېلىنىدۇ ھەمدە بىرەر يەڭگىل نەرسە بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، غىزاسىغا يەڭگىل ۋە لاتاپەت پەيدا

قىلغۇچى نەرسىلەر بېرىلىدۇ، چۈجىلەرنىڭ شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى ئۇ چارىلەر بىلەن ئىششىق پەيدا بولمىسۇن ھەمدە مۇمىيا پارسى ياكى گىل ئەرمىنىدىن تۆت گىرام ھەسەل شەربىتى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

بۇ تېڭىقنى ئۈچ - تۆت كۈندىن بۇرۇن يەشمەسلىك لازىم، ئۇنداق بولمىسا ئەزا ئۆز ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن يۆتكىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن يېشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇنىڭ ئۈچۈن كېلىدۇكى، ئەزالار ۋە تېڭىقنى سۇيۇق زىيانلىق ھۆللۈكلەر ۋە كىر، مەينەتلەردىن پاكىز قىلىش، تاكى بىمار زىيادە بىئارام بولمىسۇن ۋە تاكى گۆش ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى ئېنىقلانسۇن.

تېڭىقنى يېشىش ئەگەر ئاغرىقتا كۈچىيىش پەيدا بولسا ھەمدە تېڭىقنىڭ ئەتراپىدا قىزىللىق تارقاپ كەتكەن بولسا، تېڭىقنى يېشىۋېتىش لازىم ياكى ئۇنى بىر قەدەر بوش قىلىش لازىم، چۈنكى تېڭىقنىڭ چىڭلىقىدىن ئاغرىق ئاشىدۇ ۋە ئاغرىقنىڭ ئېشىشىدىن ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ياكى ئەگەر بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك قىچىشىش سېزىلسە، يېشىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىق سۇ تۆكۈش لازىم، لېكىن بەك قىزىق بولمىسۇن بەلكى مۇشۇنداق ئىسسىق بولسۇنكى، بۇنى ئىشلىتىش بىلەن بىمار ئارام تاپسۇن، مۇشۇنىڭغىچە بۇ ھۆللۈكنىڭ تارقاپ كېتىشىدىن قىچىشىش پەسىيىدۇ، ئۇزۇنغىچە ئوچۇق قويۇش تاكى بىمار ئازراق ئارام ئالسۇن، ئاندىن تېڭىق لاتىلىرىنى گۈلاب، گۈل يېغى ۋە سىركىگە بېسىپ تېڭىش لازىم.

تېڭىق لاتىسىنى چىڭىتىش ناۋادا تېڭىق تېڭىلىپ بىرقانچە كۈن ئۆتسە ھەمدە ئىششىق پەيدا بولمىسا ۋە ئەزادا ھارارەت قېپقالمىسا، تېڭىقنى دەسلەپتىكىدىن بەكرەك چىڭ قىلىش، چۈنكى تېڭىقنى چىڭ قىلىش، بىلەن سۆڭەك ئۆز ئورنىغا ياخشى ئورۇنلىشىدۇ ھەمدە ئۇ بىر تەرەپكە ئېگىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا شۇ ۋاقىتتا قىچىشىش ۋە ئىششىق پەيدا بولۇشنىڭ خەۋپىمۇ قالمايدۇ ھەمدە تۆت - بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇددەتتىن كېيىن يېشىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى كۆرسەتمىگە مۇۋاپىق تېڭىقنى چىڭىتىش ۋاقتى 10 كۈندىن ئارتۇق، 20 كۈنگە يېقىن بولۇشى لازىم، چۈنكى تۇتاشقان ئورۇندا تۈگۈنچە (كۆمۈرچەك) پەيدا بولۇش تەخمىنەن بۇ ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ.

ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە زىماتى جەبىر چېپىلىدۇ، بۇ سېرىق پۇرچاق، گىل ئەرمىنى، ئاقاقىيا ھەمدە ئاس سۈيىدىن تەييارلانغان بولسۇن، قويۇق، چاپلاشقاق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: كاللا - پاچاق، كالىنىڭ ئۇرۇقدىنى، گۆرۈچ ۋە ھالۋىلار تاكى قويۇق ۋە چاپلاشقاق قان پەيدا

بولغان ھەمدە بۇ قان بىلەن سۆڭەكنىڭ چاپلىشىشىدا ئەۋرىشىم (ئېلاستىك) مەزمۇت تۈگۈنچە پەيدا بولغان چاغقىچە بېرىلىدۇ. تاكى قۇرۇپ ئاجىزلاپ ئاسان سۇنۇپ كەتمىسۇن. ھەمدە ئاخىرىدا ناۋادا تۈگۈنچىدە قاتتىقلىشىش بولسا تېڭىقنى بىرئاز بوشىتىش لازىم، تاكى تېڭىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن تۈگۈنچە بېسىلىپ كەتمىسۇن ھەمدە ئۇ تامامەن پەيدا بولمىسۇن. ياكى پەيدا بولسىمۇ، لېكىن تولۇق شەكىلدە غىزانىڭ يولى توسۇلۇپ قالمىسۇن ھەمدە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىنى بايقالمىسۇن. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۈگۈنچە پەيدا بولسا، نېپىز، ئاجىز ھەمدە ئاسان سۇنىدىغان ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

تۈگۈنچىدە قاتتىقلىق ۋە مەزمۇتلۇق ھاسىل بولغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئەزانى ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم، ئۇنداق بولمىسا ھەرىكەت سەۋەبىدىن ئۇ چىقىپ ئۆز جايىدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

ناۋادا تۈگۈنچە قاتقان بولسا ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، پاختا شارچىلىرى ۋە تېڭىقلار ئۈستىگە قان تومۇرلاردىن چىقىدۇ ياكى سىرغىيدۇ بۇ تەبىئەتنىڭ ماددىلارنى ئۇ تەرەپكە كۆپلەپ ئەۋەتكەنلىكى، بۇ ماددىلارنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق سىرغىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوچۇق سۇنۇق (كەسىر مۇرەككەب)

(1) سۇنۇق ۋە ئىششىق   ئەگەر سۇنۇق بىلەن ئىششىقمۇ بولسا تىلائى نەرىدىنى بەزى سوغۇق ئۇسارىلەردە ئېرىتىپ چېپىش، تېڭىقنى زىيادە چىڭ قىلماسلىق ھەمدە ھەر كۈنى ئېچىپ تۇرۇش لازىم، بۇ ئېنىقكى، تېڭىقنى زىيادە چىڭىتىش بىلەن ئاغرىق، ئاغرىق بىلەن ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

(2) سۇنۇق ۋە ئېزىلىپ كېتىش   ئەگەر سۆڭەك سۇنۇش بىلەن گۆشمۇ ئېزىلگەن بولسا، ئېزىلگەن ئورۇن تىلىنىدۇ ھەمدە مەۋجۇت بولغان قان چىقىرىۋېتىلىدۇ، تاكى بۇ قان سوغۇق، بۇزۇلغان بولمىسۇن ۋە ئۇفۇنەتلەنمىسۇن، تاكى بۇ ئورۇن چىرىمىسۇن.

(3) سۇنۇق ۋە جاراھەت   ئەگەر سۆڭەك سۇنۇش بىلەن جاراھەت يەنى زەخىممۇ كۆرۈلگەن بولسا، زەخىمنىڭ خەۋپىدىن تېڭىقنى بىرقەدەر بوش قىلىش ھەمدە زەخىمنىڭ ئېغىزىنى يۆگىمەسلىك لازىم، تاكى دورا يېتىپ بارسۇن ھەمدە تاكى زەخىمنىڭ سۈيى چىقىپ تۇرسۇن، بىر تېڭىق زەخىمنىڭ ئېغىزى ئۈستىدە يۇقىرىقى گىرۋىكىنىڭ ئەتراپىغا باغلانسۇن ھەمدە ئۇنى قىيپاش شەكىلدە ئاستىغا ئېلىپ بېرىش، يەنە بىر تېڭىقنى تۆۋەنكى گىرۋىكىنىڭ ئەتراپىغا باغلاش ھەمدە بۇنى سىڭايان شەكىلدە ئۈستىگە ئېلىپ بېرىش، زەخىمنىڭ ئېغىزىنى

ئوچۇق قويۇپ قويۇش، ئۇنىڭ تېڭىقىنى ھەر كۈنى ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن يېشىش ھەمدە زەخىمنىڭ ئېغىزى ئۈستىگە كونا پاختا قويۇش لازىم، بۇ پاختا زەخىمنىڭ سۈيى تۆگىگىچە قويۇلىدۇ ھەمدە ئىششىقنىڭ خەۋپى يوقالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش پەيدا قىلغۇچى مەلھەم چېپىلىدۇ.

(4) سۇنۇق ۋە قاناش سۆڭەكنىڭ سۇنۇشى بىلەن قاناشمۇ كۆرۈلگەن بولسا، قان ئېقىشنى توختىتىش ئۈچۈن سەبرە، كۇندۇر، مۇرمەككى، خۇنسىياۋشان ئىشلىتىلىدۇ.

(5) كەسىر مۇفەتتەت ئەگەر بىرەر سۆڭەك ئۇۋۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ تېرىنى تەشمىگەن بولسا بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، سۇنغان ئورۇننى قول بىلەن تۇتقاندا سۆڭەكتە سۇركىلىش ئاۋازى ئاڭلانسا، ئۇ ئىنتايىن سىلىقلىق بىلەن قول بىلەن تۈزەپ قويۇلىدۇ. يەنى سانجىلىش، ئاغرىش كۈچلۈك بولمىغان شەرت ئاستىدا. ئۇنداق بولمىسا سانجىق ۋە ئاغرىق سەۋەبىدىن ئىششىق پەيدا قىلغۇچى ماددا تارتىلىپ كېلىدۇ ۋە ئەگەر سانجىلىش ۋە ئاغرىق بولسا، بۇ ئورۇن تېرىسىنى تىلىپ، سۆڭەك پارچىسى چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئۇ ئايرىم تۇرغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر ئۇ ئايرىم تۇرمىغان بولسا بۇ ئۆتكۈر ۋە سانچىلغۇچى پارچىسىنى ھەرە بىلەن كېسىۋېتىپ، ئاندىن كېيىن زەخىمنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

ئوچۇق سۇنۇق: ئوچۇق سۇنۇق سىرتقى ھاۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنىڭدا ھەممىدىن چوڭ خەتەر چىرىشتۇر، ناۋادا بۇنىڭدا چىرىش بولسا، سۆڭەكنىڭ كىچىك پارچىسى ئۆلىدۇ، ناۋادا سۆڭەك يىلىك ئىچى ئىششىغان (ۋەرەمى مۇخفى ئىزام) بولسا، قان تامامىي بۇزۇلۇپ، زەھەرلىنىشنىڭ تامامىي ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنىڭ كۆرۈلۈش خەتىرى بولىدۇ، توپ ئوقدىن كۆپىنچە ئوچۇق سۇنۇق كۆرۈلىدۇ، بەزىدە ئوچۇق سۇنۇقتا زەخىم ناھايىتى كىچىك ھەمدە قۇرۇق بولىدۇ ھەمدە ئەزادا ئىششىقمۇ بولمايدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە بۇ سۇنۇقنىڭ ئىلاجى ئاددىي سۇنۇقنىڭكىدەك قىلىنىدۇ، ئوچۇق سۇنۇقتا كىچىك ياكى چوڭ قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىش سەۋەبىدىن قاناش كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئاز ۋە كۆپ بولۇشى قان تومۇرلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە زەخىم ئېغىزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سۆڭەكنىڭ تۇتىشىش ھالىتى: ئوچۇق سۇنۇق ئاددىي سۇنۇققا ئوخشاشتۇر، بۇ ئوفۇنەتلەنمىگەن شەرت ئاستىدا. ئەگەر بۇ زەخىم ئوفۇنەتلەنمەستىن تېز تۇتاشقان بولسا، بۇ ئوچۇق سۇنۇق ئاددىي سۇنۇققا ئۆزگىرىدۇ، بۇنىڭ ئىلاجى ناھايىتى ئاساندۇر. ئەگەر زەخىمدە بۇزۇلۇش بولسا، ئومۇمەن سۆڭەكمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر بۇزۇلىدۇ.

بەدەندىكى ئەگەشمە كېسەللىكلەر: ئوچۇق سۇنۇقتا بەدەندىكى ئەگەشمە كېسەللىكلەر ئىككى خىل بولىدۇ.

(1) ئوفۇنەتسىز قىزىتما: بۇ زەربىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ (ھۇمما زەربىيە)، غەيرىي ئۇفۇنىيە (ئوفۇنەتسىز قىزىتما)، بۇ سۇنۇق ئوفۇنەتتىن پاك بولغان چاغدا بولىدۇ.

(2) ھۇمما ئۇفۇنىيە (ئوفۇنەتلىك قىزىتما): بۇ بىر ياكى ئىككى ھەپتىگىچە ئاغرىغان ھالەتتە تۇرىدۇ، بۇ قىزىتما سۇنۇققا ئوفۇنەتلىنىش قوشۇلغان چاغدا كۆرۈلىدۇ.

ئوچۇق سۇنۇقنى داۋالاش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، مەۋجۇت بولغان زەخمىنى كېڭەيتىپ، سۇنغان ئورۇننى تولۇق ئېچىپ، بۇ ئورۇندىكى بۇزۇلغان ۋە نۇقسان يەتكەن توقۇلمىلار نەشتەر بىلەن تېشىلىدۇ ھەمدە ھەر خىل تۈردىكى سىرتقى جىسىملار (يات جىسىملار) يوقىتىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن سۆڭەكنىڭ پارچىلىرىمۇ تولۇق بوشاشقان ۋە ئاجرىغان بولسا چىقىرىۋېتىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن تېرە ۋە قان تومۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغان بولسا، سۇنغان سۆڭەكنىڭ چوڭ - چوڭ پارچىلىرى قويۇپ قويۇلىدۇ، ئەگەر بۇ ئورۇندا ئوفۇنەت كەڭ دائىرىدە تارقالغان بولسا، بۇ ئەھۋالدا سۆڭەك پارچىسى چىقىرىۋېتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تېرە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەممىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ناۋادا سۆڭەك پەردىسى ساقلاپ قېلىنسا، بىرەر چوڭ سۆڭەك پارچىسىنى چىقىرىۋېتىش بىلەنمۇ سۆڭەك ئوبدان تۇتىشى مۇمكىندۇر، بۇ دەسلەپكى داۋالاش بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە تولۇق بولسا، ئاخىرقى نەتىجىمۇ بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

زەخمىنى دەرھال تىكىش گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا مۇناسىپ بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە تىكىشنى كېچىكتۈرۈش ياخشى بولىدۇ، يەنى زەخمىنى تىكىش ئۈچۈن ئومۇمەن ئۈچ كۈنگىچە كۈتۈپ تىكىش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ (ئاۋۋالقى ئاخىرقى تىكىش) بۇ زىيادە غەلىبىلىك بولىدۇ.

سۆڭەكنىڭ ئۇزۇندا تۇتىشى ئەگەر سۆڭەك ئۇزۇندا تۇتسا، بۇنىڭدا تۈگۈنچە ئۇيۇپ قاتتىقلىشىدۇ، بۇرۇن سۆڭەكنىڭ تۇتىشى ئۈچۈن 10 كۈن، قوۋۇرغا ئۈچۈن 20 كۈن، بىلەك سۆڭىكىگە ئوخشاش ئەزالار ئۈچۈن 30 ياكى 40 كۈن، يوتا سۆڭىكى ئۈچۈن 50 كۈندىن تۆت ئايغىچە ۋاقىت كېتىدۇ، دېيىلگەن. بۇ بەزىدە تېڭىقنى قايتا - قايتا يېشىش سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ ئىشتىن ئېنىق بولىدۇكى، سۆڭەكنىڭ تۇتىششى ئۈچۈن تەركىبلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر ھەمدە قايتا - قايتا تېڭىقنى يېشىش سۇنۇققا زىيانلىقتۇر، بۇنىڭ بىلەن تەركىبلەر يۆتكىلىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۆز جايىدىن قوزغىلىدۇ.

بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى نۇتۇللارنى كۆپ ئىشلىتىشتىن ۋە بەزىدە سۇنۇقنى كۆپ مىدىرلاتقانلىقتىن بولىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئۆز جايىدىن يۆتكىلىدۇ ھەمدە تەركىبلىرىنىڭ تۇتىششى يوقايدۇ.

بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى پاختا شارچىلىرى ۋە تېڭىقنىڭ بەك ئېغىرلىقىدىن بولىدۇ، بۇ

كانالچە ۋە قان تومۇرلارنى بېسىپ ئۇلارنى تارايتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غىزا يېتىپ بارالمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بېسىمى تۆگۈنچە ئۈستىگە چۈشىدۇ ھەمدە ئۇنى تۇتۇشتىن پۈتۈنلەي توختىتىپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدا زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق تۇتۇش بولمايدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى غىزانىڭ بەك ئاز ياكى لەتىپ بولۇشىدىن ئەزا ئورۇقلايدۇ ھەمدە ئىنچىكىلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆگۈنچە پەيدا قىلغۇچى ماددا يوقىلىدۇ.

داۋالاش بۇ سەۋەبلەردىن سۆڭەكنى تۇتاشتۇرىدىغان ماددىنىڭ يوقلۇقى كۆرۈلگەن بولسا ئاغرىيدۇ. بۇ ئورۇن تەرەپكە غىزانى تارتىش ئۈچۈن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قويۇق ۋە چاپلاشقاق قان پەيدا قىلىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، سۆڭەكنىڭ كېچىكىپ تۇتىششىنىڭ سەۋەبى غىزانىڭ ئازلىقى ۋە لەتىفلىكىدىن بولغان شەرت ئاستىدا.

كىچىك بوغۇملاردىكى سۆڭەكنىڭ تۇتماسلىقى (كەسىر غەيرىي مۇنجەبىر): ئۇ سۇنۇقتا تۇتۇش بولمايدۇ. بۇ كىچىك بوغۇملار سۆڭەكلىرىنىڭ تۇتماسلىقى (كەسىر غەيرى مۇنجەبىر) ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

(1) سۆڭەكلەرنىڭ بېشى ئىنچىكە، ئۇچلۇق ۋە نېپىز بولسا سۆڭەكلەر مۇتلەق تۇتىشالمايدۇ؛

(2) سۆڭەكلەر تالاسمان ماددا ئارقىلىق تۇتىشىدۇ (ئەنجبار لىفى)؛

(3) ساختا بوغۇم پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىر ھالىتى شۇكى، سۆڭەكلەرنىڭ بېشى كۆمۈرچەك ماددىسى بىلەن ئورىلىدۇ. يەنى توقۇلما بۇنى قورشاپ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە بىر غىلاپ ياسايدۇ، ئىككىنچى خىل ھالەتتە ئومۇمەن تىز ۋە بىلەك سۆڭەكلىرىدە كۆرۈلىدۇ ھەمدە دەسلەپكى ئەھۋالدا بىلەكنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئومۇمىي بەدەنلىك ۋە يەرلىك ئورۇنلۇق سەۋەبلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدا يەرلىك ئورۇنلۇق سەۋەبلەردىن زىيادە ئەھمىيەت ھاسىل بولىدۇ، يەرلىك ئورۇنلۇق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىدەك:

(1) سۆڭەكنىڭ باشلىرىنى ياخشى ئۇسۇلدا ئۆز جايىغا كەلتۈرمەسلىك؛

(2) تولۇق ھەرىكەت قىلماسلىق؛

(3) سۆڭەكلەرنىڭ باشلىرى ئارىسىدا بىرەر مۇسكۇل پەيى، يەنى توقۇلما ياكى بوشاشقان سۆڭەكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى؛

(4) سۆڭەكلەرنىڭ ئىككى ياكى بىر بېشىغا قان ئوبدان يېتىپ بارالماسلىق؛

(5) سۆڭەكتىكى بىرەر يەرلىك ئورۇنلۇق كېسەللىك، مەسلەن: نورمالسىز شەكىلدە سۆڭەكنىڭ بىرەر ئورنىدا ئۆسۈشى؛

(6) سۆڭەكنىڭ بىرەر ئومۇمىي كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: سۆڭەك يۇمشاپ كېتىش كېسەللىكى قاتارلىقلار.

بەدەندىكى سەۋەبلەر (مىزاج سەۋەبلىرى) نىڭ مىسالى، ئۇفۇنەتلىك قىزىتما، چىش مىلىكى قاناش كېسەللىكى ھەمدە ھاراقتىن زەھەرلىنىش ۋە باشقىلار.

داۋالاش سۆڭەك سۇنۇپ تۇتمىغىنىغا 12 ئاي بولمىسا بۇنى تۇتمايدىغان سۇنۇق دەپ ئېيتماسلىق، بۇ جەرياندا كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئەزانى ئۇۋۇلاش لازىم، تاكى ئەزانىڭ ئوزۇقلىنىشىدا تەرەققىيات بولسۇن ۋە توختىغاندا ئەزانى ھەرىكەتسىز قىلىش ئۈچۈن تاختايلاردا قويۇلىدۇكى، ئەزا ھەرىكەت قىلىش بىلەن سۇنغان ئورۇن ھەرىكەت قىلمىسۇن. بۇ ھالەتتە ئەزادا ئىككىلەمچى قان قېيىش بولسا، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئېلاستىك تېڭىق ئىشلىتىش ئۇسۇلىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆك قان تومۇرلار بېسىلىدۇ ۋە قاننىڭ قايتىشىدا توسالغۇ پەيدا بولۇش بىلەن ئەزاغا قان يېتەرلىك مىقداردا توپلىنىدۇ، ئومۇمىي بەدەن ساغلاملىق تەرەپكىمۇ يۈزلىنىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن يېڭى، ئوبدان غىزا ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە، سۆڭەكلەرنىڭ ئىككىلا بېشىنى ئۇپرىتىپ يېڭىلاپ، ئىنچىكە سۇلائى كىرگۈزۈلىدۇ ياكى بىرەر قەۋەت يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشى نەتىجە سۆڭەككە سۆڭەك چاپلىقى چاپلانغاندا ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭ ئۇسۇلى: ئىككى سۆڭەك ئارىلىقىنى كېڭەيتىپ، بۇنىڭغا بوغۇم كۆمۈرچىكى تولدۇرۇلىدۇ، بوغۇمنىڭ بۇ پارچىسى شۇ ئورۇندىكى سۆڭەكلەردىنمۇ ئېلىنىدۇ، ئەگەر بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن بولمىسا، بىمارنىڭ پاچاق سۆڭىكى ياكى قوۋۇرغىلىرىدىنمۇ ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە ئايغىچە ئەزانى قاتتىق ئېگىش ۋە زەربىدىن ساقلاش تاكى ئىككىنچى قېتىم بوغۇم مۇستەھكەم بولۇشتىن ئىلگىرى ئاجراپ كەتمىسۇن.

بۇ ھالەتتە بەزىدە سۆڭەكنىڭ ئىككى بېشىنى ئازراق كېسىپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ چىقىرىۋەتكەن بېشى كۈمۈش ياكى تۆمۈر سىملار بىلەن تىكىلىدۇ ۋە بەزىدە بۇ ئىككى بېشى قىيپاش شەكلىدە كېسىۋېتىلىدۇ، تاكى ئىككىسىنىڭ بىرلەشكەن يۈزلىرى زىيادە كەڭرى ھەمدە ئازادە بولسۇن ھەمدە سۆڭەكلەرنىڭ بىرلىشىش پائالىيىتى تېز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا ئەزانىڭ ئۇزۇنلۇقى قىسقىراپ قالىدىغان ئەھۋال چوقۇم بولىدۇ. بەزىدە ئىككى بېشىنىڭ ئەتراپىنى بۇرما بىلەن تېشىپ، ئىنچىكە پىل چىشىنىڭ مىخلىرى سېلىنىدۇ ھەمدە بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىششىق كەيپىياتى يوقىلىدۇ ھەمدە سۆڭەك تېز تۇتىشىدۇ، بەزىدە سۇنغان ئورۇنغا بىرقانچە يىڭنە سانجىلىدۇ ھەمدە سۆڭەك تېز تۇتىشىدۇ، بەزىدە سۇنغان

ئورۇنغا بىرقانچە يىڭنە سانجىلىدۇ تاكى بۇ جايدا ئىششىق كەيپىياتى پەيدا بولۇش بىلەن سۆڭەك بىرلىشىدۇ. بەزىدە بۇ مەقسەت ئۈچۈن مىس ياكى تۆمۈرنىڭ تورى كىرگۈزۈلۈپ بىر ھەپتىگىچە قويۇپ قويۇلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇ يەردە يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

ناچار ھالەتتە سۆڭەك تۇتىشىش (ئىنئەسىم).

سۆڭەك بوغۇم تۆگۈنچىلىرى بۇ تۆگۈنچىلەر ئۆسمىگە ئوخشاش ئاشكارا بولىدۇ ھەمدە ئۇ تۆگۈنچە بۇ سۇنغان سۆڭەكنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن قېپقالىدۇ، بۇنىڭدا بەزىدە بۇ ئەزادا ھەرىكەت قىلىش ۋە كۆپ ئىشلارنى قىلىشتىن توختاپ قالغۇدەك يېقىمسىزلىق بولىدۇ، ئومۇمەن بۇ بوغۇملارغا يېقىن بولغان چاغدا، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ بۇنىڭ شەكلىدىمۇ كۆرۈمسىزلىك پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تۆگۈنچىلەر كونا بولمىسا ۋە ئۇنىڭدا قېتىشىش بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەي پارچىسى قويۇپ تېڭىش مۇناسىپتۇر، بۇنىڭدىن بەزى ۋاقىتلاردا تۆگۈنچىلەر توختاپ، تارقاپ كېتىدۇ ۋە ئۇ تەدرىجىي كىچىكلەيدۇ ياكى قاتتىق، قابىز دورىلارنى قويۇپ تېڭىپ قويۇلىدۇ.

ئەگەر تۆگۈنچە بولۇپ بولغان بولسا، ئۇنى يۇمشىتىشقا تىرىشىلىدۇ، مايلار، سۆڭەك يىلىكلىرى، ياغ ۋە قىرۇتىلار سۈركىلىدۇ ھەمدە ئىسسىق سۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ. يۇمشاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇنىڭغا مايلار، ئىسسىق ياغ يەنى ئۇنىڭ چۆكمىسى قوشۇلغان بولسۇن.

ياكى بۇ زىمات چېپىلىدۇ. بۇ لەبنى (مىئەسائىلە)، بەھروزە، جاۋشىر، ئوشەق، مۇقەل ۋە باشقىلار بىلەن مۇسەللەسكە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

ئەسىم (سۆڭەكنىڭ خاتا تۇتۇپ قېلىشى) ئەگەر بىرەر سۆڭەك خاتا تۇتۇپ قالغان بولسا ۋە ئۇنىڭ شەكلى مايماق بولۇپ قالسا ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلى ئۆزگەرگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئاجرىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، تاكى ئۇ تەبىئىي كۆرۈنۈش ۋە ئەسلىي شەكىلدە تۇتسۇن ۋە تۆگۈنچە قاتتىق بولۇش سەۋەبلىك، بۇ ئىش خەتەرلىك بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم ئاجرىتىش بىلەن سۆڭەك بىرەر باشقا ئورۇندىن سۇنۇپ كەتمىسۇن. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولسا، بىرەر يۇمشاتقۇچى دورا بىلەن دەسلەپتە تۆگۈنچە يۇمشىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆڭەكنى ئاجرىتىپ ئىككىنچى قېتىم جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ، بەزىدە ئاجرىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ توغرا كەلسە، بۇنى داۋالىغاندا دەسلەپتە ئۇنى يۇمشىتىپ، ئاندىن كېيىن تارتىپ ۋە تەبىئىي شەكىلگە كەلتۈرۈپ تاختايلار بىلەن تېڭىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز جايىغا كېلىپ ساقىيىدۇ.

ئەسىمدىن سۆڭەكنىڭ ناچار شەكىلدە تۇتىشىپ، ئەزا شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى ئۇنىڭ

تەبىئىي پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەتتە زىيادە يېقىمسىزلىق بولسا بىمارنى بىھوش قىلىپ، سۇنغان ئورۇننى ئېچىپ سۆڭەكلەر ئاجرىتىلىدۇ ھەمدە تولغاش ۋاستىسى بىلەن ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى (ئافاتى مۇفاسىل)

خەلئى، جورئەكەرنا — بوغۇم چىقىقى؛ ۋەسى، مۇنىچ — پەي چۆچۈپ كېتىش؛ ۋەمەن، دەكەن — ئاغرىق.

خەلئى (بوغۇم چىقىقى) سۆڭەك بېشى سۆڭەك ئويمىنىدىن تولۇق چىقىپ كەتكەن بولسا خەلئى دېيىلىدۇ.

ۋەسا (تولۇق بولمىغان چىقىق) سۆڭەك بېشى سۆڭەك ئويمىنىدىن يۆتكەلگەن بولسا، لېكىن تولۇق سىرتىغا چىقىپ كەتمىگەن بولسا ۋەسا دېيىلىدۇ.

ۋەمەن (ئاغرىق) بۇ ئاغرىق ۋە ئەزىيەتنىڭ نامىدۇر. بۇ، سۆڭەك ۋە سۆڭەكنى ئورىغۇچى جىسىملار، مەسىلەن: گۆش، تارىمۇش قاتارلىقلارغا زەربە ۋە باشقىلار تېگىشتىن پۈتۈنلۈك بۇزۇلماستىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدا بىرەر سۆڭەك ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتمەيدۇ ھەمدە بوغۇم چىقىپ كەتمەيدۇ.

تېببىي ئۇقۇمدىكى ئوخشىماسلىق بەزى كىشىلەر خەلئى، ۋەمەن ھەمدە ۋەسانىڭ تېببىي ئۇقۇملىرىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىدۇ:

خەلئى — سۆڭەكنىڭ بېشى ئۆز بوغۇمىدىن تولۇق ياكى قىسمەن شەكىلدە (تولۇق ياكى يېرىم ھالەتتە) چىقىپ كېتىشىنىڭ نامىدۇر.

ۋەمەن ۋە ۋەسا: بۇنىڭدا بىرەر زەربە سەۋەبىدىن بوغۇمنىڭ تارىمۇشلىرى، يەنى تۇتاشتۇرغۇچى تارىمۇشلار ۋە باشقىلار ئۈزۈلۈش ياكى سوزۇلۇش سەۋەبلىك پەيدا بولغان ئاپەتلەرگە ئېيتىلىدۇ.

بەزى ئەھۋاللاردا شىللىق پەردىلەرمۇ ئىششىدۇ، بوغۇمنىڭ خالتىسى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان ئورۇنلاردا بەزىدە قاناشمۇ بولىدۇ، تولۇق بولمىغان چىقىق كۆرۈلگەندە، ئومۇمەن قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

چىقىقنىڭ تۈرلىرى سەۋەبلەر ئېتىبارى بىلەن چىقىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ① ۋىلادى (تۇغما)؛ ② كېسەللىكتىن بولغىنى؛ ③ زەربىدىن بولغىنى.

تۇغما چىقىق بۇ تۇغۇلغان ۋاقتتا مەۋجۇت بولغان چىقىققا قارىتىلغان. تۇغما چىقىقنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە سۇئى خىلقەت يەنى هامىلە تۈزۈلۈشىنىڭ كەمچىل بولۇشى بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بوغۇمنىڭ تەبىئىي يۈزلىرى پەيدا بولمايدۇ ۋە بەزىدە هامىلىنىڭ خاتا ئورۇنلىشىشى، يەنى هامىلە بالىياتقۇدا تەرتىپسىز تۇرۇشىدىن بالىياتقۇنىڭ ئىچىدىلا هامىلىنىڭ بىرەر ئەزاسىدا چىقىق پەيدا بولىدۇ، ئومۇمەن بۇ تۇغما چىقىق يانپاشتا كۆرۈلىدۇ.

يانپاش تۇغما چىقىقى هامىلە بىرەر سەۋەبتىن بالىياتقۇدا غەيرىي تەبىئىي هالەتتە تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىم چۈشۈش بىلەن يوتا سۆڭىكى بېشى يانپاش سۆڭىكى ئويمىنىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ، كۆپىنچە بۇ نۇقسان بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭغىلى تۇرغان ۋاقتتا كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بالىنىڭ كېسەللەنگەن پاچىقى بىرئاز كىچىك بولىدۇ. هەمدە يانپاچ قىسمىغا يىغىلغان بولىدۇ. ئومۇرتقا تۈۋرۈكىدە ئېگىلىش پەيدا بولىدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك ئىككىلا تەرەپتە بولسا، بەل ئالدى تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بىر تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ. لېكىن بوغۇمنىڭ هەرىكەتلىرىدە بىرەر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ هەمدە بوغۇمدا بىر خىل ئاغرىق سېزىلىدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجىدا روهىي جەهەتتە ساقىيىپ قېلىش ئۈمىدىدە بولۇش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەگەر بالا مېڭىشتىن ئىلگىرىلا چىقىق كېسەللىكى دەپ دىياگنوز قويۇلسا، يوتا سۆڭىكى بېشىنى داس سۆڭەك ئويمىنىغا كىرگۈزۈپ ئورنىغا چۈشۈرۈش هەمدە پاچاقنى تولۇق شەكىلدە ئوتتۇرا سىزىقتىن يىراق تۇتۇپ يانپاشنى لازوقىدە تۇرغۇزۇش، تەخمىنەن بىر يىل زوقىدە تۇرغۇزۇش زۆرۈردۇر.

لازوقە ئۇ چاپلاشقاق رېزىنكە بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن چىقىپ كەتكەن ئەزا ئورنىغا كەلتۈرۈلۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ تۈردىكى رېزىنكە چاپلاشقاق ماددىلار بولىدۇ، مەسىلەن: كاۋچۇك ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. خەلئى مەرزى (كېسەللىكتىن بولغان چىقىق): بۇ چىقىق بوغۇمنىڭ بىرەر كېسەللىكى، مەسىلەن: بوغۇمنىڭ يىرىڭلىق ئىششىقى ياكى بوغۇمغا سىل ماددىسىنىڭ توپلىنىشى ياكى بەزى ئەسەبىي كېسەللىكلەرنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ هەمدە بۇنىڭ ئىلاجى شۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

خەلئى زەربى زەربىدىن بولغان چىقىقنىڭ سەۋەبلىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ① ئىلگىرىكى سەۋەبلەر ② قوزغىغۇچى سەۋەبلەر ياكى بىۋاستە قوزغاتقۇچى سەۋەبلەر.

ئەسبابى سابىقە (ئىلگىرىكى سەۋەبلەر).

(1) بوغۇمنىڭ تۈرلىرى: بەزى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى، چىقىق ئاسان يۈز بېرىغان ھالەتتە تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: تاغاق بوغۇمى، چۈنكى بۇنىڭدا تاغاق سۆڭەك ئويمىنى كەڭ، بىلەك سۆڭىكى بېشى چوڭ بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن تاغاق سۆڭەك بېشىنى تولۇق سىغدۇرالمايدۇ.

(2) بىمارنىڭ يېشى: ياشنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن زەربە نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن باللاردا زەربە سەۋەبتىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۆڭەكلەرنىڭ بېشى چىقىپ كېتىدۇ، بۇ تۈردىكى زەربە ئەگەر ياشلارنىڭ سۆڭەكلىرىگە يەتسە، چىقىق بولىدۇ ۋە ئەگەر ياشانغان ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرىدە كۆرۈلسە سۇنۇق پەيدا بولىدۇ، ياش ئادەملەرنىڭ سۆڭىكى مەزمۇت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا سوقۇلۇشنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە چىقىق بولىدۇ، ياشانغانلارنىڭ سۆڭەكلىرىدە تەبىئىي ھالەتتە چۈرۈكلىشىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا سۇنۇق يۈز بېرىدۇ ھەمدە باللارنىڭ سۆڭەكلىرى پىشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا سۆڭەكلەرنىڭ بېشى (كەرۋاس) ئاجراپ كېتىدۇ.

(3) بوغۇملارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسكۇللارنىڭ كەيپىياتى: بوغۇم ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار ئاجىز بولۇشتىن، بۇ ئورۇندا چىقىقنىڭ ئىمكانىيىتى زىيادە بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ چىقىق يۈز بەرگەندە توختىتىش كۈچى ناھايىتى ئاز بولىدۇ (مەسىلەن: تاغاق بوغۇمى)، ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ يەرنىڭ مۇسكۇللىرى كۈچلۈك ھەمدە قېلىن بولسا، بۇ يەردە ئۇنىڭ يۈز بېرىش ئىمكانىيىتى ئاز بولىدۇ، چۈنكى بۇ مۇسكۇللار ئۆزىنىڭ تارتىشى ۋە مەزمۇتلۇقى سەۋەبتىن بوغۇم چىقىقى بولمايدۇ.

(4) بوغۇملارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق كەيپىياتى: بوغۇملار قايتا - قايتا ئىششىش سەۋەبتىن ئۇنىڭ تارمۇشلىرى ئىششىپ، يۇمشاپ ۋە بوشىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىن چىقىق ئاسان پەيدا بولىدۇ.

قوزغىغۇچى سەۋەبلەر

(1) ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبلەردىن ھەممىدىن مۇھىمى زەربىدۇر، بۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ① بىۋاستە زەربە ② ۋاستىلىك زەربە؛ ③ مۇسكۇل تارتىشىش.

باشقا بۆلۈنۈشى چىقىقنىڭ كەيپىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) خەلئى تام كامىل، يەنى سۆڭەك بېشىنىڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئۆز ئورنىدىن چىقىپ كېتىشى؛

(2) غەيرىي تام (غەيرىي كامىل ياكى غەيرىي مۇرەككەپ)، يەنى سۆڭەك بېشى پۈتۈنلەي

چىقىپ كەتمەسلىك؛

(3) خەلئى مۇرەككەپ، يەنى چىقىپ كەتكەن ئەزانىڭ تېرىسىدە جاراھەتمۇ پەيدا قىلىش؛

(4) خەلئى مۇزائەپ (تولغاش)، يەنى چوڭ قان تومۇر ياكى نېرۋىلارمۇ زەخىملىنىدۇ (ياكى سۆڭەككىمۇ نۇقسان يېتىدۇ)

(5) خەلئى كەسرى، يەنى سۆڭەكنىڭ چىقىپ كەتكەن بېشىغا يېقىن سۇنۇقمۇ يۈز بېرىدۇ.

خەلئىنىڭ ئومۇمىي ئالامىتى:

(1) چىقىقتا يەرلىك ئورۇنغا زەربە تەگكەنلىكىنىڭ ئالامىتى تېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئاغرىق، زەربىنىڭ ئاسارىتى ۋە يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ ئېزىلىپ كېتىشىدىن بولغان ئىششىق قاتارلىقلار.

(2) ئورنى ئۆزگىرىش. بۇ سۆڭەكلەرنىڭ يۆتكىلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ؛

(3) بوغۇمنىڭ ھەرىكەتلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

چىقىقنىڭ ئالامىتى سەمەرقەندى: چىقىقنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارىدۇر، بۇنىڭدا ئەزانىڭ شەكلى مايماق بولۇپ، بوغۇمنىڭ بىر تەرەپ تېرىسى كۆپۈشىدۇ، يەنى شۇ تەرەپكە سۆڭەك ئارتۇق چىقىدۇ (تېرىمۇ ئۇ تەرەپكە يۆتكىلىدۇ)، يەنە بىر تەرىپى ئولتۇرۇشىدۇ ھەم بۇ بوغۇم ھەمىشە قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلالمايدۇ، ئەزانى ئۆز ئارا ئۇدۇللاشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ بۇ ئېنىقلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر بىر قول چىقىپ كەتسە، يەنە بىر قول بىلەن سېلىشتۇرۇش، ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراش، تۈزلۈكىنى سېلىشتۇرۇش، ئىككىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ماسلىقىغا قاراش لازىم.

بۇنىڭدا ئەگەر بىلەك ۋە ئوقۇرەك بوغۇمى ياكى يانپاش بوغۇمى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى تونۇش كۆپىنچە قىيىن بولىدۇ، چۈنكى بىلەك بېشى ئەگەر بوغۇمىدىن چىقىپ كەتسە، كۆپىنچە قولتۇققا كىرىپ كېتىدۇ ھەممە ئاشكارا مايماقلىق كۆرۈلمەيدۇ، ئېگىز - پەسلىك سېزىلمەيدۇ ھەممە بارلىق ھەرىكەتلىرى تولۇق توختىمايدۇ، بۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە پەقەت چىقىق ۋە ئىششىق پەيدا بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدە پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن يەنە بىر بىلەك بىلەن سېلىشتۇرۇلسا ئىككىسىنىڭ ئاشكارا پەرقىمۇ سېزىلمەيدۇ.

لېكىن بىلەك چىقىقنىڭ مەخسۇس ئالامىتى يۇمىلاق كۆپۈشۈش قولتۇق ئاستىدا مەلۇم بولىدۇ، بۇ بىلەكنىڭ بېشىدىن پەيدا بولىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك يوتىنىڭ سۆڭەك بېشى يانپاش بوغۇمىدىن چىقىپ كەتسە، كۆپىنچە ئۇ يوتا ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ياكى سىرتقى تەرەپتىن ئولتۇرغۇچ سۆڭەك تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ (بۇ كۆپ بولىدۇ)، چۈنكى بۇ يەردىكى مۇسكۇللارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاشكارا شەكىلدە بۇ يەردە مايماقلىق مەلۇم بولمايدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى   ھەر خىل تۈردىكى چىقىقتا ئەزا سىلىقلىق بىلەن تارتىلىدۇ، تاكى ئۇنىڭ شەكلى نورمال بولسۇن ھەمدە بوغۇم ئورنىغا چۈشسۇن، ئاندىن كېيىن بوغۇمنى كۈچلەندۈرگۈچى زىماتلاردىن، مەسىلەن: مىدەلەكرى، ئاقاقىيا، گۈل ئەرمىنى، سەبرە، مۇرمەككى، پوستى ئاقلانغان ماش قاتارلىقلار ئاس سۈيى بىلەن چىپىلىدۇ ھەمدە ھەربىر ئەزا مۇناسىپ تېڭىقلار بىلەن تېڭىلىدۇ.

بوغۇملارنى ئورنىغا كەلتۈرۈشتە سۇسلۇق ۋە غەپلەت بىلەن ئىش قىلماسلىق لازىم، بەلكى مۇمكىن بولسا، ئىششىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بوغۇمنى ئورنىغا كەلتۈرۈش، ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن ئورنىغا كەلتۈرەلمىسە، بۇ ئورۇندا ئىششىق كۆرۈلسە، بۇ ھالەتتە بوغۇملارنى ئورنىغا چۈشۈرۈشكە ھەرگىز ئورۇنماسلىق لازىم. بۇ ھالەتتە ئەگەر ئەزانى تارتسا كۆپىنچە ئاغرىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بىماردا قاتتىق تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ. بەلكى بەزىدە غەشىنىڭ نۆۋىتى يېتىپ كېلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە دەسلەپتە ئىششىقنى داۋالاش مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئىششىق يوقالسا بوغۇمنى ئورنىغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. بۇنىڭدا ئەگەر بوغۇمنى ئورنىغا چۈشۈرۈش ئاسان بولسا ۋە ئادەتتىكى تارتىشتىن ئاغرىق كۈچەيمەي، بوغۇم ئۆز ئورنىغا چۈشسە يەنى ئاغرىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن تەشەننۇج ۋە غەشى پەيدا بولمىسا ھەم ئىششىق چوڭىيىپ كېتىشنىڭ خەۋپى بولمىسا، بۇ ئەھۋالدا ئىششىقنىڭ ئىلاجىدىن ئىلگىرى بوغۇمنى ئورنىغا كەلتۈرۈش لازىم.

مۇشۇنىڭدەك ئەگەر چىقىق بىلەن جاراھەت ياكى يارا بولغان بولسا، دەسلەپتە جاراھەت ۋە يارىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، تاكى ئاغرىق پەسەيسۇن، تاكى ئەزانى تارقاتقان ۋاقىتتا ئاغرىق كۈچەيمىسۇن (ياكى ئەزادىكى تارتىش ئاغرىق سەۋەبىدىن كۈچىيىپ كەتمىسۇن). ئاندىن كېيىن ئىنتايىن سىلىقلىق بىلەن بوغۇمنى ئورنىغا سېلىشقا مەشغۇل بولۇش، مەيلى يەككە ياكى مۇرەككەپ چىقىق بولسۇن، ھەرقانداق ۋاقىتتا سىلىقلىق قىلىش لازىم.

يەككە چىقىقتا ئىششىق ۋە باشقىلار بولمايدۇ، مۇرەككەپ چىقىقتا ئىششىق، جاراھەت ۋە باشقىلار بولىدۇ.

ئىزاھات ــ بۇ بوغۇم ئاسان چىقىپ كەتسە ئاسان ئورنىغا چۈشىدۇ، تەستە چىقىپ كەتسە تەستە ئورنىغا چۈشىدۇ.

چىقىقنى يوقىتىشتىكى قىيىنچىلىقلار: چىقىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قىيىنچىلىقلار بولىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك:

(1) بوغۇم يۈزلىرىنىڭ شەكلى، بەزىدە بوغۇم يۈزلىرى شۇنداق شەكىلسىز بولىدۇكى، ئۇ ئاسانلىق بىلەن بىرلەشمەيدۇ ياكى بىرلەشكەندىن كېيىن ئۆز جايىدا تۇرمايدۇ؛

(2) بوغۇم خالتىسى ۋە بوغۇم تارىمۇشلىرى توسۇلۇش، بەزىدە بوغۇم خالتىسى ياكى بوغۇم

تارىمۇشلىرى چىقىپ كەتكەن ئىككى باش ئارىلىقىدا توسۇق بولىدۇ.

(3) مۇسكۇللار تارتىشىش، بەزىدە مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىشى چىقىپ كەتكەن ئەزانى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈشتىن توختىتىدۇ، بۇ ئاخىرقى سەۋەب بىمارنى بىھوش قىلغاندىن كېيىن يوقىلىدۇ.

چىقىقتىكى ئۆزگىرىشلەر چىقىق يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەگەر ئۇ قويۇپ قويۇلسا ۋە يەنى ئورنىغا چۈشۈرۈلمىسە، بوغۇم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ:

ئەگەر چىقىق يۈز بەرگەندىن كېيىن بىمار (بىرقانچە ھەپتىگىچە) داۋالانمىسا، بۇ چىقىپ كەتكەن بوغۇم شۇ ئورۇندا مايماق تۇرىدۇ ۋە ئۇ ئورۇندىكى يۇمشاق توقۇلمىلاردا ھەرىكەتلىنىش، پەيدا قىلىپ، توقۇلما خالتىسى ياسايدۇ ھەمدە بۇ ئورۇندا بىر ساختا بوغۇم شەكىللەندۈرىدۇ شۇنداقلا ھەقىقىي بوغۇم بۆلىكى ئىچىدە تارىمۇش توقۇلمىلىرى پەيدا بولۇپ ئۇنى تولدۇرىدۇ، بۇ بوغۇمنىڭ مۇسكۇللىرى ۋە تارىمۇشلىرى چىقىق پەيدا بولغاندىن كېيىن تارىيىدۇ، ئەگەر ئۇزاق مەزگىلگىچە بۇ ھالەتتە تۇرۇپ قالسا، مۇستەقىل شەكىلدە ئازات بولىدۇ (ئۇنىڭدىن باشقا چىقىق بېشى ئۆزىنىڭ يېڭى جايىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئورۇننىڭ مۇسكۇللىرى، قان تومۇرلىرى ۋە نېرۋىلىرىدا تارىمۇش تالالىرى ئارقىلىق چاپلىشىش پەيدا قىلىدۇ ھەمدە بۇ چاپلىشىشلار چوڭ قان تومۇرلارنى توسىدۇ، مۇشۇ ئەھۋالدا ئەگەر كۈچەپ چىقىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىلسا، چاپلىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن قان تومۇر ۋە نېرۋىلار ئۈزۈلۈشنىڭ چوڭ خەتىرى بولىدۇ.

چىقىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى چىقىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ① قول ئىشلىتىش؛ ② سوزۇش؛ ③ دەستىكار قىلىش.

(1) قول ئىشلىتىش: قول بىلەن چىقىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ مەقسىتى شۇكى، سۆڭەك چىقىپ كەتكەن يولى بىلەن ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ يول بىلەن ئورنىغا كەلتۈرۈشتە بىمارنى بىھوش قىلغاندا، بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ناھايىتى ئاسان بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىشى يوقىلىدۇ، يەنى مۇسكۇل بوشايدۇ.

(2) سوزۇش: بۇ ئۇسۇل بىلەن چىقىقنى نورمال ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ مەقسىتى، ئوبدان كۈچەپ تارتىپ، مۇسكۇلنىڭ تارتىشىشىنى بوشاتقاندىن كېيىن چىقىپ كەتكەن ئەزانى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشتۇر. سوزۇش ئەمەلى ئۈچۈن قول لۆڭگىسى، رومال ياكى باشقىلار ئىشلىتىلىدۇ، سوزغان ۋاقىتتا بىرەر ئادەم بولمىسا، بىمارنىڭ بەدىنى بۇلار بىلەن مەزمۇت باغلىنىدۇ، تاكى بىمار بۇ ئەمەل جەريانىدا تولغىشىپ كەتمىسۇن.

چىقىقنىڭ نورمال ئورنىغا چۈشكەنلىكىنى تونۇش: بۇ سۆڭەك ئۆز جايىغا چۈشكەن ۋاقىتتا

بىر ئاشكارا (تېزلىك بىلەن) ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، بۇنىڭدىن چىقىقنىڭ ئۆز ئورنىغا چۈشكەنلىكى بىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بوغۇم ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورۇنلىرىدا سىزىلىشكە باشلايدۇ ھەمدە بوغومدا تەبىئىي ھەرىكەتلەر بولۇشقا باشلايدۇ، بۇ چىقىقنى بەش - ئالتە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى قول ئىشلىتىش ياكى كۆچەپ تارتىش بىلەن ئورنىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش بىخەتەر ۋە ياخشى ئۇسۇل ئەمەس، چۈنكى چاپلىشىش سەۋەبىدىن بۇ يەرنىڭ قان تومۇر ۋە نېرۋىلىرىغا نۇقسان يېتىشىنىڭ خەتىرى بولىدۇ، ئەگەر ساختا بوغۇم شەكىللەنگەن ھەمدە ئۇنىڭدا ھەرىكەت تولۇق ئاسانلىق بىلەن بولسا ۋە بۇ يەردە ئاغرىقمۇ بولمىسا، بىمارنى بۇ ھالەتتە قويۇپ قويۇش زىيادە ياخشىدۇر، لېكىن ئەگەر ھەرىكىتى چەكلەنگەن بولسا ياكى بىماردا نېرۋىلار ئۇستىگە بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن ئاغرىق سېزىلگەن بولسا، بۇنداق ھالەتتە دەستىكار قىلىش زۆرۈردۇر.

(3) دەستىكار قىلىش: بىمارنى بىھوش قىلىپ بوغۇم ئېچىلىدۇ ھەمدە چىقىپ كەتكەن ئەزا باشقا توقۇلمىلار بىلەن چاپلىشىپ قالغان بولسا، ئاجرىتىپ ئەسلىدىكى بوغۇم ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا بۇ چىقىقنى كېسىپ تاشلاپ خەلئى مۇرەككەپ (بۇنىڭدا چىقىق ئەزانىڭ تېرىسىنى يېرىپ سىرتىغا چىقىرىلىدۇ) نىڭ ئىلاجىنى خاس قىلىپ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىمكى، ئوفۇنەتلىنىش پەيدا بولمىسۇن. زەخمىنىڭ ئەتراپىدىكى تېرىنى پاكىزلاپ، ئەگەر مۇناسىپ دەپ قارالسا زەخمنى چوڭايتىپ، زىيادە ئېزىلگەن توقۇلمىلار كېسىپ ئايرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن چىقىقنى نورماللاشتۇرۇپ، ئىچكى توقۇلمىلاردىكى نېرۋىلار ياكى قان تومۇرلاردا زەخم بارمۇ - يوق تەكشۈرۈلىدۇ، ئەگەر زەخم بولسا مۇناسىپ داۋالاش لازىم، زەخمنى يۇيۇپ بىرەر مۇناسىپ دورا چېپىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زەخم تىكىپ ئېتىلىدۇ، بۇ يەردە بوغۇمدا تۇتىشىپ قېلىش خەۋپى پەيدا بولسا، چاپلىشىپ قېلىشنى توختىتىشتىن ئىلگىرى بوغۇمنى ئورنىغا چۈشۈرۈش لازىم.

ئىنتىساق: توقۇلمىلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ قېلىشى.

تولۇق بولمىغان چىقىق (ۋەسا، مونچ)

ئالامىتى   تولۇق بولمىغان چىقىقنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا سەمەرقەندى يازغانكى، بوغۇمنىڭ بىر تەرىپى ئازراق ئولتۇرۇشقان ھەمدە يەنە بىر تەرىپى ئازراق ئېگىز كۆرۈنىدۇ، چۈنكى تولۇق بولمىغان چىقىقتا سۆڭەكنىڭ بېشى ناھايىتى ئاز ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئېگىز - پەسلىكمۇ شۇ ئۆلچەمدە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ۋەسادا بىرئاز ھەرىكەتمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا سۆڭەكنىڭ كۆپۈشۈشى تولۇق ھالەتتە ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭدا ۋەمەنگە ئوخشاش ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ھەر خىل تەرەپكە قىلغىلى بولسىمۇ، بوغۇمنىڭ ھەرىكىتىدە ئازراق چەكلىمىگە ئۇچراش بىلەن بوغۇمدا ئازراق ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش يەڭگىل چىقىقنىڭ ئىلاجى شۇكى، يەرلىك ئورۇنغا گۈل يېغى سۈركەپ، ئاسنى يۇمشاق ئېزىپ سېپىپ بېرىلىدۇ ھەمدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئادەتتىكى تېڭىق بىلەن تېڭىلىدۇ ياكى مىدە لەكرى ۋە ئاق لەيلىنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىنىدۇ.

ئەگەر چىقىق زىيادە ئېغىر بولسا، چاد يوپۇرمىقى، مەجنۇنتال يوپۇرمىقى، تەتۇر سۆگەت يوپۇرمىقى، ئامىلە ئۇسارىسى، قىزىلگۈل، ئازغان گۈلى، ئاقاقىيا، ئاق لەيلى، ماش، ئىكلىلمىلىك ۋە قىزىل سەندەل قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولسا ماش، مىدە لەكرى، ئانارگۈلى، ئاقاقىيا، فۇپەل قاتارلىقلارنى تۇخۇم ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

چىقىقنىڭ ئىلاجىدا بۇ ئەزانى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئارام بېرىش ئۈچۈن سىلىقلىق بىلەن تېڭىش يېتەرلىكتۇر ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىقنىڭ دورىلىرى، يەنى كۆچلەندۈرگۈچى، تارقاتقۇچى ياغ ۋە باشقىلار سۈركىلىدۇ، بۇنىڭدا ئۇۋۇلاش ھەمدە ئۇۋۇلىغان ئەزانى قاتتىق ئۇۋۇلاش ئىنتايىن زىيانلىقتۇر، بۇنى ئارام ئالدۇرۇش ۋە ھەرىكەتسىز قىلىشلا توغرا داۋالاش ئۇسۇلىدۇر ھەمدە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشمۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

بوغۇم ئۈزۈراپ قېلىش (جوركا لەمبا ھوجانا)

بەزىدە بوغۇم ئۈزۈراپ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەبىئىي ھالەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇ ناھايىتى تېز چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ.

سەۋەبى بۇ بوغۇمنى ئورىغۇچى تارمۇش ۋە سۆڭەكنىڭ باغلىغۇچى توقۇلمىلىرى بوشاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ ھەمدە بۇ ئۈزۈراپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ شۇ پېتى قويۇپ قويۇلسا، ۋاقىتلىق ئۈزۈرايدۇ ھەمدە بۇ ۋاقىتتا بوغۇمدا ئازراق ئويمانلىشىش پەيدا بولىدۇ، بۇ بەزىدە شۇنچىلىك چوڭ بولىدۇكى، بۇنىڭغا بارماق پاتىدۇ، بۇ يەرلىك ئورۇندا مۇسكۇل خوراپ كەتكەنلىكتىن بولىدۇ.

داۋالاش بۇ بوشاشقان سۆڭەكنى ئەسلىي جايىغا كەلتۈرۈپ، قابىز، ئەزادا قۇۋۋەت پەيدا قىلغۇچى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىگە ئىسسىقلىق يەتكۈزگۈچى ۋە بوشاشتۇرغۇچى ھۆللۈكنى

قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى بولغان زىمات چېپىلىدۇ. بۇ موزا، ئانارگۈلى، ئاقاقىياغا ئوخشاش قابىز نەرسىلەرنى بىرئاز قۇندۇز قەھرى، ئۆشنە ھىندى ۋە قۇستە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىش لازىم ياكى پەقەت مەجنۇنتال مېۋىسى، ئۇبھەل قاتارلىقلارغا پەتەقنىڭ زىماتىغا چۈشىدىغان دورىلار قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ، چۈنكى پەتەق زىماتى ئەزادا قاتتىقلىق پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ.

يەككە چىقىقلار (خەلئى مۇفرەدە)

خەلئىنىڭ ئومۇمىي بايانى يۇقىرىدا سۆزلەندى، ھازىر تۆۋەندە ھەربىر بوغۇمدا پەيدا بولىدىغان ھەر خىل چىقىقلار ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى چىقىقى (فەككى ئەسفەل كا خەلئى) تۆۋەنكى ئېڭەك چىقىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، بىمارنىڭ ئېغىزى تەخمىنەن بىر قىرات (بىر يېرىم ئىلىك) ئوچۇق تۇرىدۇ (يۇمۇلمايدۇ) ھەمدە ئىككى ئېڭەك سۆڭىكىنىڭ چىشلىرى باراۋەر جىپسىلاشمايدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى ئالدى تەرەپكە چىقىپ قالىدۇ. ئېغىزنىڭ ھەرىكىتى، مەسىلەن: سۆزلەش، يۇتۇش قىيىن بولىدۇ، شۆلگەي ئاقىدۇ.

تەكشۈرگەندە تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى بوغۇمى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنىدىن ئالدىدا سېزىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى غەيرىي تەبىئىي ئويمان بولىدۇ.

سەۋەبى مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىشى، مەسىلەن: ئەسنەكنىڭ قاتتىق بولۇشى، ئېغىزى ئوچۇق تۇرغاندا تۇيۇقسىز زەربە تېگىش، قاتتىق كۈچەپ چىشلەش قاتارلىقلار.

بۇ چىقىقتا تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى بوغۇمى ئېڭەك بوغۇم ئويمىنىدىن چىقىپ ھەزرا زەۋجىيە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چىقىق بەزىدە بىر تەرەپتە ياكى كۆپرەك ئىككىلا تەرەپتە بولىدۇ، ناۋادا چىقىق بىر تەرەپتە بولسا، ساغلام تەرەپكە ئازراق مايماقلىشىدۇ.

داۋالاش تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى ئىككى قول بارمىقىنىڭ ياردىمىدە ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ. يەنى بارماقنى بىمارنىڭ ئېغىزىغا كىرگۈزۈپ، ئالدى ياكى ئاستىغا بېسىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم). بېسىش يۆنىلىشى ئالدى ۋە ئاستىغا بولۇشى لازىم. ئالدى دېگىنىمىز داۋالىغۇچىنىڭ ئالدىدۇر، بۇ بىمارغا نىسبەتەن ئارقا تەرىپىدۇر.

ئېھتىيات ئېغىزىغا بارماقلارنى كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى بارماقلارغا رومال ۋە باشقىلارنى

ئورىۋېلىش لازىم، تاكى بىمار ئۇنىڭ بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتمىسۇن. ئېغىزىنىڭ ئىچىدىكى بارماقلارنىڭ بېسىمى ئاستىنقى چىشلار ئۈستىگە چۈشۈشى لازىم.

بېسىش ئۇسۇلى ئەگەر بارماقلارنىڭ بېسىمى ئاستى تەرەپكە بولسا، بۇنداق ھالەتتە داۋالىغۇچىنىڭ باشقا بارماقلىرىنىڭ ياردىمى ئېڭەك سۆڭىكى ئۈستىگە بولسا ھەمدە ئۇ بۇنى ئۈستىگە كۆتۈرسە تاكى بوغۇم، پۇلتايغان بوغۇمنى تېپىلدۇرۇپ، ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ ئورۇنلىشىدۇ.

چىقىق ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن ئېڭەك سۆڭىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەپتە ئون كۈنگىچە تۆت باشلىق تېڭىق (ئەسابى رۇبائىيە ئەزناب) بىلەن تېڭىلىدۇ ھەمدە غىزاسىغا شورپا ۋە سۈت قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

تېڭىق ئاستىغا ئەگەر موم ۋە گۈل يېغى قىرۇتىسى بىلەن پاختا شارچىسى ھۆللەپ تېڭىلسا، ئىكسىرنىڭ ساھىبى ئېيتقانغا مۇناسىپتۇر. بىمار ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئۇخلىتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بېشىغا يۇمشاق ياستۇق قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا ياستۇق ئۈستىدە تىنچ يېتىپ، بېشىنى ئۇياق - بۇياققا مىدىرلاتماسلىققا كۆرسەتمە بېرىلىدۇ.

ئوقۇرەك سۆڭەك چىقىقى (خەلئى تەرقۇۋە)

ئوقۇرەك سۆڭەك ئىچكى چىقىقى بۇ چىقىق ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، يەنە كۆپرەك تولۇق بولمىغان چىقىق بولىدۇ، بۇ چىقىقنىڭ سەۋەبى ئومۇمەن تاغاق سۆڭىكىنىڭ سىرتقى بېشىنىڭ ئۆرۈلۈپ سوقۇلۇشىدىن بولىدۇ، ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تاغاق سۆڭەك سىرتقى تەرەپكە تارتىش بۇ ۋاقىتتا ئوقۇرەكنىڭ ئىچكى بېشى ئارقىسىغا بېسىلىدۇ، ئۇ ئالدىغا يۆتكىلىپ كەتكەن شەرت ئاستىدا. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن سۇنۇقنى تاڭغانغا ئوخشاش تېڭىلىدۇ.

باشقا ھالەتلەردىمۇ ياخشىلاشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئوقۇرەك سۆڭەكنى تارتىپ ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ.

ئوقۇرەك سۆڭەك سىرتقى چىقىقى ئەگەر يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا، تاغاق سۆڭەك ئۆسۈكچىسى ئۈستى ياكى ئاستىغا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇلاردىن بىرەر سۆڭەك نورمالسىز شەكىلدە كۆپۈشكەندەك كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ خاس ئۇقۇمى ئاڭلىماققا ئاساندەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئورنىغا ياخشى چۈشۈرۈش قىيىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئورنىدا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بىلەكنى بۇلۇڭسىمان تۇرغۇزۇپ لەزوقەنىڭ

تېڭىقى تاغاقنىڭ ئۈستۈنكى يۈزىدىن بىلەكنىڭ ئاستىنقى يۈزىگىچە چاپلىنىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى بىلەك ۋە بىلەك بوغۇمى ئېسىپ قويۇلىدۇ ھەمدە كۆكرەك بىلەن قوشۇپ تېڭىپ قويۇلىدۇ.

تاغاق سۆڭەك چىقىقى (خەلئى مەنكەب)

بارلىق بوغۇملارنىڭ چىقىقىنى ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى جەملەنسىمۇ، تاغاق سۆڭەك چىقىقىنى ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىغا كېلەلمەيدۇ، چۈنكى تاغاق سۆڭەك ياپىلاق، بىلەك بېشى ناھايىتى چوڭ، بىلەكنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، يەنى تاغاق سۆڭەك ئاپەتكە يېقىندۇر.

ئالامىتى تاغاق سۆڭىكى ياپىلاق بولۇپ، تاغاق سۆڭەك ئۆسۈكچىسى كۆپۈشىدۇ ھەمدە تاغاق سۆڭەك ئۆسۈكچىسى تۆۋەنكى بىلەكنىڭ يۇملاق بېشى ئورنىدا بىر ئويمان پەيدا قىلىدۇ.

بىلەك سۆڭىكى بىرەر نورمالسىز ئورۇندا سېزىلىدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپ بىلەك يانىدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ ھەمدە كېسەللەنگەن تەرەپتىكى قولنى يەنە بىر تەرەپكە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل قويۇپ، بىلەكنى بەدەن بىلەن بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. قولتۇقنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى تۆۋەنلەيدۇ، ئەگەر تۈز ياغاچ تاغاق سۆڭەك ئۆسۈكچىسى ۋە بىلەكنىڭ سىرتقى تۈگۈنچىسى ئۈستىگە قويۇلسا چىقىق ھالىتىدە ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا بىرلىشىدۇ.

تاغاق سۆڭەك ئاستى چىقىقى بىلەك بېشى ناۋادا تاغاق سۆڭەكتىن ئاستىغا چۈشۈپ كەتسە، بىلەك بېشى قولتۇققا چۈشۈپ، قولتۇقتىكى قان تومۇر ۋە نېرۋىغا بېسىم چۈشۈرىدۇ ھەمدە بۇ تۇتۇش بىلەن قولتۇقتا مەلۇم بولۇپ بىلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاشىدۇ، بىلەك ئازراق يىغىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە بارماقلار بەزىدە سېزىمسىزلىنىدۇ.

مىنقاد سۆڭەك ئاستى چىقىقى بۇنىڭدا بىلەكنىڭ باشلىرى تاغاق سۆڭەك ئويمىنى ئالدى ھەمدە بۈركۈت تۇمشۇقسىمان ئۆسۈكچىسىنىڭ ئاستىغا كېتىدۇ، بۇ ھەممىدىن كۆپ كۆرۈلىدۇ، بىلەك ئارقىغا، سىرتقى تەرەپكە يۆتكىلىدۇ ھەمدە بىلەكنىڭ بېشى ئوقۇرەكنىڭ سىرتقى ئۇچىدىن بىر قىسمىنىڭ ئاستىنى تۇتۇش بىلەن مەلۇم بولىدۇ.

ئوقۇرەك سۆڭەك ئاستى چىقىقى بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا بىلەكنىڭ بېشى بۈركۈت تۇمشۇقسىمان ئاستى چىقىقىدىن بەكرەك ئىچكى تەرەپكە كېتىدۇ، بۇ تۈردە بىلەك سىرتقى تەرەپكە زىيادە يۆتكىلىدۇ ھەمدە بىلەك ئاشكارا قىسقا بولىدۇ.

سەنسەنە ئاستى چىقىقى بۇمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا بىلەك بېشى ھەزرە تەھتۇل سەنسەنەدە بولىدۇ، بىلەك يۆتكىلىپ ئالدىغا كېتىدۇ ھەمدە كۆكرەك بىلەن ئاسانلىقچە

بىرلىشىدۇ.

بۈركۈت تۇمشۇقسىمان ئۈستى چىقىقى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا بىلەكنىڭ بېشى ئۈستى تەرەپكە يۆتكىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا تاغاق سۆڭەك ئۆسۈكچىسى ياكى بۈركۈت تۇمشۇقسىمان ئۆسۈكچىسى سۇنغان بولىدۇ.

داۋالاش ئوقۇرەك چىقىقلىرىنىڭ ئىلاجى ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى قول بىلەن ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە سۈزۈپ ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا بىمارنى بىھوش قىلىش ياخشىدۇر، بىھوشلىقنىڭ تەسىرىدىن مۇسكۇلنىڭ تارتىشىشى كېمىيىدۇ، بۇ ۋاقىتتا يەڭگىل ئورنىغا چۈشۈرۈش ھەرىكىتىدىن بوغۇم ئۆز ئورنىغا كېلىدۇ.

بىرىنچى ئۇسۇل: تېڭىقچى بىمارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرىدۇ، بىمار ئولتۇرغان ياكى تۇتۇپ تۇرۇلغان بولسا، بىر ياردەمچى ئۇنى تۇتۇپ تۇرسۇن، بىمار بىر قولى بىلەن يىغىلىپ قالغان قولىنى تۇتۇپ ھەمدە بىلەكنى كۈچى بىلەن سىرتقى تەرەپكە بىلەك يان بوغۇمىغا تەگكۈزۈپ ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تاغاق سۆڭەك مۇسكۇلىنىڭ تولۇق تارىيىشى بىلەن قارشىلىششى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىلەك ئۇزۇنغىچە بۇ ھالەتتە تۇرۇشتىن چارچايدۇ، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇ مۇسكۇلنىڭ تارتىشىشى كېمىيىدۇ ھەمدە بىلەك بېشىنى تېيىلدۇرۇپ، بىرئاز ئاستى (قولتۇق تەرەپكە كەلتۈرۈلىدۇ) ھەمدە ئاخىرىدا ئايلاندۇرۇپ تاغاق ئۆسۈكچىسى ئاستىغا كەلتۈرىلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا چىقىقنى ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت بۇ ئەمەل يېتەرلىك بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا، بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئالدى ۋە ئۈستى تەرەپكە ئۆز ئورنىغا كەلگۈچە كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇ ھالەتتە بىلەك تولۇق سىرتقا ئايلىنىۋاتقان بولسۇن، ئاندىن كېيىن بىلەك ئىچكى تەرەپكە مۇشۇنىڭدەك ئايلاندۇرۇلىدۇكى، قول قارشى تەرەپ ئوقۇرەككىچە يېتىپ بارسۇن ھەمدە بىلەكنى كۆكرەك تەرەپكە ئەكېلىش ھەمدە بۇ بارلىق ھەرىكەتلەر كۈچ ۋە روھىي تەسەللى بىلەن بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىسا بۇنىڭ بىلەن سۆڭەك بوينى سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى ئۇسۇل: ئەگەر يۇقىرىقى بىلەك بېشى چىقىپ، ئالدى تەرەپكە كەتكەن بولسا، تېڭىقچى بىمارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇرەكنى تۇتۇپ، ئەگەر ئوڭ ئوقۇرەك چىقىپ كەتكەن بولسا، ئوڭ قول ئىشلىتىش ۋە ئەگەر سول ئوقۇرەك كېسەللەنگەن بولسا سول قولدا تۇتۇش، تۇتقاندا باش بارماق بىلەكنىڭ بېشى ئۈستىدە تۇرىدۇ ھەمدە بارماقلار تاغاق سۆڭىكى ئۈستىدە يەنە بىر قول بىلەن، ئۇ بىلەكنى يۇقىرىقى بىلەككە يېقىن تۇتۇپ (بۇ تارتىشقان ھالەتتە) ئۇنى تارتىشى ھەمدە سىرتىغا ئايلاندۇرۇۋاتقان ياندىن يەنە ئۈستى تەرەپكە بۇ ئورۇندا بولۇڭ شەكىللەنگۈچە كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئارقىمۇئارقا ئىچكى تەرەپكە ئايلاندۇرۇلىدۇ ۋە بۇ ھالەتتە باش

بارماق ئوخشاش بىلەك بېشىدا تۇرىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بوغۇم خالتىسىنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى تەرەپكە كېلىشكە ياردەم قىلىنىدۇ تاكى ئۆزىنىڭ چىقىپ كەتكەن يولىدىن ئۆتۈپ ئۆز ئورنىغا كەلسۇن.

ئەگەر يۇقىرىقى بىلەك بېشى چىقىپ ئارقىغا يۆتكەلگەن چىقىق (تەھتۇل سەنسەنە) بولسا، تېڭىقچى بىمارنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۆرە تۇرۇپ بىر قولى بىلەن ئوقۇرەكنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن بىلەكنى كۆتۈرۈپ ۋە سىرتقى تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ، كەينى تەرەپكە تارتىدۇ، يەنى بىلەكنى سىرتقى تەرەپكە ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ئاخىرىدا يانپاش تەرەپكە ئەكېلىنىدۇ.

تارتىپ داۋالاش بۇ ئۇسۇل بىلەن داۋالاشنىڭ مەقسىتى، تۇتاشقان مۇسكۇل ۋە تارىمۇشلارنى ھاردۇرۇپ، ئۇنىڭ تارتىشىشىنى ئازايتىشتۇر. ئۇنىڭ بىر ئۇسۇلى شۇكى، بىلەك تۈز ئاستى تەرەپكە تارتىلىدۇ، يەنى بىمار پاختىلىق كۆرپە ئۈستىدە يەردە ئوڭدا ياتقۇزۇلىدۇ، تېڭىقچى بىمارغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇنىڭ كېسەللەنگەن تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ ھەمدە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ تاپىنىنى بىمارنىڭ قولتۇقىغا تاقاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قولىنى تۇتۇپ مۇسكۇللار چارچاپ بوشاشقىچە قايتا - قايتا كۈچەپ تارتىدۇ ھەمدە سۆڭەك بېشىنى بوغۇم ئىچىگە كىرگۈزىدۇ (ئىكسىر ئەزەم ۋە باشقىلار).

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى شۇكى، تېڭىقچى تاپىنىنىڭ ئورنىغا تىزىنى ئىشلىتىدۇ، يەنى بىمار ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە بىر ياردەمچى بىمارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بۇلۇڭ پەيدا قىلغان ھالەتتە سىرتقى تەرەپكە تارتىدۇ ھەمدە يەنە بىر ياردەمچى سوزىدىغان تەرەپنىڭ قارشىسىدا بىمارنى تۇتۇپ تۇرىدۇ ھەمدە تاغاق سۆڭەكنى ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزىدۇ.

ياخشىلانغاندىن كېيىنكى تەدبىر پۈتۈن بىلەك يانپاش بىلەن باغلىنىدۇ ھەمدە بۇ ھالەتتە 7 ~ 10 كۈنگىچە قويۇلىدۇ، تاكى قۇيۇلغان قان سۈمۈرۈلۈپ تارقاپ كەتسۇن ھەمدە خالتىدىكى بوغۇمنىڭ سىلجىشى توختىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلەك بويۇنغا ئېسىپ قويۇلىدۇ ھەمدە يەڭگىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا يول قويۇلىدۇ، يىغىپ، ئېچىش ھەرىكىتى ۋە ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتى تەدرىجىي قىلدۇرۇلىدۇ ھەممىنىڭ ئاخىرىدا، ئەگەر باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەر شېرىك بولمىسا، ئۈچ - تۆت ھەپتىدە بىلەكنىڭ ھەرىكەتلىرى تولۇق ئەسلىگە كېلىشىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ.

جەينەك بوغۇمى چىقىقى (خەلئى مەررەق)

بۇ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك سەۋەبلەردىن كۆپرەك ياشلاردا كۆرۈلىدۇ.

جەينەك چىقىقى ئارقا تەرەپ، ئالدى تەرەپ ۋە يان تەرەپ چىقىقلىرى دەپ ئۈچ

تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئارقا تەرەپ چىقىقى بۇنىڭدا ئىككىلا سۆڭەك ئارقا تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ، بۇ تۈرى كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا قارچىغا تۇمشۇقى ئۆسۈكچىسى ئومۇمەن نورمال تۇرىدۇ ھەمدە ئارقىسىغا بېرىپ، قارچىغا تۇمشۇقىغا كەپلىشىدۇ، بىلەك يېرىم قىسقارغان ھالەتتە بولىدۇ ھەمدە قارچىغا تۇمشۇقسىمان ئۆسۈكچە يەنى بىلەك سىرتقى سۆڭىكىنىڭ بوغۇمى ئارقا تەرىپى كۆپۈشىدۇ ھەمدە بۇ كۆپۈشۈش بىلەن ئۈستىدە بىر ئويمان پەيدا بولىدۇ، بىلەكنىڭ تۆۋەنكى ئۇچى ئالدى تەرەپكە چىقىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ، قىزىل قان تومۇرلار ۋە باشقا يۇمشاق توقۇلمىلار ئالدى تەرەپكە بارىدۇ، قارچىغا تۇمشۇقى ئۆسۈكچىسى زەربە سەۋەبىدىن سىزىقىدىن تۆۋەنلەشنىڭ ئورنىغا ئۈستىگە چىقىپ كېتىدۇ.

ئالدى تەرەپ چىقىقى (قىسمى قۇدامى) بۇنىڭدا بىلەكنىڭ ئىككىلا سۆڭىكى يۆتكىلىپ، ئالدى تەرەپكە كېلىدۇ، بۇنىڭدا جەينەك سۆڭىكىنىڭ سۇنۇشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇ تۈردە بىلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاشىدۇ ياكى بۇ تارتىشقان ھالەتتە تۇرىدۇ، قارچىغا تۇمشۇقسىمان ئۆسۈكچە سۇنغاندىن كېيىن بىلەك ئارقا تەرەپ يۇقىرىلايدۇ، ئەگەر سۇنمىسا قارچىغا تۇمشۇقسىمان ئۆسۈكچىگە كەپلىشىپ تۇرىدۇ.

يان تەرەپ چىقىقى بۇنىڭدا ئىككىلا سۆڭەكلەر سىرتقا ياكى ئىچكى تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ئومۇمەن مۇكەممەل بولمايدۇ ھەمدە بۇ ئەھۋال سۇنۇقسىز كۆرۈلمەيدۇ، دىياگنوز قويۇش ئۈچۈن سۆڭەكتىكى ئېگىزلىكلەر تەكشۈرۈلىدۇ، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا ئەكس تەسىرگە قارىلىدۇ.

يەككە بىلەك ئىچكى سۆڭىكى چىقىقى (تەنھا زەندە ئەسفەل كا خەلئى) ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا ئىچكى بىلەك سۆڭىكى ئارقا تەرەپكە يۆتكىلىدۇ، قارچىغا تۇمشۇقسىمان ئۆسۈكچە بىلەكنىڭ دۈمبە تەرىپىدە تەبىئىي ھالەتتىن زىيادە ئاشكارا ۋە ئېگىز كۆرۈنىدۇ، لېكىن بىلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا بىرەر پەرق بولمايدۇ.

داۋالاش يۇقىرىقى بارلىق تۈرلەردە كەپلىشىپ قالغان سۆڭەكلەر ئېگىزلىكلىرىنى تۈزەش بىرقەدەر زۆرۈردۇر، تاكى مۇسكۇللار تارىيىشتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆز جايىغا كېلىپ ئورۇنلاشسۇن. بۇنىڭ ھالىتى شۇكى، بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، تېڭىقچى ئۆز تىزىنى بىلەكنىڭ ئەگمىسىدىكى يۇقىرىقى بىلەك سۆڭەك تۆۋەنكى بېشىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ، كەينى تەرەپكە باسىدۇ ھەمدە بۇ ھالەتتە بىمارنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ تەدرىجىي لېكىن كۈچ بىلەن بىلەكنىڭ سۆڭەكلىرى

تارتىشىپ ئۆز جايىغا كېلىپ ئورۇنلاشقىچە تارتىدۇ. بۇ ئەمەلدىن كېيىن بىلەكنى بۇلۇڭ چىقىرىپ ئېگىپ، ئاز دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىگىچە مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ، تاكى كېسەللەنگەن توقۇلمىلار ئۆز ئەسلىگە كېلىپ بىرلەشسۇن.

يەككە بىلەك سىرتقى سۆڭىكى چىقىقى (تەنھا زەندە ئەئلاكا خەلئى)   بۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئالدى تەرەپ چىقىقى: بۇ ئومۇمەن ئارىلاش بولىدۇ، بۇنىڭدا بىلەك سىرتقى سۆڭەك بېشى بىلەك بوغۇمى ئۈستىگە جايلاشقان. بىلەك تاشقى سۆڭەك ئويمىنىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىلەكنىڭ يىغىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ ھەم يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكىنىڭ سىرتقى تۆگۈنىنىڭ تىك ئاستىدا (ئارقا تەرەپ) بىر ئويمان شەكىللىنىدۇ، بىلەك بىرقەدەر تارتىشقان ھالەتتە تۇرىدۇ ھەمدە بۇ ئوڭ ـ تەتۈر ئارىلىقىدا بولىدۇ.

داۋالاش   بىمارنى سەزمەس قىلىپ، بىلەك بۇلۇڭ ھاسىل بولغۇچە ئېگىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىلەكنى تارتىپ بىلەك سىرتقى سۆڭىكى ئارقا تەرەپكە بېسىلىدۇ، چىقىق يوقىتىلغاندىن كېيىن بىلەكنى يىغقان ھالەتتە بىرقانچە ھەپتىگىچە باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ.

(2) ئارقا تەرەپ چىقىقى: بۇ ئاز ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدا تاشقى بىلەك سۆڭىكى بېشى يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكىنىڭ سىرتقى تۆگۈنچىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جەينەكنىڭ سىرتقى يېنى ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ يەردە چىقىق بىلەكنى ئايلاندۇرۇش بىلەن مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىلاجى بىلەكنى ئېگىش ھەمدە ئۇنى ئۈستىگە قىلىشتۇر.

(3) سىرتقى تەرەپ چىقىقى: بۇمۇ ئاز ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدا بىلەك ئىچكى سۆڭىكىنىڭ بېشى يۆتكىلىپ سىرتقى تۆگۈنچىدىن سىرتقى تەرەپكە يۇرۇپ كېتىدۇ، بۇ يەردە بىلەكنىڭ ھەرىكىتى زىيادە تەسىرگە ئۇچرىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنى ياخشىلاش ناھايىتى ئاساندۇر.

بېغىش چىقىقى (خەلئى رەسفى)

بۇ ئاز ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدا بېغىش، ئالدى تەرەپكە ۋە بەزىدە ئارقا تەرەپكە يۆتكىلىدۇ، بۇنىڭدا بىلەك ئىچكى سۆڭىكى ۋە بىلەك تاشقى سۆڭىكىنىڭ ئاستىنقى بېشى تېرە ئاستى كۆپۈشىدۇ ھەمدە سۆڭەكلەرنىڭ بۇلۇتسىمان ئۆسۈكچىسى ئۆز ئورنىدا مۇناسىپ تۇرىدۇ، بېغىش چىقىقىنى يوقىتىش ئاسان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن قول بىر مەزگىل ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

باش بارماق سۆڭەك چىقىقى ۋە تولۇق چىقىقلىرى
(ئىزامى مەشتىيە ئور پەۋرۇڭ كى خۋلۇئى)

بۇ بەك كۆپ ئۇچرىمايدۇ ھەمدە بۇنى ئاسان تونۇغىلى بولىدۇ ۋە ئاسانلىقچە يوقىلىدۇ، ئەلۋەتتە. باش بارماقنىڭ بىرىنچى تولۇق ئارقا چىقىقى بەزىدە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنى ياخشىلاشنىڭ ئۇسۇلى: باش بارماقنى تۇتۇپ ھەمدە زىيادە سۇرۇپ، باش بارماق سۆڭىكى بىلەن بۇلۇڭ ياسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باش بارماق تېزلىك بىلەن ئېگىلىدۇ، تۇتقاق ھالەتتە ئېگىلىش ھەمدە شۇ ھالەتتە يۆتكەلگەن سۆڭەك ئىچكى تەرەپكە بېسىلىدۇ.

يانپاش سۆڭەك چىقىقى (خەلئى ۋەرەك)

بۇ ئاز ئۇچرايدۇ ھەمدە ھەمىشە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلاردا ۋاستىلىك سوقۇلۇشنىڭ نەتىجىسىدە كۆرۈلىدۇ، 45 ياشلاردىن كېيىن مۇشۇنداق سوقۇلۇشلاردىن چىقىق پەيدا بولۇشنىڭ ئورنىغا يوتا سۆڭىكى سۇنىدۇ.

يانپاش چىقىقى تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئالدىدا (سادى ۋە ئانىي) ۋە ئىككىسى كەينىدە (ۋەركى ۋە زەھرى).

(1) خەلئى سادى   بۇ خىل چىقىقتا يوتا سۆڭىكىنىڭ بېشى ئىچكى تەرەپكە بارىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى بىر پۇت يەنە بىر پۇتتىن ئۇزۇن بولىدۇ، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا ئىككى قىرات (ئۈچ ئىلىك) قىچە ئۇزىرايدۇ، تىز ئازراق سىرتقى تەرەپكە سۇرۇلۇپ كېتىدۇ، پۇت ئوتتۇرا سىزىقىدىن يىراق يىغىلغان ھالەتتە بولىدۇ ھەمدە يوتا ئىششىغاندەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى يوتا سۆڭىكىنىڭ پۇلتايغان ۋە يۇمىلاق بېشى يوتىغا يۆتكىلىپ، بۇ ئىششىغاندەك كۆرۈنىدۇ ھەمدە بىمار يوتىسىنى چات ئارىلىقى يېنىدىن ئېگىشكە قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا يوتا سۆڭەك بېشى توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى يوتا بېشى دوۋساق سۆڭىكى تۆشۈكىدە بولىدۇ، بۇ بىمارنىڭ چات ئارىلىقى ئورنىنى تۇتۇش بىلەن مەلۇم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى خەلئى سادى (دوۋسۇن سۆڭىكى چىقىقى) دۇر. پۇت بارماقلىرى سىرتقى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ، ناۋادا بىمار ئۆرە تۇرسا بەدەن ئالدى تەرەپكە ئېگىلىپ كېتىدۇ، دوۋساق نېرۋىسى ئۈستىگە بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن بۇ چىقىقتا ئاغرىق ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، قوزغىلىش تەبىئىي ھالەتتىن كەم ئاشكارا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلىي ئورنىدا بىر ئويمان پەيدا بولىدۇ.

(2) خەلئى ئالىق   ئەگەر بۇنىڭ سۆڭىكى يانپاش بوغۇمدىن چىقىپ ئالدى تەرەپكە يۆرۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بىمار پاچىقىنى ئۇزارتىشقا قادىر بولالمايدۇ، ئەگەر ئۇ مېڭىشقا ئىرادە قىلسا، ئالدى تەرەپكە ماڭالمايدۇ ياكى ماڭغان ۋاقىتتا بىمار ئوشۇقى ئۈستىدە ماڭىدۇ، بەزىدە بىمارنىڭ سىيدۈكى تۇتۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەئفاج تۈز ئۈچەينىڭ ئاستىنقى بۆلىكى مەقئەتتە تارتىشقاندەك سېزىم بولىدۇ ۋە مۇسكۇللار كەم كۆرۈنىدۇ.

ئەئفاجنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئۈچەيلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئەئفاجنىڭ مەنىسى تۈز ئۈچەينىڭ ئاخىرقى يەنى تۆۋەنكى بۆلىكىدۇر، بۇ مەقئەت ئەتراپىغا جايلاشقان، بۇ مەقئەت دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق مەلۇم بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ يەرگە يوتا سۆڭەكنىڭ بېشى يۆتكەلگەن بولىدۇ. يەنى ئالدى تەرەپ بۇ ئەزانىمۇ تارتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى تارتىشىشتۇر.

بۇ چىقىقتا يوتا سۆڭىكىنىڭ بېشى دوۋساق سۆڭىكىنىڭ ئورىغۇچى بۆلىكىدە تۇرىدۇ ھەمدە تۇتۇش بىلەن ئولتۇرغۇچ سۆڭەكنىڭ ئاستى شەۋكە مۇقەددىمەدىن ئاستىدا سېزىلىدۇ، پاچاق ئاشكارا ھالەتتە يىراق ئورۇندا يەنى سىرتقى تەرەپكە ئايلانغان بولىدۇ، ھەتتاكى ئىچكى يۈزى ئالدى تەرەپتە كۆرۈنىدۇ، لېكىن يىغىلىش يەڭگىل بولىدۇ، يوتا ئالدى نېرۋىسى ئۈستىگە بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ، پاچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر قىرات قىسقىرايدۇ، يانپاش بوغۇمى ئاشكارا شەكىلدە ياپىلاق بولىدۇ، يۆتكىلىش ئوتتۇرا سىزىق بىلەن يېقىنلىشىدۇ ھەمدە ئازراق ئېگىزلەيدۇ.

(3) خەلئى زەھرى   سىرتقى تەرەپ يوتا چىقىقىنىڭ ئالامىتى: پاچاق ئىككى ئۈچ قىراتقىچە قىسقىرايدۇ، يوتىدا بوغۇم ئالدى چوڭقۇرلىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپى كۆپىدۇ ھەمدە ئىششىق كۆپكەن ئورۇندەك كۆرۈنىدۇ ھەمدە بىمار پاچاقلىرىنى ئېگەلمەيدۇ.

بۇ چىقىقتا يوتا سۆڭەك بېشى ئولتۇرغۇچ سۆڭەك دۈمبىسى ئۈستىگە، يانپاشتىن ئاز كۆپ ئۈستى ۋە ئارقىدا تۇرىدۇ، بۇ تۇتۇش بىلەن مەلۇم بولىدۇ، لېكىن سېمىز كىشىلەردە تۇتۇپ بىلىش قىيىندۇر. مەيلى بۇ سېمىزلىك پاچىقىدا ياكى يېقىن ئورۇندا بولسۇن ھەمدە يوتا ئىچكى تەرەپكە تولغىشىدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ باش بارمىقى ساغلام پۇتنىڭ ئەگمىسى ئۈستىدىكى ئېگىزلىك ئۈستىگە ياردەم ئۈچۈن قويۇلىدۇ، يۆتكەلگەن سۆڭەك ساغلام تەرەپنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپىدە يۇقىرىقى ئالدى ئۆسۈكچىسىگە يېقىن بولىدۇ.

(4) خەلئى ۋەرەكى   يوتا سۆڭەك بېشى ئەگەر چىقىق بولۇپ، ئارقا تەرەپكە يۆرۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىمار تىزىنى تۈزلىيەلمەيدۇ ھەمدە يوتىسىنى ئېگىشتىن ئىلگىرى تىزىنى ئېگىدۇ، پۇتلىرى قىسقىرايدۇ، لېكىن خەلئى زەھرىگە ئوخشاش بولمايدۇ، يوتا بوشىشىدۇ، يوتا سۆڭەك بېشى مەقئەتكە يېقىن كۆپۈشىدۇ ھەمدە بۇ يەردە ئۇنىڭ ئېگىزلىكى كۆرۈنىدۇ.

بۇ چىقىقنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇنىڭدا تەخمىنەن خەلئى زەھرىنىڭ ئالامىتى تېپىلىدۇ، لېكىن بۇ چىقىقتا ئۇزۇنلۇقىنىڭ كەملىشى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلئىدە ئومۇمەن پاچاق يېرىم قىراتتىن بىر قىراتقىچە قىسقىرايدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ باش بارمىقى قارىمۇقارشى تەرەپنىڭ باش بارماقنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، يوتا بېشىنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ قېلىنلىقى سەۋەبىدىن ئومۇمەن سۆڭەك بېشى زىيادە ئاشكارا بولمايدۇ.

ئەگەر يانپاش بوغۇمى چىقىقى كونىراپ قالغان بولسا ھەرگىز ياخشىلانمايدۇ.

داۋالاش ئەپچىللىك ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن يوتىنى تۇتۇپ، ئورنىغا قاراپ ئوڭ ياكى سولغا مىدىرلاتقاندا سۆڭەك بېشى بوغۇم بېشىغا كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن سۆڭەك بېشىنى بوغۇمغا كىرگۈزۈش، لېكىن دەسلەپتە ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە تۇرغۇزۇپ بىرلەشتۈرۈش، بوغۇم ئەگەر ئىچكى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن بولسا، كۈچەش بىلەن پاچاق ۋە ئۇنى شۇ قەدەر بوغۇم تەرەپ يوتىدىن سوزۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇ سۆڭەكنى بوغۇم ئويمىنىغىچە ئەكېلىش تاكى سۆڭەك بوغۇم ئويمىنىغا تۈز كەلسۇن ھەمدە ئۇ بۇ جايغا ئورۇنلاشسۇن.

خەلئى زەھرى ۋە خەلئى ۋەرەكىنىڭ ئىلاجى: بىمارنى سەزمەس قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، پاچاق ۋە يوتىنى ئېگىش، مۇشۇنداق قىلىش بىلەن يوتا سۆڭىكى بېشى يانپاش ئويمىنى ئاستىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىزنى سىرتقى تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ، تۈزلەپ سوزۇلىدۇ، مۇشۇنداق قىلىش بىلەن يوتا سۆڭەك بېشى بۇنىڭدىن چىقىپ يانپاش ئويمىنى ئىچىگە كىرىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۇسۇل بىلەن غەلىبە قازانغىلى بولمىسا، بەدەننى تۇرغۇزۇپ ھەمدە يوتىنى يىغىپ تۈزلەپ ئۈستى تەرەپكە تارتىلىدۇ، ئومۇمەن بۇنىڭ بىلەن غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ، ئەگەر غەلىبە قازانغىلى بولمىسا سوزۇش ئۈچۈن سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

خەلئى سادى ۋە ئانىينىڭ ئىلاجىمۇ يۇقىرىقى مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئىككى تۈرىدە يوتىنى يىراقراق ئورۇندىن ئەگكەندىن كېيىن تېز ئىچكى تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ تۈزلىنىدۇ، ئەگەر بىرەر ياردەمچى بۇ ئەمەلگە ئۆزىنىڭ قولى بىلەن يوتا بېشىنى ئارقا تەرەپكە باسسا، بۇ چىقىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈشىگە ياردىمى تېگىدۇ.

يانپاش چىقىقنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە چىقىقنى ئورنىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن بىمار ئۈچۈن ھەپتە ئون كۈنگىچە كۆرپە ئۈستىدە، ئىككى پۇتىنى بىرىنى يەنە بىرى بىلەن باغلانغان ھالەتتە ياتقۇزۇش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوغۇم مەشىقى قىلىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ، لېكىن ئۇمۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن كۆرپە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۈچ ھەپتىگىچە ئۆرە تۇرۇش ۋە مېڭىشقا ئۇرۇنماسلىق لازىم.

بۇ چىقىقنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، ئومۇمەن قايتىلانمايدۇ، لېكىن تۇيۇقسىز ئىككىنچى

قېتىم قايتىلانسا بىلىش لازىمكى، يانپاش بىرلەشمىسى ئارقا گىرۋىكى سۇنۇپ كەتكەندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ناۋادا بۇ ئەھۋال بولسا بەزى ۋاقىتلاردا چىقىقنى ياخشىلىغاندىن كېيىن دەرھال سۆڭەك سۈركىلىش ئاۋازى بىلەن چىقىق قايتىلىنىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن باشقا چىقىق قايتىلىنىشىنىڭ باشقا سەۋەبلىرىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: بىمارنىڭ بەزى ئىرادىسىز ھەرىكەتلىرى ۋە باشقىلار. مۇشۇنداق ئەھۋالدا چىقىقنى ئىككىنچى قېتىم ئورنىغا كەلتۈرۈپ پاچاقنى تەبىئىي ھالەتتە ئۇزاق مۇددەتكىچە مۇقىملاشتۇرۇپ تارتىپ ئورنىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېغىرلىق ئېسىپ قويۇلىدۇ ۋە مۇناسىپ تېڭىق تاختايلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

لېپەك چىقىقى (خەلئى رەزفە)

لېپەك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىرتقى تەرەپكە ۋە بەزىدە ئىچكى تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ.

(1) ناۋادا سىرتقى تەرەپكە ناۋادا چىقىپ كەتسە (خەلئى ۋەھشى) يەنى چىقىق بولسا، بۇ بوغۇمنىڭ سىرتقى يۈزى ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى گىرۋىكى تەرەپ چىقىپ تۇرىدۇ. تېز يۈزى زىيادە كەڭ ۋە ياپىلاق كۆرۈنىدۇ، لېپەكنى تىز ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكتىن تۇتقىلى بولىدۇ. ناۋادا بۇ چىقىق تولۇق بولمىسا، لېپەك بوغۇم يۈزىنىڭ ئىچكى يېرىمى سىرتقى تىز بوغۇمنىڭ كۆمۈرچەك يۈزىدە تۇرىدۇ ھەمدە لېپەكنىڭ سىرتقى گىرۋىكى ئالدى تەرەپكە چىقىپ تۇرىدۇ.

داۋالاش چىقىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ قورساقتا تەگكۈزۈلىدۇ، مۇسكۇللار تولۇق بوشىشى ئۈچۈن تىز تولۇق سوزۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سىرتقى گىرۋىكى ئۈستىگە ئازراق بېسىم چۈشۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۆتكەلگەن لېپەك ئاسانلىق بىلەن ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. چىقىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن تىزنىڭ ئارقىسىغا تاختاي تېڭىلىدۇ ھەمدە سوۋۇتقۇچى نۇتۇللار ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ئىچكى تەرەپكە چىقىپ كېتىشتە بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ۋە بۇنى داۋالاش يۇقىرىقى تۈرىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ.

تىز چىقىقى (خەلئى رۇكبە)

بۇ چىقىقنىڭ ئالدى، ئارقا، يانغا چىقىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرى بولىدۇ.

يان تەرەپ چىقىقى بۇ خىل چىقىق ئاز ساندا تولۇق چىقىق بولىدۇ ھەمدە ئۇنى

ئورنىغا كەلتۈرۈش ئاساندۇر.

ئالدى چىقىقى ئارقا چىقىقغا سېلىشتۇرغاندا زىيادە كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا پاچاقنىڭ يۇقىرىقى بېشى بىلەن لېپەك ئالدى تەرەپتە تۇرىدۇ ۋە بىرئاشكارا ئېگىزلىك (ئىششىق) شەكىللىنىدۇ.

ئارقا تەرەپ چىقىقى ئاز كۆرۈلىدۇ ھەمدە ئالامىتى ئىنتايىن روشەندۇر، بۇ ئىككىسىنىڭ چىقىقلىرىنى ياخشىلاش ئاساندۇر. پاچاق ئېگىلگەن ھالەتتە يوتا ئېگىلىدۇ ھەمدە شۇنىڭ بىلەن قولدا پاچاق سۆڭەك بېشىنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ ياخشىلىغاندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ ھەپتىگىچە ئەزانى تاختايغا باغلاپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

ئوشۇق چىقىقى (خەلئى مەفسەل كەئبى)

بۇ كېسەللىك سىرتقى تەرەپ چىقىقى، ئىچكى تەرەپ چىقىقى؛، ئارقا تەرەپ چىقىقى، ئالدى تەرەپ چىقىقى، ئۈستى تەرەپ چىقىقىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) سىرتقى تەرەپ چىقىقى (خەلئى ۋەھشى): بەزىدە يان پاچاق سىرتقى بېشىدىن تەخمىنەن ئۈچ قىرات ئۈستىدىن سۇنىدۇ ھەمدە بۇ ھالەتتە پۇت سىرتقى تەرەپكە ياكى سىرتقى ۋە ئارقا تەرەپكە ئېگىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە چىقىقتىن بولغان سۇنۇقتۇر.

(2) ئىچكى تەرەپ چىقىقى (خەلئى ئۇنسى): بۇنىڭ ھالىمۇ سىرتقى تەرەپ چىقىقغا ئوخشاشتۇر. يەنى بۇنىڭدا چىقىق بىلەن سۆڭەكمۇ سۇنىدۇ.

داۋالاش سۇنۇقنىڭ ئۇسۇلىدا داۋالىنىدۇ. ئەزانى نورماللاشتۇرۇپ تاختايغا تېڭىلىدۇ.

(3) ئارقا تەرەپ چىقىقى (خەلئى خەلفى): بۇنىڭدا ئوشۇق سۆڭىكىنىڭ بوغۇم يۈزى پاچاق سۆڭىكى بېشىدىن كەينىگە كېتىدۇ، ئوشۇق نورمالسىز ئارقا تەرەپكە چوقچايغاندەك كۆرۈنىدۇ.

پاچاق سۆڭەك بوغۇم يۈزى ئومۇمەن ئوشۇق سۆڭەكنىڭ قېيىقسىمان بويىنى ۋە قېيىقسىمان سۆڭەك ئۈستىدە تۇرىدۇ.

(4) ئالدى تەرەپ چىقىقى (خەلئى قۇدامى): بۇ تۈرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا پۇت ئۇزۇن بولىدۇ، پاچاق سۆڭىكىنىڭ تۆۋەندىكى بېشى سونجاق (پاشنا) سۆڭەكنىڭ ئارقا بۆلىكى ئۈستىدە سونجاق سۆڭەكنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ ھەمدە تاپان ئۆسۈكچىسى ھەمدە سونجاق تارمۇشى يوقالغاندەك بولىدۇ.

داۋالاش ئىككىسىنىڭ ئىلاجى بىمارنى بىھوش قىلىپ سۆڭەكنى تارتىپ ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن سۇنۇقمۇ بولسا، پۇتنى پاچاق بىلەن بۇلۇڭ شەكىللەندۈرۈپ

تۇرغۇزۇپ قويۇش لازىم. بوغۇم مەشىقى ۋە ئۇۋۇلاشنى سۇنۇق بولمىغان شەرت ئاستىدا ئىككىنچى كۈندىن باشلاش، ئەگەر سۇنۇق بولسا 10 كۈندىن كېيىن باشلاش لازىم.

(5) ئۈستى تەرەپ چىقىقى (خەلئى ئۇلۋى): بۇنىڭدا ئوشۇق سۆڭىكى پاچاق يان سۆڭىكى ۋە پاچاق سۆڭىكى ئارىلىقىغا چىقىپ كېتىدۇ، بۇ چىقىقنى تونۇش ئاسان بولغىنىدەك، بۇنى داۋالاشمۇ ئاساندۇر.

يەككە ئوشۇق سۆڭەك چىقىقى

بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى شۇكى، ئوشۇق ئۆزىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرىدىن (بۇ پاچاق ۋە پۇت سۆڭەكلىرى بىلەن تۇرىدۇ) ئاز - كۆپ ئايرىلىدۇ ھەمدە پاچاق سۆڭەكلىرىنىڭ تۆۋەنكى بېشى ئەگمىسىدىن يۆتكىلىدۇ. بۇ بەزىدە ئالدى تەرەپكە ۋە بەزىدە ئارقا تەرەپكە يۆتكىلىدۇ، بۇ چىقىق تولۇق چىقىق ۋە ناقىس چىقىق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

ئالدى تەرەپ چىقىقى (خەلئى قۇدامى) بۇ كۆپرەك يۈز بېرىدۇ، ناۋادا بۇ چىقىق تولۇق بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرىدىن ئايرىلىدۇ ھەمدە بۇ سىرتقى ئوشۇق بوغۇمى ۋە پۇتنىڭ ساغلام يۇقىرىقى يۈزى ئۈستىدە تۇرىدۇ، تېرە ئۇبدان تارتىشىدۇ ۋە بەزىدە يېرىلىپ كېتىدۇ. ناۋادا بۇ چىقىق تولۇق بولمىسا قېيىقسىمان سۆڭەكتىن ئىچكى تەرەپكە قايتىپ سىرتقى تەرەپكە چاپلىشىدۇ. پاچاق سۆڭىكىنىڭ ئاستىنقى بېشى ئوشۇق سۆڭىكى بوغۇم يۈزىنىڭ ئارقا يېرىمى ئۈستىدە تۇرىدۇ.

ئارقا تەرەپ چىقىقى (خەلئى خەلەز) كۆپىنچە تولۇق چىقىق بولىدۇ، بۇنىڭدا سۆڭەك بەزىدە سۇنۇپمۇ كېتىدۇ ۋە بەزىدە سۇنمايدۇ، بۇ سۆڭەكنى ئاسانلىق بىلەن سونجاق پەيى ۋە ئىككى ئوشۇق ئارىلىقىدىن تۇتقىلى بولىدۇ.

داۋالاش چىقىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈش پەقەت تولۇق بولمىغان چىقىقلاردا مۇمكىندۇر. بىمارنى سەزمەس قىلىپ ئوشۇق پەيى كېسىلىدۇ ھەمدە پۇت تارتىلىدۇ، تاكى دەستىكارچى سۆڭەك ئۈستىگە مۇناسىپ بىرلەشكۈچە بېسىم سالغاندا ئورنىغا كېلىدۇ، تولۇق چىقىقتا چىقىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆڭەكنى چىقىرىش زۆرۈردۇر. بۇ ئەمەل بىلەن پۇتنىڭ پائالىيىتىدە بۇزۇلۇش چوقۇم بولىدۇ.

بەدەن سىرتىدىكى كېسەللىكلەر (ئەلەل زاھىرۇل بەدەن)

ئاقكېسەل (بەرەس)

بۇ ئاق داغمۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا تېرە ئۈستىگە ئاق داغ چۈشىدۇ. بۇ دەسلەپتە ئومۇمەن كىچىك بولىدۇ، لېكىن تەدرىجىي چوڭىيىدۇ، بۇ تۆردىكى داغ پۈتۈن ئەزالاردا بولىدۇ. لېكىن قول ۋە بەدەننىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدە زىيادە كۆپ بولىدۇ.

بۇ بەدەن سىرتىدا، كۆپىنچە بەزى ئەزالاردا كۆرۈلىدۇ. لېكىن بەزىدە بارلىق ئەزالاردا بولىدۇ ھەمدە پۈتۈن بەدەن ئاق بولىدۇ، بۇ تۈرنىڭ نامى كېڭەيگۈچى ئاقكېسەلدۇر.

سەۋەبى بۇ ئەزا مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىپ سوغۇق بولۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ ۋە قاندا ئوزۇقلاندۇرۇشقا سەرپ بولىدىغان بەلغەمنىڭ كۆپلىكىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتكۈچى قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ ھەمدە غىزانى ئەزالار توقۇلمىسى تەرەپكە تولۇق ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بەزىدە بەرەستە ئەزانىڭ مىزاجى ئۆزگىرىپ مۇشۇنداق ھۆل سوغۇق بولىدۇكى، بۇنىڭ مۇسكۇلى ئالما ئېتىگە ئوخشاش يەنى ئاققا مايىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن قان سوغۇق مىزاج ۋە ئاق رەڭ بولىدۇ، مەيلى بۇ قان خاس ھالىتىدە قانچىلىك ياخشى بەلغەمدىن پاك ۋە مىزاجى ئىسسىق بولسىمۇ. ئەگەر ئەزانىڭ مىزاجى ياخشى بولسا ئۇ بۇزۇلغان غىزانىمۇ نورماللاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ مىزاجىغا ئۆزگەرتىدۇ. ئۆزگەرتكۈچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئومۇمەن نېرۋىلاردا تەڭپۇڭسىزلىق بولىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئىرسىيەتلىك بولىدۇ، بەزىدە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشتىنمۇ ئاق داغ بولىدۇ. بۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىرەر ئاشكارا سەۋەبى بولمايدۇ.

بەزىدە ئاقكېسەل ھىجامەت قويۇلغان ئورۇندا كۆرۈلىدۇ ھەمدە ھىجامەت ئىزى ئورنى ئاقىرىدۇ. چۈنكى ھىجامەت قويغاندىكى يېقىمسىزلىق ۋە بۇنىڭ زەخمىسىدىن ھىجامەت قويغان ئورۇن ئاجىزلايدۇ، ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى تولۇق بېجىرەلمەيدۇ ھەمدە غىزا ياخشى ئۇسۇلدا توقۇلمىغا ئوخشاش بولالمايدۇ، خۇددى بەرەستىكىگە ئوخشاش. بۇ داغ ۋە يارا ياخشىلانغاندىن

كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا كۆرۈلىدۇ. مۇتلەق ھىجامەت قويۇشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئادەتتە قانلىق ھىجامەت قويۇشتۇر.

ئۆزگەرتكۈچى قۇۋۋەت ئوزۇقلۇققا ئەزانىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالايدىغان ھالەتنى پەيدا قىلىدىغان قۇۋۋەتتۇر. بۇ قۇۋۋەت ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئەسلىدىكى ئېپتىدائىي ھالىتىنى تاشلاپ، ئەزا شەكلىنىشكە تەييار بولىدۇ. ۋە ئوزۇقلۇق شۇ ئەزانىڭ قىيامى ۋە رەڭگىنى تاللايدۇ (نەفىيس).

ئالامىتى بۇنىڭ رەڭگى ئاق ھەم پارقىراق بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئاقلىقى تېرە ۋە مۇسكۇلغا بەلكى سۆڭەككىچە تارقالغان بولىدۇ، بۇ ئورۇنغا موي ئۈنگەن بولسا، ئۇمۇ ئاق بولىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بەرەس بار ئورۇننىڭ تېرىسى بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىكى تېرىدىن تۆۋەن (بېسىلغان) بولىدۇ ھەمدە بېسىش بىلەن ئۇزۇنغىچە بېسىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر بۇ ئورۇنغا يىڭنە سانجىلسا قان چىقىشنىڭ ئورنىغا ئاق ھۆللۈك چىقىدۇ. بۇ قاچىنىڭ ئىچىدە نېمە بولسا، شۇ سىرغىپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ كېسەللىك داۋالىغۇچىنى ھاردۇرىدۇ ۋە داۋالاشنى تەسلىكتە قوبۇل قىلىدۇ. ئومۇمەن داۋالىغىلى بولمايدۇ. جۈملىدىن ئاقكېسەل كونىرىغان بولسا، بەرەس ئۇ سۈركەش بىلەن قىزارمىسا ھەمدە بۇنىڭدا بىرقەدەر يىرىكلىك بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈنگەن موي زىيادە ئاق بولمىغان بولسا، بۇ ئورۇن تېرىسىنى باش بارماق ۋە باشقا بارماقلار بىلەن تۇتۇپ ۋە گۆشتىن كۆتۈرۈپ بۇنىڭغا يىڭنە سانجىلسا، بۇ يەردىن قان چىققان بولسا ياكى گۈلابى ھۆللۈك چىققان بولسا، بۇ كېسەللىك ياخشىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

داۋالاش دەسلەپكى تۈردە قويۇق بەلغەم سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ ھەمدە بەدەن ئۇنىڭدىن پاكلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىسسىق مەجۇنلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: كەلكىلانەج ۋە قۇرسى بەركى ياكى تەرياق ۋە مەسرۇدىتۇس يېگۈزۈلىدۇ، غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: چۈجە ۋە جاڭگالدا ياشايدىغان تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ مايدا قورۇلغان گۆشى. بۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان بولسۇن. ھەمدە تىلا چېپىلىدۇ، بۇ ئىنتايىن ئىسسىق بولسۇن ۋە بۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇن قىزارسۇن ھەمدە قاننى تارتقۇچى بولسۇن. مەسىلەن: زۇپتى، ئاق نېفىت، قىزىل قىچا، ئاق قۇستە، قارا قۇستە، ياۋا ئۈزۈم، لايىقلاشتۇرۇلغان ھاك، قىزىل زەرنىخ، توغرىغۇ، ياۋا پىياز، ئاقىرقەرھا، شەترەنجى ھىندى، سىيادان، بىخ كەبىر پوستى قاتارلىقلاردىن تىلا تەييارلاپ چېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن تېرىگە قاسراق پەيدا قىلغۇچى ۋە زەخىم سالغۇچى دورىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: زەرارىھ، سىركە، بالادۇر ھەسلى، ئاقاقىيا، كەبىكەج (كەرەپشىنىڭ بىر تۈرى)، كەپتەر مايىقى، تۈرۈپ ئۇرۇقى، مازارىيون، پەرپىيۇن قاتارلىقلار. بۇ بارلىق دورىلاردىن ياخشىراقى تىزابلاردۇر. بۇنى

خىمىيە ئەھلى ھورلاندۇرۇش سايمىنى ئارقىلىق تەييارلايدۇ. ھىجامەت قويغان ئورۇندا پەيدا بولغان ئاقكېسەل ئۈچۈن مەخسۇس دورا بەرغەست سۈيى (بەرغەنىست بىر يىلتىزدۇر)، مەرزەنجۇش سۈيى، ئوردان، شەترەنجى ھىندى، پەتىنىڭ (بەقەم) سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىنىشتۇر.

ئەگەر داۋالاشتىن ئۈمىدسىزلىك بولسا، بەدەننىڭ ئاقلىقى دورىلار بىلەن يوقىتىلىدۇ ھەمدە تېرىنىڭ سىرتقى قەۋىتىنىڭ رەڭگىدە رەڭلەش، تاكى كىشىلەر بۇنىڭدىن سەسكەنمىسۇن. بۇنىڭ ئۇسۇلى زەمچە، شورە، مۇرمەككى، شاراب لېيى، قىزىل سېغىز، ئوردان، شەترەنجى ھىندى، تۆمۈر پوقى، نىل، ئوسما، سىركە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تىلا تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئاق داغ ئورنىغا سۈركىلىدۇ. لېكىن دەسلەپتە بۇ ئورۇن موزا سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ، تاكى بۇ ئورۇندا قورۇلۇش ۋە يېرىكلىك پەيدا بولسۇن ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگىنى قوبۇل قىلىپ، ساقلاپ قالالىسۇن. بۇنىڭغا ئاساسەن دورىلار بىلەن رەڭلىگەندىن كېيىنمۇ زەمچە سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ تاكى ئاق داغ ئورنىدا قورۇلۇش ۋە زىچلىشىش پەيدا بولسۇن، بۇ رەڭ قېنىقلاشسۇن. يۇيۇش سەۋەبىدىن ئازراق مۇددەتكىچە ساقلىنىدۇ ھەمدە تېز يوقالمايدۇ.

پايدىلىق سۆز بۇ كېسەللىك سوزۇلمىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن ساقىيىشىنىڭ ئۈمىدى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇنى دەسلەپىدە ئېنىقلاپ داۋالاش بىلەن يوقاتقىلى ياكى تەرەققىي قىلىشنى توختاتقىلى بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى داغلىنىدۇ، سۈلۈق قاپارتما پەيدا قىلىنىدۇ، قىزارتقۇچى ۋە كۆيدۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتىن مەقسەت شۇكى، يەرلىك ئورۇندىكى ئۇزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەتنىڭ پائالىيىتىدە قوزغاش پەيدا قىلىپ ئۇنى كۈچلەندۈرۈشتۇر. بۇ مەقسەت بىلەن ھەر خىل دورىلار ۋە چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بەزى تەڭشىگۈچى دورىلار ئىچكى تەرەپتىنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

سۇفۇپى بابچى: جىنكېۋىزى ئۇرۇقى (بابچى)، پەتۋاتىر ئۇرۇقى، سېرىق ئەلجىد، چەشمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ ياسىلىدۇ ھەمدە بۇ سۇفۇپتىن 12 گىرامنى كىچىك خالتىغا سېلىپ ئاخشامدا ئىسسىق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە پىسەپىلىرىنى ئېزىپ بەرەس ئورنىغا زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە شام ۋاقتىدا قىزىل سېغىز، رۇسۇت، قارىمۇچ قاتارلىقلارنى سۇدا ئېزىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى كەچتە مەجۇنى ئاتىرىلال سۇ بىلەن بېرىلىدۇ ھەمدە ئىككى ۋاخ غىزادىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردىكى گۆڭگۈرت ئېرىتمىسىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇ چارىلەر بىلەن بەرەس ئۈستىگە تۆۋەندىكى ياغ سۈركىلىدۇ.

بەرەس يېغى: پىتاتىلىيە، قىزىل چەشمە خورۇس، رەۋەن، پەنۋار ئۇرۇقى، دارچىن قاتارلىقلارنىڭ يېغى قائىدە بويىچە ئېلىپ سۈركىلىدۇ، لېكىن بەرەس بار ئورۇنغا سۇ تەگكۈزمەسلىك لازىم ياكى تۆۋەندىكى تىلا ئىشلىتىلىدۇ:

ھەببى بەرەس: پەنۋار ئۇرۇقى، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى، زەللائى ئەھمۇد، ئوردان، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ئاق گۈڭگۈرت سېرىقى، زەرنىخ تەبىقى، دەنىد مېغىزى، تۇتىيا، پىلاس ئۇرۇقى، يېشىل زەمچە قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ ھەمدە زۆرۈر بولغاندا سىركىگە سۈرۈپ تىلا قىلىنىدۇ. پىلاس ئۇرۇقىنى سىركىدە ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى دەنىد مېغىزىنى ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى قىچا بىلەن سۇدا ئېزىپ تىلا قىلىنىدۇ ياكى تاق دانىلىق سامساق، نۆشۈدۈرنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، لىموندا ئېزىپ چېپىلىدۇ ھەمدە باشقا تېرىنى قىزارتقۇچى ۋە قاننى تارتقۇچى دورىلارنى تىلا قىلىش پايدىلىقتۇر. ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن پايدا كۆرۈلمىسە، قائىدە بويىچە بەلغەمنىڭ مۇنزىجى ئىچكۈزۈلۈپ سۈرگە بېرىلىدۇ ھەمدە سۈرگىدىن كېيىن يۇقىرىقى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاق داغ (بەھەق ئەبيەز، چىپ)

بۇ بىر يەڭگىل ئاقلىق بولۇپ، تېرىنىڭ سىرتقى قىسمىدا بولىدۇ. زىيادە چوڭقۇر بولمايدۇ.

يەنە بىر تەبىرى بۇ كېسەللىكتە بەدەندە سېرىققا مايىل ئاق داغ پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆپرەك بويۇن، كۆكرەك، بىلەك ۋە قورساقتا بولىدۇ. بۇ داغ دەسلەپتە ناھايىتى كىچىك، رەڭگى سۇس بولىدۇ. كېيىن تەدرىجىي چوڭىيىپ ئۆزئارا بىرلىشىدۇ. يەنى چوڭ - چوڭ داغ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ يۈزىدە ئىنتايىن نېپىز ۋە كىچىك كېپەكلەر بولىدۇ، بەزىدە ئاز - كۆپ قىچىشىش بولىدۇ، بەزىدە تامامەن بولمايدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئۈچ خىل كۆز قاراش بار.

(1) بۇنىڭ سەۋەبى بەرەسنىڭكى بىلەن ئوخشاشتۇر، ئۇ ئاجىز بولغان شەرت ئاستىدا.

(2) بەزى كىشىلەر ئېيتىدۇكى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئوخشاش توپا رەڭلىك بولغان ھۆللۈكتۇر. بۇ قان بىلەن قان تومۇرلاردا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ناۋادا بۇ قان تومۇرلارنىڭ شاخچىلىرىغا بارسا، ئۇنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىپ شۇ جايدا توختايدۇ ھەمدە ئايلىنىش بىلەن تېرە ئاستىدىكى ئۆزى چىققان ئېغىز ئەتراپىغا تارقايدۇ، چۈنكى

بۇ ئوفۇنەتلەنمەيدۇ، يىرىك شەكىلگە ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا قاسراق شەكىللىنىپ تېرىدىن تۆكۈلىدۇ، تاكى ماددا تۈگەپ كېسەللىك نىشانى يوقالغۇچە.

بۇ قاراش زىيادە ئەقىلگە يېقىندۇر. داغ ئومۇمەن تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ ھەمدە قاتتىق ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن ناھايىتى تېز يوقىلىدۇ، مەيلى بۇ ئىچ سۈرۈش خولېرادىن بولسۇن.

بۇنىڭغا ئاساسەن پەقەت تازىلىغۇچى تىلالارنى چېپىش بىلەنمۇ يوقىلىدۇ. ئەگەر بۇ (بەرەسكە ئوخشاش) ئۆزگەرتكۈچى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولسا (بەزى كىشىلەر مۇشۇنداق ئويلايدۇ)، تۇيۇقسىز كۆپ مىقداردا كۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بىر مەزگىلگىچە داۋالاش قىلىنمىغۇچە يوقالمايدۇ.

(3) ئۈچىنچى پەرەز شۇكى، تازىلىقتا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كىشىلەردە بۇ كېسەللىك بىر مەخسۇس ماددا (ناچار تەنچىلەر) دىن كۆرۈلىدۇ ھەمدە بىمارنىڭ كىيىمى، ئورۇن - كۆرپىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق باشقىلارغىمۇ يۇقىدۇ.

ئالامىتى بۇ زىيادە ئاق بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ رەڭگى تېرىنىڭ رەڭگىگە يېقىن بولىدۇ، زىيادە چوڭقۇر بولمايدۇ ۋە يۈزى پارقىرىمايدۇ. ئومۇمەن داغنىڭ شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈنگەن موي قارا ياكى سارغۇچ بولىدۇ. بۇ ئەسلىي سەۋەبنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. داغ ئورنىغا يىڭنە سانجىلسا قان چىقىدۇ. قىسقىسى، بۇ ھالەتتە ئۆزگەرتكۈچى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولىدۇ. بۇنى ياخشىلاش ئادەتتىكى داۋالاش بىلەن مۇمكىندۇر.

داۋالاش تۇربۇت ۋە شەھمەنزەل سۈرگىسى بېرىلىدۇ، قۇستۇرۇلىدۇ، تەرلىتىلىدۇ، ئىترىفىل ۋە گۈلقەنت يېگۈزۈلىدۇ، داغ ئورنى ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسۇر تىلا شەكلىدە چېپىلىدۇ ياكى بىخ كەبىر سىركىدە ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى شەترەنجى ھىندى، ئاقىرقەرھا، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چەشمە خورۇس، قىچا قاتارلىقلارنى سىركىدە ئېزىپ بىمارنى ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇپ چېپىلىدۇ. ئاپتاپ ۋە ھاۋالارنىڭ تەسىرى بۇ ئۇسۇل بىلەن ياردەملەر قىلىدۇكى، ماددىلارنى سۈيۈلدۈرۈپ ئاققۇزىدۇ، بۇخاراتقا ئايلاندۇرۇپ ئۇچۇرىدۇ، تېرىنى يۇمشاق قىلىپ تەر تۆشۈكچىلىرىنى كېڭەيتىدۇ، ھارارەتنى قوزغاپ تارقىتىدۇ ھەمدە ئەزالارنى قىزىتىپ، قاننى سىرتقى تەرەپكە تارتىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش پىرىنسىپى بۇنىڭ پىرىنسىپىمۇ ئاقكېسەلنى داۋالاشقا ئوخشاشتۇر.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسخىلار نۆشۈدۈرنى پىياز ئەرقىدە ئېزىپ كېسەللەنگەن ئورۇننى رەخت بىلەن سۈركەپ زىمات قىلىنىدۇ ياكى پەنۋار ئۇرۇقى، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى،

تۇرۇپ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى قارا تەنكار، ئاق سەندەلنى ئەرقى لىموندا ئېرىتىپ ياكى شەترەنجى، قىچا، كۇندۇش، ئوردان، تۇرۇپ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈر سىركىدە ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى مەلھەم چېپىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى: گۈڭگۈرت سېرىقى، رەسكىپور، كۈنجۈت يېغى، موم مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىدۇ. مومنى ياغدا ئېرىتىپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇلغان گۈڭگۈرت سېرىقى ۋە رەسكىپورنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم ياساپ كېسەللەنگەن ئورۇنغا چېپىلىدۇ.

قارا داغ (بەھەق ئەسۋەد)

بۇ، سىياھ داغ، سىياھ چىپ دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. قارا داغدا تېرىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ. بۇ سەۋدانىڭ قان بىلەن بىرلىشىپ تېرە تەرەپكە بېرىشىدىن بولىدۇ ياكى تېرىدە مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇكى، بۇ قان شۇ جايلارغا يېتىپ بېرىپ، سەۋداغا ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى تېرىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ، ناۋادا كېسەللەنگەن جايىنى ئۇۋۇلىسا كېپەك تۆكۈلىدۇ ۋە ئۇۋۇلاشتىن كېيىن بۇ ئورۇن قىزىرىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ياشلاردا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ياشلاردا سەپرا كۆيۈپ قارىغا مايىل بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن سەۋدانىڭ سۈرگىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: مائۇلجەبىن، ئەفتىمۇن، نامارىقۇن، قارا ھېلىلە، بىستىپايەج قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلمىسى. قارا قۇستا سىركە بىلەن ياكى زەرنىخ بىلەن ياكى زەمچە ۋە گۈڭگۈرت سېرىقى بىلەن ياكى تۇرۇپ يىلتىزى، قۇستە، كۇندۇش، زاغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن چېپىلىدۇ.

قارا بەرەس (بەرەس ئەسۋەد) قارا داغنىڭ بىر خاس تۈرى بولۇپ، قارا بەرەس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا تېرە قۇرۇقلۇقىنىڭ غالىبلىقى سەۋەبلىك قاسىراقچىلار پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇندا قىچىشىشمۇ بولىدۇ. تېرە ناھايىتى يىرىك بولىدۇ ھەمدە بېلىق قاسىرىقىغا ئوخشاش چۈشۈپ كېتىدۇ، يەنى تېرە يېرىلىپ بۇنىڭدىن بېلىق قاسىرىقىغا ئوخشاش قاسىراقچىلار تۆكۈلىدۇ. بۇ سەۋداۋى ماددىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلارنى شۇقەدەر قاپلايدۇكى، تېرە رەڭگىگە تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى نورمال ئىقتىدارىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. يەنى ئۇ شۇقەدەر قۇرغاق بولىدۇكى، يېرىلىپ قاسىراققا ئوخشاش تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ نامى قاسىراقلىق بەدەن تەمرەتكىسى (قۇبائى مۇتەقەششەر) مۇ دېيىلىدۇ. بۇ تەرەققىي قىلىپ جوزامغا ئۆزگىرىدۇ.

داۋالاش قارا داغنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، لېكىن سۈرگىنىڭ كۈچىنى بىر قەدەر كۈچەيتىش ھەم ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە زىيادە تىرىشىش لازىم.

داغ، سەپكۈن، نەمەش، مەڭلەر

داغ (كەلەف) بۇ كېسەللىكتە چىرايىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ ھەمدە قارامتۇل كۆك ياكى قىزىل داغ چۈشىدۇ.

سەپكۈن (بەرەش، نۇقتى) بۇنىڭدا شالاڭ قارا چېكىتلەر بولىدۇ، بۇ كۆپىنچە يۈزدە كۆرۈلىدۇ. بەزىدە بۇ قىزىلغا مايىل ياكى كۆك رەڭدىمۇ بولىدۇ. كۆپىنچە تېۋىپلار چېكىتلەر قىزىلغا مايىل بولسا، نەمەش، قارىغا مايىل بولسا بەرەش، ئەگەر ئۆزئارا بىرلىشىپ داغقا ئوخشاش بولسا كەلەف دەپ ئاتايدۇ (نەفىيس).

شۇنىڭدەك بىر گۇرۇھنىڭ ئىستىلاھى بۇكى، يۈز، بويۇن ۋە قول ئۈستىگە كىچىك - كىچىك سارغۇچ ياكى قارىغا مايىل چېكىتلەر پەيدا بولغان بولسا بۇ بەرەس دېيىلىدۇ. چېكىتلەر بىرلىشىپ داغ شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولسا بۇ كەلەف دېيىلىدۇ.

نەمەش (لەھسەن) بۇ تېرىدە كۆرۈلىدىغان داغ پارچىسىغا ئېيتىلىدۇ. خالىس قارا ياكى قىزىلغا مايىل قارا بولىدۇ ھەمدە سەپكۈنگە ئوخشاش تارقىلىدۇ، بەزىدە كېڭىيىپ چوڭىيىدۇ، ھەتتاكى بۇ داغقا ئوخشاش بولىدۇ. كۆپىنچە بۇ يۈزدىلا ئاشكارا بولىدۇ.

مەڭلەر (خىيالىن، تىل) مەڭلەر (خالنىڭ كۆپلۈكى تىلدۇر) قارا، قىزىل ۋە كۆك نۇقتىلارغا ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ جىسمى يۇمىلاق بولۇپ، تېرىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

پايدىلىق سۆز نەمەش بۇ پارچىغا ئېيتىلىدۇ: بۇنىڭدا رەڭلىك ماددىلار توپلىنىپ بەدەندە بىر داغ پەيدا قىلىدۇ، بۇ بەزىدە تېرىدىن كۆتۈرۈلگەن ۋە بەزىدە تېرە بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ كېسەللىك تۇغما بولىدۇ.

مەڭلەر بۇ، قارا رەڭلىك، پىدىگەن رەڭلىك ۋە كۆك رەڭلىك نۇقتىلاردۇر. بۇ قىل قان تومۇرلارنىڭ چوڭىيىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئەگرى - بۈگرى بولۇپ كېڭىيىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بەزىدە تېرە يۈزى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. بەزىدە تېرىدىن بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىر تۈرى تېرىدىن كۆتۈرۈلگەن ۋە قېلىن بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە موي ئۈنىدۇ. بۇ بارلىق نىشانلار تۇغما بولىدۇ. بۇنىڭ بىرەر ئىلاجى يوق. بەزىدە تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى بۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن ئوخشاش بولىدۇ. داغ سەۋداۋى كۆيگەن قاندىن پەيدا بولىدۇ. بۇ قىل قان تومۇرلاردىن چىقىپ، تېرىنىڭ ئاستىغا توپلىنىپ، قارا ياكى كۆك رەڭدە بولىدۇ ياكى بۇ ھامىلىدار ئاياللاردا بولىدۇ. چۈنكى ھامىلىدارلىق دەۋرىدە ھەيزنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرى توپلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ماددىلاردا سەۋدالىق تەركىبلەر پەيدا بولىدۇ. نەمەش ۋە سەپكۈنمۇ داغقا ئوخشاش ئۇششاق قان تومۇرلاردىن سەۋداۋى سوغۇق قان چىقىپ، تېرىنىڭ سىرتقى بۆلىكى ئاستىدا توسۇلۇپ، توپلىشىپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ ۋە قىسقا ۋاقىت مۇشۇ ئورۇنلاردا توسۇلۇپ، خاس قارا ياكى قىزىل رەڭ ۋە خاس شەكىل ھاسىل بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ شەكلى يۇملاق ياكى بۇرجەكلىك، كىچىك ياكى چوڭ بولىدۇ.

پەرقى بۇلار بىلەن قارا داغ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بۇلار پارقىراق بولىدۇ، قارا داغ يىرىك بولىدۇ. مەڭنىڭ سەۋەبىمۇ سەۋداۋى چۆكمە قان ياكى كۆيگەن قاندۇر. بۇ قان تومۇرلاردىن چىقىپ شۇ ئورۇننىڭ تېرە ئاستىدا توسۇلىدۇ ھەمدە جىسمى قاتتىقلىشىپ تۇرۇپ قالىدۇ. خۇددى يېلىم دەرەخلەردىن چىقىپ ئۇيۇپ، شۇ ئورۇنلارغا چاپلىشىپ قالغىنىدەك. داغ ۋە سەپكۈن جىگەر ۋە تالنىڭ بۇزۇلۇشىدىن باشقا، پەسىل ۋە ئاپتاپنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش سەمەرقەندى: بۇ بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى قان ئېلىشتۇر، سەۋداۋى كۆيگەن خىلىتلار ئۈچۈن ئەفتىمۇن، غارىقۇن قايىنتىلمىسى ۋە مائۇلجەبىن سۈرگىسى بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تازىلىغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بۆرە ئەرمىنى، قارىمۇچ، قوغۇن ئۇرۇقى، زاغۇن ئۇرۇقى، تۇرمۇس، تۇرۇپ، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چەشمەخورۇس، دارچىن، قۇستە، ھەببى مۇھلەب، ئاچچىق بادام، سىماب رۇدىسى، ھەببۇلبان (بەكائىن ئۇرۇقى)، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، قىچا، ئەنجۈر شىرىسى ياكى ئەنجۈر سۈتى (بۇ ئەنجۈر دەرىخىنى كېسىش بىلەن چىقىدۇ) قاتارلىقلار.

ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش سىمابمۇ ئوت ئارقىلىق رۇدىدىن ئېلىنىدۇ، بۇ خاس كاننىڭ بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگى شىڭگىرىفقا ئوخشاش بولىدۇ (نەفىيس).

ئەنجۈر شىرىسى يەنى ئەنجۈر ھەسىلى ئەنجۈرنى پىشۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، يەنى ئەنجۈر شۇقەدەر پىشۇرۇلىدۇكى ئۇ ئېرىيدۇ، ئاندىن سۈزۈپ قىيام بولغۇچە پىشۇرۇلىدۇ.

مۇناسىپى بۇكى، تازىلىغۇچى ۋە تارقاتقۇچى تىلالارغا كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە بەزى قابىز دورىلارمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ئاس سۈيى، گۇلاب، مەسۇر ئۇنى قاتارلىقلار. ئىسسىق دورىلار بەزىدە قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قاننى ئاققۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقى بىلەن تېرە تەرەپكە قاننى تارتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېسەللىكتە

كۆچىيىش بولىدۇ. تومۇرلاردىن قان تېرە ئاستىغا كېلىدۇ ھەمدە بۇ يەردە توپلىنىپ قارىدايدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇناسىپى بۇكى، كېسەللىكنى يوقاتقاندىن كېيىن بۇ ئورۇن ئۈستىگە قابىز دورىلار تاكى دورا تەسىرىدىن قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىدىن قان ئېقىپ چىقالمىغۇچە چېپىلىدۇ. بۇ كېسەللىك كونىرىغان بولسا، بۇنىڭدا ئۇنىڭ خەۋپى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە قاننىڭ ئۇيۇشى ۋە ئۇنىڭ قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن قان تومۇر ئېغىزلىرى ئېتىلىدۇ.

نەمەش ۋە سەپكۈن ئۈچۈن ئۇ تىلالارنى زىيادە كۈچلۈك قىلىشتا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. مۇناسىپراقى سەپكۈنلەرنىڭ ئورنىغا ئۇ تىلا ھەر دائىم ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن چېپىلىدۇ، تاكى بۇ جايدىكى تېرە ۋە كۆيگەن قان يۇمشىغۇچە.

مەڭدە بۇ ئىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇكى، مەڭگە يىڭنە سانجىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئازراق ئۇيۇۋالغان قان مەۋجۇت بولسا، ئۇ ئاستا چىقىرىۋېتىلىدۇ، سىركە بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن قىرۇتى ۋە يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلار چېپىلىدۇ. بۇ مەڭلەرنىڭ رەڭگى شام ئۈجمىسىگە ئوخشاش شوخ قىزىل بولسا تىلماسلىق مۇناسىپتۇر. چۈنكى بەزىدە بۇ قىزىل قان تومۇرلارنىڭ توقۇلمىلىرى ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ، ئۇلارنى سايمان ياكى ئۆتكۈر دورىلار بىلەن تىلغاندا قاناش يۈز بېرىدۇ. داغ ۋە سەپكۈننىڭ داۋالاش پرىنسىپىدا ھەممىسىنى يوقىتىش، ئاپتاپتا يول يۈرۈشتىن توسۇش لازىم. ئەگەر ھەيزنىڭ بۇزۇلىشىدىن بولسا ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش زۆرۈردۇر. ھامىلدارلىقتىن بولسا، ئومۇمەن تۇغۇتتىن كېيىن بۇ داغ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. ئەگەر جىگەر ۋە تالنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا، ئۇلارنى ياخشىلاش ۋە كۈچلەندۈرگۈچى ھەمدە قان تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سىرتقى تەرەپتىن بەرەسنىڭ ئۇسۇلىدا تېرىنى قىزارتقۇچى ۋە قاننى تارتقۇچى دورىلار تىلا قىلىنىدۇ، مەسىلەن: كۆپۈكى دەريانى لىمون سۈيىدە سۈرۈپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم سۈركىلىدۇ ياكى جىنكېۋىزى ۋە نىم ئۇرۇقىنى سىركىدە سۈرۈپ چېپىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىلار ئىشلىتىلىدۇ:

تىلا نۇسخىسى: كۆك ماش ئۈچ گىرام، قوغۇن ئۇرۇقى، جەدۋار كېپىكى، كەتىرا ئالتە گىرامدىن، پوستى ئاقلانغان ئارپا 12 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ سۇغا چىلاپ قويۇپ، كەچتە چېپىپ ئۇخلاش ياكى تەنكارنى يۇمشاق قىلىپ يەسمەن يېغىدا ئېرىتىپ چېپىش ياكى زىرە كېرمانى، زەرچۈۋەنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ چېپىش ھەمدە ئەنجۈر قايىنىتىلمىسى بىلەن يەرلىك ئورۇننى يۇيۇش ياكى تۆۋەندىكى ئۇپىنى ئىشلىتىش لازىم:

ئۇپا نۇسخىسى: باقىلە ئۇنى (سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇلغىنى)، پوستى ئاقلانغان بادام مېغىزى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، قۇستە، ئىكلىلمىلىك، كەتىرا 12 گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى 2 ~ 3 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن

باشقا ياشلىق مۇدۇر - چاقلىرىدا ئومۇملاشقان نۇسخىلارمۇ بۇ كېسەللىكتە قوللىنىدۇ، بۇلار پايدىلىقتۇر.

ئەسكەرتىش نەمەش ۋە مەڭلەر بەزىدە تۇغما بولىدۇ ۋە بەزىدە كېيىن كۆرۈلىدۇ. لېكىن ئاياللاردىكى بۇ ئىككىسىنى دورىلار بىلەن داۋالاش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن بىرەر يېقىمسىزلىق بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن داۋالاشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈرلۈكى مەلۇم بولسا دەستىكار قىلىنىدۇ ياكى بىرەر تىزاب ۋە يېگۈچى دورىلار بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ ياكى بۇزۇۋېتىلىدۇ.

تېرىنىڭ يېشىل ۋە قارا رەڭدە بولۇشى

تېرىدىكى يېشىللىق ياكى قارىلىق بىرەر ئەزاغا زەربە تەگكەندىن كېيىن تېرە ئاستىدىكى ئۇيۇغان قاندىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھالىتى بۇكى، سوقۇلۇش سەۋەبلىك بىرەر ئىنچىكە تومۇر يېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن قان چىقىپ تېرىنىڭ ئاستىدا توپلىنىدۇ.

داۋالاش ھارارەت ۋە ئاغرىقنى پەسەيتكەندىن كېيىن كەرنۇب يوپۇرمىقى، تۇرۇپ كۆكى ياكى پىننە، زەرنىخ، ئوشەق، توغرىغۇ ۋە سىركە چېپىلىدۇ، تاكى ئۇيۇپ قالغان قان سۈيۈلۈپ تارقاپ كەتكۈچە.

ئەگەر بۇ داۋالاش يېتەرلىك بولمىسا، بۇ ئورۇن ئۈستىگە يىڭنە سانجىپ، قان سىقىپ چىقىرىلىدۇ، قان ئۇيۇپ قالمىغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر قان ئۇيۇۋالغان بولسا ھەمدە يىڭنە سانجىش بىلەن قان ئاقمىسا، نەشتەرنىڭ بېشى بىلەن تېرىنى تىلىپ، ئېھتىيات بىلەن قان چىقىرىلىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇن تۇز بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن توغرىغۇ ۋە بەتەم يېلىمى زىمات قىلىنىدۇ. تاكى قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئۈستى داغلانغۇچە ۋە ئىككىنچى قېتىم ئۇلاردىن قان سىرتقا چىقمىغۇچە.

بەدەن تېرىسىگە چېكىلگەن گۈل (ۋەشەم)

ۋەشەمدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى چېكىش بىلەن بەدەن سىرتىدا پەيدا بولىدىغان داغ ۋە ئىزلاردۇر. بۇنىڭغا كۆك، قارا رەڭ ياكى كۈدە سۈيى ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىزنى يوقىتىش ئارزۇ قىلىنسا، توغرىغۇ ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن بۇ جاينى يۇيۇپ، ئاندىن كېيىن بەتەم يېلىمىنى ھەسەل بىلەن يۇمشىتىپ چېپىلىدۇ ھەمدە ئۇ ئۈچ كۈنگىچە قويۇپ قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن

تازىلاپ تۇز سۈركىلىدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىم قايتا بەتەم يېلىمى چېپىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ قارىلىقى يوقالسۇن.

ئەگەر بۇ داۋالاشنىڭ پايدىسى كۆرۈلمىسە بالادۇر ھەسلى چېپىلىدۇ. يەنى گۈل چېكىلگەن ئورۇنلارغا بالادۇر ھەسلى چېپىلىدۇ ياكى زەخىم پەيدا قىلغۇچى باشقا دورىلار چېپىلىدۇ، تاكى بۇ ئورۇننىڭ تېرىسى زەخىملىنىپ بۇزۇلغۇچە.

يارا ۋە چېچەكنىڭ داغلىرى

ئەگەر ئۇنىڭ داغلىرى چوڭقۇر بولسا، بەدەننى سەمرىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر زىيادە چوڭقۇر بولمىسا، بەلكى بەدەن يۈزى بىلەن باراۋەر بولسا، بۇنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، مەدەستاننى ئاقارتىپ گۈل يېغى بىلەن چېپىلىدۇ. ياكى ئۆردەك يېغى ۋە داخىلىيۇن چېپىلىدۇ. بۇ داغلار تۈگۈنچىگە ئوخشاش بولغان شەرت ئاستىدا. ياكى مەدەستان، قومۇشنىڭ قۇرۇق يىلتىزى، نوقۇت ئۇنى، خىش سۆڭەكلىرى، قۇستە، ھەببۇلبان، (بەكائىن ئۇرۇقى)، گۈرۈچ ئۇنى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلار قوغۇن سۈيى ياكى قاقىلى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ ياكى بېھى لوئابى، قوغۇن سۈيى ۋە زىغىر ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. بۇ تازىلىغۇچىدۇر. بۇ دورىلار بۇ داغلار قارا بولغان چاغدا چېپىلىدۇ.

مەدەستاننى ئاقارتىشنىڭ بىرقانچە ئۇسۇلى باردۇر. ھەممىدىن ئاسان ئۇسۇلى شۇكى، 500 گىرام مەدەستاننى ئېلىپ، ئۇنىڭ باراۋىرىدە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ تۆكۈپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ ھەمدە تولدۇرۇلغان سۇ مەدەستان ئاقارغۇچە ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئاقارتىلغان مەدەستان تېرىنى تازىلايدۇ، ئادەتتىكى مەدەستان تېرىنى قارىدىتىدۇ (نەفىيس).

قاقىلى بىر خىل نوقۇت تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكتۇر. بۇ ئۆشنىگە ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئۆشنىدىن چوڭ بولىدۇ، بۇنىڭدىن تۇز ياسىلىدۇ. بۇ ئىنتايىن ياخشى تازىلىغۇچىدۇر (نەفىيس).

چوڭ قىزىل قاپارتما (بادىشنام)

بۇ بىر خىل چوڭ ۋە قىزىل قاپارتما بولۇپ، يۈز ۋە قول - پۇتلار ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى قىزىللىق جۇزامنىڭ باشلىنىشىدىكى قىزىللىق بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن قىش پەسلى ۋە سوغۇق ۋاقىتلاردا كۆرۈلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن يارىمۇ بولىدۇ.

سەۋەبى سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن قاندىكى بۇخاراتلار ۋە ئۆتكۈر كېرەكسىز ماددىلار تېرىنىڭ ئاستىدا كۆپلەپ توسۇلۇپ قالىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، زۈلۈك قۇرتى چاپلىنىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇن قان ئاققىچە تاتىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن تۇز بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، يەرلىك ئورۇن ئۈستىگە مەلھەمى سۇرۇخ چېپىلىدۇ، سىركە ۋە سوپۇن چېپىشمۇ پايدىلىق بولىدۇ. تاكى بۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن يەرلىك ئورۇننى يېگۈچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ.

تېرە رەڭگىنىڭ بۇزۇلۇشى (فەسادۇللەۋنى)

ئەللامە نەفىيس يازغانكى، رەڭنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بەدەننىڭ ئەسلىي رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ ئوخشاشمىغان دۆلەتلەر ۋە ئوخشاشمىغان ھاۋالاردا ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە كىشىلەردە بەدەننىڭ ئەسلىي رەڭگى ئاقۇش قىزىل بولىدۇ، چۈنكى ئەزالارنىڭ مەخسۇس رەڭگى ئاق بولىدۇ، يەنى تېرە، سۆڭەك، تارىمۇش، نېرۋا، كۆك قان تومۇر ۋە قىزىل قان تومۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاق مەلۇم بولىدۇ. گۆش گەرچە قىزىلغا مايىل بولسىمۇ، ئەگەر ئوبدان يۇيۇلسا ئاق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ ئىسپاتلىنىدۇكى، تامام ئەزالارنىڭ ئەسلىي رەڭگى ئاق بولسا، ئاق بولمىغان ئەزالاردا قايسى رەڭ ھاسىل بولسا، ئۇ بىرەر خىلتنىڭ غالىبلىقىدىنلا ھاسىل بولىدۇ. بارلىق خىلتلاردىن كۆپرەك مۇناسىپى قاندۇر. ئەگەر قاندىن ئاق ئەزالار ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلسا، ئۇنىڭ ئاقلىقى قىزىل بىلەن ئارىلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا رەڭ ئومۇمەن غەيرىي تەبىئىي بولىدۇ (نەفىيس).

1. تېرىدىكى بۇزۇلغان ماددا بەدەن رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبى بەزىدە تەبىئەت بىرەر بۇزۇلغان ماددىنى تېرە تەرەپكە چىقارغانلىقى بولىدۇ.

داۋالاش بۇنى داۋالاشتا تازىلىغۇچى تىلا چېپىش يېتەرلىك بولىدۇ، مەسىلەن: ئارپا ئۇنى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، قوغۇن ئۇرۇقى، بادام مېغىزى، نىشاستە، كەتىرا، توغرىغۇ قاتارلىقلار سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. سۈت سۈيى تازىلىغۇچىدۇر.

2. قاندىكى كېرەكسىز ماددىلار غالىبلىقى بەدەن رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبى بەزىدە بۇزۇق ماددىلارنىڭ بەدەندە غالىب بولغانلىقى بولىدۇ. ئۇ قان بىلەن بىرلىشىدۇ. بۇ قارا ۋە سېرىق يەرقاندا بولىدۇ.

داۋالاش ئۇ كېرەكسىز ماددىلار بەدەندىن چىقىرىلىدۇ، ئاندىن تېرىنى پاكىزلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3. ئىچكى ئەزالارنىڭ بۇزۇلۇشى بەزىدە بەدەن رەڭگى تال، جىگەر ۋە ئاشقازانغا ئوخشاش ئىچكى ئەزالاردا ئاجىزلىق پەيدا بولۇشتىن بۇزۇلىدۇ.

ئاشقازان ئاجىز بولغان سەۋەبتىن غىزانى تولۇق ھەزىم قىلالمىسا ۋە پىشمىغان غىزا جىگەر تەرەپكە بارسا ياكى جىگەر ئۆزى ئاجىز بولسا، پىشقان قان ياشاشنىڭ ئورنىغا رەڭ ۋە قىيام ئېتىبارى بىلەن غەيرىي تەبىئىي قان ياسايدۇ، بۇ بەدەننىڭ رەڭگىنى بۇزىدۇ. ماھىر تېۋىپ ئۈچۈن ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقىدىكى رەڭنى ئايرىش قىيىن ئىش ئەمەس.

ئالامىتى ئەگەر بەدەن رەڭگى ئۇ ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بۇكى، ئۇ ئەزالاردا بىرەر كېسەللىك بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئاجىزلىق بولىدۇ.

داۋالاش ئۇ ئەزالار كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

4. ئاپتاپ، ھاۋا ۋە سوغۇقلۇق بەزىدە رەڭ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبى ئاپتاپ، ھاۋا ۋە سوغۇقلۇق بولىدۇ.

داۋالاش ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئىسسىق سۇدا ھورلاندۇرۇلىدۇ، تازىلىغۇچى ئۇپا چېپىلىدۇ، مەسىلەن: باقىلە تالقىنى، سېرىق پۇرچاق تالقىنى، تۇخۇم شاكىلى تالقىنى، قەشقەر ئۇپىسى، ئېكەكلەنگەن پىل چىشى، سۆڭەك تالقىنى، ئاچچىق بادام تالقىنى، تۇرۇپ ئۇرۇقى تالقىنى قاتارلىقلار سۈت ياكى بەرغەت سۈيى ياكى تۇرۇپ يوپۇرمىقى سۈيىگە قوشۇپ چېپىلىدۇ.

بەرغەت — مەشھۇر بولمىغان، بىر تۈردىكى كۆكتاتتۇر.

5. يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەرتىپسىزلىكى بەزىدە جۇۋنە ۋە زىرىنى كۆپ يېيىشتىن بەدەن رەڭگى ئۆزگىرىپ سېرىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك توختاپ قالغان سۇنى ھەمىشە ئىچىشمۇ بەدەننى سارغايتىدۇ. سۇ ناۋادا بىر ئورۇندا ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا ھەمدە ھەمىشە ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرسا بۇزۇلىدۇ، بۇ قان ۋە باشقا خىلىتلارنى ئۆزگەرتىدۇ، ئىچكى ئەزالار ۋە ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، تالنى چوڭايتىدۇ ھەمدە بەدەننى ئورۇق ۋە سېرىق قىلىدۇ (نەفىيس).

بۇنىڭغا ئاساسەن ھەمىشە سىركە ئىستېمال قىلىشمۇ بەدەننى سارغايتىدۇ، زىيادە تاتلىق نەرسىلەرنى يېيىشتىنمۇ بەدەننىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن قىل قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى توسۇلۇپ قالىدۇ (قان بۇزۇلىدۇ) ھەمدە تېرە تەرەپكە ساپ قان

كېلەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن تېرە يۈزىدە قىزىللىق پەيدا بولىدۇ ھەم سەپرانىڭ ئازراق سۈيۈق تەركىبلىرى قوشۇلۇپ تېرە تەرەپكە بارىدۇ.

داۋالاش يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلار ياخشىلىنىدۇ.

6. كونىرىغان كېسەللىكلەر، كۆپ جىما قىلىش، ئاغرىق، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى

بەزىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېسەللىكلەردە، غىزانىڭ كەملىكى، ئويلىنىش ۋە غەم - ئەندىشە، جىمانى كۆپ قىلىش، ئاغرىقنىڭ يېقىمسىزلىقى ۋە ھاۋا ئىسسىقلىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبلىك بەدەن رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

سوزۇلما كېسەللىكلەردە ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەندە قاننىڭ پەيدا بولۇشى ئاز بولىدۇ، غەم - ئەندىشە قىلغاندا روھ بەدەننىڭ ئىچكى تەرىپىگە تەدرىجىي ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تارقاپ تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى ئۆچۈرۈپ ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەمدە يۈرەكنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئازراق شېرىكچىلىكتىن ئاشقازان بۇزۇلىدۇ، يەنى ھەزىم نورمالسىزلىنىدۇ، ياخشى ۋە قېنىق قىزىل قاننىڭ پەيدا بولۇشى كەم بولىدۇ. روھ ۋە قان بۇزۇلۇپ، سىرتقى تەرەپكە مايىللىشالمىسا، بۇنىڭدىن بەدەن رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

كۆپ جىما قىلغاندا رەڭنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبى جىما بىلەن قان ۋە روھ كۆپلەپ تارقاپ كېتىدۇ ھەمدە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ئاجىزلايدۇ.

ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىقتا بەدەن رەڭگى ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبى بۇ ھالەتتە قۇۋۋەتلەرنىڭ تارقىشى كۈچلۈك بولىدۇ، ئاغرىق سەۋەبىدىن تەبىئەت تاماقلارنى ھەزىم قىلىش ۋە قان پەيدا قىلىشقا كىرىشەلمەيدۇ.

ھاۋا ئىسسىق بولغاندا بەدەن رەڭگى ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبى، بۇ ۋاقىتتا ھۆللۈكلەر زىيادە تارقاپ كېتىدۇ، قۇۋۋەتلەر سۇسلىشىدۇ، تەبىئەت ئاجىزلايدۇ، تېرە كۆيىدۇ، سەپرانىڭ پەيدا بولۇشى كۆپىيىدۇ ھەمدە تېرە تەرەپكە سۈمۈرۈلىدۇ.

داۋالاش ئەسلىي سەۋەب ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنى يوقىتىپ، بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ ۋە بەدەننى پەۋرىش قىلىش ئۈچۈن ياخشى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، تاكى بەدەن كۈچلەنسۇن، ياخشى قان ۋە ساپ روھ پەيدا بولسۇن. سۈيۈق ۋە ياخشى (تەبىئىي) قاننى كۆپلەپ پەيدا قىلىدىغان ئەشيالاردىن، مەسىلەن: مائۇللەھمى، ئىلىتىلغان تۇخۇم سېرىقى، نوقۇت ۋە ئەنجۈر قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

قاننىڭ ياخشى بولۇشىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى شۇكى، قان تەبىئىي، توق قىزىل ۋە سۈزۈك بولۇشتۇر. بۇنىڭ بىلەن تېرىدە قىزىللىق ۋە يېقىملىنىش ھاسىل بولىدۇ ھەمدە قاننى قويۇق، كېرەكسىز ماددىلاردىن پاكىزلىغۇچى نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئىترىفىل ۋە

ھېلىلە مۇرابباسى قاتارلىقلار. قاندا ئىسسىقلىق ۋە ھەرىكەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن، مەسىلەن: قارىمۇچ، سەئدى كۇفى، قەلەمپۇر، زەپەر، زۇپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بۇ دورىلار تەم تەڭشىگۈچى شەكلىدە غىزالارغا سېلىپ بېرىلىدۇ.

قاننى بەدەن ئىچىدىن سىرتقى تەرەپكە تارتقۇچى ئۇپا ۋە تىلا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قىچا، زەرنىخ قاتارلىقلارنى سۈتتە ئېرىتىپ ياكى زەپەر، ئوردان، كۈندۇر، مۇرمەككى، مەستىكى قاتارلىقلارنى ياۋا پىياز سۈيىدە ئېرىتىپ تىلا قىلىنىدۇ.

مائۇللەھمى گۆشنىڭ سۈيى يەنى گۆشنىڭ شورپىسىدۇر، بۇنىڭدا تارتىلغان ئەرەق كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.

نوقۇت سۇيۇق ۋە ئوبدان قان پەيدا قىلىدۇ، قان تومۇرلارنى ئاچىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قان تارقىلىپ ئاسانلىقچە سىرتقا بارالايدۇ (نەفىيس).

زەپەردە قاننى رەڭلەش ۋە ئۇنى قىزىل، پارقىراق قىلىش خاسىيىتىمۇ بولىدۇ (نەفىيس).

چىشنىڭ كىرلىشىپ قېلىشى (قەلاھ، دائۇل ھەزەر)

ئاتىلىش سەۋەبى قۇلاھ، قەلىھ ۋە ھەزەرنىڭ مەنىسى چىشنىڭ كىر بولۇپ قېلىشىدۇر. بۇ كېسەللىكتە چىش بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغاندۇر. بۇ كېسەللىكتە قان بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن چىش مىلىكلىرى ئىششىپ، قارا ۋە بۇلۇتتەك بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى تۇتۇش بىلەن قان ئاقىدۇ، چىش مىدىرلاشقا باشلايدۇ ۋە ئاخىرىدا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قان بۇزۇلۇشنىڭ باشقا ئەگەشمە ئالامەتلىرىمۇ بەدەندە تېپىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك قاننىڭ بىر خىل تەركىبىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بىر خىل خاس تەركىبلىرىنىڭ كەملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ يېڭى كۆكتاتلار، ئۈندۈرمىلەر، يېڭى مېۋە قاتارلىقلارنى يېمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ. ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا بىپەرۋالىق قىلىش، غىزانىڭ كەملىكى ۋە بۇزۇلۇشى، سوغۇق تېگىش، يامغۇردا قېلىش، قىزىتما ۋە تولغاق قاتارلىقلاردىن قۇۋۋەتلەرنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، پاسكىنا ۋە تار ماكانلاردا تۇرۇش قاتارلىق بارلىق سەۋەبلەر بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئالامىتى باشلىنىشتا بىماردا ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق غالىب بولىدۇ، تېرىنىڭ رەڭگى ئۆچىدۇ، بۇغداي ئۆڭ ئادەملەرنىڭ چىرايى قارىغا مايىل سېرىق كۆرۈنىدۇ، قاپاقلىرى ئىششىيدۇ، مېڭىش - تۇرۇشتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە بىمار ھاسىرايدۇ، ئېغىزىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ، شۆلگىيى ئاقىدۇ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چىش مىلىكى ئىششىپ، قارا ۋە بۇلۇتسىمان

بولىدۇ، جاراھەت پەيدا بولىدۇ، تۇتۇش بىلەن قان ئاقىدۇ، ھەتتاكى چىش يىلتىزى ئېچىلىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىشلىرى مىدىرلايدۇ ۋە ئاخىرىدا چۈشۈپ كېتىدۇ، چاچ يىلتىزىدا قاننىڭ سىرغىشى سەۋەبلىك قارىغا مايىل قىزىل داغ پەيدا بولىدۇ، پاچاق تېرىسى يىرىك ۋە تارتىشقان بولىدۇ، بۇنى بېسىش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ۋە بىرقانچە كۈندىن كېيىن تېرىدىن قاسراق چۈشۈشكە باشلايدۇ.

كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا، بىمار ناھايىتى ئاجىزلايدۇ، نەپەس قىستايدۇ، چىش مىلىكىدە يېيىلىش پەيدا بولىدۇ، ھەر خىل ئورۇنلاردا ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن قان ئاقىدۇ، بەزىدە بىر ياكى بىرقانچە بوغۇم قاتتىقلىشىپ يىغىلىدۇ، ئادەتتىكى غىدىقلىنىشلارمۇ چوڭ زەخمىلەرنىڭ كۆرۈلۈش سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قان ئاقىدۇ، كىچىك تەرەتنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ، بەزىدە ئىچ سۈرۈش ۋە بەزىدە قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئاخىرقى نەتىجىدە تۇيۇقسىزلا ئۆتكۈر ئىچ سۈرۈش، تولغاق ۋە ئۆپكە ئىششىقى، يۈرەك مەنبەلىك ئىستىسقا قاتارلىقلارغا مۇپتىلا بولىدۇ ياكى قۇۋۋەت تۆۋەنلەش سەۋەبىدىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ساقلىقنى ساقلاشقا رىئايە قىلىش، غىزانى ياخشىلاش بىلەن ياخشى قان پەيدا قىلىش ۋە بەدەننىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېغىز ۋە چىشلارنى تازىلاش لازىم.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئېغىز ۋە چىشلارنى تازىلاش ئۈچۈن غار - غار قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى ئاكىلەدە يېزىلغان. غىزانى ياخشىلاشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، يېڭى مېۋە ۋە كۆكتاتلاردىن، مەسىلەن: لىمون، ئاپېلسىن، ئەينۇلا، يېسسىۋېلەك، تۇرۇپ، پىياز، سەۋزە، چامغۇر، قىزىلچا قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئەرقى لىمون، ئاپېلسىن سۈيى، ئانار سۈيى قاتارلىقلار ئەتىگەن ۋە شامدا بېرىلىدۇ. ئەگەر يۈرەك ئاجىزلىغان بولسا، ئۇ دورىلار بىلەن يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچىلەردىن، مەسىلەن: خېمىرى مەرۋايىت، مۇپەررىھى ئەزەم قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر قان ئېقىش بولسا، ئۇنى توختىتىش ئۈچۈن قان توختاتقۇچىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى سۇنۇن غار - غاردىن كېيىن سېپىلىدۇ، تاكى چىش مىلىكلىرى ئۆز ھالىتىگە كەلسۇن.

سۇنۇن نۇسخىسى: قورۇلغان زەمچە ئۈچ گىرام، قورۇلغان تۇتىيا، بىخ مارجان ئىككى گىرامدىن، كەھرىۋا شەمئى 12 گىرام، قارىمۇچ، مەستىكى، يېشىل موزا، يېشىل زەمچە، چوڭ ھېلىلە ئۈچ گىرامدىن، كەتسەفىد، پوستى مەۋسىرى، سەنگى جاراھەت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يېڭى كۆكتاتلار ۋە يېڭى مېۋىلەر كۆپ مىقداردا

بېرىلىدۇ، باشقا غىزالاردىن لەتىپ، سۇيۇق نەرسىلەر تاللاپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: سۈت، قىيما شورپىسى، ئارپا ئېشى، تۇخۇم، ماش ئۈنى سۈيى، ئەرقى لىمون، ئانار سۈيى، ئاپېلسىن سۈيى، يەرلىك پىدىگەن سۈيى، پەمىدۇر، پالەك، سېمىزئوت، قاپاق، تەندا ۋە باشقا كۆكتات، ئوتياشلارمۇ پەلكى بىلەن بېرىلىدۇ.

باش كېپەكلىشىش (ھەزاز ۋە ئەبرىيە)

كېپەك كىچىك، نىپىز تەنچىلەر بولۇپ، باشتا يارا ۋە زەخىم بولماستىن تۆكۈلىدۇ ۋە بەزىدە ماددا زىيادە ناچار بولسا باش تېرىسى زەخىملىنىدۇ.

ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى تۇزلۇق بەلغەم ياكى شور ھۆللۈكتىن بولىدۇ ياكى قانغا سەۋدا ئارىلىشىشتىن بولىدۇ (سەمەرقەندى). بۇ باش تېرىسىنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشتىن ۋە بەزىدە باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

تەشرىھى بۇ كېسەللىكتە تېرىنىڭ ماي پەيدا قىلغۇچى بەزلىرىنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدا بۇزۇلغان ھۆللۈك نورمالدىن زىيادە پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇ تېرە ئۈستىدە نىپىز تېرىگە ئوخشاش قېتىپ، قۇرۇپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ كېسەللىك پۈتۈن بەدەندە بولىدۇ، كۆپرەك باش تېرىسى ۋە بەزىدە يۈز تېرىسىدە بولىدۇ، ئاجىز ۋە ئورۇق كىشىلەر بۇنىڭغا كۆپ گىرىپتار بولىدۇ.

داۋالاش بۇ ھالەت بەزىدە بىرقەدەر يەڭگىل بولىدۇكى، بىنەپشە يېغى ۋە قاپاق يېغىغا ئوخشاش ياغلارنى سۈركەش ۋە تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن يۇيۇشلا يېتەرلىك بولىدۇ. تازىلىغۇچى دورىلاردىن قىزىلچا كۆكى سۈيى، بۆرە ئەرمىنى ۋە قوغۇن ئۇرۇقى، ماش ئۈنى، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلار.

بۇ ھالەت زىيادە ئۆتكۈر ۋە كونىرىغان بولسا، بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ مۇسھىل دورىلىرى بىلەن ئىچىنى سۈرگۈزۈپ، ئاندىن چاچ چۈشۈرۈلىدۇ، تاكى دورىنىڭ تەسىرى تېرىگە ئوبدان يەتسۇن. ياغ سۈركىلىدۇ، باراۋەر ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە تازىلاش قۇۋۋىتى ياخشى بولغان دورىلار بىلەن باش يۇيۇلىدۇ، مەسىلەن: نوقۇت ئۈنى، بۆرە ئەرمىنى، شۈمشا، ئاق زەمچە، قىچا، ياۋا ئۈزۈم سىركىسى قاتارلىقلار بىلەن باشنى يۇغاندىن كېيىن، چاپلاشقاقلىق خۇسۇسىيىتى بولغان دورىلار بىلەن باش يەنە يۇيۇلىدۇ، دەسلەپتە بىنەپشە يېغى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كەتىرا ۋە لۇئاب قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ، ئۈزۈم ئۇسارىسى بەرگەندىن كېيىن ياغ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن بەدەندە ھۆللۈك ۋە ھارارەت پەيدا بولىدۇ ۋە تاتلىق قان پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا بىرەر

تۇردىكى ئۆتكۈرلۈك بولمايدۇ.

پايدىلىق سۆز بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇلىدىن بىرى، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ئاسان سىڭىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، ھەزىم نورمال ساقلىنىدۇ ۋە پولات، كۇچلانىڭ مۇرەككباتلىرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: پولات كۇشتىسى جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن بەدىيان، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇ ياكى ئەرەققە چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە غىزادىن كېيىن ھەببى ئازاراقى بېرىلىدۇ.

سىرتقى داۋالاش ئۇسۇلىدا پۈتۈن بەدەن ئۈستىگە ياغ سۈركىلىدۇ ۋە شۇمشا تالقىنى بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، باشنى نوقۇت ئۇنى ياكى قىزىلچا سۈيى ياكى ئاق لەيلى لۇئابى بىلەن يۇيۇپ، 3 ~ 4 كۈنگىچە ئېرىتىلگەن گۈل يېغى ۋە سىركىنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر مۇناسىپ ياغ سۈركەش، تۆۋەندىكى نۇسخا بىلەن يۇيۇنۇشمۇ پايدىلىقتۇر.

نۇسخا: نوقۇت ئۇنى، بۇغداي كېپىكى، شۇمشا ئۇنى، قىچا 12 گىرامدىن، ئاق لەيلى يەتتە گىرام. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، سىركە ۋە گۇلابقا ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ باش يۇيۇلىدۇ.

نۇسخا: ماش ئۇنى، پۇرچاق (كۆك ماش) قاتارلىقلاردىن 12 گىرامدىن، ئازور تەرەستىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئارپا ئېشى ۋە شۇمشا لۇئابىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

چاچ كېسەللىكلىرى (ئەمرازى شەئىر)

دائۇسسۆئىلەپ ۋە دائۇلھەييە

بۇ ئىككى كېسەللىكتە چاچ چۈشىدۇ، دائۇسسۆئىلەپ — تۈلكە كېسەللىكى، دائۇلھەييە — يىلان كېسەللىكىدۇر. بۇ كېسەللىكنىڭ نامى ئۇ جانىۋارلار تەرەپكە نىسبەتەن شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغانكى، بۇ كېسەللىك كۆپىنچە بۇ جانىۋارلاردا پەيدا بولىدۇ. چۈنكى تۈلكىنىڭ تۈكى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ تېرىسى زەخىملەنسە. بۇنىڭغا ئوخشاش يىلاننىڭ تېرىسىمۇ چۈشىدۇ، بۇ سەۋەبتىن دائۇلھەييەنىڭ خاس ئۇقۇمى چاچ بىلەن نېپىز تېرىمۇ چۈشكەن ۋاقىتتا دېيىلىدۇ. دائۇسسۆئىلەپ ۋە دائۇلھەييەنىڭ پەرقى: دائۇلھەييەدە چاچ چۈشىدۇ ۋە تېرىدىن قاسىراقچىلارمۇ چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزانىڭ شەكلى يىلانغا ئوخشايدۇ، كېسەللەنگەن يەرنىڭ تېرىسى يىلان قاسىرىقىدەك يىرىك بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، دائۇلھەييە دەپ بۇ ۋاقىتتا دېيىلىدۇ، يەنى چاچ يىلان شەكلىدە چۈشكەن ۋاقىتتا. يەنى مۇشۇنداق چۈشكەن بولىدۇكى، بۇ جاي ئۇزۇنىسىغا ئەگرى - بۈگرى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر دائۇسسۆئىلەپنىڭ ئاتىلىش سەۋەبىگە قارىتا ئېيتقانكى، بۇ كېسەللىكنىڭ نامى بۇ ئوخشىتىش بىلەن قويۇلغانكى، بۇ كېسەللىكتە ئەزانىڭ شەكلى تۈلكە كىرىپ ئۈنگەن نەرسىلەرنى بۇزۇۋەتكەن ئېتىزغا ئوخشايدۇ، تۈلكىنىڭ ناچار ئادىتى ئېتىزلارغا كىرىپ، ئۈنگەن نەرسىلەرنى تۈزىتىش مۇمكىن بولمىغۇدەك بۇزۇشتۇر (نەفىيس).

گەرچە بۇ ئىككى كېسەللىك تامام بەدەندە پەيدا بولسىمۇ، لېكىن بۇ باش، ساقال ۋە قاش قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئورۇنلارنىڭ مويى كۆپ ۋە قېلىن بولغانلىقتىن، بۇلاردا زىيادە ۋە ياخشى غىزالارغا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. خۇددى ئۇ بۇزۇلغان ئېتىزلارنى سۇغىرىش ۋە پەرۋىش قىلىشقا زۆرۈرىيەت زىيادە بولغىنىدەك. بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىدە بولىدىغان مويلار، بۇزۇلغان ئورۇنلار ۋە جاڭگاللاردا پەيدا بولىدىغان ئوت - چۆپكە ئوخشاشتۇر، بۇلار ئۇسسۇزلۇق ۋە قۇرۇقلۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ ۋە سۇنىڭ كەملىكى، سۇنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بۇزۇلمايدۇ (نەفىيس).

بۇ ئىككى كېسەللىك مۇشۇنداق ناچار ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ماددا تېرىدە، چاچ ۋە چاچ يىلتىزىدا توختاپ، ناچارلىقى ۋە بۇزۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئۇنى يەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياخشى غىزاسىنى توختىتىدۇ. بۇ ماددا چاچ يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ غىزاسىنى شۇ قەدەر بۇزۇپ خاراب قىلىدۇكى، ئۇ چاچلارنى پەرۋىش قىلالمايدۇ، مۇشۇنداق سۇلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پەرۋىشىگە ئىشلىتىلسە ئۆسۈملۈكلەر بۇزۇلىدۇ ۋە قۇرۇپ قالىدۇ.

پايدىلىق سۆز دائۇسسۆئلەپ، دائۇلھەييە بىر خىل تېرە كېسەللىكىدۇر. بۇ بىر مەخسۇس ماددا (ناچار تەنچىلەر) دىن ياكى بەزى كىشىلەر ئېيتقانغا ئوخشاش نېرۋا نورماللىسىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە دەسلەپكى كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىدە قىزىللىق ئاشكارا بولغاندىن كېيىن كىچىك - كىچىك مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ، بۇنىڭدا يىرىڭ بولىدۇ ھەمدە تېزلا ئاقۇچ قارىغا مايىل قاقاچ شەكىللىنىدۇ ۋە بۇ يەردىن كېپەك تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا يۇمىلاق داغ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدە كېپەك بولىدۇ، بۇ ئورۇندىكى چاچ سۇنۇپ خاراب بولىدۇ ۋە چۈشۈپ كېتىدۇ. كۆپىنچە بۇ كېسەللىك باش تېرىسىدە بولىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ساقال، بۇرۇت ۋە قاشمۇ بۇ كېسەللىك بىلەن كېسەللىنىدۇ ۋە بۇ جايدىكى مويلارمۇ چۈشىدۇ.

خىلىتلارنىڭ سانى، يەرلىك ئورۇننىڭ رەڭگى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن بۇنىڭ بەلغىمى، سەپراۋى، سەۋداۋى، قاندىن ئىبارەت تۆت تۈرى بولىدۇ.

بەلغەم ماددىسى بۇ ماددا بەزىدە كۆيگەن بەلغەم بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى كېسەللىك ئورنى ئاق ۋە يۇمشاق بولىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى سېمىز ۋە يۇمشاق بولىدۇ، بەلغەمنى ئاشۇرغۇچى ۋە چاچنى خاراب قىلغۇچى ھۆل سوغۇق غىزالارنى زىيادە ئىستېمال قىلغان بولىدۇ، مەسىلەن: چاپلاشقاق ۋە تۇزلۇق نەرسىلەر، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر.

داۋالاش بەلغەم ماددىسى پىشقاندىن كېيىن تازىلىنىدۇ، بۇ مەقسەت بىلەن ئايارەجلەر ۋە ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ، قوستۇرغۇچى ۋە بەلغەمنى چىقارغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: سېرىقچېچەك، توغرىغۇ، نەمەك ھىندى قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسىغا سىركەنجىۋىل ھەسىلى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى غىزا بىلەن ئاشقازان تولدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا تۇرۇپ چۈشكەن بولسۇن. باشنى تازىلاش خۇسۇسىيىتى بولغان دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن يىرىك رەخت ۋە ياۋا پىياز بۇ ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. تاكى بۇ ئورۇندىكى بۇزۇلغان بەلغەم تارقىلىپ، ياخشى قاننى تارتىپ بۇ يەرگە ئەكەلگۈچە. ئاندىن كېيىن بۇ جاي تىلىنىپ سايسىيا ۋە قىچا ياكى سامساق ئېزىپ چېپىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تىلىشقا زۆرۈرىيەت توغرا كېلىپ قالىدۇ، يەنى كېسەللىك ئېغىر بولۇپ، سۈركەش بىلەن بۇ ئورۇن قىزارمىغاندا.

سەپرا ماددىسى بەزىدە بۇ ماددا ئۆتكۈر سەپراۋى بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: بۇ ئورۇننىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، بۇ ئورۇننىڭ تېرىسى خۇددى بىرەر ئۇچارقاناتنىڭ تېرىدىكى پەيلىرىنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن قۇرۇپ قالغاندەك قۇرغاق ۋە يىرىك بولىدۇ، بەدىنى ئورۇقلايدۇ ۋە كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمار سەپرا پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان بولىدۇ.

داۋالاش مۇسھىل ھەبلەر بىلەن سەپرا سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ، بۇ ئورۇنغا سىركىنى ئىسسىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن گۈل يېغى سۈركىلىدۇ، ئاندىن بۇ جاي ئۇۋۇلىنىدۇ. گۈڭگۈرت سېرىقى ۋە زەيتۇن يېغى ياكى ئۇقنى مىشكى بىلەن كۆيدۈرۈپ، ئۆتكۈر سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

كۆيگەن سەۋدا ماددىسى بەزىدە بۇ ماددا كۆيگەن سەۋدا بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىك ئورنىدا كۆكۈچلۈك، يىرىكلىك، قاتتىق قۇرۇقلۇق بولىدۇ، بىمارنىڭ مىزاجى سەۋداۋى بولىدۇ ۋە بىمار كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى سەۋدا پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان بولىدۇ.

داۋالاش ھەببى ئەفتىمۇنغا ئوخشاش سەۋدانى سۈرگىچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە ماددىدا پىشىش، مىزاجدا ھۆللۈك ۋە سەۋدادا چىقىپ كېتىش قابىلىيىتى پەيدا قىلىنىدۇ. ياۋا پىياز ۋە سامساق بۇ جايغا سۈركىلىدۇ، توشقان، شىر قاتارلىقلارنىڭ ياغلىرى سۈركىلىدۇ، تىلا شەكلىدە گۈڭگۈرت سېرىقى، ساپسىيا، پەرپىيۇن، قىچا، قومۇش يىلتىزى، ئۆچكە قۇيرۇقى، يەبرۇج سەنەم كۆلى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ ۋە لادەن يېغى، سۇمبۇل يېغى سۈركىلىدۇ.

قان ماددىسى بەزىدە بۇ ماددا قويۇق ۋە بۇزۇلغان قان بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى كېسەللىك ئورنىدا قىزىللىق بولىدۇ ۋە قان غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، دەسلەپتە بۇ ئورۇن يىرىك رەخت بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن زۇپائى سەبىز بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋا پىياز، سامساق ۋە قىچا بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ساپسىيا ۋە پەرپىيۇن چېپىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر دەسلەپتە ئادەتتىكىدەك داۋالانسا ساقىيىشىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ. ئاغرىق بۇ كېسەللىكتە تەسلىكتە يوقايدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئىچكى تەرەپتىن قان تازىلىغۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سىرتقى تەرەپتىن ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچى، تېرىنى قىزارتقۇچى ۋە قاننى سۈمۈرگۈچى دورىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئىچىش

ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: چۆپچىنىدىن 12 گىرامنى ئىنچىكە توغراپ، ئىسسىق سۇدىن 120 گىرامغا چىلاپ، سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، چىلان شەربىتىدىن 12 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە پولات كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنجىنى يەتتە گىرام مەجۇنى ئۆشبىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن ئەرقى مۇسەففىخۇندىن 12 گىرامغا چىلان شەربىتىدىن 12 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىگە تۆۋەندىكى تىلالاردىن بىرەرى چېپىلىدۇ.

تىلا نۇسخىسى (1): تۇرۇپ ئۇرۇقى، زاغۇن ئۇرۇقى، ئاچچىق بادام مېغىزى، قارىمۇچ، مۇقەل، توغرىغۇ ئالتە گىرامدىن. مۇقەلنى زاراڭزا يىلتىزى قايناتتىلمىسىدا سالايە قىلىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ بۇنىڭغا قوشۇپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ.

تىلا نۇسخىسى (2): كەت، قەنبىل، قىزىل سېغىز، يېشىل تۇتىيا، شورە بىر گىرامدىن، مەدەستان، مۇرچ ئالتە گىرامدىن، قۇرۇق خېنە يوپۇرمىقى 12 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، كۇنجۇت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

تىلا نۇسخىسى (3): ئاق گۈڭگۈرت سېرىقى، ئانار پوستى، خەشخاش پوستى، قارىمۇچ، كۆيدۈرۈلگەن قەنبىل، كۆيدۈرۈلگەن ئۆچكە قۇيرۇقى كۈلى قاتارلىقلاردىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئاق قىچا يېغى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

تىلا نۇسخىسى (4): قىزىل زەرنىخ 12 گىرام، كۇندۇش، شەترەنجى ھىندى مۇۋاپىق مىقداردا. دورىلارنى ئېزىپ، زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سامساق ياكى پىياز ياكى ھۆل زەنجىۋىل سۈيى كېسەللەنگەن ئورۇنغا تىلا قىلىنىدۇ ياكى سىندۇر ۋە قارىمۇچتىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، پىياز سۈيى ياكى ھۆل زەنجىۋىل سۈيىدە ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ ياكى دەندىنى سۇدا سۈرۈپ تىلا قىلىشمۇ پايدىلىقتۇر.

تۆۋەندىكىسى بىر ھەقىقەتسىز، ئەمما كۆڭۈل قويۇشقا تېگىشلىك داستاندۇر: ئەللامە نەفىس يازغانكى، يەبرۇج سەنەمنىڭ يەنە بىر نامى سىراجۇل قەترەبتۇر. بۇنىڭ يىلتىزى زېمىن ئىچىدە غارغا ئوخشاش چوڭقۇر بولىدۇ، بۇ يىلتىزنى تىكلىگەندە ئادەمگە ئوخشاش ئىككى قولى، ئىككى پۇتى ۋە بارلىق ئەزالىرى بولىدۇ، بۇنى ھىندىستاندا «لەچىمنا لەچىمنى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى غار بېشى ئوتتۇرىسىدىن ئۈنىدۇ، يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلى ئەلىق يوپۇرمىقى بىلەن ئوخشىشىدۇ. ئەلىق يوپۇرمىقى گۇلابنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەرنىڭ گۇمانىكى، يەبرۇج سەنەمنى زېمىندىن يۇلۇش تۆۋەندىكى ھالەتتىن باشقىسىدا مۇمكىن ئەمەستۇر. يۇلۇش توغرىسىدا بۇ ئېيتىلغانكى، دەسلەپتە تۆت تەرەپنىڭ توپىسى كولىنىپ يىلتىزغا بىر كۈن ئاچ قويۇلغان ئىتنىڭ بوينى باغلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ، گۆش

پارچىسى قويۇلىدۇ، ئەگەر ئىت بۇ گۆش تەرەپكە يۈزلەنسە كۈچەپ يىلتىزنى زېمىندىن يۇلىدۇ. بۇنىڭدا باشقا كىشىلەر ئىت يىلتىزى يۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. لېكىن باشقا كىشىلەر بۇ ئاجايىپ - غارايىپ داستاننى ھەقىقەتسىز دەپ ئېيتقان.

چاچ چۈشۈش (ئىنتىسارۇششەئرى)

چاچنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋدادىن بولغان گاز ماددىلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن بولىدۇ، ئۇ توپلىنىش مەخسۇس كانالچىلار ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئىچىدە ھاسىل بولىدۇ، ئىچىدىن باراۋەر ياردەم يېتىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى بۆلەك تەدرىجىي توپلىنىپ، سىرتقى بۆلەكنى سىرتقى تەرەپكە مۇشۇنداق ئىتتىرىدۇكى، ئۇنىڭ يىلتىزى ئىچىدە تۇرىدۇ، يەنى ئاز بۆلىكى دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشاش ئىچىدە بولىدۇ ۋە ئاز بۆلىكى شاخقا ئوخشاش سىرتىدا ئاشكارا بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن چاچنىڭ چۈشۈش سەۋەبى غىزا كەملىك ۋە رۇتۇبەتى دۇخانىيەنىڭ ئازلىقى ياكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، تارىيىپ كېتىشى ياكى بىرەر مۇناسىپ ماددىلار ياكى تەر تۆشۈكچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەب بولىدۇ.

1. **غىزانىڭ كەملىكى** بەزىدە چاچ چۈشۈشنىڭ سەۋەبى غىزا ۋە چاچ ئۈندۈرىدىغان سەۋدادىن بولغان گاز ھۆللۈكىنىڭ ئاز بولۇشىدۇر. مەسىلەن: ئېغىر كېسەللىكلەردىن ساقايغان، دىق ۋە سىل بولغۇچىلاردا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە چاچ چۈشۈشنىڭ مىسالى خۇددى سۇنىڭ بولماسلىقىدىن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ.

ئالامىتى بەدەندە قۇرۇقلۇق ۋە ئورۇقلاش بولىدۇ، كېسەللىككە سەۋەبچى بولغۇچى سەۋەبلەر دەسلەپتە بولۇپ بولغان بولىدۇ، مەسىلەن: كېسەللىكلەر، غىزانىڭ كەملىكى قاتارلىقلار.

داۋالاش غىزا ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئۇخلىتىلىدۇ، تاكى ھەزىم ياخشىلىنىپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈچە. ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ تاكى ھۆللۈك ئېشىپ، غىزا ئەزا تەرەپكە سۈمۈرۈلگۈچە. ھەتتاكى سىركە، ئاق لەيلى، ئىسپىغۇل، تەتۈر سۆگەت يوپۇرمىقى، بىنەپشە يېغى ۋە نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار بىلەن باش يۇيۇلىدۇ.

2. **تېرە بوشىشىش** بەزىدە چاچنىڭ چۈشۈش سەۋەبى بۇ بولىدۇكى، غىزا كەملىك سەۋەبىدىن تېرىدە بوشىشىش پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى زىيادە كېڭىيىدۇ، ھەتتاكى چاچ پەيدا قىلغۇچى ماددىلار ئەگەر بۇ يەرگە يېتىپ كەلسە، نورمالدىن كۆپ تارقىلىدۇ.

ئالامىتى چاچ ئىنچىكە بولىدۇ، كۆپ چۈشىدۇ. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە غىزا كەملىكىنىڭ يەنە بىر ھالىتىدۇر. بۇ دەسلەپكى ھالەتتىن ئازراق پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردىكى غىزا كەملىكىنىڭ سەۋەبى بىرەر كېسەللىك بولمايدۇ، يەنى بۇ يەردە ئاشكارا كېسەللىك مەۋجۇت ئەمەس.

داۋالاش قابىز، كۈچلەندۈرگۈچى تىلالار ۋە نۇتۇل بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرى تارايتىلىدۇ ھەم تېرە كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئامىلە يېغى، ھېلىلە كابۇلى، موزا ۋە ئاقاقىيا قاتارلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەر چېپىلىدۇ ياكى لادەن ۋە ئاس يېغى سۈركىلىدۇ. ئامىلە پۈتۈن بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇشتىن باشقا تېرە ۋە چاچ بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاس يېغىدا ئىككى جەۋھەر بولۇپ، بىرى ئىسسىق بولىدۇ، بۇ ماددىنى تارتىدۇ، يەنە بىرى ئەزادا قاتتىقلىق ۋە قورۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن لادەندە ئازراق قورۇش بولىدۇ ۋە ئازراق لەتىف جەۋھەر بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن چاچ يىلتىزىدىكى ھۆللۈكلەرنى بىرئاز تارقىتىدۇ، ياخشى قاننى تارتىپ ئەكېلىدۇ ۋە چاچ يىلتىزلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.

3. قۇرۇقلۇق بەزىدە چاچ چۈشۈشنىڭ سەۋەبى غىزا كەملىك بىلەن ياشانغانلارنىڭ تېرىسىگە ئوخشاش قۇرۇقلۇق ۋە زىچلىشىش سەۋەبىدىن تېرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچى ئاجىزلىغانلىق بولىدۇ.

ئالامىتى مىزاجدا قۇرۇقلۇق بولىدۇ، ئەگەر يۇلسا تەسلىكتە يۇلۇنىدۇ ھەم چاچ بۇدۇر بولۇپ، تۇم ۋە قارا بولىدۇ.

داۋالاش مىزاجدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، بابۇنە يېغى سۈركىلىدۇ، كۆيدۈرۈلگەن ئاچچىق بادام، كۆيدۈرۈلگەن شىھ ۋە زەيتۇن يېغى ياكى دائۇسسۆئلەپنىڭ باشقا مۇناسىپ دورىلىرى چېپىلىدۇ.

ھۆللۈك بەزىدە چاچنىڭ چۈشۈش سەۋەبى، قويۇق ۋە بۇزۇلغان ھۆللۈك، بەلغەم سەۋەبىدىن چاچنىڭ ئوزۇقلىنىشى بۇزۇلغانلىقى، تېرىنىڭ كانالچە ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى بۇزۇلغانلىقى بولىدۇ.

ئالامىتى چاچ ئىنچىكە بولىدۇ.

داۋالاش ھامامدا تاكى ھۆللۈكلەر تارقالغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ھامامدا باشقا شىھ، بەرەنجاسىپ، ئاچچىق بادام قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ، نىترون، توغرىغۇ ۋە بىيىر يوپۇرمىقى بىلەن يۇيۇلىدۇ. تاكى ياخشى قان سۈمۈرۈلۈپ سىرتىغا كەلسۇن. غىزالارغا ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ تاكى ھۆللۈكلەر لەتىفلىشىپ قۇرۇسۇن. بۇ تۈردە باش ئۈستىگە ياغ سۈركەش مۇناسىپ ئەمەس. ئۇنداق بولمىسا ھۆللۈك كۆپىيىدۇ.

5. بۇزۇلغان ماددىلار   بەزىدە چاچنىڭ چۈشۈشى، بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ تېرە ئاستىغا يەتكەنلىكىدىن بولىدۇ، ئۇلار بىلەن چاچ شەكىللىنىدىغان غىزا ماددىلىرى ئۆزگىرىدۇ ۋە بۇلاردا چاچنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىپ بولمايدىغان بىرەر كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. بۇ دائۇسسۆئىلەپ ۋە دائۇلھەييەدە بولىدۇ.

ئالامىتى   بۇ بەدەننىڭ مىزاج ھالىتى ۋە تېرە رەڭگىدىن ئاشكارا بولىدۇ. يەنى تېرىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ.

داۋالاش   ھۆللۈكتىن بەدەن تازىلىنىدۇ ۋە دائۇسسۆئىلەپتىكى چاچ چۈشۈشنىڭ دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

تاز ۋە يارىلار   بەزىدە تاز ۋە يارىلار سەۋەبىدىن چاچ چۈشىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ھالەتتە زەخىم پۈتكەندىن كېيىن تەر تۆشۈكچىلىرى بۇزۇلۇپ چاچ پەيدا بولمىغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر چارە ۋە داۋالاش ئۇسۇلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەسلىي تېرە يوقالمىغان بولسا، يەنى قاتتىق پەردە پەيدا بولغان بولسا (بۇ تېرىگە ئوخشاش تېرىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ)، بۇنىڭ بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرى بۇزۇلغان بولسا، يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ، مەسىلەن: ئاق لەيلى لوئابى، ھەمىشباھار لوئابى، ياغ، مەلھەم، قىرۇتى قاتارلىقلار.

تۆگە قۇش كېسەللىكى (ئىللەتۇننۇئامە)   بۇ، چاچ چۈشىدىغان يەنە بىر كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭ نامى ئىللەتۇننۇئامە (تۆگە قۇش) دۇر. بۇ كېسەللىكتە باشنىڭ تېرىسى مۇشۇنداق بولىدۇكى، گويا ئۇ تۈكى يۇلۇۋېتىلگەن ئۇچار قۇشنىڭ تېرىسىدەك بولىدۇ. باش يەنى باش تېرىسى ناھايىتى يۇمشاق مەلۇم بولىدۇ. چاچ پاختا ۋە يىپەككە ئوخشاش يۇمشاق بولىدۇ. يۈزەكى تېرە گويا پىشىپ سارغايغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە نۇئامە يەنى تۆگىقۇشتا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىك تۆگىقۇش تەرەپكە مەنسۇپ قىلىنغان.

بۇنىڭ سەۋەبى ئىسسىق ۋە سەپراۋى ماددىلار تۈپەيلىدىن يۈزەكى تېرىنىڭ مىزاجى ئۆزگىرىپ، تېرە بۇزۇلۇپ، نازۇك ۋە ئاجىز بولغانلىقتىن بولىدۇ. چاچ ئۆزىنىڭ مەركىزىي ئورنىدىكى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا چاچ ئۈنمەيدۇ.

ئالامىتى   كۆپىنچە ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   چاچنى ھەمىشە چۈشۈرۈپ، ئاس يېغى، ئامىلە يېغى، لادەن يېغى ۋە ھەببۇلغار يېغى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ.

ھەببۇلغار يېغى   ھەببۇلغاردىن ياغ چىقىرىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى سۇدا ئادەتتىكىدەك قايناتىپ سوقۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۇ سېپىپ، بىرەر ئېغىر نەرسە ئاستىدا

قويۇلىدۇ ياكى سوقۇپ كۆنجۈت يېغىدا قايىنىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن سىقىپ سۈزۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈش دائىم چاچنى چۈشۈرۈش بىلەن ھارارەت ئېشىپ، قان تېرە تەرەپكە تارتىلىپ كېلىدۇ.

پايدىلىق سۆز

چاچ چۈشۈش بۇ كېسەللىكتە چاچ چۈشۈپ ئازلايدۇ ۋە بەزىدە پۈتۈن چاچ چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك بەزىدە تۇغما بولىدۇ، يەنى بەزى كىشىلەردە تۇغما چاچ ئاز بولىدۇ ۋە بەزىدە چاچ تەدرىجىي چۈشۈپ ئازلايدۇ.

سەۋەبى ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ كەملىكى، ئاجىزلىق، سىل ياكى سىفلىس ياكى باشقا ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش، باش تېرىسىدە تەمرەتكە، ئاق داغ، باش كېپەكلىشىش قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى. ئۇنىڭدىن باشقا ياشانغانلىق سەۋەبىدىنمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە ئىرسىيەتلىك ھالەتتە چاچ ئاز بولىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ. ئاجىزلىق ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ كەملىكى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بولسا، ياخشى غىزالار ۋە دورىلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ ۋە باش ئۈستىگە قىزارتقۇچى ۋە قاننى تېرە تەرەپكە سۈمۈرگۈچى دورىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: باشنى ئاق لەيلى ۋە خېنە يوپۇرمىقى سىركىسى بىلەن يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، قىچىنى سىركىدە ئېزىپ سۈركىلىدۇ ياكى قىچا يېغى ۋە گۈل يېغىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى تىلا ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا: ئەنجۈر دەرىخى پوستى، ئەنجۈر يوپۇرمىقى، كۆپۈكى دەريا، پەرپىيۇن قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، پىياز سۈيىدە ئېرىتىپ ھەر كۈنى چېپىلىدۇ ۋە 10 كۈندىن كېيىن بۇ تىلا ئىشلىتىلىدۇ: زىراۋەندە مۇدەھرەج، لادەن، ئاس، رۇسۇت، كۆيدۈرۈلگەن ئەفسەنتىندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېرىتىپ سۈركىلىدۇ. ئەگەر باشتا تاز قاتارلىقلار بولسا ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر چاچ ئاجىزلىق، ئورۇقلاش ۋە تېرە قۇرۇقلۇقىدىن چۈشكەن بولسا، ھۆللەشتۈرۈش ۋە كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئىچكى چارىلىرى بىلەن باش ئۈستىگە يەتتە خىل مېغىز يېغى (رەۋغەنى لوبوبى سەبئە)، بادام يېغى، ئامىلە يېغى ۋە باشقا بىرەر مۇناسىپ ياغ سۈركىلىدۇ. ئامىلە ۋە ئاسنىڭ تۆۋەندىكى ياغلىرى چاچنىڭ كۆپىنچە كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشۈشىنى توختىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇزارتىدۇ.

ئامىلە يېغى نۇسخىسى: ئامىلە، ئاس يوپۇرمىقى سۇدا سۇ قىزىل بولغۇچە پىشۇرۇلىدۇ،

ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ، بۇ سۇغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىلىدۇ، سۇ ھورغا ئايلىنىپ بولغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ، لادەندىن ئاز مىقداردا ئېلىپ شارابتا ئېرىتىپ قوشۇلىدۇ ۋە ھەر كۈنى باشقا سۈركىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: ئامىلە، ئاس يوپۇرمىقى 300 گىرامدىن، سېرىق ھېلىلە پوستى 156 گىرام، ھېلىلە پوستى 144 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ، پىسسىپىنى قايتا سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭغا گۈل يېغى قوشۇپ سۇس ئوتتا قايىنىتىپ، سۇ پارغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن سۈزمەي قويۇلىدۇ ۋە ئۈستىدىكى يېغىنى ئېلىپ سۈركىلىدۇ.

باش چوققىسىدىكى چاچ چۈشۈپ كېتىش (سەلئى)

سەلئى بۇ ھالەتكە ئېيتىلىدۇكى، بۇنىڭدا باشنىڭ ئالدى بۆلىكىنىڭ چېچى چۈشىدۇ، ھىندىستاننىڭ بەزى جايلىرىدا مۇشۇنداق كىشىلەرنى چەندىلا دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ بېشىدا يۇقىرىقىدەك ئەھۋال بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ھالەت ۋاقىتسىز يەنى ياشىنىشتىن ئىلگىرى كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى چاچ چۈشۈش توغرىسىدا ئېيتىلغىنىدەك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى باش ئۈستىدە ھەمىشە يۈك كۆتۈرۈش بولىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجى يۈك كۆتۈرۈشنى توختىتىشتۇر.

ئەگەر بۇ ھالەت ياشانغانلاردا كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى باشنىڭ بۇ بۆلىكىدە چاچ ماددىسى ئاز بولغانلىقتىن بولىدۇ (بۇ بۆلەكتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئىككى چېكىدىن سىرت، باشنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدۇر). قۇرۇقلۇق غالىب بولىدۇ. چۈنكى بۇ جاينىڭ تېرىسى نېپىز بولۇپ، گۆش تامامەن بولمىغان سۆڭەك ئۈستىدە تۇرىدۇ.

ئىككى چېكە چاچلىرى ئومۇمەن چۈشمەيدۇ، باشنىڭ قالغان بۆلەكلىرىدىكى چاچ چۈشىدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ئېھتىمال بۇنىڭ سەۋەبى بۇكى، ئىككى چېكىدە مۇسكۇللار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ چېچى ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تەرەپكە نەفىس ئىشارە قىلغان. بۇ تۆۋەندە يېزىلدى.

بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بىر تەبىئىي ئىشتۇر. ئۇنىڭ مىسالى خۇددى تەبىئىي ھالەتتە بىر ۋاقىتتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا بىرەر چارە يوق. ئەگەر بۇنىڭ ئىلاجى بولغان بولسا ياشانغانلىقنىڭمۇ ئىلاجى بولغان بولاتتى. ئىككى چېكىدىكى چاچ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، چۈنكى بۇنىڭ ئاستىدا چوڭ ـ چوڭ مۇسكۇللار بار. مۇسكۇللار گۆشتىن

تۈزۈلىدۇ، گۆشتە ھۆللۈك سۆڭەك ۋە تېرىگە نىسبەتەن زىيادە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى چېكىدە باشنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە بولىدىغان قۇرۇقلۇق پەيدا بولمايدۇ (نەفىيس).

پايدىلىق سۆز بۇ كېسەللىك مۇستەھكەم بولغان ھالەتتە داۋالىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە دەسلەپىدىلا ھۆللەشتۈرۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش تەرەپكە خاس كىرىشىلىدۇ. چاچنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن بۇ چارىلەر يېزىلغان. ئۇلار سەۋەبنى ئېنىقلاش ئاساسىدا قوللىنىلسا، چاچ چۈشۈشنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توختىتىشنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە تۆۋەندىكى تىلا ۋە ياغنى ئىشلىتىشمۇ پايدىلىقتۇر:

تىلا نۇسخىسى: پىرسىياۋشان، كۇندۇر، سەنۇبەر دەرىخى ساقىلى، ئاس يوپۇرمىقى 12 گىرامدىن. دورىلارنى قورۇپ، سوقۇپ تاسقاپ، لادەن، مۇرمەككىنى كونا شاراب ۋە تۇرۇپ يېغىدا ئېرىتىپ، بۇنىڭغا سوقۇلغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككىنچى قېتىم سالايە قىلىپ، باشقا ئەتىگەندە چېپىلىدۇ ۋە كەچتە بۇنى يۇيۇۋېتىپ تۆۋەندىكى ياغ سۈركىلىدۇ:

ياغ نۇسخىسى: يېشىل موزا، قارا ھېلىلە، ئاس يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى شارابقا چىلاپ، دورىلار ئېرىپ كەتكۈچە قايناتىپ، سۈزۈپ قويۇلىدۇ ۋە 30 گىرام لادەن، 15 گىرام مەستىكىنى زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ، سۈزۈپ، بۇنىڭغا مەزكۇر قايناتىلمىنى ئارىلاشتۇرۇپ پەقەت 125 گىرام ياغ قېلىپ قالغۇچە قايناتىپ، سۈزۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

چاچ ئاقىرىش (شەيب)

جالىنۇسنىڭ كۆزقارىشىچە چاچ ئاقىرىشنىڭ سەۋەبى جاراسىمدۇر. يەنى چاچ تەرەپكە بارىدىغان غىزا بەربات بولغان بولسا بۇنىڭغا بىر تۈردىكى جاراسىم توپلىنىدۇ. بۇ ئاشكارىكى، چاچنىڭ ئاقىرىشى يەنى ئۇنىڭ تەبئىي قارا رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تەڭپۇڭسىزلىقىدۇر. بۇنىڭدا ئۆزگەرتىش ئەمىلى يوقىلىدۇ، يەنى ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچى خىزمىتىنىڭ غىزانى ئوزۇقلانغۇچىغا ئۆزگەرتىشى يوقىلىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر ياخشىراق مىسالى ئاقكېسەللىكتە تېپىلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنى جالىنۇس جاراسىم ئۆزگىرىشى دەپ قارايدۇ. بىر ھەقىقەتنى ئېنىقلىغۇچىنىڭ زېھنىغا بۇ سوئال كېلىدۇكى، قارا چاچ نېمە ئۈچۈن ئاقىرىدۇ؟ جالىنۇس بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئوچۇق مىسال بىلەن بېرىدۇ. جاراسىم يۇققان تاماق، غىزا قاتارلىقلارنىڭ تەمى ۋە رەڭگىنىڭ ئۆزگەرگىنىگە قاراڭ. ئۇنىڭ رەڭگى، مەسىلەن: قىزىل بولىدۇ، قىزىل نەرسە قانداق ئاق بولىدۇ، ئەگەر كۆز ئالدىمىزدا بىرقانچە سائەتتە سىرتقى دۇنيادىكى بىر قىزىل نەرسىنىڭ ئاق بولۇشى مۇمكىن بولسا، ئىنسان بەدىنىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىمۇ بۇ تۈردىكى مىساللار ئۇچرىشى مۇمكىن، بۇ ئەجەبلىنىدىغان گەپمۇ؟

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن باشقا مىساللارمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ مىسالدا بىرقانچە ياخشىلىقلار بار:

1. بۇزۇلغان نەرسىنىڭ رەڭگى ئومۇمەن ئاق بولىدۇ، شۇڭىدەك بۇ نەرسىمۇ ئاق دەپ قارىلىدۇ.

2. جاراسىم بۇزۇلۇشىنىڭ بىر تەرىپىدۇر، شۇڭىدەك چاچنىڭ ئاقىرىشىمۇ بۇزۇلۇشنىڭ بىر تەرىپى بولىدۇ. بۇ مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ بۇزۇلۇشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ.

قاننىڭ پارقىراقلىقى، قويۇقلۇقى، ئىسسىقلىقى ۋە چاپلاشقاقلىقى نورمال بولسا، ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ نورمال بولىدۇ. پەيدا بولغان چاچمۇ قارا بولىدۇ. ئەگەر ھەزىم ئاجىزلىق ۋە ھارارەتنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن قانغا سۇ تەركىبلىرى قوشۇلغان بولسا، چاچ ئاقىرىشقا باشلايدۇ. يەنى بۇ ھالەتتە ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچىنىڭ ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن چاچنىڭ غىزاسىغا تەبىئىي قارىلىق يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدا ئاقلىق پەيدا بولىدۇ.

چاچ ئاقىرىشنى توسقۇچى چارىلەر چاچنىڭ ئاقىرىشىدا كېچىكىش پەيدا قىلىدىغان چارىلەر بىلەن، ئەگەر ۋاقىتسىز چاچ ئاقارغان بولسا، ئۇ يوقىلىدۇ. بەلغەم ھەمىشە سۈرۈپ چىقىرىپ تۇرۇلىدۇ، جۈملىدىن قۇستۇرۇش ئارقىلىق. قاننى سەپراۋى تەركىبلەرگە مايىل قىلغۇچى ۋە قويۇلدۇرغۇچى بولغان نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەمنى تۆپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن مايدا قورۇلغان گۆش يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر، مەسىلەن: قىچا، قارىمۇچ ۋە دارچىن چۈشكەن بولسۇن. بۇنىڭغا ئاساسەن كاۋاپ، تۇزلۇق كامىخ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر كۆپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىسسىق مەجۇنلار، مەسىلەن: تەرياقى مەسرۇدىتۇس، مەجۇنى بالادۇر ۋە ئىترىفىل يېگۈزۈلىدۇ، ياغ سۈركىلىدۇ، بۇنىڭدا خۇش پۇراقلىق، ئىسسىق، قابىز دورىلار قايىنتىلغان بولسۇن، مەسىلەن: سۇمبۇل، ئىزخىر غۇنچىسى، دارچىن، قەلەمپۇر، ئۇد خام، قەسبۇزەرىرە قاتارلىقلار.

كامىخ: بىرخاس تۈردىكى سالىن ياكى ئوتياش ياكى چىلانما سەيدۇر. بۇ پىننە، سۈت ۋە باشقا تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن ياسىلىدۇ.

پايدىلىق سۆز ياشانغانلارنىڭ چېچى تەبىئىي ھالدا ئاقىرىدۇ. بۇ ھالەتتە چاچنى بوياشتىن باشقا ئۇنى قارا قىلىشنىڭ بىرەر ياخشى چارىسى يوق. لېكىن بەزىدە ياشلارنىڭمۇ چېچى ئاقىرىدۇ، ئادەتتە نېرۋا ئاجىزلىقى، ئىشتىھا كەملىك ۋە ئىشتىھا بۇزۇلۇش، ئويلىنىش ۋە ئىككىلىنىش، زەربە قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. بەزىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىدە چاچ

ئىرسىيەتلىك تېز ئاقىرىدۇ.

داۋالاش ياشلاردىمۇ چاچ ئاقىرىش كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەبىئىي ھالەتتە قارىيىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ دەسلەپتىلا ئېھتىيات قىلىش لازىم. ھەزىمنى ياخشىلاش، ئوزۇقلاندۇرۇشقا خاس كۆڭۈل قويۇش ۋە تېرە تەرەپكە قاننى تارتىش چارىلىرى قىلىنغان بولسا، چاچ ئاقىرىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى توختايدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن ئىترىفىل، پولات، گۈڭگۈرت سېرىقى، ھەببۇلغار، كۈچۈلا قاتارلىقلارنىڭ مۇرەككەباتلىرىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش پايدىلىقتۇر. سىرتقى تەرەپتىن بۇ ياغلار ۋە تىلالارنى ئىشلىتىش پايدىلىقتۇر، بۇنىڭغا چاچنى قوغداپ، چۈشۈشتىن ساقلاش ۋە ئۇزۇن قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغ، تىلالار كىرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا بوياقلار ئاخىرقى چارىسىدۇر. بۇلارنىڭ نۇسخىسى مەشھۇر بولۇپ، بەيازلاردا ۋە قارابادىنلاردا يېزىلغان.

چاچلارنى چىرايلىق قىلىشنىڭ چارىلىرى

چاچنى قوغداش يەنى چاچ چۈشۈشتىن توختىتىلىدۇ. بۇ مەقسەت مۇشۇنداق دورىلاردىن ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدا لەتىف ھارارەت بولىدۇ، بۇ چاچلارغا غىزا تارتىدۇ. بۇنىڭدا بىرقەدەر تۇتۇش كۈچىمۇ بولىدۇ. بۇ تارتىلغان غىزانى تېرىدە توختىتىدۇ. بۇنىڭدا چاچنى قوغداش خاسىيىتى بولىدۇ، يەنى خاس كۈچلەر بولىدۇ. ئۇ دورىلار لادەن، ئاس، پىرسىياۋشان، شەقائىق (لالە)، سۇمبۇل، مەستىكى، سەئدى كۇفى، قىزىلچا ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئامىلە، چىلغوزا دەرىخى ساقىلىنىڭ كۈلى، ئاقاقىيا، موزا قاتارلىقلار.

لادەندە يەڭگىل تۇتۇش كۈچى بىلەن چاچ ئۆندۈرۈش كۈچىمۇ بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن چاچلارنى كۈچلۈك قىلىدۇ ۋە ئۆندۈرىدۇ. چاچ يىلتىزىدا بولىدىغان بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ ۋە تۇتۇش كۈچى بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرىنى (بۇنىڭ مەركىزىدە چاچ بولىدۇ) تارايتىپ چاچنى مەزمۇت قىلىدۇ.

ئاس توغرىسىدا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا دورىلار كىتابى «فەلبىيە» دە يازغانكى، بۇنىڭدا ئىككى جەۋھەر بولىدۇ. بىرىنچى جەۋھەردە سوغۇقلۇق، ئىككىنچى جەۋھەردە ھارارەت غالىبتۇر. بۇ سەۋەبتىن چاچلارنى ئۆندۈرۈشتە بۇنىڭ بىلەن كۆرۈنەرلىك پايدا ھاسىل قىلىنىدۇ.

پىرسىياۋشان قۇرۇتقۇچى، لەتىفلەشتۈرگۈچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر. بۇ سەۋەبتىن چاچ ئۆندۈرۈشكە ياردەملەر قىلىدۇ.

شەقائىقتا ھارارەت بولىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ماددىلارنى تارتىپ لەتىفلەشتۈرۈش ۋە تازىلاشتۇر.

سۇمبۇل ئىككى جەۋھەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئازراق جەۋھىرى تۇتقۇچى، كۆپرەك جەۋھىرى چاچ ئۆندۈرگۈچىدۇر. بۇ سەۋەبتىن بۇ چاچنى ئۆندۈرىدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ.

مەستىكى قارىمۇقارشى كۈچلەردىن تۈزۈلگەندۇر، يەنى تۇتۇش، قىزىتىش، يۇمشىتىش كۈچى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەستىكى ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ، غىزانى سۈمۈرىدۇ ۋە چاچنى كۈچلەندۈرىدۇ.

سەئدى كۇفىدا ئىسسىقلىق بولىدۇ، بۇ تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدۇ. قۇرۇقلۇقمۇ بولىدۇ، لېكىن قۇرۇقلۇق ئۆتكۈر بولمايدۇ، بۇنىڭدا يەنە ئازراق تۇتۇش كۈچىمۇ بولىدۇ.

كەرەپشە ئۇرۇقى ھۆللۈكلەرنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى ۋە ئەزالارنى تازىلىغۇچىدۇر.

ئامىلە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، چاچلارنىڭ يىلتىزلىرىنى قاتتىق قىلىپ، مۇستەھكەم قىلىدۇ.

شەرەك (چەرەك) ھىندى ئېيتقانكى، ئامىلەدە ئازراق ئىسسىقلىقمۇ بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن چاچلارغا غىزانى سۈمۈرۈپ ئەكېلىدۇ. لېكىن ياخشىسى شۇكى، ئامىلەنى چاچنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر غىزانى سۈمۈرىدىغان، يەڭگىل ھارارەت بولغان دورىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش لازىم.

چىلغوزا دەرىخى ساقىلىنىڭ كۈلى كۈلدە تۇتۇش كۈچى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ ھەم بۇنىڭ ئۆز زاتىدىمۇ ئازراق ئۆتكۈرلۈك بولۇپ، كۆيدۈرۈش بىلەن يەنىمۇ كۈچىيىدۇ.

ئاقاقىيا ئىككى تۈردىكى جەۋھەرلەردىن تۈزۈلىدۇ، بىر جەۋھىرى لەتىپ، ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ، يەنە بىرى زېمىن جەۋھىرى بولۇپ، سوغۇق ۋە قابىزدۇر.

موزا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ ۋە ئۆز تۇتۇش كۈچى بىلەن چاچنىڭ يىلتىزلىرىنى مەزمۇت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھالىتى ئامىلەنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن مۇناسىپى موزىنى ھارارىتى بولغان دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

يۇقىرىقى ئەشيالاردىن ياغ ياسىلىدۇ. تاكى دورىنىڭ كۈچلىرى ياغقا ئوخشاش لەتىپ توشۇغۇچىغا ئۆتسۇن. ياغدا تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىش كۈچىمۇ بولىدۇ. ئاندىن بۇ ياغ تاكى تېرىگە ئۆزلەشكۈچە سۈركىلىدۇ ۋە سۈركەپ ئۇزۇنغىچە قالدۇرۇپ قويۇش بىلەن ئوبدان تەسىر قىلىدۇ.

شەرەك چەرەكنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشىدۇر، بۇ ھىندىستاندا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ، «چەرەك» ناملىق مەشھۇر كىتاب ئۇنىڭ يادىكارىدۇر.

چاچنى ئۇزارتىش بۇ مەقسەت مۇشۇنداق ھاسىل بولىدۇ. دەسلەپتە مەۋجۇت چاچلارنى قوغداش ئۈچۈن قابىز ماي سۈركىلىدۇ تاكى چاچ چۈشمىسۇن. ئاندىن كېيىن

سۈمۈرۈش كۈچى ۋە تۇتۇش كۈچى بولغان دورىلار سۈركىلىدۇ. مەسىلەن: ئاس، قىزىلگۈل، ئازاد دەرىخى، بەكائىن، مۈرمەككى، پەرسىياۋشان قاتارلىقلار.

قىزىلگۈل توغرىسىدا جالىنۇس ئېيتقانكى، قىزىلگۈل بىر سۇيۇق ۋە ئىسسىق جەۋھەردىن تۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يەنە ئىككى خىل تەممۇ باردۇر، بىرى تۇپراقتەك تۇتقۇچى، سوغۇق ۋە قويۇق تەم، يەنە بىرى ئاچچىق، لەتىف ۋە ئۆتكۈر تەمدۇر.

ئازاد دەرىخى يوپۇرماقلىرى چاچلارنى ئۇزۇن ۋە مەزمۇت قىلىدۇ، خاسىيىتى بىلەن ئۇنى تامام ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ.

مۈرمەككىدە قىزىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە بىرئاز تازىلاش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. بۇ ئاس يېغىغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا، چاچنى چۈشۈشتىن توختىتىدىغانلىقى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

يۇقىرىقى دورىلار ئايرىم - ئايرىم ياكى بىرلەشتۈرۈپ چاچقا چېپىلىدۇ.

چاچنى ئۇزارتقۇچى نەرسىلەردىن بۇ دورىلارمۇ بار. بۇنىڭدا چاپلاشقاقلىق بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن چاچ ئۆز غىزاسىنى سۈمۈرەلەيدۇ، مەسىلەن: كۈنجۈت يوپۇرمىقى، قاپاق يوپۇرمىقى ۋە ھارارەت، تۇتۇش كۈچى بولغان ياغ. باش دەسلەپتە قىزىلچا سۈيى ۋە ئازراق قىچا سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دورا ۋە ياغ سۈركىلىدۇ.

چاچنى ئۈندۈرۈش ئەگەر چاچ ئۇزۇندا ئۆسسە، مەسىلەن: بەزى كىشىلەرنىڭ ساقىلى ئۇزۇندا چىقىدۇ، بۇ ۋاقىتتا دائۇسسەئلەبنىڭ دورىلىرى پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن كونا زەيتۇن يېغى، بەرەنجاسىپ كۈلى ۋە كۆپۈكى دەريا بىلەن سۈركىلىدۇ ياكى بان يېغىدا زەرارىھنى ئېزىپ چېپىشمۇ پايدىلىقتۇر. زەرارىھنىڭ پۇت ۋە بېشى ئېلىۋېتىلىپ سايىدا قۇرۇتۇلغان بولسۇن. ئۇنىڭ خاسىيىتى بۇكى، دەسلەپتە سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە چاچ پەيدا قىلىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈش بۇ مەقسەت ھاك ۋە زەرنىخ بىلەن ھاسىل قىلىنىدۇ. (بۇ ئىككى دورا ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىنسۇن، ئەگەر مىقدارى كۆپ بولسا زىيادە ياخشىدۇر.

يەنە بۇ مەقسەت سەدەپ كۇشتىسى ياكى كۆپۈكى دەريا ۋە ھاك تېشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭغا سېرىق زەرنىخ قوشۇپ پۈركۈلىدۇ.

چاچنىڭ ئۈنۈشىنى توختىتىش بۇ مەقسەت مۇشۇنداق ھاسىل بولىدۇكى، چاچنى يۇلۇپ ياكى ھاك بىلەن يوقىتىپ سوغۇق سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلار چېپىلىدۇ. مەسىلەن: بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن، شەۋكىران قاتارلىقلارغا سىركە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى چاچنى يۇلۇپ

تەر تۆشۈكچىلىرىگە تۇسقۇچى بولغان نەرسىلەر چېپىلىدۇ، مەسىلەن: قەلەي كۆشتىسى، قىيمۇلىيا سېغىزى، زەمچە قاتارلىقلار بەزرۇلبەنجى سۈيى بىلەن ياكى پاسكىنا سۇ پاقىسىنىڭ قېنى بىلەن چېپىلىدۇ.

پاقا تۇغرىسىدا كىشىلەرنىڭ پەرىزى شۇكى، پاقىنىڭ قېنىنى چاچنى يۇلۇۋېتىپ سۈركىسە، كېيىن بۇ جايغا چاچ ئۈنمەيدۇ. لېكىن جالىنۇس تەجرىبىدىن كېيىن ئېيتقانكى، بۇنىڭدا تامامەن خاتالىق بار. ئۇ، تاشپاقا قېنى ياكى چۈمۈلىنىڭ تۇخۇمى بىلەن چېپىلىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە خاسىيىتى بىلەن چاچنىڭ ئۈنۈشىنى توختىتىدۇ.

چاچنى بۈدۈر قىلىش بۇ مەقسەت قابىز دورىلار بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاچلاردا تەشەننۇج ۋە تولغىنىش پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: كىنار دەرىخى يوپۇرمىقى، موزا، مەدەستان، شۇمشا تالقىنى، ئامىلە، سەرۋە يوپۇرمىقى، گەزمازەج، ئاچچىق تۇز، كۆپۈكى دەريا قاتارلىقلار. كۆپۈكى دەريا چاچلاردا ياخشى تەشەننۇج پەيدا قىلىدۇ. بۇ دېڭىز ئەتراپىدىكى تاشلىق ئورۇنلاردا بولىدۇ.

چاچنى ئىنچىكە قىلىش بۇ مەقسەت مۇشۇنداق ھاسىل قىلىنىدۇكى، ھاكقا ئۈزۈم ياغىچى كۈلى ياكى تۇغرىغۇ سېلىپ بەدەن ئۈستىدە تېز - تېز ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇ دورىلار بەدەن ئۈستىدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئايلاندۇرۇلىدۇكى، ئۇزاقىچە ئايلاندۇرماي تۇرۇش بىلەن تېرىنىڭ كۆيۈش ۋە تېرە ئۈستىگە سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولۇشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھاكنى يۇيۇپ ئارپا ئۇنى، ماش ئۇنى ۋە قوغۇن ئۇرۇقى تالقىنىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ.

چاچنى تۈز قىلىش بۇ مەقسەت مۇشۇنداق ھاسىل بولىدۇكى، ياغ ۋە سۇنى ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ چاچ ئۈستىگە ھەمىشە سۈركەپ تۇرۇلىدۇ. تاكى تېرە يۇمشاپ، بوشىسۇن ۋە چاچلاردىن تەشەننۇج يوقالسۇن. چاچقا ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ.

چاچنى قارا قىلىش بۇ مەقسەت بۇ بوياقلار ۋە ياغلار بىلەن ھاسىل بولىدۇ، بۇ قارابادىندا مەزكۇردۇر، مەسىلەن: ئامىلە يېغى، ئەفسەنتىن يېغى، لالە يېغى قاتارلىقلار.

چاچنى سارغۇچ، قىزىل ياكى ئاق قىلىش: بۇ بارلىق مەقسەتلەر ئۇ مۇرەككەپ دورىلار بىلەن ھاسىل بولىدۇ، بۇ قارابادىندا مەزكۇردۇر.

چاچنى سارغۇچ قىلىش ئەگەر چاچنى سارغۇچ قىلماقچى بولسا، خېنە، شاراب لېيى بىلەن راتىنەج ياكى زەمچە، زىراۋەندە ياكى زەپەر قاتارلىقلارنى سۈركەش لازىم.

چاچنى قىزارتىش ئەگەر چاچنى قىزىل قىلماقچى بولسا، سەئدى كۇفى بىلەن كۇندۇش قاينىتىلمىسىنى سۈركەش لازىم.

چاچنى ئاقارتىش ئەگەر چاچنى ئاقارتماقچى بولسا ئەبابىل مايىقى، خەشخاش پوستى، لۇفاھ، كافۇر، تۇرۇپ ئۇرۇقى، گۈڭگۈرت سېرىقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئەركەك كالا ئۆتى ۋە سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چاچقا سۈركىلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە چاچقا گۈڭگۈرت سېرىقى ئىسى يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ بىرقانچە قېتىم قىلىنىدۇ ياكى سىركىدە ماش ئۇنىنى ئېزىپ چېپىلىدۇ.

چاچ يېرىلىش بەزىدە قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن چاچ يېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجى يۇمشاتقۇچى ۋە ئىسسىق - سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل بولغان ياغ سۈركەشتۇر. مەسىلەن: تاتلىق بادام يېغى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار. چاپلاشقاق لۇئاب سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: ھەممىدىن چوڭ لۇئاب زىغىر ئۇرۇقى لۇئابىدۇر. بۇ داۋالاش قۇرۇقلۇق ئادەتتىكى دەرىجىدە بولغان ۋاقىت ئۈچۈندۇر. ئەگەر قۇرۇقلۇق زىيادە بولسا قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مىزاجىدا ھۆللۈك ئاشۇرۇلىدۇ.

چاچ مايلىشىش بەزىدە چاچدا بىر خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ نامى چاچ مايلىشىشتۇر. بۇ كېسەللىكتە باش گويا بۇزۇلغان ماي سۈركىگەندەك مەلۇم بولىدۇ. دوپپا كىيىش ياكى ياغلىق چىگىش بىلەن كىر بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى چاچنىڭ غىزاسىدا ماي ئاشقانلىقتۇر. بۇ شۇ قەدەر كۆپ بولىدۇكى، چاچتىن تەپچىرەيدۇ، بۇخارات ۋە تەرلەش بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چاچ ۋە باش تېرىسى مايلىشاڭغۇ بولىدۇ، باشتىن سېسىق پۇراق كېلىشكە باشلايدۇ، جۈملىدىن يۇيۇش كەم بولغان چاغدا. چاچ مايلىشىش كۆچىيىشنىڭ سەۋەبى بەزىدە بىمارنىڭ غىزاسىدا ماي تەركىبلىرى ۋە ياغنىڭ كۆپ بولۇشقا باشلىغانلىقى بولىدۇ ياكى بەدەندىن باش تەرەپكە ھۆللۈك ۋە ماي بىلەن تويۇنغان يېڭى ماددىلار ئۆرلىگەنلىكى بولىدۇ. بۇ چاچنىڭ غىزاسى بىلەن بىرلىشىدۇ.

داۋالاش ئايارەج ۋە ئىترىفىل بىلەن باش ۋە ئاشقازان تازىلىنىدۇ، بەزىدە باش ماي ۋە كىرنى تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن يۇيۇلىدۇ، مەسىلەن: نۆشۈدۈر، بۇغداي كېپىكى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئاچچىق بادام قاتارلىقلار. بەزىدە تەر تۆشۈكچىلىرىنى تارايتقۇچى نەرسىلەر بىلەن يۇيۇلىدۇ، مەسىلەن: ئاس، بەللۇت ۋە سەرۋە مېۋىسى قاينىتىلمىسى قاتارلىقلار. زەيتۇن يېغى، خام ئۈزۈم سۈيى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يىپەك رەخت بىلەن سۈركىلىدۇ.

چاچ پىتى (قەمل) ۋە سىركىسى (سىبان)

پىتىنىڭ ئۇزۇقلىنىشى ناچار ھۆللۈكلەردىن بولىدۇ، بۇ بەدەننى ئۇزۇقلاندۇرۇشقا قابىل بولمايدۇ ۋە بۇنى تەبىئەت تېرە تەرەپكە چىقىرىدۇ، بۇنىڭغا مەينەتچىلىكمۇ بىرلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ئۇفۇنەت پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ھامماغا چۈشمەيدىغان ۋە يۇيۇنمايدىغان كىشىلەردە كۆپ پەيدا بولىدۇ، بۇلارنىڭ تېرىسى كىردىن پاك بولمايدۇ.

پايدىلىق سۆز پاسكىنا يۈرۈش، ئۇزاق مۇددەتكىچە يۇيۇنماسلىق، چاچنى ئوبدان يۇماسلىق، كىر كىيىم كىيىش ياكى پىتلىغان كىشى بىلەن بىللە يۈرۈش ياكى ئۇنىڭ يوتقىنىدا ئۇخلاشتىن چاچ، دوۋسۇن مويى ياكى كىيىملىرىگە پىتلار كىرىۋالىدۇ. باش قاتارلىق ئورۇنلاردا پىت بولسا، بۇ جايدا ئۆتكۈر قىچىشىش بولىدۇ ۋە بەزىدە زەخىم بولىدۇ. چاچلىرىغا پىتلارنىڭ تۇخۇمى چاپلىشىپ تۇرىدۇ. چاچ ۋە دوۋسۇن مويلىرى پىتلىرى ئومۇمەن قارا رەڭدە، كىيىم پىتلىرى ئاق رەڭدە بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر زىيادە پەيدا بولسا، سۈرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تۇز سۈيى بىلەن پۈتۈن بەدەن مەينەتچىلىك، پاسكىنىلىقتىن پاكىزلىنىدۇ. كەنىر يوپۇرمىقى، ياۋا ئۈزۈم، كۆمۈش چىلىندان ۋە ئاچچىق بادام سۈركىلىدۇ ياكى قۇستە، زىراۋەندە، زەرنىخ، سىركە ۋە كالا ئۆتى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇنى داۋالاشتا تازىلىق ۋە پاكىزلىققا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر كۈنى يۇيۇندۇرۇش، باشنى سوپۇن ۋە توغرىغۇ سۈيى قاتارلىقلار بىلەن يۇيۇپ، تاراش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يۇيۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى تەنكار ۋە زەمچىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ باش ئۈستىگە سۈركىلىدۇ ياكى تەنكار، ئاق خىربەقتىن ئالتە گىرامدىن، ھۇمماز يىلتىزىدىن ئىككى گىرام، ياۋا ئۈزۈمدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 12 گىرام ئۈزۈم سىركىسىدە ئېرىتىپ باشقا سۈركىلىدۇ ۋە يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىسسىق سۇ ۋە سوپۇن ياكى نوقۇت ئۇنى سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ ياكى تۇرۇپ ئۇرۇقى، قىچىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ ئوبدان ئېرىتىپ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ كەچتە چاچقا سۈركىلىدۇ ۋە ئەتىگەندە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ.

بەدەندىكى پىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كىر كىيىمنى سوپۇن سېلىنغان ئىسسىق سۇ

قاتارلىقلاردا قايناتقاندىن كېيىن يۇيۇلىدۇ، ھەمىشە پاكىز كىيىم كىيگۈزۈلىدۇ، يۇيۇنۇشنى زىيادە ئۇزۇن قىلىشقا بولمايدۇ، ئادەتتە پاكىز يۈرۈشكە ئادەتلىنىش لازىم.

كىچىك پىت بۇ پىتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قەمقام نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ تەر تۆشۈكچىلىرىگە چاپلىشىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مۇشۇنداق كىرىپ تۇرىدۇكى، ئەگەر ئادەم بۇنىڭغا قارىسا گويا توملاپ قالغان چاچ يىلتىزى دەپ خىيال قىلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلسە ياكى ئىسسىق سۇ قۇيۇلسا، بۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ئاجىز ھارارەتلىك ھايۋانلار سوغۇقلاردا ئۆز تۆشۈكلىرى ئىچىدە ئۆلۈككە ئوخشاش تۇرىدۇ. ئەگەر ھاۋا ئىسسىشقا باشلىسا ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ.

داۋالاش بۇنى داۋالاشمۇ دەسلەپكى تۈرگە ئوخشاشتۇر. سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ يەنى ئۆشنە ھىندى، كەنىر، مىئەسائىلە، ئاقمۇچ، ئانار پوستى قاينىتىلغان سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ.

سىركە بۇ يۇملاق تۇخۇم بولۇپ، چاچ بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تاشپاقا مايىقى ۋە نۆشۈدۈرنى سىركىدە ئېرىتىپ سۈركەش لازىم.

تىرناق كېسەللىكلىرى (ئەلەلۇل ئەزافىر)

تىرناق كېسەللىكلىرى كۆپتۇر، بۇنىڭدىكى سەينەكىنىڭ بايانى ئىششىقلار ۋە مۇدۇر - چاقا بايانىدا سۆزلىنىپ بولدى.

پور تىرناق (زۇفرە تەلەقىييە)

تىرناق كېسەللىكلىرىنىڭ بىر تۈرى پور تىرناقتۇر. بۇنىڭدا تىرناق تەلەق يەنى ئەبرەككە ئوخشاش ئاق ۋە پارقىراق بولىدۇ، ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن سۇنىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا قۇرۇقلۇق غالىب بولىدۇ.

تەلەق يەنى ئەبرەك بىر خىل ئاق، پارقىراق زەمچىدەك تاشتۇر.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى قان كەملىكتۇر. بۇنىڭ بىلەن تىرناقنىڭ ئوزۇقلىنىشى بۇزۇلىدۇ ۋە نورمالسىز ھارارەت ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ ھۆللۈكلەر بىلەن تىرناق ئۆز ئوزۇقلىنىشىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە قاتتىقلىشىدۇ.

داۋالاش گۈلقەنت، سىركەنجىۋىل ۋە تاتلىق بادام يېغى بىلەن مائۇل ئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ماددىنىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولسا، ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى سۈرگىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزا بىلەن ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. زۇپائى سەبىز، ھەببى مەھلەب، تاتلىق بادام قاتارلىقلار ئۆچكىنىڭ يېڭى يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

تىرناق ئاقكېسىلى (بەرەسۇل ئەزفار)

بۇ كېسەللىكتە تىرناق ئۈستىگە بەرەسكە ئوخشاش ئاق داغ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قويۇق ۋە بۇزۇلغان ھۆللۈك بۇ جايغا چاپلىشىپ تۇرۇپ قالغانلىقى بولىدۇ. بۇنىڭ ئاقلىقى تىرناقنىڭ سۈزۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش بەدەندە كېرەكسىز ماددىلار مەۋجۇت بولغان شەرت ئاستىدا بەدەن تازىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن زۇفتى رۇتەب، پىستە دەرىخى يېلىمى، ئۆچكە قۇيرۇقىنىڭ كۈلى، قومۇش يىلتىزلىرى ياكى زەرنىخ، ساپسىيا، زەرارىھ، دىبىق قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن ياكى سەرۋە مېۋىسى ۋە كۆك ماشنى سىركە بىلەن ياكى شارابى كۈلى گائۇنى كۆيدۈرۈپ زەرنىخ بىلەن قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

تىرناق جوزامى (جۇزامى ئەزفار)

بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بۇكى، تىرناقتا يەنى خاس ئۇنىڭ يىلتىزىدا قېلىنلاش بولىدۇ، قورۇقلۇق سەۋەبىدىن تىرناق چىرىگەن سۆڭەككە ئوخشاش خاراب بولۇپ، تاتىلاش بىلەن پارچە - پارچە بولۇپ چۈشۈشكە باشلايدۇ. بۇ ھالەت ئۆتكۈر سەۋداۋى ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆيۈشتىن ھاسىل بولىدۇ.

داۋالاش بۇ ھالەت بارلىق تىرناقلاردا ئومۇمىي بولغان شەرت ئاستىدا سەۋدانى تازىلاش ئۈچۈن ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سۈرگە بېرىلىدۇ، قاننى ياخشىلايدۇ، لەتىف ۋە ساپ قان پەيدا قىلغۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، زىماتقا يۇمشاتقۇچى ياغ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كالا - پاچىقى يېلىكى، قىرۇتى ۋە مەلھىمى داخلىيۇن سۈركىلىدۇ.

تىرناق مايماق بولۇپ قېلىش (تەئەققۇفۇل ئەزفار)

بۇنىڭدا بەزىدە تىرناق چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە بۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئىككىنچى تىرناق كۆپىنچە مايماق بولىدۇ. چۈنكى قاتتىق نەرسىلەرگە تېگىشتىن تىرناق مايماق بولۇپ، ناچار ھالەتتە چىقىدۇ. ئۇنىڭ مايماقلىقى ۋە ناچار ھالىتى ئۆزگەرمەيدۇ، يەنى ئۇ قانداق ھالەتتە چىقسا، شۇ ھالەتتە چوڭىيىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، تىرناقنىڭ مايماق بولۇشىنىڭ كۆپىنچە سەۋەبى تىرناق بىرەر سەۋەبتىن يۇلۇنىدۇ، ئۇ ئۈنۈپ چىقىۋاتقان مەزگىلدە كۆپىنچە ئېھتىياتسىزلىقتىن نەرسىلەرگە تېگىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ نورمال ھالەتتە چىقىشتىن توختاپ، مايماق ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ ۋە مۇشۇ تەرىقىدە چوڭىيىدۇ.

داۋالاش يۇمشىتىش ئۈچۈن ياغلار، مەسىلەن: ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى، ئۆچكە يېغى ۋە باشقا دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ياكى شاراب لېيى چېپىلىدۇ. شاراب لېيى قېتىپ قالغان تىرناقتا يۇمشاقلىق پەيدا قىلىپ، تۈزلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا پىل چىشى چىلانسا،

تىرناق يۇمشايدۇ ۋە بۇنى داۋالاشتا دەستىكار قىلىش ئاسان بولىدۇ (نەفىيس).

تىرناق پىچاق بىلەن باراۋەر قىلىنىدۇ. يەنى پىچاق بىلەن ئەسلىي هالىتىگە كەلگۈچە ياسىلىدۇ.

تىرناق يېرىلىش (تەشەققۇقۇل ئەزفار)

تىرناق ئۇزۇنىسىغا، ئۇچى تەرەپكە يېقىن يېرىلىدۇ ۋە بۇ يەردىن ئىنچىكە، ئۆتكۈر قوزۇقتەك تالالار چىقىدۇ، بۇ ئەزالارغا سانجىلىپ، يېقىمسىزلىق يەتكۈزسە، ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن بۇ چاشقان چىشى (ئەسنانۇل فەئرى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ هالەت قۇرۇقلۇقنىڭ غالىبلىقى ۋە سەۋداۋى ماددا سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   هۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، بەدەن سەۋداۋى ماددىدىن تازىلىنىدۇ، مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ. زىماتقا ياغلار ۋە لوئابلار، مەسىلەن: زىغىر ۋە ئاق لەيلى لوئابى ياكى شەرىش، تۇز ۋە شاراب لىيى ياكى ياۋا پىياز ۋە كۈنجۈت يېغى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بارلىق نەرسىلەر تىرناقنىڭ تالالىرىنى يوقىتىدۇ (نەفىيس).

تىرناق يۇلۇنۇپ كېتىش (تەقەللۇئۇل ئەزفار) ۋە كۆپۈۋېلىش (تەقەسسۇئۇل ئەزفار)

بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە بۇ بولىدۇكى، هۆللۈك كۆپ بولۇپ، بارماقلارنىڭ ئۇچلىرىدا ئىستىرخا پەيدا بولۇپ، تىرناق ئۆز ئورنىدىن ئاجرايدۇ. ئەگەر هۆللۈك زىيادە بولسا تىرناق تۈۋىدىن يۇلۇنىدۇ، هۆللۈك ئاز بولسا تىرناق تۈۋىدىن يۇلۇنماستىن گۆشتىن بىرئاز ئايرىلىپ كۆپىشىدۇ.

ئالامىتى: بۇنىڭدا ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ.

داۋالاش   بەلغەمدىن بەدەن تازىلىنىدۇ ۋە ئۇزۇنغىچە ئىستىرخا ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدىغان چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى بولىدۇ، بۇ تىرناق يىلتىزلىرىنى خاراب قىلىدۇ، بۇ سەينەك (تىرناق ئىششىقى) دا بولىدۇ.

بۇنىڭ ئالامىتى، سانجىلىش ۋە بىقارار قىلغۇچى ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش   كېسەللىك قولنىڭ تىرناقلىرىدا بولغان شەرت ئاستىدا باسلىق تومۇردىن قان

ئېلىنىدۇ، پاچاق ئۈستىگە ھىجامەت قويۇلىدۇ. تاكى ماددا بەدەننىڭ تۆۋەنكى بۆلەكلىرىگە مايىل بولسۇن ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى چىلان شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن تۆۋەنلىتىلىدۇ.

تىرناق ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش (مەۋتۇد دەم، ئىختىناقۇد دەم)

بۇنىڭ سەۋەبى تىرناق ئاستىدىكى بىرەر تومۇر زەربە قاتارلىقلار بىلەن يېرىلىپ، قاناپ، بۇ جايدا ئۇيۇپ قالغانلىقتىن بولىدۇ.

داۋالاش بۇغداي ئۇنى، زۇپتى ياكى دېڭىز قىسقۇچپاقىسىنى قىزىل زەرنىختە پىشۇرۇپ ياكى تاغ كەرەپشىسىگە مەيپۇختەجنى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ.

تىرناق سارغىيىپ قېلىش (سۇپرەتۇل ئەزفار)

بۇ، قان ئازلىق ۋە سەپرا غالىبلىقىدىن كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش زاغۇن ئۇرۇقى ۋە سىركە زىمات قىلىنىدۇ.

تىرناقنىڭ مىجىلىپ كېتىشى (رەززۇل ئەزفار)

ئەگەر بۇ تۇيۇقسىز بولسا دەسلەپتە ئاس يوپۇرمىقى ۋە ئانار يوپۇرمىقى زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاغرىقى پەسەيسە ۋە ئىششىقنىڭ خەۋپى يوقالغان بولسا، بۇغداي ئۇنى ۋە زەيتۇن يېغى زىمات قىلىنىدۇ. تاكى كەلگەن ماددا تارقالغۇچە. بۇ مەقسەتتە ئۆچكە يېغى ۋە ئازراق كەرنۇبمۇ زىماد قىلىنىدۇ.

ھەر خىل كېسەللىكلەر (ئەمرازى مۇتەفەررىقات)

تېۋىپلار تۆۋەندىكى كېسەللىكلەرنى ھەر خىل كېسەللىكلەر نامى بىلەن بايان قىلىدۇ. بۇلار كۆپ تەرلەش، سېسىق تەرلەش، قان تەرلەش، قول - پۇت، ئېغىز، كالپۇكلارنىڭ يېرىلىشى، ئېغىز ئەتراپى يېرىلىش، ئوشۇق ئاغرىقى، تېرە قۇرغاقلىشىش ۋە تېرىدىن كېپەك چۈشۈش، تېرە سويۇلۇپ كېتىش، ئاياغ غاجاش، زىيادە ئورۇقلۇق ۋە زىيادە سېمىزلىك، باش ۋە پېشانە تېرىسى

تەشەننۇجى، پۇت تىرناقلىرى زەخمىسى، بارماقلارنىڭ كۆپۈۋېلىشى، پۇت بارمىقى ئارىسى پىچىلىش، قولتۇق، پۇت، باش قاتارلىقلارنىڭ سېسىق پۇرىشى، پۇت - قولنىڭ ئۇششۇپ قېلىشى، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن قول - پۇتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، ئوت ۋە باشقىلاردا كۆيۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كۆپ تەرلەش (كەسرەتۇل ئەرەق)

سەۋەبى

1. غىزانىڭ تولۇپ قېلىشى بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ھالەت يۈز بېرىدۇكى، تەر كۆپ چىقىدۇ ۋە تەرلەشكە سەۋەب بولىدىغان ئاشكارا بىرەر سەۋەبى بولمايدۇ، يەنى ھەرىكەت ۋە ئەمگەك قىلىش، ئىسسىق ھاۋادا يول يۈرۈش بولمايدۇ. كۆپ تەرلەش بىلەن بەدەن كۈچى نورمال بولىدۇ. بۇنىڭدا بىرەر تۈردىكى ئاجىزلىق بولمايدۇ. بەزىدە ھوشىدىن كەتكەن ۋاقىتتا ئاجىزلىق سەۋەبلىك تەر چىقىشقا باشلايدۇ ۋە بەزىدە بىرەر قورقۇنچلۇق نەرسە ئالدىغا بېرىش بىلەن تەر چىقىشقا باشلايدۇ.

ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى بەدەننىڭ ھۆللۈكلەر بىلەن تولغانلىقىدۇر. بەزىدە تاماق يېگەندىن كېيىنمۇ تەر كۆپ چىقىدۇ، بۇنى بۇقرات فوسۇلنىڭ تۆتىنچى ماقالىسىدە يازغانكى، تەر ئۇيقۇ كەلگەندە بىرەر ئاشكارا سەۋەبسىزلا كۆپلەپ چىقسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ زۆرۈرىيەتتىن زىيادە تاماق يەۋالغانلىقىغا ئىسپاتتۇر.

داۋالاش غىزا ئازلىتىلىدۇ، ئاچ قورساق قويۇلىدۇ، غىزانىڭ ھەزىم بولۇشى ۋە تۆۋەنلىشى ئۈچۈن ئەمگەك قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزىدە بەدەندە تولۇپ قېلىش بولغان ھالەتتە تاماقنى ناھايىتى زىيادە يېسىمۇ كۆپ تەرلەش بولمايدۇ، ماددىلارنىڭ كۆپىيىشى بىر مەزگىلدىن كېيىن بولىدۇ، بۇ تولۇپ قېلىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

داۋالاش ئىستىفراغ قىلىپ بەدەن تازىلىنىدۇ.

2. كۈچ ئاجىزلىقى بەزىدە تەرلەشنىڭ كۆپلۈكى تۇتۇش كۈچىنىڭ سۇسلاشقانلىقى ۋە ئاجىزلىغانلىقى بولىدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرى ناھايىتى كېڭىيىدۇ، ھەزىم قىلىش كۈچى ياخشى ھەزىم قىلىشتىن ئاجىز بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ تۈردە ئاجىزلىق ئاشكارا بولىدۇ.

داۋالاش ئېزىلگەن موزا ۋە گۈل يېغى ياكى گەج ئۈپىسى سۈركىلىدۇ. گەج بىر

يۇمشاق ۋە پارقىراق تاشتۇر. ياكى گۈل ئەرمىنى ۋە مەدەستان (بۇ گۈلابتا مۇدەببەر قىلىنغان بولسۇن) تىلا شەكلىدە سۈركىلىدۇ ياكى بېھى يېغى، ئاس يېغى، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى، موزا قاتارلىقلار تىلا قىلىدۇ ۋە سوغۇق لوئابلار سۈركىلىدۇ ياكى ئۈزۈم شاخلىرى سۈيى، خام ئۈزۈم سۈيى، سەندەل ۋە كافۇر قاتارلىقلار تىلا قىلىنىدۇ. بۇ بارلىق نەرسىلەر قابىزدۇر.

سېسىق تەرلەش (ئەرەقى مۇنتەن)

بەدەندە بۇزۇق ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەر پەيدا قىلغۇچى بەزلەر پائالىيىتىدە نورمالسىزلىق پەيدا بولۇش بىلەن تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك سەۋەبىدىن بەزى كىشىلەردىن ئىنتايىن سېسىق پۇراقلىق تەر كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ كېسەللىك پۈتۈن بەدەنلىك بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ئالىقان، تاپان، قولتۇق ۋە يىرىق تەرلىگەندە كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر كۈنى سوپۇن قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ يۇيۇنۇپ تۇرۇش لازىم ياكى كېسەللەنگەن ئورۇن سوپۇن بىلەن يۇيۇپ قۇرۇتۇلۇپ، تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرەرى ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا زەمچە، مور، قىزىلگۈل ئانىلىقى قاتارلىقلاردىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، ئېزىپ سېپىلىدۇ ياكى زەمچە، سەلىخە، سۆك، سۇمبۇل، سازەج، قىزىلگۈلدىن تۆت گىرامدىن، مەدەستاندىن 12 گىرام، كافۇردىن ئىككى گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قۇرس ياساپ، زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا گۈلابتا سۈرۈپ سۈركىلىدۇ ياكى ئاق سەندەل، زەپەر، ئۇد غەرقى، لودەر (بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى)، خەس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، ئېزىپ ئۇپا ياساپ، بەدەن ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن مەجۇنى ئۆشبە، ئەرقى مۇسەففى خۇن ۋە باشقا قان تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قان تەرلەش (ئەرەقۇد دەم)

بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، بەزىدە تەر ئورنىغا تېرىدىن ساپ قان چىقىش ياكى قان بىلەن سۇ ئارىلىشىپ چىقىشتۇر. بەزىدە سۈيدۈك گۆش يۇغان سۇدەك چىققانغا ئوخشاش.

بۇ، كۈچ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ، جۈملىدىن قىل قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرى زىيادە ئاجىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ قاننى توختىتىشتىن ئاجىز بولىدۇ، سەپرا قاتارلىقلارنىڭ بىرلىشىشىدىن قان ئىچىدە ئۆتكۈرلۈك ۋە سۇيۇقلۇق ئاشىدۇ. بۇ تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىنى

ئېچىپ، بۇنىڭدىن سىرغىپ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ قان قان تومۇر شاخلىرىدىن چىقىپ، تەر تۆشۈكچىلىرىدىن سىرتقا چىقىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، سۈرگە بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىمكانىيەت يار بەرگەندە ۋە بىمارنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشىگە قاراپ قىلىنىدۇ. قاندا تىنچلىق پەيدا قىلغۇچى ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: كاسىنە، زىرىشك، يۇمغاقسۈت، چىلان، تۈت شامى، ئاچچىق ئۆرۈك ياكى ئانار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ چىلانمىسى. ئاندىن كېيىن بەدەن ئۈستىگە قابىز نەرسىلەر سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: ئانار پوستى، ئاس، يۇلغۇن يوپۇرمىقى، سەرۋە مېۋىسى، جۆپتى بەللۇت قاتارلىقلار. قەمقەم سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، بۇنىڭ ئۇسۇلى مەقئەت ئىستىرخاسى قاتارلىقلاردا سۆزلىنىپ بولدى، يەنى سۇغا قابىز نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قەمقەمگە تولدۇرۇپ بىمار بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

قول - پۇت، ئېغىز ۋە كالپۇك يېرىلىش (شۇقۇقى ئەتراپى ۋەلۋەجھى ۋەششەفەتى)

يۇقىرىقى ئەزالاردىن مەيلى بىرەر ئەزادا يېرىلىش كۆرۈلگەن بولسا ھەر ئورۇننىڭ سەۋەبى بىرلىدۇر، يەنى قۇرۇقلۇقتۇر. بۇ قۇرۇقلۇق بەزىدە سىرتقى سەۋەبلەردىن ۋە بەزىدە ئىچكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. سىرتقى سەۋەبلەرنىڭ مىسالى ئىسسىقلىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدۇر، بۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ تارقىتىدۇ ياكى سوغۇقلۇقتۇر، بۇ، ھۆللۈكلەردە ئۇيۇش، قويۇلۇش پەيدا قىلىدۇ ياكى قابىز سۇ بىلەن يۇيۇشتۇر، مەسىلەن: زەمچە سۈيى. چۈنكى بىرەر ئورۇندا تارىيىش پەيدا بولۇش بىلەن ئەتراپتىكى توقۇلمىلاردا پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش چوقۇم بولىدۇ. ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ مىسالى ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ياكى ئۆتكۈر قۇرۇق خىلىتلاردۇر.

داۋالاش ئەگەر سىرتقى سەۋەبلەردىن بۇ ھالەت پەيدا بولغان بولسا، تېرىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قىرۇتى، ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى ياغ، مەسىلەن: ئاچچىق بادام يېغى، كۈنجۈت يېغى، ھايۋانات ياغلىرىدىن توخۇ، ئۆردەك يېغى سۈركىلىدۇ. ئەگەر ئىچكى سەۋەبلەردىن بۇ كەيپىيات پەيدا بولغان بولسا، مىزاجدا تەڭشىلىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، مەيلى ماددىسىز ياكى ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ياغ ۋە سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇزۇق ماددا ئىستىفراغ قىلىنىدۇ. ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولغان شەرت ئاستىدا. مىزاجنى تەڭشەش ۋە ماددىنى ئىستىفراغ قىلغاندىن كېيىن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە

توقۇلمىدا ئىستىرخا پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر سۈركىلىدۇ.

ئەگەر ئېغىز يېرىلغان بولسا موم، زۇپائى سەبىز، ئۆردەك يېغى، پىستە دەرىخى يېلىمى، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى ئېزىپ تىلا شەكلىدە چېپىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىگە تۇخۇمنىڭ شاكىلى ئىچىدىكى نېپىز پەردىسى چاپلىنىدۇ. تاكى دورىلارنى قۇرۇپ كېتىشتىن ساقلاپ تۇرسۇن.

ئەگەر قولى يېرىلغان بولسا، كۈنجۈت ۋە بىنەپشىنى ئېزىپ، ياغ ۋە ھايۋانات ياغلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئەگەر پۇت يېرىلغان بولسا، زۇفتى رۇتەب، زەيتۇن يېغى لىبىي ۋە ياۋا پىياز قاتارلىقلار قايىنتىپ سۈركىلىدۇ ياكى پىستە دەرىخى يېلىمى (بۇ زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىلگەن بولسۇن).

ئەگەر سونجاق يېرىلغان بولسا ئۆچكە يېغىنى ئېرىتىپ، ئېزىلگەن موزا ۋە كەتىرا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى رەۋغىنى رۇررەس سۈركىلىدۇ ياكى بەش خىل جانىۋارنىڭ يېغىنى چىقىرىپ، بۇنىڭدا بەھروزەنى ئېرىتىپ سۈركىلىدۇ ياكى كالىنىڭ پاچاق يىلىكى، موم، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلارغا ئازراق مەدەستان قوشۇپ سۈركىلىدۇ.

ئېغىز ئەتراپى يېرىلىش (تەقەررۇھۇششەدقەينى)

بەزىدە ئېغىز چۆرىلىرى يېرىلىپ، ئۇنىڭغا ھۆللۈك تولىدۇ ۋە بۇ ھۆللۈك ئاق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى باش ئەتراپىدىن شورلۇق بەلغەم خىلتى بۇ تەرەپكە تارتىلىپ كەتكەنلىكى بولىدۇ. **بۇ ھۆللۈك مۇشۇ جايدا يېرىلىش شەكىللىنىشكە سەۋەبچى بولىدۇ.**

داۋالاش **ئەگەر مۇمكىن بولسا قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، سىركىدە موزىنى قايىنتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئاچچىق ئانار سۈيى، سۇماق سۈيى ۋە سۇرمە قاتارلىقلار تىلا شەكلىدە، تاكى تارىيىش ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇپ، زەخىم پۈتكۈچە چېپىلىدۇ.**

سونجاق ئاغرىقى (ۋەجئۇل ئەقەب)

سەمەرقەندى بەزىدە تاپاندا، يەنى خاس سونجاقتا بۇ تۈردىكى ئاغرىق پەيدا بولۇپ، يەرگە پۇتىنى قويالمايدۇ. **ھەتتا يۇمشاق يەرنىمۇ دەسسىيەلمەيدۇ.**

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى سۇ چۈشۈش (نۇزۇلۇل مائى) دۇر.

ئەگەر بىرەر قاتتىق نەرسە ئۈستىدە ماڭسا، بۇنىڭدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئاغرىق

سەۋەبىدىن ئۆتكۈر نورمالسىز خىلىت پۇتقا قويۇلىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ئىششىغاندىن كېيىن يىرىڭ بولسا ۋە ئېغىز ئېلىپ يىرىڭ چىقىشقا باشلىسا، زەخىم ئېغىزىنى دەستىكار بىلەن ياكى يىڭنە بىلەن كېڭەيتىپ يىرىڭدىن پاك قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېنە ۋە موزا سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ ياكى ھايۋانات يېغىغا بەللۇت كۈلى ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ. ئەگەر تېرە قاتتىق بولۇش سەۋەبىدىن ئېغىز ئېلىش ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسا، دەنبە چەكتى بىر پارچىدىن ئالماشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ.

بەزىدە ئېغىز ئېلىش يەنىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىلاجى قاتتىق داغلاشتۇر. بۇ تۈردىكى ئاغرىق بەزى ۋاقىتلاردا سىفلىس ۋە سۆزنەك نەتىجىسىدە كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدە سۆزلەندى.

تېرە قۇرغاقلىشىش ۋە كېپەكلىشىش (تەقشىف ۋە تەقەششۇرى جىلدى)

تېرە قۇرغاقلىشىش: بەزىدە تېرە مەلۇم مەزگىلدە شۇ قەدەر يېرىكلىشىدۇكى، بۇنىڭدىن قاسىراقچىلار چۈشىدۇ، بۇ سەفىن كاس سانىبىر غىلاپىغا ئوخشاش بولىدۇ.

سەفىن: نەققاشلىق غىلاپ، بۇ قىلىچ قاتارلىقلارنىڭ غىلاپى ئۈستىگە ئويۇلغان بولىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى سەۋداۋى خىلىتتۇر. بۇ سەۋداۋى ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆيۈپ كۈلگە ئوخشاش قۇرۇق بولىدۇ ۋە بۇنى تەبىئەت يۈزەكى تېرە تەرەپكە چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈكمۇ بولغان بولسا قۇرۇقلۇق بىلەن قىچىشىشمۇ بولىدۇ، يەنى قىچىشىشتىن خالىي بولمايدۇ.

كېپەك تۆكۈلۈش بۇنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇنداق كۆيگەن سەۋدا خىلىتىدۇر. پەرقى، پەقەت بۇ خىلىت زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ ناپاك ۋە بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن تېرىنى بۇزىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدا بىقارار قىلغۇچى قىچىشىش بولىدۇ.

داۋالاش ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ياكى مائۇلجەبىن بىلەن بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن سۈت ئەمگۈچى جانىۋارلارنىڭ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ، يېڭى سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ، ھامامغا كۆپ چۈشۈرۈلىدۇ، ئارام ۋە راھەت يەتكۈزۈلىدۇ، قىرۇتى ۋە ھۆل سوغۇق ياغ سۈركىلىدۇ.

پۇت تېرىسىنىڭ سويۇلۇشى بەزىدە يۇڭدىن ياسالغان كىيىملەرنىڭ سۈركىلىشى

بىلەن، مەسىلەن: يۇڭ پايپاقلار ۋە خۇرۇم پايپاقلار، يىرىك نەرسىلەر سەۋەبىدىن پۇت تېرىسى سويۇلىدۇ.

بۇنىڭ ئىلاجىدا يىرىك ۋە قاتتىق قىلغۇچى نەرسىلەر زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ، تاكى يىرىك نەرسىلەرگە سۈركىلىش بىلەن تېرە سويۇلمىسۇن، مەسىلەن: خېنە، بەللۇت، ئانارگۈلى، ئانار پوستى، سەرۋە مېۋىسى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، سىركىدە قاينىتىپ چېپىلىدۇ.

پېشانە تېرىسىنىڭ قاسراقلىشىپ تۆكۈلۈشى بەزىدە پېشانە تېرىسىدىن نېپىز قاسراقچىلار يۇقىرىقىدەك تۆكۈلىدۇ، گويا ھالۋا ياكى ئاردى ھالە بىرەر نەرسە ئۈستىدە قورۇپ قالغاندەك ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرئاز قىچىشىشمۇ بولىدۇ.

بۇ ھالەت بۇزۇلغان ۋە كۆيگەن ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنى مېڭە پېشانە تەرەپكە ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

ئاردى ھالە (ئاردھالىج) — بىر تۈردىكى قويۇق ھالۋىدۇر، بۇ ئۇن ۋە سېرىقمايدىن ياسىلىدۇ.

داۋالاش ئايارەجلەر ۋە غار - غارلار بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئىسسىق سۇ بىلەن پېشانە يۇيۇلىدۇ، قىرۇتى سۈركىلىدۇ، مەسۇر ئۇنى بىلەن قىزىلگۈلنى سىركىدە قاينىتىپ زىمات قىلىنىدۇ ياكى كەرسىنە تالقىنى ۋە قىزىلگۈلنى سىركىدە قاينىتىپ چېپىلىدۇ ياكى كەرسىنە ئۇنى، باقىلە ئۇنى، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ زۇپا سۈيى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

تېرە سويۇلۇپ كېتىش (سۇھۇجۇل جىلدى)

بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، بىرەر يىرىك نەرسىنىڭ سۈركىلىشى سەۋەبلىك تېرىنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ سويۇلۇشىدۇر.

تېرە سويۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپتۇر، مەسىلەن: يىرىك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش، يىرىك نەرسىلەردىن سىيرىلىپ چۈشۈش، بەلباغنى چىڭ باغلاش، ياكى يىرىك نەرسىلەر ئۈستىگە يېقىلىپ چۈشۈش. ئاتنى ئېگەرسىز مىنىش، تار، خۇرۇم پايپاق ۋە ئاياغلارنى كىيىش قاتارلىقلار.

داۋالاش ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرەر چوڭ ئاپەت پەيدا بولغان بولسا، قان ئېلىنىدۇ ۋە رەختنى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەرلىك ئورۇن ئۈستىگە قويۇلىدۇ، تاكى ئاغرىق پەيدا قىلىدىغان ماددىلارنىڭ يۈزلىنىشى ئۆزگەرسۇن ۋە بۇ جايدا ھارارەت ئاشمىسۇن.

ئاندىن كېيىن بۇنىڭ ئۈستىگە گۈلابتا ئېرىتىلگەن مەدەستان سۈركىلىدۇ ياكى گۈلابتا ئېرىتىلگەن گىل ئەرمىنى سۈركىلىدۇ ياكى گۈل يېغى سۈركىلىدۇ، بۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز نەرسىلەر ئەزانى كۈچلەندۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ئورۇننى قوغدايدىغان دورا

سېپىلىدۇ، بۇ سۇغا ئوخشاش تېرىنى قۇرۇق قىلمايدۇ، ئاندىن كېيىن بۇنىڭغا قىزىلگۈل سېپىلىدۇ ياكى مەدەستان، قەلەي كۇشتىسى، گۈل يېغى، زەرچۇبە، موم، تۇخۇم ئېقى قاتارلىقلار بىلەن مەلھەم ياساپ سۈركىلىدۇ، بۇلار سوغۇق تەبىئەتلىك چاپلاشقاق بولۇپ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئاياغ غاجاش ئەگەر خۇرۇم ئاياغ پۇتنى قىستىغان ياكى غاجىغان بولسا، زەخمىسىگە كونا تېرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى سېپىش پايدىلىق بولۇپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، لېكىن دەسلەپتە گۈل يېغى سۈركەش مۇناسىپتۇر ياكى ئاغرىق پەسەيگەندىن كېيىن ئۆچكە ئۆپكىسىنىڭ كۈلى يۇمشاق قىلىنغان موزا ۋە ئاقاقىيا سىركىگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۈركىلىدۇ، بۇنىڭغا كۆيدۈرۈلگەن قاپاق ئىنتايىن مەنپەئەتلىكتۇر.

بۇ يەردىكى ئاياغ ۋە پايپاقلاردىن تېرىدىن تىكىلگەن پايپاق ۋە ئاياغلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ، ئەرەب، ئىران قاتارلىق جايلاردا ھازىرمۇ راۋاجلانغان.

بەلباغنىڭ غىدىقلىشى بەلباغنى كۈچەپ تارتىش بىلەن غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ. يەرلىك ئورۇن ئۈستىگە سوغۇق لوئابلار، بىنەپشە يېغى، ئاز مىقداردا كافۇر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ سۈركىلىدۇ.

يىرىق، دوۋسۇن تېرىسى سويۇلۇش بەزىدە ئۆتكۈر تەر يەرلىك ئورۇنلاردا يۇماسلىق سەۋەبىدىن تۇرۇپ قېلىش بىلەن (بۇ ئورۇن ئەسلىدە نازۇك بولىدۇ) يەرلىك ئورۇننىڭ يېرىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆتكۈر ھۆللۈكلەر چىققان ۋاقىتتا ئېقىش سەۋەبىدىنمۇ يېرىلىدۇ.

داۋالاش بەدەن ئۆتكۈر غىدىقلاش پەيدا قىلىدىغان تەرلەش بىلەن چىقىدىغان كېرەكسىز چىقىرىندىلاردىن تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئورۇن ئۈستىگە قىرۇتى سۈركىلىدۇ، بۇ خېنە يېغى، ئاز مىقداردا خېنە كۈلى ۋە قەنبىلدىن ياسالغان بولسۇن ياكى ئۇ قىرۇتى قوغۇشۇن سۈركەلمىسى، قەشقەر ئۇپىسى، مەدەستان ۋە خېنە يېغىدىن ياسالغان بولسۇن.

زىيادە ئورۇقلۇق ۋە زىيادە سېمىزلىك (ھەزال ۋە سەمىن مۇفرىت)

زىيادە ئورۇقلۇق ئەگەر بەدەن ئىنتايىن ئورۇق بولسا سەمرىتىش لازىم، چۈنكى بەدەننىڭ ئورۇقلىشى ئاپەتلەرنىڭ نىشانى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. بۇ كېسەللىك

سەۋەبلىرى، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى، پائالىيەت، ھەرىكەت ۋە باشقا سەۋەبلەر قاتارلىقلاردىن ناھايىتى تېز تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

كېسەللىك سەۋەبلىرىنىڭ مىسالى قاتتىق نەرسىلەرنىڭ تېگىشى، يەنى سىرتقى زەربىلەردىن بەدەندە يۈز بېرىدىغان زەخىملىنىشتۇر. سىرتقى زەربىلەردىن تېز تەسىرگە ئۇچراشنىڭ سەۋەبى، ئەسلىي ئەزالار ئورۇقلۇق سەۋەبىدىن تار بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق سەۋەبلەرنىڭ ئەزىيىتى ئىنتايىن تېز ۋە ئاسانلىق بىلەن يېتىپ بارىدۇ. كېسەللىك سەۋەبلىرىگە تارقاتقۇچىلارمۇ كىرىدۇ، بۇ تارقاشقا سەۋەب بولىدۇ، چۈنكى مۇشۇنداق بەدەندە ھۆللۈك ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن تارقاتقۇچى سەۋەبلەردىن قانچىلىك تارقاش كۆرۈلسە، بۇ بىمار ئۈچۈن ناھايىتى زىيادە بولىدۇ. يەنى بۇنىڭدىن زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن تەسىرگە ئۇچراشنىڭ سەۋەبى، گۆش ئەزالارنى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ۋە سوغۇقلۇقىدىن ساقلاپ تۇرىدىغان بىر تۈردىكى پەردىدۇر.

پائالىيەتلەر ۋە ھەرىكەتلەردىن تەسىرگە ئۇچراشنىڭ سەۋەبى بۇ بولىدۇكى، ھەرىكەتنىڭ كۆپلۈكىدىن تارقىلىشنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر.

باشقا سەۋەبلەردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، ھاممامغا چۈشۈش، ئويغاقلىق ۋە جىما قاتارلىقلار. بۇ تارقىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق كىشىلەردە ھۆللۈك ئاز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك ئىشلاردىنمۇ بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە تارقىلىش كۆرۈلىدۇ، ئۇ نىسبەتەن ناھايىتى زىيادە بولىدۇ.

زىيادە سېمىزلىك بۇ كىشىلەردە ئادەتتىن تاشقىرى سېمىزلىك بولىدۇ، بۇمۇ خەتەرلەرنىڭ نىشانىسىدۇر. چۈنكى تەبىئەت ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ھەر كۈنى، بەلكى ھەردەم قان تومۇر تەرەپكە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ ۋە قان تومۇردا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئازادە جاي بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ياكى بىرەر چوڭ تومۇر يېرىلىدۇ ياكى نەپەسلىنىشنىڭ خەتەرلىك سىقىلىشى پەيدا بولىدۇ.

گۆش ۋە ياغنىڭ كۆپلۈكىدىن نەپەس ئەزالىرى ۋە تومۇرلارغا بېسىم چۈشىدۇ. زىيادە سېمىزلىكنىڭ مەنىسى ئەزالاردا زىيادە كېڭىيىش ۋە يىغىلىشقا ئازادە جاينىڭ بولماسلىقىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا سېمىز كىشىلەردە قان تومۇرلار گۆش ئىچىگە پاتقان بولىدۇ (نەفىس).

بەزىدە قاننىڭ كۆپلۈكىدە ئازراق قان يۈرەك ۋە مېڭە بوشلۇقلىرى تەرەپكە (ئادەتتىن تاشقىرى) بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ.

يۈرەكتە بۇ كەيپىياتتىن بوغۇلۇپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. مېڭە تەرەپكە قان ئادەتتىن تاشقىرى بارىدۇ، بۇنىڭدىن دەرھال ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. سەكتىدىن باشقا سېمىزلەردە يەنىمۇ نۇرغۇنلىغان

زىيانلار ۋە يېقىمسىزلىقلار بولىدۇ:

1. سېمىزلىك بەدەن ئۈچۈن بىر سولاقتۇر، بۇنىڭ بىلەن ئىنسان نۇرغۇنلىغان ئىشلاردىن توختايدۇ.

2. سېمىزلىكتىن بەدەندىكى ھۆللۈكلەردە ئوفۇنەت ۋە بۇزۇلۇش ئاشىدۇ ھەم بۇنىڭ بىلەن روھنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن تومۇرلار بېسىلىدۇ ۋە ھاۋا ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئازادە جاي بولمايدۇ.

3. سېمىزلىك ئەۋلادلاردىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئەر زىيادە سېمىز بولغاندا مەنىيدە پۈتۈنلەي پىششىش بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدە ئادەتتىن تاشقىرى ھۆللۈك كۆپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى بەدەنگە گۆش تولىدۇ. بۇ گۆش زەكەر تۈۋىنى ئىگىلەپ ئۇنى كىچىك قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زەكەر بالىياتقۇ ئېغىزىغىچە يېتىپ بارالمايدۇ.

ئەگەر ئاياللاردا مۇشۇنداق سېمىزلىك كۆرۈلسە، ئۇنىڭ مەنىي ماددىسىدىمۇ تولۇق پىششىش بولمايدۇ ھەم قورساقنىڭ مايلىق پەردىسى بالىياتقۇ ئېغىزى ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ مەنىيسى ئىچىگە بارالمايدۇ. ئەگەر بېرىپ مەنىي قارار تاپقان بولسىمۇ، قورساق مايلىق پەردىسىنىڭ بېسىمى بىلەن بالا چۈشۈپ كېتىدۇ.

4. بەدىنى سېمىز كىشىلەردە دائىم سەكتە، پالەچ، غەشىگە ئوخشاش خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ خەۋپى بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلاردا تەبىئەت ئاجىزلىغان بولىدۇ.

5. سېمىز كىشىلەر ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئىچى سۈرۈش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ.

6. سېمىز كىشىلەردە كېسەللىك پەيدا بولسا، ئۇنى سېزىشى سۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مېڭە ۋە ئەزالىرىدىكى نورمالسىز ھۆللۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېسى ئاجىز بولىدۇ.

7. سېمىز كىشىلەرنىڭ بەدىنىدىكى قان تومۇرلار تار بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دورىلارنىڭ تەسىرى كېسەللەنگەن ئەزالارغىچە ئوبدان يېتىپ بارالمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ كېسەللىكلىرى ئۆتكۈر تۇتىدۇ ۋە تەسلىكتە ياخشى بولىدۇ (نەفىيس).

ئورۇقلاش (ھەزال)

ئورۇقلاشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپتۇر، مەسىلەن: غىزانىڭ كەملىكى ياكى لەتىفلىكى ياكى ئۇنىڭ ناچارلىقى ياكى ئەزالارنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش. بۇ سەۋەبتىن ئەزالار ئۆز غىزاسىنى سۈمۈرەلمەيدۇ ياكى ئوزۇقلۇق بىرەر كېسەللىك، مەسىلەن: ماسارىقا ياكى جىگەر كېسەللىكى

سەۋەبىدىن ئەزالار تەرەپكە سىڭىپ كىرەلمەيدۇ ياكى توسالغۇ چوڭ بولىدۇ ياكى قورسىقىدا قۇرت بولىدۇ، بۇ قۇرت ئۆزىلا غىزانى يەيدۇ ياكى بەدەندىكى تارقىلىش كۆپ بولىدۇ، مەسىلەن: غەم ـ قايغۇلاردىن، جىسمانىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكى ۋە تېزلىكىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى ھەربىر سەۋەبنىڭ ئالامىتى ئاشكارىدۇر.

داۋالاش دەسلەپتە سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، ئاندىن ياخشى خىلىتلارنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ساپ قان پەيدا قىلغۇچى، ھۆللۈكنى ئاشۇرغۇچى، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار، يەنى قويۇق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ھەلىم، كىك، تاتلىق ـ تۈرۈملار، توخۇغا ئوخشاش ئۇچارقاناتلار ۋە قورۇلغان گۆش يەنى كاۋاپ قاتارلىقلار. كاۋاپقا سېلىشتۇرغاندا قاينىتىلغان گۆش زىيادە كۈچلۈك بولمايدۇ ۋە ئۇ غىزا يەڭگىل بولىدۇ. پاقلان ۋە ئوغلاقنىڭ ياغلىرى يېگۈزۈلىدۇ.

ھەزىم بولۇش ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقى مەزكۇر نەرسىلەر ئوچۇق دىللىق بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، غىزانى پۇت ـ قول ۋە بەدەن سىرتى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن، ھەممىشە ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئىسسىق سۇ ئىشلىتىلىدۇ ۋە ھامامدىن كېيىن ھۆللەشتۈرگۈچى ياغلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، يۇمشاق ۋە بەدەنگە يېقىشلىق كىيىم كىيدۈرۈلىدۇ. ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا مەشغۇل بولۇشمۇ بۇنىڭغا پايدىلىق بولىدۇ.

ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما

(دىققۇش ـ شەيخۇخەت)

ئورۇقلاشنىڭ بىر مەخسۇس تۈرى ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدۇر. بۇ، تېۋىپلارنىڭ بايان قىلىش ئادىتى بويىچە يېزىلغاندۇر.

سېمىزلىك (سەمىن)

ئورۇقلىتىش سېمىز بەدەنلەرنى ئورۇقلىتىشنىڭ چارىسى بەدەندە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان بارلىق چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: مۇسھىل بېرىلىدۇ، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، تەرلىتىلىدۇ، غىزا ئازلىتىلىدۇ، كۆپ ئەمگەك قىلدۇرۇلىدۇ، قورساق ئاچ ھالەتتە قۇرۇق ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، تاكى قۇرۇقلۇق زىيادە پەيدا بولسۇن. قۇرۇق ھامامدا چۈشۈرۈشتىن مەقسەت مۇنچىدا سۇنىڭ ئورنىغا ھاۋا ئىشلىتىلىدۇ، تاكى ئىسسىق ھاۋا بەدەنگە

تېگىدۇ ۋە تەر كۆپ ئاقىدۇ. ئىسسىق ۋە تارقاتقۇچى ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك يېغى، قۇستە يېغى. ئۇيقۇ ئازلىتىلىدۇ، ئىترىفىل ۋە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك تارقاتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: مەجۇنى پەلاپىلى، داۋائى لوك قەرىدمانا (قەردمانەنى بەزىلەر كالىزىرە دەيدۇ).

باش تېرىسى تەشەننۇجى (تەشەننۇج جىلدەتۇر رەئىسى)

بەزىدە باش تېرىسىدە قۇرۇقلۇق غالىب بولۇش بىلەن بۇ تۈردىكى تەشەننۇج پەيدا بولۇپ، باشنىڭ تېرىسىدە ئېرىققا ئوخشاش يوللار پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   ھەر خىل تۈردىكى ئىستىفراغلار توختىتىلىدۇ، ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى ياغ سۈركىلىدۇ ھەم بۇ تۈردىكى دورىلار بۇرۇنغا يەتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى ۋە مەسىلەن: كاھۇ سۈيى، قاپاق سۈيى قاتارلىقلار. ئايال كىشىنىڭ سۈتى ئىلمان سۇ ۋە سۈت بىلەن ھەمىشە باش ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ ۋە قورۇقلارنى باراۋەر قىلىدىغان تېڭىق لاتىسى بىلەن باغلىنىدۇ.

پېشانە تەشەننۇجى (ئەزۇن)

بەزىدە پېشانە تېرىسىدە تەشەننۇج بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىچىشىش ۋە قىزىللىقمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ نامى ئەزۇندۇر، بۇ ئومۇمەن قىشتا بولىدۇ.

ئەزۇننىڭ ئەسلىي مەنىسى تېرىنىڭ قورۇقىدۇر.

سەۋەبى   سەمەرقەندى بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇنداق ئېيتقان: ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، ئالدى مېڭىگە سۇيۇق خىلتلارنىڭ تولۇپ قېلىشى بولىدۇ. بۇ خىلىت سىرغىپ پېشانە تېرىسىگە يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سوغۇقلۇق يېتىش بىلەن ئۇيۇيدۇ. قىسقىسى، بۇ ئورۇندا ئىككى خىل ئەھۋال پەيدا بولىدۇ. بىرى، ماددا ئېقىپ پېشانە تەرەپكە كېلىدۇ. يەنە بىرى، ماددا سوغۇق تېگىشتىن ئۇيۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جايدا تولۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قىچىشىش ۋە قىزىللىقمۇ بولىدۇ.

داۋالاش   مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاپاقنى كۆلگە كۆمۈپ، سۈيىنى چىقىرىپ قىرۇتىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زوپا ۋە تۇخۇم ئېقى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

پۇت تىرناقلىرى زەخمىسى (ئۇسرە)

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە پۇتنىڭ تېپىلىپ كېتىشى بىلەن تىرناقنىڭ زەخىملىنىشى ۋە بەزى ۋاقىتلاردا تىرناقنىڭ ئاز ياكى كۆپ يۇلۇنۇپ كېتىشىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چارە ناھايىتى پايدىلىقتۇر. يەرلىك ئورۇننى كۆك رەختتە باغلاپ بىرقانچە كۈنگىچە بۇنىڭ ئۈستىگە سىيىش لازىم، سۈيدۈك ھەر خىل زەخىملەرنى قۇرۇتۇپ تولدۇرىدۇ، ئاز مۇددەتكىچە داۋاملاشتۇرغان شەرت ئاستىدا. جالىنۇس يەككە دورىلارنىڭ تۆتىنچى ماقالىسىدە يازغانكى، ئادەتتە جاراھەت ئۈستىگە ياكى تېپىلىپ كېتىشتىن بولغان تىرناق زەخمىسى ئۈستىگە رەخت ئوراپ تېڭىپ قويۇلىدۇ ۋە بىمارغا بۇ تېڭىق ئۈستىگە كىچىك تەرەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، تېڭىقنى ئاچمىسا بۇ چارە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ ھەمدە زەخىم تامامەن ياخشى بولىدۇ. كۆك رەڭنىڭ خۇسۇسىيىتى — كۆك رەڭ قابىز بولۇپ، ئىششىقلارنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىنى توختىتىدۇ، يېڭى زەخىملەرگە پايدا بەخش ئېتىدۇ ۋە قاناشنى توختىتىدۇ. تېپىلىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن تىرناق بۇزۇلۇپ، ئۇنى يۇلۇۋېتىش ئارزۇ قىلىنسا، دەسلەپتە بۇنىڭ ئۈستىگە مەلھەمى داخىلىيۇن زىمات شەكلىدە چاپلىنىدۇ، تاكى تىرناق يۇمشىسۇن، ئاندىن كېيىن تىلا شەكلىدە سېرىق زەرنىخ ۋە قىزىل زەرنىخ، جاۋشىر، ئاچچىق بادام يېغى ياكى كىبرىت، زۇپتى، زەيتۇن يېغى سۈركىلىدۇ، تاكى تىرناق چۈشسۇن. تىرناقنىڭ مايماق چىقىپ قالماسلىقىنى ئويلاش لازىم.

بارماقلارنىڭ كۆپۈشى (ئىنتىفاخۇل ئەسابىئى)

بەزىدە قىش ۋە كۈز پەسلىدە كېرەكسىز چىقىرىندىلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى بىلەن بارماقلاردا ئەتىگەندە قىچىشىش ۋە كۆپۈشۈش بولىدۇ.

ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن تېرە زىچلىشىپ، تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارقىلىپ كېتىشى زۆرۈر بولغان كېرەكسىز چىقىرىندىلار بەدەندە توسۇلۇپ قالىدۇ ۋە بارماقلاردا ئىششىق، كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ ھالەت كۆپرەك سەپراۋى تۈردىكى ئۆتكۈر مىزاجلىقلاردا پەيدا بولىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش دېڭىز سۈيى ياكى تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ ياكى كېپەك سۈيى ياكى قىزىلچا قايناتىلمىسى ياكى ئەنجۈر، كەرنۇب، پوستى ئاقلانغان مەسۇر، كەرسىنە قايناتىلمىسى ياكى چامغۇر قايناتىلمىسى بىلەن يۇيۇلىدۇ. زىمات شەكلىدە ئەنجۈرنى شارابتا پىشۇرۇپ

چىپىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى چارىلەر ئىشقا كەلمىگەن شەرت ئاستىدا بەزرۇلبەنجى سۈيى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ.

پۇت بارماق ئارىلىقى پىچىلىپ قېلىش (كارۋا)

پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى تۇتاش يۈزلەر سۇ تەسىرى بىلەن ئاق ۋە ھۆللەشكەن بولىدۇ، بۇنىڭدا ئوفۇنەت ۋە قىچىشىش بولىدۇ، بۇ خۇرۇم پايپاق ۋە ئاياغلار سەۋەبىدىن، بەزى كىشىلەردە مىزاج خۇسۇسىيىتىدىن كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش   ئىسسىق سۇ بىلەن ياكى تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتىيائى كېرمائىدىن ئۈچ گىرام، قىزىلگۈلدىن ئالتە گىرام، قىيمۇليا سېغىزىدىن 12 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بارماقلارنىڭ ئارىلىقىغا سېپىلىدۇ، بارماقلار ئارىلىقىغا كافۇر ۋە قىيمۇليا سۇفۇپى سېپىلگەن قۇرۇق پاختا پارچىسى قويۇلىدۇ.

قولتۇق سېسىق پۇراش (سەنان)

تېرە ۋە بەدەننىڭ قولتۇق، يىرىقا ئوخشاش ئېگىلىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ پۇرىقى ئۆزگىرىدۇ. چوڭ تەرەت، كىچىك تەرەت ۋە تەرنىڭ سېسىق پۇراقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بەدەندىكى خىلتلارنىڭ ئوفۇنەتلەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈك پەيدا بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

ھەرىكەت ۋە ئەمگەكمۇ بۇنىڭ مەدەتكارلىرىدۇر. بۇ، خىلتلاردا قايناش، قوزغىلىش ۋە پەرىشانلىق پەيدا قىلىدۇ، جۈملىدىن جىما ھەرىكىتى ۋە يۇيۇنغاندا ھاممامدا ئۇزۇن تۇرۇش بۇ توغرىسىدا زىيادە تەسىرلىكتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھىڭ، شۇمشا، سامساق، چىك دەرىخى يىلتىزى ياكى ئەنجۇدان يوپۇرمىقى، قىچا قاتارلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىشمۇ بەدەننىڭ سېسىق پۇرىشىغا ياردەم قىلىدۇ، بۇلاردا ئۆتكۈر ماددىلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىش خاسىيىتى بولىدۇ. جىما ھەرىكىتى، تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ۋە تەبىئەتنى باشقا ھەرىكەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، زىيادە ئاجىزلىق پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوفۇنەت پەيدا قىلغۇچى نورمالسىز ھارارەت ۋە ئوفۇنەتلىك تەنچىلەر خىلتلاردىن غالىب بولىدۇ، سەۋەبى بۇكى، جىمانى كۆپ قىلغۇچىلاردا ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش   ناچار ۋە ناپاك خىلتلار تەنقىيە قىلىنىدۇ، خىلتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى

ئازايتىلىدۇ، سوغۇق شەربەتلەر ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن مىزاج تەڭشىلىدۇ، مۇناسىپ غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: چۈجە گۆشىنى سىركىدە پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، بەدەن ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. بەدەنگە زەمچە، ئاس، سەۋسەن يوپۇرمىقى، سەندەل سۈركىلىدۇ، قولتۇقتا ئاقىرىش بولسا گۇلابتا مۇدەببەر قىلىنغان مەدەستان، تۇتىيا ۋە ئاز مىقداردا كافۇر ياكى قىزىلگۈل، سۆك، زەمچە، سۇمبۇل، سەئدى ۋە بۇ تۈردىكى باشقا نەرسىلەر سۈركىلىدۇ، **بۇ بەدەننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىنى توسقۇچى، تېرىنى زىچلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى ۋە تەرنى توختاتقۇچى بولسۇن.**

پۇت قاتارلىقلارنىڭ سېسىق تەرلىشى بەزىدە قولتۇق يەنى ئەزالارنىڭ ئېگىلىدىغان ئورنى، پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقى ۋە سېمىز ئادەملەردە كۆكرەك ئاستىدا تۇزلۇق ۋە ئۇفۇنەتلەنگەن تەرنىڭ ئېقىشى سەۋەبىدىن سېسىق پۇراق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى تەر بەدەندىكى ئۆتكۈر ۋە ناپاك خىلىتلاردىن پەيدا بولغاندۇر.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، ھەرىكەت ۋە ئەمگەكتىن توختىتىلىدۇ، جۈملىدىن ئىسسىق ھاۋادا تامامەن يول يۈرگۈزۈلمەيدۇ، سېسىق پۇرايدىغان ئورۇنلار ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە زەرۇرى ئەرەق ئىشلىتىلىدۇ.

زەرۇرى ئەرەق نۇسخىسى: سەۋسەن يوپۇرمىقى، تۇتىيا، مەدەستان، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، گىل ئەرمىنى، خېنە، كۆيدۈرۈلگەن ئانار پوستى، كافۇر قاتارلىق دورىلار سىركىدە سالايە قىلىپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

يارا بولۇش ئەگەر تەر تۆشۈكچىلىرى تەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن يارا بولغان بولسا سىركە بىلەن يۇيۇلىدۇ ۋە مەلھەمى ئەرۇق (زەرچۇبە مەلھەمى) چېپىلىدۇ، چۈنكى بۇ زەخىملەرنى قۇرۇتىدۇ.

باش سېسىق پۇراش (نەتنۇ جىلدەتوررەئسى)

بەزىدە سېسىق پۇراش باشنىڭ تېرىسىدىكى مايلىق ماددىلارنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ، مايلىق ماددىلار باش تەرەپكە يېتىپ بارغان مايسىمان بۇخارات ۋە ھۆللۈكلەردىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ باش تەرەپكە يېتىپ بارىدۇ، كۆپىنچە بۇ ھالەت ياشانغانلار ۋە بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ھۆللۈكلەر كۆپ بولىدۇ، بۇ ئۇفۇنەتنىڭ ئەسلىي ماددىسىدۇر. ياشانغانلاردا تەبىئىي بەدەن ھارارىتىمۇ ئاجىز بولىدۇ.

داۋالاش   مۇناسىپ ئۇسۇلدا ئىستىفراغ قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەۋسەن يوپۇرمىقى، مەدەستان، تۇتىيا، كۆيدۈرۈلگەن سەنۇبەر دەرىخى پوستى، ئۇششاق كۇندۇر قاتارلىقلارنى ئازراق شارابتا سالايە قىلىپ سۈركىلىدۇ، تاكى تەر تۆشۈكچىلىرى تارىيىپ تۇسۇلسۇن، ھۆللۈكلەر قۇرۇسۇن ۋە سىرتىغا چىقىشتىن توختىسۇن.

ئۈششۈپ قېلىش (تەستنقئى ۋە خۇزرى)

سوغۇق دۆلەتلەردە ياشىغۇچىلاردا بەزىدە سوغۇق تېگىش بىلەن جۇغ - جۇغ بولىدۇ، بەدەن تېرىسى سوغۇق بولىدۇ، تېرىسى سۇس موم رەڭگىدە بولىدۇ، قول - پۇت، بۇرۇن، قۇلاق قاتارلىقلاردا قاتتىقلىق ۋە ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ ھەمدە بۇلاردا قاسراق تۆكۈلۈش بولىدۇ، يەنى تەدرىجىي قۇرۇپ، قارىداپ ئۆلىدۇ. گانگرېنادىن كېيىن بۇ ئۆلگەن توقۇلمىلار ياكى سۈمۈرۈلىدۇ ۋە تارقايدۇ ياكى يارا بولۇش بىلەن يوقىلىدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر ھالەتتە ئەزالار سوغۇقلۇقنىڭ ناچار تەسىرىدىن ئۆلىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ، لېكىن بەزىدە بۇزۇلۇش سوغۇقلۇق تەسىرىدىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن ئەزالاردا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن گانگرېنا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى سوغۇقلۇق تەسىرىدىن بىرەر ئەزانىڭ توقۇلمىسى ئىنتايىن زىچلىشىپ كەتسە، يەنى قان ئاز يېتىپ بېرىش سەۋەبىدىن قان تومۇر دىۋارىنىڭ توقۇلمىسى ئاجىزلىغان بولسا، قان ئايلىنىش توسالغۇغا ئۇچراشتىن ئۇنىڭدا ئۆتكۈر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆللۈكنىڭ سىرغىپ چىقىشى كۆپىيىدۇ ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئاخىرى گانگرېنا كۆرۈلىدۇ ۋە ئەزالار بۇزۇلۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاز قىسىمدا ئۇزاق مۇددەتكىچە قىزىللىق بولىدۇ، بەزىدە يۈزەكى يارىمۇ پەيدا بولىدۇ ۋە نەتىجىدە ساقىيىدۇ.

سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن قول - پۇت ئۈششۈپ، چۈشۈپ كېتىش (فەسادۇل ئەتراپ بىل بەرىد)

قول - پۇت ۋە باشتىكى ئەزالار سوغۇقتىن نېمىشقا چۈشۈپ كېتىدۇ؟ ئۇنىڭغا سەمەرقەندى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ئۇنىڭ ھالىتى بۇكى، ھارارەت ۋە ئىسسىق بۇخارات ئۇ ئەزالار تەرەپكە بېرىپ، تەر تۆشۈكچىلىرى ئېتىلگەنلىك سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ

نەرسىلەر ئەزالارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇ، دەسلەپتە ئۆزى بۇزۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەزالارنىمۇ بۇزىدۇ. يەنى سوغۇقلۇق تەسىرىدىن ئەزالاردا دەسلەپتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن گانگرېنا كۆرۈلىدۇ. لېكىن بەزىدە بۇزۇلۇش سوغۇقلۇقنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ، سوغۇقلۇق ئۆزى ھاياتلىق دۈشمىنىدۇر، بۇ ئۇششۇپ قېلىشتا ئىشارەت قىلىنغاندۇر.

بۇ تۇرغان ئىشكى، سوغۇقتىن قول - پۇتنىڭ بۇزۇلۇشى نېمە ئۈچۈن بايان قىلىنغان؟ بۇنىڭ سەۋەبى قول - پۇت باشقا ئەزالارغا سېلىشتۇرغاندا سوۋۇپ كېتىشتىن زىيادە زەرەرلىنىدۇ، چۈنكى بۇ يۈرەكتىن يىراق جايلاشقان ھەم بۇ ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ ۋە بۇنىڭغا سوغۇقلۇق تېگىپ تۇرىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش سوغۇق تەگكەن ئەزا ئىنتايىن ئاستىلىق بىلەن تەدرىجىي ئىسسىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قان ئايلىنىش تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەگەر بىراقلا ئىسسىق يەتكۈزۈلسە، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن گانگرېنا كۆرۈلۈشىنىڭ كۈچلۈك خەۋپى بولىدۇ، شۇڭلاشقا دەسلەپتە كېسەللەنگەن ئەزانى مۇز ياكى سوغۇق سۇ بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلاش، ئاندىن كېيىن قۇرۇق قول بىلەن ئۇۋۇلاش، ئاندىن ئىسسىق رەختتە ئىنتايىن ئاستىلىق بىلەن ئۇۋۇلاش، بىمارنى سوغۇق ياتاقتا قويۇش ۋە بۇ ياتاقنىڭ ھارارىتىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش، ئازراق تەسىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئاز - ئازدىن ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن بىرەر ئىسسىق سۇيۇقلۇق، مەسىلەن: چاي ياكى شورپىنى ئاز مىقداردا ئىچكۈزۈش لازىم. ئەگەر ئاغرىق ئۆتكۈر بولسا، كېسەللەنگەن ئەزا ئېگىز قويۇلىدۇ. ئەگەر كېسەللەنگەن ئەزادا ھارارەت ۋە قىزىللىق سېزىلسە، بۇ ئورۇن ئۈستىگە دەرھال پاختا ئوراپ تېڭىق لاتىسى بىلەن يەڭگىل باغلىنىدۇ ۋە ياستۇق ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە سۇلۇق قاپارتما ۋە يۈزەكى يارا پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش ۋە ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. ئەگەر ھەقىقىي گانگرېنا كۆرۈلگەن بولسا، ئۆلگەن بۆلەك ئوفۇنەتكە قارشى دورىلار بىلەن پاكىزلىنىدۇ ۋە پاكىز ساقلىنىدۇ، تاكى ساغلام ۋە ئۆلگەن توقۇلمىلاردا تەبىئىي ئايرىلىش پەيدا بولغىچىلىك. ئۆلگەن بۆلەكنى دەستىكار ئارقىلىق يوقىتىش ياكى ئۇششىگەن ئەزانى تارپىن يېغى بىلەن ھۆللەپ قويۇش ھەر ھالەتتە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ.

سەمەرقەندى: ئەگەر ئەزالار ھازىرغىچە بۇزۇلمىغان بولسا، ئىششىق پەيدا بولمىسا ۋە كۆكلۈك بولسا، داۋالىغاندا ئەڭ ياخشىسى ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغ سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسىلەن: زەيتۇن يېغى، زەنبىق يېغى، رازتى يېغى قاتارلىقلار. زەنبىق يېغى — ياغلار بىلەن

تەييارلانغان ياغدۇر. بۇ ئاق يەسمەن گۈلى سېلىپ ياسىلىدۇ. رازتى يېغى — ئاق سەۋسەن يېغىدۇر. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئەزا ئىچىدە ئىششىق پەيدا بولسا ياكى كۆكلۈك ياكى قارىلىق بولمىسا، بۇ ئەزانى ئىسسىق سۇغا چىلاش مۇناسىپتۇر، جۈملىدىن بۇ سۇ ئىكلىلمىلىك، بابۇنە، بۇغداي كېپىكى، بۇغداي ئۇنى، چامغۇر، كەرنۇب، شەھ ئەرمىنى، مەرزەنجۇش ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى ۋە شۇمشا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىلغان بولسۇن، ئاندىن بۇ سۇدىن چىقىرىپ ئىسسىق ياغ سۈركىلىدۇ.

ئەگەر ئەزالار كۆكەرگەن ياكى قارىدىغان بولسا، چوڭقۇر تىلغاندىن كېيىن ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئاندىن سۇ ۋە سىركىگە چىلىنىدۇ، سۇ ۋە سىركىگە گىل ئەرمىنى سېلىپ قاينىتىپ سۈركىلىدۇ، ئاندىن ئىلمان شاراب ياكى سۇ ۋە سىركە بىلەن يۇيۇلىدۇ، تاكى زەخىم قۇرۇپ، تىلغان ئورۇن پۈتۈپ گۆش ئۈنگىچە ۋە قاتتىق بولغۇچە قايتا - قايتا قىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئىلاجلار بىلەن پايدا بولمىسا ۋە كۆكلۈك ھەم قارىلىق تەرەققىي قىلىپ چوڭايسا، قول - پۇتلار بۇزۇلۇشقا باشلىسا كەرنۇب ۋە قىزىلچا شاخلىرىنى قاينىتىپ، سېرىقماي ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ تاكى كۆكلۈك ياكى قارىلىق يوقالغۇچە ھەمدە بۇ جايدىكى بۇزۇلۇش ئەتراپتىكى باشقا ساغلام ئەزالارغا تارقالمىغۇچە. بۇنىڭدا تۆمۈر ئىشلىتىش زىيادە ياخشىدۇر. چۈنكى دەستىكار قىلىش بىلەن كۆپىنچە نېرۋا ۋە تومۇرلارنىڭ شاخلىرى ئۈزۈلىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا تۆمۈر ئىشلىتىش زۆرۈر بولىدۇ، يەنى ئەزانىڭ چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن بولمىغان چاغدا. ئاندىن كېيىن يارىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، يەنى يارىغا ئوخشاش ئۇنى قۇرۇتۇشنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ ۋە باشقا كۆرسەتمىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى جاراھەتلەر ۋە يارىلاردا سۆزلەنگەن.

ئوت ۋە باشقىلار بىلەن كۆيۈش (ھەرقى ۋە سەلەق)

ئوت يالقۇنى ياكى قاتتىق ئىسسىق جىسىم بىلەن كۆيۈش ئوتتا كۆيۈش دېيىلىدۇ، قايناق سۇ، قىزىق ھور ياكى باشقا قىزىق سۇيۇق نەرسىلەر ياكى ئىسسىق ھاۋا بىلەن كۆيۈش باشقا نەرسىلەر بىلەن كۆيۈش دېيىلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ تەسىرىدىكى نىسبەت، قورۇش ۋە قاينىتىش ئارىلىقىدا بولىدۇ، سۇيۇق ياغلار (ياغ، سېرىقماي قاتارلىقلار) سۇغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ھارارەت بىلەن قىزىيدۇ، ئۇ زىيادە ئۆتكۈر زەخىم پەيدا قىلىدۇ.

كۆيۈكنىڭ ئادەتتىكىدەك ياكى قاتتىق بولۇشى، تېرە ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى توقۇلمىلارنى

كېسەللەندۈرۈش ياكى يۇقۇملاندۇرۇش ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئالتە دەرىجىدە بولىدۇ:

بىرىنچى دەرىجە ئادەتتىكىدەك كۆيۈش. ئوتقا يەڭگىل ھالەتتە تېگىش بىلەن پەقەت يۈزەكى تېرىدە قان تولۇش پەيدا بولىدۇ، كۆيگەن ئەزانىڭ توقۇلمىسى بۇزۇلمايدۇ، پەقەت بۇنىڭ بىلەن كېسەللەنگەن ئەزادا قىزىللىق ۋە ئاغرىش پەيدا بولىدۇ، يارا پەيدا بولۇشىنىڭ خەتىرى بولىدۇ. ئەگەر بىرەر خاس ئورۇن قايتا ـ قايتا كۆيگەن بولسا، تېرە رەڭگى ئۆزگىرىپ داغ پەيدا بولىدۇ ۋە قاتتىق بولىدۇ، بۇ بەزى كىشىلەردە پاچاقلىرىنى ئوتقا قاقلاش ئادىتىدىن بولىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە بۇنىڭدا تېرىنىڭ سىرتقى قەۋىتى تېرىنىڭ ئىچكى قەۋىتىدىن ئاجراپ، ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ، يەنى سۇلۇق قاپارتما شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بۇ قاپارتما يېرىلىپ تېرە سىرتقى قەۋىتى پوستى ئاجرىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تېرە ئىچكى قەۋىتى قىزىل ۋە ئاغرىپ تۇرىدىغان ھالەتتە ئاشكارا بولىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە بۇنىڭدا تېرىنىڭ يۈزەكى قەۋىتى بۇزۇلىدۇ، تېرىنىڭ ئىچكى قەۋىتىنىڭ ئازراق بۆلىكىمۇ بۇزۇلىدۇ، لېكىن تېرە ئىچكى قەۋىتىنىڭ قاپارتمىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئازراق ئۆسۈكچە بولۇپ، بۇنىڭدا سەزگۈ نېرۋىلىرىنىڭ ئاخىرقى تالالىرى ئاخىرلىشىدۇ، بۇ يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇچلۇق بۆلىكى يالىڭاچ قالىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ دەرىجىدە ئاغرىق ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ. تېرە ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قەۋىتىنىڭ چوڭقۇر بۆلىكى (بۇنىڭدا تەر بەزلىرى، ماي بەزلىرى ۋە چاچ يىلتىزلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ) ساقلىنىپ قالىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ دەرىجىدە ساقايغان تېرىدە زەخىم نىشانى (داغ) پەيدا بولىدۇ، بۇ گەرچە ئاق رەڭلىك بولسىمۇ، كۆزگە چېلىقىدۇ، بۇنىڭدا ھەقىقىي تېرىنىڭ بارلىق تەركىبلىرى مەۋجۇت بولىدۇ، يەنى ئۇ مايلىق ۋە ئېلاستىك بولىدۇ، بۇنىڭدا يىغىلىش بولمايدۇ.

تۆتىنچى دەرىجە بۇنىڭدا تېرىنىڭ پۈتۈن قېلىنلىقى ھالاك بولىدۇ ۋە تېرە ئاستىدىكى بەزى بۆلەكمۇ يوقىلىدۇ.

بەشىنچى دەرىجە بۇنىڭدا پۈتۈن تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرى يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسكۇللارغىمۇ ئوت تەسىرى يېتىپ بارىدۇ.

ئالتىنچى دەرىجە بۇنىڭدا بارلىق تېرە كۆيۈپ ھەممىسى بۇزۇلۇپ بىكار بولىدۇ.

يەرلىك ئورۇنلۇق كەيپىيات: ئەمەلىيەتتە يەرلىك ئورۇنلۇق ھالەتلەر ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ئۈچىلا دەرىجە يارا ياكى يېرىلىشتىن بولغان زەخىمگە ئوخشاشتۇر.

(1) دەسلەپكى دەۋر: كۆيۈش ياكى بۇزۇلۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلىرى ئۈستىدە بايان قىلىنىپ بولدى.

(2) ئىككىنچى دەۋر: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، گانگرېنا ۋە بۇزۇلۇش بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆلگەن بۆلەك چىقىپ كېتىپ زەخىمدە يېڭى گۆش شەكىللىنىدۇ.

(3) ئۈچىنچى دەۋر: پۈتۈش ۋە ساقىيىش.

ئومۇمىي ئالامىتى

1. دەسلەپكى دەرىجىلەردە زەربە ئومۇمەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىكى كۆيگەن بۆلەكنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىرەر ئەزانىڭ يۈزەكى چوڭ بۆلىكىنىڭ كۆيۈشى بەدەن سىستېمىسىدا كۆرۈنەرلىك زەربە ۋە ئاجىزلىق پەيدا قىلمايدۇ.

زەربىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مېڭە زەخىمىسىدۇر، بۇنىڭدا يۇلۇن مەركىزى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئادەتتە كۆيۈش خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇ يۈزەكى كۆيۈش قورساق، باش ياكى بويۇندا كۆرۈلىدۇ، بەزىدە بۇ زەربە چوڭىيىپ غەشى ۋە قۇۋۋەت يوقىلىشقىچە ئېلىپ بارىدۇ، بۇلارنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىر سەۋەب كۆيگەن توقۇلمىلاردىن زەھەرلىك ۋە بۇزۇلغان ماددىلار سۈمۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

2. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ قىزىتمىسى كۆرۈلىدۇ ۋە بۇ تۆت كۈندىن 14 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ، ئىچكى ئەزالار جۈملىدىن ئاشقازان - ئۈچەيلەر، جىگەر، ئۆپكە ۋە مېڭىدە قان تولۇپ قېلىش بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئەگەشمە كېسەللىكلەر شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ.

3. بۇ كۆيگەن بۆلەك ئوبدان تازىلىنىپ ۋە ئۇفۇنەتنىڭ يامرىشىدىن ساقلىنىلسا ساقىيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىرەر نورمالسىز بەدەن ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئازراق ئاجىزلىق ياكى قان ئازلىق مەۋجۇت بولۇش بۇ ھالەتتىمۇ مۇمكىندۇر، لېكىن ئەگەر زەخىمگە ئۇفۇنەت تارقالسا ۋە قان - يىرىڭ شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئاجىزلىق ۋە قاننىڭ كەملىكى كۆرۈنەرلىك ئاشكارا بولىدۇ ۋە بىمار ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىغا ئوخشاش ھەر كۈنى قىزىيدۇ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئاجىزلىق ۋە غايەت ئورۇقلاش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۆلۈم ھالىتى ئەگەر بىرەر كىشى چوڭقۇر كۆيگەن بولسا، ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە گالنى بوغقۇچى ئىششىق بولىدۇ، بۇ ئىسلار ۋە ئوتنىڭ زەھەرلىك بۇخاراتلىرى، كاربون (Ⅳ)

ئوكسىدلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، سەكتە زەربىسى ياكى غەشىمۇ گال بوغۇلۇش بىلەن ئۆلۈپ كېتىشكە ياردەمچى بولىدۇ.

ئەگەر كۆيۈپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۆلۈم كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى زەربە ياكى قۇۋۋەت يوقىتىش بولىدۇ، بۇ، بۇزۇق ماددىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ۋە قاننىڭ زەھەرلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ئۆلۈم ئىككىنچى دەۋردە كۆرۈلگەن بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇفۇنەت ۋە يۇقۇملىنىش ياكى ئىچكى ئەزالارنىڭ باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدىن بولىدۇ، ئەگەر ئۈچىنچى دەۋردە ئۆلۈم كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى مەقاسات كېسەللىكلىرى ياكى ئىچكى كېسەللىكلەر بولىدۇ، مەقاسات كېسەللىك بىلەن جەڭ قىلىشتۇر. ئۇزۇنغىچە تەبىئەت ۋە كېسەللىك ئارىسىدا جەڭ بولىدۇ.

پايدىلىق داۋالاش ئوت بىلەن ئەگەر پەقەت تېرىنىڭ سىرتقى يۈزى كۆيسە، قاپارتما ۋە باشقىلار كۆتۈرمىسە، بۇنىڭدا پەقەت كۆيگەن ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ۋە ئېچىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىگە سوغۇق سۇغا چىلانغان پاختا شارچىسى قويۇپ، ئۇنى باراۋەر ھۆللەپ تۇرۇش يېتەرلىكتۇر. ئەگەر قاپارتما كۆرۈلگەن بولسا، دەسلەپتە بۇنى ئۇفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچى يۇيۇلما بىلەن يۇيۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىش، قاپارتما ئۈستىدىكى ئۆلگەن تېرە سىرتقى قەۋىتىنى پاكىزلانغان قايچا بىلەن كېسىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرىق تەنكاردىن بىر ھەسسە، نىشاستەدىن بەش ھەسسە ياكى ئۇپىدىن بىر ھەسسە، نىشاستەدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، سېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ پاكىز پاختا قويۇپ، تېڭىق لاتىسى بىلەن باغلاپ قويۇش، بۇنى بىرقانچە كۈنگىچە ئاچماسلىق ياكى قاپارتمىلارنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ زەخىملەر ئۈستىگە مەلھەمى نورە، مەلھەمى سەفىد، مەلھەمى رال ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر مەلھەم چېپىش، ئەگەر چوڭقۇر توقۇلمىلار كۆيگەن بولسا، بىمارنىڭ كىيىملىرىنىڭ سۆركىلىپ تېگىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن يەڭگىل ھالەتتە قول بىلەن سالدۇرۇش ياكى كىيىملىرىنى كېسىۋېتىش، ئاندىن كۆيگەن توقۇلمىلارنى ئۇفۇنەتكە قارشى يۇيۇلمىلار بىلەن يۇيۇش، مەسىلەن: سۇلايمان يۇيۇلمىسى (بىر ھەسسە سۇلايمان، ئىككى مىڭ ھەسسە پاكىز سۇ) بىلەن يۇيۇپ، دەرھال يۇمشاق رەخت ياكى پاكىزلانغان نېپىز داكا بىلەن تېڭىپ قويۇش، ئەگەر كۆيۈش ئۆتكۈر بولسا ۋە تېرىنىڭ يۈزى ناھايىتى ناپاك بولسا، بىمارنى سەزمەس قىلىپ، ئۆلگەن كۆيۈك بۆلەكلىرىنى (گانگرېنا بولۇشتىن گۇمان قىلىنسا) كېسىپ چىقىرىۋېتىش ۋە زەخىمنى ئوبدان پاكىزلاپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. ئەگەر بىمار زەخىم ھالىتىدە بولسا، ئۇنى دەرھال كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، ئىسسىق ئەدىيال ۋە باشقىلار بىلەن

ئۇراش ۋە بىرەر مۇناسىپ قوزغاتقۇچى، ئىسسىقلىق يەتكۈزگۈچى دورا ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىپ شەكىلدە ئەپيۇن ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم تاكى ئاغرىقتا ياخشىلىنىپ ۋە ئۇيقۇسى كېلىپ ئارام ۋە قۇۋۋەت ھاسىل بولسۇن.

ئەگەر بىمار بالا بولسا ۋە كەڭ بۆلەك كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنى دەرھال ئىسسىق سۇ قاچىسىغا ئولتۇرغۇزۇش، ئاندىن كېيىن بالىنىڭ كىيىمىنى كېسىپ سالدۇرۇش، بالىنى قىسقا ۋاقىتتا سۇدىن چىقىرىپ سۇنى ئالماشتۇرۇش، ئەگەر ئاجىزلىق تۆۋەنلىگەن بولسا، بۇ بالىنى تۇرغۇزۇپ زەخىملەرنى مەلھەملىك تېڭىق لاتىسى بىلەن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇلدا تېڭىپ، كۆرپە ئۈستىدە تىنچ ياتقۇزۇش مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئاجىزلىق زىيادە بولسا، ئىسسىق سۇ بوتۇلكىلىرى، ئىسسىتىلغان خىش ياكى ئەدىيالنى ئىچىگە قويۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ.

ئەگەر ئەزا سۆڭەككىچە كۆيگەن بولسا بۇنى تۇرغۇزۇپ قويۇش ئارتۇقچە ئىشتۇر، بەلكى تېز سۈرئەتتە كېسىۋېتىش، يەنى كۆيگەن بۆلەكنى كۆيگەن ئورۇنغا يېقىن ساغلام بۆلەككىچە كېسىۋېتىش لازىم. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە گانگرېنا دەۋرىدە پەقەت كېسەللەنگەن بۆلەكنى ئۇفۇنەتسىز ۋە يوقۇملىنىشتىن پاك تۇتۇش يېتەرلىكتۇر، پۈتۈش پائالىيىتىگە باشقا ئورۇندىن شۈلۈپ ئېلىنغان ئىسسىق تېرىلەر بىلەن ياردەم بېرىش لازىم. بۇ بوششىپ چاپلىشىپ تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن زەخىمنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئەگەر زەخىم چوڭ بولسا ۋە سۇسلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە تېرە شەكىللەنگەن بولسا، باشقا ئورۇن ياكى كۆيمىگەن ئورۇندىن تېرە ئېلىپ زەخىم ئۈستىگە چاپلاش لازىم، بۇنىڭ بىلەن زەخىم پۈتۈپ ساقىيىدۇ ۋە سوزۇلما بولمايدۇ. بۇ خىل تېرە كۆچۈرۈش بىرەر بوغۇمنىڭ يىغقۇچى مۇسكۇلى كۆيگەن ۋە زەخىم تارىيىش بىلەن بوغۇم ئېگىلىدىغان چاغدا قىيىنچىلىق يۈز بېرىش خەۋپى بولغان ۋاقىتتا مۇناسىپتۇر. تېرە كۆچۈرگەندىن كېيىن تېرىدە يىغىلىش يۈز بەرمەيدۇ ۋە بوغۇم ئاسان ئېگىلىدۇ.

ئوتتا كۆيۈش ئوتتا قاپارتما چىققۇدەك كۆيگەن بولسا، يەرلىك ئورۇنغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش، مۇز بىلەن رەختنى سوۋۇتۇپ قويۇش ۋە سوغۇق تىلالارنى چېپىش لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن تۇخۇمنى چېقىپ، كۆيۈك ئۈستىگە ئاققۇزۇش ياكى خەت يازىدىغان سىياھ سۈركەشمۇ پايدىلىقتۇر.

خەت يازىدىغان سىياھ چىراغ ئىسى ۋە يېلىمدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، سوغۇقلۇق يەتكۈزىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. جالىنۇس توققۇزىنچى ماقالىسىدە خەت يازىدىغان سىياھنى سۇدا

ئېزىپ، ئوتتا كۆيگەن ئورۇن ئۈستىگە سۈركەپ قويۇش دەرھال مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، دەپ يازغان.

ياكى سېرىق پۇرچاق، كىرىيا ياكى گىل ئەرمىنى قاتارلىقلار سىركە ياكى سۇ بىلەن ئېزىپ تىلا قىلىنىدۇ، ئەگەر قاپارتما چىققان بولسا ھەمدە ئۇ چوڭ، ئاغرىيدىغان بولسا ۋە بەدەندىن ماددىلارنىڭ كېلىشىنىڭ خەۋپى بولغان بولسا قان ئېلىنىدۇ، يەڭگىل غىزا بېرىلىدۇ تاكى قان ئازلىسۇن ۋە مەلھىمى سەفىدە سۈركىلىدۇ، ئەگەر ئەھۋال بۇنىڭدىن زىيادە قاتتىق بولسا، مەلھىمى نورە، ھاك مەلھىمى ياكى باشقا مەلھەملەر سۈركىلىدۇ، توخو پاچىقى كۈلى، ئەندىرانى تۇزى، لاھۇر تۇزىنىڭ كۈلى، گۈرۈچ ئۇنى، قەلەي كۇشتىسى قاتارلىقلار تۇخۇم ئېقى ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن ياسالغان بولسۇن.

مەلھىمى نورە: ياساش ئۇسۇلى: ھاك يەتتە قېتىم ئۆچۈرۈلىدۇ، تاكى ئۇنىڭ بارلىق ئۆتكۈرلۈكى يوقالسۇن، ئاندىن كېيىن گۈل يېغى ۋە قىيمولىيا سېغىزى (كىرىيا توپىسى) ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

ياغدا كۆيۈش ياغدا كۆيۈش يۇقىرىقى مەلھەملەر بىلەن داۋالىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس دورا: تۇخۇم ئېقى، ئاز مىقداردا زەيتۇن يېغى ۋە ئۇپا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ شىشىگە سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئەگەر ھەممىسى بىرلەشكەن بولسا، تىلا شەكلىدە چېپىلىدۇ.

قايناق سۇدا كۆيۈش قاپارتما بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈل سۈيى ياكى زەيتۇننىڭ تۇزلۇق سۈيى تۆكۈلىدۇ ياكى سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان رەخت قويۇلىدۇ، ئەگەر قاپارتما چىققان بولسا، مەلھىمى نورە چېپىلىدۇ. بۇنىڭ مەخسۇس دورىلىرىدىن بىرى ھارىس ئىبنى كۇلدە ئارپا كۈلىنى تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىپ تەجرىبە قىلىپ ئىشلەتكەنىدى.

ھارىس ئىبنى كۇلدە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز رەسۇل كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك زامانىسىدا ياشىغان مەدىنە تېۋىپلىرىدىن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز كىشىلەرگە «سىلەر ھارىس ئىبنى كۇلدەدىن داۋا ئىزدەڭلار» دېگەنىدى.

كۈل سۈيى كۈلنى سۇغا ئازراق ۋاقىت چىلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن سۈزۈپ، بۇنىڭغا يەنە كۈل سېلىپ ۋە بۇنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاپ تەييارلىنىدۇ، بۇ كۆيۈشتۈرمەيدىغان قۇرۇتقۇچى ۋە قابىز دورىدۇر.

چاقماق چېقىشتىن بولغان كۆيۈش ئەگەر چاقماق توكى ئىنسانغا يېقىن بىرەر نەرسە ئۈستىگە چۈشسە بەدەن كۆيىدۇ ۋە زەخىملىنىدۇ.

ساۋائىق سائىقەنىڭ كۆپلۈكىدۇر، چاقماق توكى بۇ چاقماققا ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتنىڭ بىر يالقۇنى تارىلىدۇ ۋە بۇ بىر نەرسە ئۈستىدىن ئۆتسە ئۇنى كۆيدۈرمەي قويمايدۇ.

داۋالاش بۇ ئوتتا كۆيۈپ قېلىشنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار كۆيگەن ئورۇن ئۈستىگە ئەينۇلانى يۇمشاق ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ. خېنە سۈيىدە ئېزىلگەن كىريا سېغىزىنى قايماققا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. تۇخۇم ئېقى گۈل يېغى ياكى يەسمەن يېغىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. تۇخۇم سېرىقى ۋە زىغىر يېغى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ. ھاك سۈيى ۋە يەسمەن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ قايتا - قايتا سۈركىلىدۇ، بۇ ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. ئۆتكۈر ھالەتتە تۆۋەندىكى مەلھەملەردىن بىرەرى ئىشلىتىلىدۇ:

مەلھەمى نورە: يۇيۇلغان ئابىك 12 گىرام، تۇخۇم ئېقى 24 گىرام، گۈل يېغى ياكى زىغىر يېغى 36 گىرام، كافۇر بىر گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان ئېرىتىپ رەختىنى ھۆللەپ، كۆيگەن ئورۇن ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

مەلھەمى سەفىد: ئۇپا 36 گىرام، گۈل يېغى 96 گىرام، ئاق موم 12 گىرام، تۇخۇم ئېقى 24 گىرام، كافۇر ئالتە گىرام. مومنى مايدا ئېرىتىپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ، بۇنىڭغا دەسلەپتە ئۇپا، ئۇنىڭدىن كېيىن كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تۇخۇم ئېقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

مەلھەمى رال: راتىيانەج 12 گىرام، رۇسۇت، قىزىل سەندەل، ئەبۇخەلسا (بىرخىل ئۆسۈملۈك) ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، كافۇر تۆت گىرام، گۈل يېغى 120 گىرام. بارلىق دورىلارنى ئايرىم - ئايرىم يۇمشاق سوقۇپ ۋە ياغنى ئوتتا ئوبدان قىزىتىپ، دەسلەپتە بۇنىڭغا رۇسۇت، سەندەل ۋە ئەبۇخەلسا سېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن راتىيانەجنى قوشۇپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ ۋە كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ سوۋۇغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

ئاپتاپتا كۆيۈش بەزىدە ئۆتكۈر ئاپتاپتىمۇ بەدەن تېرىسى كۆيىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجىدا مەلھەمى كافۇر ياكى مەلھەمى سىركە چېپىلىدۇ.

بالادۇردا كۆيۈش بۇنىڭدا تېرە بالادۇر ھەسلى بىلەن كۆيىدۇ، بۇنىڭ ئىلاجىدا ھىجامەت قويۇپ، مەلھەمى سەرا چېپىلىدۇ.

قىزىتمىلار (ھۆمما، تەپ، بۇخار)

قىزىتمىنى تونۇش قىزىتما نورمالسىز ھارارەتنىڭ نامىدۇر. بۇ دەسلەپتە يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ، يۈرەكتىن روھ، قان ۋە يۈرەك قىزىل قان تومۇرى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ پۈتۈن بەدەندە مۇشۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇكى، بەدەننىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرىدە زەرەر پەيدا بولىدۇ.

ماددا مەيلى قايسى ئەزادا بۇزۇلغان بولسۇن، بۇ دەسلەپتە يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ھالەتتىمۇ ھارارەت شۇ ئەزادىن يۆتكىلىپ ئاۋۋال يۈرەككە يېتىپ بېرىپ يۈرەكنى قىزىتىدۇ. تەبىئىي پائالىيەتلەر بەدەننى تەدبىر قىلىدىغان تەبىئەت تەرەپكە مەنسۇپ بولغان ئىشلارنى، يەنى بارلىق ھايۋانىي، نەپسانىي ۋە تەبىئىي پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، تەبىئىي پائالىيەتلەردىن كۆپ ۋاقىتلاردا چۈشىنىلىدىغان ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان تەبىئىي پائالىيەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئاچچىقلىنىش، ئەمگەك قىلىشتىن پەيدا بولغان ھارارەت قىزىتما ئەمەس، بۇمۇ ئوچۇقكى، ھەرىكەت قىلىش ۋە جاپالىق ئەمگەكتىن پەيدا بولغان ھارارەت قىزىتمىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

ئاچچىقلىنىش ۋە ھەرىكەتنىڭ ھارارىتىمۇ غەيرىي تەبىئىدۇر، بۇ يۈرەكتىن پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ، چۈنكى ئاچچىقلىنىش ۋە ھەرىكەت ھارارىتىدىن تەبىئىي پائالىيەتلەردە قىزىتمىغا ئوخشاش زىيان پەيدا بولمايدۇ، يەنى مۇشەققەتنىڭ ھارارىتى تەبىئىي پائالىيەتلەردە ئاپەت پەيدا قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتمىگەن، پۈتۈن بەدەننى قىزىتىپ، قىزىتما پەيدا قىلغان شەرت ئاستىدا، قىسقىسى ئاچچىقلىنىش ۋە ھارغىنلىقنىڭ ھارارىتىمۇ ئەگەر ئۆتكۈر بولسا، بۇنىڭدىنمۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ، بۇ يەردىكى ئاچچىقلىنىش ۋە ھارغىنلىقنىڭ يەڭگىل ھارارىتى قىزىتما دەپ ئاتالمايدۇ.

قىزىتما بۇ، زىيادە ھارارەت ياكى ھارارەتنىڭ ئۆرلىشىدىن بولغان غەيرىي تەبىئىي ھالەتنىڭ نامىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر بەدەندىكى پائالىيەتلەردە تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا بولىدۇ ۋە بىرقانچە مەخسۇس ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۇنىڭ بىلەن شېرىك بولىدۇ، مەسىلەن: يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ، ئائورتا ئىچىگە قان ۋە روھنىڭ كېلىپ - كېتىشى تېزلىشىدۇ، تومۇر سوقۇشى كۆرۈنەرلىك تېزلىشىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش بۇ تۈردىكى ئاشقان غەيرىي تەبىئىي ھارارەت خاس ئۇقۇمدا

نورمالسىز ھارارەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن ھارارىتى نورمال دەرىجىدىن ئېشىپ كېتىدۇ ۋە بۇ بەدەن پائالىيەتلىرىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ھارارەتنىڭ ئېشىش ھالىتى بەزىدە يەرلىك ئورۇنلۇق بولىدۇ، بۇنىڭدا بىرەر خاس بەدەن بۆلىكى زىيادە ئىسسىق بولىدۇ ۋە بەزىدە تامام بەدەندە مۇشۇنداق قىزىتما بولىدۇ.

ئاچچىقلىنىش، چېنىقىش ۋە باشقىلاردىنمۇ ۋاقىتلىق ھالەتتە بەدەن ھارارىتى ئۆرلەيدۇ، لېكىن خاس ئۇقۇملاردا بۇ قىزىتما دېيىلمەيدۇ.

قىزىتمىنىڭ ماھىيىتى بەدەن ھارارىتى قانداق ئۆرلەيدۇ؟ قىزىتمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى نېمە؟ بۇ سوئال دەسلەپتە بىزنىڭ بەدىنىمىزدە ئادەتتە ھارارەتنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە بەدىنىمىز ھەر ۋاقىت قايسى يول بىلەن ئىسسىق تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھارارەت قانداق سەرپ بولۇپ، قايسى سەۋەبلەردىن ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ كۆپىيىپ ياكى كەملەيدىغانلىقىنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن ھەل بولىدۇ.

ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى تەبىئەتنىڭ بەدەنگە لايىقلاشتۇرۇشىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ۋە مۇرەككەپ پائالىيەتلىرىدىن بىر پائالىيەت ئىسسىقلىق پەيدا بولۇشتۇر، بۇنىڭدىن قۇدرەتنىڭ كامالى ھېكمىتى ۋە سەنئىتى ئېنىق بولىدۇ.

ھاۋا ۋە غىزا بىلەن بۇ ماددىلار بەدىنىمىزگە يېتىپ تۇرىدۇ، ئەزالارنىڭ ئىچىدە بۇ ئاز ماددىلار مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلىرى ۋە باسقۇچلىرى بولىدۇ، ئۇلاردىن تۈرلۈك نورمال ۋە بۇزۇلغان ماددىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ باسقۇچلىرىنى بىز تەبىئىي پىشىش، ھەزىم، ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە باشقا ناملار بىلەن سۆزلەپ ئۆتىمىز. بۇ ئەمەل ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردە بولغىنىدەك جىگەر، قان تومۇرلار ۋە بارلىق ئەزالارنىڭ توقۇلمىلىرىدىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ئاشقازاندىكى ھەزىم، ئۈچەيلەردىكى ھەزىم، جىگەردىكى ھەزىم، قان تومۇرلاردىكى ھەزىم ۋە ئەزالاردىكى ھەزىم قاتارلىقلارنىڭ ئۇقۇملىرىدىن بىز ئۇ ئەمەللەر ۋە ئۆزگىرىشلەر تەرەپكە ئىشارە قىلىمىز.

قىسقىسى، ئەزالارنىڭ ئىچىدە ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇزۇلۇشلار ئىنتايىن كەڭرى، ئارقىمۇئارقا داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قانچىلىغان تۈردىكى بىرىكىشلەر تەييار بولىدۇكى، ئىنسانىيەت ئىلمى ئۇنىڭ بۆلەكلىرىنى ساناشتىن ئاجىزدۇر، ئاندىن كېيىن بۇ ھەزىم پائالىيىتى بۇ جايدىمۇ بولىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا بۇزۇلۇش بۇ جايدىمۇ كۆرۈلۈپ، مۇشۇ جايدا ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى زۆرۈردۇر.

بۇنىڭدىن ئېنىق بولىدۇكى، بەدەننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە ماددىلار ۋە خىلىتلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىر مۇرەككەپ زەنجىرسىمان ھالەتتە ھەر ۋاقىت داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن

ھەر ۋاقىت بىزنىڭ بەدىنىمىزدە ھارارەت پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ پۈتۈن ئىچكى ۋە سىرتقى ئەزالىرىمىز بۇنىڭدىن ئىسسىق تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئېنىق بولۇشى لازىمكى، بۇ ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى نورماللىق بىلەن داۋاملىشىپ تۇرىدۇ ۋە ئەزالارنىڭ ھارارەت دەرىجىسى نورمالدىن ئاز ياكى كۆپ بولمايدۇ، بۇ ۋاقىت بەدەن پائالىيەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بۇ تەبئىي بەدەن ھارارىتى دەپ ئاتىلىدۇ، بىرەر سەۋەبتىن ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەن بولسا ياكى ئەزالارنىڭ ھارارەت دەرىجىسى نورمالدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى پائالىيەتلەر بۇزۇلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، بەزىدە ماددىنىڭ تەبئىي خۇسۇسىيىتى ئەگەر ئۇ باشقا ماددا بىلەن بىرلەشكەن بولسا، بىرىكىش ۋە قوشۇلۇشتىن ئازدۇر - كۆپتۇر ھارارەت پەيدا بولىدۇ، بۇ بەزىدە يەڭگىل ۋە ئادەتتىكىدەك بولىدۇ، بەزىدە شۇنچىلىك ئۆتكۈر بولىدۇكى، قىزىتمىنىڭ ھەقىقىي ھالىتى ئاشكارا بولىدۇ، بەدەننىڭ ئىسسىقلىقى چىراغ ياغچىنىڭ ئوتى ھالىتىدە كۆيىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ خاس ماددىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەممىسى بۇلارنىڭ ئاستىدا بولىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماددا ياكى ھەممە ماددا ئۆزئارا بىرلەشسە ياكى ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھارارەت پەيدا بولسا، ئاسان چۈشىنىش ئۈچۈن بىرىنچىسى كۆيدۈرگۈچى، ئىككىنچىسى كۆيگۈچى دېيىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەم بىر ماددىغا ھارارەت پەيدا قىلىش پائالىيىتىدە، ھارارەت پەيدا قىلغۇچى كۈچ ۋە تەسىر قىلىش دەرىجىسى بېرىلگەندۇر ۋە يەنە بىر ماددىنى قوبۇل قىلىپ قايتا كۆيدۈرگۈچى تەركىبىگە خاس ئۇقۇمدا ئوت تەركىبى دەپ تەبىر بېرىلىدۇ، بۇنىڭ خىزمىتى باشقا تەركىبلەر بىلەن بىرلىشىپ ھارارەت پەيدا قىلىشتۇر. ئوچاقتا ياغاچ، چىراغدا ياغ كۆيىدۇ، ئىككىلىسى ئوت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىر دېدۇقكى، پىشىش، ھەزىم ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە بەدەن ئىچىدە بۇزۇلۇش، پارچىلىنىش، بىرىكىش ۋە ئۆزگىرىشلەر بىر كەڭ، مۇرەككەپ زەنجىرسىمان ھالەتتە ھەر ۋاقىت داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئېنىقكى، بەدىنىمىزنىڭ ئىچىدە كۆيگۈچى ۋە كۆيدۈرگۈچى ھەر ئىككى خىل ماددا مەۋجۇت بولىدۇ، كۆيدۈرگۈچىمۇ ۋە كۆيگۈچىمۇ ئەگەر مەزكۇر پائالىيەتلەر دەۋرىدە ئۆزئارا بىرلەشكەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بەدىنىمىزدە ھارارەت پەيدا بولىدۇ، بۇ بەدەن ھارارىتى دەپ ئاتىلىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوت تەركىبى باشقا ماددا بىلەن بىرىكسە بەدەندە ھارارەت پەيدا بولىدۇ، ئەگەر بۇ ھارارەت نورمال چەك ئىچىدە تۇرسا، بۇ تەبئىي بەدەن ھارارىتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر بۇ نورمال چەكتىن ئېشىپ كەتسە ياكى بەدەن ھارارىتى ئۆتكۈرلۈك ھالىتىگە ئۆزگەرگەن بولسا، بۇ نورمالسىز ھارارەت دەپ ئاتىلىدۇ.

تېۋىپلارنىڭ نەزەرىيەسى شۇكى، ئىنساننىڭ بەدىنى ئىچىدە ماددىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن بۇ ھارارەت پەيدا بولىدۇ، بۇ نورمال دەرىجىدە بولغان بولسا تەبىئىي بەدەن ھارارىتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر نورمال چەكتىن ئېشىپ كېتىپ ئۆتكۈرلۈك ھالىتىگە ئۆزگەرگەن بولسا، بۇ نورمالسىز بەدەن ھارارىتى دەپ ئاتىلىدۇ (ئەللامە ئەلى گىلانى).

جالىنۇس ئېيتقانكى: ئەگەر ئادەم بەدىنى ئىچىدە ئوت تەركىبلىرى باشقا ماددا تەركىبلىرى بىلەن بىرلەشسە، بۇنىڭدىن بىر مۆتىدىل ھارارەت پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆيۈشكە سەۋەبچى بولغۇدەك زىيادە بولمايدۇ ۋە تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر (پىشۇرۇش ۋە ھەزىم قىلىش) ئۈچۈن، يېتەرلىك بولمىغۇدەك ئاز بولسا، بۇ چاغدا بۇ تەبىئىي بەدەن ھارارىتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ تەبىئىي ھارارەتتە ئۆتكۈرلۈك پەيدا بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى نورمالسىز بەدەن ھارارىتى دېيىلىدۇ (ئەللامە مەھمۇدئاملى).

جالىنۇس تەخمىنەن مىلادىيە 200 — 210 - يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا رازىمۇ بۇ توغرىدا جالىنۇس بىلەن ھەم ئوخشاش قاراشتىدۇر. ئۇ دېگەنكى، تەبىئىي ھارارەت بۇ ئەسلىي ھارارىتى نارىيىنىڭ بىر تۈرىدۇر، يەنى بۇ نورمال دەرىجىدە تۇرغان ۋاقىتتا بۇنىڭ نامى تەبىئىي ھارارەت دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ نورمالدىن ئاشسا ئۇنىڭ نامى نورمالسىز ھارارەت دېيىلىدۇ. (ئەللامە مەھمۇد ئاملى).

رازى مىلادىيە 850 - يىلدىن 934 - يىلغىچە ياشىغان.

تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي بەدەن ھارارىتى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىغاندا ھەق ۋە راستچىل ئۇ تېۋىپلار بىلەن بۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ تەبىئىي ھارارەتنى ماددا ھارارىتى دەپ قارايدۇ. بۇ ئوت تەركىبلىرى ۋە باشقا ماددىلارنىڭ بىرلىششلىرىدىن بەدەن ئىچىدە پەيدا بولىدۇ، نورمال چېگرادىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، توغرا مەزھەپتە شەرھى قىلغۇچىلار بۇ ئېتىرازلارنى قىلغان. مېنىڭ ئويۇمچە ئۇلارنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

بەدەن ھارارىتى بەدەننىڭ قايسى قىسمىدا پەيدا بولىدۇ؟ بەدەن ھارارىتى بەدەننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە ئازدۇر - كۆپتۇر پەيدا بولىدۇ، چۈنكى بەدەننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە پارچىلىنىش، بۇزۇلۇش بولۇپ تۇرىدۇ، يەنە بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ھەزىم قىلىش، ئوزۇقلاندۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە بىرىكتۈرۈش پائالىيىتى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. لېكىن بىر ئاز پەرق تەرتىپى زۆرۈركى، قايسى ئەزا بەكرەك زەخىملەنسە، ھارارىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ ۋە قايسى ئەزالاردا بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىشلەر ئاز بولسا، ھارارىتىمۇ ئاز بولىدۇ. مەسىلەن: گۆشتە سۆڭەك ۋە كۆمۈرچەكلەرگە نىسبەتەن مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر تېز بولىدىغان بولغاچقا، بۇ ئورۇندا ھارارەت

زىيادە پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئۇزۇنغىچە تۇرمايدۇ، بەلكى قان بۇنى سۈمۈرۈپ ناھايىتى تېز باشقا ئەزالارغا تارقىتىپ تەڭشەيدۇ، ئەلۋەتتە غەيرىي تەبىئىي ھالەتلەر ۋە كېسەللىكلەردە بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق مىساللار ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدا بىرەر خاس بەدەن بۆلىكىدە ئاشكارا ھالەتتە زىيادە ئىسسىق ياكى سوغۇق بولىدۇ.

بەدەن ھارارىتى نورمال ھالەتتە نېمە ئۈچۈن تۇرىدۇ؟ يۇقىرىقى مەزكۇر باياندا ئېيتىلغانكى، بەدەننىڭ ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىشلەر داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بۇ قايناش، پىشىش، ھەزىم ۋە ئۆزۈقلاندۇرۇش ناملىرى بىلەن ياد قىلىنىدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەر بەدەندە ئازدۇر - كۆپتۇر بولۇپ تۇرىدۇ. بەدەننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە ھەر ۋاقىت ھارارەت پەيدا بولسا، بەدەننىڭ ساغلام ھالىتىدىكى ھارارەت نېمە ئۈچۈن نورمال ھالەتتە تۇرىدۇ؟ ئەگەر بۇ كۆزىتىلسە، بىرلا ھالەتتىكى ھارارەت تېپىلىدۇ، بىرەر ئۇچۇق ۋە خاس ئۆزگىرىش سېزىلمەيدۇ، ئەگەر كېچە ۋە كۈندۈزدە ئازراق ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، تەخمىنەن يۈزدە بىر دەرىجىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى خۇددى ئاتنىڭ يۈگىنى ئات مىنگەن كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن ئاتنى ماڭدۇرغىنى، توختاتقىنى، يۆگۈرتكىنى ۋە خەتەردىن ساقلىغىنىدەك ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇش يۈگىنى ھوشيار تەدبىر قوللانغۇچىنىڭ قولىغا بېرىلگەندۇر. بۇنىڭ نامى بەدەننى تەدبىر قىلغۇچى تەبىئەتتۇر (تەبىئىي مۇدەببەر بەدەن). ئەگەر بۇ خالىسا ھارارەت پەيدا قىلىش ئەمىلىنى تېزلىتىدۇ، ئەگەر خالىسا ئاستا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەدەننىڭ ئىچىدە ھەرۋاقىت ھارارەت پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى بولغىنىدەك ھەر ۋاقىت سەرپ بولۇپمۇ تۇرىدۇ، ھارارەت پەيدا بولۇش ۋە بۇنىڭ ئاز سەرپ قىلىش يۈگىنىمۇ ھارارەت پەيدا قىلىشقا ئوخشاش تەبىئەتنىڭلا قولىغا بېرىلگەندۇر. ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن ھارارەت بەدەن ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى زىيادە بولسا، مەسىلەن: يۆگۈرگەندە، ھەرىكەت قىلغاندا ياكى قاتتىق ئىسسىقتا بەدەننى تەدبىر قىلغۇچى تەبىئەت دەرھال ھارارەتنىڭ سەرپ بولۇشنى ئاشۇرىدۇ، مەسىلەن: تېرە تومۇرلىرىنى ئېچىپ تەرنى ئاقىقۇزۇپ بۇخاراتلاندۇرىدۇ، بەدەندىن تەر ۋە بۇخارات چىققان بولسا، ئوچۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەدەن ھارارىتىمۇ يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن بەدەن ھارارىتى كېمەيگەن بولسا، ئۇ نۇقسانلار ئۈچۈن تەبىئەت ئوخشاش بولمىغان چارىلەرنى قوللىنىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق غىزالارغا بولغان تەلەپ ئاشىدۇ، غىزانى ھەزىم قىلىش پائالىيىتىنى تېزلىتىدۇ، ئاپتاپتا ئىسسىنىش، ئوتتا ئىسسىنىش، سوغۇقتىن قېچىش، ئەدىيال ۋە باشقىلار بىلەن بەدەننى ئوراش ئۈچۈن ئىنساننى مەجبۇر قىلىدۇ، قىسقىسى، ھارارەتنى نورمال دەرىجىدە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ قولىغا يۈگەن بېرىلگەن، بۇنىڭ تۈتىشىدا تومۇرلارنى كېڭەيتىش ياكى يىغىش، قان ئايلىنىشنى ئاستىلىتىش ياكى تېزلىتىش، بەزلەرنىڭ پائالىيىتىنى

ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ياكى توختىتىش ۋە ئۇزۇقلۇقنىڭ سەرپ قىلىنىشىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش بىرلىگەندۇر. بۇ پائالىيەتلەر ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە بەدەن ھارارىتى يەرلىك ئورۇنلۇق ياكى ئومۇمىي ھالەتتە زىيادە بولىدۇ ياكى كەملەيدۇ.

ھارارەت سەرپ بولۇشنىڭ ھالەتلىرى ھازىر تەپسىلىي سۆزلىشىمىز لازىمكى، بەدەن ھارارىتى قايسى ھالەتلەردە كېمىيىدۇ ۋە قايسى ھالەتلەردە ئاشىدۇ، بۇ ھالەتلەردە تەبىئەت قايسى خىل چارىلەر ۋە ئەمەللەر بىلەن ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە بۇنى نورمال تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ؟ بەدەن ھارارىتى تۆۋەندىكىدەك ھالەتلەردە سەرپ بولىدۇ:

بىرىنچى، سوغۇقلۇق ھارارەتنىڭ دۈشمىنىدۇر ۋە سوغۇقلۇق ھارارەتنى ئۆچۈرىدۇ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ چۈشەنچىسى ئوچۇقتۇر. ئەگەر بىرەر سوغۇق جىسىم ئىسسىق جىسىمدىن نىسبەتەن ئىسسىسا، مەسىلەن: ئەگەر بىز سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنغان بولساق، بەدىنىمىز سوغۇق بولغىنىدەك، بىزنىڭ بەدىنىمىز بۇ سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرىلا ئىسسىق بولىدۇ، باشقىچە سۆز قىلىپ ئېيتقاندا، بەدىنىمىزدىكى ھارارەت يۆتكىلىپ ئىككىنچى سوغۇق جىسىملار تەرەپكە بارىدۇ، سەرپ بولۇشنىڭ بۇ ھالىتى ھارارەتنىڭ يۆتكىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىرتقى ھاۋا ۋە سىرتقى جىسىملارنىڭ سوغۇق بولۇشى زۆرۈردۇر، سىرتقى جىسىملار قانچىلىك زىيادە سوغۇق بولسا، ھارارەتنىڭ يۆتكىلىشى شۇنچىلىك تېزلىشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىز قىش پەسلىدە قېلىن كىيىم بىلەن تاكى سىرتقى سوغۇق جىسىملار بىلەن بەدىنىمىز ئۇچرىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يۆگەيمىز، يەنى قېلىن كىيىم ئارىلىقتا توسۇق بولىدۇ، سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق شەربەت ئىچكەن ھالەتتە بەدەن ھارارىتى كېمىيىش ئەسلىي بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىنىمىزنىڭ تېرە، ھاۋا كاناللىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ھەر ۋاقىت بۇخاراتلار چىقىپ تۇرىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئاشكارا تەر چىقىدۇ، شۇڭلاشقا بۇخارات ۋە تەر بىلەن بەدىنىمىزنىڭ ھارارىتى يوقىلىدۇ، بۇ ھەممىمىزگە ئايان. سىرتقى ھاۋا قانچە زىيادە ئىسسىق بولسا شۇقەدەر تەر ۋە بۇخارات (ھور) نىڭ مىقدارى ئاشىدۇ، بۇ ئۇسۇلدا ھارارەتنىڭ خورىشىنى بۇخاراتلىنىش دەپ ئاتايدۇ. بۇخارات ۋە تەردىن باشقا بەدەندىن كېرەكسىز چىقىرىندىلار، ماددىلارنىڭ چىقىپ كېتىشىدىنمۇ بەدەن ھارارىتى يوقىلىدۇ، مەسىلەن: كىچىك تەرەت، چوڭ تەرەت، نەپەسلىنىش ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى، بۇ ئىككى ھالەتلەردىن باشقا ھارارەت خوراشنىڭ ئۈچىنچى بىر ھالىتىدۇر، يەنى ھارارەت بەدىنىمىزدىن كۈن نۇرىغا ئوخشاش باراۋەر تۆت تەرەپكە تارقاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ھارارەت تارقىلىشنىڭ سۈرئىتى دەسلەپكى ئىككى قىسمىغا نىسبەتەن ناھايىتى تېز بولىدۇ، بۇنى سىز مىسال قىلسىڭىز، مەيداندا بىرەر ئورۇندا ئۆتكۈر ئوت كۆيۈۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر

ئىسسىقلىق ھارارىتى كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ ۋە سىز يىراقراق ئارىلىقتا تۇرغان بولسىڭىزمۇ ئوت بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدىكى ھاۋا قارشى تەرەپكە بارىدۇ، بۇ ھالەتتە سىزگە ئوتنىڭ ئىسسىقلىقى يېتىپ كېلىدۇ، ۋاھالەنكى، ھاۋا ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئىسسىق تۇرىدۇ، ئۇ سىزگە بىرەر ئۇسۇلدا يېتىپ كېلەلمەيدۇ، سىزگە ئىسسىقلىقنىڭ يېتىپ كېلىشىنىڭ ھالىتى ئوتنىڭ ھارارىتى كۈن نۇرىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشىغا ئوخشاش سىزگە ناھايىتى تېزلىك بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، مەيلى ئارىلىقتىكى ھاۋا بىرەر تەرەپكە بېرىۋاتقان بولسۇن، بۇ ھالەتنى ھارارەتنىڭ تارقىلىشى دەپ ئاتايدۇ.

ھارارەتنىڭ يوقىلىشى ئۈچ ۋاستە بىلەندۇر. بۇ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ھەممىدىن تېرە مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەخمىنەن 87% ھارارەت چىقىم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا كاناللىرىدۇر، تېرىنىڭ مۇھىم بولۇشى ھارارەت سەرپ بولۇشنىڭ ئۈچ خىل ۋاستىسى بولغىنى ئۈچۈندۇر، تېرە كەڭ كۆلەملىك يۈز تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا قان كۆپ مىقداردا بولىدۇ ۋە بۇنىڭدىكى قان تومۇر كۆپىنچە زۆرۈرىيەت ۋاقتىدا تارىيىدۇ، باشقا ۋاقىتتا كېڭىيىدۇ.

چۈشىنىشلىك بولىدىكى، ئەھۋالغا قاراپ بەدەن ھارارىتىنىڭ ئېشىش ۋە كېمىيىشىدە تەبىئەت تېرىنى قانداق ئىشلىتىدۇ ھەم ئۆز تىزگىنى بىلەن ھارارەتنى قايسى ئۇسۇلدا يۇقىرى ياكى تۆۋەن قىلىدۇ. ئەگەر سىرتقى ھاۋا ئىسسىق بولسا ياكى بەدەن ھارارىتى ئاشسا ياكى ئۇنىڭ ئېشىشىنىڭ خەۋپى بولغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا تەبىئەت تېرە نېرۋىلىرى ئارقىلىق تېرە قىزىل قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تېرىگە قاننىڭ كېلىشى ئاشىدۇ، تېرە ئىلگىرىكىدىن زىيادە ئىسسىق بولىدۇ ۋە تەر كۆپ ئېقىشقا باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن ھارارىتى تۆۋەنلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەگەر سىرتقى ھاۋا سوغۇق بولسا ۋە سوغۇقلۇقنىڭ ئەندىشىسى بولسا، ئەگەر ھارارەتنىڭ يوقىلىشى توختىمىغان بولسا، بەدەن ھارارىتى ناھايىتى زىيادە تۆۋەنلىسە، تەبىئەت تېرە نېرۋىلىرى ئارقىلىق تومۇرلارنى تارايتىپ قاننىڭ مىقدارىنى تېرىدە ئازلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ رەڭگى ئۆچۈك ۋە سېرىق بولىدۇ، شۇنداقلا قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ، بۇخارات ۋە تەر توسۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن ھارارىتى ناھايىتى ئاز يوقىلىدۇ.

بۇ مىسالدا ھارارەتنىڭ سەرپ بولۇشىنى كېمەيتىش ياكى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەبىئەت بىرەر نەرسە ئىشلىتىدۇ، يەنى تەبىئەتنىڭ تىزگىنى بىرەر نەرسىنى بەلگىلەيدۇ، بۇ ئوچۇقتۇر. تەبىئەت نېرۋىلارنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق قان تومۇرلارنى كېڭەيتىدۇ ياكى تارايتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نېرۋىلارنى تەبىئەتنىڭ تىزگىنى بېكىتىشى لازىم. بۇ مىسال پەقەت ھارارەتنىڭ سەرپ بولۇشى ئۈچۈن ئېيتىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرىدە ھارارەت پەيدا بولۇشىنىڭ كۆپ

ياكى ئازلىقى ئۈچۈن تەبىئەت بۇ تىزگىننى ئىشلىتىدۇ، ئاچچىقلانغاندا ۋە غەزەپلەنگەندە يۈزى قىزىرىدۇ ۋە تېرىنىڭ ھارارىتى ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە قورقۇپ كەتكەندە چىرايى تاتىرىدۇ، بەدەنگە سوغۇقلۇق تارقايدۇ ۋە مويلىرى تىك بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئىككى ھالەتتىكى تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر نېرۋىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇندىلىدۇ، دەسلەپكى ھالەتتە ئەگەر يۈز ۋە تېرىنىڭ نېرۋىلىرى قان تومۇرنى كېڭەيتكەن بولسا، ئىككىنچى ھالەتتە بۇ قان تومۇرنى تارايتىدۇ.

بۇ ئېنىقكى، بەدەندىكى ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ھارارەت پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ ئۆزگىرىشنى تېز ياكى ئاستا قىلىشنىڭ كۈچى قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ بۇنى تەبىئەت ھاسىل قىلغاندۇر. ئۇ، بۇ پەرزنى نېرۋىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇندايدۇ، مەسىلەن: قىش پەسلىدە ئەگەر ھارارەت پەيدا قىلىشنىڭ ئۆتكۈر زۆرۈرىيىتى بولغان بولسا، تەبىئەت بىزنىڭ خاھىشىمىزنى قاندا ھارارەت پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرگە مايىل قىلىدۇ، مەسىلەن: مايلار ۋە تاتلىق نەرسىلەرنى يېيىش، چاي ۋە باشقىلارنى ئىچىش قاتارلىقلار، ئۇنىڭ ئەكسىچە ياز پەسلىدە بىزنىڭ تەبىئىي خاھىشلىرىمىز سوغۇق سۇ، سوغۇق شەربەتلەر ۋە بارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەر تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بۇ ئوچۇقكى، خاھىشلار ئەسلىدە سېزىملاردۇر ھەمدە سەزگۈلەر ۋە ئىدراك نېرۋىلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

غىزا ھارارەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن يېقىلغۇ بولىدۇ، قىش پەسلىدە سىرتقى ھاۋانىڭ قۇرۇقلۇقى سەۋەبىدىن بەدەندە ھارارەت پەيدا قىلىش زۆرۈرىيىتى زىيادە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت سوغۇق پەسلىدە غىزالارنى تېزلىك بىلەن ھەزىم قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ھەر كىشى خەۋەرداردۇر ۋە بىرەرسى بۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

قاتتىق قورساق ئاچقاندا بەدەن ھارارىتى شۇ قەدەر كېمىيىدۇكى، كۆپىنچە بەدەن ھارارىتىنىڭ كېمىيىشىلا ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ، ئۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق قىلىپ بېرىدۇكى، تاماق يېمىگەندە بەدەن ھارارىتىنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى تەبىئەت ھارارەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئاچ قورساقلىق سەۋەبىدىن تولۇق خام ئەشيا بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.

ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سەرپ بولۇشى ئۈچۈن بۇ پەقەت بىر قىسقىغىنە باياندۇر. بۇ تەبىئىي ھارارەتنىڭ مەسىلىسى، يەنى ھارارەتنىڭ بەدەن ئىچىدە قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە قانداق سەرپ بولىدىغانلىقى دەسلەپتىلا روشەن بولغان. بەدەن ھارارىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەرپ بولۇشىدا بىر خاس نىزام ۋە تەرتىپ باردۇر. بۇنى تەبىئەت ئەھۋالغا قاراپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قائىدىلىك تۇتۇشقا تىرىشىدۇ، بۇ نىزام ۋە قائىدىلىك بولۇشنىڭ نەتىجىسىدە سوغۇقلاردا ۋە ئىسسىقلاردا، ئەتىگەنكى سوغۇق ھاۋادا ۋە چۈشتىكى ئۆتكۈر ئاپتاپتا،

مۇزلۇق تاغلاردا ۋە ئەرەب سەھرالىرىنىڭ ئىسسىقىدا، چەكسىز قۇملۇقلىرىدا بەدىنىمىزنىڭ ھارارىتى ساغلاملىق ھالىتىدە تەخمىنەن بىردەك تۇرىدۇ، ئەگەر بەدىنىمىزنىڭ بوشلۇقلىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىلىرى باراۋەر تەسىر قىلغان بولسا، ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە ۋە ئوخشاش بولمىغان ھاۋالاردىن بەدىنىمىزنىڭ ھارارىتىدە ئاسمان - زېمىن ئوخشىماسلىقلار باردۇر. بەزىدە بەدىنىمىز مۇزغا ئوخشاش سوغۇق بولىدۇ، بەزىدە ئۆتكۈر قىزىتمىدەك قىزىق بولىدۇ.

ئەگەر بەدەندىكى ھارارەت بىر تەبىئىي نىزام ۋە بىر خاس تاناسىپ بىلەن پەيدا بولسا ھەم سەرپ بولسا قىزىتمىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئاسان بولىدۇ، يەنى ئەگەر بۇ تەبىئىي نىزامدا بىرەر سەۋەب بىلەن بۇزۇلۇش پەيدا بولسا، مەسىلەن: ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى نورمال دەرىجىدىن ئاشسا ۋە ئۇنىڭ سەرپ بولۇشى نورمال ھالەتتە تۇرسا ياكى ئەگەر ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەتتىكى ھالەتتە تۇرسا ۋە ئۇنىڭ سەرپ بولۇشى كېمەيگەن بولسا، بەدەن ھارارىتى نورمال چەكتىن ئېشىپ قىزىتما پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر ھارارەتنىڭ سەرپ بولۇشى نورمال دەرىجىدىن زىيادە بولسا ۋە ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەتتىكى ھالەتتە تۇرغان بولسا ياكى ھارارەتنىڭ سەرپ بولۇشى قائىدە بويىچە نورمال ھالەتتە تۇرغان بولسا ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى كېمەيگەن بولسا، بەدەن ھارارىتى نورمال چەكتىن چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ھارارەتنىڭ يۆتكىلىشى پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتنى بۇرۇنقى تېۋىپلار ھارارەتنىڭ كېمىيىشى (ھارارىتى مۇقەسسىرە) دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە بۇ سوئال بولىدۇكى، بۇ تەبىئىي نىزامدا بۇزۇلۇش قايسى سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن ھارارىتى ئېشىپ قىزىتما ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ.

تۆۋەندە بۇ نىزامنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغۇچى ئىككى سەۋەب بايان قىلىنىدۇ:

1. بىرەر زىيانلىق ماددا ياكى بۇزۇلغان خىلت.
2. بىرەر نېرۋا تەڭپۇڭسىزلىقى.

قىزىتمىنىڭ مەشھۇر تۈرلىرىدە بىرىنچى سەۋەبلا تېپىلىدۇ، ئىككىنچى سەۋەب نىسبەتەن ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

1. قىزىتمىغا سەۋەب بولىدىغان زىيانلىق ماددا ياكى بۇزۇق خىلتنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بار، ئۇلاردىن بەزى ماددىلارنىڭ تۈرلىرىنى ياخشى بىلگىلى بولىدۇ ۋە بەزىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھازىرغىچە توغرا بىلگىلى بولمىدى، زىيانلىق ماددا بەزىدە بەدەننىڭ ئىچىدىكى زەنجىرسىمان ئۆزگىرىشلەردىن پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ ماددا بەدەن سىرتىدىن كىرىدۇ، زىيانلىق ماددا بەزى ۋاقىتلاردا زەھەرلىك ماددىمۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن چوقۇم دەرھال ئۆلۈم سەۋەبى مەقسەت قىلىنمايدۇ. بەلكى بۇ سۆز زىيادە كەڭ ۋە ئومۇمىي ئۇقۇمدا ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ئۇ ماددا بەدەن

ئىچىدە بىرەر غەيرىي تەبىئىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مەيلى ئۇ تەسىر يەڭگىل ياكى ئۆتكۈر بولسۇن.

بارلىق ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلار ئۇفۇنەتتىن پەيدا بولىدىغان گۇرۇھقا كىرىدۇ. ئۇفۇنەت سەۋەبىدىن قان ۋە ئەزالاردا زىيانلىق ماددىلار ياكى زەھەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ھارارەت پەيدا قىلىش سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بەدەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى بۇ سەۋەبتىن تېز قىلىدۇكى، ھارارەت ئادەتتىن تاشقىرى مىقداردا پەيدا بولىدۇ ھەمدە قىزىتما كۆرۈلىدۇ.

جاراسىم زەھەرلىرىنى ئايرىم بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. جاراسىم ماددىلىرىمۇ ئەسلىدە ئۇفۇنەت ماددىلىرىدۇر. ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلاردىن باشقا قىزىتمىنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بار. بۇنىڭدا ئوزۇقلاندۇرۇش بۇزۇلۇش قاتارلىقلاردىن بەدەنىنىڭ ئىچىدە ھەر خىل زىيانلىق ماددىلار پەيدا بولغان بولسا، ھارارەتتە ھەرىكەتلىنىش پەيدا قىلىپ، قىزىتمىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ زىيانلىق ماددىلار بەزى ۋاقىتلاردا بىرئاز ئاجىز بولۇپ تېز يوقىلىدۇكى، يەڭگىل قىزىتما قىسقا ۋاقىت كۆرۈلۈپلا يوقايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىرئاز ئۆتكۈر ۋە ئۇزۇن بولىدۇ، بۇنىڭ ئارقىمۇئارقا پەيدا بولۇشى بىر يېتەرلىك مۇددەتكىچە ئۆتكۈر، يەڭگىل قىزىتما تۇرغىنىدەك تۇرىدۇ.

2. نېرۋا تەڭپۇڭسىزلىقى: بەزى ۋاقىتلاردا ھارارەت ئېشىشنىڭ مۇشۇنداق ھالەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا بىرەر زىيانلىق ماددىمۇ ئېنىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىياس قىلىنىدۇكى، بۇ تۈردىكى قىزىتما نېرۋا تەڭپۇڭسىزلىقلىرى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ قىزىتمىلار ھۇمما ئەسەبى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى مېڭە ۋە يۇلۇن تەجرىبە قىلىپ زەخىملەندۈرۈلسە ياكى زەخىملەنسە، ئاشكارا ھالەتتە بەزى ۋاقىتلاردا ھارارەت ئېشىش كۆرۈلىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ئالدى مېڭىدىكى قاناش، ئالدى مېڭىدىكى ئۆسمە ۋە مېڭە پەردىسى ئىششىقىدىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. ئۇ بارلىق ھالەتلەردە خىيال قىلىنىدۇكى، بۇ پەقەت نېرۋا قوزغىلىش سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. جىگەردە تاش پەيدا بولغان ھالەتتە ئەگەر سەپرادىن پەيدا بولغان تاش چۈشۈشكە باشلىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ قىزىتما كۆرۈلىدۇ ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ قاراشمۇ تۇرغۇزۇلىدۇ.

ئاچچىقلانغاندا بەدەن ھارارىتى ئاشىدۇ، گەرچە ئادەتتە قىزىتما دەرىجىسىگىچە يەتمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاچچىقلىنىش سەۋەبىدىن ھارارەتنىڭ ئېشىشى نېرۋا قوزغىلىشنىڭ بىر ياخشى مىسالىدۇر. بۇنىڭدا باشقا نېرۋا تەڭپۇڭسىزلىقلىرى قىياس قىلىنىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر يەرلىك ئورۇنلۇق ئاپەت، ئىششىق، ئۆسمە، قاناش، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش كۆرۈلمەستىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ھالىتىدە بەزى

ۋاقىتلاردا قىزىتما پەيدا بولىدۇ. بۇ قىزىتما ھۇمما ئەسەبىيەنىڭ تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنىڭدا نېرۋا تەڭپۇڭسىزلىقلىرى سەۋەبىدىن بەدەن ھارارىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سەرپ بولۇشى بۇزۇلىدۇ.

ئىششىقتىن بولغان قىزىتما ئەگەر يىرىڭلاشتىن بولغان بولسا ھۇممىياتى ئەرز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوچۇقكى، قىزىتمىنىڭ سەۋەبى يىرىڭ ئورنىدىن قانغا سۈمۈرۈلۈپ يېتىپ بارغان زىيانلىق ماددا بولىدۇ ۋە ئىششىقتا يىرىڭ پەيدا بولماي، قىزىتما پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېرۋا غىدىقلىنىش دېيىلىدۇ، يەنى ئىششىق ئورنىدا نېرۋىلارنى غىدىقلىغۇچى ئەزىيەتلەر بولىدۇ، بۇ ئەزىيەت سەۋەبىدىن پەقەت ھارارەت پەيدا قىلىش سىستېمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلىدۇ. بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرىدە ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، بۇلاردىمۇ قىزىتمىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولىدۇكى، ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئازراق ماددىلار پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاز مۇددەتكىچە مۇشۇنداق تۇرماستىن، بەلكى تەسىرلىرى كۆرۈلۈپ يوقالمايدۇ، يەنى بۇ تۈرلەردە ئاغرىق ياكى بىرەر تۈردىكى نېرۋا غىدىقلىنىش بولىدۇ، بۇنىڭدا نېرۋا تەڭپۇڭسىزلىقى قىزىتمىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بەزى تۈرلىرىدە ئىككى ئىشنىڭ ئېھتىمالى بولىدۇ.

بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارمۇ يەڭگىل ۋە ۋاقىتلىق قىزىتمىدۇر. بۇ بىرقانچە سائەتتە يەنە ئۆرلەيدۇ، مەسىلەن: تاماق ھەزىم بولماسلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن پەيدا بولغان قىزىتما.

ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدىمۇ ھارارەتنىڭ ئېشىشىغا بىر مەخسۇس زەھەرلىك ماددا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئۆپكىنىڭ سىل يارىسىدىن ياكى سۆڭەكلەر ۋە بەزلەرنىڭ سىل جاراھىتىدىن سۈمۈرۈلۈپ قانغا ئارقىمۇئارقا ئېقىپ بارىدۇ. خانازىر بەزلىرى ئەگەر پىشقان بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما شەكلى پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالەتتىمۇ خانازىر ئورۇنلىرىدىن يىرىڭنىڭ زەھەرلىك ماددىسى قانغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ ھارارەت ئۆرلەشنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئوفۇنەت، ئوفۇنەت ئوچىقى، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار

ئوفۇنەت قەدىمكى زاماندىكى تېۋىپلار كېسەللىكلەرنىڭ ماھىيەتلىرى توغرىسىدا ئوفۇنەت سۆزىنى ناھايىتى كۆپ ئىشلەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان قىزىتمىلارنى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار دەپ ئاتىغان. ئۇلار نۇرغۇنلىغان قىزىتما ئوفۇنەت سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارىغان. تۆۋەندە بۇ ئوفۇنەتكە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ھۆكۈممۇ بايان قىلىنىدۇ. مەن بۇلارنى ئازراق

روشەنلەشتۈرۈشنى خالايمەن.

1. تېۋىپلار ئېيتىدۇكى، ئوفۇنەت بەدەن ھۆللۈكلىرى ۋە خىلىتلارنىڭ بىر خىل بۇزۇلۇشىدۇر. بۇنىڭ بىلەن نورمال ھۆللۈكلەر ۋە تەبىئىي ماددىلار بۇزۇلۇپ، مۇشۇنداق ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار بەدىنىمىزدە ۋە ئەزالىرىمىزدا خىزمەت قىلالمايدۇ، ئىشى يوقىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ھەر خىل ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن توغرىدۇر ۋە بۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق سەۋەبى يوق. ئوفۇنەت يۈز بېرىش سەۋەبىدىن ھەر خىل ماددىلاردا بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇ بەدەن ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ.

2. تېۋىپلار دەيدۇكى، ئوفۇنەت پائالىيىتى ئۈچۈن ھارارەت زۆرۈردۇر ۋە ئوفۇنەت پائالىيىتىدىن ھارارەتمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىككى سۆزلەر توغرىدۇر. ئەگەر بىرەر ماددىغا مۇز ۋە باشقىلار بىلەن غايەت سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلگەن بولسا، ئوفۇنەت پائالىيىتى توختايدۇ. سەۋەبى بۇكى، مۇز ئىچىگە ئەگەر بىرەر ئۆلگەن ھايۋان ياكى مېۋە ۋە باشقىلار بېسىپ قويۇلسا، ئۇ، بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە بۇ ھالەتتە باراۋەر تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەسىلە بۇ سۆزلەر بىلەن ئېيتىلىدىكى، ئوفۇنەت بىر تەدرىجىي ۋە يەڭگىل خىمىيەلىك پائالىيەتتۇر، بۇ غايەت سوغۇقلۇق ۋە ھارارەتتە توختايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇناسىپ ھارارەت زۆرۈردۇر. بۇ سىرتقى كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىشلاردىن ئېنىقلاندى. بۇ سەۋەبتىن، سوغۇق پەسىلدە ۋە سوغۇق بوشلۇقلاردا نەرسىلەر بۇزۇلۇشتىن ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭدا كېچىكىش بولىدۇ. يامغۇرلۇق پەسىللەردە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر سوغۇق يەرگە قويۇلىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوفۇنەتتىن ھارارەت پەيدا بولىدۇ، بۇ شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. تەجرىبە ۋە كۆزىتىش بىلەن بۇنى ھەر كۈنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بىر نەرسە بىرەر قاچىغا قويۇپ قويۇلسا بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭدا ھارارەت بەزى ۋاقىتلاردا ئاشكارا ھالەتتە زىيادە سېزىلىدۇ. چۈنكى ئوفۇنەت ۋە ئېچىش بۇزۇلۇشنىڭ يەڭگىل ھالەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن قايسى تاناسىپ ۋە سۈرئەت بىلەن ئۇلاردا ئۆزگىرىشلەر بولسا، بۇ تاناسىپ بىلەن ئۇلاردا ھارارەتمۇ تەدرىجىي ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

3. تېۋىپلار بۇنىمۇ ئېيتىدۇكى، ئوفۇنەت پائالىيىتى ئۈچۈن ھۆللۈكمۇ زۆرۈر بولىدۇ. بۇمۇ توغرىكى، بىر مۇناسىپ ھۆللۈك ئىچىدە ئوفۇنەت پائالىيىتى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ھۆللۈكى ئازايتىلسا ياكى ئوفۇنەت توختايدۇ ياكى بۇ تاناسىپ بىلەن ئۇنىڭ سۈرئىتىدە كېمىيىش بولىدۇ. بىز بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ ئوفۇنەتنى توختىتىشنى ئارزۇ قىلساق، كۈل قاتارلىقلارنى تۆكۈپ ئۇنى قۇرۇتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئوفۇنەتنىڭ تەرەققىياتى توختايدۇ. ئۇ بارلىق مىساللاردا

ئوفۇنەت ۋە ئېچىش ھالەتلىرى تەخمىنەن بىردەك بولىدۇ.

4. تېۋىپلار نۇرغۇنلىغان قىزىتمىلارنى ئوفۇنەت تەرەپكە مەنسۇپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن بىرەرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا بىرەر شەك بولمايدۇكى، ھازىرقى خىمىيە ئىلمى ۋە تېببىي ئىلىممۇ قوبۇل قىلىدىكى، ھەر خىل جاراسىملار بولۇپ، بۇ بەدەن ئىچىگە كىرىپ ئوفۇنەت ۋە ئېچىشقا سەۋەب بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇلاردىن قىزىتمىلار خاس ھالەتتە بايان قىلىشقا لايىقتۇر. بۇ ئوچۇقكى، ئوفۇنەت ماددىسىدىن مۇشۇ ماددىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنى بۈگۈنكى كۈندە مىكروسكوپ بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭغا جاراسىم دەپ نام قويۇلغاندۇر. بۇ تۈردىكى ئوفۇنەتلىك ياكى جاراسىملىق قىزىتمىلار بۈگۈنكى كۈندە ھۇممىياتى نەۋئىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرلۈك جاراسىم ئوفۇنەت پەيدا قىلىدۇ.

ئىششىقلاردا يىرىڭ بولسا، بىز بۇنى ئوفۇنەت پائالىيىتى تەرەپكە مەنسۇپ قىلىمىز. بۈگۈنكى كۈندە بۇنى يېڭى خاس ئۇقۇملاردا جاراسىم پائالىيىتى تەرەپكە مەنسۇپ قىلىدۇ. بۇ بايانىدىن ئوچۇقكى، ئۇ ھالەتلەردە خالىس تەبىر ۋە خاس ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئازراق ھەقىقەت يوق.

قانىنىڭ ئوفۇنەتى بىر مەشھۇر كېسەللىك ئالامىتىدۇر. بۇنىڭدا باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قىزىتما بىر روشەن ھالەتتە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ خاس ئۇقۇملاردىكى ئىختىلاپمۇ قالمايدۇ. چۈنكى بۇ بۇ ۋاقىتتا ئوفۇنىيە ياكى قان بۇزۇلۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا قاندا ئوفۇنەت بولۇشنىڭ مەنىسى بۇكى، قاندا مەخسۇس جاراسىم ماددىسى تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ئوفۇنەتلىك ماددىلىرىدىن قان زەھەرلىنىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ.

5. تېۋىپلار بۇنىمۇ ئېيتىدۇكى، ئۆتكۈر ھارارەت بولغاندا ئوفۇنەت ئورنىغا كۆيۈش كۆرۈلىدۇ. بۇ ئوچۇقكى، بۇ يەردىكى كۆيۈش ئوفۇنەت ۋە بۇزۇلۇشقا نىسبەتەن ئېلىنغان. ئوفۇنەت ۋە بۇزۇلۇشتا ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى تەدرىجىي ۋە ئاستا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى كۆيۈش ئۆزگىرىشتۇر، بۇنىڭ سۈرئىتى نىسبەتەن ناھايىتى تېز بولىدۇ. مەسىلەن: بىز سىرتقى دۇنيادا ئۆز كۆزىمىز بىلەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرىمىز ۋە بۇنى بىز كۆيۈش نامى بىلەن ئاتايمىز، مەسىلەن: ياغاچ ياكى كۆمۈر كۆيگەندە ئوچۇقكى، بۇنىڭدا بۇزۇلۇش ۋە ئۆزگىرىش سۈرئىتى تېز ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ھالەتتە ھارارەتمۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆپ مىقداردا پەيدا بولىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىقكى، ئوفۇنەت، بۇزۇلۇش ۋە كۆيۈش پائالىيىتىدە پەقەت ئۆزگىرىش سۈرئىتىدە پەرق بولىدۇ. بىرىدە سۈرئەت ئاستا بولسا، يەنە بىرىدە تېز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تېۋىپلار ئوفۇنەت پائالىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەزىدە ئىستېمال سۆزى بىلەن، بەزىدە كۆيۈش سۆزى بىلەن ئاتايدۇ ۋە بەزىدە چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا سۆزلەرنى

ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: يېقىلغۇ كۆيدۈرۈش.

ھارارەت ئوچىقى ۋە ئۇفۇنەت ئوچىقى ھارارەت ئوچىقى ۋە ئۇفۇنەت ئوچىقى، بۇ ئىككى خاس ئۇقۇملارنى خۇسۇسەن قىزىتمىلارنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تېۋىپلار ناھايىتى زىيادە قوللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇ خاس ئۇقۇملارنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئەگەر بىرەر شەخس ئۇ ئىككى خاس ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى پەقەت خەۋەرسىزلىكتە قالغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بەزىدە ئۇفۇنەت پۈتۈن قان ۋە پۈتۈن بەدەندە ئومۇمىي بولىدۇ. بۇ قان ئۇفۇنەتلىنىشنىڭ مىسالى ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولدى ۋە بەزىدە ئۇفۇنەت بەدەننىڭ بىرەر خاس بۆلىكىگە مەخسۇس بولىدۇ، مەسىلەن: بەدەننىڭ بىرەر خاس بۆلىكىدە يىرىڭلىق ئىششىق بولۇش، ئىششىق يىرىڭلاش ياكى يەنە باشقا ھالەتلەر بولىدۇ.

دەسلەپتە قىزىتما كۆرۈلىدۇ ياكى پۈتۈن بەدەنگە ئۇنىڭ بۇزۇلغان ماددىلىرى تارقايدۇ. بۇلار تارقالغاندىن كېيىن ئاپەت ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئاشكارىدۇر. لېكىن بۇ ئۇفۇنەت ۋە ئۇفۇنەت ماددىسى بىرەر خاس ئورۇندا چەكلەنگەن بولسىمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ زەھەرلىك ماددىلىرى سۈمۈرۈلۈپ، پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، قىزىتمىغا ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئاپەت پەيدا قىلىدۇ. قىسقىسى، ھەرھالدا ئۇفۇنەت ماددىلىرى پۈتۈن بەدەندە ئومۇمىي بولمايدۇ، بەلكى ئۇفۇنەت مەركىزى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭلاشقا قايسى جايدا ئۇفۇنەت مەركىزى بولسا، بۇ ئۇفۇنەت ئوچىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوچاق مەستەۋقەد دېگەن سۆزدىن چىققاندۇر، بۇنىڭ مەنىسى يېقىلغۇ (كۆيدۈرگۈچى) بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۈچەيلەر، ئاشقازان، جىگەر، تال، بالىياتقۇ قاتارلىقلاردا ئۇفۇنەت بولسا ياكى ئۇ ئورۇنلاردا چوڭ - چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقلار بولغان بولسا خاس ئۇقۇملاردا ئۇ ئورۇنلار ئۇفۇنەت ئوچىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى يېقىلغۇ كۆيىدىغان ئورۇندۇر. شۇڭلاشقا ئۇفۇنەت ئوچىقىدىن تارقىلىپ قىزىتما قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەندە يېزىلغان بايانمۇ ئۇقۇلىدۇ.

قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرى

قىزىتمىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېتىبارلار بىلەن بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، ھۇمما ئەرەزىيە، ھۇمما مەرەزىيەدۇر. بۇ، قىزىتمىنىڭ بىر خىل بۆلۈنۈشىدۇر. بۇ قىزىتما ئەسلىدە ئۇفۇنەت ۋە باشقىلاردىن ياكى بىرەر باشقا كېسەللىك

سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا، بۇ تۈردىكى شېرىكى قىزىتمىلار (بۇ باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئەگەشمە شەكىلدە پەيدا بولىدۇ) ھۇممىياتى ئەرەز دەپ ئاتىلىدۇ ۋە يەنە بىر تۈردىكى ئەسلىي قىزىتمىلار ھۇممىياتى مەرەز دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى دەسلەپكى قىزىتما باشقا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەرەز شەكىلدە پەيدا بولىدۇ، مەيلى بۇ ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ئوفۇنەتى سەۋەبىدىن ياكى بىرەر باشقا سەۋەبتىن كۆرۈلسۇن. يەنە بىر قىزىتما بىرەر كېسەللىكنىڭ ئەرەزى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ كېسەللىكنىڭ ئۆزىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىش سەۋەبى ئوچۇقتۇر.

ھۇممىياتى ئەرەزنىڭ مەشھۇر روشەن ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان مىسالى ئىششىقتىن بولغان قىزىتمىدۇر. ئىششىق سەۋەبىدىن ئومۇمەن قىزىتما ئەرەز شەكىلدە پەيدا بولىدۇ. بۇ بۆلۈش ۋە ئۇقۇم ئەمەلى مەنپەئەت ۋە توغرىلىقلار ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. چۈنكى بۇ تۈردىكى ئىككىلەمچى قىزىتمىلارنىڭ ئىلاجىدا ئەسلىي كېسەللىككە رىئايە قىلىنىدۇ ۋە چارىلەردە بۇ ئىلگىرى داۋالىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈردىكى خاس ئۇقۇم سۆزلىرىدە بۇنى ئىنچىكىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەتتە بۆلۈش ئەسلىي كېسەللىك ۋە شېرىكى كېسەللىك ئۇسۇلىدا بۆلۈشكە مۇناسىپتۇر. بۇنى بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئىنچىكىلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچى تۈرى، ئوفۇنەتلىك قىزىتما ۋە ئوفۇنەتسىز قىزىتمىدۇر. بۇ بۆلۈش ناھايىتى ئومۇمىي ۋە ئوچۇقتۇر. ئوفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ ئومۇمىي ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەبى بۇ بولىدۇكى، بەزى كىشىلەر ئەسلىي ۋە ھەقىقىي قىزىتما دەپ ئوفۇنەتلىك قىزىتمىنىلا ئاتايدۇ. ئوفۇنەت بەزىدە قان ۋە خىلتتا بولىدۇ، بەزىدە بىرەر ئەزانىڭ توقۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بەزىدە ئوفۇنەتلىك ئىششىق ۋە يىرىڭلىق قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۆپكىنىڭ سىل يارىسى ئەزا خاراكتېرلىك ئوفۇنەتنىڭ مىسالىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما چوقۇم بولىدۇ.

ئوفۇنەتلىك قىزىتما بىلەن جاراسىملىق قىزىتما تەجرىبە قىلىش ئېتىبارى بىلەن قاپىيەداشتۇر. بۇ ئىلگىرىكى بايانلاردىن ئاشكارىدۇر. ئەگەر ئوفۇنەت قان ياكى بەدەننىڭ بىرەر ھۆللۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، بۇنى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىدىن باشقا بەزىدە خىلتلىق قىزىتما دەپمۇ ئاتايدۇ. ئوفۇنەتسىز قىزىتمىلارغا ئادەتتىكى ۋە يەڭگىل قىزىتمىمۇ كىرىدۇ، بۇنى بىر كۈنلۈك قىزىتما دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئومۇمەن بىر - ئىككى كۈندە يوقايدۇ. بۇ تۈردىكى بىر كۈنلۈك قىزىتما ئومۇمەن مېھنەت ۋە مۇشەققەت، ھارغىنلىق، غەم ۋە ئاچچىقلىنىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئېنىق بولمىغان سەۋەبتىن بەزى ۋاقىتلاردا ئازراق مۇشۇنداق ماددىلار ۋە كېرەكسىز ماددىلار پەيدا بولىدۇ، بۇ قانغا سۈمۈرۈلۈپ ۋاقىتلىق ھالەتتە ئادەتتىكىدەك ھارارەت پەيدا قىلىپ تارقاپ كېتىدۇ ياكى نېرۋىلار ۋە نېرۋىلار

مەركەزلىرىدە بۇ تۈردىكى تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن ھارارەت پەيدا قىلىش تەرتىپى نورمال تۇرمايدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى، ھۇمما لازىمە، ھۇمما نائىبەدۇر. قىزىتما ئۆزىنىڭ مۇئەييەن مۇددىتىگىچە باشتىن - ئاخىرىغىچە داۋاملىق ئۆرلىسە ۋە بىرەر ۋاقىتتىمۇ تۆۋەنلىمىسە، بۇ لازىمە ياكى دائىمە دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ تۆۋەنلىسە، يەنى ئۇ تۇتقاقلىق ھالەتتە بولسا، بۇ نائىبە (تۇتقاقلىق بولغۇچى) ياكى دائىرە دېيىلىدۇ. ھۇمما لازىمەنىڭ يەنە ئىككى تۈرى بولىدۇ: بىرى، مۇتبىقە، يەنە بىرى، مۇفەتتىرە. مۇتبىقەدە ھارارەت تەخمىنەن ئۆزگەرمەي تۇرىدۇ. كەچ ۋە كۈندۈز ياكى ئەتىگەن ۋە شامدا ئەگەر ئازراق ئوخشىماسلىق بولسا، پەقەت ئادەتتىكىدەك ۋە يەڭگىل بولىدۇ. بۇ ھەر كۈنى ۋە ھەمىشە ساغلام ئىنساندىمۇ بولىدۇ. مۇفەتتىرەدە قىزىتما گەرچە تولۇق تۆۋەنلىمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئاشكارا كېمىيىدۇ. ئەگەر يەنە كېمىيىش بۇ ھالەتتە ھەر كۈنى پەيدا بولسا، بۇلەسقە دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى كۈنى بولغان بولسا غىب لازىمە ۋە ئەگەر تۆتىنچى كۈنى بولغان بولسا رۇبئى لازىمە دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ھۇمما نائىبەنىڭ بىر قانچە شەكىللىرى بولىدۇ. ئەگەر قىزىتما ھەر كۈنى تۆۋەنلىسە، يەنى ھەر كۈنى ئۆرلەپ ۋە چۈشۈپ تۇرسا، بۇ مۇۋازىبە دېيىلىدۇ. ئەگەر بىر كۈن ئارىلاپ ئۈچىنچى كۈنى قىزىسا بۇ غىب دائىرە دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر تۆتىنچى كۈنى قىزىسا بۇ رۇبئى (رۇبئى دائىرە) دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى تۈرى، ھۇمما تەفھىييە، ھۇمما غەيرىي تەفھىييەدۇر. بۇ، چېچەك، قىزىل، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما قاتارلىقلارنىڭ قىزىتمىسىدۇر، بۇلار بەدەندە مۇدۇر - چاقا، سۇلۇق قاپارتما چىقىرىدۇ ۋە داغ چۈشۈرىدۇ. بۇنى خاس ئۇقۇملاردا تەفھى دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇ تۈردىكى قىزىتمىلارنى ھۇممىياتى تەفھىييە، بەزىدە بۇلارنى ھۇممىياتى فاجىرە دەپمۇ ئاتايدۇ. ئىنفىجار ئەسلىي مەنىدە سۇ ياكى بۇلاقنىڭ ئېچىلىشى دېگەن بولىدۇ. كۆچمە مەنىسى بەدەن ئۈستىدە مۇدۇر - چاقىلارنىڭ ئاشكارا بولۇشى دېگەن بولىدۇ.

بەشىنچى تۈرى، ھۇمما سەلىمە، ھۇمما خەبىسەدۇر. ئەگەر قىزىتما خەتەرسىز بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن چوڭ ئەگەشمە كېسەللىكلەر مەۋجۇت بولغان بولسا، بۇ ھۇمما سەلىمە دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا خەبىسە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالتىنچى تۈرى، ھۇمما ھاددە، ھۇمما بارىدەدۇر. قىزىتما بىلەن جۇغ - جۇغ ۋە سوغۇقلۇق بولسا، ھۇمما بارىدە دەپ، پەقەت ئىسسىقلىق بولسا، سوغۇقلۇق بەزىدە ئاشكارا بولمىسا، بۇ ھۇمما ھاددە دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭدەك ھۇمما نافىزە دەپ جۇغ - جۇغ بولىدىغان قىزىتمىنى ئاتايدۇ.

يەتتىنچى تۈرى، ھۇمما بەستە، ھۇمما مۇرەككەبەدۇر. بەزىدە شۇنداق بولىدۇكى، بىر

ۋاقىتتا ئىككى ياكى كۆپ قىزىتما بىرگە كەلگەن بولىدۇ. بۇ قىزىتمىلار مۇرەككەپ قىزىتما دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئاددىي قىزىتما دەپ ئاتىلىدۇ.

سەككىزىنچى تۈرى، ھۇمما ھاددە، ھۇمما مۇزمىنەدۇر. ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولسا ۋە ئۇنىڭ مۇددىتى زىيادە ئۇزۇن بولمىسا، بۇ ئۆتكۈر قىزىتما دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما زىيادە ئۆتكۈر بولمىسا ۋە ئۇنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولسا، بۇ سوزۇلما قىزىتما دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما. يەنە ئۆتكۈر قىزىتمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى بار، بىز بۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىمىز.

قىزىتمىنىڭ بۆلۈنۈشى

سەمەرقەندى قىزىتمىنى ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلگەن. يەنى بىرىنچىسى، بىر كۈنلۈك قىزىتما، ئىككىنچىسى، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما، ئۈچىنچىسى، ئوفۇنەتلىك قىزىتما.

بىر كۈنلۈك قىزىتما بىر كۈنلۈك قىزىتما يەنى يەڭگىل قىزىتما. بۇنى داۋالىمىسىمۇ كۆپىنچە ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. بۇ قىزىتمىنىڭ نامى بىر كۈنلۈك قىزىتما دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇ تۈردىكى قىزىتما كۆپىنچە بىر كۈن ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بۇ تۈردىكى قىزىتمىنىڭ نامى ئورۇقلاتقۇچى دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇ قىزىتما يەڭگىل ۋە سۇس بولىدۇ، بىمار ئورۇقلايدۇ، يەنى شۇنىڭ ئۈچۈنكى بۇ قىزىتما بىلەن ئەزالار ئورۇقلايدۇ.

ئوفۇنەتلىك قىزىتما بۇ تۈردىكى قىزىتمىنىڭ نامى ئوفۇنەتلىك قىزىتما دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇ خىلىتلارنىڭ ئوفۇنەتتىن كۆرۈلىدۇ (ئوفۇن ۋە ئوفۇنەت — بۇزۇلۇش دېگەن مەنىدە).

قىزىتما ياكى ھارارەت ئېشىشىنىڭ دائىملىق ئالامەتلىرى

قىزىتمىنىڭ ماھىيىتىدە بۇ سۆزلىنىپ بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھارارەتنىڭ ئېشىشى قىزىتما ھالىتىدە ئازدۇر - كۆپتۇر بەدەندىكى پائالىيەتلەردە تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە بىرقانچە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بۇنىڭ بىلەن شېرىك بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قىزىتمىدا بۇلار بايان قىلىنىدۇ. ھەقىقەتتۇركى، ئەگەر ھارارەت ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆرلەپ تۇرغان بولسا، تەخمىنەن بەدەننىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئازدۇر - كۆپتۇر تەڭپۇڭسىزلىق ۋە بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ پەقەت ئاشقان ھارارەتنىڭ نەتىجىسى بولامدۇ ياكى ئۇ زەھەرلىك ۋە بۇزۇلغان

ماددىلارنىڭ (بۇ قىزىتمىدا خىلتلار ۋە قاندا بولىدۇ دەپ ئېيتىلىدۇ) نەتىجىسى بولامدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ جاۋابى بۇكى، گەرچە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى قىزىتمىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۇزۇلغان ماددىلارمۇ چوقۇم پائالىيەتلەر تەكشۈكسىزلىكىنى پەيدا قىلىشقا ئازدۇر - كۆپتۇر ھەسسە قوشىدۇ.

تېرە قىزىتما ھالىتىدە تېرىنى تۇتقاندا ئومۇمەن ئىسسىق بىلىنىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا شۇقەدەر ئۆتكۈر بولىدۇكى، تېرە ئۈستىگە قولنى قويۇش بىلەن قول كۆيۈۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ، بۇنداق تېرە ئومۇمەن قۇرغاق بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا تەر سەۋەبىدىن ھۆل بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا تەر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە ھارارەت ئاشكارا ھالەتتە كېمىيىدۇ ۋە بەزىدە ئاشكارا ھالەتتە كېمەيمەيدۇ. بۇ تۆردىكى تەرلەشتىن كېيىن بەزىدە تېرە ئۈستىگە تېرىق دانىلىرىدەك مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ.

تېرىنىڭ رەڭگى قىزىتما ھالىتىدە ئومۇمەن ئۆز ھالىتىدە تۇرىدۇ. قىزىتما ھالىتىدە ئەگەر تېرە ئۈستىگە سۇلۇق قاپارتما، مۇدۇر - چاقا ۋە ئوخشاش بولمىغان قىزىتمىلارنىڭ مەخسۇس ئەسۋىلىرى چىققان بولسا تېرىنىڭ تەبىئىي رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، لېكىن يۈز ئومۇمەن قىزىل بولىدۇ، جۆملىدىن قىزىتما كەلگەن ۋاقىتتا، يەنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چىرايى ۋە كالپۇكى قىزىل بولىدۇ، يۈزىنىڭ قالغان بۆلىكى ئۆڭۈك ياكى سېرىق بولىدۇ. ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئەگەر قان ئايلىنىشتا ئاجىزلىق پەيدا بولسا، يۈزى كۆپۈشكەن ۋە كۆك بولىدۇ ھەم بۇ كەيپىيات قول - پۇتلاردا ئاشكارا بولىدۇ.

تېرە سۇلۇق قاپارتمىلىرى، تېرىگە داغ چۈشۈش ۋە تېرە ئاستى قاناش، چېچەك، قىزىل قاتارلىق يۇقۇملۇق قىزىتمىلارنىڭ ناچار تۈرىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ شۈبھىسىز ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ زەھەرلىك ماددىلىرى قىل قان تومۇرلارنىڭ دىۋارلىرىغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش پەيدا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ھەزىم ئەزالىرى تىلى گەز باغلايدۇ. ئومۇمەن گەز رەڭگى دەسلەپىدە ئاق بولىدۇ ھەمدە تىلى ھۆل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىلى قۇرۇق بولىدۇ. گەز تىل گىرۋەكلىرى ياكى ئۇچىدىن چۈشۈشكە باشلايدۇ. قايسى ئورۇندىن گەز چۈشسە مۇشۇ ئورۇندىن تىل قىزىل كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىي قىلىپ تىل ناھايىتى قۇرۇق، قاتتىق ۋە يىرىك، توپا رەڭلىك ياكى سارغۇچ رەڭلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ يۈزىدە تۆشۈك پەيدا بولىدۇ. تىل ئۈستىدە قاقاچ شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆكۈرۈكنىڭ قۇرۇق تەركىبلىرى، چىرايىنىڭ ئىچكى يۈزىدىكى سىرغىما تەركىبلەر، غىزالار ۋە بەزى ۋاقىتلاردا قان ۋە تېرە يۈزەكى قەۋىتىنىڭ

تەركىبلىرى، ئوفۇنەتلەنگەن ماددىلار شېرىك بولىدۇ، بۇلار چىشلار ئارىلىقىدىكى بوشلۇقلارغا توپلىنىدۇ. بۇ ھالەتتە چىش مىلىكلىرى ۋە چىشلار ئۈستىدىمۇ بۇ تۈردىكى كىر توپلىنىدۇ، بۇ تەرامە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىشتىھا يوقىلىش قىزىتمىنىڭ دەسلىپىدىكى روشەن ئالامەتلىرىدىندۇر. بەزى ۋاقىتلاردا كۆڭلى ئېلىشىشمۇ بولىدۇ. ھەزىم ئاجىزلىق تەخمىنەن قىزىتمىنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە تېپىلىدۇ. قەۋزىيەتلىك بولىدۇ. تال بەزى قىزىتمىلاردا يەڭگىل ھالەتتە، بەزى قىزىتمىلاردا ئاشكارا ھالەتتە چوڭىيىدۇ ۋە بېسىش بىلەن ئاغرىيدۇ.

قان ئەزالىرى قاننىڭ ئەزالىرىدىن يۈرەك ۋە ئۇنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىغا قىزىتما ھالىتىدە قانداق تەسىر يېتىدۇ؟ ۋە بۇنىڭ بىلەن قايسى تۈردىكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ؟ قىزىتما ھالىتىدە يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى تېز بولىدۇ. دەسلەپتە يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىدە كۈچ ۋە ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ، كېيىن ئاجىزلىق بولۇش سەۋەبىدىن يۈرەكتە ئاجىزلىق بولىدۇ. تومۇر سوقۇش قېتىم سانى ھارارەت دەرىجىلىرىگە قارىمۇقارشى ھالدا بىر دەقىقىدە 80 ~ 120 ياكى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولىدۇ. كېيىن بۇ يۇمشاق ۋە زۇلقەرئەتەين (بازغان ئۇرغاندەك) بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا يۈرەكمۇ زىيادە ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتىكى تومۇردا ئارقىمۇئارقىلىق ۋە كىچىكلىك ئاشىدۇ. باسقاندا ئاسانلىق بىلەن بېسىلىدۇ (يۇمشاق بولىدۇ) ۋە ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشى ھەر خىل بولىدۇ. يۈرەكنىڭ ئاجىزلىقى قانچە ئاشسا، دەسلەپكى ئاۋازى شۇ قەدەر تۆۋەن بولىدۇ ھەتتاكى ئۇنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئەمچەكنىڭ سىرتقى تەرىپىدە يۈرەكنىڭ سوقۇشلىرى مەلۇم بولىدۇ، بۇ يۈرەك ئاجىزلاپ كېڭەيگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

نەبزى زۇلقەرئەتەينى بۇنىڭدا يۈرەك بىر سوقۇپ بولغۇچە تومۇردا ئىككى سوقۇش مەلۇم بولىدۇ، بۇ بازغان ئۇرغاندەك تومۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىزىل قان تومۇرلارنىڭ ئىچىدە قان بېسىمى تۆۋەنلەپ كەتكەندە پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

نەپەسلىنىش ھارارەتنىڭ كۆپلۈكى ۋە تومۇر تېزلىكىگە ماس ھالدا نەپەسلىنىشمۇ تېز بولىدۇ. شۇڭلاشقا بەزىدە نەپەسلىنىش قېتىم سانى بىر دەقىقىدە 30 ~ 40 قېتىمغىچە بولىدۇ. ئەگەر قىزىتما ئاز مۇددەتكىچە تۇرغان بولسا، ئۆپكە پۇۋەكچىلىرىدە قان تولۇش پەيدا بولىدۇ ۋە كۆكرەكنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدىكى نەپەسلىنىش ھەرىكەتلىرى ئالدى تەرەپتىكىدىن زىيادە نامايان بولىدۇ.

سۈيدۈك ئەزالىرى قىزىتما ھالىتىدە بۇخارات سۈيۇقلۇقى تېرە ۋە نەپەسلىنىش ئەزالىرى ئارقىلىق چىقىرىلىدىغانلىقى، شىريانلارنىڭ ئىچىدىكى قان بېسىمى كېمىيىدىغانلىقى

ئۇچۇن بۆرەكتە سۈيدۈك ئاز پەيدا بولىدۇ، قارورەنىڭ مىقدارى كېمىيىدۇ. ئەگەر سۈنىڭ مىقدارى كېمەيسە، ماس ھالدا قارورەنىڭ رەڭ ماددىسى ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قارورەنىڭ رەڭگى ناھايىتى قېنىق بولىدۇ ۋە ئۇيۇغۇچى ماددىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭ قىيامىمۇ قويۇق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، سوغۇقتا قارورە ئاشىدۇ ۋە ئومۇمەن زەھەرلىك بولىدۇ. بەزى ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا بەزىدە قارورەنىڭ ئىچىدە ئاز مىقداردا تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇقمۇ تېپىلىدۇ.

مېڭە ۋە نېرۋىلار باش ئاغرىقى بارلىق قىزىتمىنىڭ دەسلەپىدە ناھايىتىلا ئومۇمىي ۋە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن سەزگۈلەردە سۇسلىشىش بولىدۇ. بىمار بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشنى ۋە بىرەر ئەقلىي ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدۇ. ئاز مۇددەتتىن كېيىن پەقەت ئەقلىي ئىشنىلا ئەمەس، باشقا جىسمانىي ئىشلارنى قىلىشقىمۇ كۆڭلى تارتمايدۇ. بۇنىڭدا ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلارنى قىلغۇدەك كۈچمۇ بولمايدۇ. ئۇيقۇسىراش بولىدۇ، ئەگەر ئۇخلىسا، ئۇزۇن ئۇخلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي ئۇيقۇسىز جۆيلۈش باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا بىمار سۆزلەيدۇ ۋە بەزىدە بۇ جۇنۇنغىچە تەرەققىي قىلىدۇ. بىمار ئورنىدىن تۇرۇپ پەرۋىش خادىملىرى ۋە يېنىدىكى كىشىلەر بىلەن سىردىشىدۇ ياكى دېرىزە قاتارلىقلاردىن سەكرەپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ تەرەققىي قىلسا، بىماردا تولۇق ھوشسىزلىق، سېزىمسىزلىق بولىدۇ، بۇ قوما ياكى سۇبات دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھوشسىزلىقنىڭ دەسلەپكى دەرىجىسىدە بىمار بارماقلىرى بىلەن كىيىملەرنى قايتا - قايتا مىجىقلايدۇ ياكى كۆز ئالدىدا بولغان خىيالىي نەرسىلەرنى تۇتىدۇ.

قىزىتما سەۋەبىدىن ئەگەر بەدەندە ئومۇمىي ئاجىزلىق پەيدا بولغان بولسا، بەدەن مۇسكۇللىرىنىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرىدە تەڭپۇڭسىزلىق ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: سۆزلىگەن ۋاقىتتا تىلى تىترەيدۇ، ئەزالارنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە ئەزالار تىترەيدۇ ھەم مۇسكۇللاردا بەزى ۋاقىتلاردا تەشەننۇجلۇق كەيپىيات پەيدا بولىدۇ، ئېگىش بىلەن ئەزالاردا قايتا - قايتا تىترەش بولىدۇ ۋە ئوخشاش بولمىغان مۇسكۇل ئورۇنلىرىدا لىكىلداش بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا مەقئەت قورىغۇچى مۇسكۇلى (بۇ چوڭ تەرەتنى تۇتۇش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ) بوششىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز چوڭ تەرەت چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر قىزىتما سەۋەبىدىن ئەزالارنىڭ سەزگۈسى ئاجىزلىغان بولسا، بىمار دوۋساقنىڭ تولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا كىچىك تەرەت قىلىش سېزىمى يوقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىچىك تەرەت دوۋساقتا ئادەتتىن تاشقىرى توپلىنىپ قالىدۇ ۋە دوۋساق يېرىلىشنىڭ قورقۇنچلۇق ھالىتىنى پەيدا قىلىدۇ. پۇت - قوللارنىڭ تىترىشى، مۇسكۇللار ئاغرىقى ۋە ئەزالار ئاغرىقى، بىئاراملىق، ئۇيقۇسىزلىق ھەم باش قېيىش قاتارلىقلار نېرۋا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇ قىزىتما ھالىتىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

قىزىتما ھارارىتىنىڭ كېچە - كۈندۈزدىكى ئوخشىماسلىقى

بۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغىنىدەك ساغلاملىق ھالىتىدىمۇ ئەتىگەن ۋاقتىدا ھارارەت بىر يېرىم دەرىجە كەم بولىدۇ ۋە چۈشتىن كېيىن بىر، بىر يېرىم دەرىجە ئاشىدۇ، بۇ تاناسىپقا مۇۋاپىق قىزىتما ھالىتىدىمۇ ئومۇمەن ئەتىگەن ۋاقتىدا ھارارەت بىر، بىر يېرىم دەرىجە تۆۋەنلەيدۇ ۋە چۈشتىن كېيىنگە يېقىن بىرئاز ئاشىدۇ، كېمىيىشنىڭ ئاخىرقى دەرىجىسى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئالتىگىچە بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئەكسىچە ھالەتلەرمۇ پەيدا بولىدۇ. يەنى ئەتىگەندە ھارارەت زىيادە بولىدۇ ۋە چۈشتە تۆۋەن بولىدۇ. بۇ بىر ئومۇمىي ھۆكۈمدۇركى، ھارارەتنىڭ ئېشىش ۋە تۆۋەنلىشى بىلەن، يەنى تەخمىنەن بۇ تاناسىپ بىلەن تومۇر ۋە نەپەسنىڭ سۈرئىتىدىمۇ كېمىيىش ۋە ئېشىش پەيدا بولىدۇ، كېسەللەنگەن مەزگىلدە يېقىمسىزلىق ۋە ئەزىيەتلىنىشمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ.

قىزىتما ۋاقىتلىرى ۋە ئۇنىڭ سۈرئىتى

كۆپلىگەن قىزىتمىلاردا بىر روشەن سۈرئەت بولىدۇ، جۈملىدىن دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتتا مەخسۇس ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى نامايان بولىدۇ.

بىرىنچى دەرىجە سوغۇقلۇق دەرىجىسى قىزىتمىنىڭ دەسلەپىدە سوغۇقلۇق سېزىلىدۇ، بۇنىڭدا ئىككى خىل ھالەت بار:

1. بەزىدە خالىس يەنى پەقەت سوغۇقلۇق مەلۇم بولىدۇ ۋە بىمار بۇ ھالەتتە ئوتتا ئىسسىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئىسسىق كىيىمگە ئورىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بەزىدە دۈمبىدە سوغۇق سۇ ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە ئېقىۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ.

2. بەزىدە سوغۇقلۇق بىلەن تىترەشمۇ بولىدۇ، بۇ يەڭگىل ھالەتتە باشلىنىدۇ، ئاخىرىدا ئۆتكۈرلىشىدۇ، پۈتۈن بەدەن تىترەيدۇ، تىترەش بىلەن چىش كاسىلدايدۇ، بىمار ناھايىتى توڭلىغاندەك ھېس قىلىدۇ، تېرىنىڭ مويلىرى تىكلىنىدۇ. بۇ قەشئەرىرە (پۇرپىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. چىرايى سۇلغۇنلىشىدۇ، بۇرۇق، قۇلاق ۋە بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى كۆكىرىدۇ، سوغۇقلۇقنىڭ بۇ دەرىجىسىدە بەدەن سىرتى سوغۇق بولىدۇ، لېكىن ئىچكى ئەزالار ئىسسىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھارارىتى ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر ھارارەت ئۆلچىگۈچ بىلەن تەكشۈرۈلسە، بۇ ئېنىق بولىدۇكى، بەدەن ھارارىتى دەسلەپىدىنلا ئېشىپ تۇرغان بولىدۇ. تىترەش بىرقانچە

مىنۇتتىن يېرىم سائەت، بىر سائەتكىچە ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە مۇددەتكىچە تۇرىدۇ. كىچىك باللاردا تىترەش ئۇمۇمەن بولمايدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا تىترەشنىڭ ئورنىغا تەشەننۇج بولىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە قىزىش دەرىجىسى دەسلەپكى دەرىجىدىن كېيىن قىزىتمىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسى باشلىنىدۇ، بۇنىڭدا تېرە ئىسسىق بولىدۇ ۋە قىزىتمىنىڭ باشقا دائىملىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى (بۇ ھازىر بايان قىلىنىپ بولدى) مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى دەرىجە باشلىنىدۇ.

بەزى قىزىتمىلاردا بۇ ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىلگىرى ھارارەتنىڭ ئېشىشى ئاخىرىغىچە يېتىپ بارغان بولسا، بۇ ئاخىرقى ھارارەت خاس ئۇقۇمدا ھارارەتنىڭ ئاخىرلىشىشى دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە پەسىيىش دەرىجىسى قىزىتمىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى دەرىجە ئىنھىتات دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىزىتمىنىڭ خاتىمىسى بۇ دەرىجىدە بولىدۇ، قىزىتما خاتىمىسىنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ. قىزىتما بوھران ھالىتىدە ياكى تارقىلىش ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ.

بوھران بوھران ھالىتىدە قىزىتما ئاخىرلىشىشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بەدەندە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈك ۋە تېزلىك بىلەن 12 سائەتتىن 36 سائەت ئىچىدە قىزىتما تۆۋەنلەپ، نورمال دەرىجىگە چۈشىدىغان ھالەتتۇر، بۇ ھالەتتە بەزى ۋاقىتلاردا تەرلەش كۆپ بولىدۇ (بوھراندىن بولغان تەرلەش)، بەزى ۋاقىتلاردا ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ (بوھراندىن بولغان ئىچ سۈرۈش)، بەزى ۋاقىتلاردا بۇرنى قانايدۇ (بوھراندىن بولغان بۇرۇن قاناش)، يەنى بۇ تۈردىكى بوھراندىن بولغان ئىستىفراغدىن كېيىن قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ.

تارقاش تارقاش ھالىتىدە قىزىتما تۆۋەنلىگەندە بىرەر چوڭ ئۆزگىرىش بەدەن ئىچىدە كۆرۈلمەيدۇ، بۇ بوھراننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. بەلكى قىزىتما تەدرىجىي تۆۋەنلەپ نورمال دەرىجىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈچ - تۆت كۈن سەرپ بولىدۇ. بەزى قىزىتمىلارنىڭ خاتىمىسى مۇشۇنداق بولىدۇكى، بەدەن ئۈستىگە ئازدۇر - كۆپتۇر يىرىڭلىق ئىششىق، مۇدۇر - چاقا قاتارلىقلار چىقىدۇ، بۇمۇ ئەسلىدە بوھراننىڭ بىر ھالىتىدۇر ۋە بۇ بوھران ئىنتىقالى دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى كېسەللىك ماددىسى بىر ھالەت ۋە بىر جايدىن يۆتكىلىپ ئىككىنچى ھالەت ۋە ئىككىنچى جايغا بارىدۇ. بەزى قىزىتمىلاردا قىزىتما چۈشكەندىن كېيىن ھارارەت دەرىجىسى نورمالدىنمۇ تۆۋەنلەيدۇ، يەنى ھارارەت تۆۋەنلەش ھالىتى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: ئەتىگەندە بەدەن ھارارىتىنى ئۆلچىگەندە 96 ياكى 97 دەرىجىدە داۋالغۇپ تۇرىدۇ ۋە بۇ زاماندىن ئاجىزلاش

زامانىسى باشلىنىدۇ. كېسەللىك ۋاقىتلىرىنىڭ يۇقىرىقى مەزكۇر ھالىتى (مەسىلەن: توڭلاپ تىترەش بىلەن قىزىتمىنىڭ باشلىنىشى، قىزىتما ھارارىتىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ بېرىشى ۋە بوھراندىن بولغان تەرلەش قاتارلىقلار بىلەن قىزىتمىنىڭ تۆۋەنلىشى) ئاشكارا ۋە روشەن ھالەتتە ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ بەزى تۈرلىرىدە تېپىلىدۇ، بەزى ھالەتلەردە بۇ بارلىق دەرىجىلەر 6 ~ 12 سائەتكىچە تۈگەيدۇ.

قىزىتمىلاردىكى ئۆلۈم

قىزىتمىلاردا ئۆلۈم يۈز بېرىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى نېمە؟ خالىس ھارارەت ياكى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلۈم كۆرۈلەمدۇ ياكى ئازراق باشقا سەۋەبمۇ بولامدۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابى قىزىتمىلاردا ئۆلۈم يۈز بېرىشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلىرى بولىدۇ، مەسىلەن:

1. بەزىدە ئۆلۈم بۇ سەۋەبتىن يۈز بېرىدۇكى، زەھەرلىك ماددىلار مېڭە ۋە نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تامامىي بەدەننىڭ پائالىيەتلىرىنى خاراب قىلىدۇ.

2. بەزىدە ئۆلۈم بۇ سەۋەبتىن يۈز بېرىدۇكى، زەھەرلىك ماددىلار بىر مۇددەتكىچە بەدەندە تۇرۇپ، بەدەننىڭ ھاياتلىق كۈچىنى بىكار قىلىدۇ.

3. بەزىدە ئۆتكۈر ھارارەت ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ، لېكىن تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ خاھىشىكى، بۇ تۈردىكى مىساللار ئازراق ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇ ھالەتتە بولسا كۆپىنچە ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇكى، بىمار بىرەر سەۋەبتىن ئۆلۈم گىردابىدا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ھارارەتمۇ ئۆتكۈرلىشىشىنىڭ ئاخىرقى ھالىتىدە بولىدۇ، يەنى ھارارەت ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بىرەر باشقا سەۋەب بولىدۇ.

4. بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتمىدا ئۆلۈم يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى، يۈرەكنىڭ ئاجىز ۋە دەرماندە بولۇپ، ئۆز پائالىيىتىدىن توختىشى بولىدۇ.

5. بەزى ۋاقىتلاردا ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى، ئۆپكە ۋە نەپەسلىنىشنىڭ شىكايەتلىرى بولىدۇ.

ئۆلۈمدىن كېيىنكى تەشرىھ بىر قانچە تەشرىھى ئۆزگىرىشلەر تەخمىنەن تامامىي ئۆلۈملەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆتكۈر قىزىتمىلاردىن بولىدۇ. قان سۇيۇلىدۇ، يەنى نورمالسىز ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئائورتا ۋە چوڭ قان تومۇرلارنى رەڭلىك قىلىدۇ، قاننىڭ قىزىل قان دانچىلىرى ئازىيىپ، ئاق قان دانچىلىرى كۆپىيىدۇ. كۆكرەك پەردىسى ۋە يۈرەك قېپى شىللىق پەردىسى ئاستىدا كىچىك داغ ياكى قاناش نىشانلىرى بولىدۇ، ئۇيۇل ئەزالار، مەسىلەن: جىگەر، تال ۋە بۆرەكلەر چوڭىيىدۇ ۋە يۇمشايدۇ.

قىزىتما مۇددىتى قىزىتما ھارارىتىنىڭ مۇددىتى كۆپرەك ئوفۇنەت ۋە يۇقۇملىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ نورمالسىز ھارارەت بىلەن سەۋەب شەكلىدە شېرىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىگە مۇناسىپ بىرقانچە سائەتتىن بىرقانچە ئايغىچە ۋە بەزى ۋاقىتلاردا بىرقانچە يىلغىچە تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا بىرقانچە قىزىتمىلار مىسال شەكلىدە بايان قىلىندى. بۇ بىرقانچە ھەپتە ياكى بىرقانچە ئايغىچە تۇرىدۇ، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما، سىل كېسەللىكى، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار (پەسىللىك قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرى)، قان ئوفۇنەتلىنىش، ناچار يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى، ناچار تۈردىكى سۇئۇلقۇنىيە قاتارلىقلار.

ھارارەتنىڭ كېمىيىشى

بۇ مۇناسىپ مەلۇم بولىدۇكى، ھارارەتنىڭ ئېشىشى بىلەن كېمىيىشىمۇ بۇ ئورۇندا زىكىر قىلىندى. نورمالسىز ھارارەت بىلەن ھارارەت كېمىيىشىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، بەزى تەھقىقلىگۈچىلەر بەدەن ھارارىتى كېمىيىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىلەردىن سانايدۇ:

1. بەدەن ھارارىتىنىڭ سىرتقا چىقىشى، مەسىلەن: بىھوشلۇق ھالىتىدە ئىسسىق ياتاقتىن سوغۇق ھاۋاغا تۇيۇقسىز چىقىش ياكى ناھايىتى قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان سۇ بىلەن يۇيۇنۇشتىن بولىدۇ.
2. قان ۋە بەدەن ھۆللۈكلىرىنىڭ بەدەندىن كۆپ مىقداردا چىقىپ كېتىشى، بۇ ئۆتكۈر ئىچ سۈرۈش، خولېرا، ئۈچەي ئىششىقى ۋە ئۆتكۈر قاناشتا بولىدۇ.
3. مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش بۇزۇلۇش ھالەتلىرىدە، مەسىلەن: غىزا كاناللىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرىدىكى سەرتاندا، زىيابىتۇس كېسەللىكى ئۆتكۈرلەشكەندە، سۇئۇلقۇنىيەنىڭ بەزى ناچار تۈرلىرىدە، بەزى قىزىتمىلاردىن كېيىن، كېسەللىكتىن ساقايغاندىن كېيىنكى ئاجىزلىق كۈنلىرىدە ۋە نۇرغۇنلىغان سوزۇلما مېڭە كېسەللىكلىرىدە بولىدۇ.
4. قان ئايلىنىش ۋە نەپەسلىنىشنىڭ بەزى شىكايەتلىرىدە، مەسىلەن: يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە نەپەسلىنىش يوللىرى تارايغان ھالەتتە بولىدۇ.
5. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكلىرى، مېڭە پەردىسى ئىششىقىنىڭ بەزى تۈرلىرى، مېڭىدىكى قاناش ۋە قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، مېڭىنىڭ بەزى ئۆسمىلىرى ۋە ئومۇمىي پالەچ قاتارلىقلاردا بولىدۇ.

6. سەزگۈ نېرۋىلىرىنىڭ بەزى تەسىرلىرى ۋە قوزغىلىشلىرى، مەسىلەن: پەتەق قاتارلىقلاردا ئۈچەيلەرنىڭ بىرەر تۆشۈكتىن چىقىپ بوغۇلۇشى، بۆرەك ئاغرىقى، جىگەر ئاغرىقى، ئۈچەيلەر تېشىلىش، بەزىدە دەستىكاردىن كېيىن بولىدۇ.

7. بەزى كەڭ دائىرىلىك تېرە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: تامام بەدەندە نار پارسى كېسەللىكى ئومۇمىي شەكىلدە پەيدا بولغاندا ياكى تېرىنىڭ بىر كەڭ دائىرىسى كۆيگەندە بولىدۇ.

8. قىزىتمىلاردىن كېيىن بەدەن ھارارىتى بىر مۇددەتكىچە بەدەننىڭ نورمال دەرىجىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ ۋە قانغا يىرىڭ ئارىلاشقان ھالەتلەردە بولىدۇ.

9. بەزى زەھەرلىنىشلەردە، مەسىلەن: ئەپيۇن، ئەپيۇن جەۋھىرى، يەبرۇج (لۇفاھ)، يەبرۇج جەۋھىرى ۋە شارابتىن زەھەرلەنگەندە ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇش سەۋەبىدىن قان زەھەرلەنگەندە، زىيابىتۇستىكى بىھوشلۇقتا بولىدۇ.

بىر كۈنلۈك قىزىتما (ھۇممىياتى يەۋم)

بۇنىڭ پەيدا بولۇشى سىرتقى سەۋەبلەردىن بولىدۇ، مەيلى ئۇ سەۋەبلەر بەدەنىي ياكى نەپسانىي بولسۇن، يەنى مەيلى دەسلەپتە بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، مەسىلەن: قاتتىق ئىسسىق، قاتتىق سوغۇق، ئىسسىق غىزالار ۋە دورىلارنى يېيىش، ئۆتكۈر رىيازەت، بەدەندىكى ئاغرىق قاتارلىقلار، مەيلى ئۇ روھقا مۇناسىۋەتلىك سىرتقى سەۋەبلەردىن بولسۇن، مەسىلەن: ئاچچىقلىنىش ۋە غەم، بۇ قىزىتمىلاردا زىيادە خەتەر ۋە زىيادە ناچارلىق بولمايدۇ. بەزىدە بۇ باشقا ناچار قىزىتمىلار، مەسىلەن: ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ياكى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ چارىلىرىدا بىرەر خاتالىق يۈز بەرگەن شەرت ئاستىدا، مەسىلەن: ئەگەر بىمار غىزادىن توختىتىلسا بۇ قىزىتما سەپراۋى مىزاجلىقلاردا كۆيدۈرگۈچى قىزىتما ياكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىغا ئۆزگىرىدۇ ۋە قان مىزاجلىقلاردا ھۇمما مۇتبىقەگە ئۆزگىرىدۇ.

ھۇمما مۇتبىقە: بۇ قاننىڭ ئوفۇنەتتىن (بۇزۇلۇشتىن) پەيدا بولىدىغان قىزىتمىدۇر، بۇنىڭ تولۇق تەپسىلاتى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

ئالامىتى بۇ تۈردىكى قىزىتمىنىڭ ئالامىتى، بۇنىڭدا دەسلەپكى كۈنى قارورەدە بىرەر زىيادە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يەنى قارورەنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە قىيامىدا نورمالسىزلىق بولمايدۇ. لېكىن ئاچچىقلىنىش ۋە غەمدىن بولغان قىزىتمىدا رەڭگى بىرئاز ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭدەك ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان قىزىتمىدا قىيامىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تومۇرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يەنى تومۇر ۋە قارورەدە دەسلەپتە ئازراق نورمالسىزلىقمۇ بولمايدۇ، ئەگەر

بولسا زىيادە بولمايدۇ. ھەم بۇ قىزىتما يەڭگىل يەنى سۇس بولىدۇ، بۇنىڭ ھارارىتىدە زىيادە كۆيۈشۈش بولمايدۇ.

بۇقرات كىتابى «ئەبىزىميا» دا يازغانكى، كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر قىزىتما ئۇفۇنەتتىنلا بولىدۇ. بۇ خىل قىزىتما جۇغ - جۇغ بولماي باشلىنىدۇ ۋە تەرلەش بولماي تۆۋەنلەيدۇ. يەنى بۇ قىزىتما تۆۋەنلىگەندە خىلتلىق قىزىتمىغا ئوخشاش زىيادە تەرلەش بولمايدۇ، بەلكى ساغلام كىشىلەرنىڭ تەرلىشىگە ئوخشاش بەدەن ئازراق ھۆل بولىدۇ.

بۇ قىزىتمىدا تىلى يېرىكلىشىش، نەپەس ئېلىش تېزلىشىشتىن باشقا، ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ باشقا ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمايدۇ. بۇ قىزىتما پەقەت بىر قېتىم يۇقىرىلايدۇ، كېيىن قايتىلانمايدۇ. بەزىدە بۇ قىزىتمىنىڭ ھارارىتى ئىككى كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئۈچ كۈندىنمۇ ئېشىپ كەتسە بىلىشىڭىز لازىمكى، ھازىر بۇ قىزىتما ئۆزگىرىپ ئۇفۇنەتلىك قىزىتما ياكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بولغان بولىدۇ. لېكىن جالىنۇس بايان قىلغانكى، بەزىدە بۇ ئالتە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ ۋە يەنە تولۇق مۇشۇنداق تۆۋەنلەيدۇكى، ئەگەر ئۇ بىر كۈنلۈك قىزىتما ھالىتىدە تۇرمىسا ۋە باشقا قىزىتمىغا ئۆزگەرگەن بولسا، ھەرگىز مۇشۇنداق ساپ تۆۋەنلىمەيدۇ ھەم بۇ تۈردىكى قىزىتما سىرتقى سەۋەبلەردىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

غەمدىن بولغان قىزىتما بىر كۈنلۈك قىزىتما بەزىدە غەمنىڭ كۆپلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى غەم ھالىتىدە روھ بەدەن ئىچىگە بېرىپ توپلىنىدۇ.

ئالامىتى قارورە ئاتەش رەڭلىك (ئوت رەڭلىك) بولىدۇ ۋە چىققان ۋاقىتتا ئۇ ئۆتكۈر بولىدۇ، يەنى ئۇ كۆيدۈرىدۇ ياكى بۇنىڭ پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. كۆزى ئولتۇرۇشىدۇ. چۈنكى بۇ كىشى زىيادە غەمگە مۇپتىلا بولۇپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ غىزاسى ھەزىم بولمايدۇ. مەيلى ئۇ غىزا ئاسان سىڭىدىغان غىزا بولسۇن. قۇرۇقلۇق غالىب بولىدۇ، چىرايى سېرىق ۋە قۇرغاق، تومۇرى ئاجىز ۋە كىچىك بولىدۇ.

داۋالاش قايسى ۋاقىتتا قىزىتما تۆۋەنلىسە تاتلىق سۇنىڭ ئىلمان ئابزىنىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

بەزى كىشىلەر دېگەنكى، ئابزەننىڭ سۈيى مەيلى ئىلمان بولسۇن ياكى سوغۇق بولسۇن ئىككىلا ھالەتتە پايدىلىق.

ئىلمان تاتلىق سۇ بىلەن ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراقلىق ياغ سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆڭۈلنى خۇشلاندۇرغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك تىلالار چېپىلىدۇ، يۈرەككە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، كافۇر، گۇلاب قاتارلىقلاردىن تىلا تەييارلاپ

چېپىلىدۇ. ھەر خىل سۆزلەر، چارىلەر، ھېلىلە ۋە ئويۇنلار بىلەن غەمنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ تاكى روھ بۇ ئىشلار تەرەپكە مەشغۇل بولۇپ غەمنى ئۇنتىسۇن.

ئىككىلىنىشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە ئۆتكۈر ئىككىلىنىش ۋە پەرىشانلىقتىن روھتا قاتتىق ھەرىكەت ۋە ھارارەت پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىيدۇ.

قورقۇنچتىن بولغان قىزىتما بەزىدە بۇ تۈردىكى قىزىتما قورقۇنچتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى قورقۇنچمۇ غەمگە ئوخشاش روھنى قىزىتقۇچىدۇر.

ئويلىنىشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە بىرەر نەرسە ئۈستىدە زىيادە ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىشتىنمۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ. ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىش سەۋەبىدىنمۇ ئىككىلىنىشتىن بولغان ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئويلانغاندا ۋە پىكىر قىلغاندا، روھ ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى قوزغىلىش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمار قىزىيدۇ.

ئالامىتى ئىككىلىنىش، قورقۇنچ ۋە ئويلىنىشتىن بولغان قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى غەمدىن بولغان قىزىتمىدا تېپىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا تومۇر زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ، لېكىن قورقۇنچتىن بولغان قىزىتمىدا تومۇر زىيادە كۈچلۈك بولمايدۇ، بەلكى غەمدىن بولغان قىزىتمىغا ئوخشاش بۇنىڭدىمۇ تومۇر ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. قالغان ئىككى قىزىتمىدا غەمگە ئوخشاش روھ كېمەيمەيدۇ، تەبىئىي بەدەن ھارارىتىمۇ كېمەيمەيدۇ، كۈچلەر ئاجىز بولىدۇ. ئويلىنىشتىن بولغان قىزىتمىدا ئىچكى مەقسەت ھاسىل بولغان ۋە نامەلۇم ئىشلار ئېنىقلانغان ۋاقىتتا بىر تۈرلۈك خۇشاللىق ۋە كۈچتە زىيادىلىك پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىككىلىنىشتىن بولغان قىزىتمىدىمۇ ئۈمىد پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بەزىدە روھ سىرتقى تەرەپكە تارقايدۇ (بۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق پايدا يېتىدۇ).

داۋالاش يۇقىرىقى سۆزلەنگەن ئۈچ قىزىتمىنىڭ ئىلاجى غەمدىن بولغان قىزىتمىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش.

ئاچچىقلىنىشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە قىزىتما قاتتىق ئاچچىقلىنىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاچچىقلانغان ھالەتتە روھ جۇش ئۇرۇپ دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىش مەقستى بىلەن سىرتقى تەرەپكە قاتتىق ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئالامىتى يۈز - كۆزى كۆپۈشكەن ۋە قىزىل بولىدۇ. تومۇرى چوڭ بولىدۇ، كىچىك تەرىتى قىزىل رەڭدە بولۇپ، كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ.

داۋالاش كۆڭۈلنى خۇشلاندۇرغۇچىلار، مەسىلەن: ياخشى ناخشىلار، ئوبدان ھېكايىلەر ۋە ئاجايىپ - غارايىپ ئويۇنلار بىلەن بىمارنىڭ تەبىئىتى پەرۋىش قىلىنىدۇ، تاكى ئۇنىڭ روھى

ئۇ ئىشلار تەرەپكە مەشغۇل بولسۇن. بىمار ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئىلمان سۇدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ. يۈزەكى تېرە يەنى تېرىنىڭ سىرتقى بۆلىكى ھۆل بولۇپ بوشىشىپ يۇمشىسۇن، قان ۋە روھ سىرتقى تەرەپكە تارتىلىش بىلەن تېرە قىزارسۇن. ئاندىن كېيىن تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، يۈزەكى تېرە يۇمشىغاندىن كېيىن سوغۇق سۇغا كىرگۈزۈپ، تېزلا سىرتقا چىقىرىلىدۇ. باش ۋە كۆكرەك ئۈستىگە گۇلاب قۇيۇلىدۇ. سەندەل ۋە كافۇر كۆكرەك ئۈستىگە چېپىلىدۇ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئالما شەربىتى، ئانار شەربىتى، رىباس شەربىتى ۋە سەندەل شەربىتى قاتارلىقلار.

خۇشاللىقتىن بولغان قىزىتما بەزىدە زىيادە خۇشاللىق سەۋەبىدىنمۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاچچىقلىنىشقا ئوخشاش بۇنىڭدىنمۇ روھ سىرتقى تەرەپكە ئۆتكۈرلۈك بىلەن تارايدۇ.

داۋالاش ئاچچىقلىنىشتىن بولغان قىزىتمىنىڭ ئەكسىچە ئىلاج قىلىنىدۇ. بىمارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ، بىمارنى ھاقارەتلەش، بىرەر خاپا قىلىدىغان سۆزنى ئېيتىش لازىم.

ئۇيقۇسىزلىقتىن بولغان قىزىتما بەزىدە زىيادە ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ روھنى ئىسسىتىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق روھ ئۈچۈن بەدەن ۋە رىيازەتكە ئوخشاش، چۈنكى ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدە ئىختىيارىي ھەرىكەت ئۈچۈن ۋە ئىختىيارىي ھەرىكەت سىستېمىسى ھەم تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، روھىي نەپسانىي ئىشلىتىلىدۇ. بۇ كۆپ ھەرىكەت سەۋەبىدىن روھنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىقلىق ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئالامىتى كۆزلىرى ئولتۇرىشىدۇ ۋە بەدىنى تەرلەپ ھۆل بولىدۇ. ئۇيقۇمۇ بولىدۇ. قاپاقلىرى ئېغىر بولۇپ، ئۇنى كۆتۈرۈشى قىيىن بولىدۇ. يۈز ۋە پۈتۈن بەدەن كۆپۈشكەندەك مەلۇم بولىدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ، تومۇرى كىچىك بولىدۇ.

رازى يۈز ۋە بەدەننىڭ سېرىق بولۇش سەۋەبىنى ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن سەپرا زىيادە پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە تارقىغانلىقىدىن بولىدۇ، دەپ ئېيتقان. چۈنكى ئىسسىقلىق سىرتقى ئەزالارغا تارقىغان بولسا، بۇ يەردىكى خىلىتلار قىزىپ سەپرا شەكىللىنىدۇ.

داۋالاش راھەت ۋە تىنچلىق يەتكۈزۈلىدۇ ۋە بىمار ئۇخلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇتۇللار، ياغلار، پۇرايدىغان نەرسىلەر بىلەن مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار. ياخشى خىلىتلار پەيدا بولىدىغان ۋە ئاسان سىڭىدىغان غىزالار

يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: چۈجە گۆشى قاتارلىقلار. جۇلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ، ئاق شېكەر، ئەرقى گۇلاب ۋە ئەرقى بىدمۇشكىدىن ياسالغان بولسۇن.

ھارغىنلىقتىن بولغان قىزىتما بەزىدە مېھنەت ۋە مۇشەققەتنىڭ كۆپلۈكىدىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. چۈنكى مۇشەققەتنىڭ كۆپلۈكى روھنى قىزىتىدۇ. بەدەندىكى ھەرىكەت ۋە رىيازەت بىلەن پەقەت بەدەننىڭ بوغۇمى قىزىماستىن، بەلكى پۈتۈن بەدەن قىزىيدۇ. بەدەن ھارارىتى ئۆرلەيدۇ. روھلار، خۇسۇسەن مېڭىدىكى روھلار ئىسسىيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرىكەت بىلەن بەدەندە قۇرۇقلۇقمۇ ئاشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قىزىقلىقنىڭ تەسىرى بەدەندە ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر رىيازەت ئۆتكۈر بولسا، تېرىسى قۇرغاق بولىدۇ، ئاجىزلىق سەۋەبلىك تومۇرى كىچىك بولىدۇ. باشقا ئەزالارغا نىسبەتەن بوغۇملاردا ئىسسىقلىق زىيادە بولىدۇ. بەدەندە ئاجىزلىق ۋە ھارغىنلىق مەلۇم بولىدۇ، يول يۈرۈشكە رايى بولمايدۇ.

داۋالاش تاتلىق ۋە ئىلمان سۇ بىلەن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، يەڭگىل، يەنى ئاستا ئۇۋۇلىنىدۇ. بىنەپشە يېغى سۈركىلىدۇ، يەنى خاس ھامامغا چۈشكەندىن كېيىن سۈركىسە زىيادە پايدىلىق بولىدۇ. ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: چۈجە گۆشى، ھەلۋان يەنى ئوغلاق پاچىقى، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار ۋە جۇلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ (جۇلاب — شېكەر ۋە گۇلاب شەربىتىدۇر).

ئىچ سۈرۈشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە ئىچ سۈرۈشنىڭ كۆپلۈكىدىن قىزىتما بولىدۇ. چۈنكى ئىچى سۈرگەن ھالەتتە بەدەن ئىچىدىكى ماددىلاردا ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكەت ۋە ئىزتىراپ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روھتىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكەت ۋە ئىزتىراپ پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئىچ سۈرۈش بىرەر ئىچىنى سۈرىدىغان دورىدىن بولسا، دورىنىڭ ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن بەدەن ئىچىدە ھارارەت پەيدا بولىدۇ. چۈنكى تۇربۇت ۋە سوقمۇنىياغا ئوخشاش ئىچىنى سۈرىدىغان دورىلاردا ئىسسىقلىق ۋە ئۆتكۈرلۈك چوقۇم بولىدۇ، بۇ بەدەندە ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ. ئىچىنى سۈرىدىغان دورىلار سەۋەبىدىن روھتا ئىزتىراپ ۋە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. چۈنكى سۈرگە دورىلىرىنىڭ ئۆتكۈر تەسىرىدىن خىلىتلاردا ئىزتىراپ پەيدا بولىدۇ ھەم سۈرگە دورىلىرى ماددىلارنى ئەزالاردىن كۆچەپ چىقىرىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەدەن ئىچىدە ئىسسىقلىق ئاشىدۇكى، ئىچىنى سۈرىدىغان دورىلار بەدەندىن ھۆللۈكلەرنى چىقىرىدۇ بۇنىڭ بىلەن بەدەندە قۇرۇقلۇق غالىب بولىدۇ، ھارارەت ئۆرلەيدۇ ۋە روھ ئۆز لاتاپىتى سەۋەبلىك ناھايىتى زىيادە ئىسسىيدۇ.

ئالامىتى بۇ تۈردىكى قىزىتمىنىڭ ئالامىتى، ئىچى سۈرگەن ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئىچ سۈرۈش توختىتىلىدۇ. ئاشقازان ۋە يۈرەك ساھەسىگە سوغۇق تەبىئەتلىك كۈچلەندۈرگۈچى زىمات چېپىلىدۇ، تاكى ھارارەتتە پەسىيىش ۋە قۇۋۋەتتە زىيادىلىشىش بولسۇن، مەسىلەن: سەندەل، گۈلاب، ئاقاقىيا (ئەرەب دەرىخى ئۇسارسى)، سۈك قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، بەرگى ئاس سۈيى ۋە ئەرقى گۈلاب بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: گۈرۈچنى سوقۇپ زىرىشك بىلەن ھەر كۈنى يېگۈزۈلىدۇ.

سۈك — ئاملە رۇبىبىسىنىڭ بىر خۇش پۇراق بىرىكمىسىدۇر. بۇ جۇڭگو قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلىدۇ.

ئاغرىقتىن بولغان قىزىتما بەزىدە قاتتىق ئاغرىق سەۋەبلىكمۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى روھنى قىزىغۇدەك قىزىتىدۇ. شۇڭلاشقا زىددىيەتلىشىش مەقسىتىدە، تەبىئەتتە قاتتىق ئىزتىراپ پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەدەندىكى خىلتلار ۋە روھلار قايناپ، ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. يەنى قايناش ھەممىدىن ئاغرىق تەرەپتە كۈچىيىدۇ. سەۋەبى، ئۆتكۈر ئاغرىق ھالىتىدە كۈچلەر تارقايدۇ. ئەگەر تەبىئەت كېسەللىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا تىرىشسا روھمۇ ئۆتكۈر ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن تارقايدۇ.

ئالامىتى بەدەننىڭ بىرەر بۆلىكىدە مەلۇم كېسەللىك سەۋەبىدىن ئاغرىق مەۋجۇت بولىدۇ. مەيلى بۇ كېسەللىك مىزاج بۇزۇلۇشتىن ياكى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتىن بولسۇن.

داۋالاش ئاغرىقتا پەسىيىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئاغرىق پەيدا قىلغان كېسەللىكلەر داۋالىنىدۇ، ئاندىن كېيىن قىزىتما ئۈچۈن ھارغىنلىقتىن بولىدىغان قىزىتمىدا قوللىنىلغان يەنى راھەت ۋە ئارام يەتكۈزۈش، ھامامغا چۈشۈرۈش، ياغ قاتارلىقلارنى سۈركەش قاتارلىق ئۇسۇل ۋە چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

ئايلىنىپ كېتىشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە ئايلىنىپ كېتىش سەۋەبىدىن قان ۋە روھتا مۇشۇنداق پەرىشانلىق ھەرىكىتى كۆرۈلىدۇكى، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىدە قىزىتما پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما بىلەن ھوشسىزلىنىش بولىدۇ. كۈچلەر يوقىلىدۇ، تومۇرى ئاجىز ۋە قائىدىسىز سالىدۇ.

داۋالاش ئايلىنىپ كېتىشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سۇۋۇتقۇچى دورىلاردىن شەربەت ۋە باشقا تۈردىكى دورىلار ھوشسىزلىقتىن كېيىنمۇ ئازراق قىزىتما قېپقالغان شەرت ئاستىدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى.

ئاچلىق ۋە ئۇسساشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە ئۇزاق مۇددەتكىچە ئاچ قورساق ۋە سۇ ئىچمەي يۈرۈشتىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئىككىلا ھالەتتە بەدەن ئىچىدىكى ھۆللۈكلەر ۋە بۇخاراتتا ئۆتكۈرلۈك پەيدا بولىدۇ، غىزا ۋە سۇنىڭ ھارارەتنى پەسەيتىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ھۆللۈكلىرى يوقىلىدۇ.

ئالامىتى تومۇرى كىچىك ۋە ئاجىز بولىدۇ، بەزىدە قاتتىق بولىدۇ.

داۋالاش ئارپا تالقىنى ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: شورپا، بۇ قاپاق، پالەك ۋە بادام يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن. سوغۇق سۇ تاكى ئۇسسۇزلۇق پەسەيگۈچە ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك رۇب بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئانار رۇببىسى، رىباس رۇببىسى، زىرىق رۇببىسى قاتارلىقلار، ئىلمان سۇ بىلەن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

رۇب ياساشنىڭ ئۇسۇلى ئۇ نەرسىلەرنىڭ سۈيىنى سىقىپ، ئاز مىقداردا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىنىدۇ.

توسالغۇدىن بولغان قىزىتما بەزىدە قىزىتما، قان تومۇرلارنىڭ بېسىلىپ توسۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بەدەن سىرتىدا بولمايدۇ، بەلكى بەدەن ئىچىدە بولىدۇ. توسۇلۇش سەۋەبىدىن بۇ ئىسسىق بۇخارات بەدەن ئىچىدىلا توختاپ، قان ۋە روھنى قىزىتىدۇ.

سىرتقى سەۋەبلەردىن بۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ، بۇنى خاس ئۇقۇمدا ھۇمما يەۋمى ئىستىھسافىيە دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدا تېرىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ. بۇ مۇشۇ باپتا ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ. بىر كۈنلۈك قىزىتمىلاردىن ئۈچ كۈن ياكى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە كۈنلەرگىچە داۋاملىشىدىغان قىزىتما مۇشۇدۇر. بۇ كۆپىنچە ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارغا ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى بۇ قىزىتمىنىڭ ھارارىتى باشقا بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارنىڭ ھارارىتىدىن زىيادە بولىدۇ ھەم بۇ قىزىتما سىرتقى سەۋەبلەردىن بولمايدۇ. بۇ قىزىتما ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ، تومۇرى كۈندىن - كۈنگە تېزلىشىدۇ ۋە قارورەنىڭ رەڭگى قېنىقلىشىدۇ.

داۋالاش قان غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولغان ۋە يۈز، كۆزى قىزىل بولغان شەرت ئاستىدا قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئادەتتىكى مۇسھىل بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن سىركەنجۇبىلگە ئوخشاش يەڭگىل، تازىلىغۇچى نەرسىلەر بىلەن توسالغۇ ئېچىلىدۇ. ئارپا سۈيى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ھەمدە ھامامدا ئىلمان سۇ، بۇغداي كېپىكى ۋە تازىلاش كۈچى ئادەتتىكىدەك بولغان دورىلار بىلەن بەدەن

ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسىلەن: باقلائى مىسرى ۋە قوغۇن ئۇرۇقى تالقىنى.

تاماق سىڭمەسلىكتىن بولغان قىزىتما بەزىدە قىزىتما تاماق سىڭمەسلىكتىن بولىدۇ، بۇنىڭدا غىزا كۆيۈپ بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭدىن ناچار بۇخارات ھەم بۇزۇلغان ماددىلار پەيدا بولىدۇ ۋە ھارارەت ئۆرلەپ روھنى قىزىتىدۇ، جۈملىدىن سەپراۋى بەدەن بولغان ياكى بەدەنىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى تار بولغان چاغدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆيگەن پۇراقتەك كېكىرىك كېلىدۇ ۋە كىچىك تەرەت پىشمىغان بولىدۇ.

داۋالاش بەدەن ۋە ئۈچەيلەر غىزادىن ئىچىنى سۈرگۈزۈش ياكى قۇستۇرۇش ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. يەنى قايسى تەرەپكە غىزالار يۈزلەنگەن بولسا (ئەگەر كۆڭلى ئېلىشىش بولسا قۇستۇرۇلىدۇ، ئۈچەيلەردە كورقىراش بولسا ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ)، ئاندىن كېيىن ھاممامغا تاكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلغۇچە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك، تەستە بۇزۇلىدىغان، ھارارەتنى پەسەيتىدىغان، كۆيۈش قابىلىيىتى بولمىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ھەسرۇم يەنى پىشمىغان ئۈزۈم، سۇماق، ئانار چۈشكەن غىزا قاتارلىقلار. ئەگەر ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا، پەقەت ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈشلا يېتەرلىك. چۈنكى ئىسسىق سۇ سەۋەبىدىن غىزا تولۇق چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ۋە غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىششىقتىن بولغان قىزىتما بەزىدە بىر كۈنلۈك قىزىتمىلار قىسمەن سىرتقى ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان ئىششىقلاردىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: قۇلاق كەينى ئىششىقى، قولتۇق ياكى يوتا ئىششىقى. لېكىن ئاخىرقى باياندىكى ئىششىق بىر كۈنلۈك قىزىتمىغا ئۇلارنىڭ ماددىلىرى ئۇفۇنەتلەنمىگەن، بەلكى ئاغرىق قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن ياكى ھارارەت بولغان ۋاقىتتا سەۋەب بولىدۇ. ئۇفۇنەتلەنگەندە ئۇفۇنەتلىك قىزىتما پەيدا بولىدۇ. ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقىدىن پەيدا بولىدىغان قىزىتما كۆپىنچە ئۇفۇنەتلىك قىزىتما بولىدۇ. چۈنكى ئىچكى ئەزالار سىرتقى ئەزالارغا سېلىشتۇرغاندا يۈرەك بىلەن زىيادە يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇفۇنەتلەنگەن ماددىلىرى يۈرەك ۋە قان تومۇرلارغا ناھايىتى تېز يېتىپ بارىدۇ.

ئالامىتى يۈزى قىزىل ۋە كۆپۈشكەن بولىدۇ. قىزىتمىنىڭ ئىسسىقلىقى زىيادە ئۆتكۈر بولمايدۇ. ئەگەر ھارارەت ئۆز ئۆتكۈرلۈكىگە يېتىپ بارغان بولسا، بەدەندىن بۇخارات كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئادەتتىكى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. تومۇرى تېز ۋە چوڭ بولىدۇ. چۈنكى ئىششىق ۋە قىزىتمىدىن ئىبارەت ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىك توپلىنىدۇ. سۈيدۈكى ئاق كېلىدۇ.

داۋالاش ئىششىق ماددىسىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىششىققا قارىتا سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە قابىز تىلا چېپىلىدۇ. ئەگەر قىزىتمىدا تۆۋەنلەش بولسا، تارقاتقۇچى ۋە پىشۇرغۇچى تىلا چېپىلىدۇ.

ئاپتاپتىن بولغان قىزىتما بەزىدە ئاپتاپ ئىسسىقلىقىنىڭ ئۆتكۈلۈكىدىن ئاپتاپتا زىيادە تۇرۇش ياكى يول يۈرۈشتىنمۇ قىزىتما پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن يۈرەك ۋە مېڭە ئىسسىيدۇ.

ئالامىتى باش ۋە كۆزلىرىدە ئىسسىقلىق، ئېچىشىش سېزىلىدۇ. يۈز تېرىسى قۇرۇق ۋە يىرىك بولىدۇ، تومۇرى كىچىك ۋە تېز بولىدۇ.

داۋالاش گۈل يېغى ۋە سىركىنى مۇز بىلەن سوغۇق قىلىپ، باش ئۈستىگە بىرئاز ئارىلىقتىن تاكى تەسىرى باش ئىچىگە يېتىپ بارغۇچە قۇيۇلىدۇ. قىزىتما چۈشكەندىن كېيىن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئىلمان سۇ باش ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ، تاكى مېڭىگە ھۆل سوغۇقلۇق يەتسۇن ھەمدە تېرە يۇمشىسۇن. سوغۇق سۇ ۋە تالقان مۇز بىلەن سوغۇق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تۇسۇلۇشىدىن بولغان قىزىتما بەزىدە قىزىتما تېرىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ سوغۇقتىن ياكى سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش ياكى زەمچىگە ئوخشاش قابىز نەرسىلەرنىڭ سۈيىدە يۇيۇنۇش بىلەن تۇسۇلۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر تەر تۆشۈكچىلىرىنى تۇسىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىسسىق بۇخارات بەدەن ئىچىگە توپلىنىپ قالىدۇ.

ئالامىتى تېرىسى زەمچە ۋە ئانار پوستى سۈيىگە قولىنى چىلىغان كىشىلەرنىڭ قول تېرىسىگە ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ، تېرىنى تۇتۇشتىن دەسلەپتە ئازراق ئىسسىقلىق مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر قول بەدەنگە ئۇزۇنغىچە قويۇلسا ئىسسىقلىق زىيادە مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تۇسۇلۇشى سەۋەبىدىن ھارارەت بەدەن ئىچىگە توپلىنىدۇ، يەنى ئىسسىق بۇخارات بەدەن سىرتىغا كەم چىقىدۇ. دەسلەپتە ئىسسىقلىق ئاز سېزىلىدۇ. ئەگەر قول قويۇپ تۇرۇلسا، قولنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ، بۇخارات سىرتقا چىقىپ ئىسسىقلىق ئاشكارا بولىدۇ. يۈز ۋە كۆزلىرى بىرقەدەر كۆپۈشكەن بولىدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ. سۈيدۈكى بىرئاز سېرىق ياكى ئاققا مايىل بولىدۇ. چۈنكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق تەر شەكلىدە چىقىدىغان سۇغا ئوخشاش كېرەكسىز چىقىرىندىلار سۈيدۈك بىلەن بىرلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سۇسلىشىدۇ، يەنى سۈيدۈكتە سۇنىڭ مىقدارى ئېشىپ، رەڭگى سۇسلىشىدۇ.

داۋالاش بەدەننىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئۇزۇنغىچە يەڭگىل ئۇۋۇلىنىدۇ، تاكى تەر

تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ، كېرەكسىز چىقىرىندىلار تارقالسۇن. يۇمشاق ۋە ئىسسىق كۆرپىگە ئورىلىدۇ، تاكى تەرلىسۇن. قىزىتما تۆۋەنلەپ، تەرلىگەندىن كېيىن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، تاكى بەدەندىكى كېرەكسىز چىقىرىندىلار ۋە بۇخارات تولۇق تارقالسۇن. تەر تۆشۈكچىلىرى ئاچقۇچى ۋە تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسىلەن: بۇغداي كېپىكى، ماش، قوغۇن ئۇرۇقى، ئاچچىق بادام ۋە ئۆشنە تالقىنى قاتارلىقلار، ئۇنىڭدىن كېيىن يوتقان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تەرلىتىلىدۇ، تاكى قالغان ماددىلارمۇ تارقالسۇن.

شاراب، غىزا ۋە دورىدىن بولغان قىزىتما   بەزىدە بۇ تۈردىكى قىزىتما يەنى بىر كۈنلۈك قىزىتما خاس ئۆتكۈر شاراب ياكى ئىسسىق غىزا ياكى ئىسسىق دورىنى ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى   يۈز - كۆزلىرى قىزىل ۋە ئىسسىق بولىدۇ. سۈيدۈكى قىزىل بولىدۇ. ئېغىزى قۇرۇق ۋە ئاچچىق بولىدۇ. جىگەر ساھەسىدە ئىسسىقلىق ۋە ئېچىشىش بولىدۇ. چۈنكى بۇ قىزىتمىنىڭ ئىسسىقلىقى جىگەر ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ. يەنى بۇ قىزىتمىدا ئەڭ دەسلەپتە جىگەرنىڭلا ماددىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى روھ ئىسسىيدۇ.

داۋالاش   شىرخىست ۋە تەمرى ھىندى بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. سىركەنجۇبىل، تەرخەمەك سۈيى، كۆك كاسىنە سۈيى، كاھۇ سۈيى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاچچىق ئانار سۈيى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ ۋە غىزاسىغا شورپا بېرىلىدۇ. بۇ چۈچۈمەل ئۈزۈم، زىرىشك، ئانار، قاپاق، پالەك ۋە بادام يېغىدىن ياسالغان بولسۇن.

ھامامغا چۈشۈشنى توختىتىشتىن بولغان قىزىتما   بەزىدە بىر كۈنلۈك قىزىتما ھامامغا چۈشۈش ئادىتىنى تاشلاپ قويغانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇخارات توسۇلىدۇ، چۈنكى كىر توپلىنىش سەۋەبلىك تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. بۇ قىزىتمىنىڭ نامى ھۇمما قەشفىيەدۇر. قەشىف — تېرىنىڭ قۇرۇق بولۇشىدۇر.

داۋالاش   ھامامغا كىرگۈزۈلىدۇ، بەدەن ئۈستىگە ئىللمان سۇ قۇيۇلىدۇ. بۇغداي كېپىكى، قوغۇن ئۇرۇقى ۋە ئاز مىقداردىكى تۇغرىغۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈركەپ، تاكى تېرە كىرلەردىن پاك بولغۇچە ئۇۋۇلىنىدۇ.

زۇكام ۋە نەزلىدىن بولغان قىزىتما   بەزىدە بۇ قىزىتما ئىسسىق زۇكام ۋە نەزلىدىن بولىدۇ. ئىسسىق زۇكام ۋە نەزلە ئەمەلىيەتتە شىللىق پەردىنىڭ ئىششىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

بۇنىڭدىن قىزىتما پەيدا بولۇش يىراق ئىش ئەمەس.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ئەگەر قان ئېلىش مۇمكىن بولمىسا ھىجامەت قويۇلىدۇ. يەڭگىل قايىنتىلمىلار بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر نەزلە بىلەن يۆتەل بولسا، يۆتەلمۇ يوقىتىلىدۇ. نەزلە پىشقاندىن كېيىن، قىزىتما يەڭگىل بولغان شەرت ئاستىدا ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

تولغاق ۋە ئىچى سۈرۈشتىن بولغان قىزىتما بەزىدە زىيادە ئىنجىقلاش ۋە قايتا - قايتا چوڭ تەرەت قىلىش بىلەن قىزىتما بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىچ سۈرۈشتىن بولغان قىزىتمىدا سۆزلىنىپ بولدى.

داۋالاش تولغاق ۋە ئىچ سۈرۈشلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

غىزادىن بولغان قىزىتما بەزىدە ئېغىر غىزالارنى ياكى توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن قىزىتما بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر قورساقنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە (كىندىكتىن ئۈستۈنكى تەرەپتە) ئېغىرلىق بولسا قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر قورساقنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدە ئېغىرلىق بولسا ھۆقنە قىلىنىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىگەندە ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ. بىمار ئۇخلىتىلىدۇ، يەڭگىل غىزالار يېگۈزۈلىدۇ ۋە يەڭگىل ئىچىنى سۈرىدىغان دورىلار بىلەن قورساق تازىلىنىدۇ.

ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (ھۇمما دىق)

بۇ، ئەددىق، ئەززەبۇل، ئەسسىل، ئەسسۇلال قاتارلىقلار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما تەپى دىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى دىق سۆزى ئورۇقلاش، يەنى قىزىتمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ياكى ئەزالارنىڭ ئورۇقلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنى بۇ ئەسلي ئەزالارنى تەدرىجي ئورۇقلىتىدىغان ۋە بەدەننىڭ ھۆللۈكلىرىنى يوقىتىدىغان غەيرىي تەبىئي ھارارەتتۇر. ئەگەر بەدەننىڭ بىرەر ئىچكى بۆلىكىدە يىرىڭ پەيدا بولسا ۋە بۇ يىرىڭنىڭ زەھەر ماددىسى ئاستا - ئاستا قانغا سۈمۈرۈلسە ياكى سىل ماددىسى بەدەنگە تارقالسا، بۇنىڭدىن خاس تۈردىكى قىزىتما پەيدا بولىدۇ، بۇ ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇقرات ۋە قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇنلىغان تېۋىپلار دىق ۋە سىلنى بىرنى ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىدا قاپپىيەداش ھالەتتە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئورۇقلاشتۇر. سىل ماددىسىنىڭ تەزكىرىسى سىل (ئۆپكە كېسەللىكى) دە مەۋجۇتتۇر. سىل ماددىسى بەزىدە

ئۆپكىلەردە، بەزىدە ئۈچەيلەردە، بەزىدە سۆڭەكلەر ۋە بوغۇملاردا ۋە بەزىدە باشقا مۇھىم ۋە غەيرىي مۇھىم ئەزالاردا بولىدۇ. سىل ماددىسى (ئورۇقلاتقۇچى ماددا) بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئەزالاردا نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. ھەممىسى ئۈچۈن بىر ئورتاق خاس ئۇقۇم (تەدرىن— تەھبىب دېگەن مەنىدە) قوللىنىلغان. تەدرىن ياكى تەھبىبنىڭ مەنىسى مۇدۇر - چاقا شەكىللىنىشتۇر. چۈنكى سىلنىڭ ناچار تەنچىلىرى بىلەن كېسەللەنگەن ئەزادا دەسلەپتە خاس تۈردىكى مۇدۇر - چاقا شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىش سەۋەبى ئوچۇق بولىدۇ. دىق ئەگەشمە كېسەللىكلەردە باشقا ئالامەتلەر بىلەن ئۇنىڭ مەخسۇس قىزىتمىسى بولىدىغان كېسەللىكنىڭ نامىدۇر، بۇ قىزىتما ئەسلىدە ئىچكى كېسەللىك ئۈچۈن بىر ئەرز ۋە ئالامەت شەكلىنى تۇتىدۇ، ئۇ ئەسلىي كېسەللىك ئەمەس. ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ھارارىتى مەخسۇس ھالەتتە ھارارىتى دىققىيە ئۇقۇمى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەگەر ھارارەت ئەتىگەندە نورماللاشسا ياكى بۇنىڭدىن تۆۋەنلىسە شام ۋاقتىدا بىر - ئىككى ياكى ئۈچ دەرىجە ئۆرلەيدۇ.

سەۋەبى **ئىلگىرىكى سەۋەبلەر:** ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ پەيدا بولۇشى بەزىدە ئىلگىرىكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ، مەسىلەن: كۆيدۈرگۈچى قىزىتما. قىزىتما ئۇزۇن داۋاملاشقاندا يۈرەك ۋە ئەسلىي ئەزالارنىڭ ھۆللۈكلىرىگە ھارارەت تەسىر قىلىپ ئۇنى يوقىتىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، بۇ كۆكرەك قاتارلىقلاردا پەيدا بولسا، ئۇنىڭ ھارارىتى يۈرەككە، ئاندىن يۈرەكتىن باشقا ئەسلىي ئەزالارغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ھارارەت يۈرەك ۋە قىزىل قان تومۇرلارنىڭ جەۋھىرى ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرۈپ ئۇنى قۇرۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىي ئەزالاردىمۇ قۇرۇش ۋە ئورۇقلاش بولىدۇ. بۇ قۇرۇق ۋە ئورۇق بولغانسېرى شۇقەدەر ئۇنىڭدا ھارارەت غالىب بولۇشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق ئىلگىرىكى سەۋەبلەرگە بەدەن كۈچىنى ئاجىزلىتىدىغان ۋە كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى تۆۋەنلىتىدىغان بارلىق كېسەللىكلەر كىرىدۇ، مەسىلەن: كۆكيۆتەل، تارقىلىشچان زۇكام، يۇتقۇنچاق ئىششىقى ۋە ئۈچەي ئىششىقى، ئاشقازان، جىگەر، يۈرەك كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار.

ئىرسىيەت ئىلگىرىكى سەۋەبلەرگە ئىرسىيەتمۇ كىرىدۇ. ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ بالىلىرىدا ئادەتتە بۇ كېسەللىك كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن مۇشۇنداق بالىلاردا بۇ كېسەللىكنىڭ ئىستېداتى ناھايىتى زىيادە بولىدۇ.

ياش ياشنىڭ بۇنىڭدا بىرەر خاسلىقى بولمايدۇ. 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلاردىمۇ بۇ كېسەللىك كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ياشانغاندىمۇ بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

سىرتقى سەۋەبلەر بەزىدە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما سىرتقى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: غەم - ئەندىشە، ئويلىنىش، ئاچچىقلىنىش، ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق، غىزا كەملىكى ۋە

ئاچ قورساق يۈرۈش، كۆپ جىما قىلىش، ناچار مۇھىت، يورۇقلۇقنىڭ كەملىكى قاتارلىقلار. بۇ سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى جۈملىدىن بۇ ۋاقىتتا زىيادە بولىدۇ، يەنى سەۋەبلەر ياشلىق دەۋرىدە توپلانغان، ياز پەسلى بولغان، بىمارنىڭ ئەسلىي مىزاجىمۇ ئىسسىق بولغان ۋە باشقا چارىلەردىمۇ ئىسسىق چارىلەر قوللىنىلغان چاغدا.

ئەسكەرتىش سىل توغرىسىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر بۇ يەردىمۇ تەسىرلىكتۇر.

ناچار مۇھىت سالامەتلىككە زىيانلىق ھالەتلەردىن ئومۇمىي ساغلاملىققا تەسىر يېتىدۇ، يەنى بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. ساپ ھاۋا ۋە يورۇقلۇقنىڭ كەملىكى، ئاھالىلەر زىچ ئورۇنلاشقان رايونلار (مەسىلەن: قاراڭغۇ ئورۇنلار) تەبىئەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ قىسىم ھالەتلەردە سىل ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىدىن ئىلگىرى بولسا، تۈكۈرۈك ۋە بەلغەم قاتارلىقلار بىلەن ھاۋا بۇزۇلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن غېرىبلاردا سىل، ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ. لېكىن يۇقىرى تەبىقىلەردىمۇ بۇ يېتەرلىك كۆپ كۆرۈلىدۇ.

جالىنۇس ئېيتقانكى، مەن ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ مۇشۇنداق تۈرلىرىنى كۆرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى سوزۇلما بوغماق ئۈچەي ئىششىقى ئىدى. يەنە مەن مۇشۇنداق تۈرلىرىنىمۇ كۆرگەن، بۇنىڭ سەۋەبى قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى، دوۋساق ئىششىقى، بۆرەك ئىششىقى، تال ئىششىقى ۋە ماسارىقا ئىششىقى ئىدى. جالىنۇس يەنە ئېيتقانكى، ئەگەر ئۈچەي تېۋتىلىرى تۆكۈلۈشنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولۇش بىلەن يەڭگىل قىزىتما كۆرۈلسە، بىرەر ئۇسۇلدا يۈرەك ۋە يۈرەك ئەتراپىدا قۇرۇقلۇق پەيدا بولغانلىقى ئېنىق بولسا، ھۆكۈم قىلىش لازىمكى، بۇ ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىدۇر.

ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ دەرىجىلىرى ۋە نەزەرىيەلىرىدىكى ئىختىلاپ ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئۈچ دەرىجىسى بولىدۇ.

بىرىنچى دەرىجە: نورمالسىز ھارارەت قىل قان تومۇرلارنىڭ باشلىرىدىكى ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرىدا بولىدىغان ھۆللۈكلەرنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. بىرىنچى دەرىجىگە پەقەت ئۇرۇقلاش سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ بىرىنچى دەرىجىسى بارلىق تېۋىپلارنىڭ نەزىرىدە ھارارەت قان تومۇرلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تۈگىتىپ بولغان ۋە ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرىدىكى ھۆللۈكلەرنى يوقىتىشقا باشلىغان ۋاقىتتىكى دەرىجىدۇر.

ئىككىنچى دەرىجە شەبنەمسىمان ھۆللۈك يوقىلىدۇ، يەنى ھارارەت ئۇيۇشقا يېقىن، ئەزالار بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدىغان ھۆللۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇرۇقلاتقۇچى

قىزىتمىنىڭ بۇ دەرىجىسىنىڭ نامى زەبۇل (ئېرىش) دۇر.

ئۈچىنچى دەرىجە بۇنىڭدا ھارارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، تۇغۇلغان ۋاقتىتا ناسۇر، يەنى سۇ ۋە ھاۋا بىلەن بەدەندە ھاسىل بولىدىغان ھۆللۈكلەرمۇ يوقىلىپ بولغان بولىدۇ. بۇ رۇتۇبەتى ئۇستۇقسىيە ۋە رۇتۇبەتى مەنەۋىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ (ئۇستۇقۇس ئۇنسۇر دېگەن مەنىدە، مەئنەۋىيە — مەنىي بولغۇچى دېگەن مەنىدە)، بۇنىڭ سەۋەبىدىن يەككە ئەزالارنىڭ دەسلەپكى تەركىبلىرى تۇغۇلۇش بىلەن ئۆزئارا تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. بۇ يوقىلىش سەۋەبىدىن ئەزالارنىڭ تەركىبلىرى ئايرىلىدۇ (خۇددى ياغاچ كۆيگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەركىبلىرى كۈل ھالىتىدە ئايرىم - ئايرىم بولغىنىدەك). ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ بۇ دەرىجىسىنىڭ نامى مۇفەتتىت ۋە مۇھەششىفدۇر (مۇفەتتىت — پارچە - پارچە قىلغۇچى، ھەششىف — چىرىتكۈچى دېگەن مەنىدە).

1. ئەبۇسەھل: بۇ، شەيخ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا) ۋە كۆپىنچە قەدىمكى زاماندا ھەم يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەرنىڭ كۆزقارىشىدۇر. لېكىن ئەبۇسەھل «مىيەمەسھا»دا يازغانكى، ئەسلىي ئەزالارنىڭ ئىچىدە بىر ھۆللۈك بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ تەركىبلىرى ئۆزئارا تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ھۆللۈكتە پەقەت قىزىش بولۇپ، ئازراقمۇ يوقىلىش بولمىسا، بۇ ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ بىرىنچى دەرىجىسىدۇر. بۇ پەقەت ئورۇقلاش بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھۆللۈك قىزىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن يوقالسا، لېكىن تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدۇر. بۇنى ھۇمما زەبۇلىيە (زەبۇل) دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر بۇ ھۆللۈك تامامەن يوقالغان بولسا، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىدۇر. بۇنى مۇفەتتىت دەپ ئاتايدۇ.

2. بەزى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەنلەر مۇشۇنداق ئېيتقانكى، ئەگەر يۈرەكنىڭ مىزاجى ئۆزگىرىپ، ھۆللۈكلىرى تارقالمىغان بولسا، بۇ بىرىنچى دەرىجىدۇر. ئەگەر يۈرەكنىڭ ھۆللۈكلىرى يوقالغان بولسا بۇ ئىككىنچى دەرىجىدۇر. ئەگەر قۇرۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق قىزىل قان تومۇر، كۆك قان تومۇرلار، شىللىق پەردىلەر ۋە باشقا يەككە ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا بۇ ئۈچىنچى دەرىجىدۇر.

3. ھەبىشنىڭ كۆزقارىشى بۇكى، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ بىرىنچى دەرىجىسىدە قىل قان تومۇرلارنىڭ ھۆللۈكى يوقىلىدۇ. ھارارەت گۆشكە ئوخشاش يۇمشاق ۋە بوش ئەزالارنىڭ ئىچىدە بولىدىغان ھۆللۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىككىنچى دەرىجىدە بۇ ھۆللۈكمۇ يوقىلىدۇ ۋە ھارارەت شەبنەمسىمان ھۆللۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ، ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرىدا بولىدۇ. ئۈچىنچى دەرىجىدە بۇ ھۆللۈكمۇ يوقىلىدۇ ھەمدە ھارارەت ئەزالارنىڭ تەركىبلىرى

ئۆزئارا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ھۆللۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ساھىبى كامىل ئەززائىنىڭ كۆز قارىشىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئەسكەرتىش ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما ئەگەر بىرىنچى دەرىجىدە بولسا، ئۇنى تونۇش قىيىن، داۋالاش ئوڭاي. ئەگەر بۇ ئىككىنچى دەرىجىدە بولسا، ئۇنى تونۇش ئوڭاي، لېكىن داۋالاش مۇشكۈل. ئەگەر بۇ ئۈچىنچى دەرىجىدە بولسا، بۇنى داۋالاش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئالامىتى

بىرىنچى دەرىجە بۇنىڭدىكى قىزىتما ھەر ۋاقىت ئۈزلۈكسىز بىر قائىدە بويىچە ئۆرلەيدۇ. لېكىن بەزىدە تۇتقاقلىق بىلەنمۇ كېلىدۇ. لېكىن ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ھارارىتى زىيادە ئۆتكۈر بولمايدۇ. بۇ قىزىتما بىلەن باشقا كۆرۈنەرلىك ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامەتلەر بولمايدۇ، مەسىلەن: ھۇمماغىبنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى، بىئاراملىق، ئىچىشىش ۋە بىمار ھېس قىلىدىغان باشقا يېقىمسىزلىقلار بولمايدۇ. تومۇرى ئارقىمۇئارقا ۋە ئاجىز بولۇشىمۇ ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئالامىتىدۇر. خىلتلىق قىزىتمىلاردا بەدەننى تۇتقاندا بىلىنىدىغان ئىسسىقلىق ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىدا بولمايدۇ. چۈنكى خىلتلىق قىزىتمىلاردا ئوفۇنەت ماددىلىرى سەۋەبىدىن ئىسسىقلىق ۋە ئۆتكۈر بۇخارات تېرە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن تېرە زىيادە ئىسسىق بولىدۇ.

بۇ قىزىتمىدا تۇتۇش بىلەن ھارارەت دەسلەپتە يەڭگىل مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر قول ئۇزاق مۇددەتكىچە قويۇلسا ھارارەت زىيادە ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى كۆك قان تومۇر ۋە قىزىل قان تومۇرلار ئورنى زىيادە ئىسسىق بولىدۇ. ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى تاماقتىن كېيىن بەدەن ئىچىدىكى ھارارەتنىڭ ئېشىشى ۋە چىرايىغا قىزىللىق تارقاشتۇر، خۇددى چىراغقا ياغ قۇيۇش بىلەن ئۇنىڭ شولىسىمۇ چوڭايغانغا ۋە ھاكقا سۇ قۇيۇش بىلەن ئىسسىقلىقى ئاشقانغا ئوخشاش. بۇ ئالامەتلەر ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ بىرىنچى دەرىجىسىدە بولىدۇ.

سەمەرقەندى بايان قىلغان كېسەللىك سەۋەبچى، ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ھارارىتى نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈر بولمايدۇ؟ بەزى ۋاقىتلاردا بىمار بۇنى نېمە ئۈچۈن سېزەلمەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەمەرقەندى بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك دەلىل كەلتۈرىدۇ: چۈنكى مىزاج بۇزۇلۇش ھېس ئوخشاش بولمىغان مىزاج بۇزۇلۇش بولغاندا بولىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش ئوخشاش بولسا، بۇنى سېزەلمەيدۇ. مىزاج بۇزۇلۇش ئەسلىي ئەزالارنىڭ جەۋھىرىدە تەدرىجىي ئورۇن ئالىدۇ ۋە ئەسلىي مىزاجنى بۇزۇپ ئەسلىي مىزاجنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. يەنى بۇ قائىدىلىك سۆزدۇركى، مەلۇم شەيئىدە ئۇ تۇيۇقسىز كېلىپ، بۇنىڭ ھالىتىدە بىرەر تولۇق ئۆزگىرىش قىلغان ۋاقىتتا تەسىرى

كۆرۈلىدۇ، ئەكسىچە ئۇ شەيئى بۇنىڭ جەۋھىرىگە ئاستا - ئاستا ياخشى ئورۇنلىشىپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن تولۇق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش قابىلىيىتى بولمىسا، بۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىرەر تەسىرى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرەر تۈردىكى تەسىر بولمىسا بۇنى سەزگىلى بولمايدۇ.

قىسقىسى، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ بۇ ھالەتلىرىدە كۆپىنچە كېسەللىك مۇشۇنداق يەڭگىل سۈرئەتتە بولىدۇ، بۇنىڭدا ماددىدىن گويا ئۇزۇنغا سوزۇلغان مىزاج بۇزۇلۇش بولغاندەك مىزاج بۇزۇلۇش ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدا سېزىمنىڭ كەم بولۇشى ياكى بولماسلىقى قىياسقا يېقىندۇر.

ئىككىنچى دەرىجە ئەگەر بىرىنچى دەرىجىدىن ئۆتسە، بەدەن ئورۇق ۋە قۇرۇق بولىدۇ. تېرە قۇرغاق ۋە نۇرسىز بولىدۇ، يەنى كېسەللىك ئورۇقلاش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان چاغدا. ئىككىنچى دەرىجىدە، بىمارنىڭ چېكە ۋە كۆزلىرى ئولتۇرۇشىدۇ، بۇرۇن ۋە بويىنى ئىنچىكىلەيدۇ، يۈزى ئورۇق، قۇلىقى كىچىك ۋە نېپىز بولىدۇ. يۇتقۇنچاق چوقچىيىپ چىقىدۇ، كۆكرەك سۆڭەكلىرى ئايرىم - ئايرىم ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى تومۇرلارمۇ ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قان تومۇرلار قاندىن خالي بولىدۇ. قان تومۇرلاردا ئازراق زىيادە ماددا تولۇشمۇ بولمايدۇ. چۈنكى قاننىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ.

قاننىڭ مىقدارى ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئاشقازان توقۇلمىسى بوشىشىدۇ ۋە باشقا غىزا ئەزالىرىنىڭ توقۇلمىسىمۇ ئاجىزلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەزىم قىلىش كۈچىمۇ ئاجىزلايدۇ (نەفىيس).

پايدىلىق سۆز كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا شام ۋاقتىدا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش بولۇپ ياكى بولماي، بەدەن ھارارىتى بىرئاز ئۆرلەيدۇ ۋە ئاخىرىدا يەڭگىل ھارارەت ھەر ۋاقىت بولىدىغان ھالەتكە تەرەققي قىلىدۇ (بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ھارارەت شۇقەدەر يەڭگىل بولىدۇكى، بىمار بۇنى سېزەلمەيدۇ. بۇ شام ۋاقتىدا ئۆتكۈرلىشىپ، ئەتىگەندە كۆپ تەرلەش بىلەن تۆۋەنلەيدۇ). ئەگەر بىرەر ئىچكى ئەزادا يىرىڭ پەيدا بولغان بولسا يەڭگىل تىترەش مەلۇم بولىدۇ. قىزىتما ئۆرلەيدۇ ۋە ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن تەرلەپ قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ. كۈندە ئىككى قېتىم، يەنى بىرىنچى قېتىم چۈشتە، ئىككىنچى قېتىم شامدا تىترەش بىلەن ئۆتكۈر قىزىيدۇ. كېچىدە تەرلەپ قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ. بۇ قىزىتما بەزىدە تۇتقاقلىق بىلەن ئۆرلەيدۇ ۋە بەزىدە ھەمىشە بولىدۇ. لېكىن ئىككىلا ھالەتتە قىزىتمىنىڭ تۇتۇشى ياكى ئۆتكۈرلىشىشى بىرلا ۋاقىتتا بولىدۇ، مەسىلەن: قىزىتما مەلۇم ۋاقىتتا يۇقىرىلاشقا باشلىسا ھەر كۈنى شۇ ۋاقىتتا ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر قىزىتما ھەمىشە بولسا، بۇنىڭدىمۇ ھەر كۈنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈرلىشىش بولىدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ

چىرايىغا كۆپىنچە قىزىل ھالقىسىمان داغ چىقىدۇ. بۇ ھەسرەتى دىقىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قول ئالقىنى ۋە تاپانغا بارىدۇ. نەتىجىدە قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈك زامانىسى ئۇزىراپ، يەڭگىللىك زامانىسى كەملەشكە باشلايدۇ. تەر بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ چىقىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە ئەگەر كېسەللىك ئىككىنچى دەرىجىدىن تەرەققىي قىلىپ ئۈچىنچى دەرىجىگە قەدەم قويغان بولسا، سۈيدۈكتە ياغ تەركىبلىرى كۆرۈلىدۇ. بەدەندىكى قۇرۇقلۇق بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، پۈتۈن بەدەندىكى گۆش تارقايدۇ، چاچ چۈشىدۇ، تىرناق يىلتىزىدىن ئۈچى تەرەپكە ئېگىلىدۇ، بەدەندە تېرىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمايدۇ، ئورۇقلاشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش باشلىنىدۇ ۋە كۆمۈرچەكلەر ئېرىيدۇ (ئىكسىر ئەزمە). ئاخىرىدا پۇت - قولغا داغ چۈشىدۇ. ئېغىزمان ۋە بەلدە ياتاق يارىسى بولىدۇ، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشتە ئىچى سۇيۇق كېلىدۇ، بۇنىڭغا سۇيۇق بەلغەم ئارىلاشقان بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا ئوفۇنەت ناھايىتى زىيادە بولىدۇ، ئاخىرىدا بىمار ئۆلۈم گىردابىغا يېتىپ بارىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ ھوش - سەزگۈسى نورمال بولىدۇ ۋە ساقىيىشتىن ئۈمىد بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر. ئاخىرقى نەتىجىدە بىمار سۆزلەۋېتىپ كۈچلەرنىڭ يوقلىشى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئەسكەرتىش: نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تۈرلىرىنى ئىنسانىيەت ئېنىقلاپ بولالمىدى ياكى كېسەللىك ماھىيىتى ئېنىقلىنىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بىرەر شىپا بەرگۈچى دورا قولغا كەلمىدى. بىزنىڭ داۋالىشىمىزنىڭ كۆپرەك قىسمى ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە تەبىئەتكە ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بۇ تۈردىكى كېسەللىكلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدا بىز بۇ چارىلەرنى ئىشلىتىمىز. بۇلاردىن كۆپرەك نەزەرگە ئېلىنىدىغىنى بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئاشۇرۇش. چۈنكى بىزگە بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر شىپالىق بېرىدىغان دورا ئېنىق ئەمەس. ئەگەر كۈچ ئۇ ۋاستىلەر بىلەن كۈچلەنسە، بەزى ۋاقىتلاردا كېسەللىكنى باسالايدۇ ۋە ئۇ شىپا تېپىش ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ.

سەمەرقەندى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنى داۋالاشتا سوۋۇتۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈش (بەدەنگە سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى بىمار گانگا دەرياسى سۈيى (ياكى باشقا ھۆللەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئابزىنى) دە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەنگە بىنەپشە يېغى سۈركىلىدۇ، ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ھۆل سوغۇق كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سېمىزئوت، ھەمىشباھار، كاھۇ كۆكى، قاپاق، تەرخەمەك، ئەگرى تەرخەمەك قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن، ھەم بۇنىڭدا يۇمشاق گۆش

بولسۇن، مەسىلەن: بېلىق ۋە چۈجە گۆشى قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك سۇيۇق چېچىلمىلار كۆكرەك ساھەسىگە چېچىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، گۈلاب، سېمىزئوت ۋە كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلاردىن تىلا تەييارلاپ كۆكرەك ساھەسىگە چېچىلىدۇ. دورىلار شەكلىدە ھۇمماز شەربىتى، قۇرسى كافۇر ۋە لوئابى ئىسپىغۇل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بىمار ياشاۋاتقان ئورۇن ھۆل سوغۇق قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ئىچىگە ئوت - ياشلاردىن، سۆگەت يوپۇرماقلىرى، ئۈزۈم شاخلىرى، كۆك يۇمغاقسۈت قاتارلىقلار، خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: گۈلاب، نىلۇپەر، بىنەپشە قاتارلىقلار، خۇش پۇراق مېۋىلەرنىڭ گۈلى ۋە خۇش پۇراق مېۋىلەردىن بېھى، ئامۇت ۋە كەچرىياك قاتارلىقلار قويۇلىدۇ. سوغۇق سۇ ۋە گۈلاب سېپىلىدۇ، مۇز قويۇلىدۇ ۋە كەتان سەندەل بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ بىمارغا يېپىپ قويۇلىدۇ.

كەتان — نېپىز ۋە سوغۇق رەختتۇر، بۇ زىغىر پاخلى تالالىرىدىن ياسىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاشقا تىرىشىلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، يىرىڭنى چىقىرىش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھەر ئورۇندا ئاسان ۋە مۇمكىن بولمايدۇ. بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەتىگەندە داۋائى دىقى ئۆچكە سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ. شام ۋاقتىدا قۇرسى تاباشىردىن بىر داننى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن كۆك گىلوئى، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامدىن، ئەرقى ھەرابەرا، ئەرقى شەيىردىن 72 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ شەربىتى نىلۇپەردىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

داۋائى دىقى مۇدەپپەر قىلىنغان بالادۇر، گىلوئى جەۋھىرى، تاباشىر، لاچىندانە، قارىمۇچ قاتارلىقلاردىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

بەدەندىكى ئورۇقلاش ۋە قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆچكە سۈتى، ئېشەك سۈتى، قاپاق سۈيى ياكى تاۋۇز سۈيى قاتارلىقلار مۇناسىپ دورىلارنىڭ شىرىلىرى بىلەن ياكى ئۇلارنى قوشماي بېرىلىدۇ.

ئېشەك سۈتى، ئۆچكە سۈتى ياكى قاپاق سۈيى، تاۋۇز سۈيى ئىچكۈزۈشنىڭ بىر قوبۇل بولىدىغان قائىدىسى، دەسلەپكى ئۈچ كۈنگىچە 84 گىرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئۆچكە سۈتى ياكى قاپاق سۈيى ياكى تاۋۇز سۈيىنى 12 گىرامدىن كۆپەيتىپ، تاكى 252 گىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 گىرامدىن ئازايتىپ تاكى 84 گىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ ياكى داۋائى دىقى ئېشەك سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى بىلەن مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلىق زىيادە بولسا، كۈچلەندۈرۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن پولات ياكى ئالتۇن ياكى مىسنىڭ مۇرەككەباتلىرى قاتارلىقلار غىزادىن كېيىن بېرىلىدۇ.

نۇسخا: ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. بېھى ئۇرۇقى، قاپاق مېغىزى، تاۋۇز مېغىزى، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزىدە قۇرسى تاباشىردىن يەتتە دانە ياكى قۇرسى كافۇردىن يەتتە دانىنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن مەزكۇر نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرسى تاباشىر نۇسخىسى: يۈرەك ۋە كۆكرەكتىكى ئېچىشىش، ئۇرۇقلاشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق. زەپەر، كافۇر ئۈچ گىرامدىن، رۇببىسۇس، ئاق سەندەل، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى ئالتە گىرامدىن، كاسىنە ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، گىل ئەرمىنى، كاھۇ ئۇرۇقى توققۇز گىرامدىن، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، سۇماق پوستى 15 گىرامدىن، زىرىشك، بېھى ئۇرۇقى، تاباشىر 48 گىرامدىن، تەرەنجىبىن 24 گىرام. دورىلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، 5 ~ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرسى كافۇر نۇسخىسى: ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما ۋە ئۇرۇقلاشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق. زىرىشك، قىزىلگۈل، تاباشىر يەتتە گىرامدىن، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، كەتىرا، ئاق سەندەل ئۈچ گىرامدىن، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى بەش گىرامدىن، رۇببىسۇس ئىككى گىرام، كافۇر بىر گىرام. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، يەتتە گىرامغىچە دورا سىركەنجىۋىل ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن بېرىلىدۇ، ئەگەر يۆتەل بولسا ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، رۇببىسۇس قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئېزىپ خېمىرى خەشخاشتىن 12 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن گاۋزىبان بەش گىرامدىن، بىر دانە كۆكنارنىڭ شىرىسى ۋە لۇئابىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا چىقىرىپ، شەربىتى ئەئجازدىن 24 گىرام ياكى شەربىتى خەشخاشتىن 24 گىرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىچ سۈرۈش بولسا، خەشخاش مۇرەككباتى، قۇرسى كافۇر، قۇرسى تاباشىر ۋە باشقا دورىلار بىلەن توختىتىشقا تىرىشىش لازىم.

قاپاق سۈيى نۇسخىسى: ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما بىلەن ئاغرىغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىق. تاتلىق قاپاق سۈيى (بۇ پۈتۈنلەي پارچە تەييارلانغان بولسۇن) دىن 48 گىرام يەتتە كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 گىرامدىن قوشۇپ تاكى 252 گىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 گىرامدىن ئازلىتىپ، دەسلەپكى مىقدارغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ كۈن ئىچكۈزۈپ توختىتىلىدۇ.

كالا سۈتى ئىچكۈزۈشنىڭ قائىدىسى: ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما، سىل ۋە كونا قۇرۇق يۆتەل ئۈچۈن پايدىلىق. كالا سۈتىدىن 240 گىرام ئېلىپ قازانغا قۇيۇپ سۈت يېتىپ بارغان ئورۇنغا كىچىك پىچاق بىلەن بەلگە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ ئوتتا قاينىتىلىدۇ، بۇ مەزگىلدە گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس، بەدىيان ئۈچ گىرامدىن، ناۋاتتىن 24 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى ئايرىم - ئايرىم كىچىك خالتىغا قاچىلاپ، قازانغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ. ئەگەر سۇ پارغا ئايلىنىپ، سۈت بەلگە قىلغان ئورۇنغا كەلگەن بولسا، ئوتتىن چۈشۈرۈپ سۈزۈپ، ئۈچ كۈنگىچە يۇقىرىقى مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 گىرام سۈت ۋە ئاز - ئازدىن ناۋات قوشۇپ 492 گىرامغا يېتىپ بارغۇچە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ قائىدە بويىچە كېمەيتىپ ئاۋۋالقى مىقدارغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ كۈنگىچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن توختىتىلىدۇ. بەزىدە چۆپچىنىدىن ئۈچ گىرام ۋە بەزىدە كۆيدۈرۈلگەن سەرتاندىن ئۈچ گىرام قوشۇلىدۇ.

نوقۇئى نۇسخىسى: ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ۋە ھۇمما لىسقە قىزىتمىسى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك. نائى، گويادىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، كېچىدە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈلگەن سۈيىنى شەربىتى بىنەپشەدىن 24 گىرام ياكى شەربىتى بۇزۇرىدىن 24 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە جاۋاھىر چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتىدىلدىن ئۈچ گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىغا سىلنىڭ دورىلىرىدىن قۇرسى تاباشىر ۋە قۇرسى سەرتانمۇ پايدىلىق بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

بارلىق دورىلار: كۆيدۈرۈلگەن ۋە كۆيدۈرۈلمىگەن سەرتان، زەھرى مۆھرە، تاباشىر، گىل ئەرمىنى، شېكەر تىفال قاتارلىقلار سىل ۋە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ پايدىلىقتۇر. يەنى بىر تەركىب ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تېپىلىدۇ. سەرتان بەزىدە كۆيدۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ شورپىسى غىزا شەكلىدە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سۈت، تۇخۇم، قايماق، قىيما شورپىسى، شورپا، ئارپا ئېشى، ماش ئۇنى سۈيى، يېڭى بېلىق قاتارلىقلار غىزاسىغا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۈچەي مەنبەلىك ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدا ئۈچەي بەزلىرى كېسەللەنگەن بولسا، مايلىق غىزالار زىيادە مۇناسىپ بولمايدۇ. ئەتىگەن ۋە كەچتە سەيلە قىلدۇرۇلىدۇ ۋە يەڭگىل ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ. بەدەن قۇۋۋىتى بۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەن، ھەرىكەتتىن كېيىن ھارغىنلىق ۋە ئاجىزلىق غالىب بولمىغان شەرت ئاستىدا. ئۇنىڭدىن باشقا سىل كېسىلىدە سۆزلەنگەن كۆرسەتمىلەر ۋە چارىلەرگە رىئايە قىلىنىدۇ.

ئۈچەي مەنبەلىك ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (دىقى مەئۋى)

بۇ دىقى ئەمئا، دىقى ماسارىقا، سىل بەتنى، زۇبۇل ماسارىقى، دىقى بەتنى قاتارلىقناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

جالىنۇسنىڭ سۆزىدە ئۇنىڭ ئالدىغا قۇلۇن ئۈچەي ئىششىقى ياكى ماسارىقا ئىششىقىدىن بولغان ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بىمارى كەلگەنلىكى سۆزلىنىپ بولغان.

ماسارىقا   ئەمەلىيەتتە تومۇر كانالچىسىدا ماسارىقا بەزلىرى بولىدۇ. بۇ، كېسەللىك ماددىسى (ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ماددىسى — سىل ماددىسى) سەۋەبىدىن تەسىرگە ئۇچراپ ئىششىيدۇ. دەسلەپتە بۇ بەزلەر قاتتىق بولۇپ، كېيىن يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلار يارا ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ، قىزىتما بولىدۇ ھەمدە بىمار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلايدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن ئىنچىكە ئۈچەي ۋە بوغماق ئۈچەي كۆپرەك كېسەللىنىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك بالىلاردا بولسا، بالىلار ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىسى، سوكا ۋە مەسان دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋەبى   بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى كۆپرەك سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغان كالىنىڭ سۈتىنى قايناتمىغان ھالەتتە ئىستېمال قىلىشتۇر. ئەگەر ئۆپكە سىلى بىمارى ئۆزىنىڭ بەلغىمىنى يۇتۇۋەتكەن بولسا، چۈنكى بۇنىڭدا سىل ماددىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۈچەيلەرگە يېتىپ بېرىپ، بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كېسەللىككە نۇرغۇنلىغان كالا سۈتى بىلەن بېقىلىدىغان بالىلارنىڭ گىرىپتار بولۇشى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

ئالامىتى   بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى ھەمىشە ئاشكارا ۋە بىردەك بولمايدۇ. نۇرغۇنلىغان بىمارلاردا، بىرەر تۆردىكى ئالامەت مەۋجۇت بولماسلىقى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا، ئېغىر ياكى ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان تاماقنى يېگەندىن كېيىن قورساق ئاغرىشىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ. ئىشتىھا ۋە ھەزىم قىلىش بۇزۇلىدۇ. كۆپىنچە سۈت ئىستېمال قىلىش بىلەن قورساق كۆپۈشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بىمار ئاجىزلايدۇ ۋە ئورۇقلايدۇ، ئارىلاپ قىزىيدۇ ياكى كېچىدە قىزىيدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا ئىچى سۈرىدۇ، قورساقتا ئاغرىق بولىدۇ. ھەر كۈنى يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ، كىندىك ۋە قارىغۇ ئۈچەي ساھەسىدە بېسىش بىلەن ئاغرىق بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئۈچىيىدە ئاز - كۆپ ھەر ۋاقىت ئاغرىق بولىدۇ، جۈملىدىن قورسىقى بېسىلغان چاغدا. ئاغرىق ئۆتكۈر بولغان ۋاقىتتا بالا پۇتىنى يىغىۋالىدۇ. قورسىقى كۆپكەن ۋە قاتتىق مەلۇم بولىدۇ. پۈتۈن بەدىنى قۇرۇق

بولىدۇ، تېرىسى كېپەكلىشىدۇ. چىرايى ئۆڭگەن، كالپۇكى قىزىل، يېرىلغان بولىدۇ. ئېغىز بۇرجىكىدە كىچىك زەخملەر پەيدا بولىدۇ. سۇيۇق، سېسىق پۇراقلىق، توپا رەڭلىك ۋە بەزىدە كۆككە مايىل ئىچى سۈرىدۇ. كېچىدە يەڭگىل قىزىتمىمۇ بولىدۇ. قورساقنى بېسىش ۋە تۇتۇش بىلەن ئىششىغان بەزلەر سېزىلىدۇ، ھەزىم قىلىش بۇزۇلىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەمىشە ناچار بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قۇرسى تاباشىر كافۇردىن بىر دانە شەربىتى ئەنجىباردىن 24 گىرام ياكى شەربىتى ھەببۇلئاستىن 24 گىرام بىلەن ئەتىگەن ۋە كەچتە بېرىلىدۇ ھەمدە ئەتىگەن ۋە كەچلىك غىزادىن كېيىن تۆۋەندىكى سۇفۇپ بېرىلىدۇ:

نۇسخا: توخۇ تاشلىقى پوستى، تاباشىر، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، تەرخەمەكنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ. باللارغا ئەتىگەندە تۆۋەندىكى ھەب نۇسخىلىرىدىن بىرەر نۇسخىنى تەييارلاپ، ئانىسىنىڭ سۈتىدە ياكى كالىنىڭ قايناتقان سۈتىدە ئېرىتىپ بېرىلىدۇ.

نۇسخا (1): گۈل ئەرمىنى، كۆيدۈرۈلگەن سەرتان، گىلۇئىي جەۋھىرى ئۈچ گىرامدىن، تاباشىر، كەھرىۋا شەمئىي يەتتە گىرامدىن، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، كافۇر ئۈچ گىرامدىن، ئەپيۇن، زەپەر بىر گىرامدىن، كۆيدۈرۈلگەن مارجان ئىككى گىرام، بېلىق يېغى توققۇز گىرام. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ بېھى ئۇرۇقى لۇئابىدا يۇغۇرۇپ، ماش باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ.

نۇسخا (2): توخۇ تۇخۇمىغا تۆشۈك ئېچىپ بىر قانچە قارىمۇچىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن تۇخۇم ساقلاپ قويۇلىدۇ. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، تۇخۇمنى پوستى قاتارلىقلار بىلەن ئېزىپ ماش باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ.

نۇسخا (3): سەھدىۋى يىلتىزى، بۇدۇشقاق يىلتىزى 12 گىرامدىن، قارىمۇچ 20 دانە. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ماش باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ.

شام ۋاقتىدا سۇفۇپنىڭ تۆۋەندىكى نۇسخىلىرىدىن بىرەر نۇسخىنى تەييارلاپ، بۇنىڭدىن 1.6 گىرام مىقدارىدا ئېلىپ، ئانا ياكى كالا سۈتىدە ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (1): تاباشىر، تەرخەمەك، توخۇ تاشلىقى پوستى، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (2): ئادەمنىڭ باش قىسمىدىكى جام سۆڭىكىنى كۆيدۈرۈپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ قىلىنىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى (3): خاكىسىدىن 24 گىرامنى ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم ئۆچكە سۈتىدە ھۆللەپ ۋە قۇرۇتۇپ (سايىدا قۇرۇتۇلۇشى لازىم)، ئاندىن كېيىن يۇمشاق ئېزىپ، بىر گىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر بالا زىيادە ئاجىز بولسا، ھەببى جاۋاھىردىن يېرىم دانىنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بىمار ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇلىدۇ. غىزاسىغا قېتىق سۈزمىسى، تۇخۇم، ئارپا ئېشى، شورپا ۋە باشقا سۇيۇق نەرسىلەر بېرىلىدۇ. باللارغا سۈتكە ھاك سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى تۇخۇم ئېقىنى سۇدا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (دىققۇششەيخۇخەت، دىققۇل ھەرەمى)

تېۋىپلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى سەۋەبلىك ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدىن كېيىن ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنى بايان قىلىش ئادىتى بولۇپ كەلگەن، ۋەھالەنكى، بۇ قىزىتمىنىڭ تۆردىن ئەمەس، بەلكى بىر تۆردىكى ئورۇقلاشتۇر.

بۇ ھۆللۈكلەرنىڭ تارقىشى ۋە ئازىيىشى سەۋەبلىك ئىنسانىنىڭ مىزاجىدا قۇرۇقلۇق غالىب بولىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئەزالار قۇرۇيدۇ ۋە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى يوقىلىدۇ، لېكىن قىزىتما تامامەن بولمايدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى بۇنىڭ نامى دىققۇششەيخۇخەت ۋە دىققۇل ھەرەمى دەپ بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدەن ھالىتى ياشىنىشتىن ئىلگىرى ياشانغانلارنىڭكىدەك بولىدىغان، بەدەن ھارارىتى يوقىلىدىغان، قۇرۇقلۇق غالىب بولىدىغان ھەمدە ئەزالار يىگىلەشكە باشلايدىغانلىقى سەۋەبىدىن قويۇلغان.

سەۋەبى مىزاجنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ئىسسىقلىقى، ئىستىفراغلار ۋە سوۋۇتۇشنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىقلار.

1. مىزاجنىڭ سوغۇقلۇقى: بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەزىدە سوغۇقلۇقنىڭ غالىب كەلگەنلىكى بولىدۇ. بۇنىڭغا بەدەن ئاجىزلىقىمۇ شېرىك بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئوزۇقلاندۇرۇش كۈچىنىڭ پائالىيىتى تولۇق بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاخىرقى ئۆمۈردە (ياشانغان ۋاقتىدا) بولىدۇ.

2. **مىزاجىنىڭ ئىسسىقلىقى:** بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھارارەت بولىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ ئىچىدىكى ھۆللۈك (ئىككىلەمچى ھۆللۈك)لەرنى تارقىتىپ ئېرىتىدۇ ۋە يوقىتىشقا باشلايدۇ. بۇ ئۆتكۈر، ھارارەتلىك قىزىتمىلار ۋە ئۆتكۈر ئاغرىقلاردا بولىدۇ. ئەگەر تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ئۈچۈن غىزا بولىدىغان ھۆللۈكلەر يوقالسا، تەبىئىي بەدەن ھارارىتىمۇ يوقىلىپ، ئاخىرىدا سوغۇقلۇق ۋە قۇرۇقلۇق غەلىبە قىلىدۇ.

3. **ئىستىفراغلار:** بەزىدە بۇ كېسەللىك ئىستىفراغلاردىن كېيىن بولىدۇ. مەيلى ئىستىفراغلار ئىچ سۈرۈش ھالىتىدە ياكى قۇسۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىقلار شەكلىدە بولسۇن.

4. **سۇۋۇتۇشنىڭ كۆپ بولۇشى:** بەزىدە بۇ كېسەللىك قىزىتمىلاردا ناھايىتى زىيادە سۇۋۇتۇش قىلىنغان ۋاقىتتا بولىدۇ، مەسىلەن: سوغۇق دورىلار ۋە غىزالارنى كۆپ بېرىش، يۈرەك ساھەسىگە ئىنتايىن سوغۇق تىلىلارنى كۆپ قويۇش. بۇ سەۋەبتىن تەبىئىي بەدەن ھارارىتى يوقىلىدۇ.

ئالامىتى ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدە ئۇرۇقلاشنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. بۇ سۆزلىنىپ بولدى. لېكىن بەدەندە ئېچىشىش ۋە ھارارەت بولمايدۇ، تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈك ئاق بولىدۇ.

داۋالاش بەدەن ئىچىگە ھارارەت ۋە ھۆللۈك يەتكۈزىدىغان چارىلەر قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: تاماق ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ ھەمدە ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن بىمار ئۇخلىتىلىدۇ، ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى، قوي گۆشى ۋە كەپتەر باچكىسى گۆشىنىڭ ساددا شورپىسى قاتارلىقلار ئازراق نان بىلەن بېرىلىدۇ. بەدەنگە نەرگىس يېغى ۋە موم يېغى سۈركىلىدۇ. لېكىن مۇناسىپى دەسلەپتە بىراقلا زىيادە ئىسسىق نەرسىلەرنى بەرمەستىن، بەلكى تەدرىجىي ئاستا ـ ئاستا ئىسسىقلىق ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا مىزاجدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش كۆرۈلۈش بىلەن بىمارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئوفۇنەتلىك قىزىتما (ھۇممىياتى ئەفىن)

بۇ، ھۇمما ئەفىنىيە، ھۇمما خىلتىيە، ھۇمما ئوفۇنەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خىلتلىق قىزىتما بۇ قىزىتمىغا ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭدا دەسلەپتە خىلتلار ئوفۇنەتلىنىپ ھارارەتلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ھارارەت قان ۋە روھ ئارقىلىق يۈرەك تېنىگچە، ئاندىن كېيىن يۈرەكتىن تامام ئەزالارغچە تارقايدۇ.

تەمسىل خىلتلارنىڭ ھارارىتىدىن ئۇ ئەزالار ۋە روھلارنىڭ ئىسسىشىنىڭ مىسالى مۇشۇنداقتۇر، مەسىلەن: ئىسسىق سۇ سەۋەبىدىن ھاممامنىڭ ھاۋاسى ۋە ئۇنىڭ تاملىرى ئىسسىيدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئىسسىق سۇ ساپال قاچا ئىچىگە قۇيۇلسا، ئۆزئارا تۇتاشلىقى سەۋەبىدىن ساپال قاچا ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھاۋا قىزىيدۇ (نەفىس).

ئۇفۇنەتنىڭ سەۋەبى خىلتلار ئىچىدە ئۇفۇنەت پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى دەسلەپتە خىلتلارنىڭ ناھايىتى قويۇق ياكى چاپلاشقاقلىقى سەۋەبىدىن توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋا يوللىرى ۋە قان تومۇر كاناللىرى توسۇلغان بولسا، دەسلەپتە سوغۇق ھاۋا يېتىپ بارالماسلىق ۋە بۇخاراتى دۇخانىينىڭ توسۇلۇشى سەۋەبلىك (بۇ ئۇفۇنەت باراۋەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ) خىلتلاردا ئۇفۇنەتلىنىش بولىدۇ. نەفىس يازغانكى، خىلتلىق قىزىتمىلارنىڭ يېقىنقى سەۋەبى ئۇفۇنەت ماددىسىدۇر. ئۇفۇنەت مۇشۇنداق توسالغۇ ۋە ماددىلار كۆپلىكىگە ئوخشاش ئىچكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولغىنىدەك سىرتقى سەۋەبلەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ناچار تۈردىكى ھاۋالار، ئۆتكۈر رىيازەت، ئاپتاپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالارنى يېيىش، مەسىلەن: ھۆل ۋە يېڭى مېۋە، تېز بۇزۇلغۇچى غىزالارنى يېيىش، مەسىلەن: سۈت.

شەيخ (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا): ئۇفۇنەتنىڭ سەۋەبلىرى بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1. غىزانىڭ ناچارلىقى: يەنى بۇ خىلتلار ئۇفۇنەتلىنىش ئۈچۈن تەييار بولغان غىزالاردىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىرقانچە ھالىتى بولىدۇ.

1) ئۇنىڭ جەۋھىرى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇزۇلۇشنى تېز قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييار بولىدۇ، مەسىلەن: سۈت.

2) غىزادىكى سۇ تەركىبلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن قاندا سۇ تەركىبلىرى ئاشىدۇ. بۇ ھۆل ۋە يېڭى مېۋىلەردىن بولىدۇ.

3) غىزانىڭ ياخشى قان شەكىللەندۈرۈش قابىلىيىتى بولمايدۇ. بەلكى بۇنىڭدىن ناچار ۋە سوغۇق قان پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى خۇسۇسىيەت سەۋەبلىك تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ۋە تەبىئەت خىزمىتىنى بېجىرەلمەيدۇ. تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ئۆز پائالىيىتى بىلەن بۇنى ئۇفۇنەتلەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا تەرخەمەك، ئەگرى تەرخەمەك، ئامۇت ۋە نەشپۈت قاتارلىقلار بىلەن بۇ تۈردىكى خىلتلار شەكىللىنىدۇ.

4) غىزالارنى تەييار قىلىشتا بىرەر بۇزۇلۇشنىڭ يۈز بېرىشى.

5) تاماقنى ۋاقىتسىز يېيىش.

6) غىزانىڭ تەرتىپىدە بىرەر قائىدىسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشى (بۇ كۇللىياتتا سۆزلەنگەن).

2. بەزىدە ئوفۇنەت توسالغۇ سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ. چۈنكى توسالغۇ سەۋەبىدىن ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەپەسلىنىش ۋە ماددا ئالمىشىشتا توسالغۇ يۈز بېرىدۇ. توسالغۇ پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبى بەدەن مىزاجىدىكى ناچارلىقلار بولىدۇ. بۇ ناچارلىقلار غىزا ۋە خىلىتقا ئازراقمۇ تەسىر قىلالمايدىغان ۋە بۇنى تامامەن خام قويمايدىغان دەرىجىدە بولغان شەرت ئاستىدا. بۇ تۈردىكى ناچار مىزاج سەۋەبىدىن ناچار خىلىتلار پەيدا بولىدۇ ياكى ناچار مىزاجدىن بۇزۇلغان خىلىتلار پەيدا بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ھەزىم بولۇش ۋە ئۆزگىرىشىدە يېتەرسىزلىك قېپقالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈش يېتىپ بارمايدۇ(بۇ تولۇق ھەزىم بولۇش، كامىل پىششىنى تاماملايدۇ). بۇ سەۋەبلەر توسالغۇلارنى پەيدا قىلىشقا ياردەمچى بولىدۇ ۋە توسالغۇلار ئوفۇنەت پەيدا قىلىدۇ.

3. بەزىدە ئوفۇنەت سىرتقى سەۋەبلەر (ئەسبابى بادىيە) دىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ناچار ھاۋا.

ئەسكەرتىش ئوفۇنەتنىڭ يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلىرىدىن بەزىدە بىرقانچىسى بىرگە كېلىدۇ. لېكىن كۆپرەك ئوفۇنەت توسالغۇدىنلا كۆرۈلىدۇ. توسالغۇنىڭ سەۋەبى خىلىتلارنىڭ كۆپلۈكى، قويۇقلۇقى ياكى چاپلاشقاقلىقى بولىدۇ. توسالغۇدىن ئوفۇنەت پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبى، توسالغۇدىن ماددا ئالمىشىش توسۇلىدۇ. بۇ قىزىتمىلار ئەزالاردا توسالغۇ كۆرۈلگەندە چوقۇم بولىدۇ، جۈملىدىن توسالغۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن ۋاقىتسىز رىيازەت چېكىش. توسالغۇ شەكىللەنگەندىن كېيىن ياكى تاماق سىڭمەسلىك ۋە ئىمتىلا ھالىتىدە ھاممامغا كىرىش، ئاپتاپتا يول يۈرۈش ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازان ۋە جىگەر ھەزىمنى ياخشىلاشنى ئويلىماسلىق، بەلكى بۇ خىل سەۋەنلىكلەر (خاتالىق ۋە قائىدىسىزلىكلەر) نى قايتىلاشتىن بولىدۇ، مەسىلەن: ئاشقازان ۋە جىگەرگە يەنىمۇ ئىسسىق قىلىنغان، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلگەندە (قىزىتمىلار قانۇنى).

يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن خىلىتلار ۋە ھۆللۈكلەردە ئوفۇنەت پەيدا بولۇشنىڭ شارائىتى پەيدا بولىدۇ. يەنى بۇ بارلىق سەۋەبلەر ئوفۇنەتنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدۇر. ئوفۇنەتنىڭ سەۋەبى (ئوفۇنەتلەندۈرگۈچى ماددىسى) نېمە؟ بۇ تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ:

ئوفۇنەتلەندۈرگۈچى ماددا، ناچار تەنچىلەر شەيخ ئىبن سىنا ۋابا توغرىسىدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن كېسەللىك پەيدا بولۇشقا تەييار بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان: يەنى بىرەر خاس ھۆللۈك بولۇپ، بۇنىڭغا ناچار تەنچىلەر ئارىلاشمىغۇچە ساددا سۇ ۋە خاس ھاۋاغا ئوخشاش ئوفۇنەتلەنمەيدۇ. «بۇ ناچار تەنچىلەر بۇزۇلغان ئىنسان جەسەتلىرى ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىدىن كېلىدۇ. بۇلار بىرەر ۋابا ياكى جەڭ قاتارلىقلاردا ئارقىمۇئارقا ئۆلگەن

بولۇپ، كۆيدۈرۈلمىگەن ياكى دەپنە قىلىنمىغان بولىدۇ ياكى بۇزۇلغان پەردىلەردىن كېلىدۇ، مەيلى ئۇنىڭ ئورنى يېقىن ياكى يىراق بولسۇن».

يەنە شەيخ ئېيتىدۇكى: «بەزىدە زېمىندىكى تەركىبلىرى ۋە تەپسىلاتلىرى ئېنىق بولمىغان سەۋەبلەردىن ئۇفۇنەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئۇفۇنەتلەر سۇ ۋە ھاۋاغا تارقىلىدۇ». ئۇ تەنچىلەر بەزىدە ئۇفۇنەتلەندۈرگۈچى ماددا خاس ئۇقۇمى بىلەن ياد قىلىنىدۇ (نەفىيس). بەزىدە ئۇفۇنەتلەندۈرگۈچى يات ماددا خاس ئۇقۇمى بىلەن ياد قىلىنىدۇ (ئەلى گىلانى). بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە ئۇلار ئۇفۇنەتنىڭ ئايرىلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ (مەھمۇد ئەملى) ۋە بەزىدە ماددا ئۇفۇنەتلىنىدۇ (قەرشىنىڭ «شەرھى فۇسول بوقراتىيە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان).

ئۇفۇنەت نېمىدۇر؟ ئۇفۇنەت ماددىسى ياكى ناچار تەنچە سەۋەبىدىن ھۆللۈك ۋە خىلىتلاردا مۇناسىپ بولمىغان ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، بۇ ئۇفۇنەت دېيىلىدۇ. ئۇفۇنەتلىنىشتىن بۇ ھۆللۈكلەرنىڭ ساپلىقى ۋە تەبىئىي ھالىتى يوقىلىپ كېتىدۇ.

قان تومۇر ئىچىدىكى ئۇفۇنەت خىلىتلار بەزىدە قان تومۇرلار ئىچىدە ۋە بەزىدە قان تومۇرلار سىرتىدا، ئەزالار توقۇلمىسىدا ئۇفۇنەتلىنىدۇ، مەسىلەن: مېڭە، ئاشقازان، ئۈچەي، ماسارىقا، جىگەر، كۆكرەك قاتارلىقلاردا. شۇڭلاشقا بۇ ئەزالاردىكى ئىششىقلار ۋە يارىلار، چوڭ - كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار قان تومۇر سىرتىدىكى ئۇفۇنەتنىڭ مىسالىدۇر.

ئەگەر خىلىتلار قان تومۇرنىڭ ئىچىدە ئۇفۇنەتلەنگەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن دائىملىق قىزىتمىلار پەيدا بولىدۇ. چۈنكى قان تومۇرلار ئىچىدىكى ئۇفۇنەت ئۈچۈن تەييار تۇرغان تۇتاش ماددىلاردا ئۇفۇنەت ناھايىتى تېز يامرايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ماددىلار ئەگەر قان تومۇرلارنىڭ ئىچىدە بولغان بولسا يۈرەككە ئاسانلىقچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇ سەۋەبلەردىن قىزىتما ھەر ۋاقىت ئۆرلەيدۇ، يەنى بىرەر ۋاقىتتىمۇ تۆۋەنلىمەيدۇ. لېكىن ھەربىر خىلىتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمىغان تۇتاقلىقلاردا قىزىتىدىغان كۈنىدە ئازراق ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ.

قان تومۇر سىرتىدىكى ئۇفۇنەت ئەگەر قان تومۇرلار سىرتىدا ماددىلار ئۇفۇنەتلەنگەن بولسا، بۇ سەۋەبتىن بەزىدە تۇتاقلىق قىزىتمىلار ۋە بەزىدە دائىملىق قىزىتمىلار پەيدا بولىدۇ. چوڭ ئىششىقلاردا قان ۋە خىلىتلار قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭدىن تۇتاقلىق قىزىتما بولۇشنىڭ ئورنىغا دائىملىق قىزىتمىلار بولىدۇ. نەفىيس بۇنى ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلغان. يەنى بۇنىڭ سەۋەبى «ئۇلاردىن ئۇفۇنەت يۈرەككىچە ئارقىمۇئارقا يېتىپ بېرىپ تۇرىدۇ».

خىلىتنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشى ئۇنىڭ كۆيۈشىگە ئوخشىتىلىدۇ قىزىتمىدا خىلىتلارنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىنى جالىنۇس دانىلىق زىرائەت ئامبىرىغا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭ بىرەر

بۆلىكىدە ئوت كۆيۈشكە باشلىغان بولسا، بۇ بۆلەكتىكى ئاشلىق كۆيۈشكە باشلايدۇ. بۇ بۆلەك كۆيۈپ ئۇنىڭ كۈلى قالغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككىنچى بۆلەك كۆيۈشكە باشلايدۇ تاكى پۈتۈن ئامبار كۆيۈپ كۈل بولغان چاغقىچىلىك.

تۇتقاقلىقنىڭ شەكلى   قىزىيدۇ، ئاندىن كېيىن قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ. بۇنىڭ قانداق ھالىتى بار؟ بۇنىڭ جاۋابى ئوچۇقتۇركى، بۇنىڭدا بەدەن ھۆللۈكلىرىنىڭ كىرگىنىگە ئوخشاش، بۇ ماددا قارشىلىشىش دەرىجىسىدە تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا ئوفۇنەت ماددىسىمۇ كىرىدۇ. بۇ كېسەللىك سەۋەبى ئورنىدا تۇرىدۇ. ئوفۇنەت ماددىسى ئەگەر تاجاۋۇزچى دۈشمەن بولسا، تەبىئەت قوغدىغۇچى پادىشاھتۇر. ئۇ ئىككىسىدە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق جەڭ بولىدۇ. دۈشمەن بەزىدە ئارقىمۇئارقا جەڭ قىلىدۇ، بەزىدە جەڭ قىلىش يوشۇرۇن بولىدۇ، بەزىدە ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر جەڭ ۋاقتى بولسا، قىزىتما كۆرۈلىدۇ. ئەگەر جەڭ يوشۇرۇن بولغان بولسا جەڭ توختاش دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىر سوئال تۇغۇلىدۇكى، بىرقېتىم ھارارەت يۇقىرى ئۆرلىگەندىن كېيىن قانداق تۆۋەنلەيدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى بىر ئوخشىتىش بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەزابىلدە ئوچۇقتۇركى ئوفۇنەت بولىدۇ، بۇ بىر ۋاقىتتا زىيادە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ئاخىرلىشىدۇ ۋە بۇ جايدا پۇراقسىز كۈلدىن باشقا ھېچ نەرسە قېپقالمايدۇ.

ئىنساننىڭ بەدىنىدە ھۆللۈكلەرنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھۆللۈكلەر ئوفۇنەتلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئوفۇنەتلىنىش پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ. مەزابىل ئەگەر ئېشىپ قالغان كۈل ماددىلىرىنىڭ ھالىتىدە بولغان بولسا، ئىنساننىڭ بەدىنىدە بۇ تۈردىكى بىرەر نەرسە چوقۇم پەيدا بولىدۇ ۋە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدا ئوفۇنەت پائالىيىتى بولمايدۇ. خۇددى كۈلدە ئوت ھارارىتى تەرەققىي قىلالمىغىنىدەك.

قىزىتمىنىڭ ھارارىتىنى يۆتكىيەلمەيدىغان نەرسە كۈل خۇسۇسىيىتىنىڭ بولۇشى بىلەن ياد قىلىنىدۇ. قىزىتمىنىڭ ئىككىنچى تۇتۇش ۋاقتى كەلسە، بۇ يەنە بىر ماددىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ماددا ئىلگىرى قايسى سەۋەب بىلەن قانداق ئوفۇنەتلەنگەن بولسا، ھازىرمۇ شۇ سەۋەب بىلەن شۇنداق ئوفۇنەتلىنىدۇ.

تۇتقاقلىق ئېتىبارى بىلەن قىزىتمىلارنىڭ ئاتىلىشى بۇ قىزىتمىلارنىڭ تۇتقاقلىقى ھەر كۈنى كېلىدۇ، بۇ مۇۋازىبە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ تۇتقاقلىقى ئۈچىنچى كۈنى كېلىدۇ، بۇلارنى غىب (تىيا) دەپ ئاتايدۇ. بۇلارنىڭ تۇتقاقلىقى (نۆۋىتى) تۆتىنچى كۈنى كېلىدۇ، بۇ رۇبئى (چوتىيا) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرى تۆت خىل خىلتنىڭ ئېتىبارىدىن تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. ئاندىن ھەربىرى دائىرە (تۇتقاقلىق بىلەن

كەلگۈچى) ۋە دائىمە (ھەمىشە تۇرغۇچى) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ھۇمما دائىمە (دائىملىق قىزىتما) ماددىلار قان تومۇرلارنىڭ ئىچىدە ئۇفۇنەتلەنگەن چاغدا كۆرۈلىدۇ. لېكىن قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا قان ئۇفۇنەتلىنىش چوڭ ئىششىقلاردا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا كۆپ مىقداردا قان توپلانسا ۋە ئۇفۇنەتلەنسە، قىزىتما (دائىملىق تۇتقۇچى قىزىتما) ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. ئىششىق پىشىپ ئېغىز ئالسا ۋە ئىچىدىكى ماددا پۈتۈنلەي چىقىپ كەتسە، قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ.

ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ ئالامەتلىرى ئومۇمەن خىلىتلىق قىزىتمىلارنىڭ ئالامەتلىرى بۇ سىرتقى سەۋەبلەر بىلەن باشلانمايدۇ، بەلكى دەسلەپتە پەيدا بولىدۇ. بارلىق خىلىتلىق قىزىتمىلار بىلەن جۇغ - جۇغ ياكى يەڭگىل جۇغ - جۇغ بولىدۇ. بۇ جايدا تەپ مۇتبىقە يەنى تەپ دائىمى ۋە بەزى ئىششىقتىن بولغان قىزىتمىلار بۇنىڭدىن خالىي بولىدۇ.

لەرزە (نافىز) تىترەش ھەرىكىتىدۇر. بۇنىڭ بىلەن سوغۇقتا توڭغاندەك ھېس قىلىشمۇ بولىدۇ. پۈرىرى (قەشئەرىرە) مۇ بىر تۈردىكى يەڭگىل لەرزەدۇر.

بارلىق خىلىتلىق قىزىتمىلارنىڭ ھارارىتى بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارنىڭ ھارارىتىدىن يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە تومۇر، نەپەسلىنىش ۋە تىندۇرۇلغان سۈيدۈك زىيادە ئۆزگەرگەن بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەربىر خىلىتلىق قىزىتمىلار ئۈچۈن مەخسۇس ئالامەتلەرمۇ بولىدۇ.

تۇتقاقلىق قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى

مەيلى مۇۋازىبە ياكى غىب ياكى رۇبئى بولسۇن، يەنى تۇتقاقلىق قىزىتما، مەيلى ھەر كۈنى قىزىيدىغان قىزىتما ياكى ئارىلاپ قىزىيدىغان ياكى تۆت كۈندە بىر قىزىيدىغان قىزىتما بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

قىزىتمىنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى قىزىتمىنىڭ يوشۇرۇن دەۋرىدە قىزىتما ئۆرلەشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ تەبىئىتى سۇس بولىدۇ، ئەسنەيدۇ ۋە كېرىلىدۇ. قول - پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەندەك بولىدۇ، پۈتۈن بەدەن خۇسۇسەن باش ۋە بەلدە ئاغرىق بولىدۇ. بەزىدە باش قايىدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ ۋە قورسىقى ئاچمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توڭلاپ تىترەش بىلەن قىزىيدۇ. چۈنكى بۇ قىزىتمىدا دەسلەپتە توڭۇپ تىترەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىقلىق مەلۇم بولىدۇ ھەمدە ئاخىرىدا تەرلەپ قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئالامەتلىرى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. لېكىن بۇ ئوچۇق تۇرۇپتۇكى، ئوخشاش بولمىغان بىمارلاردا بۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

بىرىنچى دەرىجە ھەممىدىن دەسلەپكىسى توڭۇپ تىترەش دەرىجىسىدۇر. بۇنىڭدا ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇستىخانلار سۇنۇپ كەتكەندەك (چېقىلىپ كەتكەندەك) سېزىم بولۇشقا باشلايدۇ. ھورۇنلۇق غالىب بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەننىڭ مويلىرى تىكلىنىدۇ ھەممە سوغۇقلۇق مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ، سوغۇقلۇق دەسلەپتە ئومۇمەن دۈمبە تەرەپتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي پۈتۈن بەدەندە سوغۇقلۇق مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ. بەزىدە بىراقلا سوغۇقلۇق مەلۇم بولۇشمۇ بولىدۇ، بەدەن تىترەشكە باشلايدۇ ھەممە جۇغ - جۇغ شۇقەدەر ئۆتكۈر بولىدۇكى، بىمارنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كېتىدۇ ۋە بەزى بىمارلار شۇ قەدەر توڭلايدۇكى، ئۇنىڭ جىسمى مۇزغا ئوخشاش سوغۇق بولىدۇ. تىرناق ۋە كالپۇكى كۆكىرىدۇ. ئەگەر كىچىك بالا بۇ قىزىتما بىلەن قىزىسا، ئۆتكۈر سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا تەشەننۇج بولۇشقا باشلايدۇ.

مېڭە: بۇ قىزىتمىدا كۆپىنچە ئىچكى ئەزالاردا قان تولۇپ قېلىش بولىدۇ. ئەگەر مېڭىدە قان تولۇش يەڭگىل بولسا، باشتا ئېغىرلىق ياكى ئاغرىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئەگەر قان تولۇش زىيادە بولسا، بىھوشلۇق ياكى جۆيلۈشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

نەپەسلىنىش: ئەگەر قان تولۇش ئۆپكىدە بولسا، نەپەسلىنىش ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ.

ئاشقازان ۋە جىگەر: ئەگەر قان تولۇش ئاشقازان ۋە جىگەردە بولسا، كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ.

بەدەن ھارارىتى بىرىنچى دەرىجىدە گەرچە بىماردا توڭلاپ تىترەش ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قىزىتما ئۆرلەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ھارارىتى نورمالدىن چوڭىيىدۇ. بۇ بەزى ۋاقىتلاردا 104 ياكى 105 دەرىجىگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنىڭ ئېغىزى قۇرۇيدۇ ۋە قاتتىق ئۇسسايدۇ. توڭۇش دەرىجىسى ئومۇمەن بىر سائەتتىن بىر يېرىم سائەتكىچە تۇرىدۇ. ئەگەر مېڭە، ئاشقازان، جىگەر ۋە باشقا ئىچكى ئەزالاردىن بىرەر ئەزادا قان تولۇپ قېلىش بولسا، توڭۇش دەرىجىسى 4 ~ 5 سائەتكىچە ئۇزىرايدۇ. ئەگەر بۇ قىزىتما بىرقانچە قېتىم يۇقىرىلاپ تۆۋەنلىسە ۋە بەدەندە بۇنىڭ زەھەرلەش ئىقتىدارى ئازلىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا توڭلاش دەرىجىسى قىسقا ۋاقىت تۇرىدۇ. يەنى پەقەت قىسقا مۇددەت يەڭگىل جۇغ - جۇغ سېزىلىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە توڭلاشنىڭ دەسلەپكى دەرىجىسى ئاخىرلاشقاندا كېسەللىكتە بىرئاز پەسىيىش بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن دەرھاللا قىزىش دەرىجىسى باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەدرىجىي قىزىيدۇ، ھەتتاكى قىزىقلىق بىمار بىئارام بولىدىغان ۋە يوتقانلىرىنى ئېچىۋېتىپ شامالدايدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈر بولىدۇ. باش ئاغرىقنىڭ شىكايىتى

بولىدۇ، ئىشتىھا تامامەن بولمايدۇ، لېكىن ئۆتكۈر ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. ئېغىز ۋە تىلى قۇرۇيدۇ. تىلى ئۈستىگە ئاق گەز توپلاشقان بولىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ. بۇ دەرىجىدە بەدەن ھارارىتى 100 ~ 104 دەرىجىگىچە ۋە بەزىدە 112 دەرىجىگىچە ئۆرلەيدۇ. قىزىش دەرىجىسى 3 ~ 4 سائەتكىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرلەشكە باشلايدۇ، بۇ تەرلەش دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە بۇ تەرلەش دەرىجىسىدۇر. ئەگەر قىزىش دەرىجىسى ئاخىرلاشقان بولسا، بىمارنىڭ پېشانە ۋە يۈزى دەسلەپتە تەرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرلەيدۇ، بىئارام بولىدۇ، ئۇسسايدۇ ۋە قىزىقلىق پەسىيىپ قىزىتما تامامەن تۆۋەنلەيدۇ. بەزىدە ئاجىز بىمارلار تەرلىگەندىن كېيىن سۆزلەرگە ئوبدان جاۋاب بېرەلمىگۇدەك ئاجىزلايدۇ ۋە بەزىدە ھارغىنلىق سەۋەبىدىن ئۇخلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئويغىتىلسا، ئۇ قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. تەرلەش دەرىجىسى ناھايىتى قىسقا مۇددەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئۈچ دەرىجىنىڭ ئومۇمىي مۇددىتى تەخمىنەن 11 سائەت بولىدۇ، يەنى بۇ تۇتقاقلىقنىڭ ۋاقتىدۇر. لېكىن بەزىدە ئاز دېگەندە بىر سائەت، كۆپ دېگەندە 12 سائەتكىچىمۇ تۇتقاقلىق كۆرۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش ئوچۇق بولىدىكى، يۇقىرىقى ئۈچ دەرىجىنىڭ ئالامەتلىرى كۆپىنچە بىمارلاردا كۆرۈلىدۇ. لېكىن بەزى بىمارلاردا بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بولمايدۇ، مەسىلەن: مەلۇم بىماردا سوغۇقلۇق دەرىجىسى بولمايلا پەقەت قىزىش ۋە تەرلەش دەرىجىسىلا كۆرۈلىدۇ. بەزى بىماردا پەقەت توڭلاپ تىترەش مەلۇم بولىدۇ، قىزىش ۋە تەرلەش دەرىجىسى بولمايدۇ. لېكىن بۇ ماددىنىڭ ناچارلىقى كەم بولغان ۋە قىزىتما تامامەن يوقالغان ۋاقىتتا بولىدۇ. بەزى بىمارلاردا كۈندە تەرتىپسىز قايتا - قايتا جۇغ - جۇغ بولۇش، ئازراق بوشاڭلىق ۋە بىئاراملىق كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا توڭۇپ تىترەش، قىزىشنىڭ بىرەر دەرىجىسى ئاشكارا بولمايدۇ. بۇ قىزىتما غەيرىي مۇنتىزىم ياكى تەرتىپسىز قىزىتما (ھۇممى مۇختەلىتە) دېيىلىدۇ.

ئاجامىييە

ئوفۇنەتنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئېيتىلىپ بولدىكى، «ئوفۇنەت ۋە ۋابانىڭ ناپاك تەنچىلىرى بەزىدە بۇزۇلغان جەسەتلەردىن ۋە بەزىدە بۇزۇلغان تېرىلەردىن ئىنسان بەدىنىگىچە يېتىپ كېلىدۇ». ئۇنىڭدىن بۇ كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەمرازى ئەجامىييە ياكى ئاجامىييە خاس ئۇقۇمى بىلەن ياد قىلىنىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇشۇنداق قىزىتمىلارنى ھۇممىياتى ئاجامىييە دەپ ئاتايدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇ تۈردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ

تۇرلىرىنى ئېيتقاندۇر. مىياھى ئاجامىييە توختاپ قالغان، يەنى ئوچۇق تۇرۇپ چىرىگەن سۇنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ناچار ۋە ئېغىر بولىدۇ (شەيخ).

مىياھى ئاجامىييە توختاپ قالغان سۇ دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭ ئىچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قومۇش (سەركەندى) ۋە باشقىلار ئۈنگەن بولىدۇ.

چۈنكى مۇشۇنداق سۇ قويۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ناچار تەنچىلەر بىرلىشىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن لەتىپ تەركىبلەر تارقاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق سۇنى ئىچكۈچىلەردە تال كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئىچكى ئەزالار ئىششىقى سەۋەبىدىن نېپىزلايدۇ، ئىچكى ئەزالىرى قېتىشىدۇ، پۇت - قوللىرى، ئوقۇرەك سۆڭىكى، بويىنى ئورۇقلايدۇ. ئۇ كىشىلەردە ناچار ئىشتىھا ۋە ئۇسسۇزلۇق غالىب بولىدۇ، ئۇلارنىڭ چوڭ تەرىتى توختاپ قالىدۇ، يەنى قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇسۇشى قىيىن بولىدۇ».

«بەزىدە بۇ سۇ تەركىبلىرىنىڭ بەدەندە تۇرۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن ئىستىسقاغا گىرىپتار بولىدۇ. بەزىدە ئۆپكە ئىششىقى، ئىچ سۈرۈش ۋە تال ئاغرىقىغا گىرىپتار بولىدۇ. بىمارنىڭ پاچاقلىرى ئورۇقلايدۇ، جىگىرى ئاجىزلايدۇ. تال كېسەللىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئازلايدۇ». ئۇلاردا جۈملىدىن ئاياللاردا جۇنۇن، بۇۋاسىر، داۋالى، ئۆپكە ئىششىقى ۋە بوشاشتۇرغۇچى ئىششىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغان ئاياللار ھامىلىدار بولۇشتا ۋە تۇغۇت كۈنلىرىدە قىينىلىدۇ ھەم بۇ بالا تۇغۇلسا، ئۇنىڭ بەدىنى كۆپۈشكەن بولىدۇ. كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ئاياللاردا يالغان ھامىلىدارلىق كۆپ بولىدۇ. يۇقىرىدىكى تۇرۇپ قالغان سۇنى ئىچكەن باللاردا ئۈرۈق بېزى خالتىسىغا سۇ چۈشۈش ئاغرىقى ۋە چوڭلاردا داۋالى، پاچاق يارىسى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يارىسى تېز ياخشى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەردە غىزاغا بولغان ئىشتىھا ئادەتتىن تاشقىرى كۈچىيىدۇ. تەسلىكتە ئىچى سۈرىدۇ. ئەگەر تۇيۇقسىز ئىچى سۈرگەن بولسا، ئىچكى ئەزالاردىكى ئەزىيەت ۋە يارىلىنىشى بىلەن كېلىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەردە تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان ياشانغانلاردا كۆيدۈرگۈچى قىزىتما كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بۇلار قەۋزىيەت بولىدۇ (قانۇن كۇللىيات، ئەھۋالى مىياھ). مۇشۇنداق «ئوفۇنەتلىك ئورۇنلار» دا ئەگەر بىرەر جايدا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما ۋە كۆيدۈرگۈچى قىزىتما كۆپ بولغان بولسا، باشقا جايدا سەپراۋى قىزىتمىلار كۆپ بولىدۇ، بۇلارنىڭ تۇتقاقلىقى ھەر كۈنى ياكى ئۈچ كۈندە كېلىدۇ (مۇۋازىبە، غىب) ياكى بۇ مۇفەتتىرە ۋە لازىمە ھالىتىدە بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ھۇممىياتى ئەجامىيە يەڭگىلمۇ بولىدۇ. دىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا ياكى بۇنىڭدا بەلغەمنىڭ ئالامەتلىرى غالىب بولىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاردا كېسەللىكلەر نېمە ئۈچۈن كۆپ بولىدۇ؟

(1) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سۇنىڭ زاتى ناچارلىقىدىن مۇشۇنداق زەيكەش ئورۇنلاردىكى كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىدە بۇزۇلغان خىلىتلار كۆپ بولىدۇ. بۇ ئوفۇنەتلىنىش ئۈچۈن ناھايىتى زىيادە تەييار تۇرىدۇ. باشقا سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە مۇشۇنداق ئورۇنلاردىكى كىشىلەردە كېسەلگە قارشى كۈچ ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئاجىز بولىدۇ.

(2) مۇشۇنداق ئورۇنلاردا ئوفۇنەتلەر چوڭ، كۆپ ۋە ھاشارات ھەۋام (قۇرت لىچىنكىلىرى) ۋە ناپاك تەنچىلەر زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ. بۇ كېسەللىك ماددىلىرى ۋە ئوفۇنەت ماددىلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

ئەللامە سەمەرقەندى يازغانكى: «قورۇھى بەلخىيە ھەرە چېقىشتىن پەيدا بولىدۇ».

بۇ قىسىم زەيكەش (ئەجامى) ئورۇنلاردىكى ھەرە، پاشا، چىۋىن قاتارلىقلار نۇرغۇنلىغان ماددىلارنى ئۆزىگە بىر جايدىن يۇقتۇرۇپ، ئىككىنچى جايغا تارقىتىدۇ.

ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنى داۋالاشنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇللىرى

تۆۋەندە بۇنىڭ ئورتاق داۋالاش ئۇسۇلى بايان قىلىنىغان. ئۇلارنىڭ كۆپى ئەسلىدە «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بايانلىرى» دىن تاللانغان. بۇنىڭ بايانى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنى ئومۇمىي «داۋالاش ئۇسۇلى» تېمىسىدىكى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ قىزىتمىلار قانۇنىدا يېزىلغان. بۇنىڭدا ھەرقايسىسىغا مۇناسىپ تەشرىھ، تەپسىلات ۋە زۆرۈر قوشۇمچىلار ھەم پايدىلار بېرىلگەن ھەمدە ئايرىم - ئايرىم بايانلار بىر تەرتىپ بىلەن جەمئىي قىلىنغان.

قارىمۇقارشى ئىككى ئاساس بويىچە داۋالاش ئۇسۇلى

قانۇن (1) ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ ئىلاجىدا بۇ چارىلەر تاللىنىلىدۇ، ئۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. بەزىدە مەقسىتى قىزىتمىنىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىش، يەنى ھارارەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. سوۋۇتۇش مەقسىتى ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ۋە ھارارەت پەسەيتكۈچى دورىلار شۇنداقلا غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، سوغۇق ھاۋادا تۇرغۇزۇلىدۇ. قىسقىسى، ئىچكى تەرەپتىن سوۋۇتقۇچىلار ۋە ھۆللەشتۈرگۈچىلەرنى ئىشلىتىپ، ھەر خىل ئۇسۇلدا ھارارەتنى كېمەيتىشكە تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ.

2. بەزىدە قىزىتمىدىكى مەۋجۇت بولغان قىزىقلىقنى تۆۋەنلىتىشكە چارە قىلىش مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى مەقسەت ماددىنى پىشۇرۇش ۋە ماددىنى چىقىرىشتۇر، ماددىنى چىقىرىشتا ئوخشاش بولمىغان ۋاستىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تەرلىتىشكە تىرىشىلىدۇ ھەمدە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، سۈرۈپ چىقارغۇچى، كۆچلەندۈرگۈچى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر بۇ ئوچۇق بولىدىكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى مەقسەت ۋە ئىككى چارە بىرى ئىككىنچىسى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ ھەمدە بىر ۋاقىتتا ئىككىسىنى قوللىنىش مۇمكىن بولمايدۇ، مەسىلەن: قىزىتما ھارارىتى ئۆتكۈر بولسا سوۋۇتقۇچى چارىلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سوغۇق سۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ئىشلىتىلىدۇ، سوغۇق ھاۋادا تۇرغۇزۇش ئارقىلىق سوۋۇتۇلىدۇ، ماددىلارنى پىشۇرۇش، سۈرۈپ چىقىرىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن ئىسسىق چارە ۋە ئىسسىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تەرلىتىش مەقسەت قىلىنسا بۇنىڭ ئۈچۈن قايناق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە بىمارنىڭ بەدىنى سوغۇق ھاۋادىن ساقلىنىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ ھالەتتە داۋالاش ئۇسۇلى بۇكى، تېۋىپ ئىككى تەرەپنى ئالدىغا قويۇپ ئويلاش، يەنى قايسى تەرەپ ئەڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر بولسا، ئۆز چارىسىدە بۇنىڭغا رىئايە قىلىش ۋە بۇنى دەسلەپتە داۋالاشنى ئويلاش، شۇڭلاشقا بەزى قىزىتما شۇنچىلىك ئۆتكۈر، يەنى ھارارەت شۇنچىلىك ئۆتكۈر بولىدۇكى، ئۇ ماددا تەرەپكە كىرىشىشكە مۆھلەتمۇ بەرمەيدۇ. ماددىنى ياخشىلاش، پىشۇرۇش ۋە سۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكۈدەك ۋاقىتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئىچى ۋە سىرتقى تەرەپتىن سوغۇق چارىلەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، مەسىلەن: تويغۇدەك سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش، بىمارنى سوغۇق ئورۇندا قويۇش، مۇز بىلەن ياتقىنى سوۋۇتۇش، بىمارنى سۇ كۆرپىسىدە ئۇخلىتىش، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش ۋە باش ئۈستىگە مۇز تېڭىش ياكى سىركە قاتارلىقلارنى باش ئارقىسىغا مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ قويۇش. ئاندىن كېيىن ئەگەر قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر ۋە شىددەتلىكى ئاخىرلاشقان بولسا، تەسەللى بېرىش بىلەن ماددا تەرەپكە كىرىشىلىدۇ ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن يۇمشىتىش، پىشۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە تەرلىتىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئىشلىتىلىدۇ، تېرە ياكى رېزىنكە خالتىغا سۇ تولدۇرۇپ بىمار ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىتىلىدۇ، تېرىدىن ياسالغان مۇشۇنداق كۆرپىنى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قىزىتمىلار قانۇنىدا بايان قىلغان.

قانۇن (2) ئەگەر ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار تۇتقاقلىق بولسا ۋە بۇ ۋاقىتتا ھارارەت ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر ۋە شىددەتلىك بولغان بولسا (كۆپىنچە مۇشۇنداق بولىدۇ) سوغۇق چارىلەر ۋە سوۋۇتقۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە راھەت ۋاقىتتا ماددىنى چىقىرىشنىڭ ۋاستىلىرى، مەسىلەن: يۇمشىتىش، تەرلىتىش، پىشۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىقلار

ئىشلىتىلىدۇ.

ئىزاھات ئىلاھىنىڭ مەرھەمىتى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بەزى نەرسىلەردە ماددىنى پىششۇرۇش، لەتىپلەشتۈرۈش ۋە چىقىرىپ تاشلاش خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە سوۋۇتۇش خۇسۇسىيىتىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: سىركەنجىۋىلگە ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن سىركەنجىۋىل ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار ئۈچۈن بىر ئىلاھى نېمەتتۇر. شۇڭلاشقا سىركەنجىۋىل ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا ھەر ۋاقىت يەنى تۇتقاقلىق ۋاقتىدىمۇ ۋە تۇتمىغان ۋاقتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېۋىپنىڭ ماددا قاتارلىقلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئەينۇلا ۋە تەمرى ھىندىگە ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشى زۆرۈردۇر ياكى خىيارشەنبەر، شىرخىست، تەرەنجىبىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش بەك ئىسسىق بولمىغان سۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش مۇمكىن. لېكىن بۇ ئۇچۇقكى، تېۋىپ بۇ مەقسەتكە داۋاملىق يېتىۋەرمەيدۇ، بەلكى تەرلىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلمىسا ماددىلارنى پەيدا بولۇش ئورنىغا قاراپ چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ.

قانۇن (3) ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا قىزىتمىنىڭ ئەسلىي سەۋەبى بىرەر مەخسۇس ماددا بولىدۇ، مەيلى ئىككى ماددا بەدەندىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن قان ۋە بەدەندە پەيدا بولغان بولسۇن ياكى مەخسۇس جاراسىمنىڭ پائالىيىتىدىن ياكى بىرەر يولدىن پەيدا بولغان بولسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىزىتمىلارنىڭ ھەقىقىي ۋە ئەسلىي ئىلاجى شۇكى، ئەسلىي سەۋەبى يوقىتىلىدۇ ۋە مۇشۇنداق چارىلەر تاللىنىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ماددىنىڭ چىقىشىدا ئاسانلىقلار پەيدا بولىدۇ ياكى بۇنىڭدا بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ماددا زەرەرسىز ۋە تەسىرسىز بولىدۇ ھەمدە ھارارەت پەيدا قىلىشنىڭ كۈچىيىشى نورماللىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سوغۇق چارىلەرنى ئىشلىتىش ئەسلىدە ھەقىقىي داۋالاش ئەمەس، بۇ بولسا پەقەت ئىككىلەمچى ۋە ۋاقىتلىق داۋالاشتۇر، بۇ مەسلىھەت ۋە مەجبۇرلۇق سەۋەبىدىن قىلىشقا ئېھتىياج چۈشىدۇكى، شىددەتلىك ھارارەتكە بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ۋاقىتلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلمىسە، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سەرسام ۋە ئۆلۈم كۆرۈلۈش خەتىرى بولىدۇ. ئەگەر شىددەتلىك ھارارەتكە بەرداشلىق بەرگىلى بولمىسا، يەنى بۇ ئىككىلەمچى مەجبۇرلۇق توغرا كېلىپ قالمىسا، ئەسلىي ئىلاج بۇدۇر ۋە مۇشۇنداق چارىلەر قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇ مەقسەتلەرگە ياردەملەر ھاسىل بولىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر ئىمكان بولسا قەتئىي غىزا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى غىزانى توختىتىش بىلەن بەدەندىكى ماددىلارنىڭ ئازلىشى، تارقىلىشى ۋە ياخشىلىنىشىغا

ناھايىتى تولۇق ياردەملەر ھاسىل بولىدۇ ۋە شىپا تاپقان ھالەتتە بەدەندىكى ماددىلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەر تېزلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە غىزانىڭ زىيادىلىكىدىن ياخشىلىنىشنىڭ ئورنىغا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇزۇلۇش ھالىتى كۆرۈلىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ماددىنىڭ ئازىيىشى ۋە تارقىلىشىدا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان سوغۇقلۇقنى ھەرگىز يەتكۈزمەسلىك لازىم.

قانۇن (4) بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما بولسا تاۋۇز ياكى باشقا كۆكتات ۋە مېۋىلەرنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى ئازلىتىش ۋە تارقىتىش مەقستى بىلەن بىمار ئاچ قويۇلىدۇ ھەم تاۋۇز سۈيىمۇ ئىچكۈزۈلمەيدۇ، مۇشۇنداق قارىمۇقارشى ھالەتلەردە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش ۋە ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىبن سىنا مەسلىھەت بەرگەنكى، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا كۆكتات، مېۋىلەرنىڭ سۈيى يەتتە كۈندىن كېيىن ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم بۇ مەزگىلدە پەقەت ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن بەزى ھالەتلەردە يەتتە كۈن ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق سوغۇق ۋە تىنچلاندۇرغۇچى نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئاچچىق ئانار سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى، لوكات سۈيى، نارىنگى ۋە سەنترە سۈيى، نېپىز پوستلۇق لىمون شىرىسى، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ھالەتلەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ھارارەتنى پەسەيتىشمۇ بۇنىڭ بىلەن ھاسىل بولىدۇ ھەم بۇ سەپرانى كەسكۈچىدۇر.

قانۇن (5) ئەگەر بىمار ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولسا، شۇنىڭدەك شىددەتلىك ھارارەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھالەتتە قورقماي سوغۇق چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ ھەم ماددىغا قەتئىي پەرۋا قىلىنمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ھالەتتىمۇ غىزا بېرىلىدۇ، ئەگەر بەدەن كۈچى كۈچلۈك بولسا، ماددىنى ياخشىلاش تەرەپكە يۈزلىنىپ، كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش ۋە سۈرۈپ چىقىرىش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

قانۇن (6) ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا ئەگەر سوۋۇتقۇچىلارنى ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۈچەيلەرنى ۋە قان تومۇرلارنى قورۇغۇچى، ماددىنى قويۇلدۇرغۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ھەرگىز ئىستېمال قىلدۇرۇلمايدۇ، مەسىلەن: قۇرسى كافۇر، قۇرسى تاباشىر قاتارلىقلار. بۇ جايدا پىشۇرۇش ۋە سۈرۈپ چىقىرىشتىن كېيىن مۇشۇنداق قابىز سوۋۇتقۇچى نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەم بۇ ۋاقىتتا بۇمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

بەدەننى بوشاشتۇرمايدىغان سوۋۇتقۇچى دورىلار بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، نېپىز پوستلۇق لىمون سۈيى، سىركە، ئاپېلسىن سۈيى، ئەينۇلانىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، تاۋۇز سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى، ئاچچىق ئانار سۈيى، كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيى، كۆك سېمىزئوت يوپۇرمىقى سۈيى،

كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك تەرخەمەك سۈيى، كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر ئەرقى، گۇلاب ئەرقى، بىدساددە، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى كېۋىرە، سوغۇق سۇ قاتارلىقلار مۇشۇنداق سوۋۇتقۇچىلارنىڭ مىسالىدۇر. بۇ قابىز ئەمەس. بۇ ماددىنى سۈرۈپ چىقىرىشتىن ئىلگىرى قىزىتما ماددىسىغا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئورتاق چارىلەر

ئۇلار يۇمشىتىش، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇستۇرۇش ۋە باشقىلار.

يۇمشىتىش ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار داۋالاش ئۇسۇلى قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھەممىدىن ئىلگىرى يەڭگىل سۈرگە بېرىشتۇر. ئىچى سۈرۈش بۇرۇندىنلا داۋاملاشمىغان ياكى ئۈچەيلەردە بىرەر ئىچىنى سۈرۈشكە يول قويمايدىغان كېسەللىك بولمىغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر قەۋزىيەت (بۇ بېشىدا كۆپىنچە بولىدۇ) بولسا يۇمشىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يەنىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. ئادەتتىكى چوڭ تەرەت قىلىش ھالىتىدىمۇ يۇمشىتىشنى چالا قىلماسلىق لازىم. سوئال: نېمە ئۈچۈن ماددىنى پىشۇرماستىنلا سۈرگە بېرىلىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى: پىششىنى كۈتۈش كۈچلۈك سۈرگىلەر ئۈچۈن ۋە ئومۇمىي بەدەنلىك سۈرۈپ چىقىرىش ۋاقتىدا زۆرۈر بولىدۇ، يۇمشىتىش ھالىتىدە زۆرۈر ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىبنى سىنا «قانۇن» دا بىرنەچچە قېتىم بىرقانچە تېمىلاردا بۇنى ئوچۇق يازغان.

ئەسكەرتىش قىزىتمىلارنى داۋالاشتا دەسلەپتە يەڭگىل سۈرگىلەر ئىشلىتىلگەن بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئىش يۈرىشىدۇ ۋە كېيىن كۈچلۈك سۈرگىلەرگە زۆرۈرىيەت بولمايدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بىر قانچە ئورۇندا بۇنى ئوچۇق يازغان.

بۇ ھالەتتە گۈلقەنت ياخشىراق نەرسىدۇر. گۈلقەنتتە مۇسھىللىق خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولۇش بىلەن سوۋۇتۇش ۋە ھارارەتنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىمۇ بار. سىركەنجىۋىلگە ئوخشاش بۇنىڭدا ئىككى ياخشىلىق جەملەنگەن. يەنى سىركەنجىۋىلدە سوۋۇتقۇچى بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن ماددىنى لەتىپلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، گۈلقەنتتىمۇ مۇسھىللىق خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولۇش بىلەن ھارارەت پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سىركەنجىۋىل ۋە گۈلقەنت ئىككىسىنى ئىشلىتىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇ ۋاقىتتا شىرخىستنى ئىشلىتىشنى ھاۋالە قىلغاندۇر. تەرەنجىبىنمۇ شىرخىستقا يېقىنلا بولىدۇ. يەنە ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا دورىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش

ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈن سۈرگە ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا يەڭگىل ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە تەبىئىي شەكىل بىلەن ھۆقنىلەرنى ئىشلەتكەندە ھېسابسىز ياخشىلىقلار ۋە پايدىلار بولىدۇ. ئەگەر رەسمىي ۋە راۋاج بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىش، يەنى ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىشتىن بىزار بولۇش، بۇ كېسەللىك ھالەتلىرىدە ھەم ساغلاملىق ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنى سورىغان ۋاقتىدا بىھۇدە سۆز بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۈچەيلەرنى يۇمشىتىش ۋە تازىلاش ئۈچۈن يەڭگىل سۈرگىلەردىن ياخشىسى يەڭگىل ھۆقنىدۇر.

تەرلىتىش ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش يۇمشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بولغاندىن كېيىنلا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە تەرلىتىشكە تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ، قىزىتما ئۆتكۈر بولمىغان ۋە ھارارەت قىزىتقۇچىلارنى ۋە ئىسسىق چارىلەرنى ئىشلەتكۈدەك ئۆتكۈر بولمىغان شەرت ئاستىدا. سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مۇز سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، يەلپۈنىلىدۇ ۋە باشقىلار.

قۇستۇرۇش قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئومۇمەن تۇتقاقلىق ۋاقتىدا قۇستۇرۇش پايدىلىق بولىدۇ. جۈملىدىن بۇ ۋاقىتتا تەبىئەت ئۆزىمۇ قۇسۇش، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە كېكىرىش تەرەپكە مايىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ۋاقىتتا قۇستۇرۇش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈش يېتەرلىكتۇر. كۈچلۈك قۇستۇرغۇچىلارنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. تەبىئەت ئىچ سۈرۈش تەرەپكە مايىل بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۈچەيلەردە كورىكىراش، ئاغرىق، ئېغىرلىق ۋە بىئاراملىق قاتارلىقلار بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا قۇستۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئىچىنى سۈرۈشلا مۇناسىپ بولىدۇ، يەنى تەبىئەتنىڭ مايىللىقىغا خىلاپلىق قىلىش توغرا بولمايدۇ.

تۇتقاقلىق ئاشقازان بوش ھالىتىدە كېلىشى لازىم. تېۋىپ قىزىتما تۇتقاقلىقى قايسى ۋاقىتتا كەلسە، شۇ ۋاقىتتا بىمارنىڭ قورسىقى بوش بولۇشقا تولۇق تىرىشچانلىق قىلىدۇ. يەنى تېۋىپنىڭ پەرىزى غىزا ئۈچۈن تۇتقاقلىق ۋاقىتقىچە غىزا ھەزىم بولۇپ بولىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ قورسىقى بوش بولۇپ بولىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەشتۇر.

قانۇن قىزىتىدىغان كۈنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرەر قىزىتىشنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن ساقلىنىپ، ئارام ئېلىنىدۇ ۋە تىنچ ھالەتتە تۇتقاقلىقنىڭ كېلىشى كۈتۈلىدۇ. ئەگەر بىرەر سۈرگە بېرىلسە، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ۋە بۇ ئۇسۇلدا بېرىلسۇنكى، تۇتقاقلىق كېلىشتىن ئىلگىرى بۇنىڭ تەسىرى ئاخىرلاشسۇن. قىزىتىدىغان كۈنى بىرەر مۇسكۇلنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ، تۇتقاقلىق كۈنى كۆپ قۇستۇرۇش قىلىنىدۇ، لېكىن تۇتقاقلىق كېلىشتىن ئىلگىرى قۇستۇرۇش مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى تۇتقاقلىق باشلىنىپ، توڭۇپ تىترىگەن چاغدا قۇستۇرۇلىدۇ.

قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئورتاق چارىلەردىن كېيىنكى چارىلەر

قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئورتاق چارىلەردىن كېيىن قىزىتما يوقايدۇ. بۇنىڭدا بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر سوئالمۇ بولمايدۇ، ئەگەر دەسلەپكى چارىلەردىن كېيىن قىزىتما يوقالمىغان بولسا قانداق قىلىش لازىم؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىدا ئىختىلاپ بار.

بىرىنچى مەسلەك بىزنىڭ تېۋىپلىرىمىزنىڭ بىر چوڭ گۇرۇھى بولۇپ، بۇنىڭغا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ قوشۇلغان. ئۇلار ئېيتىدۇكى، دەسلەپكى چارىلەردىن كېيىن چاغدا تەمكىنلىك بىلەن ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاشقا كىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنزىجلارنى ئىچكۈزۈش زۆرۈر بولىدۇ (مەيلى ماددا ئىسسىق ياكى سوغۇق بولسۇن). يەنى دەسلەپىدە ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن، ئىچىنى سۈرۈش، كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە قۇستۇرۇش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلار بولسا خاس ئادەتتىكى ۋە يەڭگىل چارىلەردۇر، شۇ چاغدا يەڭگىل يۇمشىتىش ۋە قۇستۇرۇشنىڭ ئورنىغا تولۇق تازىلاش، كۈچلۈك سۈرگە، كۈچلۈك سىيدۈك ھەيدىگۈچى ئىشلىتىش ۋە كۈچلۈك تەنقىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، يەنى بۇ ئوچۇقكى، تولۇق تازىلاش، مەسلەن: كۈچلۈك سۈرگىنى پىشۇرغۇچى بەرمەي ۋە تەييارلىقسىز ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا خەتەرلىك بولىدىغانلىقى ئېنىقلانغان، بۇ گۇرۇھنىڭ نەزىرىدە كېسەل مەيلى ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما ئىككىلا ھالەتتە بولسۇن كۈچلۈك سۈرگىدىن ئىلگىرى مۇنزىج ئىچكۈزىدۇ.

بۇ ئەسنادا توقۇلمىلار ۋە بەزلەر ماددىلارنى چىقىرىش ئۈچۈن تەييار بولىدۇ. ئەگەر بۇ تۈردىكى تەييارلىق ھاسىل بولسا، كۈچلۈك سۈرگىلەر ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ تۈردىكى كۈچلۈك سۈرگىلەرنى ئىشلەتكەندە، سۈرگە ئۈچۈن ئېيتىلغان بارلىق قانۇنلارنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. مەسلەن: سۈرگە كۈنى غىزا بەرمەسلىك، شام ۋاقتىدا سۈرگە پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەچرىگە ئوخشاش بىرەر يۇمشاق ۋە مۇلايىم غىزانى بېرىش، ئىككىنچى كۈنى ھارارەت پەسەيتكۈچى لۇئابلارنى ئىچكۈزۈش ھەمدە بىر، ئىككى كۈن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەھۋالغا قاراپ باشقا ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى سۈرگىنى بېرىش، بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر تازىلاش بىلەن پاراغەت ھاسىل بولغان بولسا، شۇ چاغدا ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى، قىزىتمىغا قارشى ۋە نۆۋەتكە قارشى تۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسلەن: قۇرسى ئەفسەنتىن، قۇرسى غاپەس، قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كافۇر ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ھەبلەر ۋە

مۇرەككەپ دورا قاتارلىقلار. بۇلارغا كەرەنجۇھ مېغىزى، قەسبۇزەرىرە، ئەفسەنتىن، غاپەس قاتارلىقلار چۈشىدۇ. بۇ قىسىمدىكى قىزىتمىغا قارشى ۋە هارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار سۈرۈپ چىقىرىش ۋە بەدەننى تازىلاشتىن ئىلگىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پايدىلىق بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭلاشقا ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنامۇ ئۇچۇق يازغانكى، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ دەسلىپىدە قۇرسلار مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بۇ جايدا مۇنزىج ۋە بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن بۇلار پايدىلىق بولىدۇ.

1. بۇرۇنقى قائىدىدە قىزىتمىغا قارشى ۋە هارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار ئومۇمەن «قۇرسلار» نىڭ شەكلىدە ياسىلاتتى، مەسىلەن: قۇرسى غاپەس، قۇرسى ئەفسەنتىن، قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كافۇر قاتارلىقلار. قۇرسلار توغرىسىدا، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ بايانىدا مۇتلەق قۇرسلاردىن «بۇ تۈردىكى ئومۇملاشقان قىزىتمىغا قارشى ۋە نۆۋەتكە قارشى تۇرغۇچى قۇرسلار» مەقسەتتۇر.

2. بۇ بەرەك ياكى بەركىن (كونىن) هۇممىياتى ئەجامىيە ئۈچۈن بىر مەشھۇر قىزىتمىغا قارشى ۋە نۆۋەتكە قارشى دورىدۇر. بۇمۇ قانۇن ۋە ئۇسۇل بويىچە ئىستىفراغ ۋە تەنقىيەدىن كېيىنلا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر خاتالىق بىلەن تازىلاش قىلماي، بۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلغان بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆتكۈر زىيانلىق هالەتلەر كۆرۈلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما تۆۋەنلەشنىڭ ئورنىغا ناهايىتى يۇقىرىلاپ كېتىدۇ.

بەركىن — بىر خىل دەرەخ قوۋزىقىنىڭ جەۋھىرىدۇر، بۇ هۇمما ئەجامىيە ئۈچۈن مەشھۇر ۋە ئومۇملاشقاندۇر.

قانۇن قىزىتمىلار سوقمۇنىيا، سەبرە قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۈچلۈك سۈرگىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلار بىلەن سوغۇق نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ، مەسىلەن: كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك كاسىنە سۈيى، كافۇر، تاباشىر، قىزىلگۈل قاتارلىقلار.

پىشۇرماستىن ئىستىفراغ قىلىشمۇ دۇرۇستۇر بۇ گۇرۇھ كۈچلۈك ئىستىفراغ ئۈچۈن ماددىنى پىشۇرۇشنى زۆرۈر، دەپ قارايدۇ. ئۇلارمۇ بۇنىڭغا قايىلدۇركى، بەزى هالەتلەردە ماددىنى پىشۇرماستىن ئىستىفراغ قىلىش پەقەت توغرا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈر هەم ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى ماددىنىڭ پىششىنى كۈتۈپ تۇرۇش بەزى ۋاقىتلاردا خەتەرلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا بۇ ماددىنى تازىلاش ئەھۋاللىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلغان: «ئەگەر ماددا مىقدارىدا زىيادە بولسا، ماددا قوزغالغان بولسا ھەمدە ئۇياق - بۇياققا يۆتكىلىپ تۇرغان بولسا، سىزگە ماددا پىشقۇچىلىك مۆھلەت بەرمەيدۇ ھەمدە دەرھال تازىلاش قىلىنماي، ماددىنىڭ

پىششى كۈتۈپ تۇرۇلسا، بۇ ئەسنادا سەرسام ۋە باشقا خەتەرلىك كېسەللىكلەر پەيدا بولۇشىنىڭ گۇمانى بولغان بولسا، بۇ ئەھۋاللاردا ماددىنىڭ پىششىنى كۈتمەستىن ئىستىفراغ قىلىش زۆرۈر بولىدۇ». بۇقرات ئېيتقاندۇركى، مۇسھىل دورىنى ماددا پىشقاندىن كېيىن بېرىش لازىم، كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە بۇنى ئىشلىتىش مۇناسىپ ئەمەس. بۇ جايدا ئەگەر كېسەللىك ماددىسى قوزغالغان بولسا، مۇشۇنداق قىلىش يەنى پىششىنى كۈتمەستىن مۇسھىل بېرىش لازىم، بۇ تۈردىكى كېسەللىك قوزغىلىشچان كېسەللىك دېيىلىدۇ، بۇنى ئېيتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقكى، بۇقراتنىڭ بايانىدىكى «مۇسھىل دورا» دىن مەقسەت كۈچلۈك مۇسھىل دورا. يەڭگىل مۇسھىل دورا ئەمەستۇر. يەڭگىل مۇسھىل دورىنى كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە بېرىش بولسا داۋالاش قانۇنىدۇر.

ئىككىنچى مەسىلە قەدىمكى تېۋىپلارنىڭ ئىككىنچى گۇرۇھىغا زەكرىيا رازى قوشۇلغان. بۇلار ئېيتىدۇكى، ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە ئىستىفراغ ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن ماددىنى پىشۇرۇشنى كۈتۈشنىڭ قەتئىي زۆرۈرىيىتى يوق، ئەلۋەتتە. سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ماددىنى پىشۇرماي تۇرۇپ ئىستىفراغ قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

ھازىرقى دەۋردە ئورغۇنلىغان تېۋىپلار ۋە پارس تېبابىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار رازىنىڭلا ئۇسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ. يەنى ئۇلار ئوفۇنەتلىك ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا مۇنزىج ئىچكۈزۈشنى كېچىكتۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بەلكى ئىچىنى سۈرۈشتىن كېيىن قىزىتمىنى كېمەيتكۈچى ۋە ئۇتقاقلىقنى توختاتقۇچى دورىلارنى بېرىشنى باشلايدۇ، بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا غەلىبىلىكمۇ بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئەمەلگە ئاز ۋاقىت سەرپ بولىدۇ، يەنى قايتا - قايتا بەدەن تازىلىنىدۇ ھەمدە قايتا - قايتا قىزىتمىغا قارشى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ھەم بۇ دەۋرلەردە ئۆتكۈرلۈكنى كېمەيتىش ئۈچۈن تەرلەتكۈچىلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

كېچىكتۈرۈشتىن قېچىشنىڭ بىر سەۋەبى بۈگۈنكى كۈندىكى تۇرمۇش بىر «ئىلىم - پەن» دەۋرىدۇر. بىمار دورىنى بىر ئىستېمال مىقدارى ئىچىپ خىزمەتكە بېرىشنى ھەم ئىلىم - پەن ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار 14 كۈن كېچىكتۈرۈشكە نېمە ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىدۇ؟

سوزۇلما ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار، بۇلاردا بىزنىڭ قەدىمكى تېۋىپلارنىڭ ئىككى گۇرۇھى ئوخشاش كۆزقاراشتا تۇرىدۇ، يەنى ئىستىفراغدىن ئىلگىرى بۇ ھالەتتە مۇنزىج بېرىش زۆرۈر دەپ چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە يېڭى تېبابەتتە مۇسھىلدىن ئىلگىرى مۇنزىج ئىچكۈزۈشنىڭ بىرەر ئۇسۇلى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن سوزۇلما ۋە ئۆتكۈر ھەر ئىككى ھالەت ئېتىبارىدىن باراۋەر بولىدۇ ھەمدە

يېڭى تېبابەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇنزىج بېرىشتىن قەتئىي ئازاد بولغاندۇر.

لېكىن مېنىڭ تەجرىبىلىرىم ۋە كۆزىتىشلىرىمدىن سوزۇلما ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىدا قەدىمكى تېبابەت ئۇسۇلىنى قوللاندىم. يەنى مۇنزىج بېرىش ۋە ئىستىفراغ قىلىش ئۇسۇلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئۇ ئەھۋاللاردا مەن يېڭى تېبابەتنىڭ قايتا - قايتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆردۈم. سوزۇلما ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلار دوختۇرلارنى زىيادە پەرىشان قىلىدۇ ۋە قايتا - قايتا يوقىلىپ قايتىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ شىپالىق بېرىدىغان ئىلاجى بولسا، قەدىمكى مۇنزىج بېرىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخا ئىچكۈزۈپ بىر قانچە قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، بىرەر قىزىتمىغا قارشى دورا يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئازغان مونچىقى، قەسبۇزەرىرە، ئەفسەنتىن، سەنكىيا، زەرنىخ قاتارلىقلار چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلار.

ئىستىفراغ ۋاقتى ئىچىنى سۈرگۈزۈش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ۋە قۇستۇرۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن ياخشىراقى قىزىتما تۆۋەنلىگەن ياكى يوقالغان ياكى ھارارەت ھەممىدىن تۆۋەن بولغان ۋاقىتتۇر، تۇتقاقلىق دەۋرلىرىدە سۈرگە بېرىش چەكلىنىدۇ.

ئىزاھات بەزى ۋاقىتلاردا بىر قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان، يەنە بىر قۇۋۋىتى ئاجىز بولغان سۈرگىلەرنى ئىشلىتىشكە ئېھتىياج چۈشىدۇ. كۈچلۈك قۇۋۋىتى بولسا، قويۇق ۋە چاپلاشقاق ماددىلارنى ئىچىنى سۈرگۈزۈش يولى ئارقىلىق چىقىرىدۇ، ئاجىز قۇۋۋىتى بولسا بىر - ئىككى قېتىمدىن زىيادە ئىچىنى سۈرمەيدۇ ۋە ناھايىتى زىيادە مىقداردا بىراقلا ماددىلارنى چىقىرىۋەتمەيدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ، يەنى بۇ تۆردىكى سۈرگە دورىسىنىڭ مىسالى سەبرىدۇر.

سېرىق ھېلىلە: ئىبن سىنا ئېيتىدۇ: قىزىتمىلاردا سېرىق ھېلىلەنى بىر قىسىم تېۋىپلار ئىشلىتىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن قىزىتمىلاردىن ساقلىنىش مۇمكىن بولسا، چۈنكى، بۇ ئىچىنى سۈرگەندىن كېيىن قان تومۇر ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىدە تارىيىش پەيدا قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئەزالاردا، ئۈچەيلەردە قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا زۆرۈرىيەت چۈشكەن بولسا، ماددىنى تولۇق پىشۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىش لازىم. لېكىن بىزنىڭ زامانىمىزدىكى چوڭ - چوڭ پەزىلەتلىك تېۋىپلار قورقماي ھېلىلە ۋە مۇشۇنداق سۈرگىلەرنىڭ مۇرەككىباتلىرىنى (بۇنىڭدا ھەلىلە مەۋجۇت بولىدۇ) ئىشلىتىدۇ. شۇڭلاشقا بىر ساھىپ يازغانكى، ھېلىلە سەپرانىڭ خاس مۇسھىلىدۇر، شۇ سەپرانى چىقىرىش ئۈچۈن بۇنى توختىتىشنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىش ناھايىتى ياخشىدۇر.

دىياگنوزنى بېكىتكىلى بولمىغان ھالەتتە قانداق داۋالاش لازىم؟

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قىزىتمىلار قانۇنىدا بۇنىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكىدەك بەرگەن: «تېۋىپ قىزىتمىنىڭ تۈرىنى ئېنىقلىمىغۇچە ۋە ئۇنىڭ دىياگنوزى ھاسىل بولمىغۇچىلىك ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ھالەت توغرا كەلسە ۋە بۇ قىزىتمىنىڭ قايسى تۈرى ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولمىسا، چارە قىلىش قىيىن بولىدۇ. ئاسان ھەزىم بولىدىغان يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ».

مۇئەللىپ بەزى ۋاقىتلاردا سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ھالەتتە تېۋىپ دانالىقى ۋە تېببىي پاراستى بىلەن ئىش قىلىپ تەسىرى ئاجىز ۋە «ئورتاق مەنپەئەتلىك» دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. مەۋجۇت بولغان كېسەللىككە دىياگنوزنى تولۇق بېكىتكىلى بولمىغاندا، ئەگەر ئۇ دورىلار ناھايىتى زىيادە نەپ يەتكۈزمىسە، زىيادە نۇقسانمۇ يەتكۈزمەيدۇ، مەسىلەن: قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخىنىڭ تەركىبى بۇ ئېتىبار بىلەن تەڭداشسىز تەركىبتۇر. كېسەللىكنىڭ قانداق ئۇفۇنەتلىك قىزىتما ئىكەنلىكىنى سەپرادىن بولغان ياكى بەلغەمدىن بولغان ياكى بىرەر خىلتتىن بولغانلىقىنى ۋە ياكى ئىچكى ئەزالاردىن جىگەر، ئاشقازان، تال، ئۈچەي قاتارلىقلاردىن قايسىسىدا بۇزۇلۇش بولغانلىقىنى ئېنىقلىغىلى بولمىسا، قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخا ئەندىشىسىز بېرىلىدۇ. دىياگنوزنى بېكىتكىلى بولمىغان ھالەتتە بۇ نۇسخىدىن بىرەر ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىش بەدەندە كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پايدىسىلا ئاشكارا بولىدۇ.

چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى نۇسخىنىڭ تەركىبلىرى: ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، بەدىيان، گۈلبىنەپشە، كاسىنە يىلتىزى يەتتە گىرام، گاۋزىبان بەش گىرام، خېمىرى بىنەپشە 12 گىرام. كەچتە دورىلارنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ خېمىرى بىنەپشىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بىمار نەزلە، زۇكام، يۆتەل ياكى نەپەسلىنىش بۇزۇلۇشىنىڭ بىرەر شىكايىتىگە گىرىپتار بولسا ھەممە تولۇق بېكىتكىلى ۋە دىياگنوز قويغىلى بولمىسىمۇ بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ ھەممە بۇنىڭدا تېۋىپ ئۆز پاراستى بىلەن نەزلىنىڭ بىرقانچە مەخسۇس دورىلىرى، مەسىلەن: ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، بىخسۇس قاتارلىقلارنى قوشىدۇ.

ئورتاق مەنپەئەتلىك دورىلارنىڭ ئىككىنچى مىسالىدا بىز بۇ ۋاقىتتا «يەڭگىل يۇمشاتقۇچى» دورىلارنى ئالدىن بېرىمىز. ئەگەر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا بىرەر بىمار كەلسە، سىلەر بۇ كېسەللىكنى

(بۇ قىزىتمىنى) تولۇق بېكىتەلمىگەن بولساڭلار، يەڭگىل يۇمشاتقۇچى دورىلارنى بەرگەندە، بۇ دىياگنوزى ئېنىق بېكىتىلمىگەن كېسەللىكتە بۇنىڭ مەنپەئەتى كۆرۈلىدۇ. شەرتكى، بۇ بىمارنىڭ ئۈچەيلىرىدە مۇسھىل ۋە يۇمشاتقۇچىلارنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىدىغان كېسەللىك بولمىسا. بۇ چوڭ تېۋىپلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدۇر (شەرھى كۇللىياتى قانۇن).

ئۇنىڭدىن باشقا ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلىدا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە قۇستۇرۇش بىر ئورتاق داۋالاشتۇر. بۇنىڭدا ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ بارلىق تۈرلىرىنىڭ ئورتاقلىقىنى بېكىتمىگەن، دىياگنوزىنى بېكىتكىلى بولمىغان ھالەتتە بۇ تەدبىرلەر ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن قوللىنىلىدۇ. سوغۇق چارىلەرنى ئىشلىتىش، ئۇ بىر باشقا ئىشتۇر. ئەگەر قىزىتمىنىڭ ھارارىتى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر بولغان بولسا، بېكىتىش ۋە دىياگنوزسىز قورقماي سوغۇق چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن تۈرىنى بېكىتىش ۋە دىياگنوزى بولغان - بولمىغاندا ئەمەلدە بىرەر پەرق بولمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەقەت قىزىتمىنىڭ مۇددىتى ۋە ھارارەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكى دەسلەپتە نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

قىزىتما دورىلىرىنىڭ قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى ۋە داۋالاش پەلسەپىسى

قىزىتمىنىڭ ئىلاجىدا ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلار ھەممىسى تۆۋەندىكى تۈرلەردە سۆزلىنىدۇ. پىشۇرغۇچىلار، يۇمشاتقۇچىلار ۋە سۈرگىلەر، قەي قىلدۇرغۇچىلار، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر، تەرلەتكۈچىلەر، سوۋۇتقۇچىلار ۋە ھارارەتنى ئۆچۈرگۈچى، ھارارەتنى چەكلەپ قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى مەخسۇس دورىلار مەخسۇس ماددىلارغا تەسىر قىلىدۇ. يەنە ئەگەر بۇ مەقسەتلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇلسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بارلىق دورىلار ئىككى گۇرۇپپىغا توپلىنىدۇ.

بىرىنچى گۇرۇپپا بەدەن ھارارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دورىلار. بۇ دورىلار پەقەت مەۋجۇت بولغان ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، مەيلى بۇ قىزىتمىنى چۈشۈرۈش ئىككىلەمچى ھالەتتە ھاسىل بولسۇن.

ئىككىنچى گۇرۇپپا بۇ دورىلارنىڭ تەسىرى ھارارەتنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەسلىي سەۋەب بولىدىغان ماددىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ دورىلار بىلەن قىزىتمىنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى يوقىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ، يەنى ئۇ ماددىنى بەدەندىن چىقىرىش ياكى تەسىرسىز

قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ھازىر بىز يۇقىرىدا سەككىز تۈر توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان چارىلەر ۋە دورىلار ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق. ئۇلارنى ئۇ ئىككى گۇرۇپپا مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىدۇ، گەرچە بەزى دورىلاردا بىرەر ۋايىغا يەتكەن تەسىر بىلەن باشقا تەسىر توپلانغان بولسىمۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

مۇنزىجلار قىزىتمىلاردا مۇنزىج نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابى ئوچۇقتۇركى، مۇنزىج ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك مۇسھىللار ئۈچۈن تەييارلىق ئىشى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپىنچە مۇنزىج نۇسخىسىغا يۇمشاتقۇچى دورىلار قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىتمىلاردا مۇنزىج بىلەن يۇمشاشمۇ ھاسىل بولىدۇ.

يۇمشاتقۇچىلار ۋە مۇسھىللار يۇمشاتقۇچىلار ۋە مۇسھىللار قىزىتمىلاردا قانداق مەقسەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى مەقسەتلەردىن باشقا مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشىدا، يەنى قىزىتمىنىڭ ئەسلىي ماددىسىنى يوقىتىشتا ئۇلاردىن ياردەملەر ھاسىل بولىدۇ ۋە بۇ ياردەملەر ئىككى خىل ئۇسۇلدا ھاسىل بولىدۇ:

(1) ھارارەتنى پەيدا قىلغۇچى ئازراق ماددىلار ۋە بۇ ماددىلار بىلەن بەدەندىكى باشقا كېرەكسىز چىقىرىندى ماددىلار ئۈچەيلەردىن چوڭ تەرەت شەكلىدە چىقىدۇ.

(2) ئىچى سۈرگەندىن كېيىن تەبىئەت يەڭگىللەيدۇ، كېسەللىك سەۋەبى ۋە قىزىتما ماددىسىنى تەسىرسىز قىلىش ھەم چىقىرىشقا زىيادە قادىر بولىدۇ، بۇ سىزگە ئېنىق بولدىكى، داۋالىغۇچى ئەمەلىيەتتە تېۋىپمۇ ئەمەس ۋە دورىمۇ ئەمەستۇر، بەلكى ئەسلىي داۋالىغۇچى تېۋىپ بەدەننى پەرۋىش قىلغۇچى كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك ماددىسىنى پارچىلاش، ئۇنى تەسىرسىز قىلىش ھەمدە بۇنى چىقىرىش تەبىئەتنىڭلا ئىشىدۇر، بىز ئۆز چارىلىرىمىز ۋە دورىلىرىمىز بىلەن تەبىئەتنىڭ بۇ ئەملىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىمىز. شۇڭلاشقا يۇمشاتقۇچىلار ۋە سۈرگىچىلەر بىلەن ئۈچەيلەرنىڭ كېرەكسىز چىقىرىندىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئەملى تېز بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كېرەكسىز چىقىرىندىلار تېز چىقىپ كېتىدۇ، قاننىڭ ئىچىدىكى قايناش ھەمدە ھارارەت پەيدا قىلىشقا ئەسلىي سەۋەب بولىدىغان ياكى مەۋجۇتلۇقى سەۋەبىدىن باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەر ۋە ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان كېرەكسىز چىقىرىندى ماددىلار تېزلىك بىلەن چىقىشقا باشلايدۇ.

قەي قىلدۇرغۇچىلار قەي قىلدۇرغۇچىلار قىزىتمىلاردا نېمە ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ تەسىرىمۇ سۈرگىلەر ۋە يۇمشاتقۇچىلار بىلەن ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. پەرقى پەقەت يۇمشاتقۇچىلار ۋە مۇسھىللارنىڭ تەسىرى ئۈچەيلەردە بولىدۇ، قۇستۇرغۇچىلارنىڭ ئاشقازانغا بولىدۇ. قىسقىسى، سۈرگىلەر ۋە قۇستۇرغۇچىلار تەبىئەتنىڭ ماددىلارنى چىقىرىش ۋە

بەدەننى تەنقىيە قىلىش خىزمىتىگە ياردەم بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسەللىك ماددىلىرىنى پارچىلاپ تەسىرسىز قىلىدۇ.

سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرمۇ سۈرگىلەر ۋە قەي قىلدۇرغۇچىلارغا ئوخشاش بەدەننىڭ كېرەكسىز چىقىرىندىلىرىنى چىقىرىپ، تەبىئەتنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ، يەنى سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر قاننىڭ كېرەكسىز چىقىرىندىلىرىنى بۆرەكلەرنىڭ پائالىيىتىنى تېزلىتىپ، كىچىك تەرەت يولى ئارقىلىق چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاز دېگەندە، مەۋجۇت بولغان زەھەرلىك ماددىلارنىڭ قاندىكى مىقدارى كەملەيدۇ ۋە ئازراق بۇ پايدا يېتىدۇكى، تەبىئەتنىڭ پائالىيىتى تېزلىشىدۇ ھەمدە تەبىئەت سەۋەبىنى يوقىتىشقا زىيادە قادىر بولىدۇ.

تەرلەتكۈچىلەر ئىككى جەھەتتىن قىزىتمىغا مەنپەئەتلىك بولىدۇ:

بىرىنچى، تەرلەش سەۋەبىدىن بەدەن ھارارىتى كېمىيىدۇ؛ ئىككىنچى، تەرلەش بىلەن قاندىكى كېرەكسىز چىقىرىندى ماددىلار چىقىدۇ، يەنى تەرلەتكۈچىلەر بىلەن ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ۋە بەدەننى تازىلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەقسەت ھاسىل بولىدۇ. لېكىن تەرلەتكەندە ماددىلارنى تەنقىيە قىلىشقا نىسبەتەن ھارارەتنى كېمەيتىشكە يېتەرلىك تەسىر يېتىدۇ. بۇ غەلبە تەسىرى سەۋەبىدىن بۇنى بىرىنچى گۇرۇپپا «ھارارەتنى كېمەيتكۈچىلەر» قاتارىدىن سانايدۇ. بۇ ئورۇندا بەدەندىن قانچىلىك كېرەكسىز چىقىرىندىلار مەيلى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق ياكى كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياكى بىرەر ۋاستە بىلەن چىقىرىلسا، ئاز - ئازدىن ئۇلار بىلەن بەدەن ھارارىتىنىڭ يوقىلىشى زۆرۈر بولىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئېتىبار بىلەن يۇمشاتقۇچىلار، مۇسھىللار ۋە قەي قىلدۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھارارەتنى كېمەيتكۈچىلەرگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىشمۇ مۇناسىپتۇر، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەسىرى ئىككىنچى تەسىرگە سېلىشتۇرغاندا، نىسبەتەن مۇھىم ئەمەس ۋە بەدەن ھارارىتىغا بۇنىڭ بىلەن روشەن تەسىر يەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئىككىنچى گۇرۇپپا «ماددىلارنى تازىلىغۇچىلار» دىن سانايدۇ.

سوۋۇتقۇچىلار ۋە ھارارەتنى ئۆچۈرگۈچىلەر سوۋۇتقۇچىلار ۋە ھارارەتنى ئۆچۈرگۈچىلەر ئىككى نەرسىدۇر، بۇ ئەمەلىي سوغۇقتۇر، مەسىلەن: سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋانى سىرتتىن ئىشلىتىش. سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق شەربەتلەرنى ئىچىدىن ئىشلىتىش، سوغۇق ۋە ھارارەت پەسەيتكۈچى دورىلارنىڭ بىرقانچە نامى «قابىزلىق بولمىغان سوۋۇتقۇچىلار» تۈرلىرىدە سۆزلەندى. قىزىتمىلاردا ئۇ دورىلارنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت ئوچۇق بولىدۇ، يەنى بۇ دورىلارنىڭ تەسىرى سوغۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھارارەتنى سۈمۈرۈش يولى بىلەن

قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ ۋە ھارارەتنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدە كېمىيىش پەيدا قىلىدۇ. ئىشلىتىلگەن ئۇ دورىلار ئەمەلىيەتتە سوغۇق بولمايدۇ ھەمدە ئۇ باشقا ئۇسۇلدا بەدەن ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئۇنى بىز ھارارەتنى توسقۇچىلاردىن سانايمىز، بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە يېزىلغان:

مۇتفىيات ھارارەت — ئىسسىقلىقنى يوقاتقۇچى سوغۇق نەرسىلەر، بەدەن ئىسسىقلىقىنى كېمەيتكۈچىلەر دېگەن مەنىدە.

ھارارەتنى توسقۇچى ۋە قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار ھارارەتنى توسقۇچى ۋە قىزىتما قايتۇرغۇچىلار، گەرچە تەسىرى سوغۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەملى ۋە تەسىرى بىلەن بەدەن ھارارىتىنىڭ زىيادىلىكىنى كېمەيتىدىغان دورىلاردۇر. بۇ تۈردىكى دورىلار ساناقسىز بولىدۇ، بۇلاردىن بەزىسى پەقەت ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئىشىنى بېجىرىدۇ، يەنى ئۇلار ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى بولۇش بىلەن مەخسۇس كېسەللىكنى يوقاتقۇچىمۇ بولىدۇ.

مەخسۇس دورىلار بۇلار خۇسۇسىيىتى بىلەن مەخسۇس ماددىلار ۋە زەھەرلەرنى پارچىلاپ، زەھەرسىز ۋە تەسىرسىز قىلىدىغان دورىلاردۇر، مەيلى ئۇلار بەدەن ھارارىتىدە مەلۇم كېمىيىش پەيدا قىلمىسىمۇ. بۇنىڭدىن ئاشكارىكى، ئەسلىي داۋالاش ۋە شىپالىق بەرگۈچى دورا دەپ بىز مۇشۇنىڭغا ئېيتىمىز. لېكىن بۇ تۈردىكى شىپالىق بەرگۈچى دورىلار پەقەت بىرقانچە قىزىتمىلار ئۈچۈن ھازىرغىچە قوللىنىلدى ھەمدە قىزىتمىنىڭ ناھايىتى كۆپ سانىدىكىلىرى بۇنىڭدىن خالىيدۇر. بۇ تۈردىكى قىزىتمىلاردا، چۈنكى بىز ئەسلىي داۋالاشنى قىلمايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت باشقا پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، بۇ مۇددەتنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، يەنى تەبىئەت پەقەت ئۆزىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن كېسەللىكنىڭ مەخسۇس ماددىسىنى يوقىتىشقا قادىر بولغان چاغقىچە. بۇ ئەسنادا تەبىئەت ئازراق يېقىمسىزلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەڭگىل تۇتۇشتىن باشقا ئازراقمۇ مەقسەت بولمايدۇ تاكى تەبىئەت ئۆز ئىشلىرىغا زىيادە قادىر بولغۇچە.

قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىنى توسقۇچى دورىلار خاسلىقى بىلەن كېسەللىك ماددىسىنى تەسىرسىز قىلىپ، قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىنى توختىتىدىغان دورىلاردۇر. بۇ تونۇشتىن ئاشكارىكى، قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىنى توسقۇچى دورىلارمۇ ئەسلىدە يۇقىرىقى «مەخسۇس دورىلار» غا كىرىدۇ.

ھارارەتنى تۆۋەنلىتىشنىڭ تۈرلۈك ئەمەللىرى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بايانىدا ئېيتىلغانكى، قىزىتمىنىڭ بەزى دورىلىرى كېسەللىك ماددىسىغا بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى تەسىر قىلىدۇ. ھازىر بىز ئېيتىشنى ئارزۇ قىلىمىزكى، بۇ دورىلار ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش

خىزمىتىنى بېجىرىدۇ، ئۇنىڭ تۆرلۈك ئەمەللىرى قانداق؟ ئۇ قانداق ئۇسۇلدا بەدەن ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ؟ ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىپ، بەدەن ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

1. بۇ نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە سوغۇق بولىدۇ. مەسىلەن: سوغۇق سۇ، سوغۇق ھاۋا ۋە مۇز قاتارلىقلار، ئۇلار بەدەن ھارارىتىنى ئۆزى تەرەپكە تارتىش يولى بىلەن ھارارەتنىڭ كېمىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، مەيلى بۇ سوغۇق نەرسىلەر سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلسۇن ياكى ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلسۇن. سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋانى ئىشلىتىشتىن مەقسەت پەقەت بۇنى بەدەنگە سېلىشتۇرغاندا، ھارارەتنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن شۇنچىلىك سوغۇقلۇق زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ئىش ئاخىرى بولىدۇكى، بۇ نەرسىلەر بەدەنگە سېلىشتۇرغاندا، قانچىلىك زىيادە سوغۇق بولسا، ھارارەتنى سۈمۈرۈشى شۇ قەدەر تېزلىك بىلەن بولىدۇ. قىزىتمىلاردا بەزىدە سوغۇق سۇ شۇ پېتى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بەزىدە باشقا ھارارەت پەسەيتكۈچى نەرسىلەرمۇ قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: لىمون شەربىتى، ئانار شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، شۇنىڭدەك تاۋۇز سۈيى ۋە ئاپېلسىن سۈيى قاتارلىقلار بۇ قاتارغا كىرىدۇ. سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش، مۇز شۈمگۈزۈش، مۇز يېگۈزۈش، باش ئۈستىگە سىركە ۋە باشقىلار بىلەن كۆلانى ھۆللەپ قويۇش، سۇدا ھۆللەنگەن ئەدىيالغا ئوراش، سوغۇق سۇ كۆرپىسىدە ئۇخلىتىش، بۇلار ھەممىسى مۇشۇ تۈردىكى مىساللاردۇر. سىركە ئۇ نەرسىلەرگە قوشۇلىدۇ، بۇ ھارارەتنى سۈمۈرۈپ تېزلا پارلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىركىنىڭ ئەمەلى ھارارەتنى تۆۋەنلىتىشتە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

2. بۇ نەرسىلەر مەلۇم ئۇسۇلدا تەرلىتىدۇ. ئۇلار تەرلىتىش ۋە ھورغا ئايلىنىش ئارقىلىق ھارارەت كېمىيىش خىزمىتىنى ئورۇندايدۇ. ئەگەر بەدەندىن ئىسسىق بۇخارات چىققان بولسا، ئۇلار بىلەن ھارارەتمۇ بىرلىشىپ چىقىدۇ. تەرلەتكۈچى نەرسىلەر ئىچىدە دورىلارمۇ بولىدۇ ۋە سىرتقى چارىلەرمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: پاشۇيە قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك تەرلەتكۈچى دورىلارنىڭ بەزىسى خۇسۇسىيىتى بىلەن تەسىر قىلىدۇ ۋە بەزىسى ئۆزىدە مەۋجۇت ھارارەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق چاي، ئىسسىق سۈت، قايناق سۇ ۋە ئىسسىق شورپا قاتارلىقلار.

3. بەزى دورىلار خۇسۇسىيىتى بىلەن ھارارەت پەيدا قىلىش پائالىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ، بەدەن ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، يەنى بەدەندىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مىقدارى بۇ ئۇسۇلدا كېمىيىدۇكى، بەدەن ئىچىدىكى ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئازلايدۇ.

4. بەزى دورىلار بەدەن ئىچىدە بۇ قىسىم ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ھارارەتنى پەسەيتىشنىڭ تەسىرى تېز بولىدۇ ھەمدە ھارارەت تۆۋەنلەش بىلەن بەدەن ھارارىتى كېمىيىدۇ. چۈنكى بەدەن ھارارىتىنىڭ نورماللىقى ھارارەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە چىقىم بولۇش تاناسىپىنىڭ

باراۋەر تۇرۇشغا باغلىق بولىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، بۇنىڭدىن تېرە قان تومۇرلىرى كېڭىيىدۇ ۋە ھارارەت قۇياش نۇرى ھالىتىدە ئۆتكۈرلۈك بىلەن چىقىشقا باشلايدۇ، بۇ ھالەت تەرلىتىش ۋە ھورلاندۇرۇش بىلەن ناھايىتى ئاز بىرلەشكەن بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، بۇنىڭدىن تېرە قان تومۇرلىرىغا بىرەر تەسىر يەتمەيدۇ، بەلكى بەدەن ئىچكى سىستېمىسىدا ئازراق ھارارەتنىڭ يوقىلىش ئەمەلى تېز بولىدىغان ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

5. بەزى دورىلار قىزىتمىغا ئەسلىي سەۋەب بولىدىغان ئەسلىي ۋە مەخسۇس ماددىلارنى پارچىلاپ ياكى ئۇلارنى ياخشىلاپ قىزىتمىنى كېمەيتىدۇ. مۇشۇنداق ئاجايىپ ۋە غارايىپ دورىلار ناھايىتى ئاز قىزىتمىلار ئۈچۈن ھازىرغىچە ئىشلىتىلىدى، ئۇ دورىلار كېسەللىك ماددىلىرىغا تەسىر قىلىدۇ.

ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا سوغۇق سۇ بېرىش

ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا بىمارغا ئۇسسىغان ۋاقىتتا نېمە بېرىلىدۇ؟ سۇ بېرىلەمدۇ ياكى بېرىلمەمدۇ؟ سوغۇق سۇ بېرىش پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىقمۇ؟ بۇ داۋالاش قانۇنىنىڭ بىر مۇھىم سوئالىدۇر. بۇنىڭ جاۋابى ئازراق تەپسىلىي بايان قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. بۇ يىغىنچاقلاپ ئېيتىلغانكى، سوغۇق سۇ ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا ھەرقانداق ۋاقىتتا زىيانلىق ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا پايدىلىق بولمايدۇ، باشقىچە سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە سوغۇق سۇ بەزىدە ئىنتايىن پايدىلىق ۋە زۆرۈر، بەزىدە ئىنتايىن زىيانلىق ۋە خەتەرلىك بولىدۇ.

بۇ ئېتىبار بىلەن «قىزىتما بىر ئوتتۇر ۋە سۇ بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ ياخشىراق ۋاستىسىدۇر.» قىزىتمىلار ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۆتكۈر قىزىتمىلار ئۈچۈن سوغۇق سۇ ئۆزى بىر دورىدۇر ۋە شىپادۇر. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا كۆرسەتكەنكى، ئوفۇنەتلىك قىزىتما بىمارلىرىنى سوغۇق سۇدىن توختاتماسلىق لازىم، بۇنىڭغا بىرەر ئىش توسقۇنلۇق قىلمىسا، مەسىلەن: ماددا پىشمىغان ياكى قويۇق بولسا.

يەنە بۇ جايدا ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا سەپراۋى قىزىتمىلار ئۈچۈن سوغۇق سۇنى ھاۋالە قىلغاندۇر ھەممە پايدىسىنى ئېيتقاندۇر. يەنە يازغانكى: «سوغۇق سۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىچى سۈرۈش ئارقىلىق ياكى قۇسۇش، كىچىك تەرەت، تەرلەش ئارقىلىق ياكى ئۇ بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ماددىنى چىقىرىشقا ياردەم قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دەرھال ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ.»

ئۇنىڭدىن كېيىن يازغانكى، بەزى تېۋىپلار قىزىتما بىمارىغا بەزىدە بەدەن رەڭگى كۆكىرىپ تىترىگۈدەك ئىچكۈزىدۇ، ھەتتاكى بەزىدە بىر ۋاقىتتا بىر يېرىم كىلوگىرامغىچە ئىچكۈزىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن بەزىدە سەپراۋى ۋە ئۆتكۈر قىزىتما يەڭگىل ھەم بەلغىمى قىزىتمىغا ئۆزگىرىدۇ، بەزىدە بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت كۈچلىنىپ، ماددىنى تەر، كىچىك تەرەت ياكى ئىچى سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىدۇ ھەمدە ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ. لېكىن سوغۇق سۇدىن ھەر ھالدا شەرتسىز بۇ پايدا كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ بىرقانچە شەرتلىرى بار، شۇڭلاشقا تۆۋەندىكى ھالەتلەردە سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش چەكلىنىدۇ.

(1) ماددا پىشمىغان ۋە قويۇق بولغان چاغدا، مەسىلەن: بەلغەمدىن بولغان داۋاملىشىشچان قىزىتما (مۇۋازىبە بەلغەمىيىە) ۋە لەسىقە (جاھىل قىزىتما) دا قىزىتما يەڭگىل بولىدۇ؛

(2) قىزىتما بىلەن نەزلە، يۆتەل، زۇكام، گال ئاغرىقى، كۆكرەك ئاغرىقىنىڭ شىكايىتى بولغان چاغدا؛

(3) ئىچكى ئەزالار، مەسىلەن: ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر ياكى تالدا ئىششىق بولغان چاغدا؛

(4) ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىز ياكى سوغۇق بولغان چاغدا؛

(5) بىمارنىڭ ئەزالىرىدا ئاغرىق بولغان چاغدا؛

(6) بىمارنىڭ بەدىنىدە قان ئاز، تەبىئىي بەدەن ھارارىتى تۆۋەن، بەدىنى ئورۇق ۋە ئاجىز بولغان چاغدا؛

(7) ئۇ سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن چاغدا.

يۇقىرىقى بارلىق ئەھۋاللاردا سوغۇق سۇ ئىچىش زىيانلىق بولىدۇ، يەنى بۇنىڭ ئورنىغا سۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى يوقىتىپ ئىچكۈزۈش پايدىلىق بولىدۇ.

بۇ ھالەتلەرنىڭ ئەكسىچە، يەنى:

(1) ماددا ئىسسىق بولسا، مەسىلەن: سەپرا كۆپ بولسا ياكى ماددا قويۇق بولغان ھالەتتە ماددا پىشىپ بولغان بولسا ۋە ئۇ چىقىپ كېتىشكە قابىل بولغان بولسا؛

(2) بەدەن سېمىز بولسا، تەبىئىي بەدەن ھارارىتى يېتەرلىك بولسا، بىمار كۈچسىز ۋە ئاجىز بولمىسا؛

(3) ئىچكى ئەزالار ساغلام بولسا، ئۇلاردا ئىششىق قاتارلىقلار بولمىسا ۋە سوغۇق مىزاج بولمىسا؛

(4) بىمار ئۈچۈن سوغۇق سۇغا خىلاپ ئادەت بولمىسا؛

(5) نەزلە، يۆتەل ۋە باشقىلارنىڭ بىرەر شىكايىتى بولمىسا.

يۇقىرىقى ھالەتلەردە سوغۇق سۇ قىزىتما ئۈچۈن ياخشىراق نەرسىدۇر ۋە پايدىلىق بولىدۇ.

بەزىدە بۇ ۋاقىتتا ئىسسىق سۇ ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن قوستۇرۇلىدۇ.

قانۇن ئەگەر مەلۇم ئورۇندا ئىششىق بولسا ۋە بۇنىڭ بىلەن قىزىتمىنىڭ ھارارىتى ۋە ئۇسسۇزلۇق ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا ۋە سوغۇق سۇنى توختىتىش بىلەن ئەزالاردا تارقىلىش بولۇپ، ئورۇقلاش ۋە قۇرۇق ئىسسىقلىقنىڭ زىيادىلىكىدىن مېڭە ۋە نېرۋىلار كېسەللىنىشىنىڭ خەۋپى بولغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە سوغۇق سۇ بېرىشنى توختاتماسلىق لازىم. چۈنكى ئىششىقنىڭ تارقىشىدا ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئازراق كېچىكىش بولسا، بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق، لېكىن ئورۇقلاش، سەرسام قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى خەتەرلىك ۋە كىرىشىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئىشتۇر، بۇنىڭدىكى خەۋپ سوغۇق سۇ بەرمەسلىككە يېقىندۇر.

ئىزاھات (1) ساغلاملىق ھالىتىدىمۇ سوغۇق سۇ زىيان قىلىدىغان كىشىلەردە سوغۇق سۇنى زىيادە توختىتىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. ئەگەر بەدەن كۈچلۈك بولۇپ، مۇسكۇللار توم بولسا، مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق بولسا ۋە ماددا تازىلىنىپ بولغان بولسا، بەزى - بەزىدە مۇشۇنداق بىمارلارغا سوغۇق سۇنى ناھايىتى زىيادە ئىچكۈزۈش لازىم (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

ئىزاھات (2) ئەگەر سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش دۇرۇس بولمىسا، لېكىن خاتا ئىچكۈزۈلگەن بولسا، بۇ سەۋەبتىن ئىنچىكە تومۇرلار ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى تارىيىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ. بۇ باشقا قىزىتمىنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەزىدە بۇ ئىككىنچى يېڭى قىزىتما دەسلەپكى قىزىتمىدىن زىيادە قاتتىق بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

ئىزاھات (3) ئەگەر بىرەر ئەزادا ئاجىزلىق تېپىلغان بولسا، سوغۇق سۇ ئۇنىڭ پائالىيىتىنى بۇزىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا سوغۇق سۇنى ئىشلىتىش بىلەن يۇتۇش ۋە نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىش يۈز بېرىدۇ ھەمدە رەئشە، تەشەننۇج، دوۋساق، بۆرەك ياكى ئۈچەيلەر ئاجىزلىقى پەيدا قىلىدۇ.

ئىزاھات (4) سىركەنجىۋىل ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىسمۇ، ماددىلارنى لەتىفلەشتۈرسىمۇ ۋە ماددىنى سۈرسىمۇ، سوغۇق سۇغا ئوخشاش بۇنىڭدا ئىششىق ئۈچۈن زىيادە زىيانمۇ يوق ۋە بۇنىڭ ماددىنى قويۇلدۇرۇش تەسىرى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەتلەردە سوغۇق سۇ زىيانلىقتۇر. بۇنىڭدا سىركەنجىۋىل شەربىتى ئورۇنباسار شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، مۇشۇ خۇسۇسىيەت جۇلاپتىمۇ بولىدۇ، بۇ ھەسەل ۋە گۇلابتىن ياكى شېكەر ۋە گۇلابتىن ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا سۇ ناھايىتى زىيادە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلگەن شەرت ئاستىدا.

غىزانىڭ ھۆكۈملىرى

غىزا قۇۋۋەتنىڭ دوستىمۇ ھەم دۈشمىنىمۇ بولىدۇ. دوست بولسا بۇ ئېتىبار بىلەن بولىدۇكى، غىزالارسىز قۇۋۋەت بولمايدۇ، دۈشمەن بولسا، بۇ ئېتىبار بىلەن قۇۋۋەتنىڭ دۈشمىنى بولغان كېسەللىك ماددىسى بىلەنمۇ ئۇنىڭ دوستلىقى بولىدۇ، يەنى ئازراق ئېھتىياتسىزلىق بىلەن كېسەللىك ماددىسىمۇ ئاشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن غىزا قۇۋۋەت ۋە كېسەللىك ھەر ئىككىسىگە ياردەمچى ۋە مەدەتكار بولىدۇ، بۇ مۇرەككەپلىك سەۋەبىدىن غىزا چارىلىرى ئۈچۈن بىر مۇستەھكەم قائىدە - قانۇن زۆرۈر بولىدۇ.

كېسەللىك ماددىلىرىدا ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، زەرەرسىز قىلىش ۋە ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ ئىشى بولۇپ، تېۋىپنىڭ ئىشى ئەمەس. تېۋىپ ئوخشاش بولمىغان دورىلار ۋە چارىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەتنىڭ بۇ پائالىيىتىنى ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىشى يەنە بىر گەپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي داۋالىغۇچى ئەسلىدە تەبىئەتكە ياردەم بېرىدۇ، تېۋىپ بولسا بىر خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇناسىپ نەرسە - كېرەكلەرنى تەبىئەتكە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

بۇ مۇقەددىمىدىن كېيىن ئېنىق بولۇشى لازىمكى، ماددىلارنىڭ بەدەندىكى ئۆزگىرىشىنى تەبىئەت غىزانى ھەزىم قىلىش ئىشلىرىدىن ئازاد قىلىنسا ۋە بىمار ئاچ قويۇلسا ئازادلىك بىلەن بېجىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر مەلۇم ئۇسۇلدا بىز بولدى قىلساق بىزگە قۇۋۋەت ئاجىزلاشنىڭ خەۋپى بولمىسا، غىزالارنى قەتئىي توختىتىشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز. قىزىتمىلاردا باشتىن - ئاخىرغىچە بىمارلار ئاچ قالدۇرۇلىدۇ، لېكىن بىز مۇشۇنداق قىلالماسلىققا مەجبۇر بولىمىز. چۈنكى غىزاسىز تەبىئەت ئاجىزلاپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بېجىرمەسلىك ئەندىشىسى بولىدۇ. مۇشۇ ھالەتتە بىرەر دورا پايدىلىق بولمايدۇ ۋە مەلۇم چارىنىڭمۇ مەنپەئەتى بولمايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي داۋالىغۇچى بولسا تەبىئەتتۇر. ساغلاملىق تەبىئەتنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن غىزالارنى بېرىش ۋە بەرمەسلىكتە غىزا بەرمەي تەبىئەت قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى ھەمدە قاچانغىچە ساقلىنىپ تۇرالايدىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ئۆلچەم تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ناھايىتى ئاز ۋە ناھايىتى يەڭگىل غىزالار تاللىنىدۇ، پەقەت قۇۋۋەت كېسەللىك بىلەن جەڭ قىلىشقا قادىر تۇرۇش مەقسىتى بىلەن. بۇ ۋاقىتتا بىمارنى غىزا بىلەن سېمىز، قاۋۇل قىلىش ھەرگىز مەقسەت قىلىنمايدۇ.

بەدەندىكى ماددىلار، ھۆللۈكلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە خىمىيەلىك ئۆزگىرىشلەر ئاچ قورساق

ھالەتتە ناھايىتى تېزلىك بىلەن بولىدۇ، ماددىنىڭ پىششى ۋە ئۆلگەن نەرسىلەرنىڭ چىقىرىلىشىمۇ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە كىرىدۇ.

بۇ ئۆلچەم ئۈچۈن قانداق كېسەللىك ھەم مۇددىتىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ئىكەنلىكىگە قاراش لازىم. ئەگەر كېسەللىك ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا، بۇنىڭ مەنىسى ئۇ تېزلا ئاخىرلىشىدۇ (مەسىلەن: تۆت كۈندىن يەتتە كۈنگىچە) ۋە بۇ مەزگىلدە ئاخىرقى ۋاقىتقىچە قۇۋۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۆلچەم بولسا، قۇۋۋەتنىڭ ئىشى ئازلىتىلىدۇ ۋە كېسەللىك ماددىسىدىن غالىب قىلىش خىيالى بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز ۋە سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: پەقەت ئانار سۈيى، سۈت سۈيى، ھەسەل سۈيى ياكى جۇلاپ قاتارلىقلار. ئەگەر قايسى كۈندە بوھران ھادىسىسى كۆرۈلىدىغان بولسا غىزانى توختىتىپ ئاچ قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك مۇشۇنداق ئۆتكۈر بولماي، بەلكى مۇتلەق ئۆتكۈر بولسا، بۇ تەخمىنەن 14 كۈنگىچە ئاخىرلىشىدىغان بولسا، بوھران كۈنى ۋە ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا يېقىن كۈندىن سىرت، ناھايىتى زىيادە لەتىف غىزا بېرىلمەيدۇ، بەلكى سۈت، ساگۇدانە، ئارپا ئېشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما بولسا ياكى سوزۇلمىغا يېقىن بولسا، ئاسان سىڭىدىغان غىزالارنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا دەرىجىدىكى غىزالار بېرىلىدۇ. چۈنكى 21 كۈن ۋە 40 كۈنگىچە پەقەت لەتىف غىزالار بېرىلسە (مەسىلەن: ھەسەل سۈيى) ئېنىقكى، قۇۋۋەت ئۇزاق مەزگىلدە ئاجىزلايدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر، سوزۇلما ياكى ئوتتۇرا ھاللىقى ئېنىق بولمىسا، غىزانى كۆپەيتكەنگە قارىغاندا سىڭىشلىك غىزالارنى بېرىش ياخشى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىمارنىڭ قۇۋۋەت ۋە بەرداشلىق بېرىشىمۇ باراۋەر كۆزىتىپ تۇرۇلىدۇ، مۇبادا بۇ مەزگىلدە ئۇ لەتىف غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن ئاجىزلىغان بولسا.

ئىزاھات (1) ئەگەر سىزدە بىمارنىڭ قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولۇش ئۆلچىمى بولغان بولسا، بەزىدە بىمارنىڭ ھالەتلىرى ۋە كېسەللىكلىرى پەقەت ھەسەل سۈيى، جۇلاپقا ئوخشاش يەڭگىل نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، مەيلى بىر ھەپتىگىچە مۇشۇنداق قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ. يەنە لەتىف غىزالارنى بېرىش بىلەن ئاجىزلاشنىڭ خەتىرى بولسا، پەقەت ئارپا سۈيىگىلا قانائەت قىلىنىدۇ، ئارپا سۈيىدە جۇلاپقا سېلىشتۇرغاندا، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى زىيادە بولىدۇ.

ئىزاھات (2) سالامەتلىككە سېلىشتۇرغاندا، كېسەللىك ھالىتىدە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىش ناھايىتى زىيادە بولىدىغانلىقىمۇ يادىڭىزدا بولسۇن. قىزىتما ھالىتىدە بەزى ۋاقىتلاردا ھەپتىلەرگىچە بىمار غىزاسىز تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن مۇشۇ كىشى قول قىسلىقتا ئاچ قورساق قالسا، ئىككى - ئۈچ كۈندە ئۇنىڭ ھالىتى ئاخىرلىشىدۇ (يوقىلىدۇ).

ئىزاھات (3) قىزىتما بولغۇچىلار ئۈچۈن ياخشىراق غىزالار سۇ تەركىبى مول ۋە ھۆل غىزالاردۇر. مۇشۇ غىزالار سۇنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن قىزىتمىغا پايدىلىقتۇر، يەنى تەرلىتىش ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇشقا ياردەملەر قىلىپ، ھارارەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پارچىلاش ۋاستىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

قانۇن ئەگەر قىزىتما باشلانغان بولسا ۋە قىزىتما بىلەن قەۋزىيەتمۇ بولسا، قەۋزىيەتنى يوقاتمىغۇچە ۋە ئۈچەيلەردىكى كېرەكسىز چىقىرىندى ماددىلار چىقىرىۋېتىلمىگىچە غىزانى ھەرگىز بەرمەسلىك لازىم.

ئىزاھات (1) بەزى كىشىلەر يارىتىلىشتا سەپراۋى مىزاج بولىدۇ، بۇلار لەتىپ غىزا ئىستېمال قىلىش ۋە تاماقنى تەرك قىلىشقا ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر زىيادە تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ غىزاسى توختىتىلسا، بۇلار ناھايىتى تېزلا ئاجىزلىقتىن بولغان ئايلىنىپ كېتىش، ئورۇقلاش، كېسەلدىن كېيىنكى ئاجىزلىق ۋە باشقا ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

شەرھ (2) شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر قاۋۇل بولسىمۇ غىزانى توختىتىشقا ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن ئىنتايىن قاۋۇل ۋە كۈچلۈك كىشىلەر ياكى ئىنتايىن ئاجىز كىشىلەر غىزانى توختىتىشقا زىيادە ئۇزاق مەزگىلگىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ياشانغانلار ۋە بالىلار بەزىدە بۇ گۇرۇھقا ئازراق كىرىدىغان بولۇپ، قورسىقى زىيادە ئېچىپ كەتسە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، يەنى ئەزالىرى چىڭ، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن، سوغۇق ھاۋادا تۇرىدىغان كىشىلەر.

ئىزاھات (3) بەزى كىشىلەر قورساق ئاچ ھالەتتە ھوشسىزلىنىدۇ، بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى ئۆتكۈر ئاجىزلىق بولماستىن، بەلكى سەپرا قاتارلىقلارنىڭ ئاشقازانغا توپلانغانلىقى بولىدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق كىشىلەر سىركەنجىۋىل ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن قۇستۇرۇلسا، بۇ ۋاقىتتا سەپراۋى ماددىلار قۇسۇش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ ھەمدە ئاجىزلىق ۋە ئايلىنىپ كېتىش يوقىلىدۇ.

قىزىتما بىمارلىرىنىڭ غىزالىرى ① ئارپا ئېشى، ئارپا سۈيى، ساگۇدانە، بىخ سەھمى (ئارارۇت)، شوۋىگۈرۈچ، پوستى ئاقلانمىغان، قورۇلغان گۈرۈچ سۈيى، پۇرچاق ئۈنى سۈيى، نوقۇت ئۈنى سۈيى، ماشنىڭ يۇمشاق كەچىرىسى، نان ئېرىتمىسى؛ ② ئۆچكە گۆشى شورپىسى، ئۇچار قۇشلار شورپىسى، سۈت، سۈت سۈيى؛ ③ باتۇ، پالەك، قىزىل بۇغداش، سېمىزئوت كۆكى، قاپاق، چامغۇر، تەندى، پەلۇل، تۈز ۋە ئەگرى تەرخەمەك؛ ④ ئانار سۈيى، ئاپېلسىن سۈيى، تاۋۇز سۈيى، گۈلابى مائۇلھەسەل، سىركەنجىۋىل؛ ⑤ توخۇ، توخۇ چۈجىسى،

ئۇچارقاناتلار، مەسىلەن: كەكلىك، قوي، پاختەك، كىچىك بېلىق، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى.

غىزانىڭ لەتىپلىكى ۋە قويۇقلۇقىنىڭ دەرىجىلىرى غىزالارنىڭ لەتىپلىكى ۋە قويۇقلۇقى بەزىدە ساغلام كىشىلەرنىڭ ئېتىبارى بىلەن، بەزىدە بىمارلار ئېتىبارى بىلەن قىلىنىدۇ. چۈنكى بىر غىزا ساغلام كىشىلەرگە نىسبەتەن لەتىپ ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان بولسا، كېسەللىك ھالىتىدە ئۇ ئاشقازانغا يۈك پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن غىزالارنىڭ لەتىپلىكى ۋە قويۇقلۇقىدا ئىككىلىسىگە ئېتىبار قىلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ، بىمارلار ئېتىبارى بىلەن ئۈچ قىسىم قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، يەنى لەتىپ، ئوتتۇراھال، غەلىزدىن ئىبارەت.

1. لەتىپ غىزالار بۇلارنىڭمۇ دەرىجىلىرى ۋە مەرتىۋىلىرى بولىدۇ، بۇلارنى مەن تەرتىپ بىلەن ساناشقا تىرىشچانلىق قىلدىم.

(1) زىيادە لەتىپ غىزالار سۇيۇق جۇلاپ، گۈل شەربىتى، سىركەنجۇبىلىنىڭ سۇيۇق ئېرىتمىسى، ئانار سۈيى، ئاپېلسىن سۈيى، تاۋۇز سۈيى، سۈت سۈيى، سۇيۇق ئارپا سۈيى، پوستى ئاقلانمىغان، قورۇلغان گۈرۈچنىڭ سۈيى، سۇيۇق شوۋىگۈرۈچ، سۇيۇق ساگۇدانە، ئىنچىكە بىخ سەھمى، مەزكۇر كۆكتاتلارنىڭ شورپىسى، پۇرچاق ئۈنىنىڭ سۇيۇق سۈيى، نوقۇت ئۈنىنىڭ سۇيۇق سۈيى.

(2) ئادەتتىكى لەتىپ غىزالار ئارپىنىڭ ئادەتتىكى قويۇق سۈيى، ئادەتتىكى شوۋىگۈرۈچ، ئادەتتىكى ساگۇدانە، ئادەتتىكى سەھمى يىلتىزى، ماش ئۈنىنىڭ ئادەتتىكى قويۇق سۈيى، نوقۇت ئۈنىنىڭ ئادەتتىكى قويۇق سۈيى، ئۇچارقاناتلارنىڭ شورپىسى، ئۆچكە گۆشى شورپىسى، سۈت.

2. ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى غىزالار قويۇق ئارپا ئېشى، ئىللىتىلغان تۇخۇمنىڭ سۇيۇق سېرىقى، ناننىڭ سۇيۇق ئېرىتمىسى، مەزكۇر ئوتياشلارنى كۆكتات شەكلىدە ئىشلىتىش، ماشنىڭ ناھايىتى سۇيۇق ۋە يۇمشاق كەچرىسى، ناننىڭ قويۇق ئېرىتمىسى، قويۇق شوۋىگۈرۈچ، ساگۇدانە قاتارلىقلار.

3. غەلىز غىزالار پاقلان گۆشى، ئۇچارقاناتلار گۆشى، يۇمشاق كەچرى، يۇمشاق پىشۇرۇلغان ئۈنلار ھەممە ساغلام كىشىلەرنىڭ ياخشى غىزالىرى، مەسىلەن: كونا گۈرۈچ، پەلكا قاتارلىقلار بىمارلار ئۈچۈن غەلىز غىزالاردۇر.

مېۋىلەر كۆپىنچە مېۋىلەر، مەسىلەن: ئام، ئامۇت، ئالما، نەشپۈت، كىلى، بىيىر، لوكات، لىچى، كەتەل، بەرھەل قاتارلىقلار ئوفۇنەتلىك قىزىتما بىمارلىرى ئۈچۈن زىيانلىق. چۈنكى بۇ ھالەتتە ھەزىم پائالىيىتى ئاجىز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇلار ئاشقازاندا بۇزۇلىدۇ ھەممە ئاشقازاندا

قايناش ۋە ئېچىش پەيدا بولىدۇ. بۇزۇلغان غىزا سەۋەبىدىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇزۇق ماددىلار ۋە خىلتلار پەيدا بولىدۇ. بۇ قىزىتما ھارارىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ ۋە باش ئاغرىقى قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. ھازىر بۇزۇق ماددىلار ۋە خىلتلارنى باشقىچە قىلىپ زەھەرلىك ماددىلار دەپ ئاتايدۇ. لېكىن كۆپىنچە مېۋىلەر، مەسىلەن: ئانار جۈملىدىن ئاچچىق ئانار ۋە ناخۇش ئانار، چۈچۈمەل ئۈزۈم، ئاپېلسىن ۋە لىمون قاتارلىقلارنىڭ سۈيى زىيانلىق بولۇش ئورنىغا پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇلارنىڭ سۈيى قىزىتما دورىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

بەزى چۈچۈمەل مېۋىلەر، مەسىلەن: چۈچۈمەل ئالما، چۈچۈمەل شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىقلار ناھايىتى ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، سەپراۋى قىزىتمىلارغا پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ مېۋىلەر تەستە ھەزىم بولسا، پەقەت تەن سەۋەبىدىن ئۇنىڭ سۈيى ئېغىر بولمايدۇ. شۇڭلاشقا لوكات سۈيى سەپراۋى قىزىتمىلارنى ئەمەلي داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن.

قانۇن غىزانى بىر قېتىمدا زىيادە مىقداردا يېگۈزۈشتىن ياخشىراقى مىقدارىنى بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ بىرقانچە قېتىمدا يېگۈزۈشتۇر، بۇنىڭدا تەبىئەتكە يەڭگىل چۈشىدۇ.

قانۇن ئەگەر مۇسھىل بېرىلمىگەن بولسا ياكى ھۆقنە قىلىنغان بولسا ياكى ئاشقازان، ئۈچەي قاتارلىق ئىچكى ئەزالاردىن بىرەرىدە ئاغرىق مەۋجۇت بولسا، بۇلاردىن خالي بولمىغۇچە لەتىف غىزالارنى بېرىش، يەنى ئاچ قورساق قالدۇرۇش ياكى زۆرۈرىيەت ئۆتكۈر بولسا لەتىف غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

قانۇن قىزىتما بولغۇچىلارنىڭ شورپىلىرى، كۆكتاتلىرى (سالىنى) غا قىزىلمۇچ، قارىمۇچ، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر، زەرچۇبە، پىياز، سامساق قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئاز مىقداردا سېلىش ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەككە ھالەتتە يېگۈزۈش لازىم، بۇ جايدا يۇمغاقسۈت سوغۇقلۇقى بىلەن زىيانلىق ئەمەس.

قانۇن قىزىتما بولغۇچىلارغا ئەگەر گۆش ياكى شورپا ئىستېمال قىلىشقا يول قويۇلسا، گۆش بىلەن يۇقىرىقى كۆكتاتلاردىن بىرى بىللە پىشۇرۇلسا ياخشى بولىدۇ.

قانۇن ئوفۇنەتلىك قىزىتما بولغۇچىلارنىڭ شورپا ۋە كۆكتاتلىرىغا چۈچۈمەل نەرسىلەرنى قوشۇش ئومۇمەن پايدىلىق بولىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق غىزالار تەرەپكە بىمارنىڭ رىغبىتىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەگەر بىرەر ئىش تۇتقۇنلۇق بولسا، مەسىلەن: نەزلە، زۇكام ۋە يۆتەل قاتارلىقلار مەۋجۇت بولسا، چۈچۈمەل نەرسىلەرنى قوشۇش مۇناسىپ ئەمەس.

قانۇن ئەگەر ئارپا سۇيى، ساگۇدانە ياكى بىرەر غىزا ھەزىم ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئاشقازاندا چۇچۇمەل بولسا ياكى بۇنىڭ بىلەن قورساق كۆپۈش پەيدا بولسا، بۇنىڭدىنمۇ زىيادە سۇيۇلدۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ يەنە بۇ شىكايەت پەيدا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ھەزىم دورىسى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەمىدە بۇزۇلۇش زىيادە بولمايدۇ، مەسىلەن: لاچىندانە، زىرە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلار ياكى بۇ تۆردىكى بىرەر ھەزىم قىلدۇرغۇچى دورىلار غىزالاردىن كېيىن يېگۈزۈلىدۇ.

قانۇن سىركەنجۇبىل ۋە ئارپا سۇيىنى بىر ۋاقىتتا قوشۇپ ئىچكۈزمەسلىك لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ئادەتتە بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ، يەنى سىركەنجۇبىل سەۋەبىدىن ئارپا سۇيى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئاز - كۆپ ئىككى سائەت ئارقىلىق قالدۇرۇش لازىم (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

نانلاردىن خېمىرتۇرۇچ زىيادە ئارىلاشتۇرۇلغان ۋە پىشىپ ئوبدان كۆپۈشكىنى يەڭگىل بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

ئارپا ئېشى (كەشكى شەئىد): قىزىتمىلار ئۈچۈن ئوبدان غىزادۇر. بۇنىڭدا ئوزۇقلاندۇرۇشتىن باشقا نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلار جەملەنگەن، مەسىلەن: بۇ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچىدۇر، بۇنىڭدا تۇتۇش خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ ۋە توسالغۇ پەيدا قىلمايدۇ. ئەگەر بۇ ئوبدان ئۇسۇلدا پىشۇرۇلسا ۋە مۇناسىپ ھالەتتە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، قورساقتا كۆپۈشمۇ پەيدا قىلمايدۇ.

ئىزاھات (1) پەقەت سىركەنجۇبىل ئىچكۈزۈش بىلەن بەزىدە ئۈچەيلەردە سەھەج پەيدا بولىدۇ، يەنى سەھەج ئۆتكۈر ئۈچەي كېسەللىكلىرىدە قورقۇنچلۇق نەرسىدۇر.

ئىزاھات (2) ئەگەر قىزىتما تۇيۇقسىز پەسەيگەن ۋاقىت بىمار ھەمىشە تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن ۋاقىت بولسا، بۇ بىرلىشىش ناھايىتى ياخشىدۇر. بىمارغا بۇ ۋاقىتتا غىزا بېرىش لازىم، يەنى قىزىتما ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا قورساق بوش بولۇشى لازىم، بۇ دەسلەپتە كۆرسىتىلگەن.

ئىزاھات (3) بەزى بىمارلارغا سۈت مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، سۈت ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدا ئۆزگىرىدۇ. قورساق كۆپۈش شىكايىتى پەيدا بولغان بىمارلارغا سۈت بېرىشنى داۋاملاشتۇرماسلىق لازىم. بەزى غەرب تېبابىتى دوختۇرلىرى بۇلارغا سۈت بېرىشنىڭ ئورنىغا ئارپا ئېشى ياكى مەلۇم باشقا غىزانى تاللايدۇ. بەزىدە سۈتكە ئاسان ھەزىم بولۇشى ئۈچۈن سۇ ياكى ئەرقى بەديان ياكى سودا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

بىمارنىڭ پەرۋىشى ۋە تۇرالغۇسى

كىنايە بىلەن سۆزلەش ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىمارنىڭ تۇرالغۇسى ھاۋالىق ۋە سوغۇق تۇتۇلىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى: كىشىلەر بۇ ياتاقتا زىيادە توپلىنىۋالمىسۇن، تۇرالغۇسىغا شامالدۇرغۇچ ئورنىتىپ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، بىمارنىڭ تۇرالغۇسىغا كۆپ مىقداردا مۇز قويۇش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، فونتانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىمارنى پۇختا ياسالغان ئۆيدە تۇرغۇزۇشنىڭ ئورنىغا پۇختا ياسالمىغان ئۆيدە تۇرغۇزۇش لازىم. ئۆينىڭ تاملىرى توپا بىلەن سۇۋالغان بولسۇن ياكى كەھگەل قىلىنغان بولسۇن. بىمار كۆل ئۈستىدە سەگەنچۈككە ياتقۇزۇلسۇن، ھەمدە كۆرپە ئۈستىگە سۆگەت، بېھى ۋە رەيھان قاتارلىقلارنىڭ ھۆل شاخلىرى قويۇلغان بولسۇن ھەمدە بۇلارنىڭ ئۈستىگە گۇلاب، ئەرقى نىلۇپەر قاتارلىقلار سېپىلغان بولسۇن. كۆرپىنىڭ ئەتراپىدىكى تاۋاقلارغا خۇش پۇراقلىق ھۆل نەرسىلەر سېلىنغان ۋە يوپۇرماقلار چۈشكەن بولسۇن ھەمدە بۇلارغا گۇلاب قاتارلىقلار سېپىلغان، سەندەل، كافۇر قاتارلىقلار سېلىنغان بولسۇن (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

چۈنكى ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا ئەقىل ئېلىشىش ۋە سېزىمسىزلىقنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسىتىمە قىلىنىدۇكى، بىمارنىڭ ياتىقىدا شىشە ئەينەك ۋە سۈرەتلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ، بۇلار بىلەن ئەقىلسىزلىك ۋە ھوشسىزلىق ھالىتىدە ھاياجانلىنىشنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. بىمار كۆرپە ئۈستىدە تىنچ ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە كېچە - كۈندۈز ھوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىنىدۇ ۋە پەرۋىش قىلىنىدۇ. بىمار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پاكىز ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە چىش ۋە ئېغىزنىڭ تازىلىقىغا خاس ئۇسۇلدا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ھەر قېتىملىق تاماقتىن كېيىن ئېغىزنى يۇيۇش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. چۈنكى قىزىتما ھالىتىدە ئېغىز ناھايىتى تېز سېسىق بولۇپ قالىدۇ. قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر ھالىتىدە بىمارنىڭ كىيىمى ئازلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن پۇت - قولغا خاس ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، پۇت - قول يۆگەپ ئىسسىتىلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باش ئاغرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كېمەيتىش ئۈچۈن، پەرۋىش خادىمىنىڭ باش ئۈستىگە مۇز خالتىسى قويۇش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ ياكى پاشويە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا خىلتلارنىڭ ناچارلىقى ۋە زەھەرلەش ئىقتىدارى شۇنچىلىك ئۆتكۈر بولىدۇكى، ئەزالارنىڭ سەزگۈرلۈكى كەملەيدۇ، بۇ سەۋەبتىن بەزى ۋاقىتلاردا بىماردا پېشاپ قىلىش سېزىمى بولمايدۇ ھەمدە دوۋساق پېشاپ بىلەن كۆپۈشىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە دوۋساقنى

كۆزىتىش لازىم، تاكى سۈيدۈك تۇتۇلۇشىنىڭ چارىلىرى قىلىنغىچە. ئەگەر دوۋساق ساھەسى، يەنى كىندىك ئاستى كۆپۈشكەن بولسا ۋە چېكىش بىلەن ئېغىر ئاۋاز ئاڭلانسا، بۇ دوۋساقنىڭ پىشاپ بىلەن تولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بەزى ۋاقىتلاردا دوۋساق پىشاپ بىلەن تولىدۇ ھەمدە غايەت تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن پىشاپ ئاز - ئازدىن ئىختىيارسىز ئېقىپ تۇرىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە دوۋساق ئورنىنى تۇتۇپ كۆرۈش لازىم ھەمدە پەرۋىش خادىملىرىنىڭ بىمار باراۋەر كىچىك تەرەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتقىنىغا تولۇق ئىشەنچ قىلماسلىق لازىم. ئەگەر دوۋساقنىڭ تولۇپ قالغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسا، كاتېتىر ئارقىلىق كىچىك تەرەتنى چىقىرىپ دوۋساقنى بوش قىلىش لازىم. بەزى ۋاقىتلاردا پەرۋىش خادىمى بىمار ئاز مىقداردا كىچىك تەرەت قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ دوۋسقى ئىچىدە يېتەرلىك كىچىك تەرەت قالدى، دەپ ئېيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوۋساقنى تۇتۇپ تەكشۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ.

ئۇيقۇ تۇتقاقلىق قىزىتمىلاردا قىزىتما باشلانغان ۋاقىتتا بىمارنى ئۇخلاتماسلىق، خۇسۇسەن تىترەش، سوغۇقتا توڭۇش ۋە يەڭگىل تىترەشكە ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ مەۋجۇت بولغان ۋاقىتتا. ئۇخلىغاندا تىترەش ۋە سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىگەن ۋاقىتتا ئۇخلاش ناھايىتى پايدىلىقتۇر. ئاخىرقى باسقۇچىدا يەنى قىزىتما ئۆرلەپ ئۆتكۈرلۈكى ۋايىغا يەتكەن چاغدا ئۇخلاش زىيانلىق ئەمەس.

قىزىتمىغا باشقا كېسەللىكلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى

قىزىتما ۋە پالەچ بەزىدە قىزىتما ۋە پالەچ ئىككىسى بىرگە بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە قىزىتمىنىڭ ئىلاجىنى دەسلەپتە، پالەچنىڭ ئىلاجىنى كەينىدە قىلىش لازىم. بۇ كىشىلەر ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ياخشى نەرسىدۇر، بۇ گۈلقەنت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولسۇن، شۇنىڭدەك نوقۇت سۈيى بىلەن زەيتۇن يېغى قوشۇپ بېرىشمۇ ياخشى دورىدۇر. شەرتكى، قىزىتما ھارارەتلىك ۋە ئۆتكۈر بولمىسۇن (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

قىزىتما ۋە باش ئاغرىقى قىزىتما بىلەن باش ئاغرىش ئومۇمەن بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە قىزىتمىنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. قىزىتمىنى يوقاتقاندىن كېيىن باش ئاغرىقى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما ھالىتىدىمۇ باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، مەسىلەن: تىنچلاندۇرغۇچىلار پېشانىگە زىمات ياكى تىلا قىلىنىدۇ ياكى ئىچكى تەرەپتىن قىزىتما ئۈچۈن زىيانلىق بولمىغان، بىرەر ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا يېگۈزۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار تەرلەتكۈچىمۇ بولۇپ، بۇ تۈردىن بولىدۇ.

قىزىتما ھالىتىدە پاشىيە قىلىش بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا باش ئاغرىقى يوقىلىدۇ ۋە پاشىيە بىلەنمۇ تەرلەيدۇ. بۇ قىزىتمىنى يەڭگىللىتىشنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇپ، ئورتاق داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. ھارارەت يۇقىرى بولغاندا پاشىيە قىلىش چەكلىنىدۇ.

قىزىتما ۋە ئىششىق ئەگەر ئۆتكۈر قىزىتما بىلەن ئىچكى ئەزالاردا ئىششىق كۆرۈلسە، يەنى جىگەر ئىششىقى، تال ئىششىقى ۋە ئاشقازان ئىششىقى قاتارلىقلار بولسا، داۋالاش قانۇنى بۇكى، ئىششىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن زىيادە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك، بۇ بەزى ۋاقىتلاردا قىلىنىدۇ، ئەگەر يەڭگىل قىزىتما بولسا ئىششىق تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم. ئەگەر ئىششىقنى داۋالاشتا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارغا زۆرۈرىيەت چۈشسە، بۇ ۋاقىتتا زىيادە زىيىنىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ھارارەتنى پەسەيتىش چارىلىرى بىلەن ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلار بىرلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئۇلار كۈچەيتىپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: كۆك كاسنە يوپۇرمىقى سۈيى، يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقى سۈيى، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ھالەتتە بۇ تەڭداشسىز بولۇپ، ئىششىق ۋە قىزىتما ئىككىلىسى ئۈچۈن ئورتاق مەنپەئەتلىك بولىدۇ.

قىزىتما ۋە قۇلۇنجى ئەگەر قىزىتما بىلەن قۇلۇنجى بولسا، دەسلەپتە قۇلۇنجىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ھەمدە ھۇقنە قاتارلىقلار بىلەن ئۈچەيلەر تازىلانمىغىچە ۋە ئاغرىقتا پەسىيىش بولمىغىچە ھېچقانداق غىزا بېرىلمەيدۇ ھەتتا ئارپا سۈيىمۇ ئىچكۈزۈلمەيدۇ. ئەگەر ئۈچەي تازىلانغان بولسا، توخۇ شورپىسى ياكى ئارپا سۈيى بىلەن خىيارشەنبەر مېغىزى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى ئۇ سۇيۇق غىزالار بىلەن مەلۇم ھەر خىل يۇمشاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆتكۈر قىزىتمىلارنى داۋالاش ئۇسۇلى

ئۆتكۈر قىزىتمىلارنى داۋالاش قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلىدا بولىدۇ. ئىچىنى سۈرگۈزۈش، كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، تەرلىتىش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى. ئۇلارغا بۇ يەردە تۈزىتىش بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردىمۇ ئىلگىرىكى ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر نەزەرگە ئېلىنىدۇ، لېكىن ئۆتكۈر قىزىتمىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋۇتۇش ۋە ھارارەتنى كېمەيتىش سۆزلەندى. ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچىلەرنى ئىشلىتىش، قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كېمەيتىش بىلەن قىزىتمىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىدە كېمىيىش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. نۇرغۇنلىغان قىزىتمىلاردا بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ھارارەت ئۆزلۈكىدىن كېمىيىدىغانلىقىمۇ

مەلۇمدۇر. كۆپىنچە ھالەتلەردە قىزىتما شۇنچىلىك ئۆتكۈرلۈشىدۇكى، ھارارەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئۆلۈم يۈز بېرىدىغانلىقىمۇ نورمالدۇر. ھارارەتنى كېمەيتىشكە تىرىشچانلىق قىلىش قىزىتمىنىڭ ھەقىقىي ۋە شىپالىق بېرىدىغان داۋالىشى ئەمەسلىكىمۇ توغرىدۇر. لېكىن شىددەتلىك ھارارەتنىڭ داۋاملىشىشىدىن بولىدىغان بىئاراملىق ناھايىتى ئازلايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىچكى ئەزالار ۋە باشقا رەئىس ئەزالار ئۆتكۈر قىزىتمىنىڭ زەرەرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئۆتكۈر قىزىتمىلاردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، دەرىجىسى 103 ياكى بۇنىڭدىن زىيادە بولغان قىزىتمىلاردۇر.

بۇ بىر باشقا ھالەتتۇركى، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولغان، مەلۇم خاس قىزىتما ئۈچۈن شىپالىق بەرگۈچى دورا قىسمەت بىلەن قولغا كېلىدۇ، بۇ پەقەت ئاز ساندا بولىدۇ.

لېكىن بۇ جايدا بۇ ئىشمۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇكى، سۈنئىي ئۇسۇلدا مەلۇم قىزىتما ھارارىتىنى كېمەيتىشتە بەزى ۋاقىتلاردا بۇ نۇقسان يېتىدۇكى، تېۋىپ بۇنىڭ بىلەن خاتا ھالدا دىياگنوز قويىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىكتىن ئازار يەيدۇ. شۇڭلاشقا ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئىچكى ۋە سىرتقى چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەيلى ئۇ دورا تۈرىدىن بولسۇن ياكى سۇ ياكى غىزا ياكى ھاۋا قاتارلىقلار تۈرىدىن بولسۇن. ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن بۇ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى، يەڭگىل سوۋۇتقۇچىلار، بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ؟ يەنە بىرى، كۈچلۈك تەسىرلىك سوۋۇتقۇچىلار، بۇ قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ناھايىتى تېز كېمەيتىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ھارارەت دەرىجىسى بىراقلا چۈشىدۇ. ئادەتتە ھارارەتنى توسقۇچىلاردىن بۇ تۈردىكى كۈچلۈك تەسىرلىك دورىلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

يەڭگىل سوۋۇتقۇچىلار گەرچە بارلىق قىزىتمىلاردا بۇ تۈردىكى دورىلار كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ، بۇلارنى بىزنىڭ كىشىلەر ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىدە سوغۇق دورىلار دەپ ئاتايدۇ، لېكىن ھارارەت دەرىجىسىگە ئۇلاردىن بىرەر ئاشكارا ۋە تولۇق تەسىر يەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە تەبىئەتكە بۇنىڭدىن بىر تۈردىكى راھەت يېتىدۇ، مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، سېمىزئوت سۈيى، ئانار سۈيى، قاپاق سۈيى، خىيارىن سۈيى، كاسىنە سۈيى، سىركەنجۇبىل، لىمون سۈيى، ھەمىشباھار ئەرقى، ئاپېلسىن ئەرقى، ئەينۇلانىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى قاتارلىقلار.

شۇنىڭدەك بەزىدە سوغۇق سۇ ھۆقنە شەكلىدە تۈز ئۈچەي يولى بىلەن كىرگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتما ھارارىتى ئاز - كۆپ كېمىيىدۇ ۋە بەزىدە ھۆقنىگە سوغۇق تەبىئەتلىك

دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تاۋۇز سۈيى، خىيارىن سۈيى، قاپاق سۈيى، سېمىزئوت سۈيى ۋە كافۇر قاتارلىقلار.

ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى كۈچلۈك دورىلار ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتى بىلەن بۇ تۈردىكى كۈچلۈك تەسىرلىك دورىلار ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى بۇ دورىلار قانچىلىك زىيادە كۈچلۈك تەسىرلىك ۋە ئىشەنچلىك بولغانسېرى، شۇنچىلىك زىيادە زەھەرلىك ۋە خەتەرلىك بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارنى ئىشلىتىش بىلەن ئىنتايىن ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ، ھەتتا ئايلىنىپ كېتىشكىچە نۆۋەت يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بەدەننىڭ رەڭگى كۆكىرىدۇ. دورىلارنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ئۆلچىمى: ئەگەر قىزىتما 103 ياكى 104 دەرىجىدە بولسا، ئۇ دورىلاردىن پەقەت بىر ئىستېمال مىقدارى ئىشلىتىش بىلەن 2 ~ 3 سائەت ئىچىدە ھارارەت تۆۋەنلەپ، نورمال دەرىجىگە چۈشىدۇ ياكى بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنلەيدۇ، لېكىن بۇ كەيپىيات پەقەت ئىككىلەمچى ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ، چۈنكى 6 ~ 7 سائەتتە ئۇنىڭ تەسىرى يوقىلىدۇ ۋە قايتا قىزىتما بۇ دورا بەرمىگەن ھالەتتىكى دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر دورا بېرىلمىسە، قىزىتما ئۆتكۈر ۋە شىددەتلىك بولسا، بۇ دەرىجىدە ھارارەت ئۆرلەيدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپرەكى سۈنئىي ياسالمىلاردىندۇر. يەنى بۇ مەۋجۇت بولغان خىمىيەۋى دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ مەردانە ئېھسانىدۇر. مەسىلەن: بۇلار كېبرىت ئاگىن (كۇنىن سۇلفىت)، ھامىز سەفسافى (سىلى سىلىك ئېيسىد)، سەفئەد ئەفىن (سىلى سىن)، زىددى ھەرىن (ئىنتى ھۇمارىن)، زىددۇلھۇما (ئىنتى فىبرىن)، خىلىن جاۋى (فىناسى تىين). بۇلاردىن ئاخىرقى ئۈچى زىيادە كۈچلۈك تەسىرلىكتۇر، بۇلارنىڭ بايانى خەتىرى بىلەن ئۈستىدە سۆزلەندى.

بەركىن كىبرىت ئاگىن (سۇلفىت ئاق كونىن) بەركىن يوپۇرمىقىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، بۇنى مەخزىنۇل ئەدۋىيە پارسىنىڭ يازغۇچىسى بايان قىلغان. ئەگەر گۈگۈرت كىسلاتاسى بۇنىڭغا تەسىر قىلسا، بەركىن كىبرىت ئاگىن ناملىق تۇز شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى بۇ مەقسەت ئۈچۈن 1.2 ~ 1.8 گىرامغىچە بولىدۇ.

ھامىز سەفسافىدىن بۇ بىر كىسلاتادۇر. بۇ، پۇراقسىز قەلەمچە شەكىلدە بولىدۇ، ئۇنىڭ تەمى دەسلەپتە ئازراق تاتلىق مەلۇم بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چۈچۈمەل بولىدۇ. سەفسافىن ئوخشاش بولمىغان ئەشيالاردىن ھاسىل قىلىنىدۇ ھەمدە سۈنئىي ئۇسۇلدىمۇ ياسىلىدۇ، ئىستېمال مىقدارى 1.2 گىرام.

سەفسافىن بۇ بىر ئاچچىق جەۋھەردۇر. بۇ، سەفساف (ئاق سۆگەت) ۋە ھور (چىنار) ناملىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پوستلىرى ۋە شاخلىرىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ، بۇنىڭ شەكلى نېپىز ئاق قەلەمچە شەكىلدە بولىدۇ، كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ئۇتقاقلىق قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى بولۇپ،

ئىستېمال مىقدارى 1.8 گىرام.

زىددى ھەرىن بۇ ئىككى تەركىبنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ نامىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلار بەدەن ھارارىتىنى كېمەيتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ، ھارارەت ۋە ئوتنىڭ دۈشمىنىدۇر (ھەر — ئىسسىقلىق، ئوت)، بۇ بىر قەلەمچە شەكىللىك جەۋھەردۇر. بۇنىڭ رەڭگى توپىغا ئوخشاش ياكى قىزىلغا مايىل بولىدۇ، بۇ كاندىن چىقىدىغان قىر (قەتران) دىن ھاسىل قىلىنىدۇ، ئىستېمال مىقدارى 0.84 گىرام.

زىددۇللەھمى بۇ ئاق قەلەمچە شەكىلدە بولىدۇ، بۇنىڭ تەمى ئازراق ئۆتكۈر سېزىلىدۇ. بۇنى ياساشنىڭ ئۇسۇلى بۇكى، قويۇق سىركە كىسلاتاسى ۋە ئەلنىلىننى بىرلەشتۈرۈپ ھورلاندۇرۇش بىلەن بۇ قەلەمچە شەكىلدە ھاسىل بولىدۇ. ئىستېمال مىقدارى 0.12 ~ 0.24 گىرامغىچە.

(1) ئارپا ئېغىرلىقى قەمھى (بۇغداي دېنى) گە باراۋەر بولىدۇ، يەنى 0.06 گىرام بولىدۇ.

(2) ھور ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ھىندىچە «دەرەختى چىنار» دېيىلىدۇ (بەزىلەرنىڭ بايانى).

(3) قىر مەئدەنى: كۆل تار.

(4) گاسىل ئىسى لىك ئىيسىد.

(5) ئىينى لىن ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە نىل سۆزىدىن چىققان. بۇ بىر رەڭسىز سۇيۇق ياغدۇر. بۇ قىرمەئدەنى بىلەن نىلدىن ھاسىل قىلىنىدۇ.

خىلىن جاۋى بۇمۇ زىددۇل ھۇما بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ قەلەمچىلىرى تەخمىنەن تەمسىز بولىدۇ، بۇ بىر ئاغرىق پەسەيتكۈچى ۋە كۈچلۈك ھارارەتنى توسقۇچىدۇر. ئىستېمال مىقدارى 0.6 ~ 0.24 گىرامغىچە. بۇ ئەمەلىيەتتە قىر مەئدەنىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىندۇر. بۇنىڭ بىلەن ھامىز خىلى جىلىدى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە نەفسىن (ئىيسى پىرىن) مۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇمۇ ئاغرىق پەسەيتكۈچى، تەرلەتكۈچى ۋە ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى بولۇپ، ئىستېمال مىقدارى 0.24 ~ 0.84 گىرامغىچە.

سىرتتىن سوغۇقلۇق قىلىش

1. بەزىدە سىرتتىن سوغۇقلۇق قىلىنىدۇ، مەسىلەن: بىمارنىڭ ياتقىنىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق قىلىنىدۇ ۋە بۇ مەقسەت بىلەن ئوخشاش بولمىغان ۋاستىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: كۆرپە ئۈستىگە سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ، ھۆل يوپۇرماقلار ۋە شاخلار بۇ جايغا قويۇلىدۇ ۋە سوغۇق سۇ فونتانلىرى قويۇلىدۇ، ياتاق ئىچىگە سوغۇق سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان قاچىلار ۋە مۇز خالتىلار قويۇلىدۇ، شامالدۇرغۇچ بىلەن ياتاق ھاۋاسى سوغۇق قىلىنىدۇ، بۇ ئادەتتىكى پەۋرىش

خادىملىرىنىڭ چارىلىرىدۇر. بۇنىڭ بىلەن هارارەت دەرىجىسىگە تولۇق ۋە كۈچلۈك تەسىر يەتمەيدۇ ھەمدە هارارەت دەرىجىسى تۆۋەنلىمەيدۇ، بەلكى ئۇلار بىلەن بىمار راھەتلىنىدۇ. چارىلەردىن زىيادە كۈچلۈك ۋە مەنپەئەتلىكى تۆۋەندىكى چارىلەردۇر، بۇنىڭدا سوغۇق سۇ ۋە مۇز بەدەنگە سۈركىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن هارارەت دەرىجىسگە تولۇق تەسىر يېتىدۇ.

2. سۇ ۋە مۇزنى سىرتتىن ئىشلىتىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلىرى بولىدۇ، مەسىلەن: سوغۇق سۇ بىلەن بىمارنى يۇيۇندۇرۇش، سوغۇق سۇغا چىلانغان يېشىل رەخت بىلەن بىمارنى ئوراش، رەخت ياكى بۇلۇتنى سوغۇق سۇدا ھۆللەپ بەدەنگە سۈركەش، بەدەن ئۈستىگە مۇز قويۇش قاتارلىقلارنى هارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەندە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلەتكەنگە قارىغاندا خەتەرلەر ناھايىتىلا ئاز بولىدۇ. گەرچە بۇنىڭدا زىيادە بىئارام قىلىش بولسىمۇ.

سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش بۇ كۆپرەك ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا قىلىنىدۇ.

يۇيۇندۇرۇش ئۇسۇلى ھەر ئۈچ سائەتتە بىمارنىڭ هارارىتى تېرمومېتىردا ئۆلچىنىلىدۇ. ئەگەر بەزىدە هارارەت 102 ياكى بۇنىڭدىن زىيادە بولغانلىقى ئېنىقلانسا بىمار سوغۇق سۇغا كىرگۈزۈلىدۇ، سۇنىڭ دەرىجىسى 70 بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدە بىمارنى 10 ~ 15 مىنۇتقىچە قويۇپ، ئاندىن كېيىن سۇدىن چىقىرىپ بەدىنىنى قۇرۇتۇپ كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇلىدۇ. بۇ چارە بىلەن بىمارنىڭ بەدەن هارارىتى ئومۇمەن 98 ~ 99 ياكى بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنلەيدۇ، بۇ چارىدە ئاز ۋە كۆپ ئۆزگىرىش ۋە تۈزىتىشمۇ قىلىنىدۇ، مەسىلەن: هارارەتنى ھەر ئۈچ سائەتتە تەكشۈرۈشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئۇزۇنىدا تەكشۈرۈلىدۇ. سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش بۇ ۋاقىتتا قوللىنىلىدۇ، يەنى هارارەت 102 ~ 105 دەرىجىگىچە بولغاندا ياكى 103 ~ 105 دەرىجىگىچە، شۇنىڭدەك بىمار سوغۇق سۇنىڭ دەرىجىسى 70 نىڭ ئورنىغا 60 بولغان، يەنى زىيادە سوغۇق بولغان سۇغا كىرگۈزۈلىدۇ ياكى سۇنىڭ دەرىجىسى 90 بولغان سۇغا كىرگۈزۈپ، تاكى دەرىجىسى 70 ~75 كە يېتىپ بارغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ ئۇچۇقكى، يۇيۇنۇشنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا ۋە سۇنىڭ سوغۇقلۇقى قانچە زىيادە بولسا، شۇ قەدەر بەدەن هارارىتىگە زىيادە تەسىرى بولىدۇ. ئەگەر بەدەن هارارىتى 103 بولغان بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۇنىڭ دەرىجىسىنى 70 تە قويۇشنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بەزى ۋاقىتلاردا بىمار سۇنىڭ ئىچىدە ئارقىمۇ ئارقا ئۇزۇنغىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، لېكىن مۇشۇنداق ھالەتتە سۇنىڭ سوغۇقلۇقى ئوتتۇرا بولماسلىقى لازىم.

ئەدىيالغا ئوراش بۇنىڭ ئۇسۇلى: بەدەن هارارىتى ئوتتۇرا بولسا، مەسىلەن: 102 دەرىجە ياكى بۇنىڭدىن زىيادە بولسا، مۇز بىلەن سوغۇق قىلىنغان سۇدا يېشىل رەختنى ھۆل

قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ بەدىنى 10 ~ 15 دەقىقىگىچە ئوراپ قويۇلىدۇ.

رەخت ياكى بۇلۇتنى بەدەن ئۈستىگە سۈركەش بۇنىڭ ئۇسۇلى: بەدەننى يالىڭاچ قىلىپ، سوغۇق سۇدا رەخت ياكى بۇلۇتنى ھۆل قىلىپ بەدەن ئۈستىگە 7 ~ 8 ياكى 10 ~ 15 مىنۇتقىچە سۈركىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمەن بەدەن ھارارىتى 1.5 ~ 2 دەرىجە تۆۋەنلەيدۇ، لېكىن، بۇ ئەمەلنىڭ سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش ۋە يېشىل رەختكە ئورىغانغا سېلىشتۇرغاندا تەسىرى ئاز بولىدۇ.

سىرتىدىن مۇز ئىشلىتىش مۇزنى سوقۇپ، خالتىلارغا تولدۇرۇپ ئاز - كۆپ ۋاقىت كۆكرەك ياكى قورساق ئۈستىگە قويۇلىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن مۇز ۋە سوغۇق سۇ ئىشلىتىلىدۇ.

زىمات، تىلا ۋە نۇتۇل ھارارەتنى پەسەيتىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋاسىتىلىرىدىن شەيخ ۋە باشقا سەلىف تېۋىپلىرى سوغۇق تىلالار، زىماتلارنىمۇ بايان قىلغان، مەسىلەن: كاھۇ سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، گۇلاب، سەندەل، كافۇر، سىركە، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىقلار قورساق ۋە كۆكرەك ئۈستىگە چېپىلىدۇ.

جىگەر ساھەسىگە سوغۇق نەرسىلەرنىڭ نۇتۇلىنى قىلىش ئۆتكۈر قىزىتمىلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئەمەلدۇر، ئەگەر جىگەرنىڭ مىزاجى نورمال ھەمدە ئۇنىڭ ھارارىتى كېمەيگەن بولسا. بۇنىڭ بىلەن قىزىتمىغا ناھايىتى ئاز پايدا ھاسىل بولىدۇ، جىگەرنى ياخشىلاش بىلەن بەزىدە قارۇرەمۇ نورماللىشىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

ئىزاھات (1) ئەگەر ئۆتكۈر قىزىتما ھالىتىدە نەزلە ۋە يۆتەلمۇ بىرگە بولسا ياكى باشتا ئېغىرلىق بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە باش ئۈستىگە سوغۇق سۇ ياكى سىركە قۇيۇش مۇناسىپ ئەمەس (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

ئىزاھات (2) سوغۇقلۇق يەتكۈزگەن ۋاقىتتا يەنى سىرتقى تەرەپتىن سوغۇق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندە تەرلەش ۋە ماددىنىڭ تارقىلىشى بولمىسا، ئۆتكۈر سوۋۇتۇشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئويلاش لازىم. ئۇنداق بولمىسا بەزىدە كېسەللىك مۇددىتى ئۇزىراپ كېتىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

ئۇسسۇزلۇققا رىئايە قىلىش ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا ئېغىز ۋە گالغا خاس ئۇسۇلدا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. گالنى ھۆل تۇتۇش ئۈچۈن ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، سېمىزئوت سۈيى ھەمدە رۇببىسۇسقا ئوخشاش نەرسىلەر ئېغىزدا قويۇلىدۇ، شۇنىڭدەك بەزىدە بىمارلارغا ئاچچىق ئانار سۈيى، ناخۇش ئانار سۈيى، چۈچۈمەل ئۈزۈم سۈيى، قېتىق سۈيى،

نېپىز پوستلۇق لىمون سۈيى، زىرىق سۈيى، ئەينۇلا سۈيى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

ئۈتكۈر قىزىتمىدىكى ئۈچەيلەر غىدىقلىنىش ئۈتكۈر قىزىتمىلاردا ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈش ۋە ئۈچەي غىدىقلىنىشتىن ساقلىنىش ناھايىتى زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى بۇلاردىن كۈچ ئاجىزلايدۇ. بۇ ئىككىسىدىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى: داۋالاش ۋاقتىدا ئۈچەيلەرنى غىدىقلايدىغان دورىلار ۋە چارىلەردىن ساقلىنىشقا تىرىشىلىدۇ. مەسىلەن: كۈچلۈك سۈرگىلەر. شۇنىڭدەك قىزىتما كۈنلىرىدە ئۈچەينى قوغداش ئۈچۈن، سىلىقلاشتۇرغۇچىلار ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىقلار.

ئۈتكۈر قىزىتما ئالامەتلىرىنىڭ چارىسى

كۈچ يوقىلىش، ئايلىنىپ كېتىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، جۆيلۈش كۆپىنچە قىزىتمىلاردا ھەممە قىزىتما بولىدىغان كېسەللىكلەردە بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر بۇ قىزىتما قوشۇلۇپ كېلىدىغان كېسەللىكلەردۇر. مەسىلەن: ئۆپكە ئىششىقى، ئىچكى ئەزالار ئىششىقلىرى قاتارلىقلار.

مېڭە ۋە نېرۋىلارنىڭ پائالىيەتلىرى (ئەفئالى نەپسانىيە) دە بۇ تۈردىكى تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا بولىدۇكى، تېۋىپ مۇمكىن بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلەرنى بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى ئالامەتلىرىنىڭ ئۈتكۈر ياكى يەڭگىللىكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىزىتما ھارارىتىنىڭ ئۈتكۈر ياكى يەڭگىللىكىگە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ئۇنىڭ ھارارەت بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى پۈتۈن قان تومۇرلار ۋە پۈتۈن بەدەندىكى قانغا تارقالغان بۇزۇق ماددا بولىدۇ، ھەممە بۇ ئۆزى قىزىتمىنىڭمۇ ئەسلىي سەۋەبى بولىدۇ.

يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىق ھالىتىدە تومۇرنىڭ ئارقىمۇئارقا سوقۇشى كۈچىيىدۇ ۋە ئاجىزلىق ئاشىدۇ، يۈرەكنىڭ بىرىنچى ئاۋازى تۆۋەنلەيدۇ، ھەتتاكى ئۇنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، يۈرەكنىڭ ھەرىكەتلىرى قائىدىسىزلىشىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بەدەننىڭ رەڭگى كۆك بولىدۇ، تىلى قۇرۇق بولىدۇ ۋە تىترەيدۇ، بەدەن مۇسكۇللىرىدا تىترەش بولىدۇ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە جۆيلۈش پەيدا بولىدۇ ھەممە ئۆپكە تېگىدە قان تولۇش، يۇمشاق ئىششىق ۋە كۆپۈشۈش (تەھەببۇج) پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى ئالامەت كۆكرەكتىن ئېنىقلىنىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ئەگەر ئايلىنىپ كېتىش، كۈچ يوقىلىش ۋە يۈرەك ئاجىزلىق

قىزىتما بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا، قىزىتمىنى داۋالاشتا ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ چارىسى دەسلەپتە قىلىنىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت توغرا كېلىپ قالغان بولسا مۇشۇنداق دورىلارنى ئىشلىتىشتا ئويلىنىش قىلىنمايدۇ. بۇلار بىلەن بەدەن ھارارىتى ئۆتكۈرلىشىدۇ، گەرچە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇشۇنداق دورىلاردىن ساقلىنىشقا تىرىشچانلىق قىلىنىسمۇ ياكى باشقا سوۋۇتقۇچىلار بىلەن بۇ زەرەرنىڭ چارىسى قىلىنىسمۇ.

يۈرەك ئاجىزلىقى، كۈچ يوقىلىش ۋە ئايلىنىپ كېتىش ھالىتىدە شاراب ھەممە دورىلاردىن كۆپ بېرىلىدۇ، لېكىن شارابنىڭ مەست قىلىشىدىن بىھۇدە قۇرۇق گەپ قىلىش داۋاملاشقۇدەك ۋە تومۇردا ئارقىمۇئارقا سوقۇش ئاشقۇدەك كۆپ بېرىلمىسۇن. شارابنى زىيادە بەرگەندە تومۇردا ئارقىمۇئارقىلىق ۋە جۆيلۈش دەسلەپتىلا بولىدۇ ۋە شارابنىڭ زىيادىلىكىدىن بىمارنىڭ كۈنلەرنى پەرقلەندۈرۈشى بەزى ۋاقىتلاردا قىيىن بولىدۇ. لېكىن كۆپ كۈنلەرگىچە يەنى مۇددىتى ئۇزۇن بولغان كېسەللىكلەردە، مەسىلەن: ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىلاردا شارابنى داۋاملاشتۇرۇش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۆتكۈر جۆيلۈش سەۋەبىدىن ئەخلاقى ساراڭلىق ۋە جۇنۇن شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولسا، شاراب بىلەن بۇلاردا يەنىمۇ ئېغىرلىشىش بولىدۇ.

ياخشى ۋە كۈچلۈك شارابلارنىڭ مىقدارىنى بەزى كىشىلەر 24 سائەت ئۈچۈن، 60 ~ 180 گىرامغىچە ئېيتقان، لېكىن شەيخ 12 گىرام كونا شارابقا ناننى ئېرىتىپ يېگۈزۈشنى ھاۋالە قىلغان. يۇقىرىقى ھالەتلەردە يەڭگىل ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىش بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ (شەيخ).

ئانار سۈيى، ئانار شەربىتى، سەندەل شەربىتى، ئالما شەربىتى، ئەرقى بىدمۇشكى، ئەرقى كېيۇرە، گۈلاب قاتارلىقلار كۈچ يوقىلىش، يۈرەك ئاجىزلىق، يۈرەك چالاڭغۇراش، قورقۇنچقا پايدىلىق، بۇ قىزىتمىنىڭ ئومۇملاشقان سوۋۇتقۇچى نۇسخىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، داۋائىلمىشكى، خېمىرى مەرۋايىت قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر جۆيلۈش مەۋجۇت بولسا ياكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش خەۋپى بولسا، گۈل يېغى، سىركە ۋە گۈلابنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ رەخت پارچىسىنى چىلاپ، چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ قويۇلىدۇ ۋە ئۇ قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىغا مۇزنى سوقۇپ، خالتىغا تولدۇرۇپ دوپپا شەكلىدە كىيدۈرۈلىدۇ، ھەر ھالدا مېڭىنى سوغۇق تۇتۇش ئۇسۇلى بۇ ھالەتلەردە ناھايىتى پايدىلىق ۋە ئىشقا كېلىدىغان چارىدۇر.

ئەگەر قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر ھالىتىدە بىئاراملىق، قورقۇنچ ھەمدە يۈرەك چالاڭغۇراش بولسا، كۆكرەك ئۈستىگە بىرەر سوغۇق چېپىلما ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئاق سەندەلنى گۈلابتا سۈرۈپ

ۋە بۇنىڭدا رەختنى ھۆللەپ كۆكرەك، يۈرەك ۋە جىگەر ساھەسىگە قويۇلىدۇ ۋە قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن يۇقىرىقى ھالەتلەردە ۋە غەپلەت ھالىتىدە بىرەر يۈرەكنى خۇش قىلغۇچى سوغۇق، سۇيۇق پۇرىتىلما پۇرىتىلىدۇ، سۇيۇق پۇرىتىلمىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان نۇسخىلىرى بار، تۆۋەندە ئىككى نۇسخا مىسال شەكلىدە يېزىلدى:

سۇيۇق پۇرىتىلما نۇسخىسى نىلۇپەر گۈلى، گۈل ئەرمىنى، ئاق سەندەل ھەربىرى 12 گىرامدىن، ئۇزۇنچاق قاپاق سۈيى، كۆك تەرخەمەك سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ھەربىرى 36 گىرامدىن. دورىلارنى كەڭ ئېغىزلىق شىشىگە قويۇپ بىمارنىڭ ئالدىغا قويۇڭكى بىمار پۇراپ تۇرسۇن، ئەگەر شىشە ئىچىگە مۇز سېلىنسا ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن زىيادە پايدىلىق بولىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: گۈلاب، ئەرقى نىلۇپەر 48 گىرامدىن، ئاق سەندەل، كۆك يۇمغاقسۈت يوپۇرمىقى 12 گىرامدىن، خۇش پۇراق كاھۇ بىر گىرام. بارلىق دورىلارنى ئىلگىرىكى قائىدە بويىچە شىشىگە تۆكۈپ، سۇيۇق پۇرىتىلما شەكلىدە بىمارغا پۇرىتىلىدۇ.

سۇيۇق پۇرىتىلمىغا سوغۇق ۋە خۇش پۇراق نەرسىلەر قوشۇلىدۇ. بۇ كۆك يوپۇرماقلار، يېڭى ۋە ھۆل مېۋىلەر، گۈللەر بىلەن كۈچەيتىلىدۇ.

جۆيلۈش ئۈچۈن پاشويىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. پاشويە بەزىدە ساددە ئىلمان قايناق سۇ بولىدۇ ۋە بەزىدە بۇنىڭغا بەزى دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ. پاشويە ھالىتىدە پاچاقنى ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە سىقىش ۋە مۇجۇش ئۇنىڭ پايدىلىرىنى ئاشۇرىدۇ.

يۈرەك ئاجىزلىق ھالىتىدە كۈچلەندۈرگۈچى غىزا بېرىلىدۇ، مەسىلەن: تۇخۇمنىڭ سېرىقى ۋە ئېقىنى سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە توخۇ شورپىسى بېرىلىدۇ. يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە باشقا دورىلارمۇ ئازراق ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا غەلىبىلىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ھەمدە كۈندىن - كۈنگە بۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئاشماقتا.

1. كۈچۈلا جەۋھىرى (ئازراقىن، ئىستەركىنىن) ئېرىتمىسى 3 ~ 5 تامچىغىچە، كۈندە 2 ~ 3 قېتىم تېرە ئاستىغا يىغلىپ قىلىش ھالىتىدە ئەملىنىدۇ.

2. قەھۋېيىن (كىفىيىن) مۇسكۇللارغا يىغلىپ قىلىش ھالىتىدە ئەملىنىدۇ.

3. كافۇردىن 3 ~ 5 ئارپا ئېغىرلىقىدا ئېلىپ، زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ مۇسكۇللارغا يىغلىپ قىلىش ھالىتىدە ئەملىنىدۇ.

4. بۆرەك ئۈستى بېزى جەۋھىرى (كىترىن، ئەيدەرىنلىن) مۇسكۇللارغا يىغىلىپ قېلىش ھالىتىدە ئەملىنىدۇ.

قەھۋىيىين — بۇ جەۋھەر يۈرەك نېرۋىلىرىنى قوزغىتىدۇ، قەھۋە، چاي قاتارلىقلاردىن ھاسىل قىلىنىدۇ.

كافۇر ۋە زەيتۇن يېغى ئېرىتمىسىنىڭ تاناسىپى 15 ~ 20 پىرسەنتكىچە بولۇشى لازىم، يەنى كافۇر بۇ ياغقا 15 ~ 20 پىرسەنتكىچە تاناسىپ بىلەن سېلىنىدۇ، كافۇر بۇنىڭدا ئېرىيدۇ.

كۆڭۈل غەش بولۇش ۋە ئېغىر بىئاراملىق بىئاراملىقنىڭ سەۋەبى بەزىدە قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتى بولىدۇ. مۇمكىن بولغان چارىلەر بىلەن ھارارەتنى كېمەيتىشكە تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرىدىغان سوغۇق ئىچىملىكلەر ئىچكۈزۈلىدۇ، باش ئۈستىگە سوغۇق نەرسىلەر قويۇلىدۇ، كۆكرەك ئۈستىگە سوغۇق تەبىئەتلىك زىمات چېپىلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك سۇيۇق پۇرىتىلما پۇرىتىلىدۇ (بۇنىڭ بايانى ئۈستىدە سۆزلەندى)، بىمارنىڭ ياتىقى سوغۇق ۋە خۇش پۇراق قىلىنىدۇ، شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلىدۇ، سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ئەرەق قاتارلىقلار ھۆقنە قىلىنىدۇ، سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ، ئىلمان ياكى سوغۇق سۇدا بۇلۇتنى ھۆل قىلىپ بەدەن ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

بەزىدە بىئاراملىقنىڭ سەۋەبى ماددىنىڭ زەھەرلەش ئىقتىدارى بولىدۇ، بۇ مېڭە ۋە يۈرەكنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلەر پايدىلىق بولىدۇ، بۇنىڭ بايانى تەپسىلاتى بىلەن ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولدى.

ئىزاھات (1) بەزىدە ئاشقازان ئىچى ناچار كېرەكسىز چىقىرىندىلار بىلەن تولغان بولىدۇ، بۇلار بىئاراملىقتا سەۋەبچى بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە ئۆزلۈكىدىن قۇسسا ياكى قۇستۇرۇلسا، دەرھال پەسىيىش پەيدا بولىدۇ.

ئىزاھات (2) بەزىدە بىئاراملىق تەرلىگەن ۋاقىتتا بولىدۇ، بۇنى تەرلەشنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ چۈشىنىش لازىم.

ئىزاھات (3) ئەگەر بۇ ھالەتتە بۇرۇندىنلا قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى مەۋجۇت بولسا، قەۋزىيەتنى يوقىتىشنى ھەممىدىن ئىلگىرى ۋە زۆرۈر چۈشىنىش لازىم.

ئېغىر باش ئاغرىقى قىزىتمىلاردا باش ئاغرىقى كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەزىيەتتۇر. باش ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرقانچە ئۇسۇلنى ئەستە ساقلاش لازىم. ئەگەر قەۋزىيەت بولغان بولسا، ئۇنى يوقىتىشنىڭ دەرھال چارىسى قىلىنىدۇ، ھارارەتنى كېمەيتكۈچى چارىلەر ئومۇمەن باش ئاغرىقدا كېمىيىش پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: مېڭىنى مۇز قاتارلىقلار بىلەن سوۋۇتۇش،

تەرلىتىش، سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچكۈزۈش قاتارلىقلار.

پاشويە قىلىش ۋە يوتىنى چىڭ باغلاشمۇ باش ئاغرىقىدا بەزى ۋاقىتلاردا كېمىيىش پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ئەمەلدە پۇتنىڭ قان تومۇرلىرى قان بىلەن تولىدۇ ۋە مېڭە تەرەپكە قان ئاز بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېڭىگە بېسىم نىسبەتەن كەم يېتىدۇ ۋە نىسبەتەن ئارام تاپىدۇ. كۈچلۈك ئاغرىق ھالىتىدە بەزى ۋاقىتلاردا ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارمۇ يېگۈزۈلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا تەرلەتكۈچىمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق دورىلار ئىككى تەرەپتىن مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، تەرلەش سەۋەبىدىنمۇ ھارارەت تۆۋەنلەيدۇ ھەمدە ئاغرىق پەسەيتىش ئەمىلى بىلەن باش ئاغرىقىدىمۇ يېنىكلەش بولىدۇ. بۇ دورىلار يەنە بىر تەرەپتىن زىياندىن خالىي بولمايدۇ.

ئومۇمەن مۇشۇنداق دورىلار يۈرەكنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بۇنىڭغا بەزى يۈرەكنى قوزغاتقۇچى دورىلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ، مەسىلەن: نەفسىيىن ناملىق دورىنى قەھۋە بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ 0.24 ~ 0.36 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (نەفسىيىن ئىسپىرىن).

بەزى ۋاقىتلاردا پېشانە ئۈستىگە مۇشۇنداق دورىلار چېپىلىدۇ، بۇ ماددىلار مايلاشتۇرۇش ۋە ئاز مىقداردا سېزىملاندۇرۇش سەۋەبىدىن باش ئاغرىقىغا بىرئاز پايدىلىق بولىدۇ، مەسىلەن: كافۇر جەۋھىرى، ئەجۋائىن جەۋھىرى ھەمدە پىننە جەۋھىرى بىرىكمىسى.

باش ئېغىرلىقى باش ئاغرىقىنىڭ چارىلىرى بۇنىڭغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئۇيقۇسىزلىق قىزىتمىلاردا باش ئاغرىقىغا ئوخشاش ئۇيقۇسىزلىقنىڭ شىكايىتىمۇ ئومۇمەن بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن باش ئاغرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن يېزىلغان ئۇسۇل - چارىلەردىن كۆپىنچە ئۇيقۇسىزلىق ئۈچۈن مەنپەئەت يېتىدۇ، مەسىلەن: پاشويە قىلىش، قەۋزىيەتنى يوقىتىش، بۇنىڭغا ئاساسەن پۇت - قولنى تۇتۇش ھەمدە ئالىقان ۋە تاپىنىنى ئۇۋۇلاشمۇ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى چارىدۇر. بەزىدە كۈچلۈك ھاجەت ۋاقتىدا شەربىتى خەشخاش ۋە ئەپيۇننىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىنىمۇ ئىستېمال قىلىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ، لېكىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنىڭدىن ساقلىنىش ياخشىدۇر. قىزىتما ھالىتىدە باش ئۈستىگە ھېچقانداق ياغ قويۇلمايدۇ، ئەگەر قىزىتما بولمىسا، خەشخاش يېغى، كاھۇ يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار باش ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

ئىزاھات بەزى ماھىر تېۋىپلار ياغدىكى ياخشىلىق بىلەن باش ئۈستىگە ياغ سۈركەيدۇكى، ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇ غالىب بولىدۇ.

زىيادە ئۇسسۇزلۇق قىزىتمىلارنى داۋالاش ئۇسۇلىدا سۇغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق

ئەھكاملار بايان قىلىنغان ۋە سوغۇق سۇ ئىچىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەر بارلىقى ھەم توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىشلار سۆزلەنگەن. ئەگەر بىرەر توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىش بولمىسا ئۇسسۇزلۇق سوغۇق سۇ بىلەن قاندۇرۇلىدۇ، سۇنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قورقماسلىق لازىم. ئەگەر سۇ قان ئىچىدە ئاز بولسا، ماددىنىڭ زەھەرلەش ئىقتىدارى ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئەگەر كۆپ مىقداردا سۇ ئىچكۈزۈلسە، بۇ سۈمۈرۈلۈپ قانغا يېتىپ بارسا، سۇنىڭ زىيادىلىكىدىن زەھەرلەش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن سۇ كەملىك ھالىتىدە بەدەندىكى ماددىلار ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ تارقىلىشىمۇ تېز بولىدۇ، بۇنى توختىتىشنىڭ قىزىتمىدا زىيادە زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، چۈنكى ھارارەتنىڭ زىيادىلىكى سەۋەبىدىن تارقىلىش زىيادە بولىدۇ.

باشنى سوۋۇتۇش بىلەن ئومۇمەن ئۇسسۇزلۇق كەملەيدۇ، مەيلى باش ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇيۇلسىمۇ ياكى مۇز بىلەن سوغۇق قىلىنغان بىرەر باشقا نەرسە باش ئۈستىگە قويۇلسىمۇ.

ئېغىزنى قۇرۇتۇپ قويماسلىق، بەلكى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەينۇلا سۈيى، تەرخەمەك سۈيى قاتارلىقلارنى يۇتۇم - يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈش لازىم. ئەينۇلا قاتارلىقلارنى ئېغىزدا قويغاندا ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. ئۇسسىغان ۋاقىتتا سۇنىڭ ئورنىغا باشقا سوغۇق ئىچىملىكلەرمۇ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: لىمون شەربىتى، تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، گۈلاب، ئەرقى بىدمۇشكى، ئەرقى كىيۇرە قاتارلىقلار. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى ۋاقىتلاردا باشقا سوۋۇتقۇچى نۇسخىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا سوغۇق لۇئابلار ۋە شىرىلەر قوشۇلىدۇ. سوۋۇتقۇچى نۇسخىلار قىزىتمىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە ئومۇمەن بېرىلىدۇ، مەسىلەن: سېمىزئوت شىرىسى، سەندەل شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى بىدمۇشكى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلار.

تەرلەشنىڭ كۆپلۈكى قىزىتمىلارنىڭ تۇتاقلىقى ئومۇمەن تەرلەش ئارقىلىق ئاخىرلىشىدۇ، يەنى تەرلەش ئارقىلىق قىزىتما بوھران ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ، مۇشۇنداق تەرلەشنى توختىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ۋە توختىتىشقا يول قويۇلمايدۇ، بۇ ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. ئەگەر تەرلەش ناھايىتى شىددەتلىك بولسا ۋە تەرلەشنىڭ كۆپلۈكى چەكتىن ئېشىپ كەتسە، تەرلەشنى توختىتىشنىڭ خىيالى قىلىنىدۇ.

قايسى ۋاسىتىلەر بىلەن بەدەن ھارارىتى تۆۋەنلىسە، مۇشۇ ۋاسىتىلەر تەرنى توختىتىشتا ياردەمچى بولىدۇ، مەسىلەن: تېرىنى سوغۇق قىلىش ئۈچۈن تۇرىدىغان ئورۇننى سوغۇق قىلىش، شامالدۇرغۇچ ئورنىتىش، مۇز تولدۇرۇلغان خالتىلارنى قويۇش قاتارلىقلار. بۇ ھالەتتە ئېقىپ چىققان تەرنى بەدەندىن سۈرتۈۋەتمەسلىك، تاكى سىرتقى ھاۋا بىلەن تەر سوۋۇپ، تېرىنىڭ قان تومۇرلىرىنى تارايتسۇن ۋە شۇنىڭدەك تەرنىڭ توختىشىغا ياردەملەر قىلسۇن.

ئاخىرقى ئۆتكۈر ھالەتتە ئادەتتىكى چارىلەر بىلەن ئىش پۈتمىسە، بەزى ۋاقىتلاردا سوغۇق

سۇغا قول - پۇت سىلىنىدۇ، قول - پۇت ئۇستىگە مۇز قويۇلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ كۈچى يېتەرلىك بولسا، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، بەزىدە كۆكرەك، قورساق ۋە ئەزالار ئۈستىگە سوغۇق تەبىئەتلىك زىمات، مەسىلەن: سەندەل ۋە كافۇر چېپىلىدۇ. بەزىدە تىلا ۋە زىماتلارغا قابىز دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ تاكى تېرىنىڭ قان تومۇرلىرى تارايسۇن. سىركە بىلەن سۇنى بىرلەشتۈرۈپ تېرە ئۈستىگە سۈركەش بىلەن تېرە سوغۇق بولىدۇ ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى سىركە بۇخارات شەكلىدە تېزلىك بىلەن تېرىدىن ھورلىنىدۇ ھەمدە ئۆزى بىلەن ھارارەتنىمۇ ئېلىپ ماڭىدۇ.

زىيادە ئىچ سۈرۈش بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتمىنىڭ بوھرانى ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، يەنى ئىچ سۈرۈش ھالىتىدە قىزىتما ئاخىرلىشىدۇ، بوھراندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى ھەرگىز توختىتىشقا تىرىشچانلىق قىلماسلىق لازىم. شۇنىڭدەك تەبىئەتنىڭ بۇزۇلغان ۋە پاسكىنا ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىشىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنىمۇ توختاتماسلىق لازىم. ئەگەر ئىچ سۈرۈش ناھايىتى زىيادە بولۇپ كەتسە ۋە ئۈچەيلەر تولۇق تازىلىنىپ بولغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى بولسا ھەمدە بىمار ئىچى سۈرۈش بىلەن ئاجىزلاپ، ئورۇقلاشقا باشلىسا، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشنىڭ چارىلىرى قىلىنىدۇ. چۈنكى قىزىتمىدا ئىچ سۈرۈشنىڭ كۆپىلىكى ئومۇمەن ئۈچەيلەرنىڭ غىدىقلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. قىزىتمىنىڭ بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، سېمىزئوت ئورۇقى شىرىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۈۋۈتقۇچى دورىلىرى ئۈچەي ئۈچۈن تىنچلاندۇرغۇچىدۇر، بۇلاردىن ئۈچەيلەرنىڭ غىدىقلىنىشى يوقىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دورىلار بىلەن ئىچ سۈرۈشمۇ توختايدۇ ھەمدە باشقا ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى دورىلارغا ئازراق زۆرۈرىيەت پەيدا بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ شىرىلەر ۋە لۇئابلارغا بەزىدە زەھرى مۆھرە، تاباشىرنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن قوشۇلىدۇ ياكى بۇ نۇسخىغا خەشخاش ئۇرۇقى ۋە شەربىتى خەشخاش قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئىچ سۈرگەن ھالەتتە بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت غىزالار بىلەن ئىچ سۈرۈش توختايدۇ، مەسىلەن: قورۇلغان ئارپا ئېشى بۇ ھالەتتە بىر ياخشى غىزادۇر. شۇنىڭدەك ماش ۋە مەسۇر ئۇنىنى قورۇپ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن پىشۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدا ئۇن ئېرىگەن ۋاقىتتا سۈيىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئانار سۈيى قاتارلىقلارنى قۇيۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

كۆڭۈلنىڭ زىيادە ئېلىشىشى ۋە قۇسۇش تەرلەش ۋە ئىچ سۈرۈشكە ئوخشاش بەزىدە تەبىئەتنىڭ ھەيدەپ چىقىرىشى بىلەن ھەمدە بوھران شەكلىدە قۇسۇق كېلىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە قۇسۇشنى توختاتماسلىق، بەلكى زۆرۈرىيەت بولسا، يەنىمۇ ياردەملەرنى بېرىش لازىم. بەزىدە قۇسۇش سەپرانىڭ قويۇلۇشى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ، بۇ ئومۇمەن ئوفۇنەتلىك

قىزىتمىلاردا بولىدۇ، بۇ خىل ھالەتتىكى قۇسۇشنىمۇ توختاتماسلىق، بەلكى قۇستۇرۇپ ئاشقازاننى پاكىزلاش لازىم، بۇنىڭ بىلەن قۇسۇش ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. ئەگەر بىرئاز تەسىرى قېپقالغان بولسا، بىرەر تىنچلاندۇرغۇچى شەربەت ياكى لوئوق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇ ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر. بەزىدە ئاشقازان ئىچكى يۈزىنىڭ غىدىقلىنىشى سەۋەبىدىن قۇسۇشنىڭ كۈچىيىشى بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە «مايىللاشتۇرۇش» ئۈچۈن ئاشقازان ساھەسىگە بىر ـ ئىككى گىرام قىچىنى سىركىدە ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە 15 مىنۇتتىن كېيىن بۇ تازىلىۋېتىلىدۇ، قىچىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ يەرنىڭ تېرىسى قىزىرىدۇ ھەمدە بۇ جايدا كۆيۈشۈش پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ «مايىللاشتۇرۇش» پايدا بېغىشلايدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە غىدىقلاشنىڭ تەسىرىنى كەم قىلىدىغان لوئابلىق ۋە ھارارەت پەسەيتكۈچى نەرسىلەرمۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى لوئابى، لاچىندانە، سۇماق، زىرىق، سەندەل، قىزىلگۈل قاتارلىقلار. بەزىدە قۇسۇشنى توختىتىش ئۈچۈن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسى مۇز بىلەن سوغۇق قىلىنىدۇ ۋە مۇز شۈمۈرتۈلىدۇ.

ئەگەر قۇسۇش ھالىتىدە قەۋزىيەت مەۋجۇت بولسا دەسلەپتە قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا باشقا چارىلەر ناھايىتى ئاز پايدىلىق بولىدۇ.

زىيادە قاناش ئەگەر قىزىتما ھالىتىدە تەبىئەتنىڭ ھەيدەپ چىقىرىشى بىلەن بوھران كۈنىدە بۇرۇن قاناش بولسا، ئاجىزلىق پەيدا بولۇشنىڭ ئەندىشىسى بولمىغان چاغقىچىلىك بۇرۇن قاناشنى توختىتىشقا تىرىشچانلىق قىلماسلىق لازىم. چۈنكى بۇرۇن قاناشمۇ بىر تۈرلۈك تازىلاشتۇر. ئەگەر بۇرۇن قاناشنى توختىتىشقا زۆرۈرىيەت بولسا، بۇرۇن قاناشنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش، پېشانە ۋە تاڭلايىنى مۇز ياكى ئوخشاش بولمىغان زىماتلار بىلەن سوغۇق قىلىش، مۇز سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتىش، باش ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇيۇش لازىم. بىمارنىڭ بېشى بەدىنىنىڭ قالغان بۆلەكلىرىدىن پەس تۇرىدىغان قىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ، يەنى ياستۇقتىن باش ساڭگىلىتىلىدۇ تاكى قاننىڭ بېسىمى بۇرۇنغا ئاز بولسۇن. ئەگەر يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن بۇرۇن قاناشتا ئازىيىش بولمىسا، قان تومۇرلارنى قورۇغۇچى ۋە قان توختاتقۇچى دورىلار بۇرۇنغا پۈركىلىدۇ ياكى تېمىتىلىدۇ ياكى شامچە ياساپ بۇرۇن ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: زەمچە، موزا، ئانارگۈلى، ئەپيۇن، كافۇر قاتارلىقلار.

پۇت ـ قول سوۋۇش بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما تۆۋەنلىگەندىن كېيىن تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ ھەمدە قول ـ پۇتلار سوۋۇيدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە قول ـ پۇت قىزىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق سۇغا قول ـ پۇتنى سېلىش ھەمدە سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق

ئىچىملىكلەرنى ھەرگىز ئىچكۈزمەسلىك، يۈرەكنى قوزغاتقۇچىلار مەسىلەن: شاراب ۋە داۋائىلمىشكنى ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىش لازىم.

يۆتەل ۋە نەزلە قىزىتما ھالىتىدە بەزىدە يۆتەل ۋە نەزلىنىڭ شىكايىتى پەيدا بولىدۇ ياكى تەبىئىي ھالدا يۆتەل ۋە نەزلە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. يۆتەل ۋە نەزلە قىزىتمىنىڭ ئەسلىي داۋالىشىغا مەلۇم كۈچلۈك توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: مۇز، سوغۇق سۇ ۋە سوۋۇتقۇچىلارنى قورقماي ئىشلىتىش مۇشۇنداق ھالەتتە چەكلىنىدۇ. سىركە، سىركەنجىۋىل، لىمون ۋە باشقا چۈچۈمەل نەرسىلەر بېرىلمەيدۇ، ئۇسسىغان ۋاقىتتا سوغۇقلۇقى تۆۋەن سۇ، مەسىلەن: قۇدۇقنىڭ يېڭى سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. قىش پەسلىدە بۇنىڭدىنمۇ سوغۇقلۇقى تۆۋەن سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىتما نۇسخىسىغا نەزلىنىڭ مەخسۇس دورىلىرى، مەسىلەن: ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى ھەم يۆتەل ھالىتىدە بىخسۇس قوشۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن يۆتەل ئۈچۈن ئېغىزدا ھەببى سوئال تۇتۇلىدۇ، لۇئوقى خەشخاش ۋە لۇئوقى سەرتان قاتارلىقلار يالىتىلىدۇ، كۆكرەك ساھەسىگە موم يېغى ياكى بىرەر قىرۇتى سۈركىلىدۇ.

زىيادە توڭلاپ تىترەش بەزى قىزىتمىلاردا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش بىئارام قىلغۇدەك ئۆتكۈر ۋە ئۇزۇن بولىدۇ. داۋالىغۇچى بۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا يۈزلىنىدۇ، مەسىلەن: ياتىقى ئىسسىق قىلىنىدۇ، ھورلاندۇرۇلىدۇ. ئىسسىق رەختكە ئوبدان ئورىلىدۇ، ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا ئىسسىق سۇ ۋە سىركەنجىۋىلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، ياكى ئىسسىق سۇنىڭ ئورنىغا ئىسسىق چاي ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ ئۇسۇل بىلەن بەدەن تېز ئىسسىيدۇ ھەمدە تەرلەيدۇ. تەرلىگەندىن كېيىن سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش تەبىئىي ئاخىرلىشىدۇ. بەزىدە ئۇۋۇلاپ قىزىتىلىدۇ، لېكىن ئۇۋۇلاپ قىزىتىش ئازلا قىلىنىدۇ، يەنى بۇنىڭغا ئانچە زۆرۈرىيەت چۈشمەيدۇ. ئۇۋۇلاش بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتقۇچى ۋە قىزارتقۇچى دورىلارمۇ بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ، تاكى ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى تېز بولسۇن.

سەپرادىن بولغان قىزىتمىلار ۋە ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما

سەپرادىن بولغان قىزىتمىلاردا سەپرا كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭ غىب دائىرە، غىب لازىمە، مۇھرىقەدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرى بار.

غىب دائىرە (ئارىلاپ تۇتقۇچى دەۋرلىك قىزىمت) ئۈچ كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىغا ئېيتىلىدۇ. غىب دائىرە يەنە ئالامەتلىرى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن غىب خالىس، غىب غەيرىي خالىستىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. غىب دائىرىدە شەترۇل غىبنىڭ بايانىمۇ قىلىنىدۇ، بۇ گەرچە ھەر كۈنى تۇتسىمۇ، لېكىن بىر كۈندە تۇتقاقلىقى ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە باشقا كۈنى يەڭگىل بولىدۇ.

يۇقىرىقى بارلىق تۈرلەرنىڭ تەپسىلاتى ئالدىمىزدا سۆزلەنگۈسى.

ھۇمما غىب (ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما) غىب دائىرە، تەجارى بۇخار، تىپا دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تۇتقاقلىقى ئۈچ كۈندە تۇتىدۇ ھەمدە بىر قېتىملىق تۇتۇشتىن، يەنە بىر قېتىملىق تۇتۇشقىچە 48 سائەت سەرپ بولىدۇ.

غىب ئەمەلىيەتتە سەپرادىن بولغان قىزىتمىدۇر، بۇنىڭدا سەپرادىن بولغان ئالامەتلەر كۈچلۈك بولىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما تىترەش بىلەن باشلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سانجىق زىيادە ھەمدە سوغۇقلۇق ئاز بولىدۇ. بەزىدە ئادەتتىكى غىدىقلىغۇچى نەرسە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى، قان ۋە روھنىڭ ئىچكى تەرەپكە يۈرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ ھەمدە سىرتقى ئەزالاردا سوغۇقلۇق غالىب بولىدۇ، بۇ ھالەتتە بەدەن ئىچىدە كۆيۈشۈش ۋە سانجىق بولىدۇ ھەمدە سىرتىدا سوغۇقلۇق بولىدۇ. بۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بۇمۇ بولىدۇكى، تىترەش زىيادە ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشمايدۇ، بەدەن تېز ئىسسىيدۇ ھەمدە بەدەن قول كۆيگۈدەك ئىسسىق بولىدۇ. شۇنداقلا باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئايلىنىپ كېتىش، بىئاراملىق ۋە سەپرادىن بولغان قۇسۇق بولىدۇ ۋە بەزىدە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشمۇ بولىدۇ.

بۇ قىزىتمىدا تومۇر باشقا خىلتلىق قىزىتمىلارغا ئوخشاش دەسلەپتە قالايمىقان سوقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدىلىك چوڭ ۋە تېز سوقىدۇ، تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈك ئوت رەڭلىك، سېسىق ۋە ئۆتكۈر پۇراقلىق بولىدۇ.

بۇ قىزىتما تەرلەش بىلەن تۆۋەنلەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ قىزىتما قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلاردا ۋە ئىسسىق چارىلەرنى قوللانغۇچىلاردا بولىدۇ، بۇنىڭ تۇتقاقلىقى كۆپىنچە قىسقا بولىدۇ، يەنى 4 ~ 7 سائەتكىچە بولۇپ، 12 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

بۇ قىزىتمىمۇ بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارغا ئوخشاش ياخشى ۋە خەتەرسىز بولىدۇ. بۇ قىزىتما كۆپىنچە تۆت كۈندە ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر يەتتىنچى كۈنگىچە يېتىپ بارسا، بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

بۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى مۇۋازىبەنىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا

سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش، قىزىش ۋە تەرلەش دەرىجىلىرىنىڭ مۇددىتى مۇۋازىبە ۋە رۇبئىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ ھەمدە قىزىتما تامامەن 7 ~ 8 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا غىب قىزىتمىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يازغان:

«دەسلەپتە يەڭگىل تىترەش ۋە يىڭنە سانجىغاندەك سېزىم مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ ھەمدە ئىنتايىن ئۆتكۈر تىترەش باشلىنىدۇ، بۇ باشقا قىزىتمىلاردىكى تىترەشتىن ئۆتكۈر بولىدۇ ھەم بۇ تىترەش تېز يوقىلىدۇ، قىزىتما ئۆرلەيدۇ.»

«ئەگەر بۇ قىزىتما تۆۋەنلىسە، كۆپ تەرلەيدۇ ھەمدە تىندۇرۇلغان سۈيدۈك قىزىل ۋە ئوت رەڭگىدە بولىدۇ.» «غىب قىزىتمىسىدا ئۇيقۇ قاچىدۇ، ئۇسساش زىيادە بولىدۇ، بىمارنىڭ ئاچچىقى يامان بولۇپ كېتىدۇ ۋە مىجەزى چېچىڭلاڭغۇ بولىدۇ ھەم بىرەرسى بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»

تومۇر بۇ قىزىتمىدا باشقا قىزىتمىلارغا نىسبەتەن تومۇر تېز سوقىدۇ، ئاخىرقى مەزگىلدە قالايمىقانمۇ سوقىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە قىزىتما ئوبدان تارقالمىغۇچە، تومۇردا چوقۇم تۆۋەنلىك، كىچىكلىك، قالايمىقانلىق بولىدۇ، ئەگەر قىزىتما ئۆرلىسە تومۇر كۈچلۈك، تېز ۋە ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ. غىب خالىس بىلەن غەيرىي خالىسنىڭ پەرقى، غىب خالىستا تۇتقاقلىق گەرچە 4 ~ 12 سائەتكىچە داۋاملاشسىمۇ، لېكىن كۆپرەك سەككىز سائەتكىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا غىب خالىستا بەدەن ناھايىتى تېز قىزىيدۇ، سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن قول - پۇتلىرى سوغۇق بولىدۇ، پۈتۈن بەدەنگە ھارارەت تارقايدۇ ھەمدە بۇنىڭ دەۋرى تېۋىپ ياكى بىماردىن بىرەر خاتالىق سادىر بولمىغان شەرت ئاستىدا يەتتە كۈندىن زىيادە بولمايدۇ. بەزىدە بۇنىڭ ماددىسى شۇقەدەر لەتىف بولىدۇكى، تۇتقاقلىق بىرلا قېتىم تۇتقاندا ئىچ سۈرۈش ياكى قۇسۇش بولۇپ، بەدەن تەبىئىي تەنقىيە بولىدۇ ھەمدە قىزىتما ئاخىرلىشىدۇ.

ئەگەر دەۋرى يەتتە كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇنى غىب غەيرىي خالىسنىڭ تۈرلىرىدىن ساناش لازىم. ئەگەر تىترەشنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولسا، بۇنى غەيرىي خالىس دەپلا چۈشىنىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا غىب غەيرىي خالىستا تۇتۇشنىڭ كۈچىيىپ، ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشى، تىترەشنىڭ ۋاقىتىدىن ئىلگىرى كېلىشى بىر خاس نىزام ۋە تاناسىپ بىلەن بولىدۇ ھەمدە بارلىق تۇتقاقلىقلار بۇ توغرىدا بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، غىب غەيرىي خالىستا بۇ قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مەلۇم كۈنى تۇتقاقلىق ئۇزۇن بولىدۇ ۋە مەلۇم كۈنى بۇنىڭ ئەكسىچە تۇتقاقلىق قىسقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك تىترەش مەلۇم كۈنى ئاز - كۆپ بىر سائەت ئىلگىرى كېلىدۇ ۋە مەلۇم بىر كۈنى بىر سائەت ئارقىدا كېلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما دەسلەپتە تىترەش بىلەن بولسا، بۇنىڭدا يىڭنە سانجىلغاندەك مەلۇم بولسا ۋە ئاخىرىدا ناھايىتى زىيادە تەرلىگەن بولسا بىلىش لازىمكى، چوقۇم غىب خالىستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا غىب خالىسنىڭ بىر خاس ئالامىتى، ئەگەر بىمار سۇ ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر گوياكى تەر كېلىۋاتقاندەك كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. بەلكى بەزىدە تەرمۇ كېلىدۇ. غىب غەيرىي خالىستا باش ئىچىدە ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش ئومۇمەن زىيادە بولىدۇ، بۇنىڭ نۆۋەتلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، ھەتتاكى بۇ 24 سائەت ۋە 30 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ ھەم 48 سائەتنىڭ قالغان بۆلىكىدە تىنچلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قىزىتما بەزىدە زىيادە تەرلەش بولمايلا تۆۋەنلەيدۇ ۋە بەزىدە قاتتىق تىترەش بولماي باشلىنىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا ھارارەت زىيادە ئۆتكۈر بولمايدۇ، يەنى غىب خالىسقا سېلىشتۇرغاندا ھارارەت يەڭگىل بولىدۇ.

بوشاتقۇچى قىزىتما (غىب لازىمە)

ھۇمما مۇفەتتىرە ئۆتكۈر تۈردىكى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلاردىندۇر. بۇنىڭ سەۋەبى مۇۋازىبەنى پەيدا قىلىدىغان ماددىلار بولىدۇ، بۇ 5 ~ 14 كۈنگىچە باراۋەر ئۆرلەيدۇ، پەقەت بەزىدە شام ۋاقتىدا ۋە بەزىدە ئەتىگەندە قىسقا ۋاقىت يەڭگىل بولىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا تىنچلىق مۇددىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇ قىزىتمىدا سوغۇقلۇق دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن، ئىسسىقلىق دەرىجىسى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. تەرلەش دەرىجىسى ناھايىتى كەم ۋە بەزى ۋاقىتلاردا تامامەن بولمايدۇ.

ئالامىتى قىزىتما ئۆرلەشتىن بىر كۈن ئىلگىرى بەزى بىماردا ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، پۈتۈن بەدەندە ئاغرىق بولىدۇ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئېغىرلىق ياكى يەڭگىل ئاغرىق سېزىلىدۇ، ئىشتىھا ئازلايدۇ ۋە كۆڭلى ئېلىشىش بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىنقى كۈنى يەڭگىل جۇغ - جۇغ باشلانغاندىن كېيىن ياكى جۇغ - جۇغسىز قىزىتما بولىدۇ. بۇ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا 108 ~ 110 دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ، يۈز ۋە كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ، بېشى قاتتىق ئاغرىيدۇ، تەبىئەت ئىنتايىن بىئارام ۋە ئوي - خىياللىرى ئىنتايىن پەرىشان بولىدۇ. بەزىدە بىماردا جۆيلۈشمۇ بولىدۇ. ئۇسساش ئۆتكۈر بولىدۇ. ئېغىزىدىن پۇراق كېلىدۇ ھەم تىلى گەز باغلايدۇ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ ھەم تەكرار قۇسىدۇ. قۇسۇقتىن سېرىق ياكى كۆك رەڭلىك سەپرا چىقىدۇ، تومۇرى ئىنتايىن تېز سوقىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈك قىزىل رەڭلىك، سېسىق پۇراقلىق ھەم مىقدارى ئاز بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەر 10 ~ 12 سائەتكىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئازراق تەرلەيدۇ ۋە ئالامەتلەردە ئازراق يەڭگىللەش بولىدۇ، قانچە يەڭگىل ھالەتتە داۋاملاشسا، بۇ تۇرغۇن دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دەۋردە قىزىتما بىر ياكى ئىككى دەرىجە تۆۋەنلەيدۇ. بەزى بىمارلاردا قىزىتما پەقەت بىر قانچە دەقىقىدىلا يەڭگىللەيدۇ. لېكىن بەزىدە يەڭگىللەش دەۋرى زىيادە بولىدۇ.

قىسقىسى، ئومۇمەن ئەتىگەندە يەڭگىللەيدۇ، كېچىدە ئۆتكۈرلىشىدۇ، بەزى بىمارلاردا دەسلەپتىلا 24 ~ 36 سائەتكىچە باراۋەر يۇقىرىلايدۇ، بەزى بىمارلاردا چۈش ۋاقتىدا ئۆتكۈرلىشىپ ۋە يېرىم كېچىدە يەڭگىللەيدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بىماردا يەرقان بولىدۇ، بەزىدە بۇرنى قانايدۇ، جىگەر ۋە تال چوڭىيىدۇ، بېسىش بىلەن ئاغرىق بولىدۇ، گەرچە بۇ قىزىتمىنىڭ مۇددىتى 5 ~ 14 كۈنگىچە بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىق داۋالاش بولماسلىق ياكى پەرھىز تۇتماسلىق سەۋەبىدىن 21 كۈنگىچىمۇ تۇرىدۇ. ئەگەر ساغلاملىق ئەسلىگە كېلىشكە باشلىسا بوھران ئارقىلىق بىراقلا قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ ياكى ئاستا - ئاستا ھۇمما نائىبە تۇتقاقلىق قىزىتمىسى ياكى لىسقىغا ئۆزگىرىدۇ.

ئوخشىشىپ كېتىدىغىنى بۇ قىزىتما ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئالامەتلىرى ئاچ قورساق قالدۇرۇش بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا قىزىتما ئاستا - ئاستا يۇقىرىلايدۇ ۋە قىزىتما دەۋرلىرىدە بەدەن ئۈستىگە مەرۋايىتتەك مۇدۇر - چاقىلار ياكى قىزىل رەڭلىك داغ چۈشىدۇ ھەممە چوڭ تەرەت ناھايىتى سۇيۇق، سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ.

ئەگەر ھۇمما مۇفەتتىرە ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا، تومۇرى ئىنتايىن ئاجىز سوقۇشقا باشلايدۇ. بەدىنى سوغۇق بولىدۇ، كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ ھەممە چىرايى سېرىق بولىدۇ ياكى باشقا خەتەرلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: جۆيلۈش ياكى تەشەننۇج ياكى ھېق تۇتۇش بولسا، بىمارنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بىمار ئومۇمەن ساغلام بولىدۇ.

ئەسكەرتىش ئەگەر ئوفۇنەتلىك قىزىتما دائىملىق قىزىتما ھالىتىدە بولسا ۋە ھەر ئۈچىنچى كۈنى قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كۈچەيگەن بولسا، بۇنى غىب لازىمە دەپ ئاتايدۇ.

كۆيدۈرگۈچى قىزىتما (ھۇمما مۇھرىقە)

تەپ مۇھرىقە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىدە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، بۇ تۈردىكى

قىزىتمىنى مۇھرىقە سەپراۋىيە دەپ ئاتايدۇ. مۇھرىقە سەپراۋىيەدە ئوفۇنەتلەنگەن ۋە بۇزۇلغان سەپرا كۆپ بولىدۇ ۋە سەپرا بۇزۇلۇشىنىڭ كۆپلۈكىمۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن بولىدۇ. يەنە بىرى، مۇھرىقە بەلغەمىيە بولۇپ، ئوفۇنەتلىنىش ۋە شورلۇق بەلغەم كۆپ بولىدۇ.

مۇھرىقەنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇنىڭ ماددىسى غىب لازىمە ۋە نەۋازىبەدىن ھەددىدىن زىيادە ئۆتكۈر ۋە ناچار بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ قىزىتمىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامەتلىرى ھۇمما غىبدىن زىيادە قاتتىق بولىدۇ، ھەتتاكى تىلى يېرىك بولىدۇ، تىلىنىڭ رەڭگى دەسلەپتە سېرىق ئاندىن كېيىن قارا بولىدۇ، بۇ قىزىتمىدا ھارارەت دائىملىق ھەم ناھايىتى زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆتكۈر قىزىتما بىلەن بەدەن كۆيۈشكەندەك مەلۇم بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنى مۇھرىقە كۆيدۈرگۈچى دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ تىنچلىقى يوشۇرۇن بولىدۇ، بىماردا جۆيلۈش بولىدۇ. جىگەر، تال كېسەللىنىدۇ، بەزىدە كۆك، سېرىق ياكى قارا رەڭلىك قۇسۇق كېلىدۇ ۋە ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ ھەمدە بوھراندىن باشقا بىرەر ۋاقىتتا تەرلىمەيدۇ، ئۇسسۇزلۇق ناھايىتى زىيادە بولىدۇ.

ئۇيقۇسىزلىق، بىقارارلىق، كۆيۈشۈش، جۆيلۈش، بۇرۇن قاناش، باش ئاغرىش، ئىككى چېكىدە لوقۇلداش بولىدۇ، كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، خالىس سەپرالىق ئىچى سۈرىدۇ ۋە ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ. ئەگەر تەپ مۇھرىقە سۈت ئېمىتىۋاتقان بالىلاردا كۆرۈلگەن بولسا، سۈت ئەممەيدۇ، ئەگەر ئەمسە سۈت بالىلارنىڭ ئاشقازىنىدا بۇزۇلىدۇ.

«بۇ قىزىتما كۆپرەك ياشلار ۋە بالىلاردا پەيدا بولىدۇ، لېكىن بالىلاردا ھۆللۈكىنىڭ كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن قىزىتمىنىڭ ھارارىتى نىسبەتەن يەڭگىل بولىدۇ. ياشانغانلاردا بۇ قىزىتما ناھايىتى ئاز پەيدا بولىدۇ» (ئەلقانۇن).

پەرق بۇ قىزىتما بىلەن مۇتبىقەدىكى پەرق، مۇتبىقە ئۈچىنچى كۈنىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ ۋە ئۈچىنچى كۈنى ئۆتكۈر بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا بەدەن ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى قىزىللىق بولمايدۇ ۋە مۇتبىقەگە ئوخشاش بەدەن ئىچىدە تارتىشىش بولىدۇ ۋە تۇتقاقلىق دىمى سىقىلىشتەك ھالەت بولمايدۇ.

مۇرەككەپ قىزىتما

مۇرەككەپ قىزىتما بەزىدە بىر قىزىتما يەنە بىر قىزىتما بىلەن بىرلىشىدۇ، بۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ قەدەر زىيادە بولىدۇكى، ئۇلارنى ساناش ۋە

ئىخچام بايان قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

1. بىر جىنس بىر تۈردىكى ئىككى قىزىتمىدىن مۇرەككەپلىشىدۇ. مەسىلەن: بىر قىزىتما ئىككى ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (غىب) بىلەن مۇرەككەپلىشىپ، ھەر كۈنى تۇتىدۇ ياكى ئىككى ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما بىلەن مۇرەككەپلىشىپ، ئىككى كۈن ئارقىمۇئارقا تۇتۇپ، ئۈچىنچى كۈنى توختايدۇ. ئاخىرقى بۇ تۈرى تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپنىڭ ئەكسى دەپ ئاتىلىدۇ.

غىب مۇزائەف بىر كۈندە غىبنىڭ ئىككى تۇتقاقلىقى كەلسە، مەسىلەن: بىر تۇتقاقلىق ئەتىگەندە، ئىككىنچىسى كەچتە بولسا بۇ تۈردىكى قىزىتما غىب مۇزائەف دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىدە ئىككى غىب مۇشۇنداق توپلىنىدۇكى، ھەر كۈنى تۇتقاقلىق كېلىشكە باشلايدۇ، يەنى بەدەندە ئىككى غىبنىڭ ماددىسى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىركۈنى بىر ماددىنىڭ تۇتقاقلىقى، ئىككىنچى كۈنى ئىككىنچى ماددىنىڭ تۇتقاقلىقى بولىدۇ.

2. بىرلا تۈردىكى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تۈرلەردىن مۇرەككەپ بولىدۇ، مەسىلەن: غىب ۋە تەپ مۇھرىقە ئىككىسى بىرلىشىدۇ. مۇشۇ ئىككىسىدىن مەلۇم بىرى سەپرادىن بولغان ئىششىق قىزىتمىسى بىلەن مۇرەككەپ بولىدۇ.

3. ئىككى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەردىن مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر قىزىتما تەپ دىق ۋە تەپ ئوفۇنىيە ئىككىسىدىن مۇرەككەپ بولىدۇ.

4. تەپ لازىمە ۋە تەپ غەيرىي لازىمەدىن مۇرەككەپ بولىدۇ، مەيلى بۇ ئىككىسى بىرلا تۈردىن بولسۇن ياكى باشقا تۈردىن بولسۇن.

5. تەپ لازىمە ۋە تەپ غەيرىي لازىمە ئۈچ كۈندە بىر تۇتىدىغان دائىملىق قىزىتما بىلەن مۇرەككەپ بولىدۇ.

مۇرەككەپلىشىشنىڭ بىر ھالىتى ئىككى قىزىتما لازىمە بولىدۇ، يەنى غىب لازىمە ۋە لىسقە ئىككىسى بىرلىشىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە تۇتقاقلىق گەرچە كەلمىسىمۇ، لېكىن تۇتقاقلىق ئورنىدا بۇ تەرتىپ بىلەن ئۆتكۈرلىشىدۇ، بىر كۈن غىب لازىمەنىڭكىدەك ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ ۋە بىر كۈن لىسقەنىڭكىدەك ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مۇرەككەپلىشىشنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بار، مەسىلەن: مۇرەككەپ قىزىتمىنىڭ ئىككى ماددىسى ئۆزئارا بىرلەشكەن بولىدۇ ياكى ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ. ئىككىسى مىقداردا باراۋەر ياكى ئاز - كۆپ بولىدۇ، مەسىلەن: بۇ ئىككى قىزىتما بىرلەشكەن ھالەتتە كېلىدۇ، يەنى بىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، ئىككىنچىسى كېلىدۇ، بىرى ئاخىرلاشقاندا ئىككىنچىسى كېلىدۇ، بۇ ئالمىشىپ تۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ئىككى قىزىتما بىرگە ئۆرلەيدۇ، بۇ تەفارۇك دەپ ئاتىلىدۇ.

زۆرۈر ئاگاھلاندۇرۇش شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىتمىلارنىڭ دىياگنۇزىنى مۇقىملاشتا دورىلارغا ئىشەنچ قىلىش مۇناسىپ بولمايدۇ. چۈنكى مۇرەككەپ قىزىتمىلارنىڭ دەۋرى بەزىدە يالغۇز ياكى باشقا مۇرەككەپ قىزىتمىلارنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى ۋە چوقۇم بولىدىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بەزىدە ئىككى غىب دائىرەنىڭ بىرلىشىشىدىن ھەر كۈنى قىزىتما كېلىشكە باشلايدۇ، شۇنىڭدەك ئۈچ، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تۇتقاقلىق قىزىتمىنىڭ بىرلىشىشىدىنمۇ بولىدۇ. ۋاھالەنكى، مۇشۇنداق دەۋرلىك بەلغەمى قىزىتمىدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ دورىلارغا قاراپ بەلغەمى قىزىتمىنىڭ ئىلاجى قىلىنغان بولسا، چوقۇم بىمار ھالاك بولىدۇ. بۇ تەرەپكە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بىرقانچە ئورۇنلاردا ئىشارە قىلغان.

شەترۇل غىب

شەترۇل غىب مۇرەككەپ قىزىتمىلاردىن كۆپىنچە غىب ۋە مۇۋازىبە بىرلىشىدۇ ياكى سەپراۋى ۋە بەلغەمى قىزىتما بىرلىشىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بارلىق مۇرەككەپ قىزىتمىلاردىن بۇ قىزىتمىنىڭ بىر مەخسۇس نامى شەترۇل غىب دەپ قويۇلغان.

بۇنىڭ مۇرەككەپلىشىشى تۆت خىل ھالەتتە بولىدۇ.

1. سەپراۋى قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى بولىدۇ ۋە بەلغەمى تۇتقاقلىق قىزىتما بىرلىشىدۇ.
2. سەپراۋى دائىملىق قىزىتما، يەنى مۇھرىقە بولىدۇ ۋە بەلغەمى قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى بولىدۇ.
3. سەپراۋى ۋە بەلغەمى ئىككى قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى بولىدۇ.
4. سەپراۋى ۋە بەلغەمى ئىككى دائىملىق قىزىتما بولىدۇ.

سەمەرقەندىنىڭ ئىپادىلىشى شەترۇل غىب تۇتقاقلىقى گەرچە ھەر كۈنى كەلمىسىمۇ، لېكىن بىر كۈندىكى تۇتقاقلىق سەپراۋى قىزىتمىغا ئوخشاش ئۆتكۈر بولىدىغان ۋە ئىككىنچى كۈنى بەلغەمى قىزىتمىغا ئوخشاش يەڭگىل بولىدىغان قىزىتمىغا ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى ماددا ياكى قىزىتمىدىن مۇرەككەپ بولىدۇ، بىرى غىب ۋە يەنە بىرى مۇۋازىبە، بىر قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى ھەر كۈنى كېلىدۇ ۋە يەنە بىر قىزىتمىنىڭ ئۈچ كۈندە بىر كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈندە ئىككىلا قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى كېلىدۇ ۋە بىر كۈنى پەقەت بىر قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى كېلىدۇ. بىر كۈندە ئىككىلا قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى كېلىشىنىڭ بىرقانچە ھالەتلىرى بولىدۇ. بەزىدە ئىككىلا قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى بىرگە كېلىدۇ، يەنى ئىككىلىسىنىڭ باشلىنىشى

بىر ۋاقىتتا بولىدۇ. بەزىدە بىر قىزىتمىنىڭ نۆۋىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككىنچى قىزىتمىنىڭ نۆۋىتى باشلىنىدۇ. بەزىدە بىرىنچى قىزىتمىنىڭ نۆۋىتى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، يەنە بىر قىزىتمىنىڭ نۆۋىتى باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا سەمەرقەندى ئېيتىدۇ:

سەمەرقەندى   بۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى سەپراۋى ياكى بەلغەمى قىزىتمىلارنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇ قىزىتما بىر كۈن يەڭگىل، بىر كۈن زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ. چۈنكى سەپراۋى قىزىتما ئۈچىنچى كۈنى ئۆتكۈر تۇتىدۇ، بۇ تەپ لازىمە بولغان شەرت ئاستىدا، ياكى ئۈچىنچى كۈنى سەپراۋى قىزىتما بەلغەمى قىزىتما ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بىرگە كېلىدۇ، شەرتكى سەپراۋى قىزىتما تۇتقان بولسا.

مەزكۇر بايانلاردىن ئاشكارىكى، ئىككى كۈننىڭ بىر كۈنىدە قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى ۋە ئەگەشمە ئالامەتلەر قاتتىق بولىدۇ. قىسقىسى، ھۇممائى غىبنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ، ئىككىنچى كۈنىدىكى تۇتقاقلىق ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىل بولىدۇ.

ساپ ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (شەترۇل غىب خالىس)

قىزىتما مۇرەككەپلىشىشنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھالەتلىرىدىن بىر ھالەت بىر قىزىتما دائىملىق بولىدۇ ۋە يەنە بىر قىزىتما تۇتقاقلىق بولىدۇ، مەسىلەن: بىرى لىسقە بولسا ۋە يەنە بىرى غىب نائىبە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر يەڭگىل قىزىتما بولسا ھەمىشە تۇرىدۇ ۋە يەنە بىر قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر تۇتقاقلىقى ھەر ئۈچ كۈندە كېلىدۇ، بۇ تۈردىكى قىزىتمىنى كۆپىنچە تېۋىپلار خالىس دەپ ئاتايدۇ. شەترۇل غىب بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىككىسىدىن بىر كۈندە جۇغ - جۇغ ۋە لەرزە ئىككى قېتىم قايتىلىنىدۇ، بەزىدە ئۈچ قېتىممۇ قايتىلىنىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بەدەن تامامەن قىزىق بولىدۇ ۋە قىزىتما تۆۋەنلىگەنلىكىنىڭ گۇمانى بولسا، تۇيۇقسىزلا قايتا جۇغ - جۇغ باشلىنىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا شەترۇل غىبتا بەدەن تامامەن قىزىشتىن خالىي بولمايدۇ، يەنى قىزىتما تامامەن تۆۋەنلىمەيدۇ، بەلكى ھارارەت بەدەندە تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدۇ، دەپ يازغان. يەنە بۇ قىزىتما تەرلەپ ناھايىتى ئاز تۆۋەنلەيدۇ يەنە ھەم بۇ قىزىتمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بىرىنچى كۈنى بىلەن ۋە تۆتىنچى كۈنى ئۈچىنچى كۈنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، دەپ يازغان.

بۇنىڭدىكى توڭلاپ تىترەش — بۇ ئىككى قىزىتمىنىڭ تەركىبىگە، ئىككى قىزىتمىنىڭ ماددا مىقدارىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىسبىتىگە، ئىككى ماددىنىڭ بىرلىشىپ بىر بولۇشى ياكى

بىرلەشمىگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئىككى قىزىتمىنىڭ تەركىبى ئەگەر ئىككى قىزىتما دائىمىي بولسا، توڭلاپ تىترەش پۈتۈنلەي بولمايدۇ، ئەگەر ئىككىلىسى تۇتقاقلىق بولسا توڭۇپ تىترەش تەكرار كېلىدۇ. چۈنكى بىرىنىڭ ماددىسى تېز، يەنە بىرىنىڭ ماددىسى ئۇزۇندا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولىدۇ ھەم بىر كۈن توڭۇپ تىترەش يەڭگىل بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەڭگىل جۇغ - جۇغ ۋە قول - پۇتتا سوغۇقلۇق بولىدۇ، ئىككىنچى كۈنى توڭۇپ تىترەش قاتتىق بولىدۇ، بەدەندە تىترەش كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بەلغەمى دائىملىق قىزىتما ۋە سەپراۋى تۇتقاقلىق قىزىتما بولسا، توڭۇپ تىترەش گەرچە بىرىسىدىلا بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، توڭۇپ تىترەش قاتتىق ۋە ئۇزۇن بولىدۇ (نەفىيس).

بۇ بىر ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملىشىدىغان ناچار قىزىتمىدۇر، بۇ كۆپىنچە توققۇز ئاي ۋە بەزىدە بىر يىلغىچە داۋاملىشىدۇ، ئىچكى ئەزالاردا بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى سەپراۋى قىزىتمىلاردا ئومۇمەن سەپرا كۆپ بولىدۇ، سەپراۋى قۇسىدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، بىماردا بىئاراملىق ۋە بىقارارلىق زىيادە بولىدۇ، مەيلى ئۇلارنىڭ تۇتقاقلىقى ھەر كۈنى كەلگەن بولسۇن ياكى ئۈچ كۈندە بىر ياكى تۆت كۈندە بىر كەلگەن بولسۇن ۋە مەيلى قىزىتمىلار دائىملىق شەكىلدە ياكى تۇتقاقلىق شەكىلدە بولسۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا ئۆتكۈر قىزىتمىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش سۇۋۇتۇش ۋە تىنچلاندۇرۇشنىڭ خىيالى زىيادە قىلىنىدۇ، يەنى بۇنى داۋالاشتا ئۆتكۈر قىزىتمىلارنىڭ ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭ تولۇق تەپسىلاتى سۆزلىنىپ بولدى.

ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي داۋالاش پرىنسىپىدا قىزىتمىنىڭ دەسلىپىدىلا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، تەرلىتىش، تەنقىيە قىلىش ۋە كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرى ئىشلىتىلىدىغانلىقىمۇ سۆزلىنىپ بولدى، بۇ ئۇسۇلغا بۇ جايدىمۇ ئەمەل قىلىنىدۇ، بەلكى بۇ يەردە ناھايىتى كۈچەيتىش بىلەن ئۈستىدە سۆزلەنگەن چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە بىرىنچى كۈنىلا يۇمشىتىش ۋە ئىستىفراغ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر قىزىتما ئۆزلۈكىدىن تۆۋەنلىسە ياخشى، ئۇنداق بولمىغاندا قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

سەپراۋى قىزىتمىلاردا دەسلەپكى مەزگىلدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ۋە سۈرگۈچى دورىلار تۆۋەندىكىلەردۇر: تەمرى ھىندى ئىچىنى سۈرگىدەك مىقداردا، يەنى 48 ~ 114 گىرامغىچە، شۇنىڭدەك ئەينۇلا 15 ~ 40 دانىگىچە، شىرخىست، تەرەنجىبىن، گۈلقەنت،

قىزىلگۈل شەربىتى ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلار. بەزىدە سەبرە، سوقمونىيا ۋە ساناغا ئوخشاش دورىلارمۇ سەپراۋى قىزىتمىلاردا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن مەلۇم سوغۇق دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ مىسالى كېيىن كېلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن سوغۇق مۇدىراتلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇق ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار.

قانۇن ئەگەر تەبىئەت ئۆزلۈكىدىن ماددىنى چىقىرىپ تاشلاش تەرەپكە مايىل بولسا، يەنى تەبىئەت كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش ياكى تەرلەش ئارقىلىق ماددىنى چىقىرىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، بۇلار ئېنىقلانغان بولسا، تەبىئەتنى بۇ ھالغا قويۇپ قويۇش ۋە تەبىئەتنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلماسلىق، بەلكى تەبىئەتكە ياردەم قىلىش، مەسىلەن: ئەگەر تەرلىگەن بولسا، ياتاقنىڭ ھاۋاسىنى ئىسسىتىش، بىمارنى يوتقان ۋە ئەديالغا ئوراش، ئىسسىق چاي ياكى قايناق سۇ ئىچكۈزۈش لازىم، شۇنىڭدەك ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشلاردىمۇ مۇناسىپ چارىلەر قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاشكارا بىرەر خاس تەرەپكە تەبىئەتنىڭ مايىل بولۇشى ئېنىقلانمىغان بولسا، مۇشۇ ھالەتتە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ۋە ئىچنى سۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى قىلىش لازىم.

ئىزاھات بەزى ۋاقىتلاردا چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ۋە ئىچنى سۈرگۈچى دورىلار بىلەن قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى دورىلارمۇ بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ تەسىرى بىرگە بولىدۇ، لېكىن بۇنداق دورىلار قىزىتما تۇتمىغان ھالەتتە بېرىلىدۇ، قىزىتما ئۆتكۈرلەشكەن ياكى قىزىغان ۋاقىتتا بېرىشكە بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك بەزى ۋاقىتلاردا سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى دورىلار ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ مىساللىرى ئالدىمىزدىكى بەتلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

تۇتقاقلىقنىڭ باشلىنىشىدا سىركەنجۇبىل ۋە ئىلمان قايناق سۇ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن توڭۇپ تىترەش يەڭگىللەيدۇ. توڭۇپ تىترىگەن ۋاقىتتىمۇ قايناق سۇ يۇتۇم - يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ توڭۇپ تىترەش ئاخىرلاشقان ياكى قىزىتما ئۆتكۈرلەشكەن ھالەتتە ئۇسسىغان ۋاقىتتا سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق شەربەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش تىنچلاندۇرغۇچى سوۋۇتقۇچىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما تۆۋەنلەشكە باشلىسا، پاشويە قىلىش، يەنى پۇتنى ئىسسىق سۇدا چىلاش ۋە ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە مۇجۇش ۋە سىرىش تاكى تەرلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق قالغان ھارارەتمۇ چىقىپ كەتسۇن. قىزىتما ئۆتكۈرلەشكەندە ھەرگىز پاشويە قىلماسلىق لازىم. چۈنكى

بۇنىڭدىن ھارارەت يەنىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ ۋە بىماردىكى بىئاراملىق تېخىمۇ ئاشىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىگەن ۋاقىتتا تەر چىقىدۇ، شۇڭا بۇ ۋاقىتتا بىمارنى رەخت بىلەن باراۋەر ئوراپ تۇرۇش لازىم، ئوراپ تۇرۇشنىڭ تەرنىڭ چىقىشىغا ياردەملىرى بولىدۇ، بۇنداق قىلمىسا تەرلەش توختايدۇ. تۇتقاقلىق باشلانغاندا ئۇخلىتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ھارارەت ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا، قورقماستىن سىرتقى تەرەپتىن سوغۇقلۇق ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئۇسۇلى ئۆتكۈر قىزىتمىلارنىڭ ئىلاجىدا سۆزلەندى. قىزىتما تۇتقان ۋاقىتتا قوشۇمچە داۋالاش ۋە چارە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەقەت بىماردىكى ۋاقىتلىق بىئاراملىقلار يوقىتىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى راھەت كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى كەلمەيدۇ. ئەتىگەندە ئەينۇلا سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيى، پوستى بىلەن سىقىلغان ئانار سۈيى، قىزىلگۈل شەربىتى، شىرخىست قاتارلىق دورىلار بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تۇتقاقلىقنى توختىتىش ئۈچۈن، قىزىتمىنى چەكلىگۈچى ۋە كېسەللىك تۇتۇشقا قارشى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇلار كېيىنكى بەتلەردە يېزىلغان.

شام ۋاقتىدا ۋە بۇ كۈنى يۇمشاتقۇچى بېرىلمەيدۇ، سوۋۇتقۇچى ۋە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى ئالدىمىزدا كەلگۈسى. مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چىلان شىرىسى، ئەينۇلا ۋە تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار. ئەگەر ئۆتكۈر زۆرۈرىيەت ۋە ھارارەتتە زىيادە ئۆتكۈرلۈك بولسا، سوۋۇتۇش ۋە تىنچلاندۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرسى كافۇرغا ئوخشاش دورىلارنى يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچىلار بەزىدە ھەر كۈنى بېرىلىدۇ ۋە بەزىدە ئۈچ كۈندە بىر بېرىلىدۇ. راھەت كۈندە ئەگەر چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ھەر كۈنى بېرىلگەن بولسا، قىزىتما ۋاقتىغا قارىلىدۇ، تاكى چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىنىڭ تەسىرى تۇتقاقلىق ۋاقتىدىن ئىلگىرى ئاخىرلاشسۇن.

ئوزۇقلاندۇرۇش تۇتقاقلىق ۋاقتىدا قائىدە بويىچە بىمار ئاچ قورساق قويۇلىدۇ، چوڭ تەرەتتە يۇمشاش بولمىغۇچە بىرەر غىزا بېرىلمەيدۇ. سەپراۋى قىزىتمىلاردا ئارپا سۈيى ناھايىتى ياخشى. غىزاسىغا سۈيۈق ئارپا سۈيىنىڭ ئورنىغا قويۇق ئارپا ئېشى ۋە ماشنىڭ يۇمشاق كەچرىسىمۇ يېگۈزۈلىدۇ، كەچرى بىلەن رىغبەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، پىننە، كۆك يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ يالاندىسىمۇ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازاننىڭ ھالىتى ياخشى بولمىسا ۋە قويۇق ئارپا ئېشى ۋە كەچرى ھەزىم بولمىغان بولسا، يېگەندىن كېيىن ئاچچىق كېكىرىك كەلگەن بولسا، بۇنىڭدىن يەڭگىللىتىپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۈيى، سۈيۈق ئارپا سۈيى قاتارلىقلار. بەزىدە گۈرۈچنى سوقۇپ سۇدا پىشۇرۇپ شەربىتى

نىلۇپەر ياكى شەربىتى ئانار قوشۇپ، قاچىغا تۆكۈپ سوۋۇتۇلىدۇ، كۆپىنچە بىمار بۇنى ئىنتايىن رىغبەت بىلەن ئىچىدۇ.

بەزىدە قىزىتما كۈچلۈك ئاخىرلاشقان بولسا، تۇخۇمنىڭ سېرىقى تولۇق ئۇزۇقلاندۇرۇش خىيالى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

مېۋىلەر بۇ قىزىتمىدا تەمرى ھىندى، ئاچچىق لىمون، تاتلىق لىمون، تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار، ناخۇش ئانار، ئەينۇلا، ئۆرۈك، جىنەستە، شاپتۇل، كىچىك ئاپېلسىن ۋە باشقا چۈچۈمەل مېۋىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تاۋۇزمۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا سۆزىچە) بۇ قىزىتمىدا يېپىشلىك بولۇش بىلەن بىرلىكتە ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. چۈنكى تاۋۇز چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تەرلىتىدۇ ۋە قىزىتمىنىڭ ھارارىتىنى پارچىلايدۇ، پىشقان كەچىر مېۋىسىدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىسمۇ زىيان قىلمايدۇ.

كۆكتاتلار ۋە ئوتياشلار قاپاق، ئەگرى ۋە تۈز تەرخەمەك، كاھۇ كۆكى، پالەك كۆكى، سېمىزئوت كۆكى ۋە باشقا ھۆل سوغۇق كۆكتاتلار بېرىلىدۇ، پەلول ۋە چامغۇرمۇ بېرىلىدۇ.

سەپرادىن بولغان قىزىتمىلار ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى نۇسخىلار

نۇسخا (1): سىقىپ ئېلىنغان تەمرى ھىندى سۈيىدىن 36 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، قاپاق مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرامدىن، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، 120 گرام ئەرقى گاۋزىبان، 60 گرام ئەرقى گۈلابقا چىلاپ، لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گرام شەربىتى نىلۇپەر قوشۇپ ۋە بەش گرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (2): بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، 72 گرام ئەرقى گاۋزىبان ۋە 72 گرام ئەرقى كاسىنىدە شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، بىنەپشە شەربىتىدىن 36 گرام قوشۇپ، سوقۇلمىغان ئىسپىغۇلدىن يەتتە گرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (3): كاۋا ئۇرۇقى، خىيارىن ئۇرۇقى، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، 72 گرام ئەرقى نىلۇپەر ۋە 72 گرام ئەرقى بىدساددەگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گرام شەربىتى نىلۇپەر ئارىلاشتۇرۇپ، خاكسىدىن بەش گرامدىن يەتتە گرامغىچە سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قۇۋۋەت ئاجىز بولسا، قىزىتما بىلەن خەفەقان بولغان بولسا مەزكۇر ئەرەقلەرنىڭ ئورنىغا ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى گۈلاب، ئەرقى

كىيۇرىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى دورىلارنىڭ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بىلەن يۆتەل بولغان بولسا، مەزكۇر سوۋۇتقۇچىغا ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قوشۇلىدۇ، ئەگەر گالدا ئاغرىق بولسا، بەش دانە چىلان شىرىسى قوشۇلىدۇ، شەربەتى نىلۇپەرنىڭ ئورنىغا شاتۇت شەربىتىدىن 24 گرام قوشۇلىدۇ ۋە مۇۋاپىق غار ـ غار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولغان بولسا مەزكۇر سوۋۇتقۇچىغا يەتتە گرام تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە ئۈچ گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسىمۇ قوشۇلىدۇ.

نۇسخا (4): بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، ئىسپىغۇلدىن بەش گرام، كاسنە ئۇرۇقىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە ۋە ئەرقى بىد سادىدىنىڭ ھەربىرىدىن 72 گرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى دورىلارنى بۇنىڭغا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى سادىدىن 24 گرام قوشۇپ، خاكسىدىن يەتتە گرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزىدە بۇنىڭغا بەش گرام خىيارىن ئۇرۇقى شىرىسىمۇ قوشۇلىدۇ.

چىلانما نۇسخىسى: چالا سوقۇلغان كاسنە ئۇرۇقى، قۇرۇق ئۈنتئۈزۈمى، قىزىلگۈل، نىلۇپەر ھەربىرى ئالتە گرام، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس بەش گرام. دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ ناۋاتتىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، نوقۇئى بارىد سەپرادىن بولغان قىزىتمىلاردا سوۋۇتقۇچى ۋە مۇنزىج شەكلىدە ئىچكۈزۈلىدۇ. گۈلبىنەپشىدىن يەتتە گرام، چىلان، ئەينۇلادىن بەش دانىدىن، خىيارىن ئۇرۇقىدىن يەتتە گرام، گاۋزىباندىن بەش گرام ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر يۆتەل بولسا، ئەينۇلانىڭ ئورنىغا توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، كاسنە يىلتىزى ياكى ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن يەتتە گرام قوشۇلىدۇ.

نۇسخا: خېمىرى گاۋزىباندىن 12 گرامنى كۆمۈش ۋاراققا ئوراپ يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن بەش دانە چىلاننى 144 گرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۈزۈم شەربىتىدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزىدە بەش دانە ئەينۇلانىڭ شىرىسى قوشۇلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى خاكسىدىن يەتتە گرام قوشۇلىدۇ.

بەزىدە قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، سۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ غورا شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ھارارەتنى يەنىمۇ كېمەيتىش مەقسەت قىلىنسا نىلۇپەر شەربىتىدىن 24 گرام ۋە نەزلىگە رىئايە قىلىپ غورا

شەربىتىنىڭ ئورنىغا بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گىرام ۋە قەۋزىيەت ھالىتىدە بىنەپشە شەربىتى ئورنىغا خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گىرام قوشۇلىدۇ. بەزىدە سەپراۋى قىزىتمىدا تۆۋەندىكى نۇقۇئى ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر گۈلى ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، چىلان ۋە ئەينۇلا بەش دانىدىن، چالا سوقۇلغان ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، ھەمىشباھار ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ھەمىشباھار ئۇرۇقى ئورنىغا گاۋزىباندىن بەش گىرام قوشۇلىدۇ ھەمدە قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە قوشۇلىدۇ.

ھەببى كافۇر: كۆيدۈرگۈچى ۋە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىدۇ، سەندەل (گۈلابقا سۈرۈلگىنى)، سۈرۈلگەن زەھرى مۆھرە، كەت سەفىد، كەتىرا، پوستى ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقىنىڭ ھەر بىرىدىن 42 گىرامدىن، كافۇر، زەپەرنىڭ ھەربىرىدىن 2.75 گىرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى يومشاق سوقۇپ، تاسقاپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ياكى ئىسپىغۇل لوئابىدا يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ. ئىستېمال مىقدارى: بىر گىرامى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بېرىلىدۇ.

سۇفۇپى ھىندى: كۆيدۈرگۈچى قىزىتما ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. گىلۇ جەۋھەرى، تاباشىر، سۈرۈلگەن زەھرى مۆھرە، سۈرۈلگەن ئاق سەندەل، كەت سەفىد، سالايە قىلىنغان مەرۋايىتنىڭ ھەربىرىدىن 4.5 گىرامدىن، كافۇر، زەپەرنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە مۇناسىپ مىقداردا ئېلىپ نىلۇپەر شەربىتى بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

قۇرسى تاباشىر مۇلەييىن: ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلار ئۈچۈن مۇجەررەپتۇر. رۇببىسۇس، ئاق سەندەل، كەتىرا، سەمغى ئەرەبىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، كاسنە ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، گىل ئەرمىنىنىڭ ھەربىرىدىن 10.5 گىرامدىن، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، خىيارىن ئۇرۇق مېغىزى، سۇماقنىڭ ھەربىرىدىن 17.5 گىرامدىن، زىرىق، تاباشىرنىڭ ھەربىرىدىن 24.5 گىرامدىن، تەرەنجىبىندىن 35 گىرام، كافۇردىن 3.5 گىرام، زەپەردىن بىر گىرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئىسپىغۇل لوئابىدا يۇغۇرۇپ قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلىنىدۇ. ئىستېمال مىقدارى: ئۈچ گىرام قۇرس مۇناسىپ دورىلار بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

قۇرسى كافۇر مۇسھىللاردىن كېيىن، ئەگەر ھارارەت قېپقالغان ۋە بۇنىڭ بىلەن يۆتەل بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. تاباشىر، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ئاق سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن 4.5 گىرامدىن، نىشاستە، خىيارىن ئۇرۇقى مېغىزى، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس ھەربىرىدىن توققۇز گىرامدىن، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، پوستى ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، بەزرۇلبەنجىدىن ئىككى گىرام، كافۇردىن ئۈچ گىرام، زەپەردىن 1.5 گىرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابىدا يۇغۇرۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ. ئىستېمال مىقدارى: ئۈچ گىرام قۇرسنى ئېزىپ، نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ يالتىلىدۇ.

سەپراۋى قىزىتمىلار ئۈچۈن مۇسھىللار

1. تەمرى ھىندىدىن 144 گىرامنى كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە ئۇنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ، تەرەنجىبىن ۋە شىرخىستنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئەينۇلادىن 20 دانە ئېلىپ سۇغا چىلاپ قويۇپ ۋە سۈزۈپ، بۇنىڭغا شىرخىست ۋە تەرەنجىبىننىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرام قوشۇپ ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. كاسنە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، سېرىق ھېلىلە، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، بۇنىڭدا تەمرى ھىندى مېغىزى، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر مېغىزىنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇنى زىيادە كۈچلۈك قىلىش لازىم بولسا، سوقمۇنيادىن 0.48 گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئاندىن يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەتبۇخى ئەينۇلا (ئەينۇلا قاينىتىلمىسى) سەپراۋى قىزىتما ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. سەپراۋى قىزىتمىدا ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئاجىزلىق ھالىتىدە قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، كۈچلۈك مۇسھىلنىڭ تەسىرى بولمىغاندا بېرىلىدۇ. ئەينۇلا 20 دانە، تەمرى ھىندىدىن 36 گىرام ئېلىپ، 500 گىرام سۇدا ئىككى خىل دورا ياخشى ئېرىگۈچىلىك قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ، 36 گىرام ئاق قەنت قوشۇپ، بىرقانچە كۈنگىچە باراۋەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋائى تەپ توڭلاپ تىترەش، تەپ لەرزە ۋە سەپراۋى قىزىتمىدا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن پايدىلىق. تەمرى ھىندىدىن 60 گىرامنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، 24 گىرام قارا شېكەر بىلەن تاتلىق قىلغاندىن كېيىن دەسلەپتە 24 گىرام ئىسپىغۇلنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن تەمرى ھىندى شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ ئۈچ كۈنگىچە ئىچكۈزۈلسە، سەپراۋى قىزىتما ۋە قەۋزىيەتنى يوقىتىدۇ.

مۇسھىل سەپراۋى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق. ئەينۇلادىن 10 دانىنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، سانائى مەككىدىن يەتتە گىرام، قىزىلگۈلدىن بەش گىرام قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسىغا سېلىپ، دىنار شەربىتىدىن 48 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن چۈشكىچىلىك ئىچى سۈرۈش بىلمىسا، تۆۋەندىكى «سۈرگە ياردەمچىسى» نۇسخىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۈرگە ياردەمچىسى نۇسخىسى تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، دىنار شەربىتى، قىزىلگۈل شەربىتىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، ئەرقى گاۋزىباندىن 180 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ ھالەتتە چۈشتە غىزا بېرىلمەيدۇ، بەلكى كەچتە ماشنىڭ يۇمشاق كەچرىسى بېرىلىدۇ.

مۇسھىل بۇ مۇسھىلمۇ سەپرانى چىقىرىدۇ. سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 12 گىرامنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، خېمىرى بىنەپشە، تەرەنجىبىن، گۈلقەنت، قارا شېكەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن، خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 72 گىرام ياكى 48 گىرام ئېلىپ، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، تاتلىق بادام يېغىدىن يەتتە گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزىدە 24 گىرام شىرخىستمۇ قوشۇلىدۇ.

قىزىتمىنى قايتۇرۇپ قوزغىلىشنى توسقۇچى دورىلار
(ئەدۋىيە دافئى تەپ ۋە مانىئى نەۋبەت)

ھەب سەپراۋى قىزىتما ۋە لەرزە ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. كەندىردىن تۆت ھەسسە، كافۇردىن بىر ھەسسە ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق ئېزىپ قارىمۇچ باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ ۋە بىر ھەبتىن تۆت ھەبكىچە توڭلاپ تىترەشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى بېرىلىدۇ.

سۇفۇپ سەپراۋى قىزىتمىنىڭ قوزغىلىشى ۋە توڭۇپ تىترەشنى توختىتىش ئۈچۈن مۇجەررەپتۇر. كەندىر ۋە خەشخاش پوستىدىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ ياسىلىدۇ ۋە قىزىتما قوزغىلىشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى تەخمىنەن ئۈچ گىرام يېگۈزۈلىدۇ.

مەتبۇخى ھىندى سەپرادىن بولغان تەپتىكى توڭلاپ تىترەش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. خەس، قىزىل سەندەل، يۇمغاقسۈت، نىم يىلتىزى پوستى، پەد ماك، گىلۇئى سەبزىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ چالا سوقۇپ، 750 گىرام سۇدا 125 گىرام قالغۇچە قايىنىتىپ

سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، 5 ~ 7 كۈنگىچە ئىچكۈزۈش بىلەن سەپراۋى قىزىتما يوقىلىدۇ. بۇ نۇسخىغا سوۋۇتقۇچى دورىلار ۋە تەپنى توسقۇچى دورىلار قوشۇلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا گىلۇئى سەبىز، يۇمغاقسۈت، شاھتەررە، نىلۇپەر گۈلى، خەس، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، بانسە يوپۇرمىقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش مەقسەت قىلىنسا، سېرىق ھېلىلەدىن يەتتە گىرام ياكى خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 48 گىرام قوشۇلىدۇ.

1. بۇ نۇسخىغىمۇ سوۋۇتقۇچى، تەپنىڭ قوزغىلىشىنى توسقۇچى دورىلار قوشۇلىدۇ.

ھەببى بۇخار: ئۇفۇنەتلىك قىزىتما ئۈچۈن مەشھۇر ھەبتۇر، بۇنى ئىشلىتىش بىلەن تەپتىكى توڭلاپ تىترەشنىڭ تۇتۇشى ناھايىتى تېز توختايدۇ، ئەگەر قىزىتما پەسلىدە بۇ ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە ئادەم قىزىتمىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. تاباشىر 24 گىرام، بەركىن (كونىن) ئالتە گىرام، ئەرەب يېلىمى ئۈچ گىرام، گىلۇ جەۋھىرى ئالتە گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ تېرىق باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ئەتىگەن، كەچتە بىر ھەبتىن بېرىلىدۇ، لېكىن قىزىتما ھالىتىدە بەرمەسلىك لازىم. بۇ ھەبلەر قىزىتمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساقلىقنى ساقلىغۇچى شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئەگەر بازاردىكى گىلۇ جەۋھىرى (بۇ تەخمىنەن تەسىرسىز بولىدۇ) ئورنىغا ئۆيدە ياسالغان گىلۇ ئۇسارىسى ئىشلىتىلسە ھەر جەھەتتىن ياخشىدۇر.

گىلۇ جەۋھىرى سۇفۇپى: سەپرادىن بولغان قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىنى توختىتىش ئۈچۈن تازىلاشتىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. گىلۇ جەۋھىرى، تاباشىر، لاچىندانە ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامدىن، ناۋاتتىن 18 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ ياساپ، 4 ~ 6 گىرامغىچە يېگۈزۈپ، ئاندىن 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباننى 36 گىرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەببى بەڭ تەپتىكى توڭلاپ تىترەشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەڭ (كەندىر)، خاكىسدىن 48 گىرامدىن، كافۇر، قىزىل سېغىزدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تاسقاپ، گۈلابتا يۇغۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياسىلىدۇ، ئەتىگەن - كەچتە ئىككى ھەب 60 گىرام ئەرقى گىلۇ، 60 گىرام ئەرقى كاسىنە ۋە 36 گىرام نىلۇپەر شەربىتى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى زەھرى مۆھرە سەپرادىن بولغان قىزىتمىدىكى توڭۇپ تىترەشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زەھرى مۆھرە، چىنى، گىلۇ جەۋھىرى، تاباشىر، لاچىندانە ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، كافۇر، بەركىن (كونىن) نىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ

يۇمشاق ئېزىپ تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، چۈش ۋە كەچتە بىر ھەبتىن يېگۈزۈلىدۇ، قىزىتما ھالىتىدە تامامەن بېرىلمەيدۇ.

سۇفۇپ ئەگەر ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش بىلەن قىزىتمىنىڭ تۇتۇشى توختىمىسا، بۇ سۇفۇپ قىزىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى يېگۈزۈلسە قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىنى توختىتىدۇ. زەھرى مۆھرە، تاباشىر، گىلۇ جەۋھىرى، لاچىندانە ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت قاتارلىق دورىلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئۈچ گىرام سۇفۇپ يېڭى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا مۇسھىللارنى بەرگەندىن كېيىن قىزىتما يوقالمىغان ھالەتتە قۇرسى تاباشىر ياكى قۇرسى كافۇر سوۋۇتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: پىشۇرۇلغان تەرخەمەك سۈيى ياكى كۆك كاسىنە سۈيى بىلەن بېرىلىدۇ. لېكىن بەزى تېۋىپلاردا بۇ ئومۇملاشقانكى، سۈرگە بېرىپ بەش كۈندىن كېيىن قىزىتما يوقالمىغان ھالەتتە قۇرسى تاباشىر تەلەيىن ياكى قۇرسى زىرىشك سەغىردىن 5 ~ 7 گىرامغىچە يېگۈزۈپ، ئاندىن تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيىدىن 120 گىرامنى بۇزۇرى شەربىتىدىن 24 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭغا خاكسىدىن يەتتە گىرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزىدە تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيىنىڭ ئورنىغا تامچىلىتىلغان كاسىنە سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

تامچىلىتىلغان كاسىنە سۈيى نۇسخىسى كاسىنە ئۇرۇقىدىن 12 گىرامنى چالا سوقۇپ، كەچتە ئىلمان سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە تۆت بۇرجەكلىك سۈزگۈچنىڭ تۆت بۇرجىكىنى تۆت ياغاچقا باغلاپ يەتتە قېتىم تامچىلىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۆتكۈر ئالامەتلەرنى داۋالاش

ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولغان ھالەتتە بىئارامىلىق، قورقۇش ۋە خەفەقان بولسا، ئاق سەندەلنى گۈلابتا سۈرۈپ ھەمدە بۇنىڭدا رەختنى ھۆللەپ، سوغۇق ھالەتتە جىگەر ۋە يۈرەك ساھەسىگە قويۇلىدۇ. سەندەل ئەتىرى، گۈلاب، ئەرقى نىلۇپەر ۋە كۆك يۇمغاقسۈت قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇيۇق پۇرىتىلما تەييارلاپ پۇرىتىلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن بۇ ھالەتتە، يەنى غەپلەتتە بۇ سۇيۇق پۇرىتىلمىمۇ يۇقىرىقىدەك تەسىر بېرىدۇ.

سۇيۇق پۇرىتىلما نۇسخىسى نىلۇپەر گۈلى، گىل ئەرمىنى، ئاق سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، ئۈزۈنچاق قاپاق سۈيى، ئەگرى تەرخەمەك سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 36 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى مەزكۇر سۇلارغا چىلاپ، بىر كەڭ

ئېغىزلىق شىشىگە قۇيۇپ بىمارغا پۈرىتىلىدۇ.

ئەگەر جۆيلۈش بولسا ياكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ خەۋپى بولسا، گۈل يېغى، سىركە ۋە گۇلابنى بىرلەشتۈرۈپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، بۇنىڭدا رەخت پارچىسىنى ھۆللەپ باش ئۈستىگە چاچلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ قويۇلىدۇ ھەمدە تېز - تېز ئالماشتۇرۇلىدۇ، تاكى مېڭىگە سوغۇق تېزلىك بىلەن يېتىپ بارسۇن. بەزىدە بۇنىڭ ئورنىغا مۇزنى سوقۇپ خالتىغا سېلىپ، كىيىم شەكلىدە كىيدۈرۈلىدۇ. باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى چارىمۇ ناھايىتى پايدىلىق:

ئەگەر قىزىتما بىلەن باش ئاغرىقى بولسا پۇتىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ پاشويە قىلىنىدۇ، ئىككى تاپانغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، بىرەر ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا يېگۈزۈلىدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر لەخلەخەنىڭمۇ بۇ ھالەتتە پايدىلىق ئىكەنلىكى، ئاغرىق پەسەيتىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش ئۆتكۈر بولغاندا بەش دانە ئەينۇلا، ئۈچ گىرام زىرىشكىنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ 24 گىرام سىركەنجىۋىلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈشنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

بەزىدە سەپراۋى قىزىتمىلاردا تۆۋەندىكى پاشويە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى باش ئاغرىقى ۋە جۆيلۈش قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى پەيدا بولغان ياكى پەيدا بولۇش ئەندىشىسى بولغان چاغدا.

پاشويە نۇسخىسى: قورۇق ئۈنتۈزۈمى، ئاق لەيلىگۈلى، گۈلبىنەپشە، بۇغداي كېپىكى، ئارپا يوپۇرمىقى، ئاش تۇزىنىڭ ھەربىرىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، 10 كىلوگىرام سۇدا ئوبدان قايىنىتىپ، ئىلمان ھالەتتە پاشويە قىلىنىدۇ.

ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (غب) نى داۋالاش

سەمەرقەندى: مېۋىلەرنىڭ سۈيى ئارقىلىق ئىچىنى سۈرگۈزۈپ سەپرانى چىقىرىپ تاشلاش لازىم، مەسىلەن: ئەينۇلا سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيى ۋە ئانار سۈيى (بۇ ئانار ئىچىدىكى يۇمشاق پورى بىلەن سىقىلغان بولسۇن) قاتارلىقلار.

قىزىلگۈل شەربىتى، شىرخىست ۋە بۇ تۈردىكى دورىلارنىڭ ئىچىنى سۈرگۈزۈش، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇنىڭغا تولۇق مەنپەئەت بېرىدۇ. ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، سوغۇق شەربەت بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئەينۇلا شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار. ئەگەر ھارارەت غەلىبە قىلغانلىق سەۋەبىدىن زۆرۈرىيەت بولسا، قۇرسى كافۇر يېگۈزۈلىدۇ. غىزاسىغا چۈچۈمەل شورپا بېرىلىدۇ. بۇ، شاپتۇل، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، ئانار ۋە سوغۇق كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. مەسىلەن: قاپاق، كاھۇ،

كۆك يۇمغاقسۈت، پالەك قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. رازى ئېيتقانكى، خۇددى دۇنيا ئۈچۈن شىمالنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولغىنىدەك، بەدەن ئۈچۈن كافۇر سوغۇقتۇر. چۈنكى كافۇر بەدەندە غايەت زور سوغۇقلۇق ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئوفۇنەتنىڭ دۈشمىنىدۇر.

ئارىلاپ تۇتقۇچى دائىمىي قىزىتما (غىب لازىمە) نى داۋالاش

سەپرادىن بولغان غىب لازىمەنىڭ داۋالاش پرىنسىپى باشقا سەپرادىن بولغان قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە چارىلىرىغا ئەمەل قىلىش لازىم، بۇ دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى. يەنى ئىلگىرى سۆزلەنگەن نۇسخىلاردىن سوۋۇتقۇچى، چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ۋە قىزىتما قايتۇرغۇچى نۇسخىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش قاتارلىقلاردا ئىلگىرىكى سۆزلەنگەن ئۇسۇللار تولۇق قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: يۇمشاتقۇچى ۋە مۇسھىل دورا قىزىتما تۆۋەنلىگەن ۋاقىتتا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، غىزامۇ قىزىتما تۆۋەنلىگەن ۋاقىتتا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك قىزىتمىغا قارشى دورىلار قىزىتما دەرىجىسى تۆۋەنلىگەندە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا قىزىتما دائىم تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەھكام بۇ جايدا قىزىتما تۆۋەنلىگەندە قوللىنىلىدۇ.

تۆۋەندە يېزىلغان بىرقانچە نۇسخا (بۇلار مەخسۇس ھالەتلەردە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ) پايدىلىقتۇر:

ئەگەر قىزىتما دەسلەپكى كۈنى جۇغ - جۇغ بىلەن كەلسە ۋە كېيىن لازىمەگە ئۆزگەرسە، بۇنىڭ بىلەن نەزلە، يۆتەلمۇ بولسا، بېھى ئۇرۇقى ۋە كاھۇ ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۈچىنچى كۈنى كاھۇ ئۇرۇقى ئورنىغا خىيارىن ئۇرۇقى شىرىسىدىن توققۇز گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن تۆۋەندىكى مۇنزىج ئىچكۈزۈلىدۇ:

مۇنزىج نۇسخىسى قۇرۇق گىلۇئى، ئاق لەيلىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، بىنەپشىدىن ئالتە گىرام، نىلۇپەر گۈلى، بىخسۇستىن تۆت گىرامدىن، ھەمشىباھار، شاھتەررىدىن توققۇز گىرامدىن، سەرپىستاندىن توققۇز دانە ئېلىپ، ھەممىسىنى سۇدا قاينىتىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام قوشۇپ، خاكسىدىن يەتتە گىرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەگەر يۆتەل ۋە نەزلە ئازلىسا، قىزىلگۈل ۋە كاسنە ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرامدىن قوشۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 24 گىرام، گۈلقەنتتىن 48 گىرام، بادام يېغىدىن بەش گىرام قوشۇپ ھەممە شەربەت ۋە خاكشىنى قالدۇرۇۋېتىپ سۈرگە

ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى تۆۋەندىكى سوۋۇتۇلما ئىچكۈزۈلىدۇ، سۇنىڭ ئورنىغا ئىلمان قىلىنغان ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش گىرام خىيارىن ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بۇنىڭغا شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام قوشۇپ، ئۈستىگە ئالتە گىرام ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تەنقىيە ۋە ئىستىفراغدىن كېيىن قائىدە بويىچە بىرەر قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىمۇ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن نورمالسىزلىق يەنى يۈزىدە ئېسىلەڭگۈلۈك بولسا، خىيارىن ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، ئەرقى شوخلا ۋە 72 گىرام ئەرقى شاھتەررە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى بارىدتىن 36 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، خاكسىدىن يەتتە گىرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزا شەكلىدە ماشنىڭ يۇمشاق كەچرىسى يېگۈزۈلىدۇ ۋە تۆمۈر داغمال سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن يۆتەل ۋە ئىچ سۈرۈش بولغان بولسا، قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى ۋە بىخسۇستىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، ئەرقى بارتەڭدىن 144 گىرامدا شىرىسىنى چىقىرىپ، بېھى رۇبىسىدىن 24 گىرام قوشۇپ، بەش گىرام بارتەڭ ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن نەزلە بولسا، ئىسسىق پەسىل بولسا ھەمدە مۇنزىج، مۇسھىلدىن كېيىن، قىزىتما ئىككىنچى قېتىم قايتىلانسا مۇنزىج بىلەن كەچتە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار، مەسىلەن: تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامنى قاينىتىپ، بۇنىڭغا ئالتە گىرام تاۋۇز مېغىزى شىرىسى، 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، خاكسىدىن ئالتە گىرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن چىلاندىن 10 دانە، بىخسۇستىن تۆت گىرامنى بېھى ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىپ، شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسھىل بېرىلىدۇ.

كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىنى داۋالاش

كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى سەپرادىن بولغان قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي داۋالىشىدا سۆزلىنىپ بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭدا ئومۇمىي داۋالاشتا سۆزلىنىپ بولغان دورىلاردىن زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئىشلىتىش لازىم. داۋالاش ۋاقتىدا، بەدەن ھارارىتىنىڭ قانچىلىك غالىب ئىكەنلىكىنى ئويلاش ياكى بۇ ئىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇكى، ھەممىدىن ئىلگىرى ھارارەتنىڭ

ئۆتكۈرلۈكىنى تېز تۆۋەنلىتىش دەسلەپكى زۆرۈرىيەتتۇر. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ماددىنى ئىسلاھ قىلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ باشقا مۇناسىۋەتلىك چارىلەر بىلەن ھەممىدىن ئىلگىرى ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم. شۇڭلاشقا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى، كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىدا ھارارەتنى تۆۋەنلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھۇمائى غىبكە نىسبەتەن زىيادە بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا قانچىلىك سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلسە دۇرۇستۇر. بۇنىڭدا ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىنتايىن سوغۇق نەرسىلەر، مەسىلەن: ئەينۇلا شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى، سىركەنجۇبىل سادىدە، ئىسپىغۇل لۇئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە بەك سوغۇق سۇ بېرىلىدۇ. يۈرەك ھارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن شەربىتى سەندەل، شەربىتى ھۇماز ئەبرەھ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سەندەلنى گۇلابتا سۈرۈپ كافۇر قوشۇپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، بۇنىڭدا رەخت پارچىسىنى ھۆللەپ يۈرەك ساھەسىگە قويۇش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. شۇنىڭدەك قۇرسى كافۇر ئۆتكۈر ھارارەتنى پەسەيتىدۇ. بۇ قىزىتمىدا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشنى كېمەيتىش ۋە ھارارەتنى ئۆچۈرگۈچىلەرنى توختىتىش ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.

1. قۇرسى كافۇرنىڭ نۇسخىسى سوۋۇتقۇچى دورىلارنىڭ بايانىدا يېزىلغان.

2. ھارارەتنى ئۆچۈرگۈچى نەرسىلەر: سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار.

ئىچى سۈرگەن ھالەتتە ئانارنى ئۇرۇقلىرى بىلەن سوقۇپ، سىقىپ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر يېتەرلىك بولمىسا قۇرسى تاباشىر قابىز بېرىلىدۇ، ئەگەر يۆتەل بولسا چىلانىنىڭ سۈيى سوغۇق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسسۇزلۇق ۋە يۆتەل ئىككىلىسىنى پەسەيتىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتىدۇكى، ئەگەر كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بىرقەدەر يەڭگىل بولسا، تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى (بۇنىڭغا ئازراق كافۇرمۇ ئارىلاشتۇرۇلغان بولسۇن) نى ئىچكۈزۈپ ئۇخلىتىش لازىم. مەن مۇشۇنداق بىمارلارغا سىركەنجۇبىل ياكى سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ياكى كاسنە ئۇرۇقى شىرىسى ئىچكۈزۈشنى ناھايىتى ياخشى، دەپ قارايمەن ھەمدە تاۋۇز بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر. كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىدا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم قىلغانكى، ئەگەر بىرەر ئىش توسقۇنلۇق قىلمىسا، سوغۇق سۇ بەدەننىڭ رەڭگى كۆكەرگۈچە ئىچكۈزۈلىدۇ. زېھنى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بەزىدە ئۇلاردا ئۇسسۇزلۇق سېزىمى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەلەپ بولمىغاندىمۇ سوغۇق سۇ ھەر ۋاقىت يۇتۇم - يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ، جۈملىدىن تىلى قۇرۇۋاتقان بولسا.

داۋالاش سەمەرقەندى: ھۇما غىبنىڭ داۋالاش پىرىنسىپى قوللىنىلىدۇ، قەۋزىيەتلىك بولغان شەرت ئاستىدا، مېۋە سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا، ئانارنى ئۇرۇقلىرى بىلەن سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئىنتايىن سوغۇق تەبىئەتلىك

شەربەت بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئەينۇلا شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى، سىركەنجۇبىل ساددا ۋە ئىنتايىن سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، دېگەن.

بۇ قىزىتمىدا ئىچىدىن سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشتە بىپەرۋالىق قىلىش ۋە ياكى بۇنى تامامەن قويۇپ قويۇش ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ ۋە بۇ ۋاقىتتا كۆپىنچە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بولىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش بىلەن يۈرەك ۋە ئەسلىي ئەزالار ئىسسىق بولىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، كۆپىنچە كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بولغۇچىلارنىڭ مېڭە ۋە ئاشقازىنى ئىسسىقلىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئاجىزلايدۇ، ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرىدا تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەقسەت بىلەن سوغۇقلۇق يەتكۈزگەندە بوھراننىڭ تېز كۆرۈلۈشى ئاز بولىدۇ. تېۋىپ خاتا ھالدا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش سەۋەبلىك ماددا خام قالىدۇ ۋە بوھران ئۇزۇندا كېلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىغا پايدىلىق نۇسخىلار

سوۋۇتقۇچى نۇسخا (1) كاھۇ ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ئۇرۇقى توققۇز گىرامدىن، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرامنى، 60 گىرام ئەرقى شوخلا، 60 گىرام ئەرقى بىد سادده ۋە 60 گىرام ئەرقى گۈلابقا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، شەربىتى نىلۇپەردىن 48 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا (2) ئەگەر كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بىلەن قان تۈكۈرۈشمۇ بولسا، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، ئەنجبار يىلتىزى پوستىدىن بەش گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، 72 گىرام ئەرقى شوخلا ۋە 72 گىرام ئەرقى بارتەڭگە چىلاپ، شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر يۆتەل زىيادە بولسا ئۈچ گىرام بىخسۇس شىرىسى قوشۇلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا (3) ئەگەر قىزىتما تۆۋەنلەپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قىزىتما ئۆرلىسە ۋە يۆتەلمۇ بولسا بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، ئاقلانغان بىخسۇستىن بەش گىرامنى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ، لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن مۈگدەشمۇ بولسا، سۈيدۈك، چوڭ تەرەت توختىغان، سەپرانىڭ كۆپلەپ قۇيۇلۇشى ۋە ماددىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئەت ئاجىزلىغان بولسا ۋە ماددا ئاستىغا قۇيۇلغان بولسا، بىمار ياش بولسا ۋە ئىسسىق پەسىل بولسا، دەسلەپتە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى نۇسخىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا (1) بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، ئەرقى بىد سادده، ئەرقى كاسنە،

ئەرقى نىلۇپەر 48.5 گىرامدىن، ئەرقى گۈلابتىن 24 گىرام ئېلىپ، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۆئابىنى ئەرەقلەردە چىقىرىپ، شەربىتى نىلۇپەردىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گىرام خاكسى سېپىپ كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە چىلاندىن بەش دانە، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، كاھۇ ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ 48 گىرام ئەرقى نىلۇپەر، 48 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكى، 48 گىرام ئەرقى گۈلاب قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە بىلەن تاتلىق قىلىپ بەش گىرام خاكسى سېپىپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىچى تەرەپتىن بۇ دورىلارنى ئىشلىتىشتىن باشقا پاشويە قىلىنىدۇ ۋە پاچاقلىرىغا ھىجامەت قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا (2) بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، كاچۇ ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، ئەينۇلادىن بەش دانە ئېلىپ، 72 گىرام ئەرقى شوخلا ۋە 72 گىرام ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ، لۆئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى نىلۇپەردىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، بەش گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىقارارلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق زىيادە بولسا، سۈيدۈك كۆيۈشتۈرۈپ كەلگەن بولسا، بۇ نۇسخىغا كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز مېغىزى شىرىسى ۋە قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسىدىن 12 گىرامدىن قوشۇلىدۇ ۋە ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى قالدۇرۇۋېتىلىدۇ.

مۇسھىل نۇسخىسى شاھتەررە بەش گىرام، قۇرۇق ئىنتىئۇزۇمى، قىزىلگۈل يەتتە گىرامدىن، نىلۇپەر گۈلى ئالتە گىرام، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى 12 گىرامدىن. دورىلارنى كېچىدە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 84 گىرام، تەمرى ھىندىدىن 48 گىرام، تەرەنجىبىندىن 24 گىرام، گۈلقەنتتىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ، بۇنىڭغا بادام يېغىدىن بەش گىرام، ئىسپىغۇل لۆئابىدىن 12 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇسسىغاندا سۇ ئورنىغا ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە بىرەر يۇمشاق ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزا بېرىلىدۇ، بۇ ئۇسۇل بويىچە ئىككىنچى كۈنى سوۋۇتقۇچى مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىدا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا غىزاغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ھۆكۈم قىلىپ ئېيتقانكى، قاچانغىچە مۇمكىن بولسا، شۇ چاغقىچە غىزا بېرىلمەيدۇ ياكى ئىنتايىن سىڭىشلىك بولغان غىزا ئاز مىقداردا بېرىلىدۇ ھەمدە تەسىرى سوغۇق ۋە (مۇز قاتارلىقلار بىلەن) سوۋۇتۇلغان غىزا بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبىدىن ئاجىزلاشنىڭ خەۋپى بولسا گەرچە بىماردا ئىشتىھا بولمىسىمۇ، چوقۇم غىزا بېرىلىدۇ، جۈملىدىن بۇ كىشىلەردە زىيادە تارقاپ كېتىشنىڭ خەۋپى بولسا، چۈنكى ئومۇمەن كالا ئىشتىھاسى بولغان كىشىلەردە قورساق ئېچىش سېزىمى بولمايدۇ.

ساپ بولمىغان ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (غىب غەيرىي خالىس، غىب بەلغەمىيە)

غىب خالىس ۋە غەيرىي خالىسنىڭ داۋالاش پىرىنسىپىدا بىرەر روشەن پەرق يوق، ئۇسۇل شەكلىدە ئىككىلىسىنىڭ ئىلاجى بىرلادۇر. چۈنكى غىب غەيرىي خالىستا قىزىتما نىسبەتەن يەڭگىل ۋە ئۇسسۇزلۇق نىسبەتەن ئاز بولىدۇ، باشقا سەپرادىن بولغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاز بولىدۇ، يەنى بارلىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللىك ۋە بەلغەم تەركىبلىرى تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر چارىلەرنى بۇ تاناسىپ بىلەن ئاز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ۋە بەلغەم تەركىبلىرىگە رىئايە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر بولمىسا ۋە قىزىتما يەڭگىل بولسا، لېكىن خاتالىق بىلەن سوغۇق سۇ ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئىچكۈزۈلسە ۋە ھارارەتنى پارچىلاش ئۈچۈن قاتتىق سوغۇق چارىلەر قوللىنىلسا، چوقۇم بۇنىڭ مۇناسىپ بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. غىب غەيرىي خالىستا غىزانى ھەر كۈنى بېرىشكە بولمايدۇ، بەلكى بىر كۈن لەتىف غىزا، مەسىلەن: سۇيۇق ئارپا ئېشى بېرىش ۋە بىر كۈن ئاچ قالدۇرۇش ھەمدە غىزاسىغا بىرەر تازىلىغۇچى، لەتىفلەشتۈرگۈچى ۋە قىزىتقۇچى بولغان نەرسە قوشۇش، مەسىلەن: ھەسەل ۋە قارىمۇچ قاتارلىق. ئەگەر بۇ قىزىتمىنىڭ باشلىنىشىدا غىزالارنى لەتىفلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، ئىنتايىن لەتىف غىزا بېرىشنىڭ ئورنىغا كۆپرەك ئاچ قورساق قالدۇرۇش لازىم.

غىب غەيرىي خالىسنىڭ ماددىسىدا بەلغەم تەركىبلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدا سوغۇق دورىلار كەم ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ماددا جىگەرنىڭ ئويمان تەرىپى ۋە ئۈچەيلەر تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا ۋە بەلغەم غالىب بولسا، غىب خالىسقا نىسبەتەن زىيادە ئۆتكۈر ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ، كۆچلۈك سۈرگە بەرگەن ھالەتتە غىب خالىسقا سېلىشتۇرغاندا ماددىنىڭ پىششى زىيادە كۈتۈلىدۇ. غىب غەيرىي خالىسنىڭ ئىلاجىدا ئاۋۋال بۇنىڭ غىب خالىس بىلەن بىرقەدەر يېقىن ياكى يىراقلىقىنى، يەنى بۇنىڭدا بەلغەم تەركىبلىرى قانچىلىك بولغانلىقىنى ئېنىقلاش، ئاندىن كېيىن بۇنىڭغا مۇناسىپ داۋالىغاندا بەلغەم ماددىسىغا رىئايە قىلىش لازىم. غىب بەلغەمىدە شەربىتى لىمون، سىركەنجۇبىل سادىدا ۋە سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش شەربەت ئەينۇلا شەربىتى ۋە تەمرى ھىندى شەربىتىدىن ياخشى بولىدۇ. ئەگەر مۇسھىل ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، بىر - ئىككى قېتىم مۇسھىل بەرگەندىن كېيىن مۇنزىجلار چوقۇم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ماددا مىقداردا زىيادە بولسا، بۇنىڭدا قويۇقلۇق ۋە چاپلاشقاقلىق بولسا، بەدەن كۈچى يېتەرلىك

بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئۈچۈن تۇربۇت، رەۋەن ۋە غارىقۇن ئىشلەتكەندە زىيىنى بولمايدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن غىب غەيرىي خالىستا قۇرسى ۋەرىد سەغىر، قۇرسى ۋەرىد كەبىر، قۇرسى زىرىشك سەغىر، قۇرسى زىرىشك كەبىر قاتارلىقلار ۋە شەربىتى بۇزۇرى بارىد، شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىل ۋە شەربىتى بۇزۇرى ھار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، قەۋزىيەتلىك ھالىتىدە شەربىتى دىنارمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، لېكىن قۇرسلارنى مۇناسىپ چىلانما ياكى قايىنتىلما ياكى كاسىنەنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى ياكى كاسىنەنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بەزىدە چىلانمىلار، مۇنزىجلار ۋە مۇسھىللارمۇ كاسىنەنىڭ سۈيىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشكارا بولىدىكى ھەممىدىن ياخشى چارە بۇكى، دەسلەپكى ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن جۈملىدىن نۆۋەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدا قۇستۇرۇش ۋە مۇدىراتلارنى ئىشلىتىش پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا كاسىنە شىرىسى، بەدىيان شىرىسى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارنى سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش مۇناسىپ بولىدۇ.

تۆۋەندىكى دورا كونا غىب خالىس ئۈچۈن تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر:

نۇسخا: ئام يوپۇرمىقى، قومۇش يوپۇرمىقى، نىم يوپۇرمىقى، بابۇنە گۈلى، ئۆشنە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 36 گىرامدىن، رۇمبەدىياندىن 18 گىرام ئېلىپ، قازاندا قايىنىتىپ نۆۋەتتىن ئىلگىرى ھورلاندۇرۇلىدۇ. بابۇنە گۈلى، ئەفسەنتىندىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، شەربىتى قەنتەرىيۇندىن 12 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن شەربىتى كۇشۇش ئەلۋىيخاندىن 48 گىرامغا ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە ۋە ئەرقى كىيۇرەدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر غىب غەيرىي خالىس ئىنتايىن كونىرىغان بولسا ھەممىدە بۇنىڭدا بەلغەم غالىب بولسا، بەلغەمگە رىئايە قىلىش بىلەن تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دورىلارنىڭ ناھايىتى پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

نۇسخا: قۇرسى ئەفسەنتىندىن ئۈچ گىرام، جاۋارىش مەستىكىدىن توققۇز گىرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن 72 گىرام ئەرقى شوخلا، 72 گىرام ئەرقى كاسىنەنى 36 گىرام شەربىتى بۇزۇرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇپ تۇرۇلىدۇ ھەممە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قايىنتىلما ئىچكۈزۈلىدۇ.

قايىنتىلما نۇسخىسى: شۇكائى، يانتاق، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، ئەفسەنتىن، غاپەس ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، قۇرۇق ئىنئۈزۈمى، بادرەنجى بۇيا، قوغۇن ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 12 گىرام. دورىلارنى سۇدا قايىنىتىپ،

شەربىتى ئەفسەنتىندىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرس نۇسخىسى: بۇ كونا قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق. قىزىلگۈل، بىخسۇس ھەربىرى بىر گىرامدىن، تاباشىر، ئەفسەنتىن، سۇمبۇل ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، تەرەنجىبىن 12 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، گۈلابتا يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ. بەش گىرام قۇرس يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن كاسىنەنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيىدىن 144 گىرامغا شەربىتى بۇزۇرىدىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قىزىتمىغا 4 ~ 5 ئاي بولۇپ كەتسە ۋە بىرەر چارە بىلەن يوقالمىسا، تىندۇرۇلغان سۈيدۈك ناھايىتى رەڭلىك ۋە قويۇق بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: قۇرسى ئەفسەنتىندىن ئۈچ گىرامنى شەربىتى بۇزۇرىدىن 12 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ، ئۈستىدىن سېرىق ئوت ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، كۆك گىلۇئى، قوغۇن ئۇرۇقىدىن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى 120 گىرام ئەرقى گۈلاب ۋە 120 گىرام ئەرقى شوخلىغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرىدىن 48 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئالتە ئايدىن كېيىن تال ۋە جىگەردە قېتىش پەيدا بولسا، يۆتەل ۋە ئىچى سۈرۈشمۇ بىرگە بولسا، بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا: قۇرسى كەبىردىن ئۈچ گىرامنى يۇمشاق ئېزىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكى ۋە يەتتە گىرام خېمىرى گاۋزىبانغا ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ، ئۈستىدىن سېرىق ئوت ئۇرۇقى، بىخ كەبىرنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام، قۇرۇق يەرلىك شوخلا، شاھتەررە، بادرەنجبۇيا، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، گاۋزىبان، بىخسۇسنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، 375 گىرام ئەرقى شوخلىدا قايىنىتىپ، شەربىتى ئەفسەنتىندىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ خاكسى ۋە رەيھان ئۇرۇقىدىن بەش گىرامدىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋا نۇسخىسى: كونا غىب غەيرىي خالىس ئۈچۈن ھەكىم شەرىف خان تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەندۇر. گۈلقەنت ۋە سىركەنجىۋىلدىن 18 گىرامدىن ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ ۋە شەربىتى بۇزۇرىدىن 36 گىرام، ئەرقى گۈلاب، ئەرقى كاسىنە ۋە ئەرقى شوخلىنىڭ ھەربىرىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە ئىككى ھەپتىگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوچۇق بولغانكى، بۇ قىزىتمىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى بىلەن كۆپىنچە ئۆپكە ئاجىزلىقى، جىگەر ئاجىزلىقى، جىگەر ئىششىقى ۋە تال ئىششىقى پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. لېكىن ئىستىسقا كۆرۈلگەن بولسا بىمارنى ھالاك قىلىدۇ. بۇ قىزىتمىنى

يوقاتقاندىن كېيىن تولۇق قۇۋۋەت ھاسىل بولمىغۇچىلىك سوغۇق سۇ، باشقا ھۆل سوغۇق نەرسىلەر ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتۇلىدۇ، تاكى باشقا بىرەر قاتتىق كېسەللىك پەيدا بولمىسۇن.

يېرىم ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما (شەترۇل غىب) نى داۋالاش

شەترۇل غىبنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاشتۇر، بۇنىڭ تەپسىلاتى سۆزلىنىپ بولدى، يەنى قائىدە بويىچە يۇمشىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، تەرلىتىش ۋە راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىستىفراغ ۋە تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن، قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن قىزىتما ۋە تۇتۇشقا قارشى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ قىزىتما سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىپ بولغان بولسا، قائىدە بويىچە ماددىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتۇشقا قارشى تۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىلىرى سەپرادىن بولغان قىزىتمىلاردا سۆزلىنىپ بولدى ۋە بىرقانچىسى تۆۋەندە يېزىلغان.

سەمەرقەندىنىڭ ئەمەلىي داۋالىشى ماددىنىڭ پىشىشى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن بەلغەم ۋە سەپرا قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش ۋە كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق يوقىتىلىدۇ، سىركەنجۇبىل ساددە ياكى سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇنى بەلگىلەش ھارارەتنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ھەم بەلغەم ۋە سەپرانىڭ غالىبلىق نىسبىتى ئېنىقلانغاندىن كېيىن بولىدۇ. شېكەردە تەييارلانغان گۈلقەنت، قۇرسى ۋەرد ۋە قۇرسى غاپەس ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بەزى تېۋىپلارنىڭ شەترۇل غىبتىكى داۋالاش قائىدىسى تۆۋەندىكى مۇنزىجنى ئىچكۈزۈپ مۇسھىل بېرىشتۇر:

مۇنزىج نۇسخىسى: بەديان، پىرسىياۋشاندىن يەتتە گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، دورىلارنى 375 گىرام سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، گاۋزىبان شەربىتىدىن 48 گىرام، چىلاندىن بەش دانە ئېلىپ، ئىككىسىنى 120 گىرام ئەرقى شاھتەررە، 120 گىرام ئەرقى شوخىلىدا قاينىتىپ سۈزۈپ، بۇ ئىككى قاينىتىلمىنى ئارىلاشتۇرۇپ شەربىتى بىخسۇستىن 24 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۆتەل ۋە نەزلە زۇكام بىلەن بولسا، چۈچۈمەل نەرسىلەر بېرىلمەيدۇ ۋە ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: بەديان، بىنەپشە، قۇرۇق ئىنئۈزۈمى، نىلۇپەر گۈلى، قۇرۇق زۇپا قاتارلىقلارنىڭ

ھەربىرىنى ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 500 گىرام سۇدا ئۈچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، 24 گىرام زۇپا شەربىتى ياكى 12 گىرام خەشخاش شەربىتى (دىياقۇزا شەربىتى) قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ماددا كۆپ بولسا، مۇنزىج دورىلىرىغا يىلتىز دورىلار قوشۇلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى: بەدىيان، بىخ بەدىيان، بىخ كاسنىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، چىلاندىن بەش دانە، سەرپىستاندىن 11 دانە، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، ناۋات ياكى گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ھېلىلە مۇرابباسىدىن بىر دانىنى كەچتە يېگۈزۈشمۇ دۇرۇستۇر.

يىلتىزلار (ئۇسۇل): مەسىلەن: بەدىيان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى، بىخسۇس قاتارلىقلار. ماددا پىشقاندا، بۇ نۇسخىغا مۇسھىل دورىلىرى، مەسىلەن: خىيار شەنبەر مېغىزى 48 گىرام، بادام يېغى 12 گىرام، قىزىلگۈل، سانائى مەككىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن قوشۇلىدۇ. مۇسھىل بېرىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

ھەببىكەرەنجۇھ نۇسخىسى: بۇ شەترۇل غىبتە تەپتىكى تولغاپ تىترەشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، بۇنىڭ نۇسخىسى بەلغەمدىن بولغان شەترۇل غىبتە يېزىلغان.

قۇرسى غاپەس نۇسخىسى: بۇ شەترۇل غىب ۋە كونا قىزىتمىلار ئۈچۈن تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. غاپەس ئۇسارىسى 24.75 گىرام، تاباشىر 35 گىرام، سۇمبۇل يەتتە گىرام، قىزىلگۈل 17.5 گىرام. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ ۋە قۇرس ياساپ ئۈچ ~ تۆت گىرامدىن مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

مەتبۇخ نۇسخىسى: بۇ شەترۇل غىبنىڭ ئاسارىتىنى يوقىتىدۇ. تاغ پىننىسى 2.75 گىرام، بىخسۇس، بىخ بەدىيان، بىخ كەرەپشە يەتتە گىرامدىن، شۇكائى، غاپەس 3.5 گىرامدىن، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، قىزىلگۈل 14 گىرامدىن، تەرەنجىبىن 70 گىرام. دورىلارنى 1.5 كىلوگىرام سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ھەر كۈنى 250 گىرامدىن ئىچىلىدۇ.

قۇرس نۇسخىسى: شەترۇل غىبتە كۆيۈشۈش ۋە ھارارەت ئۆتكۈر بولغان چاغدا پايدىلىقتۇر. قىزىلگۈل 24.75 گىرام، ھۇمماز ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمى 14 گىرامدىن، نىشاستە 10.5 گىرام، زىرىق، تاباشىر، سېمىزئوت ئۇرۇقى يەتتە گىرامدىن، كەنىر، زەپەر، سۇمبۇل، رەۋەنچىنى بىر گىرامدىن، كافۇر يېرىم گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، 5 ~ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: بۇ ئىچ سۈرۈش ۋە يۆتەل بىرگە بولغان شەترۇل غىبكە پايدىلىق. سۇمبۇل، ئېگىر، زەپەر، زىرىق 10.5 گىرامدىن، رەۋەنچىنى 14 گىرام، تاباشىر، قىزىلگۈل، ئەرەب

يېلىمى، لاك، كەھرىۋا 17.5 گىرامدىن، قورۇلغان ھۇمماز ئۇرۇقى 24.75 گىرام، ئەفسەنتىن رۇمى 24.5 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ سۇدا يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، 5 ~ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھەب نۇسخىسى (1) بۇ بەلغەم ماددىسى غالىبلىقىدىن بولغان شەترۇل غىب ۋە باشقا بارلىق سوزۇلما كېسەللىكلەر، ئىچكى ئەزالارغا ئەزىيەت بەرگۈچى قىزىتمىلار ئۈچۈن پايدىلىق. سەبرە، مەستىكى، سېرىق ھېلىلە پوستى، رەۋەنچىنى، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى، قىزىلگۈل ھەربىرى بىر ھەسسىدىن، زەپەر يېرىم ھەسسە. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، كاسىنە سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب ياساپ، يەتتە گىرامى مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركەنجىۋىل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەب نۇسخىسى (2) بۇ شەترۇل غىبتە مۇنزىجتىن كېيىن ئىستېمال قىلىش بىلەن ماددىنى ئىسلاھ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق چىقىرىدۇ. سەبرە، مەستىكى، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى، قىزىلگۈل ھەربىرى بىر ھەسسىدىن، زەپەر يېرىم ھەسسە. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، كاسىنە سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب ياساپ، يەتتە گىرامى (ياكى بۇنىڭدىن ئاز مىقداردا) مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركەنجىۋىل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەب نۇسخىسى (ئەنتاكىنىڭ نۇسخىسى) (3) سەبرە، غارىقۇن بىر ھەسسىدىن، ئاق تۇربۇت، سېرىق ھېلىلە پوستى يېرىم ھەسسىدىن، قىزىلگۈل، سوقمونىيا، ھىڭ، سەكبىنەج ھەربىرى تۆتتىن بىر ھەسسىدىن، مەستىكى سەككىز ھەسسە. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ كەرەپشە سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب ياساپ، بەش گىرام شەربىتى ئۇسۇل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇۋازىبە

ھەر كۈنى تۇتىدىغان ئوفۇنەتلىك قىزىتما مۇۋازىبە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭ نامى مۇۋازىبە دەپ ھەمىشە ۋە ھەر كۈنى تۇتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن قويۇلغان (مۇۋازىبەت — بىرەر ئىشنى ھەمىشە قىلماق دېگەن مەنىدە).

ئالامىتى تىترەش ۋە قاتتىق سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ، بەدەن ئىچىگە ئىسسىقلىق تېز تارقالمايدۇ. يەنى بەدەن ئىچىدە سوغۇقلۇق ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ، قىزىغاندا ئۇزۇندا يوقايدۇ. ئەگەر بەدەن ئىچىگە ھارارەت تارقالغان بولسا زىيادە كۈچلۈك بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ ۋە تومۇرى چوڭ سوقمايدۇ. بۇ قىزىتمىدا ئىشتىھا تۆۋەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەزىمۇ بۇزۇلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، ئاشقازان ئاجىزلىقى قىزىتمىنىڭ خاسلىقىدۇر، بۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك تۆت كۈندە بىر

تۇتىدىغان قىزىتمىدا تال كېسەللىكى، غىبتا باش ئاغرىقى چوقۇم بولىدۇ (نەفىيس).

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، بۇ قىزىتمىدا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ۋە ئاشقازاندا ئاجىزلىق بولىدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ، تاماق ھەزىم بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ ھەمدە بىمار ئاجىزلاشقا يۈزلىنىدۇ.

بەدەن بوش ۋە چىرايىدا ئېسلەڭگۈلۈك بولىدۇ. قان كەملىك سەۋەبىدىن رەڭگى سېرىق بولىدۇ. بەلغەملىك قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، ئېغىزىغا ھۆللۈك زىيادە كېلىدۇ. بۇ قىزىتما بەلغەم مىزاجلىقلاردا ۋە ئۆزىنىڭ يېشى سەۋەبلىك ھۆل مىزاج بولغان كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: باللار ۋە ياشانغانلار.

تومۇر بۇنىڭدا تومۇرى كىچىك ۋە قائىدىسىز بولىدۇ (سەمەرقەندى). ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، بۇ قىزىتمىدا بىمارنىڭ تومۇرى ئاجىز، تۆۋەن ۋە كىچىك بولىدۇ، باشلىنىشتا قارىمۇقارشى، ئاخىرىدا ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ، رۇبئى ۋە غىبكە نىسبەتەن بۇنىڭدا تومۇرنىڭ ئارقىمۇئارقا، كىچىك سوقۇشى زىيادە بولىدۇ، لېكىن رۇبئىدىكى تومۇر سوقۇشقا سېلىشتۇرغاندا بۇ زىيادە تېز بولمايدۇ، بەلكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنىڭدىن زىيادە يۇمشاق بولىدۇ ياكى باشلىنىشتا رۇبئىدىكى تومۇرغا ئوخشاش تېز بولىدۇ ھەم بۇ قىزىتمىدا تومۇر ئىنتايىن مۇختەلىف ۋە غەيرىي مۇنتىزىم بولىدۇ، باللار ۋە ئاجىز بىمارلاردا تومۇرنىڭ ئىختىلاپى يەنىمۇ زىيادە بولىدۇ.

نەپەسلىنىش بۇ قىزىتمىدا نەپەسلىنىش چوڭ ۋە ئۇزۇن بولمايدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

تىندۇرۇلغان سۈيدۈك تىندۇرۇلغان سۈيدۈك بەزىدە سۇيۇق، ئاق بولىدۇ ۋە بەزىدە قىزىل، قويۇق ۋە دۇغ بولىدۇ (سەمەرقەندى).

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، بۇ قىزىتمىدا قارورە ئەڭ دەسلەپتە ئاق ۋە سۇيۇق بولىدۇ، لېكىن ئۇفۇنەت قانچە ئېشىپ بارغانسېرى، قارورە شۇ قەدەر قىزىل بولىدۇ، چۈنكى بۇ قىزىتمىدا پىشىش ئىچىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قارورە دۇغ بولىدۇ ۋە بەزىدە ھالەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا قويۇق ماددا بەدەندىن چىقىدۇ ۋە بەدەن ئۇ ماددىلاردىن پاك بولىدۇ، ماددا تارقايدۇ ياكى توسالغۇلار ئارىسىدا توسۇق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇنلىغان ماددىلار ئۇفۇنەتلىنىپ چىقىشقا باشلىسا، توسالغۇ ئېچىلسا قارورە قىزىل بولىدۇ. ئەگەر يەنە بۇ خىلىت ئىككىنچى قېتىم قۇيۇلسا، دەسلەپكى توسالغۇ ئورنىدا ئىككىنچى قېتىم توسالغۇ شەكىللىنىشكە باشلىسا، قارورە ئاق بولىدۇ.

سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش قىزىتمىدا بەزى ۋاقىتلاردا تىترەش قاتتىق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ئېغىر بولىدۇ. بەزى

ۋاقىتلاردا بۇنىڭ تۇتۇشى سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش، يەڭگىل تىترەشتىن خالىي بولىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، بەزى ۋاقىتلاردا مۇۋازىبەدە سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش بىراقلا باشلانمايدۇ، بەلكى قول - پۇتلاردىن ئاستا - ئاستا باشلىنىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدەن مۇزغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما ئاسان ۋە بىراقلا بولمايدۇ، بەلكى تەدرىجىي بولىدۇ، يەنى قىزىتىش تەرتىپسىز بولۇپ، ئارقىمۇئارقا ۋە بىردەك بولمايدۇ، بەلكى قىزىپ سوۋۇيدۇ، ئاندىن يەنە قىزىش باشلىنىدۇ. بەزىدە دەسلەپكى مەزگىلدە سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش بىلەن يەڭگىل تىترەش مەلۇم بولىدۇ. بارلىق باسقۇچلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاخىرقى باسقۇچىدا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش ئۆتكۈر بولىدۇ، قىزىتمىنىڭ دەسلىپىدە ئازراق ئېغىرلىق ۋە مۈگدەش مەلۇم بولىدۇ، بەزىدە بۇ قىزىتما دەسلەپكى نۆۋەتلەردە سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش بولماي ئۆرلەيدۇ، بىر مۇددەتكىچە مۇشۇنداق بولىدۇ، يەنى تىترەش ۋە سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش بولماي قوزغىلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش مەلۇم بولىدۇ، لېكىن تىترەش بولمايدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا، بەزىدە بۇ قىزىتمىنىڭ دەۋرى غەشى بىلەن باشلىنىدۇ ۋە بەزىدە غەشى بولمايمۇ قىزىتما باشلىنىدۇ، دېگەن.

بەزىدە مۇشۇنداق بولىدۇكى، بۇ قىزىتمىنىڭ دەسلىپىدە قىزىقلىق قاتتىق بولىدۇ، ئاخىرىدا تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈشۈش، بىئاراملىق، سوغۇقلۇق بولمايدۇ ۋە سوغۇق سۇنى زىيادە خالىمايدۇ. بۇ قىزىتما ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆرلەيدۇ ۋە توختاش مۇددىتى ئاز بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى سۆزلىنىپ بولدى. ھارارەتتىن بەدەن تولۇق تازىلانمايدۇ (توختىغان ھالىتىدىمۇ)، بەلكى ئازراق ھارارەت قېلىپ قىزىتما يەنە بىر قېتىم ئۆرلەيدۇ.

بۇ قىزىتمىدىمۇ تەرلەش ئاز ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ قىزىتما ئۇزۇن ۋە سوزۇلما بولىدۇ، بەزىدە بىر قانچە ئايغىچە داۋاملىشىدۇ (سەمەرقەندى).

يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن باشقا، يۈز رەڭگىنىڭ قوغۇشۇن رەڭدە بولۇشى ۋە ئۇنىڭدا ئېسىلىشنىڭ بولۇشى، تۇتقاندا بەدىنىنىڭ يۇمشاق بولۇشى، ئاشقازاننىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە ئىشتىھانىڭ يوقىلىشىمۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. بەزىدە بۇ قىزىتمىدا تال چوڭىيىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

بۇ قىزىتمىنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدىن، مەسىلەن: ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تاماق سىڭمەسلىكمۇ بۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇ قىزىتمىدىن ئىلگىرى چۈچۈمەل كېكىرىكمۇ كېلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

بۇ قىزىتمىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدە ئىختىلاپلار سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭغا كېسەللىك ماددىسى ۋە بەدەندە مەۋجۇت بولغان شارائىتتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە كىرىدۇ.

مۇۋازىبەنىڭ خەتەرلىرى بۇ قىزىتمىدا خەتەرلەر كۆپ بولىدۇ، چۈنكى بۇ قىزىتمىدا تۇتقاقلىق يوقىلىش ياكى قىزىتما تۆۋەنلەش مۇددىتى قىسقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قىزىتما بىلەن، كۆپىنچە ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن خەتەرلىك بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خەتەرلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى، مەسىلەن: غەشى، خەفەقان ۋە ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشى پەيدا بولىدۇ.

قىسقىسى، بۇنىڭ ماددىسى ناھايىتى ناچار بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەزىدە مۇۋازىبە (دائىرە) ۋە بەزىدە لىسقە (دائىمە) پەيدا بولىدۇ.

مۇۋازىبە مۇزائىفە بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، بىرلا كۈندە بۇ قىزىتما ئىككى قېتىم تۇتىدۇ، بۇ ھالەتتە بۇ مۇۋازىبە مۇزائىفە (ھەر كۈنى ئىككى قېتىم تۇتىدىغان قىزىتما) دەپ ئاتىلىدۇ.

يوشۇرۇن دەۋرى — كېسەللىك ماددىسى بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن يوشۇرۇن تۇرۇش ياكى ئۆسۈپ كۆپىيىش زامانىسىدۇر. بۇ ئومۇمەن ئۈچ كۈندىن 12 كۈنگىچە بولىدۇ، لېكىن بەزىدە كېسەللىك ماددىسى بەدەنگە كىرىپ بىرقانچە سائەتتىن كېيىنلا كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

كېسەللىك شارائىتى بۇ قىزىتما گەرچە ياشانغانلار، ياشلار ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولسىمۇ، لېكىن ھۆل مىزاج يەنى بەلغەم مىزاج كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ ياكى بۇ ھەرىكەت قىلمايدىغان ھەمدە كۆپ ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قىزىتما ھەزىمى بۇزۇلغان ياكى تاماق يەپلا ھەرىكەت قىلىدىغان ياكى مۇنچىغا چۈشىدىغان ياكى ئاشقازىنىغا نەزلە قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردە كۆپ پەيدا بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

بۇ بارلىق ھالەتلەردە بەدەن ئىچىدىكى بەلغەمدە كۆپىيىش پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ تۈردىكى قىزىتما بەلغەمدىن بولغان قىزىتما دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇۋازىبە سەپراۋىيە يۇقىرىقى مەزكۇر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامەتلەر، ھارارەتنىڭ تۆۋەنلىكى قاتارلىقلار مۇۋازىبە بەلغەمىيەنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. لېكىن مۇۋازىبەنىڭ باشقا ئۆتكۈر تۈرىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا ھەر كۈنى تۇتقاقلىق ئىككى قېتىم كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامەتلەر ئۆتكۈر تۈردىكى غىب دائىرىگە ئوخشاش بولىدۇ، بۇ ئىككىسىدە تۇتقاقلىقتىن باشقا يەنە بىرەر خاس پەرق بولمايدۇ.

بەلغەمدىن بولغان دائىملىق قىزىتما (ھۇمما لىسقە)

لىسقەنىڭ مەنىسى ھۆللۈكتۇر. بۇ قىزىتمىنىڭ نامى لىسقە دەپ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە سۇسلۇق بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن قويۇلغان. بۇ بەلغەم تەركىبلىرى تەرەپكە مەنسۇپ قىلىنىدۇ، سەپراۋى قىزىتمىلارغا ئوخشاش ئۆتكۈرلۈك بولمايدۇ. ھۇمما لىسقە — ھۇمما لازىمە بەلغەمىيەنىڭ نامىدۇر.

ئالامىتى تۇتقاقلىق بەلغەمى قىزىتمىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، بۇنىڭدا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش، تىترەش بولمايدۇ ۋە تەرلەش بىلەن قىزىتما تۆۋەنلىمەيدۇ، لېكىن بۇ قىزىتما ئاخىرلاشقاندا بولسا تەرلەيدۇ. ھەم بۇ قىزىتما دىق بىلەن ئىنتايىن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدا تومۇر تېز ۋە يۇمشاق سوقىدۇ.

دىق بىلەن ناھايىتى ئوخشاشلىقى بۇ ئېتىبار بىلەن بولىدۇكى، بۇنىڭ ھارارىتىمۇ زىيادە ئۆتكۈر بولمايدۇ ۋە بەزىدە تۆۋەنلىمەيدۇ، بەلكى سۇس ۋە دائىم بولىدۇ، تۇتقاندا بەدەن ھارارىتى ئازراقمۇ مەلۇم بولمايدۇ، بەلكى ئۇزۇنغىچە قولنى قويغاندا ھارارەت بىلىنىدۇ (نەفىيس).

نەفىيس يازغانكى، مەن كۆپلىگەن تەجرىبىسىز تېۋىپلارنى كۆردۈم، ئۇلار دىق بىمارلىرىغا بۇ ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن ھۇمما لىسقىنىڭ ئىلاجىنى قىلغان، يەنى قاتتىق ئىسسىق دورىلار ۋە ئۆتكۈر مۇسھىل قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، ئۇ بىچارىلەرنى ئۆلتۈرگەن.

قىزىتما تەخمىنەن ئالتە سائەتتە تۆۋەنلەيدۇ (ئۆزگىرىش مۇددىتى ئالتە سائەت بولىدۇ). لېكىن ھۇمما دائىرە بەلغەمىيەدە قىزىتمىنىڭ تۆۋەنلىشى بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. يەنى ئۇنىڭ تۇتمىغان ھالەتتىكى ھارارىتى ھۇمما دائىرە بەلغەمىيەنىڭ تۇتمىغان ھالىتىدىكى ھارارىتىدىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى تۇتقاقلىق قىزىتمىدىمۇ تۇتمىغان ھالەت كۆپ بولىدۇ. بۇ يەنە بىر ئالامەتتۇركى، يەڭگىللەش ۋە كېمىيىش ئېنىق بولمايدۇ. يەنى قىزىتما تۇتمىغان ۋاقىتتىمۇ قىزىتمىدىن بەدەن تولۇق تازىلانمايدۇ. بۇ 14 كۈن ۋە كۆپىنچە 20 ~ 30 كۈن ئارىلىقىدا ئىچ سۈرۈش ياكى تەرلەش ئارقىلىق بوھران بولۇپ يوقىلىدۇ، لېكىن بەزىدە بۇ قىزىتما ئىككى ئايغىچىمۇ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ناھايىتى كونىرىغان بولسا، جىگەر قاتارلىقلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بىمارنىڭ يۈز ۋە پۇت - قوللىرىدا ئىششىق بولىدۇ.

پەرق بۇ قىزىتما بىلەن مۇۋازىبەنىڭ پەرقى، مۇۋازىبەدە بەدەن تەرلەپ قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ، ئەگەر تولۇق تۆۋەنلىمىسە، يەڭگىل ھارارەت قېپقالىدۇ. بۇ قىزىتمىنىڭ چۈشۈشى دېيىلسىمۇ، لېكىن لىسقەدە ئۇ ئىككى سۆزدىن بىرەرسىمۇ بولمايدۇ. يەنى قىزىتمىدا تولۇق تۆۋەنلەش بولمىسا، مۇشۇنداق ھالەت پەيدا بولىدۇ، بۇ قىزىتما تۆۋەنلەشكە يېقىن ھالەت

دېيىلىدۇ ھەم بۇ قىزىتما تىترەش ياكى سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش، يەڭگىل تىترەش بىلەن باشلانمايدۇ.

پەرق دىق ۋە لىسقەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بۇكى، لىسقەدە شامدا تاماق يېگەندىن كېيىن، قىزىتما يۇقىرىلىمايدۇ ھەم بۇنىڭدا بەدەن كۆپۈشكەندەك مەلۇم بولىدۇ، تومۇر كىچىك، يۇمشاق بولىدۇ. دىقتا تومۇر قاتتىق ۋە تارتىشىپ قالغاندەك سوقىدۇ.

لىسقەنىڭ بىر ئالامىتى بۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەلغەم پەيدا قىلغۇچى چارىلەردىن، مەسىلەن: كۆپ يەپ - ئىچىش، ئارام ئېلىش ۋە راھەتلىنىش، غىزادىن كېيىن ھامامغا چۈشۈشمۇ بولۇپ ئۆتكەن بولىدۇ ھەم بۇ قىزىتمىدا، مۇۋازىبەنىڭ دەۋرلىرىدە بىر كۈننىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ئۆتكۈرلىشىش بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بىمارنىڭ يېشى، تۇرغان شەھىرى ۋە ۋاقتىمۇ بەلغەمنىڭ كۆپ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ (نەفىيس).

گەرچە يۇقىرىقى ئالامەت پەرقلىرىدىن ئىككىسىنى ئوبدان ئايرىغىلى بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئىككىسى شۇ قەدەر ئوخشىشىپ قالىدۇكى، داۋالىغۇچى خاتالىشىپ قالىدۇ.

يەنە بىر پەرق ھۇمما لىسقە تەپ دىقتىن باشقا غىب غەيرىي خالىس، شەترۇل غىب، لازىمە مۇفەتتىرە، رۇبئى لازىمە ۋە ھۇمما مەئۋىيە بىلەنمۇ ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ئۆزئارا پەرقى تۆۋەندە يېزىلدى.

ھۇمما لىسقەنىڭ خاس ئالامىتى بۇكى، بۇنىڭدا يەڭگىل قىزىتما ھەر ۋاقىت ئۆرلەيدۇ، لېكىن غىب غەيرىي خالىس ۋە شەترۇل غىبتە قىزىتما بىر كۈن يەڭگىل، بىر كۈن ئۆتكۈر بولىدۇ.

لازىمە مۇفەتتىرەدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە قىزىتمىدا بىرئاز يەڭگىللەش بولىدۇ، لېكىن كەچتە قىزىتما ئۆرلەيدۇ ۋە پۈتۈن كېچە قىزىتما يۇقىرى تۇرىدۇ. رۇبئى لازىمەنىڭ خاس ئالامىتى بۇكى، بۇنىڭدا قىزىتما تۆتىنچى كۈنى يۇقىرى بولىدۇ.

ھۇمما مەئۋىيىدە قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ، كۆپىنچە ئىچى سۈرىدۇ ۋە كۆكرەك، قورساق ئۈستىگە مەخسۇس تۈردىكى مەرۋايىتقا ئوخشاش كىچىك مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ، لېكىن بەزىدە بۇ قىزىتما ئىنتايىن يەڭگىلمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئادەتتە بۇنىڭ خاتىمىسىمۇ لىسقەگە ئوخشاش 20 ~ 30 كۈن ئارىلىقىدا بولىدۇ ھەمدە لىسقەگە ئوخشاش بەزىدە بۇ قىزىتمىمۇ 40 كۈنگىچە تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ھالەتتە چوقۇم ناھايىتى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. چۈنكى ئىككىلىسىنىڭ ئىلاجى ئوخشاش بولمايدۇ، مەسىلەن: لىسقەدە مۇسھىل بېرىش زۆرۈردۇر، لېكىن ھۇمما مەئۋىيىدە ئۈچەيلەردە ئىچكى زەخىم بولغانلىقى سەۋەبىدىن مۇسھىللارنى ئىشلىتىش خەتەرلىك بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ قىزىتمىنى لىسقەدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر.

ھۇممائى مۇۋازىبەنىڭ ئىلاجى

داۋالاش پىرىنسىپى: ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقان ۋە شارھىن قانۇنىدا يېزىلغانكى، دەسلەپكى زامانىسىدا ئۇسۇللاردا ئۈچ ئىشنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

1. يۇمشىتىش ۋە قۇستۇرۇش: قىزىتما تۇتقاقلىق تۇتقاندا يۇمشىتىش ۋە قۇستۇرۇش بىلەن ئاشقازان، ئۈچەيلەر تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قان تومۇر ۋە ئەزالارنىڭ ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ. يۇمشىتىش ئۈچۈن گۈلقەنت قاتارلىقلار پايدىلىق نەرسىدۇر.

2. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ماددىنى لەتىفلەشتۈرۈش ۋە يوقىتىش: يەنى يۇمشىتىش ۋە قۇستۇرۇشتىن كېيىن لەتىفلەشتۈرگۈچىلەر، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە تەرلەتكۈچىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتما يەڭگىللەيدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا بۇ چارە بىلەن قىزىتما قەتئىي يوقىلىدۇ، بىرەر باشقا قىزىتمىغا قارشى دورىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغۇچىلارنى ئىشلەتكەندە، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا قىزىتمىدا راۋانلاشتۇرغۇچىلارنى ئۈچ كۈندىن كېيىن بېرىش دەپ كۆرسەتمە قىلىدۇ، لېكىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، يەنى دەسلەپكى كۈنى راۋانلاشتۇرغۇچى ۋە تەرلەتكۈچىلەرنى بېرىشكە باشلايدۇ.

3. غىزاسىنى لەتىفلەشتۈرۈش: يەنى دەسلەپتە ئاز مىقداردا تەلىق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

دەسلەپكى زامانىسىدىن كېيىن بۇنىڭدا قائىدە بويىچە ماددا پىشۇرۇلىدۇ ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن مۇنزىج بەلغەم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن يۈرەكلىك ھالدا ماددا ئىستىفراغ قىلىنىدۇ ھەمدە يۇمشاتقۇچى ۋە يەڭگىل مۇسھىللارنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك مۇسھىللار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن ئەگەر قىزىتما مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا، قىزىتمىنى توختاتقۇچى مەخسۇس دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇ قىزىتمىغا ۋە ئۇفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلار دېيىلىدۇ.

لەتىفلەشتۈرگۈچىلەر، مەسىلەن: بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زۇپا، ھاشا قاتارلىقلار.

ماددىنى يوقاتقۇچىلار، مەسىلەن: ئەفسەنتىن، غاپەس، كەرەنجۇھ، ئەرەب دەرىخى يوپۇرمىقى قاتارلىقلار.

ئەسكەرتىش تېۋىپلار بەلغىمى قىزىتمىلاردا (يەنى بۇنىڭدا قىزىتما يەڭگىل بولىدۇ، نەزلە قاتارلىقلار ۋە بەلغەم قۇيۇلۇش مەۋجۇت بولىدۇ) بەلغەمنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى 14 كۈن ئىچكۈزۈش يېتەرلىك دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە 3 ~ 4 قېتىم مۇسھىل

بېرىدۇ. لېكىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر 14 كۈندىن ئىلگىرىمۇ مۇسھىل بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش قىزىتمىغا قارشى دورىلارنىمۇ بەزى كىشىلەر يۇمشىتىش بىلەنلا يەنى دەسلەپكى دەۋرىدىلا بېرىدۇ.

مۇۋازىبە سەپراۋىيە تەھقىقلىگۈچىلەر بايان قىلغانكى، بەزىدە سەپراۋى قىزىتمىلارنىڭ تۇتقاقلىقى ھەر كۈنى تۇتۇشقا باشلايدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ، سەپرانىڭ غالىبلىقى ۋە قايناشى بولىدۇ، قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، قۇسۇقتا سەپرا چىقىدۇ ھەمدە ئۇسسۇزلۇق ۋە بىئاراملىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. روشەنكى، ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بولسا، بەلغەمدىن بولغان قىزىتمىنىڭ ئورنىغا سەپراۋى قىزىتمىغا ئوخشاش داۋالىنىدۇ، قىسقىسى، بۇ ۋاقىتتا بارلىق مۇۋازىبە بەلغەمنىڭ ئىلاجى قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى.

مۇۋازىبە ئۈچۈن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ داۋالاش ئۇسۇلى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتىدۇكى، بۇ قىزىتمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بۇ دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇلاردىن ھەممىدىن زىيادە مۇناسىپى ۋە ياخشىراقى گۈلقەنت (تۆت گىرام) تۇز، مەيلى ھەسەلدە ياكى شېكەردە ياسالغان بولسۇن. بۇ دەسلەپكى كۈندىن يەتتىنچى كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ئەگەر ئەرقى بەدىيان، ئەرقى كاسنە ۋە ئەرقى كەرەپشە زۆرۈرىيەتكە قاراپ (مەسىلەن: ھەربىرى 24 گىرام) گۈلقەنت بىلەن بېرىلسە، بىرەر نۇقسان يوق بولۇپ، پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. سىركەنجۇبىل شېكىرى ياكى ھەسىلى بولسا، ناھايىتى پايدىلىق دورىدۇر، بۇ گۈلقەنت بىلەن مەزكۇر ئەرەقلەردە ئېرىتىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇنىڭدەك گۈلقەنت بىلەن زۇپا قايناتىلمىسى ۋە ھەسەل سۈيى بېرىشمۇ مۇناسىپ ۋە ياخشىدۇر.

ئەگەر زىيادە كۈچلۈك يۇمشىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، گۈلقەنت بىلەن 48 گىرام خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە 48 گىرام ئاق شېكەر قوشۇلىدۇ ياكى تەرەنجىبىن شىرنىسىدە گۈلقەنت ياسىلىدۇ.

يۇمشىتىش ئۈچۈن، بۇ قىزىتمىدا يەڭگىل ھۆقنىلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ 48 گىرام ھەسەل، 24 گىرام تۇز، 480 گىرام قىزىلچا سۈيى ۋە 48 گىرام كۈنجۈت يېغى بىلەن تەييار قىلىنغان بولسۇن. لېكىن ياخشىراقى بۇكى، قايسى كۈنى ھۆقنە بېرىلسە، شۇ كۈنى يۇمشاتقۇچى دورا بېرىلمەيدۇ، يەنى ئىككى نەرسە بىرگە ئىشلىتىلمەيدۇ.

قۇستۇرۇش ئۈچۈن 120 ~ 180 گىرام تۇرۇپ سۈيى بىلەن 48 گىرام سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىلمان ھالەتتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى تۇرۇپ سىركەنجۇبىل بۇزۇرىغا چىلاپ

يېگۈزۈلىدۇ ياكى بىرەر باشقا قۇستۇرغۇچى دورا يېگۈزۈلىدۇ.

يۇمشاتقۇچى دورا، مەسىلەن: گۈلقەنت ئەتىگەندە يېگۈزۈلسە، قۇستۇرۇش ئۈچۈن ياخشىراق ۋاقىت كەچ ۋاقتى بولىدۇ.

ئەگەر قۇستۇرۇش بىلەن باش ئاغرىقى پەيدا بولغان بولسا، بابۇنە ۋە باشقىلارنىڭ نۇتۇلىنى ئىشلىتىش، پۇت - قوللىرىنى ئىسسىق سۇغا چىلاش، پاچاقلىرىنى چىڭ باغلاش لازىم.

يەتتە كۈندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پىننە، مەستىكى، رۇمبەدىيانغا ئوخشاش دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە قۇستۇرۇش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، غىزا ئاز بېرىلىدۇ. گۈلقەنت بۇ زامانىدا يەتتىنچى كۈندىن كېيىن يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغان ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچىلەر قوشۇلسۇن، مەسىلەن: رۇمبەدىيان ۋە مەستىكى ھەم بۇ ئىسسىق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، خۇسۇسەن تۇتۇشنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا. چۈنكى ئىسسىق سۇ سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش، تىترەشنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولسا، بۇنىمۇ يوقىتىدۇ. 7 ~ 8 كۈندىن كېيىن ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن لەتىفلەشتۈرگۈچىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: كەرەپشە كۆكى، بەدىيان يەتتە گىرامدىن، ئىزخىر يىلتىزى ۋە پىرسىياۋشان بەش گىرامدىن. دورىلارنى قاينىتىپ سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە گۈلقەنت مەزكۇر قائىدە بويىچە داۋاملىق بېرىلىدۇ.

ئەگەر 14 - كۈنى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا لەتىفلەشتۈرگۈچىلەر قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: بەزىدە بەدىيان كۆكى سۈيى ئالتە گىرام، كەرەپشە كۆكى سۈيى 60 گىرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان تۆت گىرامدىن ۋە بەزىدە سىركەنجۇبىل بۇزۇرى (بۇنىڭغا زۇپا ۋە ھاشا قاتارلىقلار چۈشكەن بولسۇن) قاتارلىقلار. بەزىدە قۇرسى ۋەردكە زۆرۈرىيەت بولىدۇ، بەزىدە بۇ ئىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇكى، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ كۇندۇر، مەستىكى، سەئدى كۇفى، ئەفسەنتىن قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ماددىنىڭ پىشقانلىقى مەلۇم بولسا ۋە بىمارنىڭ قۇۋۋىتىمۇ كۈچلۈك بولسا، ماددىنى تەنقىيە قىلىش ۋە ئىستىفراغ قىلىش مەقسىتى بىلەن مۇسھىللارنى بېرىشكە باشلاش، بۇنىڭغا قىزىتمىنى توختاتقۇچى دورىلار، قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ قوشۇلغان بولسۇن، مەسىلەن: قۇرسى ئەفسەنتىن قاتارلىقلار.

ئەگەر تۇتقاقلىقنىڭ باشلىنىشىدا سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىشنىڭ يېقىمسىزلىقى زىيادە بولسا ھەمدە قىزىتما دەسلەپكى باسقۇچتىن ئۆتكەن بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە قىزىتما تۇتقاندا كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان ۋە پىننىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرامدىن ئېلىپ

قايىنىتىپ، ئىسسىق ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر تىترەشتە ئۆتكۈرلۈك زىيادە بولسا، بەزىدە بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: زەنجىۋىل، تاغ پىننىسى، جۇۋەنەدىن 10 گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن 24 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى 250 گىرام سۇدا قايىنىتىپ، 125 گىرام قالغاندا سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ماددىدا تولۇق پىشىش ھاسىل بولسا، كۈچلۈك مۇسەھىللار، مەسىلەن: داۋائى تۇربۇت، ھەببى سەبرە قاتارلىقلار ۋە كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ئىشلىتىش باشلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئەگەر قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ قوشۇلغان بولسا ياخشىدۇر. باشقا ۋاقىتتا بۇ تۈردىكى قىزىتمىغا قارشى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

داۋائى تۇربۇتنىڭ نۇسخىسى: زەنجىۋىل، مەستىكى ھەربىرى 10 ھەسسە، ئاق تۇربۇت 20 ھەسسە، ناۋات ھەممىسىنىڭ بارارۋېرىدە. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ 4.5 گىرام مىقداردا ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ يېگۈزۈلىدۇ.

بۇ قايىنىتىلمىمۇ يۇقىرىقى مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدىن تەنقىيەمۇ بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭغا قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ قوشۇلىدۇ.

نۇسخا: ئايارەج 24 گىرام، تۇربۇت 35 گىرام، قارا ھېلىلە، غاپەس گۈلى 18 گىرامدىن، ھىندى تۇزى 21 گىرام، يانتاق، شۇكائى 14 گىرامدىن، رۇمبەدىيان 12 گىرام. دورىلار ھۆل كەرەپشە كۆكى سۈيىدە ياكى 480 گىرام كەرەپشە ئەرىقىدە قايىنىتىپ، 96 ~ 192 گىرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

تۆۋەندىكى قۇرسمۇ بۇ تۈردىكى پايدىلارنى تۇتقان بولۇپ، بۇ قايىنىتىلمىدىن زىيادە كۈچلۈكتۇر (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

قۇرس نۇسخىسى: بەدىيان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 36 گىرامدىن، ئايارەج 28 گىرام، غاپەس ئۇسارىسى، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان 12 گىرامدىن، قىزىلگۈل، سۇمبۇل، پىننە 24 گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، 3.5 ~ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرس نۇسخىسى: بۇنىڭدا مۇسەھىل تەركىبلىرى ۋە قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچى تەركىبلەرنىڭ ئىككىلىسى قوشۇلىدۇ. ئايارەج، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن، شۇكائى، يانتاق 132 گىرامدىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇمبەدىيان 11 گىرامدىن، نەفتى تۇزى ئۈچ گىرام، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، ھېلىلە كابۇلى ئۈچ گىرامدىن، غارىقۇن 48 گىرام، قۇرسى ۋەرد 12 گىرام، تۇربۇت 108 گىرام. دورىلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىستېمال

قىلدۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: سەبرە، سېرىق ھېلىلە، رەۋەن، مەستىكى، ئەفسەنتىن، غاپەس ئۇسارىسى بىر ھەسسىدىن، زەپەر يېرىم ھەسسە. بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قۇرس ياكى سۇفۇپ ياساپ، 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەب نۇسخىسى: بۇ قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچى دورىلار بىلەن مۇرەككەپلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. ئايارەج، ھېلىلە كابۇلى، ئاش تۇزى 14 گىرامدىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان تۆت گىرامدىن، رۇمبەديان بەش گىرام، ئەفسەنتىن 18 گىرام، قۇرسى خورىد بىر گىرام، يانتاق، شۇكائى يەتتە گىرامدىن. بارلىق دورىلارنى سوقۇپ ھەب ياساپ، 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

غىزا ۋە سۇ: داۋالاش پرىنسىپىدا غىزاغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار سۆزلىنىپ بولدىكى، مۇۋازىبە بەلغەمىيەنىڭ دەسلىپىدە لەتىفلەشتۈرگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ، يەنى دەسلەپكى ئۈچ كۈنگىچە پەقەت ئارپا سۈيى شېكەر بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، قىزىتمىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدىغانلىقى، يەنى تېزلا ئاخىرلىشىدىغانلىقىنىڭ ئۈمىدى بولغاندا. ئەگەر تەسىرلىرىدىن قىزىتمىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغانلىقى ئېنىق بولسا، ئاشكارىكى، مۇشۇنداق لەتىف غىزا بىمارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، شۇڭا چوقۇم ئارپا سۈيىدىن ئېغىر بولغان غىزالارنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ تۈردىكى قىزىتمىدا قورساقنى ئاچ قالدۇرۇش، ئاچ قورساق ئۇخلاش ھەم مۇناسىپ چېنىقىشمۇ پايدىلىق، بۇنىڭدىن ئاجىزلىق پەيدا بولمىغان شەرت ئاستىدا.

ئەگەر ئاچ قورساقلىقتىن ئاجىزلىق پەيدا بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى بولسا، يەتتىنچى كۈنگىچە نىسبەتەن ئېغىر غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: شورپا بىلەن نان بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى تەدرىجىي يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلاشنىڭ خەۋپى بولسا ياكى قىزىتما تۆۋەنلەش ۋە ئاخىرلىشىشنىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىغان بولسا، غىزاسىغا چۈجە، پاختەك، تۇرۇلغا قاتارلىقلارنىڭ شورپىسى كاكچا نان بىلەن بېرىلىدۇ.

بۇ قىزىتمىدا ئەگەر بىمارغا ئارپا سۈيى بېرىلگەن بولسا، ياخشىراقى بۇنىڭدا بىرەر مۇناسىپ لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىمۇ قايناتىلغان بولسۇن، مەسىلەن: پىننە، زىرە، لاچىندانە قاتارلىقلار. ئەگەر تەمسىز بولۇپ قېلىشقا بەرداشلىق بېرەلىسە، بەديان يىلتىزى ۋە كەرەپشە يىلتىزىغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ بىرگە قايناتىلىدۇ، بەزىدە ئارپا سۈيى بىلەن سىركەنجۇبىل ھەسلى قوشۇلىدۇ ۋە بەزىدە ھەسەل سۈيى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ قارورەسى دەسلەپتىلا رەڭلىك بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش زىيادە مۇناسىپتۇر. ئەتىگەندە دەسلەپتە گۈلقەنت يېگۈزۈپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن

ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

بۇ قىزىتمىدا سىركە، سىركە يالانچۇقى (بۇنىڭغا پىننە، زىرە قاتارلىقلار قوشۇلغان بولسۇن)، ئاچچىق سۇ، چامغۇر چىلانما سېيى ۋە نوقۇت سۈيى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە زەيتۇن يېغى ۋە سىركە بىمارنىڭ غىزالىرىغا قوشۇلىدۇ. بەزى كىشىلەر كەچرى، ماش ئۇنى كاكچىسىنىمۇ غىزالار قاتارىدىن سانايدۇ.

غىزا ۋاقتى غىزا بېرىش ئۈچۈن ياخشىراق ۋاقىت تۇتقاقلىق يەڭگىللىگەن ياكى تۇتقاقلىق تۆۋەنلىگەن چاغدۇر. تۇتقاقلىقتىن ئىلگىرى غىزا بېرىشكە توغرا كەلسە، كەم دېگەندە تۇتقاقلىق قوزغىلىشتىن تۆت سائەت ئىلگىرى غىزا بېرىش، غىزا ۋە دورىلارنى بەرگەندە ئاز دېگەندە 3 ~ 4 سائەت ئارىلىق قالدۇرۇش لازىم، شۇنداقلا مۇسھىل دورىلارنى بەرگەندىمۇ زىيادە ئارىلىق قالدۇرۇش لازىم. ئەگەر مۇسھىل دورا ئەتىگەندە يېگۈزۈلگەن بولسا، ئومۇمەن يۇمشاق كەچرى كەچ ۋاقىتتا بېرىلىدۇ ھەمدە مۇسھىل بەرگەن كۈنى نان بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بىماردا يۆتەل ۋە نەزلە مەۋجۇت بولسا، سىركە ۋە باشقا چۈچۈمەل دورا ۋە غىزالاردىن ساقلىنىش لازىم.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا سۇغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتمە قىلغانكى، بۇ قىزىتمىدا سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن سۇنى قايىنىتىپ ئىچكۈزۈش لازىم. ئەگەر سۇ زىيادە سوغۇق بولسا، ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى يوقىتىش ياكى سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى بەديان، ئەرقى گاۋزىبانغا ئوخشاش دورىلارنىڭ سوغۇقلۇقىنى يوقىتىپ ئىچكۈزۈش ياخشىدۇر.

ئۇيقۇ بەلغەمدىن بولغان قىزىتما بىمارىنىڭ ئۇيقۇسىغا مۇناسىۋەتلىك ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ئىشارە قىلغانكى، بىمار قانچىلىك ئۇيقۇسىز قالغان بولسا، ئۇنى شۇنچىلىك ئۇخلىتىش لازىم.

زۆرۈر كۆرسەتمىلەر

ئىزاھات (1) ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتىدۇكى، كۆپىنچە تېۋىپلار بۇ قىزىتمىنىڭ باشلىنىشىدا ھەر كۈنى كەچ ۋاقىتتا داۋائى تۇربۇتقا ئوخشاش مۇسھىل دورىلارنى بېرىدۇ ۋە ھەپتىدە ئىككى قېتىم ھەببى مەستىكى ياكى ھەببى بۇزۇر مۇدىرەگە ئوخشاش ھەبلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

داۋائى تۇربۇت چوڭ تەرەت ئوبدان كەلمىگەن ۋاقىتتا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، لېكىن چوڭ تەرەت ھەر كۈنى ئىككى قېتىم كەلسە، ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

ئىزاھات (2) بۇنىمۇ بىلىش لازىمكى، ئۇۋۇلاپ داۋالاشمۇ بۇ قىزىتمىدا پايدىلىق داۋالاشلاردىندۇر.

ئىزاھات (3) كۆپىنچە كىشىلەر بۇ قىزىتمىنىڭ تەرەققىيات زامانىسىدا خام بەلغەمنى ئىستىفراغ قىلىشقا ئىجازەت بېرىدۇ، لېكىن مۇناسىپ ماددىنىڭ تولۇق پىشىشىنى كۈتۈشتۇر. ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر تۇتسا ۋە ئىستىفراغقا مەجبۇر قىلسا، بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى قۇرس پايدىلىقتۇر.

قۇرس نۇسخىسى: سېرىق ھېلىلە پوستى، سەبرە، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى 17.5 گىرامدىن، زەپەر، مەستىكى 21 گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە 3.5 گىرام ۋە شام ۋاقتىدا 2.75 گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىزاھات (4) بەزىدە ماددىنى پىشۇرۇش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن تارقاتقۇچى مەرۇخات بىلەن ناھايىتى چوڭ ياردەم ھاسىل بولىدۇ، بۇ باشقا قىزىتمىلارغا نىسبەتەن بۇ قىزىتمىغا زىيادە مۇناسىپتۇر. بۇنىڭغا تارقاتقۇچى ۋە لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار نۇتۇل ۋە نەجۇزەد شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىزاھات (5) ئەگەر بەدەن ھالىتى ئاجىزلىق قاتارلىقلار سەۋەبىدىن مۇسھىلنى كۆتۈرەلمىسە، لەتىفلەشتۈرگۈچىلەر، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ۋە تەرلەتكۈچىلەر تەرەپكە يۈزلىنىش، تەرلىگەن ھالەتتە ياكى تەرلەتكۈچىلەرنى ئىشلەتكەندىن كېيىن بەدەننى ئىسسىق تۇتۇش ۋە بەدەننى سوغۇق ھاۋادىن ساقلاش لازىم.

ئىزاھات (6) ئەگەر بۇ قىزىتمىدا قۇسۇش كۆپ بولسا، بېھى شەربىتى ۋە شەربىتى ئانار نەئنائى بىلەن قۇسۇش توختىتىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن كۈچلۈك چارىلەرگە زۆرۈرىيەت چۈشسە، ناخۇش ئانار ئۇرۇقىدىن 35 گىرام، ئاق كۈندۈر، مەستىكىدىن 17 گىرامدىن، قۇرۇق پىنىندىن 24 گىرام ئېلىپ، كۆك پىنىنىنىڭ بىرقانچە شاخلىرى بىلەن بارلىق دورىلارنى بىر كىلوگىرام سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ يۇتۇم - يۇتۇملاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىزاھات (7) ئەگەر بىماردا كۆپ ئىچ سۈرۈش كۆرۈلسە، قائىدە بويىچە ئۇنى توختىتىشنىڭ چارىلىرىنى قوللىنىش لازىم.

ئىزاھات (8) ئەگەر بىمارنىڭ يۈز ۋە پۇت - قوللىرىدا كۆپۈشۈش ئاشكارا بولسا، تۆۋەندىكى قۇرس ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

نۇسخا: رۇمبەدىيان، يۇيۇلغان لاك 17 گىرامدىن، ئاقلانغان بادام، زەپەر، كۇنۇچە پەھارى 14 گىرامدىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، ئىزخىر غۇنچىسى 10.5 گىرامدىن، غاپەس ئۇسارىسى 12 گىرام، سۇمبۇل 21 گىرام، ئايارەج پەيقىرا 24.5 گىرام، قىزىلگۈل 35 گىرام. بارلىق

دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىزاھات (9) ئەگەر قىزىتما ئۇزۇنغا سوزۇلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن سوغۇقتا تولغىنىدەك ھېس قىلىش بولسا، بۇ قۇرس ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا: قىزىلگۈل، مەستىكى، سۇمبۇل، بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن 14 گىرامدىن، تاباشىر 17.5 گىرام. بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ 3.5 ~ 7 گىرامغىچە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 60 گىرام بەديان قاينىتىلمىسىدا 36 گىرام گۈلقەنتنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىزاھات (10) سوغۇقتا تولغىنىدەك ھېس قىلىش ئۇزاق مۇددەتكىچە قىينىسا ئۇۋۇلاشقا زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى بۇكى، ئىككى تاغاق ۋە يوتىلاردىن بارماق ئۇچىلىرىغىچە ئۇۋۇلاش قىلىنىدۇ. ئۇۋۇلاش ئۈچۈن ئوبدان ياغلاردىن تاتلىق زەيتۇن يېغى، بابۇنە يېغى ھەم سېرىقچېچەك يېغى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇۋۇلاش ئاخىرلاشقاندا، ياغنى تازىلىۋېتىش لازىم.

سەمەرقەندىنىڭ ئەمەلىي داۋالىشى بەلغەم قانچىلىك قويۇق ۋە سوغۇق بولسا، بۇنىڭغا ماس ھالدا بەلغەم لەتىپ ۋە سۇيۇق قىلىنىدۇ. ئارپا سۈيى كەرەپشە يىلتىزى، بەديان يىلتىزىغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن بېرىلىدۇ، بۇ بەلغەمنى سۇيۇلدۇرغۇچى بولسۇن ھەمدە سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تۇتقاقلىق باشلانغان ۋاقىتتا مۇشۇنداق نەرسىلەر بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، بۇ بەلغەمنى لەتىفلەشتۈرگۈچى بولسۇن. مەسىلەن: سېرىقچېچەك، پىننە، تۇرۇپ ئۇرۇقى، سىركەنجىۋىل قاينىتىلمىسىغا ئاز مىقداردا تۇز قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ ھەمدە بەلغەمنىڭ مۇسھىل دورىلىرى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: بىخ كەرەپشە، بىخ بەديان، بىخ سەۋسەن، بىخ ئىزخىر، رۇمبەديان، غاپەس، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ھەر كۈنى كەچتە، بەرداشلىق بېرەلىگەن ۋە بۇرۇندىنلا قەۋزىيەت بولغان شەرت ئاستىدا داۋائى تۇربۇت يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا 2 ~ 3 كېچىدىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

داۋائى تۇربۇت نۇسخىسى: زەنجىۋىل، مەستىكى 35 گىرامدىن، تۇربۇت 70 گىرام، ئاق قەنت بارلىق دورىلارنىڭ باراۋىرىدە ئېلىپ تەييارلىنىدۇ ۋە بەلغەم ھالىتىگە مۇۋاپىق قۇرسى ۋەرد كەبىر يېگۈزۈلىدۇ.

قۇرسى ۋەرد سەغىر نۇسخىسى: قىزىلگۈل يەنى گۈلابنىڭ گۈلى 72 گىرام، سۇمبۇل، بىخسۇس ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، شارابى مۇسەللەستە يۇغۇرۇپ قۇرس

ياسىلىدۇ.

قۇرسى ۋەرد كەبىر نۇسخىسى: قىزىلگۈل 10 گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى رۇببىسى بەش گىرام، سۇمبۇل، دارچىن، ئىزخىر غۇنچىسى، مۇرمەككى، زەپەر، مەستىكى ئىككى گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، مۇرمەككى ۋە زەپەرنى سىركىگە چىلاپ، دورىلارنى بۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ.

بەلغەمنى سۈيۈلدۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن سۈيدۈكنى كەلتۈرۈشمۇ بۇ قىزىتمىدا مەنپەئەتلىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاچ قورساق قالدۇرۇش ۋە ئۇۋۇلاشمۇ بۇ قىزىتمىدا پايدىلىقتۇر. ئاشقازان كىرىش ئېغىزى (ۋە ئاشقازان) غا قۇۋۋەت يەتكۈزۈلىدۇ، غىزاسىغا قۇرۇق نەرسىلەر بېرىلىدۇ، مەسىلەن: نوقۇت ئېشى، پاختەك ۋە كەكلىكنىڭ تەم تەڭشىگۈچىلەر چۈشكەن شورپىسى، سىركە، ئاچچىقسۇ، قىزىلچا قاتارلىقلار بىلەن سۇباغ ياساپ يېگۈزۈلىدۇ.

سۇباغ — ئەددامە، سالىن، تەركارى دېگەن مەنىدە.

ھۇمائى مۇۋازىبەنىڭ بىرقانچە پايدىلىق نۇسخىلىرى:

1. مەتبۇخى جەبىيد نۇسخىسى (1): غاپەس 17 گىرام، بىخسۇس، ئەجۋائىن 10 گىرامدىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان 14 گىرامدىن، قىزىلگۈل 17 گىرام. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ 96 گىرامدىن بېرىلىدۇ.

2. مەتبۇخى جەبىيد نۇسخىسى (2): ئۈچ خىل يىلتىز (بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى) 35 گىرامدىن، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى يەتتە گىرامدىن، شۇكائى، يانتاق، غاپەس، ئەفسەنتىن 17 گىرامدىن، قەنتەرىيۇن 10 گىرام. دورىلارنى قائىدە بويىچە سۇدا قاينىتىپ 128 گىرامدىن بېرىلىدۇ.

3. مەتبۇخى جەبىيد نۇسخىسى (3): غاپەس، شاھتەررە، شۇكائى، يانتاق، ئەفسەنتىن 17 گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 35 گىرام. دورىلارنى قاينىتىپ 128 گىرامدىن بېرىلىدۇ. بۇ نۇسخا تۇزلۇق بەلغەم بولغان ۋە سەپرا غالىب بولغان چاغدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

4. ئەگەر غارىقۇن سۇفۇپى 4.65 گىرامدىن بىرقانچە كۈن يېگۈزۈلسە، كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ، بۇ سۇفۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپمۇ بېرىلىدۇ.

5. سۇفۇپى تۇخۇمى ئەنجىرەدىن 4.5 گىرام ماددا پىشقاندىن كېيىن بېرىلىدۇ. بۇ ناھايىتى تەسىرلىك دورىدۇر، بۇمۇ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

6. مەتبۇخى جەيىيد نۇسخىسى (ياخشى قايناتىلما) (4) بەدىيان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى 35 گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 24 گىرام، رۇمبەدىيان، مەستىكى 10 گىرامدىن، شۇكائى، يانتاق، غاپەس 14 گىرامدىن. دورىلارنى 1.5 كىلوگىرام سۇدا 500 گىرام سۇ قالغۇچە قايناتىپ، بىرقانچە كۈن ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئىچىلىدۇ.

7. يەنە بىر نۇسخىسى: غاپەس، ئەفسەنتىن، پەرسىياۋشان، ھېلىلە، شاھتەررە، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا (مەسىلەن: بەش گىرامدىن) ئېلىپ قايناتىپ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

دېھلىدىكى بەزى تېۋىپلارنىڭ ئامبۇلاتورىيە نۇسخىلىرى

دەسلەپتە ئەتىگەندە قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخا (قورساقنى بوشاتقۇچى نوقۇئى): گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، بەدىيان، بىخ كاسنە يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان بەش گىرام. دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچتە شىربىلەرنىڭ بۇ نۇسخىسى بېرىلىدۇ.

بەدىياندىن بەش گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە ئېلىپ، ئىككىسىنىڭ شىرىسىنى 72 گىرام ئەرقى بەدىيان ۋە 72 گىرام ئەرقى شوخلىدا چىقىرىپ، بۇنىڭدا خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گىرامنى ئېرىتىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخا ئەسلىدە بىر مۇنزىج نۇسخىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاتقۇچى ۋە ئىچىنى سۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش نەزەرگە ئېلىنغان بولسا، خېمىرى گاۋزىبان ساددىدىن 12 گىرام ياكى جاۋاھىر چۈشكەن خېمىرى گاۋزىباندىن يەتتە گىرام ياكى جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرام يېگۈزۈپ، يۇقىرىقى مەزكۇر بەدىيان شىرىسى چۈشكەن نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئادەتتە شىربىلەردىن قايناتىلما ياخشى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھالەتلەردە شىربىلەر ئىشلىتىلگەن بولسا، نۇسخا تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سوغۇقلۇقى يوقىتىلىدۇ ۋە ھارارەت يەتكۈزۈپ ئىلمان قىلىنىدۇ.

قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخىنىڭ قوشۇمچىلىرى

ئەگەر ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە چاپلاشقاق بەلغەم چاپلاشقان بولسا ۋە چوڭ تەرەتتە بۇ تۈردىكى بەلغەم كېرەكسىز ماددا بىلەن ئارىلىشىپ چىققان بولسا، يالغۇز سېرىق ئوت ئۇرۇقى ياكى سېرىق ئوت ئۇرۇقى ۋە پەرسىياۋشاندىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى بەش خىل

دورىغا قوشۇلىدۇ.

ئەگەر مۇۋازىبە بىلەن ئىچكى ئەزالار ياكى ئاشقازاندا ئىششىق بولسا، قورساقنى بوشاتقۇچى چىلانمىغا تىندۇرۇلغان كۆك كاسنە سۈيىدىن 48 گىرامنى يالغۇز ياكى تىندۇرۇلغان كۆك كاسنە سۈيى ۋە تىندۇرۇلغان كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدىن 48 گىرامدىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن نەزلىنىڭ شىكايىتىمۇ بولسا ياكى نەزلە بۇ ئەسنادا پەيدا بولغان بولسا، بۇ نۇسخىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرامدىن قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن گالدا ئاغرىق بولسا، شاتۇت يوپۇرمىقىدىن 12 گىرام قوشۇلىدۇ ۋە خېمىرى بىنەپشىنىڭ ئورنىغا شاتۇت شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن يۆتەلمۇ بولسا، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن بەش گىرام يالغۇز قوشۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن گۈلى گاۋزىباندىن بەش گىراممۇ قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن تال ئىششىقمۇ بولسا، ئەنجۈر مونىكىدىن ئىككى دانىنى پارچە - پارچە قىلىپ، نۇسخىغا قوشۇپ كېچىسى چىلاپ قويۇلىدۇ.

ئەگەر ئۈچەيلەردە غىدىقلىنىش ۋە تولغاقنىڭ شىكايىتى بولسا، يەتتە گىرام رىشە خىتمى لۇئابىنى ئايرىم چىقىرىپ ئەتىگەندە نۇسخىنى تەييار قىلغاندىن كېيىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن سەپرادىمۇ زىيادىلىك بولسا، سەپراۋى قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشنىڭ شىكايىتى بولسا، ئېغىزىنىڭ تەمى تۇزلۇق بولسا، ئېغىزىدىن تۇزلۇق بەلغەملەر چىقسا ياكى ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر بولسا، بۇ بارلىق ھالەتلەردە ئەينۇلادىن بەش دانە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن قان بۇزۇلۇشىنىڭ تەسىرلىرىمۇ بولسا، مەسىلەن: تېرە رەڭگى ۋە ھالىتى ئۆزگەرگەن بولسا ياكى قىچىشىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش تېرە كېسەللىكلىرى كۆرۈلگەن بولسا، شاھتەررە، قەسبۇزەرەردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ مەزكۇر نۇسخىغا قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن بىمارنىڭ ئادىتى توختىغان بولسا، چالا سوقۇلغان ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان كاسنە ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرامدىن قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بىلەن يەرقان كۆرۈلگەن بولسا، چالا سوقۇلغان ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ ۋە تۇرۇپ كۆكى سۈيىدىن 48 گىرام ئەتىگەندە نۇسخىغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بەلغەمى خىلىتلار زىيادە قويۇق ۋە سوغۇق بولسا، قان تومۇر ۋە كاناللارنى ئېچىش زىيادە نەزەرگە ئېلىنسا، بەدىيان يىلتىزىدىن يەتتە گىرام، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن بەش گىرام قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ھۆللۈكلەرنى تارقىتىش ۋە ماددىنى زىيادە لەتىفلەشتۈرۈش نەزەردە تۇتۇلسا ھەمدە

بىمار بەلغەمى مىزاج يەنى سېمىز بولسا، ئىزخىر يىلتىزى ۋە بىخ كەبىر يىلتىزىدىن 7 ~ 9 گىرامغىچە قوشۇلىدۇ.

ئەگەر مۇۋازىبە بىلەن سۇلۇق ئىششىقمۇ بولسا، ئەنجۈر مونىكىدىن ئىككى دانىنى ۋە سېرىق ئوت ئۇرۇقىدىن بەش گىرامنى كىچىك خالتىغا سېلىپ يۇقىرىقى نۇسخىغا قوشۇلىدۇ.

ئەگەر چوڭ تەرەت ئادەتتىكىدىن يۇمشاق ۋە بىرقانچە قېتىم كەلگەن بولسا، خېمىرى بىنەپشە ئورنىغا شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا، تىندۇرۇلغان كۆك پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدىن 72 گىرام قوشۇلىدۇ ھەمدە خېمىرى بىنەپشە ئورنىغا تاتلىق بېھى رۇببىسىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتنى يوقاتماقچى بولسا، نەزلە بولمىغان شەرت ئاستىدا قىزىلگۈلدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، سانائى مەككىدىن 3 ~ 5 گىرامغىچە ياكى رەۋەنچىنىدىن 3 ~ 5 گىرامغىچە قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ نۇسخىنى يەتتە كۈن ئىچكۈزۈش بىلەن قىزىتما يوقالمىغان بولسا (بەزى ۋاقىتلاردا بۇ نۇسخا بىلەن قىزىتمىمۇ يوقىلىدۇ) خاكىسدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ، يەنى دورا تەييار بولغاندىن كېيىن ئۈستىدىن سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۈچىنچى كۈنىلا قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخىغا خاكىسى قوشۇپ بېرىدۇ.

ئەگەر بۇ ئادەتتىكى يۇمشىتىش بىلەن قىزىتما يوقالمىغان بولسا، ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، يەنى سۈرگە دورىلار بۇ نۇسخىغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىلگۈل، سانائى مەككى يەتتە گىرامدىن، خىيارشەنبەر، فۇلۇسى مېغىزى، تەرەنجىبىن، قارا شېكەر 48 گىرامدىن، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى (ياكى تاتلىق بادام يېغىدىن توققۇز گىرام). دەسلەپتىكى ئىككى خىل دورىنى كەچتە نۇسخىدىكى باشقا تەركىبلەر بىلەن چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئاخىرىدىكى دورىنى سۈزۈپ بادام مېغىزى شىرىسى ياكى بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەتىگەندە بۇ دورا ئىچكۈزۈلسە چۈشكىچە بىرەر غىزا بېرىلمەيدۇ، ئۇسسىغاندا ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمىغاندا ئەرقى بەديان يالغۇز ياكى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈشكە ياردەم ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۈرگە بىلەن ئومۇمەن كەچكىچە 4 ~ 5 قېتىم ئىچى سۈرىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەردە بۇنىڭدىن ئاز ۋە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىچ سۈرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر چۈش ۋە كەچكىچە ئىچى سۈرمىگەن بولسا، ياردەم شەكلىدە شەربىتى ۋەرد مۇكەررەردىن 48 گىرام، شەربىتى دىناردىن 48 گىرامنى ئەرقى بەديانىدىن 144 گىرام ياكى 256 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شامغىچە

ئومۇمەن ئىچى سۈرىدۇ. ئىچى سۈرگەندىن كېيىن كەچكىچە ماشنىڭ يۇمشاق كەچرىسى يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا گۈرۈچ ۋە ئۇن ئوبدان ئېرىگەن بولسۇن.

ئەگەر ئىچى سۈرمىگەن بولسا، شام ۋە كەچكىچە كۈتۈلىدۇ ھەمدە بىرەر غىزا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر سۈرگە دورىسىنىڭ بىرەر تەسىرى بولمىسا، بىئاراملىق ۋە قورساقتا ئېغىرلىق بولمىسا، ئۇزۇنغىچە ئاچ قالدۇرۇش سەۋەبىدىن قورساق ئېچىشقا باشلىغان بولسا بىرەر يەڭگىل غىزا، مەسىلەن: ماش ئۇنى سۈيى، ساگۇدانە، گۆش شورپىسى ياكى ئىنتايىن سۇيۇق كەچرى يېگۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە سوۋۇتقۇچنىڭ بۇ نۇسخىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: بەدىيان، ئاق لەيلى يىلتىزىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، 144 گرام ئەرقى بەدىياندا لۇئاب ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 36 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، خاكسىدىن يەتتە گرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنە ئىلگىرىكى قائىدە بويىچە مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە بىر كۈن قالدۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى سۈرگە بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق 2 ~ 3 قېتىم سۈرگە بېرىشتىن كېيىن قىزىتما ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما يوقالمىسا، بىرەر قىزىتمىغا قارشى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىن بەزىسى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ داۋالاش قائىدىلىرىدە سۆزلىنىپ بولدى ھەمدە نۇرغۇنلىرى بۇنىڭدىن كېيىن سۆزلىنىدۇ.

يەنە بىر قائىدە بەزى كىشىلەر قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخىنى 6 ~ 7 كۈن ئىچكۈزۈپ، بۇنىڭغا سانائى مەككىدىن يەتتە گرام، تەرەنجىبىندىن 24 گرام، گۈلقەنتتىن 48 گرام قوشۇپ سۈرگە بېرىدۇ ھەمدە ئىككىنچى كۈنى سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىچكۈزىدۇ. يەنە ئۈچىنچى كۈنى (سەككىزىنچى كۈنى) كۈچلۈك سۈرگە بېرىدۇ. بەزىدە قورساقنى بوشاتقۇچى نۇسخىغا ئاق تۇربۇتتىن ئالتە گرام، سانائى مەككىدىن 12 گرام قوشۇپ كەچتە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قايىنىتىپ سۈزۈپ، خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 60 گرام، گۈلقەنتتىن 48 گرام ۋە تاتلىق بادام يېغىدىن تۆت گرام قوشۇپ ئىچكۈزىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قائىدە بويىچە مەزكۇر سوۋۇتقۇچنى ئىچكۈزىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىممۇ سۈرگە بېرىدۇ. ئوچۇقكى، بۇ قىزىتمىدا ئەگەر بىرەر ئىش توسقۇنلۇق بولمىسا سۈرگىنى ئەتىگەندە (تەخمىنەن سائەت تۆتتە) ئىچكۈزۈش لازىم، تاكى قىزىتما نۆۋىتىدىن ئىلگىرىلا ئىچى سۈرۈش بىلەن پاراغەت ھاسىل بولسۇن. ئەگەر كېچىكتۈرۈپ سۈرگۈ ئىچكۈزۈلگەن بولسا، قىزىتما ئۆرلىگەن ھالەتتە ئىچى سۈرمەيدۇ ياكى ئاز سۈرىدۇ ھەمدە پەرىشانلىقلار ئاشىدۇ.

ھۇمائى مۇۋازىبەگە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار تۆۋەندىكىلەردىن كۆپىنچىسى خاسىيىتى بىلەن قىزىتمىغا ۋە قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىغا قارشى تۇرغۇچىلاردۇر. بۇنى ئىشلىتىشنى تازىلاشتىن كېيىن قىلىش پايدىلىق بولىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ئومۇمەن قىزىتما يوقىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما يوقالمىغان بولسا، بەرەنجاسپىنىڭ سۈزۈلگەن سۈيى ياكى شۇكائى، يانتاق نۇسخىسى ياكى ئەجۋائى ئاتپەھرى ياكى كاسنە تامچىتىلمىسى نۇسخىسى ياكى تۆۋەندىكىلەردىن بىرەر نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەرەنجاسپىنىڭ سۈزۈلگەن سۈيى نۇسخىسى: بەرەنجاسپتىن 3 ~ 6 گىرامغىچە ئېلىپ، كېچىدە ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە بۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

شۇكائى، يانتاق نۇسخىسى: شۇكائى، يانتاقتىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە بۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەجۋائىن نۇسخىسى: نانخادىن 12 گىرام ئېلىپ ئەتىگەندە 144 ~ 196 گىرامغىچە سۇ قاچىلانغان كىچىك ساپال قاچىغا سېلىپ، كۈندۈزى سايىغا، كېچىدە شەبنەمگە قويۇپ، ئىككىنچى كۈنى (24 سائەتتىن كېيىن) ئەتىگەندە ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كاسنە تامچىلىتىلمىسى نۇسخىسى: كاسنە ئۇرۇقىدىن 12 گىرامنى چالا سوقۇپ، كېچىدە سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە تۆت بۇرجەكلىك سۈزگۈچتىن (بۇنىڭ تۆت بۇرجىكى تۆت ياغاچقا باغلانغان بولسۇن) يەتتە قېتىم تامچىلىتىپ، كېيىن شەربىتى بۇزۇرىدىن 48 گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزىدە خاكسىدىن يەتتە گىراممۇ سېپىلىدۇ.

غاپەس گۈلى قايىنتىلمىسى نۇسخىسى: بۇ تەرلەتكۈچى ۋە قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچىدۇر. غاپەس گۈلىدىن توققۇز گىرامنى قايىنتىپ سۈزۈپ، سىركەنجۋبىلدىن 36 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ئارىلاشتۇرماي ئىچكۈزۈلىدۇ.

كەرەنجۇھ مېغىزى نۇسخىسى: بۇنىڭدىن بىر گىرامنى يەتتە دانە قارىمۇچ بىلەن سۇدا ئېزىپ ئىچكۈزۈش بىلەن بەلغەمى قىزىتما يوقىلىدۇ. بۇ خاسىيىتى بىلەن قىزىتما ۋە قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىغا قارشى تۇرغۇچىدۇر.

يەتتە كۈنلۈك خاكسى قايىنتىلمىسى نۇسخىسى: بۇ بەلغەمى قىزىتمىلار ئۈچۈن پايدىلىق. خاكسىدىن يەتتە گىرامنى سۇدا قايىنتىپ، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. دەسلەپكى كۈنى بىر قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ، مۇشۇ تەرىقىدە يەتتە قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قېتىمدىن ئازلىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش

1. قىزىتما تۇتۇشتىن ئىلگىرى قۇستۇرۇش نۆۋەتتىلا ياخشىدۇر.

2. قىزىتما تۇتۇشتىن ئىلگىرى تاماق بېرىشكە ۋە ئۇخلىتىشقا بولمايدۇ، قىزىتما مۇشۇنداق ئاچ قورساق ھالەتتە تۇتۇشى لازىم. يۇقىرىقى دورىلار ئومۇمەن ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە يۇمشىتىشتىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ھەمدە كەچتە بەدىيان شىرىسى چۈشكەن نۇسخا بېرىلىدۇ.

داۋائى شەب يەمەنى نۇسخىسى: شەب يەمەنى (زەمچە) ۋە ناۋاتتىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، 1 ~ 2 گىرامغىچە سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر زەمچە قورۇلغان بولسا ياخشىدۇر. ئەگەر بىماردا قۇرۇق يۆتەل بولسا بەرمەسلىك لازىم. دورا بىلەن بەزى ئادەملەرنىڭ ئىچى سۈرۈشكە باشلايدۇ ھەمدە دەرھال قىزىتما يوقايدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: بۇ بەلغەمى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق. كەرەنجۇھ غۇنچىسىدىن ئۈچ دانىنى 1 ~ 2 دانە قارىمۇچ بىلەن سۇدا ئېزىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەببى قۇرتۇم نۇسخىسى: بۇ تەپ مۇۋازىبە ئۈچۈن پايدىلىق. زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، ئاق تۇربۇت 3.5 گىرامدىن، ئاق غارىقۇن، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان 2.75 گىرامدىن، ھىندى تۇزى بىر گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بەدىياندا يۇغۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ، بۇ ھەممىسى بىر ئىستېمال مىقدارىدۇر. لېكىن ئاجىز بىمارلاردا ئۇ ئىككى ئىستېمال مىقدارى قىلىنىدۇ، بۇ تەپ مۇۋازىبەدە تازىلىغۇچى ۋە سۈرگە بولۇش سەۋەبىدىن پايدىلىق بولىدۇ.

ھەببى ھىندى نۇسخىسى: بۇ تىترەشلىك قىزىتمىنى يوقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق. قورۇلغان زەمچە، قورۇلغان تەنكار، لاھۇر تۇزى، بەزرۇنقى قاتارلىقلاردىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئىتياڭقى يوپۇرمىقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، تىترەشلىك قىزىتما كېلىشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى بىر ياكى ئىككى دانە ھەب يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى سەممۇلغار نۇسخىسى: بۇ تىترەشلىك قىزىتما ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كەت سەفىد، قىزىلگۈلدىن 48 گىرامدىن، سەنكىيادىن 0.48 گىرام. دورىلارنى ئېزىپ قارىمۇچ باراۋىرىدە ھەب ياساپ، قىزىتما قوزغىلىشتىن 3 ~ 4 سائەت ئىلگىرى بىر دانە ھەب يېگۈزۈلىدۇ. چۈچۈمەل، يەللىك ۋە مايلىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرسى گۈل سەغىر نۇسخىسى: بۇ بەلغەمى ۋە مۇرەككەپ قىزىتمىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن

پايدىلىق. قىزىلگۈلدىن 36 گىرام، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن ئۇسارىسىدىن 15 گىرامدىن، مەستىكى، ئاسارۇن، سۇمبۇل، ئىگىر، ئىزخىردىن تۆت گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، گۈلابتا يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

دەۋائى نۇسخىسى (1): بۇ تىترەشلىك قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن تەڭداشسىز دورىدۇر. زەرنىخ تەبقى، مىنسىل كىنىرىنى سەبرە گۈلى شىرىسىدە 12 سائەتكىچە سالايە قىلىپ، ساپال قاچىغا قويۇپ، ياۋايى ھايۋاننىڭ قۇرۇق تېزىكىدىن 10 كىلوگىرامغا ئوت يېقىپ ھېكمەت قىلىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن دورىنى چىقىرىپ شىشىگە قويۇلىدۇ. دەسلەپكى كۈنى بۇ دورىدىن 0.24 گىرامنى كەت، ھاك تەگكۈزۈلگەن پانغا قويۇپ ياكى بەتاشەگە تۆكۈپ يېگۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنى 0.12 گىرامدىن بېرىلىدۇ، غىزاسىغا كەچرى بېرىلىدۇ.

دەۋائى نۇسخىسى (2): بۇ بەلغەمى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق. رەيھان يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرام، قارىمۇچتىن تۆت دانە، پىلپىلدىن بىر دانە، ناۋاتتىن 12 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇدا ئېزىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى قەنىب نۇسخىسى: بۇ تىترەشلىك قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن ئومۇملاشقان ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورىدۇر. قارىمۇچ، پىلپىل، سىيادان، قەسبۇزەرىرە، قىزىل سېغىزدىن بىر گىرامدىن، كەندىردىن ئىككى گىرام ئېلىپ دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قىزىتما تۇتۇشتىن بىر سائەت ئىلگىرى بىر گىرام سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىمار بالا بولسا ئۇنىڭ يېشىغا مۇۋاپىق بېرىلىدۇ.

شەربەت نۇسخىسى: بۇ، يۆتەل ۋە سۇئۇلقۇنىيە بىرگە كەلگەن بەلغەمى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق ۋە ئومۇملاشقان دورىدۇر. بەدىيان، كاسنە ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، بىستىپايەج، سازەج ھىندى، سەلىخە، ئاسارۇن، بىخ سەۋسەن، تاغ پىننىسى، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، رەۋەنچىنى، يۇيۇلغان لوك، شېكەر تىغال، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان، ئىتئۈزۈمى يەتتە گىرامدىن، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى 10.5 گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 14 گىرام، ئەنجۈر مونىكى يەتتە دانە، ئاق قەنت 500 گىرام. دورىلاردىن قائىدە بويىچە شەربەت ياساپ، 48 گىرامغا ئەرقى بەدىياندىن 144 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرسى ئەفسەنتىن سەغىر نۇسخىسى: ھەكىم ئابىد سەرھەندى يازغانكى، بەلغەمى قىزىتما مەيلى يېڭى بولسۇن ياكى كونا بولسۇن، ئۆتكۈر بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن ھەممە بەلغەمنىڭ

قايسى تۈرىدىن پەيدا بولغان بولسۇن، ئاشقازان ۋە جىگەر كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن ھەم ئاددىي بولسۇن ياكى باشقا تۈردىكى قىزىتمىلار بىلەن مۇرەككەپ بولسۇن، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇ قۇرس پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. ئەفسەنتىن رۇمى (بۇ ئىنتايىن ئاچچىق بولىدۇ)، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، ئاچچىق بادام مېغىزى قاتارلىقلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، قۇرس ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ئازراق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرسى ئەنىيسۇن نۇسخىسى: ھەكىم ساھىب مەھمۇد يازغانكى، مەن بىر كېسەلنى كۆردۈم، بۇ يۇقىرىقى قۇرس ئەفسەنتىن بىلەن ياخشىلانمىغان ئىدى، لېكىن بۇ قۇرسى ئەنىيسۇننى ئىشلىتىش بىلەن ياخشىلاندى. رۇمبەدىيان، ئەفسەنتىن، ئاچچىق بادام مېغىزى، سۇمبۇل، سەبرە 14 گىرامدىن، غاپەس ئۇسارىسى، سازەج، ئاسارۇن 10.5 گىرامدىن، مەستىكى، كەرەپشە ئۇرۇقى 3.5 گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، گۈلابتا يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، 3 ~ 4 گىرامغىچە ئەفسەنتىن قايىنتىلمىسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەببى ئەجۋائىن نۇسخىسى: بۇ ھەر خىل تۇتقاقلىق قىزىتمىلار، جۈملىدىن ھەر كۈنى تۇتىدىغان قىزىتمىلارغا پايدىلىق. ئەجۋائىن خۇراسانى (بەزرۇلبەنجى)، قورۇلغان زەمچە، قورۇلغان تەنكار، لاھور تۇزى قاتارلىقلاردىن 12 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، ئىتياگىقى يوپۇرمىقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، قىزىتما تۇتۇشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى بىر ياكى ئىككى دانە ھەب سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى تىلسى نۇسخىسى: دائىملىق ۋە باشقا تۇتقاقلىق قىزىتمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تىلسى (رەيھان) يوپۇرمىقى ۋە قارىمۇچتىن باراۋەر ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئوبدان سالايە قىلىپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، قىزىتما تۇتۇشتىن 1 ~ 2 سائەت ئىلگىرى بىر ياكى ئىككى دانە ھەب سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر ھەب نۇسخىسى: ئارەندى غۇنچىسىدىن 36 گىرام، قارىمۇچتىن ئالتە گىرام، ئاش تۇزىدىن 12 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، قىزىتما تۇتۇشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى بىر دانە ھەب ۋە بىر سائەت ئىلگىرى بىر دانە ھەب سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى قەنب نۇسخىسى: بۇ تۇتقاقلىق قىزىتمىلاردا تۇتۇش ۋە تىترەشنى توختىتىش ئۈچۈن پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن. قارىمۇچ، پىلپىل، كەرەنجۇھ مېغىزىدىن 12 گىرامدىن، ئاق زىرە، قەنب يوپۇرمىقى (كەندىر يوپۇرمىقى) دىن ئىككى گىرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ سۇفۇپ ياساپ، قىزىتما تۇتۇشتىن بىر سائەت ئىلگىرى بىر

گىرام سۇفۇپ سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى كەرەنجۇھ نۇسخىسى: بۇ تۇتقاقلىق قىزىتمىلارغا پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن بولۇپ، خاسىيىتى بىلەن قىزىتمىنىڭ تۇتۇشىغا قارشىدۇر. قارىمۇچ، كەرەنجۇھ مېغىزىدىن 12 گىرام، ئاق زىرە، ئەرەب دەرىخى يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ سۇدا يۇغۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ قويۇلىدۇ.

جاھىل قىزىتما (تەپى لەسىقە) نى داۋالاش

داۋالاش پىرىنسىپى دائىملىق بەلغەمى قىزىتما ۋە تۇتقاقلىق بەلغەمى قىزىتمىنىڭ ئۇسۇللىرىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. يەنى ئىككىسىنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى، دورىسى ۋە غىزاسىمۇ بىردۇر ھەم لىسقە بىر دائىملىق قىزىتمىدۇر. بۇنىڭدا تۇتقاقلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن دورا ۋە غىزا توغرىسىدا تۇتقاقلىق قىزىتمىدا قەيت قىلىنغان ئەھكام ۋە چارىلەر (بۇلار تۇتقاقلىق قىزىتما يەڭگىللىگەن ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ) قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: غىزا بۇ ۋاقىتتا بېرىلىدۇ، يەنى قىزىتما 24 سائەت ئىچىدە يەڭگىل بولغان چاغدا. بۇ قىياسقا ئاساسەن قالغان بارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، قۇستۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ماددىنى پىشۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش ۋە قىزىتمىغا قارشى دورىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار. بۇلار مۇۋازىبەدە تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

ئاگاھلاندۇرۇش بۇ كۆرسەتمىنى ھەرجايدا ئەستە ساقلاش لازىمكى، قۇستۇرۇش بۇ ۋاقىتتا قىلىنىدۇ، يەنى باش ئاغرىقى بولمىغان چاغدا. ئەگەر باش ئاغرىقى بولسا، قۇستۇرۇشنى ھەرگىز قىلماسلىق لازىم، ئۇنداق بولمىسا ئاغرىق شىددەتلىك بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە قۇستۇرۇشنىڭ ئورنىغا ھۆقنە ياكى شىياف بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ ھەم تاماق يېگەندىن كېيىن قۇستۇرۇلىدۇ، بۇ ئومۇمەن ئاسان بولىدۇ.

سەمەرقەندى مۇۋازىبەنىڭ ئۇسۇلىدا داۋالىنىدۇ، لېكىن لەتىفلەشتۈرگۈچىلەر بىلەن قىزىقلىق يەتكۈزگەندە ئازراق ئېھتىيات ۋە ئاستىلىق بىلەن قىلىنىدۇ. جۈملىدىن مېڭىدە ئاجىزلىق بولغان چاغدا.

بىرقانچە پايدىلىق نۇسخىلار: تۆۋەندە لىسقەنىڭ بىرقانچە پايدىلىق نۇسخىلىرى يېزىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە قىزىتمىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تۈرىدىندۇر ھەممە بۇنى ئىشلىتىش

تازىلاشتىن كېيىن زىيادە پايدىلىق بولىدۇ.

ھەببى ئەفسەنتىن نۇسخىسى: بەلغەمدىن بولغان دائىملىق قىزىتما ۋە باشقا كونىرىغان قىزىتمىلار (سوزۇلما ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلار) ئۈچۈن پايدىلىق. مەستىكى، سېرىق ھېلىلە پوستى، قىزىلگۈل، رەۋەنچىنى، غاپەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ئۈچ گىرامدىن، زەپەر 1.5 گىرام. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، كۆك كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ئۈچ گىرامدىن ئەتىگەن - كەچتە سۇ ياكى ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرسى ئەفسەنتىن نۇسخىسى: بۇ قۇرسمۇ لىسقە ئۈچۈن پايدىلىق. ئەفسەنتىن، ئاسارۇن، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، ئاچچىق بادام، شۇكائى، يانتاق، غاپەس ئۇسارىسى، مەستىكى، سۇمبۇلدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، 3 ~ 4 گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

قۇرسى گۈل نۇسخىسى: لىسقە ئۈچۈن پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن. قىزىلگۈل 21 گىرام، رۇببىسۇس، شاھتەررە، سۇمبۇل، كەھرىۋا 14 گىرامدىن، رۇمبەدىيان يەتتە گىرام، مەستىكى 16 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، بەش گىرامدىن ئەرقى بەدىيان ياكى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

قۇرسى غاپەس نۇسخىسى: بۇمۇ بۇ قىزىتما ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. غاپەس 14 گىرام، قىزىلگۈل 4.5 گىرام، تاباشىر 9.75 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

يەنە بىر نۇسخىسى: غاپەس 96 گىرام، قىزىلگۈل 25 گىرام، سۇمبۇل 250 گىرام، تاباشىر 128 گىرام. دورىلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس ياساپ، بەش گىرامدىن مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (ئەبۇئەلى ئىبن سىنا).

تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان دەۋرلىك قىزىتما (رۇبئى دائىرە)

رۇبئى تۆتتىن بىر، — دائىرە تۇتقۇچى دېگەن مەنىدە.

بۇ قىزىتمىنىڭ نامى رۇبئى دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بىرىنچى تۇتۇشتىن ئىككىنچى تۇتۇش باشلانغىچە تۆت كۈن كېتىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنىڭ نامىنى مۇسەللەسە دەپ قويغان، بۇ خاتادۇر. چۈنكى مۇسەللەسە غىبىنىڭ نامىدۇر. مۇسەللەسە — ئۈچ كۈندە بىر تۇتقۇچى دېگەن مەنىدە بولىدۇ (نەفىيس).

بۇ بىر سەۋداۋى قىزىتمىدۇر، بۇنىڭ ماددىسى ئۇفۇنەتلىنىپ، بەدەندە سەۋدا پەيدا قىلىش سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بۇ ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلار تۈرىدىندۇر. بۇنىڭ دەۋرى تۆت كۈندە بىر كېلىدۇ. بىرىنچى تۇتۇشتىن ئىككىنچى تۇتۇش باشلانغىچە 72 سائەت كېتىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما تۇتۇشنىڭ دەسلىپىدە يەڭگىل تىترەش بولۇپ، قىزىتما باشلىنىدۇ، پۇت - قوللار قاتتىق ئاغرىيدۇ (تەكسىر بولىدۇ). يەنى سۆڭەكلەر سۇنۇپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ (تەكسىر يەنى سۆڭەكلەر سۇنۇشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، بىمار بىرەر ئېغىر نەرسە سۆڭەك ۋە بوغۇملىرىنى ئېزىۋاتقاندەك سېزىدۇ)، سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىشمۇ زىيادە بولىدۇ، بوغۇملاردا ئاغرىق بولىدۇ، تومۇرى كىچىك، پەرقلىق ۋە ئاستا بولىدۇ. ئەگەر ئىسسىقلىق تارقالغان بولسا ئۇنىڭ ھارارىتى مۇۋازىبەنىڭ ھارارىتىدىن زىيادە، لېكىن غىبدىن كەم بولىدۇ، ئۇنىڭ تۇتۇتۇش ۋاقتى 24 سائەت بولىدۇ. بەلغەمى قىزىتمىنىڭ تۇتۇش ۋاقتى 18 سائەت، سەپراۋى قىزىتمىنىڭ تۇتۇش ۋاقتى 12 سائەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بۇمۇ بولىدۇكى، ئوتتۇرا ياشتىكى، مىزاجى قۇرۇق سوغۇق كىشىلەردە ۋە كۈز پەسلىدە بولىدۇ. دەسلەپتە سەۋدا پەيدا قىلغۇچى چارىلەرنى قىلغان كىشىلەردە بولىدۇ، مەسىلەن: مەسۇر، رەم ۋە نەمەكسود (تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان قۇرۇق گۆش) قاتارلىقلارنى يېگەن بولىدۇ. بۇ غىزادىن بىرلەمچى ھالەتتە ئاز كۆرۈلىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقا ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلاردىن كېيىن بولىدۇ. خۇددى يەرقان سەپراۋىدىن يەرقان سەۋداۋى بولغاندەك. شۇڭلاشقا بەزى ۋاقىتلاردا بەلغەمدىن بولغان قىزىتمىلاردىن كېيىن كۆرۈلگەن بولسا، بەلغەمنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن بەلغەم چىقىشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، تومۇرى نىسبەتەن يۇمشاق بولىدۇ ۋە قىزىتما ھارارىتى بولمايدۇ. ئەگەر قان بېرىشتىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتىدە قاننىڭ غالىبلىقى تېپىلىدۇ ۋە سىرتقى قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى سەپراۋى قىزىتمىدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق ۋە بەدەندە ئىسسىقلىق زىيادە مەلۇم بولىدۇ.

تىندۇرۇلغان سۈيدۈك سەۋداۋى قىزىتمىدا تىندۇرۇلغان سۈيدۈك ھەر خىل بولىدۇ. يەنى دەسلەپتە ئاق، سۇيۇق، پىشمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ماددىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ماددىلار پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ ھالىتى ھەر خىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ قىزىتما ئوخشاش بولمىغان خىلىتلارنىڭ كۆيۈشىدىن بولىدۇ. ئەگەر

قىزىتما كېمىيىشكە باشلىسا، تىندۇرۇلغان سۈيدۈك قارا ۋە قويۇق بولىدۇ.

تومۇر تومۇرى قاتتىق سوقىدۇ. قىزىتمىدا ماددا پىششىنىڭ ئالامىتىدە تىترەش يەڭگىل بولىدۇ.

ئەسكەرتىش باشقا ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلارغا ئوخشاش بۇ قىزىتما ھەر تۆت كۈندە سوغۇقتا توڭلىغاندەك ھېس قىلىش ۋە تىترەش بىلەن باشلىنىدۇ، تەرلەش ئارقىلىق تۆۋەنلەيدۇ. بۇ تۇتقاقلىقنىڭ ھەر تۆت كۈندە تۇتۇشى دىياگنوز قويۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر، باشقا خۇسۇسىيەتنى ئىنچىكىلەشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە باشقا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەنلەر يازغانكى، بۇ قىزىتما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكلەر ۋە ئوخشاش بولمىغان قىزىتمىلاردىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ ھەم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا رۇبئى تال كېسەللىكىدىن كېيىن ياكى تال كېسەللىكى بىلەن بىللە پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تالدا قېتىشىش، ئاغرىق ۋە ئىششىق بولىدۇ، ھۇممائى رۇبئى خەتەرلىك كېسەللىك ئەمەستۇر.

ئەگەر ھۇممائى رۇبئى ئۇزاق مۇددەتكىچە تۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىستىسقا بولىدۇ.

ھۇممائى رۇبئىنىڭ مۇرەككەپ ھالەتلىرى:

(1) بەزى ۋاقىتلاردا بىر بىماردا ئىككى رۇبئى توپلانغان بولىدۇكى، ھەربىر تۇتۇش ۋاقتى ئۈچۈن مەخسۇس كۈنى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر قىزىتمىنىڭ تۇتۇش ۋاقتى بۈگۈن، ئىككىنچىسىنىڭ ئەتىسى كەلسە مۇشۇنداق ھالەتتە ھەر ئىككى كۈندىن كېيىن بىر كۈن ئارام ۋاقتى بولىدۇ، بۇ خىل رۇبئى رۇبئى مۇسەننا دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قىزىتما كۆپىنچە بىر كۈن ئۆتكۈر، يەنە بىر كۈنى يەڭگىل بولىدۇ، بۇ ھالەتتە رۇبئىنىڭ ماددىسى ئىككىلىسىدە ئۆز ئەمەلىنى قىلىدۇ ۋە بۇ تەرتىپ بىلەن ئىككى كۈن قىزىيدۇ.

(2) بەزىدە رۇبئىنىڭ ماددىسى بەدەننىڭ ئىچىدە بۇ تەرتىپ بىلەن، يەنى بىر كۈندە ئىككى ۋاخ ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن ئىككى قېتىم قوزغىلىدۇ، بۇ ھالەتتە ھەر تۆتىنچى كۈنى قىزىتمىنىڭ ئىككى تۇتقاقلىقى كېلىدۇ، بۇ خىل قىزىتما رۇبئى مەزدۇج دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، رۇبئىنىڭ ماددىسى ياكى ئۇنىڭ جاراسىمى ئارقىمۇئارقا ئۈچ كۈنلەردە بەدەننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ھەمدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، بۇ تەرتىپ بىلەن ھەربىرى ئۆزىنىڭ تۇتۇش نۆۋىتىدە ئۈچ كۈن قىزىتما پەيدا قىلىدۇ، بۇ ھالەتتە تۇتقاقلىق ھەر كۈنى كېلىدۇ ۋە قىزىمايدىغان كۈنى بولمايدۇ، يەنى مۇشۇنداق رۇبئى مۇفرىدەدە ھەر تۆتىنچى كۈنى قىزىيدۇ ھەمدە ئارىلىقتا ئىككى كۈن بوش بولىدۇ، مەۋجۇت ھالەتلەردە ئۇ بوشلۇقنىڭ ئىككىلا كۈنىدە قىزىتما بولىدۇ ۋە ھۇممائى مۇۋازىبە ئاشكارا بولمايدۇ، بۇنىڭ تۇتقاقلىقى ھەر كۈنى

كېلىدۇ ۋە دىياگنوز قويۇش قەتئىي قىيىن بولىدۇ، ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنى بولىدىغان قىزىتما رۇبئى مۇسەللەس دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما داۋاملىشىش ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ ۋە تۆتىنچى كۈنى بىر قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىقى ئۆتكۈر بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق ھالەت بولسا، بۇنى رۇبئى لازىمە ياكى رۇبئى دائىمە دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھالەتتىمۇ رۇبئى لازىمىنىڭ شەكلى پەيدا بولىدۇ، يەنى مەسىلەن: مۇۋازىبە ياكى لىسقەنىڭ سەۋەبىدىن بىر قېتىم قىزىتما بولسا ھەر ۋاقىت تۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن رۇبئىمۇ شېرىك بولىدۇ، بۇنىڭ تۇتقاقلىقى تۆتىنچى كۈنى كېلىدۇ. بۇ سۆزنى ئەستە ساقلاش لازىمكى، بەزىدە رۇبئىنىڭ ماددىسى مۇۋازىبەگە ئوخشاش ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم كېلىدۇ، بۇ ھەممىدىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

رۇبئى لازىمەگە مۇناسىۋەتلىك ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ ئوچۇق قىلىپ، رۇبئى دائىرە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، رۇبئى لازىمە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، دەپ ئېيتقان.

تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان دائىمىي قىزىتما (رۇبئى لازىمە)

بۇنىڭدا رۇبئى دائىرە (تۆتىنچى - كۈنى تۇتىدىغان قىزىتما) نىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، پەرقى پەقەت ئۇنىڭ بىلەن جۇغ - جۇغ بولمايدۇ ۋە تۆتىنچى كۈنى (يېڭى تۇتقاقلىق كېلىشىنىڭ ئورنىغا) قىزىتمىدا ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ ۋە قالغان كۈنلەردە يەڭگىل تۇرىدۇ، بۇ قىزىتما ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما (رۇبئى) نى داۋالاش

سەمەرقەندىنىڭ داۋالىشى قان غالىبلىقىنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈلگەن بولسا، ئوڭ ياكى سول باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ياكى بىرەر باشقا تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، لېكىن مۇناسىپى قان تەرەپكە قارىلىدۇ، ئەگەر ئۇ قارا بولسا، ئوبدان چىقىرىلىدۇ، ئەگەر قىپقىزىل بولسا، دەرھال توختىتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا قىزىل قاننى چىقىرىش ئېتىبارى بىلەن بىمار ھالسىزلىنىپ، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ (نەفىس).

سەۋدا مائۇلجەبىن، مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئىچىنى سۈرگۈزۈش يولى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، بۇ زىيادە ئىسسىق بولمىسۇن، يەنى ئوفۇنەتلىنىش ۋە كۆيۈشنى ئاشۇرۇۋەتمىسۇن، مەسىلەن: بىنەپشە، شاھتەررە، ھېلىلە كابۇلى، بىستىپايەج، خىيارشەنبەر

مېغىزى ۋە تەرەنجىبىن قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، سىركەنجۇبىل ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ تاكى ھۆل سوغۇقلۇق ھاسىل بولسۇن.

ئەگەر بۇ قىزىتما مۇۋازىبەدىن كېيىن بولغان بولسا ھەم بەدەندە بەلغەم كۆپلۈكنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، ئەفتىمۇن قايناتىلمىسى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ ھەم ماددىنى سەرخىللاشتۇرغۇچى نەرسىلەر بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: تۇرۇپ چىلانغان سېرىقچېچەك قايناتىلمىسى سىركەنجۇبىل ھەمراھلىقىدا بېرىلىدۇ. خۇسۇسىيىتى بىلەن قۇستۇرۇش تۇتقاقلىقنىڭ دەسلىپىدە زىيادە پايدىلىقتۇر ھەمدە سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ قىزىتما سەپراۋى قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، بىنەپشە، خىيارشەنبەر، ئەينۇلا، سەرپىستان، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، بىخسۇس ۋە كاسىنە ئۇرۇقىغا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، بۇ سەۋدانىڭ سۈرگىسى بولسۇن ھەم سىركەنجۇبىل ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ قىزىتما مەزكۇر كېسەللىكلەردىن كېيىن بولمىغان بولسا، بەلكى بۇ دەسلەپتە كۆرۈلگەن بولسا، ماددىنى پىشۇرغان (مۇنزىج بېرىش) دىن كېيىن سەۋدانىڭ مۇسھىل ھەبلىرى بىلەن كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىش لازىم. ئەگەر قارورەدە پىشىش ئاشكارا بولسا ۋە توڭۇش سۇس بولۇپ، جۇغ - جۇغ قالغان بولسا، سەۋدانى چىقارغۇچى ھەبلەر بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇۋۇلاش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە تەرلىتىشنىڭ مەنپەئەت بېغىشلايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

بۇ قىزىتمىدا قايتا - قايتا مۇسھىل بېرىش مۇناسىپتۇر. سەۋداۋى ماددا بىر ~ ئىككى قېتىم مۇسھىل بەرگەندە تولۇق چىقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە تولۇق تازىلىنىپ بولالمايدۇ. بەلكى دەسلەپتە ماددىنى پىشۇرۇپ، چىقىش قابىلىيىتىنى پەيدا قىلىش مۇناسىپتۇر. ئاندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن بىرقانچە قېتىمدا چىقىرىلىدۇ، تاكى قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كەتمىسۇن ۋە مۇسھىل قىزىش دەۋرىدىن بىر كۈن ئىلگىرى بېرىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ قىزىتمىدا ئومۇمەن جىگەر ۋە تال كېسەللىنىدۇ، شۇڭلاشقا داۋالاش جەريانىدا ئۇلار تەرەپتىن بىھاجەت بولماسلىق لازىم. ئۇ ئەزالاردا قېتىشىش پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا بەزىدە ئۇنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، دەسلەپتە سىركەنجۇبىل ھەم كېسەللىك ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا ماددىنى پىشۇرغاندىن كېيىن قۇرسى غاپەس ۋە سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بېرىلىدۇ.

قىزىيدىغان كۈنى غىزا بېرىلمەيدۇ ھەمدە قىزىغان كۈننىڭ ئەتىسى ساغلام كىشىلەرگە ئوخشاش تولۇق غىزا بېرىلىدۇ، لېكىن غىزا بىرقەدەر ھۆللەشتۈرگۈچى بولسۇن. قويۇق غىزالار،

ھۆل سوغۇق مېۋىلەر، سۈت، قېتىق ۋە بارلىق يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ قىزىتمىدا سۇ ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت بولسا ئاز مىقداردا سۈمۈرتۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلگەن بولسا زىيادە مۇناسىپتۇر، لېكىن تاماق يەپ بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن ساپ سۇ بېرىلىدۇ، ئەگەر تۆمۈر ياكى ئالتۇن داغمال سۈيى ئىچكۈزۈلگەن بولسا زىيادە مۇناسىپتۇر.

دەسلەپتە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار، مەسىلەن: تاتلىق قوغۇن ۋە بەديان قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلمايدۇ ھەمدە دورىلار تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ:

دەسلەپتە ئۈچ كۈنگىچە بىمارغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە گۈلقەنتتىن 24 گرامدىن يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسنە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى خەرپۇزە، ئەرقى بىد ساددە ۋە سىركەنجىۋىل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن توققۇز كۈنگىچە تۆۋەندىكى مۇنزىج ئىچكۈزۈلۈپ، مۇسھىل بېرىلىدۇ.

ھۇمما رۇبئىنىڭ مۇنزىجى شاھتەررە، ئۈستىقۇددۇس، گاۋزىبان، كاسنە يىلتىزى، ئاقلانغان بىخسۇس، ئەفتىمۇن (كىچىك خالتىغا سېلىپ) ھەربىرى يەتتە گرامدىن، بىستىپايەج بەش گرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 11 دانە، ئەنجۈر مونىكى تۆت دانە، سەرپىستان 17 دانە، گۈلقەنت 24 گرام. بارلىق دورىلارنى كەچتە بىر يېرىم كىلوگرام قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە قايىنىتىپ سوۋۇتۇپ، سۈزۈپ، گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، 10 - كۈنى ئەگەر قىزىتمىنىڭ تۇتقاقلىق كۈنى بولمىسا بۇ مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇسھىل: سانائى مەككىدىن 12 گرام، ئاق تۇربۇت (چالا سوقۇلغىنى) دىن ئالتە گرام. ئەرقى بەديان ۋە ئەرقى شوخلىدىن 120 گرامدىن ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن 60 گرام خىيارشەنبەر مېغىزىنى چىلاپ قويۇپ، كۆپۈشكەندە 48 گرام گۈلقەنت قوشۇپ بىرلەشتۈرۈپ سۈزۈپ، ئالتە گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن بىر - ئىككى كۈن توختاپ ئىككىنچى قېتىم بۇ مۇسھىل قايتا بېرىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم مۇسھىل بېرىشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى ھەركۈنى ئەتىگەندە بۇ سوۋۇتقۇچى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى كاسنە، ئەرقى گاۋزىباندىن 84 گرامدىن، ئانار شەربىتىدىن 48 گرام ئېلىپ، ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بەش گرام رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما نۆۋىتىنى توختىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

ھەببى پىلاس پاپىرە: بۇ تۆتىنچى كۈنى قىزىيدىغان قىزىتمىدىن باشقا قىزىتمىلار (روزانەتىيا) نىڭ تۇتقاقلىقىنى توختىتىدۇ.

نۇسخا: پىلاس پاپىرە مېغىزى، كەرەنجوھ مېغىزىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق ئېزىپ مۇۋاپىق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، قارىمۇچ باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر ھەبتىن ئەرقى گاۋزىبان ياكى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، لېكىن قىزىتما تۇتىدىغان كۈنى ئەتىگەندە ئىككى ھەب سۇ بىلەن بېرىلىدۇ.

ھەببى ھىلتىت: ھىلتىت (ھىڭ) تىن بەش گىرام، غاپەس ئۇسارىسى، سېرىق ھىلىلە پوستىدىن يەتتە گىرامدىن، ھالوندىن 21 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ئۈچ گىرام ھەب قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن ئاشقازان يېقىمسىزلانغان بولسا، بىرەر نەرسىنى غىزا شەكلىدە يېگۈزگەندىن كېيىن بۇ ھەب بېرىلىدۇ.

ھەببى شىپا (1) تۆتىنچى كۈنى تۇتىدىغان قىزىتمىنى توختاتقاندىن باشقا مۇۋازىبە ۋە غىبنىڭ نۆۋەتلىرىنىمۇ توختىتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نەزلە ۋە باش ئاغرىقى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

نۇسخا: ئىتىاگىقى ئۇرۇقى 36 گىرام، رەۋەنچىنى 24 گىرام، زەنجىۋىل 12 گىرام، ئەرەب يېلىمى 10 گىرام. ئالدىدىكى ئۈچ خىل دورىنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، ئەرەب يېلىمىنىڭ لوئابىدا يۇغۇرۇپ، نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر ھەبتىن سۇ بىلەن بىرقانچە كۈن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى شىپا (2) قىزىلگۈل، گىل ئەرمىنى، زەپەر، زەنجىۋىل 18 گىرامدىن، رەۋەنچىنى 36 گىرام، ئەپيۇن، ئىتىاگىقى ئۇرۇقى تۆت گىرامدىن. بارلىق دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، شىرخىست سۈيىدە يۇغۇرۇپ نوقۇت باراۋىرىدە ھەب ياساپ، بىر ھەب ھەر كۈنى ئەتىگەندە قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، لېكىن قىزىيدىغان كۈنى قىزىتىشتىن ئىككى - ئۈچ سائەت ئىلگىرى ئىككى - ئۈچ ھەب يېگۈزۈلىدۇ.

داۋا (1): تۆت كۈندە بىر قىزىيدىغان قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاجايىپ مەنپەئەتلىك.

نۇسخا: 3 ~ 4 گىرام ھاكنى سۇدا ئۆچۈرۈپ، ئاندىن كېيىن بۇنىڭغا بىر لىمون سىقىلىدۇ، ھاك قويۇلۇپ تېگىگە چۆككەن بولسا، بۇنىڭ سۈيىنى ئېلىپ قىزىتما تۇتقاقلىقى تۇتۇشتىن ئىلگىرى ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى بەدەندە سۇسلۇق پەيدا بولۇشقا باشلىغان چاغدا ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بىر قېتىم ئىشلىتىش بىلەن تۇتقاقلىق توختىمىغان بولسا، 2 ~ 3 قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

داۋا (2): رۇبئىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاجايىپ تەسىرلىكتۇر.

نۇسخا: قارا زىرىدىن ئۈچ گىرام، نېم دەرىخى يوپۇرمىقىدىن 11 دانە ئېلىپ، ئىككىسىنى چالا سوقۇپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىر گىرام نۆشۈدۈر قىزىشتىن ئىلگىرى يېگۈزۈلىدۇ. بىر قېتىمدا ياخشىلانمىسا، ئۈچ قېتىم ئىشلىتىش بىلەن تۇتقاقلىق توختايدۇ.

داۋا (3): بىر كۈنلۈك ياكى ئۈچ كۈندە ياكى تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىغا ئىشلىتىش بىلەن تۇتقاقلىق توختايدۇ.

نۇسخا: زەمچىنى يۇمشاق ئېزىپ، يېرىم گىرام مىقداردا ئېلىپ تۇتقاقلىقتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى شەربىتى نىلۇپەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ.

ئىكسىر تەپ لەرزە: تۆتىنچى كۈنى قىزىيدىغان قىزىتما ۋە ھەر خىل تەپ لەرزىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاجايىپ تەسىرلىكتۇر، خۇسۇسەن قىزىتما كونىرىغان چاغدا. ئەگەر دەسلەپتە تەنقىيە قىلىنغان بولسا، زىيادە ياخشىدۇر.

نۇسخا: كۆك تۇتىيادىن 24 گىرام، زەرنىختىن 48 گىرام، سەدەپتىن (سەدەبنى كوزا قويۇپ تونۇردا كۆيدۈرۈلىدۇ) 72 گىرام ئېلىپ، ئۈچىلىسىنى يۇمشاق ئېزىپ سەبرە گۈلى سۈيىدە تۆت قېتىم سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرس ياساپ ئىككى خام ساپال قاچا ئارىلىقىغا قويۇپ گىل ھىكمەت قىلىنىدۇ، سوۋۇغاندىن كېيىن چىقىرىپ يۇمشاق ئېزىپ شىشىدە ساقلاپ قويۇپ، قىزىمىغان كۈنى 0.24 گىرام بەتاشەگە سېلىپ يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە نۆۋەت كۈنى 0.18 گىرام دورا بەتاشەگە سېلىپ بېرىلىدۇ، غىزاسىغا گۈرۈچ سۈتى بېرىلىدۇ.

داۋائى سەممۇلغار تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىدا خۇسۇسىيىتى بىلەن پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

نۇسخا: سەممۇلغاردىن 12 گىرام ئېلىپ پىدىگەنگە تۆشۈك ئېچىپ قويۇپ، گىل ھېكمەت قىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، يەنى ئازراق تېزەكنىڭ ئوتىدا قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەممۇلغارنى چىقىرىپ، يەنە بىر پىدىگەنگە قويۇپ قائىدە بويىچە ئوت يېقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن سەنكىيانى ئېزىپ بىر تۆمۈر قاچا ئىچىگە 500 گىرام سۇ قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ، ئوت سۇس بولۇشى لازىم، ئەگەر سۇ قۇرۇپ تۈگىگەن بولسا، سەممۇلغارنى تۆمۈر قاچىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇنىڭ باراۋىرىدە قىزىل سېغىز ئارىلاشتۇرۇپ ئوبدان سالايە قىلىپ شىشىگە سېلىپ قويۇپ، زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا تۇتقاقلىقتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى 0.12 ~ 0.48 گىرامغىچە بىمارنىڭ كۈچىگە ماس بەتاشە ياكى ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈمگە قويۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ھەببى سەمۇلغار: ئەگەر قىزىتما كونىرىغان بولسا قوزغىلىشىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىدىن باشقا دائىملىق ۋە ئۈچ كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىنىڭ قوزغىلىشىنى توختىتىدۇ.

نۇسخا: كەت سەفىد، ئاق ھاك، ئاق سەنكىيانىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى لىموندا سالايە قىلىپ، تېرىق باراۋىرىدە ھەب ياساپ، بىر ھەب نۆۋەتتىن ئىلگىرى (دەسلەپتە بىرەر مايلىق غىزادىن بىرقانچە لوقما يېيىش) يېگۈزۈلىدۇ.

داۋائى ھەرتال: تۇتقاقلىق قىزىتما ۋە توڭۇپ تىترەشنى توختىتىش ئۈچۈن مۇجەررەپتۇر.

نۇسخا: ھەرتال تەبقى (زەرنىخ تەبقى)، مىنسىل كىنىرىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، ئىككىسىنى سەبرە گۈلى لوئابىدا 12 سائەت سالايە قىلغاندىن كېيىن، كاللەكلەپ بىر ساپال قاچىغا قويۇپ گىل ھېكمەت قىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 كىلوگىرام تېزەك ئوتىدا قويۇپ، سوۋۇغاندا چىقىرىپ يۇمشاق ئېزىپ شېشىدە ساقلاپ، دەسلەپكى كۈنى 0.12 گىرام دورا بەتاشە ياكى مىلائىگە قويۇپ بېرىلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى 0.24 گىرام ۋە ئۈچىنچى كۈنى 0.36 گىرام دورا بېرىلىدۇ.

سەمۇلغارنىڭ مۇرەككىباتلىرىنى ئەتىگەنلىك ناشتىدا ھەرگىز ئىستېمال قىلدۇرماسلىق، بەلكى ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى بىرقانچە لوقما مايلىق غىزا يېگۈزۈش لازىم.

يېڭى قىزىتمىدا ۋە مۇسھىل بەرمىگەندە، بۇ دورىلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، بەلكى زىيانلىق بولىدۇ، شۇڭلاشقا سەنكىيانىڭ مۇرەككىباتلىرىنى كونا قىزىتمىلاردا مۇسھىل بەرگەندىن كېيىن ئىشلىتىش زۆرۈردۇر.

داۋا: تەپ رۇبئى ئۈچۈن مۇجەررەپتۇر ھەمدە كۆنىلۈك بەلغەمى قىزىتمىلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر.

نۇسخا: سەمەندەر مېۋىسى (قارا ھېلىلەنىڭ بىر تۈرى)، قارىمۇچ، رەيھان يوپۇرمىقى قاتارلىقلاردىن ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، بىر گىرام ياكى بۇنىڭدىن ئاز - كۆپ ياش ۋە مىزاجغا مۇۋاپىق قىزىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى رۇبئى: تەپ رۇبئىنىڭ تۇتۇشىنى توختىتىش ئۈچۈن مۇجەررەپتۇر.

نۇسخا: قۇندۇز قەھرى، ھىڭ، دارچىن، قەلەمپۇر، سىيادان، مۇرمەككى، مىئەسائىلە ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ئەپيۇن، سۇزاپ، قارىمۇچ ھەربىرى بىر گىرامدىن. ھەممە دورىلارنى يۇمشاق

ئېزىپ، ئوخشاش مىقداردىكى ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، يېرىم گىرامدىن ئىككى گىرامغىچە ياش ۋە قۇۋۋەتكە قاراپ قىزىشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى يېگۈزۈلىدۇ. ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىستېمال قىلىش بىلەن ھەمىشە تۆتىنچى كۈنى كېلىدىغان قىزىتمىنى يوقىتىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش تۆتىنچى كۈنى قىزىيدىغان بىمارلار ئۈچۈن ياخشىراقى بۇكى، دەسلەپكى ھەپتىدىن ئۈچىنچى ھەپتىگىچە يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ، لېكىن قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بەك يەڭگىل غىزالارنى بەرمەسلىك لازىم. ئەلۋەتتە ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دەريا بېلىقى (خۇسۇسەن تاشلىق ۋە قاتتىق زېمىن ئۈستىدە تېز ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بېلىقى)، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى، توخۇ چۈجىسى ھەم پاختەك گۆشى يېگۈزۈلىدۇ، ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەگەر بىماردا يەڭگىللەش بولمىسا، زىيادە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ياش توخۇ ۋە توخۇلارنىڭ گۆشى، ئۆچكىنىڭ بىر يىل بولغان ئوغلىقىنىڭ گۆشى ۋە پاختەك، كەكلىك، بېلىق ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ.

بۇمۇ ئاشكاركى، قىزىيدىغان كۈنى بىمارغا غىزا بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئاچ قورساق قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە بىمار سوغۇق سۇ ئىچىشتىن توختىتىلىدۇ.

بەزىدە ئەگەر قۇۋۋەت زىيادە ئاجىزلىغان بولسا، نورمال نۆۋەت ۋاقتى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن غىزا بېرىش زۆرۈر بولىدۇ، لېكىن تۇتقاقلىقىنىڭ قورساق ئاچ ۋاقتىدا كېلىشى ياخشىراقتۇر.

تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان دائىمىي قىزىتما (رۇبئى دائىمە) نى داۋالاش

رۇبئى دائىمە ياكى رۇبئى لازىمە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى، بۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى رۇبئى دائىرەگە ئوخشاشتۇر (بۇ ئىلگىرىكى بەتلەردە سۆزلىنىپ بولدى).

سەمەرقەندى دەسلەپتە باسلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ئارقىلىق سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇلىدۇ ۋە سەۋدانىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ.

خۇمۇس، سۇدۇس، سۇبۇئ

خۇمۇس	بەش كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما.
سۇبۇئى	يەتتە كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما

سۇدۇس ئالتىنچى كۈنى تۇتىدىغان قىزىتما.
تۇسۇئ توققۇز كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما.

بۇ قىزىتما بەشىنچى كۈنى ياكى كۆپ كۈنلەردىن كېيىن دەۋرلىنىدۇ، ئۇمۇ ئەسلىدە رۇبئىنىڭ تۈرىدىندۇر، چۈنكى بۇمۇ رۇبئى پەيدا قىلىدىغان ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ماددىسى رۇبئىنىڭ ماددىسىدىن زىيادە قويۇق بولىدۇ. بۇ تۈردىكى قىزىتمىنى بۇقرات تەتقىق قىلىپ ئېيتقانكى، يەتتە كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما توققۇز كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىدىن ئۇزۇن بولىدۇ، لېكىن خەتەرلىك بولمايدۇ. توققۇز كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىمۇ زىيادە ئۇزۇن بولىدۇ ھەم بۇمۇ خەتەرلىك بولمايدۇ. لېكىن بەش كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما ھەممىدىن ناچار بولىدۇ، چۈنكى بۇ سىل (دىق) دىن ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولىدۇ.

لېكىن جالىنۇس ئۇمۇمەن ئۇ قىزىتمىلار توغرىسىدا ئېيتقانكى، مەن ئۆمۈر بويى بۇ قىزىتمىنى كۆرمىدىم. جالىنۇس ئويلايدۇكى، بۇ تۈردىكى قىزىتما بىرەر پەرھىزسىزلىك نەتىجىسىدە بولىدۇ، ئەگەر داۋالاش قىلىنسا قىزىتما يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر پەرھىزسىزلىك قىلسا، بۇ ۋاقىتتا قىزىتما قايتىلىنىدۇ، ئەگەر بۇ پەرھىز تۇتۇلسا، قىزىتمىمۇ يوقىلىدۇ، قىسقىسى، قىزىتما دەۋرى پەرھىزسىزلىكنىڭ دەۋرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇلاردا ماددا توپلىنىپ ئۇفۇنەتلىنىش بولمايدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، ئۇ ئىككى سۆزدە ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

بىرىنچى، بىر ئالىم ياكى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگۈچى بىر نەرسىنى بەزىدە ئېيتمايدۇ ياكى ئاڭلىمايدۇ.

ئىككىنچى، بۇ نەرسىنى بۇقرات مۇشۇنداق (فازىل ۋە كامىل) كۆرگەن ۋە كۆزەتكەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ تاجاۋۇز دەرىجىسى بىر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماڭا بىر مۆتىۋەر شەخس، بۇ يەتتە كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىنى ئاز كۆردۈم، بەش كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىنى بولسا قايتا - قايتا كۆردۈم، دېگەن. قەرشى ئېيتقانكى، بەش كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما مىسىر شەھەرلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ، مەن ھەمىشە 18 - كۈنى تۇتقاقلىق كەلگەن كىشىلەرنىمۇ كۆرگەن ئىدىم. مەن بىر كىشىنى داۋالىدىم، بۇنىڭ قىزىتمىسى ھەر 10 - كۈنى كېلەتتى (نەفىيس).

ئەگەر بىرەر خاس نەرسە بىرەر خاس دۆلەت ياكى خاس زاماندا كۆرۈلمەيدۇ دەپ، بۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىنكار قىلىش مۇناسىپ ئەمەس، مۇشۇنداق ناھايىتى كۆپ بولىدۇكى، بىر نەرسە بىر زاماندا ياكى بىر دۆلەتتە كۆرۈلىدۇ ۋە باشقا زامان، باشقا دۆلەتتە بۇنىڭ نىشانىسى تېپىلمايدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

داۋالاش رۇبئىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدا ئىلاجى قىلىنىدۇ، ماددىنى زىيادە سۈيۈلدۈرگۈچى چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ ھەم بەلغەمنى چىقارغۇچى دورىلار بىلەن ماددا چىقىرىلىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى سېمىز بولغان شەرت ئاستىدا. چۈنكى بۇ، بەدەننىڭ بەلغەم بىلەن تولغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر ۋە ئەگەر بىمار قۇرۇق ۋە ئورۇق بولغان بولسا، سەۋدا مۇسھىلىنى ئىچكۈزۈپ ماددا چىقىرىلىدۇ، دەۋرى كۈنى قويۇق ماددىنى سۇيۇقلاندۇرۇپ سەرخىللاشتۇرغۇچى نەرسىلەر بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك سۈيىگە لاھۇر تۇزى، سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر بەك زۆرۈر بولسا بۇنىڭدىن زىيادە كۈچلۈكى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھوشسىزلىنىش مەنبەلىك قىزىتما (ھۇما غەشيە)

بەزى ۋاقىتلاردا ھۇما ئەجامىيە كۆرۈلۈشى بىلەن ئادەتتىكى غىب ياكى مۇۋازىبە بولۇپ، تۇيۇقسىز بۇنىڭدا خەتەرلىك ۋە ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، يەنى بىرەر مۇھىم ئەزا ئۆتكۈر ئاپەتكە گىرىپتار بولىدۇ، مەسىلەن: مېڭە، ئۈچەي، ئۆپكە ۋە باشقىلار. بۇنىڭ سەۋەبى زىيانلىق ماددىنىڭ كۆپلۈكى بولىدۇ ۋە ئۇ ئەزالارنىڭ مەخسۇس تومۇرلىرى بۇ ماددىدىن توسۇلىدۇ.

قىزىتمىدا قىزىغان ۋاقىتتا ھوشسىزلىق، قاتتىق ئۇيقۇ پەيدا بولىدۇ، ھۇما غەشيەدە كېسەللىك ماددىسىنىڭ تەسىرى يۈرەك ۋە مېڭىگە بولىدۇ، بۇ ھالەتتە بەزىدە بەلغەم كۆپ بولىدۇ ۋە بەزىدە سەپرا كۆپ بولىدۇ. دەسلەپكى ھالىتىدە كۆپىنچە ئاشقازان ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاجىز بولىدۇ. ئىككىنچى ھالەتتە سەپرانىڭ جەۋھىرى ناچار ۋە زەھەرلىك بولىدۇ، بۇنىڭدا چىرىش سەۋەبىدىن بۇزۇلۇش يەنىمۇ ئاشىدۇ.

ھۇما غەشيە (سۇباتىيە) دەسلەپتە سوغۇقلۇق دەرىجىسىدە باش ئاغرىش شىددەتلىك بولىدۇ ھەم باش قېيىش، سەزگۈلەر سۇسلىشىش ياكى تەخمىنەن بىھوشلۇق بولىدۇ، ئاندىن كېيىن قىزىتما دەرىجىسىدە مۇكەممەل ھوشسىزلىق كۆرۈلىدۇ. خورەك تارتىپ نەپەسلىنىدۇ، كۆز قارىچۇقلىرى كېڭەيگەن ھەمدە ھەرىكەتسىز بولىدۇ، پۇت - قوللىرى بوشىشىدۇ، ھوشسىزلىق ھالىتى 10 ~ 12 سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە مەزگىلگىچە تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن تەرلەش دەرىجىسىدە تەدرىجىي سەزگۈ نورماللىشىدۇ.

بەزى ھالەتلەردە جۆيلۈش ۋە ئۆتكۈر جۇنۇن كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، بىمار ۋارقىراپ ماڭىدۇ، خاتا تۆھمەتلەر ۋە سېزىمسىزلىقنى ئىزھار قىلىدۇ، بۇ ھالەتتە بىماردا بەزىدە سۇباتنىڭ

كەيپىياتى بولىدۇ ھەم ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى تەدرىجىي ئۇيقۇ غەلىبە قىلغان بولىدۇ ھەممە ئۇ ساقىيىدۇ، بۇ كېسەللىكتە بەزى ھالەتلەردە ئۆلۈم شۈبھىسى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: نەپەسلىنىش توختاش، قەۋزىيەت ۋە يۈرەك ھەرىكىتى غەيرىي سېزىلىش بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا تەشەننۇجنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ھارارەت شۇقەدەر ئۆتكۈر بولىدۇكى، ئۇپ ئۆتۈپ كېتىشتىن بولغان سەكتىنىڭ گۇمانى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزى ۋاقىتلاردا قىزىقلىق دەرىجىسىدىن كېيىن ياكى بۇ دەۋرىدە ھارارەت ناھايىتى كۆپ كېمىيىدۇ، قۇۋۋەتلەر ئاجىزلايدۇ، پۈتۈن بەدەن ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ، ئېغىزىدا ھارارەت 86 ~ 88 كىچە ۋە قولتۇقتا 84 كىچە بولىدۇ، چىرايى ئۆڭىدۇ ھەممە تەرلەش بىلەن ھۆل بولىدۇ، بەزىدە قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشمۇ بولىدۇ.

بەلغەمى ئۇنىڭ دەۋرى ئومۇمەن بەلغەمى قىزىتمىغا ئوخشاش ھەر كۈنى كېلىدۇ، بەدەن بوش ۋە يۈزىدە ئېسىلەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ ماددىلىرى قاتتىقلىق بىلەن چىقىرىلسا، ئۇ ھوشىدىن كېتىدۇ، ئەگەر كۈچلەندۈرۈش خىيالى بىلەن بىمارغا غىزا بېرىلگەن بولسا، قىزىتما ئۆرلەيدۇ، ئەگەر غىزا توختىتىلسا، ئاجىزلاش بىلەن بىمار ئورۇقلاپ كېتىدۇ.

سەپراۋى بۇ قىزىتمىنىڭ دەۋرى كۆپىنچە ئۈچىنچى كۈنى كېلىدۇ ۋە بۇ كۆپىنچە ئىنتايىن قۇرۇق ئىسسىق مىزاجدىكى كىشىلەردە بولىدۇ، يۈز ۋە بەدىنى ئىنتايىن تېز ئورۇقلايدۇ، كۈچى پەقەت بىر ~ ئىككى دەۋرلەردە يوقىلىدۇ.

داۋالاش

بەلغەمدىن بولغىنىنى داۋالاش يەڭگىل، ئازراق ئۆتكۈر بولغان ھۆقنە قىلىنىدۇ، يىرىك رەختلەر بىلەن پۈتۈن بەدەن ئۇۋۇلىنىدۇ.

بۇنىڭ ئۇسۇلى ئۇۋۇلاش پاچاقلاردىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ يۈزلىنىشى ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە بولىدۇ، ئاندىن كېيىن يوتىلىرى، ئاندىن كېيىن ئېغىزمان ۋە كۆكرەك ئۇۋۇلىنىدۇ، بۇ تەرتىپتە ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا بىماردا ئاجىزلىق كېلىشكە باشلايدۇ (نەفىس).

بىمارنى ئوبدان ئۇخلىتىش، قورساق ئاچقان ۋە تۇتقاقلىق كېلىدىغان ۋاقىتتا ئارپا سۈيى شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن تاتلىق قىلىپ ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئارپا سۈيى بىلەن غىزانى كۆپەيتىش زۆرۈرىيىتى بولسا، شېكەر سۈيى (شەربىتى) گە

نان چۆكۈرۈپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ھەر ئەتىگەندە 4.5 گىرام كەرەپشە ئۇرۇقىنى قاينىتىپ، سىركەنجۇبىل ھەسىلى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەپرادىن بولغىننى داۋالاش كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئارپا سۈيى ۋە ناخۇش ئانارنىڭ سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن ھەر ۋاقىت ئىچكۈزۈلىدۇ، ئالما، بېھى، تۈز تەرخەمەك، ئەگرى تەرخەمەككە ئوخشاش سوغۇق مېۋىلەر مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ يېگۈزۈلىدۇ، كۆكرەككە سەندەل ۋە گۈلابنىڭ زىماتى چېپىلىدۇ. دەۋرى كېلىدىغان ۋاقىتتا ناخۇش ئانار سۈيى بىلەن نان يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ھوشىدىن كەتكەن بولسا سۇيۇق غىزا گالغا قۇيۇلىدۇ ياكى ئىنتايىن سوغۇق سۇغا شاراب ئارىلاشتۇرۇپ ۋە بۇنىڭدا ناننى ئېرىتىپ گالغا قۇيۇلىدۇ تاكى ئەزالارغا تېزدىن يېتىپ بارسۇن.

پايدىلىق سۆز بىھوشلۇق ۋە باشقا ۋاقىتتا ئېغىزىغا سوغۇق سۇ تېمىتىلىدۇ، باش ئۈستىگە گۈلاب ۋە مۇز قويۇلىدۇ، سۇيۇق پۇرىتىلما پۇرىتىلىدۇ، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن، مەسىلەن: 0.48 گىرام جاۋاھىر مۆھرەنى 12 گىرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ ياكى بەش گىرام مۇپەررىھى ئەئزەم 72 گىرام ئەرقى گۈلاب، 72 گىرام ئەرقى بىدمۇشكى، 24 گىرام ئانار شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر بىھوشلۇق ۋە باشقىلار يوقالسا، ماددىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىلاجى مۇۋازىبە ياكى مۇھرىقەنىڭ ئۇسۇلىدا قىلىنىدۇ.

ئارىلاش قىزىتما (ھۇممىياتى مۇختەلىتە)

تەرتىپسىز قىزىتما تۇتۇش ۋاقتى تەرتىپلىك بولمايدىغان قىزىتما نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

1. **ئىششىقلار** بۇ بەزىدە بەزى ئەزالارنىڭ ئىششىقىدىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: بۆرەك ئىششىقى، بالىياتقۇ ئىششىقى، ئۈچەيلەر ئىششىقى قاتارلىقلار. ئەگەر سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا، تەرتىپسىز تۈردىكى قىزىتما ئاشكارا بولىدۇ.

ئالامىتى ئىششىق تېپىلىدۇ.

داۋالاش ئىششىقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

خاتا چارە بەزىدە يېمەك - ئىچمەك ياكى بىرەر باشقا نەرسىدىكى تەرتىپسىزلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ پەرھىزسىزلىكلەردىن ناچار ماددىلار پەيدا بولۇپ ئاسان

ئوفۇنەتلىنىدۇ ۋە ھەربىرى ئۆز تەبىئەتلىرىگە مۇۋاپىق قىزىتما پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ دەۋرلىرىنىڭ بىرەر خاس نىزامى بولمايدۇ. بۇ قىزىتمىلارنىڭ تۇتقاقلىقىنىڭ كېلىش ۋە قايتىش سەۋەبى پەرھىزسىزلىكنىڭ قايتىلىنىشى ۋە تەكرارلىنىشى بولىدۇ، ماددىلارنىڭ دەۋرلىك ھالدا قايتا - قايتا كېلىپ قۇيۇلۇشى بولمايدۇ، بۇلاردىن غىب ۋە رۇبئىگە ئوخشاش قائىدىلىك تۇتقاقلىقلار كېلىدۇ.

داۋالاش پەرھىزسىزلىكنىڭ مۇناسىپ چارىسى قىلىنىدۇ.

خىلىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى بەزىدە بۇ تۈردىكى قىزىتما خىلىتلارنىڭ باشقا نامەلۇم كۆيۈشى ۋە كۆيۈپ كۆل بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەر مەۋجۇت بولمايدۇ، بۇ قىزىتما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىغا ئۆزگىرىدۇ.

داۋالاش بەزىدە ئىستىفراغ قىلىش (ماددىنى چىقىرىش) ۋە بەزىدە كافۇرغا ئوخشاش مۇتفىيات (قىزىتمىنى يوقاتقۇچى دورا) بېرىلىدۇ.

ئىنفىيالۇس (ئەفيالۇس)

يۇقىرىقى مەخسۇس تۈرلەردىن باشقا خىلىتلىق قىزىتمىلار (ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار) نىڭ يەنە باشقا بىرقانچە تۈرلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇلار مەخسۇس ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئالامىتى ئارقىلىق تونۇلىدۇ، بۇ ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە ئۇنىڭ نامى قويۇلغان. شۇڭلاشقا بۇ قىزىتمىنىڭ نامى ئىنفىيالۇس ياكى ئەفيالۇستۇر. بۇنىڭدا بەدەن ئىچى سوغۇق، سىرتى قىزىق مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش مۇۋازىبەنىڭ ئۇسۇلىدا داۋالىنىدۇ.

ليفوريا ئىچىدىن قىزىپ، سىرتىدىن توڭلايدىغان قىزىتمىنىڭ نامى ليفورىيادۇر. بۇنىڭدا بەدەننىڭ ئىچى قىزىق، سىرتى سوغۇق بولىدۇ.

ئۆتكۈر تۈرى بۇ قىزىتما بەزى ۋاقىتلاردا بۇ قەدەر ئۆتكۈر بولىدۇكى، ئىسسىقلىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئىچى قىزىشقا باشلايدۇ. تىلى قارا، تومۇرى چوڭ، ئۇسسۇزلۇق ۋە بىئاراملىق ئۆتكۈر بولسا، بۇ ناچار ئالامەت دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى بۇ، ئىچكى زىيانلىق ماددا (ئەزىيەت بەرگۈچى سەۋەب) نىڭ ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۈچلەر، روھلار بۇ ھالەتتە سىرتقى ئەزالارنى تاشلاپ ھەممىسى ئىچىگە يۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىرتقى ئەزالار ئىسسىقلىقتىن خالىي بولىدۇ.

يەڭگىل تۈرى بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما بۇ دەرىجىدە قاتتىق بولمايدۇ ۋە يەرلىك ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كەلمەيدۇ.

ئەسكەرتىش لىيفورىيا ئادەتتە تۇتقاقلىق بىلەن كېلىدۇ، بەزىلىرى دائىمە لازىمە ھالىتىدە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۈچىنچى كۈنى ئۆتكۈرلۈك بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ بىلەن بەدەندە بەلغىمى ئىمتىلا بولىدۇ، بەزىدە سەپراۋى ئىمتىلا بولىدۇ.

داۋالاش مۇۋازىبەنىڭ ئۇسۇلىدا داۋالىنىدۇ، بەدەندىكى ئىمتىلاغا قاراپ سەپرا ياكى بەلغەمگە رىئايە قىلىنىدۇ.

ئەفيالۇس ۋە لىيفورىيا بەزىدە بەدەننىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى تەرىپىدە ئىسسىقلىق ھەم سوغۇقلۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسى سېزىلىدىغان ھالەت پەيدا بولىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەفيالۇس ۋە لىيفورىيا ئىككىلىسىنىڭ سەۋەبلىرى توپلانغان بولىدۇ. بىرىنچىسىدە، ئىچىدە قىزىقلىق پەيدا بولۇپ، سىرتىدا سوغۇقلۇق بولسا، ئىككىنچىسىدە، ئىچىدە سوغۇقلۇق بولۇپ، تېشىدا قىزىقلىق بولىدۇ.

قوشۇمچە بۇ دەسلەپتە ئېيتىلىپ بولغانكى، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئالامەتلىرى ساناقسىزدۇر، مەزكۇر قىزىتمىلارنىڭ بارلىق تۈرلىرى پۈتۈن ئەگەشمە كېسەللىكلىرى بىلەن بىرگە كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ساناقسىز تۈرلىرىدىن ئەفيالۇس، لىيفورىيا ۋە غەشيە قاتارلىقلار بار.

ئاددىي جۇغ - جۇغ (ساددە لەرزە) بەزىدە دەۋرلىك تىترەش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەندە ئىسسىقلىق پەيدا بولمايدۇ ۋە قىزىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئازلىقى. بۇ بەدەندە دەۋرلىك ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە مۇسكۇللارغىچە يېتىپ بېرىپ ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن قىزىتما پەيدا قىلمايدۇ.

داۋالاش غىزاسىدا لاتاپەت پەيدا قىلىنىدۇ، بەلغەم چىقىرىلىدۇ، سۈيدۈكى راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئەمگەك ۋە مۇشەققەت ئارقىلىق تەرلىتىلىدۇ. بۇ چارىلەر ئىچىنى سۈرگەنگە سېلىشتۇرغاندا ياخشىدۇر.

قاندىن بولغان دائىمىي قىزىتما (ھۇمما مۇتبىقە)

بۇ قىزىتمىنىڭ نامى مۇتبىقە دەپ كېچە - كۈندۈز قىزىتمىنىڭ بىردەك ئۆرلەپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان. مۇتبىقە لۇغەتتە كۈندە ئۆرلەيدىغان قىزىتمىغا ئېيتىلىدۇ.

ھۇمما مۇتبىقەنىڭ شىددەتلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈرى بولىدۇ. بىرى، مۇتبىقە غەليانىيە؛ يەنە بىرى، مۇتبىقە ئۇفۇنىيە.

بىرىنچى تۈرىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى نىسبەتەن يەڭگىل ھەم مۇددىتىمۇ قىسقا بولىدۇ. بۇنىڭ نامى سونۇخۇس يەنى شابە (ياكى شابەقەۋىيە) بولىدۇ.

شابە (سونوخۇس) ھۇمما مۇتبىقە ھۇمما دەمۋىيە لازىمەگە ئېيتىلىدۇ (يەنى قاندىن بولغان قىزىتمىغا ئېيتىلىدۇ)، بۇ ھەر ۋاقىت ئۆرلەپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە قاننىڭ قىزىشى ۋە قاندا قايناشنىڭ بولۇشى بولىدۇ.

قىزىش ۋە غەليان بۇ قىزىتمىنىڭ نامى سونوخۇستۇر، بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ھەمىشە تۇرۇشتۇر. باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا سونوخۇسنىڭ مەنىسىمۇ مۇتبىقە بولىدۇ.

قاننىڭ قىزىشى ۋە قاينىشىنىڭ سەۋەبى توسالغۇ بولىدۇ، بۇ قان تومۇرلاردا قاننىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ.

قان ۋە باشقا ماددىلارنىڭ كۆپلۈكى بەزى ۋاقىتلاردا توسالغۇنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يەرقاندا تېپىلىدۇ. بەزىدە قاندىكى ئىسسىقلىق ۋە قايناش باشقا سەۋەبلەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارنىڭ سەۋەبلىرىدىن زىيادە بولىدۇ.

قارىمۇقارشى قاراش جالىنۇس بۇ قىزىتمىنى بىر كۈنلۈك قىزىتمىلارنىڭ تۈرلىرىدىن سانايدۇ ۋە ئىبنى سەرافيۇنمۇ مۇشۇ قاراشتا. لېكىن باشقا تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە بۇ قىزىتما ئەمەلىيەتتە بىر مۇستەقىل تۈر بولۇپ، بۇنى ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلاردىن ۋە ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىدىن ساناشقا بولمايدۇ.

ئالامىتى يۈز ۋە كۆزلىرى قىزىل، بەدەن تومۇرلىرى كۆپۈشكەن بولىدۇ. بەدەندە ئېغىرلىق ۋە بوشاڭلىق بولىدۇ. تومۇرى چوڭ سوقىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى قىزىل ۋە قويۇق بولىدۇ ھەمدە قان غالىبلىقىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ ھەم بۇ قىزىتما تىترەش ۋە يەڭگىل تىترەش بولماي باشلىنىدۇ، بۇ قىزىتما كۆپىنچە يەتتە كۈنگىچە يوقايدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە قان بىمار ھوشىدىن كېتىشكە يېقىن بولغۇچە چىقىرىلىدۇ، بۇ قىزىتما قان ئالغاندا تولۇق تۆۋەنلەيدۇ. ئاندىن كېيىن قاننى سوغۇق ۋە قويۇق قىلىدىغان شەربەت ۋە رۇب، مەسىلەن: زىرىشك رۇببىسى، خام ئۈزۈم رۇببىسى، تۇرۇنجى چوكەسى، ئانار رۇببىسى ۋە ئانار شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە غىزا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ، تاكى قان ئاز پەيدا بولسۇن. غىزاسىغا نوقۇت ۋە سىركە بېرىلىدۇ.

مۇتبىقە ئوفۇنىيە: بۇنىڭ نامى مۇتبىقە ئوفۇنىيە دەپ، بۇنىڭدا ئۆتكۈر ئوفۇنەت بولغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان. مۇتبىقە ئوفۇنىيە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

① يۇقىرىلىغۇچى (مۇتەزائىدە) قىزىتما؛ ② كېمەيگۈچى (مۇتەناقىسە) قىزىتما؛ ③ تۇراقلىق (مۇتەساۋىيە) قىزىتما.

1) يۇقىرىلىغۇچى قىزىتما: بۇ تۈردىكى قىزىتما ئۆتكۈرلىشىپ ماڭىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ ۋە كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇ تارقاش مىقدارىدىن قاندا بۇزۇلۇش زىيادە بولغاندا بولىدۇ، بىرىنچى، قاندىكى ھۆللۈك ۋە سۇ كۆپ بولىدۇ؛ ئىككىنچى، تەبىئەت (بەدەننى قۇۋۋەتنى مۇدەببىرە) بولۇپ، قاننى تولۇق قوغداشتىن ئاجىز بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئوفۇنەتلىنىشمۇ تېزلىك بىلەن تارقايدۇ ۋە كۈچمۇ قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىپ بولغان بۆلىكىدىكى ئوفۇنەتنى تارقىتىشقا قادىر بولالمايدۇ، بۇ ھالەتتە ئاشكارا بولىدۇكى، قىزىتما داۋاملاشقاندىن كېيىن زىيادە تارقاشتىن بۇزۇلۇش بولىدۇ.

2) كېمەيگۈچى قىزىتما: بۇ تۈر قىزىتما ئاخىرلاشقىچە باراۋەر تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تۆۋەنلەپ بارىدۇ). بۇ بۇزۇلۇش بىلەن تارقاشنىڭ مىقدارى زىيادە بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ. بۇنىڭ مەزكۇر سەۋەبلىرى يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ.

3) تۇراقلىق قىزىتما: بۇ قىزىتما باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بىر ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ تارقاش ۋە بۇزۇلۇش ئىككىسى باراۋەر بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھالەتتە بولىدۇ ياكى قىزىتمىنىڭ كېمىيىشى ۋە ئېشىشىنىڭ سەۋەبلىرى بىرگە توپلانغانلىقى بولىدۇ.

ئۈچ تۈرلۈك قىزىتما ئىچىدە ناچارراق بولغان تۈرى يۇقىرىلىغۇچى قىزىتمىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئوچۇقتۇر.

ئالامىتى سونوخۇسنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بىئاراملىق ھەم كۆيۈشۈش سېزىمى زىيادە بولىدۇ، نەپەسلىنىشتە تۇتقاقلىق دەم سىقىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، نەپەسلىنىش چوڭ ۋە ئارقىمۇئارقا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ قىزىتمىنىڭ نامى رىۋىيە (تۇتقاقلىق دەم سىققۇچى) بولىدۇ. بۇ ھالەتتە بەزىدە مېڭە ياكى قورساقنىڭ بەزى قىزىل قان تومۇرلىرىمۇ يېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن قانايدۇ ياكى قانلىق قۇسۇق كېلىدۇ ھەمدە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى نەپەسلىنىشى توختايدۇ، يەنى بىمار تۇيۇقسىز بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى قان يۈرەك بوشلۇقى تەرەپكە بېرىپ قۇيۇلىدۇ، خەنناق قەلبى (يۈرەك بوغمىسى) پەيدا بولىدۇ. يەنى يۈرەك بوغۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەپەس يېتىشمەيدۇ ھەمدە تۇيۇقسىز ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئۈچۈن تەمرى ھىندى ۋە ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ (بۇ پوستى بىلەن سىقىلغان بولسۇن)، ئارپا سۈيى ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى ئۆچۈرگۈچى سوغۇق شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: چىلان شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى قاتارلىقلار. سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم قۇرسى كافۇر يېگۈزۈلىدۇ.

ئىبنى سەرافىيون ئېيتقانكى، رەئىس ئەزالار تەبىئىي سوغۇقلۇق سۇ ئىچىش ۋە سوغۇق يەتكۈزۈش بىلەن نورماللىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قۇۋۋەت بېرىدۇ ۋە ئۇلار تەرەپكە نورمال خىلتلار سۈمۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غىزا ھاسىل بولىدۇ ۋە نورمالسىز ماددىلار تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۇلاردىن ئازراقىنى ئىچكى ئەزالار تەرەپكە ۋە ئازراقىنى تېرە تەرەپكە ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

قان ئېلىشتىكى ئىختىلاپ بۇ ئوچۇقكى، قان ئوفۇنەتلەنگەن ھالەتتە جالىنۇس قان ئېلىشقا قارشىدۇر. ئۇ مۇشۇنداق قاننى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، مۇۋاپىق غىزالار بېرىلىدۇ ۋە جىگەر كۈچلەندۈرۈلىدۇ تاكى ياخشى قان پەيدا بولۇپ ناچار، پاسكىنا قان بىلەن بىرلەشسۇن. قان ئېلىش قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەت كۈچلۈك تۇرىدۇ، ئۇ، ئوفۇنەتلەنگەن قاننى تەر بۇخاراتى ۋە كىچىك تەرەتتىكى رۇسۇب ئارقىلىق چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىگەر ۋە قان تومۇردىكى قان تەدرىجىي ياخشىلىنىدۇ، دېگەن.

ئىنچىكە نۇقتا بەزى كىشىلەرنىڭ خىيالىكى، ھۇمما مۇتبىقەنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ نامى سونوخۇسدۇر، ئىككىنچى تۈرىنىڭ نامى شابەدۇر، بۇ ياش كىشىلەردە ئوفۇنەتتىن خالىي بولىدۇ ۋە بۇنىڭغا دەلىل توغرا كېلىدۇكى، بۇنىڭ ھارارىتى ۋە بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئىككىنچى تۈردە نىسبەتەن يەڭگىل بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆيۈشۈش ۋە ئەزىيەت ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇددىتى قىسقا بولۇپ، تەخمىنەن 7 ~ 8 كۈن بولىدۇ. بۇ دەلىل شۇنچە ئاجىز بولىدۇكى، بۇنى روشەنلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. خۇددى نەرسىلەرنىڭ چىقىش دەرىجىلىرى بولغىنىدەك ئوفۇنەتنىڭمۇ دەرىجىلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىل بولىدۇ. ئوفۇنەتنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ چېگراسى چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تا ھازىرغىچە ھېچكىم ئېيتمىغان.

ئىششىقتىن بولغان قىزىتمىلار (ھۇممىياتى ئەۋرام) بۇ، قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدىكى بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدىغان قىزىتمىدۇر، يەنى بۇ ئەمەلىيەتتە ئىششىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مېڭە پەردىلىرىنىڭ ئىششىقىدىن پەيدا بولغان قىزىتما، مەسىلەن: نەپەسلىنىش ئەزالىرى (ئۆپكە ۋە باشقىلار) نىڭ ئىششىقىدىن پەيدا بولغان قىزىتما ياكى ئاشقازان ئىششىقى،

جىگەر ئىششىقى، بۆرەك ئىششىقى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان قىزىتما قاتارلىقلار، بۇ بارلىق قىزىتمىلارنىڭ بايانى ئۇ ئەزالار ئىششىقىدا بايان قىلىنغان.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (ھۇمما مەئۋىيە)

ھۇمما مۇتبىقە — بىزنىڭ تېۋىپلار، مەسىلەن: ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ساھىبى كامىل، ئەبۇ سەھىل مەسىيھا قاتارلىقلارنىڭ كۆزقارىشى، ئەگەر قان بىرەر سەۋەبتىن بۇزۇلغان بولسا، بۇنىڭدىن ھۇمما مۇتبىقە كۆرۈلىدۇ، يەنى قاننىڭ ئۇفۇنەتىدىن بۇ قىزىتما پەيدا بولۇپ ئارقىمۇئارقا ئۆرلەيدۇ، ئاشكارا ھالەتتە ئۇنىڭدا باشقا ھۇممىياتى مۇفەتتىرەگە ئوخشاش ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن ئەگەر ئىنچىكە ئويلىنىش قىلىنسا، ئىنتايىن ئاسانلىق بىلەن بۇ نەتىجە ھاسىل بولىدۇكى، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىمۇ بىر تۈردىكى ھۇمما مۇتبىقەدۇر. بۇ قەۋەتىسمان ھالەتتە ھەر ۋاقىت ئۆرلەيدۇ ۋە بۇنىڭدا قاندا ئۇفۇنەتلەنگەن ماددىلار مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ ئۇفۇنەتنىڭ ئۇفۇنەت مەركىزى ئۈچەيلەردىدۇر، بۇ يەردىن ئۇفۇنەتلەنگەن ماددىلار سۈمۈرۈلۈپ قانغا قوشۇلىدۇ.

ھۇمما دەمۋىيە ئۇفۇنىيە (مۇتبىقە) توغرىسىدا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى، ئەگەر بۇ قىزىتمىدا مۈگدەش ۋە قاتتىق ئۇيقۇ غالىب بولسا، قورسىقى كۆپسە ۋە قورساقنى چېكىش بىلەن دۇمباق ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلانسا ھەمدە ئىچى سۈرۈش بىلەن ماددا پىشمىسا، بىمار ئىنتايىن بىقارار بولسا ھەم ئىچى سۈرۈش بىلەن بىرەر پايدا بولمىسا، يەنە بەدەنگە كۆك رەڭلىك كەڭ مۇدۇر - چاقىلار (ھۇسىق) چىققان بولسا، جەزم قىلىش لازىمكى بىمار ئۆلۈمگە يېقىندۇر.

بۇ كېسەللىك (موتى جەرە) نىڭ نامى ھۇمما مەئۋىيە دەپ شۇ سەۋەبتىن قويۇلغانكى، بۇ قىزىتمىدا ئۈچەيلەر كېسەللىنىدۇ، يەنى ئەسلىي كېسەللىك ماددىسى بۇ يەردە بولىدۇ ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا ناچار تۈردىكى زەخىم بولىدۇ ھەم ئۈچەيدە تۆشۈك بولىدۇ. مەئۋىيە — ئۈچەيلەرگە مۇناسىۋەتلىك، ئۈچەيلەر تەرەپكە مەنسۇپ دېگەن مەنىدە.

موتى جەرە بىزنىڭ دۆلەتتە بۇ قىزىتمىنى موتى جەرە دەپ بۇ سەۋەبتىن ئاتايدۇكى، بىمارنىڭ كۆكرەك، قورساق ۋە بويىندا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەرۋايىتقا ئوخشاش مۇدۇر - چاقىلار كۆرۈلىدۇ، بۇ سۆز ئىككى مۇرەككەباتتىن مۇرەككەپ بولىدۇ، بىرى موتى، يەنە بىرى جەرە. جەرە ھىندىچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى قىزىتمىدۇر.

تىفۇدەس بۇ، يۇنانچە سۆز بولۇپ، بۇ بىر ئوخشىتىش سۆزىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى

ھوشسىزلىقتۇر. چۈنكى بۇ قىزىتمىدا ئەقىل ئېلىشىش، بىھوشلۇق ۋە مۇگدەش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ نام قويۇلغان.

مەن بۇ سۆزنى ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ مەشھۇر كىتابى ھۇممىياتى قانۇنىدا ئۇچراتتىم. ھۇممىياتى بەلغىمى توغرىسىدا بۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرىنى بايان قىلىپ يازغانكى، ھۇممىياتى بەلغىمىيەنىڭ بىر خاس تۈرىنى لەيفۇرىيائى سەپراۋى، يۇنانچە تىفۇدەس دەپ ئاتىغان. گەرچە بۇ ئورۇندا لەيفۇرىيانىڭ بىر خاس تۈرىنىڭ ئوچۇق ۋە تەپسىلىي ئالامەتلىرىنىڭ تەزكىرىسى يوق، شۇنداقتىمۇ مۇمكىنكى بۇ ۋاقىتتا بۇ سۆز بىرەر قىزىتما ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا، بۇنىڭ ئالامەتلىرى موتى جەرەنىڭ ئالامەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

مۇتبىقە بەتىيە ۋە ئىسھالىيە: موتى جەرە بەزى ۋاقىتلاردا مۇتبىقە بەتانىيە ۋە مۇتبىقە ئىسھالىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سەۋەبىدىن ئاشكارىدۇر.

ھۇمما مەئۋىيەنىڭ تۈرلىرى: بەزىدە ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈش ئېتىبارى بىلەن ۋە كېسەللىك ماددىسىنىڭ تۈرلىرى ئېتىبارى بىلەن ھۇمما مەئۋىيەنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بولىدۇ. لېكىن نۇرغۇنلىغان بىمارلاردا كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن داۋالىغۇچى بىمارنى كۆرۈپ، بۇ ھۇمما مەئۋىيەنىڭ قايسى تۈرى ئىكەنلىكىنى ئاسانلىق بىلەن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. لېكىن بىر خاس سۆز بايان قىلىشقا لايىقتۇر، بۇنىڭ بىلەن داۋالىغۇچىلار ناھايىتى زىيادە مەنپەئەتلەنگۈچى بولىدۇكى، يەنى ھەممە تۈرىنىڭ ئىلاجى بىرلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بۇ ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈلمىسىمۇ ئۇنى ئەمىلى داۋالاشتا بىرەر ئىختىلاپ يۈز بەرمەيدۇ. بۇ پەرق ۋە ئايرىش ئۈچۈن ئىككى نام تاللىنىلىدۇ.

1. ھۇمما مەئۋىيە: بۇنىڭ ئىككى ئۆتكۈر تۈرىدە ئۆلۈم كۆپ كۆرۈلىدۇ.
2. ھۇمما مىسرانىيە: بۇنىڭ يەڭگىل تۈرىدە ئۆلۈم نىسبەتەن ئازراق كۆرۈلىدۇ. مەئۋىيە ۋە مىسرانىيەنىڭ لۇغەت مەنىسى شەكلى جەھەتتىن بىرلا بولىدۇ.

مىسران — مىسرىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئۈچەيدۇر. دەسلەپتە بىز ئۆتكۈر تۈرى، يەنى ھۇمما مەئۋىيەنىڭ بايانىنى قىلىمىز. بەزى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن تېۋىپلار يازغانكى، توغرىسى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىلگىرىكى تېببىي كىتابلاردا ھۇمما مەئۋىيە روشەن ئۇسۇلدا بايان قىلىنمىغانىدى. لېكىن مىلادىيە 1851 - يىلىدا ھەممىدىن ئىلگىرى ھۇممى مەئۋىيە تەتقىقاتى بولغان ۋە ئۇنىڭ روشەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشكارا قىلغان. ھازىر قىزىتمىنىڭ بۇ تۈرىدە ئىنتايىن روشەن ئەھمىيەت ھاسىل قىلىنىپ، دۇنيا بۇ كېسەللىكتىن ياخشى خەۋەردار قىلىندى.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (ھۇمما مەئۋىيە) I

تونۇش ھۇمما مەئۋىيە بىر تۈردىكى دائىملىق ۋە يۇقۇملۇق قىزىتمىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەر خاس ھالەتتە كېسەللىنىدۇ. بۇ قىزىتما 21 كۈن ياكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۇددەتكىچە تۇرىدۇ. ئومۇمەن بەدەن ئۈستىدە مەرۋايىتتەك ئاق ۋە نېپىز مۇدۇر - چاقىلار كۆرۈنىدۇ ياكى ئاق رەڭلىك، قىيامدا گۇلابغا ئوخشاش قورساق، كۆكرەك ۋە ئېغىزمان ئۈستىدە ئاشكارا بولىدۇ.

ماھىيىتى بۇ بىر تۈردىكى مۇتبىقە قىزىتمىسىدۇر. بۇ قاننىڭ مەخسۇس ئوفۇنەتتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئوفۇنەت مەركىزى ئۈچەيلەردۇر. بۇ يەردىن بۇ مەخسۇس ئوفۇنەت قانغا قوشۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ سەۋەبتىن زەھەر پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىر خاس تۈردىكى جاراسىمدۇر، بۇ خاس ھالەتتە ئىنچىكە ئۈچەيلەرنىڭ غۇددۇدى مۇجتەمىئەسىدە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە يارا پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتە بارلىق ئۈچەيلەرنىڭ غۇددۇدى مۇجتەمىئەسى ۋە غۇددۇدى جازىبە مائىيەسىدە تېپىلىدۇ ھەم جىگەر، تال، ئۆت، مېڭە پەردىسى ۋە سۆڭەك يىلىكىدىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ جاراسىم كېرەكسىز ماددىلارنى چىقارغۇچى ئەزالار، مەسىلەن: جىگەر، ئۆت، ئۈچەيلەر ۋە بۆرەكلەردىن چوڭ - كىچىك تەرەت ئارقىلىق چىقىپ كېتىپ تۇرىدۇ ھەمدە كېسەللىكنى باشقا بىمارلارغا يۇقتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تۈكۈرۈك ياكى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى، ئۈچەي قاتارلىقلارنىڭ جاراھەتلىرىدىن سىرتقا چىققان يىرىڭدىنمۇ يۇقىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ قورساق تېرىسى قاتارلىقلار ئۈستىگە چىقىدىغان كېسەللىك مۇدۇر - چاقىلىرىدىنمۇ بولىدۇ.

يۇقۇش كەيپىياتى بۇ قىزىتمىنىڭ يۇقۇشىنىڭ ھەممىدىن چوڭ ۋاستىسى بىمارنىڭ چوڭ تەرىتىدۇر. لېكىن بىمارنىڭ تۈكۈرۈك، تەر ۋە كىچىك تەرىتىدىنمۇ بۇ كېسەللىك يۇقىدۇ. يېزا بازىرى ۋە يېزىلاردا بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىش سەۋەبى ئومۇمەن كۆل ياكى قۇدۇقنىڭ سۈيىگە بىمارنىڭ چوڭ تەرىتى قوشۇلۇش ھەم خام سۈت، بازاردىكى ئېھتىياتسىزلىق بىلەن تەييار قىلىنغان يېمەك - ئىچمەكلەر، بۇلغانغان سۇ بىلەن سۇغىرىلغان كۆكتاتلار، بىمارنىڭ قاچىسى، كىيىمى ياكى بىمار ئىشلىتىدىغان سايمانلاردىن ئىككىنچى كىشىگە يۇقىدۇ، ھەتتاكى بۇ كېسەللىكتىن ساقايغاندىن كېيىنمۇ تەخمىنەن 5% كىشىدە بۇ كېسەللىكنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرى ۋە زەھىرى ئايلارغىچە بەلكى يىللارغىچە چىقىپ تۇرىدۇ.

بەزى تەھقىقلىگۈچىلەر ئېيتقانكى، داۋالىغۇچىلار ۋە پەۋرىش خادىملىرىغا بۇ كېسەللىك بىمارلار بىلەن يېتىپ بارمايدۇ، بەلكى كۆپرەك چوڭ تەرەت ئۇنىڭ يۇقۇش ۋاستىسى بولىدۇ.

مەيلى بۇ كېرەكسىز ماددىلار قايسى ئۇسۇلدا باشقىلارغا يېتىپ بارسۇن.

سەۋەبى پەسىل، ياش، تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقلىرىنىڭ بۇ كېسەللىككە روشەن تەسىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قىزىتما دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر بولىدۇ، لېكىن ئىسسىق دۆلەتلەردە بۇ ئۆتكۈررەك بولىدۇ ھەم ياز پەسلى ۋە يامغۇرلۇق پەسىلدە خۇسۇسىيتى بىلەن زىيادە تارقىلىدۇ. ئەر ۋە ئاياللار تەخمىنەن بىردەك بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ، يەنى جىنسنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ بۇ كېسەللىكتە ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ. ياشلاردا بۇ كېسەللىك كۆپرەك بولىدۇ، بۇنىڭغا گىرىپتار بولغۇچىلاردىن تەخمىنەن 27% بىمار، يېشى 15 ~ 20 ياشنىڭ ئارىلىقىدا بولغانلار بولىدۇ ۋە 84% تىن ئارتۇق بىمار 20 ياشتىن ئاشقانلاردۇر، ياشانغانلار پەقەت 2%~1% نىلا ئىگىلەيدۇ. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كېسەللىك بەزىدە ۋابا شەكلىگىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

بىر قېتىم بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن بەدەندە بۇ كېسەللىككە قارشى مۇداپىئە كۈچى پەيدا بولىدۇ، بۇ ئومۇمەن ئۆمۈر بويى ساقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىك بىلەن 2 ~ 3 قېتىم كېسەللىنىدۇ، بەزى ئورۇنلاردا بۇ كېسەللىك ھەمىشە ۋابا ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى خاس جەمەتلەر ۋە خاس كىشىلەردە باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇنىڭ تەسىرى زىيادە بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلاردا خاس كېسەللىكتىن يۇقۇملىنىش شارائىتى تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاجىزلىق، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئويلىنىش، زەربە تېگىش ۋە بۇزۇلغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلار بۇ قىزىتمىنى پەيدا قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن تۇرالغۇ ئورۇننىڭ تار بولۇشى، ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقى ۋە تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىدا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مۇتىبىقە ھەزىيانىيە ۋە ھۇمما ناكسىيىيەدە بۇ نەرسىلەرنىڭ تەسىرى بولىدۇ.

ئالامىتى يوشۇرۇن دەۋرى — بۇ كېسەللىكنىڭ ئوفۇنەت ماددىسى بەدەنگە كىرىپ 10 ~ 15 كۈندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ماددا بىلەن يۇقۇملانغاندىن باشلاپ كېسەللىك ئاشكارا بولغۇچە ئارىلىقتىكى مۇددەت خاس ئۇقۇمدا يوشۇرۇن دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاز ساندىكى ھالەتلەردە بۇ مۇددەت پەقەت بەش كۈن بولىدۇ ۋە بەزىدە 22 كۈن بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ كېسەللىكنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى ئوخشاش بولمايدۇ. دەسلەپتە بىماردا سۇسلۇق ۋە ئىرادىسىزلىك سېزىمى بولىدۇ، ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ، پۇت - قولى ماغدۇرسىز بولۇپ، باشتا ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق سېزىلىدۇ، ئىشتىھاسى يوقايدۇ ۋە بەزىدە كۆڭلى ئېلىشىشمۇ بولىدۇ. بۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى مۇشۇنداق تەدرىجىي پەيدا بولىدۇكى، بىمار قايسى ۋاقىتتا ئۇنىڭ باشلانغانلىقىنى تەسلىكتە ئېيتىپ بېرىدۇ. بىمار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پالانى چاغدا ئۆزىدە

كېسەللىك بارلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ بارلىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن باش ئاغرىش زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە بۇنىڭ ھەممىدىن ئاشكارا شىكايىتى بولىدۇ. بىرقانچە كۈنلەردە بەزىدە ئىچى سۈرۈشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۈچۈن، بىرەر يۇمشاتقۇچى دورا ئىشلىتىلسە، بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈش ئارقىمۇئارقا باشلىنىپ، توختاپ قالىدۇ. قىسقىسى، بىمار پەقەت بەش ياكى ئالتە كۈنگىچە ياكى كۆپ دېگەندە بىر ھەپتىگىچە ياخشى - يامان ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك دەۋرى ئۇزىراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھارارەت دەسلەپكى 4 ~ 5 كۈنگىچە ھەر كۈنى شام ۋاقتىدا دەۋرلىك ئاشىدۇ ھەمدە ئەتىگەندە بىر دەرىجە كېمىيىدۇ، ھەتتاكى 103 ياكى 104 كىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارسا، يوشۇرۇن دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئەسلىي ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى باشلىنىدۇ، گەرچە بۇنى ئېنىقلاش ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ. لېكىن بەزى بىمارلاردا كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى كۈنى كەچتە ھارارەت 103 ياكى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ھالەت ئاشكارا بولسا، دەسلەپكى كۈنى ئېنىقلاشقا ئاسانلىق ھاسىل بولىدۇ. قىسقىسى، ئەگەر ھارارەت باشتا بىر قېتىم بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغان بولسا، ئومۇمەن 10 ~ 14 كۈنگىچە بۇ دەرىجىدە تۇرىدۇ، لېكىن ئەتىگەن ۋە كەچتە قائىدە بويىچە بىر دەرىجە يۇقىرىلاپ ۋە تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ. تومۇرى تېز، تولغان ۋە يۇمشاق، ئاشكارا ۋە بازغان ئۇرغاندەك سوقىدۇ. گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا تومۇرى ناھايىتى ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن قىزىتمىغا نىسبەتەن تومۇرنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى زىيادە سۇس بولىدۇ. بەزىدە تومۇرنىڭ سۈرئىتى بىر دەقىقىدە يۈزدىن زىيادە بولمايدۇ، بۇمۇ 102 ۋە 103 دەرىجە ھارارەت مەۋجۇت بولۇش بىلەن تومۇر سۈرئىتى پەقەت دەقىقىسىگە 80 بولۇشى، بەزىدە نەپەس تېزلىشىشىمۇ مۇمكىن. ئاز ساندا ئۆپكىنىڭ قىلقان تومۇرلىرىدا يەڭگىل ئىششىقمۇ تېپىلىدۇ.

7 ~ 10 كۈنگىچە بىماردا ھۇما مەئۇيىەنىڭ خۇسۇسىي ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. بىمارنىڭ سەزگۈلىرى سۇسلىشىدۇ، ئاڭلاش كۈچى ۋە ئەقىل - ئىدراكى تۆۋەنلەيدۇ. لېكىن ھۇما ھەزيانىيەدە سەزگۈ سۇسلىشىش تۆۋەن بولىدۇ. كۆزى پارقىراق بولىدۇ، كۆپىنچە كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ، چىرايى سېرىق بولىدۇ، يۈزىدە ئېسىلەڭگۈلۈك بولىدۇ ھەم كالپۇكى قارا بولىدۇ، تىلى قۇرۇق بولىدۇ، تىلىنىڭ ھەر ئىككى ئەتراپىدا گەز تېۋىتچىلىرى ۋە ئاق چۆكمە بولىدۇ، تىلىنىڭ ئۇچى ئەتراپى ۋە ئوتتۇرىدىكى قىسمى ساپ بولىدۇ. داۋاملىق باش ئاغرىش بىر روشەن ئالامەت بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بەزىدە بىمار بىئارام بولۇپ تۇۋلايدۇ.

بەزىدە كۆپلەپ تەر كېلىشكە باشلايدۇ ياكى بۇرنى قانايدۇ.

ھۇما مەئۋىيەنىڭ مۇدۇر ـ چاقىلىرى دەسلەپكى ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن يەنى 6 ~ 12 كۈنگىچە ئاق تەنلىك كىشىلەردە كۆكرەك، قورساق ۋە ئېغىزمانغا گۈلاب رەڭلىك كىچىك ـ كىچىك يۇملاق مۇدۇر چاقىلار چىقىدۇ، بۇ ئۆزئارا بىرلىشىپ گۈلابسىمان داغ پەيدا قىلىدۇ، بۇ گۈلابسىمان داغلارنى بېسىش بىلەن ئۇنىڭ قىزىللىقى يوقايدۇ ۋە يەنە قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ، بۇ ھۇما مەئۋىيەنىڭ مەخسۇس ئالامىتىدۇر. ھىندىستاندا كىشىلەرگە بۇ تۆردىكى قىزىل مۇدۇر ـ چاقىلار چىقمايدۇ، بەلكى ئاق ۋە پارقىراق، خەشخاشتىنمۇ كىچىك مۇدۇرچاقىلار ئاشكارا بولىدۇ. گۈلابسىمان نىشانلارنىڭ بىرەرى تېشىلىدۇ. بۇ ئاق مۇدۇر ـ چاقىلار ياكى گۈلابسىمان نىشانلار دەسلەپتە كۆكرەك ۋە قورساق ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ، مەزكۇر ئورۇنلاردىن باشقا يەنە بىرەر جايدا تېپىلمايدۇ، لېكىن بەزىدە كۆكرەك ۋە قورساقتىن سىرت يانپاش، ئېغىزمان، بىلەك ۋە يوتىلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا 10%~20% كىچە ئاق مۇدۇر ـ چاقىلار بولىدۇ، بەزىدە گۈلابسىمان داغلار تامامەن بولمايدۇ. ئومۇمەن ئۈچ ھەپتىگىچە بەزى ھالەتلەردە ئۇزاق مەزگىلگىچە يېڭى مۇدۇر ـ چاقىلار ياكى داغلار چىقىپ تۇرىدۇ ھەمدە كونىلىرى غايىب بولىدۇ، ھەربىر داغ تەخمىنەن 3 ~ 4 كۈندە غايىب بولىدۇ. بۇ گۈلاب رەڭلىك داغ تېرە يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ ۋە شەكلى يۇملاق بولىدۇ، لېكىن بۇ ئۇچلۇق بولمايدۇ، ئۇ نىشانلارنىڭ سانى بەدەندە 6 ~ 20 ياكى 30 غىچە بولىدۇ.

ئىككىنچى ھەپتىدە ئۈچەينىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، قورساق ئېسىلگەن ۋە كۆپۈشكەندەك مەلۇم بولىدۇ، قول بىلەن چەككەندە دۇمباق ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. قورساقنى تۇتقاندا يۇمشاق مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقمۇ بولىدۇ، لېكىن قورساق يۇمشاق سېزىلىشىنىڭ ئالامىتى ئاغرىققا سېلىشتۇرغاندا زىيادە ئومۇمىيدۇر، كىندىكنىڭ ئاستى ئوڭ تەرىپىدىكى ھۇفرە ھۇرقەفىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇننىڭ ئۈستىنى بېسىش بىلەن ئاغرىق بولىدۇ ۋە بەزىدە قولغا قورساق كۇركىرىغان ئاۋازمۇ سېزىلىدۇ. بۇ ئالامەتنى تەكشۈرۈشتە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش لازىم، ئۇنداق بولمىسا ئۈچەي يارىسىغا زەربە يېتىشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ.

ھۇما مەئۋىيەدە ئىچ سۈرۈشنىڭ بولۇشى بىر ئومۇمىي ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتتۇر، لېكىن ئۇنىڭ مۇددىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكىدە ئاز ـ كۆپلۈك بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دەسلەپكى ھەپتىدە بىر قاتتىق ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچەيلەر تۇسۇلىدۇ. 50% ~ 40% كىچە بىمارلاردا باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بىرەر دەۋردە ئىچ سۈرۈشنىڭ شىكايىتى مۇتلەق بولمايدۇ،

بەزى بىمارلاردا باشتىن - ئاخىرىغىچە ئىچى سۈرۈشنىڭ شىكايىتى مۇستەقىل ھالەتتە مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ھەر كۈنى ئۈچ، تۆت، بەش قېتىم ياكى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئىچى سۈرىدۇ. ھۇمما مەئۋيەدىكى ئىچ سۈرۈشنى تەرەتنىڭ مەخسۇس سېرىق رەڭلىك، مەخسۇس تۈردىكى، سېسىق پۇراقلىق ۋە قىيامى سۇيۇق بولۇش سەۋەبىدىن ئاسان ئايرىغىلى بولىدۇ. بەزىدە ئىچ سۈرۈشكە قانمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ، ئىچ سۈرۈشتە ئۇمۇمەن ھەزىم بولمىغان غىزانىڭ تەركىبلىرى، ئۈچەينىڭ يۈزەكى پەردىسى ھەم سەپرا تەركىبلىرى، ئۈچەي يارىسىنىڭ بۇزۇلغان تەركىبلىرى ۋە باشقا ئوفۇنەتلىك ماددىلار چىقىدۇ. بەزىدە ئۈچەي يارىسىدا قاناش بولىدۇ، بۇ قاناش ئۇمۇمەن مۇدۇر - چاقىلار ئۈستىدىن قاقاچ چۈشۈش ھەمدە يارا بولۇش باسقۇچىدا كۆرۈلىدۇ، ھارارەت كېمىيىدۇ ۋە بۇ ئورۇن ساھەسىدە ئازراق ئاغرىقمۇ بولىدۇ ھەم بۇ ئورۇن ئۈستىدىكى قورساق تېرىسى ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. بەزىدە كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدىمۇ ئىنتايىن يەڭگىل قاناش بولىدۇ.

ئۇمۇمەن تال چوڭىيىدۇ ۋە نەپەسلەنگەندە تال قوۋۇرغىلار ئەگمىسىدىن بىر ياكى ئىككى قىرات ئاستىغا سىلجىغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

پىشاپنىڭ مىقدارى ئاز ۋە رەڭگى قارىغا مايىل، قىيامى قويۇق بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر بولمىسا، باش ئاغرىش ۋە باش قېيىشتىن باشقا، يەنە بىرەر تۈردىكى مېڭە يېقىمسىزلىقى سېزىلمەيدۇ. باش ئاغرىش ئۇمۇمەن 10 كۈندىن زىيادە تۇرمايدۇ، لېكىن باش ئاغرىقى يېنىكلەش بىلەن مۇگدەش بولىدۇ. بىمار كېچىدە جۆيلۈيدۇ، كۆپىنچە قۇلاق ئېغىرلاشىشمۇ ئىككىلەمچى ھالەتتە شىكايىتى بولىدۇ. بۇ تۈرنىڭ يەڭگىل ھالەتلىرىدە كېسەللىك ئىككىنچى ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە يەنى 10 ~ 14 كۈنگىچە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تۈردىن كېيىن قىزىتما مەخسۇس سۈرئەت بىلەن ئۆرلەيدۇ ۋە تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ، يەنى 4 ~ 5 كۈن ئىچىدە ئەتىگەندە 98 ~ 99 دەرىجىگە تۆۋەنلەيدۇ ۋە كەچ ۋاقتىدا 101 ~ 102 دەرىجە بولىدۇ. بۇ زامانە ئۈچىنچى دەرىجىسى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھارارەت 3~ 4 كۈن ئېشىپ، ھەتتا ناقىبە ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ، يەنى ئەتىگەندە ھارارەت دەرىجىسى نورمال بولىدۇ ۋە كەچتە 101 دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئازراق زىيادە تېزلىك بىلەن كەچتىكى ھارارەت توختايدۇ ۋە ھارارەت تەبىئىي ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. تەبىئىي ھارارەت دەرىجىسىدىمۇ مۇدۇر - چاقىلار ۋە داغلارنىڭ چىقىشى بەزى ۋاقىتلاردا داۋاملىشىدۇ ھەمدە تالمۇ چوڭايغاندەك مەلۇم بولىدۇ، ھەم ئىچ سۈرۈشنىڭ يەڭگىل شىكايىتىمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ زاماندا بىمارنىڭ مېڭە ھالىتىدە ئۇمۇمەن ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋە تەرەققىيات بولىدۇ، قىزىتما تامامەن يوقىلىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرىلا بىماردا ئازراق قورساق ئېچىش سېزىلىشكە باشلايدۇ، ئەگەر

كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا، مېڭىدىكى يېقىمسىزلىنىشلاردا كۈچىيىش بولىدۇ، تەرەققىي قىلىپ يۈرەكتىكى يېقىمسىزلىنىشلار ئاشىدۇ، يۈرەك ناھايىتى ئاجىزلايدۇ ۋە پائالىيىتى يوقىلىشنىڭ خەۋپى بولىدۇ، قورساقتىكى يېقىمسىزلىقلار ئۆتكۈرلىشىدۇ. جۆيلۈش ئارقىمۇئارقا داۋاملىشىدۇ ياكى ھوشسىزلىق بولىدۇ، ھەتتاكى سۇباتقىچە تەرەققىي قىلىدۇ. بەدەن ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، تەمەددۇد بولىدۇ، بىمار كۆرپىنىڭ رەختلىرىنى مىجىقلاپ تۇتىدۇ، يۈزلىرىگە چاڭ ـ توزان قونغاندەك كۆرۈنىدۇ، تىلى قۇرۇق بولىدۇ، چىش ۋە كالپۇكلىرى ئۈستىدە گەز شەكىللىنىدۇ، تومۇرى تېز، يۇمشاق ۋە بازغان ئۇرغاندەك سوقىدۇ، يۈرەكنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئاۋازلىرى ئاجىز بولىدۇ ۋە ئۆپكە تېگىدە قان يىغىلىپ قالىدۇ، سۈيدۈكى توختايدۇ ياكى سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ھالەت تىفۇدىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھالەت ھۇمما ھەزيانىيە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى جۆيلۈش ئومۇمەن ھۇمما ھەزيانىيەدىن يەڭگىل بولىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بىمار چۆچۈپ ئويغىنىدۇ، بىمارغا غىزا بېرىلسە يېمەيدۇ، تومۇردا ئاجىزلىق ۋە تېزلىك بولىدۇ. كۆك قان تومۇردا تولۇش، ئاغرىق، ئۆپكىگە قان تولۇپ قېلىش، يۈز ۋە پۇت ـ قوللىرىدا تەھەببۇج بولۇش ۋە ئۆپكە تېگىگە قان يىغىلىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر يۈرەك ئاجىزلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نېرۋا ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ، كۆپلەپ ئىچى سۈرۈشكە باشلايدۇ، قورساق ئېسىلىش، تەمەددۇد ۋە ئاغرىقتا كۈچىيىش بولىدۇ، ئۈچەي يارىلىرى يېرىلىش بىلەن كېرەكسىز ماددا قورساق بوشلۇقىغا بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئۇششاق كانالچىلاردا ئۆتكۈر ئىششىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر يۆتەل پەيدا بولىدۇ ۋە نەپەسمۇ قىستايدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەنگەن ھالەتلەردە 10 ~ 12 كۈندىن كېيىن ھەر ۋاقىت بىماردا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئەندىشىسى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر شىپالىق ھاسىل بولغان بولسا، بۇنىڭ ھالىتى بۇ بولىدۇكى، سۇباتنىڭ ئۇزۇن دەۋرلىرى ۋە باشقا ئۆتكۈر ئالامەتلەردىن كېيىن ھارارەت تەدرىجىي تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ ھەمدە كېسەللىكتە ئاستا ـ ئاستا يەڭگىللەش مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ.

كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشى تەخمىنەن 3%~11% كىچە بىمارلاردا ھۇمما مەئۇيىيە ئىككىنچى قېتىم قايتىلىنىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى يەنى ئۈچەي غۇدۇدى مۇجتەمىئە زەخمىسى، مۇدۇر ـ چاقىلار، گۇلابىسمان داغ، قىزىتما ۋە ئىسھال يېڭىباشتىن ئاشكارا بولىدۇ. بىرىنچى قىزىتما بىلەن ئىككىنچى قىزىتمىنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك توختاشنىڭ بولىدىغانلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭلاشقا كۆپ بولغاندا 11 كۈن ئىچىدە كېسەللىك قايتىلىنىدۇ، گەرچە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا 11 كۈندىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ قايتىلىنىشى يۈز بەرسىمۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتما تۆۋەنلىمەيدۇ ھەمدە ئۈزۈلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشى

ۋە ئىلگىرىكى قىزىتما ئارىلىقىدا بىرەر توختاش سېزىلمەيدۇ، بۇ قىزىتمىنىڭ قايتىلىنىش مۇددىتى ئىلگىرىكى قىزىتمىنىڭكىگە باراۋەر بولىدۇ. ئادەتتە كېسەللىك قايتىلىنىشتىن ئىلگىرى قىزىتما يەڭگىللەيدۇ. كېسەللىك قايتىلىنىشتىن ئۆلۈم يۈز بەرسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ئۆلۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبى پەقەت ھارارەتنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە قاننىڭ زەھىرى بولمايدۇ، بەلكى باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى، مەسىلەن: ئۈچەي تېشىلىش، قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى ياكى قاناش سەۋەبىدىن ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. بەزىدە ئىككىنچى قېتىممۇ كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشى يۈز بېرىدۇ ۋە ئاز ساندا تۆتىنچى ھەم بەشىنچى قېتىممۇ كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ھۇمما مەئۋىيەنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر، لېكىن كۆپ ساندىكى بىمارلار ئومۇمەن بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئۈچەي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتىدۇر. قاناش ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىمۇ ھۇمما مەئۋىيەدە ئۆلۈمنىڭ بىر ئومۇمىي سەۋەبىدۇر. قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىنىڭ سەۋەبى ياكى ئۈچەيلەر تېشىلىپ، ئۈچەينىڭ كېرەكسىز ماددىلىرى ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقىغا يېتىپ بېرىش بولىدۇ ياكى ئۈچەيدە تۆشۈك بولماسلىق بولىدۇ. چۈنكى ئورىغۇچى پەردە ئۈچەينىڭ غىلاپىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۈچەي ئىششىقى ئۆتكۈرلەشكەن ھالەتتە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىگىچە يۆتكىلىدۇ ۋە بەزىدە ئاز ساندا ئۈچەينىڭ ئىششىغان بەزلىرى يۇمشايدۇ ياكى تالدا توسالغۇ بولىدۇ ياكى ئۆت يېرىلىش سەۋەبىدىنمۇ قورساق ئورىغۇچى پەردىسىدە ئىششىق بولىدۇ.

تېشىلىش ھۇمما مەئۋىيەدە تەخمىنەن 30% بىمار ئۈچەي تېشىلىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ ۋە ئۈچتىن بىر قىسىم بىمارنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ھەپتىسىدە ئۈچىيى تېشىلىدۇ. توققۇز كۈندىن ئىلگىرى بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇ ھالەتتە قورساق ئىچىدە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، قۇۋۋەت يوقىلىدۇ. بەزىدە كۆڭلى ئېلىشىش ۋە جۇغ - جۇغىنىڭمۇ شىكايىتى بولىدۇ. قورساق تۇتۇش بىلەن ئاغرىيدۇ. قورساق بەزىدە قاتتىق ھەم بەزىدە كۆپۈشكەن بولىدۇ. لېكىن ئىككىلا ھالەتتە قورساقتا نەپەسلەنگەن ۋاقىتتا ناھايىتى ئاز ھەرىكەت بولىدۇ. تومۇرى كىچىك ۋە تېز بولىدۇ. ھارارەت بەزى ۋاقىتلاردا كېمىيىدۇ. ئۈچەي تېشىلىش بىلەن پەقەت كۈچ يوقىلىش پەيدا بولىدۇ، قورساق كۆپۈش ئېغىرلىشىدۇ ۋە ئىنتايىن ئۆتكۈر ھالەتلەردە ئۈچەينىڭ ئۆتكۈر كۆپۈشى بىلەن سۇبات ۋە ھەزيانمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ ئالامەتلەرنى چوقۇم قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى ۋە ئۈچەي تېشىلىشنىڭ ئالامەتلىرى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ھايات ۋاقتىدا قەتئىي ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن

تەكشۈرگەندە قورساق ئورنىغۇچى پەردىسىنىڭ ئىششىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ئۆچەي زەخمىسى قاچانغىچە پۈتمىگەن بولسا، شۇ ۋاقىتقىچىلىك ئۆچەيدە يېرىلىش ۋە تېشىلىشنىڭ خەتىرى داۋاملىق بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئادەتتىكى سەۋەبلەر ئۆچەينى تېشىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدۇ، مەسىلەن: قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىش، ياتقان جايدىن قوپۇپ ئولتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ياكى بىرەر تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزا ياكى يۇمشاتقۇچى دورا بېرىش قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى خەتەرلىك ھالەتتە بولمايدۇ، لېكىن بۇ خاس سەۋەبنىڭ نەتىجىسى ئۆلۈم بولىدۇ. بەزىدە قىزىتمىنىڭ دەسلەپىدە گال، ھەزىم يوللىرى ۋە غۇدۇدى مائىيەدە ئىششىق ۋە يارا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭغا سىفلىس ياكى بوغما دەپ خاتا دىياگنوز قويۇلۇپ قالىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئۈششاق كانالچە ئىششىقىنىڭ يەڭگىل شىكايىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھۇما مەئۋىيە بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ شىكايەت ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بەزىدە بىمارنىڭ يۈزى كۆكىرىدۇ ۋە پۈتۈن بەدىنىدىكى قان تومۇر ئازدۇر - كۆپتۇر كېڭىيىدۇ، يۆتەل بىلەن ساپ بەلغەم ئارىلىشىپ چىقىدۇ.

يۇتقۇنچاق زەخىملىنىش بەزى ئۆتكۈر ھالەتلەردە يۇتقۇنچاق زەخىملىنىدۇ. بۇ ھالەتتە زەخىم ئومۇمەن تەرجالى ناملىق كۆمۈرچەكنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، كۆرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ زەخىم بۇزۇلۇش ۋە يېيىلىش ھالىتىدە بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كۆمۈرچەك پەردىسىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى نەتىجىسىدە مەزكۇر كۆمۈرچەك چۆرىسىدە يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللىنىدۇ. يۇتقۇنچاقنىڭ بۇ ئەگەشمە كېسەللىكىنىڭ نەتىجىسىدە بەزىدە ئاۋاز پۈتۈشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ ياكى ئاۋاز پۈتۈنلەي پۈتۈپ قالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يۇتقۇنچاقتىكى ھاۋا تېرىنىڭ ئاستىدىكى توقۇلمىغا توپلىنىپ، تېرىدە كۆپكەن ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز زاتىررىيە شەئبى ۋە زاتىلجەنبىمۇ پەيدا بولىدۇ. زاتىررىيە ئاقىۋەتتە گانگرېنا بولىدۇ، يەنى ئۆپكە چىرىيدۇ. شۇنىڭدەك زاتىلجەنبەنىڭ سەۋەبىدىن كۆكرەك بوشلۇقى ئىچىگە بەزىدە سۇ ۋە بەزىدە يىرىڭ يىغىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەزىدە كۆكرەك كۆپۈپ قېلىش كۆرۈلىدۇ.

بەزىدە يەرقانمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ھۇما مەئۋىيەنىڭ ماددىلىرى ئۆت خالتىسىغا قويۇلۇشتىن بولىدۇ ھەمدە ئۇ بۇ جايغا زىيادە توپلىنىدۇ. بۇنىڭدا چوڭ تەرەت رەڭگىنىڭ سەپرانىڭ رەڭگىدىن خالىي بولۇشى زۆرۈر بولمايدۇ. يەرقان ئومۇمەن ئاسان يوقايدۇ.

بەزى ھالەتلەردە باشقا كېسەللىكلەر (ھۇما مەئۋىيەدىن ئايرىم كېسەللىكلەر) يەرقانغا سەۋەب بولىدۇ، بەزىدە ئۆتتە ئىششىق بولىدۇ.

بەزىدە بۆرەكتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا

قانلىق سۈيدۈك ۋە ئاقسىللىق سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈر شىكايىتى بولىدۇ. تۆتتىن بىر قىسىم بىمارلاردا، ئۈچىنچى ھەپتىدە ھۇما مەئۋىيەنىڭ جاراسىمى سۈيدۈكتە تېپىلىدۇ، بۇ يىللارغىچە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ، بۇ كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىش ۋە يۇقۇش سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزىدە دوۋساق ئىششىقىنىڭمۇ شىكايىتى بولىدۇ. بەزىدە قىزىتما دەۋرلىرىدە ياكى قىزىتمىدىن كېيىن ئېغىز يارىسى ۋە قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىشمۇ ئىككىلەمچى ھالەتتە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەزىدە گاسلىق ۋە بەزى ئۆتكۈر ھالەتلەردە مېڭە پەردە ئىششىقى ۋە قان ئوفۇنەتلىنىش بولىدۇ. لېكىن ھۇما مەئۋىيەدە مېڭە پەردە ئىششىقى ناھايىتى ئاز بولىدۇ ھەمدە ئۇ مېڭە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ھۇما مەئۋىيە نامايان بولىدۇ. بۇنىڭ مېڭە ئىششىقى بىلەن بىرەر ئالاقىسى بولمايدۇ. مېڭە پەردىلىرىنىڭ بەزى ئىششىقى مۇشۇنداقمۇ كۆرۈلىدۇكى، بۇ گەرچە ھۇما مەئۋىيەنىڭ ماددىلىرىدىن پەيدا بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھالەتتە ئۈچەيدە ئىششىق ۋە زەخمىنىڭ بىرەر ئاپىتى مەۋجۇت بولمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇمۇ كۆرۈلىدۇكى، ئىككى كۆزنىڭ نېرۋىلىرى ئىششىدۇ، لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان شىكايەتتۇر.

بەزى ۋاقىتلاردا باشقا ئورۇنلۇق ئىششىق ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق قىزىتما دەۋرلىرىدە ياكى كېسەللىكتىن كېيىنكى ئاجىزلىغان كۈنلەردە پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇزۇندا ساقىيىدۇ، مەسىلەن: قۇلاق ئاستى بەز ئىششىقى، بۇ بويۇنغىچە كېڭىيىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇقدان ئىششىقى، مۇسكۇللار ئىششىقى، ئېغىز گۆشخور چاقىسى، خۇراج، مۇدۇر - چاقا ۋە يۈزدىكى سۇرۇخ بارد (ھۇمرە) قاتارلىقلار. بەزىدە چوڭ كانايچە پەردىسىدە ۋە بەزىدە باشقا سۆڭەكلەردە، مەسىلەن: سۆڭەكلەر پەردىسىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بەزىدە قوۋۇرغا كۆمۈرچەكلىرىدىمۇ ئىششىق بولىدۇ. بەزىدە بەل ئورنىدا ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ماڭغاندا ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئاغرىق بىر مەزگىلگىچە تۇرىدۇ. بەزى تەكشۈرۈشلەردىن ئېنىقلىنىدۇكى، بەلنىڭ ياكى ئېغىزمانىنىڭ تۆۋەندىكى ئومۇرتقا ئەتراپىدا (سۆڭكىدە ياكى سۆڭەك پەردىسى ۋە كۆمۈرچەك تېگىدە) ئىششىق مەۋجۇت بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق قىلغاندىمۇ ياتاق يارىسى كۆرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كېسەللىكتە كېيىنكى بەدەن ئاجىزلاش كۈنلىرىنىڭ دەسلىپىدە ئوڭ يوتىنىڭ كۆك قان تومۇرىدا قان ئۇيۇيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن پۇت ۋە پاچاقتا تەھەببۇج پەيدا بولىدۇ ھەم كۆك قان تومۇرنى ئۆز يۆنىلىشىدە تۇتۇش بىلەن ئاغرىيدۇ، بۇ شىكايەت ئومۇمەن ئاسانلىق بىلەن يوقىلىدۇ. لېكىن بەزىدە مەزكۇر قان ئۇيۇلمىسى قورساقنىڭ چوڭ كۆك قان تومۇرلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە بەزىدە ئۇيۇغان قان تەركىبلىرى ۋە لەختە قان پارچىلىرى ئۆپكە تومۇرلىرىدا توختاپ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (ھۇما مەئۋىيە) نىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلىرى ھۇما

مەئۋىيەنىڭ ھالەتلىرى ھەر خىل بولىدۇ. بۇ ھالەتلەردە ئاشكارا بولىدىكى، ئېھتىمال بىرقانچە كېسەللىكلەر بۇنىڭ تۇتقاقلىقىغا سېلىشتۇرۇلىدۇ.

ھۇمما مەئۋىيەنىڭ خۇسۇسىي بەلگىلىك ۋاقتى گەرچە ئۈچ ھەپتە بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە بۇ قىسقا بولۇپ 10 كۈندە ئاخىرلىشىدۇ ۋە بەزىدە ئۇزۇن بولۇپ 5 ~ 6 ھەپتىگىچە بارىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قىسقا - قىسقا قوزغىلىشلىرى ئوچۇق ھالەتتە سۆزلەنگەنكى، بۇ ھۇمما مەئۋىيەنىڭ يەڭگىل ۋە مۇكەممەل بولمىغان قايتىلىنىشىدۇر. لېكىن بۇ يەڭگىللىك مەۋجۇت بولۇش بىلەن كېسەللىك قايتىلىنىدۇ، بۇ يېڭى قىزىتمىنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى ۋە ھالەتلىرى تامامەن دەسلەپكى قىزىتمىغا ئوخشاش بولىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، ھۇمما مەئۋىيەنىڭ ھارارىتى گەرچە ھۇمما مەئۋىيەنىڭ ئالامەتلىرىدە سۆزلەنگەنكىدەك تۆۋەنلىسىمۇ، لېكىن تەبىئىي دەرىجىگىچە يېتىشتىن ئىلگىرى 8 ~ 10 كۈنگىچە ھۇمما مۇفەتتىرە ھالىتىدە تۇرىدۇ، يەنى 8 ~ 10 كۈنگىچە ھارارەت ئەتىگەندە 100 دەرىجىدە ۋە كەچتە 102 دەرىجىدە تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتما بەش ھەپتىگە سوزۇلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىمار كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن خالىي بولۇشى مۇمكىن. بەزى ھالەتلەردە قىزىتمىنىڭ ئۇزىرىشى ئىككىنچى ھەپتىنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتىنىڭ ئارقىمۇئارقا بولۇشىغا مۇۋاپىق بولىدۇ، يەنى ئىككىنچى ھەپتىنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتى قانچە زىيادە ئۇزۇنغىچە تۇرسا، قىزىتما مۇددىتى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ، بۇ تۈردىكى قىزىتما ئومۇمەن زىيادە ئۆتكۈر ۋە خەتەرلىك بولىدۇ. بەزى ھالەتلەردە بۇ كېسەللىك شۇنچىلىك يەڭگىل بولىدۇكى، بىمار ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرىدۇ، كېسەللىك دەۋرى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئورۇن تۇتۇپمۇ يېتىپ قالمايدۇ. بۇ ھالەتتە بەزى ۋاقىتلاردا غىزادا بىرەر قائىدىسىزلىك بولسا ياكى بىلمەستىن يۇمشاتقۇچىلار ۋە سۈرگىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، بۇنىڭ بىلەن بۇ يەڭگىل ھالەت خەتەرلىك ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، ئۈچەي تېشىلىدۇ ۋە بۇ ھالەتتە بىمار ئۆلىدۇ. بۇ تۈردىكى يەڭگىل قىزىتمىدا ئومۇمىي ئالامەتلەر ناھايىتى يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىنىڭ ئىمكانى بولىدۇ. بۇ ھۇمما سىرىيە دەپ ئاتىلىدۇ (سەيىر — يول يۈرۈش دېگەن مەنىدە). ھۇمما مەئۋىيەنىڭ بىر تۈرى ئىرتىئاشىيە ۋە ئىككىنچى تۈرى زەئىفىيەمۇ بايان قىلىنىدۇ. بىرىنچى تۈردە بىمارنىڭ بەدىنىدە تىترەش بولىدۇ، ئىككىنچى تۈردە ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىزلىق بولىدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر بەزى ئالامەتلەرنىڭ غالىبلىقىنى دەلىللەيدۇ، بۇ بەزى ھالەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئاز ساندا ھۇمما مەئۋىيەنىڭ قاناش تۈرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا تېرە ئۈستىدە قىزىل ئاپېلسىن رەڭلىك داغ بولىدۇ، شىللىق پەردىدە قاناش پەيدا بولىدۇ، بۇرۇن

قانايدۇ. قان تۇكۇرۇش ۋە قان قۇسۇش كۆرۈلىدۇ، مۇسكۇللار ۋە ئىچكى ئەزالاردا قاناش يۈز بېرىدۇ. ھۇما مەئۆيىيە باللاردا ئومۇمەن يەڭگىل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇددىتىمۇ ئومۇمەن قىسقا بولىدۇ. باللارنىڭ ئۈچىيىدە ياشلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاپەت ئاجىز بولىدۇ. ھارارەتنىڭ ئەتىگەن - كەچتە تۆۋەنلىشى ۋە ئۆرلىشى كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا يۈز بېرىدۇ، بۇ باللاردا زىيادە ئاشكارا ۋە ئوچۇق بولىدۇ. شۇڭلاشقا قەدىمكى يازغۇچىلار دەسلەپتە بۇ قىزىتمىنى ھۇما مۇفەتتىرە ئەتفال نامى بىلەن بايان قىلغان. بۇ ئەسلىي ھۇما مەئۆيىيەدۇر. زىيادە ياشانغان كىشىلەردىمۇ تېرىدە داغ ياكى مۇدۇر - چاقىلار ئاز كۆرۈلىدۇ ۋە تالمۇ ئومۇمەن چوڭىيىدۇ. لېكىن ياشانغانلارنىڭ كۈچى ھەمدە قان ئايلىنىشى ئاجىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئۆپكىسىنىڭ تېگىدە قان يىغىلىش ۋە ئىششىق بولىدۇ ھەم ئومۇمەن يۈرەك ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن قان ئايلىنىش توختايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توغرىسىدا بەزى كىشىلەر بىر ئاجايىپ - غارايىپ تۈرنى بايان قىلغان. بۇنىڭدا قىزىتما بولمايدۇ، لېكىن بۇ كېسەللىكنىڭ بىرقانچە باشقا ئالامەتلىرى بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ھارارەتسىز ھۇما مەئۆيىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى ئىنتايىن ئاجىز كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ ياكى مېھنەت ۋە مۇشەققەتنىڭ زىيادىلىكى بىلەن ئاجىزلاپ كەتكەنلەردە بولىدۇ. بايان قىلىنغانكى، ھاملىدار ئاياللار بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولسا، ئۇلارنىڭ 70%~50% تىنىڭ ھاملىسى چۈشۈپ كېتىدۇ ياكى ھاملە ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئۆلىدۇ. ئەگەر قىسمەت بىلەن ھاملە قورساقنىڭ ئىچىدە ئۆلمىسە، تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆپىنچە ھۇما مەئۆيىيەگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن چىللە ئىچىدىكى ئايالدا بۇنىڭ نەتىجىسى ھەمىشە خەتەرلىك بولمايدۇ. بەزى تەھقىقلىگۈچىلەر ئېيتقانكى، كونا ھاراقكەشلەردىمۇ بۇ قىزىتما كۆپىنچە خەتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر بىمار بۇرۇندىنلا سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولسا، بۇ كېسەللىك بىلەن ئاجىزلىق ناھايىتى زىيادە ئاشىدۇ.

ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىكلەر ۋە پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش

ھۇما مەئۆيىيە بىلەن ئوخشاش تۇتىدىغان كېسەللىكلەر كۆپ بولىدۇ، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، مۇشۇنداق قايتا - قايتا بولىدۇكى، ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئالامەتلىرى غايىب بولىدۇ ياكى قائىدىلىك ھالەتتە ئاشكارا بولىدۇ، لېكىن ئېيتىلغانكى، ھۇما مەئۆيىيەدە تۆۋەندىكى ئالامەتلەر ئومۇمەن تېپىلىدۇ، بۇ ھۇما مەئۆيىيەگە زىيادە دالالەت قىلىدۇ. بۇلار: باش ئاغرىقى، دائىملىق قىزىتما، مۇدۇر - چاقا ياكى داغ، تال چوڭىيىش قاتارلىقلار.

دەسلەپكى دەرىجىلەردە ھۇما مەئۆيىيەنى مۇدۇر - چاقىلار چىقىدىغان قىزىتمىلاردىن

(ھۇممىيات ھەسفىيە، تەفھىيىيە) بۇ كېسەللىكنىڭ مەخسۇس مۇدۇر - چاقلىرى سەۋەبىدىن دىياگنوز قويۇش ئاساندۇر. ھۇمما ھەزىيانىيە، چېچەك ۋە ھۇمما قىرمىزىيەنىڭ بەشىنچى كۈنى بەزى ۋاقىتلاردا مۇدۇر - چاقا ئاشكارا بولىدۇ، لېكىن ھۇمما مەئۋىيەنىڭ مۇدۇر - چاقىسى ياكى دېغى ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىدۇ. بۇ دىياگنوزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بوغۇملاردا كۈچلۈك ئاغرىق بولغان بولسا، بۇنىڭ ئوخشىشى ۋەجئۇل مۇپاسىل قىزىتمىسى (ھۇمما ھەدايىيە) بولىدۇ، لېكىن قىزىتما ئۇزۇن ۋە بوغۇملاردا يەرلىك ئورۇنلۇق بىرەر ئاپەتنىڭ بولماسلىقى ھۇمما مەئۋىيەنى چوڭ بوغۇم ئاغرىقىدىن ئايرىيدۇ.

تارقىلىشچان زۇكام بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى كۆپتۇر. ھۇمما مەئۋىيە بىلەن ئۇنىڭ ئوخشاشلىقى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. تارقىلىشچان زۇكام، گەرچە ئومۇمەن ناھايىتى تېز ۋە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئاجىزلىقنى ئاشۇرىدۇ، لېكىن بۇ ھالەتلەر بۇ قەدەر ئوخشاش بولمايدۇكى، ئەگەر بىرەر كېسەللىك باش ئاغرىش، ئېغىزمان ئاغرىش ۋە قىزىتما بىلەن باشلانغان بولسا، تەخمىنەن ھەمىشە بۇنىڭدا تارقىلىشچان زۇكام بولۇشىنىڭ گۇمانى بولىدۇ ۋە بۇ تارقىلىشچان زۇكام دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھالەتتە تۆۋەندىكى ئىشلار بىلەن دىياگنوزغا ياردەم قىلىش لازىم: ھۇمما مەئۋىيە بولغان بولسا، ھارارەت ئۆز ئۆتكۈرلۈكىدە تۇرىدۇ ياكى يەنىمۇ ئاشىدۇ ھەم بىرقانچە كۈندىن كېيىن تېزلا دىياگنوزغا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئىچى سۈرۈش بولىدۇ، تال چوڭىيىدۇ ياكى مەخسۇس مۇدۇر - چاقا ۋە داغ ئاشكارا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر دىياگنوزغا ياردەملىرى بولسۇن ئۈچۈن بۇنىمۇ ئېيتىدۇكى، بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن ئەگەر ئۆت ساھەسى تۇتۇلسا، ئۇ ئورۇن ئاغرىيدۇ ۋە قورساقنىڭ ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغىلار بىرلەشمىسىدىكى مۇسكۇللار تارتىشىدۇ. لېكىن ئەسلىي ھەقىقەت بۇ بولىدۇكى، بۇ ئىككى ئالامەتلەر پەقەت ئۇ ئورۇنلاردا ئىششىق ۋە ئىلتىھاب پەيدا بولغاندا بولىدۇ.

كېيىنكى دەرىجىلەر چۈنكى كېيىنكى دەرىجىلەردە ھۇمما مەئۋىيەنىڭ باش، كۆكرەك ياكى قورساق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاشكارا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دەرىجىلەردە بۇ كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ماس مەزكۇر ئەزالاردا بولسۇن كېسەللىكلەر بىلەن ئوخشاشلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھۇمما مەئۋىيەدىكى باش ئاغرىش (بۇ كېسەللىك باشلانغاندىلا پەيدا بولىدۇ ھەمدە جۆيلۈش، بۇ باش ئاغرىقىدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ) بولىدۇ. بۇ ئىككى ئالامەت بەزى ۋاقىتلاردا مېڭە پەردە ئىششىقىغا دالالەت قىلىدۇ ھەم ئۇ ئىككىلا كېسەللىكتە ئوخشاشلىق بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئىككىلا كېسەللىكتە شۇنچىلىك ئوخشاشلىق بولىدۇكى، دەسلەپتە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە دىياگنوز ئۈچۈن كېيىنكى دەرىجىلەرنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ كېسەللەرنىڭ ئۆز ئورنىدا ئالامەتلىرى ئوچۇق ۋە روشەن بولىدۇ. مەسىلەن: مېڭە پەردە ئىششىقىدا ئىلتىھابى ئەسەبى باسىرە (كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى) يەرلىك ئورۇنلۇق بوششىپ كېتىش (يەرلىك ئورۇنلۇق پالەچ)، ئالىغايلىق ياكى تەشەننۇج، قەۋزىيەتلىك ۋە قورساقنىڭ ئېغىزمانغا چاپلىششى قاتارلىقلار ئوچۇق بولىدۇ. ھۇمما مەئۋىيەدە قورساقتا بولىدىغان ئالامەتلەردىن ئىچ سۈرۈش، كۆپۈش قاتارلىقلار ئاشكارا بولىدۇ ياكى مەخسۇس مۇدۇر - چاقا ۋە داغ ئاشكارا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۇمما مەئۋىيەدە باش ئاغرىش 10 كۈندىن زىيادە داۋاملىشىش ئاز بولىدۇ.

ئەگەر ھۇمما مەئۋىيەدە نەپەس يولى كېسەللىكلىرى ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ چاغدا بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر سىل كېسەللىكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن ئۆتكۈر سىل كېسەللىكىدە قىزىتما ھۇمما مۇفەتتىرە ھالىتىدە بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا كەچتىكى ھارارەتتىن ئەتىگەندىكى ھارارەت زىيادە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆكرەكنى تەكشۈرۈش بىلەن پەرقلىق ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

قورساقتىكى بۇ كېسەللىكلەر ھۇمما مەئۋىيە بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى، قورساق ئورىغۇچى پەردە سىلى ۋە سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقى قاتارلىقلار. قىزىتما بولۇش، قورساق كۆپۈش ھەمدە قورساقتا ئاغرىق بولۇش قاتارلىق بارلىق ئالامەتلەر ئۇ ئىككى كېسەللىكلەردە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىدا بەزى ۋاقىتلاردا زەخملىنىش سەۋەبىدىن ئىچىمۇ سۈرىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل كېسەللىكنىڭ دىياگنوزى ھۇمما مەئۋىيەدىن شۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇكى، سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقىدا قورساق ئاغرىقى چەكلىك ئورۇندا بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا لەرزە ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ھۇمما مەئۋىيەدە بولمايدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىككى ئالامەت ھۇمما مەئۋىيەدە بولىدۇ. ئەكسىچە سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقىدا ئۆتكۈر يەرلىك ئورۇنلۇق ئىششىقنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتلىرى غايىب بولىدۇ.

قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش ۋە قان ئوفۇنەتلىنىش سەۋەبىدىن ئەگەر قورساقنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا خۇراج بولسا ياكى يىرىڭ بولسا، مەسىلەن: جىگەردە خۇراج بولسا ياكى بۆرەك غىلاپىدا ئىششىق بولغان بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا ھۇمما مەئۋىيە بىلەن بۇنىڭدا ئوخشاشلىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك جىگەر دەرۋازىسى ئىششىقى ۋە بۇ يەردە يىرىڭ شەكىللىنىش ھەم ئوخشاش كېسەللىكنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. بۇنىڭ بىلەن جىگەر كېسەللەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بەزىدە ناھايىتى ئاز ياكى يوقالغان بولىدۇ. ئۇ بارلىق ھالەتلەردە باشقا پەرقلىق ئالامەتلەردىن سىرت كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قاننىڭ ئاق قان دانچىلىرىنىڭ سانى ئاشىدۇ.

يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى مەيلى بۇ ئوفۇنەتلىك تۈرىدىن بولسۇن ياكى ناچار تۈرىدىن بولسۇن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھۇمما مەئۋىيە دەپ چۈشىنىلىدۇ. لېكىن يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ، يەنى بۇنىڭدا يۈرەكنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرى

قائىدىسىز بولىدۇ، تېرە ئاستىدا قاناش ياكى قان تومۇر تۇسۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ، مەسىلەن: پۈت ياكى قولنىڭ قىزىل قان تومۇر ھەرىكىتى غايىب بولىدۇ، پىشاپتا تۇخۇم ئېقسىمان سۈيۈقلۇق كۆپلەپ چىقىدۇ، تورسىمان پەردىدە قاناش بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا توڭلاپ تىترەشمۇ بولىدۇ، قىزىتما ھارارىتىدىمۇ ئاشكارا يۇقىرىلاش ۋە تۆۋەنلەش بولىدۇ.

كېسەللىك تەشرىھى

ھۇمما مەئۋىيەدە ئەسلىي ئاپەت كىچىك ئۈچەيدە بولىدۇ، يەنى نان بەزلىرى (بۇلارنىڭ نامى غۇدۇدى ۋەھىدە ۋە غۇدۇدى مۇجتەمىئەدۇر) ماددا قۇيۇلۇشتىن كېسەللىنىدۇ ۋە ئىششىدۇ. غۇدۇدى مۇجتەمىئەدىن ئەگەر بىرەر بەز بۇ ۋاقىتتا تەكشۈرۈلسە، بۇ ئۈچەينىڭ يۈزىدىن بىر ياكى ئىككى سىزىق باراۋىرىدە كۆپۈشكەندەك كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى سارغۇچ ياكى گۇلاب رەڭلىك بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شىللىق پەردىلەر ئۆزىنىڭ تەبىئىي رەڭگىدە تۇرىدۇ. ئاز مۇددەتتىن كېيىن شىللىق پەردىدە ۋە ئاستى - ئۈستى تەرەپ، يەنى يۈزى ۋە چوڭقۇر تەرەپكە ئۇنىڭ تەسىرلىرى ئاشىدۇ، ماددىلار قۇيۇلىدۇ ۋە مەزكۇر بەزلەرنىڭ ھەجمى چوڭىيىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ۋاقىتتا بۇ بەزلەرنىڭ رەڭگى سۈت ئۈستىدىكى ئۇيۇپ قالغان قەۋەتتەك ئاق بولىدۇ ۋە تەخمىنەن 10 - كۈنى ياكى نەچچە كۈندىن كېيىن يىرىڭلاپ چىرىشكە باشلايدۇ، بۇنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ، بەزىدە بۇ ئەمەل تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا دەسلەپتە پەقەت بىر يۈزەكى غىدىق ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ، بۇ ئۈچەيلەر يۈزىنىڭ بىرەر قىسمىدا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ غىدىقلىنىش تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بارىدۇ، ھەتتاكى مەزكۇر بەزنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ يوقىلىدۇ ۋە بەزىدە بارلىق بەزلەر بىر ۋاقىتتا بۇزۇلىدۇ، شۇ چاغقىچىلىك بۇزۇلغان بۆلەك ئۈچەيلەر بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن بۇ ۋاقىتتا سەپرانىڭ رەڭگى بىلەن رەڭلىنىپ سېرىق بولىدۇ. قىسقىسى، مۇشۇنداق بۇزۇلۇپ ئۈچەينىڭ مۇسكۇل قەۋىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قورساق ئورىغۇچى پەردە (شىللىق پەردە) ئېچىلىدۇ، زەخىم ئىچى كۆرۈنىدۇ ۋە ئەگەر بۇ ئەمەل داۋاملاشسا، ئاخىرقى نەتىجىدە قورساقنىڭ ئورىغۇچى پەردىسى (بۇ ئۈچەيلەرنى سىرتىنى سىرتقى تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ) بۇزۇلىدۇ ياكى يىرىڭلايدۇ ياكى ئېغىز ئالىدۇ ۋە ئۈچەيدىكى تۆشۈك يولى ئارقىلىق ئۈچەيلەردىن (چوڭ تەرەت قاتارلىقلار) قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقىغا كىرىدۇ، بۇ جايغا يېتىپ بېرىپ، ئۆتكۈر تۈردىكى قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۈچەي زەخىملىنىشىنىڭ بۇ دەرىجىسى ئومۇمەن ھەپتىنىڭ بېشىدا كۆرۈلسە، شۇنداقلا

كېسەللىك ھالەتلىرى ياخشى بولسا، شۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈشكە باشلايدۇ. بۇ پۈتۈش قۇرۇق تالا ھالىتىدە بولىدۇ، يەنى زەخىم ئۈستىدە قاقاچ بولىدۇ. بۇمۇ ئۇچۇقكى زەخىمنىڭ ھەمىشە يۈز بېرىشى زۆرۈر ئەمەس. بۇ كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ھالەتلىرىدە زەخىملىنىش قاتارلىقلار مەزكۇر ئىششىقسىز يوقىلىدۇ.

بۇ بەزلەر قانچىلىك ساندا كېسەللىنىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى بۇكى، بۇنى بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەردە ناھايىتى زىيادە ئازدۇر - كۆپتۇر كېسەللىنىش يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇمۇ ئېنىق بولۇشى لازىمكى، بۇ ھالەتلەردە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئىچى سۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئومۇمەن ئۈچەينىڭ ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە ئىششىق ۋە ئىلتىھاب مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن ئالامەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە زەخىمنىڭ كېڭىيىشى تاناسىپ ھالەتتە تۇرۇشى زۆرۈر ئەمەس. بەزى ۋاقىتلاردا ئالامەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئۈچەيلەردە ئىششىق ۋە زەخىملىنىش ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئەڭ دەسلەپىدە ئۇ غۇدۇدى مۇجتەمىئە ئاپەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ سوقۇر ئۈچەي، ئىنچىكە ئۈچەي كىلاپانى ئەتراپىغا جايلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەمەل ئۈستى تەرەپكە چوڭىيىپ، ئىنچىكە ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى بېشىدىكى ۋەھدە بەزلىرىدە تېپىلىدۇ، ئۇلاردىمۇ بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ ۋە بەزى ھالەتلەردە چوڭ ئۈچەيلەر ئومۇمەن يەنى سوقۇر ئۈچەي بىلەن ماسارىقا بەزلىرى (ھەۋىيە) ئىششىيدۇ، ئۇلارنىڭ رەڭگى گۈلابى قىزىل ياكى ئىنتايىن قىزىل رەڭلىك بولىدۇ ۋە ئۇلاردا غۇددى مۇجتەمىئەدە سۆزلەنگەن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ماسارىقا بەزلىرى يۇمشاپ قالىدۇ، بىر ياكى كۆپ ئورۇنغا يىرىڭ يىغىلىدۇ. بۇ ئاز ساندىكى ھالەتلەردە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىگە ئېغىز ئالىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ بەزلەر پەنىرگە ئوخشاش ماددىغا ئۆزگىرىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا قاتتىقلىشىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ھۇمما مەئۋىيەنىڭ مىساللىرىدا ناھايىتى ئاز ۋە ئايرىم ساندا ئۆتكۈر، خەتەرلىك بولغاندىمۇ ئۈچەيلەرنىڭ ئىچىدە بىرەر تۈردىكى ئاپەت بولمايدۇ.

بۇ كېسەللىكتە تال ئومۇمەن چوڭىيىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى زىيادە قېنىق بولىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا يۇمشايدۇ.

جىگەردە قان يىغىلىش سەۋەبىدىن ئىمتىلائى بولىدۇ. جىگەر دەسلەپتە ئازراق يۇمشاق بولىدۇ.

بۆرەكلەردىمۇ قان يىغىلىش بولىدۇ.

يۈرەك ئومۇمەن يۇمشايدۇ ۋە كېڭىيىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ مۇسكۇل تالالىرى ياغسىمان بۇزۇلۇش ۋە كىچىك دانىلىق بۇزۇلۇشقا ئوخشاش ھالىتى پەيدا بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ تالالىرى ياغ توقۇلمىسى ۋە دانىلىق توقۇلمىلارغا ئۆزگىرىدۇ.

ئۆپكىلەردە ياكى تەھەببۇج كەيپىياتى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۇچلىرىدا قان تولۇش ھالىتى بولىدۇ ۋە ياكى تۇيۇقسىز ھەقىقىي ئۆپكە ئىششىقمۇ بولىدۇ.

ئاقىۋىتى ھۇما مەئۇنيەدىن ئۆلۈم ۋە ھالاكەت قانچىلىك يۈز بېرىدۇ؟ بۇ ئوخشىمىغان سەۋەبلەردىن 5%~20% كىچە ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئۆلۈم كۆپرەك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرۈلۈش ئېتىبارى بىلەن ئۆلۈم ئاز ياكى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىتما ئۆتكۈرلۈكىمۇ كېسەللىك ئاقىۋىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ. يەنى ھارارەت 103 دەرىجىدىن ئېشىپ كەتمىسە، مەيلى بىرىنچى ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈر بولغان بولسا، بىلىش لازىمكى كېسەللىك يەڭگىلدۇر. ئەگەر ھارارەت ئىككىنچى ھەپتىدە 104 ياكى بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن بولسا، بىلىش لازىمكى كېسەللىك زىيادە خەتەرلىكتۇر. بەزى ھالەتلەردە بەدەن كۈچى تېزلىك بىلەن 10 ـ كۈنى، 11 ـ كۈنى ۋە 12 ـ كۈنى ياكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەزىدە ئاجىزلىق بولىدۇ ھەم ئاجىزلىق ئاشىدۇ. ئۈچەي تېشىلىش تەخمىنەن ھەمىشە خەتەرلىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ۋە بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، قاناشنىڭ خەتىرى ئازدۇر. ئۆلگەنلەرنىڭ 1/5 قىسمى قاناش سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۆتكۈر قاناش بىلەن مەيلى ئۆلۈم كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ بەدىنىدە قاننىڭ مىقدارى ناھايىتى كېمىيىپ، ئۇ ناھايىتى زىيادە ئاجىزلايدۇ ۋە ئاجىزلىق كۈنلىرى ئۇزىرايدۇ. ئۈچەينىڭ ناھايىتى زىيادە كۆپكەن بولۇشى، ئىچى سۈرۈشنىڭ كۆپ بولۇشى، سۈيدۈكنىڭ تۇتۇلۇشى، ئاجىزلىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئۆتكۈر شاخچە كاناي ئىششىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە يۈرەك پائالىيەتلىرىنىڭ تەرتىپسىزلىكى قاتارلىقلار يامان ئاقىۋەتتۇر. بۇ كېسەللىكتە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا20 ~ 30 كۈنگىچە ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ. ھامىلىدار ئاياللار، شارابخور كىشىلەر، ياشانغان ۋە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى زىيادە بولىدۇ. مۇدۇر ـ چاقىلارنىڭ چىقىپ يوقىلىش ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ يوقاپ كەتسە، بۇ ئومۇمەن خەتەرلىك دەپ چۈشىنىلىدۇ.

داۋالاش (ئىلاج)

داۋالاش پرىنسىپى ھۇما مەئۇنيەنىڭ داۋالاش پرىنسىپى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. باشتىن ـ ئاخىرغىچە بەدەن قۇۋۋىتى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغدىلىدۇ ۋە بىر قەدەر ھارارەتنى پەسەيتىشنىڭ خىيالى قىلىنىدۇ.

2. ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن پەرۋىش قىلىنىدۇ ۋە غىزا خاس ھالەتتە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېھتىيات قىلىپ ئۈچەي تېشىلىش ۋە قاناشتىن ساقلىنىلىدۇ.

4. بىرەر ھالەتتە كۈچلۈك مۇسھىللار بېرىلمەيدۇ.

5. مۇھىم ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىنىدۇ.

6. بۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن بىمار تەبىئەتكە قويۇپ قويۇلىدۇ، تاكى ئاخىرلىششىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتىغىچە ساقىيىشقا ئىنتىزار قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر باياندىن ئاشكارا بولدىكى، باشقا نۇرغۇنلىغان قىزىتمىلارغا ئوخشاش ھۇمما مەئۋىيە ئۈچۈنمۇ بىرەر شىپالىق بەرگۈچى دورا يوقتۇر. تېۋىپ بۇ كېسەللىكنى تولۇق يوقىتىشتا پەقەت زۆرۈر ساقلىقنى ساقلاش پەرھىزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

بىرقانچە ئومۇمىي ھۆكۈملەر بىر تەتقىق قىلغۇچى ئېيتقانكى، بۇ كېسەللىكتە جۈملىدىن ئۇنىڭ يەڭگىل ھالەتلىرىدە دورىلار بىلەن داۋالاشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيەتلىرى توغرا كەلمەيدۇ.

ھەم بۇنى باشقىلار ئېيتقانكى، بۇ كېسەللىكتە ئومۇمەن شاراب ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قوزغاتقۇچىلارنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، ئەگەر يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە باشقىلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى پەيدا بولغان بولسا، قائىدە بويىچە ئېھتىيات بىلەن ئىستېمال قىلىش لازىم، بۇ قىزىتمىنىڭ داۋالاش پىرىنسىپىدا كۆرسەتمە بېرىلگەن. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە ھەممىدىن چوڭ ئەندىشە ئۈچەينىڭ تېشىلىشى ۋە قانىشىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن زىيادە بۇنىڭغا ئېتىبار قىلىنىدۇ، يەنى بىمارغا ھەرىكەت قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ۋە كۈچلۈك مۇسھىللارنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئازدۇر - كۆپتۇر قارىمۇقارشى تەركىبلەر بىلەن بىزنىڭ تېۋىپلىرىمىز موتى جىرەدە باشتىن - ئاخىرغىچە بۇ نۇسخا (ئەسلىي نۇسخا) ئىشلىتىلىدۇ، بىرەر خاس ئىش داۋالاشقا يۈزلىنىشنى باشقا تەرەپكە كۆچەپ قايتۇرمىغان شەرت ئاستىدا، بۇ ئومۇمىي ۋە مەقبۇل نۇسخىدۇر. چىلان بەش دانە، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، ئەنجۈر ئىككى دانە، خاكسى بەش گىرام. دورىلارنى 144 گىرام سۇ ياكى بىرەر مۇناسىپ ئەرەقتە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاندىن كېيىن 24 گىرام ناۋات ياكى بىرەر مۇناسىپ شەربەتتىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، ياز پەسلىدىمۇ بۇ سوغۇق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە دەريا سۈيىمۇ بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئېتىبارى بىلەن بۇ نۇسخا نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى تۇتىدۇ، بۇنىڭدا ئازراق ئوزۇقلۇق تەركىبىمۇ بولىدۇ، يەڭگىل ھارارەت پەسەيتكۈچىمۇ بولىدۇ ھەمدە ناھايىتى يەڭگىل يۇمشىتىدۇ، بۇ بىمارنى قەۋزىيەتكە گىرىپتار بولۇشتىن ساقلايدۇ ۋە

ئوچۇقكى، بۇ كېسەللىكتە قەۋزىيەت بولۇش ئىككىلەمچى مۇسەببەتتۇر.

قۇۋۋەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ نۇسخا بىلەن 2 ~ 3 گىرامغىچە خېمىرى مەرۋايىت بېرىلىدۇ، بۇ ئۇ كېسەللىك ئۈچۈن بەدەلسىز نەرسىدۇر. ئىچ سۈرۈش بولۇش ياكى بولماسلىق ئىككىلا ھالەتلەردە بۇنى ئىشلىتىش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، بۇ ناھايىتى ئوبدان يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچىدۇر، بۇ ھارارەتنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەبمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر دەسلەپكى ھەپتە يەنى باشلىنىشتىلا قەۋزىيەت بولغان بولسا، يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخىغا ناۋاتنىڭ ئورنىغا 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ قەۋزىيەت ياخشىلانمىغان بولسا، 24 گىرام بىدانجىر يېغى ئىچكۈزۈلىدۇ، گەرچە بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىكتە قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تەرەنجىبىن، گۈلقەنت ۋە تەمرى ھىندى مېغىزىمۇ بېرىدۇ، يەنى بۇمۇ توغرىكى، بۇ بارلىق نەرسىلەر كۈچلۈك مۇسھىل ئەمەس ۋە كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئۇلاردىن زىيادە خەتەرلەرنىڭ ئەندىشىسىمۇ بولمايدۇ، لېكىن ئېھتىيات بۇكى، ئەگەر بىدانجىر يېغىغا زەرەرسىز نەرسە بىزنىڭ يېنىمىزدا مەۋجۇت بولغان بولسا، بىز نېمە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ كېتىمىز؟ ئەگەر يۆتەل كۆرۈلگەن بولسا، بۇ شاخچە كاناي ئىششىقىنىڭ ئالامىتى بولسا، بۇ نۇسخىغا بەش گىرام بىخسۇس قوشۇلىدۇ ياكى يۆتەل ئۈچۈن مۇستەقىل بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، چىلان بەش دانە، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، ئەنجۈر مۇنىكى ئىككى دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى بەش گىرام. ھەممىسىنى 120 ~ 144 گىرامغىچە سۇدا قاينىتىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل زىيادە قاتتىق بولسا، نۇسخا ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بىر ۋاخ بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ ۋە يەنە بىر ۋاخ خېمىرى مەرۋايىت بىلەن ئەسلىي نۇسخا بېرىلىدۇ.

بەزىدە يۆتەلگەندە 12 گىرام لۇئوقى سەرپىستاننى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۆتكۈر ھارارەت ۋاقتىدا بەزىدە يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخا داۋاملىق بېرىلىدۇ ھەم ھارارەتنى باشقا سىرتقى چارىلەر بىلەن پەسەيتىشكە تىرىشىلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: قۇرسى تاباشىر كافۇرىدىن ئۈچ گىرام ئانار روببىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، كاھۇ ئۇرۇقى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ئەينۇلادىن بەش دانە، ئەرقى گۈلاب ۋە ئەرقى بىدمۇشكىنىڭ ھەربىرىدىن 72 گىرامدىن ئېلىپ، چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە 24 گىرام شەربىتى نىلۇپەر

ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ھارارەت 104 ياكى 105 دەرىجىگە يېتىپ بارغان بولسا، سىركە ۋە گۈلاب ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ۋە مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، رەختنىڭ پارچىسىنى چىلاپ، بىمارنىڭ پېشانىسى ۋە بېشى ئۈستىگە قويۇلىدۇ ياكى پەقەت مۇزنى رەختكە قويۇپ باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن مۇز دوپپىسىمۇ باشقا قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ كىيىم ۋە كۆرپىسى ھۆل بولۇشتىن ساقلىنىدۇ، يەنى بىر خالتا باش ئۈستىگە ئاسانلىق بىلەن قويۇلىدۇ.

يۆتەل ئەگەر شاخچە كاناي ئىششىقى سەۋەبىدىن يۆتەل بولسا، ئاز مىقداردىكى بەلغەم چىقارغۇچىلار بىلەن يوقىتىلىدۇ.

باش ئاغرىش ئەگەر باش ئاغرىقى قاتتىق بولۇپ چارە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بولسا، ئۇ ئادەتتىكى تىنچلاندۇرغۇچىلار بىلەن يوقىتىلىدۇ.

ئىسھال ئەگەر 24 سائەتتە چوڭ تەرەت تۆت قېتىمدىن زىيادە بولمىغان بولسا، بىرەر داۋالاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئەگەر بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئومۇمەن بۇنى توختىتىش مۇناسىپ بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئەگەر كۆپ ئىچى سۈرۈۋاتقان بولۇپ توختىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولغان بولسا، ئادەتتىكى نۇسخا بەرمەي بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. زەھرى مۆھرە بىر گىرام، مەرۋايىت 0.48 گىرام، كەھرىۋا ھاشىمى 0.48 گىرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ، سۇفۇپ ياساپ ۋە ئۈچ گىرامدىن خېمىرى مەرۋايىتتا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەببۇلئاس ۋە ئەنجبار يىلتىزىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، بىرەر ئەرەق ياكى سۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى ھەببۇلئاس ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىچى سۈرۈشتە قان كېلىۋاتقان بولسىمۇ بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش پوستى مۇرەككەباتىمۇ ناھايىتى پايدىلىق بولىدۇ، مەسىلەن: قۇرسى خەشخاش، شەربىتى خەشخاش قاتارلىقلار.

ئەگەر ئىچ سۈرۈشمۇ كېلىۋاتقان بولسا ۋە ھارارەتمۇ ئۆتكۈر بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە قۇرسى كافۇر ئىشلىتىش زىيادە ياخشى بولىدۇ.

بۇ سۇفۇپمۇ ئىسھالنى توختىتىش ئۈچۈن ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. گىل ئەرمىنى، ئەنجبار يىلتىزى پوستى، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، گۈلابتا سۈرۈلگەن ئاق سەندەل، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تاباشىر، ھەببۇلئاس، گۈلنار پارسى، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى ھەربىرى ئىككى گىرامدىن. ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ ياساپ، ئىككى گىرام سۇفۇپنى 24 گىرام ئەنجبار شەربىتى ياكى 24 گىرام شەربىتى ھەببۇلئاس ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن - كەچتە يېگۈزۈلىدۇ، شەربەتنىڭ ئورنىغا بۇ سۇفۇپنى خېمىرى مەرۋايىت بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

قەۋزىيەت ئەگەر بۇ قىزىتمىدا قەۋزىيەت بولسا ھەم ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇنداق قويۇپ قويۇلۇپ، بىرەر يۇمشاتقۇچى دورا ياكى ھۆقنە بېرىلمىگەن بولسا، بۇنىڭدا بىرەر نۇقساننىڭ ئەندىشىسى بولمايدۇ، قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ياخشى نەرسە ھۆقنە مابۇنىيە، بۇ ۋاقتى - ۋاقتىدا زۆرۈرىيەتكە قاراپ قىلىنىدۇ، مۇشۇنىڭدەك بۇ ھالەتتە بىدانجىر يېغى ھۆقنە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، پەقەت ئىسسىق سۇنى ھۆقنە قىلىش قەۋزىيەتنى يوقىتىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە قەۋزىيەت بولسا ۋە ھازىرمۇ ئۈچەيلەرنىڭ زەخملىنىشى باشلانمىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا بىدانجىر يېغى ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. زىيادە كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر مۇسھىللار بىرەر ھالەتتە بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئۇسساش ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر ۋاقىتتا زۆرۈرىيەتكە قاراپ، سوغۇق سۇ ئىككىلەنمەستىن ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش سۇنىڭ ئورنىغا يەڭگىل غىزا تەركىبى تۇتقان ۋە ئازراق ھارارەتمۇ پەسەيتىدىغان تۆۋەندىكىلەرمۇ ئىچكۈزۈلىدۇ:

يالغۇز تاۋۇز سۈيى، كۆك كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيىنى سىركەنجىۋىلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئانار سۈيى ياكى لىمون سۈيى سەندەل شەربىتى ياكى ئالما شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش سۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئەرەقمۇ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئەرقى بەديان، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدىمۇشكى قاتارلىقلار.

لېكىن نەزلە، يۆتەل ۋە ئۆپكە ئىششىقى مەۋجۇت بولغاندا لىمون، گۇلاب ۋە باشقا چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە ھاڭۋاقتىلىق ھاڭۋاقتىلىق ۋە مۈگدەش بۇ ئەسلى يۈرەك ئاجىزلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەگەر زىيادە بولسا، ئۈچ گىرام خېمىرى مەرۋايىت 60 گىرام ئەرقى گاۋزىبان بىلەن بېرىلىدۇ ياكى ئۈچ گىرام داۋائىلمىشكى بارىد يېگۈزۈپ، 60 گىرام ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: جاۋاھىر مۆھرە ئىككى بەرىنج، مۇپەررىھى شەيخۇر رەئىس ئۈچ گىرام ياكى مۇپەررىھى ئەئزەم ئۈچ گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ھەم ئۈستىدىن ئەرقى گۇلاب ۋە ئەرقى بىدىمىشكىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، ئالما شەربىتى بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك ئاجىزلىقى ئېغىر بولسا ھەم پۇت - قوللىرى سوۋۇغان بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە داۋائىلمىشكى ھار ئۈچ گىرام ياكى مەجۇنى مەسرۇدىتۇستىن بىر گىرام ئۈزۈم شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى جاۋاھىر مۆھرەدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا سىرتقى چارىلەر بىلەن بەدەننى ئىسسىتىشقا تىرىشىلىدۇ، يەنى سىرتقى

ھارارەت ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بارلىق ھالەتلەردە دەسلەپكى (چىلان، خاكىسى چۈشكەن) نۇسخا توختىتىلىدۇ ياكى دەسلەپكى نۇسخا بىلەن بۇ مۇقەۋۋىيەت دورىلار يېگۈزۈپ تۇرۇلىدۇ ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر - ئىككى سائەت ئارىلىق قالدۇرۇپ بېرىلىدۇ.

سەرسام ئەگەر جۆيلۈش باشلانسا، ھارارەت ئۆتكۈر بولسا ۋە ئىششىق كۆرۈلۈشىنىڭ خەتىرى بولغان بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە باش ئۈستىگە مۇز قويۇلىدۇ، سىركە، گۈلاب ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئۆتكۈر ھارارەتتە سۆزلەنگەن.

ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدە خەشخاش مۇرەككەباتلىرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئەسلىي نۇسخىغا ناۋات ئورنىغا 24 گىرام شەربىتى خەشخاش قوشۇلىدۇ، تاپان غىدىقلىنىدۇ ھەم ئۆتكۈر قىزىتمىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا قاراش لازىم.

ئۆپكە ئىششىقى ئەگەر ھۇما مەئۇيە بىلەن ئۆپكە ئىششىقىنىڭ شىكايىتى بولغان بولسا، ئۆپكە ئىششىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا باشلاش، يەنى ھۇما مەئۇيەنى داۋالاشتىن توختاش ياكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىم.

قورساق كۆپۈش ئەگەر قورساق كۆپۈش بولسا، مۇزنىڭ كىچىك - كىچىك پارچىلىرىنى ئىچى بوش نەرسىگە سېلىپ، بىمارنىڭ قورسىقى ئۈستىگە قويۇلىدۇ ياكى ئاش تۇزى سۈيى ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئۈچ تامچىدىن بەش تامچىغىچە دارچىن يېغىنى ئىشلىتىشمۇ قورساق كۆپۈشنى يوقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق. مەزكۇر مىقداردا ھەر ئىككى سائەتتىن كېيىن بىر قېتىم بېرىلىدۇ.

ئۈچەي تېشىلىش ئەگەر ئۈچەيدە تۆشۈك بولغانلىقى ئېنىقلانغان بولسا، دەستىكار قىلىپ داۋالىنىدۇ، قورساق يېرىلىدۇ، يۇيۇلىدۇ ۋە زەخىم پۈتتۈرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ ھالەت مۇمكىن بولمىسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇلغا ئەمەل قىلىپ خۇدانىڭ شىپالىق بېرىشى كۈتۈلىدۇ، ئەپيۇن مۇرەككەباتلىرى تولۇق ئىستېمال مىقدارىدا بېرىلىدۇ، بىمار مۇكەممەل ئارام ئالدۇرۇلىدۇ ۋە تىنچ قويۇلىدۇ، قورساق ئۈستىگە مۇز ئىشلىتىلىدۇ ۋە تۈز ئۈچەي يولىغا غىزا (ئوزۇقلاندۇرغۇچىلار ھۆقنە شەكلىدە) يەتكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش بۇ كېسەللىكنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا لەتىف، سۇيۇق، ئاسان سىڭدىغان ۋە تولۇق ئوزۇقلاندۇرالايدىغان غىزا بېرىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا بىمارنىڭ غىزاسى ئەسلىي سۈت بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ بىر ئايلىق مىقدارى ھەربىر سائەت ياكى ئىككى سائەتتىن كېيىن قائىدىلىك بېرىلىدۇ.

ئەگەر سۈت ھەزىم بولمىغان بولسا، چوڭ تەرەت بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پارچە - پارچە

تەركىبلىرى قېتىق ھالىتىدە چىقىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە سۈت ھەزىم بولۇشقا لايىقلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئەرقى بەديان ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى ھاك سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇلدۇرۇپ بېرىلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا سۈتنى ئارپا سۈيى بىلەن بەرگەندە ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئويلايدۇكى، ھۇما مەئۇيە سۈتنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم تەركىبلىرى بۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇكى، بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى سۈت بىلەن ناھايىتى تېز كۆپىيىدۇ، ئۇنىڭ جاراسىمى تېزلىك بىلەن ئۇنىڭدا ئۆسىدۇ، بۇ سەۋەبتىن جاراسىم سۈتكە قارىغاندا سۈت سۈيىدە تېز كۆپىيىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئويلايدۇكى، بۇ كېسەللىكتە پەقەت بىمارغا سۈتلا بېرىش يېتەرلىك ئەمەس، بۇنىڭدىن بىمار زىيادە ئاجىزلايدۇ ۋە ساقايغاندىن كېيىنكى ئاجىزلىق كۈنلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ، بۇ كىشىلەر بىمارنىڭ غىزاسىغا سۈت بىلەن ساگۇدانە، بىخ سەھمى (ئاراروت) ۋە تۇخۇم قوشىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا سۈتكە تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ دەۋرلىرى بىمارغا غىزا بەرمەسلىك ۋە ئاچ قورساق قالدۇرۇش قاتتىق خاتالىقتۇر، چۈنكى بۇ بىر ئۇزۇن ۋە ئاجىزلاشتۇرغۇچى كېسەللىك بولۇپ، ئاچ قورساقلىق بىلەن تەبىئەتنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

بىمارغا ۋاقتىدا ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم ۋە ئەنجۈرمۇ بېرىلىدۇ، ئىچ سۈرۈش زىيادە بولمىغان شەرت ئاستىدا. بۇ ئىككى نەرسىلەر ناھايىتى يەڭگىل يۇمشاتقۇچىدۇر، بۇ ئېھتىياتمۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇكى، قىزىل ئۈزۈمنى ئۇرۇقلاردىن تولۇق پاكىزلاش لازىم، ئۇرۇقنىڭ بىرەر پارچىسىمۇ ئۈچەيگىچە يېتىپ بارمىسۇن.

شورپا ۋە ساددا شورپىسىمۇ بېرىلىدۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر ئويلايدۇكى، بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈش كۈچىيىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، سۈتتە زىيادە ئۇزۇقلۇقلارمۇ بولمايدۇ.

پەرۋىش ئەھكامى بۇ قىزىتمىغا باشقا قىزىتمىلاردا قوللىنىلغان ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ، بىمار كەڭرى ۋە ھاۋالىق ياتاقتا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش يەنى ئارام، راھەت ۋە تىنچلىقنى مۇتلەق بىرلەشتۈرۈپ ياتقۇزۇش لازىم، يەنە قوپۇپ ئولتۇرۇش ۋە كۈچىشكە ھەرگىز يول قويماسلىق ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرىتىگە تەرەت قاچىسى تۇتۇش لازىم. ھەرىكەت بىلەن بىمارنىڭ ئۈچەيى تېشىلىپ كەتمىسۇن ۋە قاناش كۆرۈلمىسۇن.

ئەگەر بىمارنىڭ بىرەر كىيىمى چوڭ ـ كىچىك تەرەت بىلەن بۇلغانغان بولسا، دەرھال

سالدۇرۇۋېتىش لازىم، بۇ پەقەت بىمارنى پاكىز تۇتۇش ۋە ياتاق يارىسىنىڭ خەۋپىنى يوقىتىش مەقسىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ كېسەللىكنىڭ باشقا پەرۋىش خادىملىرىغا يۇقۇش ۋە تارقىلىش ئىمكانىيىتىنى ئازايتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بەزى سىناقتىن ئۆتكۈزگەنلەر بۇنىمۇ ئېيتىدۇكى، بىمارنىڭ كۆرپىسى ئۈستىگە 12 ~ 24 گىرامغىچە خاكىسى سېپىپ بېرىش ياخشى مەنپەئەتلىك. مۇشۇنىڭدەك رەيھان يوپۇرمىقى، تۇرۇنجى يوپۇرمىقى، گۈلاب، كىيۇرە گۈلى ۋە بۇ تۈردىكى باشقا كۆك ۋە ھۆل ھەم يېڭى مۇپەررىھاتلارغا ئەگەر ئېرىشكىلى بولسا، بىمارنىڭ كۆرپىسى ئەتراپىغا قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىماردا تىنچلىق ۋە راھەتلىك ھاسىل بولىدۇ.

كېسەللىكتىن كېيىنكى ئاجىزلاش كۈنلىرى بۇ كېسەللىكتىن ساقىيىپ ئاجىزلىغان كۈنلەردە ئاز دېگەندە 10 كۈنگىچە بىمارغا سۇيۇق غىزالار بېرىلىدۇ. بۇ جايدا ئەگەر كېسەللىك يەڭگىل تۇرۇۋاتقان بولسا، بۇ قانۇندىمۇ يەڭگىللىتىش بولىدۇ، مۇسھىلدىنمۇ بۇ ئەسنادا پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۆتكۈر زۆرۈرىيەت بولسا ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچى ناھايىتى سۇسلۇق بىلەن ئۇزۇندا قايتىدۇ، مەيلى كېسەللىك يەڭگىل ياكى ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن خالىي بولغان بولسۇن، بۇ مەسلىھەتتىن بۇ مۇناسىپكى، بىمار تېز ئىش ۋە ئەمگەككە يېقىنلاشماسلىقى، كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيىدا ئاز ساندىلا بىرەر بىمار قىلىشقا لايىق بولغان ئىشلارنى قىلىش لازىم. بۇ كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ھالەتلىرىدە ياكى كېسەللىك قايتىلانغان ھالەتتە ياكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولغاندا بۇ كېسەللىك بەش ياكى ئالتە ئايغىچە سوزۇلىدۇ.

سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش ۋە ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما

(غەسلە بارىد ئۇر ھۇمما مەئۋىيە)

ھۇمما مەئۋىيەدە ھارارەتنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئۇسۇلىدىن قايسىسى بەك پايدىلىق؟

قىزىتمىلارنىڭ باشلىنىشى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا يېزىلغانكى، ئۆتكۈر قىزىتمىدا كۈچلۈك سوۋۇتۇش، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان ۋە بۇ ئۇسۇلغا دورا يېگۈزۈشمۇ قوشۇلىدۇ (بۇ كۆپ تەرلەش دېيىلمەيدۇ) ھەم سىرتقى سوۋۇتۇش چارىلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ھەم يېزىلغانكى، قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە بۇزۇلۇش تەركىبى

كۆپرەك بەدەن ھارارىتىنىڭ زىيادىلىكى بىلەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھارارەتنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئۇسۇلى كۆپىنچە ئۆتكۈر قىزىتمىدا قوللىنىلىدۇ، گەرچە جەزملەشتۈرۈپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، بۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ھارارەتنىڭ يۇقىرىلىقى ياكى بۇزۇق ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر.

بىز مۇشۇ جايدىمۇ سۆزلەپ بولدۇقكى، ھۇما مەئۋىيەدە بەزىدە غەسلە بارىد قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر پايدا ھاسىل بولىدۇ، گەرچە بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك مۇددىتى قىسقارمايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت بىر يۇيۇنۇش بىلەن بىمارنىڭ نۇرغۇنلىغان شىكايەتلىرى شۇ ۋاقىتىدا يوقىلىدۇ، مەسىلەن: باش ئاغرىقى، جۆيلۈش، غەپلەت ھەم ھوشسىزلىق ۋە ئۇسسۇلۇق دەرھال كېمىيىدۇ، تىلى سۇزۇلىدۇ، تومۇرنىڭ تېز سوقۇشى ئاستىلايدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئاشىدۇ، بىمار ئۆزىنى ياخشى ھېس قىلىدۇ، گەرچە بۇ تەسىرلەر ئىككىلەمچى ۋە ۋاقىتلىق بولسىمۇ، قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ھارارەت دەسلەپكى دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ.

يۇيۇنۇش تەركىبى ئۈچۈن ئۆتكۈر قىزىتمىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا قاراڭ.

ئەگەر بۇ ئۇسۇل قائىدە بىلەن قوللىنىلسا، قايتا - قايتا يۇيۇندۇرۇلسا ۋە بۇ سۇنى زىيادە سوغۇق قىلمىسا ياكى يۇيۇنۇشنىڭ ئورنىغا سوغۇق نۇتۇلنى ئارقىمۇئارقا قىلسا ياكى بىرەر ئۇسۇلدا سىرتقى سوۋۇتقۇچى ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك شۇنچىلىك جەزم بىلەن دېيەلەيمىزكى، بۇ ئۇسۇلدىن بىمارلارنىڭ ئۆلۈملىرىنىڭ سانى ئاشكارا ھالەتتە كېمىيىدۇ، بەزىدە ئوتتۇرا دەرىجىدىكى بىمارلاردا ئاشكارا ۋە ئوچۇق پەرق بولىدۇ.

بۇ داۋالاش ئۇسۇلى ھۇما مەئۋىيەنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە مەنپەئەتلىك بولىدۇ، شاخچە كاناي ئىششىقىدىن بولغان يۆتەل ۋە ئۆپكىدىكى قان تولۇش كېمىيىدۇ ھەمدە ساناشلاردىن ئىسپاتلاندىكى، بۇ داۋالاش بىلەن قاناش ۋەقەلىرىمۇ ئاز بولىدۇ، ئەگەر بىمار زىيادە ئاجىزلىغان بولسا، قاناشمۇ ھازىر ئاشكارا بولغان بولسا ۋە ئۆپكىدە قان تولۇش ناھايىتى ئۆتكۈر بولغان بولسا، ئۇ ھالەتلەردە سوۋۇتۇش ئۇسۇلى چەكلىنىدۇ، لېكىن بۇ سوۋۇتۇشنى چەكلەشتىن كۈچلۈك سوۋۇتقۇچى مەقسەتتۇر، بۇ ھارارەت دەرىجىسىنى ئەگەر نورماللاشتۇرغان بولسا، بۇ ھالەتتە باش ئۈستىگە سوغۇق يەتكۈزۈش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش ۋە باشقا ئۇسۇل باشلىنىشتىنلا داۋاملىق قىلىنغان بولسا، ئۈمىد غالىبكى سوۋۇتۇش ئۇسۇلىنى توسقۇچى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

بۇ ئۇسۇلدا داۋالىغاندا ھەممىدىن چوڭ زىيان يېتىدىغىنى يېقىمسىزلىقتۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن خاس ئىنتىزام زۆرۈردۇر، بۇنىڭغا ھەر ئۆي ۋە ھەر ئورۇندا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ

ئۈچۈن بىرىنىڭ كەمبەغەل دۆلىتىمىزدە ناھايىتى ئاز كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلىنەلەيدۇ.

بەزى تەھقىقلىگۈچىلەر بۇ ئەمەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى 5%~6% تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ھەرھالدا ئەگەر يۇيۇنۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئەمەل بولسا، باشقا مۇمكىن بولىدىغان ئاسان ئۇسۇللار بىلەن بەدەن سۇۋۇتۇلىدۇ، مەسىلەن: مۇز سۈيى بىلەن بۇلۇتنى ھۆللەپ بەدەن سۈرتۈلىدۇ ياكى ئەدىيال ھۆل قىلىپ ئورىلىدۇ ياكى خالتىلارغا مۇز تولدۇرۇپ، بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرىگە قويۇلىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ دەرىجىسى گەرچە سوغۇق يۇيۇنۇشقا باراۋەر بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر.

ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ھارارەتكە قارشى تۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىش قەتئىي نەتىجىسىز ۋە مەنپەئەتسىزدۇر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلاردىن كۆپرەك بۇنىڭدا زىيانلار بار، ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن ئومۇمەن قۇۋۋەتلەر ۋە يۈرەك ئاجىزلايدۇ.

ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلار ۋە ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما (مانىئات ئوفۇنەت ئورھۇمما مەئۋىيە)

بۇ كېسەللىكتە بەزىدە ئوفۇنەتكە قارشى دورىلار ئىچكى تەرەپتىن ھۆقنە ھالىتىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە دېيىلىدىكى، ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن ئىچ سۈرۈش ۋە كۆپۈشتە ئازىيىش بولىدۇ، چوڭ تەرەتنىڭ سېسىقلىقى ئازراق يوقىلىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزگىرىشلەردە ئۈچەيدە كۆرۈلىدىغان بىرەر تەسىر كۆرۈلمەيدۇ، كېسەللىك مۇددىتىدە ئازىيىش بولمايدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشى توختىمايدۇ.

ئىلاجى بىلمەسەل ۋە ئىلاجى بىلتەلقىھ

ئىلاجى بىلمەسەل ئىلاجى بىلمەسەلنىڭ ئۇسۇلى بۇكى، كېسەللىك ماددىسى باشقا جانىۋارلارغا يەتكۈزۈلىدۇ، تاكى تەبىئەت قارشىلىق كۈچى كېسەللىك ماددىسى بىلەن زىددىيەت قىلىشقا باشلايدۇ ھەمدە ئۇنى بەربات قىلىش ئۈچۈن بەدەن ۋە قاندا زۆرۈر بولغان ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ ماددا كېسەللىك بىلەن زىددىيەتلەشكەندە تەرياقنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ جانىۋارنىڭ قېنىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ سۇ تەركىبلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ، بۇ مەسەل تەرياقى دەپ ئاتىلىدۇ ھەم بۇ مەسەل تەرياقى ئىشپىرىس ئارقىلىق بىمارنىڭ بەدىنىگە داۋالىغۇچى دورا

مەقسىتىدە كىرگۈزۈلىدۇ.

بۇ داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن بەزى كېسەللىكلەردە مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ ۋە بەزىلىرىدە قەتئىي كارغا كەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ئۇسۇل ھۇما مەئۋىيەدە تەجرىبە شەكلىدە قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ھازىرغىچە بىرەر ئۈنۈملۈك نەتىجە يوق، يەنى بۇ ھازىر ناھايىتى دەسلەپكى دەرىجىدۇر. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھۇما مەئۋىيەنىڭ ماددىسى خاس ھالەتتە ئاتقا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن ئاتنىڭ قېنىدا ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ سۇ تەركىبى چىقىرىلىدۇ، بەزى تەجرىبىلەردە بىر يەڭگىل ئۈمىد تۇرغۇزۇلىدۇكى، قىسقا مۇددەتلىك تەجرىبىدىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتىدا ئازراق ياخشى تەسىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ.

ئىلاجى بىلتەلقىھ ئەگەر ناچار يولدىن كېسەللىك ماددىسى (جاراسىمى مەرزىيە) خاس چارىلەردىن كېيىن بەدەنگە كىرگۈزۈلگەن بولسا، بۇ تەلقىھ (تىكە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ تەجرىبىسىمۇ قىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئازراق پايدىنىڭ ئۈمىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن مەيلى نەتىجە ھازىرغىچە قولغا كەلمىگەن بولسىمۇ، بەلكى شۈبھە قىلىنىدۇكى، بۇنى ئىشلىتىش بىلەن قاناش يۈز بېرىشنىڭ سانى ئاشىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش چارىلىرى (تەدابىرى تەھەففۇزى)

بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇشىنىڭ چوڭ ۋاسىتىسى چوڭ تەرەتتىكى كىرەكسىز چىقىرىندى ماددىلاردۇر، بۇ سۇنى بۇلغايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىك ئاشكارا بولغان بولسا، ھەممىدىن زىيادە سۇنىڭ كېسەللىك ماددىسى بىلەن يۇقۇملىنىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم. بۇ تۈردىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قانچە كۆپ قىلسا، بۇ كېسەللىكنىڭ كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى شۇنچە ئاز بولىدۇ، جۈملىدىن يول تازىلىقى، شەھەرنىڭ زىچلىقى ۋە سۇنىڭ تەرتىپى بۇ كېسەللىكنىڭ چىقىرىندى ماددىلىرى كۆڭۈل بۆلمەستىن (ئوفۇنەتسىزلەندۈرۈلمەي) تۆكۈلگەن بولسا، ئۇنىڭدا ئىچىدىغان سۇ بۇلغىنىدۇ، مەسىلەن: بەزىدە پاختا يىپلاردىن توقۇلغان رەخت بىلەن يۇقۇملانغان تەركىبلەر يېتىپ بارىدۇ، بەزىدە بىمارنىڭ ئەدىيال، كۆرپە، كىيىم ۋە بۇ تۈردىكى باشقا نەرسىلىرى بۇ مەزكۇر كىرەكسىز چىقىرىندىلار بىلەن يۇقۇملىنىدۇ، ناچار يول ياكى كۆل ۋە باشقىلارنىڭ سۈيى بۇلغىنىپ ئۇزۇنغىچە يۇقۇپ، تارقىتىش ۋاسىتىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن بۇ يۇقۇش ۋە تارقىلىشنىڭ ۋاستىلىرى بىرگە يولباشچى ھاسىل قىلىدىكى، ئۇ ۋاسىتىلەرنى توختىتىش، يەنى بىمارنىڭ يۇقۇملانغان

چىقىرىندى ماددىلىرى ئۇفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن تەسىرسىز قىلىنىدۇ ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سۇ، ھاۋا، غىزا كېسەللىك ماددىسى بىلەن بۇلغىنىشتىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، ھەرھالدا تازىلىق مۇھىم نەرسىدۇر ۋە تازىلىقنى ياخشى قىلىش يېتەرلىك ياردەمچى بولىدۇ.

بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىرقانچە كۆرسەتمىلەر مىسال شەكلىدە يېزىلدى.

1. سۇ قايناتىپ ئىچىلىدۇ ھەمدە بىمار سۇ ئىچكەن قاچىنى ساپ سۇ بىلەن يۇيۇپ قايناۋاتقان سۇغا سېلىنىدۇ؛

2. بۇلغانغان كۆللەرنىڭ سۈيى بىلەن كىيىم ۋە باشقىلار يۇيۇلغان بولسا، يۇيۇنماسلىق ۋە مۇشۇنداق كۆللەرنىڭ بېلىقلىرىنىمۇ ئىستېمال قىلماسلىق؛

3. سۈت قايناتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ؛

4. بۇ كېسەللىك تارقالغان كۈنلەردە ئامالىنىڭ بارىچە بازاردىكى ئاشخانىلاردا غىزا ئىستېمال قىلماسلىق؛

5. يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى چىۋىنلاردىن قاچۇرۇش، بۇ، ئۆيدىكى كېسەللىك ماددىسىنى بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يەتكۈزىدىغان چوڭ ۋاسىتىدۇر؛

6. توڭ مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلار ھەم ئوتياشلارنى خام ھالەتتە ئىستېمال قىلماسلىق، ئۇ، پىشقاندىن كېيىن يۇقۇملىنىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە يوقىلىدۇ؛

7. بىمارنىڭ ياتىقى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئايرىم بولۇشى لازىم. بۇ جايغا پەرۋىش خادىملىرىدىن باشقا كۆپ كىشىلەر كىرىپ چىقمىسۇن ۋە بۇ جايدا ناھايىتى ئاز سايمانلار تۇرۇشى لازىم، بۇ پەقەت بىمارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يېتەرلىك بولسۇن؛

8. بىمارنىڭ كىرلىكلىرىنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇش ھەمدە يۇيۇپ بىمارغا بېرىشتىن ئىلگىرى قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ مىكروبسىزلاندۇرۇپ تاكى ئۇفۇنەت ماددىسى ھارارەت بىلەن بەربات بولسۇن؛

9. بىمارنىڭ چىقىرىندى ماددىسى (چوڭ ـ كىچىك تەرەت، تۈكۈرۈك، بەلغەم ۋە باشقىلار) تېز تەسىرسىز قىلىنىدۇ. تەسىرسىز ئۇسۇلى تەركىبى ئۇ چىقىرىندى ماددىلارغا ئىككى قېتىم ھاك سېلىنىدۇ ياكى قايناۋاتقان سۇغا تۆت قېتىم تاشلىنىدۇ ۋە بىمارغا ساقايغاندىن كېيىنمۇ ئىككى ـ ئۈچ ئايغىچە بۇ ئەمەل داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى بىر مۇددەتكىچە بىمارنىڭ بەدىنىدىن چوڭ ـ كىچىك تەرەتتە ماددىلار چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى؛

10. بىمار چوڭ تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىرەر ئۇفۇنەتكە قارشى سۇيۇقلۇقتا

پاختىنى ھۆللەپ، بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ چوڭ تەرەت ئورنىنى پاكىزلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پاختىنى كۆيدۈرۈۋېتىش؛

11. بىمارنىڭ بۇرۇن ۋە ئېغىز ھۆللۈكىنى پاكىز كىچىك - كىچىك رەخت پارچىلىرىغا سۈرتۈش ھەمدە ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش؛

12. بىمار ئەگەر يۇيۇنماقچى بولسا، بىر چوڭ قاچىدا يۇيۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشلىتىلگەن سۇغا يېتەرلىك مىقداردا ئۆچۈرۈلگەن ھاك ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈۋېتىلىدۇ؛

13. بىمارنىڭ ياتقىغا چىۋىن كىرىۋېلىشتىن ساقلىنىش؛

14. پەرۋىش خادىملىرى بىلىش لازىمكى، يۇيۇندۇرۇش، ئىستىنجا قىلدۇرۇش ۋە ھۆقنە ۋە باشقىلارنى قىلغان ۋاقىتتا رېزىنكە پەلەيلەرنى قولىغا كىيىۋېلىش؛

15. بىمار ساقايغاندىن كېيىن بىمارنىڭ ياتقىدىكى ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن يۇيۇش ھەمدە گۈڭگۈرت سېرىقى ۋە كۈندۈر بىلەن ئىسلاش، مۇشۇنداق پاكىزلىغاندىن كېيىن ئۇنى بىر - ئىككى كۈن ئوچۇق قويۇش.

بۇ ئۇ كۆرسەتمىلەر كېسەللىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېيتىلدى. لېكىن بىزدىن ھەممە كىشى بىلىش لازىمكى، بىزنىڭ كەمبەغەل دۆلىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان ئۆيلەر بۇ كۆرسەتمىلەرگە ئاسانلىق بىلەن ئەمەل قىلالايدۇ.

تەلقىھۇل ۋەقايە بۇ كېسەللىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزىدە ئوكۇلمۇ ئىشلىتىلىدۇ، يەنى بۇ كېسەللىكنىڭ جاراسىمى ئوكۇل ھالىتىدە يەتكۈزىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا تىلغا ئالغۇدەك مەنپەئەت بولمايدۇ، بەزى كىشىلەر ئويلايدۇكى، بۇنى ئىشلىتىش بىلەن 1/8 ھەسسە باراۋىرىدە كېسەللىك كۆرۈلۈشىدە ئازىيىش ئاشكارا بولىدۇ، ئەگەر بۇ تەخمىنلىك توغرا بولسىمۇ، بۇنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى يوق، قىسقىسى بۇ، ئوكۇل ئىشلىتىشمۇ ساقلىقنى ساقلاشقا بىرەر مەنپەئەت قوشالمايدۇ.

ھاملىن تىفۇدەس بۇ بەدىنىدە بۇ كېسەللىك ماددىسى ئۇزاق مۇددەتلەرگىچە تۇرغان كىشىلەرگە ئېيتىلىدۇ، مۇشۇنداق كىشىلەرنى داۋالاش ئىنتايىن قىيىندۇر، ئوفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچىلارنى ئىچىدىن ئىشلىتىش ئۇلار ئۈچۈن قەتئىي پايدىسىز، ئوكۇل ئىشلىتىشنىڭ بىرەر تىلغا ئالغۇدەك تەسىرى يوق، بىر قانچە كۈن ئۈچۈن ئەگەر چوڭ - كىچىك تەرەتتە كېسەللىك جاراسىمى يوقالغان بولسا، ئازراق مەزگىلدىن كېيىن قايتا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىراقى كىشىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتى تولۇق ساقلىنىدۇ ۋە تازىلاش ئۇسۇلى باراۋەر ئىشلىتىلىدۇ، ھەتتاكى بۇ چوقۇم بولسۇنكى، بۇ كىشىنىڭ بەدىنى مۇتلەق ھالەتتە كېسەللىك جاراسىمىدىن پاك بولىدۇ، لېكىن ئەمەللەر (پەرھىز) دە ئۆزىنى ساقلاش شۇقەدەر مۇشكۈل ۋە قىيىندۇر، بۇنى ھەركىشى قىياس قىلالايدۇ.

ھۇمما مىسرانىيە

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ سەۋەبلىرى، ئالامەتلىرى ۋە داۋالاش ئېتىبارى بىلەن بىرىنچى تۈرگە ئوخشاشتۇر، بۇ ئىلگىرى ئىشارە قىلىنغان. پەقەت ماددىنىڭ تۈرىدە ئازراق پەرق بولىدۇ، بۇ جاراسىمنىڭ كۆپىيىش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن ئۇ پەرقلەر ۋە ئايرىشلارنىڭ بىرەر مۇناسىۋىتى يوق، ھۇمما مەئۋىيە ۋە ھۇمما مىسرانىيەدىن ماددىلار ياكى جاراسىم، ئەگەر تەنگە كىرگەن بولسا، بەزى خاسلىقلىرى بىلەن بۇ بىرى ئىككىنچىسىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن ھۇمما مىسرانىيەنىڭ جاراسىممۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بۇنىڭدا ئۆزئارا مۇشۇنداق نازۇك ئوخشىماسلىقلار باردۇر.

سەۋەبى ھۇمما مىسرانىيەنىڭ تارقىلىشىدا ھۇمما مەئۋىيەدە سۆزلەنگەن سەۋەبلەر ئېيتىلغان، مەسىلەن: كېسەللىك ئېلىپ يۈرگۈچىنىڭ چوڭ تەرىتى، كىرەكسىز ماددىلىرى، ئۇنىڭ كىيىملىرى، پەرۋىش سايمانلىرى شۇنىڭدەك ئىچىدىغان سۇ، سۈت، چاڭ - توزان، چىۋىنلار ۋە باشقىلار تارقىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك، ئەمەلىيەتتە ھۇمما مەئۋىيە ۋە ھۇمما مىسرانىيەنىڭ ئالامەتلىرى ۋە كېسەللىك ئاناتومىيەسى شۇنچىلىك تۇتاشقانكى، ئۇ ئىككىسىدە بىرەر پەرق سۆزلەنمىگەن.

ھۇمما مەئۋىيەنى مىسرانىيەگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنكى ئالامەتلەر نىسبەتەن كۆپ كۆرۈلىدۇ.

1. بايان قىلىنغانكى. كېسەللىكنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى ھۇمما مەئۋىيەگە سېلىشتۇرغاندا، ھۇمما مىسرانىيەدە كۆپرەك بولىدۇ؛

2. بۇ ئېنىقكى، بۇ كېسەللىكتە بەزى دۆلەتلەردە بەدەن ئۈستىدە گۈلاب رەڭلىك داغ كۆرۈلىدۇ، ئۇ داغلار ھۇمما مىسرانىيەدە چوڭ ۋە زىيادە قىزىل بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە گۈلاب رەڭلىك داغ كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەرقنىڭ ئازراق تەسىر ئۆلچىمى بولمايدۇ؛

3. ھۇمما مەئۋىيەگە سېلىشتۇرغاندا، ھۇمما مىسرانىيەدە تال كۆپىنچە چوڭىيىدۇ ۋە چوڭىيىشمۇ يېتەرلىك بولىدۇ؛

4. ھارارەتنىڭ ئۆرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تومۇر ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ئاستا بولىدۇ،

ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا بىر مىنۇتتا ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشى 50 بولىدۇ؛

5. قورساق ئاغرىقى ئومۇمەن بۇنىڭدا كۆپ كۆرۈلىدۇ، سەۋەبى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئىششىق بىلەن كۆپ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى بىرقانچە ياكى پۈتۈن يوشۇرۇن ئالامەتلەرنى كۆزەتكەندىن كېيىن، ھۇمما مەئۇيىيەنىڭ ئالامەتلىرىدە تېپىلغان چوڭ ئىختىلاپلارمۇ كۆزىتىلسە، مۇتلەق ئۈمىدسىزلىنىش بولىدۇ.

ھۇمما مىسرانىيەدىمۇ مەئۇيىيەگە ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: ئۈچەينىڭ ئىششىقى ۋە ئىلتىھابىدىن باشقا ئەزالارنىڭ ئىششىقى ھەم بۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بەزى ۋاقىتلاردا بۇ قەدەر تېز كۆرۈلىدۇكى، بۇ ئەسلىي كېسەللىك دەپ چۈشىنىلىدۇ، ئۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى سەۋەبى تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرلىرىنى ئېيتىدۇ، تولغاق، سەپراۋى كىلوس ياكى بولىن (رەئوۋى)، مۇپاسىل، يۇقۇملۇق زۇكام (ئەنفۇل ئەنزە)، قان بۇزۇلۇش قاتارلىقلار.

بۇ مەزگىلدە ھۇمما مىسرانىيە ۋابا شەكلىدە تارقىغان بولسا، بۇ مەزگىلدە ئەگەر بىرەرسىدە يەرقان (سېرىقلىق چۈشۈش)، ئىچى سۈرۈش، تولغاق، ئۆتكۈر يۆتەل، ئۆتكۈر ئىچ سۈرۈش، ئۆپكە ئىششىقى ياكى بۆرەك ئىششىقى بولسا، بۇ بۇ ھۇمما مەئۇيىيەنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كېسەللىكنىڭ يوقىشى يۈز بەرگەن بولىدۇ.

ھۇمما مىسرانىيەدە ئۆلۈمنىڭ يۈز بېرىشى ئومۇمەن ناھايىتى ئاز، يەنى 1%~3% كىچە بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ۋاباسىدىن 5%~6% كىچە ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ، ئۆلۈمدىن كېيىن جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، بەزى ۋاقىتلاردا ئىنچىكە ئۈچەي ۋە قۇلۇن (چەمبەر) ئۈچەينىڭ غۇدۇدى مۇجتەمىئە (بەز توپلىمى) ۋە غۇدۇدى ۋەھىدەدە يارا كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش (ئىلاج ۋە تەھفىز) ھۇمما مىسرانىيەنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇلى ھۇمما مەئۇيىيەگە تامامەن ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن داۋالىغۇچىدا بىرەر باش قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

تارقىلىشچان قىزىتما (ھۇمما ۋابائىيە)

ۋابا قىزىتمىسى بۇ، قىزىتما ۋابا شەكلىدە يۈز بېرىدۇ.

بۇ، ۋابا بىلەن كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن ئوچۇقكى، شۇ چاغقىچىلىك ۋابانىڭ ماھىيىتى ئوچۇق بولمىسا بۇ تونۇش مەجھۇلدۇر.

ۋابا ۋابانىڭ بىرقانچە مەنىلىرى بار.

1. ئۇ كېسەللىك كىشىلەر ئىچىدە كۆپ تارقالغان ئومۇمىي كېسەللىكتۇر.
2. بۇ قىزىتما دەۋرىدە بىرەر خاس ناچار كېسەللىك تارقالغان بولىدۇ؛
3. بىر جايدا بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە قوزغىلىدۇ.

ۋابائىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلغۇچى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا تۆت نەرسىنى تىلغا ئالغان.

1. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى؛
2. سۇنىڭ ئۆزگىرىشى؛
3. زېمىننىڭ ئۆزگىرىشى؛
4. ئاسماندىكى مەخسۇس ئۆزگىرىشلەر.

بۇ يۇقىرىقى ئەشيالارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ۋابا شەكلىنى پەيدا قىلىدۇ.

1. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى ھاۋادا ئىككى تۈرلۈك ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

(1) ئادەتتىكى شەكىلدە ئۇنىڭ كەيپىياتى (ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق ۋە باشقىلار) نىڭ ئۆزگىرىشى؛

(2) جەۋھىرىدىكى ئۆزگىرىش، بۇ دەسلەپكى تۈرى بىلەن قارىمۇقارشىدۇر.

ۋابا ۋە ئوفۇنەتنىڭ سەۋەبىدىن ھاۋادا بۇ ئىككى تۈردىكى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

جەۋھىرى ئۆزگىرىشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، ئوفۇنەت سەۋەبىدىن تۈرلۈك تۈردىكى تەنچىلەر پەيدا بولۇپ ھاۋاغا قوشۇلىدۇ.

چېچەك ۋە قىزىلغا ئوخشاش ۋابا كېسەللىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنىڭ زەھەرلىك تەنچىلىرى ھاۋا ئارقىلىق يىراق - يىراقلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

تەمسىل ھازىر بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ھاۋادا يۇقىرىقى مەزكۇر ئىككى تۈردىكى ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ، بۇنىڭ جاۋابىنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا سۇغا تەمسىل قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ، سۇدا ئۆزگىرىش پەيدا بولغىنىدەك، ھاۋادىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

شۇڭلاشقا ھاۋانىڭ كەيپىياتى (ھارارەت، سوغۇقلۇق ۋە باشقىلار) دا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، يەنى ئۇ ئىسسىق ياكى سوغۇق بولىدۇ. بىرىنچى تۈردىكى ئۆزگىرىش، بەزى ھاۋانىڭ تەبىئىتى (تەبىئەت جەۋھەرلىرى) دە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھاۋادا ئوفۇنەت پەيدا بولىدۇ، سۇدا ئوفۇنەت ھاسىل بولغانىدەك، يەنى سۇغا ئوخشاش ھاۋادىمۇ بۇزۇلۇش بولىدۇ.

2. سۇنىڭ ئۆزگىرىشى بۇمۇ ئەستە تۇتۇلىدۇكى، سۇ ئاددىي ۋە خاس بولغان ھالەتتە ئوفۇنەتلەنمەيدۇ، بەلكى بۇ بىرلىشىپ توپلانغان ۋاقىتتا ئوفۇنەتلىنىدۇ، بۇ بىر ناچار كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ نامى ئوفۇنەتتۇر.

بۇ ئەھۋال ھاۋادىمۇ بولىدۇ، ئوفۇنەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئاددىي بولغان ھالەتتە بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئەجسامى خەبىسىيە (ناچار تەنچىلەر) بىرلىشىدۇ ۋە بىرلىشىپ (توپلانغاندا) بىر ناچار كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

يىراق ئوفۇنەت مەنبەسى بۇ بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى ئومۇمەن ھاۋاسى ياخشى ئورۇنلارغا بۇزۇلغان تېرە ياكى چىرىگەن جەسەت بار يىراق ئورۇنلاردىن ناچار بۇخاراتلار ئۇچۇپ كېلىدۇ، بۇنىڭدا مەيلى سوغۇق جەڭ مەيدانى ياكى بىرەر ۋابا تارقاپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ زېمىنغا دەپنە قىلىنماسلىقى ۋە كۆيدۈرۈلمەسلىكى نەتىجىسىدە بولسۇن.

يېقىن ئوفۇنەت مەنبەسى: بەزىدە بۇ بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى يىراق بولمايدۇ، بەلكى يېقىنلا بولىدۇ ياكى بۇ، شۇ زېمىندا مۇشۇنداق ۋەقەلەر ۋە ھالەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

3. زېمىندىكى ئۆزگىرىشلەر بەزىدە زېمىندا زېمىندىكى تۇپراق تەركىبلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان سەۋەبلەردىن ئوفۇنەت پەيدا بولىدۇ، ئاندىن بۇ سەۋەبلەر (ئوفۇنەت سەۋەبلىرى) سۇ ۋە ھاۋا تەرەپكە يۆتكىلىپ ئۇنىمۇ ئوفۇنەتلەندۈرىدۇ، ئاندىن سۇ، ھاۋادىن مېۋە، گۈل، غىزا ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق ئىنسانغىچە يۇقىدۇ، بۇ تۆردىكى ئوفۇنەت سەۋەبلىرىنى قانۇننى شەرھلىگۈچىلەر ئوفۇنەت ئارىلىشىش ياكى يۇقۇملىنىش ئۇقۇمى بىلەن سۆزلىگەن.

4. ئاسماندىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇ بارلىق مەزكۇر ئۆزگىرىشلەر ھاۋائىيە (ھاۋادىكى ئۆزگىرىش)، مائىيە (سۇدىكى ئۆزگىرىش) ۋە ئەرزىيە (تۇپراقتىكى ئۆزگىرىشى) نىڭ باشلىنىش ئورنى ھەب پەيدا بولۇشى ئاسماندىكى ئۆزگىرىشلەردىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئازراق بۇ تۆردىكى ئۆزگىرىشنىڭ ياسىغۇچى يىراق سەۋەبى (دەسلەپكى سەۋەب) ئازراق ئاسماندا بولىدۇ ۋە ئازراق يېقىن سەۋەب زېمىندا بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ھۆممىياتى قانۇن، ۋابا تەتقىق قىلغۇچىلار).

ئەگەر ئاسمانىي سەۋەبلەردىن مۇشۇنداق ئىشلار توپلاشسا، ھاۋا ھۆللەشكەن ۋە ئىسسىق بولىدۇ، يەنى ساپ بولمىغان بولسا، مۇشۇنداق ھالەت ئوفۇنەت ۋە ۋابا ئۈچۈن زىيادە زىيانلىقتۇر. لېكىن ۋابانىڭ قەيەردىن قانداق ھالەتلەردە يۇقىدىغانلىقى يوشۇرۇندۇر.

بىر سىرتقى مىسال بەزى ۋاقىتلاردا يامغۇرلۇق پەسىللەردە چىۋىنلار، ھەرىلەر ياكى باشقا زېمىن ھاشاراتلىرى پاناھسىز كۆپ بولىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەگەر بۇنىڭ جاۋابىنى بېرىشكە تىرىشىلسا، سورىغۇچىغا بېرىلىدىغان قانائەتلىنەرلىك جاۋاب: ئاسماندىكى ئۆزگىرىشلەر، زېمىندىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ھاۋادىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر ئەگەر ھەرە ۋە چىۋىنلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا بىپاناھلىقنى

ئاشۇرغان بولسا، ئۇنىڭ بىرەر سەۋەبى بولمايدۇكى، بۇ تۆردىكى سەۋەبلەر بىرلەشكەن بولمايدۇ، بۇلاردىن بىرەر خاس زاماندا بەزى ئوفۇنەتلەر ۋە مەخسۇس جاراسىم تەنچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى بولىدۇ، بۇ بىرەر ۋابانىڭ تارقىلىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، باشقا ۋاقىتتا ئوفۇنەت تارقالغان بۇ نەرسىلەر جانىۋارلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا سەرپ قىلىنىدۇ، سۈت ۋە گۆشنىڭ سۈيى بۇنىڭ ياخشىراق مىسالىدۇر. مۇشۇنىڭدەك ئەگەر ھارارەت ۋە ھۆللۈك (بىر خاس دەرىجىدە) ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولسا، ئازدۇر - كۆپتۇر بۇ دەرىجىنىڭ ھارارىتى ۋە ھۆللۈكى ئوفۇنەت ئۈچۈنمۇ زۆرۈردۇر.

بۇمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەسكى، بىرەر خاس پەسىل ۋە بىرەر خاس ھالەت ئەگەر بىر تۈرلۈك جاندارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن مۇناسىپ بولسا، مۇشۇ پەسىل ۋە باشقا جاندارلارنىڭ ۋەيران بولۇشى ھەم بەرباتلىقىنىڭ لازىمەتلىكلىرىدۇر.

بەزى شەھەرلەر ۋە بەزى دۆلەتلەردە يىلانلار، چايانلار، چىۋىنلار، ھەرىلەر، پاشىلار ۋە باشقا قۇرت لىچىنكىلىرى سانسىز كۆپ بولىدۇ، بۇ قۇرت لىچىنكىلىرى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان زەھەردۇر.

بەزى شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىدا ئۇنىڭ يوللىرىنىڭ تازىلىق ئۇسۇللىرى مۇشۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئوفۇنەتلەرنىڭ پاناھگاھىدۇر، يەنى ئۇ ھالەتلەردە قىيامەتكىچە ئۇنى تازىلىغىلى بولمايدۇ، بۇ شەھەرنىڭ ناچار مۇھىتى مەلۇم ۋابانىڭ ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن زىيادە شارائىت ھازىرلايدۇ، ئەگەر بۇ ئىلمي ۋە تېببي نۇقتىدىن تەتقىق قىلسا، مەزكۇر ھەقىقەتلەر بۇ جايدا تېپىلىدۇ.

بۇ تۆردىكى ئۆزگىرىشلەر تۇپراقتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر مىسالىدۇر.

ھۇمائى ۋابائىيەنىڭ جىنسداشلىرى: تائۇن، چېچەك، قىزىل ۋە باشقىلار.

نەجىبۇددىن سەمەرقەندى ۋە بۇرھانوددىين نەفىيسنىڭ سۆزلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ھەقىقەتلىرى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ يۇقىرىقى ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ۋابانىڭ تەرىپى بۇ ھاۋادىن پەيدا بولىدىغان ئوفۇنەتلىك ئۆزگىرىشتۇر.

ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى سۇنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئوخشاشتۇر، بۇ مەلۇم بوشلۇق ۋە باشقىلارغا توپلىنىپ ئۆزگىرىدۇ (سەمەرقەندى).

مائى مۇستەنقەھ ئاجەندىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، بۇ ناپاك يەر جاراسىم تەنچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆزگەرگەن سۇدۇر، يەنى ئۇ ناپاك يەر جاراسىم تەنچىلىرى ئاجىز ھارارەتنىڭ ياردەم قىلىشىدىن توپلانغان ناچار بۇزۇلۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى يەككە نەرسىلەر بەزىدە ئوفۇنەتلەنمەيدۇ (نەفىيس).

ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، ھاۋانىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىشتۇر ۋە بۇ ئۆزىمۇ بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ، ئاجىز ھارارەتتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئادەتتىكى ھارارەتتۇر، بۇ ھاۋادىكى ئۇفۇنەت سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئۆزىمۇ ئۇفۇنەتلىنىش سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئاجىز ھارارەتتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئادەتتىكى ھارارەتتۇر، بۇ كۆيدۈرگۈچى ھارارەتتىن تۆۋەن بولىدۇ، بۇ ئىنسان بەدىنىدىكى ھارارەتتە ئازدۇر - كۆپتۇر بولىدۇ.

ئەگەر ھاۋادا ئۇفۇنەت پەيدا بولغان بولسا، بەدەننىڭ خىلتلىرى ئۇفۇنەتلىنىدۇ، يەنى ھاۋانىڭ ئۇفۇنەت تەركىبلىرى (ناچار تەنچىسى) خىلتلار بىلەن بىرلىشىدۇ (نەفىيس).

ئەگەر بۇ زەھەرلىك نەرسە (زەھەرلىك ناپاك تەنچىلەر)، بەدەنگە كىرگەن (خىلتلارغا يېتىپ بارغان) بولسا قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ (نەفىيس). ئەگەر ھاۋانىڭ ئۇفۇنەتلەنگەن تەركىبلىرى بەدەندىكى خىلتلارغىچە يېتىپ بارغان بولسا ئوچۇقكى، بۇ نەپەسلىنىش ئارقىلىق بەدەن ئىچىگە كىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن دەسلەپتە يۈرەكتىكى خىلتلار تەسىرگە ئۇچرايدۇ)، ئاندىن كېيىن يۈرەك قان تومۇرلىرى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ ھەم پۈتۈن قان ئۇفۇنەتلىنىدۇ.

ئەگەر زېمىن ۋە سۇنىڭ ۋابادىن بولغان ئۆزگىرىشلىرى بىلەن خىلتلارغا تەسىر قىلغان بولسا، دەسلەپتە يۈرەككىلا تەسىر قىلىشى مۇھىم ئەمەس. يۈرەكمۇ دەسلەپتە تەسىرگە ئۇچرىغان بولىدۇ، جىگەر ۋە باشقىلارمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىدە بۇ ناپاك تەنچىلەر تېرە يولى بىلەن بەدەن ئىچىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تېرىدە چوقۇم قىچىشىش بولىدۇ. مەيلى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان كىچىك تۆشۈك بولسۇن.

ۋابانىڭ تارقىلىش شارائىتى باشقا تارقىلىشچان كېسەللىكلەرگە ئوخشاش بۇ قىزىتمىلار نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئومۇمىي بولىدۇ، بۇلاردا ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ شارائىتى بولىدۇ.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئومۇمىي بولۇشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى: ئۇنىڭ سەۋەبىلا ئومۇمىي بولىدۇ، ئىككىنچى، ئۇ بىمارلارنىڭ تېنىدىكى ناچار ۋە زەھەرلىك ماددىلار (ئەجسامى خەبىسە) باشقا كىشىلەرنىڭ تەنلىرىگە ئوخشىمىغان يۇقۇشلار ئارقىلىق يېتىپ بارىدۇ.

ۋابا قىزىتمىسى نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئومۇمىي بولۇشنىڭ سەۋەبىنى «ئەنتاكى» مۇشۇنداق بايان قىلغان. نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئومۇمىي بولۇشنىڭ سەۋەبى بۇ دۆلەتتە بۇزۇلغان ھاۋادا نەپەس ئالىدۇ، ناچار سۇ ئىستېمال قىلىدۇ، بۇزۇلغان مېۋىلەرنى يەيدۇ ۋە ۋابانىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىدۇ.

ۋابا ئۈچۈن بەدەن شارائىتىنىڭ شەرتى شۇكى، بەدەندە تەسىرنى قوبۇل قىلىش شارائىتى بولمىغاندا، بۇنىڭ ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا بۇ كىشىلەرنىڭ بەدىنى بۇزۇلغان ماددىلاردىن خالىي بولىدۇ ياكى بۇ كىشىلەرنىڭ مىزاجى بۇ ئۇفۇنەت كەيپىياتى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ، بۇلاردا ۋابانىڭ بىرەر تۈردىكى زەرەرى پەيدا بولمايدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق بولمىسا تامامىي مەخلۇقلار ۋابا مەزگىلىدە ۋاباغا گىرىپتار بولاتتى، ھالبۇكى، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر (نەفىيس).

شارائىتلىرى ۋابانىڭ شارائىتى تۆۋەندىكى كىشىلەردە بولىدۇ:

1. بۇنىڭ بەدىنىدە ناچار خىلىتلار توشۇپ قالغان بولىدۇ.

ناچار خىلىتلار يەنى بۇ ۋابا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇنىڭغا ۋاپانىڭ تەسىرى تېزرەك بولىدۇ (نەفىيس).

2. بۇنىڭ تېرە ياكى پەردە تۆشۈكى ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى ئوچۇق بولىدۇ، بۇ يولدىن ناپاك تەنچىلەر ۋە ئۇفۇنەتلەنگەن ماددىلار ئۆتىدۇ.

3. بۇ بەدىنى ئاجىزلاردا بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئەزالىرىدا كېسەلگە قارشى قۇۋۋەت ئاجىز بولىدۇ، مەسىلەن: جىمانى كۆپ قىلغان كىشىلەرنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ. بۇ ۋاسىتە بەدەندىكى خىلىتلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇفۇنەتتىن توختىتىشقا قادىر بولۇپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن: ياخشى ھاۋا ۋە ئوبدان غىزاغا ئېرىشەلمىگەن كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ۋابانىڭ خاتىمىسى بولىدۇ؟ ئەگەر بىر ۋابا كەلسە ۋە بۇنىڭدىن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىنسان بەلكى ھايۋاناتلارغىچە گىرىپتار بولسا بۇ ياماندۇركى، ۋابا ماددىسىنىڭ ھەر بەدەندە گويا بىر زىرائىتى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ خەزىنىسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپلا بارىدۇ، بۇ ھېساب بىلەن بۇ قائىدىنى بىلىش لازىمكى، مۇشۇنداق كۈن ئۆتىدۇ، ئاشۇنداق ۋابادىن ساقلىنىشنىڭ سانى ئېشىپ بارىدۇ، ۋاھالەنكى مۇشۇنداق بولمايدۇ، بەلكى ئاستا - ئاستا ۋابانىڭ زورلۇقى كېمىيىدۇ ۋە بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ خاتىمىسى كېلىدۇ.

بۇنىڭ ئىلمىي يۈزلىنىشى (ئاساسى) نېمە؟

بۇنىڭ جاۋابى ئىككى ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىرىنچىسى، ئۆتۈپ كەتكەن زاماندىن ئۇ دەسلەپكى سەۋەبلەر ئۆزگىرىدۇ، بۇ ۋابانىڭ تارقىلىش ۋاستىسىنى ياسايدۇ، مەسىلەن: ئاسمانىي سەۋەبلەردىن پەسىلنىڭ ئالمىشىشى، زېمىن ۋە سۇ سەۋەبلىرىدىن ھۆللۈكنىڭ كېمىيىشى، ھاۋائى سەۋەبلەردىن ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: ئادەتتىكى ئىسسىقلىق بىلەن ھاۋانىڭ ئۆتكۈر ئىسسىق بولۇشى، بۇ ئۇفۇنەتنى ئاشۇرىدۇ ياكى ئۆتكۈر سوغۇق پەسىلنىڭ كېلىشىدىن ئۇفۇنەتلەر تارقىلالمايدۇ.

ئىككىنچىسى، ۋابا تارقالغان ئورۇنلاردا ياشىغانلاردا ۋابا بىلەن كۈرەش قىلىپ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى زورىيىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ۋابانىڭ زورىيىشى كېمىيىدۇ.

بۇ ھەمىشە كۆزەتكەندە كۆرۈلىدۇكى، ۋابانىڭ دەسلەپتە ئەگەر ھالاكەت تېزلىك بىلەن يۈز بەرسە، ئاخىرىدا بىمار كېسەللىككە ئۇزۇنغىچە قارشى تۇرۇشقا قادىر بولىدۇ، ھەتتاكى كېسەللىكنىڭ مۇددىتى ئېشىپ، ئاخىرىدا ساقىيىشقا باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ۋابا قوزغالسا تەسىرى بولمايدۇ.

ۋابا تەگكەن ئىنسان ئەگەر ئۆز ماكانىنى تاشلاپ، بىرەر پاكىز ماكانغا بارسا پەرەز قىلىنىدۇكى، مۇشۇ جايغا بېرىپ باشقا كىشىلەرنى تەسىرگە ئۇچراتقان بولسا، كۆپىنچە كۆزەتكەندە بىلىنىدۇكى، بۇ كىشىلەر ۋابانىڭ تەسىرگە ناھايىتى تېز ئۇچرايدۇ ۋە تېز ئۆتكۈر ھالاكەتكىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە كۆچۈپ كەلگەن ئىلگىرى ۋابا بولغان ئادەم ئۇزاق مۇددەتكىچە بۇ مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرىدۇ، مەيلى ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ساغلاملىق ياكى ئۆلۈم بولسۇن.

بۇنىڭ ئىنچىكە ھەقىقىتى شۇكى، يېڭى ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە بۇ خىل كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بولمايدۇ، ھالبۇكى، يېڭى ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ تەنلىرى مۇشۇنداق دۈشمەندىن خەۋەرسىز بولىدۇ، ۋابا تارقالغان ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ بەدىنى مۇشۇنداق كېسەللىك بىلەن ئىلگىرى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچراشقان بولغاچقا، ئۇلاردا كېسەللىككە قارشى تۇرىدىغان ماددىلار ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇمكى، مۇشۇنداق بەدەندە تەبىئەت كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى تەدرىجىي ھاسىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۆكۈم ھېكمەت ئۈستىگە قۇرۇلغانكى، ۋابا كۆرۈلگەن ماكاندىكى كىشىلەر باشقا شەھەرلەرگە بارماسلىقى، لېكىن ئۆز ماكانى ئەتراپىدىكى ئادەم يوق ئورۇنلاردا ياشىشى لازىمدۇر.

ئۈچىنچىسى، ئېيتىلغانكى ۋابا تەنچىلىرى بىر بەدەندىن ئىككىنچى بەدەنگە يۆتكىلىپ ئاجىزلايدۇ، بۇنى ئەقلىي ئىسپات بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، بەلكى تەجرىبە قىلغاندا ئاندىن كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى كۆپىنچە ۋابا قىزىتمىسى تۇتقاندا يەڭگىل مەلۇم بولىدۇ، لېكىن بەدەندە قاتتىق كۆيۈشۈش ۋە بىئاراملىقنى پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە قىزىتما ئۆتكۈر، نەپەسلىنىشى چوڭ ۋە ئارقىمۇئارقا بولىدۇ ۋە تىنىقىدا سېسىق پۇراق بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دېمى سىقىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، تومۇرى ئارقىمۇئارقا، كىچىك سوقىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

تىندۇرۇلغان سۈيدۈك سۇغا ئوخشاش سۈيۈق، سەپرا ياكى سەۋدا رەڭگىدە بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

چوڭ تەرىتى يۇمشاق، ناھايىتى ناچار بولۇپ، كۆپ قىسمى كۆپۈكلۈك كېلىدۇ، تەرەتتىن ناچار، قارا ۋە مەينەت نەرسىلەر چىقىدۇ. تىل قۇرۇش ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر بولىدۇ، ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ. كۆپىنچە كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، قۇسۇقىدىن بەزىدە سەپرا ۋە بەزىدە سەۋدا چىقىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا). ئاجىزلىق ئىنتايىن غالىب بولۇپ، ئايلىنىپ كېتىش، كۈچ يوقىلىش ۋە ئەقىل ئىلىشىش كۆرۈلىدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، قوۋۇرغا بىرلەشمىسى ئاستىدا تەمەددۇد سېزىلىدۇ، بەدەن بوش بولىدۇ.

بەزىدە بۇ قىزىتمىدا بەدەنگە قىزىل ياكى سارغۇچ رەڭلىك مۇدۇر - چاقا چىقىدۇ، بەزىدە بۇ مۇدۇر - چاقىلار چىقىپ تېزلا غايىب بولىدۇ، ئېغىزىغا بەزىدە مۇدۇر - چاقا، يەنە بەزىدە يارا چىقىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

بەزىدە بۇ قىزىتما بىلەن تال چوڭگىيىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۆتكۈر ئاغرىش ۋە قۇرۇق يۆتەل ئەھۋاللىرى بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

بەزىدە بەدەندىكى بەزلەر ئىششىيدۇ (تائۇن). بەزىدە بىمارلاردا ئىستىسقاغا ئوخشاش كەيپىيات پەيدا بولىدۇ ۋە سەپرا قاتارلىقلاردىن بولغان ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ. ۋابا قىزىتمىسىدا بىمارلارنىڭ تەرىمۇ ئوفۇنەتلىك بولىدۇ.

ۋابا قىزىتمىسىدا بەزى بىمارلاردا زىيادە ھارارەت سېزىلمەيدۇ ۋە باشقىلاردىمۇ سېزىلمەيدۇ، تومۇر ۋە تىندۇرۇلغان سۈيدۈكتە زىيادە ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ، لېكىن بۇ مەۋجۇت بولۇش بىلەن بۇ ئۆتكۈرلۈك قوشۇلۇپ، ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇكى، تېۋىپ ھەيران قالىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا). بۇ قىزىتما مەزكۇر ئالامەتلەر بىلەن ئۆتكۈرلۈك ھالەتتە باشلىنىدۇ ۋە نەتىجىدە ئايلىنىپ كېتىش، پۇت - قوللار مۇزلاش، سەرسام، تەشەننۇج ۋە تەمەددۇد بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

تىنىقىدىن سېسىق پۇراق كەلگەن بىمارلار كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

ۋابا قىزىتمىسىنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىر ئالامەت بۇكى، بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر ۋە ھايۋانلارمۇ گىرىپتار بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋابانىڭ ئىستىبداتىدا سۆزلەنگەن تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم.

ۋابانىڭ ئالامىتى ۋابانىڭ ئالامەتلىرى ھاۋادىمۇ ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: يامغۇرنىڭ ئاز بولۇشى ۋە ئاسمان ھەمىشە چاڭ - توزان تۇرۇش، يۇلتۇز ئۇچقۇنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ زىيادە پارچىلىنىشى قاتارلىقلار. ھاۋا تۇتۇق ۋە چاڭ - توزانلىق بولۇپ، چىۋىنلار

كۆپ بولىدۇ، ئاق تۇرنا ۋە باشقا سەزگۈرلۈكى يۇقىرى ھايۋانلار مەيلى ئۇۋىلىرىدا تۇخۇمى ۋە بالىلىرى بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇۋىلىرىنى تاشلاپ قاچىدۇ.

يۇلتۇز ئۇچقۇنلىرى ئاسماندا، مەسىلەن: قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ سۇنۇپ چۈشكەن پارچىلىرى، سانىپ ياكى سەتونىنىڭ نۇرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، چاشقان ۋە باشقا جانىۋارلار زېمىن ئىچىدە كامار كولاپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئۇۋىلىرىنى تاشلاپ سېزىمسىزلىنىپ سىرتقا چىقىدۇ ۋە ئۇيەر - بۇ يەرلەردە ئۆلۈپ قالىدۇ، بەزىدە مەلۇم جايدا ئايلىنىپ قېلىپ ئۆلۈپ قالىدۇ، بۇنىڭ ئۇفۇنەتى كېڭىيىپ، ئۇفۇنەتنىڭ ئېشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

بۇنىڭ بىلەن ۋابا تارقالغان ئورۇنلاردا قۇرت تۇخۇملىرى بۇ ئۇفۇنەتتىن كۆپىيىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ۋابا قىزىتمىسىدا بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈشكە ئېتىبار بېرىلىدۇ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچىلەر ئىشلىتىلىدۇ، زەھەرنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار سوغۇق سۇ، گۇلاب، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى كىيۇرە، ئەرقى سەندەل، ئەرقى كاسنە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى نىلۇپەر، لىمون سۈيى، سىركە، دوغاپ سۈيى، ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانار سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، ئەينۇلانىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، جىنەستە ئۇسارىسى، كەرەندە ئۇسارىسى، ئەنناس ئۇسارىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چىلان شىرىسى، زىخ شىرىسى، سۇماق شىرىسى، ئانار ئۇرۇقى شىرىسى، بېھى رۇببىسى، ئانار رۇببىسى، سىركەنجىۋىل، كىيۇرە شەربىتى، لىمون شەربىتى، تۇرۇنجى شەربىتى، غورا شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، چىلان شەربىتى، قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كافۇر.

يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلار زەھرى مۆھرە، تاباشىر، گىل ئەرمىنى، مەرۋايىت، جەدۋار، دۇرنەج، قىزىلگۈل، زەپەر، ئەنبەر، پەۋاكى شەربىتى، لىمون چۈشكەن ئالما شەربىتى، چۈچۈمەل سەندەل شەربىتى، ئانارىن (ئاچچىق ۋە تاتلىق) شەربىتى، خېمىرى سەندەل تۇرۇش، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەۋرىشىم، داۋائىلمىشكى بارىد، مۇپەررىھى بارىد، ئانار شەربىتى، ئەرقى گۇلاب، ئەرقى كىيۇرە، ئەرقى بىدىمۇشكى.

زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار مۇرمەككى، سەبرە، زەپەر، كافۇر، ئەپيۇن، نىم پوستى، لىمون، زىرىشك، سۇماق، ئانار ئۇرۇقى، دۇرنەج ئەقرەبى، جەدۋار، پىننە، زورەمبات، زەھرى

مۆھرە، نارجىل دەريائى.

يۇمشاتقۇچى دورىلار گۈلقەنت، شەربىتى ۋەرد، تەمرى ھىندى، قىزىلگۈل، گۈلبىنەپشە، چىلان، ھېلىلە، خىيارشەنبەر فۇلۇسى مېغىزى، خېمىرى بىنەپشە.

سەمەرقەندىنىڭ داۋالىشى ئەگەر ھالەتلەر يار بەرسە ۋە بەدەندە قان غالىب بولسا قان ئېلىنىدۇ، ئەگەر باشقا ماددىلار غالىب بولسا، يۇمشاتقۇچىلار بىلەن چىقىرىلىدۇ، تاكى بەدەن يەڭگىللىسۇن. سوغۇق سۇ بىر قېتىمدا تويغۇدەك ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈچۈمەل ۋە قابىز مېۋىلەر، مەسىلەن: پىشمىغان ئۈزۈم، لىمون، ئانار، بېھى، چوكە رۇببىسى ۋە قۇرسى كافۇر قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆكرەك ساھەسىگە سەندەل، كافۇر، سىركە ۋە گۇلابلار زىمات قىلىنىدۇ.

تۇرالغۇ بىمار تۇرغان جاينىڭ ھاۋاسىغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلۈپ نورمال قىلىنىدۇ ۋە ھاۋانى خۇش پۇراق قىلىش ئۈچۈن سىركە، گۇلاب، ئەرقى بىدمۇشكى ۋە ئەرقى نىلۇپەرگە ئوخشاش نەرسىلەر سېپىلىدۇ ھەمدە بۇ جايغا خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر قويۇلىدۇ.

ئادەتتە خۇش پۇراقلىق نەرسىلەر يۈرەكنى كۈچلۈك قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋابادىن بولغان بۇزۇلغان مىزاج ياخشىلىنىدۇ، شەك - شۈبھىسىز بۇنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان (نەفىيس).

ئۇزۇقلاندۇرۇش قۇۋۋەت ئاجىز بولغان شەرت ئاستىدا كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: پىشمىغان ئۈزۈم غىزاسى، سۇماق غىزاسى، ئەينۇلا غىزاسى. بۇ غىزالار مەيلى ئاددىي بولسۇن ياكى چۈجىلەرنىڭ گۆشى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار

نۇسخا ئۈچ گىرام قۇرسى تاباشىر كافۇرىنى 12 گىرام ئاچچىق ئانار رۇببىسى (ياكى ئاچچىق ئانار شەربىتى 24 گىرام) غا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كاسنە ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، زىرىق بەش گىرامدىن، كاھۇ ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، ئەينۇلا يەتتە دانە. دورىلارنىڭ لۇئابى ۋە شىرىسىنى 72 گىرام گۇلاب ۋە 72 گىرام ئەرقى بىدمىشكىدە چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى لىمون قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سەندەلنى سۇدا سۈرۈپ، بۇنىڭغا مەلمەل رەختنى چىلاپ، ئاندىن كۆكرەك ساھەسىگە قويۇش، ئەمما ئۇنى قۇرۇتۇپ قويماسلىق لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن سىركە، گۇلاب ۋە كافۇرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

چۈش ۋاقتىدا 108 گىرام ئانار سۈيى چۈچۈمەل سەندەل شەربىتى ياكى لىمون چۈشكەن ئالما شەربىتىدىن 24 گىرامىغا قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئىككى خىل ئانار سۈيىنىڭ ئورنىغا نېپىز

پوستلىق لىمون سۈيى، جىنەستە سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيى، كەروندە سۈيى، ئەنناس سۈيى بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى پايدىلىقتۇر.

سۇ مۇز بىلەن سوغۇق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭدا بىرەر كەملىك قىلماسلىق لازىم، بۇنىڭغا ئاساسەن دورىلارمۇ مۇز بىلەن سوغۇق قىلىنسا ياخشىدۇر. كافۇر، گۇلاب، سىركە، سەندەل قاتارلىقلارنى سۇ سېپىدىغان قاچىغا تولدۇرۇپ، بىر سائەتتىن ئارىلىق قالدۇرۇپ، بىمارنىڭ تۇرالغۇسىغا سېپىپ بېرىلىدۇ، بىمار خەسخانەدە قويۇلىدۇ ھەمدە خەس ئەتىرى ۋە سەندەل ئەتىرى پۇرىتىلىدۇ.

ئاپېلسىن يوپۇرمىقى، لىمون يوپۇرمىقى، رەيھان يوپۇرمىقى، كۆك پىننە، يۇمغاقسۈت، بىدىمىشكى يوپۇرمىقى، سۆگەت يوپۇرمىقى، يېڭى نىلۇپەر گۈلى، ئايدىڭگۈل، قىزىلگۈل، گىرھەل گۈلى قاتارلىقلاردىن قانچىلىك تاپالىسا شۇنچىلىكى بىمارنىڭ كۆرپىسى ئەتراپىغا قويۇلىدۇ ياكى كۆرپىسى ئۈستىگە تۆكۈلىدۇ، ئەرقى بىدىمۇشكى ۋە گۇلاب قاتارلىقلار پات ـ پات سېپىپ تۇرۇلىدۇ.

قەۋزىيەت بولغاندا بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: ئەينۇلا يەتتە دانە، قىزىلگۈل، گۈلبىنەپشە يەتتە گرامدىن، تەمرى ھىندى 36 گرام، چىلان بەش دانە، گۇلاب، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى كىيۇرەنىڭ ھەربىرىدىن 72 گرامدىن. دورىلارنى ئەرەققە چىلاپ سۈزۈپ، 36 گرام گۈلقەنت قوشۇپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (1): تۆت گرام قۇرسى كافۇرنى 24 گرام ئىككى خىل ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن تىندۇرۇلغان كۆك كاسنە يوپۇرمىقى سۈيى، تىندۇرۇلغان كۆك ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى سۈيىدىن 72 گرامدىن ئېلىپ، 36 گرام سىركەنجىۋىل ساددىدە ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (2): يەتتە گرام خېمىرى سەندەل تۇرۇشنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن سىركە تامچىلىتىلغان بىر پىيالە سوغۇق سۇغا كافۇردىن تۆت گرام قوشۇپ ياكى قۇرس قوشماي ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش قۇرسى كافۇر تۆۋەندىكى رۇبلار بىلەنمۇ بېرىلىدۇ: غورا رۇببىسى، ئالما رۇببىسى، بېھى رۇببىسى، ئامۇت رۇببىسى، چۈچۈمەل ئاپېلسىن رۇببىسى، لىمون رۇببىسى، ئانار رۇببىسى قاتارلىقلار.

نۇسخا: تەمرى ھىندى مېغىزىدىن 24 ~ 36 گرامغىچە ئېلىپ، سوغۇق سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى شېكەر بىلەن تاتلىق قىلىپ ۋە مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: سىركەنجۇبىل سادىدا، گۈلابتىن 36 گىرامدىن ئېلىپ، مۇز سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ئىككى خىل ئانار سۈيى، ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ، ئاجىزلىغاندا ئۇچارقاناتلار گۆشىنىڭ شورپىسى چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن ياخشىلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما زىيادە بولمىسا تۇخۇم سېرىقىنى بېرىشمۇ دۇرۇستۇر.

ۋابا قىزىتمىسىدا شاراب ۋە سۈت چەكلىنىدۇ.

كۆكتات شورپىسى غورا سۈيى، زىرىشك (ياكى ئانار ئۇرۇقى ياكى سۇماق)، توخۇ چۈجىسى، بادام مېغىزى، پالەك كۆكى قاتارلىقلاردىن كۆكتات شورپىسى تەييارلاپ، بىمارغا غىزا شەكلىدە يېگۈزۈلىدۇ.

ئەرزەلى ھەكىم ئەرزەلى يازغانكى: ۋابا قىزىتمىسى كۆرۈلگەن بولسا، توسۇلغان خىلتلار دەرھال بەدەندىن تەنقىيە قىلىنىدۇ (يەنى يۇمشاتقۇچىلار يېگۈزۈلىدۇ). ئەگەر سالقىندىتىش زۆرۈرىيىتى بولسا، شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىپ بىمارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ھاۋاسى ئالماشتۇرۇلىدۇ. تۇرالغۇنىڭ ئۆگزىسى ئېگىز بولۇشى، بىمار ياتىدىغان ئورۇن زېمىندىن بىرئاز ئېگىز بولۇشى ياخشىدۇر.

ئىنتايىن سوغۇق سۇنى بىر قېتىمدا تويغۇچە ئىچكۈزۈش، قايتا - قايتا يۇتۇم - يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈشمۇ ۋابا قىزىتمىسىدا پايدىلىقتۇر.

ئەگەر مۇمكىن بولسا، بىمارنىڭ تۇرالغۇسىنى ئالماشتۇرۇش، يەنى بىرەر ياخشى ۋە پاكىز ئورۇنغا بىمارنى ئېلىپ بېرىپ تۇرغۇزۇش لازىم.

چېچەك

بۇ ھىندىچە ماتا، سەتىلا؛ تۈركچە چېچەك، چېچەك قىزىتمىسى؛ ئەرەبچە جۇدرى، جۇدرى قىزىتمىسى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر ناھايىتى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. بۇ ۋابا شەكلىدە تارقايدۇ، دەسلەپتە ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ. ئومۇمەن كېسەللىك كۆرۈلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەسۋە تېرە يۈزىدە ئاشكارا بولۇپ، خاس تۈردىكى ئەسۋىلەر چىقىدۇ.

ئەللامە بۇرھانۇددىن يازغانكى، چېچەكنىڭ سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك سەمەرقەندىنىڭ بۇ بايانى ئەسلىدە رازىنىڭ ئىنكارىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ھەممىدىن بۇرۇن بۇ كېسەللىكنىڭ قوزغاتقۇچى سەۋەبىنى زىكىر قىلغان: بىرەر ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالالمايدۇ.

چېچەكنى گەرچە ئۆز كىتابىدا بىرنەچچە ئورۇندا زىكىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بۇنىڭ شىپالىق بېغىشلىغۇچى سەۋەبىنى ئېيتمىغان ۋە بۇنىڭ تولۇق داۋالىشىنىمۇ ئېيتمىغان. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنمىغان كىتابلاردا بۇنى بايان قىلغان بولۇشى مۇمكىن (ئەلجەدى ۋەسسەبنە). بۇ قىزىتمىنىڭ سەۋەبى قاننىڭ چىرىش شەكلىدە قايناشىدۇر.

خۇددى مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلارنىڭ سۇلىرى قايناتىلسا، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ تەركىبلىرى بىرى يەنە بىرىدىن ئاجرىغىنىدەك ئوفۇنەتنىڭ ئاقىۋىتىدە قاننىڭ تەركىبلىرى بىرى يەنە بىرىدىن ئاجرايدۇ.

بۇ ئەھۋال كۆزىتىش ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئەمەلىيەتتە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

ئوفۇنەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇق ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ بىر يولى ياكى پىشىش ۋە ھەزىمگە ئوخشاش بىر خىل ئۆزگىرىش ھالىتى. «ئوفۇنەتلەنگۈچى ماددا» دىن ھەر خىل تۈردىكى نەرسىلەر پەيدا بولىدۇ، بۇ ئاقىۋەتتە بىرى ئىككىنچىسىدىن ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇسارىلەردە قايناش بولسا، بۇ ھالەتتە غەلىيان ئەمەلىيەتتە ئوفۇنەتنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ يۈزىدە كۆپۈك شەكىللىنىدۇ. بۇ بەزى ۋاقىتلاردا كۆپۈك بىلەن شەكىللىنىدۇكى، بۇ قاچىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك تېگىگە بىرەر نەرسە پىسەپ ھالەتتە چۆكىدۇ. كۆپۈك ۋە پىسەپ ئارىسىدا ئۈچىنچى نەرسە بولۇپ، بۇ شۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ، بۇ شاراب ياكى سىركىگە ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسىنى يەرلىك ئوغۇتقا ئۆزگەرتىش مەقسەت بولسا ئۇ ئېچىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك سېسىق پۇراقلىق تەركىب پەيدا بولىدۇ، ئاندىن بۇ سېسىق پۇراقلىق تەركىبلەر تەدرىجىي غايىب بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرىدا يەرلىك ئوغۇت (قىغ) ئېشىپ قالىدۇ. بۇ سېسىق پۇراقتىن خالىي بولىدۇ. بۇمۇ تەركىبلەرنى ئايرىشنىڭ بىر ياخشى مىسالىدۇر.

ئىزاھات (1): چېچەك چىققاندىن كېيىن قان زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ.

ئىزاھات (2): ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى: چېچەك ۋە قىزىل كېسەللىكلىرى ۋابا كېسەللىكلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىكى پۈتۈن ھۆكۈملەر ۋابا توغرىسىدا سۆزلەنگەن، مەسىلەن: چېچەكنىڭ تەنچىلىرىنىڭ قايسى ئۇسۇلدا ئادەم بەدىنىگە كىرىشى ۋە بىمار بەدىنىدە كېسەللىككە شارائىتنىڭ ھازىرلىنىشى قاتارلىقلار.

نەفىيس يازغانكى: بۇ كېسەللىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە كىرىدۇ. بۇنىڭ يۇقۇش ھالىتى بۇكى، چېچەك بىمارىنىڭ بەدىنىدىن ئوفۇنەتلىك بۇخارات چىقىپ ھاۋاغا تارقايدۇ، بۇ ساغلام ئادەملەرنىڭ قېنىغا تىنىق قاتارلىقلار ئارقىلىق كىرىپ، ئۇلارنى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار قىلىدۇ، شەرتكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ كېسەللىكنى قوبۇل قىلىش لاياقىتى بولغان بولسا.

چېچەك ئەسۋىسى (قىزىل كېسىلىنىڭ ئەسۋىسىگە سېلىشتۇرغاندا) چوڭ بولۇپ، چوڭ مەسۇر ياكى نوقۇت باراۋىرىدە بولىدۇ. بۇ دەسلەپتە قىزىل بولىدۇ، پىشىپ ئاقىرىدۇ، پۈتۈن بەدەن ياكى بەدەننىڭ كۆپىنچە قىسىملىرىغا تارقايدۇ، بەزىدە بەزى ئەزالاردا نامايان بولۇپ، يەنە بەزى ئەزالاردا نامايان بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەسۋىسى ناھايىتى تېز پىشىدۇ، يەنى دەسلەپتە سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يىرىڭغا ئۆزگىرىدۇ.

چېچەك ۋە قىزىل ماددىسىدا قانداق پەرق بولىدۇ؟

بۇنى پەرقلەندۈرۈش گەرچە مۈشكۈل بولسىمۇ، ئەسۋىلەرگە قاراپ بۇ بىرئاز قىياس قىلىنىدۇكى، چېچەكنىڭ ماددا مىقدارى كۆپ بولۇپ، ھۆللۈك (قان) تەرەپكە زىيادە مايىل بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، بۇنىڭ ئەسۋىسى چوڭ، ياپىلاق كېلىدۇ ھەم يىرىڭمۇ زىيادە بولىدۇ.

قىزىل ماددىسى ئەكسىچە مىقداردا ئاز بولۇپ، سەپرالىق ۋە قۇرۇقلۇق تەرەپكە زىيادە مايىل بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئەسۋىسى سېرىق چېكىتلىك بولىدۇ ھەم ئۇنىڭدا يىرىڭ بولماي، بەلكى قاقاچ ئۇيۇپ قالىدۇ.

ئىزاھات بۇ كېسەللىك گەرچە ھەرقانداق دۆلەت ۋە ھەر پەسىلدە ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار، ياشلار ۋە ياشانغانلاردا بولسىمۇ، لېكىن بالىلاردا بەك كۆپ، ياشلاردا سەل ئاز، ياشانغانلاردا يوق دېيەرلىك ئۇچرايدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

چەك بۇكى، بۇ كېسەللىك ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھامىلىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ سوغۇق دۆلەتلەرگە ئىسسىق دۆلەتلەرگە نىسبەتەن كۆپ پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھىندىستاندا بۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كېسەللىك بۇغداي ئۆڭلۈكلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قارا تەنلىكلەردە ۋە باياشات ياشىغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاجىزلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. باھار پەسلىدە قىش پەسلىگە نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش شارائىتى، ئۇ شەخسلەردە زىيادە بولىدۇ، بۇلارنىڭ بەدىنى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئومۇمەن پۈتۈن ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدۇ. بەزىدە ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىممۇ كۆرۈلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كۆپ قېتىممۇ چېچەكنىڭ قوزغىلىشى زىكرى قىلىنغاندۇر. لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بەزى غىزالار توغرىسىدا ئېيتىلغانكى، بۇلاردىن ئادەمدە بۇ كېسەللىكنىڭ لاياقىتى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: تۆگە ياكى ئۆيدە باققان ھايۋانلارنىڭ سۈتىنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ مىقداردا شاراب ئىچىش، جۈملىدىن بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر، لېكىن بەدەندىكى ئۆزگىرىشلەردىن بۇنى دەلىللەر بىلەن چۈشىنىش قىيىن بولىدۇكى، بۇ غىزالار قانداق قىلىپ چېچەكنىڭ لاياقىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

چېچەكنىڭ ئەسۋىسى پەقەت تېرىگىلا چىقماستىن، بەلكى باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ پەردىلىرىمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

چېچەك گويا بىر تۈردىكى بوھراندۇر (ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا).

يەنى خۇددى بوھران بەزىدە «ئىنتىقالى» بولغىنىدەك، بۇنىڭدا ئىششىقلار، مۇدۇر - چاقىلار، خۇراج قاتارلىقلار چىقىدۇ، شۇنىڭدەك چېچەك ماددىسىمۇ بوھران شەكلىدە تېرە تەرەپكە كېلىپ ئەسۋە شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ (ئەلى ھۇسەيىن گىلانى).

ئالامىتى كېسەللىك ماددىسى بەدەن ئىچىگە كىرىش بىلەن كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولغۇچىلىك مۇددەت يوشۇرۇن دەۋرى دېيىلىدۇ. بۇ 12 ~ 14 كۈنگىچە بولىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا ئادەتتىكىدەك سۇسلۇق ۋە ھورۇنلۇق بولىدۇ. ئەسلىي كېسەللىكنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ئاشكارا بولمايدۇ. يوشۇرۇن دەۋرىدىن كېيىن بۇ ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، بۇلار ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەندۇر. بۇلار كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ۋە ئۆتكۈرلۈك ئېتىبارى بىلەن ھەر خىل بولىدۇ.

بىرىنچى دەرىجە (ئەسۋە ئاشكارا بولۇشتىن بۇرۇنقى دەۋر) كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى مۇشۇنداق بولىدۇكى، يەڭگىل تىترەش ياكى تىترەشتىن كېيىن بالىلاردا تەشەننۇج بولۇپ، بەدەن ھارارىتى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىدۇ، دائىملىق قىزىتما بولىدۇ، تومۇرى چوڭ سوقىدۇ، قان غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. چىرايى ۋە چېكىلىرى ئىسسىلغەن بولىدۇ، بۇرنى قىچىشىدۇ، چىرايىدا ۋە بەدىنىنىڭ چېچەك چىقىدىغان ئورنىدا كۆيۈشۈش ۋە قىزىرىش بولىدۇ، كۆزى قىزىرىپ، ياش ئاقىدۇ، پۈتۈن بەدەندە ئېغىرلىق ۋە تىكەن سانجىغاندەك مەلۇم بولىدۇ. كېرىلىدۇ ۋە ئەسنەيدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، ئېغىزى قۇرۇق، تۈكۈرۈكى قويۇق كېلىدۇ ۋە ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ، قۇسۇش، كۆڭلى ئېلىشىش بولۇپ، بىمارنى قىينايدۇ، بېشىدا ئېغىرلىق، ئاغرىق ۋە گېلىدا يېرىكلىك بولىدۇ. بەل، ئېغىزمانلىرىدا ئاغرىق بولىدۇ. قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئاغرىش سېزىلىدۇ. تىلى گەز باغلايدۇ، ئاۋازى پۈتۈپ، نەپەس قىستاش بولىدۇ، بىئاراملىق بولىدۇ، ئۆتكۈر قىزىتما سەۋەبىدىن كېچىدە جۆيلۈش بولىدۇ. قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار بىئارام بولۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھالەتتە بىمار ئوڭدا يېتىپ ئۇخلايدۇ ۋە شۇ ھالەتنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى بىمارلاردا قىزىتما ئۆرلەش بىلەن بىئاراملىق، جۆيلۈش ۋە بىھوشلۇق پەيدا بولىدۇ. بەزى بىمارلاردا زۇكام، يەنە بەزىلىرىدە گال ئاغرىقى، كۆكرەك ئاغرىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئۈچ كۈن بۇ ھالەتتە تۇرغاندىن كېيىن قىزىتما يەڭگىللەيدۇ ياكى پۈتۈنلەي تۆۋەنلەيدۇ، يەنى بىرىنچى دەرىجە تۈگەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئالامەتلىرى باشلىنىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە بۇ دەرىجىدە چېچەكنىڭ مەخسۇس ئەسۋىلىرى چىقىدۇ. شۇڭلاشقا ئۈچىنچى كۈنى ئەگەر ئەسۋە (مۇدۇر - چاقا) چىقىشقا باشلىغان بولسا، ئۇلار نامايان بولىدۇ، پۈتۈن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىللەيدۇ، قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ ياكى تامامەن تۆۋەنلەيدۇ، باش ۋە بەل ئاغرىش يوقايدۇ، ئەسۋە دەسلەپتە چىراي، باش، گەدەن ۋە بىلەكلەرگە چىقىدۇ. 48 سائەت ئۆتكەندە پۈتۈن بەدەنگە چىقىدۇ، بۇ بەزىدە بىرنەچچە ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە بولىدۇ. لېكىن چىرايغا كۆپ چىقىدۇ. بەزىدە ئەسۋە ئايرىم - ئايرىم ۋە بەزىدە بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. چېچەك ئەسۋىلىرىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى بۇكى، دەسلەپتە تېرىدە قىزىل رەڭلىك، پارقىراق، كىچىك - كىچىك كۆپۈشۈش ئاشكارا بولىدۇ، تېرىنى سىلاش بىلەن گۈلگە ئوخشاش ئەسۋىلەرنىڭ قاتتىقلىقى سېزىلىدۇ ۋە بۇ ئەسۋىلەر تەدرىجىي چوڭىيىپ ئاشكارا بولىدۇ، ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇنىڭغا سۇ پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ ئەتراپىدىكى تېرە قىزىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇچى ئىچى تەرەپكە بېسىلغان بولىدۇ. ئالتىنچى، يەتتىنچى كۈنلىرى ئەسۋىنىڭ ئىچىدىكى يىغىلغان سۇ يىرىڭغا ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېسىلغان ئۇچىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇچىدا قارا نۇقتا پەيدا بولىدۇ، قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە تەخمىنەن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پۈتۈن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى قايتىلىنىدۇ. يەنى باش ئاغرىش، ئىچى تىتىلداش، بىئاراملىق، جۆيلۈش پەيدا بولىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى، ئەگەر چېچەك ئەسۋىسى چىقىشقا باشلىسا، بىرىنچى كۈنىدە قىچىشىش پەيدا بولىدۇ، ئاندىن يىڭنە ئۇچىدەك ياكى تېرىق دانلىرىغا ئوخشاش سۇلۇق ئەسۋە ئاشكارا بولىدۇ. نەتىجىدە چېچەك چىقىدۇ. چېچەكنىڭ مەخسۇس ئەسۋىلىرى ئاشكارا بولىدۇ ۋە يىرىڭ بىلەن تولىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەن ھالەتتە بەدەن تېرىسى ئىششىدۇ، چىرايى، كۆزى، بۇرنى ۋە قۇلىقى مۇشۇنداق ئىششىدۇكى، بىمارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى تونۇش قىيىن بولىدۇ. ئەسۋىلەرگە يىرىڭ تولۇپ، 3 ~ 4 كۈن (كېسەللىك باشلىنىپ 10 ~ 11 كۈن) دىن كېيىن ئەسۋىلەر قۇرۇشقا باشلايدۇ ۋە ئۈچىنچى دەرىجە باشلىنىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە كېسەللىك باشلىنىپ 10 ~ 11 كۈندىن كېيىن چېچەكنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى باشلىنىدۇ. يەنى بۇنىڭ ئەسۋىلىرى قۇرۇشقا باشلايدۇ ۋە 2 ~ 3 كۈندىن كېيىن قاقاچ باغلايدۇ، قىزىتما يەڭگىللەيدۇ. بۇ دەرىجە چېچەك كېسەللىكىنىڭ تۆۋەنلەش دەرىجىسى دېيىلىدۇ، شۇڭلاشقا چېچەك كېمەيدى دېيىلىدۇ. كېسەللىك باشلىنىپ 18 ~ 19 كۈندىن كېيىن ئەسۋىلەردىكى قاقاچ چۈشىدۇ ۋە قاقاچ يوقالغاندىن كېيىن تېرىدە قىزىل رەڭلىك داغلار قېپقالىدۇ. ئەسۋىلەر چىقىدىغان كۈنلىرى تېرە قىچىشىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتتا بۇ بىرئاز

ئۆتكۈر بولىدۇكى، بىمار تېرىسىنى تاتىلايدۇ ۋە ئۆتكۈر ھالەتلەردە تېرىسىنىڭ ھەممە جايلىرىدا چوڭ - چوڭ زەخىم شەكىللىنىدۇ. بەزىدە بۇلاردا ئۇفۇنەت ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە قۇرت پەيدا بولىدۇ. چوڭ زەخىملەر قۇرۇغاندا ئورنىدا يەڭگىل داغلار قېلىش ئورنىغا زەخىمنىڭ چوڭقۇر ئىزى قالىدۇ. مەزكۇر يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆپىنچە مۇشۇنداق يۈز بېرىدۇ، ئۇنداق بولمىسا كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىك ئېتىبارى بىلەن بۇلاردا كېمىيىش، ئېشىش بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى كېسەللىك يەڭگىل بولغان ھالەتتە پەقەت بىرنەچچە ئەسۋە چىقىدۇ ۋە كېسەللىك پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، كېسەللىك ئۆتكۈر بولغان ھالەتتە چېچەكنىڭ ئەسۋىلىرى تېرىدىن باشقا ئېغىز، بۇرۇن، گال، كۆز، يۇتقۇنچاق، كاناي قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى پەردىسىگىمۇ چىقىدۇ. ئېغىز ۋە گالغا ئەسۋە چىقىش سەۋەبىدىن شۆلگىيى ئاقىدۇ، گېلى ئاغرىيدۇ، بىمار ھېچقانداق نەرسىنى يۇتالمايدۇ. يۇتقۇنچاق ۋە كانايغا ئەسۋە چىقىش سەۋەبىدىن ئاۋازى ئۆزگىرىدۇ ۋە يۆتەل قوزغىلىدۇ. ئەگەر ئەسۋە بۇرۇنغا چىققان بولسا، بۇرۇندىن ھۆللۈك ئاقىدۇ ۋە بۇرنى پۈتۈپ قالىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بىمار ئېغىزىنى ئېچىپ نەپەس ئېلىشقا باشلايدۇ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىگە ئەسۋە چىقىش سەۋەبىدىن يىرىڭدىن بولغان كۆز ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ، كۆزدىن يىرىڭ چىقىدۇ. ئەگەر مۈڭگۈز پەردىگىچە زەخىملەنسە كۆزگە ئاق چۈشىدۇ، بەزىدە مۈڭگۈز پەردە ياكى پۈتۈن كۆز ئالمىسى زەخىملىنىدۇ ۋە كۆز سۇيۇقلۇقى سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆز ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. بەزى بىمارلاردا ھەزىم ئەزالىرىدا بۇزۇلۇش پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ ۋە بەزى بىمارلاردا سۈيدۈك ئەزالىرى كېسەللىنىش سەۋەبىدىن سىيگەندە ئاغرىيدۇ ۋە قان سىيىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

ياخشى ئالامەتلەر بۇ، بىمارنىڭ كېسەللىك ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقى خىيال قىلىنىدىغان ئالامەتلەردۇر. ئەگەر چېچەكنىڭ ئەسۋىلىرى پىشقان بولسا، ئەسۋە مەرۋايىتقا ئوخشاش ئاق، پارقىراق ۋە كۆپۈشكەن بولسا، كۆكرەك ۋە قورساققا ئاز چىققان بولسا، بۇ ياخشى ئالامەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا كۈچ، ئەقىل ۋە نەپەسلىنىشنىڭ نورمال بولۇشى ھەمدە سۇ ۋە غىزا خاھىشىنىڭ بولۇشىمۇ ياخشى ئالامەتتۇر.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، قىزىتمىدىن كېيىن چېچەك ئەسۋىسى چىقىشقا نىسبەتەن ياخشى بولىدۇكى، ئاۋۋال چېچەك ئەسۋىسى چىقىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما بولغىنىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن چېچەك ئەسۋىسى چىققاندىن كېيىن قىزىتما، ئىزتىراپ قاتارلىقلارنىڭ يوقىلىشى ياخشى ئالامەتتۇر.

ناچار ئالامەتلەر ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، ئەگەر چېچەك ۋە قىزىل بىمارنىڭ نەپەسلىنىشى ئارقىمۇئارقا (نەپەسلىنىشى تېزلىشىشكە باشلىسا) بولسا، بىلىش لازىمكى، بىمارنىڭ

قۇۋۋىتى يوقالغاندۇر ياكى كېرىگەتتە ئىششىق پەيدا بولغاندۇر. ئەگەر ئۇسساش قاتتىق بولسا، ئىزتىراپ ۋە بىئاراملىق ئېغىرلاشسا، بەدەن سوۋۇپ كەتسە، چېچەك ۋە قىزىل ئەسۋىلىرىنىڭ رەڭگى كۆك بولسا بىمارنىڭ ھالاكىتىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇزۇندا ۋە تەسلىكتە چىقىدىغان چېچەكتە بولىدۇ. ئەگەر بىنەپشە رەڭلىك چېچەك چىقىپ ئىچىگە ماڭسا بىلىش لازىمكى، بىماردا يېقىمسىزلىقتىن غەشى پەيدا بولىدۇ (شەيخ).

ئەگەر چېچەكتە قان سىيىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قارا رەڭلىك سۈيدۈك كەلگەن بولسا، بۇنى خەتەرلىك (ھالاك قىلغۇچى) دەپ چۈشىنىش لازىم، خۇسۇسەن قۇۋۋەت يوقىلىپ كۆك ياكى قانلىق ياكى گۆش يۇغان سۇدەك كەلگەن چاغدا (شەيخ).

ئەگەر چېچەك تۇتاش بولسا يەنى ئەسۋىلەر بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلەشكەن بولسا، ئىزتىراپ زىيادە بولسا، قورساقتا ئېسىلىش پەيدا بولسا بۇمۇ ئۆلۈم يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭدەك ئەسۋىلەر كىچىك بولسا ۋە بۇنىڭدا ئازغىنە سۇ پەيدا بولسا ياكى پۈتۈنلەي پەيدا بولمىسا ۋە ئۇ ئېغىز ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن بىمار بىھوش بولسا، ئۆلۈمگە يېقىن دەپ چۈشىنىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسۋىلەر بۇرجەكلىك بولۇپ، كۆپ چىقسا، بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلەشكەن بولسا، بۇنىڭ رەڭگى قارا ياكى بىنەپشە رەڭلىك بولسا ۋە كۆكرەك، قورساق ساھەسىگە كۆپ چىقسا، ئۇزۇندا چىقسا ۋە ئۇزۇندا پىشسا بۇمۇ خەتەردىن خالىي بولمايدۇ.

چېچەكتىن قان ئېقىش ئىنتايىن يامان ئالامەتتۇر.

ناچار ئالامەتلەردىن بۇمۇ بايان قىلىنىدۇكى، قىزىتما ۋە چېچەكنىڭ باشقا ئالامەتلىرى يۈز بېرىپ 10 كۈن ئۆتسە، ئەسۋە سۇ بىلەن تولۇپ پىشسا، لېكىن تا ھازىرغا قەدەر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە مۇتلەق يەڭگىللەش بولمىسا ياكى 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئەسۋىلەر پىشمىسا ياكى ئەسۋىلەردە بىرئاز سۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇشسا ۋە يەنە كۆتۈرۈلمىسە ياكى بىرنەچچە ئەسۋە بىر ئورۇنغا توپلىشىپ تارقالسا، خۇسۇسەن ئۇنىڭ رەڭگى ئاسمان رەڭ ياكى قارا بولسا ياكى ئالامىتى ئاشكارا بولۇش بىلەن سەككىز كۈنگىچە ئەسۋە چىقمىسا ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ناھايىتى زىيادە ئۆتكۈر بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناچار ۋە ھالاك قىلغۇچى ئالامەتلەردۇر.

قىچىشىش بىرەر چارىلەر بىلەن پەسەيمىسە خەتەرلىكتۇر. شۇنىڭدەك قىزىتما بولغاندىن كېيىن ھەزىم بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چېچەك چىقسا، بۇ ناچار ئالامەتتۇر.

چېچەك بولۇپمۇ قىزىل رەڭلىك چېچەكتە ئەگەر ئۇسساش كۆپ بولسا، بۇرنىدا قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولسا ياكى بىرىنچى ھەپتىدە قۇسۇش، ئىككىنچى ھەپتىدە سەۋەبسىز ئىچ سۈرۈش بولسا، بۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

چېچەكتىن ئۆلۈپ كېتىش كۆپ ئادەملەر چېچەكتە ئىختىناق يەنى خەنناق پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن هالاك بولىدۇ، بەزىدە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈش ۋە ئىچ سۈرۈش سەۋەبلىك قۇۋۋەت يوقىلىش بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا). ئىختىناق گال بوغۇلۇش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنىڭدا يۇتقۇنچاق ۋە گال قاتارلىقلارنىڭ ئىششىقىدىن بەدەنگە ئوكسىگېن يېتىشمەيدۇ.

تۈرلىرى ياخشىراق چېچەك پىشقاندىن كېيىن ئاق رەڭلىك مەرۋايىت دانىسىغا ئوخشاش پارقىراق بولغىنىدۇر.

ئاق رەڭلىك چېچەك بۇ مەرۋايىتقا ئوخشاش بولۇپ، سانى ئاز ۋە كۆپ بولۇشتەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

سانى ئاز بولغان ئاق چېچەكتە ئەسۋە ناهايىتى ئاز چىقىدۇ، ئۇ پارسچە «مەرۋايىتدەك»، هىندىچە «موتيا» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ بەزىلىرى كىچىك ئاقۇچ قىزىلغا مايىل ۋە بەزىلىرى بىر ئاز ياپىلاق بولۇپ، تەدرىجىي چوڭىيىدۇ، كۆتۈرۈلگەن سۇلۇق قاپارتما پارقىراق ۋە تۆشۈكلۈك مەرۋايىت دانىسىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە قىزىتما يەڭگىل بولىدۇ. ئىزتىراپ، بىئاراملىق بولماستىن كېسەللىك باشلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەسۋە ئاسان چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە قىزىتما كېمىيىدۇ ياكى كۆپ دېگەندە 9 ~ 10 كۈندىن كېيىن ئەسۋىلەر پىشىپ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە قىزىتما پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، چېچەكنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە قارىغاندا بۇ ياخشى بولغىنىدۇر. بۇنى سەمەرقەندى ئېيتقاندۇر.

سانى كۆپ بولغان ئاق چېچەكتە ئەسۋىلەر كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى بىر - بىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، شەكلىمۇ ئاق رەڭلىك مەرۋايىتقا ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ تۈرنى سانى ئاز بولغان ئاق چېچەككە سېلىشتۇرغاندا بۇ تۈردە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ. يەنى بۇ كېسەللىك باشلىنىپ، توققۇز كۈنگىچە پۈتۈن ئەسۋىلەرگە سۇ تولىدۇ ۋە پىشىدۇ. بۇ ئەسۋىلەر چىققاندىن كېيىن تەرتىپلىك هالدا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىللەيدۇ، 12 - كۈنگىچە پىشىپ قۇرۇيدۇ ۋە بارلىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پۈتۈنلەي يوقايدۇ. ئەمما بۇ تۈر چېچەكنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ياخشى ۋە بىخەتەردۇر.

چېچەكنىڭ ناچار تۈرلىرى چېچەكنىڭ ناچار تۈرلىرى: ① دۇغ قارا؛ ② سېرىق؛

③ بىنەپشە؛ ④ قىزىل؛ ⑤ قېنىق قىزىل؛ ⑥ قوغۇشۇن رەڭ، يەنى قوغۇشۇن رەڭلىكى موم نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ پاچاق ۋە پۇتقا قارىغاندا چىراي، كۆكرەك ۋە قورساققا كۆپرەك چىقىدۇ؛ ⑦ يېشىل، بۇ پاشا چېقىۋېلىشتىن پەيدا بولىدىغان ئىزغا ئوخشاش بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاق رەڭلىك سىزىق بولىدۇ، بۇ ۋەر شەكىل نامى بىلەن مەشھۇردۇر؛ ⑧ بۇ تۈرى يۇمىلاق بولماستىن، بەلكى بۇرجەكلىك شەكىلدە بولىدۇ؛ ⑨ بۇ تۈرى ھىلال ئايسىمان ھالەتتە تارقىلىدۇ؛ ⑩ مۇزائەف، بۇنىڭ بوشلۇقىدا ئىككى چېچەك بولىدۇ.

1. **قارا** بۇ تۈردە ئەسۋە قارا رەڭدە ئاشكارا بولۇپ تېرىگە تارقايدۇ، بەزىدە بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، ئۇچى ئىنچىكە بولىدۇ ۋە بەزىسى تارقاق، ياپىلاق، ئەتراپى ئاق، ئوتتۇرىسى قارا بولىدۇ. بۇ تۈرى ھىندىچە چەمرىيە دېيىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇكى، ئۇنىڭ ئەسۋىسى بەدەن تېرىسى بىلەن چاپلىشىپ ئاجرىمايدۇ. شۇڭا بۇ تۈر ھەممىدىن ناچىرىدۇر (چەمرە — تېرە دېگەن مەنىدە). مىل (دۇغ) مۇ قارا رەڭنىڭ ھۆكۈمىگە كىرىدۇ.

2. **سېرىق** بۇ مۇئەسفەرى ۋە كۇسۇنبىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەسۋىسى كىچىك ـ كىچىك، سېرىق رەڭدە ۋە قىزغۇچ ئاققا مايىل بولىدۇ. بۇ تۈرى قىزىلغا نىسبەتەن ئانچە ناچار ئەمەستۇر. لېكىن بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېغىر بولۇپ ھەم قىزىل تۈرگە ئوخشاش ھالاك قىلغۇچىدۇر، بولۇپمۇ ئەسۋىلەر ئۆزئارا بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېچىشىش ۋە ئۆتكۈرلۈك زىيادە بولسا.

3. **بىنەپشە** بۇنىڭدىكى ئەسۋىلەرنىڭ رەڭگى بىنەپشە گۈلىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش كۆكۈش بولىدۇ ۋە بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تېرىگە تارقايدۇ، بۇ تۈرى ناھايىتى ناچار ۋە ھالاك قىلغۇچىدۇر.

4. **قىزىل** بۇ تۈردە ئاۋۋال قىزىل رەڭلىك ئەسۋە چىقىدۇ ياكى پەقەت بەزى ئورۇنلارنىڭ بەدەن تېرىسى قىزىرىدۇ، شەرتكى، كېسەللىك ماددىسى ئاز ياكى نورمال بولغاندا. ئەگەر ماددا زىيادە بولسا، بۇ ھالەتتە كۆپىنچە ئەزالار ياكى پۈتۈن بەدەن قىزىرىدۇ.

5. **قېنىق قىزىل** بۇ قىزىللىقنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، بۇنىڭدا بەدەن ناھايىتى قىزىل بولۇپ، پۈتۈن بەدەنگە قان سەپكەندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق بولغىنى ناھايىتى ناچاردۇر. بۇنىڭدا بىمار بەك تېز ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ تۈر ئەدەسىيگە سېلىشتۇرغاندا زىيادە ناچار ئەمەس. بۇ تۈردە بۇنىڭ ماددىسى زىيادە كۈچلۈك بولسا، توققۇز كۈنگىچە بىمار ھالاك بولىدۇ. ئەگەر توققۇز كۈن ئۆتسە، ئەسۋىلەر يېرىلىدۇ ۋە بۇلاردىن ئوفۇنەتلەنگەن قان كۆپ مىقداردا چىقىدۇ، كۆپىنچە ئەزالار بۇزۇلۇپ ۋە ئوفۇنەتلىنىپ، 15 ـ كۈنگىچە. بۇنىڭغا ناچار ئەگەشمە

كېسەللىك ئالامەتلەر قوشۇلۇپ كەلسە، بىمار ھالاك بولۇپ كېتىدۇ.

6. بۇ مەزمۇن ئەسلىي كىتابتا سۆزلەنمىگەن.

7. **يېشىل** بۇنىڭ ئەسۋىلىرى كىچىك - كىچىك بولۇپ، بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلىشىپ بەدەنگە تارقايدۇ ھەم بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئاق سىزىق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئۈستىدىكى نۇقتا ۋە سىزىقلار قىزىل بولسا ھالاكەتلىك بولىدۇ.

8. **بۇرجەكلىك** بۇنىڭ ئەسۋىسى يۇملاق بولۇشىنىڭ ئورنىغا تۆت بۇرجەكلىك ياكى ئۈچ بۇرجەكلىك بولۇپ، بۇ ناچار بولىدۇ، چۈنكى مۇدۇر - چاقا ۋە ئىششىقنىڭ تەبىئىي شەكلى يۇملاق بولىدۇ. ئەگەر بۇ يۇملاق بولمىسا ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، تەبىئەتتە ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىزلىق بولىدۇ.

9. **ھىلال ئايسىمان** بۇ تۈردىكى ئەسۋىلەرنىڭ شەكلى ھىلالغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ تۈرىمۇ ناھايىتى ناچار بولىدۇ.

10. **مۇزائەف كىبار** بۇ تۈردە سۇلۇق قاپارتما ئىچىدە يەنە بىر سۇلۇق قاپارتما بولىدۇ، بۇ تۈرىمۇ بەك ناچار بولىدۇ (مۇزائەف —ئىككى بۆلەك دېگەن مەنىدە. كىبار — چوڭ دېگەن مەنىدە).

سەمەرقەندى بۇ پۈتۈن تۈرلەر ناچاردۇر، بۇزۇلۇشلار ۋە ھالاك بولۇشلاردا خۇددى تائۇننىڭ تۈرلىرىدەك بولىدۇ. بۇنىڭ ماددىسى ئۇزۇندا پىشىدىغان بۇزۇق ۋە زەھەرلىك بولغاچقا، ئادەتتە ئاسان پىشمايدۇ (يىرىڭلاش يۈز بەرمەيدۇ)، بولۇپمۇ ۋابا تارقالغان ۋە ھاۋا بۇزۇلغان ۋاقىتتا. بۇنىڭغا ئاساسەن قارا ياكى يېشىل رەڭلىك بولغان ۋە قان سىرغىۋاتقان قىزىل بولغىنى ناچار ۋە ھالاكەتلىكتۇر. چۈنكى بۇنىڭ ناچارلىقى زەھەرلەشكىچە يېتىپ بارىدۇ، يەنى بۇنىڭدىن دەسلەپتە غەشى كۆرۈلۈپ، ئاندىن ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ.

باشقا تۈرلىرى

1. **ئەدەسى (مەسۇرغا ئوخشاش)** بۇ ھىندىچە مەسۇرىيەمۇ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەسۋىلىرى كىچىك، ئاق ۋە قاتتىق، شەكلى ئەدەسكە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ تۈردە قىچىشىش بولىدۇ، ناھايىتى ئىزتىراپ ۋە بىئاراملىقتىن كېيىن ئەسۋە تەسلىك بىلەن چىقىدۇ، ۋە يەنە تەسلىك بىلەن پىشىدۇ. بۇنىڭدا بىمارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ ئەندىشىسى زىيادە بولىدۇ. ئەگەر بۇ تۈردىكى ئەسۋىلەر پىشىپ، بىمار بۇنىڭدىن ساقىيىپ كەتسە، باشقا بىرەر كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

2. **تېرىقسىمان** بۇ تۈرنىڭ ئەسۋىلىرى كىچىك ۋە قاتتىق تېرىق دانلىرىغا ئوخشاش

بولۇپ، بىرى يەنە بىرى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ تۈردە تۆت كۈندىن كېيىن ئەسۋىلەرنىڭ ئىچىگە سۇ پەيدا بولۇپ، بۇنىڭدا ئاقلىق ئاشكارا بولمىسا، بۇنىڭ نەتىجىسى ناچاردۇر.

3. توپا رەڭ بۇنىڭ ئەسۋىلىرى توپا رەڭدە بولۇپ، بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلىشىپ بەدەن يۈزىگە تارقالغان بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن قان تەپچىپ چىقسا، بۇ نەزاف ياكى دامى دېيىلىدۇ. بۇ ناھايىتى ناچار دەپ خىيال قىلىنىدۇ (دامى، نەزاف — قان ئاققۇچى دېگەن مەنىدە).

ئەسكەرتىش يۇقىرىقى مەزكۇر تۈرلەردىن باشقا يەنە بەزى تۈرلىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

1. بۇنىڭ بىر تۈردە ئەسۋىلەر بەزىدە چىقىپ بەزىدە بەدەنگە يانىدۇ، بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ھالاك قىلغۇچىدۇر. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئەسۋىلىرىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ بولغاندا.

2. بۇ تۈرلىرىنىڭ مەلۇم بىرىدە ئەسۋىلەرنىڭ رەڭگى چىققان ۋاقىتتا دۇغ ھالەتتە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر قارا چېكىت بولىدۇ. ئەسۋىلەر چوڭ ۋە سۇلۇق بولىدۇ. ياپىلاق بولۇپ، بىرى يەنە بىرى بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ. ئەمما يۇمىلاق بولماي، بۇرجەكلىك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى توپا رەڭ ياكى پىدىگەن رەڭ ياكى قارىغا مايىل بولىدۇ، يىرىڭىنىڭ رەڭگىمۇ شۇ ھالەتتە بولىدۇ. بۇنىڭدىكى قاقاچمۇ قارا رەڭدە بولىدۇ، بۇ ناھايىتى ناچار تۈردۇر.

3. بەزى تېۋىپلار چېچەكنىڭ بىر تۈرىنى زەرنىخ رەڭلىك، دەپ يازغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچ تۈرى بايان قىلىنىدۇ.

4. بۇلاردىن بىرى شەۋكىيە دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەسۋىلەرنىڭ بېشى ئۇچلۇق، يۇمشاق، تىكەنگە ئوخشاش بولۇپ، تېرىگە چىقىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا قول تەگسە تىكەنگە ئوخشاش سانجىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى بەدەن رەڭگىدىن بىرئاز قىزىللىغا مايىل بولۇپ، بۇنىڭدا قىچىشىش بولىدۇ، ھەم بۇ خىل ئەسۋە چوڭ بولۇپ، بۇنىڭدا سۇ ۋە قاقاچ پەيدا بولماي ئۆزىچە تارقاپ كېتىدۇ، بۇ تۈرى ھىندىچە تىكەنسىمان (كانتىيە) دېيىلىدۇ. بۇمۇ ناھايىتى ناچاردۇر.

5. يەنە بىر تۈرى خەشخاشىيەدۇر، بۇ خەشخاشىمۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئەسۋىسى خەشخاش ئۇرۇقىغا ئوخشاش كىچىك - كىچىك، ئاق بولۇپ، بۇنىڭدا ھۆللۈك پەيدا بولمايدۇ، ئەسۋىسىمۇ قاقاچ پەيدا بولماستىن ئۆزىچە تارقاپ كېتىدۇ.

6. يەنە بىر تۈرى مەرۋايىتتۇر. بۇنىڭدا بىر نەچچە ئەسۋە تارقاق شەكىلدە چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ شەكلى مەرۋايىتقا ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭدا قاقاچ پەيدا بولمايدۇ، بەزىدە ئەسۋە تېز سۈرئەتتە چىقىدۇ، بەزىدە ئۇزۇندا چىقىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى تۈردە ئادەتتە قىزىتما باشلىنىپ 14 كۈندىن

كېيىن ئەسۋىلەر چىقىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، خەشخاشىيە ۋە مەرۋايىدىيە ئۇچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا چىقىدۇ. ئۇچەي مەنبەلىك قىزىتما ياكى مۇئەييەن مۇددەتلىك قىزىتمىدا گەدەن، كۆكرەك ۋە قورساق ساھەسىگە ئەسۋىلەر چىقىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنى چوتى مائى ياكى كەنتى مائى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئەسۋىلەر كىندىك ئاستى ۋە كىندىكنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە كۆپ بولسا، بۇنىڭ نامى چولامائى دېيىلىدۇ. بۇ تۈردىكى ئەسۋىلەر چېچەك قاتارىغا كىرمەيدۇ، بەلكى بۇ ئۇچەي مەنبەلىك قىزىتمىنىڭ بىر ئالامىتى شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ ۋە 7 ~ 9 كۈنگىچە چىقىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى چېچەكنىڭ سۆزلىنىپ بولغان تۈرلىرى ئەسۋىلەرنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى ئېتىبارى بىلەن بايان قىلىنغان، لېكىن ئەسۋىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىل بولۇش ئېتىبارى بىلەن تارقاق چېچەك، تۇتاش چېچەك، قانلىق چېچەك، ھالاك قىلغۇچى چېچەك، يەڭگىل چېچەكتىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. **تارقاق چېچەك** بۇ تۆشۈكلۈك چېچەكمۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەسۋىلىرى بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىم تۇرىدۇ ۋە سان جەھەتتە ئاز بولىدۇ. بۇنىڭدا كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولمايدۇ.

2. **تۇتاش چېچەك** بۇ تۈردە ئەسۋىلەر كۆپ ساندا چىقىدۇ ۋە بىرى يەنە بىرى بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ، بۇ تۈرى ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە ھالاك قىلغۇچى بولىدۇ. بۇنىڭدا پۈتۈن ئالامەتلەر ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنى بولۇپمۇ چىرايى ئىششىدۇ، ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ، قاتتىق قىچىشىش بولىدۇ. كۆزلىرى ئىششىپ، ئەسۋە چىقىدۇ. بىمارنىڭ تۇرقى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇنى تونۇش قىيىن بولىدۇ. بىمار جۆيلۈيدۇ. بۇ تۈردە بىمار 11 - كۈنگىچە ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى بۇ ئالامەتلەر ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى يوقىلىپ 14 - كۈنى ساقىيىپ كېتىدۇ.

3. **قانلىق چېچەك** بۇ خىل چېچەك ئەسۋىلىرىدە يىرىڭ بىلەن قان بولىدۇ، بەزىدە پەقەت قان بولىدۇ. ئەسۋىلەرنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولغانلىق سەۋەبىدىن قارا چېچەك دېيىلىدۇ. بەزىدە تۇيۇقسىز تېرە ئاستىدا قاناش بولىدۇ. بۇ تۈرىمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە ھالاك قىلغۇچىدۇر. بۇ تۈرنىڭ دەسلەپىدىلا بىمار ناھايىتى ئاجىزلايدۇ. بىئاراملىق، جۆيلۈش ۋە مۈگدەش بولىدۇ. نەپەس ئېلىشى تېز بولىدۇ، ئەسۋىلەر تەرتىپسىز ھالەتتە ئۇزۇن ۋاقىتتا چىقىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتتا چىقىپ ئاندىن ئىچىگە ماڭىدۇ، بۇ خەتەرلىك ئالامەتتۇر. بۇنىڭدا بەزى

ۋاقىتتا سۈيدۈك ياكى قۇسۇققا قوشۇلۇپ، دوۋسۇن، بۆرەك ياكى ئاشقازاندىن قان چىقىدۇ.

4. ھالاك قىلغۇچى چېچەك بۇ تۈردىكى چېچەكتە ئەسۋە شەكلى تەرتىپسىز بولىدۇ، قانلىق چېچەككە ئوخشاش بۇنىڭدىمۇ بەزىدە تېرە ئاستىدا قاناش بولىدۇ ۋە باشقا ناچار ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئومۇمەن بىمار 3 ـ، 4 ـ ياكى 6 ـ كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

5. يەڭگىل چېچەك بۇ تۈرى ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. بۇنىڭدا 3 ـ كۈنى بەدەنگە بىر نەچچە ئەسۋىلەر چىقىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. بۇ چېچەككە گىرىپتار بولۇپ ساقايغان ياكى چېچەك ۋاكسىنىسى توغرا ئۇسۇلدا ئەملەنمىگەن كىشىلەردە بولىدۇ، ناھايىتى ئاز ساندا توغرا ئۇسۇلدا ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەردىمۇ بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى چېچەكتە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى شەكلىدە خەنناق كېسەللىكى، ئۆتكۈر شاخچە كاناي ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى، نەپەسلىنىش بۇزۇلۇش، ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە تولغاق قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. ئىشتىھا يوقىلىدۇ. بەزىدە ئاخىرىدا فەلغەمۇنى ياكى دۇبەيلە پەيدا بولۇپ، بىمارنى ھالاك قىلىدۇ. بەزىدە چېچەك ئەسۋىلىرىدىن ناچار تۈردىكى زەخىم پەيدا بولۇپ، ئاخىرىدا ئاقما شەكىللىنىدۇ. بەزىدە كۆزگە ئەسۋىلەر چىقىپ كۆزگە ئاق چۈشىدۇ. بەلكى بەزى ۋاقىتتا مۈڭگۈز پەردە بۇزۇلۇپ، كۆز پۈتۈنلەي كاردىن چىقىدۇ. بەزىدە ئىلتىھابى جوبە بولىدۇ، يەنى ئوتتۇرا قۇلاق بۆلىكى ئىششىدۇ، بەزىدە تىل، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرمۇ ئىششىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ، بەزىدە يۈرەك ئىچكى پەردىسى ئىششىدۇ ياكى يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولۇپ، سۈيدۈكتە ماددا چىقىشقا باشلايدۇ، بەزىدە دوۋسۇنمۇ ئىششىپ سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىدۇ ياكى سۈيدۈك پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ قالىدۇ، بەزىدە ئۇرۇقدان ئىششىدۇ ۋە ئۇنىڭ تېرىسى بۇزۇلىدۇ. ئاياللاردا تۇخۇمدان ئىششىدۇ ۋە بەزىدە جىنسىي لەۋمۇ بۇزۇلىدۇ. ھامىلىدار ئايالنىڭ بالىسى چۈشۈپ كېتىدۇ، بەزىدە بىمار ئوفۇنەتلىك قىزىتمىغا گىرىپتار بولىدۇ. بۇ ئەگەشمە ئالامەتلەردىن باشقا بەزى بىمارلاردا مالىخولىيا ياكى ساراڭلىققا ئوخشاش كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

كېسەللىك ئاقىۋىتى ئەگەر چېچەك تارقاق شەكىلدە يەڭگىل چىقسا ھەم ئەسۋىلەرنىڭ رەڭگى ئاق بولسا، بىمار كۆپىنچە ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر چېچەك ئەسۋىسى كۆپ چىقسا شۇنىڭدەك بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتسە ياكى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ چىقسا، ئىككى پىرسەنت بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر چېچەك كۆپ چىقسا، ئۇنىڭ ئەسۋىلىرىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ ياكى قارا بولسا، ئەسۋىلەردە يىرىڭ ئورنىدا قان بولسا ياكى يىرىڭ ۋە قان ئارىلاشقان بولسا، ئەسۋە چىقىپ ئىچىگە قايتقان بولسا ياكى ئەسۋىلەر ياخشى كۆتۈرۈلمىگەن بولسا ۋە كۆتۈلۈشتىن ئۈمىد بولمىسا، بۇ ھالەتتە بىمار ناھايىتى ئاز شىپا تاپىدۇ.

شۇنىڭدەك بۇ ئەسۋىنىڭ شەكلى تەرتىپسىز بولۇپ، رەڭگىمۇ بۇزۇلغان بولسا كۆپىنچە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر چېچەك بىمارنىڭ نەپەسلىنىشى ئارقىمۇئارقا بولسا، چۈشىنىش لازىمكى، كېرگەت ئىششىغان ياكى قۇۋۋەت يوقالغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر ئۇسساش كۆپەيسە، بىئاراملىقمۇ ئاشسا، بىمار يېقىندا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەگەر چېچەك ئەسۋىسى بىنەپشە رەڭ ياكى قارا رەڭدە بولسا، ئاشكارا بولۇپ ئىچىگە ئولتۇرۇشسا، بىماردا ئازراق مەزگىلدىن كېيىن غەشى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر ئاۋۋال سۈيدۈكتە قان كېلىپ، كېيىن قارا رەڭلىك سۈيدۈك كەلسە بىمار تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، جۈملىدىن قۇۋۋەت يوقالغاندا.

شۇنىڭدەك ئەگەر قانلىق ئىچ سۈرۈش كەلسە ياكى تەرەتنىڭ رەڭگى گۆش يۇغان سۇغا ئوخشاش بولسا، قۇۋۋەت يوقالسا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. قىسقىسى، كېسەللىك باشلىنىپ 8 ~ 13 كۈنگىچە قىزىتما قاتتىق بولسا ياكى قان كۆپ چىقسا، ئايلىنىپ كېتىش ياكى ئاجىزلاش پەيدا بولسا ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كىچىك ياشتىكى بالىلارغا بولۇپمۇ بىر - ئىككى ياشلىق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بالىلارغا چېچەك چىقسا، كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلار ۋە ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان كىشىلەر (بۇلارغا ۋاكسىنا ئەملەنمىگەن بولسا) گەرچە بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈش نىسبىتى تەخمىنەن 5% بولىدۇ، 5 ~ 30 ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 10% ~ 15% كىچە بولىدۇ.

ۋاكسىنا ئەملەش بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى كەم دېگەندە ئۆلۈش نىسبىتىنى ئازايتىش ئۈچۈن ياخشى چارە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. شۇڭلاشقا كىشىلەرگە توغرا ئۇسۇلدا ۋاكسىنا ئەملەنسە، كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ، ئەگەر يۇقۇملانسىمۇ ئۆلۈش نىسبىتى ئاز بولىدۇ، يەنى 2% ~ 4% كىچە بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش چېچەككە قىزىل، قىزىل قىزىتمىسى، ھۇمەيقا ۋە سىفىلىستىن تۆۋەندىكى مەخسۇس ئالامەتلەر ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇلىدۇ.

چېچەك

1. چېچەكنىڭ باشلىنىشىدا بەل ئاغرىش خۇسۇسىيىتى بىلەن بولىدۇ، بىمار قۇسىدۇ.
2. چېچەك ئەسۋىسى قىزىتما بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقىدۇ.
3. چېچەك ئەسۋىسى چىقىشتىن بۇرۇن قول بىلەن تۇتقاندا تېرىدە بارودىنىڭ كىچىك غولۇلەلىرىگە ئوخشاش قاتتىق نەرسە سېزىلىدۇ.
4. چېچەك ئەسۋىسى چىققاندىن كېيىن قىزىتما ۋە باشقا ئالامەتلەرمۇ يەڭگىللەيدۇ.

قىزىل

1. قىزىلنىڭ باشلىنىشىدا ئادەتتە زۇكام بولىدۇ. بەل ئاغرىمايدۇ، ئەگەر ئاغرىسا يەڭگىل ئاغرىيدۇ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قىزىلدا كۆڭلى ئېلىشىش زىيادە بولىدۇ، دېگەن.

2. قىزىل ئەسۋىسى قىزىتما بولۇپ، تۆت كۈندىن كېيىن چىقىدۇ.

3. قىزىل ئەسۋىسى چىقىشتىن بۇرۇن قول بىلەن سىيلىغاندا (تۇتقاندا) قاتتىق نەرسە ئۇرۇلمايدۇ.

4. قىزىل ئەسۋىسى چىققاندا قىزىتما ئۆرلەيدۇ ۋە باشقا ئالامەتلەردە يەڭگىللەش بولمايدۇ.

چېچەك

1. چېچەك ئەسۋىسى چىقىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى بىمار قاتتىق قىزىيدۇ، قۇسىدۇ ۋە بېلى ئاغرىيدۇ.

2. چېچەكنىڭ پۈتۈن ئەسۋىلىرى ئىككى كۈن ئىچىدە چىقىپ بولىدۇ.

3. چېچەك ئەسۋىلىرى چىققاندىن كېيىن قىزىتما تۆۋەنلەيدۇ.

4. ئەگەر چېچەك ئەسۋىلىرىدە سۇ پەيدا بولسا ئەسۋىنى يىڭنە بىلەن تەشكەندە ئەسۋە تامامەن ئولتۇرۇشمايدۇ.

5. چېچەك ئەسۋىلىرى پۈتۈن بەدەندە بىردەك بولىدۇ.

ھۇمەيقا

1. ھۇمەيقادا ئادەتتە ئەسۋە بۇرۇن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىيدۇ، بۇ يەڭگىل بولىدۇ.

2. ھۇمەيقا ئەسۋىلىرى ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن 4 ~ 5 كۈنگىچە چىقىپ بولىدۇ.

3. ھۇمەيقادا ئەسۋىلەر چىققاندىن كېيىن قىزىتما ئۆرلەيدۇ.

4. ھۇمەيقا ئەسۋىسىنى يىڭنە بىلەن تەشكەندە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

5. ھۇمەيقا ئەسۋىسى بەدەننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە ھەر خىل شەكىلدە چىقىدۇ.

چېچەك ۋە قىزىل قىزىتمىسى بۇ ئالامەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئىككىسىدە دەسلەپتە ھەر خىل ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ. قىزىل قىزىتمىسىدا گال ئاغرىيدۇ، تومۇرى ناھايىتى تېز سۇقىدۇ، تىلىدا خاس تۈردىكى گەز بولىدۇ، كېسەللىك مۇددىتى چېچەكنىڭ ئەكسىچە قىسقا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى خىل كېسەللىكتىكى قىزىتمىلاردا بىرئاز ئوخشاشلىق بولسا، ئۇ چېچەك ئەسۋىسى چىققاندىن كېيىن يوقىلىدۇ.

چېچەك سىفىلىستىن شۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇكى، كېسەللىك ھالەتلىرىدە بىمارنىڭ خاس ئەزالىرىدا زەخىم بولىدۇ، يىرىق بەزلىرى ئىششىيدۇ ۋە قاتتىقلىشىدۇ، گېلى ئاغرىيدۇ. سۆڭەك ئاغرىش ۋە تېرىگە خاس تۈردىكى ئەسۋىلەر چىقىش بولىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى مىسقا ئوخشاش

قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئەگەر سىفىلىس كېسەللىكلىرىدە سىفىلىسنى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلسا كېسەللىك ساقىيىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش چارىلىرى چۈنكى چېچەك بىر تۈردىكى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق ۋە تارقىلىشچان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ زەھىرى بىر كىشىدىن يەنە بىر كىشىگە، بىر يېزا ياكى شەھەردىن يەنە بىر يېزا ياكى شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، شۇ ئورۇندىكى ياشىغۇچىلارنى يۇقۇملاندۇرىدۇ، شۇڭا ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن بىرنەچچە كۆرسەتمە يېزىلغان:

1. ھەربىر بالىغا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئالتە ئايغىچە چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملىنىدۇ ۋە چېچەك ۋاباسى تارقالغان مەزگىلدە ھەربىر بالا، ئايال ۋە ئەرگە ۋاكسىنا ئەملىنىدۇ، ۋاكسىنا ئەملەش بىلەن چېچەك چىقمايدۇ، ئەگەر چېچەك چىقسىمۇ ئۆتكۈرلۈكى ئاجىز بولىدۇ.

بەزىدە ۋاكسىنا مۇكەممەل بولماي، ئۈمىد قىلىنغان پايدا ھاسىل بولماي قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلاش لازىمكى، ۋاكسىنا ئەملەش بىلەن پەيدا بولغان سۇلۇق قاپارتما ياخشى كۆپۈشسە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىللىق ياخشى ئاشكارا بولسا، ئۇ مۇكەممەل بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا مۇكەممەل بولمىغان بولىدۇ.

چۈنكى بىر ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ بۇ كېسەللىكتىن ساقىيىشى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ساغلام ۋە كۈچلۈك بالىلارغا تۇغۇلۇپ بىر يېرىم ئاي ياكى ئىككى ئايدىن كېيىن ۋاكسىنا ئەملەش لازىم. ئەگەر بالا ئاجىز بولسا، ۋاكسىنىنى ئۈچ ئايلىق ياكى ئايدىن ئالتە ئايلىق بولغاندا ئەملەش لازىم. لېكىن بۇ خىيال قىلىنىدۇكى، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، قىزىتما ۋە بەزى ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە، بالىنىڭ چىشى چىقىشقا باشلىغاندا (بولۇپمۇ 6 ـ، 7 ـ ئايلىرىدا ۋە بەزى بالىلاردا ئۇنىڭدىن كېيىن) ۋاكسىنا ئەملەش ئانچە ياخشى ئەمەس ئەلۋەتتە. ئەگەر مەزكۇر كېسەللىك تارقىلىۋاتقان مەزگىل بولسا، بۇ ۋاقىتتا ياشقا قاراش زۆرۈر ئەمەس. يەنى بۇ ۋاقىتتا ھەربىر بالا ۋە ئادەملەرگە ۋاكسىنا ئەملەش لازىم. يەنە بۇ كېسەللىك ھامىلدار ھالەتتە تۆرەلمىگىمۇ يۇقىدۇ، شۇڭا ئەگەر ھامىلدار ئايالغا ۋاكسىنا ئەملەنسە ھامىلە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر 11 ~ 12 ياشتىكى بالىلارغا بىر قېتىم ۋاكسىنا ئەملەنسە، كۆپىنچە يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

2. ۋاكسىنا ئەملەشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى قىش پەسلىدۇر، ئادەتتە ۋاكسىنا بىلەكنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىگە ئەملىنىدۇ، شۇڭا كىيىمنىڭ يېڭى تار بولماسلىقى لازىم، تاكى ۋاكسىنا نۇقساندىن ساقلىنىپ بالىنى قاشلىغىلى قويماستىن، ۋاكسىنا ئەملەنگەن ئورۇنغا ساپ پاختا قويۇپ، پاكىز لاتا بىلەن تېڭىپ قويۇش لازىم. ۋاكسىنا ئەملەنگەندە ئادەتتە قىزىتما كۆرۈلىدۇ ۋە بەزى بالىلاردا قىزىتما ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ ھەم بىرئاز قىچىشىش كۆرۈلىدۇ، بالا بىتاپ

بولۇپ قاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بەزى بالىلارنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ، بۇ ھالەتلەردە چېچەك ئۆچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

3. ئەگەر چېچەك ۋاباسى تارقالغان بولسا، ساغلام ئادەملەرگە سوغۇق تەبىئەتلىك يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قان تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ، چېچەكتىن ساقلاش ئېيتىلغان. مەسىلەن:

سوۋۇتقۇچى نۇسخا چىلان بەش دانە، ئاق سەندەل بەش گىرام، ئاپىلسىن ئەرقى، ئەرقى گۈل 72 گىرامدىن. دورىلارنى ئەرەقتە ئېزىپ، سۈزۈپ، سىركەنجىۋىل ياكى ئانار شەربىتىدىن 24 ~ 48 گىرامغىچە قوشۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، يېشى ۋە كۈچىگە قاراپ مىقدارى تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: چىلان بەش دانە، كاھۇ ئۇرۇقى بەش گىرام، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا 72 گىرامدىن. دورىلارنى ئېزىپ، سۈزۈپ، چىلان شەربىتىدىن 24 ~48 گىرامغىچە ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تۆۋەندىكى دورىلاردىن بەزى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇلاردىن بەزىسى خاسىيىتى بىلەن بۇ مەقسەتتە پايدا قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

(1) كىيۇرە شەربىتىدىن 24 ~ 48 گىرامغىچە ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى شاھتەررە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

(2) شەربىتى گۈللالە توغرىسىدا ئېيتىلغانكى، بۇ چېچەكنى چىقىشتىن توختىتىدۇ ۋە چېچەك چىققان ھالەتتىمۇ ناھايىتى پايدىلىقتۇر. بۇ شەربەتنى تەييارلاش ئۇسۇلى بۇكى، 72 گىرام گۈللالەنى 375 گىرام سۇدا قايناتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 180 گىرام ئاق شېكەر سېلىپ قىيام قىلىپ، ئەتىگەن - كەچتە يالىتىلىدۇ ياكى كىيۇرە ئەرقى زۇرۇرىيەتكە قاراپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بالىغا 2 ~ 3 گىرامغىچە، بالا باققۇچىغا 12 گىرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

(3) ساقلىقنى ساقلاش شەكلىدە قۇرسى كافۇر ئىستېمال قىلىشمۇ چېچەكتىن ساقلايدۇ.

قۇرسى كافۇر نۇسخىسى قىزىلگۈل، تاباشىر 36 گىرامدىن، ئاق سەندەل 10 گىرام، كافۇر ئۈچ گىرام. ھەممە دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ قۇرس تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بالىغا بىر گىرامغىچە ۋە چوڭلارغا 5 ~ 7 گىرامغىچە كىيۇرە شەربىتى ياكى چىلان شەربىتى قوشۇپ يالىتىلىدۇ.

(4) بۇ دورىمۇ ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن پايدىلىق. روتى 0.24 گىرام، يۇيۇلغان لوك، گۈلى لالە سەھرائى بىر گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، چىلان شەربىتى، كىيۇرە

شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ، ئۈستىدىن كىيۇرە ئەرقى، ئەرقى بىدىمىشكى 72 گىرامدىن، كىيۇرە شەربىتى 36 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

(5) چېچەك ۋاباسى تارقالغان بولسا، كىشىلەر قەۋزىيەت بولۇپ قالماسلىق لازىم. ئەگەر قەۋزىيەت بولۇپ قالغان بولسا، تەمرى ھىندى، ئەينۇلاغا ئوخشاش دورىلار بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ.

(6) چارىلەردىن سوغۇق ۋە چۈچۈمەل كۆكتاتلار، غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، ئەگەر گۆش يېمەكچى بولسا، بۇنىڭغا كۆكتات سېلىپ پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ، ساددا پىدىگەن، كۈنجۈت، سېرىقچېچەك، ئارھەر ۋە مايلىق تائاملاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ھەم ئاپتاپتا تۇرۇش، ئوتقا يېقىن ئولتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

4. ئەگەر بىرەر چېچەك بىمارى بولسا، ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆيگە زۆرۈرىيىتى بولمىغان نەرسىلەرنى قويماسلىق ھەم زىيادە ئادەملەرنى كىرگۈزمەي، پەقەت پەرۋىشچىسى پەرۋىش قىلىش لازىم. بۇ پەرۋىشچىسىگىمۇ ئىككىنچى قېتىم ۋاكسىنا ئۇرۇلغان ياكى چېچەك چىقىپ بولغان بولسۇن. ئۆي ئىچىگە كافۇر ئېرىتىپ سېپىلىدۇ، دەرۋازىغا نىم يوپۇرمىقىدىن توقۇلغان مىلەگزە ئېسىپ قويۇلىدۇ. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئۆيدىن سىرتقا تارقىلىشنى توسقىلى ھەم ئۆي ھاۋاسىنى تازىلىغىلى بولىدۇ. يەنە چېچەك بىمارلىرى ئۆيىنىڭ دەرۋازىلىرىغا نىم شېخى ئېسىپ قويۇشمۇ بىر قەدىمى چارىدۇر.

5. بىمارغا قارايدىغان پەرۋىش خادىمى بىمارنىڭ قېشىغا ئايرىم كىيىم كىيىپ كىرىشى، سىرتقا چىققاندا كىيىملىرىنى شۇ جايغا سېلىپ قويۇپ، قول - يۈزىنى سوپۇن ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن باشقا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ كىيىملىرى ئارقىلىق يۇقۇش ئەندىشىسى بولىدۇ.

6. بىمارنىڭ چىقىرىندى ماددىلىرى، مەسىلەن: چوڭ تەرەت، سۈيدۈك، بەلغەم ۋە تۈكۈرۈكىنى خالىي ئورۇندىكى ئورەككە كۆمۈش لازىم، ئەگەر بىرەر چىرىشكە قارشى دورا قوشۇپ كۆمۈپ قويۇلسا زىيادە ياخشى بولىدۇ.

7. بىمارنىڭ كىيىملىرىنى سۇدا قايىنىتىۋېتىش، شۇنىڭدەك ئىشلەتكەن قاچىلىرىنى قايناق سۇغا بېسىۋېتىش لازىم.

8. بىمارنى كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا چېچەك ئەسۋىسىدىن قاقاچ تۆكۈلۈپ پۈتۈنلەي ئارام بەرمىگۈچە، يۇيۇندۇرماي ۋە پاكىز كىيىملىرىنى ئالماشتۇرماي تۇرۇپ، ساغلام ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق، شۇنىڭدەك بىمار تۇرغان ئورۇننى ئاقارتماي ۋە تازىلىماي تۇرۇپ باشقا ئادەملەرنى بۇ ئورۇندا تۇرغۇزماسلىق لازىم.

9. ئەگەر بىرەر ئورۇندا چېچەك تارقالغان بولسا، ئۇ ئورۇنلاردىكى كوچىلارنى، ئۆيلەرنى تازىلاش ئىنتايىن زۆرۈر. كىشىلەر ئۇ يەردىن قېچىپ باشقا شەھەرلەرگە بارماسلىقى، بەلكى مۇمكىن بولسا ئوچۇق دالادا تۇرۇشنى تاللىشى لازىم.

10. تېۋىپ ئۈچۈن زۆرۈر بولىدۇكى، ئەگەر چېچەك بىمارلىرىنى تەكشۈرمەكچى بولسا ئېھتىيات قىلىش، مەسىلەن: ئۇنىڭغا بەك يېقىن ئولتۇرماسلىق، ئۇنىڭ كىيىمىنى تۇتماسلىق ھەم ئۇنىڭ تىنىقى دىماغقا يېتىپ قالماسلىق، تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قوللىرىنى ئىسسىق سۇ بىلەن سوپۇنداپ يۇيۇش لازىم، ئەگەر كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتسە ئۇنىڭدا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

11. چېچەك بىمارلىرىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزۇش ھەممىدىن ياخشىدۇر. ئەمما بۇ دوختۇرخانا چوقۇم شەھەر سىرتىدا بولۇشى لازىم.

داۋالاش چېچەكنى داۋالاشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار.

1. ئىچىدىن داۋالاش: ئىچىدىن دورا ئىستېمال قىلدۇرۇش، بۇ غىزا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. سىرتىدىن داۋالاش: بۇ ئەسۋىلەرنى پىشۇرۇش، قاقىچىنى چۈشۈرۈش ۋە داغلىرىنى يوقىتىشنىڭ چارىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. بۇ ئىچكى ئەزالارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش چارىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىچكى تەرەپتىن داۋالاش

بەزى كىشىلەردە كېسەللىكنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى باشلانسا، بۇنىڭدىن چېچەك قىزىتمىسىنى تونۇغىلى بولسا، پەسىل يەنى چېچەك ۋاباسى تارقالغان ۋاقىتمۇ كېسەللىك دىياگنوزىنى كۈچلەندۈرسە، بىمارنى ئايرىم ئازادە ئۆيدە تۇرغۇزۇش، ئۆي ئىچى ھەر تەرەپتىن پاكىز بولسۇن. ئۆي ئىچىگە زۆرۈرىيەتتىن زىيادە كېرەكلىك نەرسىلەرنى قويماسلىق، ئۆي ئىچى ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق ئېتىبارى بىلەن مۆتىدىل بولۇش، ئۆي ئىچىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولسا ھاۋا ئالماشتۇرماسلىق، بىمار ئۈچۈن مەخسۇس پەرۋىش خادىمى قويۇش ۋە باشقا چارىلەرنى بىكار قىلىش، بۇ ساغلام كىشىلەرنى بۇ كېسەللىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. كېسەللىكنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن داۋالاشقا باشلاش لازىم.

پىرىنسىپ بۇ ۋاقىتتا قاننىڭ قايىنىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، مەخسۇس سوۋۇتقۇچى ۋە قاننى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى قىزىتما پەسەيسۇن ۋە چېچەك چىقمىسۇن. ئەگەر قىزىسا، چېچەك چىقسا خەتەرلىك بولمايدۇ. لېكىن بەزى ھالەتتە زىيادە سوغۇق دورىلارنى ھەرگىز ئىستېمال قىلدۇرماسلىق لازىم.

قىزىتمىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىرەر كۈچلۈك تەرلەتكۈچى دورىلارنى بەرمەسلىك، ئەگەر قەۋزىيەت قاتتىق بولسا، شىياف ياكى ھۆقنە ياكى بىرەر يۇمشاتقۇچى دورىلار بىلەن قەۋزىيەتنى بوشىتىش لازىم.

دورىلار يۇقىرىقى پىرىنسىپنى نەزەردە تۇتۇپ تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرەرسى تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

نۇسخا: مەرۋايىت، ئاق لالە يوپۇرمىقى قاتارلىقلاردىن 0.48 گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ يېگۈزۈپ، ئارقىدىن ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ قايناتىلما چېچەك ئەسۋىسىنىڭ چىقىشىغا ناھايىتى ياردەم بېرىدۇ. يەتتە دانە مەرۋايىت يۇتقۇزۇلىدۇ. چىلان تۆت دانە، سوقۇلمىغان ئەدەس 12 گىرام، پوستى ئاقلانغان بىخسۇسنىڭ چالا سوقۇلغىنى ئىككى گىرام، گۈل لالە بىر گىرام. دورىلارنى 180 گىرام ئەرقى شاھتەررەدە ئۈچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قايناتىپ، سۈزۈپ، 12 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ، خاكسى (دىنى چوگى) دىن ئۈچ گىرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ نۇسخىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىدەك ئومۇملاشقان، ئەگەر مەرۋايىتنى ئېزىپ بەرسە زىيادە مۇناسىپتۇر.

يەنە بىر قايناتىلما: گۈل لالە سەھرائى، يۇيۇلغان لوك، قىزىلگۈل، خاكسى تۆت گىرامدىن، چىلان 10 دانە، ئەنجۈر ئۈچ دانە، ئەرقى گۈل، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا ۋە كىيۇرە ئەرقىنىڭ ھەربىرىدىن 72 گىرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى دورىلارنى ئەرەقلەرگە سېلىپ، قايناتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 36 گىرام كىيۇرە شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا: كەتىرا، گۈللالە باغى، يۇيۇلغان لوك قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 12 گىرام كىيۇرە شەربىتىگە قوشۇپ يالىتىلىدۇ. ئارقىدىن گۈللالە، خاكسى، سوقۇلمىغان ئەدەس، كىيۇرە ياغىچى، قىزىلگۈل ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن تۆت دانە ئېلىپ، 120 گىرام ئەرقى شاھتەررە، 120 گىرام ئەرقى شوخلا، 60 گىرام ئەرقى كىيۇرەدە ئۈچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قايناتىپ، سۈزۈپ 24 گىرام چىلان شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: بۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا پايدىلىق. ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن يەتتە دانە، يۇيۇلغان لوكتىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىياندا تۆتتىن بىر قىسمى قالغۇچە قايناتىپ، سۈزۈپ، سوۋۇتۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ ھالەتتە كۆزگە سۈرمە تارتىش ھەم قۇلاق، بۇرۇنغا سۈرمە پۈۋلەش، كۆكرەكنى ئۇۋۇلاپ بېرىش پايدىلىق. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا شىرخىست ياكى تەرەنجىبىن ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ماش ئېشى ياكى دىۋەز قوشۇلغان غىزا يېگۈزۈلىدۇ. ئارپا سۈيىمۇ پايدىلىق غىزادۇر. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، ئارپا سۈيىگە تەمرى ھىندى، ئەينۇلاغا ئوخشاش دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ.

سەمەرقەندىنىڭ داۋالىشى

بىرىنچى دەرىجە دەسلەپتە تۆت كۈنگىچە چېچەك ۋە قىزىل ئەسۋىسى چىقىشتىن ئىلگىرى قان ئېلىنىدۇ، يەنى بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قان چىقىرىلىدۇ، ئەگەر بالىلىق مەزگىلى يەنى يېشى كىچىكلىك قاتارلىق سەۋەبتىن قان ئالغىلى بولمىسا ھىجامەت قويۇلىدۇ ھەم قۇرسى كافۇر يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاچچىق ئانار سۈيى ۋە باشقا سوغۇق شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: چىلان شەربىتى، كىيۇرە شەربىتى، زىرىشك شەربىتى. قابىز رۇببىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: خام ئۈزۈم رۇببىسى، بېھى رۇببىسى، ئالما رۇببىسى، شاتۇت رۇببىسى، ئانار رۇببىسى قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىكتە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش (ئىچىنى سۈرۈش) ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا تەبىئەتنى ئۆز پائالىيەتلىرىدىن توختىتىپ ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. يۇمشىتىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ماددىلارنى ئىچكى تەرەپكە تارتىدۇ، تەبىئەت ئۇنى سىرتقى تەرەپكە، يەنى تېرە تەرەپكە چىقىرىشنى ئازۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇمشىتىش زىيانلىق بولىدۇكى، بۇنىڭ ماددىسى ئوفۇنەت ۋە ناچار كەيپىياتتىن خالىي بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ناچار ماددىلار سىرتقى ئەزالار تەرەپتىن ئىچكى ئەزالار تەرەپكە مايىل بولسا، خەتەرلىككى، بۇ ماددىلار رەئىس ئەزالارغا يېتىپ بېرىپ، ھوشىدىن كېتىش، ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش، تولغاق، ئىچ سۈرۈشنى پەيدا قىلىدۇ.

غىزاسىغا پەقەت ئارپا سۈيى، بېلىق، ئەدەسلا بېرىلىدۇ، بۇ سىركە ۋە بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن.

ئەگەر دەسلەپتە قان ئالغىلى بولمىسا چېچەك ۋە قىزىل چىقىپ بولغان بولسا سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى ۋە قاننى قويۇلدۇرغۇچى چارىلەرنى ئىشلەتمەستىن، بەلكى بىمارنى تاكى تەرلىگۈچە ئىسسىق رەخت بىلەن ئوراپ قويۇش لازىم. بۇنىڭ بىلەن تېرە يۇمشاپ، تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ، چىقىرىندى ماددىلار سۈيۈلۈپ، سىرتقى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ چىقىشى ئاسان بولىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە چېچەكنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدە ئەسۋە چىقىشقا باشلايدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن توختىتىش لازىم.

پىرىنسىپ سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارغا كۈچلۈك زۆرۈرىيەت بولمىسا، قەتئىي ئىشلەتمەسلىك، بەلكى تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ، ئەسۋىنىڭ چىقىشىغا ياردەم بېرىدىغان دورا ۋە چارىلەرنى ئىشلىتىش لازىم. شۇڭلاشقا بۇ ھەقتە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتمە بەرگەنكى، ئەگەر چېچەك چىقىشقا باشلىسا، سوۋۇتقۇچىلارنى ئىشلەتسە چوڭ نۇقسان يېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ماددىنى قايىنىتىپ، توسالغۇلارنى ئاچىدىغان نەرسىلەر بىلەن تەبىئەتكە ياردەم بېرىش لازىم.

بىمارنى سوغۇق ئۆتۈشتىن ۋە سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇپ، كىيىم بىلەن ھەر ۋاقىت يۆگەپ قويۇش لازىم.

بۇ ۋاقىتتا قان ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ ھەم يۇمشاتقۇچى ۋە سۈرگە دورىلىرىنى زۆرۈرىيەت چۈشمىسە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ.

بۇنىڭدا يەنە ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ئەزالارنى قوغداشنىڭ چارىلىرى قوللىنىلىدۇ، بۇ ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

ئەگەر چېچەك ئاشكارا بولۇپ ئىچىگە ئولتۇرۇشسا، بارلىق چارىلەر چېچەكنى چىقىرىش ۋە رەئىس ئەزالارنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك قىلىنىدۇ. يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى ۋە مېڭىنى كېرەكسىز ماددىلاردىن تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

دورىلار: ئاۋۋالقى ئۇسۇلنى نەزەردە تۇتۇپ تۆۋەندىكى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا: چىلاندىن بەش دانە، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە ئېلىپ، بۇلارنى 72 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قايىنىتىپ، 12 گىرام ناۋات قوشۇپ، يەتتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولسا بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: چىلان بەش دانە، نىلۇپەر گۈلى، شاھتەررە، قۇرۇق يەرلىك شوخلا بەش گىرامدىن، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام. دورىلارنى بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ، يەتتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولۇش بىلەن بىللە بىمار ياش، ئىسسىق مىزاجلىق بولسا ھەم پەسلىمۇ ئىسسىق بولۇپ، ماددىلارنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىشىدىن سەرسامغا ئوخشاش ئەھۋاللار پەيدا بولسا، بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: چىلان بەش دانە، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ئالتە گىرام، كاھۇ

ئۇرۇقى بەش گىرام. دورىلارنى ئەرقى شاھتەررىدە ئېزىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ، يەتتە گىرام خاكسى سېپىپ بىمارغا ئىچكۈزۈلىدۇ، ئالىقان، تاپان ۋە پاچاققا قانسىز ھىجامەت قويۇلىدۇ ھەم پاشويە قىلىنىدۇ، پاچاق ۋە پۇتقا نۇتۇل قىلىنىدۇ، سىركە، گۈل يېغى ۋە ئەرقى گۈلگە رەختنى چۆكۈرۈپ قايتا ـ قايتا باش چوققىسىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ لەخلەخە پۇرىتىلىدۇ.

لەخلەخە: خىس، ئاق سەندەل ئالتە گىرامدىن، كافۇر بىر گىرام، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى 24 گىرام، گۈل يېغى، سىركە 12 گىرامدىن. دورىلارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ، كەڭ ئېغىزلىق شېشىگە قۇيۇپ بىمارغا پۇرىتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ھالەتتە ھوشىدىن كېتىش، خەفەقانى قەلبكە ئوخشاش ھالەت پەيدا بولسا، بەش گىرام خېمىر مەرۋايىت يۇقىرىقى سوۋۇتقۇچى نۇسخا ياكى چىلانىمغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سەندەلنى ئەرقى گۈلدە سۈزۈپ، رەختنى بۇنىڭدا ھۆللەپ يۈرەك ساھەسىگە قويۇلىدۇ، ئەگەر بىمار ئىسسىق مىزاج بولمىسا ۋە ئىسسىقلىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سېزىلگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: چىلان بەش دانە، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، قۇرۇق يەرلىك شوخلا بەش گىرام، گۈلى گاۋزىبان ئۈچ گىرام، قۇرتى ئېلىۋېتىلگەن ئەۋرىشىم، خاكسى بەش گىرامدىن، ناۋات 12 گىرام. دورىلارنى سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈش. يۈرەك، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خۇشلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، خېمىرى مەرۋايىتتىن بەش گىرام يېگۈزۈپ ئارقىدىن مەزكۇر نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

چېچەك ئەسۋىسىنىڭ چىقىشى كېچىكىش ئەگەر چېچەك ۋە قىزىل ئەسۋىسىنىڭ چىقىشىدا تەسلىك كۆرۈلگەن بولسا، ئەنجۈر پوستى، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، لوك ياغىچى، قىزىلگۈل قاتارلىقلار قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ تاكى ئەسۋىلەر تېز چىقسۇن ۋە يۈرەك ئەتراپىدىن يوقالسۇن. ئىچىنى سۈرگۈزۈشنى ئويلاشماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇزۇلغان ماددىلار سىرتقا چىقىشتىن توختاپ ئىچكى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئەگەر چېچەك ئەسۋىسىنىڭ چىقىشى كېچىككەن بولسا، يەنى ئەسۋە ئومۇمەن قىزىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقىدۇ، لېكىن بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تۆتىنچى كۈنى چېچەك ئەسۋىسى چىقمىسا ياكى ئازراق چىقىپ توختاپ قالسا، يەنى مۇكەممەل چىقمىسا، بۇ ھالەتتە تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا (1): چىلان بەش دانە، ئەنجۈر مونىكى ئۈچ دانە، خاكسى يەتتە گىرام، ناۋات 12 گىرام. دورىلارنى 72 گىرام ئەرقى شوخلا، 72 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە بۇ نۇسخىغا يەتتە گىرام سوقۇلمىغان ئەدەس، 12 گىرام بۇغداي كېپىكى قوشۇپ، 12 گىرام قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (2): بۇ نۇسخا ئەسۋە چىقىشنىڭ كېچىككەن ياكى كېچىكمىگەن ھالىتىدە دېھلى تېۋىپلىرىنىڭ ئەمەلىي داۋالىشىدا قوللىنىلىدۇ. گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە، ئەنجۈر مونىكى ئۈچ دانە، ئۈرۈقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، خاكسى يەتتە گىرام، ناۋات 12 گىرام. دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (3): ئۈچ دانە ئەنجۈرنى 120 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 0.24 گىرام زەپەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (4): ئەنجۈر مونىكى تۆت دانە، ئۈرۈقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم يەتتە دانە، پوستى ئاقلانغان ئەدەس يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە. بۇ دورىلار قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ (شەرىفخان).

نۇسخا (5): يۇيۇلغان لوك 18 گىرام، پوستى ئاقلانغان نوقۇت 24 گىرام، كەتىرا، بەدىيان يەتتە گىرامدىن. دورىلارنى 750 گىرام سۇدا قاينىتىپ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا).

ئەگەر چېچەك ئەسۋىسى چىقىشىدا بىئاراملىق، كۆيۈشۈش ۋە خەفەقان پەيدا بولسا، بۇ ئەگەشمە ئالامەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا: زەھرى مۆھرە چىنى، كۈشتە قىلىنغان مەرۋايىت قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ياكى يېرىم گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، 12 گىرام كىيۇرە شەربىتى، بىر دانە كۈمۈش ۋاراق قوشۇپ ئاۋۋال يالىتىلىدۇ، ئارقىدىن ئەرقى شۇخلا، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى نىلۇپەرنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام كىيۇرە شەربىتى قوشۇپ، يەتتە گىرام خاكسى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياكى بۇ سۇفۇپ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تاباشىر، قىزىلگۈل، گۈل لالە دەشتى، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ 2 ~ 3 گىرامغىچە كەپتەر تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ۋە ئېقى بىلەن قوشۇپ يالىتىلىدۇ ۋە ئارقىدىن ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى شوخلىنىڭ ھەربىرىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، 36 گىرام كىيۇرە شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھوردىتىش: 60 گىرام خاكىسنى 30 ~ 36 گىرامغىچە سۇدا قاينىتىپ بىمار كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، بىمارنىڭ بەدىنى رەخت بىلەن ئورىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ ھورى بىمارنىڭ بەدىنىگە يېتىپ تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ، ئەسۋىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى تېزلىتىلىدۇ، پەقەت سۇنىڭ ھورى بىلەنمۇ بۇ داۋالاشنى قىلغىلى بولىدۇ.

بىمارنىڭ بەدىنىگە ھەم ئۇنىڭ كۆرپىسى ئۈستىگە خاكىسى سېپىشمۇ چېچەك ئەسۋىسىنىڭ سىرتقا چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئەگەر ئەسۋىلەر چىقىپ، ئىچىگە ئولتۇرۇشسا، يۇقىرىقى مەزكۇر چارىلەرنى تاللاش لازىم. بۇ ئەسۋىلەرنى سىرتقا چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلغان. بۇ ۋاقىتتا جۆيلۈش، ھوشىدىن كېتىش ۋە ئىچى تىتىلداش قاتارلىقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن پاشويە، لەخلەخە قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئەسۋىنىڭ رەڭگى قارا بولسا، بۇنىڭ بىلەن باشقا بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى پەيدا بولسا، مەسىلەن: ئۆتكۈر قىزىتما، بىئارام بولۇش، قاتتىق ئاجىزلاش ۋە نەپەسلىنىش بۇزۇلۇش بولسا، يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

ئەگەر ئىچى سۈرۈشكە باشلىسا پوستى ئاقلانغان ئەدەسنى قاينىتىپ، سۈيىنى ئىچكۈزۈش پايدىلىق، شۇنىڭدەك مەرۋايىتنى ھەببۇلئاس شەربىتى ياكى ئالما شەربىتىگە قوشۇپ يالىتىشمۇ پايدىلىقتۇر.

بۇ سۆزنى يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەككى، كېسەللىك باشلىنىشىدا بىر - ئىككى قېتىم ئىچى سۈرۈپ كەتسە، ئانچە زىيىنى يوق، ئەلۋەتتە. كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا ئىچى سۈرۈپ كەتسە، ناھايىتى خەتەرلىكتۇر، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى تېزدىن توختىتىشقا كىرىشىش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: گىل ئەرمنى، قىزىلگۈل چېچىكى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، سۇفۇپ تەييارلاپ 24 گىرام ئەنجبار شەربىتى ياكى ھەببۇلئاس شەربىتى قوشۇپ يالىتىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: زەھرى مۆھرە خەتائى، كەھرىۋا، بىخ مارجان، قاشتېشى، مارجان ھەربىرى بىر گىرامدىن، تاباشىر، گىل ئەرمنى، قىزىلگۈل چېچىكى، تۇخۇمى بارتەڭ ھەربىرى ئىككى گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ سوفۇپ تەييارلاپ، ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 12 گىرام ھەببۇلئاس شەربىتىگە قوشۇپ يالىتىپ، ئۈستىدىن ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى ئاپېلسىن، ئەرقى بارتەڭنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرامدىن ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياكى باشقا بىرەر قابىز دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە خۇشلۇق

يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنى قوشۇشنى ئويلىشىپ قاتتىق قابىز دورىلاردىن ئەپيۈننى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

ئەگەر بىماردا قەۋزىيەت بولسا ۋە چېچەك چىقىۋاتقان بولسا، بىرەر يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ھەرگىز بەرمەسلىك، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا يۇمشىتىپ سۈرىدىغان دورىلارنى ئىستېمال قىلسا نۇقسان يېتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر قەۋزىيەت سەۋەبىدىن مېڭە تەرەپكە ماددىلار ئۆرلەشكە باشلىسا ۋە جۆيلىسە، بۇ ۋاقىتتا شىياف ياكى ھۆقنە ئارقىلىق ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ.

چېچەك چىقىشتىن بۇرۇن ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، بۇ ۋاقىتتا شىياف ياكى ھۆقنىدىن باشقا بىرەر مۇناسىپ ئىچىنى سۈرگۈزگۈچى دورىلاردىن، مەسىلەن: شىرخىست، تەرەنجىبىن ۋە باشقىلار بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بىرەر خاس داۋاسى يوق، بۇ كېسەللىك تۆۋەنلەش باسقۇچىدۇر، بىمارغا كۈچلەندۈرۈش ۋە خۇشلۇق يەتكۈزۈپ كۈچەيتكۈچى ۋە مۇپەررىھ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمارنى ساغلام ئادەملەردىن ئايرىش، بۇنى ئايرىغاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر.

ئوزۇقلاندۇرۇش لەتىف ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، ئارپا ئېشى ياخشى غىزا، بولۇپمۇ قاتتىق قىزىتما قوزغالغان ھالەتتە، قاتتىق قىزىتما ھالىتىدە ئارپا ئېشى سوۋۇتۇپ بېرىلىدۇ ياكى ماش ياكى نوقۇتنى پىشۇرۇپ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا تۇز ناھايىتى ئاز سېلىنىدۇ، چۈنكى تۇز ئىستېمال قىلىشتىن ئەسۋىنىڭ قىچىشىشى كۈچىيىپ كېتىدۇ، ماش ئۈنىنىڭ گۈرۈچ بىلەن تەييارلانغان غىزاسى يېگۈزۈلىدۇ.

بەزى قەدىمكى تېۋىپلار ھەم يېڭى زامان تېۋىپلىرىنىڭ قارىشىدا سۈتمۇ بېرىلىدۇ، خۇسۇسەن بۇ بىمار ئاجىز بولسا ۋە يۆتەل بولمىسا، چوقۇم كالىنىڭ سۈتى بولۇشى ۋە قايىنىتىلىپ ئىچىلىشى لازىم.

يېڭى تېۋىپلار ئاجىزلىغان ھالەتتە شورپا ئىچكۈزىدۇ. لېكىن قەدىمكى تېۋىپلار كۆپىنچە گۆش ۋە ياغلىق (مايلىق) غىزالارنىڭ ئەكسىنى دېگەن.

سۇ يازدا يېڭى سۇ ئىچىشكە ئىجازەت بېرىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئورنىغا نوقۇتنى پىشۇرۇپ، پەقەت ئۈنىڭ سۈيىگە قانائەت قىلىش ناھايىتى ياخشىدۇر، قىش پەسلىدە سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى شوخلا ياكى ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە چىلان ياكى نوقۇت سۈيىنى ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ.

سىرتقى تەرەپتىن داۋالاش ئەگەر چېچەك چىقسا ۋە ئۇنىڭغا سۇ تولسا، ئۇنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. گۇلابتا كافۇر ئېزىپ چېپىلىدۇ، نامازشامگۈلى

يوپۇرمىقى، قىزىلگۈل، يۇلغۇن قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈپ ئىسلىنىدۇ، بولۇپمۇ قىشتا بولسا شۇنداق قىلىش ناھايىتى ياخشىدۇر ھەم بۇ ئورۇندا سەمەرقەندى يازغانكى، چېچەك ئۈچۈن يازدا ئەگەر ئەسۋىنىڭ ئىچىگە سۇ تولسا، ئاس يوپۇرمىقى ۋە سەندەلنى كۆيدۈرۈپ ئىسلاش ۋە يازدا ئانار، يۇلغۇن ۋە ئۈزۈم شاخلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئىسلاشنىڭ پايدىلىقلىقى ئىسپاتلانغان ۋە قىزىلگۈلنى ئېزىپ سېپىشمۇ ياخشىدۇر.

ئىسلىغان ۋاقىتتا بۇنى ئويلاش كېرەككى، ئىس نەپەس بىلەن گال ۋە ئۆپكىگە كىرىپ كەتمەسلىكى لازىم.

تۇزلاش تۇزلۇق سۇ ئەسۋىگە قۇرۇپ ياخشى بولغۇچە سېپىلىدۇ، لېكىن تۇزلۇق ئۇنى ئىشلىتىشتە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش لازىم، شۇنداق قىلمىغاندا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلارغا بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭدۇر. چۈنكى تۇزنى يارىغا سەپسە، ئۇنىڭ ئاغرىقى ۋە كۆيۈشۈشى يۈرەككىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە غەشىدىن كېيىن ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ.

ئەسۋىلەرنىڭ پىشىشى ئەگەر چېچەك ئەسۋىلىرى سىرتقا چىقسا قىزىتما ۋە بىئارام بولۇش ئاز بولسا، تومۇرى ۋە تىنىقى ئەسلىي ھالىتىدە بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئەسۋىلەرنىڭ ئۆزۈندا پىشىشى سېزىلگەن بولسا، ئۇنى تېز پىشۇرۇش مەقسىتى بىلەن تۆۋەندىكى ھوردىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ:

ھوردىتىش بابۇنە، بىنەپشە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى، بۇغداي كېپىكى ھەربىرىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، بەش كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ ۋە ئۇنىڭ سۈيىنى ئېغىزى كەڭ قاچىغا قۇيۇپ، ئۇنىڭ ھورى بىمارنىڭ بەدىنىگە يەتكۈزۈلىدۇ ھەم بىمارنىڭ بەدىنى رەخت بىلەن ئوراپ قويۇلىدۇ تاكى ھورنىڭ تەسىرى پۈتۈن بەدەنگە ئۆزلەشسۇن.

بۇنىڭ بىنەپشە رەڭ بولۇشىنىڭ ئالامىتى بۇكى، ئەسۋىلەرنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، يەنى ئەسۋىلەرنىڭ ئاق سۈيى يىرىڭنى پەيدا قىلىدۇ، ئەگەر ئەسۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن تېرە ۋە ئەزالار ئىششىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىششىقى ئاز بولىدۇ، ئەگەر ھازىرغا قەدەر سۇ تولمىسا ياكى پىشمىسا، ئەسۋىلەرنى سىرتقا چىقىرىش مەقسىتىتە ئىچكى تەرەپتىن داۋالاشقا يېزىلغان نۇسخىلارنىڭ بەزىلىرى 2 ~ 3 كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ھۆرداتما ئىشلىتىلىدۇ ھەم بىمار تۇرىدىغان ئورۇن ئىسسىق تۇتۇپ، سوغۇق ھاۋا ئۆتۈپ قېلىش ۋە سوغۇق سۇ ئىچىشتىن توسۇلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا قايناق سۇ ئىچكۈزۈش ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

ئەسۋىلەرنىڭ قۇرۇشى ئەگەر ئەسۋىلەر سۇ بىلەن تولسا ۋە پىشقاندىن كېيىن سۈيى چىقىپ قۇرۇشقا باشلىسا، بەزىدە دەسلەپتە پىشقان ئەسۋىلەر بىرئاز قاقاچ باغلىسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى

تېز قۇرۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ياۋا سەۋسەن يىلتىزىنى توپىدىن تازىلاپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى تاسقاپ بىمارنىڭ كۆرپىسىگە سېپىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىمار ياتقۇزۇلىدۇ ياكى يۇلغۇن ياغىچى كۈلى ۋە قەشقەر ئۇپىسىنى بوش توقۇلغان رەخت خالتىسىغا سېلىپ، خالتىنى بارماق بىلەن قېقىپ، ئەسۋىلەرگە سېپىلىدۇ، بۇ ئەسۋىلەرنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ياخشىدۇر.

قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش ئەگەر ئەسۋىلەردە قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش قاتتىق بولسا، بۇ ناچار ئالامەتلەردۇر. ئەگەر بىمار بالا بولسا، ئۇنىڭ قولىنى تازىلاپ يۇمشاق رەختلەردىن كىچىك خالتا تەييارلاپ كىيگۈزۈپ قويۇلىدۇ ياكى پاختا تېڭىپ قويۇلىدۇ، بۇ ئەسۋىلەرنى تاتىلاپ زەخىم قىلىپ قويمىسۇن. ئەگەر بىمار بۇنى تاتىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، يېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن ئاز - ئاز تاتىلاش ياخشىدۇر ۋە ئۇ قىچىشىشنى توختىتىش ئۈچۈن يۇلغۇن يوپۇرمىقى ۋە بۇج شاخلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئىسلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر كافۇرنى گۇلابتا ئېرىتىپ ئەسۋىلەرگە سۈركىسە، ئەسۋىلەرنىڭ قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ ھەمدە ئەسۋىلەرنى تېز قۇرۇتۇش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر كافۇرنى قايماققا قوشۇپ سۈركىسە ياخشى، پەقەت زەيتۇن يېغىغا تەڭ مىقداردىكى ھاك سۈيى قوشۇپمۇ ئەسۋىنىڭ قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈشنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

يارا بولۇش ۋە ئۇفۇنەتلىنىش ئەگەر ئەسۋىلەر زەخىم بولۇپ يارا شەكىللەندۈرسە ۋە ئۇنىڭدا بۇزۇلۇش پەيدا بولسا، بەزى ۋاقىتتا قۇرتمۇ پەيدا بولۇپ قالسا، زەخىم نىيىم يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم يۇيۇپ بېرىلىدۇ، نىيىم يوپۇرمىقى، بۇغداي كېپىكى ۋە ئادراسمانى كۆيدۈرۈپ زەخىم ئىسلىنىدۇ ۋە ئالتە گرام كافۇرنى 36 گرام تارىپىن (بەھرۇزە) يېغىدا ئېرىتىپ زەخىمگە سۈركەش لازىم.

قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شاپتۇل يوپۇرمىقى سۈيىگە سەبرىنى قوشۇپ سۈركەشمۇ پايدىلىق. چېچەك زەخمىسى ئۈچۈن بۇ مەلھەم ناھايىتى ياخشىدۇر.

مەلھەم: نىيىم يوپۇرمىقىدىن48 گرامنى ئېزىپ قۇرس ياساپ ۋە كالا سۈتى قايمىقىدىن 125 گرام ئېلىپ پىشۇرغاندىن كېيىن، قۇرسنى چىقىرىپ ۋە مەزكۇر ياغنى ئاز - ئازدىن ئالتە قېتىم سودا يۇيۇپ، مەدەستاندىن ئالتە گرام، كافۇردىن ئۈچ گرام يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

قاقاچنىڭ چۈشۈشى: ئەگەر ئەسۋىلەر قۇرغان بولسا ۋە ئۇنىڭدا قاقاچ باغلىغان بولسا، قاقاچنىڭ قورۇق تالاسى نېپىزمۇ ياكى قېلىنمۇ، قاقاچنىڭ ئاستى ھۆلمۇ ياكى قۇرۇقمۇ بۇنىڭغا

قاراش، ئاندىن ئەگەر قاقاچ نېپىز ۋە ئۇنىڭ ئاستى ھۆل بولمىسا، يەنى پۈتۈنلەي قۇرۇق بولسا بۇنىڭغا ئىلمان ئىسسىق ياغ سۈركىلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى كۈنجۈت يېغىدۇر، ئەگەر يۈزىگە سۈركەش مەقسەت قىلىنسا، پىستە يېغى سۈركىلىدۇ. ئەگەر قاقاچ قېلىن ۋە ئۇنىڭ ئاستى ھۆل بولسا، ئۇنىڭغا ياغ سۈركەپ يۇمشىتىپ ئاستا ئاجرىتىش، ئەگەر ھۆل بولسا ساپ پاختا بىلەن قورۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر بۇ زەخىم بىرئاز چوڭقۇر كۆرۈنسە، بۇنىڭغا تۆۋەندىكى زەرۇر نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ:

زەرۇر نۇسخىسى سەبرە، مۇرمەككى، مەدەستان، كۈمۈش چىلىندان، ئۈپا، قىزىل سىر قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئاز - ئازدىن سېپىلىدۇ.

ئەگەر قاقاچ چۈشكەندىن كېيىن زەخىم چوڭقۇر بولمىسا، بەلكى تېرىنىڭ يۈزىدە باراۋەر بولسا، زەمچە ۋە تۇز يۇمشاق ئېزىپ سېپىلىدۇ، تاكى ئىككىنچى قېتىم قاقاچ باغلىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىرئاز ياغ سۈركىلىدۇ، تاكى قاقاچ يۇمشاپ چۈشكەي، ئەگەر بۇ قېتىممۇ قاقاچ ئاستىدا ھۆللۈك تېپىلسا بۇنىمۇ داۋالاش، يەنى قاقاچنى چۈشۈرۈپ، زەمچە ۋە تۇزنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىش لازىم.

چېچەكنىڭ داغلىرىنى داۋالاش چارىلىرى ناھايىتى كۆپ سۆزلەنگەن، لېكىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بولمىغان.

ئەزالارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش چۈنكى چېچەك بىلەن كۆپ ئەزالار كېسەللىنىدۇ، مەسىلەن: بەزىدە كۆز پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ ئۇنىڭغا ئاق چۈشىدۇ، بەزىدە قۇلاقنىڭ ئاڭلاش قۇۋۋىتى يوقايدۇ، بۇرۇنغا چېچەك چىقىشتىن بۇرۇن ئېتىلىپ قالىدۇ ۋە بەزىدە پۇراش قۇۋۋىتىمۇ يوقىلىدۇ. ئەگەر گالغا چېچەك چىقسا يېيىش، ئىچىش قىيىنلىشىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتتا بوغما كېسىلى بولۇپ قالىدۇ. يۇتقۇنچاق ۋە ئۆپكە تەرەپكە ماددا يۈزلىنىش سەۋەبىدىن نەپەس قىستاش ۋە قاتتىق يۆتەل پەيدا بولىدۇ، بەلكى ئۆپكە يارىسىغىچە نۆۋىتى يېتىپ بارىدۇ، يۈرەكنىڭ ئىسسىقلىقى ئاشىدۇ، ئۈچەيلەرگە چېچەك چىقىش سەۋەبىدىن ئۈچەي ئىچكى پەردىسى سويۇلۇپ، يارا پەيدا بولىدۇكى، بۇنى يوقىتىش قىيىن بولىدۇ، چوڭ بوغۇملارغا چېچەكنىڭ چوڭ ئەسۋىلىرى چىقىش ياكى ماددىنىڭ زىيادە ناچارلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھەرىكىتى قىيىنلىشىدۇ ياكى پۈتۈنلەي ھەرىكىتى يوقىلىدۇ، تۆۋەندە ھەربىر ئەزانىڭ ساقلىقىنى ساقلاش چارىلىرى سۆزلىنىدۇ.

كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش كۆزنى چېچەكتىن ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ:

1. كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ياكى گۈلاب تېمىتىلىدۇ؛

2. ئانارنى پوستى بىلەن سىقىپ بۇنىڭغا بىرئاز سۇ قۇيۇپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ؛

3. 24 گىرام سۈرمىنى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدە لاك ياكى گۈلابتا ئۈچ كۈنگىچە سالايە قىلغاندىن كېيىن كافۇردىن ئۈچ گىرام قوشۇپ كۆزگە تارتىلىدۇ، بەزىدە پەقەت سۈرمە تارتىلىدۇ؛

4. 24 گىرام ئەرقى گۈلدە ئۈچ گىرام سۇماقنى ئېزىپ سۈزگەندىن كېيىن، 0.24 گىرام كافۇرنى ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ؛

5. قوغۇشۇننى ئاز مىقداردىكى گۈلابقا سۈرۈپ ۋە ئازراق كافۇر قوشۇپ تېمىتىلىدۇ.

6. موزا گۈلابتا ئېزىپ تېمىتىلىدۇ، ئەگەر كۆزگە چېچەك چىقسا، ئەرقى گۈلدە كافۇرنى ئېرىتىپ تېمىتىلىدۇ ياكى ئالتە گىرام ئىسپىھان سۈرمىسى ۋە بىر گىرام كافۇر ئەرقى گۈلابتا ئېرىتىپ تەكرار كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر كۆزنىگە ئاق چۈشكەن بولسا، تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرەر دورا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرچىۋەدىن بىر تۈگۈنەك ئېلىپ لىموندىن تۆشۈك ئېچىپ سېلىپ قويۇلىدۇ، ئەگەر لىمون قۇرۇسا يەنە بىر لىمونغا كىرگۈزۈلىدۇ، قىسقىسى شۇنىڭدەك ئۈچىنچى لىموندا لايىقلاشتۇرۇپ زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا، ئەرقى گۈلاب سۈيىدە سورۇپ كۆزگە تارتىلىدۇ، ئامىلە پوستىنى ئېزىپ كۆزگە تارتىشمۇ چېچەك تارقاشنى يىراق قىلىش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

قۇلاقنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قولاقنى چېچەكتىن ساقلاش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى ياغلار تېمىتىلىدۇ، گۈل يېغىدا ئازراق كافۇرنى سۈرۈپ ئېرىتىپ تېمىتىلىدۇ ۋە بۇنى شامچىگە يۇقتۇرۇپ قويۇشمۇ پايدىلىق.

ئەرەب دەرىخى قوۋزىقى، موزا، ئانار پوستىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ تېمىتىشمۇ قۇلاقنى چېچەكتىن ساقلايدۇ. ئەگەر بۇ دورىلارنى ئالتە گىرامدىن ئېلىپ 250 گىرام سۇدا سۇس ئوتتا 120 گىرام قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ ئىككىنچى قېتىم سۇس ئوتتا سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۈچ گىرام كافۇرنى ئېرىتىپ تېمىتىپ بەرسە پايدىلىق.

ئەگەر قۇلاققا ئەسۋە چىقسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ مەزكۇر ياغنى تېمىتىش پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا گۈل يېغى بىلەن ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى بىرلەشتۈرۈپ تېمىتىش پايدىلىق.

بۇرۇننىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قىزىل سەندەل، ئاق سەندەلنى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدە ئېزىپ بۇرۇن ئەتراپىغا زىمات قىلىش ھەم بۇرۇنغا بىرنەچچە قېتىم تېمىتىش، گۈل يېغىغا كافۇرنى ئېرىتىپ تېمىتىشمۇ پايدىلىق.

ئەگەر بۇرۇنغا چېچەك ئەسۋىسى چىقسا، ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى تېمىتىش ياكى ئۇنىڭغا

گۈل يېغى قوشۇپ تېمىتىش، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ۋە تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىنى ئايال كىشىنىڭ ياكى ئۆچكىنىڭ سۈتىدە ئېزىپ تېمىتىشمۇ پايدىلىق.

ئەگەر بۇرنى قانسا ياكى بىمارنىڭ زىيادە ئاجىزلاپ كېتىش ئەندىشىسى بولسا، قاننى توختاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: زەمچىنى سۇدا ئېرىتىپ بۇرۇنغا قۇيغاندىن كېيىن گۈل يېغىدا كافۇرنى ئېرىتىپ بىرنەچچە تامچە تېمىتىش، بۇرۇننىڭ تۆت ئەتراپىغا ئاق سەندەل ۋە مىلتان توپىسىنى سۇدا ئېزىپ زىمات قىلىش لازىم.

ئەگەر بۇرۇندىن يىرىڭ چىقسا، نىيىم يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ بۇرۇنغا قۇيۇپ بۇرۇن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 24 گىرام گۈل يېغىدا خۇنسىياۋشان، سەنگى جاراھەت، مەدەستانىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، كافۇردىن بىر گىرام قوشۇپ ۋە ئۇنىڭدىن شامچە تەييارلاپ بۇرۇنغا قويۇلىدۇ.

ئېغىز ۋە گالنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئېغىز ۋە گالغا چېچەك چىقىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، چىلاننى تەكرار ئېغىزغا سېلىپ چايناپ شۈمۈلىدۇ، ناسپال، ئەرەب دەرىخى پوستى، ئانار گۈلى، كۆك موزا ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر نەچچە قېتىم غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، پەقەت نوقۇتنى قاينىتىپ غار - غار قىلىشمۇ پايدىلىق. غىزاسىغىمۇ نوقۇت پىشۇرۇپ يېگۈزسە بولىدۇ.

ئەگەر گال ئىششىغان ۋە گالغىچە يېتىپ بارغان بولسا، 24 گىرام خىيارشەنبەرنى 250 گىرام كالا سۈتىدە قاينىتىپ سۈزگەندىن كېيىن، تەكرار غار - غار قىلدۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق ۋە تېز تەسىر قىلىدۇ.

يۇتقۇنچاق ۋە ئۆپكىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش: يۇتقۇنچاق ۋە ئۆپكىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، چىلان ياكى نوقۇت قاينىتىلمىسى سۇنىڭ ئورنىدا بىر نەچچە قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

جورجانى: «بۇ ۋاقىتتا ئەسۋە چىقىشقا باشلىغان بولسا، كۆكرەكتىن كېلىدىغان ئاۋاز يىرىك سېزىلسە ۋە قىزىتما ئۆتكۈر بولمىسا، شۇنداقلا قەۋزىيەتمۇ بولمىسا قايماققا شېكەر قوشۇپ ئاز - ئازدىن يالىتىلىدۇ، ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولسا، ئىسپىغۇلدىن ئالتە گىرام، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ناۋات قوشۇپ تاتلىق قىلىپ، بەش گىرام بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، لوئوقى سەرپىستان ۋە باشقىلار يالىتىلىدۇ» دېگەن.

يۈرەكنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش يۈرەكنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن قايناتما ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ قاينىتىلمىغا ئەنجۈر ۋە نوقۇت قوشۇلغان بولسۇن. ئۇنىڭدىن

باشقا رەختنى گۈلابتا ھۆللەپ يۈرەك ساھەسىگە تەكرار قويۇلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئارام تاپمىسا سەندەلنى سۈرۈپ قوشۇلىدۇ ۋە خەس (كاھۇ) نى گۈلابتا ھۆللەپ تەكرار بىمارغا پۇرىتىلىدۇ ياكى باشقا قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى لەخلەخە (پۇراتما) لەر پۇرىتىلىدۇ.

ئۈچەيلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچەيلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن سەمغى ئەرەبى، گىل ئەرمەنى ۋە ئىسپىغۇلغا ئوخشاش قابىز ۋە مېغىزلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا ئىچى سۈرۈپ كەتكەن بولسا ھەببۇلئاس شەربىتى ۋە قۇرسى تاباشىرغا ئوخشاش دورىلار بىلەن ئىچ سۈرۈش توختىتىلىدۇ، غىزاسىغا قابىز غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: نوقۇت، قورۇلغان ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ، تەرخەمەك ۋە ناۋاتنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، 5 ~ 12 گىرامغىچە يېگۈزۈلىدۇ ياكى موچىرس (بىر خىل دورا) نى سوقۇپ، تاسقاپ، ئۈچ گىرام مىقداردا قېتىق سۈيىگە قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىچى سۈرگەن ھالەتتە سۇفۇپى تىيىننى ئالتە گىرام مىقداردا ئېلىپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، لەيلى قازاق ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، تۇخۇمى خەشخاشتىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى بەديان ۋە ئەرقى گاۋزىباندىن 72 گىرامغا چىلاپ، شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ئاپېلسىن شەربىتى قوشۇپ، ئالتە گىرام ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر قانمۇ كەلسە بەش گىرام ئەنجىبار يىلتىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمەنى، زەھرى مۆھرە خەتائى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، بەش گىرام مىقداردا ئېلىپ يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈشمۇ پايدىلىق.

بوغۇملارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بوغۇملارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى زىماتلار چېپىلىدۇ:

زىمات: سەندەل، شىيافى مامىيسا، گىل ئەرمەنى، قىزىلگۈل ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، كافۇر ئۈچ گىرام. ھەممىسىنى گۈلابتا ئېزىپ، ئازراق سىركە قوشۇپ بوغۇملارغا زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر چېچەك ماددىسى سەۋەبىدىن بوغۇملاردا بىرەر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق بولسا ئۇنى تېزدىن ئېغىز ئالدۇرۇپ ماددىنى چىقىرىۋاتقاندىن كېيىن ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە يېزىلغان زەخىمنى داۋالىغۇچى مەلھەملەر چېپىلىدۇ.

سۇ چېچەك (ھۇمەيقا)

بۇ، ھىندىچە كىنكەر، پىنساھا؛ پارسچە باد ئابلە، خاركە دېيىلىدۇ. ھۇمەيقا ھەمقانىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىدۇر، بۇنىڭ مەنىسى كىچىك، نادان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى كېسەللىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن دەرىجىدە بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان. بالىلار بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولسا بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەردە يۈرىدۇ.

ئەسكەرتىش چېچەك، قىزىل ۋە ھۇمەيقا ئۈچى ئوخشاش كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە يازغۇچىلار بۇ ئۈچ كېسەللىكنىڭ زىكرىنى (بايانىنى) بىر بابتا قوشۇپ سۆزلىگەن.

سەمەرقەندى ھۇمەيقا چېچەكنىڭ بىر خاس تۈرى، بۇنىڭ ھەر خىل ئەسۋىلىرى چوڭ - چوڭ ۋە ئاق بولىدۇ، بىرقەدەر ئاز بولىدۇكى، بۇنى ساناش مۇمكىن بولمايدۇ، بۇنىڭدا بىمارنىڭ ئەس - ھوشى يوقالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ باشقا تۈرىدە كۆپىنچە ۋاقىتتا بىمارنىڭ ئەس - ھوشى تۇراقسىز بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قىزىتما ھەر ۋاقىت ئۆرلەپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئىسسىق ۋە زەھەرلىك ماددىلار مېڭە تەرەپكە ئۆرلىسە، بۇنى چۈشىنىش لازىمكى، ئۇنىڭ ئەسۋىلىرى پەقەت سىرتقى ئەزالارغا چىقمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ ماددىسىدىن پۈتۈن ئەزا يەككە ياكى مۇرەككەپ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مەيلى سىرتقى تەرەپتە ياكى ئىچكى تەرەپتە بولسۇن. ھەتتا شىللىق پەردە ۋە نېرۋىلارمۇ تەسىردىن خالىي بولالمايدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن جاندا قۇۋۋەت تۇرىدۇ ھەم بۇنىڭدا ئاشكارا قىزىتمىمۇ بولمايدۇ، ھەتتاكى بۇ تۈرىدە قىچىشقاقمۇ بولىدۇ، قىسقىسى بۇ پۈتۈنلەي خەتەرلىك بولمايدۇ، بۇنىڭدا گال بوغۇلۇش، غەشى ۋە قۇۋۋەت ئاجىزلاشنىڭ ئەندىشىسى بولمايدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ دېيىشىچە، ھۇمەيقا چېچەك بىلەن قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى بىر خەتەرسىز كېسەللىكتۇر.

بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرىدە قىزىتما يەڭگىل بولىدۇ ۋە 24 سائەتتىن كېيىن كۆكرەك، بويۇن ۋە دۈمبىدە سانغىلى بولىدىغان بىرنەچچە قىزىل ئەسۋىلەر نامايان بولىدۇ، بۇ 12 ~ 24 سائەت ئىچىدە سۈزۈك سۇيۇقلۇقلار بىلەن تولىدۇ (يەنى سۇلۇق بولىدۇ) ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئەسۋىلەر پىشىدۇ ۋە 5 ـ، 6 ـ كۈنى يىرىڭلايدۇ، 7 ~ 8 كۈنى بۇنىڭ قاقاچلىرى چۈشىدۇ ۋە تېرىدە قىزىلگۈل رەڭدە داغ قالىدۇ.

ئادەتتە بۇ ئەسۋىلەر 2 ـ، 3 ـ كۈنىگىچە بەلكى 4 ـ، 5 ـ كۈنىگىچە تەدرىجىي چىقىدۇ،

بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك دەۋرىدە كۆپىنچە كېچىكىش يۈز بېرىدۇ.

ئىككىنچى تۈرىدە پۈتۈن ئەسۋىلەر بىر قېتىمدىلا چىقىدۇ، قىزىتما ۋە قىچىشىشمۇ ئاز بولىدۇ، بۇ بىر ھەپتىدە تۈگەيدۇ.

داۋالاش بۇ تۇراقسىز كېسەللىكنىڭ داۋالاش چارىلىرىدە دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا چېچەكنىڭ يەڭگىل چارىلىرى ئىشلىتىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

بۇنىڭدىكى قىچىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن قىزىل سەندەل ئېزىپ بەدەنگە سۈركەپ بېرىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

ئەسۋىلەرنى قايتىشىدىن مۇمكىن قەدەر ساقلاش، ئەگەر ئەسۋىلەر ئومۇمىيۈزلۈك قايتسا بۇنىڭغا مەلھىمى كافۇر چېپىلىدۇ.

ئەسۋىلەرگە ۋە پۈتۈن بەدەنگە بو سۇفۇپمۇ سېپىلىدۇ.

قىيمۇلىيا سېغىزى 24 گىرام، كافۇر بىر گىرام، زەرچىۋە ئۈچ گىرام. بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ قويۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا بەدەنگە سېپىپ بېرىلىدۇ.

قىزىل (خەسرە، ھۆسبە)

بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتما داۋاملىق بولىدۇ، بۇنىڭدا بەدەنگە خەشخاش ئۇرۇقى ياكى تېرىقتا ئوخشاش ئەسۋىلەر چىقىدۇ ۋە نەپەسلىنىش يولىغا نەزلە بىلەن تەسىر قىلىدۇ. قىزىل ۋە چېچەكنىڭ ھۆكۈمى ناھايىتى ئوخشايدۇ، بۇ چېچەكنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

قىزىل ۋە چېچەك ئەسۋىلىرىدىكى پەرق بۇكى:

سەمەرقەندى: قىزىلدا ھەر خىل ئەسۋىلەر بولىدۇ، رەڭگى قىزىل ۋە مىقدارى تېرىق چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئەگەر بۇ چىقسا گويا پاشا چېقىۋالغاندەك بولۇپ، ئاندىن ئەسۋىلەر شەكىللىنىدۇ، بۇ پىشمايدۇ ۋە بۇنىڭدا يىرىڭ بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ لەتىف بۆلىكى تارقاپ كېتىدۇ ۋە قالغان بۆلەكلىرىدە قاقاچ باغلايدۇ، تېرە كېپەك بولۇپ چۈشىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا: «قىزىل ئەسۋىسى گويا تېرىدىن ئۆتەلمىگۈدەك ناھايىتى كىچىك بولىدۇ، تېرە ئاستى توقۇلمىسىغىچە يېتىپ بارالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ يۇقۇشى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ، بولۇپمۇ دەسلەپتە» دېگەن.

ئەكسىچە چېچەك ئەسۋىلىرى دەسلەپتە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بۇنىڭدا بىرئاز قېلىنلىق بولىدۇ.

سەۋەبى قىزىلمۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۈرىگە كىرىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

بۇنىڭغا ئوخشاش ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا «قىزىل ۋە چېچەك ئىككىسى يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرىگە كىرىدۇ» دېگەن.

مىر بەھائىۋددىن يازغانكى: بۇ كېسەللىك ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا يېقىنلىشىش، ھەمراھ بولۇش، ئۇچرىشىش قاتارلىقلاردىن يۇقۇملىنىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

دېيىلگەنكى: قىزىلنىڭ يۇقۇشى ھەمراھ بولۇش، يېقىنلىشىشتىن باشقا يەنە ھاۋامۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ناچار تەنچىسىنى بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەيدۇ.

بىمارنىڭ بۇرنى ھۆل بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى كېسەللىكنىڭ يۇقۇشى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇشى نەزلە مەزگىلىدە ئەسۋىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن بۇرۇنمۇ بولىدۇ، ئۇ ئەسۋىلەر مەۋجۇت بولىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭ يۇقۇشى باراۋەر بولىدۇ.

يېشى چېچەككە ئوخشاش قىزىلمۇ بالىلاردا كۆپرەك بولىدۇ، ياشانغانلاردا بۇ كېسەللىكنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى بۇكى، ھەربىر كىشىگە تەخمىنەن بالىلىق مەزگىلىدە بىر قېتىم چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭدا كېسەلگە قارشى قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ، لېكىن بەك كىچىك بالىلاردا، مەسىلەن: ئالتە ئايلىقتىن كىچىك سۈت ئېمىۋاتقان بالىلار بۇنىڭغا بەك ئاز گىرىپتار بولىدۇ، ئەگەر گىرىپتار بولسا يېشى چوڭ بالىلارغا قارىغاندا، يەڭگىل بولىدۇ، بۇ كېسەللىك چوڭ شەھەرلەردە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ھەر خىل ئورۇنلاردا ئالدى - كەينى بولۇپ بۇنىڭ ۋاباسى تارقاپ تۇرىدۇ، ئەگەر بۇ بەزىدە شۇنداق تۇرالغۇ جايلارغا يېتىپ بارسا، شۇ يەردىكى كىشىلەرگە قىزىل ئىلگىرىكى يىللاردا تارقىمىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ۋابا زور دەرىجىدە تارقايدۇ. ياشانغانلار، بالىلار ۋە ياشلارنىڭ ھەممىسىدە ئېغىر ئۆلۈم خەۋپى يۈز بېرىدۇ.

ئادەم ئۆمرىدە بىر قېتىم بۇنىڭغا گىرىپتار بولىدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىممۇ گىرىپتار بولىدۇ، لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ (بىھا ئۇددىيىن).

كۆپىنچە بۇ كېسەللىك كۈز ۋە باھار پەسلىدە ۋە ھاۋا بۇزۇلغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ (بىھا ئۇددىيىن).

ئالامىتى قىزىلنىڭ چىقىش ئالامەتلىرى چېچەككە يېقىن بولىدۇ، لېكىن قىزىلدا كۆڭلى ئېلىشىش ناھايىتى زىيادە بولىدۇ، بىئاراملىق ۋە ھارارەتنىڭ ئۆرلىشى قاتتىق بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا ئېغىزمان ۋە بەلنىڭ ئاغرىشى ئاز بولىدۇ.

سەمەرقەندى قىزىلنىڭ پەيدا بولۇش ئالامەتلىرى شۇكى، ئۆتكۈر قىزىتما ۋە خەۋپ غالىب بولىدۇ، بىمارنىڭ كۆڭلى چېچىڭلاڭغۇ بولىدۇ ۋە بۇرنىدا قىچىشىش بولۇپ، زۇكام، نەزلە كۆپ بولىدۇ، كۆز ۋە بۇرنىدىن سۇ ئاقىدۇ، دېگەن.

كېسەللىك تارىخى بۇ كېسەللىك قىزىش ۋە نەزلە ئالامەتلىرى بىلەن باشلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا قىزىتما ھارارىتى ئادەتتە 102 دەرىجىگىچە يېتىدۇ، ئىشتىھاسى يوقايدۇ، بالىلاردا مۈگدەش كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا دەسلەپتە قۇسۇش بولۇپ، ئاندىن جۇغ - جۇغ بولىدۇ ھەم يېشى كىچىك بالىلار تەشەننۇج بولۇپ قالىدۇ.

بۇلار بىلەن بىللە نەزلىنىڭ تەسىرىدىن كۆزدىن، بۇرنىدىن سۇ ئاقىدۇ، يۆتىلىدۇ، نەزلىنىڭ ئالامەتلىرى داۋاملىشىپ، كۆپىنچە ۋاقىتتا بىرىنچى كۈنىدىن كېيىن ھارارەت بىرئاز چۈشىدۇ ۋە بىر - ئىككى كۈن تۆۋەن بولۇپ، ئاندىن ئۆرلەيدۇ، بۇ دەسلەپكى مەزگىلدە ئاز ساندا مەخسۇس تۈردىكى ئەسۋىلەر ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئىسسىق ئەسۋىلەر، يەلتاشما ئەسۋىسى ۋە قىزىل ئەسۋىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ پەقەت 24 ~ 36 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

بېشارەتچى ئالامەتلەر قىزىل ئەسۋىسى چىقىشتىن بۇرۇن كۆپىنچە ۋاقىتتا تاڭلايدا غەيرىي تەبىئىي قىزىللىق پەيدا بولىدۇ ياكى مۇدۇر - چاقا ھالىتىدە بولىدۇ.

شۇڭلاشقا ئېغىز ئىچى، مەڭزى ۋە كالپۇك ئىچكى يۈزىدە كىچىك - كىچىك ئازراق كۆتۈرۈلگەن قىزىل چېكىتلەر كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ مەركىزىي قىسمى ئاق، كۆككە مايىل بولىدۇ. بۇ چېكىت قىزىل ئەسۋىسى ئاشكارا بولۇشتىن 2 ~ 3 كۈن بۇرۇن ئاشكارا بولىدۇ، بۇ بېشارەتچى ئالامەت دېيىلىدۇ.

بۇنىڭ مەخسۇس ئەسۋىلىرى ئادەتتە 4 - كۈنى چىقىدۇ، بەزىدە 3 - كۈنىمۇ چىقىدۇ.

بىھا ئۇددىين «ئەگەر تەبىئەت كۈچلۈك بولسا، قىزىتما ئاشكارا بولۇش بىلەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسۋىلىرى چىقىپ بولىدۇ» دېگەن (ئىكسىر ئەزەم).

بۇ ئەسۋىلەر دەسلەپتە چىرايىدا ئاشكارا بولىدۇ، چاچ يىلتىزى، پېشانە، ئىككى چېكە، قۇلاق ئارقىسى، ئاندىن گەدەن، كۆكرەك، قورساق ۋە باشقا ئەزالارغىچە تارقايدۇ، ئەسۋىلەرنىڭ رەڭگى قىزىلگۈل رەڭگىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ شەكلى يۇملاق تۇخۇمسىمان ياكى تولۇمدەك تېرىدىن ئازراق ئېگىز بولىدۇ، بۇ ئەسۋىلەرنىڭ ھەممىسى تەرتىپسىز بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ سۈرئىتىدە ئەگەر ئويلىنىلسا، بۇ بىرئاز ھىلال (يېڭى ئاي) شەكلىدە كۆرۈنىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى تېرىدە ئەسۋە بولمايدۇ.

ئاندا - ساندا پاشا چېقىۋالغاندەك بىرنەچچە بەلگىلەر ۋە بەزى ۋاقىتتا بىرنەچچە سولۇق قاپارتما ئاشكارا بولىدۇ.

قىزىل ئەسۋىسى كۆپىنچە يۈزىدە ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭدىن يۈزى ئىششىدۇ ۋە مۇدۇر - چاقىلىق كۆرۈنىدۇ.

بۇ ئەسۋىلەر قول - پۇتلارغا كۆپ چىقمايدۇ، لېكىن ئەسۋىلەر بىلەكتىن ئېغىزمانغىچە تۇتىشىدۇ.

بۇ ئەسۋىلەر بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن تېزلىك بىلەن كېڭىيىدۇ، بىر قېتىم چىققان ئورۇنغا يەنە قايتا چىقىدۇ. بۇ ئەسۋىلەرنىڭ ئورنىدا كۆپىنچە سارغۇچ ياكى سېرىققا مايىل رەڭدىكى داغ ئولتۇرۇپ قالىدۇ، بۇ بىر نەچچە كۈن تۇرىدۇ، ئەگەر ئەسۋىلەر تۈگىسە بۇ رەڭ زىيادە ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئەسۋىلەردىن ئۇششاق كېپەكلەر تۆكۈلىدۇ، لېكىن چوڭ كېپەكلەر تۆكۈلمەيدۇ.

قىزىلنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئەگەر بىرىنچى دەرىجىدىكى دەۋرىدە ھارارەت ئۈستىدە سۆزلەنگەندەك تۆۋەن بولسا، ئەسۋىلەر چىقىشى بىلەنلا ئۇ ھارارەت ئۆرلەپ 102 ياكى 103 ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئىككى ~ ئۈچ ياكى تۆت كۈندە ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىدۇ، ئاندىن بۇ ئەسۋىلەر قايتىشقا باشلىسا، ئومۇمەن تېزلىك بىلەن ھارارەت چۈشۈشكە باشلايدۇ ۋە تەخمىنەن 36 سائەتتە نورمال دەرىجىگە يېتىپ كېلىدۇ.

نەزلە ئەسۋىلەر مەۋجۇت بولغاندا باراۋەر تۇرىدۇ. بۇ بەزىدە پېشانە سۆڭىكىدىكى پېشانە سۆڭىكى بوشلۇقىغىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، شاخچە كاناي بىرئاز يېقىمسىزلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۆتەل قوزغىلىدۇ، بەلغەم چىقىدۇ، تىڭشىغاندا خىرىپ تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا نەزلە يۇتقۇنچاققىمۇ تەسىر قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئاۋاز پۈتۈپ قالىدۇ، نەپەس سىقىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن يۆتەلگەندە، كۈچەشكە توغرا كېلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا نەپەسلەنگەندە بىرەر ئاۋاز ياكى خىرىپمۇ بولىدۇ.

تىل تىلدا ئادەتتە گەز بولىدۇ، بۇنىڭ تىل ئۈستى تۈگۈنچىلىرى (باغلاملىرى) ئەسلىي ھالىتىدىن كۆپۈپ قالغان بولىدۇ.

تومۇرى قىزىل كېسەللىكىدە تومۇر شەكلى تېز سوقىدۇ.

تىندۇرۇلغان سۈيدۈك قىزىل كېسەللىكىدە بىمارنىڭ سۈيدۈكى كۆپىنچە قىزىل، قويۇق بولىدۇ، بۇ ئازراق قويۇپ قويۇلسا، يېرىلىپ ئېشەك سۈيدۈكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئەسكەرتىش قىزىتما يوقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ۋە ئۇيقۇسى ئەسلىگە قايتىدۇ.

ئەگەشمە ئالامەتلىرى ۋە ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ مۇھىم ئەگەشمە ئالامەتلىرى، نەپەس ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قىزىلدا بۇ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭدىن كۆپىنچە بۇ ئەگەشمە ئالامەتلەر نەپەسلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئۆپكە ئىششىقى كۆپ يۈز بېرىدىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدۇر، بۇ ئىششىق ئەمەلىيەتتە شاخچە كانايچىلاردا بولىدۇ، بۇ ئېنىقكى، بۇ كېسەللىكتە شاخچە كاناي ئىششىپ يۆتەل ئومۇمىي بولىدۇ.

يۇتقۇنچاق ئىششىقى كۆپىنچە ۋاقىتتا نەپەس توختاپ قالغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق بولىدۇ. «بۇ قىزىل ئەسۋىسى قاتتىق، كۆك رەڭ ياكى بىنەپشە رەڭ بولسا ناچار بولىدۇ ۋە قىزىل ئەسۋىلىرى ئۇزۇندا كېپەكلىشىدۇ، بۇنىڭدا تەدرىجىي غەشى ۋە بىئاراملىق دەۋر قىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ».

بۇ قىزىلنىڭ ئەسۋىسى چىقىپ يوشۇرۇنىدۇ، ئۇمۇ غەشىگە سەۋەب بولىدۇ (ھۇممىياتى قانۇن).

ئەمىر بىھا ئۇددىيىن يازغانكى:

1. «ئەگەر بىر ھەپتە ئۆتۈپمۇ ئەسۋىلەر ئاشكارا بولمىسا بۇ خەتەرلىك»؛

2. «بىر مىزاجى كۈچلۈك كىشىلەرگە قارايمىزكى، ئىككى كۈن ئۆتسە ئازراق بىئارام بولىدۇ ۋە ئۈچىنچى كۈنى باشتىن - ئاخىرغىچە قىزىلنىڭ قىزىل ئەسۋىلىرى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ياخشى شەكىلدە ئۆتىدۇ، بۇ تۆرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ»؛

3. «مەن بىر نەچچە بىمارنى كۆزەتتىم، بۇ قىزىتمىغا گىرىپتار بولغانىدى (نەزلە، زۇكام سەۋەبىدىن)، ئۇلاردا بەزى - بەزىدە چۈشكۈرۈش كۆرۈلەتتى ۋە قاتتىق يۆتۈلەتتى، يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىزىل ئەسۋىسى چىقىپ ساغلام بولدى»؛

4. «نەپەس ۋە ئاۋازنىڭ نورمال بولۇشى، قەۋزىيەتنىڭ بولۇشى بۇ كېسەللىكتە ياخشىلىنىش بولغانلىقىنىڭ نىشانىسى بولىدۇ. چۈنكى نەپەس ئەزالىرىنىڭ نورماللىقى، بەدەن كۈچىنىڭ تولۇقلۇقى ۋە ماددىنىڭ سىرتقى تەرەپكە يەنى تېرە تەرەپكە مايىل بولغانلىقى قاتارلىقلار ئېيتىلمىغان»؛

5. «قىزىلنىڭ چىقىپ يوقىلىشى ياخشى ئالامەت ئەمەس. بۇ تەبىئەت ئاجىز ۋە كۈچسىز بولغانلىقى، ماددىنىڭ يۈزلىنىشى ئىچى تەرەپكە بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ، بۇ ھالەتلەردە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىچ سۈرۈش ۋە ئايلىنىپ كېتىش يۈز بېرىدۇ، بولۇپمۇ قىزىل ئەسۋىسى بىنەپشە رەڭ بولغان ۋاقىتتا»؛

6. «ئەگەر ئۇسساش ۋە بىئاراملىق كۈچلۈك بولسا، بەدەننىڭ سىرتقى بۆلىكى سوغۇق

بولسا ۋە قىزىلنىڭ رەڭگى قارا ياكى كۆككە مايىل بولسا چۈشىنىش لازىمكى، بىمار ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولىدۇ»؛

7. «ئەسۋىلەر كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ۋە چالا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئىچ سۈرۈش داۋاملاشقان بولسا، بۇ كېسەللىكتە ياخشىلىنىش بولمايدۇ، لېكىن تولۇق كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن بەدەندە قۇۋۋەت تولۇق بولسا ۋە ئون بىر كۈندىن كېيىن ئىچ سۈرۈش كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تولۇق بوھران بولىدۇ. بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەن»؛

8. «بۇ كېسەللىكتە بوھراندىن بولغان بۇرنى قاناشنىڭ ئاشكارا بولۇشى ياخشىدۇر ۋە كۆپىنچە ياخشى بولىدۇ»؛

9. «قىزىل بىمارلىرىدا قانلىق ئىچ سۈرۈش كۆرۈلسە ناچاردۇر، جۈملىدىن ئاخىرىدا»، «بۇنىڭدا ئەگەر قۇۋۋەت يوقالماي باشقا ناچار ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمىسا ۋە بەدەندە قان تولۇپ قېلىش (ئىمتىلا) بولسا، بۇ ناچار بولماسلىقى مۇمكىن، بولۇپمۇ كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە».

«ئەگەر بۇ كېسەللىكتە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش قابىز دورىلار بىلەن قىلىنسا، ئىچكى ئەزالاردا ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

بەزى كىشىلەر: «بۇ كېسەللىكنىڭ ياخشىراق تۈرى بۇ بولىدۇكى، بۇنىڭدا تومۇر ۋە نەپەس، ئەس - ھوشى ۋە سەزگۈلەر نورمال بولىدۇ. غىزا ۋە سۇنى خالىشى يوقالماستىن، قىزىل رەڭلىك ئەسۋىلەر قىزىتما بىلەن ئۈچىنچى كۈنى ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما ۋە باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىللىسە ھەم ئەسۋىلەر تېز قۇرۇسا بۇ 9 -، 10 - كۈنگىچە ساقىيىپ كېتىدۇ».

«بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسى ناچاردۇر. بۇنىڭ ئەسۋىسى 6 -، 7 - كۈنى چىقسا ۋە ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقالغان بولسا، بۇ ياخشى ۋە ناچار تۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ».

«بۇنىڭ ئەسۋىلىرى يەتتە كۈن ئۆتۈپمۇ چىقمىسا ۋە ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە بولسا، ئۇ كۆپىنچە خەتەرلىك بولىدۇ. جۈملىدىن ئەسۋىلەر قارا، كۆك، يېشىل، قاتتىق بولىدۇ ياكى بۇنىڭدا ئۇسساش قاتتىق كۈچلۈك بولسا، بەدەن ئىچىدە قىزىقلىق، تاشقى تەرىپىدە سوغۇقلۇق بولسا، نەپەس ۋە ئەس - ھوشى نورمال بولمىسا، لېكىن بۇ 14 كۈندىن ئېشىپ كەتسە شىپا تېپىشى مۇمكىن» (ئىكسىر ئەزەم).

داۋالاش قىزىلدىمۇ چېچەككە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن بىمارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى قوغداش، ئەڭ ياخشىسى كېسەللىكنى تەبىئەتكە قويۇش، بۇ مەزگىلدە ئادەتتىكى دورىلارنى

بېرىش، بۇ دورىلار كۆپىنچە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇنكى قەۋزىيەت قىلىپ قويمىسۇن، ھەر كۈنى ئادەتتىكىدەك چوڭ تەرەت كېلىپ تۇرسۇن ۋە ئەسۋەلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بۇلاردىن بىرئاز ياردەمگە ئېرىشسۇن.

يۈرەككە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار مەرۋايىت، زەھرى مۆھرە، كەھرىۋا، جاۋاھىر مۆھرە، خېمىرى مەرۋايىت، مۇپەررىھى بارىد، مۇپەررىھى شەيخۇر رەئىس، مۇپەررىھى ئەئزەم، مۇپەررىھى ياقۇتى مۆتىدىل، ئالما شەربىتى، ئەرقى گۈلاب، ئەرقى ئاپېلسىن، ئەرقى بىدىمۇشكى قاتارلىقلار. سەندەل، كافۇر، قىزىلگۈل ۋە باشقا خۇش پۇراقلىق پۇرايدىغان نەرسىلەر.

ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە يۇمشىتىش قىزىل ۋە چېچەكتە ئىچىنى سۈرۈش، يۇمشىتىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھەر كۈنى ئادەتتىكىدەك چوڭ تەرەت كېلىپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە ئەنجۈر، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، گۈلبىنەپشە يېتەرلىك مىقداردا بېرىلىدۇ، لېكىن ئەسۋەلەر ياخشى چىقىپ بولغاندىن كېيىن شىرخىشت ۋە تەرەنجىبىنگە ئوخشاش نەرسىلەرمۇ قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەسۋەلەر ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئىچى سۈرۈپ كەتسە ۋە ئۇنىڭدىن ئاجىزلاپ كېتىش ئەندىشىسى بولسا، ھەببۇلئاس، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، كەھرىۋا، زەھرى مۆھرە، تاباشىر، ئەنجىبار يىلتىزى، سەمغى ئەرەبى، گىل ئەرمىنى، بېھى رۇببىسى، ئانار رۇببىسى، ھەببۇلئاس شەربىتى، ئەنجىبار شەربىتى، قۇرسى تاباشىر، شەربىتى خەشخاش قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قىزىلنىڭ ئومۇملاشقان نۇسخىسى بۇ ئادەتتە باشتىلا بېرىلىدۇ. ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، چىلان بەش دانە، ئەنجۈر مونىكى ئىككى دانە، خاكسى بەش گىرام. دورىلارنى سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام ناۋات قوشۇپ ياكى 24 گىرام چىلان شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ (ئەتىگەن - كەچتە). بەزىدە بۇنىڭغا يەتتە گىرام گۈلبىنەپشىمۇ قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە بەزىدە بىر گىرام زەپەر قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلاش غالىب بولۇپ ھوشسىزلىنىش بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئىككى گىرام خېمىرى مەرۋايىت يېگۈزۈلىدۇ. نۇسخىنىڭ ۋەزنى كامىل بولۇپ، باللارغا يېشىغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش غىزانى باشقا قىزىتمىلارنىڭكىگە ئوخشاش بېرىش، مەسىلەن: ئارپا سۇيى، ئانار ئۇرۇقى، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، ئەنجۈر، نوقۇت ئۇنى، ماش ئېشى

قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئىچى سۈرگەن ھالەتتە ئارپا تالقىنى، قورۇلغان گۈرۈچ تالقىنى، قورۇلغان ئارپىنىڭ سۈيى قاتارلىق غىزالارنى بېرىش مۇناسىپتۇر.

ئۇسسۇزلۇقى ئۇسسىغان ۋاقىتتا يېڭى سۇ، ئەرقى گاۋزىبان بېرىلىدۇ. كېسەللىك باشلىنىش بىلەن نەزلە شېرىك بولسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ چارىلەر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىقى نۇسخىغا ھەمشىباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئۆپكە ۋە قۇلاقتىكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ئېغىز ۋە بۇرۇن تەرەپكە يۈزلىنىش، ئوفۇنەتنى توسقۇچى نەرسىلەر بىلەن بۇرۇن ۋە ئېغىزنى ھەر كۈنى 3 ~ 4 قېتىم يۇيۇپ بېرىش بىلەن بىرگە مۇناسىپ غار - غارلار ئىشلىتىلىدۇ، لۇئوقى سەرپىستان، لۇئوقى خەشخاش يالىتىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما ئۆتكۈر بولغان بولسا، ئىلمان سۇ بىلەن بۇنى كېمەيتىش، يەنى بۇنىڭ بەدىنىدە بۇلۇت ئايلاندۇرۇلىدۇ ياكى سۇ بىلەن بىمارنىڭ بەدىنى يۇيۇپ قويۇلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ھارارەت سائىتىگە ناھايىتى تېزلا 105 دەرىجىگىچە يېتىدۇ، لېكىن مۇناسىپى قانچىلىك مۇمكىن بولسا بۇنى شۇ ۋاقىتقىچە قويۇپ قويۇلىدۇ. ئاجىزلاش دەۋرىدە ئادەتتىكى ساغلاملىقنى قوغداپ كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ ھەم پولات چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. دېڭىز ساھىلى ياكى بىرەر ياخشىراق ساغلاملىق بېغىشلايدىغان ئورۇنلارغا ئەۋەتىلىدۇ. ئەگەر ئۆپكە ئىششىقى ۋە ئىچ سۈرۈش بولغان بولسا قائىدىلىك داۋالىنىدۇ. ئەگەر قۇلاق ئاقسا قۇلاق ئوفۇنەتنى توسقۇچى دورىلار بىلەن يۇيۇلىدۇ.

بىمارنىڭ تۇرالغۇسى بىمار ئىسسىق ۋە ھاۋالىق ياتاقتا تۇرغۇزۇلىدۇ، لېكىن ھاۋانىڭ زەربىسى بۇ جايغا يەتمىسۇن ۋە باشقا ساغلام باللارغا يۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلانغۇدەك ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەسۋىلەر چىققاندا ئاز دېگەندە كۆرپىدە يېتىش زۆرۈر بولىدۇ. كۆرپە ئۈستىگە ۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە بىرئاز خاكىسى سېپىپ قويۇلىدۇ.

ئىسلاش ياتاقنى ئىسسىتىش ئۈچۈن بەزى ۋاقىتتا بۇ جاي ئىسلىنىدۇ، ياز پەسلىدە سەندەل، نامازشامگۈلى ياغىچى، قىش پەسلىدە يۇلغۇن ياغىچى، ئەنجۈر ۋە ئانار ياغاچلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ. قايناق سۇدا ھورداشنىڭمۇ ئەسۋىلەرنىڭ چىقىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. رەختلەر ئىچىنى قىزىتىپ بۇخارات يەتكۈزۈشمۇ مۇشۇنداق تەسىر بېرىدۇ.

پەرھىزى قىزىلدا بەدەننى ياغلاش مۇۋاپىق ئەمەس. ھەسەلگە ئوخشاش تەرەنجىبىنمۇ بەزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنلەر چەكلىگەن.

قىزىللىق قىزىتمىسى (ھەمرا، بادىشنامىيە)

بۇ، ھۇسبە قىرمىزىيە، ھۇمما ھەمرا، ھۇمما قىرمىزىيە، قىزىل قىزىتما، ھۇسبە ھۇمرا، ھۇسبە ئىجتىمائىيە، سۇرۇخ خۇسرە دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ھەمرا دېگىنىمىز سەپرا ۋەزنى بىلەن قىزىللىق مەنىسىدە.

بادىشنام — بۇ بىر خاس تۈردىكى قىزىللىق بولۇپ، بۇ تەرەپكە بۇ كېسەللىكنىڭ قىزىللىقىغا ئوخشىتىپ مەنسۇپ قىلىنغاندۇر.

قىرمىز — بىر خاس تۈردىكى قىزىل رەڭ. بۇ كېسەللىكتىن تېرىدە خاس تۈردىكى قىزىللىق كۆرۈلىدۇ، بۇ قىزىل رەڭ تەرەپكە مەنسۇپ قىلىنغان.

تونۇش بۇ كېسەللىكنىڭ كۆپىنچە خۇسۇسىيەتلىرى بىزنىڭ مەملىكەتتە قىزىل بىلەن ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قىزىل بىلەن بايان قىلىش مۇناسىپتۇر. گەرچە بۇ كېسەللىك بىزنىڭ مەملىكەتكە ئوخشاش ئىسسىق شەھەرلەردە تارقالمىغان بولسىمۇ.

بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا قىزىتما بولۇپ تېرىگە قىزىل چېكىت ياكى داغ ئاشكارا بولىدۇ، گېلى ئاغرىيدۇ ۋە بۇنىڭغا يېقىنراق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن مۇھىمراقى بۆرەك ئىششىقدۇر.

سەۋەبى بۇمۇ قىزىل كېسەللىككە ئوخشاش ئادەتتە بالىلاردا كۆپ بولىدۇ. لېكىن بەك كىچىك بالىلاردا تۇرۇپ قالىدۇ. ئادەتتە چوڭلار بالىلىق چاغلىرىدا بىر قېتىم ئاغرىپ بولغان بولسا، ئۇلاردا قايتا بولمايدۇ. لېكىن بەزىدە ئىككىنچى قېتىممۇ ئاز ساندا قوزغىلىدۇ. بۇنىڭ ماددىسىنىڭ يۇقۇش ئۇسۇلى قىزىلنىڭكىگە ئازراق ئوخشايدۇ. يەنى بۇ كېسەللىك ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ۋە كېسەللىك تەرەققىياتى ئومۇمەن يوشۇرۇن دەۋرنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەستىن، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى تۇيۇقسىز بولىدۇ، يەنى دەسلەپتە يەڭگىل تىترەيدۇ ياكى قۇسىدۇ ۋە بىمار باش ئالدى بۆلىكىدە ئاغرىق بارلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ. ئېغىزمان ۋە ئەزالاردا ئاغرىق، كۈچسىزلىك بولىدۇ، غىزا ئىشتىھاسى يوقاپ ھارارەت تۇيۇقسىز 103 ياكى 104 دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ، تومۇرى ئارقىمۇئارقا، تىنىقى (نەپىسى) تېز بولىدۇ. تېزلا گال ئاغرىقى باشلىنىدۇ. ئەسۋە چىققاندا ئاغرىق بولىدۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنى ئومۇمەن بىرىنچى ئالامەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن 12 ~ 36 سائەت ئىچىدە بۇ كېسەللىكنىڭ ئەسۋىلىرى ئاشكارا بولىدۇ. دەسلەپتە كۆكرەكنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە، گەدەن

ئالدى ۋە ئىككى تەرەپتە ئاشكارا بولىدۇ. بۇ تېزلا قورساق ۋە ئېغىزمانىغىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن قول - پۇتقىچە تارقايدۇ، بۇ ئىنچىكە - ئىنچىكە قىزىل نۇقتىلار شەكلىدە بولىدۇ. بۇنىڭ مەركىزىي قىسمى قېنىق ۋە ئەتراپى سۇس رەڭلىك بولىدۇ. بۇ نۇقتا ئۆزئارا شۇنچىلىك يېقىن بولىدۇكى، سۇس رەڭلىك ئەتراپ بۆلىكى تەخمىنەن ئۆزئارا بىرلىشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇ تۇتۇشۇش شۇنچىلىك مۇكەممەل بولۇپ، پۈتۈن تېرە يۈزى بىر خىل شوخ قىزىل رەڭدە كۆرۈنىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئەسۋىلەر يىراق - يىراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسۋىلەر ئارىلىقىدا ساق تېرە دائىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چىرايى، پېشانىسى ۋە مەڭزىدە قىزىللىق زىيادە قېنىق بولىدۇ، نۇقتىلار كۆرۈلمەيدۇ. بۇ بىرەر باشقا ئورۇندا كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئېغىز ئەتراپىدىكى تېرە ساپ بولىدۇ، يەنى قىزىل بولمايدۇ. بۇ نۇقتىلار كۆپ بولسا، تېرە بىرئاز ئىششىيدۇ.

رەڭگىنىڭ قېنىق ۋە ئەسۋىلەرنىڭ تارقاق بولۇش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىكنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بولىدۇ.

بەزىدە بۇ سۇس گۈلابى رەڭلىك، بەزىدە قېنىق قىزىل رەڭلىك، بەزىدە قارا كۆك رەڭلىك بولىدۇ. بەزى ئۆتكۈر تۈرلەردە ئەسۋىلەر تېرە يۈزىدىن ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، بۇ سۇلۇق قاپارتما شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئۇچلىرىغا يىرىڭ تولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا گۈللۈك ياكى داغلىق نۇقتىلار بولىدۇ.

تارقاق بولۇش ئېتىبارى بىلەن بەزىدە بۇ ئەسۋىلەر بەك چەكلىك بولىدۇ. مەسىلەن: پەقەت كۆكرەكتە ئاشكارا بولىدۇ ياكى يوتا، بىلەك، ئوشۇق قاتارلىقلاردا دائىرىلىك شەكلىدە بولىدۇ. بۇ ھالەت ئادەتتە ئىككىنچى قوزغىلىشتا ۋە كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنىدە ئوچۇق زەخىم بولغاندا كۆرۈلىدۇ.

بۇ ئەسۋىلەر 3 -، 4 - كۈنى تېرە يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ، 4 -، 5 - ياكى 6 - كۈنى كېمىيىدۇ، گەرچە بۇ بەزىدە 5 ~ 10 كۈنگىچىمۇ تۇرۇپ قالسىمۇ ئەسۋىلەر يوقالغاندا تېرىدىن قاسىراق تۆكۈلىدۇ، يەنى تېرىنىڭ يۈزەكى قەۋىتى ئاجرايدۇ. بۇ دەسلەپتە بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاق كېپەك شەكلىدە كۆرۈنىدۇ، بۇ تېرىدە نېپىز ئويمان قالدۇرىدۇ، بۇ ھەربىر ئەسۋە ئورنىدا يۈزەكى تېرىنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

قاسىراق تۆكۈلۈش كۆپىنچە 6 -، 7 - كۈنىدە باشلىنىدۇ، بۇ دەۋردە پاچاقتا ئەسۋىلەر مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن تۆكۈلگەن بۇ قاسىراقلارنىڭ مىقدارى ۋە ھەجمى ھەر خىل بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بارماقلارنىڭ ئۇچىغا يېقىن ۋە ئالىقان پۇرمىلىرىدە يىرىكلىك سېزىلىدۇ. لېكىن باشقا ۋاقىتلاردا تېرىنىڭ چوڭقۇر قەۋىتى ئاجرايدۇ. ئاز ساندا قول بارماقلارنىڭ يۈزەكى تېرىسى

تولۇق ئاجرايدۇ.

ئادەتتە قاسراق تۆكۇلۇشكه 4 ~ 6 ھەپتىگچە ۋاقىت كېتىدۇ. بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

ئېغىز ۋە گال كىچىك تىل، يۇمشاق تاڭلاي ۋە گال قېنىق قىزىل بولىدۇ، ئۇلار كۆپىنچە بىرئاز كۆپۈپ قالىدۇ، بادامبەزمۇ قىزىرىپ ئىششىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا سىزىق تەرەپكە چوقچىيىدۇ، ئۇ يەردە كۆل رەڭ سۇيۇقلۇق بىلەن تولغان خالتىسمان سۇلۇق قاپارتمىلار پەيدا بولىدۇ. كېيىن بادامبەز يىرىڭلايدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بەزى تەركىبلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇرۇن شىللىق پەردىسى ئىششىدۇ ۋە ئازدۇر - كۆپتۇر بەلغەمسىمان سۇيۇقلۇق سىرغىپ چىقىدۇ.

ئېڭەك ئاستى بېزى ۋە بويۇن بەزلىرى چوڭىيىدۇ ھەم ئاغرىيدۇ.

تىلنى دەسلەپتە قېلىن ئاق گەز قاپلايدۇ، لېكىن بىر نەچچە كۈندە تىل ئۇچىدىن تۈۋىگىچە تازىلىنىپ، بۇ گەز ئاجراش بىلەن تىل يۈزى پارقىراق قىزىل بولۇپ قالىدۇ، بۇنى بىلەن تىلنىڭ تېتىش نېرۋىلىرى كۆپۈپ قالىدۇ.

ھارارەت بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆتكۈر بولىدۇ. دەسلەپكى كۈنى 104 ~ 105 دەرىجىگىچە يېتىپ بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ دەرىجىدە تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ 106 دەرىجىگىچىمۇ ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرىمۇ قاتتىق كۆيۈشىدۇ، ئومۇمەن قۇرۇق بولىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا قاتتىق تەرلەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر زىكىر قىلىشقا لايىق تەسىر بولمايدۇ ۋە ئەسۋەلەر بولمايدۇ.

مېڭىدىكى قۇۋۋەتلەر ئۆتكۈر ھالەتلەردە مېڭىدىكى قۇۋۋەتلەر (سەزگۈلەر) دىمۇ بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، جۆيلۈش كۆپ بولىدۇ، بولۇپمۇ كەچتە، غەپلەت ۋە بىھوش ھالىتى كۈچلۈك بولىدۇ، كېسەللىك ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە تەخمىنەن 4 -، 5 - كۈنى ياكى 6 - كۈنى يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسۋەلەر سۇسلىشىش بىلەن قىزىتمىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. بۇ ئادەتتە تەدرىجىي تۈگەيدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا تۇيۇقسىز نورمال دەرىجىگە چۈشىدۇ. ئاخىرىدا كېسەللىك تەدرىجىي ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئاجىزلاشقانلىقنىڭ تەسىرلىرى روشەن بولىدۇ.

ئۆلۈم بۇ كېسەللىكنىڭ خەتەرلىك تۈرلىرىدە 5 -، 6 - كۈنى قۇۋۋەت يوقىلىش بىلەن ياكى تىنفۇدەسكە ئوخشاش ھالەتلەردىن ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. ئىككىنچى ھالەتتە، يەڭگىل جۆيلۈش، چالا بىھوشلۇق (قوما) ۋە تىلى قۇرۇق، يىرىك بولىدۇ. لېكىن باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى داۋاملاشقاندىن كېيىنمۇ ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ.

تىفۇدى ھالىتى بۇ بىر ئاجىزلىق ۋە غەپلەت ھالىتىدۇر. بۇنىڭدا بەدەن مۇسكۇللىرى

ئورۇقلايدۇ، تىلى قۇرۇق ۋە سارغۇچ بولىدۇ، چىشلاردا كىر ئۇيۇپ قالىدۇ، ئەقىل ئېلىشىش، جۆيلۈش بولىدۇ، تومۇرى ئاجىز سوقىدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرىتى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ھالەت ئۆچەي مەنبەلىك قىزىتما ۋە بەزى باشقا قىزىتمىلاردا پەيدا بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئاقىۋىتى بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇھىملىرى:

1. پەقەت بادامبەزلا ئەمەس، بەلكى يۇمشاق تاڭلاي ۋە ئەقىل تىلىمۇ بەزى ۋاقىتتا بۇزۇلۇپ ھاياتلىق پائالىيىتىنى يوقىتىدۇ.

2. ئېڭەك ئاستى بېزى ۋە بويۇن بېزى قاتتىق ئىششىيدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تېرە ئاستى توقۇلمىسىغىمۇ ماددا قويۇلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ رەڭگى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا قاتتىقلىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىكى تېرىلەردە قىزىللىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى توقۇلمىلارنى بۇزۇپ، تېرىدىن بىر چوڭ دائىرىنى يوقىتىدۇ. بۇ ھالەتلەر ئادەتتە خەتەرلىك بولىدۇ، ئاجىزلاش دەۋرىدىمۇ بەز ئىششىقى، ئاددىي زەخمىلەر ئاشكارا بولىدۇ.

ئىششىق بەزىدە گالدىن ئۆتۈپ گال ۋە قۇلاق يولى بىلەن قۇلاققىچە يېتىپ بارىدۇ (قۇلاق ئىششىقى بولىدۇ). بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا قۇلاق يىرىڭلىق ئىششىقى، ئاڭلاش پەردىسى يېرىلىش ۋە قۇلاق ئېقىش بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ دەۋرلىرىدە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بەك چوڭ بولمايدىغانلىقى توغرا، لېكىن خەتەرلىك نەتىجىلەرنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ. بىرنەچچە ئاي ياكى يىللاردىن كېيىن بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئەگەشمە كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ: قۇلاق ئارقا ئۆسۈكچىسى زەخملىنىش، سەرسام، مېڭە پەردىسى ئىششىقى، مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى، جەيب جانىبى (يان كاۋاكچە) ياكى بويۇن كۆك قان تومۇرىدا قان ئۇيۇش (بۇنىڭ نەتىجىسىدە قانغا يىرىڭ قوشۇلۇشىمۇ بولىدۇ)، جەيب جانىبى قاناش ۋە لەقۋا قاتارلىقلار.

كېسەللەنگەن تەرەپتە قۇلاق ئېغىرلىقىنىڭ كۆرۈلۈشى چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر. ئەگەر ئىككىلا تەرەپ قۇلاقتا ئىششىق (بۇ بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك بالىلاردا بولىدۇ) بولسا، ئۇ ۋاقىتتا گاسلىق پەيدا بولىدۇ.

ئاخىرىدا ئۆچەيلەرنىڭ قىسمەن ئورۇنلىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يەرلىك ئورۇندىكى گۆشخور چاقا، شىللىق پەردە ئاستى توقۇلمىلىرىدىكى يىرىڭلىق ئىششىق ۋە ئېغىز گۆشخور چاقىسى قاتارلىقلار.

بۇ كېسەللىكتە كۆپىنچە بۆرەك تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۆرەك ئىششىقى ۋە بەۋلى زۇلالى نەتىجە شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئۈچ ھالەتتىن مەلۇم بىر ھالەتتە بولىدۇ.

1. بەۋلى زۇلالى (بەۋلى ماھى): ئاز مىقداردا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىزىتما ۋە ئەسۋە چىقىۋاتقان مەزگىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇزاق مەزگىلگىچە تۇرمايدۇ.

2. بۆرەك ئىششىقى: كېسەللىك ئاشكارا بولۇپ ئىككى - ئۈچ ياكى تۆت ھەپتىدىن كېيىن ئەگەر سويۇلۇش مەزگىلى بولسا ياكى بىمارنىڭ ئاجىزلىغان كۈنلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ نەتىجىسى شەكلىدە بۆرەك ئىششىقى بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى بۇكى، يەنە يېڭىدىن يەڭگىل تىترەش بىلەن قىزىتما قايتىلىنىدۇ، سۈيدۈكى دۇغ، سارغۇچ ياكى قان ئارىلاش بولىدۇ، سۈيدۈك بىلەن تۇخۇم ئېقىسمان ھۆللۈك چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئالامەتلەر يوقاپ كېتىدۇ ۋە ئالامەتلىرى قايتىلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىستىسقا بولمايدۇ.

3. ھەممىدىن ئىلگىرى پۇت، چىرايىدا بىرئاز ئىششىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈك ئاز مىقداردا چىقىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى بەك قېنىق بولىدۇ، بۇنىڭدا تۇخۇم ئېقىسمان ھۆللۈك، قان ۋە يۈزەكى قەۋەت قاسىراقلىرى چىقىدۇ. يەڭگىل ھالەتلەردە ئومۇمەن شىپا تاپىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۆرەك ئىششىقى سەۋەبىدىن ئومۇمىي بەدەنلىك ئىستىسقا يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئالتە ئاي، 12 ئاي ياكى 18 ئايدىن كېيىن، باشقا ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى داۋاملىشىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۆپكە ئىششىقى، ئۆپكە بۆلەكلىرى ئىششىقى، شاخچە كانايى ئىششىقى، يۈرەك قېپى ئىششىقى، يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى، يۇتقۇنچاق ئىششىقى، مېڭە قېلىن پەردىسى ئىششىقى، قانغا يىرىڭ قوشۇلۇش، ئۇسسۇل ئويناش كېسەللىكى، يەرقان، بويۇننىڭ قاندىن بولغان ئىششىقى قاتارلىق يۇقىرىقى پۈتۈن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر بۇ كېسەللىكتە پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سەككىزدىن بىر ئۆپكە ئىششىقى ۋە ئۆپكە بۆلەكلىرى ئىششىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

كۆكرەك پەردە ئىششىقىمۇ نەتىجە شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، ئەگەر كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇ تەركىبلىرى قۇيۇلغان ۋە جۇغلاشقان بولسا، ناھايىتى تېز يىرىڭلايدۇ. قىزىللىق قىزىتمىسىدا باشقا ئۆتكۈر قىزىتمىلارغا ئوخشاش يۈرەك كېڭىيىش كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى يۈرەك سوقۇشىنىڭ نورمالسىزلىقىدۇر.

مۇپاسىل ئىششىقىنىڭ ئۆتكۈر تۈرىمۇ ئومۇمەن قىزىللىق قىزىتمىسى ياكى قىزىلدا شىكايەت شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. بۇنى مۇپاسىل ئاغرىقى قىزىتمىسى بىلەن پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ، ئەسۋىلەر يوقىماستىن، مۇپاسىل ئىششىيدۇ، بۇ ۋەجىئۇل مۇپاسىل قىزىللىقى دېيىلىدۇ. تېرىدىكى توق قىزىل رەڭلىك داغنىڭ خەتەرلىك تۈرىمۇ كۆپىنچە بۇ كېسەللىكتە شىكايەت شەكلىدە

ئاشكارا بولىدۇ، بولۇپمۇ بۇنىڭ خەتەرلىك تۈرى بايان قىلىنغان قىزىللىق قىزىتمىسىنىڭ خەناق كېسەللىكى بىلەنمۇ ئازراق خاس مۇناسىۋىتى بولىدۇ.

تۈرلىرى قىزىل قىزىتمىسىنىڭ ئادەتتىكى تۈرلىرىدىن باشقىسىنىڭ ئاقىۋىتى، تەخمىنەن ھەممىشە ياخشى بولىدۇ، بۇنىڭ يەنە بىر خەتەرلىك تۈرى بولۇپ، بۇ ناچار قىزىل قىزىتمىسى ياكى زەھەرلىك قىزىل قىزىتمىسى دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئادەتتە بەش ـ ئالتە كۈن ئىچىدە كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا گال ئاغرىقىدىن سىرت، باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ نىشانىمۇ بولمايدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا تەشەننۇج ۋە قۇۋۋەت يوقىلىش كۆرۈلىدۇ، 12 ~ 24 سائەتكىچە ئەسۋىلەر تولۇق چىقىشتىن ئىلگىرى كېسەللىنىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئۆتكۈر جۇغ ـ جۇغ ۋە قۇسۇش كۆرۈلىدۇ. ئەسۋىلەر تېزلا كۆپ مىقداردا ئاشكارا بولىدۇ ياكى كۆك رەڭلىك بولۇپ، قىزىتما ئۆتكۈرلىشىدۇ، جۆيلۈش بولىدۇ. بىمار ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ تۈردە گالدىكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۇ زۇبھە دېيىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا گال ۋە يۇتقۇنچاقتا يارا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەزىدە پۈتۈن بەدەن زەھەرلىنىدۇ (يارىدىن ياكى ئوفۇنەتتىن بولغان قىزىللىق). بۇ كېسەللىكنىڭ بىر تۈرى خەزراھ دەنىينەدۇر، بۇنىڭدا تېرىدە داغ ۋە گال ئاغرىقىمۇ بولمايدۇ. لېكىن بۇ بەدەندىن قاسراق چۈشسە ياكى پۈتۈن بەدەنلىك سۇلۇق ئىششىق كۆرۈلسە، قىزىتما ئېنىقلىنىدۇكى، بۇ قىزىللىق قىزىتمىسىدۇر.

ئاگاھلاندۇرۇش ئەگەر بۆرەكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بولسا مەيلى كېسەللىك يەڭگىل بولسىمۇ، كۆپىنچە خەتەرلىكلىكىدىن، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىكتە ئۆلۈمنىڭ تاناسىپى ھەر خىل بولىدۇ. يەڭگىل ۋابالاردا 1% ~ 2% ، ئۆتكۈر ۋابالاردا 30%~40% بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئۆتكۈر گال ئىششىقىنىڭ بولۇشى، ئەسۋىلەرنىڭ كۆك ۋە كۆپ بولۇشى ھەم ئۇزۇندا چىقىشى ياخشى بولمايدۇ ھەم بويۇن بەزلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ئومۇمەن خەتەرلىكتۇر. بۇ كىشىلەرنىڭ چىشلىرى بۇرۇندىنلا بۇزۇلغان، چىش مىلىكى ئىششىغان ۋە ئېغىز ئوفۇنەتلىنىشكە گىرىپتار بولغان كىشىلەردە گال، بۇرۇن ۋە قۇلاق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈررەك بولىدۇ. چىللە دەۋرىدىكى قىزىل قىزىتمىسىنىڭ باشقا قىزىتمىغا نىسبەتەن زىيادە خەتەرلىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

داۋالاش قىزىل قىزىتمىسىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئادەتتىكى قىزىلنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كېسەللىكنى مەركىزىي تەبىئەتنىڭ يېڭىشىغا قويۇش ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، بۇ كېسەللىكنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. ئىلمان سۇ بىلەن بۇلۇتنى ھۆللەپ، بىمارنىڭ بەدىنىگە سۈركەش، تاكى ئۆتكۈر ھارارەتتە

پەسىيىش بولسۇن. بادامسىمانبەز ئەگەر ئىششىپ بۇنىڭ ئۈستىنى بۇزۇق ھۆللۈك ئەستەرلەپ تۇرغان بولسا، ئۇنى زەمچىنىڭ سۈيىگە چىلانغان پاختا رەخت بىلەن تازىلاش كېرەك ھەم بۇ ھالەتتە غار ـ غار ۋە مۇناسىپ زەرۇرلارنى ئىشلىتىشمۇ زۆرۈردۇر. ئېغىزدا ئەگەر ئۇفۇنەت بولسا، دەسلەپتىلا بۇ تەرەپكە كىرىشىپ، گال ئۈچۈن گالنىڭ سىرتىدىن ۋە تۆۋەنكى ئېڭەك بۇلۇڭى ئەتراپىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى ئەفسەنتىن، پىننە، جۇۋىنە، زەنجىۋىل، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قارا زىرە، ياۋا رەيھان، تاغ پىننىسى، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە قاتارلىقلاردىن بىر نەچچىسىنى ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، بۇ سۇدا بۇلۇت ياكى رەختنى ھۆللەپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنى مەخسۇس كۆزىتىش ۋە داۋالاشقا ئېھتىياج چۈشىدۇ.

يىرىڭلىق ئىششىق ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللەنسە تېشىپ يىرىڭنى ئاققۇزۇش مۇناسىپ بولىدۇ.

قۇلاق ئىششىقى بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ ۋە قۇلاق تۆشۈكىگە سىلىقلىق بىلەن ئىسسىق سۇ ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئوتتۇرا قۇلاقتا يىرىڭ شەكىللەنسە، بەزى ۋاقىتلاردا قۇلاق پەردىلىرىدە تېشىلىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇلاق تۆشۈكىگە سىلىقلىق بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. قەلەمپۇر، ئەفسەنتىن ھەربىرىنى ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى 500 گىرام سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، بۇنىڭدا ئۈچ گىرام زەمچە ۋە بىر گىرام ئەپيۇننى ئېرىتىپ ھۆقنە قىلىنىدۇ. بەزىدە بۇنىڭغا سەبرە ياكى كافۇرمۇ قوشۇلىدۇ.

مۇپاسىل ئىششىقى بولسا مۇناسىپ داۋالىنىدۇ. بوغۇملارغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە زىماتلار چېپىلىدۇ. ئاجىزلاش ۋە قۇۋۋەت يوقالغان ھالەتتە قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچى دورىلاردىن داۋائىلمىشكى، خېمىرى مەرۋايىت قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. گالدىكى ئاغرىقنى ئازايتىش ئۈچۈن مۇز پارچىسى شۈمدۈرۈلىدۇ. لىئوقى سەرپىستان ۋە لىئوقى خىيارشەنبەر يالىتىشمۇ بۇ ھالەتتە پايدىلىق. ئەگەر جۆيلۈش بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما بولسا، باش ياكى پۇتتىن بەدەنگە سوغۇق سۇ قۇيۇپ تىنچلىق بېغىشلىنىدۇ. ئاجىزلىغان كۈنلىرىدە قاتتىق كۆزىتىش ۋە ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر. بۇنىڭدا بىمار ۋە ساغلام كىشىلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ، تېرە قاسراق تاشلاش كۈنلىرىدە بىمارغا سوغۇق تېگىشتىن ساقلىنىدۇ. بۇ ئادەتتە بۆرەك ئىششىقىنىڭ سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭدا بىمارنى قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تۇزلۇق يۇمشاتقۇچىلار مۇناسىپ بولىدۇ. تېرە قاسراقچىلىرى تۆكۈلۈۋاتقان مەزگىلدە كۈندۈز ۋە كەچتە سوپۇن ھەممە ئىسسىق سۇ بىلەن

بەدەن يۇيۇلىدۇ، كۆپۈكى دەريا تېرىگە سىلىقلىق بىلەن سۈركىلىدۇ، ئارىلىقتىكى مەزگىلدە ئاق قىچا يېغى ياكى كافۇر ۋە نارجىل يېغىنى بەدەنگە سۈركەش تاكى بەدەننىڭ تېرە قاسراقچىلىرى ھاۋادا ئۇچمىسۇن.

بىمارنى پەرۋىش قىلىش بىمار ھاۋالىق ياتاقتا قويۇلىدۇ، ئارام ئالدۇرۇش بىلەن ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ، دانالىق بىلەن باشقا قىزىتمىلاردەك پەرۋىش قىلىنىدۇ ۋە بىمار داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇلىدۇ.

ئايرىش: بىمار باشقا ساغلام باللاردىن ئايرىۋېتىلىدۇ، بۇ پەقەت تېرىدىن قاسراق تۆكۈلۈش باسقۇچى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى بىمارنىڭ گال ۋە بۇرنى قاتارلىقلاردا كېسەللىكنىڭ بىرئاز تەسىرى قالغان بولسىمۇ، ئۇنى باشقا كىشىلەردىن ئايرىپ قويۇش مۇھىمدۇر.

ئەمەلىي نۇسخا: بۇ قىزىلدا سۆزلىنىپ بولدى. پەقەت شۇنداق دېيىلگەن ناۋات ياكى چىلان شەربىتىنىڭ ئورنىغا شاتۇت شەربىتىدىن 24 گىرام ياكى شاتوت رۇببىسىدىن 24 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ.

غار ـ غار نۇسخىسى: پوستى ئاقلانغان ئەدەس، خەشخاش پوستى، مائىن، خېنە يوپۇرمىقى، شاتۇت يوپۇرمىقى، سېرىق ھېلىلە پوستى، ئاملە پوستى، رۇسۇت ھەربىرى تۆت گىرامدىن. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، ئىككى گىرام سۇنۇنى ئەھمەر قوشۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز يۇيۇلىدۇ.

سۇنۇنى ئەھمەر: سوقۇلغان قىزىل سېغىز توققۇز ھەسسە، قورۇلغان يېشىل تۇتىيا بىر ھەسسە. دورىلاردىن قائىدە بويىچە سۇنۇن تەييارلىنىدۇ.

مۇسەل بىلەن داۋالاش بۇ كېسەللىكنى داۋالىغاندا بۇ ئىككى خىل مۇسەل بىلەن داۋالاشمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. بۇ ساقىيىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر، يەنى قىزىلنىڭ ماددىسىنى ئەملەپ، بۇنىڭدىن قان زەردابى ھاسىل قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا بۇ ئۇمىد بولىدۇكى، تەبىئىي تەرياقلارنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى، بۇ ھەمىشە مۇداپىئە جەريانىدا بەدەن ۋە ھايۋان تەبىئىتىدە پەيدا بولىدۇ، بۇ خەنناق ۋە مېڭە، يۇلۇن مەنبەلىك قىزىتمىدا ئىشارە قىلىنغان.

كىچىك قىزىللىق قىزىتمىسى (ھۇمەيرا)

بۇ، «ھۇسبۇئەلمانىيا»، «ھۇسبۇپەرەنسا» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ھۇمەيرا ھەمرادىن تۆرلىنىپ چىققان بولۇپ، گويا بۇ كىچىك قىزىللىق قىزىتمىسىدۇر.

بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە نەتىجىلىرى قىزىللىق قىزىتمىسىدىن يەڭگىل

بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ نامىمۇ كىچىك قىزىللىققا مۇناسىپ قويۇلغان. بۇ كېسەللىك گەرچە نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا قىزىل ۋە قىزىللىق قىزىتمىسى بىلەن ئوخشاپ قالسىمۇ، لېكىن ئىككىلىسىدىن ئۆز ھەقىقىتى بىلەن ئايرىم بولىدۇ.

چېچەك ۋە قىزىلغا ئوخشاش ئۇنىڭ ناچار تەنچىلىرى بۈگۈنكىدەك ئېنىقلانمىدى. لېكىن بۇ توغرا بولىدۇكى، ئۇ ئىككى كېسەللىككە ئوخشاش بۇمۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر ۋە بۇنىڭ يۇقۇش يولىمۇ، ئۇ ئىككى كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇش يولى بىلەن ئوخشاش. ئاھالىلەر كۆپ ئورۇنلاردا بىر چوڭ دائىرە بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. يەنى بۇنىڭ تارقىلىشى بەك كۆپ بولمايدۇ. ئەسۋەلەر ئاشكارا بولۇشتىن بۇرۇنقى زامانە مۇقەددىمە ياكى خەۋەرچى ئالامەت باسقۇچى دېيىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ياكى بېشىدىلا يوق بولىدۇ ياكى كۆپىنچە 12 سائەتتە نەزلىنىڭ يەڭگىل تەسىرى ئاشكارا بولىدۇ. نەپەس ئەزانىڭ شىللىق پەردىسى ياكى بىرىكتۈرگۈچى پەردە كېسەللىنىدۇ، لېكىن بەزى بىمارلاردا بىرەر ئالامەت ئاشكارا بولمايدۇ ۋە ھەممىدىن دەسلەپتە ئەسۋەلەر ئاشكارا بولىدۇ، بۇلارنىڭ سانى بىرنەچچە بولۇپ، رەڭگى قىزىل، شەكلى ئېللىپسسىمان ياكى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، تېرە يۈزىدىن ئازراق كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە بىردەك تارقالغان بولىدۇ، ئادەتتە بىر - بىرىدىن يىراق - يىراق بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ناھايىتى يېقىنمۇ بولىدۇ. بۇ ئەسۋەلەرنىڭ ھەجمى ھەر خىل بولىدۇ، ئەگەر بۇ كىچىك ۋە يېقىن بولسا، بۇ قىزىللىق قىزىتمىسىنىڭ ئەسۋەلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر بۇ چوڭ بولسا، بۇنىڭ قىزىل بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى ئاشىدۇ. ئەمما بۇ يېقىن بولمايدۇ، تەرتىپىدە بىرەر دەرىجىدىكى ھىلاللىق تېپىلمايدۇ. بۇ ئەسۋەلەر يۈز، بىلەك، چاپاقتا ئاشكارا بولىدۇ، لېكىن دەسلەپتە يۈزىگە چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېزلىك بىلەن بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە چىقىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ مۇددىتى قىزىلغا قارىغاندا ئاز بولۇپ، كۆپ بولغاندىمۇ 3 ~ 4 كۈن بولىدۇ.

قىزىلغا ئوخشاش بۇنىڭدا بىر نەچچە كۈنگىچە بەدەندە ئازراق داغ قېپقالىدۇ، لېكىن ئومۇمەن بەدەندىن تېرە قاسراقچىلىرى تۆكۈلۈپ چۈشمەيدۇ ۋە قىزىللىق قىزىتمىسىدا چوڭ دائىرىلىك تۆكۈلۈش بولغىنىدەك بۇنىڭدا تۆكۈلۈش بولمايدۇ. تاڭلاي ۋە گال تۆشۈكىدە ئادەتتە قان تولۇش ياكى قىزىل داغلىق ئىزلار كۆرۈنىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا بادامبەزمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ئىششىيدۇ، كۆزى قىزىرىدۇ، يەڭگىل يۆتەل ۋە چۈشكۈرۈشمۇ ئومۇمەن مەۋجۇت بولىدۇ. گەدەن ئارقا بۆلىكىدىكى بەزلەرمۇ (غۇدۇدى مائىيەمۇ) كۆپىنچە ئىششىيدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا باشقا ئورۇنلاردىكى بەزلەردىمۇ بۇ ھالەت بولىدۇ. بۇ ئىششىق 2 ~ 3 كۈن تۇرىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولمايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا قىزىتما يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر قىزىتما مەۋجۇت بولسا، نورمال دەرىجىدىن پەقەت بىر يېرىمدىن ئىككى دەرىجىگىچە ھارارەت ئۆرلەيدۇ، بۇ بىر، ئىككى

كۈن ۋە كۆپ دېگەندە ئۈچ كۈنگىچە تۇرىدۇ. بۇ قىزىتمىنىڭ ھالىتى ھەر خىل بىمارلاردا ئوخشىمايدۇ. لېكىن كۆپىنچە بىمارلاردا ئەسۋىلەر تولۇق چىقىشتىن بۇرۇن ھارارەت نورمال دەرىجىگە كېلىدۇ. بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئۇرغۇنلىغان بىمار بۇنى قەتئىي سېزەلمەيدۇ، يەنى تاماق ئىشتىھاسى باشتىن - ئاخىرغىچە باراۋەر تۇرىدۇ. بۇ كېسەللىكتە مەزكۇر ئالامەتلەردىن سىرت، باشقا ئالامەتلەر ئادەتتە تېپىلمايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى كۆپىنچە ياخشى بولىدۇ.

دىياگنوز قويۇش قىزىل بىلەن بولغان پەرقى: بۇنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى قىسقا بولىدۇ. قىزىتما ۋە نەزلىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىل بولىدۇ. ئەسۋىلەر يۇمىلاق، ئېلىپسسىمان بولۇپ، ھەجمى قىزىلدىن كىچىك ۋە رەڭگى سۇس بولىدۇ. بۇ زىيادە كەڭرى ياكى تەرتىپسىز بولۇپ، بىر دائىرىگە توپلاشمايدۇ، بۇنىڭ ئەسۋىلىرى تېزلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ.

قىزىللىق قىزىتمىسى بىلەن بولغان پەرقى قىزىللىق قىزىتمىسى ئەگەر تەرتىپلىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئوخشاشلىقى بولمايدۇ. قىزىللىق قىزىتمىسى بىلەن كىچىك قىزىللىق قىزىتمىسى، قىزىللىق قىزىتمىسى يەڭگىل بولغان ۋە قائىدىلىك بولمىغان چاغدا ئازراق ئوخشىشىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئۆز سۈپىتى يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ھالەتتە پەرق بولىدىكى، كىچىك قىزىللىق قىزىتمىسىدا ئەسۋىلەر نىسبەتەن چوڭ ھەجىمدە بولىدۇ، ئۇ كۆپىنچە ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەسۋىلىرى چىراي ۋە ئالقانغىچە تارقالغان بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە قىزىللىق قىزىتمىسىدا ئېغىز ئەتراپى ئەسۋىلەردىن خالىي بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى كىچىك قىزىللىق قىزىتمىسىنى داۋالاش ئۇسۇلى ئادەتتە قىزىل كېسەللىكنى داۋالاش بىلەن ئوخشاشتۇر.

جۆيلۈش بولىدىغان غامىيە قىزىتمىسى (غامىيە ھەزيانىيە)

بۇ، ھۇمما رەقتائ (ئالا قىزىتما)، ھۇمما سۇفىن (كېمە قىزىتمىسى)، ھۇمما قەزرە (مەينەتچىلىك قىزىتمىسى) ۋە ھۇمما سۇجۇن (زىندان قىزىتمىسى) قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. غامىيە «غاشىيە» نىڭ مەنىيداش سۆزىدۇر.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما ئۈچۈن خۇددى غاشىيە سۆزى خاس قىلىنغىنىدەك، جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتما ئۈچۈن غامىيە سۆزى خاس قىلىنىدۇ. مۈگدەش، ھاڭۋاقتىلىق، بىھوشلۇق، ئەقلى ئېلىشىش ۋە جۆيلۈش قاتارلىق ئالامەتلەر خۇددى ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا بولغىنىدەك، ئۇلار جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتما (ھەزيانىيە) دىمۇ بولىدۇ. يەنى قىزىتما سەۋەبلىك

ھېس ۋە سەزگۈلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاجىزلايدۇ.

غەشيى، غەميى — ئورىماق دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

مۇغەششا، مۇغەمما — ئورالغان دېگەن مەنىدە.

ھۇمما سۇفۇن — كېمە قىزىتمىسى (سۇفۇن — كېمە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ سەفىنە دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر).

ھۇمما سۇجۇن — زىندانلار قىزىتمىسى (سۇجۇن — زىندانلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ سىجىن دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر)، بۇ قىزىتما كىر، پاسكىنا ۋە مەينەت مۇھىتتا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ نامى مەينەتچىلىك قىزىتمىسى (ھۇمما قەزرە) دەپ قويۇلغان. بۇ سەۋەبتىن كېمە ۋە زىندانلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇ ئورۇنلاردا مۇناسىپ تازىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ.

ھۇمما رەقتائى: بۇ قىزىتمىنىڭ ئەسۋىلىرى ۋە داغلىرى بەدەندە گۈلدار بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ نامى رەقتائىمۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

رەقتائى، ئەرقەت — گۈلدار دېگەن مەنىدە.

جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتما (غامىيە) بىر ئۆتكۈر يۇقۇملۇق قىزىتمىدۇر، بۇنىڭ بىلەن بەدەنگە خاس تۈردىكى ئەسۋىلەر چىقىدۇ. لېكىن بىرەر ئەزا توقۇلمىسىدا ئادەتتە بىرەر روشەن ئاپەت تېپىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاش ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇنىڭدا بەزى ۋاقىتلاردا تال يۇمشايدۇ، قاندا قارىلىق ئاشىدۇ ۋە ئۆپكىگە قان تولىدۇ، جۈملىدىن ئۆپكىنىڭ تۆۋەنكى بۆلەكلىرىگە.

غۇربەتچىلىك ۋە يوقسۇللۇقتا تۇرمۇش كەچۈرۈش، مەينەت يۈرۈش، تار ۋە قاراڭغۇ ئورۇنلار، ئاھالىنىڭ زىچلىقى، ساپ ھاۋانىڭ ئازلىقى، غىزا يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدۇر.

بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى كۆپىنچە مەخسۇس ناپاك تەنچىلەردىن بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىنسان بەدىنىگە پىتلارنىڭ چېقىشى بىلەن كىرىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ نامىنى پىتلار قىزىتمىسى دېيىش ناھايىتى زىيادە مۇناسىپتۇر.

بۇ قىزىتما سوغۇق دۆلەتلەردە ۋابا شەكلىدە تارقىلىدۇ. ئەمما ھىندىستاندا كۆرۈلمەيدۇ، بۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ كىتابلاردا بۇنىڭ بايانى ئۇچۇق تېپىلمايدۇ.

بۇ، كۆپىنچە كىتابلاردا سۆزلەنگەن ھوشسىزلىقتىن بولغان قىزىتمىدىن مۇشۇ قىزىتما كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ كېسەللىكنىڭ يۇشۇرۇن دەۋرى ئوخشاش بولمايدۇ (بىر كۈندىن ئىككى ھەپتىگىچە

بولىدۇ). لېكىن بۇ كۆپىنچە ھالەتلەردە 5 ~ 12 كۈنگىچە ياكى 14 كۈنگىچە بولىدۇ. بۇ باشقا قىزىتمىلارغا ئوخشاش باش ئاغرىقى، ھورۇنلۇق ۋە ھارغىنلىق، ئومۇمىي ناچار كەيپىيات ۋە ناچار مىزاج، ئىشتىھا تۆۋەنلەش، سوغۇقلۇق ھېس قىلىش، جۇغ - جۇغ، مۇسكۇللار ئاغرىقى قاتارلىقلار بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا تېرىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ، تېزلىك بىلەن بەدەن ھارارىتى 103 ۋە 104 دەرىجىگىچە ئۆرلەيدۇ. ئەگەر قىزىتما ئۆزىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارغان بولسا، باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. ئاجىزلىق ناھايىتى ئېغىرلىشىدۇ. تىلى قۇرۇق ۋە قارا بولىدۇ، كالپۇكىغا گەز باغلايدۇ. نەپەس ۋە تەردىن خاس تۈردىكى پۇراق كېلىدۇ (ئۈزۈمنىڭ يېڭى سىقىلغان سۈيىدىن ئازراق تېپىلىدۇ)، بىماردىكى جۆيلۈش ھالىتى تەرەققىي قىلىپ مۈگدەش ۋە بىھوشلۇق (سۇبات ھالىتى) نىڭكىدەك ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ ئەسۋىلىرى (ئۈجمىسىمان ئەسۋىلەر) ئومۇمەن تۆتىنچى ياكى بەشىنچى كۈنى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى بۇكى، تېرە ئۈستىگە گۈلدار ئەسۋىلەر چۈشىدۇ (تەرقەت) ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئازراق گۈلابى رەڭلىك سۇلۇق قاپارتمىمۇ بولۇپ، بۇ تېرىدىن بىرئاز كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. گۈلدار داغلار بولسا تېرىدىن كۆتۈرۈلمىگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى توپا رەڭ قىزىل بولۇپ، بېسىش بىلەن غايىب بولىدۇ.

سۇلۇق قاپارتما بۇ، تېرىدىن ئازراق كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇمۇ دەسلەپتە بېسىش بىلەن يوقىلىدۇ، لېكىن بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن قان قويۇلۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى زىيادە قېنىق بولىدۇ. بۇ بېسىش بىلەن يوقالمايدۇ.

بۇ قىزىتمىنىڭ ئەسۋىلىرى قورساق، ئېغىز ۋە قول دۈمبىسىدىن باشلىنىدۇ، بۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە پۈتۈن بەدەنگە چىقىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىلەكلەر ۋە پاچاقلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. لېكىن يۈز ۋە بويۇندا بولمايدۇ. بۇ ئەسۋىلەر ئىككى ھەپتىدە ئاستا - ئاستا غايىب بولىدۇ. دەسلەپكى ھەپتە ئاخىرلاشقاندا ئەگەر بۇ ئەسۋىلەر تولۇق چىقىپ بولغان بولسا، ھارارەت يەنىمۇ ئاشىدۇ (105 دەرىجە ياكى 106 دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ). يۇقىرىغا ئاساسەن تومۇر ۋە نەپەسلىنىش ھارارەتنىڭ ئېشىشى بىلەن تېزلىشىدۇ (تومۇرنىڭ سۈرئىتى مىنۇتىغا 20 ~ 110 قېتىم ياكى بۇنىڭدىنمۇ ئاشىدۇ)، لېكىن كېسەللىك قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، تومۇردا ئاجىزلىق ۋە كىچىكلىك شۇ قەدەر ئاشىدۇ. ئۆتكۈر ھالەتلەردە تومۇرى بازغان ئۇرغاندەك بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تەرتىپسىز ۋە يەنە بەزى ۋاقىتلاردا پەرقلىق سوقىدۇ. يۈرەكنىڭ ئاۋازلىرى سۇس بولىدۇ، زىيادە ناچار ھالەتلەردە بىرىنچى ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ ۋە تومۇرى سېزىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ مىقدارى دەسلەپىدىلا ئازىيىپ، رەڭگى قېنىقلايدۇ ۋە بۇ ھال ئاخىرىغىچە تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئاساسەن قەۋزىيەت دەسلەپتىلا بولىدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاخىرىغىچە باراۋەر تۇرىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتتا بىمارلاردا ئىچ سۈرۈش باشلىنىدۇ، چوڭ تەرەتنىڭ رەڭگى ھەر ئىككى ھالەتتە ئومۇمەن قارىغا مايىل بولىدۇ، باش ئاغرىشنىڭ شىكايىتى ئىككىنچى ھەپتىدە قالمايدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئورنىنى جۆيلۈش ئالىدۇ. بۇ دەسلەپتە پەقەت كەچ ۋاقىتىدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كېچە - كۈندۈزدە بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىمار غەلۋە قىلىدۇ، سەكرەيدۇ، دېرىزىدىن قاچىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇسكۇللار شۇنچىلىك ئاجىزلايدۇكى، مۈگدەك ھالىتىدە كۆرپىدە چۈشىنىش قابىلىيىتى بۇزۇلۇپ خامۇش بولۇپ ياتىدۇ،ئورنىدىن تۇرالمايدۇ ۋە يېنىچە ئۆرۈلەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىھوشلۇق ۋە سېزىمسىزلىق ئېغىرلىشىپ، ئىختىيارسىز چوڭ تەرەتى چىقىپ كېتىدۇ ھەمدە سىيدۈك تۇتۇلۇش بىلەن دوۋسىقى كۆپۈشكەن بولىدۇ. قىزىتما ئىككىنچى ھەپتىدە بىرقانچە كۈنگىچە ئۆزىنىڭ بۇ يۇقىرىلىقىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭدا ئەتىگەندە يەڭگىل تۆۋەنلەش بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئىككىنچى ھەپتىدە ھارارەت ئازراقلا كېمىيىدۇ ۋە ھەپتە ئاخىرلاشقاندا ئەتىگەندە ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ خاتىمىسى ساقىيىش ھالىتىدە بولسا، ھارارەت بىردىنلا تۆۋەنلەيدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ بوھرانى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بوھران بەزىدە تەرلەش بىلەن، بەزىدە ئىچ سۈرۈش بىلەن بولىدۇ. بۇ بوھران ھالىتى كۆپىنچە ھالەتلەردە ئىككىنچى ھەپتىنىڭ ئاخىرىغا يېقىن ياكى 13 ~ 16 كۈنگىچە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ھارارەت 103 دەرىجە ياكى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە بولسا 24 سائەت ياكى 36 سائەت ئىچىدە ھارارەت 98، 99 دەرىجە ياكى 97 دەرىجىگىچە چۈشىدۇ. لېكىن بەزى ھالەتلەردە ھارارەتنىڭ بۇ تۆۋەنلىشى تەدرىجي بولىدۇ. بۇ خاس ئۇقۇمدا تارقاش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى كېسەللىك يوقالغاندىن كېيىن بىمار ناھايىتى تېز، كۈچلىنىدۇ ۋە سەمرىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا 4 ~ 6 ھەپتىدە دەسلەپكى ھالىتىدىكىدىن زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ كېسەللىكنىڭ خەتەرلىك ھالەتلىرىدە ئۆلۈم ئومۇمەن ئىككىنچى ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا يۈرەكنىڭ توختىتىشى ياكى ئۆپكىدىكى قان تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ياكى ئۆپكە ئىششىقى سەۋەبىدىن ياكى ھوشسىزلىق (قوما، سۇبات) نىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۆلۈمدىن ئىلگىرى بەزى ۋاقىتلاردا تۇيۇقسىز ھارارەت يۇقىرىلايدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئاقىۋىتى جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتمىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئاقىۋىتىدىن تۆۋەندىكىلەر بولىدۇ: ① ئۆپكە ئىششىقى ۋە ئۆپكە بۆلەكلىرى ئىششىقى: بۇ، ئىككىنچى ھەپتىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ساغلاملىق ھاسىل بولۇشتا كېچىكىش پەيدا قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىككى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ

نەتىجىسى ئۆپكە گانگرېناسى بولىدۇ؛ ② ياتاق يارىسى؛ ③ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئاغرىقى؛ ④ قول - پۇت بارماقلىرى، بۇرۇن ياكى كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ گانگرېناسى؛ ⑤ بوغۇمغا يىرىڭ يىغىلىش؛ ⑥ ئوتتۇرا قۇلاق ئىششىقى، قۇلاق ئاستى بېزى، ئېڭەك سۆڭەك ئاستى بېزى، تىل ئاستى بېزى قاتارلىقلارنىڭ ئىششىقى ۋە يىرىڭلىشى؛ ⑦ يۈز ھۈمرەسى؛ ⑧ مېڭە پەردىسى ئىششىقى؛ ⑨ سۈيدۈك تۇتۇلۇش سەۋەبىدىن تەشەننۇجلارنىڭ باشلىنىشى. بۇنىڭغا بۆرەك ئۈچەيلەر بىلەن شېرىك بولىدۇ؛ ⑩ كېسەللىكتىن كېيىنكى ئاجىزلاش كۈنلىرىدە ھوشىدىن كېتىشنىڭ كۆرۈلۈشى. بۇ يۈرەك جەۋھىرىنىڭ كېسەللەنگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ؛ ⑪ ئەتراپتىكى نېرۋىلارنىڭ ئىششىقى. بۇ ئەزالارنىڭ ئىلگىرىكى ئاغرىقىدىن ئېنىقلىنىدۇ؛ ⑫ ئەقلى يەنى زېھنى ئاپەت قاتارلىقلار.

دىياگنوز قويۇش كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئەسۋىلەر ۋە داغلار چىقىشتىن ئىلگىرى، باشقا قىزىتمىدىن بۇنى ئايرىش قىيىن بولىدۇ. ئەگەر ئەسۋىلەر چىقىپ بولغان بولسا، بۇ قىزىل بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. لېكىن قىزىلنىڭ ئەسۋىلىرى ئومۇمەن دەسلەپتە يۈز، ئىككى چېكە ۋە پېشانىسىگە يېقىن ئورۇنلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ قىزىللىقى زىيادە ئوچۇق بولىدۇ ھەم تېرىدىن زىيادە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ، ئەسۋىلەر چىقىشتىن ئىلگىرى نەزلە، زۇكامنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

ئەگەر مېڭە پەردىسىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ۋە ئۆپكە ئىششىقىدىن گۇمان بولسا، بۇ قىزىتمىنىڭ ئەسۋىلىرى بۇ خاتالىقنى يوقىتىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما بىلەن بۇ كېسەللىك (غامىيە) دەسلەپكى دەرىجىلەردە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئىككى قىزىتمىنىڭ ئەسۋىلىرى غەربتىكى دۆلەتلەردە كۆرۈلىدۇ، بۇ گۇمان كۈچىيىدۇ، لېكىن ئەسۋىلەرنىڭ تېز كۆرۈلۈشى ھەممە بىلەك ۋە قول ئۈستىدە ئاشكارا بولۇشى خاتالىشىشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتمىدا ئادەتتە قەۋزىيەت بولىدۇ، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا ئىچى سۈرىدۇ، چوڭ تەرەت يۇمشاق، سېرىققا مايىل سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ. جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتمىدا قۇرۇق قارىغا مايىل بولىدۇ ھەم غامىيەدە غەپلەت ۋە جۆيلۈش تېز باشلىنىدۇ. لېكىن ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا بىر مەزگىلدىن كېيىن باشلىنىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتمىدا %40~%6 كىچە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ياشنىڭ ئېشىشى ئۆلۈش نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ، شۇڭلاشقا 10 ياشتىن تۆۋەن ياشتىكىلەردە%6 ، يەتتە ياشتىن ئاشقانلاردا %66 ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ. ئىلگىرىكى چارىلەر كېسەللىك ئاقىۋىتىگە تولۇق ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: بىمار ئەگەر دەسلەپتىلا ئاجىز بولسا ياكى ناچار ئادەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ياكى ئاچ قورساق ياكى مېھنەت - مۇشەققەتتە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسا، بۇنداق ئىشلار ساقىيىش ئۈمىدىنى ئازايتىدۇ. بۇ شىكايەتلەر كېسەللىكنى ناچار ئاقىۋەتكە ئېلىپ

باردۇ. بۇلار: ئەسۋىلەرنىڭ كۆپلۈكى، قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تومۇرنىڭ تېز سوقۇشى، مېڭىدىكى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ تېز ئاشكارا بولۇشى، يۈرەك، قىزىل قان تومۇرلار ۋە قان ئايلىنىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئۆپكىنىڭ ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىكلىرى، تەشەننۇج قاتارلىقلار.

داۋالاش بۇ كېسەللىكتە بىرەر ئۇسۇلدا ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتىنى كېمەيتىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن داۋالاش ۋە چارىلەرنى قوللىنىشتىكى مەقسەت پەقەت بىمارنىڭ كۈچىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىش بولىدۇ، تاكى ئۇ ئاخىرىغىچە كېسەللىك بىلەن كۈرەش قىلالىسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن قىزىتما بابىنىڭ دەسلىپىدە تەپسىلىي سۆزلەنگەن ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا قوللىنىلغان ئومۇمىي داۋالاش قانۇنلىرى قوللىنىلىدۇ.

بۇنىڭدا بىمارنى ياتقۇزۇپ تولۇق ئارام ئالدۇرۇپ، مۇناسىپ كۆزىتىلىدۇ ۋە پەرۋىش قىلىش، ئېغىز تازىلىقى ۋە ئاخىرىدا دوۋساقنى بوش تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، لەتىف، سۇيۇق غىزالارنى كېمەيتمەسلىك قاتارلىقلار مۇھىم ۋە چوڭ ئىشلاردۇر. يەڭگىل ھالەتلەردە يۈرەكنى قوزغاتقۇچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى دورىلارغا ئازراق ئېھتىياج چۈشىدۇ، لېكىن يۈرەك ۋە تومۇردا ناھايىتى زىيادە ئاجىزلىق بولسا، تېرىنىڭ رەڭگى كۆكۈچ بولسا، جۆيلۈشىنىڭ يوقىلىشى زىيادە بولسا، بەدەن مۇسكۇللىرىدا تىترەش بولسا، ئۇيقۇسىزلىق كۈچلۈك (بۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ياشانغانلاردا ئومۇمىي بولىدۇ) بولسا، يۈرەكنى قوزغاتقۇچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: داۋائىلمىشكى، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، خېمىرى ئەۋرىشىم ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ.

خېمىرى مەرۋايىت ئەگەر باشلىنىشتىنلا داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۇنىڭدا بىرەر زىيان يوق، باش ئاغرىش ۋە ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن سوۋۇتقۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: باش ئۈستىگە مۇز قويۇش، سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش، بەدەنگە سوغۇق سۇغا چىلانغان بۇلۇت سۈركەش، بەزىدە جەۋھىرى ئەپيۇن (تۆتتىن بىر جو) تېرە ئاستىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئەگەر جۆيلۈش جۇنۇن تۈرىدىن بولغان بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا باشقا تىنچلاندۇرغۇچى ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچىلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تىنچلاندۇرغۇچىلار ئومۇمەن مۇناسىپ بولىدۇ ۋە سۇبات (قۇما)، سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە ئۆپكىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

نۇسخا: بۇ كېسەللىكنىڭ ئومۇمىي ھالەتلىرىدە باشلىنىشىدىلا داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، چىلان بەش دانە، تۇخۇمى

خىيارىن ئالتە گىرام قاتارلىقلارنى بىرەر ئەرەق ياكى سۇغا چىلاپ، شىرىسى ۋە لوئابىنى چىقىرىپ، 36 گىرام شەربىتى نىلۇپەر ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گىرام خاكىسى سېپىپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ۋە ئۆپكە ئىششىقى بولغان بولسا، شىرىلەر ۋە لوئابلارنىڭ ئورنىغا بۇ قاينىتىلما ئىچكۈزۈلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، بىخسۇس بەش گىرام. بۇلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭغا يەتتە گىرام خاكىسى سېپىپ ئەتىگەن - ئاخشامدا ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ نۇسخا بىلەن ياكى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا ئىككى گىرام خېمىرى گاۋزىباننى ئۈچ گىرام داۋائىلمىشكىگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىش ياكى لوئوقى سەرپىستان سادده ياكى لوئوقى ئەملىتاس (24 ~ 12گىرامغىچە) ئاز - ئازدىن كېچە - كۈندۈز يالىتىپ تۇرۇلىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش بۇ كېسەللىك پىت - بۈرگىلەردىن تارقىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ئاگاھ بولۇپ، يوقىتىشنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ، يوتقان - كۆرپە ۋە كىيىمنى پاكىز قىلىش، ئاھالىلەر كۆپ جاينىڭ تازىلىقنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھامامغا چۈشۈش ۋە يۇيۇنۇشنىڭ ئومۇمىي تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. دېيىلىدۇكى، گۈڭگۈرت ئىسى بىلەن پىت بۈرگىلەر ئۆلىدۇ ۋە كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئازىيىدۇ.

قەتمائ (ئەرجۇۋانىيە)

قەتمائ — ئۇ ئەقتەم دېگەن سۆزنىڭ چىشى جىنستا تۈرلىنىشى بولۇپ، تېرىدىكى قىزىللىققا قارىلىق ئارىلاشقان داغنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تېرە كېسەللىكلىرىدىندۇر، بۇ، يېشىللىق ۋە قارىلىقنىڭ (ھەزرەت ۋە سۇۋادنىڭنىڭ) تۈرلىرىدە يېزىلغان.

زەربە بىلەن تېرە ئاستى قان تومۇرلىرى زەخىملىنىپ، قاناش سەۋەبلىك تېرە ئاستىغا داغ چۈشكىنىدەك، بۇ كېسەللىكتە قان ۋە قاناشنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن زەربىسىز قاناش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېرىگە داغ چۈشىدۇ، بۇ داغلار ياكى نۇقتىلار ئازدۇر - كۆپتۇر قارىغا مايىل قىزىل (ئەرغۇۋانى — ئەرجۇۋانى) بولىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇنىڭ نامى قەتمائى ياكى ئەرجۇۋانىيە دەپ قويۇلغان.

نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەردە سۆزلەنگەنكى بۇ تۈردىكى بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى تېرە ئاستى

قان تومۇرلاردا قاناش (نەزىف) تىن تېرە ئۈستىگە داغ پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: تەپ ھەمرائى، ھۇسبە، جەدرى، تەپ ھەزيانىيە (غامىيە). ھۇمما دىماغىيە نۇخائىيە، تائۇن، جىگەر يىگلەش، يامان سۈپەتلىك يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى ۋە يۈرەكنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى، يۇلۇن يىگلەش كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار.

شۇنىڭدەك تېرە ئاستىدىكى قاناش بەزى كېسەللىكلەردە بەزى يامان سۈپەتلىك ئىششىقلاردا ۋە قاننىڭ بەزى كېسەللىكلىرى (مەسىلەن: ئېغىز يارىسى ۋە بۇرۇن قاناش) دا كۆرۈلىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش بەزى دورىلارنىڭ زەھىرىمۇ بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك ئاشكارا بىرەر سەۋەب كۆرۈلمەستىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تۈرى زىيادە مەشھۇردۇر، بۇ چوقۇم بىرلا نەرسىنىڭ ئىككى تۈرلىنىشى قەتمائى ساددە، قەتمائى نەزافەدۇر.

ئالامىتى يەڭگىل تۈرى (قەتمائى ساددە): بۇنىڭدا يەڭگىل قىزىل ياكى قېنىق قىزىل رەڭلىك ياكى كۆكۈچ قىزىل رەڭلىك داغلار بەدەننىڭ ھەر خىل ئورۇنلىرىدا ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئادەتتە يۇملاق بولىدۇ، لېكىن گىرۋەكلىرى سەرسوك ئەسۋىلىرىدىن 1/3 قىراتقىچە ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ بېسىش بىلەن غايىب بولمايدۇ، ئەگەر بۇ ئەسۋىلەر كىچىك بولسا، تېرە يۈزىدىن ئېگىز بولمايدۇ، يەنى ئۇلارنى چاچلارنىڭ يىلتىزىدىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. بەزى ھالەتلەردە بۇ پەقەت پۇت ۋە پاچاقلار ئۈستىگە چىقىدۇ، لېكىن بەزى ھالەتلەردە بۇ بىردەكلىك بىلەن ياكى ئىلگرى كېيىنلىك بىلەن پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ.

ئازراق مۇددەتتىن كېيىن داغلارنىڭ رەڭگى سۇسلىشىپ سارغۇچ ياكى سېرىق بولىدۇ، لېكىن چوڭ داغلاردا ئېزىلىپ كېتىشتە كۆرۈلىدىغان بارلىق ئۆزگىرىشلەر ئوچۇق ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بىمارنىڭ چىرايى تاتىرىش ۋە غىزا خالىماسلىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلەر تەخمىنىي كۆرۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئادەتتە 10 ~ 12 كۈنگىچە ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئۆتكۈر تۈرى (قەتمائ نەزافە): بۇنىڭدا قاناش كەڭ دائىرىدە كۆرۈلىدۇ، قاناش سەۋەبىدىن تېرە ئاستىدا قان كۆپ مىقداردا يىغىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تېرىنىڭ يۈزى ئېگىز بولىدۇ ۋە ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلارنىڭ شىللىق پەردىلىرىدىن قان ئاقىدۇ، مەسىلەن: بۇرۇن، ئېغىز، ئاشقازان، بۆرەك قاتارلىق. ئاياللار جىنسىي ئەزالىرىدىن ۋە ئاز ساندىكىلىرىدە نەپەس يوللىرى شىللىق پەردىلىرىدىن قان ئاقىدۇ، ئېغىز يارىسىدا چىش مىلىكى ئىششىمايدۇ،

لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا چىش مىلىكى جەۋھىرىدە قاناش دېغى كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر قاناش كۆپ بولسا بىماردا بۇنىڭ تەسىرى بولىدۇ، ئۆتكۈر كېسەللىكتە بەزى ۋاقىتلاردا بەدەن ھارارىتىمۇ ئاشىدۇ، قورقۇنچاقلىق غالىب كېلىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ بۇ تۈرى كۆپىنچە خەتەرلىك بولىدۇ، ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى ئومۇمەن مېڭىدىكى قاناشلاردىن بولىدۇ، ئەگەر ئۆلۈمدىن كېيىن تەكشۈرۈلسە، قورساق ئورىغۇچى پەردە، غىلاپى پەردە، ئۆپكە قېلىن پەردىسى ۋە نېپىز پەردىسى ۋە سۆڭەكلەرنىڭ يىلىكىدىمۇ قان توچكىلىرى بولىدۇ، ئۈچەيلەرنىڭ شىلىمشىق پەردىلىرىدە بەزىدە گۆشخور چاقا ۋە يارىمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچەي تېشىلىپ كېتىدۇ ۋە قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئىششىيدۇ.

قەتمائ فوجائىيە (تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان قەتمائ) بۇ كېسەللىكنىڭ بەزى تۈرى شۇنچىلىك خەتەرلىككى، بىرنەچچە سائەتتىن ئۈچ كۈن ئىچىدە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ، قەتمائى فوجائىيە ياكى ۋاھىمەدە تېرە ئاستىدا چوڭ ۋە كەڭ دائىرىدە قاناش بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە ھالەتلەردە شىللىق پەردىلەردە بىرەر قاناش يۈز بەرمەيدۇ، بۇ تۈرى كۆپىنچە ھۇمرائىدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

قەتمائ ھەدارىيە (بوغۇم ئاغرىقى مەنبەلىك قەتمائ) بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئۆتكۈر كېسەللىك ۋەجئۇل مۇپاسىل سەۋەبىدىن ئەگەشمە كېسەللىك شەكلىدە ياكى ۋەجئۇل مۇپاسىل بىمارلىرىدا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا كىشىلەرنىڭ خاھىشى قارىمۇقارشىدۇر، ئۇلار ئېيتىدۇكى، چوڭ بوغۇم ئىششىقى ئەسلىدە قەتمائىنىڭ نەتىجىسى ياكى بۇنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر بۇ تۈرلەرنىڭ ئاستىغا بارلىق تۈرلەرنى كىرگۈزىدۇ. بۇنىڭدا چوڭ بوغۇم ئىششىقى پەيدا بولۇشى بىلەن قەتمائى بولسا، تېرە قىزىرىش (قاندىن قىزىرىش)، تىلما ياكى قەتمائى شىرائىيە بولسا، بۇنىڭدا تىلمىنىڭكىدەك ئەسۋە بولىدۇ، بۇ كېسەللىك گالغا تەسىر قىلىدۇ، ھارارەتمۇ يۇقىرىلايدۇ، ئاز ساندا يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى، يۈرەك ئىششىقىمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ تۈردە كېسەللىكنىڭ تەكرار قايتىلىنىشى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر بۇنى ئېيتقانكى، ۋەجئۇل مۇپاسىل كۆرۈلگەن مەزگىلدە ياكى بۇنداق بىمارلىرىدا ئەگەر تېرە ئاستىدا قاناش كۆرۈلگەن بولسا، بۇنى قەتمائ ھەدارىيە دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ ئالامەتلىرى شام ۋاقتىدا زىيادە ئاشكارا بولىدۇ ياكى بىراقلا تەرەققىي قىلىپ يوقايدۇ ۋە مەلۇم مۇددەتكىچە، بۇ مەلۇم شۇ ھالەتتە داۋاملىشىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئاز ۋاقىتلاردا ساندا خەتەرلىك بولىدۇ.

قەتمائى ناھىكە (ئەسەبىيە) بۇ سەۋەبى ئېنىق بولمىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر. بۇ كۆپرەك بالىلاردا كۆرۈلىدۇ ۋە بۇنىڭدا تېرىنىڭ دېغى تىلىمغا ئوخشاش ياكى قاناش تۈرى ياكى قىزارتقۇچى بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا بوغۇم، قورساق ۋە باشقىلارنىڭ ئاپەتلىرى شېرىك بولىدۇ، مەسىلەن: چوڭ بوغۇم ئىششىقى، قورساق ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، قانلىق سۈيدۈك، بۆرەك ئىششىقى، قانلىق ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، قان سىيىش، بۆرەك ئىششىقى قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىك بىرقانچە ھەپتە ياكى بىر قانچە ئايدا قايتىلىنىدۇ.

داۋالاش: قەتمائىنىڭ يەڭگىل تۈرىدە قان تازىلىغۇچىلار ۋە كۈچلۈندۈرگۈچىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ساددا ساپ قان پەيدا قىلىدىغان غىزالار يېيىلىدۇ ۋە ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك تۆۋەنكى مۇچىلەردە بولغان بولسا، ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش بىلەن يوقايدۇ، ئاندىن كېيىن ئەگەر بىمار ئۆرە بولسا ۋە تېزلا يول يۈرۈشنى باشلىغان بولسا بۇ كېسەللىك قايتىلىنىدۇ.

نۇقۇئى شاھتەررە، پولات ۋە سەنكىيانىڭ مۇرەككەباتلىرى بۇ كېسەللىكنىڭ پايدىلىق دورىلىرىدۇر.

قەتمائىنىڭ ئۆتكۈر تۈرىدىمۇ نۇقۇئى شاھتەررە ۋە سەنكىيا مۇرەككەباتلىرى ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر شىللىق پەردىدە قاناش بولغان بولسا، تۇتقۇچىلار ۋە قان توختاتقۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، ئاملە نۇشدارى، خېمىرى مەرۋايىت ۋە باشقىلار مۇناسىپتۇر.

قەتمائى ھەدارىيەدە سۆرۈنجان بىلەن نۇقۇئى شاھتەررە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قەتمائى ناھىكەنىڭ ھەقىقىتى ئېنىق ئەمەستۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن داۋالاش ۋە چارىلەردە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالاش، ئىككى خىل ئانار سۈيى، جاۋارىش ئاملە، خېمىرى مەرۋايىت، جاۋارىش ئانارىيىننى ۋە خېمىرى مەرۋايىتنى تەجرىبە شەكلىدە بېرىش لازىم.

بوھران مەسىلىسى (مەسلە بوھرانى)

بوھران ۋە تارقاش (بوھران ئۇر تەھلىل)

ئۇنىڭ سۆز ۋە مەنىسى ھەققىدىكى تەتقىقات
(لەفزى ئۇرمە مەئنىۋى تەھقىق)

بىرقانچە كۈن بولدى، ھىندىستاندا بوھران مەسىلىسى ئۈستىدە بىر يىغىن ئېچىلغان ئىدى ۋە تېببىي ساھەدە بىر مۇددەتكىچە قارىمۇقارشى باياناتلار بولۇپ تۇرغان ئىدى، مەن بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغان چاغدا مەندە بوھرانغا مۇناسىۋەتلىك ئازراقمۇ ئىشەنچلىك، بىرەر غەلىبىلىك نەتىجە قازىنالمىدىم ۋە بەزىدە بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋە ئىشەنچسىز تەجرىبىدە تەستىقلانمىغان ھۆكۈملەر ئۇچرىدى. ئۇنىڭغا ئەقلىي ھۆججەت تۇرغۇزغىلى بولمىدى، ئەسلىدە بۇ گۇمانلىق ھۆكۈمگە تېۋىپلار ئۆزئارا قول بېرىشكەندۇر، بىر گۇرۇھ ئەھكامنىڭ چوقۇم بولۇشىغا ئىشەنگەن، يەنى ئۇ ئەقلىي دەلىللەرنى كۈچەش بىلەن ئۇلارنى تەستىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، يەنى گۇماننى گۇمانسىز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئىككىنچى گۇرۇھ ئۇنىڭ ئاجىز قۇرۇلمىسىنى تەجرىبە ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈچى بىلەن توسىدۇ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا بۇ ئەھكامنى جارى قىلدۇرىدۇ، بۇنى سانھە بىرلەشمىسى قارار قىلىدۇ.

ئۇ گۇمانلىق ئەھكام قايسى؟ بۇنىڭدا تېۋىپلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىدىغىنى، ئۇ ئەھكاملارغا كۆپرەك بوھراننىڭ كۈنلىرىنى بەلگىلەشكە كۈچ سەرپ قىلىنىدىغان مەسىلىلەر كىرىدۇ ۋە كۆپىنچە كېسەللىكلەردە بوھراننىڭ خەترىنى بىر چوڭ قورقۇنچ شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ قورقىتىدۇ، ۋاھالەنكى، بوھران ئاشكارا شەكلىدە كۆرۈنىدىغان كېسەللىكلەر ناھايىتى ئازدۇر. ھەتتا بەزى كىشىلەردە بوھران پەقەت بىرنەچچە قىزىتمىدا يۈز بېرىدۇ ۋە بىرەر كېسەللىكتە بۇنىڭ بىلەن قىزىتما بولسا شۇ كېسەللىك بىلەنلا بوھراننى تىلغا ئالىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا گەرچە ئۆزىنىڭ بىرەر سۆزىدە بوھران بىلەن قىزىتمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان

قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما بوھران ماقالىسى بىلەن قىزىتما ماقالىسىنى بىر يەردە بايان قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئىككىسىنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى جىمجىت ئېلان قىلغانلىقى ۋە روھىي ئىقرار قىلغانلىقىدۇر.

بۇ تەتقىقاتنىڭ داۋاملىشىشىدا مېنىڭ نەزىرىم ئوخشاشمىغان كىتابلار ئۈستىگە چۈشتى ۋە ئىككى تېۋىپنىڭ تەتقىق قىلىنغان بايانلىرى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇلغان چاغدا بولسا، بوھراننىڭ ئوخشىمىغان مەنىلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ ھەقىقەتلىرى ئاشكارا بولدى ھەم تېۋىپلار بۇ سۆزنى ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئىشلەتكەن، مۇشۇنداق ھالەتتە خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى زۆرۈر. دەۋر ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئىلمى كۆپلىگەن تالاش - تارتىشلار، «خاتا چۈشەنچىلەر» ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى روشەندۇر. بۇ شېرىكلەشكەن سۆز بۇ تۈگۈننى يەنىمۇ زىيادە مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ ھەمدە بۇ مەسىلىدىكى توغرا ئەھكاملارنىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ.

بوھران سۆزىنىڭ تەتقىقاتى بوھران ئەرەبچىدىن كىرگۈزۈلگەن يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئاۋام ۋە خاس ئەرەب سۆزلەشكەندە، بۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ، بۇنى ئۆزىنىڭ تىلى دەپ چۈشىنىدۇ ۋە بۇنى ئومۇمىي ئەرەبلەر چۈشەنمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى بەغاۋەت ئەھلى بوھران سۆزىنى مۇۋەللىد (تۇغۇلماق) دېگەندۇر. بۇنىڭ مەنىسى بۇ سۆز ساپ ئەرەب تىلى ئەمەستۇر، بوھران كۈننى قائىدىلەرگە خىلاپ قىزىرىش كۈنى دەپ ئاتايدۇ، باھۇرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ياز پەسلىنىڭ ئۆتكۈر ئىسسىقىدۇر، گويا بوھرانمۇ كېسەللىك ۋە تەبىئەت جېڭىنىڭ بىر قىزىغان كۈنىدۇر.

بوھراننىڭ مەنىۋى تەتقىقاتى بوھران سۆزىنىڭ مەنىسى «يەنى ھەل قىلىش» ياكى «ئايرىشنى ئېيتىش» دۇر. لېكىن تىبابەتچىلىكتە بۇ چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ نامىدۇر، بۇ بىمارنىڭ ھالىتىدە تۇيۇقسىز ۋە ئۆتكۈر يۈز بېرىدۇ، مەيلى بۇ يۆتكىلىش كېسەللىكنىڭ زورىيىشى ياكى ناچارلىشىش تەرىپىگە بولسۇن ياكى ساغلاملىق ۋە ياخشىلىنىش تەرىپىگە بولسۇن.

بۇ تونۇشتىن ئوچۇقكى، بوھران ئۈچۈن ئىككى شەرت زۆرۈردۇر.

1. بىمارنىڭ ھالىتىدە يۆتكىلىش ۋە چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ ئاشكارا بولۇشى؛
2. بۇ ئۆزگىرىش ۋە يۆتكىلىشنىڭ تۇيۇقسىز ۋە تېزلىك بىلەن ئاشكارا بولۇشى.

جالىنۇس ئېيتقانكى، بوھراننىڭ مەنىسى، ھۆكۈم پاسىل يەنى مۇشۇنداق ھۆكۈمنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئېيتقانكى، بۇ ئىككى

بىسلىق گەپتۇر، دېگەن. ئوچۇقكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىرلادۇر.

بۇنىڭدىن بۇ سوئال تۇغۇلىدۇكى، ئەگەر بىرەر كېسەللىكتە بۇ تۆردىكى تولۇق ئۆزگىرىش ۋە تۇيۇقسىز يۆتكىلىش كۆرۈلمىسە، بەلكى ئۇ كېسەللىك تەدرىجىي يوقالغان بولسا، بۇنى خاس ئۇقۇمدا نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى: يەڭگىل ۋە تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئۈچۈن تېۋىپلار تارقاش سۆزىنى ئىشلەتكەن. بۇ تۆۋەندە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ سۆزىدە كەلگۈسى.

بۇ مەنىنى بىلگەن ۋە پەرقلەندۈرگەندىن كېيىن ھازىر مەن بوھران ۋە تارقاشقا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئەھكامنى بايان قىلىمەن. بۇنىڭ تەستىق ۋە ئىقرارىدا بىرەر ئىنكار بولمايدۇ.

بوھران ۋە تارقاشنىڭ ئوخشاشمايدىغان ھۆكۈملىرى

بۇ كېسەللىكلەر ساغلاملىق ھالىتىدە يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ. گاھى بۇ بوھران ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ ۋە بەزىدە تارقاش ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا). ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بۇكى، كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى بەزىدە دەرھال يۆتكىلىپ ۋە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، بىمارنىڭ بەدىنىدە ئاشكارا بولىدۇ، بۇ بوھران دېيىلىدۇ، بەزىدە كېسەللىك ئاستا - ئاستا يەڭگىللەپ تەدرىجىي يوقىلىدۇ، بۇنىڭغا بىر مۇددەت سەرپ بولىدۇ، بۇ تارقاش دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئوچۇقكى، بوھران ھالىتىدە قورقۇنچلۇق ئەگەشمە كېسەللىكلەر ۋە ئىچى تىتىلداش ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، بىئاراملىق ھەم جۆيلۈش ۋە باشقىلار، يەنى بۇ ئالامەتلەر بوھراندىن ئىلگىرى بولىدۇ. تارقاش ھالىتىدە بەدەن ئىچىدە بىرەر مۇشۇنداق قايناش بولمايدۇ ۋە مۇشۇنداق ئۆتكۈر ئالامەتلەر ئاشكارا بولمايدۇ.

بوھران كۆپرەك ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە بولىدۇ ۋە تارقاش بولسا كۆپرەك سوزۇلما كېسەللىكلەردە بولىدۇ (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

ئامىلى ۋە شەرھى قانۇندا يېزىلغانكى، بۇنىڭدا بىرەر ئىختىلاپ يوقكى، تەركىبىي كېسەللىك ۋە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىدە ھېچقانداق بوھران بولمايدۇ ۋە ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىدە بوھران بولمايدۇ، ماددىدىن بولغان كېسەللىكلەردە بولسا بوھران كۆرۈلۈش ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

بەزى تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، بوھران ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە كۆرۈلىدۇ، سوزۇلما

كېسەللىكلەردە قەتئىي كۆرۈلمەيدۇ، چۈنكى بوھران چوڭ ئىنقىلابىنىڭ نامىدۇر، بۇ بەدەندە دەرھال ۋە تېزلىك بىلەن كۆرۈلگەن بولىدۇ ھەمدە بۇ ئۇچۇقكى، بۇ تۈردىكى تولۇق ئۆزگىرىش ۋە يۆتكىلىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنىڭ ماددىسى ئۆتكۈر بولىدىغان ۋە چوڭ زىيانغا سەۋەبچى بولىدىغان كېسەللىكلەردە پەيدا بولىدۇ. ئامىلى ئېيتقانكى، جالىنۇسنىڭمۇ بۇ خىيالى مەلۇم بولىدۇ ۋە ئۇ ئۆز سۆزى بىلەن بۇ تەرەپكە ئىشارە قىلىدۇ، تېۋىپلارنىڭ بىر گۇرۇھى دېگەنكى، ئۇزۇن ۋە سوزۇلما كېسەللىكلەردە بوھران بولمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق گۇماندىدۇرمەن.

بوھران ۋە تارقاشتىن ساغلاملىق ھاسىل بولۇشنىڭ مىساللىرى ئۈستىدە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ سۆزىدە ئېيتىلىپ تۈگىگەنكى، بەزى كېسەللىكلەر بوھران بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ۋە بەزىلىرى تارقاش ئارقىلىق ئاخىرلىشىدۇ، ھازىر مەن ئۇ ئىككى ھالەتلەرنىڭ مىساللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بوھران ئارقىلىق ساغلاملىق ھاسىل بولۇش ئۆپكە ئىششىقى كېسەللىكى ئومۇمەن بوھران ئارقىلىق ئاخىرلىشىدۇ، بۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا سەككىزىنچى كۈنى يۈز بېرىدۇ، ھارارەت 24 سائەتتە نورمال دەرىجىگە كېلىدۇ، تومۇرى ۋە تىنىقنىڭ تېز ۋە تەرتىپسىزلىكى تەرتىپلىككە ئالمىشىدۇ، بىمارنىڭ جۆيلۈش ھالىتى ئەسلىي ئۇيقۇغا يۆتكىلىدۇ.

تارقاش ئارقىلىق ساغلاملىق ھاسىل بولۇش ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا ئەگەر قىزىتما چۈشسە، ئومۇمەن تەدرىجىي بىرەر كۈن ئازراق كېمىيىدۇ، بۈگۈنگىچە دەرىجە تۆۋەنلىسە، ھەر ئىككى دەرىجىسى مۇشۇنىڭدەك تۆۋەنلەيدۇ، بۇنىڭغا يەتتە - سەككىز كۈن سەرپ بولىدۇ، ئۇ مەزگىلدە بىرەر تولۇق ئۆزگىرىش ۋە يۆتكىلىش كۆرۈلمەيدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، بەزى قىزىتمىلاردا بوھران كۆرۈلىدۇ، بەزىدە تەرلىگەندىن كېيىن ھارارەت تېزلىك بىلەن چۈشۈپ بىر سائەتتە 105 ياكى 106 دىن 97 ياكى 98 گە كېلىدۇ.

ئىزاھات كېسەللىك ھالىتىنى كۆزەتكەندە ۋە كۆپىنچە تەجرىبىلەردىن بۇ ئىشلار تەتقىق قىلىنىدۇكى، بەزى كېسەللىكلەر تەبىئىي ھالەتتە بوھرانغا مايىل بولىدۇ، يەنى ئۇ كۆپىنچە بوھران ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ، بەزى كېسەللىكلەر تەبىئىي تارقاش تەرەپكە مايىل بولىدۇ، تەجرىبىلىك تېۋىپلار بۇنى ئەستىقلايدۇكى، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما ئومۇمەن يۇقىرىقى شەكىلدە ئاخىرلىشىدۇ، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ كۆپ تۈرى بوھران ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە ھالەتلەردە قىيىنلىق ھالەت بىلەنمۇ كۆرۈلىدۇ.

بوھران ۋە ئورۇقلاپ كېتىش خۇددى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ساقىيىش ئورنىغا

ئۆلۈپ كەتكەندەك، بۇنىڭمۇ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ.

1. بەزى كېسەللىكلەر دەرھال ئېغىرلىشىپ ۋە چوڭ ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

2. بەزى كېسەللىكلەر تەدرىجىي قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۆلۈم دائىرىسىگە يەتكۈزىدۇ.

ئاۋۋالقى ھالەتتە دېيىلگەنكى، «ئۆلۈم بوھراندىن كېيىن ياكى بوھران ئارقىلىق كېلىدۇ»، يەنە بىر ھالەتتە دېيىلگەنلىكى، «ئۆلۈم ئورۇقلاش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.» شۇڭلاشقا سىل ۋە دىق بىمارى ۋە كۆپىنچە سوزۇلما كېسەللىكلەر ئورۇقلاش ھالىتىدە، ئۆلۈم گىردابىغىچە يېتىدۇ.

بوھران ۋە قىزىتما بوھران پۈتۈن ئەھۋالى ۋە پۈتۈن ئالامەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئومۇمەن ئەسلىي ياكى كېيىن پەيدا بولغان قىزىتمىدا كۆرۈلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن تېۋىپلار بوھران قىزىتمىلاردا كۆرۈلسە، كۆپىنچە خەتەرلىك بولىدۇ، دېگەن. ھەتتاكى بىر گۇرۇھ كىشىلەر بۇ چۈشەنچىنى ئومۇمىي كېسەللىكلەر دائىرىسىدىن چىقىرىپ، قىزىتمىلارغا خاس قىلغان، بۇ ھەقتە ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى ھەق، دەپ قارايدۇ.

تەن مەملىكىتىدىكى تەبىئەت ۋە كېسەللىك ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ۋە كېسەللىك ئاقىۋىتىدىكى تۆت ھالەت

يۇقىرىقى بايانلاردىن ساقايغۇچى بوھران، تارقاش، خەتەرلىك بوھران ۋە ئورۇقلاشنىڭ كېسەللىك ئاقىۋىتىدىكى تۆت ھالەت بولىدىغانلىقى ئېنىق بولدى، ئەگەر كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ساقىيىش بولسا، بۇنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ، بىر قېتىم چوڭ ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن ساقىيىدۇ ياكى تەدرىجىي ۋە ئاستا - ئاستا ساغلاملىق ھاسىل قىلىدۇ، ئاۋۋالقى ھالىتى بوھرانى شافى بولىدۇ ۋە ئىككىنچىسى تارقاش ھالىتى بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەگەر كېسەللىك ئەسلىدە پادىشاھلار ۋە دۈشمەنلەرنىڭ جېڭىگە ئوخشىتىلسا، بۇ تەبىئەت جېڭىنىڭ نەتىجىسى يۇقىرىقى تۆت ھالەتتە ئاشكارا بولىدۇ، يەنى تولۇق غەلىبە قازىنىش، تولۇق مەغلۇپ بولۇش، تەدرىجىي ئۇزۇندا غەلىبە قىلىش ۋە تەدرىجىي ئۇزۇندا مەغلۇپ بولۇش قاتارلىقلار.

بەدەننىڭ قوغدىنىشى پادىشاھلارنىڭ ئىستىھكام قۇرۇپ قوغدىنىشىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئوخشىتىشنى ئوخشاشلا تەبىئەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قارشى دۈشمەن كېسەللىكنى بۇ بەدەنگە تارتىپ ئەكىرىپ ئۇنى بەربات قىلىپ، تەدرىجىي ئازاد قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئەگەر بەدەنگە كېسەللىك كىرىپ قوزغالسا، تەبىئەت ئۆز ئەسكىرى ۋە جەڭ سايمانلىرى بىلەن يېتەرلىك تەييارلىق قىلىپ مۇداپىئە ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ ۋە تاشقى جەڭدە بۇمۇ ھەر خىل ھالەتتە ئاشكارا بولىدۇ.

خۇددى جەڭ مەيدانىدا پادىشاھ ۋە دۈشمەن ئارىلىقىدا بەزىدە يەڭگىل جەڭلەر قىلىنغىنىدەك ھەممە شاھ ئەسكىرى ۋە دۈشمەن كۈچىگە ئۇيغۇن ئازدۇر - كۆپتۇر مۇددەتكىچە ئۈزۈلمەي جەڭ داۋاملىشىپ تۇرغىنىدەك، تەبىئەت ۋە كېسەللىك ئارىلىقىدا بەزىدە يەڭگىل مۇداپىئە قىسقا ياكى ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭ تەسىر نىشانىمۇ يەڭگىل جەڭلەرگە ئوخشاش يەڭگىل ۋە ئادەتتىكىچە بولىدۇ، جەڭنىڭ يەڭگىل بولۇش سەۋەبى بەزىدە دۈشمەن، يەنى كېسەللىك ئادەتتىكىدەك بولغانلىقىدۇر ياكى بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى بۇكى، دۈشمەن گەرچە ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەت ئاجىز ۋە كۈچسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ قېشىدا جەڭ سايمانلىرى ئازراق بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش خۇددى جەڭ مەيدانى بەزىدە شىددەت بىلەن قىزىيدۇ، قاتتىق قان تۆكۈلىدۇ، ئاسمان بوشلۇقى چاڭ - توزان ۋە تۈتۈنلەر بىلەن تولىدۇ، زەخىملەنگۈچىلەرنىڭ غەلۋە - غودۇرلىرى ۋە چىرقىراشلىرىدىن كۆتۈرۈلىدۇ، بۇنداق قاتتىق جەڭ ئاز مەزگىلدە تۈگەيدۇ، بۇنىڭدا بەزىدە پادىشاھ غەلىبە قىلىدۇ ۋە بەزىدە دۈشمەن غەلىبە قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تولۇق مەغلۇپ بولغان تەرەپ تۇيۇقسىز يەنە بىر قېتىم قوزغىلىپ، ئۇلارنى ھەرگىز تىنچ قويمايدۇ، بەزىدە بىر گۇرۇھ تولۇق يوقالماي تۇرۇپ غەلىبە ھاسىل بولىدۇ ۋە يەنە بىر گۇرۇھ مۇكەممەل يوقالماي تۇرۇپ مەغلۇپ بولىدۇ ۋە جەڭ مەيداندىن سەركەردە قېچىپ كېتىدۇ، بەلكى ئاخىرىغىچە تۇرىدۇ ۋە يەنە بىر قېتىم تەييارلىنىپ جەڭ قوزغايدۇ، بۇ ھالەتتە قەتئىي تۇرۇپ ئاخىرى جەڭ بولىدۇ، ھەممىسى خۇددى تەبىئەت ۋە كېسەللىك ئارىلىقىدا بەزىدە بەك قاتتىق جەڭ بولغىنىدەك، بۇنىڭ ئالامەت ۋە بەلگىلىرىمۇ قاتتىق جەڭگە ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. بەدەندە قاتتىق قايناش، يېقىمسىزلىنىش، بىئارام بولۇش، چارچاش، تۇراقسىزلىق، ئۇيقۇ

قېچىش، ئەس - ھوشى بۇزۇلۇش، جۆيلۈش قاتارلىقلار بولىدۇ. قىسقىسى، بەدەندە بۇ ۋاقىتتا قىيامەت قايىم بولغان كۈندەك ئەھۋال بولىدۇ.

ئاندىن بۇ قاتتىق جەڭدە بەزىدە تەبىئەت ۋە بەزىدە كېسەللىك غەلىبە قىلىدۇ، ئەگەر غەلىبە تەبىئەتتە ھاسىل بولسا، بەزىدە بۇ غەلىبە ساغلام ۋە مۇكەممەل بولىدۇ، كېسەللىكنى مۇكەممەل مەغلۇپ قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇ كوماندىر، قوماندان، جەڭچىلەر تارقايدۇ ۋە توختاپ يەنە بىر قېتىم جەڭ قوزغىغىنىدەك، ئەگەر كېسەللىك غەلىبە قىلسا، بەزىدە بۇ بۇنىڭ تولۇق ئازاد بولغان كۈندۇر ۋە تەبىئەت ئۈچۈن مەغلۇپ بولغان كۈندۇر. بۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەتنىڭ ئۆزىنى قوغداشقا ئىلاجى قالمايدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولىدۇ ۋە بەزىدە كېسەللىكنىڭ چالا ئازاد بولغان كۈنى بولىدۇ، بۇ تەبىئەت ئۈچۈن تولۇق مەغلۇپ بولمىغان كۈندۇر، بۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەت ئۆزىنىڭ يېڭى تەييارلىقى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە قېتىم قارشىلىشىدۇ ۋە بۇ قارشىلىشىش ئاخىرقى جەڭدە باراۋەر بولىدۇ.

بەدەن مۇداپىئەسى ۋە تەبىئەت جېڭى بۇ بىر نەچچە خىل ھالەتتە بولىدۇ، بۇنىڭدىن ھەر خىل نەتىجىلەردىن — بوھران شافى، تەھلىل، بوھران موھلىك زەبول قاتارلىقلار بولىدۇ.

جاراسىمنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن جاراسىمنىڭ يېڭى تەتقىقاتىدا كېسەللىك ۋە تەبىئەتنىڭ بۇ جېڭىنى ناھايىتى ئوچۇق قىلىدۇ، بەزى جاراسىمنىڭ بۇزۇشى يەڭگىل ۋە بەزىسىنىڭ ئېغىر بولىدۇ، ئاندىن بەزى جاراسىم ۋە تەبىئەتنىڭ بىر تۇتاش جېڭى بولىدۇ ۋە بىرنەچچە سائەتتىن بىرنەچچە كۈندە نەتىجىسى چىقىدۇ ياكى ساقىيىدۇ ياكى ئۆلىدۇ، بەزى جاراسىملار ئۇرۇش قوزغاپ يېڭىلگەندە قايتىدۇ، ئاندىن توختاپ ئۆز سانى ۋە نەسلىنى كۆپەيتىپ قايتا ئۇرۇش قوزغايدۇ.

تەبىئەت ئەسكىرى ۋە دۈشمەن ئەسكىرى دۈشمەن ئەسكىرى، مەسىلەن: جاراسىم بۇنىڭ سانى كۆپ بولۇشتىن يېڭى ئەسكەر قوشۇلسا، بۇ يېڭى ئەسكەر دېيىلگەندەك، تەبىئەت ئەسكىرى، ئاق قان دانچىسىدۇر، بۇ جاراسىمغا قارىتا ئۇرۇش قىلىپ ئۇنى يوقىتىپ بەربات قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن زۆرۈر ۋاقىتتا تەبىئەت ئاق قان دانچىسىنى بەك كۆپ مىقداردا پەيدا قىلىپ قويىدۇ ۋە دۈشمەنگە قارشىلىشىش ئۈچۈن يېڭى - يېڭى ئەسكەرلەرنى تەييار قىلىدۇ.

ئاندىن جەڭ مەيدانىدا ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلغىنىدەك ۋە ھالەتلەرگە ئۇيغۇن

بىرئاز تەييارلىق قىلىپ، يېڭى ئەسكەرلەر مەيدانغا چۈشكىنىدەك ۋابا ھەممە جاراسىملىق كېسەللىكلەردە جاراسىمۇ يوقىلىپ بەربات بولىدۇ ۋە ئاققان دانچىسىمۇ ئۆلىدۇ. شۇ ھالەتتە جەڭدە شىھىت بولغان جاراسىم ۋە ئاققان دانچىسى يىرىڭغا ئۆزگىرىپ ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر پادىشاھ ئاجىزلىسا ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقى بۇزۇلسا، ئۇ جەڭ مەيدانىغا يېڭى ئەسكەر سەپلەشتىن ئاجىز كېلىدۇ ۋە ئۇزۇنغىچە ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاجىز ھالىتى ۋە ئاجىز ئەسكىرى ئارقىلىق دۈشمەنگە قارشىلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانغىنىدەك، بۇ تەبىئەت ئاجىزلىسا ۋە بەدەن ھالىتى بۇزۇلسا، بۇ خەتەرلىكتۇر. ئاققان دانچىسى كۆپىيەلمىسىمۇ. دۈشمەنىنىڭ قاتتىق ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئالەمدە ئۆزىنىڭ ئاجىز ئەسكىرى بىلەن ئاخىرىغىچە قارشىلىشىدۇ، ھەتتاكى ئۇ جەڭدىن ئاجىزلىق يېتىپ چارچايدۇ ياكى خامۇش بولۇپ ئولتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆلۈم يولى تازىلىنىدۇ.

جەڭ دەۋرلىرىدە ئەگەر تەرەققىي قىلىپ ماڭسا، دۈشمەن ئەسكەرلىرى، قالقان، كىمخاپ، مورچە، ئاكوپ ياكى قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا، مۇمكىنقەدەر ئۇنى تازىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بولغىنىدەك، ئەگەر جاراسىم بەدەننىڭ بەزىبىر بۆلىكىگە كىرىۋېلىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋالسا، تەبىئەت ئۆز ئەسكىرى بىلەن ئۇنى دەرھال تازىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، يىرىڭلىغان ئورۇن بىر مەزگىلگىچە قاتتىق تۇرىدۇ، بۇ قاتتىق ئىششىقنىڭ ئىچىدە ئاق قان دانچىسى چوڭىيىپ كۆپىيىش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ يىرىڭ ۋە جاراسىملارنى تازىلايدۇ، بەدەن ئىچىگە كىرىۋېلىشتىن توسۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

بىر نەچچە مۇناسىۋەتلىك ئىسلاھاتلار

ياخشى بوھران ئەڭ ياخشى بوھراندىن مەقسەت بۇ بوھراندا تەبىئەت غەلىبە قىلىدۇ، بۇ ئىككى خىل بولىدۇ، ئەگەر تەبىئەتتە كامىل ئازادلىق ھاسىل قىلىنسا، كېسەللىك ماددىسىنى ئۇ بىر قېتىم ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلسا، بۇ تولۇق ياخشى بوھران دېيىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ناقىس بوھران بولىدۇ.

ناچار بوھران بۇنىڭدىن ناچار بوھران مەقسەتتۇر، بۇنىڭدا كېسەللىك غەلىبە قىلىپ تەبىئەتتە مەغلۇبىيەت ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭمۇ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ، ئەگەر تەبىئەتتە

كامىل مەغلۇپ بولسا، بۇ ناچار بوھران دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن بۇ ھالاك قىلغۇچىمۇ دېيىلىدۇ، ئەگەر تەبىئەتتە پۈتۈنلەي بۇزۇلۇش بولمىسا، بۇ ناچار بوھران دېيىلىدۇ.

يۆتكىلىشچان بوھران بۇ بوھران يۆتكەلگەندىن كېيىن بەدەنگە چوڭ - كىچىك يېرىڭلىق ئىششىق ۋە ئىششىقلار چىقىدۇ، بۇ بوھراندا كېسەللىك ماددىسى بىر ئورۇندىن يۆتكىلىپ يەنە بىر ئورۇنغا كېلىدۇ، بەزى كېسەللىكلەردە بوھران يۆتكىلىش يۈز بېرىپ ۋە شۇنىڭ ماددىلىرى تەبىئىي ھالەتتە سويۇلۇپ كېتىدۇ، بەزى تۈردىكى قىزىتمىلاردا چوڭ يېرىڭلىق ئىششىق ئاشكارا بولسا بۇ بىر ئوچۇق مىسالدۇر، لېكىن قۇلاق ئارقىسى ئىششىغاندىن كېيىن ئومۇمەن ئۇرۇقدان ئىششىقى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

بوھراندىكى ئىچ سۈرۈش بۇ بوھراندا ئىچ سۈرۈش يۈز بېرىدۇ ۋە ئىچ سۈرۈش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك يوقايدۇ، بۇ بوھراندىكى ئىچ سۈرۈش بوھراندىن بولغان ئىچ سۈرۈش دېيىلىدۇ.

بوھراندىكى تەرلەش بۇ بوھراندا تەرلەش يۈز بېرىدۇ ۋە تەرلەش سەۋەبىدىن كېسەللىك، مەسىلەن: قىزىتما چۈشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ بوھراندىكى تەرلەش بوھران سەۋەبىدىن بولغان تەرلەش دېيىلىدۇ.

بوھراندىكى سۈيدۈك راۋانلىشىش بۇ بوھراندا سۈيدۈك راۋانلىشىدۇ.

بوھراندىكى بۇرنى قاناش بۇ بوھراندا بۇرنى قاناپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك تەبىئەتنىڭ ئىتتىرىپ چىقىرىشى ھەم بوھران سەۋەبىدىن بەزىدە قۇسۇش كۆپ بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بىمار ساقىيىپ ياخشىلىنىدۇ، بەزىدە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ھەيز مېڭىپ كېتىدۇ، بەزىدە بوۋاسىرنىڭ قېنى چىقمايدۇ، بەزىدە بەلغەم نەپەس يوللىرىدىن كۆپ چىقىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن باشقا ماددىلارنىڭ ئەھۋالى قىياس قىلىنىدۇ.

بېشارەتچى كۈن كېسەللىكنىڭ بۇ كۈنىدە بەزى ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن تېۋىپلار بوھران پالانى كۈندە يۈز بېرىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ، مەسىلەن: تۆتىنچى كۈنى ئازراق ئالامەتلەر كۆرۈلسە يەتتىنچى كۈنى بوھران بولىدۇ، بوھران كۈنى ۋە بوھران ئاشكارا بولىدىغان كۈندىكى پەرق شۇكى، بوھران كۈنى ئاخىرلىشىش كۈنىدۇر، بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك غەلىبە قىلىدۇ ياكى تەبىئەت غەلىبە قىلىدۇ ۋە بوھران ئاشكارا بولىدىغان كۈندە بۇ ئاخىرلىشىش ئاشكارا بولمايدۇ.

بوهراننڭ يەنە بر مەنسى

بېشدكى باياندا يېزلىپ بولغانكى، كشىلەر بوهران سۆزنى برقانچە مەنىلەردە ئشلەتكەن. هازرغچە مەن بوهران توغرسىدكى ئەهكاملارنى سۆزلدم. بۇ چۈشەنچنى ئەبۇ ئەلى ئبن سنا ئېيتقان بولۇپ، بۇ زيادە مەشهۇر ۋە ئومۇميۈزدۇر. لېكن هازر مەن باشقا مەنىلەرنى نەقل كەلتۈرىمەن.

(1) بوهران تۇيۇقسز كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرشكە ئېيتلىدۇ. بۇ ئارقلىق كېسەللىك يوقلىدۇ.

بو چۈشەنچە بلەن دەسلەپكى چۈشەنچدىكى پەرق: دەسلەپكى چۈشەنچدە ساغلاملىق هاسل بولۇش خاسلاشتۇرۇلمغان. بۇنىڭدا كېسەللىكنىڭ يوقلشى ۋە ساغلاملىقنىڭ هاسل بولۇشى خاسلاشتۇرۇلغان.

(2) بىمارنىڭ بەدىنى ۋە كېسەللىكتە بىرەر تۈردىكى ئۆزگىرش يۈز بەرسە، بۇنى بەزى كشىلەر بوهران دەپ ئاتايدۇ. مەيلى ئۆزگىرش تۇيۇقسز ياكى تەدرىجي كۆرۈلسۇن. مەيلى بۇنىڭدىن كېيىن ساغلاملىق هاسل بولسۇن ياكى ناچارلىق يەنىمۇ كۈچەيسۇن.

بۇ ناهايتى كەڭ چۈشەنچدۇر. يەنى بۇ ئېتبار بلەن ئورۇقلاش ۋە تارقاش ئوقۇممۇ بوهرانغا كرىدۇ. لېكن دەسلەپكى چۈشەنچە ئېتبارى بلەن بۇ سۆزلەر بوهرانغا زت سۆزلەنگەن.

(3) بوهران بەزىدە بىمارنىڭ هايات قېلش ياكى ئۆلۈپ كېتشنى ئېنىقلىغلى بولمايدىغان خەتەرلىك هالەتكىمۇ ئېيتلىدۇ.

بۇنىڭ بلەن دەسلەپكى مەنىنىڭ پەرقى شۇكى، بۇ خىل خەتەرلىك هالەت بىمارلاردا ئىلگىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ ۋە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان نەتىجسى ئاشكارا بولىدۇ. بۇ دەسلەپكى مەنە ئېتبارى بلەن بوهران بولىدۇ. قسقسى، بۇ خەتەرلىك هالەت جەڭ مەزگىلدىكى هالەت بلەن ئوخشاش بولىدۇ. يەنى ياخشىلنىش ياكى يامانلىششنىڭ ئاشكارا بولۇشى جەڭنىڭ نەتىجسدۇر. بەزى كشىلەر بوهراننى ئەينى هالەتنىكى جەڭگە ئېيتىدۇ ۋە بەزى كشىلەر جەڭ هۆكۈمنى بوهران دەپ ئاتايدۇ. مەيلى غەلبە شەكلدە ياكى مەغلۇبيەت شەكلدە بولسۇن.

بوھراندىكى گۇمانلىق مەسىلىلەر

بوھران كۈنلىرىنى ئېنىقلاش ھەممىدىن زىيادە گۇمانلىقى بوھران كۈنلىرىنى ئېنىقلاش بولىدۇ. بۇنى ئېنىقلاش تەجرىبە ۋە كۆزىتىش بىلەن بولمىدى. قىياس ۋە ئەقلىي دەلىللەر بىلەن بۇ نەرسە ئىسپاتلانمىدى، ئۇنىڭدىن باشقا بوھران كۈنلىرىنى ئېنىقلاش ۋە بۇنى ساناشتا بۇقرات زامانىسىدىن ئىختىلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ بوھران كۈنلىرىنى ئېنىقلاشنىڭ گۇمانلىق بولۇشىدىكى يېتەرلىك ئىسپاتلاردۇر. بوھران كۈنلىرىنى ئېنىقلاشتا بوھران كۈنلىرىنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بىلەن سانايدىغان تېۋىپلار كۈچەيدۇ:

① تۆتىنچى كۈنى (بەزىلەر ئۈچىنچى كۈنى دەيدۇ)؛ ② يەتتىنچى كۈنى؛ ③ 11 ـ كۈنى؛ ④ 14 ـ كۈنى؛ ⑤ 17 ـ كۈنى (بەزىلەر 18 ـ كۈنى دەيدۇ)؛ ⑥ 21 ـ كۈنى (بەزىلەر 27 ـ كۈنى دەيدۇ)؛ ⑦ 30 ـ كۈنى؛ ⑧ 34 ـ كۈنى (بەزى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەر 35 ـ كۈنى دەيدۇ)؛ ⑨ 37 ـ كۈنى (بەزى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەر 38 ـ كۈنى دەيدۇ)؛ ⑩ 40 ـ كۈنى (بەزى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەر 42 ـ كۈنى دەيدۇ) بوھران كۈنلىرىنى ساناشتا نۇرغۇن ئوخشاشماسلىقلار بار. مەن ئوخشاشماسلىقلارنى پايدىسىز دەپ قاراپ ئۆلچىمگە دىققەت بىلەن قارىدىم.

بوھران كۈنلىرىنى ساناشتا. ئەگەر تېۋىپلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان بايانلىرى ئوقۇلسا ۋە بۇلار توغرىسىدا ئازراق ئويلىنىش قىلىنسا، پەرىشانلىقتىن باشقا بىرەر نەتىجە چىقمايدۇ.

بوھران كۈنلىرىنى ساناشتا ھەممىدىن ئاساسلىق نەرسە كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىنى ئېنىقلاشتۇر. بۇنىڭدا تېۋىپلار ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئاشكارىكى، ھازىر بوھران كۈنلىرىنى ساناش ساغلاملىق بىلەن قانداق ئۇسۇلدا قىلىنىدۇ؟ بەدەندىكى ھۆللۈكلەر ۋە ئاي، قۇياش، بوھران كۈنلىرىنى ساناشتا تېۋىپلارنىڭ بىر بۆلىكى بىر ئەقلىي دەھكوسلىيەنىمۇ تۇرغۇزىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئۇلار بوھران كۈنلىرىنى ساناشقا تىرىشىدۇ. لېكىن تەجرىبە قىلىش بىلەن قايتا ـ قايتا مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ خىيالىچە، بەدەندىكى ھۆللۈكلەر، ماددىلار ئاي ۋە قۇياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنى ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ ماددىلىرىنى ئاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ ماددىلىرى قۇياش بىلەن

مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۇلارنىڭ گۇمانىغا ماس بولىدۇ. ئاي يورۇقلۇقىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن پۈتۈن جاھاندىكى ھۆللۈكلەر تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە بۇ ھۆللۈكلەردە ئاي يورۇقلۇقى ئوخشاش بولمىغان قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى خىيالىغا ئاساسەن ئاي يورۇقلۇقى ئازايغان زاماندا دېڭىز سۈيى ئاشىدۇ ۋە يېيىلىش كۈچىيىدۇ، ئاي يورۇقلۇقى كېمەيگەن مەزگىلدە دېڭىز سۈيى كېمىيىدۇ ۋە جەزەر شەكلىنى پەيدا قىلىدۇ.

ھەم ئاي نۇرىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن باش سۆڭىكى ئىچىدىكى يۇلۇنىنىڭ مىقدارى ئاشىدىغانلىقى، ئاي تولغان ۋاقىتتا دەرەخ ۋە ئوتياشلارنىڭ ياخشى چوڭىيىدىغانلىقى، مېۋىسىنىڭ تېز پىشىشى ئۇلارنىڭ دەلىلىدۇر.

شۇنىڭدەك بەدەندىكى ھۆللۈكلەر ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ماددىلىرىمۇ ئاي سەۋەبىدىن تەسىرگە ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىدە ئاي ھالەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولماسلىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ھىلال ئاينىڭ تەدرىجىي تولۇشى يۇقىرىقى ئىختىلاپنىڭ مۇستەھكەم ھالىتىدۇر. چۈنكى ئاينىڭ تولۇن بولۇشىغا 14 كۈن سەرپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 14 ـ كۈنى بوھران كۈنىدۇر. يەنى كېسەللىكنىڭ 14 ـ كۈنىدىمۇ كېسەللىك ماددىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىش ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭدەك 14 نىڭ يېرىمى يەتتە بولسا، ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىمۇ بوھران كۈنى بولۇشى لازىم ۋە يەتتە كۈننىڭ يېرىمى تۆتىنچى كۈنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆتىنچى كۈنىمۇ بوھران كۈنىدۇر، شۇنىڭدەك يۇقىرىقى قىياس 40 كۈنگىچە كېڭەيتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ بوھرانىنى قۇياش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ ماددىلىرى ۋە ھۆللۈكلىرى قۇياش بىلەن تۇتىشىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

قۇياش دەۋرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلىرى سەۋەبىدىن سوزۇلما كېسەللەرنىڭ ماددىلىرى ۋە ھۆللۈكلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆتكۈر كېسەللەرنىڭ ماددىلىرى ۋە ھۆللۈكلىرى ئاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، نۇرغۇنلىغان تېۋىپلار سوزۇلما كېسەللىكلەردە بوھرانغا پۈتۈنلەي قايىل ئەمەس.

بۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا يازغانكى، بۇنىڭ مىقدارىنى مۇقەررەر قىلىش (بوھران كۈنلىرىنى بەلگىلەش)، بۇنىڭ تەجرىبىلىرىدە شەك ۋە گۇمان پەيدا بولىدۇ، مەن بۇ قىسمىدىكى ئاساسسىز بايانلارنى ئۇزارتىشنى خالىمايمەن، بۇنىڭ ھۆكۈمى تەجرىبە ۋە ئەقلىي قىياس بىلەن ئىسپاتلانمىغان ھەمدە بۇنىڭدىن بىرئاز ئەمەلىي پايدا شەكىللەنمەيدۇ.

ھەقىقەت پەقەت بوھران ھالىتىدە ئاخىرلىشىدىغان بەزى مەخسۇس كېسەللىكلەردە بولىدۇ ۋە باشقا مەخسۇس كېسەللىكلەر تارقاش ھالىتىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ھەقىقەت پەقەت تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىدۇر، بۇنىڭدا بىرەر ئەقلىي دەھكوسلە نەھى چەلتا ھەم تەجرىبىلا ئېيتىپ قويغانكى، پالانى كېسەللىكنىڭ بوھرانى ئادەتتە پالانى كۈنى يۈز بېرىدۇ ھەم بۇمۇ كۆپلەپ تەجرىبە قىلىنغانكى، پالانى مەخسۇس كېسەللىكنىڭ بوھرانى كۆپىنچە تەرلەش ھالىتىدە بولىدۇ ۋە پالانىنىڭ ئىسھال ۋە باشقا ھالەتتە بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆپلىگەن تەجرىبىلەر بىلەنلا ئېيتىپ قويۇلغان.

يۇقىرىقى بارلىق ئىشلاردا پەقەت تەجرىبە ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى بۇنىڭغا تايىنىش لازىم، بۇ توغرىسىدا مەلۇم ئومۇمىي ئۇسۇل شەكىللەندۈرۈش ۋە قائىدە تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرى - 7

(شەرھى ئەسباب II)

ئاپتورى: موللا نەفىس ئىبن ئەۋزكىرمانى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابابەكرى جاپپار،
ئوسمانىنىياز ئەخمەت، ئابدۇجېلىل بەكرى،
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماھىرە سېلىم
مېھرىئاي ياسىن
بېكىتكۈچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋا ۋە بېزەك لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
بەت ياسىغۇچى: ئابدۇغېنى ئابباس، ئانارگۈل ئىسمائىل، يالقۇنجان ئىسمائىل
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: بېيجىڭ چەت ئەل يېزىقى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2010 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 9 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 889 × 1194 م م 1/16 كەسلەم 57.5 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 4
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4604-0
تىراژى: 1 — 3000
باھاسى: 380.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001